ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ( ئىران )

# شاھنامە

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن
ئابدۇۋەلى خەلپەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شەرق كلاسسك ئەدەبىياتىدىكى مىسلىسز ئەزىمەت ــ ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

## 1 . فىردەۋسىنىڭ ياشىغان دەۋرى ۋە ھايات پائالىيىتى

« ئاتمىش مىڭ بېيتلىق 〈 شاھنامە 〉 داستانىنىڭ مۇئەللىپى فىردەۋسى يېپەك يولىدىكى ئەڭ زور شائىر بولۇشقا مۇناسىپ . »

**ــ ما ئېجما شىنجى**

شەرق بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ ئۇلۇغۋار نامايەندىسى ، جاھان سەنئەت مۇنبىرىدىكى مىسلىسز ئەزىمەت ، پارس ـ تاجىك كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئىپتىخارى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (تەخمىنەن 940 ــ 1020 ) خۇراساندىكى تەبەران ۋىلايىتىنىڭ تۇس شەھىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان باج ناملىق يېزىدا سۇنغان ھاللىق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن .

فىردەۋسى ياشىغان زاماندا ئەرەب باغدات خەلىپىلىكى بارغانسېرى خارابلىشىپ ، ئۇ ئىشغال قىلغان كەڭ زېمىندا بىرقاتار مۇستەقىل يەرلىك ھاكىمىيەتلەر مەيدانغا كەلگەن ، خەلقنىڭ فېئوداللىق زۇلۇمغا ، مىللىي زۇلۇمغا قارشى ئېڭى بارغانسېرى ئاشماقتىدى . ئۇ چاغدا فىردەۋسىنىڭ ۋەتىنى خۇراسان سامانىيلار خانلىقى ( 875 ــ 999 ) غا تەۋە ئىدى . سامانىي خانلىرى ئۆزلىرىنىڭ پارس ـ تاجىك نەسەبلىرى ۋە يېڭى مەيدانغا كەلگەن مۇستەقىللىك مەۋقەلىرى بويىچە ئەنئەنىۋى ئىران ـــ شەرقىي ئىران مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى . فىردەۋسى تەخمىنەن ئەللىك سەككىز ياشقا يەتكەندە سامانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ خۇراساندىكى ۋالىيسى ئالىپ تېكىن ۋە ئۇنىڭ كۈيئوغلى سوبۇق تېكىن خۇراسان بىلەن پەنجاپ دىيارىنى ئىگىلىدى . سوبۇق تېكىننىڭ ئوغلى مەھمۇت غەزنەۋى ( 980 ــ 1030 ) ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ، ئۇ خۇراساندىكى ئىلاخانىنى يېڭىپ ، ساپارىلار قولىدىن پۇتۇن پېرسىيىنى تارتىۋالدى . 999 ـ يىلى ئۇيغۇر قاراخانىلار قوشۇنلىرى بۇخارانى ئىشغال قىلىپ سامانىيلار خانلىقىنى مۇنقەرز قىلدى . فىردەۋسىنىڭ ئاخىرقى ھاياتى مەھمۇت غەزنەۋى زامانىغا توغرا كەلدى .

فىردەۋسى باللىق چاغلىرىدا دادىسىدىن قالغان باغدا ياشىدى . ئۇ بۇ باغنى يورۇق دۇنيانىڭ جەننىتىدەك ياخشى كۆرەتتى . ئۇنىڭ ياخشى تەربىيىلەنگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن . ئۇ پارس ئەدەبىي تىلى ، پەھلەۋىي ( ئوتتۇرا ئىران ) تىلىدىن باشقا ، ئەرەب تىلىغىمۇ پۇختا ئىدى .

فىردەۋسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگو ، ھىندىستان ۋە ئىران ، ئەرەبىستان ۋە گرېك مەدەنىيەتلىرى قوشۇلغان « مەدەنىيەت ئۆچىبۇرجىكى » رايونىدا ياشىدى . ئىران ، ئوتتۇرا ئاسىيا ، ھىندىستان ۋە يۇنان تارىخىدىن خەۋەردارلىقى ، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي قاراشلىرىنىڭ پۇختا ۋە يۇكسەكلىكى ، تىل ئىقتىدارى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەھەتتىكى مول بىلىملىرى فىردەۋسىنىڭ ئەينى زاماندا كۆزگە كۆرۈنگەن بىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ . بىز فىردەۋسى غايىلىرىدىن قەدىمكى ھىندىستان ھېكمەت خەزىنىسى بولغان « كەلىلە ۋە دېمنە » جەۋھەرلىرىنى ، گرېك تارىخچىلىرىنىڭ قاراشلىرىنى ، ئەرەب مەدەنىيىتى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھېسابلانغان ئەقىل ـ پاراسەت قاراشلىرىنى ، ئېزىلگەن ئاممىنىڭ يالقۇنلۇق كۈرەشلىرىنى ، دوستلۇق ۋە ئىنسانىي مۇھەببەت ھەققىدىكى ئىزگۈ تىلەكلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز . ئۆز زامانىسىنىڭ كۆپ مەنبەلىك بۇ خىل مول ئىدىيىۋى سۇپەتلىرىسىز فىردەۋسى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس .

فىردەۋسىنىڭ قاچاندىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى نامەلۇم. ئۇ تەخمىنەن ئوتتۇز يەتتە يېشىدا ( تەخمىنەن 977 ـ يىلى ) « شاھنامە » نى يېزىشقا كىرىشكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ چاغلاردا ئۇ سامانىيلار پايتەختى بۇخارا ۋە شۇ ئەتراپتىكى جايلاردا زىيارەت ئېلىپ بارغان. بىز فىردەۋسىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئەلۋەتتە « شاھنامە » دىن ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ قىزغىنلىقى، تەپەككۇر سەۋىيىسىگىلا تايىنىپ ئەمەس، يەنە بەدىئىي ماھارىتى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت تەجرىبىسىگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا « شاھنامە » دەك چوڭ ھەجىملىك ئەمگەككە كىرىشكەن، دەپ ئويلايمىز.

« شاھنامە » نى ئىشلەش ئەسلىدە سامانىي خانلىرى ئارزۇسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇ چاغدا سامانىيلار خانلىقى ئەرەب خەلىپىلىكىدىن مۇستەقىللىككە ئېرىشكەن مەۋقەنى مۇستەھكەملەشنى خالايتتى. كۆنساناپ كۈچىيىۋاتقان قاراخانىلارنىڭ تەھلىكىسى ئىچىدە ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئىران قەھرىمانلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئىش ئىزلىرى بىلەن ئىلھاملاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەل ئارىسىدا ساقلانغان « ئاۋىستا » ، نەسرىي « شاھنامە ئەبۇمەنسۇر » ۋە رۇستەم رىۋايەتلىرى مۇنداق ئەسەرنى يېزىپ چىقىشقا مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرغانىدى. نەتىجىدە سامانىلار ئەمىرى نوھ ( 976 ــ 997 ) شائىر ئەبۇمەنسۇر مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد دەقىقىنى چاقىرتىپ، نەسرىي « شاھنامە ئەبۇمەنسۇر » ئۈستىدىن ئىشلەشنى، ئۇنىڭغا گۈزەل قەھرىمانلىق ئېپوپېيىسى تۈزۈشنى بۇيرۇغانىدى.

دەقىقى كلاسسىك پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىسى، « شېئىرىيەتتىكى ئادەم ئەلەيھىسسالام » دەپ نام ئالغان روداكىنىڭ زاماندىشى بولۇپ، ئۇنى بەزىلەر تۇستا، بەزىلەر بۇخارا ياكى سەمەرقەندتە تۇغۇلغان دېيىشىدۇ. تاجىكىستان ئاكادېمىكى غەپۇرۇۋ ① نىڭ كۆرسىتىشىچە، دەقىقىنىڭ ئاساسىي ھايات پائالىيىتى ماۋرائۇننەھردە ــ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن.

دەقىقى پەھلەۋى ۋە ئەرەب يېزىقىدىكى مەنبەلەر، ئاتەشپەرەسلەر رىۋايەتلىرىدىن مول ماتېرىيال توپلاپ « خۇداينامە » نامىدا ئۆز « شاھنامە » سىنى يېزىشقا كىرىشكەن. دەقىقى « خۇداينامە» نىڭ زەردۇشت، گۇشتەسپىنىڭ ئەفراسىياپ ۋارىسى ئەرجاسپ بىلەن جەڭ قىلغانلىقى قىسىملىرىنى يېزىشقا ئاران ئۈلگۈرەلىگەن. ئۇ 977 ـ يىلى بىر زىياپەت ئۈستىدە ئۆز قۇلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇندىن كېيىن بۇ ئىشقا فىردەۋسى كىرىشىپ، بۇخارا سەپىرىنى باشلىغان.

فىردەۋسى « خۇداينامە » دە يېزىلغان بىر مىڭ بېيىتنى ( 13 ـ ئەسىر مۇئەللىپى مۇھەممەد ئەۋفىنىڭ كۆرسىتىشىچە ئىككى مىڭ بېيىتنى ) دەقىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆز « شاھنامە » سىگە كىرگۈزگەن.

فىردەۋسى چوڭ ھەجىملىك « شاھنامە » يېزىش ئۈچۈن « شاھنامە ئەبۇمەنسۇر » دىكى مەنبەلەرگە قانائەتلەنمىگەن. ئۇ ماۋرا ئۇننەھردىن ساك ھېكايىلىرى، سۇغدى خەلقىنىڭ رۇستەم توغرىسىدىكى رىۋايەتلىرى، خارەزىمدىكى سىياۋۇش ھېكايىلىرى، باكتېرىيىدىكى ئىسفەندىيار رىۋايەتلىرى قاتارلىق بىر قاتار ئەپسانىلەرنى توپلىغان.

فىردەۋسى « شاھنامە » داستانلار تۈركۈمىنى 977 ـ يىلدىن ( دەقىقى ۋاپات بولغان ۋاقىتتىن ) باشلاپ يىگىرمە يىل سەرپ قىلىپ، 996 ـ يىلى تاماملىغان. ئۇ بۇ ئەسەرنى سامانىلار ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرىگە تەقدىم قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ چاغدا خۇراسان غەزنەۋىلەر قولىغا ئۆتكەنىدى. ئانچە ئۆتمەي سامانىيلار خانلىقى ھالاك بولدى. بۇ چاغدا فىردەۋسى تېڭىرقاپ قالغان. ئاخىر فىردەۋسى ئۆز ئەسىرىنى روياپقا چىقىرىش ئىستىكىدە يەنە ئون يىلدىن ئارتۇق كۈچ سەرپ قىلىپ ئەسىرى ئۈستىدە قايتا ئىشلىگەن. ئۇ گەرچە مەھمۇت غەزنەۋىگە لايىقلاشتۇرۇش مەجبۇرىيىتى بىلەن ئۆز داستانىغا كۆپلەپ ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۈپ تېماتىكىسى ۋە غايىلىرىنى ساقلاپ قالغان.

فىردەۋسى ھىجرىيە 400 ـ يىلى ( 1010 ـ ، 1011 ـ يىللار ) قايتا ئىشلەنگەن « شاھنامە » نى غەزنەۋىلەر خانلىقىنىڭ تۈرك سۇلتانى مەھمۇت غەزنەۋىگە تەقدىم قىلغان.

---

① غەپۇرۇۋ : « تاجىكىستان خەلق تارىخى » ، خەنزۇچە نەشرى، 188 ـ بەت.

فىردەۋسىنىڭ « شاھنامە » نى مەھمۇت غەزنەۋىگە تەقدىم قىلىشى ھەر خىل مەنبەلەردە بىردەك ئىزاھلانغان ئەمەس. بەزى مەنبەلەر مەھمۇت غەزنەۋى قانلىق ئۇرۇشلار ئېلىپ بارسىمۇ، ئالىملار ۋە شائىرلارنى ئوردىغا يۆتكەپ كېلىپ قەدىرلەيتتى، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئۆلىنى كۆچەيتىشنى ئارزۇ قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن باش ۋەزىر ئىسفەراينىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن فىردەۋسى ئىشلەۋاتقان « شاھنامە » نىڭ ھەر بىر بېيىتىغا بىر ئالتۇن تىللا بەرمەكچى بولغان، كېيىنچە ئىسفەراي سىياسىي سەھنىدىن ئاجرالغاچقا، ئۇنىڭ رەقىبلىرى تەرىپىدىن پۈتۈن ئاتمىش مىڭ بېيىتلىق « شاھنامە » گە يىگىرمە مىڭ كۈمۈش تەڭگە بېرىلگەن دېيىلگەن. باشقا مەنبەلەردە مەھمۇت غەزنەۋى تۈركىي نەسەب ۋە مۇسۇلمانلىق نۇقتىسىدىن ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنى تەقىپ قىلىپ، پىلنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇغان دېيىلىدۇ.

نىزامى گەنجەۋى 1116 ـ يىلى تۇسقا كېلىپ ئۇنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشقان. نىزامىنىڭ كۆرسىتىشىچە، فىردەۋسىگە مەھمۇت غەزنەۋى يىگىرمە مىڭ كۈمۈش تەڭگە سوۋغات قىلىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىللىق ئاجايىپ ئەمگىكىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلىكى ۋە ئۆز ئەھدىنى بەجا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن فىردەۋسى رەنجىپ، ھاماممىغا بېرىپ يۇيۇنغان ۋە راسا بوز ئىچىپ، يىگىرمە مىڭ تەڭگىنى ھامامچى، بوزچى ۋە باشقىلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، پېشنى قېقىپ چىقىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەھمۇت غەزنەۋى فىردەۋسىنى پىلنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇغان. فىردەۋسى ئۆيىگە قايتماي غەزنىدىن ھىراتقا، ھىراتتىن تۇسقا، تۇستىن تابارىستانغا، ئۇ يەردىن ئىراققا كېتىپ قالغان. ئۇ باغداتقا (ئىراققا) بېرىش ئالدىدا « مەھمۇت غەزنەۋىگە ھەجۋىي » ناملىق شېئىر يازغان. بۇنىڭدا، مەھمۇت غەزنەۋىنىڭ پىتنىلەرگە ئالدىنىپ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغانلىقى، فىردەۋسىنى جازالىماقچى بولغانلىقى تىلغا ئېلىنىپ، بارلىق قەسىرلەر ۋەيران بولسىمۇ ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت سارىيى تەبىئەت مۆجىزىلىرىدەك مەڭگۈ كائىناتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ كۆز يۇمغاندىمۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. فىردەۋسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ تولىمۇ غېرىبلىشىپ كەتكەن. ئېيتىلىشىچە، مەھمۇت غەزنەۋى ھىندىستان يۈرۈشلىرىدە « شاھنامە » نىڭ نەقەدەر كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان مىسلىسىز قىممىتىنى ئاڭلاپ قالغان. « شاھنامە » ھەقىقەتەن كۈچلۈك زىلزىلە قوزغىغانىدى. مەھمۇت غەزنەۋى ئاتمىش مىڭ تىللا قىممىتىدىكى ھىندىستان خىل بويىقىنى ئۇنىڭ تۇس شەھىرىدىكى ئۆيىگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان. كارۋاننىڭ شەھەرگە كىرىشى فىردەۋسىنىڭ جىنازىسىنى شەھەردىن كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقانغا دۇچ كەلگەن.

ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆز بېغىغا دەپنە قىلىنغان. بۇنىڭغا زاھىتلارنىڭ ئۇنى كۇپارلىقتا ئەيىبلەپ مۇسۇلمانلار مازىرىغا كۆمۈشكە يول قويمىغانلىقى سەۋەب بولغان. ئىران دۆلەت كېڭەشى ئەزاسى شائىر باھار 1923 ـ يىلى فىردەۋسى مەقبەرىسىنى تىكلەشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بۇ مەقبەرە فىردەۋسىنىڭ مىڭ يىللىقىغا بېغىشلانغان خاتىرىسىگە توپلانغان لاتارى كىرىمى ئاساسىدا 1934 ـ يىلى تىكلەنگەن.

## 2. « شاھنامە » نىڭ تېماتىكىسى ۋە تۈزۈلۈشى

« ‹ شاھنامە › شاھلار تارىخى ئەمەس، بەلكى قەھرىمانلىق داستانى. قەھرىمانلىق مەدھىيىسىگە بېغىشلانغان شاھ ئەسەر. »

— ئەركىنوۋ

« شاھنامە » چوڭ ھەجىملىك داستانلار تۈركۈمى بولۇپ، نەچچە ئون داستان، نەچچە يۈز پېرسوناژنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3223 ـ يىلدىن مىلادىنىڭ 651 ـ يىلغىچە ئەرەبلەرنىڭ ئىراننى ئىشغال قىلىشىغىچە بولغان 3874 يىللىق رىۋايەت ۋە ھېكايەت سۆزلەنگەن.

« شاھنامە » نىڭ تېماتىكىسى ۋەتەننى، مىللىي مۇستەقىللىكنى ئۇلۇغلاش، چەت ئەل تاجاۋۇزىنى

قارىلاش، باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلىرىغا قارشى كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، فىردەۋسى ئۆزىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي قەھرىمانلىرىنى، جەڭنامە ۋە تراگېدىيىلىرىنى، مۇھەببەت ۋە نەپرەت تەسۋىرىنى مۇشۇ تېماتىكىغا بويسۇندۇرغان.

فىردەۋسى زەردۇشت تەلىماتى بويىچە ئالەمنى ئىككى خىل كۈچنىڭ كۆرەش سەھنىسى، تارىخنى ئىككى خىل كۈچنىڭ گۈزەل جەريانى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان. ئۇ ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇق ئىلاھى ئاخرۇمازدا بىلەن يامانلىق ۋە زۇلمەت مۇئەككىلى ئەھرەمەن دىۋە كۈرىشى ئارقىلىق ياخشىلىق ھامىيلىرى بولغان ئىران پادىشاھلىرى ۋە باتۇرلىرى بىلەن يامانلىق ھامىيلىرى بولغان باسقۇنچى كۈچلەر ئارىسىدىكى جەڭلەرنى تەسۋىرلىگەن.

«شاھنامە» نى تۈزۈلۈشى جەھەتتە ئۈچ قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن. بىرىنچى قىسىمدا ئەپسانىۋى ھېكايىلەر سۆزلەنگەن. بۇ قىسىم تەخمىنەن بەش مىڭ بېيىت ئەتراپىدا بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3223 ـ يىلدىن 782 ـ يىلغىچە داۋام قىلىدۇ. بۇ قىسىمغا ئاخرۇمازدانىڭ تۇنجى پەيدا قىلىنغان ئادەم بىلەن ئەھرەمەن دىۋىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، ئىككى مۈرىسىدىن ئىككى يىلان چىقىپ تۇرغان ۋە ئۇ ئىككى يىلاننى كۈندە ئىككى يىگىت مېڭىسى بىلەن باقىدىغان زالىم ۋە جاھىل پادىشاھ زەھھاكقا قارشى تۆمۈرچى كاۋە باشچىلىقىدىكى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن.

ئىككىنچى قىسىمدا قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرى سۆزلەنگەن. بۇ قىسىم تەخمىنەن يىگىرمە سەككىز مىڭ بېيىت ئەتراپىدا بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 782 ـ يىلدىن 50 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان. رۇستەم بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى بولۇپ، ئاق دىللىق، ئەقىللىك ۋە قەھرىمانلىقنى بىرلەشتۈرگەن خەلق قەھرىمانىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، رۇستەم «شاھنامە» داستانىدىكى كۆپلىگەن ھېكايىلەردە ئىراننىڭ ئەنئەنىۋى مۇستەقىللىكى ئۈچۈن پىداكارانە كۈرەش قىلغان. بۇ قىسىمدا زالىم پادىشاھ كاۋۇس قامچىلانغان. رۇستەم دۈشمەن قوشۇنلىرىغا سەركەردە بولۇپ مەيدانغا چىققان، ئۆزى كۆرمىگەن ئوغلى سوھراب بىلەن جەڭ قىلىش پەيتىدە زالىم ھۆكۈمران كاۋۇسنىڭ نامەردلىك قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

ئۈچىنچى قىسىمدا شاھلار ھېكايەتلىرى تەسۋىرلەنگەن. بۇ قىسىم تەخمىنەن ئون مىڭ بېيىتتىن ئىبارەت بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 50 ـ يىلدىن مىلادىنىڭ 651 ـ يىلىغىچە سامانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەرەبلەر تەرىپىدىن ھالاك قىلىنىشىغىچە داۋام قىلغان. فىردەۋسى سامانىلار شاھلىرىنىڭ تارىخىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئادالەت، ئەقىل، مۇھەببەت ۋە نەپرەتكە ئالاقىدار بەدىئىي ئوبرازى ۋە شېئىرىي ھېكايىلىرىنى يازغان. بۇ قىسىمدا مازداك قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى مازداك ئوبرازى خەلق، ئادالەت، ئەقىل ۋە جاسارەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىجابىي تەسۋىرلەنگەن.

«شاھنامە» ئۆز مۇقەددىمىسىدىن كېيىن «كەيۇمەرس»، «ھۇشەڭ». «تەھمۇرەس»، «جەمشىد»، «زەھھاك» قىسسىلىرىنى، «زال ۋە رۇدابە» رومانتىك داستانىنى، «سوھراب ۋە سىياۋۇش»، «رۇستەم» ھېكايىلىرىنى، «كەيخۇسرەۋ» پادىشاھلىقى، «بېجەن ۋە مەنىجە» ئىشقى داستانىنى، «ئىسفەندىيار» جاسارىتىنى، «ئىسكەندەر زۇلقەرنەين» داستانىنى، «ئەشكانىيلار پادىشاھلىقى» نى، «سامانىيلار پادىشاھلىقى» نى، «يەزدىگىرد پادىشاھلىقى» نى، «بەھرام گور»، «قوباد پادىشاھلىقى» نى، «ھۇرمۇز پادىشاھلىقى» نى، «خۇسرەۋ پەرۋىز پادىشاھلىقى» ۋە «خۇسرەۋ پەرۋىز ۋە شېرىن» داستانىنى، داستانىنىڭ خاتىمىسىنى، «مەھمۇت غەزنەۋىگە ھەجۋى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«شاھنامە» ئۆزىنىڭ كەڭ سەھىپىلىرىدە كەيۇمەرس، ھۇشەڭ، تەھمۇرەس، جەمشىد قاتارلىق ئەپسانىۋى پادىشاھلار ئوبرازلىرىنى، سام، نەرىمان، زال، رۇستەم، گىۋ، بېجەن قاتارلىق ئەپسانىۋى قەھرىمانلار ئوبرازلىرىنى، مازداك، نۇشىرۋان، بەھرام گور، خۇسرەۋ پەرۋىز كەبى تارىخىي پېرسوناژلارنى، كۆپلىگەن پەيلاسوپلار، مۇنەججىملەر، ئالىملار، سەركەردىلەر، پىداكار مەردلەر، گۈزەللەر، ھۈنەرۋەنلەر، چوپانلار، دېھقانلار ۋە باشقا ھەر خىل ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنىڭ تارىخىي ئوبرازىنى ياراتقان. داستاندا «زال

ۋە رۇدابە » ، « بىجەن ۋە مەنىجە » ، « بەھرام ۋە دىلئارام » ، « خۇسرەۋ ۋە شىرىن » مۇھەببەت داستانلىرى ئالاھىدە ئىشتىياق بىلەن كۈيلەنگەن .

« شاھنامە » ئۆز سەھىپىلىرىدە تۇران خاقانلىقى ، ھىندىستاننىڭ « كەلىلە ۋە دىمنە » ھېكمەت كىتابى ، رۇم ئۆلىمالىرى ھەققىدىمۇ توختالغان .

ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ « شاھنامە » دەك مىسلىسىز زور ۋە ئاجايىپ ماھارەتلىك ئەسىرى ئارقىلىق ھەقىقەتەن ئۆلمەس بىر قەسىر تىكلىگەن . ئۇ « شاھنامە » نىڭ خاتىمە قىسمىدا مۇنداق يازغاندى :

« مەن ئەسلا ئۆلمەسمەن ، مەڭگۈ ياشارمەن ،
ئېيتقان ھەر سۆزۈمدە قايتا ياشارمەن . »

## 3 . « شاھنامە » نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

«فىردەۋسى پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ، خۇسۇسەن ئەدەبىيات ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا كاتتا تۆھپە قوشقان . »

—— ۋاھىد زاھىدوۋ

« شاھنامە » فىردەۋسى زامانىدا ئۇ ئېرىشكەن بىلىم ۋە تەپەككۇر يۈكسەكلىكىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن . ئۇ ئەينى زامان شىمال ــ جەنۇب ، شەرق ــ غەرب مەدەنىيەتلىرى ئارىلاشمىسى ئاساسىدا روياپقا چىققان بولۇپ ، دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە .

« شاھنامە » دە فىردەۋسى دۇنيا يەزدان (تەڭرى ) تەجەللىسى ئاساسىدا يارىتىلغان ئوت ، تۇپراق ، سۇ ۋە ھاۋادىن تەشكىل تاپقان دەپ قارىغان . ئۇ ئىلاھ دەسلەپتە ئوتنى ــــ قۇياشنى ، ئاندىن زېمىننى ــــ تۇپراقنى ، ئاخىرىدا سۇ ۋە ھاۋانى ياراتقان ، قالغان مەدەنلەر ، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلار مۇشۇ تۆت زات ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن دەپ قارىغان .

« شاھنامە » دە راتسىئونالىزملىق پىكىر ئېقىمى ئىلگىرى سۈرۈلگەن . فىردەۋسى ئىنساننى « ئاجايىپ كۆركەم مۆجىزە » ، « تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل بوستانى » ، « يەرگە نۇر چاچقۇچى چىراغ » دەپ كۆككە كۆتۈرگەن . فىردەۋسىنىڭ قارىشىچە ئىنسان بىلىش ئىقتىدارى ۋە بىلىم تۇيەيلى باشقا شەيئىلەردىن پەرقلىنىدۇ . ئۇ بىلىم ، ئەقىلنى مەدھىيىلىگەن . ئۇ ئەقىل ــــ ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ، يەزدان ياراتقان نەرسىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ گۈزىلى ، ئۇ « ئىككى دۇنيادا ئىككى قولۇڭدىن سېنى يېتەكلەپ ۋە قولتۇقلاپ يۈرىدۇ » ، « ئەقىل روھنىڭ كۆزى » ، ئەقىلنى سۇندۇرغان ئازاب چېكىدۇ ، ئۆزىنى سۇندۇرىدۇ دېگەن .

« شاھنامە » گۇمانىستىك ۋە قەھرىمانلىق داستان سۈپىتىدە ئىنساننىڭ يورۇق ئىستىقبالى ، ئىنسانغا ھۆرمەت ، مۇھەببەت ئارزۇلىرى بىلەن تولغان . ئۇ ئالەمدىكى ھەر قانداق ھاكىمىيەتنى ئىنسانغا نىسبەتەن نىسپىي ، ئۆتكۈنچى دەپ قارىغان . ئۇ يورۇقلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇق ، ئادالەتنىڭ زوراۋانلىق ، بىلىمنىڭ نادانلىق ، كەلگۈسىنىڭ رېئاللىق ئۈستىدىكى غەلىبىسىگە ئىشەنگەن .

ئۇ كەيۇمەرس① ئوبرازى ئارقىلىق تۇنجى ئادەم سىيماسىنى تىلغا ئالغان . ئاخرۇمازدا يورۇقلۇق مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ زۇلمەت ئىلاھى ئەھرەمەنگە قارشى جەڭ قىلغاندا تۇنجى ئادەم ــــ كەيۇمەرس باش ئىلاھ ئاخرۇمازداغا ھەمكارلىشىپ ئالەمنى يورۇتۇش كۈرىشىگە ئاتلىنىدۇ . بۇ پىكىرنىڭ پەلسەپىۋى قىممىتى ئۆز ــ ئۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ .

جەمشىد ــــ شەرق پرومېتىسى سۈپىتىدە يارىتىلغان ئەپسانىلەشتۈرۈلگەن ئىنسان نامايەندىسىدىن ئىبارەت . ئۇ كىشىلەرگە ھۈنەر ــ سەنئەت ، كىيىنىش ۋە ئەدەبنى ئۆگىتىپ ، ئىنساننىڭ ھاياتىي شەرتلىرى ۋە

① « ئاۋىستا » دەستۇرىدا يىما ئەپسانىسى سۆزلەنگەن بولۇپ ، فىردەۋسى شۇ ئاساستا كەيۇمەرس ئوبرازىنى ياراتقان بولۇشى ئېھتىمال .

كائىناتتىكى ئورنىنىڭ دەسلەپكى ئۈلگىسىنى كۆرسىتىدۇ.

رۇستەم — «شاھنامە» دىكى خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ شاھ ئوبرازى. زامانلار ئۆتىدۇ، رۇستەم خەلق بىلەن بىللە ياشاۋېرىدۇ. ئۇ تاكى پەشەڭ، ئەشكىرسلار، دىۋە جادۇگەر، ئەجدىھا قاتارلىقلارغا قارشى كۆرەشتىن، تۇران شاھلىرى ئەفراسىياپ، ئەرجەسپلەرگە قارشى كۈرەشتىن ئەرەبلەر ئىستىلاسىغا قارشى كۈرەشكىچە ياشايدۇ. ئۇ فىردەۋسى قەلىمىدە ئىران مۇستەقىللىقى ۋە ئېتنىك ئەنئەنىسىنىڭ خەلق قەھرىمانى سىماسىدىكى نامايەندىسىدىن ئىبارەت بولغان.

كاۋە ۋە مازداك ئوبرازلىرى ئارقىلىق فىردەۋسى ئۆز ۋەتەنپەرۋەرلىك قاراشلىرىنىڭ خەلقپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك ئاساسلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. مەلۇمكى، مازداك ئەرەب ئىمپېرىيىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئىران خەلق قوزغىلىڭى — باراۋەرلىك ۋە ئادالەت شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىققان مازداك كوممۇنىزمىنىڭ داھىيسى ئىدى. مازداك ھەرىكىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرىگىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئى. س. برانىسكىي مۇنداق دەيدۇ: «مانى دىنى قۇدرەتلىك ئۇيغۇر دۆلىتىگە تارقىلىپ، مازداك قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشتى. ئۇ تەڭ تەقسىماتچىلىق تۇغىنى ئېگىز كۆتۈردى. شۈبھىسىزكى، بۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ فارابى ۋەتىنىدىكى ئىجتىمائىي ئۇتوپىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن»①. فىردەۋسى ئۆز ئېپوپېيىسىدە ئادالەتلىك پادىشاھ ئارزۇسى، دۆلەتنى مەركەزلەشتۈرۈش غايىسى ۋە بىر قاتار سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، ئېستېتىك قاراشلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئالەمشۇمۇل شاھ ئەسەرنىڭ ھاياتىي نېگىزىنى — ئىلغار ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئىدىيىنى ئىپادىلىدى. بۇنىڭسىز «شاھنامە» ياراتقان ئۆلمەس تارىخىي تەسىرنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

«شاھنامە» خەلقلەر دوستلۇقىنى كۈيلىگەن داستان بولۇپ، ئۇ جاھان مەسىلىلىرى، دۆلەت ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى راتسىئونالىزم، ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىدا ئاقىلانە ۋە دوستانە ھەل قىلىشنى تەرغىب قىلغان. ئۇنىڭدا تۇران بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى جەڭلەر، ئىسكەندەرنىڭ ئىراننى ئىستېلا قىلىشى، ئەرەب باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش ئەنە شۇ روھتا بىر تەرەپ قىلىنغان. فىردەۋسى ئىسكەندەرنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئارىستوتېل باشچىلىقىدىكى پەيلاسوپلارنىڭ تاۋۇت يېنىدىكى نىدالىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلار ئاغزىدىن ئىسكەندەرگە ئىككى خىل باھا بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈلگىلىرى مۇنداق:

«بىرى دەر: ئەي ئايدىن، قۇياشتىن ئارتۇق،
نېچۈن بۇگۈن گۈزەل دىدارىڭ تۇتۇق؟
..............................
بىرى دەر: تۈنگە ئۆزگەردى كۈنۈڭ،
سۆزلەيمەن دېسەڭمۇ چىقمايدۇ ئۈنۈڭ.
كىمكى كۆرگەن بولسا تاجۇ تەختىڭنى،
ئارزۇ قىلماس شاھلىق بەختىڭنى،
ساڭمۇ ئۇ ۋاپا قىلمىدى دېمەك،
سەلتەنەت دەرىخىن تىكمەك نە كېرەك؟»

«شاھنامە» ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى قەھرىمانى ئالىپ ئەرتۇڭاخان — ئەفراسىياپ، ئۇنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى ۋە ھاكىمىيەت ۋارىسلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك مەنبە سۈپىتىدىمۇ دىققەتكە سازاۋەر. فىردەۋسى بۇ ھەقتىكى مەنبەلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران مەنبەلىرىدىن توپلىغان بولۇپ، بۇ ھەتتا «ئاۋېستا» دەستۇرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان. «ئاۋېستادا» ئەفراسىياپ — خەرەنەسويان نامىدا، سىياۋۇش — سىياۋېرشان نامىدا، كەيخۇسرەۋ — كەۋاخەئاسراۋ نامىدا تىلغا ئېلىنغان. ئىران شاھزادىسى سىياۋۇشقا ئۆز قىزى فەرىدىنى بەرگەن ئەفراسىياپ كېيىن سىياۋۇشنى گۇمان بىلەن ئۆلتۈرىدۇ.

---

① برانىسكىي: «تاجىك مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، موسكۋا، 1977 - يىل رۇسچە نەشرى، 272 - بەت.

فەرىددىن تۇغۇلغان كەيخۇسراۋ دادىسى ئىنتىقامىدا نۇرغۇن جەڭ ـ جېدەللەر ئارقىلىق ئەفراسىياپنى ھالاك قىلىدۇ. مۇشۇ قىساس ئىران ـ تۇران جەڭلىرىگە سەۋەب بولىدۇ. « شاھنامە » ئەفراسىياپ يۇرتىنى، بولۇپمۇ خوتەن شەھىرىنى تولىمۇ قەدىرلىگەن ھالدا تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ ئەفراسىياپ ۋارىسى ئەرجەسپ قىزى مەلىكە مەنىجە بىلەن ئىران باتۇرى بىجەن ئوتتۇرىسىدىكى سەممىي مۇھەببەتكە بېغىشلانغان داستانىمۇ خەلقلەر دوستلۇقى روھىدا يېزىلغان.

مەھمۇت قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا ئەفراسىياپنىڭ ئالىپ ئەرتۇڭاخان ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاش بىلەن بىللە، ئەفراسىياپ ھەققىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قەشقەر ۋادىسىغا كەڭ تارقالغان پارچىلاردىن مىسال كەلتۈرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قۇتادغۇ بىلىك » داستانىدا ئەرتۇڭاخاننى تاجىكلارنىڭ ئەفراسىياپ دەيدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. « تارىخى تابارى »، ئىبن ئەل ئەسەرنىڭ « تارىخى كامىل »، نارشاھنىڭ « بۇخارا تارىخ » ناملىق ئەسەرلىرىدە ئەفراسىياپ ھەققىدە توختالغان. فىردەۋسى ئىجادىيىتى ئىلھامى بىزگە مەخسۇس « ئالىپ ئەرتۇڭاخان » قىسسىسىنى مەيلى نەسرىي ياكى شېئىرىي ئۇسۇلدا تىكلەشنىڭ مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتتى. فىردەۋسىنىڭ ئەفراسىياپ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنى قاباھەتلىك تەسۋىرلىشى شائىرنىڭ ئىجادىيەت تېماتىكىسى ۋە ئەينى زاماندا ئەرەب باسقۇنچىلىقىغا قارشىلىق بىلدۈرۈش زۆرۈرىيەتلىرىگە بويسۇندۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى توقۇلمىلارنى قايتا ئىشلەش تامامەن مۇمكىن.

« شاھنامە » شېئىرىي ماھارەتنىڭ كۆپ قىرلىق كۆرگەزمىسىدىن ئىبارەت. ئۇ بەدىئىي كومپوزىتسىيە جەھەتتىن مىسلىسىز كۆپ قىسىملىق شېئىرىي رومان تىزمىسى ئۈلگىسىنى ياراتتى. ئۇنىڭدىكى ئوبرازلار، پېرسوناژلار خاراكتېر تەسۋىرى ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن غايىلىك ـ تىپىكلىكنىڭ بىر گەۋدىسى قىلىنغان. فىردەۋسى تەبىئەت تەسۋىرى ئارقىلىق مۇئەييەن تارىخىي ۋەزىيەت تەسۋىرىنى ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئىپادىلەشنىڭ ماھىرى بولغان.

## 4 . « شاھنامە » نىڭ تارىخىي تەسىرى

« ئەگەر فىردەۋسى شېئىرىي شەكىلدە 〈 شاھنامە 〉 نى يېزىپ چىقمىغان بولسا،
بۇ ھېكايىلەر جاپاكەش خەلقىمىز بېشىدا تەكرارلانغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە،
ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغان بولاتتى. »

—— يولتى

« شاھنامە » مەيدانغا چىقىشى بىلەن شېئىرىي ئەسەر كەمچىل بولغان پارس ئەدەبىياتىدا غايەت زور زىلزىلە قوزغىدى. ئۇ پارس ئەدەبىياتىغا ھەقىقىي جان ۋە خەزىنە بېغىشلىدى. ھېچقانداق ئەسەر پارس تىلىنى « شاھنامە » دەك گۈزەللەشتۈرۈپ، ئىران خەلقىنى مۇنچە تىرەن تەربىيىلىگەن ئەمەس. ئىراننىڭ كېيىنكى مىڭ يىللىق تارىخىدىكى بارلىق ئىپتىخارلىق سەھىپىلەرگە « شاھنامە » نىڭ، بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەت ۋە ئېتنولوگىيە مەكتىپىنىڭ نۇرانە شولىسى چۈشكەن. فىردەۋسى مۇنداق دېگەنىدى:

« ئوتتۇز يىل قەھرىمدىن شۇ بولدى بىنا،
ئىراننى قۇتقۇزدۇم پارس تىلىدا.»

« شاھنامە » 1223 ـ يىلى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىندى. 11 ـ ئەسىردە ئەسەدى تۇسى « شاھنامە » تەسىرىدە پارسچە « كەرشەسپ نامە » داستانىنى يازدى. ناسىر خۇسرەۋ ئۆزىنىڭ « سائادەتنامە »، « سەپەرنامە » ۋە « دىۋان » لىرىدا « شاھنامە » ئىلھاملىرىنى ئىپادىلىدى. نىزامى گەنجىۋى تۇسقا كېلىپ فىردەۋسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ « بەنج گەنج » ( بەش خەزىنە ) ناملىق « خەمسە » سىنى يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ « خۇسرەۋ ۋە شىرىن »، « يەتتە گۈزەل »، « ئىسكەندەرنامە » داستانلىرىنىڭ ئاساسىي سۇژىتىنى « شاھنامە » دىن ئالدى.

بىرۇنى « شاھنامە » تۇغرۇلۇق ھۆرمەت بىلەن توختالغاندى. خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ « خەمسە » سىدىكى « خۇسرەۋ ۋە شىرىن »، « ھەشت بېھىش » ( سەككىز جەننەت )، « ئائىنەئى ئىسكەندەر » داستانلىرىمۇ « شاھنامە » دە ئاساس سېلىنغان ھېكايەتكە تايانغاندى.

ئەلىشىر نەۋائى فىردەۋسىنى « ئۇستازى پەن » دەپ ناھايىتى ئۇلۇغلىغان. ئۇ ئۆزى يازغان تۇنجى تۈركى « خەمسە » دىكى « پەرھاد ۋە شىرىن »، « ھەبى سەييار » ( يەتتە سەييارە )، « سەددى ئىسكەندەر » داستانلىرىدا قايتا « شاھنامە » گە مۇراجىئەت قىلغان.

گېيوتى بىلەن ھېنرىخ ھېيىنى فىردەۋسىگە يۇقىرى باھا بەرگەن. چېرنىشېۋسكىي « رومانچىلىق ئىچىدىكى رومانچىلىق » ناملىق ماقالىسىدە فىردەۋسىنى مالتون، شېكىسپىر، بوككاكو، دانتى قاتارلىقلار بىلەن بىللە بىرىنچى تۈركۈمدىكى شائىرلار دەپ تىلغا ئالغان.

« شاھنامە » نىڭ مۇكەممەل نۇسخىسىنى ئىشلەتكۈزۈش گەرچە ئۇلۇغ بېكنىڭ ئارزۇسى بولسىمۇ، بۇ ئۇنىڭ ئىنىسى بايسۇنقۇر زامانىدا ئاندىن روياپقا چىققان. نەۋائىنىڭ ئۇنىڭ پارسچە ئىشلەنگەن شۇ نۇسخىسىدىن پايدىلانغانلىقى ئېھتىمال.

« شاھنامە » نىڭ ئۇيغۇر تەلەپپۇزىدىكى تۈركى نۇسخىسى 1682 ـ يىلى موللا خامۇش يەركەندى تەرىپىدىن « شاھنامەئى تۈركى » دېگەن نامدا نەسرىي ژانىردا ئىشلەنگەن. كېيىنچە موللا نادىر مۇھەممەت بۇخارى ئۇنى ئۆزبېك تەلەپپۇزىدىكى تۈركى نەسرىي نۇسخا قىلىپ تەرجىمە قىلغان. ھازىر موللاخامۇش يەركەندى تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى كەڭ تارقالغانلىقى مەلۇم بولدى.

يېقىنقى يىللاردا ( 1975 ـــ 1977 ـ يىللىرى ) « شاھنامە » نىڭ ئۆزبېكچە شېئىرىي نۇسخىسى نەشر قىلىنغان. بۇ نۇسخا تېھران، موسكۋا، تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەييارلىغان نۇسخىلار ئاساسىدا ئىشلەنگەن.

« شاھنامە » رۇسچە ۋە باشقا ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ « رۇستەم ۋە سوھراب » داستانى 1964 ـ يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ خەنزۇچە ئۈلگىلىك نۇسخىسى ئىشلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

« شاھنامە » مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرگەن كىتاب. « شاھنامە » بىزگە ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغۋار، ئۆلمەس ئىدىيىلىرىدىنمۇ قۇدرەتلىك نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسەتتى. ئۆتكەن نەچچە ئەسىر مابەينىدە تارىخ ئالماشتى، ئىنسان ئەۋلادلىرى ئالماشتى. خانلىق، سۇلتانلىق، پادىشاھلىق قەسىرلىرى تۇپراققا ئايلاندى. بىراق فىردەۋسى تەپەككۇرىدا يۇغۇرۇلغان بۇ ئۇلۇغۋار ئەسەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ تەنتەنە قىلماقتا. تارىخ فىردەۋسىنىڭ ئۇنىڭ « شاھنامە » داستانىدا كۈيلەنگەن ھەممە شاھەنشاھلاردىنمۇ، جۈملىدىن بىر زامان ئۆز دەبدەبىسىگە مەپتۇن بولۇپ يۈرگەن سەركەردە مەھمۇت غەزنەۋىدىنمۇ مىسلىسىز ئۇلۇغلۇقىنى ئىسپاتلىدى. دەرھەقىقەت ئۇ تەپەككۇر ئەدەبىياتىدىكى رۇستەم ئىدى.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

ئەقىل ۋەسفىدە بىرنەچچە تەرىپ ........ 1
كەيۇمەرس ........ 2
هۇشەڭ ........ 5
تەهمۇرەس ........ 7
جەمشىد ........ 9
زەهھاك ........ 15
زال ۋە رۇدابە قىسسىسى ........ 31
كەيكاۋۇس ........ 83
رۇستەمنىڭ يەتتە سەرگۈزەشتى ........ 91
سوھراب ........ 111
سىياۋۇش قىسسىسى ........ 152
كەيخۇسرەۋ ........ 209
بىجەن ۋە مەنىجە داستانى ........ 257
ئىسفەندىيارنىڭ يەتتە جاسارىتى ........ 295
ئىسكەندەر پادىشاھلىقى ........ 316
ئەشكانىيلار پادىشاھلىقى ........ 338
ساسانىيلار پادىشاھلىقى ........ 358
يەزدىگىرد پادىشاھلىقى ........ 376
بەھرام گور پادىشاھلىقى ........ 395
خۇسرەۋ پەرۋىز ۋە شىرىن داستانى ........ 464
« شاھنامە » نىڭ خاتىمىسى ........ 474
مەھمۇد غەزنەۋىگە ھەجۋى ........ 475
لۇغەت ........ 476

# ئەقىل ۋەسفىدە بىرنەچچە تەرىپ

بۈگۈن سۆزنى ئەڭ ئاۋۋال ئەي دانىشمەن ،
باشلايلى ئەقىلنى ماختاشلار بىلەن .
ئەقىل توغرىسىدا نېمە بىلسەڭ دەۋەر ،
قىزىققانغا بولما ئانچە مۇنتەزىر .
خۇدا نېمەتلىرى شاھىدۇر ئىدراك ،
ئەقىلنى تەرىپلەر ھەممە دىلى پاك .
ئەقىل بىر تىرىك جان ، بىلمەيدۇ زاۋال ،
ئەقىل تۇرمۇش تەكتى ، بۇنى يادلىۋال .
ئەقىل يول كۆرسىتىپ ، دىلنى قىلار شاد ،
ھەر ئىككى ئالەمدە ئەقىللىك ئاۋات .
ئەقىلدىن غەمكىنلىك ، شادلىق ، ئۆكتەملىك ،
ئەقىلدىن بارلىقۇ يوقلىقۇ كەملىك .
ئەگەر ئەقلى خىرە بولسا ھەر ئىنسان ،
شادلىققا ئېرىشەلمەس ئۇ ھېچبىر زامان .
سۆزىدىن دانالار ئالغۇچى ئىبرەت
ئاقىل كىشى قىلار شۇنداق نەسىھەت :
« ئەقىلنى رەھنەما قىلمىسا كىشى ،
دىلىن ئۆرتەر ئۇنىڭ قىلغان ھەر ئىشى .
ھوشيارلار دىۋانە دېيىشەر ئۇنى ،
يېقىنى بىگانە دېيىشەر ئۇنى .
ئەقىل ئۇلۇغلۇقتا ئېتىدۇ پەيۋەند ،
ئەقىلسىزنىڭ دائىم پۇت ـ قوللىرى بەند .
ئەقىل دىل كۆزىدۇر قەدرىگە يەتسەڭ ،
ياخشىمەس جاھاندىن كور ئۆتۈپ كەتسەڭ .
ئەقىلدۇر يارالمىشلار شاھى سۇلتانى ،
ئەقىلدۇر ئەسلىدە يۈرەك پاسبانى .
سېنىڭ پاسبانىڭ كۆز ، قۇلاق ، زەبان ،
كېلىدۇ شۇلاردىن ياخشىيۇ يامان .
ئەقىل بىرلە دىلنى تەرىپ قىلغاي كىم ؟
ئەگەر مەن تەرىپ ئەتسەم قۇلاق سالار كىم ؟
ھەكىملەر بولمىسا سۆزدىن نېم پايدا ؟
جاھان ئاساسىنى ئىزدەپ كۆر ، قايدا ؟
جاھاننى ياراتقان ئالىي زات ئىنسان ،
ساڭا مەلۇم ھەممە ئاشكارۇ پىنھان .
ھەمىشە ئەقىلڭنى رەھنەما ئەتكىن ،
نالايىق ئىشلاردىن يىراقراق كەتكىن .
يول ئىزدە دانالار سۆزلىرى تامان ،
دانا سۆزىن تەكرار قىلىپ كەز جاھان .
ھەرقانداق ئىلىمدىن ئاڭلىساڭ بىر سۆز ،
ئۇنى تىنماي ئۆگەن كېچەيۇ كۈندۈز .
ئىلىمدىن بىر شولا دىلغا چۈشكەن ئان ،
شۇندا بىلىسەنكى ، ئىلىم بىپايان . »

بۇ قۇرلاردىن كېيىن شائىر دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە سۆزلەيدۇ . ئۇنىڭ پىكرىچە ، ئالدى بىلەن تۆت ئۇنسۇر ــ ئوت ، سۇ ، ھاۋا ، تۇپراق يارىتىلغان ، ئاندىن ئۆسۈملۈكلەر ، ھايۋانلار ، ئاخىردا ئەڭ ئالىي زات ــ ئىنسان يارىتىلغان .

ئاخىرىدا شائىر « شاھنامە » كىتابىنى تۈزۈش ۋە ئۆزىدىن ئاۋۋال شاھنامە يازغانلار (جۈملىدىن شائىر دەقىقى ) ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ .

شائىر شۇ زامان ئەنئەنىلىرىدىن كۆرە سۇلتان مەھمۇدقا مەدھىيە ئوقۇشنى چوڭ بىلگەن . ئۇ داستاننى قەدىمىي ئەپسانىۋى شاھ كەيۇمەرستىن باشلايدۇ.

# كەيۇمەرس

نەقىل باشلاپ دېدى سۆزمەن بىر دېھقان :
جاھان تاجىنى ئاۋۋال كىيگەن قاي ئىنسان ؟
ئەڭ ئاۋۋال شاھ تاجىنى كىيگەن كىشى كىم ؟
تارىخنى ئەسلەلمەس بىرەرمۇ ھەكىم .
ئاتا سۆزىنى تەكرار ئېيتىدۇ ئوغۇل ،
بوۋىدىن ئاتىغا قالىدۇ نەقىل .
ئۇلۇغلۇق ئەڭ ئاۋۋال كىمگە بولدى يار ؟
كىم بولدى بۇنىڭدەك نامغا سازاۋەر ؟
قەدىم نامەلەرنى ئوقۇغان دانا ،
باتۇرلۇق قىسسەسىن قىلۇر ئاشكارا .
دېدى : « ئادەت بارمىش شاھىنشاھلىقتا ،
كەيۇمەرس دېگەن شاھنى چوڭ سانىماقتا . »
ھەمەل دەۋرى ، ئىسسىپ كۈن ـ ئاپتاپ ،
جاھان يورۇپ ئاقتى سۇ ئويناپ .
ئاسمان چېھرى خۇش كۈلكىگە تولدى ،
يەر يۈزى ياشىرىپ ، چېچەكلەر كۈلدى .
كەيۇمەرسكە جاھان شاھلىق بۇيرۇدى ،
دەسلەپ تۇرار يېرىنى تاغ ئارا قۇردى .
تەختىنىڭ بەختىنى تېپىپ تاغلاردىن ،
يولۋاس تېرىسىدىن كىيدى شاھلىق تون .
ئۇ باشلاپ ئىنسانىنى قىلدى پەرۋەرىش ،
ياخشىلاندى كىيىم ـ كېچەك ، يەپ ـ ئىچىش .
ئوتتۇز يىل ئالەمدە شاھلىق قىلدى ئۇ ،
نۇر چېچىپ ، قۇياشۇ ماھلىق قىلدى ئۇ .
قانچىلىك جانلىق بار ئالەمدە ، بارى
پاناھ ئىزدەپ كېلەر كەيۇمەرسىگە .
ئادەملەر ئېگىلىپ سۆيەر تەختىنى ،
ھەممىسى شۇ تەختتىن تاپار بەختىنى .
سەجدىگە ئېگىلەر ھەممىنىڭ بېشى ،
چۈنكى تەخت ئۆزرە بەخت قۇياشى .
بىر ئوغلى بار ئىدى چىرايلىق يۈزى ،
ھۈنەردە ، ئەقىلدە ئاتىنىڭ ئۆزى ،
سائادەتمەن ئىسمى سىيامەك ئىدى ،
كەيۇمەرس كۆز قارىسى شۇ گۆدەك ئىدى .
دۇنيادا شادلىقى شۇنىڭ دىدارى ،
دۇنيادىن تاپقىنى ، مېۋىسى ، بارى .
ئوغلىنىڭ مېھرىدە كۆيۈپ ـ پىشاتتى ،
جۇدالىقنى ئويلاپ ياشلار تۆكەتتى .
قاتار ـ قاتار يىللار ئۆتەر باشلىدى ،
شەھرىيار دۆلىتى گۈللەپ ياشنىدى .
دۇنيادا يوق ئىدى ئاڭا بىر دۈشمەن ،
ئەمما پىنھان ئىدى دىۋە ئەھرەمەن .
ئەھرەمەن دىلىدا پايانسىز ھەسەت ،
يامانلىقتا ئاستا كۆتۈرەتتى قەد .
بۆرە بالىسىدەك ئوغلى بار ئىدى ،
ۋەھشىيلىك يىرتقۇچلۇق ئاڭا يار ئىدى .
قوشۇن توپلاپ يۈرۈش باشلىدى ،
كەيشاھقا خىرىس قىپ ئۇرۇش باشلىدى .
قارىسا سىيامەك ، شاھ ھەم بەختىيار ،
بىلىندى دۇنيا شۇئان دىۋىلەرگە تار .
كىم كۆرسە دەردىنى سۆزلەيتتى راسا ،
قاپلاندى بار ئالەم بۇ شۇم ئاۋازغا .
ۋە لېكىن كەيۇمەرس ، سائادەتلىك شاھ ،
بۇنداق بەتنىيەتتىن ئەمەستى ئاگاھ .
شۇندا يېتىپ كەلدى پەرىشتە سۇرۇش ،
پەرى سۈرىتىدە بەكمۇ ئالدىراش ،
كەيۇمەرسكە تۆكۈۋەتتى بار سۆزىنى ،
چىلبۆرىدەك ئاشكارىلىدى بەتنىيىتىنى .

## سىيامەكنىڭ دىۋە قولىدا ھالاك بولغانلىقى

ناپاك دىۋە تەرەپتىن سىيامەك تامان
بۇ مۇدھىش ئاۋازلار ئاڭلانغان ھامان ،
شاھزادىنىڭ دىلى غەزەپكە تولدى ،
قوشۇن يىغىپ جەڭگە ئاتلانماق بولدى .

ئۇچىنسىدا بارىس تېرىسى ، شىرقامەت ،
تېخى ساۋۇت كېيىش ئەمەستى ئادەت .
چىقتى دىۋە بىلەن ئېلىشىشقا ئۇ ،
قوشۇنلار كېلىشمەكتە ئىدى روبىرو .
ساۋۇتسىز تاشلاندى جەڭگە سىيامەك ،
دىۋىگە يەككە چىقتى ئۇ شىر يۈرەك .
شاھزادىگە چاڭگال سالدى ئەھرىمەن ،
مىجىلدى ، ئېزىلدى گۇلدەك بۇ بەدەن .
يەرگە ئۇرۇپ بېشىن خاك قىلدى ، خاك ،
كاچات سېلىپ ، قىلدى دىل باغرىنى چاك .
دىۋە قولىدا ھالاك بولدى سىيامەك ،
باشپاناھسىز قالدى چېرىك ، بولدى ھالاك .
ئوغلى ئۆلۈمىدىن خەۋەر تېپىپ شاھ ،
شادىمان جاھاننى قاپلىدى ئاھ .
زارلاپ تەختتىن چۈشتى ئاتا بىچارە ،
تاتىلاپ تېنىنى ، قىلىپ مىڭ پارە .
يۈزلىرى قىپقىزىل قان ، قەلبىدە ماتەم ،
شادلىقى ئورنىنى باستى ھەسرەت ـ غەم .
قوشۇننى ئېيتقۇسىز خار ـ زار قاپلىدى ،
ھەممە دىل ماتەمدە ، مىڭ ـ مىڭ دادلىدى .
قوشۇن قايتتى زارۇزار يىغلاپ ،
پادىشاھ ھۇزۇرىغا يەتمەكنى ئويلاپ .
ئاسماندەك كۆك لىباس كىيگەن ھەممىسى ،
كۆزلىرىدە قانلىق ياش ، ياڭرار نىداسى .
چەرەندە ـ پەرەندە بولۇشۇپ توپ ـ توپ ،
ئەتراپىنى بىر ئېلىپ كەلدى توۋلىشىپ .
جىمى ئادەم تۇتتى ماتەم ، دىلدا دەرد ،
كەيشاھ دەرگاھىدىن كۆتۈرۈلدى گەرد .
بىر يىل ماتەم تۇتتى دەردتە پادشاھ ،
ئادالەت خەۋىرىنى ئەۋەتتى ئىلاھ .
سۆزنى ئېلىپ كەلدى شېرىن سۆز سۇرۇش ،
دېدى : « تىنچلان ئەمدى ، يىغىپ ئەسۇھوش .
قوشۇن يىغىپ ، قۇلاق سال بۇ پەرمانغا ،
ئۇلارنىڭ كۇلىنى سورى ئاسمانغا .
بەتنىيەت دىۋىنى بۇ يەردىن قوغلا ،
ئۇتقا چېچىپ سەن سۇ ، ئۆچمەنلىكنى تاشلا . »
ئۇلۇغ كەي قول سوزۇپ كۆك ئۈزرە تامان .
دەيتتى يوقالسۇن كىم بولسا يامان .
شۇكۇر قىپ تەڭكەندە سەجدىگە بېشى ،
كۆزىدىن تۆكۈلدى ئەلەملىك يېشى .
كىچە ـ كۈندۈز تاپماي ئارامۇ ئۇيقۇ ،
سىيامەك قىساسى ئۇچۇن چاپتى ئۇ .

## ھۇشەڭ بىلەن كەيۇمەرسنىڭ قارا دىۋىگە قارشى يۈرۈش قىلغانلىقى

سىيامەكنىڭ يالغۇز ئوغلى بار ئىدى ،
بوۋىسى قېشىدا ئىشقا يار ئىدى .
ھۇشەڭ دەپ ئاتىلاتتى ئۇ ئوغلان ،
ئەقلۇھوش ئاڭا يار ، بەكمۇ بىلىمدان .
بوۋىغا ئوغلىدىن بولۇپ يادىكار ،
بوۋا قولىدا ئۆسەر گۇل رۇخسار .
ئوغلى ئورنىن باسقان يىگىتتىن بوۋا
بىردەم كۆزىن ئۈزمەس ، قىلار جان پىدا .
دىلىغا پۈكۈپ ئىنتىقام ئالماقنى ،
چاقىرتتى قېشىغا ھۇشەڭ يىگىتنى .
ئۆتكەن ئىشنىڭ ھەممىسنى دېدى ئاڭا ،
ئەمدى يوق ئىدى سەۋر قىلماققا .
دېدى : « توپلاپ لەشكەر ، يۈرۈش قىلمىقىم ،
جاھانغا غۇلغۇلا قىلماق نىيىتىم .
ئۆزۈڭ بول ئۇلارغا ئەمدى سەردار ـ باش ،
مەن قېرى ۋە لېكىن سەن بەختىيار ياش . »
يىغىلدى پەرىيۇ يولۋاس ، پەرەندە ،
ئارسلان ، قاپلانۇ شىرۇ چەرەندە .
ھەممە يولغا چۈشتى بولۇپ ئالامان ،
بۇنداق سىپاھدارنى كۆرمىگەن جاھان .
لەشكەر كەينىدە كەيۇمەرس پادشاھ ،
نەۋرىسى ئالدىدا ، ئوتتىدا سىپاھ .
كۆتۈرۈپ چاڭ ـ توزان توپا يول بويى ،
قارا دىۋە كېلەتتى قورقۇشتا دىلى .
ھايۋانلار نەرىدىن شاھنىڭ ئالدىدا ،
دىۋە بوشىشىپ قالدى ئاخىردا .
لەشكەرلەر بىر ـ بىرىگە ئۇرۇش باشلىدى ،
ھۇشەڭ دىۋىلەرگە خىرس باشلىدى .
پەشۋا ئۇردى دىۋىگە مىسلى شىر ھۇشەڭ ،
قارا دىۋىگە شۇدەم جاھان بولدى ھاڭ .

باشتىن ئاياغىچە تېرىسىن شىلدى،
بېشىنى كېسىپ يەرگە يەكسان قىلدى.
چەيلىدى تۇپراققا كىيىملىرىنى،
تاشلىدى يىراققا ئېپلاس بېشىنى.
ئورۇندىغاچ ئۇ ھەممە ئىنتىقام،
كەيۇمەرس ئۆمىدى تۈگىدى تامام.

ئۇ كەتتى جاھاننى تاشلاپ ئىگىسىز،
جاھان ئىشى ئۆتەر ئەسلى شۇ تەرىز.
ئالدامچى دۇنيانى يىغىپ پادىشاھ،
پايدا كۆتتى، ئەمما قىلمىدى ۋاپا.
باشتىن ئاياغ ئەپسانىدۇر دۇنيا،
ياخشىيۇ يامانۇ بىر مەزگىللىكلا.



# هۇشەڭ


**(قىرىق يىل پادىشاھ بولغان )**

جاھاندار ئۇل ھۇشەڭ ئادالەتپاناھ ،
بوۋىسى ئورنىغا بولدى پادىشاھ .
بۇ پەلەك بېشىدىن ئايلاندى قىرىق يىل ،
دىنىغا تولدى بېشى ، ئادالەتكە دىل .
ئۇلۇغوار تەختىگە ئولتۇرغان ھامان ،
شۇنداق سۆزنى ئېيتتى ئۇ ساھىبقىران :
« يەتتە ئىقلىمغا مەن بولدۇم پادىشاھ ،
ھەرجايدا غەلىبە ماڭا رەھنەما .
يەزدان قوللىسا ، يار بولسا زەپەر ،
ئادالەت ، ھىممەتكە باغلىدىم كەمەر ! »
ئاۋات بولدى دۇنيا باشتىن ئاياغ ،
ھەقۇ ئادالەتكە تولدى ھەممە ياق .
بىر گۆھەر كىرگۈزدى قولغا ئۇ باشتىن :
ئىلىم بىلەن ئايرىدى تۆمۈرنى تاشتىن .
روناق تاپماقتا بولدى بىر گۆھەر ،
قارا تاشتىن چىققان پارقىراق تۆمۈر .
راۋاج قىلغاچقا تۆمۈرچىلىكنى شاھ ،
ياسالدى پالتا ، ھەرە ، قورال ـ ياراغ .
دەريا سۈيىنى چۆلگە چىقاردى ،
چۆللەرنى تىلغاپ ئېرىقلار قازدى .
ئېرىقلارغا يوللاپ ئابى كەۋسەرنى ،
ئاسان قىلدى ئىنسان جاپاسىنى .
ئاۋامنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىماق ئۈچۈن ،
تېرىشقا ، يىغىشقا ئۆگەتتى پۈتۈن .
ھەركىم تېرىپ تاپار ئۆز نېنىنى ،
كۆچمەنچىلىك ئەمدى قىينىماس جېنىنى .
بۇرۇن بۇ ئىشلار ئەمەستى ئادەت ،
ياۋا مېۋىلەردىن باشقا يوق نېمەت .
كىشىلەر ھەمىشە يۈرەتتى ئاچ ـ توق ،
بىر تېرىدىن باشقا يېپىنچىسى يوق .
بوۋىسىدەك ئىدى دىن ۋە ئادىتى ،
تەڭرىگە تايانماق چىن سائادىتى .
يوق ئىدى ، شۇڭغىچە ئاتەشى خۇبرەڭ ،
ئىرانلىق مېھرابى ئىدى ئاددىي ساڭ .
چىقاردى تاشتىن ئۇ ئاتەشۇ جۇلا ،
تارالدى جاھانغا يورۇقلۇق ـ شولا .

## سەدە بايرىمىغا ئاساس سېلىنغانلىقى

پادىشاھ بىر گۇرۇھ ئادەملەر بىلەن
تاغ تامان باراتتى ، شۇ چاغ توساتتىن
بىر نەرسە دۈچ كەلدى ، ئۇزۇن بەك غايەت ،
گەۋدىسى بەك ھەيۋەت ، قارا كاساپەت .
ئىككى كۆزى يانار ، ئىككىسىلا قان ،
ئاغزىدىن چىققان ئوت قاراڭغۇ جاھان .
ئۇنىڭغا بىر بېقىپ ھۇشەڭ شىر يۈرەك ،
چىقتى زور تاش ئېلىپ ، گوياكى شىردەك .
ھەيۋەتلىك كۈچ بىلەن ئاتتى ئۇ تاشنى ،
ئەجدىھا قاچتى سۆرەپ لاشىنى .
قىيا تاشقا تەگدى ئاتقان تاش ئۇدۇل ،
زەربىدىن بولدى شۇئان تاشمۇ چۇل ـ چۇل .
تاشلار ئارىسىدىن چىققاندا ئۇچقۇن ،
ئۇچقۇندىن ھەتتا تاش قىپقىزىل يالقۇن .
ئەجدىھا ئۆلمىدىيۇ ئەمما ئوت سىرىن
بىلىۋالدى ھۇشەڭ شۇ چاغدا بىردىن .
ئەمدى بىلدى تاشقا ئۇرۇلسا تۆمۈر ،
چاقنايدىكەن بۇندىنمۇ ئاتەشۇ نۇر .
جاھاندار يەزدانغا ئېيتىپ ئاپىرىن ،
شۇكرانە سەجدىگە ئېگىپ قامىتىن :
« بۇ ئوت ئەمەس ، — دېدى ، — تەڭرى ھەدىيىسى ،
ئەمدى ئاڭا بولسۇن قەلب سەجدىسى ! »
شۇندىن بۇيان ئاتەش قىبلىگاھ بولدى ،
شولىسىدىن دىلغا يورۇقلۇق تولدى .

كەچقۇرۇن ، ئوت يېقىپ ئەيلىدى گۈلخان ،
گۈلخان ئەتراپىدا كاتتىلار بىلەن
ئولتۇرۇپ باشلىدى بەزمە ۋە بايرام ،
« سەدە » دەپ نام بەردى دىلدىن كېتىپ غەم .
سەدە بەزمى شۇندىن قالدى يادىكار ،
هۇشەڭدەك بولسىدى ھەممە شەھريار .
ئەدەپ قىلىپ ئەتتى جاھاننى ئۇ شاد ،
جاھان ياخشىلىقتا قىلار ئۇنى ياد .
ئاڭا ئەقلۇھوش بەردى ئۇ يەزدان ،
يۇرتىدا كۆپ ئىدى ھەر تۈرلۈك ھايۋان .
بارلىقىن ئاتىدى ، بەردى ھەممىسىن ،
ئاۋامغا چۈشەندۈرۈپ تەپسىلىي سىرىن .
قۇلان ، كېيىك ، ئارقار ، قوي ۋە كالىنى ،
ئاجراتتى ئۆكۈزۈ ئېشەك ۋە ئاتنى .
كۈچى كۆپنى قوشقا قوشۇڭ ، دېدى ئۇ ،
بىر تەرەپ شۈدىگەر يەر ، بىر تەرەپتە سۇ .
جاھاندار ھۇشەڭ دېدى ئەقىل بىلەن :
« ساقلاڭ ھايۋانلارنى جۈپ ـ جۈپى بىلەن .
ھايۋان بىلەن تىرىك ، ھايۋان بىلەن ئۆرۈك ،
خەزىنە بىجىنى تاپشۇرۇپ تۇرۇڭ . »
قاي ھايۋان تېرىسى كەلسە دىتقا ماس ،
ئاشلىتىپ ئۆگەتتى قىلىشنى لىباس .
قىزىل رەڭ تىيىن ۋە تۈلكە تېرىسى
لىباسقا يارايدۇ شۇندىن بېرىسى .
شۇ خىلدا ھايۋاندىن تېرە ئېلىنىپ ،
كىيمەك ئېتىلدى كىيىم قىلىنىپ .
ھەممە ياخشىلىقنى ئەيلىدى ئىنئام ،
كەتتى ، ئۇندىن قالدى پەقەت ياخشى نام .
كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈپ ، كۆرسىتىپ ئەپسۇن ،
بۇ دۇنيادا جاپا چەكتى كۈنۇ تۈن .
ئەمدى قىلغىنىدا يۇرتنى پاراۋان ،
تەختى يالغۇز قالدى ، تەسلىم بولدى جان .
ئاڭمۇ زامانە قىلمىدى ۋاپا ،
قالمىدى بۇ دۇنيادا ھۇشەڭدەك دانا .
جاھان مېھرى ساڭا بولماس پەيۋەستە ،
سىرىن ئاچالماي كېتەرسەن خەستە .



# تەھمۇرەس

## ( دىۋبەند پادىشاھلىقى ئوتتۇز يىل داۋاملاشقان )

بىر ئوغلى بار ئىدى ئاقىل ، خىرادمەند ،
دەپ ئاتايتتى ئۇنى تەھمۇرەس دىۋبەند .
ئاتىسى تەختىنگە چىقتى ياش ئوغۇل ،
بەل باغلاپ ، شاھلىقتا تۇردى ئوتتۇز يىل .
يىغىلدى لەشكەرلەر ، سەركە باشلىدى ،
مەزمۇنلۇق ھەم گۈزەل سۆزلەر باشلىدى :
دېدىكىم : « بۇ تەختۇ ، بۇ بەختۇ ، بۇ شاھ ،
ماڭا يارىشاركەن گۈرزىيۇ كۇلاھ .
يامانلىقتىن تازىلاي جاھاننى پۈتكۈل ،
دەرگاھىم ، بىزنەتەي ياۋنى قىلىپ قۇل .
دىۋىلەر قولىنى ئېتەيكى ناكا ،
جاھانغا مەن ئۆزۈم بولۇپ رەھنەما .
جاھاندا پايدىلىق كۆپ نېمىلەر بار ،
سىرىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ، قىلاي ئاشكار . »
خەلققە ئۆگەتتى قوي يۇڭىنى ئېلىپ ،
ئۇنى ئىگىرىشنى ئۇرچۇقتا سىلىپ .
ئۆگەتتى ئىگىرىش ، توقۇشنىمۇ ھەم ،
يۇڭدىن توقۇماچى ماتايۇ گىلەم .
تېز ماڭار جانىۋار بولسا بېقىشنى ،
ئارپا ، سۇلۇ يىغىپ قىش ئۆتكۈزۈشنى .
ھايۋان مىجەزىنى ئۆگىنىپ ئاۋۋال ،
كۈچلۈك ۋە مۈشۈكنى ئاجراتتى دەرھال .
تاغۇ دەشتتىن ئىزدەپ ئىلكىگە ئالدى ،
توپىدىن ئاجرىتىپ يولىغا سالدى .
قۇشلاردىن قايسى ياخشى ، ئىشقا ساز ،
لاچىنۇ قارچىغا ، بۈركۈت ياكى غاز ؟
تۇتۇپ كېلىپ ، ساۋاق بەردى سۇلتان ،
ھەيران كۆزى بىلەن باقاتتى جاھان .
گاھ ئىللىق سۆز بىلەن ، گاھ مېھىر بىلەن
قۇشلارنى ئۆگەتمەكنى قىلدى بىر پەن .
ئادەمگە ئۆگەندى توخۇ ھەم خوراز ،
بولۇپمۇ سۇبھىدەم چىللىمىقى ساز .
قايسى بېرىدىكەن پايدا ئالەمگە ،
ھەممىسىن ئۆگىتىپ قويدى ئادەمگە .
دېدى : « بۇ ئىشلارنى ياد ئېلىڭلار ، ياد ،
شۈكۈر قىلىپ ، تەڭرىنى شاد ئېتىڭلار ، شاد .
ئۇ بېرەر جاندارلار رايىن ئىنسانغا ،
شۈكۈر قىلىڭ رەھنەما خالىق يەزدانغا . »
ۋەزىرى بار ئىدى پاكىزە يۈرەك ،
ئۇندا تېپىلمايتتى بەتنىيەت جىندەك .
ئىسمى شىدەس ، ئەلدە تاپمىش ئېتىبار ،
نەگە قەدەم باسسا ، شۇندا يېڭىش يار .
كۈندۈزى تاماقتا لەۋلىرى بېكىك ،
كەچتە ئىبادەتتە قامىتى ئېگىك .
ھەممە دوست كۆرەتتى ئۇنى بەغايەت ،
نامازۇ روزىنى ئۇ ئەتكەن ئادەت .
شاھقا يورۇق يۇلتۇز — ئاسمان ئىدى ئۇ ،
يامانلارغا تاقاق — توغان ئىدى ئۇ .
شاھنى پەقەت ياخشى ئىشلارغا قىستار ،
راستلىقتىن توختىماي ئۇرۇقلۇق ئىستەر .
شاھقا ھالاللىق بولغاچ مۇيەسسەر ،
بېشىغا نۇر يېغىپ بولدى مۇنەۋۋەر .
ئەھرەمەن دىۋىنى يېڭىپ ئۇرۇشتا ،
مىندى تىزگىن قىلىپ يالىنى قولدا .
شۇندىن بۇيان توقۇپ خالىغان زامان ،
مىنىپ كېزەر بولدى پادىشاھ جاھان .
دىۋە — جىنلار كۆرۈپ بۇ ئاجايىپ ئىشنى ،
ئىسيان كۆتۈرۈشتى باشلاپ ئۇرۇشنى .
دىۋە — جىن يىغىلدى بىسيار ، ئەلھەزەر ،
تارتىۋالماق بولۇپ ئۇندىن تاجۇ زەر .
تەھمۇرەس بۇ ئىشتىن تاپقاندا خەۋەر ،
جىلى بولۇپ ، يىغدى بازار ، قىلىپ ھەزەر .
بەل باغلىدى پادىشاھ ، خۇدا ئاڭا يار ،
يېنىدا ئېغىر گۈرزە ، شاھانە شەمشەر .
ياۋۇز دىۋە بىلەن جادۇگەر جىنلار ،
سەپ — سەپ كەلمەكتىدى ھەيۋەتلىك لەشكەر .

نەرە تارتىپ كىلەر قارا دىۋە پىشۋاز ،
ئاسمانغا يېتەتتى ھۆركىرىگەن ئاۋاز .
ئاسمان قاپقاراڭغۇ ، يەر بولدى قارا ،
كۆزلەر خىرە بولدى ، بۇ نىمە ماجىرا .
جاھاندار تەھمۇرەس ، ئاڭا شان ـ شەرەپ ،
كەمەر باغلاپ تۇرار بولۇپ بىر تەرەپ .
بىر تەرەپ ئەسكىرى ئۇرۇشقا تەييار ،
بىر تەرەپ دىۋە ـ جىن ، تىنماي ھۆركىرەر .
ئۇزۇنغا سوزۇلماي ئۇرۇش تۈگىدى ،
نۇرغۇن دىۋىلەرنىڭ بېشى كېسىلدى .
ئۈچتىن بىر قىسمىنىڭ خوتۇنى ئەرسىز ،
قالغانلىرىنى بولسا قىلىشتى ئەركىسىز .
باغلاپ سۆرەپ كەتتى ، بارى خارۇزار ،
ئىلتىجا قىلاتتى بارى زارۇزار .
«بىزنى ئۆلتۈرمىسەڭ يېڭى بىر ھۈنەر
ئۆگىتىپ قويىمىز سىلەرگە يارار . »
ھەممىسىگە ھايات بەخش قىلدى شاھ ،
يېڭى ھۈنەرلەردىن بولاي دەپ ئاگاھ .
يېشىلگەچ پۇت ـ قولىدىن ئىشكەل ۋە زەنجىر ،
ئۆتتۈشتى پادىشاھ تەرەپكە ئاخىر .
شاھقا ئۆگىتىشتى خەت يېزىش سىرىن ،
دىلىغا تولدۇرۇپ مەرىپەت نۇرىن .
بىرلا يېزىق ئەمەس ئوتتۇز يېزىقنى ،
ئەرەبچە ، رىمچە ، پارسچە ئوقۇشنى .
سوغدىيۇ ، چىنيۇ ، پەھلەۋىنى ھەم ،
شاھ يېزىپ ئوقۇيتتى ھەممىسىن ئىلدام .
پەقەت ئوتتۇز يىل ئۇ شاھ بولدى ئاخىر ،
كىم مۇنچىلىك ھۈنەر قىلالىدى زاھىر ؟ !
ئالەمدىن كۆز يۇمۇپ كەتتى تاجدار ،
ياخشى ئىشلار قالدى ئۇندىن يادىكار .
ئەي چەرخ ، يۇلۇپ تاشلاش گەر بولسا ئادەت ،
تىرىپ ئۆستۈرۈشۈڭ بىزنى نې ھاجەت ؟ !
بۈگۈن كۆتۈرەرسەن بىرىنى يۈكسەك ،
ئەتە ئۇ تۇپراق ئارا جانسىز بىر كېسەك .



# جەمشىد

## (جەمشىد پادىشاھلىقى يەتتە يۈز يىل داۋاملاشقان)

ئىسىلزادە جەمشىد ئۇنىڭ پەرزەنتى ،
بىلى مەھكەم ، دىلدا ئاتىسى پەندى .
سائادەتلىك ئاتا تەختىگە چىقتى ،
شاھانە تاج كىيدى ، بەختكە مىندى .
شاھلىق شان ـ شەۋكەتتە باغلىدى كەمەر ،
ئاڭا تەۋە بولدى جاھان ، ھەممە يەر .
ھۆكمىدىن خاتىرجەم جاھاننىڭ بەرى ،
ھۆكمىدە قۇش ، ئادەم ، دىۋىيۇ بەرى .
جاھاندا ئابرويى ئاشتى كۈندىن ـ كۈن ،
تەختى يورۇپ كەتتى گويا چىقىپ كۈن .
دەر : « ماڭا پادىشاھلىق باقىي ئەزەلدىن ،
كۈچۈم شاھتىن كەممەس ، ئەقلىممۇ بادتىن .
يامان بولۇپ كىسەي يامانلار قولىنى ،
روھىمغا يار قىلاي ياخشى يولىنى . »
ياسىتىپ گۆرزىيۇ قورال ـ ياراغلار ،
باتۇرلارغا دېدى : « قۇچۇڭلار شانلار . »
شاھانە ئاتەشتە قىزدۇرۇپ تۆمۈر ،
نىقاب ، قالقان ، قالپاق ياساتتى بىر ـ بىر .
چېرىك ۋە ئاتلارغا ساۋۇت ياساتتى ،
ھۈنىرى كۈنسېرى كامالەت تاپتى .
بۇ ساھەدە يېرىم ئەسىر تارتىپ رەنج ،
قولىغا كەلتۈردى قانچە ھۈنەر ـ گەنج .
كىيىمنى ئويلىدى يەنە ئەللىك يىل ،
پەم بىلەن بەزمە كىيىمى پىچتى خىلمۇ خىل .
يىپەكتىن ، يۇڭدىن ، كەندىردىن گەزمال
توقۇشنى ئىختىرا ئەتتى ئۇ دەرھال .
يىپ ئىگىرىش ، ئۆرۈش ۋە ئارقاق ،
ماتالار توقۇشتىن بەردى ئۇ ساۋاق .
پىچىپ ـ تىكىشنى ، سۇدا يۇيۇشنى ،
خەلق ئۇندىن ئۆگەندى يەنە كۆپ ئىشنى .
كىيىن باشقا ئىشقا ئۆرۈلدى يۈزى ،
شادلىق زاماندا شاد كۆردى ئۆزى .
ھەر تەبىقە ئەھلى نېمىگە مايىل ،

ئۇلارنى ئاجرىتىپ ئۆتتى ئەللىك يىل .
كاتۇزى دەيدىغان گۇرۇھ دۇنيادا ،
تاللاپتۇ ئىبادەت يولىن بىچارە .
بۇ گۇرۇھنى خەلقتىن ئاجرىتىپ پادىشاھ ،
ئورنىنى كۆرسەتتى تاغۇ تاش ئارا .
تاغلاردا ياشايدۇ ئۇنداقلار ھامان ،
ئاھۇ ئىلتىجادا ئۆتكۈزۈپ دەۋران .
ئىككىنچى گۇرۇھنى كىيىن سەپلىدى شاھ ،
نىسارا ئاتىلاتتى باھادىر سىپاھ .
جەڭگىۋار قەھرىمانۇ پالۋانلار شۇندا ،
لەشكەرلەر شۆھرىتى ، يۇرتقا شان شۇندا .
شاھلار تاجى ، تەختى شۇلار قولىدا ،
مەردلەر شۆھرىتى ، بەختى شۇلاردا .
ئۈچىنچى گۇرۇھنى نەسۇدى دېدى ،
قېنى ، كىم ئۇلارنىڭ غېمىنى يېدى ؟
ئۆزى تېرىپ ، ئۆزى پىشۇرار ، ئورۇر ،
مىننەتسىز ، دەككىسىز ئۆزكۈنىن كۆرۈر .
بىر كىمگە موھتاجمەس ، ئۇستىدە جەندە ،
كۆڭلى توق ، قۇلاق تىنچ ، لېۋىدە خەندە .
دېگەنمىش ھۆر ياشار قېرى بىر ئاقىل :
« ھۆر ياشىغانلار ھۆرۈنلۇقتا قۇل . »
تۆتىنچى گۇرۇھنى ئەختۇھۇشى دەر ،
بۇلار ھۈنىرىگە قايىل ئاسمان يەر .
ھۈنەردە بەر كامال ، ئىشچان ، دانىشمەند ،
پاكىز روھى دائىم پىكرۇ ئويغا بەند .
شاھ شۇندىن كىيىن يېرىم ئەسىر شاد ،
كۆپ نەرسە بەخش ئەتتى ، ئەل بولدي ئاۋات .
شۇنداق تەبىقە قىپ خەلقنى بۆلدى ،
مەقسەت ـ ھەركىم يولىن بەلگىلەش بولدى .
ھەركىم نېسۋىسىن بىلسۇن كۆپ يا كەم ،
ئۆز يولى بىرلە تاشلىسۇن قەدەم .
ناپاك دىۋىلەرگە ئىش تاپتى ھۇماي ،
سۇغا توپا سېلىپ ، دەسسەپ قىلسۇن لاي .

ئاندىن لايىنى قېلىپقا ئۇرۇش بولسۇن ئىشى ،
كېسەك تۆكۈپ ، قورۇتسۇن قېلىپ تەكشى .
دۆۋىلەر ئاشۇ گەجدىن قوپۇرسۇن تاملار ،
جاھان ھەندەسىنى بىلسۇن باشتىلا .
مۇنچا ، ئۆي ، سارايلار بولدى بۇنياد ،
خەلقى تاپتى پاناھ ، شەھەرلەر ئاۋات .
تاشتىن گۆھەر ئىزدەپ ئۆتتى بىر مۇددەت ،
ئۇلاردىن روشەنلىك ئىزدەيتتى پەقەت .
قولىغا كىرگۈزدى نەچچە خىل گۆھەر ،
ياقۇتۇ كەھرىۋا ، قاشتاش ، كۈمۈش ، زەر .
ئەپسۇن بىلەن تاشتىن چىقىرار ھەممىسىن ،
تۈگۈنلەر ئاچقۇچى قولدا ، ئاپىرىن .
يەنە خۇش پۇراقلار ئىزدەپ كىشىلەر ،
ئەتىر ، ئەنبەرۇ مۇشك چارلىشار .
ئەتىرلەرۇ كافۇر ھەممىدە مۇشكى ناب ،
ئىختىيار قىلىندى ئۇد ، ئەنبەر ، گۇلاب .
تېۋىپلىق ئېچىلدى ، كېسەلگە داۋا ،
ھەر ئىللەتكە چارە ، ھەر دەردكە شىپا .
تېۋىپلىق سىرىنىمۇ ئەيلىدى ئاشكار ،
ئۇنىڭدەك تەپسىلىي يوق ئەلدە بىرەر .
سوڭ كېمە ياسىدى ، ئۈزۈپ كەتتى ئۇ ،
يۇرتلاردىن يۇرتلارغا سۇدىن ئۆتتى ئۇ .
شۇ خىلدا ئۆتكۈزدى يەنە ئەللىك يىل ،
ئەقلىدىن ، ھۇنەردىن قىرىق بولۇر قىل .
ئەمگىكى مېۋىسىن پاراۋان ئالدى ،
ئۆزىدىن باشقىنى كۆرەلمەي قالدى .
ئىشلىرى گۈرۈلدەپ بەرگەندە مېۋە ،
يەنە ئۇلۇغلۇقنى ئەيلىدى شېۋە .
بىر تەخت ياسىدى ھەممە يېرى زەر ،
شەۋكىتى شاھانە ، بېزىكى گۆھەر .
« دىۋە كۆتۈرۈپ ئۇچسۇن » ، دەپ بولدى پەرمان ،
تەخت كۆتۈرۈلدى ، يېقىن بولدى ئاسمان .
تەخت كۆكتە پارلايدۇ ، خۇددى بىر قۇياش ،
پەرماندار ئولتۇرار ، ئۇندا سىلكىپ باش .
ھەممە جەم ، ئادەملەر قارار تەختىگە ،
جاھان قايىل بولدى شۆھرەت ـ بەختىگە .
جەمشىدكە چېچىشار ئالتۇنۇ گۆھەر ،
شۇ كۈننى يېڭى يىل ـ بايرام دېيىشەر .
ئۇلۇغلار شادلىقتا بەزمە قۇرۇشتى ،
يۈزلىرىن نەغمىگە ، مەيگە بۇراشتى .
بۇ بەختىيار كۈننى شۇنىڭدىن بۇيان ،
شاھلاردىن يادىكار دەپ بىلىدۇ جاھان .
يەنە ئۆتتى ئۈچ يۈز يىللار بەختىيار ،
نە ئۆلۈم ، نە بىر دەرد كۆرمەي بۇ دىيار .
نە دەرد ، نە يامانلىق كۆرمەس بىر ئىنسان ،
دىۋىلەرنى بەند قىلغاچقا سۇلتان .
پەرمانىغا ھەممە بويسۇناتتى شاد ،
مۇزىكا ، كۈلكىدىن ھەممە ياق ئاۋات .
شۇنداق ئۆتەر يىللار پاراۋان ، مەغرۇر ،
شاھ مېھرىدىن ئېمەر ئىدى نۇر .
جاھان تاپار ئۇنىدىن شادلىق ۋە ئارام ،
تاپار خەۋەر يەزداندىن جىمى ئاۋام .
نەچچە يىللار شۇنداق ئۆتتى بۇ ھايات ،
ئېزگۈلۈكتىن ئۆزگە ئىش بۇ شاھقا يات .
جاھان ئاڭا تەۋە ، بەخت ئاڭا يار ،
جاھاندار ، ئۇلۇغۋار تەختتە ئولتۇرار .
ئۇلۇغلۇق تەختىگە كۆز تاشلاپ گاھ ـ گاھ ،
ئۆزىدىن باشقىنى كۆرمەي قالدى شاھ .
ئۆزىنى ئۇلۇغلاپ يەزدانشۇناس شاھ
خەلقتىن يۈز ئۆرۈدى ، ناشۇكۇر كەن ، ئاھ .
قېرى ، دانالارنى چىللاپ لەشكەردىن ،
ئۆز ھوزۇرىدا باشلىدى سۆخەن .
قېرى ۋە ئۇلۇغلارغا سۆزلىدى سۇلتان ،
دېدى : « مەنسىز نېمىگە يارار بۇ جاھان .
مەندىن مەلۇم بولدى ھۇنەر جاھاندا ،
تەخت مېنىڭدەك شاھنى كۆرمىگەن ئەسلا .
جاھاننى ھۇنەرگە كۆمۈپ تاشلىدىم ،
خالىغان يولۇمغا ئۇنى باشلىدىم .
يېمەك ـ ئىچمەك ، ئۇيقۇ ئارامىڭىز ـــ مەن ،
كىيىم ـ كېچەك ، ئارزۇ ـ ئارمانىڭىز ـــ مەن .
ئۇلۇغلۇق شەۋكىتى ـ شانى مەن ئۆزۈم ،
جاھاننىڭ يېگانە سۇلتانى ئۆزۈم .
دورا ، دەرمانىمدىن تۈزەلدى دۇنيا ،
ئىنساندىن چېكىندى ، ئۆلۈم ، دەرد ، بالا .
ئۆلۈمنى چەكلەشتە مەندىن ئاشقان كىم ؟
قېنى كىم بولىدۇ دۇنياغا ھاكىم ؟
باشتا ئەقىل ، تەندە جېنىڭىزدۇرمەن ،
كىم ماڭا بويسۇنماس ، ئاشۇ ئەھرەمەن :

مەڭگۈ مەندىن كۆرۈپ بۇلار ئەسلىنى ،
ئەمدى مېنى ئاتاڭلار جاھان ئاتىسى . »
بېشىنى تۆۋەن سالدى مۇباد ۋە ئايان ،
بىرەر سۆز دېيىشكە ئاجىز تىل ، زەبان .
بۇ سۆزدىن ھەممە كۆڭلى خىرە بولدى ،
جاھاننىڭ ھەممە يېرى مىش ــ مىشكە تولدى .
ھەممە كەتتى شاھتىن ئۆرۈپ يۈزىن ،
ئۇلۇغلارمۇ چەتكە ئېلىشتى ئۆزىن .
يەنە يىگىرمە يىل ئۆتمەيلا سىپاھ ،
ھەممە تارقاپ كەتتى ، بوش قالدى بارگاھ .
مەنمەنلىك ، تەكەببۇرلۇق كەلتۈردى تەشۋىش ،
شۇ سەۋەب كەينىگە كېتىۋەردى ئىش .
دەيدۇكى شېرىن سۆز قېرى دانىشمەن :
« شاھ بولغاچ ، نەزەرىڭ بەلەن تۇت ، بەلەن .
ياراتقۇچىغا كىمكى بولسا ناشۇكۇر ،
تىنىمسىز بالادىن دىلى تىلىنار . »
جەمشىدنى تەرك ئەتتى ھالاۋەت ــ ھۇزۇر ،
شاھلىق سۆلتىدىن ئۆچەر ئەمدى نۇر .
كۆز يېشى تۆكتىيۇ ، پايدىسىز پەقەت ،
مىڭ توۋا قىلىپمۇ تاپماس ئىناۋەت .
يەزدان بەزدى ئۇندىن ، كۈندىن ــ كۈن جۇدا ،
كۈندىن ــ كۈن سىزىلەر ، يىقىندۇر بالا .

## زەھھاك ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ھەققىدە قىسسە

بىر ھۆكۈمران ياشار ئىدى ئۇل زامان ،
نەيزىۋازلار سەھراسى ئاكادۇر ماكان .
تېگى تازا ، ئۆزى كۆپ ياخشى كىشى ،
شاھلىقتا يەزداندىن چۆچۈك ئىشى .
مەرداس ئىدى ئۇنىڭ مۇبارەك نامى ،
ئېھسان ــ ياخشىلىقتا تولغان دىل جامى .
سۈت بەرگۈچى ئىدى چارۋىسى ئۇنىڭ ،
كۈندىن ــ كۈنگە ئاشار بايلىقى ئۇنىڭ .
شۇنىڭدەك قوي ، تۆگە ، ئۆچكە پادىسىن
چوپانلارغا بېرىپ قويغان ئۇ پاكدىن .
سۈتلۈك قارا ماللار تولا ھەر ياندا ،
ئېسىل ئارغىماقلار تولۇق ھەر ياندا .
كىمدە ئەگەر سۈتكە بولسا ئېھتىياج ،
ئۇلار خالىغانچە پۇلسىز ، بىخىراج .
بىر ئوغلى بار ئىدى پۈتۈنلەي زەردە ،
مېھرۇ مۇھەببەتتىن دىلى بىبەھرە .
دۇنيا ئىزدەر ئىدى ، نامدۇر زەھھاك ،
دادىل ۋە بەك تەنتەك ، ئىدى كۆپ ناپاك .
بېۋەرەسپ دەپ ئاتىشاتتى ئۇنى ،
پەھلەۋى تىلى بۇ ، نېمە دېگىنى ؟
« بېۋەر » پەھلەۋىچە بولسا قولاق ــ كۆز ،
ئون مىڭ دېگىنىدۇر دەرىدە بۇ سۆز .
توسۇن ئاتلىرى بولغاچقا ئون مىڭ ،
نامىمۇ بېۋەرەسپ بولغانتى ئۇنىڭ .
تۈنۈگۈن توقۇۇقلۇق ئۆچتىن ئىككىسى ،
جەڭ ئەمەس ، شۆھرەت دەپ تۇرار يىلقىسى .
بىر كۈنى پاك نىيەت بىر ئىنسان سۈپەت ،
دەرگاھىغا كەلدى ئىبلىس كاساپەت .
گۆدەك دىلىنى ئازدۇردى يولدىن ،
سۆز بىلەن باشنى ئايلاندۇردى جىن .
ئىبلىس سۆزى ئاڭا بەكمۇ خۇش ياقتى ،
يامان ئويىنى بىلمەي ، ئېچىلىپ باقتى .
ئىبلىسقا ئەقلىنى تۇتقۇزۇپ زەھھاك ،
ئۆز ئەزىز بېشىغا چاپتى قارا خاك .
كۆڭۈل بەرگىنىنى بىلگەچكە ئىبلىس ،
شادلىنىپ ، ئەۋجىگە چىقتى ئۇ كۇس ــ كۇس .
ئۆز ئىشىن قىلاتتى ئىبلىس جاۋرەشى ،
ئىلمىگە يات ئىدى زەھھاكنىڭ بېشى .
دېدى : «بار ساڭا ئېيتقىلى سۆزۈم ،
ئۇنى ھېچكىم بىلمەس ، بىلىمەن ئۆزۈم . »
يىگىت دېدى : « تېزرەك ئېيت ، بايان قىل قىسقا ،
مېنى ھەممە سىردىن قىلارسەن ئاگاھ . »
ئاڭا دېدى : « ئاۋۋال قىلغىن سەن قەسەم ،
كېيىن توغرا كېلەر راستىنى دېسەم . »
دىلى پاك ئۇ گۆدەك قىلدى قەسەميات ،
ئىبلىس ئېيتقانلىرىنى ئىجرا قىلىپ پات
دېدى : «سۆزلىرىڭگە سالىمەن قۇلاق ،
لېكىن ئېغىز ئاچماسەن ھېچكىمگە ھېچ ۋاق . »
ئىبلىس دېدى : « ئەي ئاقىل پەھلىۋان ،
نېمىشقا تەختتە باشقا بىر ئىنسان ؟

سىنىڭدەك ئوغۇلغا ئاتا نى ھاجەت ،
قۇلاق سال سۆزۈمگە ئىبىتاي بىر ھېكمەت .
ئەتىلا بۇ چالدىن خالىيدۇر زامان ،
سەن بولساڭ قۇدرەتكە تولغان نەۋقىران .
بۇ دەرگاھ تىزگىنىن ئالغىن قولۇڭغا ،
تەختۇ تاج ئىنتىزار سىنىڭ يولۇڭغا .
مىنىڭ سۆزۈم ئاڭلاپ قىلساڭلا ۋاپا ،
بولۇرسەن جاھانغا يىگانە پادىشاھ . »
ياخشى ـ يامانلىقنا پەرزەنتكە ئەسلا
سوغۇق شامالنىمۇ كۆرمەيتتى راۋا .
ئۆستۈرگەنتى ئاتا تارتىپ قانچە رەنج ،
ئوغلىدىن خۇش بولۇپ ، خەجلەپ بايلىق ـ گەنج .
يامانلىققا ماڭدى پەرزەنتى ئۇنىڭ ،
نومۇسنى ئۇنتۇدى ۋارىسى ئۇنىڭ .
ئاتىسى قىينىغا بۇلغاندى يۈزى ،
ئەسكە چۈشتى دانا قىرىنىڭ سۆزى :
« پەرزەنت بولسا ھەكمى شىر كەبى گۇشنا ،
ئاتىسى قىينىغا بولمىغاي تەشنا .
ئەگەر باشقىچىرەك بولۇپ چىقسا ئىش ،
سىرنى ئانىسىدىن كىرەكتۇر بىلىش . »
تەكتى پەس ، ئادالەت بىلمىگەن زەھھاك ،
تەختكە چىقتى ئاتا قەلبىنى قىلىپ چاك .
بىشىغا قوندۇردى ئەرەبچە تاجىن ،
كۆزلەپ يۇرت ئىنقىراز ياكى راۋاجىن .
ئىبلىس كۆرۈپ ئۇ ناپاك ئىشنى ،
يەنە ئويلاپ تاپتى ھىيلە سوگىنى .
ئىبلىس زەھھاكقا دىدى : « مەن تامان چىپىپ ،
يەتتىڭ بۇ جاھاندا مەقسىتىڭ تىپىپ .
ئەگەر مەن بىلەن يەنە قىلساڭ ئەھد ـ پەيمان ،
سۆزۈمدىن باش تارتماي ، ئەيلىسەڭ پەرمان .
بولۇرسەن پۈتۈنلەي جاھانغا پادىشاھ
قۇش ، چۈمۈلە ، ھايۋان ، ئىنسانغا پادىشاھ . »
شۇنى دەپ قوزغالدى باشقا بىر تامان ،
باشقىچە ئىش تۇتۇپ كەتتى ئۇ شۇئان .

## ئىبلىسنىڭ ئاشپەزلىك قىلغانلىقى

يىگىتكە ئايلاندى ئىبلىس بىر پاك تەن ،
زىرەك ۋە ھوشيار دىل ، سۆزگىمۇ چىچەن .
بىردىن پەيدا بولدى زەھھاك يىنىدا ،
ماختاشتىن باشقا سۆز يوقتى ئاغزىدا .
دىدى : « ياراپ قالسام شاھىم خىزمەتكە ،
داستىخىنىڭ تولۇر شەرۋەت ـ لەززەتكە . »
زەھھاك بۇنداق سۆزنى ئاڭلىغان زامان ،
ئاشخانا سىلىنسۇن ، دەپ قىلدى پەرمان .
ئاشخانا ئاچقۇچىنى ئىبلىسقا بەردى ،
پەقەت ئۇ پىشۇرغان تاماقنى يىدى .
ئۇ چاغ ئادەم ئۆزىنى قىلىپ پەرۋىش ،
يوق ئىدى جاندار گۆشىنى يىيىش .
پەقەت مىۋە ـ چىۋە يەيتتى ئادەم ،
يەنە يەردىن چىققان كۆكتات ، ئاشنى ھەم .
ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ بەتنىيەت ئەھرەمەن ،
جاندار گۆشى ئىشقى جاي ئالدى دىلدىن .
ئىبلىس ئاشپەز تۈرلۈك قۇش بىلەن ھايۋان
گۆشىدىن پىشۇردى مەززىلىك تائام .
قان ئىچكەن شىر ئوخشاش كۈنسىرى پادىشاھ ،
كۈچكە تولسۇن دەيتتى قىلىچى لاۋا .
ئاشپەز نىمە دىسە خوپ دىدى دەرھال ،
ئىبلىسقا دىلىنى گۆرۈ قىپ ئاۋۋال .
ئاۋۋال باقتى تۇخۇم سىرىقى بىلەن ،
ئۇندىن قۇۋۋەت ئالدى قول ، ئاياغ ، بەدەن .
پادىشاھقا ياراپ مۇشۇنداق تائام ،
ئاشپەزگە ئاپىرىن ئىيتاتتى دائىم .
ئاڭا شۇنداق دەيتتى ئىبلىس نەيرەڭۋاز :
« ئەبەدىي ئامان بول ، شاھىم ، قىپ پەرۋاز .
ئەتىگە پىشۇراي شۇنداق بىر تائام ،
ئۇنىڭدىن تاپىدۇ تىنىڭ خوپ ئارام . »
قايتىپ تۈن بويى خىيالغا تولدى ،
ئەتە نىمە قىلسام ، دەپ ئويلىنىپ قالدى .
ئەتە تاڭ ، سۈپسۈزۈك قوينىدىن ئاسمان
ياقۇتىن چىقىرىپ كۆرسەتكەن زامان
كەكلىك ، قىرغاۋۇلدىن پىشۇرۇپ تائام ،
ئۈمىد بىلەن كىرىپ ئەيلىدى سالام .
قولىنى تائامغا سوزۇش بىلەن شاھ ،
ئەقىلسىزلىك قىلىپ دىدى پاھ ـ پاھ .

ئۈچىنچى كۈن ئېبلىس قۇش ۋە قوزىدىن ،
تاماق قىلدى بېزەپ كۆكتات ، سەۋزىدىن .
تۆتىنچى كۈن شاھقا سېلىپ داستىخان ،
بۇقا گۆشىدىن تاماق كەلتۈردى چاققان .
خۇرۇچىغا بەردى زەپىرەڭ گۈلاپ ،
يېنىدا كۆپ يىللىق ياقۇت رەڭ شاراب .
شاھ تاماقتىن ئېلىپ تېتىغانسېرى ،
ئەقىل ــ ھوشىن قىلدى ئەسىر ئاشپەز ھۈنىرى .
ئاكا دېدى : « ئارزۇيۇڭ نە ؟ قېنى ئېيتقىن ،
نېمە ئارزۇيۇڭ بولسا ، ھازىر قىلايىن . »
ئاشپەز ئاكا پىچىرلىدى : « ئەي پادىشاھ ،
ئەبەدىي ياشاۋەر شاد ، پەرمانىراۋا .
ئاجىز يۈرىكىمدە مېھرىڭ تولۇقتۇر ،
پەقەت مېھرىڭ بىلەن تېنىم بۇلۇقتۇر .
شاھتىن پەقەت بىرلا تىلىكىم باردۇر ،
تىلەك بەجا بولسا ، ئامەت ماڭا ياردۇر .
پەرمان قىلساڭ دەرھال ئورنۇمدىن قوپۇپ
كۆزگە سۈرتسەم ئىككى قولۇڭنى سۆيۈپ . »
زەھھاك ئاڭلاپلا بۇنداق گەپ ــ سۆزنىڭ
تېگىگە يەتمەستىن بۇنداق سودىنىڭ ،
دېدى : « مەن بېرەي كامىڭنى سېنىڭ ،
ئاسمانغا كۆتۈرەي نامىڭنى سېنىڭ . »
پەرمان قىلدى ئېبلىس جۈپتىدەك كېلىپ ،
ئىككى قولىنى سۆيدى ، شادلىقتىن كۈلۈپ .

سۆيدىيۇ شۇ ھامان بولدى ئۇ غايىب ،
كۆرگەن بارمۇ بۇنداق ئىشنى غارايىپ .
ئىككى مۈرىسىدە ئىككى ئەجدىھا ،
شاھ چارە تاپالماي قىلىپ نالە ــ زار ،
قىلىچتا ئىككىسىنى چېپىپ تاشلىدى ،
بىراق ئەجدىھالا يەنە ئۆسكىلى تۇردى .
دەرەخ شىخى ئوخشاش تەۋرىنىپ تۇرار ،
مۈرىلەردە ئىككى قاپقارا ئەجدەر .
دانىشمەن تېۋىپلار توپلىشىپ كەلدى ،
چارە تېپىشالماي ھەر ياققا چاپتى .
تۈرلۈك نەيرەڭلەرمۇ قىلىپ كۆرۈشتى ،
ئىلاج تاپالمىدى ، بولدى قىلىشتى .
ئېبلىس يەنە كەلدى شاھ ھۇزۇرىغا ،
بۇ قېتىم تېۋىپ بولۇپ چىقتى تۆرگە .
دېدى : « بولغىنىچە بوپتۇ ئەمدى ئىش ،
ھازىرلىماق كېرەك ئۇلارغا يېمىش .
تىنجىتقىن ۋاقتىدا بېرىپ ئاش ــ تائام ،
باشقا ھېچ چارە يوق ، تاپمايسەن ئارام .
ئىنسان مېڭىسىدىن تاماق بەر پەقەت ،
ئۆزگە تاماق يېمەك ئەمەستۇر ئادەت . »
دېۋە نېمە مەقسەتنى كۆزلەيدۇ قارا ،
قانداق مەقسەتنىكى ئىزدىنىش ــ چارە .
يا ئىنساندىن خالىي قالاي دەپ جاھان
چارە كۆرگىنىمۇ بۇ ھەممىدىن نىھان .


## جەمشىد پادىشاھلىقىنىڭ ھالاك بولغانلىقى

ئىراندا نېمە گەپ ؟ ھەر ياقتا يۈرۈش ،
ھەر تەرەپنى بېسىپ كەتتى جەڭگۇ ئۇرۇش .
جەمشىد يورۇق كۈنى بولغانتى قارا ،
ئۇنى تاشلاپ كەتكەن ئالىم ، ئۇمەرا .
ئەزىد شەۋكىتى ئەمدى نۇر چاچماس بىزە ،
تەتۈرى دەر ، ئەقلى بولغانمۇ خىرە ؟
ھەر تەرەپتىن چىقار يېڭى ــ يېڭى شاھ ،
ھەر قەبىلە بېشى تۈزەر بىر سىپاھ .
ھەر بىرى جەڭ قىلدى ، يا لەشكەر تۈزدى ،
ھەممىسى جەمشىدتىن مېھرىنى ئۈزدى .
ئىراندىن ئەسكەرلەر چىقىپ كەلدى مول ،

ئەرەب شاھى تەرەپكە ھەممە ئالدى يول .
بار ئىكەنمىش ئۇندا بىر ئۇلۇغ زات ،
ھەممە ھېيقارمىش ئەجدىھا سۈپەت .
شاھ ئىزدەپ يۈرگەن ئىران سىپاھى ،
زەھھاك ياققا چۈشتى ئۇلارنىڭ رايى .
ھەممە ئاكا بېرىپ « ئاپىرىن » دېدى .
« ساڭا بولسۇن ئىران بۇ زېمىن » دېدى .
ئەجدىھا سۈپەتلىك شاھ تېز كەلدى يۈرۈپ ،
شاھلىق تاجىن كىيدى ئىرانغا كېلىپ .
ئىراندىن ، ئەرەبتىن يىغدى چوڭ لەشكەر ،
پالۋان ئەۋەتىشتى ئاڭا ھەر كىشۋەر .

جەمشىد تەختى ياققا ئۇ يولغا چۈشتى ،
دۇنيانى جەمشىدكە ئۆزۈكتەك قىستى .
جەمشىدتىن يۈزىنى ئۆرۈدى بەختى ،
چارە يوق ، قولىدىن چىقماقتا تەختى .
چېكىندى ، زەھھاكقا قالدى تاج ـ كۇلاھ ،
ئۇلۇغلۇق ، شان ـ شەۋكەت ، خەزىنە ، سىپاھ .
بېكىندى ، هاياتى بولدى قاپقارا ،
زەھھاكقا بۇيرۇلدى تەختۇ تاج ـ كۇلاھ .
يۈز يىلچە يوقالدى ، كۆرمىدى ئىنسان ،
ھەممىنىڭ كۆزىدىن بولغانتى نىھان .
يۈزىنچى يىل چىن دەرياسى ياقتا ،
تېپىلغانمىش جەمشىد ، قىرىغان چاغدا .
زەھھاك ئۇنى قولغا چۈشۈرگەن ناگاھ ،
بىردەم ئارام بەرمەي ئاڭا ناپاك شاھ ،
ھەرە بىلەن قىيىتۇ قاق ئىككى بۆلەك ،
جاھان ئۇندىن خالىي ، ئۆچ ئالار پەلەك .
يوشۇرۇنۇپتۇ چۈشۈپ ئەجدىھا دامىغا ،
تاپالماپتۇ ئامانلىق يولىنى ئەمما .

شاھلىق دۆلىتىنى تارتىۋالدى زامان ،
ساماندەك سارغايدى ، يۈزى زەپىران .
تەختتە ئۇندىن ئارتۇق ئولتۇرغان كىم بار ؟
ئەمگىكى بولدىمۇ قىنى ئاڭا يار ؟
يەتتە يۈز يىل بولدى جەمشىد ھۆكۈمران ،
بېشىدىن كەچۈردى كۆپ ياخشى ـ يامان .
نە كېرەك جاھاندا ئۇزاق ياشىماق ،
بۇيرۇمىسا دۇنيا سىرىنى ئاچماق ؟ !
پەرۋىشلەر قىلىپ گاھ بېرىپ قەنت ـ شېكەر ،
بىر ـ بىرىگە ئېيتىشار شېرىن گەپ ـ سۆزلەر .
« بەخت يار بولدى » دەپ قىلسەن خىيال ،
« بەخت يۈز كۆرسىتەر » دەيسەن ئېھتىمال .
شادلىنىپ كېتىسەن ، بۇ شادلىق چېغىڭ ،
يۈرەك سىرىڭدەك ئوچۇق قۇچىقىڭ .
بىر ئويۇن كۆرسىتەر بىۋاپا پەلەك ،
دىلىڭ خۇن ، شادلىقىڭ ئۇچار خازاندەك .
بەش كۈنلۈك دۇنياغا ئىشەنچىم بەربات ،
خۇدايا ، بۇ جاپادىن تېزرەك قىل ئازاد .



# زەھھاك

چىقىپ تەختكە زەھھاك ، بولۇپ شەھرىيار ،
دەۋر سۈردى مىڭ يىل بەكمۇ بەختىيار .
بويسۇندى ئاڭا تامامىي جاھان ،
شۇ ئەھۋالدا ئۆتتى ئۇزۇن بىر زامان .
تۇتۇپ ھەر تەرەپنى قارا دىۋە ـ جىن ،
تۈگەپ ياخشى ئادەت ، ئېلىپ ئەۋج كىن .
ھۇنەر خارۇ ، جادۇ بولۇپ ئەرجەمەند ،
ئادالەت تۈگىدى ، يامانلىق بەلەند .
ئۇزاردى ياۋۇزلۇق ـ ئەھرەمەن قولى ،
چىن سۆزگە قىسىلدى ئىنسانلار تىلى .
ئىككى قىز بار ئىدى جەم ئەۋلادىدىن ،
گۈزەل ئىككى قىزكى ، لەرزان ئىككى تەن .
ئىككىسى جەمشىدكە ئۆز سىڭىل ئىدى ،
ئاياللار تاجى ھەم پاك كۆڭۈل ئىدى .
چۈمبەللىك گۈزەلنىڭ بىرى شەھرىناز ،
يەنە بىرى ئىسمى ئىدى ئەرنەۋاز .
ھەيدەپ كەلتۈرۈپ زەھھاك يېنىغا
تاپشۇردى ئەجدىھا ئاچ كانىيىغا .
يامانلار قولىدا كۆرۈپ ئۆزىنى ،
تەشۋىشلەر قاپلىدى قىزلار قەلبىنى .
ئەجدىھا شاھ ئىشىدۇر يامانلىق ، قىرىش ،
ئۇرۇش ، قەتلە ھەم تالان ـ تاراج قىلىش :
ئەجدىھالارغا ھەركۈن تاماق ئىككى ياش ،
ھەركەچ ئىككى تۇتقۇن كۆزلىرىدە ياش .
مەيلى مىسكىن ، ئاجىز ياكى پەھلىۋان ،
ھەممىسىن تۇتۇپ كېلەر بېرىپ شاھقا جان .
كېسىپ بېشىنى ھەم چىقىپ مېڭىسىن ،
ھازىرلايدۇ تائام ئەجدىھا ئۈچۈن .
بار ئىدى بۇ ئەلدە ئىككى ھوشيار ،
ئەقىل ، شاپائەتلىك ۋە دىيانەتكار .
بىرىنىڭ ئىسمى ئەرمايىل پاكدىن ،
يەنە بىرى بولسا ، گەرمايىل پىشبىن .
ئۇچرىشىپ ، ئاندىنئۇ بۇندىن سۆزلىشىپ ،
زەھھاك شاھ زۇلمىدىن قاقشاپ ـ زارلىشىپ ،
بىرى دېدى : « بارساق ئاشۇ دەرگاھقا ،
ئاشپەزلىك قىلساق ئۇ زالىم شاھقا ،
بىر پىلان تۈزەرمىز ، قىلارمىز ئىلاج ،
ئىلاج تېپىلسا ، قالار قانلىق تاج .
قىلارمىز بۇ يەردە بىز خالاسكارلىق ،
ئەگەر چارە تاپساق ، كېتىدۇ خارلىق .
ھەر كۈن ئىككى نەپەر بولسا گەر ئەسىر ،
بىرىنى قۇتقۇزالىساق ، بۇ ئىشمۇ خەير . »
ئاستا بېرىشتى قانلىق دەرگاھقا ،
ئاجايىپ تاماقلار قىلىپ پادىشاھقا .
ياللىنىپ ئاشپەز بولۇپ قېلىشتى ،
خالاسكارلىق پىكرىنى دىلغا سېلىشتى .
كەچ قالدى يەنە قان تۆكۈش پۇرسىتى ،
قارا ئىدى ئىككى غېرىب قىسمىتى .
ئىككىسىنىڭ قولىنى باغلاپ جاللات ،
ئەزىز ئۆمرىنى قىلماق بولدى بەربات .
ئاشپەزلەر ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى ،
ئۇستۈنكى تۆشۈكتىن تىك تاشلاشتى .
بۇ ئىشتىن ئاشپەزلەر دىلىدا ئەلەم ،
كۆزى لىق ئىسسىق ياش ، دىلىدا چىدام .
شاھنىڭ قىلمىشىدىن ئۆرلىدى غەزەپ ،
ئەمما بىر ـ بىرىگە جىمغىنا قاراپ ،
ئەسىرلەردىن بىرىنى ساقلاپ قېلىشتى ،
نە چارە بىرىنى تۇتۇپ سويۇشتى .
بىرى ئورنىغا قوي مېڭىسىنى تېپىپ ،
قورۇدى ، ئۇستىگە ئوتياشلار سېلىپ .
بىرىگە ئەركىنلىك بېرىپ ، دەپ : « يىگىت ،
كۆرۈنمە ، ئۆزۈڭنى ئەل كۆزىدىن بېكىت ؛
شەھەر ، قىشلاق ياققا ئالغىن سەن يول ،
سېنىڭ ئۆيۈڭ بولۇر ئەمدى تاغۇ چۆل . »
چېقىپ قوي ۋە ئۆچكە مېڭىسىن ،
تاماقلار ئېتىشتى ئەجدىھا ئۈچۈن .
ھەر ئاي تىرىك قالدى ئوتتۇزچە كىشى ،
ئۇلارنى يوشۇرۇش ئاشپەزلەر ئىشى .
يىغىلغاچ ئۇلار يېتىپ ئىككى يۈزگە ،
ھېچكىمگە بىلدۈرمەي كەتتى تاغ تەرەپكە .

قوي ، ئۆچكىگە چوپان قىلىپ ھەممىسىن ،
ئەۋەتىپ تۇردى تاغ ئىچرە ، ئاپىرىن .
شۇندا كۇرت ئەھلىگە بولدى ئۇلار ئەجداد ،
شەھەرنى ھېچقاچان قىلىشمايدۇ ياد .
كىگىز ئۆي ماكانى ، چۆل ۋە تاغ يولى ،
خۇدادىن ھېيىقماس ئۇلارنىڭ دىلى .
زەھھاكنىڭ يەنە بىر ياۋۇز خاھىشى :
يۇرتتا بولسا ئەگەر مەشھۇر ھەر كىشى ،
تۇتۇپ كەلتۈرەر ، مەيلى سەرۋىناز ،
پالۋانۇ باھادىر ، مەيلى جىلۋىساز .
كىمسەر بىشىنى بولسا ئۇ پالۋان ،
ياكى ئەل ئىچىدە مەشھۇر بىر ئىنسان .
ئەگەر ياش گۈزەل بولسا ، كىنىزەك قىلار ،
يا شاھ رەسمى ، يا ئەل ماقالىن بىلەر .

## زەھھاكنىڭ چۈشىدە فەرىدۇننى كۆرگەنلىكى

ھاياتىدىن يەنە قالغاندا قىرىق يىل ،
نىملەر كەلدى پىشىغا ، ئەمدى بىل :
گۈزەل قەسىر ئىچرە ياتار ، ئۇيقۇ شاز ،
قوينىدا نازلىنىپ ياتار ئەرنەۋاز .
ئۇيقۇ ئارا كۆردى بىر قورقۇنچلۇق چۈش ،
قىلار قەستىدە ئۈچ باھادىر ئۇرۇش .
ئىككىسى قېرىمىش ، بىرى ياشراق ،
شاھانە چېھرىدە كۆزلىرى چىراغ .
بېلىنى باغلاپ شاھ مىسالى پالۋان ،
قولىدا ئۆكۈز باش گۇرزىسى راۋان .
كېلەر ئىدى زالىم بېشىغا شىغاب ،
ئۇراتتى زەھھاكنى ئايىماي ساۋاب .
نەۋقىران باتۇر كېلىپ ئۈستىدىن ،
قالدۇرماي شىلىپ ئالدى تېرىسىن .
كېيىن ئىككى قولىن كېسىپ ، باغلىشىپ ،
بوينىدا تاقاق ، تاغ يولىن بويلىشىپ ،
كىشەن سېلىپ ، قىيناپ ئۇنى خارۇزار ،
قىلىپ ئاۋارە ئۇ كىچىك شەھەرىيار ،
ئەجدىھا شاھنى سۆرەپ ، بەرمەستىن ئارام ،
يۈردى ئۇ دېماۋەند چوققىسى تامان .
جىنايەتچى زەھھاك ئىگراپ شۇ زامان ،
جىگەر قېنى تەپتى بېشىغا شۇئان .
چۆچۈپ ئويغىنىپ شاھ ، تارتتى ئوتلۇق ئاھ ،
كەلدى لەرزىگە يۈز تۈۋرۈكلۈك دەرگاھ .
ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغاندى شۇ دەم
سۈت ئۇيقۇدا ياتقان ئەرنەۋاز سەنەم .
ئىگرىغان زەھھاكقا دېدى ئەرنەۋاز :
« ئەي شاھىم نىمە بولدى ، سىر ئېچىپ قىل سۆز !
تېپتىنچ ياتاتتىڭ پەي يوتقاندا خۇش ،
نىمە پەيدا بولدى ؟ كۆردۈڭ قانداق چۈش ؟
سېنىڭ ھۆكمىڭدە بوگۈن كەڭ جاھان ،
قۇش ، يىرتقۇچ ، دىۋە ـ جىن ساڭا پاسىبان .
بۇ يەتتە ئىقلىمغا سۆزۈڭ شاھىنشاھ ،
بېلىقتىن ئايغىچە سەن پۇشتى پاناھ .
نىمىشقا چۆچۈدۈڭ شىرىن ئۇيقۇدىن ،
سۆزلەپ بەرگىن ، شاھىم ، سەۋەب نىمىكىن ؟ »
ئاي يۈزلۈك گۈزەلگە دەر شاھى جاھان :
« لازىمدۇر بۇ چۈشنى تۇتۇشۇم پىنھان !
بۇ چۈشۈم مەزمۇنىن ئاڭلىساڭ ئەگەر ،
جېنىمدىن ئۈمىدىڭ پۈتۈن ئۈزۈلەر . »
شۇئان جاھانشاھقا دېدى ئەرنەۋاز :
« جېنىڭ بىزگە ئەزىز ، قىل سىر ئېچىپ سۆز !
جاھاندا ھېچ ئىش يوق تېپىلماس تەدبىر ،
بىر چارە تاپىمىز ، سۆزلىسەڭ بىر ـ بىر . »
يۈرەك سىرىنى شاھ ئېچىپ تاشلىدى :
چۈشنى سۆزلىدى ، دىلنى غەشلىدى .
شۇندا پادىشاھقا دېدى ئايجامال :
« بۇنى شۇنداق قويما ، قىلغىن بىر ئامال .
ئۈزۈلكۈلۈك مۆھرىدە جاھان قىسمىتى ،
قۇش ـ ھايۋان ، ھۆر ـ دىۋە ، ئادەم قىسمىتى .
ھەر ئۆلكە ئەۋەتسۇن ئالىمۇ دانا ،
تەبىرچى ، مۆبەدلار بېرىشسۇن پەتىۋا .
ئۇلارغا چۈشۈڭنى ئېيت ، ئىزدە چارە ،
بۇندا نىمە سىر بار ، نىمىشقا دىل پارە .
ئەقلىڭ تارتماقچى كىم ، بىلىپ ئالغىن ،
ئادەم نەسلىدىنمۇ ، پەرى ياكى جىن ؟
ئالدىن بىلىۋېلىپ ، ئاندىن تاپ ئامال ،
قورقۇشتىن خۇش كۆڭلۈڭ بولمىسۇن مالال . »

نېمە دېسۇن سەرۋى قەد ، چاچلىرى سۇمبۇل ،
بۇ ئەندىشە شاھقا بولغانتى مەقبۇل .
قاغا قانىتىدەك جاھان ھەم شۇ چاغ
تاغ كەينىدىن ئاستا كۆرسەتتى چىراغ .
سۈپسۈزۈك ئاسمانغا گوياكى قۇياش
زەر چېچىپ ، ئەيلىدى ياقۇتقا رەڭداش .
نەدە بولسا ئەگەر ئالىم ـ ئۆلىما ،
بىلىمدان ، دىل ـ زېھنى ئويغاق دانا ،
ھەممىنى ھۇزۇرىغا چاقىردى پادىشاھ ،
مۇدھىش چۈشى بىلەن ئەيلىدى ئاشنا .
ھەممىنى سۆزلىدى پادىشاھى جاھان ،
ئۇلاردىن ئىزدىدى دەردىگە دەرمان .
ۋە دېدى : « سىردىن تېز ئاگاھ قىلىڭلار ،
توغرا يولغا مېنى ھەمراھ قىلىڭلار . »
ئۇلاردىن چۈش سىرىن تەلەپ ئەيلىدى ،
ياخشىمۇ ، يامانمۇ ، سوراپ سۆيلىدى :
« ئېيتىڭ ، قاچان ، قانداق بولغۇسى بەختىم ،
كىمگە نېسىپ بولۇر بۇ تاجۇ تەختىم ؟
يا بۇ سىرنى ماڭا ئېچىپ بېرىسىز ،
يا خار بولۇپ ، بۇندا باشسىز قالىسىز ! »
مۇبەدلەر يۈزى ھۆل ، لېۋى قۇپقۇرۇق ،
پىچىر ـ پىچىر سۆزنى ئاڭلايدۇ قۇلاق :
« ئەگەر راستتىن ئېيتساق ، بۇمۇ بىر بالا ،
جېنىمىز بىر پەقەت ، ھايات بىباھا .
يوشۇرۇن مەنىنى قىلمىساق ئىزھار ،
ھاياتتىن قول يۇيۇپ ، قولتۇقۇڭغا ئۇر ! »
ھېچكىممۇ سۆزنى ئېيتالماي ئاشكار ،
ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى ، قانداق چارە بار ؟
مۇبەدلەرگە شاھنىڭ غەزەپ ئۇچقۇنى
يالقۇنجاپلا كەتتى تۆتىنچى كۈنى .
دېدى : « قىلمىساڭلار چۈش سىرىنى ئاشكار ،
ھەممىڭگە يەتكۈدەك ياستىمەن دار . »
مۇبەدلەر باش ئەگكەن ، چىقمايتتى بىر ئۈن ،
دىل ئىككى بۆلۈنگەن ، كۆزدىن ئاقار خۇن .
بار ئىدى دانالار ئارا بىر قىرى ،
ئەس ـ ھوشى جايىدا ، سەممي دىلى .
بىلىمدە ، ئەقىلدە ھەممىدىن بەردەم ،
دانا ، زېرەك تۇردى ئورنىدىن شۇ دەم .
دىل جۇش ئۇرۇپ ، قەدەم تاشلىدى بىباك ،
دانا ئۇدۇلىدا تۇراتتى زەھھاك .
دېدى : « يامانلىقنى تاشلا شەھرىيار ،
تۇغۇلۇشنىڭ ئاجىز ئۆلۈمى ھەم بار :
سەندىن ئاۋۋال قانچە جاھاندار ئۆتتى ،
ئۇلۇغ تەخت ساھىبى خوپ بىسيار ئۆتتى .
غەمۇ شادلىق كۈنىنى كۆرۈپ ھەر بىرى ،
ئۇزۇن ئۆمرى تامام بولدى ئاخىرى .
پولاتتىن بولساڭمۇ قىلما تەمەننا ،
تۇيدۇرماي تۈگىتەر قۇدرەتلىك خۇدا .
باشقىلارغا قالار تەختىڭ ئاخىرى ،
قارا يەرگە كىرەر بەختىڭ ئاخىرى .
نامىنى سورىساڭ فەرىدۇن بولۇر ،
يەر يۈزى ئۇ بىلەن ئىزىغا چۈشۈر .
ئاندىن ئۇ تېخى تۇغۇلغانچە يوق ،
تېخى سېنىڭ بەختىڭ بوغۇلغانچە يوق .
ئۇ قاچان ئانىدىن تۇغۇلدى ، شۇئان
مېۋىلىك دەرەختەك ئۈلغىيار يوغان .
مەردلىك بىلەن بېشى ئايغا يېتىدۇ ،
تاجۇ تەختۇ كەمەر ئىزدەپ كېتىدۇ .
چىناردەك قامىتى ، بويى نەق ئاسمان ،
مۈرىسىدە گۈرزە ، باھاسى ئاسمان .
ئۆكۈز باش گۈرزىسى چۈشۈر بېشىڭغا ،
تەختتىن ئاغدۇرار باقماي يېشىڭغا . »
ناپاك زەھھاك ئاڭا بەردى سوئال :
« نېمىشقا ئۇ ماڭا بولدى ياۋ ـ قاتىل ؟ »
باتۇر دېدىكىم : « بولسا ئەس ـ ھوشى ،
سەۋەبسىز يامانلىق ئىزدىمەس كىشى .
ئۆچ ۋە ئاداۋىتى سەۋەب بولغۇسى ،
دەستىڭدىن ئاتىسى بىر كۈن ئۆلگۈسى .
ئاتىسىنى قىلارسەن قولۇڭدا ھالاك ،
شۇندىن ئۇ ياۋ بولۇر دىلى چاك ـ چاك .
بىر ئىنەك كېلىدۇ ئۇنى باققىلى ،
كىندىك ئانا بولۇپ باغىر ياققىلى .
فەرىدۇنغا كېلەر مۇقەددەس كالا ،
سۈتىدىن پەرۋىش تاپار ئۇ بالا .
دەستىڭدىن مۇقەددەس ئىنەكمۇ ئۆلەر ،
ئۆكۈز باشلىق گۈرزە نېسىۋەڭ بولار . »
زەھھاك خەۋەر تېپىپ پەلەك ئىشىدىن ،
تەختىدىن يىقىلدى ، كەتتى ھوشىدىن .

زىرەك چال كۆردى ــ دە ، بۇ دەھشەتنى ،
قوپۇپ قاچتى تاتلىق بىلىنىپ جېنى .
بولدى قايتىپ كەلگەچ پادىشاھ ھوشى
شاھانە تەختكە چىقماقلىق ئىشى .

ئالەمدە فەرىدۇن زاتىدىن نىشان
كېچە ــ كۈندۈز ئىزدەر ئاشكارۇ نىھان .
ئارامىن يوقاتتى ، ئۆتمەيدۇ يېمىش ،
كۈندۈزى بولدى كېچە ، كۆپ تەشۋىش .

## فەرىدۇننىڭ تۇغۇلغانلىقى

ئۇزۇن ، قارا يىللار چېكىگە يەتتى ،
ئەجدىھا پادىشاھنىڭ ھاياتى پۈتتى .
فەرىدۇن ھاياتقا قويدىيۇ قەدەم ،
يورۇپلا كەتكەندەك بولدى بۇ ئالەم .
ئۆسەر قامىتى ، تىك بىر سەرۋى راۋان ،
چېھرىدە شاھلىق مۆھرى نامايان .
ئۇلۇغلۇق بابىدا مىسلى بىر جەمشىد ،
نۇر چېچىشتا خۇددى كۆكتىكى خۇرشىد .
جاھانغا يامغۇردەك خۇشياقار ئىدى ،
بەركامال تاپقان بىر مۆتىۋەر ئىدى .
فەرىدۇندا ئىدى پەلەك مېھرىمۇ ،
لۇتفى ئېھسانىمۇ ، سۆيگۈ سېھرىمۇ .
كۆرۈندى بەرمايە ئىسىملىك كالا ،
ئىنەكلەر ئىچىدە ئۇ بىر بىباھا .
مىسالى يېڭىلا تۇغۇلغان تاۋۇس ،
تاۋلىنار ھەر پەيدە ئۆزگىچە بىر تۇس .
مۇبەدلەر يىغىلدى ، ئاقىل ۋە تادان ،
مۇنەججىملەرمۇ ھەم قىلدى كۆپ پاراڭ .
بۇنداق ئىنەكنى ھېچ كۆرمىگەن ئالەم ،
يا بىر قىر ــ دالادىن ئۇچراتماس ئادەم .
بۇ ھەقتە ھەر تامان تارقالدى مىش ـ مىش ،
شۇم زەھھاك « ئىزدەڭ » دەپ بەردى پەرمايىش .
فەرىدۇن ئاتىسى نامى ئاتىبىن ،
ئاتىبىنغىمۇ تۇن بولدى بۇ زېمىن .
قېچىپ يۈرۈش ئاڭا كۈچ كەلدى ئاخىر ،
ئەجدىھانىڭ دامىغا دۈچ كەلدى ئاخىر .
ئەجدىھا شاھنىڭ شۇم كىشىلىرى ،
ئىزدىشەر تۈنۈكۈن ، شۇملۇق ئىشلىرى .
ئاتىبىننى تۇتۇپ باغلىشىپ ، ناپاك
زەھھاكقا يوللىدى ، ئەيلىدى ھالاك .
ئۆز جۈپتى بېشىغا چۈشۈپ بۇ ئەلەم ،
فەرىدۇن ئانىسى ــ فەرانەك شۇدەم

بالايۇ ئاپەتتەن ئاگاھ بولدى ھەم
ئوغلىنى قوغدىماقتا ئويلاپ تاپتى پەم .
ئوغلىنى يوشۇرۇپ ئەقىللىك خوتۇن ،
توقايلىققا كەتتى ، كۆزدىن ئاقار خۇن .
شۆھرەتلىك بەرمايە شۇ يەردە ئىدى ،
فەرىدۇن رىزقى شۇ ئىنەكتە ئىدى .
فەرانەك چارۋىچى يېنىغا باردى ،
جىگەرۇ باغرى خۇن ، دەردىنى ئېيتتى .
دېدى : « سۈتكە تويماي قالار بۇ گۆدەك ،
بىر مۇددەت سەن بېقىپ بېرىشىڭ كېرەك .
بەرمايە سۈتىدە قىلىپ پەرۋەرىش ،
كۆرسەتكەن بىر مۇددەت ئاتىلارچە ئىش .
ئەگەر ھەق ئىزدىسەڭ تىككەنمەن جېنىم ،
شۇنىڭغا ئاتالغاندۇر با خانۇمانىم .»
يايلاق ۋە توقايلار ئىگىسى مالدار ،
پاك دىللىق ئايالغا خىزمەتكە تەييار .
دېدى : «قالسۇن سېنىڭ پەررەنتىڭ ،
ئېقتىماي ئورۇنداي پەند ــ نەسىھەتىڭ . »
فەرانەك تاپشۇرۇپ ئاڭا پەرزەنتىنى ،
بىرمۇ بىر سۆزلىدى پەند ــ نەسىھەتنى .
مېھرى بىلەن باقتى ، ئۈچ يىلمۇ توشتى ،
مۇقەددەس ئىنەكنىڭ سۈتىنى ئىچۈردى .
تېخىچە ئىزدەشتىن يانمىغان زەھھاك ،
ياۋۇز نىيىتىگە قانمىغان زەھھاك .
ئالەمگە يېيىلىپ كەتكەنتى مىش ــ مىش :
« پالانچىدا مۇقەددەس ئىنەك بارمىش ! »
فەرانەك يايلاققا يۈگۈرۈپ كەلدى ،
چارۋىچى ، ئىنەككە يۈگۈرۈپ كەلدى .
دېدى : « تەڭرى سالدى دىلىمغا ئەندىش ،
بىرەر كۈن توختىماس بۇ ئالەمنى تىنتىش .
ئوغلۇم بۇ دۇنيادا كۆز قارا قىمدۇر ،
ئوغلۇمدىن ئايرىلىش ماڭا ئۆلۈمدۇر .

چاره ئىزدەي ، خالىي قالسۇن جادۇدىن ،
ئوغلۇمنى ئېلىپ قالاي چوڭ ئاپەتتىن .
كۆزدىن غايىب بولۇپ كەتكىنىم چېغى ،
ماكانىمىز بولغاي ئەلبۇرس تېغى . »
يۈگۈرۈك كېيىكتەك ئانا ھەم بالا ،
تاغ تامان يۈرۈشتى نەق ئەزان چاغدا .
تاغ ئارا ياشايتتى تەقۋادار كىشى ،
ئىبادەتتىن باشقا يوق ئىدى ئىشى .
فەرانەك بوۋايغا دېدى : « ئەي پاك دىن ،
مەن غېرىب بىر ئانا ، مۇشۇ ئىراندىن .
بۇ ئوغۇلدۇر مېنىڭ قىممەتلىك بالام ،
بۇڭا تەۋە بولۇر بىر كۈنى ئالەم .
كېسەر ئۇ زەھھاكنىڭ ئىپلاس بېشىنى ،
تۇپراققا تىقىدۇ سېسىق تېنىنى .
سەن بولساڭ بالىغا ئىللىق ، مېھرىبان ،
باغرىڭدا بىرمۇددەت تۇرسىكەن ئۇ جان . »
پاك كىشى بالىنى باغرىغا ئالدى ،
شامالمۇ تەگكۈزمەي پەرۋىش ئەيلىدى .
زەھھاك شۇم يايلاقتىن تاپقانتى خەۋەر ،
مۇقەددەس ئىنەكتىن تاپقانتى خەۋەر .
كېيىن بار قوتاننى ئەيلىدى يەكسان ،
نە ئوندا مال قالدى ، نە پادىچى چوپان .
فەرىدۇن ئۆيىگە ماڭدى ئالدىراش ،
بىرەر زات تاپالماي بولدى كۆڭلى غەش .
ئەلەمدىن ئوت قويۇپ قىلدى تامام كۈل ،
سارايلار خارابە ، بولدى مىسلى چۆل .

## فەرىدۇننىڭ ئانىسىدىن ئۆز ئەجدادلىرىنى سورىغانلىقى

ئون ئالتىگە كىرگەچ فەرىدۇن يېشى ،
تاغدىن پەسكە چۈشتى تۈگەپ بەردىشى .
ئانىسىنى ئىزلەپ تېپىپ ، ئاڭا دېدى :
« يوشۇرۇن سىرىڭنى سۆزلەپ بەر ئەمدى .
ئەجدادلىرىم كىم ، ئېيت كىم پەدەرىم ،
قايسى تۇخۇمدىنمەن ، نېمە گۆھىرىم ؟
ھېكايە قىلىپ بەر ئەسلىمدىن كىممەن ؟
سورىسا خالايىق نېمىلەر دەيمەن ؟ »
فەرانەك دېدى ئاڭا : « نامدار بالام ،
سۆزلەپ بېرەي ، دىلدىن كۆتۈرۈلسۇن غەم .
سەن دۇنياغا كەلگەن شۇ ئىران زېمىن ،
ئۇندا ياشار ئىدى مەشھۇر ئاتىبىن .
پادىشاھ تۇخۇمدىن ئىدى ئۇ ھوشيار ،
دانىشمەن قەھرىمان ، ئەمما بىئازار .
قەھرىمان تەھمۇراس ئاڭادۇر ئەجداد ،
ئاتا ــ بوۋىلىرىن قىلار ئىدى ياد .
ساڭا ئاتا ، ماڭا يار ــ جانانە ،
ئۇسىز كېچە ــ كۈنۈم نۇردىن بىگانە .
ئەجدىھا شاھ زەھھاك ، جادۇگەر ،
جېنىڭغا قەست قىلىپ ، ئېزىلدى جىگەر .
مەن يۈردۈم سەرسانە ، سېنى يوشۇرۇپ ،
دىل ئوتىن سۇندۇرۇپ ، كۆزدىن ياش تۆكۈپ .
سېنى دەپ نەۋقىران ، باھادىر ئاتاڭ ،
ئەزىز جاندىن قالدى ئاجراپ ، يۈز ئەتتەك .
زەھھاك دۈمبىسىدە ئىككى ئەجدىھا ،
ئىرانلىق بېشىغا ئۈنگەن بىر بالا .
ئاتاڭ مېڭىسىنى ئېلىپ بىتاقەت ،
ئەجدىھاغا ئۇندىن قىلىشتى نېمەت .
مەن سېنى ئالدىم ــ دە ، قاچتىم توقايغا ،
يوشۇرۇن ، يەتكۈزدۈم ئادەمسىز جايغا .
بىر ئىنەك ئۇچراتتىم ئالا چىپار رەڭ ،
باھاردەك گۈزەل ھەم باھاردەك ئۇزرەڭ .
ئىنەكنىڭ ئىگىسى خوپ ئەزىمەت ئىكەن ،
پاراسەتلىك باتۇر ، مەرد ئىكەن .
سېنى ئاڭا بەردىم ، نەچچە يىل ئۆتتى ،
ساڭا نېمەت بەردى ، تەربىيە ئەتتى .
تاۋۇس رەڭ ئىنەكنىڭ سۈتىدىن ئۆزلۈك
ئىچىپ تېز ئۆستۈڭ مىسلى بىر لەھەڭ .
يايلاق ۋە ئىنەكتىن شاھ تاپتى خەۋەر ،
ئۆمرۈڭگە قەست سالدى يەنە جادۇگەر .
ئۇندىن ئېلىپ قاچتىم سېنى بەك چاققان ،
ئىران قالدى ، قالدى پۈتۈن خانۇمان .
كېلىپ قىرىپتۇ شاھ ئۇندا ھەممىنى ،
زۇۋانسىز ئىنىكئاناڭ ئىنەك مۆمىننى .
كېيىن ئۆيىمىزگە سېلىپ شۇم چاڭگال ،
قارا گۆر قىلىپتۇ ، چىقىرىپ شامال .

فەرىد قۇلىقىغا بۇ سۆزلەر يەتتى ،
قېنى قىزىپ ، بىرىن ئاچچىقلاپ كەتتى .
قەلبىدە قىساسۇ يالقۇنلۇق غەزەپ ،
قايىقى تۇرۇلگەن كۆزگە خۇن تولۇپ . »
فەرىدۇن ئەيلىدى جاۋاب ئانىغا :
« چېنىقماس پەھلىۋان كىرمەي ئۇرۇشقا .
جادۇگەر شۇملۇقنى قىلار سەھەر ـ كەچ ،
ئەمدى ئىنتىقامغا مەن ئالاي قىلىچ .
تەگرى قوللىغاي ، باراي ئۇ يەرگە ،
زەھھاك تەختى كۆلىن سورايمەن كۆككە ! »
ئانا ئاستا سۆزلەر جان جىگىرىگە :
« قۇلاق سال ، ئەزىزىم ئاناڭ پەندىگە ،
زەھھاكنىڭ قولىغا تەۋەدۇر جاھان ،
لەكمىڭ سىپاھ ئۇندىن كۈتىدۇ پەرمان .
ھەر ئۆلكىدە مىڭلاپ قوشۇن مۇھەييا ،
جەڭ سۈيلەپ كېلىشەر ، قىلسا بىر ئىما .
بۇنداق ئەمەس ئادالەت ، ئىنتىقام يولى ،
كۆزۈڭنى توسمىسۇن ياشلىقنىڭ گۈلى .
كىم ياشلىق مەيىنى ئىچسە چىمەندە ،
ئۆزىدىن باشقىنى بىلمەس ئەرزەندە .
شۇ مەستلىكتە كىرىپ بىرەر شامالغا ،
ئەزىزىم ياش ئۆمرۈڭ تۇتما زاۋالغا .
جان ئوغلۇم ، ئەزىز تۇت ئاناڭ پەندىنى ،
كېگەش بىلەن ئىچ جاھان ئەنتىنى . »

## زەھھاك بىلەن تۆمۈرچى كاۋە داستانى

ئەجدىھا شاھ زەھھاك دەھشەتتە كۈن ـ تۈن ،
تىنماي تەكرارلايتتى : « نەدە فەرىدۇن ؟ »
تاجۇ تەخت ئىگىسى ، ھېسابسىز قۇدرەت ،
لېك فەرىدۇن نامى سالاتتى دەھشەت .
بېشىغا كىيىبان فىرۇزىلىك تاج ،
پىل سۆڭەك تەخت ئۆزرە ئىزدىنىپ ئىلاج ،
ئۇلۇغلارنى چىللاپ ھەممە تاماندىن ،
شاھلىقىغا پاناھ ئىزدەپ ھەر ياندىن .
مۇبەدلەرگە دېدىكىم : « ئەي ، نامدارلار ،
سىلەرگە مەلۇمدۇر ھەممە ـ بار ھۈنەر .
بار ماڭا يوشۇرۇن ، خەۋپلىك دۈشمەن ،
بۇ گەپ دانالارغا كۈندىنمۇ روشەن :
ياۋنى كىچىك بىلىپ ، كۈتمە ئامانلىق ،
كۈنۈڭ تۈگەر ، تەقدىر قىلسا يامانلىق .
شۇنىڭچۈن بىھېساب لەشكەر قىلدىم جەم ،
ئۇندا ئادەممۇ بار ، دىۋە ـ پەرى ھەم .
بىر لەشكەر توپلايمەن ، دىۋە ۋە ئاۋام
بىرلىشىپ قىلسۇنكى ياۋلارنى گۇمران .
بۇ ئىشتا سىز ماڭا بولغايسىز تايانچ ،
بولمىسا خەتەردىن ئەھۋالىم ئايانچ .
خەلققە قاراپ يېزىڭ بۇگۈن بىر نىدا :
ئىزگۈلۈك ئۇرۇقىنى چاچار پادىشاھ .
سۆزلىگەن سۆزلىرى چىنلىقتۇر پەقەت ،
ھۆكۈمدار مۈلكىدە ھاكىم ئادالەت ! »
ئەجدىھا شاھ بولسىمۇ قانچە يىرگىنچ ،
كاتتىلار قورقۇنچتىن بولۇشتى تايانچ .
ماختاش يارلىقىغا ئىمزا قويۇشتى ،
قېرى ـ ياش دىلىغا غەشلىك تېرىشتى .
شۇ ھامان ئىشىكتىن پەرياد دەپ كىردى ،
بىر كىشى دات دەيتتى ، ئادالەت دەيتتى .
ئۇنى يېقىن تارتىپ شاھ ھۇزۇرىغا ،
ئۆتكۈزۈپ قويۇشتى ئوردا تۆرىگە .
شاھ ئاڭا يۈزلەندى تۈرۈلۈپ قاپاق :
« كىم زۇلۇم قىلدى ؟ » دەپ باشلىدى سوراق .
قولىنى بېشىغا ئۇرۇپ ، دېدى : « شاھ ،
مېنىڭ نامىم كاۋە ، ئادالەت ، داد خاھ .
سەندىن زۇلۇم كۆردۈم ، سەندىدۇر راۋا ،
ئادىل بولساڭ قىلغىن دەردىمگە داۋا .
ئادالەت كۆرسەتمەك بولسا كار ـ بارىڭ ،
بەلكى بۇ دۇنيادا ئاشار قىممىتىڭ .
ماڭا سەندىن يەتتى زۇلۇم ھەم تەشۋىش ،
جېنىمغا ئارقا ـ ئارقا سانچىۋەردىڭ نىش .
گەر ماڭا زۇلۇم قىلماق بولمىسا ئىشىڭ ،
نېمە پەرزەنتلىرىم تارتىپ ئېلىشىڭ ؟ !
ئون سەككىز ئوغلۇمدىن تولغانتى جاھان ،
شۇلاردىن بىرىلا قالمىش بۇ زامان .
ئاشۇ بىرىنىمۇ قويمىساڭ ئەگەر ،
دىلىمدا ئوت ـ يالقۇن ، ئېزىلەر جىگەر .

ئەي شاھىم ، گۇناھىم نېمىكىن ، كەچۈر ،
بولمىسا ئىزلىمە باھانە يا كىر .
ئەي تاجىدار ، قىلغىن دەردىمگە داۋا ،
كەلتۈرمىگىن يەنە بېشىمغا بالا .
تەقدىر مېنى شۇنداق ئىزىپ تاشلىدى ،
دىل نا ئۈمىد ، ھەسرەت كۆزۈم ياشلىدى .
ياشلىقىم ئۆتتىيۇ قالمىدى پەرزەنت ،
جاھاندا پەرزەنتتىن ئۆزگە يوق پەيۋەند .
زۇلۇمنىڭمۇ چەك – چېگرىسى باردۇر ،
ھەر زۇلۇم ، ھەر ئىشقا باھانە باردۇر .
قېنى كەلتۈر ، قاراي ، قانداق باھانەڭ ،
تەقدىردۇر مەن بىلەن قىلغان قاتتىق جەڭ .
مەن بىر تۆمۈرچىمەن بىئازار ، بىغەش ،
سەن شاھتىن بېشىمغا ياغدى بۇ ئاتەش .
سەن شاھسەن ، بولساڭمۇ ئەجدىھا پەيكەر ،
شاھ بولۇشى كېرەك ئادالەتپەرۋەر .
ئەگەر يەتتە ئىقلىم شاھلىقىڭدا جەم ،
نېمىشقا بىزگە قىسمەت پەقەت دەردۇ غەم .
ئەمدى ئىشلىرىڭدىن ماڭا بەر ھېساب ،
جاھان ھەيرانلىقتا تاڭ قالسۇن شۇ تاپ .
بولىدۇ ھېسابىڭدىن ئاشكارا مەلۇم ،
پەرزەنتىمدىن قانداق ئەيلىدىڭ مەھرۇم .
قانداق پەرمان قىلدىڭ : ئەجدىھا يېسۇن
بىگۇناھ ئوغۇللار تازا مېڭىسىن . »
تۆمۈرچى سۆزىگە شاھ قۇلاق سالدى ،
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ قالدى .
قايتۇرۇلسۇن دېدى ئاڭا پەرزەنتى ،
قاتارغا قوشۇلسۇن دىلى پەيۋەندى .
بۇ ياخشىلىق بىلەن نادان پادىشاھ ،
قىلماق بولدى ئۇنى ئۆزىگە ھەمراھ .
ئاندىن كاۋەگە قاراپ دېدى پادىشاھ :
« قېنى بۇ نامەگە سەنمۇ قوي ئىمزا ! »
يارلىقنى ئوقۇغاچ كاۋە تۆمۈرچى ،
كۆزىدىن ئوت چاقناپ ، ئۆرتەندى ئىچى .
پادىشاھقا دېدى : « خۇدا بىخەۋەر ،
دېۋىگە بولۇپ قېلىپسىز مالاي – ئەسكەر .
ئەھرىمەن سۆزىگە بېرىپسىز دىلنى ،
دوزاخقا توپتوغرا ئېلىپسىز يولنى .
بۇ نامەگە ئىسمىم يازغايمەن ئەسلا ،
ھېچ قورقۇتالمايدۇ مېنى ئەجدىھا . »
غەزەپتىن دىر – دىر تىترەشكە باشلىدى ،
يارلىقنى يىرتتى – دە ، يەرگە تاشلىدى .
ئارزۇلۇق پەرزەنتى بىلەن ئىككىلەن ،
غەزەپ بىلەن چىقتى كوچىغا شۇئان .
كاتتىلار پادىشاھقا ئېيتىپ ئاپىرىن ،
دېيىشتى : « سەندۇرسەن سۇلتانى زېمىن .
بېشىڭدىن ئۆتەلمەس جەڭ كۈنى ھەتتا ،
پەلەك بورانلىرى ۋەلى ، ئەجەبا ،
نېچۈن ھۇزۇرۇڭدا بەك قىزىپ كاۋە ،
تەگداشلاردەك قىلدى سۆز – چۆچەك ، غەۋغا ؟
ساڭا ساداقەتتىن ئەھد پەيمانىمىز ،
نامەنى دەسسىدى ، كۆيدى جېنىمىز .
يۈرەكلەر ئاداۋەت – غەزەپكە تولدى ،
فەرىدۇننىڭ ئىشىدىن كۆڭۈل غەش بولدى .
كۆرمىدۇق ئالەمدە بۇنداق رەسۋا ئىش ،
قېتىپ قالدۇق ، كۆڭۈللەردە مىڭ تەشۋىش ! »
مەشھۇر پادىشاھ بېرىپ ئۇلارغا جاۋاب
دېدى : « ھالىم ئەجەب بولدى ، كۆڭلۈم ئاب .
كاۋە بۇ ئىشكتىن كىرىشى بىلەن ،
ئاۋازىنى قۇلىقىم ئاڭلىشى بىلەن ،
مەن بىلەن تۆمۈرچى ئارىدا بىردىن ،
بىر تاغ پەيدا بولدى گويا تۆمۈردىن .
بىلمىدىم نېمە بولۇر بۇندىن سوڭ ھالىم ،
كىشى بىلەلمەيدۇ پەلەكنىڭ پالىن . »
كاۋە شاھ ئالدىدىن چىقىشى ھامان ،
ئورىۋالدى ئۇنى ئاۋام ، ئالامان .
ئۇ تىنماي ۋارقىراپ ، پەرياد دەپ بارار ،
ئادالەتچۈن قوزغال ھەرزات ، دەپ بارار .
بەرداش بېرەر پەرتۇقىن ئاتەش كۆچىگە ،
يۆلدى – دە ، باغلىدى نەيزە ئۇچىغا .
بايراقنى كۆتۈرۈپ ماڭغىنى ھامان ،
بازار ئىچىدە چىقتى پەلەككە توزان .
ۋارقىراپ تۆمۈرچى دەر : « ئەي ئالامان ،
ئەي دىلىدا ياخشىلىق ، كۆڭلىدە يەزدان .
بارلىق كىشى فەرىدۇن نامىنى دېسۇن ،
باش كۆتۈرۈپ ، زەھھاك ئۆلۈمىن تىلىسۇن .
فەرىدۇن قېشىغا يىغىلىپ بىر – بىر ،
ئۇنىڭ سايىسىدىن تېپىڭلار ھۇزۇر .

قوزغىلىك ، بۇ پادىشاھ ئەسلى ئەھرەمەن ،
ياراتقۇچىغا ئۇ ئەشەددىي دۈشمەن ! »
تەگسىز ئاشۇ پەرتۇق ، شۇ خورۇم بايراق ،
ئاجرىتاتتى كىم ياۋ ، كىم ئىجىل ـ ئامراق .
تۆمۈرچى باسماقتا ئىلگىرى تامان ،
قوشۇن توپلىنار چۆمۈلىسىمان .
فەرىدۇن يولىنى بىلدى تەخمىنلەپ ،
ئاشۇ ياققا قەدەم باستى جېدەللەپ .
يىگى سەردار ياققا كېلىشتى يېتىپ ،
ئۇنى « ئۇررا » بىلەن ئېلىشتى كۆتۈپ .
نەيزە ئۇچىدىكى كاۋە پەرتۇقىن
شاھ بايراق ئاتىدى ياساپ قايتىدىن .
يىپەككە ئورىدى ، زەردىن بېزەتتى ،
گۆھەرۇ ئالماستىن مۇنچاق قاداتتى .
تولۇن ئاي مىسالى بۇ تۇغدىن ئىقبال
ۋە بەخت بولۇپ قالدى شاھقا ئىستىقبال .
بىر يېقى سېرىق ، كۆك ، قىزىل بىر يېقى ،
شاھ ئۇنى ئاتىدى « كاۋە بايرىقى . »
شۇندىن بۇيان كىمدە تاج كىيىش بەختى ،
كىمگە نېسىپ بولسا شاھانە تەختى ،
تاقار بۇ بايراققا خىلمۇ خىل گۆھەر ،
ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار ئۇنى بېزىتەر .
تۆمۈرچى پەرتۇقى ــ بۇ ئاددىي بايراق ،
كۈندىن ـ كۈنگە بولدى گۆھەردىن پارلاق .
يىپەكتىن يالتىراق ، پارلاق ئالتۇندىن ،
شاھانە يۇلتۇزى بولدى قايتىدىن .
قاراڭغۇ كېچىلەر بەئەينى خۇرشىد ،
جاھانغا نۇر بېرەر ، كۆڭۈلگە ئۈمىد .
يەنە كۈنلەر ئۆتتى ئىستىقبال نىھان ،
ھېچكىمگە سىرىنى سۆزلىمەس جاھان .
فەرىدۇن نەزەرىدە بۇ يىگى ئالەم ،
زەھھاك شاھ زۇلمىغا قوزغالمىش لازىم .
بەل باغلاپ كەلدى ئانا ھۇزۇرىغا ،
شاھانە كۇلاھىن كىيىپ بېشىغا .
دېدى : « مەن كېتەرمەن ، مەيدان مۇددىئا ،
سېنىڭ ئىشىڭ بولسۇن كۈنۈتۈن دۇئا .
جاھان ئىگىسىدىن باشقىنى ئۇنۇت ،
ياخشى يا يامان كۈن ھەممىسىنى تۇت . »

ئانا دىلى قانۇ كۆزىدە يېشى ،
پاك تەڭرى يادىدا ، ئېگىلدى بېشى .
تەڭرىگە دېدىكىم : « ئوغلۇمنى زىنھار
ساڭا تاپشۇردۇم ، ئەي پاك پەرۋەردىگار .
جېنىنى يىراق تۇت خەۋپ ـ خەتەردىن ،
دۇنيانى تازىلا ئەقىلسىزلاردىن . »
ئالەمگە جار سالماي ، جىمجىت ۋە بىئۈن
سەپەر ھازىرلىقىن قىلار فەرىدۇن .
فەرىدۇننىڭ ئىككى ئۇكىسى بار ئىدى ،
ئىككىسىگە بەختۇ ئىقبال يار ئىدى .
كەيانۇش ئۇلاردىن بىرىنىڭ نامى ،
يەنە بىرى پۇرمايا ، شادلىق ئۈمىدى .
فەرىدۇن ئۇلارغا سۆزلەپ بەك خۇش ـ شاد ،
دېدى : « بولۇڭلار ، باھادىرلار پات .
بىزگە سائادەتتىن كەلمەكتە دېرەك ،
ئۇلۇغلۇق كۇلاھىن ئاتارمىش پەلەك .
چىللاڭ تۆمۈرچىلەر ، كەلسۇن بىلىمدان ،
بىزگە ياساپ بەرسۇن گۇرزىيۇ گەران .
ئۇكىلار بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھامان ،
يۈگۈردى تۆمۈرچى بازىرى تامان .
كىم ئەمدى جاھانغا شان سالماق بولدى ،
فەرىدۇن تەرەپكە يول ئالماق بولدى .
باھادىر قولىغا ئېلىپ تېز پەرگار ،
گۇرزە رەسمىن قىلدى توپىغا نىگار .
يەر يۈزىدە بولدى بىر رەسىم پەيدا ،
ئۆكۈز باشلىق گۇرزە ، ھەيۋەتلىك بالا .
تۆمۈرچىلەر بېرىپ قولىنى قولغا ،
باتۇر بۇيرۇتمىسىنى سېلىشتى يولغا .
كەلتۈرۈلدى گۇرزە ئۇلۇغ قېشىغا ،
پارقىرىشى رەشىك سالار قۇياشقا .
گۇرزە خوپ ئىدى ، پۇختا ۋە زىبا ،
ئىنئام بەردى ئالتۇن ، كۈمۈش ۋە دوپپا .
ئۇلارغا ۋەدىلەر بەردى دىلاۋەر :
ئۇلۇغلۇق ، خۇشاللىق ، پاراۋانلىق ، زەر .
دېدى : «ئەجدىھانى لەھەتكە قوغلاي ،
دىلىڭىزدىن ئەلەم ـ زەرداپنى يۇياي .
تەڭرى نامىن دىلدا يادقا ئېيپ تەكرار ،
جاھانغا ئادالەت ، بەخت ئېتەي بەر قارار . »

## فەرىدۇننىڭ زەھھاكقا قارشى جەڭگە ئاتلانغانلىقى

فەرىدۇن بېشى تىك، قوياشنى چىللاپ،
ئاتا قەستى ئۈچۈن بېلىنى باغلاپ،
خۇردات كۈنى جەڭگە ئاتلىنىپ شادان،
بولدى خوپ پال بىلەن يولىغا راۋان.
قوشۇن بىلەن تولۇپ كەتتى دەرگاھى،
بۇلۇتقا يېتەتتى ئۇنىڭ بارگاھى.
يەپ ــ ئىچىپ يايرىدى، كەيپىمۇ ئاشتى،
ھارغىنلىق شاھ كەيپىنى ئۇيقۇغا تارتتى.
بايقىدى ھېلتىن تەڭرى ئاڭا يار،
بايقىدى فەرىدۇن شاھ بەختى بىدار.
ئۇكىلار ئۇيقۇسى قېچىپ تۇرۇشتى،
يامانى ئويلىشىپ ئاستا يۈرۈشتى.
بۇ جاينىڭ بىر يېقى بۇرزكوھ ناملىق تاغ،
ئىككىسى تاغ ياققا كەتتى دىلى زاغ.
تاغ باغرىدا ياتار ناز ئۇيقۇدا شاھ،
تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەن كېچە سىمسىياھ.
يېقىن كەلدى يالغۇز ئىككى بۇرادەر،
ھېچكىم بىلمەس ئىدى بۇلاردىن خەۋەر.
تاغدىن قومۇرۇشتى يوغان بىر تاشنى،
يانچىماقچى بۇ ئىككىسى شاھ بېشىنى.
دوملاتتى شاھنى نىشانغا ئېلىپ،
پۈتۈن تاغ، دالىغا غۇلغۇلا سېلىپ.
ئەمدى شاھنى ئۆلدى دەپ ھېسابلىدى،
پارە ــ پارە بولدى دەپ ھېسابلىدى.
گۈلدۈر ــ قاراستىن شاھ بولدى بىدار،
ئۆزىنى ساقلاپ قالدى پەرۋەردىگار.
ئەپسۇن بىلەن ئۇ تاش ئۆز جايىن ئالدى،
دوملاپ چۈشمىدى توختاپلا قالدى.
ئۇكىلار چۈشەندى بۇڭا خۇدا يار،
ئەمدى قانچە قىلما، ھەممىسى بىكار.
فەرىدۇن دەشنەمدىن تارتىپ تىلىنى،
يولغا ھازىرلاندى باغلاپ بېلىنى.
سىپاھنى چاپتۇردى، ئالدىدا كاۋە،
ئىلگىرى يۈرۈشتى، ئالدىدا كاۋە.
ئېگىزدە يەلپۈنەر كاۋە بايرىقى،
شاھانە، نۇرئەفشان، دانا بايرىقى.
ئەرۋانرۇد تەرەپكە مەردانە قاراپ،
ماڭدى ئۇ شىددەتلىك قەدەملەر تاشلاپ،

پەھلەۋى سۆزى ساڭا بولسا گەر مۇجمەل،
ئەرۋەندنى ئەرەبچە دەجلە دەپلا بىل.
دەجلە قىرغىقىدىن ئازاد شاھ شۇئان،
ئات سالدى باغدات شەھىرى تامان.
ئەرۋەند قىرغىقىغا ماڭغان ئاشۇ دەم،
سالچىلارغا ئۇ قىلدى خۇش سالام.
ئەرەبچە: «ھەممىنى ئىشقا سال، ــ دېدى، ــ
قالمىسۇن بىرەرمۇ كېمە، سال، ــ دېدى، ــ
بارىنى ھەيدەپ كېلىپ قىرغاققا،
ھەممىنى ئۆتكۈزۈڭ نېرىقى ياققا!»
كېمىچى بۇ سۆزگە قۇلاق سالمىدى،
شاھىنشاھ سۆزىگە پەرۋا قىلمىدى.
جاۋاب بېرىپ دېدى: «ماڭا پىنھانە
شۇنداق پەرمان كېلىپ يەتكەن شاھانە:
مېنىڭ مۆھرۈم بىلەن كەلمىسە پەرمان،
بۇندىن قوزغالمىسۇن كېمە ھېچقاچان!»
فەرىدۇن غەزەپتىن چۆمدى غەرق تەرگە،
ۋەھشىي دەريا ۋەھىمە سالالماس ئەرگە.
شاھانە بەل باغلاپ، قورالنى ئاستى،
شىر سۈپەت ئېتىغا قامچىنى سالدى.
سەردارى كەينىدىن ھەممە لەشكىرى،
ئۆزىنى سۇغا ئاتتى ھەممە ــ بارچىسى.
ئاتلار بورانىدىن دولقۇنلار تاشتى،
سۇ گاھ ئات بېشى، گاھ ئىگەردىن ئاشتى.
ئوقتەك ئۈزدى ئاتلار سۇغا تەگمەي يال،
ئاتلاردىنمۇ تېزرەك ئۇچىدۇ خىيال.
قىرغاققا چىقىشتى، قۇرۇتتى ھۆلنى،
بەيتۇل ــ مۇقەددەسكە بۇراشتى يولنى.
پەھلەۋىچە قىلساڭ ئىزاھاتىنى،
دىجخوخت دېيىشەر ئۇنىڭ نامىنى.
ئەرەبلەر مۇقەددەس ئۆي دەيدۇ ئۇنى،
زەھھاك سالغاندى ئەسلىدە بۇنى.
چۆل كېزىپ شەھەرگە يېقىن كېلىشتى،
زەپەر ئىزدەپ، مىسلى چېقىن كېلىشتى.
بىر مىل يەردىن فەرىدۇن تاشلاپ نىگاھ،
شەھەر ئوتتۇرىسىدا ئوردا كۆردى شاھ.
ئايۋىنى، پەشتىقى كەيۋاندىن بەلەند،
گوياكى قىلماقچى بۇلۇتلارنى بەند.

كۆكتىكى مۇشتىرى كەبى نۇر چاچار ،
ئارام ۋە شادلىقلار يولىنى ئاچار .
شاھ بىلدى : « ئەجدىھا ئۇردىسى شۇندا ،
ئۇلۇغلۇق ، تاجۇ تەخت چىرايى شۇندا .
دوستلارغا دېدىكى : «قارا تۇپراقتىن
شۇنداق ھەشمەتلىك ئۆي قۇرغانىكەن .
قورقىمەنكى ، ئۇنىڭ بىلەن بۇ جاھان
بىرەر سىرنى ساقلار جاھاندا نىھان .
دېمەك توختىماستىن جەڭ قىلىش كېرەك ،
تېز بېرىپ ياۋ ھالىنى بىر بىلىش كېرەك ! »
شۇنداق دەپ قولىنى گۇرزىگە ئۇردى ،
دېۋىتىپ ئېتىنى يولغا بۇرىدى .
ئۇردىدىكىلەر ھەيران : بۇ قانداق تۇغ ؟
بىردىن پەيدا بولدى گويا زور بىر چوغ .
ياش پادىشاھ ئات بىلەن كىردى ئۇردىغا ،
دۇنيادا يېگانە ئەر كەلدى بۇ جايغا .
ئىشكتە يوق ئىدى بىرمۇ ياساۋۇل ،
مىڭ شۇكۇر ئەيلىدى فەرىدۇن خۇشال .

## فەرىدۇننىڭ جەمشىدنىڭ سىڭىللىرىنى ئۇچراتقانلىقى

زەھھاك قۇرغان مۇدھىش سېھىرلىك تىلسىم ،
ئاسمانغا بوي سوزۇپ تۇرار ئىدى جىم .
تەڭرى نامى ئۇندا قىلىنمايتتى ياد ،
فەرىدۇن قىلدى بۇ قەسرنى بەربات .
بىرەر كىم شاھ يولىنى توسماق بولغان چاغ ،
ئۆكۈز باش گۇرزىدە قىلاتتى پاچاق .
سېھىرگەرلەر تولۇق ئىدى ئۇردىدا ،
ھەممە دېۋىلەر تولۇق ئىدى بۇ جايدا .
ئېغىر گۇرزە بىلەن باشلىرىن يەزدى ،
جادۇگەر تەختىگە قەدىمىن ئالدى .
زەھھاك كۆرۈنمەيتتى ، يوق ئىدى لەشكەر ،
فەرىدۇن ھەرياققا تاشلىدى نەزەر .
شاھ خانىسىدىن چىقتى ئىككى قىز ،
كۆزلىرى قاپقارا ، ئاپئاپ ئىدى يۈز .
قىزلار بەدىنىنى يۇدۇرۇپ ئاۋۋال ،
ئاندىن بەردى روھىغا ھۆسن ـ جامال .
ئۇلارغا ھەق يولىنى نامايان ئەتتى ،
سېھرۇ جادۇ يولىنى بايان ئەتتى .
ئۇلارنى ئۆستۈرگەنىدى بۇتپەرەس ،
دائىم ساراسىمدە ، مىسالى بەدمەست .
جەمشىد سىڭىللىرى ئىككىلىسى ھەم
نەرگىستىن ئېقتتى قىزىلگۈلگە شەبنەم .
فەرىدكە دېيىشتى سۆز ئېچىپ خەندان :
جاھان بەك ئۇزۇن ، سەن تۇر نەۋقىران .
يۇلتۇزۇڭ قاياقتىن چىقتى ، ئەي يار بەخت ،
بۇ مېۋىنى بەردى قايسى بىر دەرەخ ؟
يىرتقۇچ ئۇۋىسىغا سەن دادىل كەلدىڭ ،
زۇلمەتلىك بۇ جايغا روشەن دىل كەلدىڭ .
قىسمىتىمىز ئىدى بۇندا رەنج ، بالا ،
ئېگىمىز جىنزادە ، زالىم ئەجدىھا .
ئەقلىسىز ، جىنزادە بەرمەي ئامانلىق ،
جاھان ئىشى بولدى بىزگە يامانلىق .
كۆرمىدۇق سەندەك دىلاۋەر كىشى ،
سېنىڭدەك باھادىر ، گۈل ھۈنەر كىشى .
ھېچ قىلالمايتتۇق تاج ئارزۇسىنى ،
ئەجدىھا يۇرتىنىڭ باج ئارزۇسىنى ! »
فەرىد دېدى : « قالماس ھېچ كىشىگە تەخت ،
ھېچكىمگە مەڭگۈلۈك ئەمەس ئۇ بەخت .
مېنىڭ ئاتام ئىدى بەختىيار ئاتىبىن ،
زەھھاكقا رام بولدى بۇ ئىران زېمىن .
بەرمايە ئىنىكى ، باققان مېنى ئۇ ،
بەدىنى يالتىراق ، نەسلى ئېسىل ئۇ .
تىلسىز شۇ جانىۋار قېنى بىلەن خاك
قىزىل بولدى ، بۇندىن نې تاپتى ناپاك ؟
ئاخىر جەڭ قىلدىرىپ باغلىدىم بېلىم ،
ئىراندىن بۇ تامان سەپەر باشلىدىم .
ئۆكۈز باشلىق گۇرزە يانچار بېشىنى ،
شەپقەتسىز ئاققۇزاي كۆزدىن يېشىنى ! »
سۆزلىرىن ئاڭلىغاچ گۈزەل ئەرنەۋاز ،
سۆز ئاچتى ، تۆكۈلدى پاك دىلىدىن راز .
دېدىكىم : « سەن ئەمەسمۇ فەرىدۇن سۇلتان ،
جادۇگەر روزىغارىنى قىلغۇچى ۋەيران .
زەھھاك سەلتەنەتىن قىلارسەن بەربات ،
ئىشىڭدىن جاھاننىڭ ئىقبالى خۇش ـ شاد .

پادىشاھ نەسلىدىن ئىككى پاكىز گۇل
قورقۇشتىن ئەجدىھاغا بولغاندۇق قۇل .
بىلمىسە ئەجدىھاغا ياستۇقداشلىقنى ،
كىم ئارزۇ قىلىدۇ بۇ بىباشلىقنى . »
فەرىدۇن جاۋابەن دېدى : « ئالدىدا
ماڭا پەلەك مەدەت ئەيلىسۇن ئاتا .
ئەجدىھا قەدىمىن قۇرۇتاي يەرىدىن ،
جاھان پاكىزلىك تاپسۇن بۇ ئەردىن .
ئەمدى راستىنى ئېيتقىن ، نەدە جاپاگەر ،
نەدىن ئاڭلايمەن ئەمدى زىر ـ زەۋەر ؟ »
ئەجدىھا زاۋالىن قىلىپ ئىختىيار ،
گۈزەللەرنىڭ سىرىن ئاڭلىدى ئاشكار .
دېدىكىم : « تاللىغان يولى ھىندىستان ،
ھىندى يېرىنى قىلارمىش جادۇستان .
زامان ئىشلىرىدىن قورقۇپ كەتتى ئۇ ،
مىلك ـ مىڭلاپ بىگۇناھ باشنى كەستى ئۇ .
بىر دانا قىلغانتى ئاڭا بېشارەت :
سەندىن ، خالىي قالار تەختۇ ئىمارەت .
فەرىدۇن ئالىدۇ سەندىن تەختىڭنى ،
سۇلدۇرار ئۇ كۈنى كۈلگەن بەختىڭنى .
دىلىن ئاتەش كۆيدۈردى بۇ مۇدھىش پالدىن ،
كۆيدى ئىستىقبالى ئاچچىق زاۋالدىن .
پەرەندە ـ چەرەندە ، ئادەم قېنىنى
تۆكۈپ ئۇ ساقلىماق بولدى جېنىنى .
بەدەن ، يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ قان بىلەن ،
ئۆزگەرتمەك بولدى پالىنى تۈپتىن .
شۇندىمۇ مۇرىسىدە ئىككى ئەجدىھا ،
دۇنيادا ئادەمزات كۆرمىگەن بالا .
يۇرتتىن ـ يۇرتقا كۆچەر ، ئۇيقۇمۇ ھارام ،
ئەجدىھا زۇلمىدىن تېپىلماس ئارام .
يېقىن كېلىپ قالدى قايتىش پۇرسىتى ،
بىر جايدا تۇرۇشقا يوق قانائىتى . »
شۇ ئىدى ئايالىلار نەقلى بىردىنبىر ،
سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى باھادىر .

## فەرىدۇن بىلەن زەھھاك نازىرى ھەققىدە قىسسە

زەھھاك يۇرتىدىن قىلغاندا سەپەر ،
بىر ۋەكىل قالدۇراتتى ھەر سەپەر .
جېنىن ئايىمايتتى زەھھاك يولىدا ،
تەختۇ غەزنە قالار ئۇنىڭ قولىدا .
كۇندەرەۋ دېيىشەتتى نامىنى ئۇنىڭ ،
چىققان ئۇچىغا بار ياۋۇزلۇقىنىڭ .
سارايغا يۈگۈرۈپ كەلدى ، كۇندەرەۋ ،
يېگى پادىشاھ تۇرار ئۇندا باھارنەۋ .
تەخت ئۆزرە خاتىرجەم ئالغاندى جاي ،
گويا سەرۋى ئۇچىدىكى ئون تۆت كۈنلۈك ئاي .
بىر ياقتا قامىتى گۈزەل شەھرىناز ،
بىرياقتا يۈزلىرى ئايدەك ئەرنەۋاز .
شەھەرنى قاپلاپتۇ فەرىد لەشكىرى ،
ئىشىكتە تۇرۇشار بەل باغلاپ بارى .
نە ۋەھىمە يوق ئۇندا ، نە بىر سورىقى ،
شۈكرانىلەر ئېيتىپ ، قويدى بېشىنى .
فەرىدۇننى قۇتلىدى : « ئەي شەھرىيار ،
دۇنيا سىزگە مەنسۇپ ، زەپەر بەختىيار !
فەرىدۇن جاھانغا تارقاتتى زەر نۇر ،
شاھلىق ساڭا لايىق ، مەڭگۈ ياشناپ تۇر .
يەتتە ئىقلىم قىلغاي سېنى ئىنتىھاپ ،
باھار بولۇتىدەك كەڭرى بول بىھېساب . »
فەرىدۇن بۇيرۇدى ، يېقىنراق كەلدى ،
نى ھادىسە ئۆتتى ، ھەممىنى بىلدى .
دىلاۋەر شاھ بەردى شاھانە پەرمان :
« تەييارلا شاھانە بەزمۇ داستىخان !
يېقىلسۇن گۈلخانلار ، ھاپىز ـ سازەندە
چوڭ داستىخاندا جەم بولسۇن ھەممە .
يەنە داڭلىقلارنى بەزمىگە چاقىر ،
ماڭا تەڭ تۇرارنى بەزمىگە چاقىر .
ھەممىنى يىغىپ كەل مېنىڭ تەختىمگە ،
يايراپ ، قوشۇلسۇن مېنىڭ بەختىمگە ! »
ئۇنىڭ پەرمانىنى تىڭلاپ كۇندەرەۋ ،
سۆزىنى دەرھاللا ئەيلىدى بەجا .
ناز ـ نېمەت ، مەي ، سازەندە تەخمۇتەخ بولدى ،
شاھ بەزمىگە لايىق كىشى يىغىلدى .
فەرىدۇن مەي ئىچىپ ، نەغمە تىڭشىدى ،
تاڭغىچە شاھانە بەزمە تىنمىدى .

تاك ئاتار ـ ئاتماستا چىقىپ كۇندەرەۋ
يولغا راۋان بولدى، ئاستىدا تۇلپار.
ئېتىن قامچىلاپ، جېدەللەپ دەرھال،
زەھھاك ياققا چاپتى، مىسالى شامال.
زەھھاك ھوزۇرىغا بېرىپ، بىرمۇ بىر
پۈتۈن كۆرگىنىدىن يەتكۈزدى خەۋەر.
دېدى: « ئەي شاھىمىز، شاھلارنىڭ شاھى،
كەينىگە كېتىپتۇ ئىشىڭ بۇ كۈنى.
ئۈچ ھاكاۋۇر كىشى چامداپ تەختىڭگە،
كېلىپ چاڭ سېلىشىپتۇ تەختۇ بەختىڭگە.
ئۇلاردىن كىچىكى سەرۋى قامەت ئەر،
شاھانە بەستىدىن ھەيران قالار شىر.
ياشتا كىچىك، ئەمما ھۆرمىتى ئارتۇق،
پەلەك ئۇلۇغلۇقنى قىلارمىش تارتۇق.
گۈرزىسى مىسالى تاغدىن بىر پارچە،
ئۇنىڭ زەربىگە چىدىيالماس بارچە.
ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئىككى باھادىر،
ئات چاپتۇرۇپ كەلدى، ھەر ئىشقا قادىر.
تەختىڭگە ئولتۇردى، تاجىڭنى كىيدى،
سېھرۇ نەيرىڭىڭنى قىيما قىپ ئەزدى.
قەسرىڭدە كىم بار، باتۇر ـ باھادىر
ھەممىسىن غۇلاتتى، ئاغدۇردى بىر ـ بىر.
باشلىرىنى كېسىپ ئاتتى مەيدانغا،
مېڭىسىنى چۇۋۇپ مىلدى قانغا! »
زەھھاك دېدى: « بەلكى مېھماندۇر ئۇلار،
مېھمان بولغاچ، بەختتىن نىشاندۇر ئۇلار. »
كۇندەرەۋ جاۋاب بەردى: « ئەي شاھ، ئەزىزە،
نې مېھمانكى، قولىدا ئۈكۈز باش گۈرزە.
تەختىڭگە تەپ تارتماي كېلىپ ئولتۇردى،
تاجۇ كەمرىڭدىن نامىڭ ئۆچۈردى.
يۇرتۇڭنى ماڭدۇردى ئۆز رايىغا شىر،
سەن ئۇلارنى ‹مېھمان› ئاتىساڭ ئاتاۋەر. »
ئاڭا زەھھاك دېدى: « نېمە بۇنچە غەم،
ناچار مېھمان پالىدا كېلەر خۇش قەدەم. »
« سۆزلىرىڭ ئاڭلىدىم، ـــ دېدى كۇندەرەۋ، ـــ
سۆزۈمگە قۇلاق سال سەنمۇ ئەي خۇسرەۋ.
ئۇ باھادىر بولسا مېھمانىڭ ئەگەر،
ئىچكىرى خانەڭدىن ئاڭلا زىر ـ زەۋەر.
جاھاندار جەمشىدنىڭ سىڭىللىرى ھەم،
ئۇنىڭ بۇيرۇقىدا بويۇنلىرى ھەم.
بىر قولىدا سىلار شەھرىنازىڭ ئۇ،
بىرىدە ئەركىلىتەر ئەرنەۋازىڭ ئۇ.
قارا تۈن كەلگەندە بۇندىنمۇ بەتتەر،
ياستۇقىنى مۇشكى ـ ئەنبەردىن قىلار.
نە مۇشكى، جانانىڭ قارا زۇلپى ئۇ
سۆيگەن ئەركەك، جانىڭ قارا زۇلپى ئۇ. »
زەھھاك غەزەپتىن مىسالى كەركىدان،
بۇ سۆزلەردىن ئۆلۈم كۆرۈندى ئاسان.
بۇ شور بەخت شاھقا نېمە يامانلىق ئەتتى،
بۇ ھاقارەتلەردىن يىغلاپلا كەتتى:
« سارىيىمدا ئەمدى نامىڭ بولمىسۇن،
قەدىمىڭ ئۈزۈلسۇن، جامىڭ تولمىسۇن! »
ئاڭا ساراي بېگى دېدىكى ئاشكار:
گۇمانىمنى ئاڭلا ئەمدى شەھرىيار،
ئۆزۈڭ تاپالمىساڭ شەھرىڭدىن نىشان،
قانداق قىلىسەن مېنى ئۇندا شەھەرىبان؟
غەزىنەڭ خېمىردىن قىل سۇغارغاندەك
ئەكەتسە، مەن غەزىنىچى بولىمەن قانداق؟
بۇگۈن پېشانەڭگە يېغىپتۇ شور،
دۆلىتىڭ كەتمەكتە، ئۆز چارەڭنى كۆر.
ئۆز چارەڭنى كۆر، دەپ كەلدىم قېشىڭغا،
بولمىسا مۇدھىش ئىشلار چۈشەر بېشىڭغا! »

## فەرىدۇننىڭ زەھھاكنى بەند قىلغانلىقى

زەھھاك قۇلىقىغا يېتىپ بۇنداق سۆز،
غەزەپكە كەلدى ـ دە، ئېيتتى شۇنداق سۆز.
دېدى: « ئاتلارغا تېز ئېگەر توقۇلسۇن!
ئاتلارمۇ تېزلىكتە بولسۇن بىر ئۇچقۇن. »
ئەسكەرنى تېزلىكتە يىغدى زەھھاك شاھ،
ھەممىسى جىن ـ دىۋە، جەڭگىۋار سىپاھ.
لەشكىرى بېشىدا جەڭگە يول ئالدى،
لەشكىرىن تېزلەتتى، ئۇر ـ قىرغا سالدى.
فەرىدۇن سىپاھى تاپقاندا خەۋەر،
يوشۇرۇن ئېدىرلارغا توپلاندى لەشكەر.

جەڭ باشلاندى ، باش تۆكۈلدى مۆلدۈردەك ،
ھەممە جاي ئۆلۈكلەر ، ئاقتى قان سەلدەك .
كىمگە جەڭگىۋارلىق روھى بولسا يار ،
تاملاردا ، ئۆگزىدە شە خەلقى بىسيار .
ھەممىسى زەھھاكتىن بولغان باغرى خۇن ،
ھەممىنىڭ ئارزۇسى ، رايى فەرىدۇن !
كوچىلاردا ئۆتكۈر قىلىچ كېسەر باش ،
ئۆگزىلەردىن ياغار ياۋغا كېسەك ــ تاش .
ياغدۇ مىسالى باھاردىكى سەل ،
ياغدۇ بەرمەي ھېچ كىشىگە سۆز ، يول .
شەھەردە كۆپ ئىدى قىران بەرنالار ،
كۆپ ئىدى جەڭنى بىلگەن قېرى دانالار .
زەھھاك نەيرەڭىدىن بوشاپ شۇ زامان ،
كېلىشتى فەرىدۇن لەشكىرى تامان .
پالۋانلار قەھرىدىن تاغلار دىرىلدەر ،
ئاتلار تۇيىقىدىن تۇپراق تىلغىنار .
گوياكى قارا بۇلۇت جەڭ قۇيۇنى ،
ھەممە ياقتا قايىنار نەيزە ئويۇنى .
بىر ئاۋاز ياڭرىدى ئىبادەتخانىدا :
« فەرىدۇن » دەر خەلق زەھھاكتىن زىندە .
« فەرىدۇنغا تەۋە بولۇر قېرى ــ ياش ،
ھېچكىم پەرمانىغا تولغىمايدۇ باش .
خالىمايمىز زەھھاك سەلتەنىتىنى ،
ئەجدىھا ئاپىتى ، كاساپىتىنى . »
بىرلىشىپ لەشكەر شەھەر خەلقى بىلەن ،
شىددەتلىك جەڭ قىلدى تولىمۇ بەلەن .
يورۇق شەھەر جەڭدىن قاراڭغۇ بولدى ،
قۇياش خىرە ، ئەتراپ توزانغا تولدى .
ھەممە ئىنتىقام دەر ، ياۋ مېڭىسىن چاق ،
لەشكىرىنى تاشلاپ قاچتى شاھ زەھھاك .
ساۋۇت ، دۇبۇلغىغا ئورىنىۋالدى ،
كۆرگەن ئادەم ئۇنى تونۇماي قالدى .
ئاتمىش غۇلاچ ئارقان ئېلىپ قولىغا ،
پىنھانە چۈشتى ئۇ قەلئە يولىغا .
تام تۆپىسىدە كۆردى شەھرىناز ،
كۆزلىرىدە جادۇ ، چېھرىدە خۇش ناز ،
ئىككى كۆزى كۆندۈز ، ئىككى زۇلفى تۈن ،
سۆز ئېچىپ زەھھاكنى قارغىدى مەھزۇن .
رەشكتىن ئۆرتەندى ، كۆزلىرىدە قان ،
ئوردا تېمىدىن تاشلىدى ئارقان .
نە تەختى يادىدا ، نە ئەزىز جېنى ،
ئارغامچىدىن سىيرىلىپ چۈشۈش خىيالى .
ئۆتكۈر خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ قىنىدىن ،
نامىن دېمەي ، پەردە ئاچماي يۈزىدىن ،
پەرىچېھرىلەرنىڭ قېنىغا تەشنا ،
تاشلاندى غەزەپتە ، ناپاك ئۇ ئەبگا .
ئەمما پۇتى يەرگە تەگمەستىن بۇرۇن ،
قاپلاندەك تاشلاندى ئاڭا فەرىدۇن .
بېشىغا گۇرزە تەگدى ، دۇبۇلغىسى چاك ،
ئۆزىنى ئوڭلالماي قالدى ئۇ زەھھاك .
پەيدا بولدى پەرىشتە سۇرۇش شۇئان ،
دېدىكىم : « ئۆلتۈرمە ، يەتمىدى زامان .
چىڭ باغلاپ پۇت ــ قولىنى تاغقا سۆرىسەڭ ،
ئىككى تاغ ئارىسى كېلەر ئاڭا تەڭ .
ئاشۇ يەرگە ئۇنى ئەيلىسەڭ بەندى ،
يول تېپىپ بارالماس ئەسلى پەيۋەندى .
فەرىدۇن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھامان ،
يولۋاس تېرىسىدىن ئەشتۈردى ئارقان .
سىرتماق سېپ باغلاندى قول ، گەدەن ، بەل ھەم ،
ئاجرالمايتتى ھەتتا قۇترىغان پىل ھەم .
شەۋكەتلىك فەرىدۇن زەر تەختكە چىقتى ،
ناپاك قانۇنلىرىن لەھەتكە تىقتى .
بۇيرۇدى ، جارچىلار شۇنداق سالسۇن جار :
« ئەي ئاقىل خالايىق ، نامدارۇ دىلبەر ،
ئۇرۇش ئەسلىھەسىن تاشلاڭلار تامام ،
ئۇرۇشتىن ياخشى نام تاپمايدۇ ئاۋام .
چېرىك ۋە ھۈنەرۋەن بىر خىللا ھۈنەر ،
ئىزدىسە ، نېمۇمۇ ۋۇجۇدقا چىقار ؟
ھەممىدە ھۈنەرۇ ھەممە گۆرزىدار ،
ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئىشى بار .
بۇ قىلسا ئۇ ئىشنى ، ئۇ بۇنىڭ ئىشى ،
كېلەتتى گۈلى گۈلىگە پۈتۈن زېمىن .
بۇگۇن بەند بولدى جادۇگەر زەھھاك ،
خالايىققا ئەندىش سالغان ئۇ ناپاك .
ئەبەد ئامان بولۇڭ ، ياشاڭلار بىغەم ،
ئىشىڭىزغا بېرىڭ ھەممىڭىز خاتىرجەم .
خەلق قۇلاق سىلىپ شاھنىڭ سۆزىگە ،
دۇئا قىلدى ، ئىزىنى سۇرتۇپ يۈزىگە .

كېيىن شەھەردىكى ھەممە كاتتىلار ،
كۆمۈش ـ زەر ئېگىسى ، جىمىكى بايلار .
ھەر تەرەپتىن كەلدى پەرمانىغا زار ،
ھەممىسى قولىدا تۆھپە ـ سوۋغات بار .
فەرىدۇن ئۇلارنى كۆتەر ، قويۇپ تارتۇق ،
ھەممىسىن ماختايدۇ ئەقىلگە لايىق .
ھەممىگە پەند قىلار ، دىلدىن شاد ھەممە ،
ياراتقۇچى نامىنى قىلار ياد ھەممە .
دېدى : « بۇندىن كېيىن جايىمدۇر بۇ تەخت ،
بۇندىن كېيىن سىلەرگە باقىدۇ بەخت .
كۆپ ئىچىدىن مېنى تېپىپ ئۇ يەزدان ،
ئەلبۇرزدىن تاللاپ قىلغانتى تەيىن .
تەگرى پەرمانىنى مەن قىلىپ بەجا ،
جاھاننى پاكلىدىم سىزلەرگە يۇقرا .
ياخشىلىق ئەۋەتمىش بىزگە پاك ئىگەم ،
پەقەت ياخشىلىققا قويايلى قەدەم .
جاھانغا يېگانە بولسام شاھىنشاھ ،
دائىما بىر جايدا بولماس قارارگاھ .
سىز بىلەن بولۇشنى ئىزدەر ھامان دىل ،
ئەمما تۇرالماسمەن بۇندا مۇتتەسىل . »
ئۇلۇغلار تەزىمدە ، ھەممە يەر سۆيدى ،
ئەتراپىدىن ناغرا ئاۋازى چىقتى .
پۈتۈن شەھەر ئەھلى ھەرىكەتكە كەلدى ،
ئوردىغا ، پادىشاھقا خەير ـ خوشقا كەلدى .
ئەجدەر شاھنى ئېلىپ چىقىپ تاشقىرى
مەھكەم باغلاشتى ، قىلىپ سەرسانى .
شەھەردىن ـ شەھەرگە سەرسان قىلىشتى ،
ئاخىر تاغسىرى ھەيدەپ كېتىشتى .
زەھھاك بارار قول ـ پۇتى باغلاق ، خار ،
تۆگە كەينىدىن سۆرىلىپ زار ـ زار .
بىر جايغا بېرىشتى شىرخان دەپ نامى بار ،
قانداق جاھان بۇ ، ئەقىل تاڭ قالار . . .
دەشتۇ سەھرا ئارا نەچچە تۈنۈكۈن
ئۆتتى ، يەنە قانچە ئۆتتۇشى مۇمكىن .
باغلاقلىق زەھھاكنى قىلىشىپ ئوغلاق ،
شىرخانغا ئېپ كەلدى ئۇ بەختى ئويغاق .
ئېلىپ كىرىپ رەتمۇ رەت مەيدان ئارا ،
بېشىنى قىلماق بولدى تېنىدىن جۇدا .
يەنە نىدا كەلدى يۇكسەك سامادىن ،
قۇلىقىغا بىر سىر چۈشۈپ قازادىن .
دېدى : « بۇ بەندىنى دېمۇۋەندكە سۈر ،
قوشۇننى قالدۇرۇپ يالغۇز ئۆزۈڭ يۈر .
ئىشەنچلىك بىر قىسىم كىشى ئال پەقەت ،
قاتتىق كۆندە ئاڭا قىلمىغىن شەپقەت . »
ئۇچقۇردەك يۈرۈپ كەتتى شاھىنشاھ ،
ئۇتقۇننى ھەيدىدى بىر نەچچە ھەمراھ .
باغلاقنى قىلىشتى يەنە چەمبەرچاس ،
دۇنيادا تېپىلماس بۇنداق بەتبەخت ناكەس .
نام ھەممە نىشانى كېتىپ بولدى خاك ،
يامان ئىشلىرىدىن جاھان بولدى پاك .
قېرىنداش ـ تۇغقاندىن بولۇپ بىگانە ،
بەنتتە قالدى زالىم تاغدا يېگانە .
ئەتراپىنى تاپتى ئۇ جاي ، غار قېشىدا ،
تېگى كۆرۈنمەيتتى ھەرقانچە باقسا .
مېڭە يوق جايدىن مىخلىدى باشىنى ،
ئۆچۈرۈپ كۆزىدىن ھايات قۇياشىنى ،
قوللىرىنى مىخلاپ يوغان بىر تاشقا ،
قىيا تاشنى بوياپ قىپقىزىل قانغا .
تېگى يوق غاردا ئۇ ئېسىلىپ قالدى ،
يۈرەك قېنى ئېمىپ ، زېمىن بويالدى .
جاھاننى بەرمەيلى ، كېلىڭ ، يامانغا ،
ھەممىنى باشلايلى ، ياخشى نامانغا .
ياخشىمۇ ، يامانمۇ قالماس بەر قارار ،
ياخشىسى : « ياخشىلىق قالسۇن يادىكار .
ھەيۋەتلىك سارىيىڭ ، غەزىنەڭ ، پۇلۇڭ ،
پايدىسىز ئۆلۈمگە چۈشكەندە يولۇڭ ،
ئاقىۋەت ياخشى سۆز قالار يادىكار ،
سۆزنى بەك ئاۋايلا ، خار قىلما ھېچ ، خار ! »
پەرىشتە ئەمەستى فەرىدۇن شۇڭقار ،
مۇشكى ئەنبەردىن ئەمەستى ، زىنھار .
ساخاۋەت ، ئادالەت كۆتۈردى ئۇنى ،
فەرىدۇن سەندۇرسەن قىلالىساڭ شۇنى .
بولدى ئۇ ساخاۋەت بىلەن رەھنامۇن ،
ساخاۋەتلىك بولساڭ ، سەنمۇ فەرىدۇن .
ياراتقۇچى يولىنى تۇتۇپ شاھ فەرىد ،
جاھالەتنى جاھاندىن قىلدى ئۇ تەرك .
بىرىنچى ، بەند قىلىپ تاشلاندى زەھھاك ،
ئازابتا كۆز يۇمدى ئۇ زالىم ناپاك .

ئىككىنچى ، ئاتا ئۆچىنى ئالدى ،
ئادىل بوپ جاھاننى پاك يولغا سالدى .
ئۈچىنچى ، كۆپ ئىشتىن دۇنيا يۈيۈلدى ،
ياۋۇزلۇق ، جاھالەت نېرى قوغلاندى .
ئەي دۇنيا ، ئىشلىرىڭ قانداق غارايىپ ،
ئۆزۈڭ پەرۋىش قىلىپ ، قىلىسەن خاراب ،
قېنى ئۇ فەرىدۇن ، نەدە ، كۆزۈڭ ئاچ ،
قېرى زەھھاكتىن تارتىۋالغانىدى تاج .
جاھانغا شاھ بولۇپ تۇردى بەش يۈز يىل ،
ئاخىرى ئۇنىڭدىنمۇ تەخت قالدى ، بىل .
كەتتىيۇ دۇنيانى باشقىغا بەردى ،
ئېرىشكىنى ھەسرەت ، باشقا نېمە قالدى ؟
كېتەرسەن ، گاداي بول ۋە يا سۇلتان بول ،
ھەققانىي بولغىنۇ ۋە يا چوپان بول .

فەرىدۇن ئادالەت بىلەن دۆلەت باشقۇرۇپ بەختلىك ۋە پاراۋان ئۆمۈر كەچۈرىدۇ . بەش يۈز يىل شاھلىق قىلىدۇ .

ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى . ئۇلار تۈرلۈك ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ ، جەڭ ۋە ئوۋ ماھارىتىنى ئىگىلەپ ئۆسىدۇ . بىر كۈنى ئۈچ ئاكا ــ ئۇكا شىكار قىلىپ يۈرگەندە فەرىدۇن دەھشەتلىك ئەجدىھا قىياپىتىگە كىرىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ . چوڭ ئوغلى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ قاچىدۇ . ئۆزىنى بىكاردىن بىكارغا خەتەرگە ئۇرمايدۇ . ئۇنىڭ ئەقلى بولغان بىلەن جاسارىتى يوق ئىدى .

ئىككىنچى ئوغلىغا ھۇجۇم قىلىدۇ ، ئۇ ئەجدىھاغا ئۆزىنى ئاتىدۇ . بۇ ئوغۇلدا جاسارەت بولسىمۇ ، ئەمما ئەقىل ۋە تەدبىر يوق ئىدى . شۇ چاغدا كەنجى ئوغلى ئاكىسىغا ياردەمگە كېلىپ « ئەي ئەجدىھا ، بىز ئۈچ ئاكا ــ ئۇكىمىز ، بىر بولۇپ ھۇجۇم قىلساق ، تارمار بولىسەن ، قايت ! » دەپ نىدا قىلىدۇ .

ئەجدىھا قايتىدۇ ، فەرىدۇن ئۆز ئەسلى قىياپىتىگە يېنىپ ئوردىغا قايتىپ كېلىدۇ . ئوغۇللىرى كەلگەندىن كېيىن ، ئۇلارغا ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ . چوڭ ئوغلىغا سالامەتلىك ، ئارام مەنىسىدە سەلىم دەپ ئىسىم قويىدۇ . ئوتتۇرانچىسىغا ئۆكۈز مەنىسىنى بېرىدىغان تۇر دېگەن ئىسمنى قويىدۇ . ئەقىللىك ، مېھرىبان ، ئالىيجاناب ۋە جەسۇر بولغان كەنجى ئوغلىغا ئالىيجاناب ئىرانى مەنىسىدە ئەراج دەپ ئىسىم قويىدۇ .

فەرىدۇن ئۆزىگە قېرىلىق يەتكەنلىكىنى بىلىپ مەملىكەتنى ئۈچ ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ .

مەملىكەتنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رۇم ۋىلايىتىنى سەلىمگە ، شەرق تەرەپنى چىن بىلەن قوشۇپ تۇرغا بېرىدۇ . شۇندىن كېيىن ئۇ جاي تۇران دەپ ئاتىلىشقا باشلايدۇ . مەركىزىي ئىران يەرلىرىنى بولسا ئەراجغا بېرىدۇ ۋە ئۇنى تەخت ۋارىسى دەپ ئېلان قىلىدۇ .

ئەمما ، ئەھرىمەن دىۋە ئاكىلىرىنى ئازدۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ دىلىغا ھەسەت ئوتىنى سالىدۇ . ئاكىلىرى ئەراج ئۈستىدىن پىتنە توقۇپ ، ئۇنىڭدىن تەختۇ تاجىنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ . ئەسكەر توپلاپ ، ئاتىسىغا ئۇلتىماتۇم خېتى ئەۋەتىدۇ . ئەراج ئاكىلىرىغا ئىشىنىپ ، ئەسكەرسىز ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدۇ ۋە ماجىرانى ياخشىلىق بىلەن ھەل قىلماقچى بولىدۇ . تۇر ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ئاستىدىكى ئورۇندۇق بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرىدۇ . ئەراج يەنىلا ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىپ : «ئۆزىڭىزنى قاتىللىق قىلىشتىن ساقلاڭ !

دان سۆرىگەن چۈمۈلىگە بەرمە ئازار ،
جان تاتلىقتۇر ، شۇنىڭدىمۇ تاتلىق جان بار . »

دەپ ئۇلارنى ۋەھشىيانە قاتىللىقتىن ياندۇرماقچى بولىدۇ . ئەمما ، ھەسەت ئوتى ئەقىل كۆزىنى قارىغۇ قىلغان ئاكىلار ئەراجنىڭ كۆكسىگە خەنجەر سالىدۇ . ئاندىن بېشىنى كېسىپ ئاتىسىغا ئەۋەتىدۇ .

دەھشەتلىك جىنايەت مەملىكەتتىكى ھەممە چوڭ ــ كىچىكنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ . پۈتۈن ئىران ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈيدۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈلۈك ئاداۋەت ، ئۇرۇشلار « شاھنامە » نىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلىدۇ .

ئەراجىنىڭ مەھبۇبى ماھافەرىد قورساق كۆتۈردى. فەرىدۇن ئەمدى ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلايدۇ، ئەمما ئۇ
قىز تۇغىدۇ. فەرىدۇن ئويلىغان قىساس سائىتى يەنە سوزۇلۇپ كېتىدۇ. قېرىغان فەرىدۇن شۇ نەۋرىسىنى
ئەتىۋارلاپ پەرۋىش قىلىدۇ ۋە بويىغا يەتكەندىن كېيىن جەمشىد ئەۋلادىدىن بولغان باھادىر پەشەڭگە
تۇرمۇشقا چىقىرىدۇ. ئۇلاردىن بىر ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالى جەننەتتەك ئىدى. شۇڭا قېرىپ
قالغان فەرىدۇن ئۇنىڭغا مەنۇچېھر دەپ ئات قويىدۇ. پالۋان بالا تېز چوڭ بولىدۇ. ھەممە ئىلىم ھۈنەرلەرنى
ئۆگىنىدۇ، ئاخىر قوشۇن تارتىپ، سەلىم ۋە تۇرنى ھالاك قىلىپ، بوۋىسى ئەراجىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ.
ئەھرىمەن دىۋە بۇ قېتىم ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

قېرىپ قالغان فەرىدۇن جاھاننىڭ مۇكەممەلسىزلىكىدىن شىكايەت قىلىپ، ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ
چوڭ ئوغۇللىرى ئەھرىمەن كەينىدىن كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۈچىلا ئوغلى ھالاك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىك-
كىسىدىن ئۆز بۇرادەرلىرى خۇنىدىن قىيامەتكە قەدەر يۇيۇلماس داغ قالىدۇ.

فەرىدۇننىڭ يۇرتى ئۆزئارا ئەبەدىي دۈشمەنلەشكەن مەملىكەتلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ.

مەنۇچېھر چوڭ بوۋىسىغا ئالتۇن مەقبەرە ياسىتىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت يەتتە كۈن ئاسماندەك كۆك
لىباس كىيىپ ماتەم تۇتىدۇ. ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن مەنۇچېھر تاج كىيىپ، پادىشاھلىق قىلىشقا باشلايدۇ.

فەرىدۇن شاھلىقى دەۋرىدە قوشۇن بېشىدا كاۋە ئوغلى كەران بىلەن دىۋىلەرگە قارشى ئۇرۇشتا يەك-
زەرب لەقىمىنى ئالغان سام تۇراتتى.



# زال ۋە رۇدابە قىسسىسى

## مەنۇچېھر

### (يۈز يىگىرمە يىل پادىشاھلىق قىلغان)

مانا بىر ھەپتەكىم يوقتۇر فەرىدۇن ،
تۈنۈكۈن ماتەمدە ھەممە دىلى خۇن .
سەككىزىنچى كۈنى مەنۇچېھر شاھ
كېلىپ كىيدى بېشىغا شاھانە كۇلاھ .
جادۇگەرلەر يولىنى توسقان بۇ سۇلتان
يۈز يىگىرمە يىل سورىدى جاھان .
پالۋانلارغا باي بۇ ئەزىز زېمىن ،
ھەممە بىردەك ئاڭا دېدى ئاپىرىن .
كىيگەندە بېشىغا شاھانە تاج ، زەر ،
دۇنيانى قاپلىدى خۇشاللىق خەۋەر .
قەسەمياد ئەيلىدى مەردانىلىككە ،
ئادالەت ، ئىمانۇ دانىشمەنلىككە .
دېدى : « تەخت ئۈزرەمەن ، بېشىم ئاسماندا ،
دوستقا مېھىر ، ياۋغا غەزەپ بار دىلدا .
تەڭرى نۇرى باشتا ، دىلدا ئىمانىم ،
بەختىم پارلاق مېنىڭ ، تۈگەپ دۈشمىنىم .
قارا كېچە ياۋنى تاپىمەن ئۆزۈم ،
ئىگەردە ئوت بولۇپ چاپىمەن ئۆزۈم .
قولۇمدا ئويناىدۇ قىلىچ ۋە ياراق ،
بېشىمدا يەلپۈنەر كاۋە تۇغ ـ بايراق .
دۇبۇلغام پارقىرار ، تىغىم خوپ كېسەر ،
جەڭدە ئويلىمايمەن خېيىمۇ خەتەر .
جەڭ كۈنىدە يالقۇن ، بەزمىدە بۇلۇت ،
دېڭىزدەك جۇش ئۇرۇپ ، ياغدۇرىمەن قۇت .
دەستىمدىن يامانىڭ ئۇچار كۇلاھى ،
تۆكۈلەر تۇپراققا قىپقىزىل قېنى .
يىل چىشى تەختىم ئۈزرە چېچىپ نۇر
تاجىمغا بېرەر تۈس ، گۈرزىم بەھۇزۇر .
ھۈنەر كۆپ لېكىن مەن ئاددىي بىر بەندە ،
تەڭرى نامى كۆڭلۈمگە چىراغ نۇرانە .
بېشىمىز سەجدىدە ، كۆزىمىزدە ياش ،
تەڭرى سەۋەبىدىن بولۇر ھەممە ئىش .
تاجۇ تەخت ئۇنىڭدىن ، شۇنىڭدىن سىپاھ ،
زەپەر ئۇنىدىن كېلەر ، شۇنىڭدىن پاناھ .
فەرىدۇن يولىدىن ماڭاي تارتماي باش ،
بوۋىلار قېرىدى ، لېكىن ئۆزۈم ياش .
كىم يەتتە ئىقلىمدا يولدىن ئاداشتى ،
دىنىدىن باش تولغىدى ، ئەقلىدىن ئازدى .
رەنجىتتى كىم نامرات ، غېرىب دىلىنى ،
يادىدىن چىقاردى كىم خەلقى ، ئېلىنى .
بايلىق قۇدرىتىدىن كىم تېپىپ غۇرۇر ،
كۆرسە پەس ئەمگەكچىنى قاي بىر ھاكاۋۇر .
ئالدىمدا ھەممىسى كاپىردۇر ، كاپىر ،
ئەھرەمەندىن يامان ، كۆڭلى قارا ، كىر .
كىمكى تەڭرىدىن ، ئىماندىن جۇدا ،
نەپرىتىمگە دۇچار بولۇر ئالدىدا .
ئاندىن قىلىچىمغا ئۇزىتىپ قولۇم ،
ئۆمرىن قىسقارتىمەن ، كېسىمەن يولىن . » .
مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىردىن
مەنۇچېھر شاھقا دېدى : « ئاپىرىن ،
ئاشۇ ئۇلۇغ بوۋاڭ ، ئەي بەختىيار شاھ ،
تەختۇ تاج سىرىدىن قىلغاندۇر ئاگاھ .
ئەبەد ساڭا بولسۇن بۇنىڭ ھەممىسى ،
مۇبەدلەر تىلىكى ، تەڭرى يارلىقى . »
سېنىڭ پەرمانىڭدا دىلۇ جانىمىز ،
ماڭا دۇئا ئوقۇر ھەربىر ئانىمىز . »
جاھان پالۋانى سام تۇرۇپ ئورنىدىن :
« ئەي ئادالەتپەرۋەر ، ـــ دېدى ھۆرمەت بىلەن ، ـــ
كۆزلىرىم كۆزۈڭدە ، دىلدا ئىتائەت ،
سەندىن ئادالەتۇ بىزدىن شىجائەت .
ئەجدادىڭدىن تارتىپ ئىران شاھىسەن ،
باھادىرلار شىرى ، پۇشتى ـ پاناھىسەن .

تەگرى پاناھىدىن تەن ـ جانىڭ ئامان ،
بەختىڭ ئويغاق بولسۇن ، دىلىڭ شادىمان .
قەدىم زامانىمدىن يادىكارىمسەن ،
سەن مېنىڭ تايانچىم ، مەدەتكارىم سەن .
جەڭ كۈنى ، بولسەن گوياكى بىر شىر ،
بەزمىدە چاچسەن ئاپتاپ كەبى نۇر .
زېمىن ، ئاسمان بولسۇن پاك خاكى پايىڭ ،
مۇزەپپەر تەخت ئۆزرە ئەبەدىي جايىڭ .
ھىندى قىلىچىڭ يەرنى پاكلىدى بىر ـ بىر ،
ئەمدى ئارام يولىن تاللىساڭ ئەر زىر .
ئەمدى بىزنىڭ نۆۋەت ، بىزنىڭكى ھۇجۇم ،
سېنىڭ جايىڭ تەختۇ ، نېسۋەڭ بەزىم .
مېنىڭ ئەجدادلىرىم تامام باھادىر ،
تەختۇ تاج تايانچى بولۇشقا قادىر .
گېرشەسپتىن باشلاپ نەيرەمگە قەدەر
سىپاھ تۇتىشاتتى گۈرزىيۇ خەنجەر .
ئىجازەت قىل ، جاھان كېزەيمەن شۇنداق ،
ياۋ قېنىدا يەرنى بېزەيمەن شۇنداق .
ماڭا باتۇر نامىنى بەرگەن ئەجدادىڭ ،
دىلىمنى رام قىلدى ئەقلىڭ ۋە دادىڭ . »
پادىشاھمۇ ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئارتۇق
سامغا تۆكۈۋەتتى شاھانە تارتۇق .
تەخت يېنىدىن كەتكەچ سامى باھادىر ،
باشقا پالۋانلارمۇ ياندى بىرمۇ بىر .
ئاخىر ئارامگاھ يولىن تۇتتى پادىشاھ ،
قانۇن ، تەرتىپ يولىغا چۈشكەنتى دۇنيا .

## زالنىڭ تۇغۇلغانلىقى

قەدىم زامانلارنى قىلىپ نامايان ،
سۆزلەپ بېرەي ئەمدى ئەجەب بىر داستان .
سامغا قانداق ئويۇن كۆرسەتتى پەلەك ،
سۆزلەپ بېرەي ، قۇلاق سال ئوغلۇم ئازراق .
پەرزەنتسىزلىكتىن كۆپ ئازاب چېكىپ سام ،
دەرد چېكىپ ، دىلىغا ئىزدەيتتى ئارام .
شەبىستانىدا بار ئىدى نىگارى ،
يۈزلىرى گۈل كەبى ، ئىپار ھىد يارى .
پەرزەنت ئارزۇ قىلار ئىدى شۇ ئايدىن ،
يۈرەك يەك پارىسى خۇرشىد چىرايدىن .
خوتۇنىمۇ ھەم شۇ ئارزۇنى قىلاتتى ،
بۇ يۈكتىن جېنىغا خوپ ئازار ئىدى .
بىر بوۋاق تۇغۇلدى ئاخىر ئانىدىن ،
قۇياشتەك نۇر چاچار ياتقان جايىدىن .
ھۆسنىدە ، چىرايدا ئالەمدە بىر ـ تاق ،
ئەمما ئەيىبى بار ، چاچلىرى ئاپئاق .
بۇنداق ئاق چاچ بالا كەلگەچ دۇنياغا ،
ھەپتە ئۆتتى ، ھېچكىم ئېيتالماس سامغا .
ئاياللار توپ بولۇپ سام شەبىستانىدا ،
بوۋاققا بېقىشار ، خۇدۇك ـ قورقۇشتا .
« جۇپتى ھالالىڭدىن تۇغۇلدى دەپ چال »
سامغا ئېيتىشقا يوق ھېچكىمدە ماجال .
ئاياللار ئىچىدە بىرلا كېنىزەك
بار ئىدى ، تارتىنماس ، باتۇر ، شىر يۈرەك .
بۇ مۆجىزىنى ئاشۇ يەتكۈزدى سامغا ،
ئېغىز ئېچىپ ئاپىرىن دەپ ، قۇت تىلەپ ئاڭا .
ئاخىر دېدى : « سام بەختى ئېچىلىپ كۈلسۇن ،
ھەسەتخورلار دىلى ئېچىشىپ ئۆلسۇن .
تەگرى تەلىپىڭنى ئەيلىدى بەجا ،
ئارزۇيۇڭ شۇ ئىدى ، دىل تاپتى داۋا .
پوشتى كەمەرىڭدىن ، ئاڭلا ھاجەتمەن ،
تۇغۇلدى ئاي يۈزلۈك پاكىزە پەرزەنت .
پالۋاندەك بالا ، باتۇر ۋە شىر دىل ،
ھېلىتىن ئارسلان نىگاھلىق ئوغۇل .
تېنى كۈمۈشتەك ، يۈزى بىر جەننەت ،
بىرەرمۇ نۇقسانى تېپىلماس پەقەت .
پەقەت ئاق چاچ بىلەن تۇغۇلدى بالا ،
نېمە دەيتتۇق ، تەگرىگە ئېيتىمىز سانا .
خۇدا بەرگىنى شۇ ، شۈكۈر قىل ، شۈكۈر ،
ئالمىسۇن دىلدىن جاي ھېچ يامان پىكىر ! »
تەختىدىن ئاستا چۈشۈپ باتۇر سام ،
يار يېنىغا كىرىپ باردى ئاشۇ دەم .
قېرى ئوغلىنى كۆردى ، چاچلىرى ئاپئاق ،
نە كۆز كۆرگەن ئىش بۇ ، نە ئاڭلىغان قۇلاق .
تەندىكى جىمى تۈكى مىسالى قار ،
چىرايى نۇرانە ، مىسالى باھار .

پەرزەنتىنى كۆرگەچ چالدەك مويسىپىت ،
جاھاندىن بىر يولى ئۈزۈلدى ئۈمىد .
ئوغلى بەدىنىدىن تەپ تارتىپ قالدى ،
چىرايى ئۆزگەردى ، خىيالغا پاتتى .
غۇلىچىنى ئاسمانغا يېيىپ سام پېقىر ،
ياراتقانغا نىدا ئەيلەپ قىلدى پىكىر :
« ئەي ، بۈيۈك ، قۇدرەتلىك ، قادىر خۇدايىم ،
ياخشىلىق بىنا بولۇر رايىڭدىن دائىم .
ئەگەر قىلغان بولسام مەن ئېغىر گۇناھ ،
دىۋىلەرگە ئەگەشكەن بولسام گەر ، ناگاھ ،
كەرەملىك تەڭرىدىن كۈتىمەن كەرەم ،
قىلمايلا ئاشكارا كەچۈرەر ئىگەم .
بۇ شەرمەندىلىكتىن سىقىلىپ جېنىم ،
نومۇستىن تومۇردا قايناپدۇ قېنىم .
بۇ بالا مىسالى كىچىك ئەھرەمەن ،
كۆزلىرى قارايۇ چېچى ياسۇمەن .
باتۇرلار بۇ ياققا يول ئېلىپ ئەگەر ،
بەدنىشان بالىنى كۆرۈپ قالسا گەر ،
نېمە دەرمەن ، دېيىشسە : « بۇ قانداق بالا ؟
پەرىمۇ ، يولۋاسمۇ ، نېمىشقا ئالا ؟ »
بۇ بالىنى دەپ مەندىن ئاشكار ۋە نىھان
كۈلۈشەر ئېسىللار ، ئەمىرۇ سۇلتان .
بولدى بەس ، ئەمدى تاشلاپ كېتەي ئىرانىنى ،
يۇرتۇمدىن بىگانە كېزەي جاھانىنى ! »
شۇنداق دەپ قارىدى ، كۆزلەردە غەزەپ ،
بەختىدىن نارازى ، دىلىدا غەزەپ .
قۇللارغا بۇيرۇدى تىنجىتىڭ دەپ ،
بۇ يۇرتتىن يىراققا ئۈزىتىڭ دەپ .
بىر تاغ بار ئىدى ، ئېلبۇرز دېگەن تاغ ،
قۇياشقا يېقىنۇ ، يەردىن كۆپ يىراق .
سۇمۇرغنىڭ ئۇ يەردە ئۇۋىسىمۇ بار ،
ئۇندا بىرەر ئادەم تېپىلماس زىنھار .
شۇ تاغ ئېتىكىگە تاشلاندى گۆدەك ،
كۆپ زامان ئايلاندى بۇ چەرخى پەلەك .
ياتار پالۋان زاتى ، بىگۇناھ گۆدەك ،
ئاڭا ئاقمۇ بىردەك ، قارىمۇ بىردەك .
مېھرىسىز ئاتىسى تاشلاپ قىلدى خار ،
ئەمما ئەزىزلىدى پاك پەرۋەردىگار .
بالىسىغا ئاق سۈت بېرىپ چىشى شىر ،
بەدىنىنى يالاپ ئاڭا ئېيتتى بىر سىر :
« سۈت ئەمەس يۈرەك قېنىمنى ساڭا بەرسەم ،
سېنى ماڭا قەرزدار دەپ بىلمەيتتىم ھېچ ھەم .
سەن مېنىڭ ھاياتىم ، كۆڭلۈمدىكى كۈن ،
ھاياتىم ئۈزۈلەر ئايرىلساڭ مەندىن ،
نارەسىدە بالا ياتار ، بىگۇناھ ،
ياتاتتى ئۇ يالغۇز تاپالماي پاناھ .
بەزىدە بارمىقىن ئېمەر شۇپۇلداپ ،
بەزىدە يىغا باشلار ھەدەپ ۋار ــ ۋارلاپ .
بىر سۇمۇرغ بالىسىغا ئىزدەپ يېمىش ،
ئېگىزدىن قىلاتتى يەرنى نامايىش .
كۆردى ، بىر بوۋاق يىغلاپ ياتاتتى ،
يەر يۈزى مىسالى بىر دېڭىز ئىدى .
بۆشۈك توپىدىنۇ ، ئاپىسى تۇپراق ،
تەن يۆگەكتىن ، ئاغزى ئەمچەكتىن يىراق .
ئاستىدا كۆز ياشتىن يەر قاپقارا لاي ،
ئۈستىدە كۈن تىلك ، يوق ھېچ سايە جاي .
مېھىر سالدى سۇمۇرغ دىلىغا خۇدا ،
بالا پانلىرىنى ئۇنتۇپ ئۇ ھەتتا .
ئاسماندىن ئاشلاپ تېز ئۆزىنى ، قاراڭ ،
بالىنى ئاپتاپتىن ئالدى سېلىپ چاڭ .
ئېلبۇرز تاغ ئۈستىگە چىقتى كۆتۈرۈپ ،
ئۇۋىسى ياققا باردى بۇلۇتنى يېرىپ ،
چىرقىراپ بالاپانلار كۆتۈردى غەليان ،
ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى ئوغلان . . .
كەرەم قىلغانىدى شەپقەتلىك خەللاق ،
تەقدىرنىڭ يازمىشى باشقا ئىدى ، باق . . .
سۇمۇرغ بالىلىرىغا تاشلىدى نەزەر ،
بوۋاق كۆزلىرىدىن قانلىق ياش ئاقار .
ئاڭا لايىق ئوزۇق ئوۋلاپ كېلەتتى ،
سۈت ئورنىغا ھايۋان قېنى ئېمەتتى .
شۇنداق ئۆتىۋەردى كۆپ ئۇزۇن زامان ،
گۆدەك تۇرۇپ قالدى ئۇ يەردە نىھان .
گۆدەك ئۆسمۈر بولدى ، يىگىتمۇ بولدى ،
ئاستا ئاۋازىمۇ جاھانىنى ئالدى .

كارۋان ئۆتۈپ كۆرمىش ، بىر قامەت سەرۋدەك ،
كۆكرىكى تاغدەكمىش ، بېلى قومۇشتەك .
بۇ ھەقتە مىش ــ مىشلار يىراققا كەتتى ،
جىمىكى جاھانغا يېيىلىپ كەتتى .
ئاخىرى سامغىمۇ يەتتى بۇ خەۋەر ،
تاشلاندۇق بالىسى بولمىش ماھپەيكەر .

## سامنىڭ ئۆز ئوغلىنى چۈشىدە كۆرگەنلىكى

تۈنلەردىن بىر تۈنى ئۇخلايتتى داغ دىل ،
زامان ئىشلىرىدىن ھودۇققان ، خىجىل .
ھىندىستان تەرەپتىن ، قاراڭ ، نە چۈشى ،
ئات چېپىپ كېلەرمىش بىر ئەركەك كىشى .
سەرەفراز پالۋان ئاتلىق توساتتىن ،
سام يېنىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ ئاتتىن .
سالامغا ئېگىلىپ قىلىپتۇ ، تەزىم ،
ئاجايىپ ئوغلىدىن بېرىپتۇ مەلۇم .
ئويغىنىپ چاقىردى مۇبەدلەرنى ئۇ ،
ئوغلىدىن سۆزلىدى ، كۆزلىرىدە سۇ .
چۈشتە كۆرگەنلىرىن قىلدى ئۇ ئىزھار ،
كارۋان خەۋىرىنى ھەم ئويلىدى تەكرار .
« بۇ تىلسىم ئىشلارغا سىز نېمە دەيسىز ؟
ئاڭا رەھمىتىڭىز مىسالى دېڭىز .
تىرىك قالدىمىكىن ئۇ گۆدەك شۇئان ،
سوغۇقتىن ، ئىسسىقتىن ساقلاپ تەنۇ جان . »
قېرى ــ ياش ھەممىسى مەجلىستە ھازىر ،
گەپ باشلاپ ئۇلارغا سۆزلىدى بىر ــ بىر :
« ھەركىم ناشۈكۈرلۈك قىلسا خۇداغا ،
ياخشىلىق ئىشىمۇ ماڭار بالاغا .
مەيلى شىر يەردىكى ۋە ياكى پەلەڭ ،
سۇ ئىچىدە بېلىقمۇ ۋە ياكى لەھەڭ ،
ھەممىسى بالىسىن قىلار پەرۋەرىش ،
رەببىمگە شۈكۈر قىلار ، قىلار سېغىنىش .
ياخشىلىق ئادەتكە يۇقتۇردۇڭ كىرنى ،
بالىسىن ، تاشلامدۇ سەندىن باشقىسى .
ئاق چېچىدىن بولدۇڭ خاپا ، بىقارار ،
پاكىز روشەن بەدەن ئۇنىدىن قىلماس ئار .
تىرىكمۇ ، بارمۇ . . دەپ ئورنۇڭدىن دەس تۇر ،
ئوغلۇڭ تىرىك دەپ بىل ، ئىزدىمەككە يۈر .
كىمگە ھەق پاناھى كۆرسەتسە جامال ،
ئىسسىقتىن ــ سوغۇقتىن يەتمەيدۇ زاۋال .
خۇداغا يېلىنىپ ، قىلىپ ئىلتىجا ،
ياخشىلىققا ئۆزۈڭ قىلغىن رەھنەما . »
ئەتىسى دەل ۋاقتىدا تۇرۇپ پالۋان ،
سەپەرگە ئاتلاندى ئېلبۇرز تامان .
قاراڭغۇ تۈن چۈشتى ، ئۇيقىمۇ كەلدى ،
بىراق غەم ــ ئەندىشە دىلنى قۇچاتتى .
يەنە چۈش كۆردى ، يەنە ھىندى تېغى ،
بىر غۇلام كۆرۈندى ، قولدا بايرىقى .
غۇلام چېھرىدىن يورۇپتىمىش تۈن ،
كەينىدىن كېلەرمىش ھەيۋەتلىك قوشۇن .
سول قاناتتا كېلەر نۇرانە مۇبەد ،
ئوڭ تەرەپتە دانا مۆتىۋەر بېھەد .
سام يېنىغا كەلدى شۇلاردىن بىرى ،
سوغۇق سۆز باشلىدى ، ئۆزلەپ ئاچچىقى ،
دېدى : « ئەي قارام مەرد ، ئەي ناپاك كىشى .
ھەقتىن يۈز ئۆرىمەك ، نامەردنىڭ ئىشى .
بالاڭغا ئانىلىق قىلسا قۇش تامام ،
پالۋان نامىڭنى قىلدىڭ سەن ھارام .
ئاق چاچ ئۇ ئەمەسمۇ ئادەمگە جامال ،
ئۆزۈڭدىمۇ مانا ئاپئاق چاچ ــ ساقال .
ئېقى ھەم قارىسى خۇدادىن تارتۇق ،
ئادالەتلىك ئەمەس ئەيىبنى ئاچماق .
تېنىڭدە ھەر كۈنى يېڭى رەڭ بىسيار ،
شۇنى دەپ خۇدادىن بىزارمۇسەن ، زار .
ئوغلۇڭ ئالدىڭدا خار بولۇپتۇ ، خار ،
ئۇنى ئەزىز تۇتار پاك پەرۋەردىگار .
يوق يەنە ئوغلۇڭغا ئۇلدىن مېھرىبان ،
سېنىڭ دىلىڭدا يوق مېھردىن نىشان ! »
بۇنداق چۈشنى كۆرۈپ بولۇپ بىئارام ،
دامغا چۈشكەن شىردەك ئىڭرىدى ئۇ سام .
چاچراپ تۇرۇپ ، قىلدى مۇبەدلەرنى جەم ،
ئاتلارغا مىندۈردى سەربازلارنى ھەم .
ئات چېپىپ مېڭىشتى ئېگىز تاغ تامان ،
تاشلاندۇق بالىسىن ئىزدىشىپ ھامان .

بىر تاغكى ئۈستىدە پارلايدۇ چولپان
ھەر چوققىسى يۇلتۇز ئۈزمەكچى شۇئان .
بىر ئۇۋۋا كۆرۈندى چوققىدا بەلەن ،
گۈزەللىكتە زۇھەلمۇ كىبلەلمەيدۇ تەڭ .
ھەيران قاراپ قالدى قىيا ياققا سام ،
يوغان ئۇۋۋا ھوشىنى ئالغاندى تامام .
كۆكنى تىرەپ تۇرار ساماۋى ساراي ،
ئادەمسىز تىكلەنگەن ، نە خىش يوق ، نە لاي .
بىر يىگىت كۆرۈندى بەجايىكى سام ،
ساراي ئەتراپىدا ئالاتتى قەدەم .
جاھاننى ياراتقانغا ئېيتاي ئاپىرىن ،
باتۇر سام سەجدىدە ، سۆيەتتى زېمىن .
شۇنداق ئاجايىپ قۇش ياراتقان ئۇچۇن ،
ئۇۋىسىنى يۇلتۇزغا قاراتقان ئۇچۇن ،
بىلدى تەڭرى ئۆزى ئادالەتپاناھ ،
ھەر ئىش تىزگىنىدۇر قۇدرەتلىك ئىلاھ .
پەرەندە — چەرەندە توپ — توپ بۇ جايدا ،
ئىزدەشكە باشلىدى چىقىش يول قايدا ؟
ئەمما تاپالمىدى يول باسقىلى ئاياغ ،
ئىلتىجا قىلىپ سام دېدى : « ئېي راززاق ،
ھەر جايدا ھازىرۇ ، نازىرداد گەر
ئىستىسە قۇياشۇ ئاي نۇرى ئۆچەر .
ساڭا سانا ئېيتىپ ، سەجدىدە بېشىم ،
ۋەھىمىدە دىلىم ، كۆزۈمدە يېشىم .
مېنىڭ پاك بولۇشۇمدىن بولسا بۇ بالا ،
گەر ئەھرەمەن تۇخۇمىدىن بولمىسىلا ،
يەنە بىر قېتىم بەندەڭ قولىن تۇت ،
گۇناھىمنى ئەپۇ قىل ، قىلمىشىم ئۇنۇت ! »
تەڭرىگە يەتكەچكە بۇ سىر — سىنائەت ،
ئىلتىجاسى بولدى شۇئان ئىجابەت .
سۇمۇرغ تاغ ئۈستىدىن كۆز تاشلاپ ، دەرھال ،
سام توپىنى كۆرۈپ چۈشەندى نېمە ھال :
سۇمۇرغنى كۆرۈشكە كەلمىگەن بۇلار ،
بۇلارنى چىللىغان جىگىرى ، جىگەر .
سام ئوغلىغا سۇمۇرغ دېدى : « نەۋقىران ،
بۇندا ئۆستۈڭ كۆرمەي سەن يورۇق جاھان .
سېنى پەرۋەرىش قىلىپ ئاناڭ بولدۇم مەن ،
يۆلەنچۈك ، تايانچىڭ ، بارىڭ بولدۇم مەن .
ساڭا مەن ئات قويغان : داستان زەند ،

ئەسلى ئېتىڭ تاشلاپ قىلغان داستان بەند .
سېنىڭ بىلەن دائىم قالسۇن مۇشۇ نام ،
شۇ نامدا ئاتىسۇن سېنى باتۇر سام .
ئاتاڭ سام جاھاندا مەشھۇر بىر پالۋان ،
ئۇلۇغلار ئارا ئۇ مۆتىۋەر ئىنسان .
پەرزەنتىن ئىزدىرىپ كەلدى بۇ تاغقا ،
بەخت ، ئابروي باقار ئەمدى سەن ياققا .
ئەمدى سېنى كۆككە كۆتۈرسەم راۋا ،
ئالدىغا بېئازار قويماق مۇددىئا .»
سۇمۇرغتىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شۇ دەم ،
يىگىت كۆزلىرىن ياش ، دىلىن باستى غەم .
ئادەملەردىن خالىي ئۆسسىمۇ خامۇش ،
ئادەملەر تىلىنى ئۆگەتكەنىدى قۇش .
سۇمۇرغ ئاۋازىدا سۆزلەيتتى چېچەن ،
ئەقلۇ ھوش جايىدا ۋە تاتلىق سۇخەن .
زۇۋان بەخش قىلغانتى ، بىلىم ھەم يەزدان ،
زەبەردەست بەدەنۇ شىر يۈرەك ئېھسان .
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇ ئانا قۇشتىن ،
داستان دەر : « ئېرىشتىم جانغا ئەمدى مەن .
جايىڭ بۇ جاھاندا ئەڭ يورۇق دەرگاھ ،
ئىككى قانىتىڭ ماڭا تاج — كۇلاھ .
مەن سەندىن مىننەتدار ، قەرزىم شېرىن جان ،
ئېغىر چاغدا قىلدىڭ مۇشكۇلۇم ئاسان . »
سۇمۇرغ جاۋاب بېرىپ دېدى : « سەن ئەگەر
شاھانە تۇرمۇشقا تاشلىساڭ نەزەر ،
بۇ جاي كۆرۈنەر ساڭا بەكمۇ تار ،
يېڭى ھايات چىللار ، سېنى ئەمدى بار .
دوستانە مېھىر بىلەن ساڭا باقمەن ،
شۇدەم پادىشاھلىق تەرەپكە ئۇزىتىمەن .
بۇ جۇدالىق ماڭا بەكمۇ ئېغىر ،
ئەمما سېنى ئۇندا بەخت كۈتەر ئاخىر .
ئۆزۈڭ بىلەن ئېلىپ كەتسەڭ پېيىمدىن ،
زادى كەتمىگەيسەن مېنىڭ ئېسىمدىن .
بېشىڭغا كەلسۇن گەر قانداق ئېغىر ئىش ،
يا ياخشى ، ياماندىن كەلسە بىر تەشۋىش ،
پېيىمدىن بىرىنى تاشلا چوغ — ئوتقا ،
ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر ھەر قانداق غەۋغا .
پەيدىن بىرنى ئوتقا تاشلا سەن دەرھال ،
يولۇڭ يورۇتىدۇ شۇندا بىمالال .

قانتىم ئاستىدا پەرۋىش ئەيلىدىم ،
بالىلىرىمغا تەڭ ، بالام دەپ بىلدىم .
ئاناڭ مۇھەببىتىن ئۇنتۇما ھامان ،
مېھرىڭ دىلىغا ئۇلاق ، ئۆرتەر بۇ ھىجران . »
دىلىغا تەسكىن بېرىپ ، قاناتلار قاقتى ،
بۇلۇتلار ئارا ئۇ كۆرۈنمەي قالدى .
شۇكۈپ چىقتى ، چۇشتى پەيلەر قېشىغا ،
چىگگىل – چىگگىل پەيلەر چۇشەر يېنىغا .
گەۋدىسى پىل مىسال ، چېھرىسى باھار ،
ئاتا كۆرۈش بىلەن يىغلىۋەتتى زار .
باش ئېگىپ سۇمۇرغ قېشىغا چۆكتى ،
تەشەككۇر ، ئاپىرىن سۆزلەرنى تۆكتى :
« ئەي قۇشلار شاھى ، ساڭا پەرۋەردىگار
ئاتا قىپتۇ شۇنچە قۇدرەتتۇ ھۈنەر .
يېتىم – يېسىرلارنى ئېلىپ قاناتقا ،
مېھر كۆرسىتەرسەن ھەر بىر پاك زاتقا .
يامان نىيەتلەرنى يوللىدىڭ لەھەت ،
لايىقتۇر شۇنداق زور ياشساڭ ئەبەد . »
سۇمۇرغ پەرۋاز قىلىپ ، تاغقا يول ئالدى ،
سام ۋە ھەممە ئۇنى ئۇزىتىپ قالدى .
ئاندىن ئوغلىغا باقتى باشتىن – ئاياغ ،
تەختۇ تاجغا لايىق كۆرۈندى شۇ چاغ .
چېھرى نۇر قۇياشتەك ، تېنى شىردەك زور ،
يۈرىكى قورقۇمىسز ، قولى قىلىچقا جور .
كۆزلىرى قاپقارا ، كىرپىكى ئاپئاق ،
لەۋلىرى چوغ مىسال ، چېھرى گۈل سىياق .
ئاق چاچلار تاشلىنىپ تۇرمىسا كۆزگە ،
تاپقىلى بولمايتتى بىرەر ئەيىب ئۆزگە .
سام دىلى جەننەتتەك جانلىنىپ كەتتى ،
دىلىدا نېمە خۇش سۆز بار ، ئوغلىغا ئېيتتى .
دېدى : « سىلىقلىقنى ئادەت قىل ، ئوغلۇم ،
ئۆتمۇشنى ياد ئەتمەي ئۆلىلت دىل ، ئوغلۇم .
مەنمۇ بىر بىچارە خۇدا بەندىسى ،
سېنى قايتا تاپتىم ، دىل پەيۋەندىسى .
ساڭا مېھرۇ دىلىم ، گۇۋاھىم خەللاق ،
قەھرۇ غەزەپ سەندىن بولغۇسى يىراق .
ھەر نېمە ئىزدىسەڭ ، مەن بۇندىن كېيىن
تەلپىڭ ئورۇنداي ، ياخشىيۇ يامان .
پالۋانلارغىلا خاس بىر كىيىم بىلەن ،
گەۋدىسىنى چۇمكەپ چۇشۇردى تاغدىن .
ئاندىن كىيىندۈردى شاھانە لىباس ،
ئاتمۇ تەييارلىدى باتۇرلارغا خاس .
ئاڭا زالى زەر دەپ ئات قويۇۋالدى ،
سۇمۇرغ قويغان داستان نامىمۇ قالدى .
سام يېنىغا بىردىن يىغىلدى ئەسكەر ،
ھەممىسى شادىمان ، جۇشقۇن جىلۋىگەر .
ئالدىدا پىللار بارار ، تاغدەك ئېگىز چاڭ ،
ناغرا ساداسىدىن قۇلاقلار گاراڭ .
ناغرا ، دۇمباققا جور بولدى كاناي ،
ئالتۇن قوڭغۇراقلار ، ھىندىچە سۇناي .
ئاتلىقلار توۋلىشىپ چۇشۇشتى يولغا ،
شادلىقۇ خۇشاللىق يامرىدى چۆلگە .
شەھەرگە شاد نەرە تارتىشىپ كەلدى ،
يەنە بىر پالۋاننى كۆپەيتىپ كەلدى .

سامنىڭ ئۆز ئوغلىنى تېپىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان مەنۇچېھر ئىككى ئوغلى ( نەئۇزەر بىلەن زارەسىپ ) دىن بىرى نەئۇزەرنى سامنىڭ يۇرتىغا ئەۋەتىپ ، ئۇلارنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتىدۇ . سام بىلەن زال مەنۇچېھر دەرگاھىغا كېلىدۇ . زالنىڭ ھۆسنىگە ، ئەقىل – ئىدرىكىگە ھەممە تاڭ قالىدۇ . ئاندىن ئۇلار زابۇلىستانغا يېتىپ كېلىدۇ . سام ئوغلىنى تۈرلۈك ھۈنەر ۋە بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ئۈندەيدۇ .

كۈنلەر ئوقۇش – ئۆگىنىش بىلەن ئۆتىدۇ . سام يەنە ئىران دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئاتلىنىدۇ . سام زابۇل خانلىقىنى زالغا تاپشۇرۇپ يولغا چىقىۋاتقاندا ، ئۇنىڭغا ئادىل ۋە ھىممەتلىك بولۇش ، ئۆز ئانا يۇرتى زابۇلنى ئاۋات قىلىشقا ھەرىكەت قىلىش ، ئىلىم – پەن ، ھۈنەر ۋە سەنئەتتە ھامىيلىق قىلىش زۆرۈرلۈكى ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ . ھەممە ياخشىلىق ۋە پاراۋانلىقنىڭ ئىلمۇ ھۈنەردىن كېلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئۇقتۇرىدۇ .

ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ياش زال ئۇنىڭسىز قانداق قىلىشنى بىلمەيدۇ . ئاخىر مەملىكەتنى بىر ئايلىنىپ چىقىشقا قارار قىلىدۇ . ئەمدى رۇدابە بىلەن زال داستانى باشلىنىدۇ .

## زالنىڭ مېھراب كابۇلى ھۇزۇرىغا كەلگەنلىكى

بىر كۈن زال ئاتىسى يۇرتىنى بىر ــ بىر
ئايلانماق بولدى ــ دە، باشلىدى سەپەر .
ئازغىنا بىر قىسىم پالۋاننى ئالدى ،
پىكىرداش، مەسلەكداش، ھەمزۇۋاننى ئالدى .
ھىندى يەرلىرى ياققا يول باشلىدى ئۇ ،
يولدا مەرغۇ، ماي، كابۇل، دومبەرۇ .
نەگە چېدىر تىكسە، شۇندا مەي، كاۋاپ ،
بەزمە قىزار، چالغۇ : رۇد، نەي ۋە راۋاپ .
پۇل چېچىپ شادلىققا بېرىلەر ھەم ئۇ ،
بەش كۈنلۈك دۇنيانىڭ قائىدىسى شۇ .
بېرىشتى زابۇلدىن كابۇل ياق تامان ،
ئىلدام يول يۈرۈشۈپ خەندانۇ شادان .
كابۇل شاھى نامىن دېيىشەر مېھراب ،
زەبەردەست، بەدەۋلەت، ھىممەتتە ئاپتاپ .
قامىتى سەرۋ ئىدى، يۈرۈشى تاۋۇس ،
رۇخسارى باھارۇ بىلىمى قامۇس .
بار ئۇندا شىر يۈرەك، بىلىمى ساما ،
تۈرقى بىر باھادىر، مۇبەدتەك دانا .
ئەجدادى، چىقىشى زەھھاك تەرەپتىن ،
كابۇلغا شاھ ئىدى نەچچە زاماندىن .
ھەر يىلى تۆلەيتتى سامغا كۆپ ئۇلپان ،
ئۇنى جەڭگە چىللاپ ئالمايتتى پالۋان .
زالى زەر ھەققىدە خەۋەر كېتىشتى ،
كابۇلدىن چىقىپ، تەڭ يولغا چۈشۈشتى .
قانچە بايلىق، ئات ۋە ئۇلىغى بىلەن ،
غۇلامى، كارۋانى، تۆلىمى بىلەن ،
دىنارۇ ياقۇت، مۇشك ــ ئەنبىرى بىلەن ،
زەر تۇتقان شاھ ئەتلەس، يىپەكى بىلەن .
بىر شاھانە تاج گەردىشى گۆھەر ،
بىر ئېسىل سوۋغاتۇ ياقۇت كۆزلۈك زەر .
بۇ سوۋغاتلار بىلەن لەشكەر، سەردار ،
ھەممىنى يولغا ئېلىپ چىقتى شەھرىيار .
كابۇل شاھى يولغا چىققاندىن خەۋەر
تاپتى شۇئان شاھزادە زالى زەر .
ئالدىغا چىقىشتى قۇتلاپ، قارشى ئېپ ،
بىر بارگاھ قۇرۇشتى جەننەتتەك قىلىپ .
شاھانە تەخت ئۈزرە چىقتى ئىككى شاھ ،
دىل بەزمىگە مايىل، شادلىققا نىگاھ .

يېيىلدى رەڭمۇ رەڭ يوغان داستىخان ،
بەزمىلەر باشلاندى قايناق ۋە شادان .
مەي قۇيۇپ پىيالە تۇتقاندا ساقى ،
سام ئوغلىغا مېھراب سىنچىلاپ باقتى .
دىتىغا ياقتى ئۇنىڭ گۈل دىدارى ،
سادىق دىل بىلەن بولدى ئۇنىڭ ھەمكارى .
ئەقلۇ ھوشىنى كۆرۈپ، تىڭلاپ سۆھبىتىن ،
تەشەككۇرغا كۆمدى ئاتىسى نامىن .
مېھراب داستىخىنىدىن تۇرغان ئاشۇ ئان
زال باقتى ئاڭا بولۇپ بەك ھەيران .
ئۇلۇغلارغا قاراپ دېدى زالى زەر :
« بۇنىڭدىن چىرايلىق كىم باغلار كەمەر ،
ئاڭا تەڭ كىشى يوق ھۆسن ــ قامەتتە ،
ئەقىلدە، ئەدەپتە ھەم دىيانەتتە . »
چوڭلار ئارىسىدىن شۆھرەتلىك بىر زات ،
جاھان پالۋانىغا قىلىپ ھەسەنات ،
دېدى : « چىمىلدىقتا بىرلا قىزى بار ،
قۇياشتىن يورۇقراق يۈزلىرى ئانار .
پىل چىشىدەك مۇجەسسەم بولغان ئاپئاق تەن ،
قامىتى مىسلى سەرۋ، جامالى گۈلشەن .
بار يەلكىسىدە بىر جۈپ ئېپار ھىد زۇلفى ،
تاپىنىغا چۈشۈپ تۇرار ئۇنىڭ ئۇچى .
ئاغزى ئانار دانىدەك، يۈزلىرى گۈلنار ،
كۆكسىدە پەرۋىش تاپار بىر جۈپ ئانار .
ئىككى كۆزى ـــ ئىككى نەرگىس، يۈزى باغ ،
كىرپىكلەر قاپقارا زاغ قانىتى، زاغ !
ئىككى قېشى خۇددى تازارا كامانى ،
ئەنبەرۇ مۇشك بولۇر ئۇنىڭ قۇربانى .
ئاي ئىزدىسەڭ باردۇر ئۇنىڭ چېھرىدە ،
مۇشك پۇرىساڭ باردۇر ئۇنىڭ تېنىدە .
بويى باشتىن ــ ئاياغ جەننەتتۇر، جەننەت ،
بار ئۇندا گۈزەللىك، نازاكەت، زىننەت . »
بۇ سۆزلەردىن ئۇچتى زالى زەر ھوشى ،
بىردەم ئارام ئالالماي قالدى دىل قۇشى .
ئاتىسى مۇكەممەل بولسا بۇ قەدەر ،
ئۇنىڭ قىزى قانداق ؟ شەمسمۇ، قەمەر ؟
كەچ بولدى، ئولتۇرار خىيال بىلەن زال ،
تېخى كۆرمەي تۇرۇپ دىلدىن ئىنتىزار

چوققىغا كۈن تىغى تېگىشى بىلەن ،
يورۇدى بۇ جاھان ئاپئاق ، بىر بەلەن .
ساراي ئىشكىنى ئاچقاندا داستان ،
كىردى ئالتۇن قىلىچ ئاسقان بىر پالۋان .
تۇركۇم ـ تۇركۇم كېلىپ يەنە باتۇرلار ،
زال ئىشكى بويلاپ ، سەپ تارتىپ تۇرار ،
كابۇل پادىشاھى مېھراب باھادىر ،
زال چېدىرى ياققا قىلدى ئىختىيار .
شاھ يېتىپ كەلگەندە بارگاھقا يېقىن :
« يول بەر ! » دەپ ياڭرىدى گوياكى چېقىن .
ئىچكىرىگە كىردى سالاپەت بىلەن ،
مېۋىلىك دەرەختەك ھالاۋەت بىلەن .
زال ئۇنى قارشى ئالدى چىن دىلىدىن شاد ،
ئەنجۇمەندە ئۇنى كۆپرەك قىلار ياد .
مېھرى بىلەن دېدى : « نېمە تىلىسەڭ ئېيت ،
مۆھرۇ تاجۇ تەختىمۇ ئىستىكىنىڭ شۇ پەيت ؟ »
ئاڭا مېھراب دېدى : « ئەي پادىشاھ ،
خۇشاللىقتۇر ھەممىدىن غالىب ، پەرمانىرەۋا .
بۇ زامان پەقەت بىر ، بىر ئارزۇيۇم بار ،
ئىجراسى سەن ئۈچۈن ئەمەس ھېچ دىشۋار .
مەنزىلىمگە قەدەم قويساڭ كەلمەككە ،
قۇياشتىن يورۇسا دىل ، كۆزۈ كۆلبە . »
زال دېدى : « بۇ ئارزۇ بەلكى تاڭ ئاتماس ،
ئۆيۈڭگە بېرىشنى قىلمايمەن ھەۋەس .
بۇتپەرەس ئۆيىدە تۇرغىنىمىزنى ،
مەي ئىچىپ ، مەست بولۇپ يۈرگىنىمىزنى .
ئاتام سام ئاڭلىسا غەزىپى كېلەر ،
نې بولۇر شاھىمىز ئاڭلىسا ئەگەر ؟
بۇنىڭدىن سىرت نېمە خالىساڭ قىلاي ،
دىدارىڭ كۆرۈشنى دىل كېمى بىلەي . »

مېھراب ئاغزىدا دېدى ئاپىرىن ،
ئەمما دىل ئىچىدە دېدى « ناپاكتىن » .
بەخت تىلەپ ئاپىرىن ئېيتىپ كەتتى ئۇ ،
تەختىدىن خىرامان چىقىپ كەتتى ئۇ .
كەينىدىن ئۇزىتىپ قالدى ئۇ زال ،
ماختاپ ، تىلەپ قالدى يورۇق ئىستىقبال .
ھېچكىم قارىمايتتى ئاڭا ئۇشبۇ دەم ،
ئەتراپ بىلىندى گۆر ، نەبىرەر ئادەم .
ئۇ نە ھەمدىن ئەمەس ، نە ھەمراھ ئىدى ،
ئۇنىڭ ماختىشىدا تىل قىسقا ئىدى .
لېك زال دىلىن ئاڭا كۆرۈشۈپ مايىل ،
قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ماختىشى قايىل ،
ئېسىل زاتلار بىر ـ بىر ماختاشتى ئۇنى ،
ھەممە نامدارلار ئالقىشلىدى ئۇنى .
قامىتى ، دىدارى ، تەمكىنلىكىنى ،
سۆزلىرى ئۆزىگە ماسلاشقانلىقىنى .
زال دىلى بىردىنلا دىۋانە بولدى ،
ئەقىل ـ ھوشى قاچتى ، ئىشق مەردانە بولدى .
ئەرەب سىپاھدارى زامانى ئەزەل ،
بۇ خۇسۇستا دېمىش شۇنداق بىر مىسال :
« تا ئۆلگۈچە جۇپتۇم ، تاپانچىم ـ نامىم ،
چەرخى گەردۇنىنى پەس قىلار قامىتىم .
خوتۇن ئالمىغايمەن گۇناھ قىلماي دەپ ،
ئاقىللار ئالدىدا رەسۋا بولماي دەپ . »
ئىشق خىيالىدا زال بولدى دىلخەستە ،
دىل ۋە جېنى بولدى ئىشققا پەيۋەستە .
ئويلىماس ئىدى ئۇ خەلق تەنبىھىنى ،
كاتتىلار بىلىسە يۈزى تۆكۈلەرىنى .
بۇ ئارىدا تىنىماي ئايلىنار ئاسمان ،
دىلدا ئىشقى ئاشار ، چارىسىز داستان .

## رۇدابەنىڭ كېنىزەكلەر بىلەن مەسلىھەت قىلغانلىقى

بىر كۈنى تاڭ سەھەر چېغىدا مېھراب ،
داستان بەرگاھىدىن كەلدى ئالدىراپ .
قەدەم قويۇش بىلەن شەبىستانىغا ،
ئىككى خۇرشىد يېتىپ كىردى يېنىغا .
بىرى سۆيگەن يارى سىندۇختى بانۇ ،
بىرى رۇدابە ، قىزى ـــ قارىقى .

ئىككىسى ياسانغان نەق باغۇ باھار ،
جەۋلان رەڭمۇ رەڭ تۇس ، يا پەرۋەردىگار !
قىزىغا قاراپ قالدى ھەيرانلىقتا لال ،
ھەتتا ئاپىرىنغا تىلى بىماجال .
بىر سەرۋىناز كۆردى جامالىدا ئاي ،
ئىككى ئەنبەر زۇلفى خوپ ئاچقان چىراي .

بېزەكلىرى شاھى دىبا ۋە گۆھەر ،
بېھىش پەرىسىدەك ھوشۇڭنى ئالار .
خوتۇنى يېنىغا بارغاندا مېھراب ،
سىندۇخت ئويلاپ ، لېۋىنى ئاچتى خۇشاپ :
« قانداق بولدى بۇگۇن سەپىرىڭ يولى ؟
قىسقا بولسۇن ھەممە يامانلىق قولى .
قانداق ئادەم ئىكەن مويسىپىت بالا ؟
ئاڭا تەخت لايىقمۇ يا ئاشۇ خانا ؟
باشقا ئادەملەرگە ئوخشامدۇ ئۆزى ،
ئاڭا لايىقمىكەن مەشھۇرلار ئىزى ؟ »
جاۋاب بېرىپ مېھراب دېدىكىم ئاستا :
« ئەي سەرۋ قامەتىم ، ئەي ئۈز دىلرابا ،
دۇنيادا پالۋانلار ئىرانلار ئارا ،
زال ئىزىن باسالماس ھېچكىم زادىلا .
تام نەقىشلىرىن ئىزدە مەيلى قاز ،
تېپىلماس بۇنداق بىر چاققان چەۋەنداز .
شىر يۈرەك ، ئەزىمەت كۈچتە خۇددى پىل ،
ئىككى قول قۇدرىتى خۇددى ئىككى نىل .
بەزمىدە تۇرسا گەر زەرەپشان بولۇر ،
ئەگەر جەڭگە كىرسە بىر ئوپقان بولۇر ،
يۈزلىرى پاكىزە قىزىل نۇر تولغان ،
ئۆزى ياش ، بەختىمۇ بىدار ، نەۋقىران .
خەتەردە مىسالى يىرتقۇچ بىر بالا ،
ئىگەردە مىسالى چەبدەس ئەجدىھا .
جەڭدە يەر يۈزىنى قىلار قىزىل خۇن ،
خەنجىرى يالت قىلسا ، ياۋلار كۆمپەيكۇم .
بىرلا ئەيىبى بار ، چاچلىرى ئاپئاق ،
باشقا ئەيىبى يوق ، پەزلى بىساناق .
چاچ ئېقىمۇ ئۇنى بېزەپ تۇرىدۇ ،
كۆرگەنىنىڭ ئەقىل ـ ھوشى يولدىن ئازىدۇ . »
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ رۇدابە دىلبەر ،
ئوت ئالدى يۈزلىرى مىسالى گۈلنار .
دىلىدا زال ئىشقى ، ئوتى شەپقەتسىز ،
تاماق ۋە ئۇيقۇنى تەرك قىلدى ئۇ قىز .
ئەقىل ئورنىنى ئالدى خىيال ۋە ئارزۇ ،
پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ قالدى ئۇ .
دانالاردىن بىر سۆز ئالغانىدىم ياد :
« ئايال بولسا قىلما يىگىت نامىنى ياد .
ئايال يۈرىكىدىن جاي ئالارمىش جىن ،
گېپىڭدىن چىقىرار مۇھەببەت ئوتىن ! »
قىز خىزمىتىنى قىلار بەش كېنىزەك ،
ھەممىسى مېھرىبان ، خىزمەتتە بىردەك .
ئۇلارنى چاقىرىپ دېدى سەرۋىناز :
« سىلەرگە دىل سىرىم ئاچايمەن بىرئاز .
جاھاندا بىردىنبىر سىردىشىم سىلەر ،
غەمگۇزار ، دوستلىرىم ، تەڭدىشىم سىلەر .
پەقەت بەشىڭلارلا ئاگاھ بولۇڭلار ،
كۆپ يىللار ئىقبالغا ھەمراھ بولۇڭلار .
مەن ئاشىقمەن ، ئىشقىم دېڭىز ـ ئوكيان ،
مەۋج ئۇرار ، دولقۇنى يېتەر تا ئاسمان .
زال ئىشقىغا دىلىم تولدى لىقمۇلىق ،
خىيالى ھەتتاكى ئۇيقۇمغىمۇ زىق .
دىل ۋە جان ، ئەقلىمدە ئۇنىڭ خىيالى ،
ئوڭۇمدا ـ چۈشۈمدە ئۇنىڭ خىيالى .
بۈگۈن بىرەر چارە تاپماقدۇر زۆرۈر ،
بۇ غەمدىن كۆڭلۈمنى تېز قۇتۇلدۇر .
سىلەردىن سىرت ھېچكىم بىلمىسۇن سىرىم ،
سىلەر مېھرىبانىم ، سىلەر ھوش ـ ئەقلىم ! »
كېنىزەكلەر ئۇرۇشتى بارمىقىغا چىش :
« شاھ قىزىغا كەلدى قانداق بۇ ئۇيات ئىش ؟ ! »
ئاخىر چاچراپ تۇردى بىرى ئورنىدىن ،
غەزەپتە ھەممىسى خۇددى ئەھرەمەن .
دېيىشتى : « ئەي جاھان بانولار تاجى ،
غۇرۇرۇڭدا يەتتە ئىقلىم جامالى .
چىندىن تا ھىندىستانغا كەتتى شۆھرىتىڭ ،
ئالەمنى بەنت ئېتەر شۇ بۈيۈك نامىڭ .
قامىتىڭدەك شەمشاد يوقتۇر چىمەندە ،
سەندەك پارلاق يۇلتۇز يوق ئەنجۇمەندە .
سۈرىتىڭ كۆرگەندۇر كەنئۇج ھەمدە ماي ،
پۈتۈن مەشرىق سېنى ماختار يىل ۋە ئاي .
نومۇس قالمىغانمۇ سەندە بىر تامچا ،
ئويلاپ كۆر ، ئاتاڭغا بۇ قانداق قامچا ؟
ئاتاڭ تاشلىغاننى چۆرۈپ يىراققا ،
ئالماقچى بولدۇڭمۇ سەن پاك قۇچاققا .
تاغدا ، قۇش ئۇۋىسىدا ئۆسكەننى ھامان
كۆرسىتەر بارمىقى بىلەن ئالامان .
ئانىدىن مويسىپىت تۇغۇلماس ھېچكىم ،
تۇغۇلسا ، ئەۋلادى نېم بولۇر ، ئايىم ؟

شۇ ھۆسنۈگدە سەن قوپۇپ زالنى دېسەڭ ،
ھەممە ھەيران ، ئاق چاچ شۇ چالنى دېسەڭ .
جاھاندا بىر قۇياش مېھىر ــ مۇھەببىتىڭ ،
ساراي تاملىرىدا سېنىڭ سۈرىتىڭ .
ساگا ، ئەزىز ، بۈيۈك گۈل چېھرىڭ ئۈچۈن
لايىق بولسا ئەرزىر ئاسماندىكى كۈن . »
كېنىزەكلەر سۆزىنى ئاڭلىغانسېرى ،
رۇدابە دىلىدا ئوت يالقۇنلىدى .
ئۇلارغا تولۇلدى ، ئۇرۇشتى قارغاپ ،
يۈزىنى ئۆرۈدى ، كۆزىدە غەزەپ .
ئاندىن قاپاقلىرى سېلىنىپ كەتتى ،
غەزەپتە ھۆسنىگە زەخمىمۇ يەتتى .
دېدىكىم : « خام ئىكەن پىكرىڭىز نەقشى ،
بۇ سۆزلەرگە قۇلاق سالمىغان ياخشى .
لايىغا كۆكۈل بەرگەن گۈلكە قارىماس ،
گەر گۈل شۆھرىتى ئاشسىمۇ ئەرزىمەس .
كىمنىڭ جىگىرىگە سىر كىدۈر شىپا ،
ھەسەلدىن كېسىلى ئاشار مۇتلەقا .
نە قەيسەرنى دەرمەن ، نە چىن فەغفۇرىن
نە ئىران شاھلىرى شۆھرىتى نۇرىن .
خىيالىمدا ئاشۇ سامنىڭ ئوغلى زال ،
ئاشۇ شىر بىلەك ، ئازادە خىيال .
ئۇنى چال دېسىڭىزمۇ ۋە يا نەۋقىران ،
مېنىڭ ئۈچۈن پەقەت زال ــ ئارامجان .
دىلىمنى باشقا ھېچ قىلالماس ئاۋات ،
ئالدىمدا باشقىنى ياد قىلماڭلار ، ياد .

مەن ئۇنى كۆرمەيلا بەردىم مەيلىمنى ،
دوستلاردىن ئاڭلاپلا بەردىم كۆڭلۈمنى .
مەن ئۇنى سۆيگەنمەن يۈز ــ چىچى ئەمەس ،
باھادىر ، ھۈنەرۋەن ، شۇنىڭ ئۆزى بەس . »
كېنىزەكلەر ئاڭلىشىپ خەستە ئاۋازىن ،
بىلىشتى دىل دەردىن ، مۇھەببەت زارىن .
بىر ئېغىزدىن ئاڭا دېيىشتى : « بىزلەر
قۇلۇڭمىز ، دىلىمىز مېھرىڭنى ئىزدەر .
نېمە دېسەڭ قىلايلى ئېيتقان زامانىڭ ،
ياخشىلىقتىن باشقا بولماس پەرمانىڭ . »
بىرى دېدى شۇندا : « ئەي سەرۋ بوي ، ماھ ،
بۇ سىردىن بولمىسۇن ھېچ كىشى ئاگاھ .
تەييارمىز قىلىشقا جانىمىز پىدا ،
ئەقلۇ ئىدرەك بولسۇن ساڭا رەھنەما .
جادۇنى ئىشلىتىش لازىم بولسا گەر ،
كۆزلىرىن باغلايلى بولۇپ سېھرىگەر .
قۇش بولۇپ ئۇچىمىز ، جادۇ بولىمىز ،
تاغلاردا چېپىشقان ئاھۇ بولىمىز .
شاھنى كەلتۈرەيلى ئايىنىڭ يېنىغا ،
ئايىنىڭ ھۇزۇرىغا ، ئاي ئايۋانىغا . »
رۇدابە كۆڭۈلنىڭ ئىشكىن ئاچتى ،
ئۇلارغا سۆزلىدى ، دۇررى ناب چاچتى :
ئەگەر بۇ سۆزلەردىن ئىش بولسا ھاسىل ،
بىر دەرەخ ئۆسكۈسى مېۋىلىرى مول .
مېۋىسى ئايلىنار ئېسىل گۆھەرگە ،
ئەقىل يىغىپ سالار ئۇنى ئېتەككە .

## رۇدابە كېنىزەكلىرىنىڭ زالنى كۆرۈشكە بارغانلىقى

كېنىزەكلەر كەتتى ، قىز قالدى ، دىل پارە ،
كېنىزەكلەر ئىزدىشەر بۇ ئىشقا چارە .
رۇم شايىلىرىگە چىلڭ ئورىنىشتى ،
چاچلارغا گۈل قاداپ ئۆز ياسىنىشتى .
بەشەيلەن قىرغاققا كېلىشتى قاتار ،
رەڭگىرويى بىردەك ياشنىغان باھار .
جامالى ئاي ئىدى ، نورۇز ــ يېڭى يىل ،
زال لەشكىرى شۇندا تۇرار بىر مەنزىل .
ھەر يان چېپىشار ، گۈل تېرىشكە مەشغۇل ،
يۈزلىرى گۈلستان ، قۇچاقلىرى گۈل .

گۈل تېرىپ ، سۆز قېتىپ بۇ بەش گۈلرۇ ،
داستان چېدىرىغا كەلدى روبىرو .
نەزەرى ئۇلارغا چۈشتى ــ دە ، شۇئان ،
« گۈلپەرەسلەر كىم ؟ » دەپ سورىدى داستان .
دېيىشتى : « بۇلارنىڭ خوجىسى مېھراب ،
مېھراب سارىيىدىن چىققان ماھتاب .
بۇ كېنىزەكلەرنى گۈلىستان تامان ،
كابۇلىستان ماھى قىلغانمىش راۋان . »
بۇ سۆزلەردىن داستان دىلى جۇش ئۇردى ،
ئارامىن يوقاتتى ، ئورنىدىن تۇردى .

بىر قۇل بىلەن كەلدى سۇنىڭ بويىغا ،
نى كەلدى ئالەمگىر داستان ئويىغا ؟
ئۇ ياقتا كېنىزەكلەر كۆرۈنگەن چاغ ،
قۇلدىن تەلەپ قىلدى كامانۇ ساداق .
دەريا قىرغىقىدا يۈردى پىيادە ،
ياۋايى غاز ھەمدە ئۆردەك زىيادە .
تۇرك غۇلام تاناۋىن تارتىپ كامانىنىڭ ،
سول قولىغا بەردى باتۇر ، پالۋانىنىڭ .
داڭ ئۇرۇپ ، قۇشلارنى ئۈركۈتتى داستان ،
قۇشلار ئۇچۇش بىلەن بوشاتتى كامان .
بىر قۇش پوكلا چۈشۈپ تىپىرلاپ قالدى ،
سۇ يۈزى قىپقىزىل قانغا بويالدى .
داستان قۇلغا دېدى : « شامالدەك تېز بول ،
دەريادىن ئۆتۈپ ئاۋۇ ئولجىنى ئەكەل ! »
قېيىقتا دەريادىن ئۆتۈپ باردى تۈرك ،
كېنىزەكلەر يېنىغا يېتىپ باردى تۈرك .
بىر گۈزەل كېنىزەك تۈرك قېشىغا باردى ،
جاھان پالۋانىدىن سۆز باشلاپ قالدى :
« كىمدۇر ئۇ پەھلىۋان ، باتۇر ، شىر يۈرەك ؟
قەيەرنىڭ شاھى ئۇ ، ئۆكۈز كۆكرەكلىك ؟
شۇنداق ھۈنەر بىلەن ئاتقاندا كامان ،
قانداق دۈچ كەلگۈسى ئاڭا بەد گۇمان .
جاھانغا كۆز ئېچىپ كۆرمىگەندۇ باز
ئوق ئېتىشقا ماھىر بۇنداق چەۋەنداز . »
بارمىقىنى لېۋىگە بېسىپ دېدى قۇل :
« شاھىمىز ھەققىدە سۆزلىمە ، ئەي گۈل ،
ئۇ نىمرۇز پادىشاھى ، ئاتىسىدۇر سام ،
شاھلار ھەم قويغانمىش ئاڭا داستان نام .
ئۇنداق چەۋەندازنى تاپالماس پەلەك ،
زامانە كۆرمىگەن نامدار ئۇنىڭدەك . »
ماھرۇي كېنىزەك كۈلۈپ دەر قۇلغا :
« بەس ، ماختاۋەرمە ، قارا ئوڭ ـ سولغا .
مېھراب ئوردىسىدا بار بىر تولۇن ئاي ،
ئەدەب ۋە ھۆسىندە ئۇندىن تۆمەن پاي .
پىل چىشىغا ھەمرەڭ ، قامىتى شەمشاد ،
قارا زۇلفى شاھانە تاج قىلار ئىجاد .
ئىككى نەرگىس جاللات ئىككى قېشى ھەم ،
ئىككى قاش ئارىسى گويا بىر قەلەم .
ئەركىسزلەر دىلىدەك ئاغزى بەكمۇ تار ،
ھالقا ـ ھالقا زۇلفى ئاياغقا تېگەر .
ئۇيقۇغا مايىلدەك كۆزلىرى خۇمار ،
بويى ئەنبەرگە تولۇق ، لالەگە رۇخسار .
نەپەس تەستە تاپار لەۋلىرىدىن راھ ،
جاھاندا تېپىلماس باشقا ئۇنداق ماھ .
زابۇلىستان شاھىن كۆرمەككە ھامان
كابۇلىستاندىن بىز كەلدۇق خىرامان .
بىر چارە تاپايلى ياقۇتتەك لېۋى
زال لېۋىگە يەتسۇن گۈلگۈن جام كەبى .
ئاسماندا ئاي بولسا ھەم قۇياش بولسا ،
زال بىلەن رۇدابە ياستۇقداش بولسا . »
كېنىزەكتىن ئاڭلاپ بۇنداق خۇش كالام ،
تۈرك خۇش بوپ كەتتى ، يۈزلىرى گۈلفام .
كېنىزەكلەرگە دېدى : « بەكمۇ يارىشار ،
نۇر چاچار قۇياشقا يالتىراق قەمەر . »
جاھاندا جۈپلۈكنى قىلغاندا پەيدا ،
ھەر دىلغا ئىشق ئوتىن سالغاندۇر خۇدا .
ئەگەر ئاجراتماققا قىلسىدىكەن قەست ،
ئاجرىتار ، ئۇ بىلەن قىلما ھەرگىز بەس .
باغلىنىشى نىھانۇ ، ئۈزۈشى ئاشكار ،
ئاڭىمۇ ، بۇنىڭغىمۇ پەلەك ئۇستىكار .
باھادىر ئۆز جۈپتىن تاپمىسا ئەگەر ،
جاھاندىن تۇخۇمى يوقىلىپ كېتەر .
كىمنىڭ پەرزەنتى گەر قىز بولسا پەقەت ،
خەلقتىن ئاڭلىشار تەنە ، مەزەممەت .
تۇخۇم بېسىپ ياتقان جۈپتىگە ئۆگىت
سۆزلەرنى شۇنداق دەر ئەركەك بىر بۈركۈت :
« بۇ تۇخۇملاردىن گەر چىقمىسا ئەركەك ،
تۇخۇمۇم قۇرۇيدۇ ، ئۇرىدۇ پەلەك . »
غۇلام قايتىپ كەلگەچ خۇش چىراي ، خۇشال ،
سام ئوغلى ئۇ تۈرككە تاشلىدى سوئال :
« ئۇلار نېمە دېدى ، خەندان بولۇپسەن ،
لېۋىڭ ئوچۇق ، كۈمۈش دەندان بولۇپسەن ؟ »
جاۋابىنى دېدى ، ئاڭلاپ ئۇ پالۋان ،
شادلىقتىن پالۋانىنىڭ دىلى نەۋقىران .
غۇلامغا ياندۇرۇپ دېدى : « بېرىپ ئېيت :
كېتىشمەي تۇرۇشسۇن گۈلزاردىن بۇ پەيت ،
ھەر تۈرلۈك چېچەكتىن تۈزسۇن گۈلدەستە ،
بىز قىلىمىز گۆھەر بىلەن ئارەستە .

کېتىپ قېلىشمىسۇن ئۇلار چىمەندىن ،
رۇدابەگە كەتسۇن سۆز ئېلىپ مەندىن . »
تەلەپ قىلدى گۆھەر ، ئالتۇن بويۇملار ،
قىممەت باھا زەرلىك ، ئېسىل كىيىملەر
ۋە دېدى : « قىزغا شۇئان يەتكۈزۈڭ ،
ئەلگە مەلۇم قىلماي ، پىنھان يەتكۈزۈڭ . »
نەۋكەرلەرنى باشلاپ باراتتى غۇلام ،
ئېلىپ ماڭغانىدى سوۋغا ۋە سالام .
ئېلىپ بېرىشتى ئالتۇنۇ گۆھەر ،
ئەۋەتتى دېيىشتى ، باتۇر زالى زەر .
كېنىزەك غۇلامغا دەر پىچىر - پىچىر :
« ھەرگىزمۇ ئاشكارا بولمىغاي بۇ سىر .
سىرنى ساقلالايدۇ پەقەت ئىككى تەن ،
ئۈچ كىشى سىر ئاشكار ، تۆتى ئەنجۈمەن .
ھەممە گەپ سىر بولسۇن دېدى ئۇ شەنەم ،
كېچىسى سارايغا تاشلىسۇن قەدەم . »
كېنىزەكلەر دېيىشەر بىر-بىرىگە :
« دامىمىزغا چۈشتى زابۇلنىڭ شىرى .
بۇ كۈن شاد رۇدابە ۋە ئۇ پالۋان زال ،
ئاخىرى يېشىلدى بۇ بەختىيار پال . »
قايتتى قارا كۆزلۈك شاھنىڭ مەھرىمى ،
غەزنە ئىگىسى ، يولداش - ھەمدەمى .
دىلنەۋاز كېنىزەكتىن ئاڭلىغان سۆزىن
سۆزلەپ بەردى شاھنى تېپىپ بىر ئۆزىن .
سىپاھدار يول ئالدى گۈلىستان تامان ،
كابۇل كېنىزەكلىرى يېنىغا راۋان .
پەرىمۇ ۋە يا گۈل كابۇل سەنەملىرى ،
كېلىپ تەزىم قىلدى زالغا ھەممىسى .
دىلاۋەر ئۇلارغا تاشلىدى سوئال ،
رۇدابە ھالىدىن سوراپ ھال - ئەھۋال ،
ئىدرىكى نەدىيۇ ، ئەقلى گۇفتارى ،
ھۆسنى ، چېھرىسىيۇ قامەت رەپتارى .
ھەممىسىنى بىر - بىر راستىنى ئېيتىڭ ،
يالغاننى ئويلىماڭ ، يالغاندىن قايتىڭ .
ئەگەردە راست بولسا سۆز ۋە ئويىڭىز ،
ئالدىمدا ئارتىدۇ شان - ئابرويىڭىز .
قىلچە يالغان بولسا گەر ئېيتقىنىڭىز ،
پىللارغا دەسسىلەر گۈلدەك تېنىڭىز . »
كېنىزەكلەر چېھرى بولدى كەھرىۋا ،
يەر سۆيۈپ ، قىلىشتى تەزىمنى بەجا .
ياشراقى بار ئىدى جەسۇر ۋە قەيسەر ،
زال بىلەن باشلىدى سۆھبەتنۇ گەپلەر .
دېدى : « نېمە يوغان ، نېمە كىچىك ، جاھان
بۇنداقلارنى ئەسلى بىلمەيدۇ ھامان .
سامنىڭ تەلەتىيۇ ، ئۇنىڭ قامىتى ،
ئۇنىڭ پاك بىلىمى ۋە شىجائىتى .
ئىككىنچى سېنىڭدەك دادىل سۆيەر ئەر ،
قامىتى شەمشادۇ پەنجىلىرى شىر .
ئۈچىنچى ، رۇدابە كەبى خۇش چىراي ،
ئۇ بىر سەرۋى قامەت ، ئۇن تۆت كۈنلۈك ئاي .
باشتىن ئاياغىچە گۈلۇ ياسۇمەن ،
قامىتى سەرۋى ، كۆزلىرى چولپان .
يۈزلىرى لالىدۇر ، قاشلىرى قىلىچ ،
چاچلىرى مۇشكىنۇ ، بېلى نەي قومۇچ ،
كۈمۈشتەك گۈمبەزدىن تا يەرگە قەدەر ،
قۇندۇزدەك زۇلفى يەرگە سۆرىلەر .
بېشىدىن چۈشەر چاچى ، مۇشك بىلەن ئەنبەر ،
باشتىن ئاياغ يالتىرار مەرۋايىت - گۆھەر .
زۇلفى تۇرۇم - تۇرۇم مىسالى ھالقا ،
شارقىراپ چۈشەر گويا بىر شارقىراتما .
بۇنداق گۈزەل سەنەمنى بىلمەس ھەتتا چىن ،
ئاڭا ئاپىرىن دەر ھەم ئاي ، ھەم پەرۋىن . »
كېنىزەك سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇ ئالىيجاناب ،
ئىللىق سۆزلەر بىلەن دىلنى قىلدى شاد .
سوڭ دېدى : « ئۇ بىلەن ئۇچراشتۇر مېنى ،
بىر يول تاپ ، كۆكلەرگە كۆتۈرەي سېنى .
مۇھەببىتى ئۆرتەر يۈرەك ، جانىمنى ،
ۋىسال ئىختىراسى خانۇمانىمنى . »
كېنىزەك دېدىكىم : « قىلغىن سەن پەرمان ،
چاپايلى سەرۋىناز سارىيى تامان .
جاھان پالۋانىنىڭ خۇش گۇفتارىدىن ،
نۇرانە رايىدىن ، خۇش دىدارىدىن ،
مۇبالىغە قىلىپ چېكىپ باقىمىز ،
يالغان - راستلىقىنى بىلىپ باقىمىز .
دامغا چۈشۈرەلىسەك ئاڭا بېرىپ بەند ،
لەۋلىرى لېۋىڭگە بولغۇسى پەيۋەند .
پالۋان بارسا گەر تون قورغان تامان ،
يولۋاستەك ئالدىرىماي ، قولىدا ئارقان ،

پەنجىرىگە ئارقان تاشلىسا ئۇ شاد ،
ئاھۇ ئۇۋىسىدا شىر بولغىنىدەك شاد ،
ھۆسنىن كۆرۈپ بولۇرسەن خۇش شۇدەم ،

ساڭا بۇ مەسلىھەت كەرەمدۇر ، كەرەم . »
قىزلار كەتتى ، زالنىڭ باغرى ئېزىلدى ،
ئاڭا كېچە خۇددى يىلدەك بىلىندى .

## كېنىزەكلەرنىڭ رۇدابە ھۇزۇرىغا قايتقانلىقى

كېنىزەكلەر قايتتى ، مانا دەرگاھتا ،
ھەر بىرىدە بىر جۈپ گۈل بار ، بىر شاختا .
دەربان كۆرۈپ قىلدى ئېغىزاكى جەڭ ،
تىل ياغدۇردى قوپال ۋە ھەرەڭ .
« بىمەھەل يۈردۈڭلار ، شۇنچە بىھايا ،
ئاخىر بۇ ئىشىڭلاردىن چىقار نى بالا ؟ »
سەنەملەر جاۋابىن قىلغاندا بايان ،
يۇمشاپ قالدى شۇئان ئۇ قوپال دەربان .
دېيىشتى : « بۈگۈنمۇ ئادەتتىكى كۈن ،
گۈلشەنلەردە يوقتۇر بالا ، دىۋە ـ جىن .
باھار كەلدى ، باھار ، بىز گۈل تېرىيمىز ،
گۈلىستانلار ئارا سۇمبۇل تېرىيمىز . »
دەربان دېدىكىم : « بۈگۈن باشقا كۈن ،
ئاددىي كۈن دەپ تولا قىلماڭلار غەليان .
ئىلگىرى يوق ئىدى ، بۇندا زالى زەر ،
يوق ئىدى بۇنچىلا چېدىر ۋە لەشكەر .
شاھىمىز ھۇرمىتىن قىلىپ ئىپادە ،
سۈبھى ئاتقا مىنەر ، كېچە پىيادە .
ئۇلار ھۇزۇرىدا ئۆتىدۇ كۈنى ،
دوستلۇق دەپ دېسە بولىدۇ شۇنى .
سىزنى كۆرۈپ قالسا قولدا گۈلدەستە ،
غەزەپتە بەستىڭىز ئېگىدۇ پەسكە . »
ئاندىن سەنەملەر كىرىپ سارايغا ،
سۆزلەشكە باشلىدى بار گەپنى ئايغا :
« كۆرمىگەنتۇق بۇنداق قۇياشنى مۇتلەق ،
يۈزلىرى قىزىل گۈل ، چاچلىرى ئاپئاق . »
كۆزلىرىدە جۇش ئۇرار سۆيگۈ يالقۇنى ،
رۇدابە دىلىدا كۆرمەك ئارزۇسى . »
قىنىپ ئاڭلىماقچۈن زال ئەھۋالىنى ،
سوۋغا ـ گۆھەرلەرنى ئالدىغا قويدى .
سورىدى : « سام ئوغلى ، قانداق ئىش ، سۆزى ؟
شۆھرەت ـ ئېتىبارغا ئەرزىمدۇ ئۆزى ؟ »
بەش گۈزەل كېنىزەك قىلدى ھېكايەت ،

ئاي يۈزلۈك سەنەمگە ياقتى بۇ غايەت .
« جاھاننى قېدىرىپ كەزسەڭ سەر ـ بەسەر ،
باشقىسى تېپىلماس ، يالغۇز زالى زەر .
قامىتى شەمشادۇ ، چېھرى بىر زىبا ،
پەقەت ئاڭا لايىق تەنتەنە ، سىپاھ .
ئىككى كۆزى ئىككى نەرگىستەك روشەن ،
چېھرىدىن خىجىل باھارى گۈلشەن .
شىر ئالقان ، شىر قامەت ، شىرغا ھەمشىرىك ،
مۇباددەك ئاقىلۇ ، شاھتەك ھەيۋەتلىك .
ئاق چاچقا قاپلانغان بېشى ، ھەممە يەر ،
كەمچىلىكى بىر شۇ ، ئەمما بۇمۇ نۇر .
گۈلدەك چېھرە ، ئاپئاق چاچلىق پالۋان ،
كۈمۈش قالقان تۇتقان ، قولى ئەرغۇۋان .
گويا لازىم شۇنداق بولۇشى پەقەت ،
بولمىسا قويمايتتىڭ ئاڭا مۇھەببەت .
ۋەسلىڭ ۋەدىسىنى ئېلىپ قالدى ئۇ ،
دىلۇ جانغا ئۈمىد سېلىپ قالدى ئۇ .
ھازىرلىق قىل ، كېلەر سۆيۈملۈك مېھمان ،
نېمىدىن باشلايلى ئىشنى ، بەر پەرمان . »
كېنىزەكلەرگە دېدى ئۇ سەرۋى قامەت :
« ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ ئەمدى ھېكايەت .
ئۇ ئاشۇ زالمىكەن ، قۇش ئۆستۈرگەن زال ؟
زارلىنىپ قاقشىغان ئاپئاق چاچلىق چال ؟
بۈگۈن گۈلدەك ئېچىلار گۈل چېھرىسى ،
شەمشاد قەد ، زىبا يۈز ، كۈچتۈڭگۈر قولى .
كۆپ سۆزلىگەندۇرسىز مېنىمۇ ماختاپ ،
كېيىن قىلغاندۇرسىز مۇكاپات تەلەپ ؟ »
شۇنداق دەيتتى ، ئەمما كۆزلەردە كۈلكە ،
گۈلناردەك ياشنىغان يۈزىدە كۈلكە .
بانۇلار بانۇسى يەنە سۆز باشلاپ
دېدى خىرامان جورىسىن چىللاپ :
« بول ، تېز ئېلىپ بار ئاڭا خۇش خەۋەر ،
سۆزلىرىن ئېلىپ كەل ، تۇتۇپ ئۇنى سىر .

ئارزۇيۇڭ شۇ بولسا ، ھازىر بول دېگىن ،
ماھروينى كۆرەرسەن ، ئالغىن يول دېگىن ! »
ئاي يۈزلۈك بانۇغا دېدى كېنىزەك :
ئەپلىشەر ھەقىقىي سۆيۈشكەن يۈرەك .
ئارزۇڭغا يەتكۈزدى خۇدا ئاخىرى ،
سائادەتلىك بولغاي ئىشىڭ ئاخىرى . »
رۇدابە ئىش باشلىدى تۇغقاندىن تىنهان ،
كۈلۈپ باقار ئىدى ئاڭا كەڭ جاھان .
بىر خانە بار ئىدى ، ياشنىغان باھار ،
تاملاردا ئۇلۇغلار سۈرىتى قاتار .

خانە ياسىتىلغان چىنچە زىننەتتە ،
ئالتۇن ۋازىلارغا بېرىلگەن جىلۋە .
ئېسىل مەيۇ مۇشكۇ ئەنبەر بىر ياقتا ،
ھەقىقۇ ياقۇتۇ گۆھەر بىر ياقتا .
بىنەپشە گۈل ، ياسۇمەن بىر تامان ،
نەرگىسۇ ، نەقىشلار ، سەۋسەن بىر تامان .
جاملىرى ئالتۇنۇ ، كۈمۈش پىيالە ،
شاراب تولۇق گويا شەبنەمگە لالە .
ئۆيىن گۈلگە شۇنداق كۆمدى خۇرشىد رۇي
تا قۇياشقا قەدەر چىقاردى خۇش بۇي .

## زالنىڭ رۇدابە ھۇزۇرىغا كەلگەنلىكى

كۆرۈنمەي قالغاندا نۇرانە خۇرشىد ،
ھۇجرىسى يېپىلدى ، تاقالدى ئىشىك .
زالى زەر يېنىغا كەلدى كېنىزەك ،
دېدى : « ھەممە تەييار ، يولغا چىق تېزرەك . »
سىپاھدار يول ئالدى رۇدابە تامان ،
سۆيگۈسى جۇش ئۇرغان بىر ئاشىقسىمان .
تامغا چىقىپ كۆتەر قارا كۆز نىگار ،
سەرۋى قەد ئۈستىدە تولۇن ئاي دىدار .
يىراقتىن قارىسى كۆرۈنگەن شۇ دەم ،
داستان ياققا سوزۇپ قولىنى گۈلپەم ،
لەۋلىرىنى ئېچىپ ، كۈلۈپ خۇشال ــ شاد ،
دېدى : « خۇش كەپسەن ، ئەي پالۋانزات ،
ياراتقۇچى مېھرى ئەبەدىي ساڭا ،
زېمىنۇ ئاسمان ئەبەدىي ساڭا .
كېنىزىكىم بولسۇن خۇشال ، بەختىيار ،
باشتىن ئاياغ ھۆسنۈڭ ئېيتقىنچە بار .
شاھانە چېدىردىن يۈرۈپ پىيادە ،
كەلدىڭمۇ سەن ھېرىپ ــ تېلىپ كۈلپەتتە . »
زالى زەر يىراقتىن سېزىپ ئاۋازىن ،
تامغا قاراپ كۆردى ئۇ سەرۋىنازىن .
تام بولۇپتۇ ئۇنىڭ ھۆسنىدىن روشەن ،
گۈلدەك يۈزلىرىدىن ھەممە ياق گۈلشەن .
داستان ئاڭا دېدى : « ئەي ، ماھرۇ گۈلپەم ،
ئاسماندىن ئاپىرىن ، مەندىن ئەسسالام !
نەچچە تۈن ئۇيقۇسىز يۇلتۇزغا بېقىپ ،
خۇداغا يالۋۇردۇم ، جانغا ئوت يېقىپ .

تىلىدىم ، جاھاننى ياراتقان خۇدا
دىدارىڭ ئەيلىسۇن ماڭا ئاشكارا .
بۈگۈن دىلىم ئاۋات ئەتتى ئاۋازىڭ ،
بۇ تاتلىق سۆزلىرىڭ ، لاتاپەت ، نازىڭ .
ۋىسالغا چارە قىل بەختلىك كېچە ،
تۇرمايلى سەن تامدا ، مەن تار كوچىدا . »
داستاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ پەرىزات ،
ئىككى زۇلفىن تۆۋەن تاشلىدى بەك شاد .
گويا سەرۋ ئۈستىدىن ئېسىلغان كەمەند
نەق مۇشكۇ ئەنبەردىن ئېشىپ قىلىنغان بەند .
يىلاندەك تولغىنىپ ھالقىيۇ ھالقا ،
يۈزىنى سىيپاپ تۇرار ئارقاندەك سالغا .
پەنجىرىدىن زۇلفى چۈشكىنى ھامان
زال ئويلىدى : « بۇ قانداق ئارقان ؟ »
رۇدابە ئاۋازى كەلدى بەختىيار ، شاد :
« ئەي پالۋان يىگىت ، ئەي باھادىر زات .
چاپسان كەل ، شىر قولۇڭ بىلەن تېز ياماش ،
زۇلفىمنى سەن ئۈچۈن قىلدىم پەرۋەرىش . »
بۇ سۆزدىن ھەيرانە بولۇپ ئۇ داستان ،
ھاڭ ــ تاڭ قاراپ قالدى ئاي يۈزلۈك تامان .
ئاندىن ئېپار چاچلارنى ئۇ سۆيۈپ كەتتى ،
نىگار قۇلىقىغا ئاۋازى يەتتى .
قىنىپ سۆيۈپ دېدى : « ئەمەس ئادالەت ،
كۆڭلۈم قارا بولسۇن ، بۇ قانداق ھالەت
ئۆز جېنىمغا ئۆزۈم قەست قىلسام ، قەست ؟
ئۆز خەستە دىلىمغا ئۇرسام نەيزە ــ دەست ؟ »

نەۋكەرلەردىن ئېلىپ قىرىق غۇلاچ ئارقان ،
ساراي تېمىغا ئاتتى ئۇ پالۋان .
پەنجىرىگە چۈشتى ئارقان ھالقىسى ،
زال تامغا ياماشتى ، جان يار سەدىقىسى .
تام ئۈستىدە پەيدا بولۇش بىلەن زال
تەزىم بەجا قىلىپ كەلدى ئاي جامال .
قول تۇتۇپ كىرىشتى رۇدابە ، داستان ،
ئىشقىدىن ، بەختىدىن ، ۋىسالدىن مەستان .
پەنجىرىدىن پەسكە چۈشتى بەك ئاسان ،
رۇدابە قولنى چىڭ تۇتۇپ داستان .
زەرنىگار خانىگە كىرىپ كېلىشتى ،
خۇشدىيار خانىگە كىرىپ كېلىشتى .
ھەممە ياق جەننەتتەك ، چاچار ئىدى نۇر ،
خىزمەت كۈتۈپ ، قاتار تۇرار نەچچە ھۆر .
زال ئۆز نىگارىدىن ئۈزمەيتتى نەزەر ،
بۇ نېم زىبۇ ھۆسنۇ ، بۇ نېم زۇلپۇ پەر .
ئىككى مەڭزى خۇددى لالەئى چىمەن ،
چاچلىرىدا قوڭغۇراق ھالقىسمان .
شاھىنشاھ شەۋكىتى بىلەن زالى زەر
ئاي يۈزىدا نۇرغا چۆمۈپ ئولتۇرار .
بىلىدە ياراغلار ، ئىسپىھان خەنجەر ،
بېشىدىكى تاجى ياقۇتۇ گۆھەر .
رۇدابە جېنىغا ئىللىق ئوت ياقار ،
كۆزلىرى ئۈزمەس ، يوشۇرۇن باقار .
زور بىلەك ، كەڭ مۆرە ، بويىغا باقار ،
تاغنى تالقان قىلار زالىغا باقار .
رۇخسارى نۇرىدىن جىنىدا لاۋا ،
قارىغانسېرى قان ـ قېنىدا لاۋا .
سۆيۈش ، قۇچاق بولدى سۆيگۈ ئۇندىكى ،
لېك ئاھۇ بولمىدى قاپلان ئۈۋىسى .
مەھلىقا سەنەمگە دېدى سەرلەشكەر :
« ئەي سەرۋ قامەتلىك ، بويلىرى ئەنبەر .
مەنۇچىھر تاپسا بۇ ئىشتىن خەۋەر ،
بىزگە خەيرىخاھلىق قىلماس بۇ سەپەر .
ئاڭلىغان بولسا گەر نەيرەم ئوغلى سام ،
شۇ زامان بولىدۇ شادلىقىم ھارام .
ئەمما بىل ، تىكىلگەن بۇ يولغا جان ـ تەن ،
قايتماسمەن لىباسىم بولسىمۇ كېپەن .
خۇدا ھەققى قەسەم ئىچەيمەن ، جانىم ؟
مەڭگۈ مۇستەھكەم ئەھدى ـ پەيمانىم .
تەڭرى ھۇزۇرىدا ئېگىپ بېشىمنى ،
پاكىزە نىيەتتە تۆكۈپ يېشىمنى ،
ئىلتىجا قىلايكى ، سام يۈرىكىدىن
جاھالەتنى سۈرسۇن ھەيۋىسى بىلەن .
ياراتقۇچى سالغاي ئۇلارنى يولغا ،
ئاشكارا بېرەرمىز بىز قولنى قولغا . »
رۇدابە دېدى : « سېنىڭدەك مەن ھەم ،
خۇدا نامىنى ئېيتىپ ئىچىمەن قەسەم .
سەندىن ياشقا بولماس ، يوق مېنىڭ شاھىم ،
ئىشەن ، سۆزلىرىمگە گۇۋاھتۇر تەڭرىم .
پەقەت بىر پالۋان ـــ زال زەرنى دەيمەن ،
شۇ مەشھۇر باتۇرنى ، قەيسەرنى دەيمەن . »
سۆيگۈ ئېھتىراسى ئاشار دەممۇ دەم ،
ئەقىل يىراقلىشىپ ئارزۇ ئاشار ھەم .
ئاڭغىچە يېتىپ كەلدى ئاق ـ سۇبھىدەم ،
ئاڭلاندى بورانىڭ ئاۋازىمۇ ھەم .
خەير ، خوشلاشماققا ئېچىلدى قۇچاق ،
بىرى ئۆرۈش بولدى ، بىرى ئارقاق .
ھەر ئىككىسىنىڭ ھەم كىرپىكلىرى ھۆل ،
ئىككىسى قۇياشقا ئۇزىتىشتى قول .
ئىلتىجا قىلىشتى : « ئالەم يورۇتقۇچ
بۈگۈنچە چىقماي تۇر ، ئالدىرىما ھېچ ! »
تۆۋەنگە ئارقانىنى تاشلاپ بىمالال ،
كەلگەن يولى بىلەن پەسكە چۈشتى زال .

## زالنىڭ مۇبەدلەرگە مەسلىھەت سالغانلىقى

تاغدىن باش كۆتۈردى خۇرشىدى دەۋران ،
ئات چېپىپ ئۆتمەكتە سەپمۇ سەپ پالۋان .
زالنى تەختى ئارا كۆرۈشۈپ مۇقىم ،
ئۆتۈپ كىرىشتى تۇرماي ئۇندا جىم .
سىپاھدار چاپارمەن ئەۋەتىپ ھەريان ،
ئىزلىمەكتە ئىدى مۇبەد ۋە مەردان .
ئەقىللىك مۇبادۇ مەشھۇر باھادىر ،
ئاڭلىشىپ پادىشاھ پەرمانىنى بىر ـ بىر ،

خۇشال ــ خۇرام جىمىكى پالۋان كەلدى ،
دانىشمەنلەر كەلدى ، بىلىمدان كەلدى .
لىۋىدە تەبەسسۇم ، دىلىدا ئارزۇ ،
سام ئوغلى سۆز ئاچتى ، ھەر سۆزى جادۇ .
جاھاندارغا چەكسىز ئاپىرىنلار بار ،
دانىشمەنلەر دىلى ئۇيقۇدىن بىدار .
دېدىكىم : « پاك قازى ھۇزۇرىدا بىز ،
قورقۇش ۋە ئۇمىدتە تىز پۈكمەيلى ، تىز .
قۇياش ، ئاينى پەلەكتە ماگدۇرغان ئىگەم ،
پاك يولغا باشلايدۇ روھىمىزنى ھەم .
شۈكرانىلار ياغار ئاڭا تۈنۈكۈن ،
ئەقىل ، تەقدىرىمىز ئۇنىڭكى پۈتۈن .
جاھانغا خۇشاللىق بەخش ئەتكەن ئىلاھ ،
ھەر ئىككى ئالەمدە ئادالەت پاناھ . »
ئۆزى باھار بىرەر ، ئۆزى كۈز ، خازان ،
تەك نوتىسىنى قىلار مىۋىدىن لەرزان .
گاھ تۇتار رەڭگارەڭ نەۋقىران ئۇنى ،
گاھ قىرى بوۋايدەك ناتىۋان ئۇنى .
رايىدىن تاشقىرى بولماس بىرەر ئىش ،
چۈمۈلە ماگالماس ، قىلمىسا رايىش .
جۈپ ياراتتى جاھان بولسۇن دەپ زىياد ،
تاق بولسا ھىچقاچان كۆتمىگىن ئەۋلاد .
ئالەمدە تاق پەقەت پاك پەرۋەردىگار ،
نەتىكى يوق ئۇنىڭ ، نە جۈپتى ، نە يار .
بىلگىن تاقلىق پەقەت ئىگەمگە لايىق ،
جۈپ ــ جۈپ يارىتىلغان جىمى خالايىق .
ياراتقانلىرىن ئۇ جۈپ ــ جۈپ ياراتقان ،
سىرلار ئالىمىنى يەرگە قاراتقان .
بۈيۈك چەرخ قانۇنى پەيدا ئەزەلدىن ،
تامامەن شۇنداقتۇر دۇنيا ئەزەلدىن .
زامانە چىرايى ئادەمدىن پەقەت ،
ئادەمدىن تاپىدۇ ھەر نەرسە قىممەت .
ئالەمدە جۈپسىز ــ تاق بولسا گەر ئىنسان ،
كۈچ ــ قۇدرىتى تۈگەپ ، كەتكۈسى پىنھان .
جۈپتى ھالالىنى كىم تاپماس نا دۇرۇس ،
دىن يولىن تۇتمايدۇ ، ئۇندا ئىمان سۇس .
ئەگەردە بولسا ئۇ ئۇلۇغ زاتىدىن
جۈپسىز ئۆتسە ، نىشان قالماس ئاتىدىن ،
پالۋانىدىن ئەگەردە تۇغۇلسا ئوغلان ،
جاھاندا بۇنى ئەڭ ئالىي بەخت دېگىن .
جاھاندىن كەتسە گەر پالۋانلار ئەھلى ،
ھاياتىن قايتىدىن باشلايدۇ ئوغلى .
پەرزەنتى ساقلايدۇ نامىن ئالەمدە ،
بولغۇسى زالزادە بولسا شاھزادە .
پەرزەنتتىن بىزەكلەر تاپار تاجۇ تەخت ،
ئۇندىن نامى چىقار ، ئۇندىن كۈلەر بەخت .
بۇ سۆزلەر ھەممىسى داستانىم مېنىڭ ،
گۈلۈمۇ نەرگىسىم ، بوستانىم مېنىڭ .
ئەقىل تەرك ئەتسە دىلىم ماسۇۋا ،
ئېيتىڭچۇ ، بۇ دەردكە بارمۇ بىر داۋا ؟
ئىچىمگە سىپ يۇردۇم ، ئىشىپ كەتتى غەم ،
ئەقلىم يەتمەي قالدى ، دىلىمدا ئەلەم .
مېھرابنىڭ سارىيى سۆيگۈم ماكانى ،
زېمىنى دىلىمنىڭ يۈكسەك ئاسمىنى .
سىندۇختنىڭ قىزىغا دىلىم بولدى رام ،
بۇنداق ئەسىرلىككە نىمە دەركىن سام ؟
نىمە دەركىن ھەم مەنۇچېھر پادىشاھ ،
باشلىقتا دەمدىكىن ياكى چوڭ گۇناھ .
كائىتىمۇ ، پىقىرمۇ ، جۈپتىن ئىزدەر ئۇ ،
شەرىئەت يولى شۇ ، ئۆرپ ــ ئادەت شۇ .
دانالار بۇ ئىشقا بىلدۈرەر ھىممەت ،
بۇ ئىش خەيرىيەتتۇر ، ئەمەستۇر ئۇيات .
نىمە دەر مۇبەدلەر ، بار نە ئىمكانىيەت ؟
دانىشمەنلەر بىرەر قانداق مەسلىھەت ؟ »
ئىبغىز ئاچماي قالدى مۇبەد ــ ئاقىللار ،
گەپ ئۈزۈلۈپ قالدى ، جىمىپ ئاقىللار .
مەلۇمكى ، زەھھاكتۇر مېھراب ئەجدادى ،
دىلىدا مەنۇچېھر تەختى بەربادى .
ھەممە سۆز ئىچىشماي ئولتۇرۇشار جىم ،
ھەسەلگە زەھەرنى كىم قوشاتتى ، كىم ؟ !
داستان ئۇلار رايىغا باقمىدى زىنھار ،
ئۇلارغا سۆز باشلىدى ، قىلدى ئىزھار :
« ئۇمىدىم ، ھەر سۆزۈم تەھلىل قىلىڭلار ،
دىل دەردىم تېگىگە ئوبدان يېتىڭلار . . .
ھەر قاچان يېگى يول تاللىسا كىشى
تەنە ــ مالامەتلەر ئاڭلىماق ئىشى .
رەھنەمالىق قىلىڭلار ماڭا بۈگۈن ،
پەند ــ نەسىھەتلەر قىلىڭلار ماڭا بۈگۈن .

بۇ ئىشتا سىلەردىن مىننەتدار بولاي ،
ھېچ سۇلتان قىلمىغان ئىشلارنى قىلاي .
ئېزگۈلۈك ــ ياخشىلىق ، راستلىق ، يامانلىق ،
مەندىن كۆرمىگەيسلەر ئەسلا يامانلىق . »
پادىشاھقا شادلىقۇ ئامانلىق تىلەپ ،
مۇبەدلەر جاۋابقا ئېچىشتى لەۋ :
« بۇ گەپتىن ئەقلۇھوش پاراكەندىمىز
ۋە لېكىن ھەممىمىز ساڭا بەندىمىز .
كەم بولمىسۇن سەندە پەزىلەت ، كەمتەر ،
خوتۇندىن كېمەيمەس شاھلاردا ھۈنەر .
مېھرابمۇ بەك كىچىك شاھلاردىن ئەمەس ،
ئۇلۇغلۇق ئاڭا يار ، بار ئاڭا ھەۋەس .
گەر ئۇنىڭ ئەجدادى خۇنخور ئەجدىھا ،
لېكىن ئۇ يەنىلا تورلارغا پادىشاھ .
سامغا بىر خەت ــ مەكتۇپ ئەۋەتمەك زۆرۈر ،
دىلىڭدا نى بار ، ئەيلىگىن ئىزھار .
ئەقىل ــ ئىدراك ئەمەس بىزنىڭكىدىن كەم ،
ئىشلىك ، پىكرۇ ئويۇڭ ئاساسى مەھكەم .
شاھىنشاھقا نامە ئەۋەتسەڭ ئەگەر ،
پىكرىنى بىلىشكە ئاسانلىق بولۇر .
سام رايىن قايتۇرماس مەنۇچېھر شاھ ،
قىيىن ئىشلىك ئاسان بولۇر ئاشۇ چاغ . »

## زالنىڭ سامغا نامە يازغانلىقى

ھۇزۇرىغا كاتىپ چىللاپ سىپاھدار ،
يۈرەكتە بارىنى ئەيلىدى ئىزھار .
يېزىلسۇن دېدى ئۇ سامغا بىر نامە ،
تەشەككۈر نامىدىن باشلىسۇن خامە .
ئەڭ ئاۋۋال جاي بەردى ھەمدۇ ساناغا ،
شۈكرانىلەر دېدى قادىر خۇداغا .
«ئۇندىن شادلىقۇ غەم ، روشەن دىل كۆزى ،
بەھرام ، يورۇق كۈننى ياراتقان ئۆزى ،
بارلىقۇ يوقلۇقنىڭ ئىگىسى خۇدا ،
ھەممىمىز بەندىمىز ، خالىق ئۇ تەنھا .
نەيرەم ئوغلى سامغا ياغسۇن رەھمىتى ،
گۈرزە سۇلتانى ئۇ ، قىلىچ ھەزرىتى .
ياۋغا قارشى جەڭدە كۆتۈرۈپ بوران ،
قۇزغۇنلارغا تاماق بەرگۈچى چوپان .
شامال چىقارغۇچى جىملىق سۈكۈتتىن ،
قىزىل قان تۆككۈچى قارا بۇلۇتتىن .
بەخش ئەتكۈچى تەختۇ تاج ، كەمەر ،
يا شاھلارنى تەختتىن يولغۇچى ئەجدەر .
مەردلىككە مەردلىكۇ سەنئەتكە سەنئەت ،
قوشار ئۇ خۇشاللىق ، ئادىل ۋەللامەت .
نەرىمان ئوغلى سام جەڭگە كىرگەن چاغ ،
ياراتمىغان ئۇندىن ئۆزگىنى خەللاق .
باشقىلار قاتارى مەنمۇ بىر قۇلمەن ،
مۇھەببەتنى دىلدا تۇتقان ئوغۇلمەن .
يادىمدا ئاندىن تۇغۇلغان چېغىم ،
پەلەك ستەمىدىن كۆيدى يۈرىكىم .
ئاتام ناز ــ نېمەتتە ، چىمەندە ــ باغدا ،
سۇمۇرغ مېنى باقتى ، تاشلىقتا ، تاغدا .
رازى ئىدىم ھەر نېمە كەلتۈرسە شىكار ،
قۇش بالاپانلىرى بىلەن بىر قاتار .
جەزىرە ، ئىسسىق كۈن كۆيدۈرەر تېنىم ،
گاھ قۇم بورانىدىن كور بولۇپ ئۆستۈم .
مېنى پەھلىۋان سام ئوغلى ئاتىشىپ ،
سامغا تەخت ، ماڭا قۇش ئۇۋىسى نېسىپ ،
بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ زۇھەلدىن ،
ھەممىسى تەگرى ئىشى ، تەقدىر ئەزەلدىن .
تەگرىنىڭ ھۆكمىدىن چىقالماس كىشى ،
بولسىمۇ بۇلۇتقا ئۇچماق خاھىشى .
قولۇڭغا پولات ئوق ئاپىرىن ئېيتار ،
نەرەڭدىن ئارقىغا باقماي قاچار شىر .
مىسالى سەندەك بولسىمۇ چىشلىك ،
پاك تەگرى ئالدىدا تۆۋەندۇر بېشلىك .
بۈگۈن شۇنداق دەردكە بولدۇم گىرىپتار ،
ئەنجۇمەندە قىلغىلى بولمايدۇ ئاشكار .
ئاتا ، بولسىڭىزمۇ ھەتتا ئەجدىھا ،
كىچىكلەر دادىنى ئاگىلماق راۋا .
مۇھەببەت ئاتەشى بىريان ئەيلىدى ،
مېھراب قىزى مېنى گىريان ئەيلىدى .
قاراتۇن يۇلتۇزلار سۆھبەتدىشىمدۇر ،
كۆكسۈمدىكى دەريا ، سۇ كۆز يېشىمدۇر .

دىلىمدا دەرد شۇنچە ، قەلبىمدە ئەلەم ،
كۆرگەنلەر يىغلىشار مەن بىلەن ھەمدەم .
دىلىم قانچە ستەم كۆرگەن بولسا ، بەس ،
سىنىڭ پەرمانىڭغا قىلماسمەن سۇيىقەست .
نېمە دەر بۇ كۈنى داڭدار ئەجدىھا ،
ئوغلىنىڭ دەردىگە قىلار نېم داۋا .
سىپاھدار ئېتەرمۇ كونا سۆزنى ياد ،
دېگىنى ، ئەمدىسەن ھەممىدە ئازاد ؟
ۋەدىسىنى بۇزمىغاي ، سىپاھدار پەدەر ،
رازىلىقىڭ ماڭا لازىم نەقەدەر .
مەن مېھراب قىزىنى ئالاي نىكاھقا .
ئادەت ، ئەدەب بىلەن كىرەي دەرگاھقا .
ئاتام يادىدىدۇر ئۇ بەختىيار كۈن ،
مېنى قايتا بەرگەن خۇدايىم ئۇ كۈن .
كۆپچىلىك ئالدىدا ئېيتقان سۆزۈڭ بار :
« تاغدىن ئامان ئېلىپ كەلسەڭلا ، زىنھار
مېنىڭ ئارزۇيۇم بولۇر ئارزۇسى ئۇنىڭ ،
ئەمدى دىلدا پەقەت سۆيگۈسى ئۇنىڭ . »
چاقماقتىن تېز ئۇچار قۇش قانات بىلەن ،
دەر خەتنى يوللاپ بەر بىر جۈپ ئات بىلەن :
« ئاتنىڭ بىرى ھارسا ، يەنە بىرگە مىن ،
توختىماي يېتىپ بار ، مىسالى چېقىن .
توختىماي ئۆتتۈمىز بېكەت ، رىباتتىن ،
ئاتامغا يەتكۈچە چۈشمىگىن ئاتتىن . »
چاپار شامالسىمان ، كەتتى شۇ زامات ،
پولات دۇلدۇل گويا ئاستىدىكى ئات .
گۆرگەسەران يېنىغا كەلگەندە يېقىن ،
سام بوۋىنى كۆرۈپ قويۇۋەتتى تىزگىن .
تاغلار ئارىسىدا يۈرەتتى ئۇ شىر ،
ئوۋ ئىتلىرى بىلەن قىلاتتى شىكار .
يىراقتىن چاپارنى كۆرگەن ئاشۇ دەم ،
پىشقان چەۋەندازغا قاراپ دېدى سام :
« يىراقتىن كەلمەكتە كابۇل چاپارى ،
ئاستىدا كەلمەكتە زابۇل چىپارى .
بولسا كېرەك داستان چاپارى چوقۇم ،
ئاڭا سوئاللىرىمىز كۆپتۇر ، بىر توقۇم .
داستاندىن ، ئىراندىن ۋە شەھرىياردىن :
ئاڭلاشنى خالايمىز دوست - بۇرادەردىن . »
ئۆزىنى چاڭ باسقان ، ئېتى بىچارە ،
چاپار سام ئالدىغا بولۇپ پىيادە .
يەر سۆيۈپ ئەيلىدى تەزىمنى بەجا ،
ياراتقانغا ئوقۇپ ئۇ ھەمدۇ سانا .
چاپار سالامىنى ئىلىك ئالدى سام ،
چاپارمەن داستاندىن يەتكۈزدى سالام .
سىپاھدار نامەنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزدى ،
تاغدىن پەسكە چۈشۈپ كۆزدىن كەچۈردى .
داستان سۆزلىرىنى ئوقۇپ بىرمۇ بىر ،
جايىدىن قوزغالماي قالدى باھادىر .
زالدىن بۇنداق ئىشنى كۈتمەيتتى ھېچ ئان ،
ئۇنىڭدىن باشقىچە قىلاتتى گۇمان .
دېدىكىم : « ھەر نېمە بولۇركەن پەيدا ،
خىلۋەتتىن بولىدۇ جىمى ھۆۋەيدا .
ئۇنىڭ ئانىسى شۇ يىرتقۇچ قۇش تۇرسا ،
نېمە دېگۈلۈك ئارزۇسى شۇ بولسا ! ؟
ئارامىن يوقىتىپ ، دىلدا ئەندىشە ،
ئوۋدىن ئۆيگە ياندى ئۇ دىلى خەستە .
ئويلايتتى : « رازىلىق بەرمىسەم ئەگەر ؟
ئويلاپ ئىش قىل دېسەم ، بۇنى قوي بەدەر .
خۇدادىن تارتىپ تا ئاددىي بىر بەندە
ئالدىدا بولارمەن ئەنتخور ، شەرمەندە .
ئەگەردە ئال دېسەم ، ئارزۇيۇڭغا يەت ،
دىلىڭ خاھىشىنى مەيلى بەجا ئەت ،
ئۇنى قۇش ئۆستۈرگەن ، ئانىسى دېۋىزات ،
نېمە بولۇر بۇلاردىن يارالغان ئەۋلاد ؟ ! »
يۈرىكى سىقىلار ، بېشى قاتقان سام ،
ئۇيقۇدا يېتىپمۇ تاپمىدى ئارام .
بەندىسىگە ھەر ئىش گەر بولسا دىشۋار ،
يۈرىكى خەستەيۇ تېنىدا ئازار .
ئاسان يېشىلىدۇ ھەر قانداق تۈگۈن ،
گەر يېشىلمىگىنى قوللىسا گەردۇن .

## سامنىڭ مۇبەدلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەنلىكى

ئويغىنىپ دېدى : « مۇبەد ، ئاقىللارنى يىغ ،
ساما سىرىنى بىلگەن پازىللارنى يىغ . »

مۇنەججىملەرگە ئۇ تاشلىدى سوئال :
« ئاخىرى نېم بولۇر ؟ ئېيتىڭلار دەرھال .
ئەگەر سۇ ۋە ئاتەش بولسا باھەم ،
يىلتىزىدىن قۇرۇپ تۈگەرمۇ سىنەم ؟
قىيامەت كۈنى ھەم كېلىشمەي زىنھار ،
فەرىدۇنۇ زەھھاك قىلار كارۇ زار .
يۇلتۇزلارغا بېقىپ ئېيتىڭلار خىتاب ،
زارە ساما بەرسۇن قۇتلۇق بىر جاۋاب . »
مۇنەججىملەر تىنماي ئۇزۇن كۈن بويى ،
ئاسماندىن بۇ سىرنى ئىزدىمەك ئويى .
ئىككى ياۋ دىلنى قىلىشار پەيۋەند ،
يۇلتۇز خەۋىرىدىن كەلدى بىر خۇرسەند .
نەرىمەن ئوغلىغا دەر يۇلتۇزشۇناس :
« ئەي زەر ـ ئالتۇن كەمەر ، پالغا قۇلاق ئاس ،
خەۋەر كەلدى مېھراب قىزى بىلەن زال ،
قوشۇلۇشى ھالال ، سائادەتلىك پال .
بۇ ئىككى ئاقىلدىن تۇغۇلۇپ ئوغۇل ،
دۇنيانى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلار ، جەندە فىل .
تىغ بىلەن جاھاننى پۈكتۈرىدۇ تىز ،
شاھ تەختىن بولۇتقا چىقىرار ئۈنسىز .
بەتنىيەت ئىزىنى قۇرۇتۇپ تامام ،
ھەتتا گۆرىدىمۇ بەرمەيدۇ ئارام .
نەسەگسارى قالۇر ، نە مازەندەران ،
يەردىن سۈپۈرگۈسى گۈرزىسى گەران .
كۆپ ئاپەتلەر ئۇندىن تۇرانغا يېتەر ،
نېمە ياخشىلىق بار ئىرانغا يېتەر .
كىشىلەر كۆزىگە بېرىپ تىنچ ئۇيقۇ ،
ئۇرۇش ، زۇلۇم يولىن يېپىپ قويار ئۇ .
ئىراننىڭ ئۈمىدى شۇنىڭدىن بولۇر ،
ھەر باھادىر دىتى ئۇنىڭدىن بولۇر .
ئۆزىدەك غارايىپ بولۇر نامى ھەم ،
شىرنى يەر چىشلىتەر ئوقياسى ھەردەم .
بەخت نۇرىغا تولۇر شاھىنىڭ جامى ،
جاھانغا يېيىلار ھۆكمى ۋە نامى .
رۇم يېرى ، ھىندى يېرى ، ئىران باراۋەر ،
ئۇنىڭ نامىنى تامغىغا پۈتەر . »
مۇنەججىم سۆزىنى بىر ـ بىر تىڭلاپ سام ،
ئاپىرىنلار ئوقۇپ ، قىلدى ئېھتىرام .
ھېسابسىز زەر ـ ئالتۇن سوۋغىلار ئەتتى ،
دىلغا ئارام يەتتى ، ۋەھىمىلەر كەتتى .
زال چاپارنى يەنە چاقىرتتى سام ،
سۈرۈشتۈرۈپ ئاتا ھېچ بەرمىدى ئارام .
دېدى : « بېرىپ ئاتا تېز يەتكۈزگىن ،
بۇ ئارزۇ روياپقا چىقمىغاي دېيمەن .
ۋە لېكىن مەن ۋەدە بەرمەيمەن ئاتا ،
ئەمدى ئېيتالمايمەن يالغاننى ئاتا .
تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ بۇندىن تۇرىمەن ،
ئىران باش شەھرىگە لەشكەر تارتىمەن .
كۆرىمىز نە پەرمان بېرەر شەھرىيار ،
بىزگە نېمە بۇيرار پاك پەرۋەردىگار ! »
چاپارغا تۇتقۇزۇپ بىر نەچچە دىرھەم ،
دېدى : « يۈگۈر ئەمدى ، يولدا ئالما دەم . »
سىپاھ بىلەن يولغا چۈشتى ، دىل ئاۋات ،
بۇ ئىشتىن سىپاھ ھەم سىپاھدارمۇ شاد .
گۈرگسار يېرىدىن ئېلىپ كۆپ ئەسىر ،
سۈرىدى پىيادە پەقىرۇ ھەقىر .
قارا تۈندىن ئۆتكەندە ئۈچتىن ئىككىسى ،
دەشت ـ چۆلدىن ئاڭلاندى ئاتلىقلار ئۈنى ،
كانايلار ئاۋازى ، دۇمباق ئاۋازى ،
ئاسمان قۇلىقىن كار قىلماقلىق ئىشى .
سىپاھدار لەشكىرى ئىرانغا يۈردى ،
سىپاھى دېھىستان تامانغا يۈردى .
چاپار يېتىپ كەلدى ، كۈتۈۋالدى زال ،
بەختى غالىب ئىدى ، سائادەتلىك پال .
كېلىپ سامغا ئۇندىن يەتكۈزدى خەۋەر ،
داستان ئاڭلاپلا بولدى كۆڭلى نۇر .
شۈكرانىلەر قىلدى پەرۋەردىگارغا ،
ھىممىتى ئۈچۈن بۇ گىريانۇ زارغا .
دەرۋىشلەرگە بەردى كۆپ تارتۇق ـ ئىنئام ،
مەرھەمەت كۆرسەتتى تۇغقانلارغا ھەم .
سىپاھدار سامغىمۇ خۇش خەۋەر ئۈچۈن ،
چىن يۈرەك ـ دىلىدىن ئوقار ئاپىرىن .
نە كۈندۈز تىنىم يوق ، نە كېچىسى خاب ،
نە چالغۇ تىڭشىماس ، نە ئىچمەس شاراب .
يۈرەك پەقەت رۇدابە دىلدارىنى دەر ،
نېمە سۆزلىسە ھەم ئۇ يارىنى دەر .

## سىندۇختنىڭ رۇدابە ئىشىدىن خەۋەر تاپقانلىقى

سىپاھدار ھەمدە ئۇچېھرىسى گۈلشەن ،
خەۋەرچىلىرى بار ، بىر تاتلىق سۇخەن .
ئايالدىن خەۋەرنى ئاڭلار ئۇ پالۋان ،
پالۋانغىمۇ ھەم ئۇ سەرۋى راۋان .
گېپىگە قۇلاق سالار داستان سىپاھدار ،
ئالغان خەۋىرىنى سۆزلەر شەھسۇۋار .
دېدى : « رۇدابەنىڭ ھۇزۇرىغا بار ،
دېگىنكى ، ئەي پاك دىن ، مۇشكىن كوكۇلدار .
سۇخەن يىپلىرى چۇۋۇلۇپ كەتتى ،
ئاچقۇچى تېپىلدى ، ئاچار ۋاقتى يەتتى .
چاپارىم قايتۇرۇپ ماڭدۇرۇپتۇ سام ،
چاپار ئېلىپ كەلدى خۇش خەۋەر ، كالام .
كۆپ ئويلاپ ، كۆپ سۆيلەپ ، قىلىپ مەسلىھەت ،
بىز تامان بولۇپتۇ ئۇ ھەم ئاقىۋەت .
نامە جاۋابىنى بېرىپ ئايالغا ،
ئېلىپ بار دەپتۇ : ئۇ قەددى نىھالغا .
رۇدابە يېنىغا مىسالى بوران ،
خەۋەرنى يەتكۈزدى خۇشال ، شادىمان .
سۆيۈنچە ، ئىنئاملار بېرىپ گۈل چىراي ،
تاپالمايتتى ئۇنى ئولتۇرغۇزغىلى جاي .
يەنە ئىنئام قىلدى ، ئالتۇن باش ــ ئاياغ ،
خۇشلۇقتىن چاراقلاپ كەتتى ھەممە ياق .
يەنە تاۋار ــ دۇردۇن ، ئارقاقۇ ئۆرۈش ،
ئەسلا كۆرۈنمەيتتى بار نە نازۇك ئىش .
ئېسىل قاشتېشى ، ياقۇت ، ئالتۇن ــ زەر ،
زەرنى بېسىپ چۈشەر مەرۋايىت ــ گۆھەر .
بىر جۈپ ئۈزۈك بەردى ، نەرخى بىباھا ،
گۆھەردىن كۆزلىرى ، جىلۋىسى لاۋا .
بۇلار زالغا ئىدى ، يەنە كۆپ تاۋار
ئاتىسىغا ئىدى رەھمەت تەشەككۇر .
ھۇجرىدىن چىقتى ، يول ئالدى ئايۋانغا ،
سىندۇخت كۆزى چۈشۈپ قالدى جۇۋانغا .
دوق بىلەن دېدى : « سەن نەدىن ، قېنى ئېيت !
راست سۆزلە ، يالغانۇ ئەگرىلىكتىن قايت .
دەل ۋاقتى بىلەن ئالدىمدىن ئۆتۈپ ،
قارىماي كېتىسەن ھۇجرىغا كىرىپ .
روشەن دىلىم سەندىن بولدى بەد گۇمان ،
قېنى ئېيتچۇ ، كىمسەن ؟ تاناپ يا كامان ؟ »

قورقۇشتىن يۈزلىرى بولدى ئاپئاق قار ،
يەر سۆيۈپ دېدى : « يا پەرۋەردىگار ! »
سىندۇختقا دېدىكىم : « مەن بىر خەستە دىل ،
كۈنلىرى قىيىندا ئۆتەر بىر يوقسۇل .
ھۇجرىسىدا ئۇ ــ بۇ سوراپ رۇدابە ،
كەلتۈر دېگەنىدى گۆھەر ، دۇخاۋا .
ئېلىپ كەلگەنىدىم بىر تاج زەرنىگار ،
يەنە بىر ھالقىكى ، گۆھەردۇر شاھكار . »
« ھەممىنى ئالدىمغا ياي ، قېنى يەرگە قوي ،
شۇنداق قىلىپ ، غەزەپ ئوتۇمغا سۇ قۇي ! »
« بۇلارنى رۇدابە ئېلىپ قالغانتى ،
يەنە كەلتۈرگىن دەپ يولغا سالغانتى . »
« پۇلىنى كۆرسەتكىن ، باھاسىن بىلەي ،
دىلىمدىن شەك ــ شۈبھە گەردىنى يۇياي . »
« پۇلىنى ئەتىگە ، ــ دېدى ماھتابان ، ــ
ھازىر يېنىمدا يوق قىلما ئىمتىھان . »
يالغانچى كۆرۈندى سىندۇختقا ئايال ،
ئايالغا يېپىشتى مىسالى دەججال .
ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن سەۋرسى تېشىپ ،
قىلدى پاش يېگىنى ، قوينىنى تىنتىپ .
قىممەت باھا لىباس ، گەزمالنى كۆردى ،
رۇدابە بېشىدىن ياغلىقنى كۆردى .
قەھرۇ غەزەپ بىلەن چاڭگاللاپ چېچىن ،
ئۇردى ئۇنى شۇئان ئېچىپ غۇلىچىن .
بارغانسېرى غەزەپ ، ئەلىمى ئېشىپ ،
سۆرەپ بېرىشاتتى چېچىدىن تارتىپ .
ئايالنىڭ قولىنى باغلىدى تۇتۇپ ،
چەيلەپ دەسسىدى ھەم ئۇردى مۇشتلاپ .
غەمكىن قايتىپ كەلدى ئۇ خانىسىگە ،
غەمدىن قورۇق چۈشتى پېشانىسىگە .
خانىسى ئىشىكىنى بېكىتىپ مەھكەم ،
ئەندىشىگە تولدى ، دىلىدا دەردۇ غەم .
قىزىنى چاقىردى ، ئۇ يېتىپ كەلدى ،
ھەسرەت ۋە ئەلەمدىن چېچىنى يۇلدى .
قىزىغا دېدى : « ئەي ، ئاي يۈزلۈك گۈزەل ،
نېمىشقا گەمىنى كۆردۈڭ سارايدىن ئەۋزەل ؟
قالدىمۇيا بىرەر نېمىتى جاھان
ساڭا تۇتمىغان ئاشكارۇ نىھان ؟

نېمشقا ئەمدى ماڭا بولدۇڭ ستەمكار ،
ھەممە سىرنى قىلغىن نەزمىدە ئىزھار .
بۇ ئايال ياخشىمۇ ۋە ياكى يامان ؟
ھۇزۇرۇڭغا نە سەۋەب ئاياغ باسقان ؟
نېمە گەپ ؟ كىم بىلەن چېتىشلىق بۇ ھال ؟
كىمگە ئاتالغان بۇ ئۇزۇك ، رومال .
ئەرەبلەر مۇلكىدىن ، ئويلاپ كۆر ھوشيار ،
نى پايدا ، نى زىيان قالمىشتۇر بىسيار ؟
نامىڭ بۇلغاندى ، ساڭا ھوش يارمۇ ؟
مەندىن باشقا سەندەك قىز تاپقان بارمۇ ؟ »
رۇدابە تىكىلەر ئۆز تاپىنىغا ،
ئاردىن تىلك قارالماس ئۆز ئانىسىغا .
ئىككى نەرگىسىدە ئىككى ئىبرىق خۇن ،
قىزىل گۇل ياپرىقى ، يۈزلىرى گۈلگۈن .
ئاخىر ئانىسىغا دېدى : « ئەي ئاقىلە ،
جان ـ دىلىم رام بولدى زالنىڭ ئىشقىغا .
تۇغمىساڭ ئالەمدە بولاتتى مېنى ،
قويمىساڭ ئەلەمگە بولاتتى مېنى .
زابۇل سىپاھدارى كابۇلدا قالدى ،
ئىشقىدىن باغرىمنى ئوت قاماپ ئالدى .
مەن ئۈچۈن قاراڭغۇ بولدى بۇ جاھان ،
كۆز يېشىم ئاقار ئاشكارۇ نىھان ،
رۇخسارسىز مېنىڭ ھاياتىم ئۆتمەس ،
بىر مويىغا ئۇنىڭ جاھان ئەرزىمەس .
بىل ، ئۇ مېنى كۆردى كېلىپ كابۇلغا ،
ئەھدۇ پەيمان قىلدۇق ، قول بېرىپ قولغا .
كۆرۇشۇشتىن نېرى ئۆتكىنى يوق ئىش ،
ئەمما ئىشقىنىڭ ئىشى ئوتتەك كۆيدۇرۇش .
ئۇلۇغ سامغا داستان ئەۋەتتى چاپار ،
چاپاردىن ئوغلىغا ياندى ھەم خەۋەر .

قارشىلىق قىلىپتۇ رەنجىپ بىرمۇددەت ،
قىرىلار بىلەن ئۇ قىلىپ مەسلىھەت ،
چاپارغا سوۋغىلار قىلىپتۇ ئىنئام ،
ئاڭلىدىم ئاخىرى نېمە دەپتۇ سام .
چېچىنى يۇلۇپ ، يەرگە ئۇرۇپسەن ئايال ،
قولىدا ئالتۇنۇ زەر ، ئۇزۇك ۋە رومال .
رومالغا قادالغان گۆھەر ۋە ئالماس ،
سۆيۈنچىسى ئىدى قولدىكى لىباس . »
سىندۇخت قېتىپ قالدى بۇ ئەھۋالدىن ،
بۇ ئىككى لايىق جۈپ نەق بىر جامەدىن .
ئەس يىغىپ دېدى : « كىچىك ئەمەس بۇ سەۋدا ،
داستاندەك ئالىي زات ئالەمدە تەنھا .
سام باھادىر ئوغلى جاھان پەھلىۋان ،
ھەم زاتى ، ھەم نامى ، رايى دەرەخشان .
پەزىلىتى تولايۇ ئەمما ئەيىبى بار ،
گەرچە بىر بولسىمۇ ، يوغان بىر قۇسۇر .
شاھىنشاھ بۇ ئىشتىن بولماي دەرغەزەپ ،
كابۇل چېكىن قاقار ، بىلسە ياخشىلاپ .
بىزنىڭ نەسلىمىزدىن بىرەر قىز ـ ئوغۇل ،
ئىگەرگە چىقىشنى خالىمايدۇ بىل . »
ئايالنى ئازاد قىپ ئەپۇ سورىدى ،
ئەمدى پۈتۈن باشقا كۆزدە قارىدى .
دېدى : « شۇنداق بول دائىم ، تىلغا بەرمە ئەرك ،
ئەقىل كۆزۈڭ ئوچۇق بولسۇن ، ئاغزىڭ بىكىك .
نېمە ئاڭلىدىڭ ئەي ئاقىلە ئايال ،
شۇ يەرگە ، تۇپراققا كۆمۈپ كېتىپ قال . »
قىزىنى كۆردى زەئىپ ، سۆيگۈدىن دەردمەند ،
قۇلىقىغا كىرمەس نەسىھەتۇ پەند .
يىغلاپ ـ يىغلاپ كەلدى ئۆز خانىسىگە ،
ئۇخلالماس ، نە يازمىش پېشانىسىگە ؟ . . .

## مېھرابنىڭ رۇدابە ئىشىدىن خەۋەر تاپقانلىقى

داستان چېدىرىدىن مېھراب كەلدى شاد ،
ئۇنىڭ نامىنى زال پات ـ پات ئەتمىش ياد .
كۆردى ، سىندۇخت ياتار ئۇيقۇسى ھارام ،
يۈزلىرى سولغۇنۇ دىلدا يوق ئارام .
سورىدى : « سۆزلە تېز ، نې بولدى ؟ نېچۈن
گۈل بەرگى بۇ يۈزلەر زەپىرەڭ ، سولغۇن ؟ »

دېدى : « بىر تەشۋىش بار ، ئوتتەك يانار ئىچ ،
مەن ئويلاپ ئويۇمغا يېتەلمەيمەن ھېچ .
بۇ گەنجۇ ئاۋاتلىق ، بۇ بايلىق ، زاتلار ،
بۇ تەييار قىلىنغان ئەرەبىي ئاتلار ،
بۇ ئاۋات ئىمارەت ، بۇ بوستانلىقلار ،
دىل ئارزۇسىن تاپقان ھەمدەم مەردانلار ،

ساڭا ساداقەتمەن بۇ كېنىزەك، نەۋكەر،
بۇ باغلار، بۇ ئۆيلەر، خىزمەتچى، چاكار،
بۇ بىلىم، بۇ قەددۇ قامەتلىرىمىز،
بۇ رايۇ بۇ بەختۇ ئامەتلىرىمىز،
بۇ راستلىق، نۇر - زىبا جەمئى بۇ زامان،
تاپالماي قالارمۇ پەلەكتىن ئامان؟
ھەممىدىن ياۋ دىلى ئاۋات بولۇرمۇ؟
پۈتۈن ئەمگىكىمىز بەربات بولۇرمۇ؟
بىر تار ساندۇق بولۇر بىزنىڭ بەھرىمىز،
زەھەرگە ئايلىنار مېۋىلىرىمىز.
دەرەخنى ئۆستۈردۇق، چېكىپ دەردۇ رەنج،
بېشىغا تاج قويدۇق، سەرپ قىلىپ گەنج.
ئۇلغىيىپ يەتكەندە بېشى قۇياشقا،
تۇپراق بولۇر چۈشۈپ كۈلپەت شۇ باشقا.
شۇنداق ئۆمۈر ئاخىرى، شۇ ئەنجامىمىز،
بىلمىدىم، نەدە يار دىل ئارامىمىز؟!
سىندۇختقا مېھراب دېدى: «سۆزلىرىڭ يېڭى،
ئەمما يېڭى سۆزنىڭ كونا جاراڭى.
دۇنيا بەش كۈنلۈكتۇر، بىلىندۇ بەشەر،
بىرى شاد ياشايدۇ، بىرى خار ياشار.
بىرى كېلىدۇ ھەم كېتىدۇ بىراۋ،
قېنى كىم قېلىپتۇ چەرخكە بولماي ئوۋ؟
دىلىڭنى داغلىما، ئەزەلى بۇ ئىش،
ئاقىل ئىشمەس تەقدىر بىلەن ئۇرۇشۇش.»
سىندۇخت ئاڭا دېدى: «كونىدۇر قىسسە،
ئەمما ئۇندىن چىقار يېڭىچە ھەسسە.
قانداق تۇتالايمەن مەن سەندىن نىھان
بېشىمىزغا كەلگەن بالانى بۈئان،
پەرزەنتتىن بەھس باشلاپ ئۇ بەختىيار كاھىن
سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن دەرەخ قىسسەسىن.
سۆزۈم قىسسە بىلەن باشلىدىم مەن ھەم،
ئۇنى تىڭلىسا دەپ شاھىم خاتىرجەم.»
بېشىنى تۆۋەن سالدى، سەرۋ قەددى ھەم،
قىزىل گۈل بەرگىگە نەرگىس بەردى نەم.
دېدى: «سۆزلىرىمنى تىڭلا زۇفۇنۇن،
خاھىشىمىز بىلەن ئايلانماس گەردۇن.
بىلكى، رۇدابەگە ئاشۇ زالى سام،
قويغانىكەن بىزدىن يوشۇرۇنچە دام.
قىز يۈرىكىنى مەھلىيا قىلىپتۇ تازا،
بىر چارە تاپايلۇق بولماي ئاۋارە.
نەسىھەتىم پايدا بەرمىدى زىنھار،
دىلى ۋەيرانىيۇ زەپىرەڭ رۇخسار.»
ئاڭلاپ ئورنىدىن دەس قوپتى مېھراب،
قوللىرى خەنجەرگە ماڭار ئالدىراپ.
بەدىنى لەرزانۇ يۈزىدە قان يوق،
دىلۇ جىگىرى خۇن، لەۋلىرىدە دوق:
«ھازىر بېرىمەن قىزىم ئەدىپىنى،
دەريا قىلاي تۆكۈپ يىرگىنچ خۇنىنى!»
چاچراپ تۇردى يۈگەينى ئاڭلاپ ئانا،
بېلىدىن قۇچاقلىدى مۇلايىمغىنا.
دېدى: «گاھى پىردىن، گاھى مۇرىتتىن،
قۇلاق سال، مەنمۇ پىكرىم قىلايمەن بايان.
كېيىن نېمە قىلساڭ، ئۆز ئىختىيارىڭ،
كۆڭلۈڭ نېم خالىسا، دەل شۇنى قىلغىن.»
ئەمما مېھراب ئۇنى سىلكىپ تاشلىدى،
مەست پىلدەك تولاپ، دىلنى غەشلىدى:
«نېمىشقا سۇندۇرمىدىم ئۇنىڭ قۇياشىن،
قىز تۇغۇلغان ھامان كەسمىدىم باشىن؟
ئۆلتۈرسەم بولاتتى ئەجداد ئادىتى،
مانا ئاقىۋىتى، شۇ كارامىتى.
كىم ئاتا ئىزىدىن كېتىپتۇ نېرى،
ئۇندىن يىراق ئاتا يۇشتى، پەدەرى.»
مۇشتۇمىنى ئوينىتىپ باشلىدى ئۇ جەڭ:
«بىر مەسەل: سۆزلەپتۇ چاڭگالدا پەلەڭ:
جەڭگە ئالدىدا مەن، شۇدۇر تەبىئەت،
ئاتام ئاتىسىدىن مىراستۇر ئەبەد.
ئوغۇل بولسا، بولسۇن ئاتا نىشانى،
ئوخشىمىسا كۆككە يېتەر پىغانى.
بۇ خەۋپۇ خەتەر ھەم، ئارۇ نومۇس ھەم،
قويمايسەن سەركەشنى ئۆلتۈرەي دېسەم.»
شۇ باھانە بىلەن مەنۇچېھر شاھ
ۋە سام بىسىپ كەلسە، نېمە بولۇركىن ئاھ!
قۇياشقىچە چىقار كابۇل تۈتۈنى،
شەھەرۇ دالاسى قالماس پۈتۈنى.

سىندۇخت سۆز ئېچىپ دېدى : « ئۇلۇغ پالۋان ،
چۈشەندۇرۇش بۇنى ساڭا ناشايان .
دىلىڭدىن ۋەھىمە ، شۈبھىنى چىقار ،
سامنىڭ خەۋىرى بار بۇلاردىن بىر ـ بىر .
قۇلىقىغا يېتىپ بارغاچ بۇ سۇخەن ،
سام مېڭىپ كېتىپتۇ گۇرگەسەراندىن . »
مېھراب دېدى شۇ چاغ : « ئەي ئاي نىگار ،
سۆزلىمىگىن ماڭا يالغاننى زىنھار ،
ئەقلىگە سىغامدۇ بۇنداق ئەجەب ھال ،
تۇپراققا ئۆزىنى تاپشۇرسا شامال .
بۇ ئىشتىن بولمايتتىم مۇنچىلىك دەردمەن ،
بالا بولماسمۇ دەپ ھەردەم قورقىمەن .
لايىق زالنى كۈيئوغۇل دېسەڭ دېگۈدەك ،
چوڭ ۋە كىچىك ئارا يوق ئۆزگە ئۇنداق .
قەندەھاردىن تارتىپ ئەھۋازغا قەدەر ،
كىم سامدەك قۇدىدىن يۈزىنى بۇرار ؟ »
سىندۇخت ئاڭا دېدى : « ئەي بەلەنپەرۋاز ،
مەن ساڭا راستىنى ئېيتاي ئېچىپ راز .
ساڭا كەلگەن بالا ماڭا ھەم بالا ،
ئەلىمىم ئەلىمىڭ ، داۋايىڭ داۋا !
سۆزلىرىڭ ھەقىقەت ، جانى جاھانىم ،
شۇ ئىدى مېنىڭ ھەم شۈبھە ـ گۇمانىم .
روھىم چۈشۈپ غەمكىن قىلغانمۇ شۇ گەپ ،
دىلىمدىن شادلىقنى يۇلغانمۇ شۇ گەپ .
بۇ ئىش ئاددىي ئىش بولسا ناۋادا ،
ئەرزىمدۇ قىيىنلىش بۇنچە ئازابتا .
فەرىدۇن بولغانتى يامانلىقتىن شاد ،
ئالەمگىر داستانمۇ شۇنى قىلار ياد .
چۈنكى ئابۇ ئاتەش بىلەن يادۇ خاك
قارا يەر يۈزىنى قىلىدۇ تابناك . »
سام نامەسىن بەردى : « بۇنى ئوقۇپ كۆر ،
بىردىنلا بېسىلار دىلىڭدىكى شور .
شاھىنشاھ سام ساڭا بولسا بۇرادەر ،
دۈشمەنىڭ يۈزلىرى زەپىرەڭ بولۇر . »
سىندۇخت سۆزلىرىن تىڭلايتتى مېھراب ،
بېشىدا مىڭ خىيال ، يۈرەر باغرى ئاب :
ئاخىر سىندۇختقا قىلدى ئۇ پەرمان :
« رۇدابەنى ئېپ كەل يېنىمغا شۇئان . »
سىندۇخت قورقۇپ كەتتى : « بۇ شىر يۈرەك ئاتا ،
قىلارمۇ قىزىنى قىيمايۇ چىيما ؟ »
ئاڭا دېدى : « ئاۋۋال سۆز بەر ، پەھلىۋان ،
قولۇڭدىن چىققۇسى رۇدابە ئامان ،
كابۇلىستان ئۇندىن قالمىغاي خالىي ،
ياۋۇزلۇق ئەمەستۇر ئۇ گۈلنىڭ پارى . »
ۋەدە بەردى ، بىرئاز يۇمشىدى سۆزى ،
دىلىدىن قوغلاندى ئاداۋەت ـ ئۆچى .
سۆز بەردى ، قىزىغا قىلماس يامانلىق ،
رۇدابە تاپقۇسى تىنچلىق ـ ئامانلىق .
دېدى ئۇ : « قاراپ تۇر ، شاھىنشاھ يېقىن
بىلگەچكە ، تار كەلمەس بىزگە بۇ زېمىن . »
سىندۇخت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان چېغى ،
تۆۋەنگە تىكىلدى شەھلا كۆزلىرى .
قىز ياققا يۈگۈردى ، كۈلەتتى كۆزى ،
تۈندەك چاچ تېگىدە نۇر چاچار يۈزى .
خەۋەر يەتكۈزدىكى : « قۇترىغان پەلەڭ ،
ئاھۇغا تاشلانمايدۇ ، باشلانمايدۇ جەڭ .
ئەمدى زىب ـ زىننىتىڭ ئېچىپ تېز ، دادىل ،
ئاتاڭ ئالدىغا بار ، پۇتىغا يىقىل . »
رۇدابە دېدى : « نە قىلاي زىب ـ زىننەت ،
نە كېرەك مۇغەمبەرلىك ۋە ياكى غۇربەت ؟
دىلىمنى بەند قىلغان زال داڭدار تۇرسا ،
نېمىشقا يوشۇراي بۇ ئاشكار تۇرسا ؟ »
زەرۇ ياقۇت ئىچىدە مىسالى گۈلخان ،
ئاتا ھۇزۇرىدا رۇدابە شادان .
ئۇنى كۆرۈپ ئاتا قېتىپ قالدى جىم ،
جاھان ئۇنىڭغا ئوقۇدى تەھسىن .
بېھىشتەك ياسانغان ئىدى ئۇ گۈلكار ،
يارقىن قۇياش ئىدى ، ياشنىغان باھار .
دېدىكىم : « ئەقىل ـ ھوش باشتىن قاچقان قىز ،
تېگى ئېسىللاردىن چىقتى بۇ ئىش ، ئەسىز .
قاچان ئەھرىمەنگە جۈپ بولۇر پەرى ،
زاۋال تاپار ئۆزى ، تاجۇ تەخت بەرى .
قەھرىتان دەشتىدىكى مەرگىر ئەگەر
مۇغ بولىمەن دېسە ، ئەجىلى يېتەر . »

ئاگىلدى ، رۇدابە ، يۈرىكى يارا ،
ئىزادىن بولدى يەر ، يۈزى كەھرىۋا .
روشەن كۆزلەرنى ياپتى كىرپىكى ،
سۆز ئەمەس ، نەپەسكە يوقتۇر ماجالى .
ئاتا دىلى خۇنۇ ئاچچىق ۋە ئەلەم ،

دەرغەزەپتە بولدى مىسالى پەلەڭ .
خانىسىگە ياندى دىلى ۋەيران قىز ،
گۈلگۈن يۈزگە كۆزدىن ئاقتۇرۇپ قان قىز .
خۇدادىن كۈتىشەر پاناھ مەردانە ،
دىلى ۋەيران قىزنى پېشۋاسى — ئانا .

## مەنۇچېھرنىڭ زال بىلەن رۇدابە مۇھەببىتىدىن خەۋەر تاپقانلىقى

ئۇلۇغ شاھقا يېتىپ كەلدى سەربەسەر ،
مىھرابۇ زالۇ سام ئىشىدىن خەۋەر .
بولماقچى ئىمشلەر بىر ـ بىرىگە پەيۋەند ،
ئاق چاچ زال ، رۇدابە ـ ئەجدىھا پەرزەند .
مۇبەدلەر يىغىلىپ سۆھبەت قۇرۇشتى ،
بەھس قىزىپ ھەر قىسما سۆزلەر قىلىشتى .
شاھ دېدى دانالارغا : «بۇ قانداق ئىش ؟
كۆنلەر بېشىمىزغا سالارمۇ تەشۋىش ؟
ئىراندىن دىۋە ـ جىن ، قاپلانۇ پەلەڭ
ئىزىن قۇرۇتقانتىم دادىل قىلىپ جەڭ .
فەرىدۇن قۇرۇتتى زەھھاك يىلتىزىن ،
قالغىنى بىر مىھراب ، پەش قىلار قىزىن .
زالى زەر سۆيگۈسى تۇپەيلى ، ھەيھات ،
قاغجىرىغان يىلتىز ياشىنىسا نەھات !
ئەگەر مىھراب قىزى ۋە سام ئوغلىدىن ،
ئەييام ئۆتكۈر بىر تىغ چىقارسا قىنىدىن ،
بىزنىڭ جەۋھەر بىر ياق ، ئۇ تامان بىر ياق ،
زەھەرگە قوشۇلۇپ ئالىدۇ تەرياك .
ئانا تەرىپىگە تارتسا نەۋنىھال ،
بېشىدا ئايلىنار تۈرلۈك بەد خىيال .
قولىغا كىرگۈزۈش بولۇپ تاجۇ گەنج ،
ئىراننىڭ بېشىغا سالار دەردۇ رەنج .
بۇ سۆزلەرنى ئويلاپ كۆرۈڭ ، نى جاۋاب ؟
مەسلىھەت بېرىڭلار ، بۇ ھالەتكە باب . »
مۇبەدلەر ھەممىسى دېدى : « ئاپىرىن ! »
شاھنى ئۇلۇغلىشىپ دېيىشتى : « پاك دىن ! »
دېيىشتى : « سەن بىزدىن داناسەن ، دانا ،
ئەقىلدە ، قۇدرەتتە يېگانە ، بىزلا .
نە قىلساڭمۇ ئەقلىڭ بۇيرۇغانىنى قىل ،
ھەتتا ئەجدىھانى ئوۋلايدۇ ئەقىل . »
ئاقىللار سۆزىنى تىڭلاپ پادىشاھ ،

ئىش ئاقىۋىتىگە ئىزدىدى داۋا .
« نۇزەر كەلسۇن ! » دەپ پەرمان ئەيلىدى ،
نۇزەر بىلەن ئالىي ـ كاتىتلار كەلدى .
ئوغلىغا شاھ دېدى : « سام يېنىغا يەت ،
سورىغىن ، نېمە ئىكىن ئۇنىدىن جاۋابەت .
دېگىن ، بۇ تەرەپتىن قايتقاندا شۇئان ،
ھوزۇرىغا كىرىپ ئۆتسۇن پەھلىۋان . »
نۇزەر ئاتا ھوزۇرىدىن چىقتى ـ دە ، شۇئان ،
ئات سېلىپ سام تەرەپكە بولدى راۋان .
نۇزەر كېلىشىدىن خەۋەر تاپقان سام ،
ئالدىغا چىقتى تېز كۆرسىتىپ ئىكرام .
ئۇ بىلەن باراتتى بار باھادىرلار ،
پىللاردا دۇمباقلار دۈك ـ دۈك ، قۇلاق كار .
سام بىلەن ئۇچراشتى نۇزەرى داگدار ،
ئۇلۇغلار ، كاتىتلار ، نەچچە ئامالكار .
سالام ـ سائەت قىلدى ھەر ئىككى تەرەپ ،
بىر ـ بىرىن شەرەپلەر قوشۇن تۈزۈپ سەپ .
نۇزەر دىدارىدىن سام بولدى خۇرسەند ،
ئاتىسى سۆزلىرىن يەتكۈزدى پەرزەنت .
سام دېدى : « پەرمانى ھاياتىم ئۇتى ،
شاھىنشاھ دىدارى دىل ـ جانىم قۇتى . »
داستىخان سېلىندى ، كۆتۈرۈلدى جام ،
ئاۋۋال مەنۇچېھر نامىن ئالدى سام .
كېيىن نۇزەرۇ سامدىن سۆزلىندى شاد ،
ھەر ئۆلكىنى بىر ـ بىر قىلىپ ئۆتتى ياد .
بەزمىدە ئۇزۇن تۈن تۈگىدى ئاخىر ،
نۇرانە زەر قۇياش تۆكتى ئالتۇن نۇر .
ئېگىز كۆتۈرۈلدى دۇمباق ئاۋازى ،
ئەلچىلەر تېزلىكى بۇركۈت پەرۋازى .
مەنۇچېھر پادىشاھ بارگاھى تامان ،
قوشۇنلار قوزغالدى ، شۇ بولدى پەرمان .

خەۋەر تاپقىنىدا مەنۇچېھر شاھ ،
كۇتۇشكە ئاتلاندى ، بېزەلدى بارگاھ .
سارى ھەم ، ئامۇل ھەم ئەۋجىگە كەلدى ،
گويا ئۇلۇغ دەريا مەۋجىگە كەلدى .
ئاتلىقلار چېقىشتى مىسالى بۇلۇت ،
قوللىرىدا نەيزە ، ئۇچىسىدا ساۋۇت .

تاغدىن تاغقا قەدەر لەشكەرگە تولدى ،
قالقان جۇلاسىدىن چۆل دېڭىز بولدى .
ناغرا ، سۇنايۇ كاناي ، غەۋغالار ،
پىللارغا ئارتىلغان قانچە سوۋغىلار .
سامنى شەرەپ بىلەن كۇتۇۋالدى شاھ ،
خىلمۇ خىل بايراقلار ، يۈز مىڭلاپ سىپاھ .

## سامنىڭ مەنۇچېھر ھۇزۇرىغا كەلگەنلىكى

سام كەلگەچ بارگاھنىڭ ئاستانىسىگە ،
پىيادە ماڭدى شاھ كاشانىسىگە .
ئالەمگىر شاھ يۈزىن كۆرگەن ئاشۇئان ،
يەر سۆيۈپ ئالدىدا بولدى نامايان .
مەنۇچېھر تۇردى ، تەختى ئاپئاق ئاج .
بېشىدا ياللداپ ، يانار ياقۇت تاج .
يېنىغا ئېپ باردى ، تەختتىن بېرىپ جاي ،
چوڭ بىلىپ ، ھۆرمەتتىن ئەيلىدى ساراي .
كېيىن سوراشقا باشلىدى گۈرگەسەراندىن ،
دىۋىلەر ماكانى مازەندەراندىن .
كۆپ سوئاللار بەردى ئۇنى شەرەپلەپ ،
سام كۆپنى ئەسلىدى ئاستا بىر ـ بىرلەپ ،
دېدى : « ئەبەد خۇشال ياشىغىن ، ئەي شاھ ،
دۈشمەنلەرنىڭ قولى دائىما چولاق .
دىۋىلەر دىيارىغا باردۇق بىز ئەھىل ،
دىۋىلەركى قۇترىغان شىردەك بەدجاھىل .
ئەرەب ئاتلىرىدىن چاپقۇردۇر بارى ،
ئىران باتۇرىدىن تاپقۇردۇر بارى .
سەكسار ئەسكەرلىرى باشلىغاندا جەڭ ،
پەرەز قىلىۋەركى ، ئوۋدىكى پەلەڭ .
نەرەمدىن ئۇلارمۇ قالدى گاڭگىراپ ،
ھوشىنى يوقىتىپ ، باشلىرى قېيىپ .
شەھەر ئىچرە قاتتىق تارتىشىپ نەرە ،
شەھەرنى قالدۇرۇپ كەتتى بىر بارە .
تاغدىن تاغقا قەدەر لەشكەر ، قالقاندىن ،
كۆن يۈزى كۆرۈنمەس قىلىن توزاندىن .
ئالدىمىزغا چىقتى بارى جەڭ ئىزدەپ ،
ھەممىنىڭ شورى قۇرۇپ ، جەھلى قىستاپ .
مەن شۇئان ئۆزۈمنى ئاتتىم مەيدانغا ،
ۋەھىمە ياغدۇرۇپ ئۆزۈم ھەريانغا .
ئۈچ يۈزمىڭ گۈرزىنى كۆتۈرۈپ ئازات ،
ئاستىمدا تۆمۈردەك قىزىپ تۇرغان ئات .
بېرىپ باشلىرىنى يانچار باشلىدىم ،
ھەممىسىن گۈرزىدە يانچىپ تاشلىدىم .
سەلىم نەۋرىسى ئۇندا بار ئىدى ،
بۆرىدەك يىرتقۇچۇ دىلئازار ئىدى .
ئەلەمگىر نامىنى كەركۈي دېيىشەر ،
شەمشادتەك تىك قامەت ، يۈزى نېلۇپەر .
ئۇنىڭكى ئەجدادى شۇم زەھھاك ئىدى ،
ئالدىدا قەيسەرلەر بېشى خاك ئىدى .
سىپاھىمۇ بەئەينى چېكەتكىلەردەك ،
نە تاغۇ ، نە دەشتتە كۆرۈنمەيتتى چەك .
كەركۈي سىپاھلىرى توزۇتقاندا گەرد ،
بىزنىڭ باھادىرلار يۈزى بولدى زەرد .
يەككە زەرب گۈرزەمنى ئېلىپ قولۇمغا ،
سىپاھنى قالدۇرۇپ چۈشتۈم يولۇمغا .
ئىگەر ئۈستىدە مەن تووۋلايمەن پەلەك ،
كۆزلىرىگە دۇنيا بولدى چاقپىلەك .
كەلگەندە سىپاھنىڭ ئەقىل ۋە ھوشى ،
جەڭگە چۈشمەك بولدى مەن بىلەن ئىشى .
كەركۈي ئاۋازىمنى ئاڭلىغان ھامان ،
گۈرزەم ۋەھىمىسىن سەزگەن شۇ زامان ،
پىل ئۈستىدە تاغدەك كېلىپ نەيرەڭۋاز ،
تۆپەمگە تاشلاندى سالمىسى ئېگىز .
مېنى قىلماق بولدى سالما بىلەن بەند ،
پەشۋا ئاتتىم شۇئان ، بوش قالدى كەمەند .
تېز قولۇمغا ئالدىم شاھانە كامان ،
ساداقتا تولۇقتۇر تۆمۈرى پەيكان .
ئېتىمنى ئۇچۇردۇم بۆركۈتكە ئوخشاش ،
ئوق مۆلدۈرى ياغدۇردۇم بۇلۇتقا ئوخشاش .

گاڭگىراتتىم ئۇنىڭ يوغان بېشىنى ،
دۇبۇلغىغا تىقىپ ، تۆكتۈم يېشىنى .
قارىسام مەست پىلدەك چىقتى ئۇ چاڭدىن ،
قولىدا ھىندى قىلىچ ، تەپ تارتماس جەڭدىن .
ئەي شاھىم ، مەن شۇنداق قىلدىمكى گۇمان ،
تاغ ئۇندىن قاچقۇسى ، قاچار ئاسراپ جان .
شىددەت بىلەن كەلدى ، مەن توسۇپ تۇردۇم ،
يېتىپ كەلگەچ ، قولۇمنى بېلىگە ئۇردۇم .
كەمىرىدىن تۇتۇپ ، كۆتۈرۈپ دادىل ،
ئاتتىن يۇلۇپ ئالدىم شىر كەبى ئەپچىل .
دەس كۆتۈرۈپ ، يەرگە تاشلىدىم چاققان ،
مىجىقلىنىپ كەتتى بەدەن — ئۇستىخان .
شاھنى كۆرۈپ يەردە بۇنداق خارۇزار ،
قوشۇن قىلالمىدى جەڭنى ئىختىيار .
ئويمان — چوڭقۇر دېمەي ، تاغۇ چۆل دېمەي ،
قوشۇن تىرىپىرەن ، دېيەلمەي لەببەي .
ئۆلۈكلەر سانىنى قىلغاندا ھېساب ،
ئون ئىككى مىڭ ئۆلگەن بېرەلمەستىن تاب .
لەشكەرۇ سودىگەر ، خەلقتىن ئۆلگىنى .
ئۈچ يۈز مىڭغا بارار خاراب بولغىنى .
بىزدەكلەر قۇل بولۇپ تۇرغاچ تەختىڭگە ،
دۈشمەن چاڭ سالالماس پارلاق بەختىڭگە . »
سىپاھدار سۆزىنى ئاڭلىدى ئۇ شاھ ،
تەختى — تاجى ئالدىدا پەس كۆرۈندى ماھ .
مەي ، سازەندە چاقىرىپ ، چوڭ بەزمە تۈزدى ،
جاھاننى يامانىدىن پاكىزە تۇتتى .
سىپاھدار شەنىگە ئوقۇپ ئاپىرىن ،
قولىدا قەدەھ ، ئۆتتۈپ كەتتى كېچە — تۈن .
نامايان بولغاندا كۈندۈز جامالى ،
شاھنىڭ ئوردىسىغا بولدى راۋانى .
شاھنشاھقا قىلىپ ئىززەتۇ ئىكرام ،
سالاپەتتە كىردى باتۇر — پالۋان سام .
شاھقا ئاپىرىنلار ئوقۇپ ، ئاندىن زال ،
مېھرابتىن سۆز ئاچماق بولدى بىمالال .
شاھنشاھ سۆزىنى بۆلۈپ سۆز باشلىدى ،
سۆزنى باشقا ياققا بۇراپ تاشلىدى .
سامغا دېدى ئۇ : « سەن تېزلىك بىلەن
تاللاپ قوشۇن يىغ ، ئۇرۇشقا ئاتلان .
ئوت قويغىن كابۇلۇ ھىندىستانغا ،
كابۇلدا ئوت قويغىن شاھ ئايۋانىغا .
كىم تۆرەلگەن بولسا ئەجدىھادىن ،
بەرمىگىن سەن ئاڭا ئاراملىق — ئىمىن .
ھەر زامان ھەرىكەتكە كېلىپ تۇرغىنىسەن ،
دۇنيا تىنچىن بۇزۇپ ، ئەقلىن چاچقىنىسەن .
يەنە كىمكى بولسا ئاڭا پەيۋەستە ،
قېرىنداشۇ ئۇرۇق ياكى دىلبەستە ،
يەنە كىمكى ئۇنىڭ نەسلىدىن ئىكەن ،
زەھھاك ئەۋلادىدىن بولسا ئومۇمەن .
قويماي بېشىن تەندىن جۇدا قىل ، جۇدا ،
يەر يۈزىن ئۇلاردىن قىلغىن پاك — تازا ! »
شاھ پەرمانىنى كۆرۈپ جاھان پالۋان ،
گەپنى سوزۇشقا ھېچ تاپمىدى ئىمكان .
ئەڭگۈشتەر — مۆھرىگە يۈزىنى سۈردى ،
ئايىغىغا باش قويۇپ يەر سۆيۈپ تۇردى .
شاھقا دېدى : « پەرمانىڭ بەجا ئەتكەيمەن ،
دىلىڭدىن ئاداۋەتنى جۇدا ئەتكەيمەن ! »
شامالدەك ئېتىغا مىندى پالۋان شاھ ،
ئۆيى ياققا ماڭدى ، كەينىدە سىپاھ .

## سامنىڭ مېھرابقا قارشى يۈرۈش قىلغانلىقى

بۇ خەۋەر مېھرابقا ، كابۇلغا يەتتى ،
بىر ئۇچى داستانغا ، زابۇلغا كەتتى .
كابۇل ۋىلايىتى ھەرىكەتكە كەلدى ،
مېھراب ئوردىسى غەم — ئەندىشىگە تولدى .
سىندۇخت ، رۇدابە ، مېھراب بۇ نۆۋەت ،
جاندىن ، خانۇماندىن ئۈزۈشتى ئۈمىد .
غەزەپتە ئات چېپىپ يولغا چۈشتى زال ،
كېرىلگەن كۆكرەكتە ئاداۋەت ، مالال .
ئۆزىگە دەيتتى ئۇ : « ئەجدىھا كەلسە ،
ئالەمنى كۆيدۈرۈپ ، تامام كۈل ئەتسە ،
سۈپۈرۈپ تاشلىماق بولسا كابۇلنى ،
ئاۋۋال تەرك ئەيلسۇن بۇ غېرىب دىلنى . »
شىددەت بىلەن بارار جىگەر — باغرى خۇن ،
دىلىدا غەم ، ئۇنلەپ تىلدا مۇڭلۇق ئۇن .

شىر بالىسى يولغا چىققىنى ھەقتە
سامغا خەۋەر يېتىپ بارغان شۇ چاغدا ،
سەپلىدى لەشكەرنى ، ئات ـ ئۇلاغلارنى ،
كۆتۈرۈلگلار ، دېدى ، فەرىد تۇغىنى .
دۇمباقلار چېلىندى ، چۇقانلار سالدى ،
ئۇلارنى قارشى ئېپ سىپاھ يول ئالدى .
بايراق ئېلىپ بارار پىل كەينىدىن پىل ،
بايراقلار ئاق ، سېرىق ، گۇلنەپشە ، قىزىل .
زالى زەر ئاتىسىن يىراقتىن كۆرۈپ ،
ئېتىنى توختاتمايلا چۈشتى ئۇ سەكرەپ .
ئاتىسى ئالدىدا يەر سۆيەر داستان ،
ئەمما سام جاۋابقا لەۋ ئاچماس ئاسان .
داستان ئاتقا مىندى تەشۋىشلەر بىلەن ،
يالتىرار سەمەن ئات ، تاغ كەبى بەلەن .
كاتتىلار كېلىشتى ئۇنىڭ يېنىغا ،
نەسىھەت قىلىشتى قاراپ يېشىغا .
« قىلمىشىڭدىن بولدى ئاتاڭ كۆڭلى غەش ،
كەچۈرۈم سورىغىن ، بولما كۆپ بەگباش . »
داستان جاۋاب بەردى ئۇلارغا بىباك :
« ئاخىرى ھەممىمىز خاك بولىمىز خاك .
ئاتام ئەقلى بېشىغا قايتقان شۇ ھامان
ئاۋۋالقى سۆزىدىن قايتماس ھېچقاچان .
ئاچچىققا پايلىماي تولۇق تەگكىنى بىلەن ،
كېيىن ئۇياتتىن يەرگە تىققۇسى كۆزىن . »
ئات چېپىشىپ ماڭدى سام دەرگاھىغا ،
ھەممە شاد ئەگىشەر خەيرىخاھىغا .
يېتىپ بېرىپ ئاتتىن چۈشتى سام دەرھال ،
چېدىرغا داستانمۇ كىردى شۇ مەھەل .
ئاتا ھۇزۇرىغا كىرىپ زالى زەر ،
پۇتىغا باش قويۇپ ، يەر سۆيۈپ ياتار .
ئاپىرىنلار بىلەن قىلىپ ئۇ خىتاب ،
ئىككى نەرگىستىن ئاققۇزار گۇلاپ :
« ھاياتىڭ ، دۆلىتىڭ پاراغەت بولسۇن ،
دىلىڭ رەھنەماسى ئادالەت بولسۇن .
تىغىڭدىن ئالماسمۇ بىريان بولىدۇ ،
جەڭ قىلساڭ ، يەر يۈزى گىريان بولىدۇ .
جەڭ ۋاقتى قاي تەرەپ ئەگەر قويساڭ ئات ،
قوشۇن تىرىنپىرەن بولىدۇ بەربات .
ئاسمان كۆرەر بولسا گۇرزىڭ بورىنىن ،
تۆكۈلەر يۇلتۇزى ، ئاچماس جامالىن .
يەر يۈزىن گۈللىتەر ئادالەت ، پەمىڭ ،
ئەقىل ـ ئىدراك بولۇر ئىكەن بۇنيادىڭ .
ھەممە ئادەم بولدى ، ئىشىڭدىن شادان ،
سەندىن ئەدلى تاپار زېمىن ۋە زامان .
پەقەت مەن ئەدلىڭدىن بىخەۋەر قالدىم ،
گەر دېسەممۇ سامزادە شۆھرىتىن ئالدىم .
قاراڭغۇ ئۇۋىدا قۇش قىلدى پەرۋىش ،
ھېچكىمگە يوق مەندە ئاداۋەت ـ كايىش .
ئۆزۈمدىن ئىزدەپ تاپمىدىم گۇناھ ،
بىرەر كىشى ماڭا بولمىسۇن بەدخاھ .
پەقەت بىر گۇناھىم ـــ ئاتام سام پالۋان ،
گەرچە ئۇنىڭ ئوغلى بولماق شەرەپ ـ شان .
ئانىدىن تۇغۇلدۇم ، ئالماي قۇچاققا
مېنى تاشلىتىۋەتتىڭ تاغقا ، تاشلىققا .
تۇغقانلار دىلىن غەش ، كۆزىن ياشلىدىڭ ،
تۇغۇلغان گۆدەكنى ئوتقا تاشلىدىڭ .
نە بۆشۈك كۆرمىدىم ، نە ئانا باغرى ،
نە تىنچ ، ئارامىلىق ، نە گۆدەك يۆگىكى .
مېنى دەشتۇ تاغقا قوغلاندى قىلدىڭ ،
باللىقىم ، بەختىم نىھالىن يۇلدۇڭ .
چۈشەنمەي نېمە ئۆزى ئاقۇ قارا رەڭ ،
ياراتقۇچى بىلەن سەن باشلىدىڭ جەڭ .
مېنى تەڭرى ئۆزى قىلدى پەرۋەرىش ،
مېھىر ـ شەپقەت بىلەن قىلدى نەۋازىش .
ماڭا بەردى مەردلىك ، قۇدرەت ۋە ھۈنەر ،
كابۇلدىن دوست بەردى مىسلى بۇرادەر .
تاجۇ تەخت ئىگىسى ، گۇرزىسى گەران ،
تاجدارلار باشلىقى ، ئەلەمگىر پالۋان .
كابۇلغا بارىمەن پەرمانىڭ بىلەن ،
رىئايە قىلىمەن پەرمانىڭغا مەن .
دېگەنىدىڭغۇ : ئەمدى بەرمەيمەن ئازار ،
تىككەن دەرىخىڭنى قىلاي مېۋىدار !
شۇ بولدىمۇ ھەدىيە مازەندەراندىن ،
نېمىشقا كەتتىڭ سەن گۇرگەساراندىن ؟
ۋەيران بولسۇنمۇ تەختىم ، دۆلىتىم ،
شۇمۇ ئادىللىقىڭ ، كىمگە يېتەر دادىم .
مانا ھۇزۇرۇڭدا تۇرىمەن ھازىر ،
غەزىپىڭگە ئۆزۈم تاپشۇردۇم ئاخىر .

تېنىمنى ھەرىلەت ، ئىككى پارچە قىل ،
ئالدىمدا كابۇلدىن ئاچمىغىن سەن تىل .
كۆڭلۈڭ نېمە دېسە ، مەيلى شۇنى قىل ،
ئەمما كابۇل بەختى مېنىڭ بەختىم بىل . »
زالدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا سام ،
كەڭ مۇرىسى قورۇلۇپ ، بولدى بىئارام .
ئاڭا دېدى : « ھەر نە دېدىڭ ، بەرى راست ،
ھەققىي سۆزۈڭنى دېدىڭ ئەينەن – راست .
نېمە قىلدىم مەن ساڭا ؟ بارى بىدادلىق ،
دۈشمەنلەر قەلبىگە سالدى بۇ شادلىق .
سەن ماڭا ئاچقاندا يۈرىكىڭ سىرىن ،
يەنە بولاي دېدىم بەختىڭگە زامىن .
خاپا بولما ، بولماس زىنھار ئازارىڭ ،
چارىسىن تاپىمىز ، سۇنماس بازارىڭ .
بۇگۈن يازدۇرىمەن مۇپەسسەل بىر خەت ،
ئۆزۈڭ يەتكۈزىسەن پادىشاھقا پەقەت .
كۆرگەچ سېنىڭ سۆلىتىڭ ، خۇش خۇي دىدارىڭ ،
جاھاندار ئىزدىمەس سېنىڭ ئازارىڭ .
خەت بىلەن ھەممىنى قايىل قىلىمىز ،
شاھ دىلىنى ئەدلىگە مايىل قىلىمىز .
ئەگەردە تەگرىمىز بولسا يارىمىز ،
پايدىغا يۈرۈشكەي كارۇ بارىمىز .
ئۆز قولىدا ئىرۇر ھەتتا شىر كارى ،
ھەرىكەتسىز قولدىن چىقار شىكارى . »
ئاتىسى پۈتىدا يەر سۆيدى داستان ،
ئاپىرىن ئوقۇدى ، شادلىقى چەندان .

## زالنىڭ مەنۇچېھر ھۇزۇرىغا ئەلچىلىككە بارغانلىقى

خەتتاتنى تەق قىلىپ باشلىدى نامە ،
نامەگە پۈتۈلدى تالاي ئەڭگىمە .
ئاۋۋال كۈيلەندى ئۇلۇغ پەرۋەردىگار :
« ھەر ئىشنىڭ بېشىدا ، ئاخىرىدا بار .
ياخشى – يامان ئۇندىن ، بار – يوقلۇق شەكسىز ،
بىز بەندىلىرىمىز ، ئۇ يەككە – يالغۇز .
ھاياتتا نېمىنى خالايدىكەن ئۇ ،
چەرخى پەلەكنىڭ ئايلىنىشى شۇ .
قۇياش ، ئاي ، يۇلتۇزلار ئىگىسى خۇدا ،
ئۇندىن مەدەت تاپسۇن مەنۇچېھر شاھ .
رەزم كۈنى زەھرى قاتىل ، بىداۋا ،
بەزم كۈنى تولۇن ئايدەك شوخ جۇلا .
گۈرزىڭدىن تارمار دۈشمەنلەر شەھرى ،
سەندىن شادلىق ئىرۇر ھەركىمنىڭ بەھرى .
فەرىدۇن تۇغىنى ئېلىپ قىلساڭ جەڭ ،
قەھرىڭدىن قاچىدۇ قۇترىغان پەلەڭ .
تېشىلەر نەيزەڭدىن ئاسمان پەلەك تاغ ،
شىددەتلىك نەرەڭدىن بولۇر ئۇ تۇپراق .
ئەدلۇ خاتىرجەملىكىڭ يامانلار شورى ،
بىر ئېقىندىن سۇ ئىچەر قوي بىلەن بۆرى .
بىجىرىشكە ھازىر قىلساڭ نە خاھىش ،
قۇلۇڭمەن ، يېشىمۇ بار ئىككى ئاتمىش .
كۈندىن – كۈن ئاشماقتا بېشىم كافۇرى ،
شۇنى تاج ئەتمەكتە ئاي – قۇياش نۇرى .
سېنى دەپ بەل باغلاپ جەڭلەرگە كىردىم ،
قانچە ناپاكلارنى رەھىمسىز قىردىم .
مەندەك چەۋەندازنى كۆرگەنمۇ دۇنيا ،
گۈرزى ، قىلىچۋازنى كۆرگەنمۇ دۇنيا ؟
گۈرزىمگە قول ئۇرسام ، ئۇ مازەندەران ،
باھادىرلار دىلى سۇ بولدى شۇئان .
ھەممىدىن باتۇرراق بولمىسام ، ئىشەن ،
مەندىن بولمايتتى ھېچ دۇنيادا نىشان .
ئەجدىھا ماكانى ، ۋەتىنى كەشەف ،
ئالەمنى قۇپقۇرۇق قىلار مىسلى كەف .
شەھەردىن شەھەرگە يېتەر بەدىنى ،
تاغدىن تاغقىچە ئىدى گەۋدىسى .
تىترەر ۋەھىمىدىن جاھاندا ھەر جان ،
كېچە – كۈندۈز پىدا تۇرار پاسىبان .
ھاۋادا قالمىدى بىرەر پەرەندە ،
چۆلدە تۈگەپ كەتتى پۈتۈن دەرەندە .
نەپەسىدە كۆيەر قاغا قانىتى ،
زەھرىدىن قۇرار زېمىن جانىزاتى .
سۇدىن لەھەڭ ئالار قىلسا گەر ھەرىكەت ،
دەم سالسا تارتىلار تېز ئۇچار بۈركۈت .
خەلق قېچىپ كەتتى ، قالمىدى چارۋا ،
ئاڭا قالغانىدى بۇ يورۇق دۇنيا .

كۆردۈمكى ، بۇ دەردكە مەلھەم يوق ئەسلا ،
ئۇ بىلەن تەڭلىشەر ئادەم يوق ئەسلا .
ھەدەت بەردى ئىگەم ، ئۇ يەزدانى پاك ،
دىلدىن ۋەھىم كەتتى ، قورغالدىم بىباك .
بىلىمنى باغلىدىم ، تىلىمدا ئاتى ،
پىلىدەك ئات ئاستىمدا ، يىپىق قانىتى .
ئىگەردە ئۆكۈز باش گۈرزەمدۇر گەران ،
كۆكسۈمدە قالقانۇ قولۇمدا كامان .
يۈردۈم ، تەڭ كېلەلمەس ھەتتا لەھەڭ ھەم ،
مەن تېز جەڭ باھادىر ، ئۇ بولسا تېز دەم .
مېنى كۆرگەن ئىنسان دەيدۇ : « ئەلۋىدا ،
ئەجدىھاغا قىلمىش بۇ زورلۇق داۋا ! »
بېرىپ كۆردۈم ، ياتار ئېگىز ئېلبۇرزدەك ،
چاچلىرى چىگگىل _ چىگگىل خۇددى سالمىدەك .
تىلى چوڭ ئاغزىدىن چىقىپ ، ساڭگىلاپ ،
تۇرار ھەيۋەتلىك ، يەرنى قۇچاقلاپ .
ئىككى كۆزى ــ ئىككى قان تولغان ئورا ،
قورققاندىن ئادەمدە جان بولۇر جۇدا .
گۇمانىم شۇ بولدى ، تىڭلا شەھرىيار ،
قوينۇمغا پۈركىدى ئاتەش ئۇ ھەييار .
دېڭىز بولۇپ كۆرۈندى كۆزۈمگە دۇنيا ،
قاپقارا تۈتۈندىن جاھان قاپقارا .
قەھرىدىن لەرزىگە كەلدى بۇ زېمىن ،
زەھرىدىن يەر يۈزى نەق دەريايى چىن .
مەن ياندۇرۇپ قەھىر قىلدىم خۇددى شىر ،
شۇنداق ئىش قىلدىمۇ ھەرمەردانە ئەر .
بىر ئوق ئالدىم ئالماس ، دەستى راۋۇرۇس ،
ئاتتىممەن كامانىم تارتىپ چىڭ ، تاراس .
شۇ بىر ئوقنى قىلدىم غەلىبەمگە رام ،
ئاغزىنى چەللەلىسەم ، شۇندا ئىش تامام .
ئاغزىنى تىكىپ قويدى ئوقۇم دەرھال ،
تىلىنمۇ تارتالماي قالدى ئەجدىھا .
تېزلىكتە ئىككىنچى ئوق بىلەن تىلىن
يەرگە مىخلاپ قويدۇم ، تولغىنار بىلىن .
ئۈچىنچىسىنى ئاتتىم ، يېرىلدى جىگەر ،
قارا خۇن ئاققۇزۇپ ، تىپىرلاپ ياتار .
ھۇجۇم قىلىپ يەرنى ماڭا تار قىلدى ،
شۇ چاغ ئۆكۈز باشلىق گۈرزەم كار قىلدى .
پاك ئۇ پەرۋەردىگار مەدەتى بىلەن
پىل تەنلىك ئېتىمنى قوزغاپ جايىدىن ،
تاغنى ئاغدۇرغاندەك بېشىغا ئاسمان ،
گۈرزەمدە بېشىغا ئۇردۇم شۇ ھامان .
باش يېرىلىپ چۇشتى گويا جەندە پىل ،
زەھرى كۆبجۈپ ئاقار مىسالى نىل .
زەربەمدىن يەر چىشلىدى ياۋۇز ئەجدىھا ،
مېڭىسى قېتىق بوپ ، چېچىلىپ ياتار .
كەشەف دەرياسى زەرداپقا تولدى ،
زېمىن تىنچلىق تاپتى ، ئارامگاھ بولدى .
تاغقا قاچقان جىمىكى ئەر ۋە ئايال ،
قايتىپ كېلىپ مېنى ئالقىشلىدى دەرھال .
جېڭىمنى كۆزىتىپ تۇراتتى دۇنيا ،
ئەجدىھا ئىدى باشقا كەلگەن زور بالا .
شۇندىن مېنى « سامى يەكزەرب » ئاتىشار ،
ئايغىمغا تۆكتى خالايىق گۆھەر .
نەزەر سالغانىدىم پاكىز تېنىمگە ،
پولات ساۋۇت بولۇپ كېتىپتۇ پارە .
زەھەردىن چۇشۇپتۇ ئېتىم زىرھى ھەم ،
ئۇندىن مەنمۇ تارتتىم نەچچە چاغ ستەم .
ئۇ يەردە نەچچە يىل ئۆسمەس بىر گىياھ ،
ھەتتا تۇپراقنىڭمۇ قىسمىتى سىياھ .
ئەگەر سۆز باشلىسام دىۋىلەر جېڭىدىن ،
نامىنى باشلىماق كېرەك باشقىدىن .
شۇنداق جەڭلەر قىلدىم ، مىڭ _ مىڭلار بېشى
دومىلىدى ، گويا سايلارنىڭ تېشى .
دائىم شۇ ، بولسام مەن ئەگەر جەڭ باشلار ،
دومىلايتتى ئاياغ ئاستىمدا باشلار .
ھەتتاكى بۇرىسام ئېتىم تىزگىنىن
شىر جاي بېرەتتى تاشلاپ ئۇۋىسىن .
نەچچە يىللار ئىگەر _ تەختى راۋانىم ،
زېمىن ئۆزى مىنگەن ئېتىم ، تۇلپارىم .
مازەندەرانىنى ھەم گۇرگەسەرانىنى
ساڭا بويسۇندۇردۇم ، سىلىپ سۇرەتنى .
نەچچە يىل قىلمىدىم يۇرتۇم ، ئۆيۈم ياد ،
ياشىدىم ، كۆردۈم دەپ پەقەت سېنى شاد .
بۇگۈن بىلەكلىرىم ئۇ بىلەك ئەمەس ،
گۈرزەم زەربىسىمۇ ئۈنىڭدەك ئەمەس .
ئاجىزلىشىپ بارار بېلىم قۇۋۋىتى ،
قامىتىم ئېگىلدى كېتىپ قۇدرىتى .

قولۇمدىن چۈشەرگە ھازىردۇر كامان ،
يىقىلدىم ، پۇت ـ قولۇم باغلىدى زامان .
ئەمدى زالى زەرگە بېرىمەن نۆۋەت ،
كەمىرىم ، گۈرزەمنى قىلىپ ھەم سوۋغات .
ئېلىپ دۈشمەنلەرنىڭ ئۆمرىنى كەم قىلار ،
دىلىڭ قەسرىنى شاد ـ خۇرام قىلار .
دىلدا بىر ئارزۇسى بار ئىكەن نىھان ،
سەندىن مەدەت تىلەر ، ئەي شاھى جاھان .
بىر ئارزۇكى ، تەڭرى ئىزگۈلۈك بىلەر ،
ئۇنىڭ رايى پەقەت ياخشىلىق تىلەر .
رايىڭ بىلمەي تۇرۇپ بۇ ئىش يۈرۈشمەس ،
بەندەڭمىز ، چوڭچىلىق بىزگە ياراشماس .
يەنە زالغا بەرگەن ئەھدۇ پەيمانىم
ئاڭلىغاندۇر بەلكى شاھى جاھانىم :
ئوغلۇم تاغدىن چۈشۈپ ، قولغا كىرگەن دەم ،
خالايىق ئىچىدە ئىچكەنتىم قەسەم .
رايىڭ ياندۇرمايمەن ھېچ بۇندىن كېيىن !
ماڭا رازى دىلىن سۆزلىدى چەندان .
ھۇزۇرۇمغا كەلدى ھەممە خۇنۇخاك ،
ئىشقتىن يۈرەك ـ باغرى چاكۇ چاك :
مېنى دارغا ئاس ، تاڭ قالسۇن ئامۇل دەر ،
پەقەت ئامان قالسۇن سەندىن كابۇل دەر .
ئۆ سەر ئۇ قۇش ئىنى ، تاغدا ـ تاشلىقتا ،
ئۆي ـ جايۇ ئائىلە ، خەلقتىن يىراقتا .
كۆرۈنۈپ قېلىپتۇ كابۇلستاندا ،
ئاي يۈزلۈك سەرۋىناز ئۇ گۈلستاندا .
شۇ جايغا يەتمىشتۇر مۇھەببەت زەھمى ،
كىم كۆرسە ، كېلىدۇ يۈرەكتىن رەھمى .
شۇنچە ئەلەم تارتتى بىگۇناھ گۆدەك ،
ئاڭا قەسەم ئىچتىم ئاڭلىغىنىڭدەك .
يوللايمەن ئوغلۇمنى بۈگۈن سەن ياققا ،
تەختىڭ ئايىغىغا يىقىلغان چاغدا .
ئۇلۇغلارچە كۆرسەت ئەي كەرەم شەپقەت ،
ئەقىل كۆرسەتمەكلىك ساڭا نەھاجەت .
دۇنيادا يالغۇز شۇ ئوغلۇم بار خالاس ،
مۇڭدىشىم ، ئۈمىدىم ، ماڭا چىن ، سىرداش .
جاھاندار شاھقا ۋە كاتتىلارغا سام
ئالقىش يوللاپ قىلار خۇللاسى كالام . »
نامە تامام بولدى ، مەقسىتى ئايان ،
ئېلىپلا ئورنىدىن قوزغالدى داستان .
ئىگەرگە مىنگەندە سام دىلراباسى ،
ھەريانىنى قاپلىدى كاناي ساداسى .
يولغا چىقتى بىللە نەچچە باھادىر ،
سارايغا ئات چېپىپ بېرىشقا قادىر .
زابۇلستان قالدى ، قالدى گۈلستان ،
يەكزەرب سام قالدى ، يول ئالدى داستان .

## مېھرابنىڭ سىندۇختقا غەزەپلەنگەنلىكى

بۇ قىسسە كابۇلدا بولغىنىدا باش ،
مېھراب بېشى قاتتى ، ھىمىرىلدى قاش .
سىندۇختنى چاقىردى ، كۆزىدە غەزەپ ،
غەزەپتە سۆز ئېيتتى قىزىغا ئاتاپ :
« شاھىنشاھ نەدېيۇ مەن نەدە بۇ دەم ،
نەدە ئاڭا قارشى قوپماقلىق قەدەم .
ناپاك قىزىڭ بىلەن سېنى ، بىئەقىل ،
خالايىق ئالدىدا ئېتىمەن قەتىل .
بەلكىم شۇندا شاھ تېپىپ قانائەت ،
ئىناقلىق بەرپا بولۇر ، تۈگەر خۇسۇمەت .
كابۇلدىن كىم چىقار سامغا يۈزمۇ يۈز ،
زەربىسىگە تەڭ زەربە بېرەلمەس ھەرگىز ! »
بۇ سۆزلەردىن سىندۇخت ھاڭۋېقىپ قالدى ،
چارە ئىزدەپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى .
ئاخىرى كۆڭلىدە تاپتى بىر چارە ،
ئاقىلە ، تەدبىرلىك ئىدى بىچارە .
قىزى ئولتۇردى ، سوزۇپ قولىن شاھقا ،
مەسۇم باقتى مېھراب ئەلەم پاناھىغا ،
دېدى : « ئاۋۋال سەن سۆزۈم تىڭشىغىل ،
ئاندىن مەيلى ئۆزۈڭ خالىغاننى قىل .
مېنىڭ قەتلىم بولسا مەقسىتىڭ ئەگەر ،
بىل تۈن ھامىلەدۇر ، ئىزگۈسى سەھەر .
قانچىلىك قاراڭغۇ ، ئۇزۇن بولمىسۇن ،
ئاخىرى يورۇقلۇق تۇغىدۇ بۇ تۈن .
كۈندۈز كېلەر چەشمە سۈيىدەك جەۋلان ،
بەدەخشان لالىدەك پارقىرار جاھان .»

دېدى ئاتا مېھراب : « تولا ۋايسىما ،
مېنى كونا چۆچەك بىلەن ئالدىما .
بىرەر تەدبىر بىلسەڭ ، ئۇنى ئىشقا سال ،
بولمىسا ، خۇن لىباسلىق ، يوق ئۆزگە ئامال . »
ئاتا سىندۇخت دېدى : « ئەي ۋەلىنېمەت ،
بارمىكەن قېنىمنى تۆكۈشلا ھاجەت ؟
ئاشۇ سام قېشىغا مەن ئۆزۈم باراي ،
بۇ تىغنى قايتۇراي ، دىل دەردىن ئاچاي .
قار يانار ئەگەر تېپىلسا ئامالى ،
خام سۆزنى پىشۇرغاي ئەقىل يالقۇنى .
مەن ھازىرمەن ، كەلسە نېمە مېھنەتۇ رەنج ،
سەن بولساڭ سوۋغا بەر ئايىماي گەنج . »
مېھراب دەر : « چاچىۋەر مالۇ دەفىنە ،
ئاچقۇچىنى ئال ، ساڭا تەۋە غەزىنە .
سوۋغات قىل كېنىزەك ، تاجۇ ئات ـ ئۇلاغ ،
ھەممىنى ئاتىغىن ، دەرھال يولغا چىق .
كابۇل دىيارىمىز قۇتقۇزالساڭ بەس ،
قايتا جانلىناتتى قىسىلغان نەپەس . »
نامدار زەۋجىگە دەر سىندۇخت ئاقىلە :
« جان دېسەڭ ، بايلىقنى كۆزۈڭگە ئىلما .
مەن كۈلپەت چارىسىن ئىزدەيمەن ، ئىشەن ،
رۇدابە قىزغا سەن يەتكۈزمە زىيان .
جاھان قاراڭغۇ گەر ئۇنى ئۆيلىسام ،
بۈگۈن ماڭا سۆز بەر ، خۇداغا قەسەم .
ئۆز جېنىم قايغۇسى مەندە يوق زەررە ،
قىزىمنىڭ دەردىدە يۈرىكىم پارە . »
مېھرابتىن ئېلىپ ئۇ ئەھدۇ پەيمانە ،
كۆڭلى تىنچىپ ، يولغا چۈشتى راۋانە .
كىيىمىن بېزەتتى زەر ـ زىننەت بىلەن ،
ئۆزىنى ياساتتى خوپ سەنئەت بىلەن .
مېھراب ئېچىپ قويدى خەزىنە ـ ئامبار ،
سوۋغا ئۈچۈن ئالدى ئۈچ يۈزمىڭ دىنار .
ئەرەب ، پارسىنىڭ ئارغىماقلىرىدىن
ئاتمىشنى بېرىشتى ، كۈمۈشتىن يۈگەن .
بوينىدا مەرۋايىت ئاتمىش گۈلەندەم ،
ھەر بىرى قولىدا بىردىن ئالتۇن جام .
جامغا تولغان مۇشك ، كافۇر ۋە ياقۇتۇ زەر ،
ئالماسۇ فىرۇزە ، لەل بىلەن گۆھەر .
يەنە يۈز تۆگىدە مادەيۇ سەمەن ،
يەنە يۈزنى قوشتى يۈككە قېچىردىن .
يەنە لالە بېزەكلىك تاجى شاھىۋار ،
ھالقا ۋە مارجان بارى تىللاكار .
بېزەلگەن جەۋاھىر بىلەن يوغان تەخت ،
ئۇنىڭ سۆلتىدىن ئاسمان بىبەخت .
چەۋەنداز بېشىدىن ئېگىز خىلىلا ،
ئېتى پىل مىسال كېلىدۇ گويا .
بۇلارغا قوشتى يەنە تۆت تۇياق پىل ،
ئۈستىدە كىيىملەر ، گەزماللار ئېسىل .

## سامنىڭ سىندۇختقا تەسكىن بەرگەنلىكى

يول ئەنجامى تەييار ، سوۋغىلار پارلاق ،
سىندۇخت ئاتقا مىندى مىسالى چاقماق .
بېشىدا پارقىرار رۇمچە بىر كۇلاھ ،
ئاستىدا ئات ئوينار ، قامىشار نىگاھ .
سام قەسرىگە يەتتى چاپتۇرۇپ ئاتنى ،
تىۋىش چىقارماستىن ، ئېيتماي زاتىنى .
قاراۋۇلنى چىللاپ دېدى شۇ ھامان :
« بېرىپ ئېيت بىلسۇن ئۇ جاھان پەھلىۋان .
كابۇلدىن كېلىپتۇ چاپار دەپ ئېيت ،
زابۇل پالۋانىدىن جاۋاب ئېلىپ قايت .
بىلسۇن ئۇ ئالەمگىر لەشكەر بېشى سام ،
مېھراب ياقتىن ئەكەلدىم سوۋغا ـ سالام . »
بۇ خەۋەرنى سامغا يەتكۈزدى چاققان ،
« ئېلىپ كىرىڭ » دېدى ئاتا پەھلىۋان .
سىندۇخت ئاتتىن چۈشۈپ كىردى سارايغا ،
كىردى ئاندىن سامنىڭ ھۇزۇرىغا .
يەر سۆيۈپ ، ئوقۇدى چەندان ئاپىرىن ،
تىلىدا شاھىنشاھ ۋە گۇردى زېمىن .
سوۋغىلار ، كېنىزەكلەر ، ئاتلار بىلەن پىل ،
قاتار كېلىشەتتى ، سوزۇلۇپ ئۈچ مىل .
بىر ـ بىردىن تاپشۇرۇشتى سوۋغىنى شىرغا ،
ھەيرانلىق ئىچىدە قالغان ئۇ ئەرگە .
سام ئويلىنىپ قالدى بېشىن سىلىپ پەس ،
بېشى قايمۇقاتتى ، ھەيرانلىقتا مەست .

« شۇنداق مەغرۇر يۇرتتىن كېلىپتۇ چاپار ،
شاھ خانىشى ــ ئەلچى ، كەلدى نېم خەۋەر ؟ . . .
ئەگەر سوۋغىلارنى مەن قىلسام قوبۇل ،
شاھىنشاھ بولماسمۇ بۇ ئىشتىن مالال .
قايتۇرۇپ ئەتسەم گەر غەزىپىدىن زال
قانتىن يايماسمۇ بىر سۇمۇرغ مىسال .
مۇقەررەر ئۇ مەندىن يەنە خاپا بولار ،
نېمە دەرمەن ، خالايىق مېنى سۆكسە گەر ؟ »
بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدى : « سوۋغا بارىن ،
كېنىزەكۇ غۇلامۇ ئاتۇ پىللىرىن
قوبۇل قىلىپ ئالسۇن داستان مەمۇرى ،
ئېيتىڭ ، ئەۋەتىپتۇ كابۇلنىڭ ھۆرى . »
پەرى چېھر سىندۇخت سۆزلەيتتى شادان ،
ئاڭا قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى سام .
كۆردى ، قوبۇل بولدى سالامۇ سوۋغا ،
ياخشىلىق كېلىدۇ ، تۈگەيدۇ غەۋغا .
ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى ئۈچ سەنەم ،
سەرۋى قەد ، سۇمبۇل چاچ ، زىبا ھەم چېچەن .
ھەر بىرى قولىدا بار بىردىن قاچا ،
تولدۇرۇلغان لالە ، دۇرۇ گۆھەر راسا .
سىپاھدار ئالدىدا غۇلاچ ئېچىلدى ،
دۇرۇ جەۋھەرلەردىن چاچقۇ چېچىلدى .
ئاندىن كاتتىلار ئۆيدىن قوزغالدى ،
ئۆيدە پەقەت بىر نەچچە دوست قېپقالدى .
شۇ چاغ سىندۇخت دېدى : « ئالەمگىر پالۋان ،
رايىڭ بىلەن قېرى بولۇر نەۋقىران .
بىلىمىڭ دىللارنى قىلىدۇ گۈلشەن ،
جاھانى قوغلاپ قىلىسەن روشەن .
مۆھرىڭ بىلەن باغلىنار يامانىنىڭ قولى ،
قىلغىنىڭ ئىزگۈلۈك ، تەگرىنىڭ يولى .
ئازغاشقان بولسا گەر گۇناھكار مېھراب ،
پۇشايماندا ، ئىككى كۆزى پارقىراپ .
نېمە قىلدى كابۇللۇق بىگۇناھ باشلار ،
نېمىشقا تۆكمەكچى بولدۇڭ قان ، ياشلار ؟
پۈتۈن شەھەر سېنىڭ ئۈچۈن ياشايدۇ ،
سېنىڭ خاكى پايىڭ ، غېمىڭنى يەيدۇ .
ئايىغىڭ سۆيۈشكە ھازىردۇر شەھەر ،
نامىڭ ئۇلۇغلايدۇ سېنى مۇتەبەر .
ئەس ـ ھوشۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەندىن قورقىل ،
ئاسمانغا يۇلتۇزلار تەرگەندىن قورقىل .
ئاڭا ھەم بۇنداق ئىش مەقبۇل كەلمەيدۇ ،
مەزلۇم قېنىنى تۆكۈش مەقبۇل بولمايدۇ .»
سام باتۇر ئاڭا دەر : « ئەي كۆڭلى يارا ،
يوشۇرماي بايان قىل ، نېم بار دىلىڭدا ؟
سەن مېھراب خانىشى ، سۆزلە بۇ نە ھال ،
قىزىڭنى قەيەردە كۆرۈپ قالدى زال .
قىزىڭنىڭ ھۆسنىيۇ جامالى قانداق ،
قاشۇ كۆز ، قامىتى ، كامالى قانداق ؟
ئەقىل ئىدرىكىيۇ پەزىلىتىن ئېيت ،
ئۇنىڭ پەزىلىتىن ئالدىرىماي ئېيت . »
دېدى ئاڭا سىندۇخت : « ئەي خەيرىخاھ ،
جىمىكى پالۋانغا سەن پۇشتۇ پاناھ .
ئاۋۋال سەندىن چىقسۇن چىن قەسەم سۆزى ،
ئۇندىن تىترەپ كەتسۇن ئاسمان ، يەر يۈزى .
ئەھد قىلغىن : مېنى قويغىلى ئامان ،
ئامان قالسۇن ماڭا ئەزىز ھەر ئىنسان .
مەندە بار زېمىن ، مۈلۈك ھەم ئارزۇ ،
قېرىنداشۇ ۋەتەن ، بايلىقۇ ئابروي .
سۆزلەپ بېرەي ، ماڭا ئەنت ئىچكەن ھامان ،
شەنىمنى ئاسرايمەن چۈشۈرمەي نۇقسان .
نى بايلىققا ئىگە كابۇلستانىم ،
تۈتاي ، قوبۇل قىلسۇن زابۇلستانىڭ . »
شۇ چاغ قولنى قولغا ئېلىپ باتۇر سام ،
ئەھدۇ پەيمان قىلدى ، باشلىدى قەسەم .
سىندۇخت تىڭلاپ ئۇنىڭ قەسەم سۆزىنى ،
ئىشەندى ، ئەركىنرەك تۇتتى ئۆزىنى .
يەر سۆيۈپ ، شەرمىلەپ تۇردى ئورنىدىن
ۋە راستچىللىق بىلەن باشلىدى سۇخەن :
« بىلۇرسەنكى ، زەھھاك ئەۋلادىدۇرمەن ،
مېھراب باتۇرنىڭ سەرۋى ئازادىدۇر مەن .
قىزىمدۇر رۇدابە ، ئاي يۈزلۈك دىلدار ،
ھۆسنىگە زال قىلار جېنىنى نىسار .
سۆزلىرىم شاھىدى ئۇ تەڭرىم ھەق ، پاك ،
شامدىن تا تۈن باغرى بولغىنىچە چاك .
زال ۋە سېنى قۇتلاپ دەيمىز ئاپىرىن ،
مەنۇچېھرگە ھەم تۆكۈپ دىل سىرىن .

بۇگۈن كەلدىم بىلەي مەقسىتىڭ سېنىڭ ،
بىلەيمەن ، كىم سېنىڭ دوستۇ دۈشمىنىڭ .
بىزلەر گۇناھكارۇ پەس بولساق ئەگەر ،
يا دۆلىتىڭىزگە يەتكۈزسەك خەتەر ،
مانا مەن ، خالىساڭ مەندىن ئال قىساس ،
بەند قىلساڭ باغلات ، ئاسساڭ دارغا ئاس .
ئەمما بىگۇناھ خەلق بېشىغا بالا
سېلىپ قىلمىغىن سەن كۈننى قاپقارا . »
سام بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپلا دەرھال .
ئويلىدى : نەقەدەر تادان بۇ ئايال ،
يۈزلىرى باھاردۇر ھەم سەرۋى راۋان ،
مېڭىشلىرى تاۋۇس ، بەللىرى مەجنۇن .
ئاڭا دېدى : « راستتۇر بۇ ئەھدۇ پەيمان ،
قىلچە ئۆزگەرمەيدۇ تۈگىگۈچە جان .
كابۇلنىڭ بىلەن سەن ۋە كىم ساڭا دوست
ھەممە قالۇر ئامان ، شادۇ تەندۇرۇس .
ھەم يەنە شۇنىڭغا خۇشالمەنكى ، زال
ئۆزىگە تېپىپتۇ ئاجايىپ ئايال .
گەرچە ئەجدادىڭىز زەھھاكقا باغلىق ،
سىزلەر كابۇلستان تەختىگە لايىق .
تەقدىر شۇنداق ، دىلنى تار قىلماي نېمىشقا ،
تەڭرى رايىغا زىت جەڭ قىلماي نېمىشقا .
ئۇ ياراتتى ، بىزلەر بەندە ، ۋەسسالام ،
ھەيرانلىقتا ياشاپ ئۆتىمىز تامام .
بىرىمىز پاراغەتتە ، بىرىمىز جاپادا ،
بىرىمىز ھالاۋەتتە ، بىرىمىز ئاھ ـ دادتا .
بىرىمىزگە بايلىق ۋە راھەت بېرىلگەن ،
بىرىمىزنىڭ يوقلۇقتىن دىلى ئېزىلگەن ،
ئاخىر ھەممە ياتار يەردە سەرەمجان ،
ھەر نەرسە شۇخاكتىن چىقىپ تاپتى نام .
بۇگۈندىن شۇ ئىشقا بېلىم باغلىدىم ،
ئارزۇڭغا يەتكۈزۈش يولىن تاللىدىم .
بىر نامە ئەۋەتتىم يىغلاپ زارۇ زار ،
ئەۋەتتىم ئالغاندۇر بەلكىم شەھرىيار .
مەنۇچېھر ياققا داستان سالدى ئات ،
خەتنى ئېلىپ ئۇچتى ، چىقىرىپ قانات .
ئاتقا مىنگەن ھامان شامالدەك كەتتى ،
ئات تۇياقلىرىدىن يۇلتۇز چاچرىدى .
بۇ خەتكە مەنۇچېھر بېرەر نېمە جاۋاب ،
يامانلىق ئورنىغا كېلەر خوپ جاۋاب .
قۇش بالىسى دىلى ۋەيران بولۇپتۇ ،
كۆز ياشتىن يەر پاتقاق چەندان بولۇپتۇ .
كېلىنىڭمۇ شۇنداق ئىشق گەر يېپىشسا ،
ئەجەبمەس ، يۈرىكى يېرىلىپ كەتسە .
ئۇ يىگىتنىڭ يۈزىن ماڭا ئاشكارا
كۆرسەتكىن ، ئاندىن سەن باشقىنى سورا .
ئېھتىمال دىدارىدىن دىل خۇرسەنت بولۇر ،
تاتلىق تىلى ماڭا سۇدمەند بولۇر . »
ئاڭا سىندۇخت دېدى : « ئەگەر پەھلىۋان
ئەتسە بۇ بەندىنى شاد ، روشەن ، راۋان ،
شەھرىمىزگە بولسا قەدەم تەشرىپتە ،
بېشىمىز ئاسماندا ، روشەندۇر چەشمە .
كابۇلغا كىرەتتىڭ مىسلى شەھرىيار ،
يولۇڭغا قىلاتتۇق جېنىمىز نىسار . »
سىندۇخت كۆردىكى سام لېۋىدە خەندە ،
تەنەيۇ ئاداۋەت دىلىدىن چەتتە .
تەبەسسۇم ئىلكىدە دېدى ئاڭا سام :
« دىلىڭدىن غەمنى سۈر ، شاد بولغىن دائىم .
تېزلا ھەممە ئارزۇيۇڭ بەجا بولۇر . »
بۇنى ئاڭلاپ سىندۇخت ئېيتتى تەشەككۇر .
بۇ سۆھبەتتىن سىندۇخت چىقتى شاد ـ خۇرام ،
خۇشاللىقتىن ئىككى يۈزى بەك كۆركەم .
مېھرابقا ئەۋەتتى تېز بىر چاپار ،
بېرىپ ھەممە ئىشتىن يەتكۈزدى خەۋەر .
دېدىكىم : « دىلىڭدىن غەم كۆكىنى يۇل ،
مېھمانلارنى كۈتۈش ھازىرلىقىن كۆر .
بۇ نامە كەينىدىن مېنىڭ ئۆزۈم ھەم ،
بارارمەن بۇ چاغدا ئالماي ئۆزۈن دەم . »
ئەتىسى چاراقلاپ ئاپتاپ چەشمىسى ،
ئويقۇدىن ئويغاندى جاندار ھەممىسى .
سالاپەتلىك سىندۇخت بارار شادىمان
ئۇ تاجدار پالۋان چېدىرى تامان .
بارگاھقا كىرگەندە شاھنىڭ نىگاھى
ئاڭا چۈشۈپ دېدى : « بانۇلار شاھى » .

كىرىپ سامغا سەجدە قىلدى، باش قويدى،
ئاندىن ئۇ بىلەن سۆھبەت باشلىدى.
سورىدى ئىجازەت قايتماقلىق ئۈچۈن،
شادلىقنى مېھرابقا ئېيتماقلىق ئۈچۈن،
ياخشى كۈتۈپ ئېلىش ئۈچۈن مېھماننى،
مېھرابقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيماننى.
سام باتۇر ئاڭا دەر: «ئىجازەت بۈگۈن،
بېرىپ مېھرابقا ئېيت بار سۆزنى پۈتۈن.»
ياساتتى ئۈنىڭغا يارىشا خىلئەت،
ئۈنىڭغا تەييارنۇرغۇن نازۇنېمەت،
ھەم مېھراب ئۈچۈن، ھەم رۇدابەگە،
سىندۇختتەك ئاقىلە، جەسۇر ئانىغا.
كابۇل ئۈچۈن سامدا نېمىكى بار،
سارايدا، دالادا ھەرنە ئۈنىڭغا يار.
سېغىن كالىلارنى ئات ۋە ئۇلاغلار،
كىيىم ـ كېچەكلەرۇ، كىگىز ـ گىلەملەر،
ھەممىدىن سىندۇختقا ئەيلىدى سوۋغا،
قول بەردى: «قىلمەن ئەھدىمگە ۋاپا!
كابۇلىڭغا قايتىپ ياشا شادىمان،
ئەمدى قورقما، ھېچكىم قىلماس بەدگۇمان.»
يەنە رەڭ كىردىكى ئاي چېھرە گۇلگە،
يۇلتۇزى چاراقلاپ چۈشتى ئۇ يولغا.

## زالنىڭ سام نامەسنى ئېلىپ مەنۇچېھر ھوزۇرىغا كەلگەنلىكى

بەختىيار مەنۇچېھر يېنىغا سەپەر
قىلغان زالدىن ئەمدى ئاڭلىغىن خەۋەر.
يېتىپ كېلىشىگە سامنىڭ ئوغلى زال،
خەۋەر يېتىش بىلەن شاھقا، ئۇدەرھال
يۇرتتا بار مۆتىۋەر، سەردارنى توپلاپ،
داستاننى كۈتۈشكە چۈشتى ئالدىراپ.
ياش باھادىر يېتىپ كەلگەچ بارگاھقا،
ئاتتىن تېز چۈشتىيۇ يۈزلەندى شاھقا.
يۈتىغا باش قويۇپ سۆيدى ئۇ زېمىن،
تاتلىق سۆزلەر بىلەن ئوقۇپ ئاپىرىن.
شۇ ھالدا ئۆتتى بىر نەچچە مۇددەت،
ئالىيجاناب پادىشاھ كۆرسەتتى شەپقەت.
دېدى: «سۇرتۇپ قويۇڭ يۈزدىكى چاڭنى،
مۇشكۇ گۇلاپ سېپىڭ، كەلتۈرۈڭ رەڭنى»
يېقىنراق چاقىردى، باردى زالى زەر،
شاھ ئۈنىڭ ھالىدىن سورىدى خەۋەر:
«نېمە ئىش؟ بۇ قىيىن يولدىن پەھلىۋان
كېلىپسەن رىيازەت چېكىپ بىز تامان؟»
دېدى: «رىيازەتمەس دىل پەخرى ئىرۇر،
ئۇلۇغ شاھ دىدارى كەرەم ۋە ھوزۇر.»
سام نامەسنى ئېلىپ سۇلتان جاھان
ئوقۇپ بولدى شۇئان بەك خۇشال ـ خەندان.
ئاخىرىغىچە ئوقۇپ مەكتۇپنى تامام،
دېدى: «كۆپ رەنجىتتىڭ بىزنى، لېكىن سام
بۇ مەكتۇپى بىلەن دىلنى شاد ئەتتى،
يەنە كۆڭلىمىزنى ئۇ ئاۋات ئەتتى.
بولسىمۇ گەر ماڭا بۇ مەقبۇل ئەمەس،
لېكىن سام دېگىنىچە بولسا بولسۇن، بەس.
مۇرادىڭ شۇ ئىكەن، مۇرادىڭ بېرەي،
مەيلى، خاھىشىڭنى بەجا كەلتۈرەي.
بىر مۇددەت بۇ يەردە ھوزۇرۇمدا يۈر،
ئىشىڭ ئاخىرىنى بۇندا كۈتۈپ تۇر.»
بەزمە باشلىدى، داستىخىنى زەر،
ئولتۇردى پادىشاھ يېنىدا زالى زەر.
بەزمىدە ئولتۇرار تۆرىيۇ ئەرباب،
ھەزىلكەشلىك قىلار سەردارۇ ئەھباب.
بىر ئۆيدە تۈگىسە بەزمۇ ئەنجۇمەن،
باشقا جايدا داۋام قىلدى قايتىدىن.
ئىچىلدى مەي ـ شاراب، تامام بولدى بەزىم،
زال ئېتىغا مىنىپ سەيلە قىلدى ئەزىم.
چېپىپ ئات، كەزدى ئۇ چۆل ۋە تاغۇ تاش،
ئۆزىچە پىچىرلار، خىيالغا بەند باش.
كەمەر باغلاپ كەلدى ئۇ شاھ ئالدىغا،
تاپانغىنى، پۈشتى پاناھ ئالدىغا.
شاھى جاھان ئاڭا دېدى ئاپىرىن،
ئاڭا ئاڭلاتماستىن ماختايدۇ دىلدىن.

پەرمان قىلدى : « كەلسۇن دانايۇ ئالىم ،
مۇبەدلەر بولۇشسۇن تەخت ئالدىدا جەم .
مەجلىس ئېچىشسۇن جىمى يۇلتۇزشۇناس ،
بۇ ئىشنى پەلەككە قىلىشسۇن قىياس . »
ئۇلار جاپا تارتىپ ، كۆرۈپ كۆپ مالال ،
يۇلتۇزلارغا بېقىپ ، ئېچىشاتتى پال .
ئۈچ كۈن كۆككە بېقىپ ، بولۇشتى ساراڭ ،
ھىندىچە زىج بىلەن قىلىشاتتى جەڭ .
لەۋ ئېچىپ سۆزلىشەر ، تىڭشار شەھرىيار :
« ئايلانغۇچى چەرخنىڭ ھېسابى تەييار .
بىزگە روشەن بولدى بۇ ئىشلار ھامان ،
يۇرۇشۇپ كېتەر ئىش بىر ئابى راۋان .
بۇ سام ئوغلى بىلەن ئۇ رۇدابەدىن
ئوغۇل تۇغۇلغۇسى بەھەيۋەت پىلتەن .
ئۇ كۆپ يىل ياشايدۇ ، بەك ئالىيجاناب ،
باتۇرلۇق كۆرسىتەر ، مەردلىك بىھېساب .
كۆرسىتەر جەسۇرلۇق يېڭى ۋە يېڭى ،
بەزمىدە ، ئۇرۇشتا بولمىغاي تېڭى .
نەگە ئېتىن چېپىپ بارسا بېسىپ تەر ،
يېرىلىپ جىگىرى ، ياۋ چىشلەيدۇ يەر .
ھەيۋە قىلسا بۇركۈت قاقالماس قانات ،
چوڭ ـ كىچىك دۈشمەن تاپالماس نىجات.
قەددى ـ قامىتى تاغ ئەر بولدى ، ئەر ،
سالمىسىدىن پاناھ تاپالمايدۇ شىر .
قۇلۇنلارنى تۇتۇپ بىريان قىلىدۇ ،
شەمشىرى ئاسماننى گىريان قىلىدۇ .
ئىران شاھ نەۋكىرى ، سەلاھى بولۇر ،
سىپاھلارنىڭ پۇشتى پاناھى بولۇر .
ئەللامەلەر سۆزى بولغاندا ئاخىر ،
شاھ دېدى : « بۇ سۆزنى سىر تۇتۇڭلار ، سىر ! »

## مۇبەدلەرنىڭ زالنى سىناقتىن ئۆتكۈزگەنلىكى

زالنى چاقىرتىپ كەلدى شەھرىيار ،
سۆھبەتكە يىغىلدى تۆرە ـ ئەمەلدار .
يىغىن ئەھلى ئالىم ، ھوشيار ۋە زېرەك ،
مۇبەدلەر زال بىلەن سۆزلىشەر بىردەك .
يىغىندىن مەقسىتى زالنى زەرنى سىناش ،
تېپىشماق تاپتۇرۇپ ، ئەقلىن بەلگىلەش ،
مۇبەدلەردىن بىرى باشلىدى سوئال ،
دىققەت بىلەن تىڭلار زېھنى ئۆتكۈر زال :
« مەن بىر جايدا كۆردۈم ئون ئىككى نىھال ،
بىرى چاقناپ تۇرار ، بىرى بەركامال .
ھەر بىرىنىڭ ئوتتۇزدىن شېخى بار ئېگىز ،
كۆپ ۋە ئاز بولمايدۇ ، دائىما ئوتتۇز . »
ئىككىنچى مۇبەدمۇ باشلىدى سۆخەن :
دۇنيادا ئىككىلا تېز ئات بار ئىكەن .
بىرى قارىلىقتا كۆمۈر مىسالى ،
بىرى سۈتكە ئوخشاش ئاقتۇر جامالى .
شىددەت بىلەن چېپىپ بارار تىنماستىن ،
ئەمما ئۇچرىتالماس ئۇلار بىر ـ بىرىن . »
ئۈچىنچى دانا دەر : « كۆرەر شەھرىيار ،
توختىماي چاپىدۇ ئوتتۇزچە چاپار .
بىرى كەم كۆرۈنۈپ قالۇر بىر زامان ،
ۋە لېكىن سانىساڭ ئوتتۇزلا ھامان . »
تۆتىنچى ھەكىم دەر : « بىر كۆكلەم ـ گۈلزار ،
گىياھى ھەر خىل ، شوخ سۇلىرى بار .
كۆز ئېچىپ ـ يۇمغۇچە ، ھېچ ۋاقىت ئۆتمەياق
بىرى پەيدا بولۇر قولىدا ئورغاق .
ھۆل ـ قۇرۇق ئارىلاش سالىدۇ ئورغاق ،
دادۇ پەريادىڭغا ھېچ سالمايدۇ قۇلاق . »
« ئېگىز ئىككى قامەت ، ـــ دېدى بەشىنچى سەرداش ، ـــ
سۇدىكى قومۇشتەك تىك كۆتۈرمىش باش .
ئۇلارنىڭ ئۈچىگە ئۇۋا سالار قۇش ،
ئىشى ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە قونۇش .
بىر تەرەپكە ئۇچسا ، سولىشار نىھال ،
بىر تەرەپكە قونسا ، ياشىرار جامال .
ياشايدۇ ئۇلاردىن بىرى دائىما ،
بىرى قۇرۇپ بارار ماتەملەر ئارا . »
ئالتىنچىسى دېدى : « ئېگىز تاغ ئارا
بىر شەھەرىستان بار ، بەكمۇ پاك ـ تازا .

ئەقىللىك كىشىلەر ئۇ جايدىن قېچىپ ،
چۆلدە ياشىشىدۇ ، يېڭى يەر ئېچىپ .
بىنالار سېلىشتى ، بوي تارتار ئايغا ،
بۆلۈنۈپ ياشىشار كەمبەغەل ــ بايغا .
ئۇل شەھرىستان بىلەن يوق بولۇر كارى ،
ھەتتا ئۇنىدىن سۆز ئاچماس بىر كىشى .
قاتتىق بىر زىلزىلە چىقار توساتتىن ،
نېمە بولسا يەردە ئەيلىگەي نىھان .

شەھرىستانغا ھەممە موھتاج بولۇر ، بىراق ،
پۇشايمان باشلىنار ئۇزاقتىن ــ ئۇزاق .
بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تېپىشماقتۇر ،
تېپىپ باققىن ، بار ئىكەن ئۇلاردا نە سىر .
ئەگەر بۇ سىرلارنى ئاشكارا قىلساڭ ،
ئەجەبمەس توپىنى مۇشكى ئىپار قىلساڭ .
سىرلارنى ئاچالىساڭ ، ئەقىل سۆزلەپ چىن ،
ئەجەبمەس ، تۇپراقنى ئەيلىسەڭ ئالتۇن . »

## زالىنىڭ مۇبەدلەرگە جاۋاب بەرگەنلىكى

ئۇيغا پېتىپ قالدى داستان بىر مۇددەت ،
كېيىن كۆكرەك كەردى ، رۇسلىدى قامەت .
مۇبەدلەر سوئالىن ياد قىلىپ ئويلاپ ،
لەۋ ئېچىپ باشلىدى ئۇلارغا جاۋاب :
« ئون ئىككى دەرەختىن سۆزلەي مەن ئاۋۋال .
ھەر بىرىنىڭ ئوتتۇز شېخى مۇكەممەل .
ھەر يىلنىڭ ئون ئىككى يېڭى ماھى بار ،
ھەر بىرى گوياكى يېڭى شەھرىيار .
ئوتتۇز كۈندە پۈتۈش ئۇلارنىڭ ئىشى ،
شۇ ھالدا ئايلىنار پەلەك گەردىشى .
ئەمدى گەپ ئاشۇ ئىككى ئاتنى تاپماق ،
يۈگۈرۈش شىددىتى مىسالى چاقماق .
بىر ــ بىرى كەينىدىن يۈگۈرەر راۋان ،
بىرى سۈتتەك ئاق ، بىرى قارا يامان .
ئۇلارنىڭ بىرى تۈن ، بىرى بولسا كۈن ،
چەرخ بىزگە كۆرسىتەر ئاجايىپ ئويۇن .
يېتەلمەس بىرىگە بىرى ھېچ زامان ،
قاچار ئوۋ ئىتىدىن قاچقاندەك قۇلان .
يەنە دېدىڭ : ئاتلىق بار ئوتتۇز نەپەر ،
شەھرىيارنى قورشار ، بارى چەرخ ئۇرار .
بىرى كەم كۆرۈنۈپ قالار گاھى گاھ ،
ئەمما ئوتتۇز چىقار تاشلىساڭ نىگاھ .
يېڭى ئاي ھېسابىن شۇنداق قىل گۇمان ،
ياراتقۇچى شۇنداق قىلارمىش پەرمان .
بۇ نۇقسانغا ئىگە ئەسلى يېڭى ماھ ،
بىر كېچە كەم كېلەر ھېسابىدا گاھ .
ئىككى سەرۋىدىن دەي ، تىل ئېلىپ قىنىدىن ،
ئۈستىگە ئىككى قۇش ياسىغان ئىندىن .
يۇلتۇز بۇرجىدىن تا تارازى جاھان ،
قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بولىدۇ نىھان .
ئىگرىدىن چۈشۈپ شەھەرگە يېتەر ،
جاھاندىن نۇر ــ زىيا تامامەن يىتەر .
ئىككى سەۋر قۇلىدۇر ، بۇ چەرخى بەلەن ،
قىلار بىزنى شادان ۋە ياكى غەمكىن .
ئۇندا ئۇچار قۇشنى سەن خۇرشىد بىلگىن ،
شۇنىڭدىن تىرىكلىك ۋە ئۈمىد بىلگىن .
يەنە سەن سۆزلىگەن ئاشۇ شەھرىستان ،
ئەبەدىي بوستاندۇر ، ئەبەدىي ماكان .
چۆل ــ باياۋان بولسا بەش كۈنلۈك دۇنيا ،
گاھ نازۇ راھەتۇ ، گاھ دەردۇ بالا .
ھەر كۈنۈڭ ساناقلىق بۇندا بىئاياۋ ،
ئۆزى ئاتا قىلار ، ئۆزى قىلار ئوۋ .
زىلزىلە باشلايدۇ بۇ يەردە گۇناھ ،
جاھاندىن قوپقۇسى ئېغىر ئاھۇ ۋاھ .
بار جاپا ، ئۈمىدتىن دىل ئۈزۈپ ئاسان ،
كېتىشكە مەجبۇرمىز شەھرىستان تامان .
رەنجىمىز مېۋىسىن تىتار باشقا خەق ،
لېكىن بۇندا ئۇمۇ قالمايدۇ مۇتلەق .
شۇنداق باشلىنىدۇ زېمىندا ھايات ،
تەكرار بوپ تۇرىدۇ ، بۇنداق تەرتىبات .
جاھاندا قالدۇرساق ئەگەر ياخشى نام ،
بىزدىن كېيىن پەقەت شۇ بولۇر داۋام .

قىلمىشىمىز بولسا يامانلىق ــ ئازار ،
ئۆلۈم ھەممىسىنى قىلغۇسى ئاشكار .
ئاسمان پەلەك بىنا بەرپا قىلىمىز ،
ئاخىر بەش غېرىچ ماتا ئېلىپ كېتىمىز .
ئاخىر تۆپىمىزگە تاشلىنار تۇپراق ،
قورقۇنچ بېسىپ ئالار ، قاراڭغۇ ھەر ياق .
ئۇ كىمسەكىم قولدا كۆتۈرەر ئورغاق ،
قۇرۇق ــ ھۆل دادىغا ھېچ سالماس قۇلاق .
باراۋەر ئورۇيدۇ ، ئورۇيدۇ بىر ــ بىر ،
ئاھ ــ پىغان پايدىسىز ، قىلمىغاي تەسىر .
ئورمىچى زاماندۇر ، بىز بولساق گىياھ ،
مەيلى بىز بولايلى نەۋرە يا بوۋا .
ئۇنىڭ ئۇچۇن ئوخشاش ياشمۇ ھەم قېرى ،
ئۇنىڭ ئۇچۇن ئوۋدۇر ، ئوۋ بولۇر جىمى .
تەرتىپۇ ئاساسى شۇنداق بۇ جاھان ،
ئۇنىڭدىن تۇغۇلماس ئۆلمەيدىغان جان .
بۇ ئىشىكتىن كىرەر ، ئۇنىڭدىن چىقار ،
زامانە نەپەسىنىڭ ھېسابلاپ تۇرار .

## زالنىڭ مەنۇچېھر ھوزۇرىدا ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسەتكەنلىكى

زال قىلغاندا بۇنداق بىلىمدىن ئاشكار ،
چىن دىلدىن خۇش بولدى ئۇلۇغ شەھرىيار .
ھەيرانلىق ۋە شادلىقتا ئېچىلار يىغىن ،
زال ئەقلىگە پادىشاھ ئوقار ئاپىرىن .
بىر بەزمىگاھ قۇردى خۇشلۇقىدىن شاھ ،
بەزمىگاھ چاراقلار ئون تۆت كۈنلۈك ماھ .
ئاي يېتىپ كەتكۈچە ئىچىشتى شاراب ،
مەيدىن كەيپ بولۇشتى تۆرىيۇ ئەرباب .
بەزىلەر قىلىشتى ئېتىنى تەلەپ ،
بەزىدىن بىرمۇ بىر چىقىشتى تاراپ .
چىقار پالۋانلار بارى شاد ھەم مەست ،
چىقار بىر ــ بىرىنى يۆلەپ دەسمۇ دەس .
زەر نۇرلىرىنى چاچقاندا ئاپتاپ ،
نامدارلار كۆزىدىن يەنە قاچتى خاب .
شاھ ئالدىغا يېتىپ كەلدى زالى زەر ،
سىياقى مىسالى شىر ، بېلىدە كەمەر .
مەقسەت شاھتىن رۇخسەت سورىماق ئىدى :
« بارسام بەختلىك ئاتام قېشىغا ، ــ دېدى ، ــ
ئەي مېھرىبان شاھىم ، ئۇلۇغ شەھرىيار ،
ئاتام جامالىغا بولدۇم ئىنتىزار .
پىل سۆڭەك تەختىڭنىڭ سۆيۈپ ئايىغىن ،
بۇ قۇلۇڭ چاغ ئەتتى خەستە يۈرىكىن ! »
شاھ دېدى : « ياش پالۋان ، شىر قامەتلىك زال ،
پەقەت بىر كۈن يەنە مېنىڭ بىلەن قال .
ئاتاڭنى سېغىنغان بولساڭمۇ مەيلى ،
سېنى چىللىماقتا رۇدابە ئىشقى . »
قوشۇنغا بۇيرۇدى مەنۇچېھر شاھ ،
سەھراغا چىقىرىلىڭ كانايۇ بارگاھ .
ئېلىپ قولىغا نەيزە ، گۈرزە ، ئوق ، كامان ،
پالۋانلار بولۇشتى مەيدانغا راۋان .
كامانلار تارتىلدى ئوقلار ئۇچتى تەك ،
ئويۇن قىزىپ كەتتى بەئەينى بىر جەڭ .
ھۈنەر كۆرسىتەر ھەر ساراي باتۇرى ،
گۈرزە ئۇرار بىرى ، ئوق ئاتار بىرى .
دۆڭلۈكتە تۇرۇپ مەنۇچېھر شاھ ،
باتۇرلار ئىشىنى قىلار تاماشا .
ئات ئۈستىدە ئويۇن كۆرسىتەر داستان ،
بۇنداق چەۋەندازنى كۆرمىگەن جاھان .
بىر دەرەخ بار ئىدى بۇ مەيدان ئارا ،
ناھايىتى قېرى ، تۇراتتى تەنھا .
زالى زەر قولىغا ئېلىپ ئوق ۋە يا
دەرەخكە ئات چاپتى سېلىپ ھايۇ ھاي .
دەرەخ غولىنى دەل چەللەپ ئاتتى ،
قاتتىق دەرەخ غولىن ئوق تېشىپ ئۆتتى .
كېيىن ئالدى باتۇرلار قالقان ۋە نەيزە ،
چاقىر ــ چۇق ئاۋازدىن بۇ چۆلدە لەرزە .
تۈرك نەيزىۋازغا بۇيرۇدى قالقان ،
ئات سېلىپ كۆكرەكنى كۆتۈردى داستان .
ئەمدى ئۇ ئوقياسىن قولدىن تاشلىدى ،
نەيزە ئېلىپ ، يېڭى ئويۇن باشلىدى .

نەيزە ئۇردى ، رەقىب قالقىنى تامان ،
تېشىلدى گۈمبەزدەك ئۈچ پولات قالقان .
باھادىر ، باتۇرلارغا شاھ باشلىدى سۆز :
« قېنى ئۇ بىلەن كىم بولۇر يۈزمۇ يۈز ؟
نەيزە ، ئوقيا بىلەن سىزنى قىلار تەڭ ،
مانا ئەمدى سىناق جېڭىنى باشلاڭ . »
پالۋانلار تۇرۇشار ، بولۇشۇپ تىت ــ تىت ،
يۈرىكى كۆيسىمۇ تىللىرى جىمجىت .
كەلدى نەچچە باتۇر ، نەچچە ئات باقار ،
نەيزىلەر پارقىراپ ، كۆزلىرى چاقنار .
زال ئاتتىن چۈشۈپلا كەلدىكىم تىككە ،
باتۇرلار ئېلىشار يەككىمۇ يەككە .
باتۇرلارغا بىر ــ بىر تاشلىدى نەزەر ،
بىرىنى تاللىدى مىسالى ئەجدەر .
زال ئاتقا تاشلاندى بەئەينى قاپلان ،
كەينىگە داجىپ قاچتى ئۇ پالۋان .
ھۇجۇم قىلدى زالى زەر خۇددى پەلەڭ ،
كەمىرىدىن ئېلىپ ھالىن قىلدى تەڭ .
ئېگىرىدىن ئېلىپ ، قىلدى پارە ــ پارە ،
شاھمۇ سىپاھ دېدى ئاگا ھوششارە .

مەنۇچېھر دېدى : « بۇ دىلاۋەر يىگىت ،
شۆھرەت ــ سائادىتى بولغۇسى سابىت .
ئۇ بىلەن جەڭ قىلماق بولۇر بەك ئەپچىل ،
شاھانە لىباسى بولۇر كۆك ، يېشىل .
شىرلارمۇ كۆرمىگەن بۇنىڭدەك ئەۋلاد ،
ھەتتا لەھەڭلەرمۇ قىلار ئۇنى ياد .
بۇ باتۇر ئاتىسى سامغا ئاپىرىن ،
شانى ئەبەد قالار نامغا ئاپىرىن ! »
ئۇلۇغ شاھ ئوقۇدى يەنە كۆپ تەھسىن ،
ئەربابلار دېيىشتى : « مەڭگۈ ئۆلمىسۇن ! »
ئۇلۇغلار كەلدى شاھ دەرگاھىسىرى ،
ھەممە جان پىدادۇر ، تاجدار بارى .
زالغا سوۋغات بەردى شاھى ئاپتاپ ،
ھەيران بوپ تاڭ قالدى تۆرىيۇ ئەرباب .
قىممەت باھا تاجۇ تىللا ، تەخت ، گۆھەر ،
مەرۋايىت مارجانۇ ئالتۇندىن كەمەر ،
قىممەتلىك كىيىملەر ۋە كېنىزەكلەر ،
كۆككە چاپچىپ تۇرغان ، ئات ، قېچىر ، ئېشەكلەر ،
يەنە قانچە نەرسە بېرىپ دېدى : « ئال ! »
شاھىنشاھ ئالدىدا يەرنى سۆيدى زال .

## سام مەكتۇپىغا مەنۇچېھرنىڭ جاۋابى

ئاخىر سامنىڭ خېتىگە شاھ يازدى جاۋاب ،
ھەر سۆزى نۇر چاچار بەئەينى ئاپتاپ :
« نامىغا شەرەپ قۇچقان ئەي پالۋان ئەر ،
ھەر ئىشتا مۇزەپپەر ، ئەي جەڭگىۋار شىر .
جاھان كۆرمىگەن سەندەك بىر پالۋان ،
بەزمىدە ، ئۇرۇشتا ساڭا تەڭ ئىنسان .
ساڭا نېسىپ بوپتۇ زالدەك مەرد ئوغۇل ،
جەڭ ۋاقتى شىر ئۇندىن بولىدۇ خىجىل .
چەۋەندازۇ قورقماس ، ھۈنەرۋەن ئىكەن ،
نىشانى قالغۇدەك باتۇر پەرزەنت ئىكەن .
كېلىپ ئىزھار قىلدى بىزگە كېمىنى ،
ئارزۇسى ، ئۈمىدى ، دىل ئارامىنى .
ماقۇل كۆردۈم ئۇنىڭ ئارزۇسىنى پۈتۈن ،
يوروق كۈنلەر بولدى بىللە ئۆتكەن كۈن .
شىردىن شىر تۇغۇلار ، پەلەڭدىن ــ پەلەڭ ،

ئۇنىڭ چاڭگىلىدا ئاجىزدۇر لەھەڭ .
بۈگۈن كۆزەتتىمەن ئۇنى مەن شادان ،
ئۇندىن يىراق بولسۇن بەدۇ بەتگۇمان . »
خەيرلىشىپ ئەرباب بىلەن سەر ــ بەسەر ،
مېڭىپ كەتتى شادلىق ئىچرە زالى زەر .
سام باتۇرغا شۇئان چاپار ئەۋەتتى ،
دېدىكىم : « شاھ مېنى خۇشال ئۇزاتتى .
سوۋغاتلار بەردى ئۇ خۇسرەۋانە تاج ،
دۇر ــ گۆھەر ، كېنىزەك ، ئات ۋە تەختۇ ئاج .
ھۇزۇرۇڭغا يەتسەم دېيمەن شۇ تاپ ،
ئەي ئەزىز پەدەرىم ، نۇرانە ئاپتاپ . »
خەۋەردىن خۇش بولۇپ كەتتى ئۇ پالۋان ،
ئاپئاق چاچلار بىلەن بولدى نەۋقىران .
كابۇلغا ئەۋەتتى تېزلىك بىلەن خەت ،
خەۋەر بەردى : « يولداش بولماقتا نىيەت .

شاھىنشاھ كۆرسەتتى زالغا ئىلتىپات ،
ئۇنى خۇشال قىلدى ھەممە ئىسىل زات .
داستان كەلگەچ ئارزۇ تاپار جانلىنىش ،
بىرلىكتە بىز شۇئان باشلىغايمىز ئىش . »
يېتىپ باردى چاپار تېز كابۇل تامان ،
ھەممە سۆزنى شاھقا ئەيلىدى بايان .
كابۇل شاھى خۇشال بولدى بۇ ئىشتىن ،
زابۇل قۇياشىغا قۇدا بولۇشتىن .
ئۆلۈك ۋۇجۇدىغا قايتا كىردى جان ،
بىر مويسىپىت بولدى قايتا نەۋقىران .
ساز ئەھلىنى چىللىدى كاتتا بەزمە ئۈچۈن ،
ھەممىنى تۆكۈۋەتتى ، قىزىدى ئويۇن .
مېھراب خۇشال بولدى ، شادلىقى چەندان ،
دىلىدا خۇشاللىق ، لېۋىدە خەندان .
ئەزىز سىندۇختنى چىللاپ يېنىغا ،
تاتلىق سۆزلەر ئېيتتى ئۇ جانانىغا :
« ئەي ئاقىلە جورام ، چېھرى بىر گۈلشەن ،
ئەقلىڭ بىلەن قارا كۆڭلىمىز روشەن .
شۇنداق پالۋانغا بولدۇق بىز قۇدا ،
جاھان سۇلتانلىرى ھەيراندۇر راسا .
ئەمدى يەنە ئۆزۈڭ ئەيلە سەرەمجان ،
ئۆزۈڭ شۇنداق ئىشقا ئىلدامسەن ، چاققان .
بار بايلىق ھەممىسى ئىختىيارىڭدا ،
تاجۇ تەخت كېرەكمۇ ، كېرەك نە سوۋغا . »
سىندۇخت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھامان
قىز يېنىغا كىردى سىر ئېچىپ شۇئان .
خەۋەر بېرىپ دېدى : « ئاڭلا پالۋان شىر
زالى زەرىڭ ساڭا كۆرسەتتى دىلدار .
مەيلى ئايال ، مەيلى ئەر بولسۇن ، ئەگەر پاك ،
تۆھمەت ــ مالامەتتىن دىلى بولماس چاك ،
بۈگۈن ئاخىر نىشانىڭغا يەتتىڭ ،
نېمە ئىزدىدىڭسەن ، ئاقىۋەت تاپتىڭ .
رۇدابە دېدىكىم : « ئەي شاھبانۇ ،
ھەر بىر ئەنجۇمەندە تاپتىڭ شان ، ئابروي .
ئايىغىڭ قۇچاقلاپ ياستۇق قىلاي مەن ،
رايىڭدا ئىش تۇتاي ، پەرمان قىلغىن سەن .
ساڭا باققان ياۋۇز كۆزى تېشىلسۇن ،
دىلىڭدا دائىما شادلىق جۇش ئۇرسۇن . »
سۆھبەتنى تۈگىتىپ ئاي بىلەن ئاپتاپ
ئۆينى جابدۇماققا تۇتۇندى ئالدىراپ .
سارايىنى بېزەتتى بەئەينى جەننەت ،
مەي ۋە مۇشكۇ ئەنبەر قېتىلدى قات ــ قات .
پاياندار سېلىندى ئارقاقلىرى زەر ،
زەبەرجەد ، ياقۇتتىن ئۆرۈش سەر ــ بەسەر .
يەنە قادالغاندۇر ئاڭا دۇر خۇشاب ،
ھەر دانىسى خۇددى بىرقەترەئى ئاب .
ئايۋانىغا قويدى بىر تەختى زەررىن ،
ئاڭا بېزەك بەرگەن بىر نەققاشى چىن .
گۆھەر بىلەن ئاڭا بېرىلگەن بېزەك ،
نەقىشلەر شۇڭلاشقا كۆزنى چاققۇدەك .
ئۈنچىيۇ ياقۇتتىن ئۇنىڭ پايىسى ،
شاھلارنىڭ تەختىدەك زور سەرمايىسى .
تۇز كەبى ياساندۇردى رۇدابەنى ،
قارىسا ھەيران قالۇر جەننەت گۈلشىنى .
ئولتۇرار خانىدا ئۇ نىگار تەنھا ،
ھېچكىمگە يول يوق ئۇ ئۆيگە مۇتلەقا .
كابۇل يېرى جەننەت گۈلزارى بولدى ،
رەڭگا رەڭ سوۋغاتلار ، گۈللەرگە تولدى .
پىلغا تولۇپ كەتتى كوچىلار ، يوللار ،
رۇم شاھلىرىغا خاس ياسانغان پىللار .
پىل ئۈستىدە بارار نازىنىن سازەندە ،
بېشىغا تاج كىيگەن مۇمتۇز خانەندە .
ئەزىز مېھمانلارغا ھەممە مۇنتەزىر ،
كېنىزەك ۋە غۇلاملار يۈگۈرىشەر زىر .
يوللارغا سېپىشەر مۇشك بىلەن ئەنبەر ،
سېلىنار پاياندار ، ئەتلەس ، شايىلار .
ھەممىنىڭ بېشىغا چاچار مۇشكۇ زەر ،
مەي بىلەن گۈلابتىن يەرلەر ھۆل بولار .

## زالنىڭ سام ھوزۇرىغا كەلگەنلىكى

كېتىپ باراتتى زال شۇنچە ئالدىراپ ،
ئۇچار قۇش مىسالى يا كېمە ھېساب .
زالنىڭ كېلىشىدىن تېپىشىپ خەۋەر ،
شادلىق بىلەن ئۇنى كۈتكىلى چاپار.
ئەتراپنى تىترىتەر جارچى ئاۋازى :
« يېتىپ كەلدى داستان ، ئىقلىم شاۋۋازى . »
خۇش بوپ كۈتۈۋالدى سام باتۇر شادان ،
قۇچىقىدىن قويماي تۇردى بىر زامان .
ئاتا قۇچىقىدىن بوشاش بىلەن زال ،
بار سۆزنى سۆزلىدى ، يەر سۆيۈپ دەرھال .
تەخت ئۈزرە ئولتۇردى باتۇر پالۋان سام ،
يېنىدا زالى زەر شاد ، خۇشال ـ خۇرام .
سام سۆزلەشكە باشلىدى زالغا سىندۇختتىن ،
سۆزلەيتتى شاد كۈلگە ۋە چاقچاق بىلەن .
دېدى ئۇ : « كابۇلدىن كەلدى سوۋغا ـ سالام ،
ئەلچى نامى سىندۇخت ، پاك ، شېرىن كالام .
ئەنت ئىچۈرۈپ ، مەندىن تىلەر ئامانلىق ،
ئەنت ئىچتىمكى ، ھەرگىز كۆرمەس يامانلىق .
مەندىن نېمىنى قىلسا تەلەپ مەن ھەم
بېجىرىشكە ئىچتىم يۈرەكتىن قەسەم .
بىرىنچى گەپ شۇكى ، كابۇلنىڭ ماھىن
جۈپلۈككە ئالغۇسى زابۇلنىڭ شاھى .
ئىككىنچى ، كابۇلغا مېھمان بولۇرمىز ،
دىلدىكى دەردىگە دەرمان بولۇرمىز .
چاپارى كەلگەندۇر خېلى ئاۋۋالراق ،
ھەممە نەرسە ھازىر ، كۈتەر گۈلياناق .
بۇگۈن بۇ ئەلچىگە نېمە بولغان جاۋاب ،
نېمە خۇش سۆز ئاڭلار چاپاردىن مېھراب ؟ »
داستان بۇ خەۋەردىن خۇشالۇ خۇرام ،
چېھرىسى ياشنىدى مىسالى كۆكلەم .
شۇنداق جاۋاب بەردىكىم : « ئەي ، پالۋان ،
ساڭا تەھسىن ئوقار زېمىنۇ زامان .
سەن يولغا باشلىساڭ ، بىز ئەگىشىمىز ،
قالغان سۆزنى يولدا خوپ سۆزلىشىمىز . »
سام ئوغلىغا قاراپ قىلدى تەبەسسۇم ،
ئارزۇسىن چۈشەندى ، ئۇنىڭسىز بىر دەم
نە ئارام يۈرەكتە ، نە كۆزدە ئۇيقۇ ،
تىكەندەك پاتىدۇ ماۋۇق ياستۇقمۇ .

سام پەرمانى بىلەن چېلىندى ناغرا ،
قارارگاھتىن قوشۇن ئاتلاندى يولغا .
چاپار ئەۋەتىلدى مېھراب يېنىگە ،
تېزرەك يەتكۈزۈلسۇن كابۇل شىرىنگە .
يولغا چىقتى دېسۇن سام ، زالى زەر ،
يەنە قانچە پىل ۋە باتۇرۇ لەشكەر .
چاپار يېتىپ باردى مېھراب قەسرىگە ،
دەرھال ئېلىپ كىردى ئۇنى قەسرىگە .
مېھراب ئاڭلىدىيۇ بولدى چاغ كەيپى ،
نەرگىس گۈلدەك ئېچىلدى چېھرى .
كانايلار چېلىندى ، چېلىندى ناغرا ،
لەشكەرمۇ ياسانغان ھەيۋەت شۇنچىلا .
پىللاردا سازەندە ، سازلىرى خۇشۋاق ،
جەننەتتەك ياشنىدى يۇرت باشتىن ئاياغ .
ئۈگزە ـ تاملاردا ، قوللاردا بايراق ،
سېرىق ، كۆك ، زەڭگەر رەڭ ، يا قىزىل چوغدەك .
بىرى نەي چالىدۇ ، يەنە بىرى چاڭ ،
ھەممە تەرەپنى قاپلار ناغرايۇ جاڭ .
گويا ئەل ئىچىدە بولمىش قىيامەت ،
يا يەر ئاستىن ـ ئۈستۈن بولمىش بۇ سائەت .
سامنى كۆرۈش بىلەن كابۇلغا سۇلتان ،
سۆيدى يەر ـ زېمىننى ئاتتىن چۈشۈپ شۇئان .
ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قىلىپ ئېھتىرام ،
ھال ـ ئەھۋال سوراشتى بېرىشىپ سالام .
ئەزىز مېھمانلارغا ئوقۇپ ئاپىرىن ،
سامۇ زال ئالدىدا سۆيەتتى زېمىن .
ئاندىن ئۆز ئېتىغا مىندى مېھراب شاھ ،
گويا تاغ بېشىدا تۇرار يېڭى ماھ .
قولىدا زەر تاجى ، بېزىكى گۆھەر ،
ئەزىزلەپ ، زالى زەر بېشىغا قويار .
كابۇلغا يېتىشتى ھەممە خەندان ـ شاد ،
ئۆتكەنلەرنى كۈلكە بىلەن قىلىپ ياد .
چېلىندى كانايلار ، ناغرايۇ سازلار ،
پەلەككە يەتتى تا خۇشال ئاۋازلار .
گويا تام ، ئۈگزە ھەممىسى سازەندە ،
ھەممىيلەن گوياكى بېھىش ـ جەننەتتە .
ئاتلار چاپار ، يايلى مۇشكۇ زەفىران ،
كۆككە چاپچىشىدۇ يولۋاستەك چاقان .

سىندۇخت تاشقىرىغا چىقتى ساپ بىزەك ،
ئەتراپىن ئورىغان ئۈچ يۈز كېنىزەك .
ھەر بىرى قولىدا بىردىن جامى زەر ،
جامى تولغان مۇشكۇ جەۋاھىر ، گۆھەر .
ھەممىسى ئاپىرىن ئوقۇشار سامغا ،
جەۋاھىر چېچىشار ئالىي مەقامغا .
لۇتفۇ ئېھسان بولدى شۇ قەدەر بەلەند ،
زەرۇ جەۋاھىردىن ھەممە بەھرىمەند .
سىندۇختقا دېدى سام چاقچاق قىلىپ :
« قاچانغىچە يۈرسەن قىزلىك يوشۇرۇپ ؟ »
ئاڭا سىندۇخت دېدى : « قېنى كۆر مانا ،
ئەگەر بولسا مەيلىڭ ، قېنى كۆر مانا ! »
سام دېدى : « جان بىلەن تۇتاي بايلىق ـ مال ،
نېمىكى خالساڭ ھەممىسىنى ئال .
خەزىنە ، تاجۇ تەخت ، ئالتۇنۇ گۆھەر ،
ئۇلۇسمۇ ، بۇلۇسمۇ ، قىشلاقۇ شەھەر . »
كىردىكىم ئۇلار بىر ئېسىل قەسرگە ،
گوياكى بېھىشتەك ياسانغان خانە .
سام نىگاھ تاشلىدى بولۇپ مەھلىيا ،
قېتىپ قالدى لالۇ ھەيرانلىقتا .
تىل ئاجىز ماختاشقا ، سۆز باشلىماققا ،
جۈرئىتى يوق ھەتتا كۆز تاشلىماققا .
ئەھد ـ پەيمان ئۈستىدە سامۇ مېھراب شاھ ،
بەجا قىلدى ئادەت بويىچە نىكاھ .
يىگىت ـ قىزنى تەختكە چىقاردى شاد ،
ھېقىق ، زۇمرەت چېچىپ قىلىشتى ئاۋاد .
قىز بېشىدا تاجى قىزىل زەر نىگار ،
يىگىتنىڭكى بولسا ، ساپ گۆھەر نىگار .
كېيىن ئېلىپ كەلدى دەپتەردە بىر خەت ،
ئۇندا قىزنىڭ تويلۇقى قىلىنغان رويخەت .
تۈگىمەس ، قايناپ چىقار مىسالى بۇلاق ،
ئاڭلىمىغان بۇنداق بايلىقنى قۇلاق .
بۇنى ئاڭلىشىپ سەردار ۋە سىپاھ ،
ھەيرانلىقتا دېدى : « يا خۇدا ، خۇدا ! »
ئاندىن ئولتۇرۇپ ئىشرەت قىلىشتى راسا ،
پۈتۈن ھەپتە قولدىن چۈشمىدى كاسا .
شەھەر ئەيشۇ ئىشرەت بىلەن مەست ئىدى ،
ساراي شۆھرىتىدىن پەلەك پەس ئىدى .
نە زال ، نە ئاشۇ كۆزلىرى جادۇ ،
ھەپتە بويى بىردەم كۆرمىدى ئۇيقۇ .
بوشاپ قالدى شۇندىن كېيىن بەزمىگاھ ،
ۋە لېكىن تىنجىمىدى بۇ بارگاھ .
يۇرتنىڭ ئۇلۇغلىرى يىغىلىپ سەپكە ،
يەنە بەزمە داۋام ئەتتى ئۈچ ھەپتە .
ئاي بېشى نەرىمان ئوغلى باتۇر سام
سىيستان تەرەپكە ئەيلىدى خىرام .
ئاتىسىدىن كېيىن قېلىپ يەنە زال ،
ئەيش قىلدى يەتتە كۈن ، تولۇقتۇر ۋىسال .
ئاندىن كاجۇۋا باغلاپ تۆگىگە ،
تەختى راۋان قۇردى سەپەر قەستىدە .
دىلدار رۇدابەسىن ئاڭا مىندۇردى ،
ئانىسى سىندۇختنى بىللە ئېپ ماڭدى .
مېھراب باشلىق ھەممە شادانۇ خەندان ،
يولغا قەدەم قويدى سىيستان تامان .
نىمرۇزغا يېتىشتى ھەممىسى غالىب ،
دىللار شاد ئاداۋەت ـ قىساسمۇ تۈگەپ .
سام بىر بەزمە قۇردى قەدەملەر گۈلگۈن ،
بەزمە ئىچرە ئۆتتى ئۈچ بىقىياس كۈن .
سىندۇخت ، رۇدابەنى قىلدۇرۇپ شادان ،
لەشكەر بىلەن قايتتى كابۇلغا سۇلتان .
شۇندا سام شاھلىقنى تاپشۇردى زالغا ،
لەشكىرىن تويلىدى ، پەرخۇندە پالغا .
ئۇلۇغ سام زالنى قىلىپ بۇندا شاھ ،
ئۆزى تارتتى يېڭى يۈرۈشكە سىپاھ .
ئۇ مۇدھىش گورگسارۇ ئۇ ئۇلۇغ باختەر
تامان تۇغ كۆتۈرۈپ باشلىدى سەپەر .
دېدىكىم : « ئۇ يەرلەر ماڭا بېرىلگەن ،
ئەمما بويسۇنمىغان ، ئۇلار كىبىرلىگەن .
مەنۇچېھر خەتلەپ يەر ئىختىيارىن ،
تولۇق بېرىپ قويغان رەۋىش رەپتارىن .
ناكەسلەر قىلىشى مۇمكىن قوزغىلاڭ ،
دىۋىلەر ماكاندۇر ئۇ مازەندەران .
زال بۈگۈن ئورنۇمغا ئۆزۈڭ پادىشاھ ،
مۇبارەك ئەل ـ يۇرتۇ تەختۇ تاج ـ كۇلاھ . »
زال تەختتە قالدىيۇ يۈرۈپ كەتتى سام ،
ۋىسال ، ئەيشۇ بەزمە قىلاتتى داۋام .
رۇدابە ئولتۇرار ، ياندا زالى زەر ،
بېشىغا كىيگەن ئۇ ئېسىل تاجى زەر .

شادۇ خۇراملىقتا ۋاقىت ئۆتەتتى ساز ،
ئېغىرئاياغ بولۇپ قالدى سەرۋىناز .
ھۆسنى باھارىغا چۈشتى كۈز ـ خازان ،
دىلىن ئەلەم باستى ، رەنج قىلدى ماكان .
پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئىدىكى يۈكى ،
قان يىغلار ، مۇشەققەت چېكەر كۈن ـ تۈنى .
كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىر ئەھۋالى شۇندىن ،
يۈزى گوياكى ئىدى زەپىران .
ئانىسى كۆرۈپ دېدى : « ئېيتچۇ جان قىزىم ،
نېمە بولدى ، نېمشقا سۇلغۇن گۈل يۈزۈڭ .
رۇدابە بەردى ئانىسىغا جاۋاب :
« جېنىم ئانا سورىما ، ھالىم كۆپ خاراب .
ئۇيقۇسىز سۇلغانمەن ، تېنىم پەجمۇردە ،
تىرىك كۆرۈنسەممۇ ، مۇردىمەن ، مۇردا !
خىيالىمدا ئۆمرۈم تۈگەپ قالغۇدەك ،
بۇرچۇم ئاقىۋىتى جېنىم ئالغۇدەك ! »
ئازابتا ئۇيقۇسىز ئۆتۈپ تۈنۇ كۈن ،
نىھايەت ئاي كۈنى قالدى بەك يېقىن .
قورساقتىكى نېمە ، يوغان تاشمۇ ؟
تۆمۈرمۇ ياكى يوغان ئىدىشمۇ ؟
قىينىلا ـ قىينىلا ھوشىدىن كەتتى ،
سارايدا ئاھۇزار پەلەككە يەتتى .
سىندۇخت قىز بېشىدا يىغا باشلىدى ،
يۈزىن تاتلاپ ، قىيما ـ چىيما قىلىپ تاشلىدى .
داستانغا ئاڭلاندى قايغۇ ئاۋازى ،
قاغجىراپ قالماقتا ئۇل سەرۋىنازى .
رۇدابە يېنىغا كەلدى زالى زەر ،
كۆزدە ياش ، دىلى غەش ، خۇن تولغان جىگەر .
ماتەم ئارا قالدى ياشنىغان ھەرەم ،
چاچ يۇلۇپ ، داد سالار ، دىلدا دەرد ـ ئەلەم .
بىر نەرسىنى ئەسكە چۈشۈردى داستان ،
بۇ پىكىردىن بولدى مۈشكىلى ئاسان .
ئۇ سۇمۇرغ پېيىنى قىلدى شۇئان ياد ،
سىندۇختقىمۇ ئېيتتى ، ئىچ ـ ئىچىدىن شاد .
ئاتەش ئەكىلىشتى ، راسلىشىپ مەنقال ،
سۇمۇرغ پېيىنى ئوتقا سالدى زال .
قاراڭغۇ بولدى بىردەمدە ھاۋا ،
كەلدى ئۇچۇپ سۇمۇرغ ـــ ئۇ پەرمانراۋا .

بۇلۇتكى ، تامچىسى دۇر ـ مارجان ئىرۇر ،
مارجان ئەمەس ، بەلكى شەۋقى جان ئىرۇر .
ھۆرمەت بىلەن زال قىلدى خوپ سالام ،
ئاڭا كۆرسىتىپ كۆپ ئىززەتۇ ئىكرام .
سۇمۇرغ ئاڭا دېدى : « بۇ ئەلەم نېمە ؟
شىر يىگىت كۆزى ئىچرە نەم نېمە ؟
بۇ كۈمۈش تەنلىك مەھلىقادىن
بىر ئوغۇل تۇغۇلغاي شىر يۈرەك ، پىلتەن .
شىر ئۇنىڭ سۆيگۈسى خاكى پايىنى ،
چىقارغاي بۇلۇتنىڭ ئاھۇ ۋايىنى .
جاڭگالنى تىترەتكەن يىرتقۇچ ئارسلان ،
بارماق چىشلەپ قالار ئۇ توۋلىغان ئان .
مۇرىسىنى كېرىپ كەلسە ئۇ پالۋان ،
كۆتۈرسە زەربىگە گۈرزىيۇ قالقان ،
جايىدىن تۇرالماس باتۇرلار لەرزان ،
ئۆزىن جايلىيالماس ، يۈرەك ـ باغرى قان .
ئەقىلدە مىسالى سامى تاش بولۇر ،
قەھرىدە مىسالى شىرى جەڭ بولۇر .
قامىتى سەرۋ بولۇر ، ئەمما كۈچى پىل ،
نەيزە ئاتسا ، ئۇچۇپ بارار ئىككى مىل .
ئەل قاتارى كەلمەس دۇنياغا ئەمما ،
ئاڭا مەدەت بەرگەي رەھىمدىل خۇدا .
تېپىپ كەلتۈرۈڭلار ئالماستەك پىچاق ،
بىلىمدان كىشىنى تېپىڭ مۇشۇ چاغ .
سەنەمنى مەي بېرىپ ئاۋۋال مەست قىلىڭ ،
دىلىدىكى ئەلەم ـ دەردنى پەس قىلىڭ .
تېۋىپ ئۇ تىغ بىلەن ئەپسۇن ئەيلىسۇن ،
قورساقتىكى شىرنى ئامان ئەيلىسۇن .
ئانا قارنى تەدبىر بىلەن چاك بولۇر ،
ئاغرىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەيلا قالۇر .
بىر مۇددەت بويالغاي قېنىغا تېنى ،
قورساقتىن ئېلىشار ئۇ شىر يىگىتنى .
كېيىن كېسىلگەن يېرى تىكىلگەي ساپساق ،
دىلىڭدىن يوق بولۇر ئەندىش ، ۋەھمۇ باك .
بىر گىياھ بېرىمەن ، مۇشك ھەمدە ئاق سۈت
بىلەن قوشۇپ ، ئېزىپ سايىدە قۇرۇت .
ئېزىپ ، سۈرتۈپ تۇرساڭ يارا ئاغزىغا ،
كۆرەرسەن ، بەكمۇ تېز كېلەر ئەسلىگە .

كېيىن مېنىڭ پېيىمنى سۈرت ئاشۇ جايغا ،
سايەمدىن شىپالىق يېتەر ئۇ جايغا .
غەم يېمە ، بەكمۇ كەم سەندەك بەختىيار ،
ئاندىن شاھ مەنۇچېھر ھۇزۇرىغا بار .
چۈنكى ئۇ بېرىدۇ ساڭا تاجۇ تەخت ،
كۆندىن ـ كۈن جۇش ئۇرۇپ گۈللىگەن دەرەخ .
ئەسلا غەم سالمىسۇن دىلىڭغا بۇ كار ،
دەرەخنىڭ شاخلىرى بولۇر مېۋىدار .»
شۇنداق دەپلا يۇلدى مۇرىسىدىن پەر ،
قانات قېقىپ ئۇچتى ، چېچىپ يارقىن نۇر .
ئۇ پەيىنى ئالدىيۇ بېرىپ زالى سام ،
بەجا قىلدى سۇمۇرغ ئەمرىنى تامام .
ھەممە كۆزىتەتتى داۋالاش ئىشنى ،
كۆزلىرىنى نەم باسقان ، غەم كۆكلىرىنى .
سىندۇخت كۆزلىرىدىن تۆكەر قارا قان :
« قانداق چىقار : ـــ دەر ، ـــ قورساقتىن ئىنسان ؟ »
يېتىپ كەلدى شۇئان بىر داڭدار ھېكىم ،
رۇدابەگە مەي بىلەن بەردى ئۇ تىنىم .
مەلىكە قورسىقىنى ياردى ئاغرىتماي ،
بوۋاقنى ئېلىشتى ئاستا ، چالغىتماي .
بالا تۇغۇلغاندا بىزەرەر ، ئاسان ،
تەئەججۈپتە قالدى پۈتۈن خاندان .
ئاجايىپ ئوغۇلكى ، شىر سىياقلىق ، شىر ،
كۆرگەنلەر : « قۇياشتىن روشەن چىراي » دەر .
ھەيرانە قېلىشتى بارچە ، كېنىزەك ،
ھېچكىم كۆرمىگەنتى پىل كەبى گۆدەك .
ئانا ئۇخلار كۈن ـ تۈن شارابتىن سەر خۇش ،
ئۆزىنى بىلمەستىن ياتاتتى بىھوش .
يارىسىنى تىكىپ ، داۋا قىلىشتى ،
سۇمۇرغنىڭ سۆزىنى بەجا قىلىشتى .
ئۇيقۇدىن كۆز ئېچىپ ئۇ ئۆز ياسمەن ،
لەۋ ئېچىپ سىندۇختقا باشلىدى سۆخەن .
چاچقۇلار چېچىشتى گۆھەر ۋە تىللا ،
شۈكرانە ئوقۇشتى : ساقلا رەببەنا .
ئانىغا بېرىشتى ئۇ شىر يىگىتنى ،
بالا ئەمەس ، بەلكى ساما گۈلشەنى .
بىر كۈندە بولۇپتۇ بىر ياشلىق بالا ،
گويا بىر گۈلدەستە رەڭدار ، ئۆز ، لالە .
كۆلدىيۇ ، كۆرۈندى چىشلار سەدىپى ،
چېھرىدە نامايان شاھلىق شەرىپى .
رۇستەممەن تۇغۇلۇشۇمدىن ، رۇستەممەن دەر ،
شۇڭلاشقا ئوغۇل ئىسمىنى رۇستەم دەر .
بىر قورچاق تىكىشتى ئەتلەستىن تازا ،
شىر يىگىت بويىدىن ئېلىپ ئەندىزە .
ئىچى سەۋسەن يۇڭى ، ماڭلىيىدا ناخىد ،
نۇر چېچىپ تۇرىدۇ يۈزلىرى خۇرشىد .
قولتۇقىغا قىسقان نەيزەيۇ تۇغىنى ،
بىر قولىدا گۈرزە ، بىرىدە تىزگىن .
ئاستىدا تورۇق ئات ئويناقلاپ تۇرار ،
كەينىدىن سەپ تارتىپ بارماقتا لەشكەر .
ئىشلار ئورۇنلانغاچ تېز سۈرئەت بىلەن ،
ئەجدادلاردىن قالغان ئادەتلەر بىلەن ،
تۆگە مىنىپ يولغا چىقتى بىر چاپار ،
خالايىققا چېچىپ جەۋاھىرۇ زەر .
رۇستەمنىڭ گۈرزىۋاز سۈرىتىنى شۇئان ،
ئېلىپ بېرىشتى سام بوۋا تامان .
ئۇلۇغ بىر بايرامغا چۆمدى گۈلىستان ،
كابۇل يەرلىرىدىن تا زابۇلىستان .
ھەر دەشتتە سازاندە نەي ، جاڭۇ راۋاب ،
تۆكمە نازۇ نېمەت ، شاراب ۋە كاۋاپ .
كىرىپ كەلدى مېھراب كابۇلغا خوپ شاد ،
دەرۋىشلەرگە دىنار ، پۇل چاچار زىياد .
زابۇلنىڭ چېتىدىن چېتىگە قەدەر
سازەندە ـ ھاپىزلار ھەم ئويۇنچىلار .
چوڭ ـ كىچىكنى يوقتۇر پەرق قىلىش ،
ھەممە تەڭ ئولتۇرار ئارقاغۇ ئۆرۈش .
ئاندىن رۇستەم تىمسالى بولغان ئۇ قورچاق
سام بوۋىغا ئېلىپ كېلىندى خۇش چاغ .
بۇ تىمسالنى كۆرۈپ قېرى باتۇر سام ،
ھەيران قالدى ، بولدى خۇشالۇ خۇرام .
چاچراپ تۇرۇپ ، ئۇندىن ئۈزمەستىن كۆزىنى ،
دېدىكىم : « بۇ بالا نەق مېنىڭ ئۆزۈم .
بولسىمۇ بويى گەر ئېگىزمەس بەلدىن ،
بولۇتلار قۇتۇلالماس ئۇنىڭ قولىدىن . »
خەۋەرچىنى چىللاپ كەلتۈردى شۇدەم ،
بوينى كۆمۈلگۈچە چاچتۇردى دىرھەم .
دەرگاھنى بېزەشتى بەئەينى خوراز ،
چېلىندى ناغرىلار ، ھەر تەرەپتە ساز .

سەگساردىن تارتىپ تا مازەندەران ،
بۇيرۇدى بېزەلسۇن ، خۇشالۇ شادان .
شاراب ۋە هاپىزلار ، سازەندىلەر جەم ،
ھەممىسى چېچىشتى ، جەۋاھىر ، دىرھەم .
بەزمە ۋە توي بىر ھەپتە قىلدى داۋام ،
ئاندىن باش خەتتاتنى چاقىرتتى سام .
بەختىيار زالىغا يازدى جاۋاب خەت ،
مەكتۇپنى بېزەتتى مىسالى جەننەت .
ئەڭ ئاۋۋال تەڭرىگە ئېيتتى ئاپىرىن ،
ئەيلىدى شاد بەندە دىلىنى بايان .
ئاندىن پالۋان زالىغا ئېيتتى شان ـ شەرەپ ،
ئۇ ئۆزى بىر تەرەپ ، لەشكەر بىر تەرەپ .
ئاخىرىدا بوۋاققا بەردى ئۇ نۆۋەت ،
نۇر چېھر ، شاھانە ، پەھلىۋان قامەت .
بۇيرۇدى : « ئاسراڭلار پىدا قىلىپ جان ،
بىر زەخمەت كۆرمىسۇن گۆدەك ھېچقاچان .
تۇنۇگۇن خۇداغا سېغىنغان ئىدىم ،
ئوغۇلغا سەن ئوغۇل ئاتا قىل ، دېدىم .
كۆرەي دېدىم زالنىڭ پەرزەنتىنى مەن ،
ئۆزۈمدەك مەرد دىلبەندىنى مەن .
بۇگۇن بىلىمىز چىلىڭ ، كۆڭلىمىز پۈتۈن ،
قىلسۇن خۇدا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن ! »
چاپارمەن تېز كەتتى مىسالى بوران ،

زالغا يېتىپ باردى ، بەك خۇشال ـ شادمان ،
سامنىڭ شادلىقىدىن سۆزلىرى بىر ـ بىر ،
قانداق توي ـ تاماشا قىلدى باھادىر .
خېتىن بەردى ئاتىسى دانىشمەننىڭ ،
بىر ـ بىر ئېيتىپ بەردى ئۇنىڭ پەندىن .
بۇ ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلىغان شۇ چاغ ،
تېرىسىگە سىغماس ، زالنىڭ كەيپى چاغ .
شادلىقتا شادلىق قوشۇلۇپ كەتتى ،
شادلىقتىن بېشى ئاسمانغا يەتتى .
تالاي ئاي ۋە كۈنلەر ئۆتۈپ بىرمۇ بىر ،
بولدى ئاشكارا نەچچە تېپىشماقۇ سىر .
رۇستەمگە سۈت بەردى ئون ئانا بىردىن ،
گۆدەكنىڭ ئاساسى جەڭگىۋار شىردىن .
ئاخىر كەلدى سۈتتىن ئاجرىتىش ۋاقتى ،
شىر يىگىتنى ئەمدى نان ـ گۆشتە باقتى .
بىر يولى بوشىتار ئەللىكچە تاۋاق ،
ئادەملەر ھەيران بوپ دەر : « يا خەللاق ! »
سەككىزدىن توققۇزغا قويغاندا قەدەم ،
بىر سەرۋى ئازادە بولغاندا رۇستەم ،
نۇر ـ زىبا چېچىپ تۇرغان بىر ماھى بولدى ،
جاھان ئەھلى ئاڭا شەيدايى بولدى .
نەۋرە بوۋىسىنىڭ ئىزىنى باستى ،
قامەتتە ، بىلىمدە نەق ئۆزى بولدى .

## سامنىڭ رۇستەمنى كۆرگىلى كەلگەنلىكى

سام ئاڭلىغانسېرى خۇش بولدى دىلى ،
شىر كەبى بولغىنىدىن زالنىڭ ئوغلى .
ئۇنداق بىر بالىنى ئىنسان كۆرمىگەن ،
ئۇنداق شىر ئوخشاشنى جاھان كۆرمىگەن .
ئاڭلىغانسېرى ئاشاتتى زوقى ،
دىلدا نەۋرىسىنى كۆرۈشكە شەۋقى .
لەشكىرىن تاپشۇرۇپ قوماندانىغا ،
نەچچە نەۋكىرىنى ئېلىپ يېنىغا ،
زال ئوغلىنىڭ مېھرى تارتىپ زابۇلغا ،
يولغا چۈشتى ئىنتىزار كىچىك پىلغا .
داستان خەۋەر تاپتى ـ دە ، چالدى ناغرا ،
لەشكەردىن يەر يۈزى بولدى قاپقارا .
زال بىلەن بىرلىكتە پەھلىۋان مېھراب ،

سام ئىستىقبالىغا ئەيلەشتى شىتاب .
كانايۇ سۇنايۇ ناغرايۇ دۇمباق
ئاۋازى ياڭرىدى شەھەر ۋە قىشلاق .
تاغدىن تاغقا قەدەر لەشكەرۇ كامان ،
نەگە قارىما ، قىزىل ساۋۇت ، قالقان .
پىللار ھۆركىرىشى ، ئاتلار كىشنىشى ،
بەش مىلدىن ئاڭلىنار ، يوقتۇ ئوخشىشى .
بىر جەڭگىۋار پىلغا بېرىشتى ئارا ،
ئۈستىگە قويۇلغان تەختى ساپ تىللا .
تەختكە ئولتۇردى زال ئوغلى رۇستەم ،
شىر قامەت ، كۈچتۈڭگۈر ، جەسۇر ھەم بەردەم .
بېشىدا گۆھەر تاج ، بېلىدە كەمەر ،
قولىدا ئالتۇن كامان ، ئالدىدا سىپاھ .

سام كۆرۈپ يىراقتىن بىلدى چوڭ شەرەپ
ۋە قوشۇنلارنى قىلدى ئىككى سەپ .
پىيادە بولۇشتى مېھراب بىلەن زال
ۋە ھەممە كاتتىلار ، ياشۇ قېرى – چال .
ھەممىسى سالام قىپ سۆيۈشتى زېمىن ،
باتۇر سامنى شەرەپلەپ دېدى : « ئاپىرىن . »
باھادىر پەرزەنتتىن كۆرۈپ قېرى سام ،
گۈلدەك ياشناپ كەتتى چېھرىسى تامام .
پىل ئۈستىدە كۆرۈپ بەستلىك بىر يىگىت ،
كۈلۈپ قويدى ، گۇمان دىلىدىن ساقىت .
پىلنى يېنىغا ئېلىپ كېلىشتى ،
كۆردى ياقۇت تاجۇ ، زەر تامام تەختى .
شەرەپلەر ۋە دۇئا قىلار قېرى سام :
« شىر يىگىت پەھلىۋان ، ياشا ، ئەت داۋام ! »
بوۋا تەختنى سۆيۈپ ، سالامدا رۇستەم ،
بوۋىسىن ئۇلۇغلاشقا باشلىدى شۇدەم :
« جاھان پالۋانى سەن ، جان بوۋام ساق بول ،
مەن سېنىڭ نىھالىڭ ، ئېسىل – بۇنياد بول .
سېنىڭ سادىق قۇلۇڭ بولالىسام بەس ،
بىكار ياتىۋېرىش ماڭا ياراشماس .
ماڭا پاناھ بولسا بۇ نەيزەيۇ قالقان ،
ساداقتا تولغان ئوق ، ئات ، كامان ، ئارقان .
ھەممە دۇشمەنلەرنى قىلاي تارۇمار ،
ئادىل تەڭرىم بولسۇن ماڭا مەدەتكار .
ساڭا تەقلىد مېنىڭ قامىتىم ، چېھرىم ،
سېنىڭدەك بولسا ئەرزىيتتى قەھرىم .
ئاندىن پىيادە بولۇپ ، تاشلاپ پىلنى ،
بوۋا نەۋرىسىنىڭ ئالدى قولىنى .
بوۋا تىنماي سۆيەر نەۋرە يۈزىنى ،
ھەممە ھەيران يوغان ئېچىپ كۆزىنى .
ئاخىر يول ئېلىشتى گۇرابەسىرى ،
سۆھبەت قىزىپ ، شادان باراتتى جەمى .
ساراي بېزىتىلگەن ، جەۋاھىرلىق تەخت ،
ھەممە شادۇ خۇرام ، دىلىدا بەخت .
بەزمە ، سۆھبەت قىزىپ ئۆتتۈپ كەتتى ئاي ،
ھەممە دىلى خۇشال ، ھەممە خۇش چىراي .
ھەممە تىڭشايتتى نەي ، چاڭ ۋە راۋاب ،
ھەممە كۈيلەيتتى بەك خۇرسەن يايراپ .
تەختنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرار داستان ،
بىر ياقتا گۈرزىلىك رۇستەم پەھلىۋان .
ئوتتۇرىدا سام بوۋا دانىشمەن قېرى ،
بېشىدىكى تاجىدا ھۇمانىڭ پېيى .
بوۋىنى تاڭ قالدۇرغان رۇستەم پەھلىۋان ،
ئاغزىدىن چۈشۈرمەس : « يا تەڭرىم ، يەزدان! »
بۇ قانداق بىلەكۇ قەد مىسلى ئالەم ،
كەڭ كۆكرەك ، بېلىدۇر بەئەينى قەلەم .
پۇتلىرىدا يوغان تۆگە قۇۋۋىتى ،
دىلىدا شىر قۇدرىتى ، يولۋاس شىددىتى .
چېھرى ئاي ، ئۇنىدا تولۇقتۇر ۋىسال
ئالەمدە تېڭى يوق ، ئۆزى بىمىسال .
ئاندىن سام زالغا دېدى : « ئۆتتۈپ يۈز ئەۋلاد ،
ھېچكىم بۇنداق ئىشتى قىلالامدۇ ياد .
گۆدەكنى قورساقتىن ئېلىشتى يېرىپ ،
ئۇ ئۆسكەي شۇنداق بىر باھادىر بولۇپ .
مىڭ ئاپىرىن بولسۇن سۇمۇرغقا ئەبەد ،
تەڭرىگە مىڭ شۈكۈر ، ئەيلىدى مەدەت .
بۈگۈن مەي ئىچمىز دىلىمىز ئاۋات ،
مەي بىلەن قايغۇنى قىلىمىز بەربات . »
شۇنداقتۇر ئەسلىدە بەش كۈنلۈك جاھان ،
بىرى قېرار ، بىرى كېلەر نەۋقىران .
مەست بولۇشتى ئىچىپ شاراب پەيمۇ پەي ،
گاھ رۇستەم ، گاھى زالغا كۆتۈرۈشەر مەي .
توختىماي شۇمۇردى مېھراب تازا مەي ،
ئۆزىدىن باشقىنى قالدى تونۇماي .
دېدى : « تەپ تارتمايمەن زالۇ سپاھتىن ،
دىلدا قىلچە قورقۇش يوق شاھىنشاھتىن .
تىغ ، ئوت تۆگۈل ، بولسا نەۋرەم رۇستەم ،
سايە سالالمايدۇ بىزگە بۇلۇت ھەم .
بۈگۈن تىرىلدۈرەي بوۋام زەھھاكنى ،
قايتىدىن مۇشك مىسال قىلايكى خاكنى .
رۇستەمگە بىنالار ياسىتاي شۇ تاپ . . . »
شۇنداق تەنە سۆزلەر قىلاتتى مېھراب .
كۈلە – كۈل تېلىقتى زالى زەرۇ سام ،
كەيپى چاغ مېھرابنىڭ سۆزىدىن تامام .
باشلانغان چېغىدا يېڭى ئاي بېشى ،
سام سەپەرگە چىقتى ، ئوغلى – يولدىشى ،
ئاتىسىن كۆزىتىپ زال بارار مەنزىل ،
نەۋقىرانلىرى بېرەر سەپەرگە تەبدىل .

پىل ئۈستىدە بارار پەھلىۋان رۇستەم،
بوۋا ھىجرانىدىن دىلىدا ئەلەم.
سام ئوغلىغا دېدى: « كۆرمە پالاكەت،
دىلىڭ مۈلكى بولسۇن دائىم ئادالەت.
شاھلار پەرمانىدىن چىقمىغىن ھەرگىز،
ئىلمۇ دانىشنى قىل ئەقلىڭگە نەرگىز.
يامانلىقتىن كۆڭلۈڭ تاتىلسۇن مۈتلەق،
يولۇڭنى يورۇتسۇن دائىما خەللاق.
ھېچكىمگە قالمىغاي ئاخىر بۇ دۇنيا،
ئىچ ۋە تېشىڭ بىر خىل بولسۇن دائىما.
پەندۇ نەسىھىتىم ھامان قىلىپ ياد،
توغرا يولدىن يانما ئۆمۈرۋايەت.
ساڭا ئوچۇق ئېيتسام گۇمانىم مېنىڭ،
ئاخىرغا يەتمەكتە بۇ ئۆمرۈم مېنىڭ.»
ئۇنتۇماڭلار دېدى ئاتا پەندىمنى،
قۇچاقلاپ سۆيدى قۇش پەرزەنتىنى.
كانايلار چېلىندى، چېلىندى ناغرا،
مېڭىشقا چىللىدى سىپاھدارنى ئۇ.
سادا بەردى كاناي، ناغرا ھەمدەم داڭ،
يەردىن ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈلدى چاڭ.
دىلى تولغان ھېكمەت، تىلىدا شىرىن سۆز،
سىپاھدار ئۆردى مەغرىب تامان يۈز.
ئىككى پەرزەنت بارار ئۇ بىلەن ھەمدەم،
دىلدا بوۋا پەندى، كۆزلىرىدە نەم.
ئۈچ مەنزىل تەڭ مېڭىپ ئاندىن ئاجراشتى،
سام يولى ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا چۈشتى.
رۇستەم ئوغلى بىلەن سىپاھدار داستان،
سىپاھ بىلەن يېتىپ كەلدى سىيستان.
قولدا قەدەھ، ياندا شىردەك رۇستەمى،
زال ياشار، دىلىدا يوق ھېچ دۇنيا غېمى.

## رۇستەمنىڭ ئاق پىلنى ئۆلتۈرگەنلىكى

بىر كۈن دوستلار بىلەن يىغىلدى ئۈلپەت،
شاراب ئىچىپ، باغدا قىزىدى سۆھبەت.
سازەندە ــ غەزەلخان، كاۋاپۇ راۋاب،
دىللاردا خۇشاللىق، قوللاردا شاراب:
كۈمۈش قەدەھلەرگە قۇيۇپ قىزىل مەي،
باشلار ئايلانغۇچە ئىچتى پەيدىنپەي.
پەرزەنتىگە شۇنداق دېدى زالى زەر:
« ئەي داڭدار، بېشىڭدا پارقىرايدۇ نۇر.
باھادىرلىرىڭغا بەرگىن مۇكاپات،
غادايغانلارغا تارقات مالۇ ئات.»
رۇستەم سوۋغا قىلدى جەۋاھىرۇ مال،
ئەرەبىي ئاتلاركى، رازى بولدى زال.
تۆھپەيۇ سوۋغاتلار ئېلىپ بىرمۇ بىر،
كەيپ بولۇپ تارقالدى ھەممە باھادىر.
داستانمۇ يول ئالدى شەبىستانىغا،
ئېغىر جىملىق چۈشتى باغۇ بوستانىغا.
تەھەمتەن ھەم مەيدىن كۆزىدە ئۇيقۇ،
ياتىقىغا كەتتى، يوتقىنى پەرقۇ.
ئۇخلاپ كەتتى باشقا تەگمەيلا ياستۇق،
دەل شۇ چاغ ھويلىدىن كەلدى چاقىرىق.
باغلاقتىن بوشىغان شاھنىڭ ئاق پىلى،
ھەرياقنى مالتىلاش ئۇنىڭ قىلمىشى.
قۇلىقىغا يەتكەچ بۇنداق شۇم خەۋەر،
قېنى قىزىپ كەتتى رۇستەمنىڭ بەتتەر.
سەكرەپ چۈشۈپ ئالدى بوۋا گۇرزىسىنى،
ئىشىككە ئېتىلدى، يۇلدى قۇلۇپىنى.
غۇلاملار، چاكارلار توسۇپ يولىنى،
ھاي بېرەر، تۇتۇشۇپ يەڭ ۋە قولىنى.
ۋەھىمە قىلىشار قۇترىغان پىلدىن،
نە ۋەھىمەكى قورقۇشار دىلدىن.
« قارا تۈن، بولساڭ پىلغا يېقىن بارغۇچى،
شاھ شۇئان چاقىرار مۇردا يۇغۇچى!»
بۇ سۆزدىن تەھەمتەن قايناپ زەردىسى،
مۇشت ئۇردى كىمگىدۇر تەگدى زەربىسى.
گەدەندىن ئۈزۈلۈپ بېشى چالمىدەك،
دومىلاپ چۈشكەنتى بەئەينى توپتەك.
ئاندىن باشقىلارغا ئۆرىدى يۈزىن،
كۆتتى نېمە بولۇر دەپ باشقىلار سۆزىن.
بىرىمۇ كېلىشكە قىلمىدى جۈرئەت،
پەھلىۋان ئىشىككە كەلدى شۇ سائەت.
گۇرزە ئۇرۇپ، پارە قىلدى زەنجىرىن،
پارچىلىنىپ يەرگە چۈشتى بىر ــ بىردىن.

هويلىغا يۈگۈردى مىسالى شامال ،
مۈرىسىدە گۈرزە ، ياخشىلىق خىيال .
ئالدىدا پەيدا بولدى جەندەيۇ پىل ،
غەيرىتى جۇش ئۇرار نەق دەريايى نىل .
ئالدىدا قىمىرلاپ تۇرغان تاغ كۆردى ،
قازاندەك قاينىغان هويلا ، باغ كۆردى .
كۆرۈنگەن باتۇرلار ئىزدەر پاناھ جاي ،
بەئەينى بۆرىدىن قاچقان پادا قوي .
تۈۋلاپ قۇترىغان شىردەك تەھەمتەن ،
ئاق پىلغا تاشلاندى هېچ تەپ تارتماستىن .
مەست پىل رۇستەمنى كۆرگەنلا هامان ،
ئاڭا شىپقاپ كەلدى هەيۋەت تاغسىمان .
پىل يەتكۈزگۈچە رۇستەمگە زىيان ،
خارتۇمىدىن تۇتۇپ سىلكىدى پالۋان .
ئاندىن بېشىغا ئۇردى گۈرزىسى بىلەن ،
زەربىدىن شۇمشىيىپ قالدى تاغدەك تەن .
لەرزىگە كەلگەندەك بولدى بېھىستۇن ،
پىل يەردە ياتاتتى جانسىز ، خار ، مىسكىن .
قىمىرلىماي قالغاچقا قۇترىغان ئاق پىل ،
ياش باهادىر قايتتى ياتاققا شاد دىل .
مەمنۇن ئۇخلاپ قالدى ، شەرقتىن ئاپتاپ
كۈلۈپ باقتى دىلبەر يۈزىدەك بىنقاپ .
زالغا خەۋەر يەتتى ــ نى قىلدى رۇستەم ،
مەغلۇپ ــ تەسلىم قىلدى جەڭدە پىلنى هەم .
بىر زەربىدە ئەگدى ئۇنىڭ گەدىنىن ،
قارا يەر قىپتۇ ئاپئاق پىل تېنىن .
بۇ گەپنى ئاڭلاپ زابۇل سەردارى ،
ئېشىپ تاشتى ئۇنىڭ شان ــ ئىپتىخارى .
دېدى : « جۇدا بوپتۇ ئاپئاق جاندىن پىل ،
جەڭلەرگە چۇشەتتى بىر دەريايى نىل .
بەك نۇرغۇن جەڭلەردە بۇ پىل بولۇپ مەست ،
دۈشمەنلەر سېپىگە بەرگەنتى شىكەست .
ئېلىشىش ، ئۇرۇشتا پۈكمەي قەددىن هەم ،
ئۇنى يەر ئەيلىدى ياش يىگىت رۇستەم . »
رۇستەمنى چاقىرىپ ئورنىدىن قوپتى ،
ئالقىنىغا ئۇردى ، يۈز ــ كۆزىن سۆيدى .
دېدىكىم : « ئەي باتۇر ، نەررە شىر بالا ،
چاڭگىلىڭ قۇدرەتكە تولغان ئەر بالا .
ياش بولساڭمۇ كەلمەس ساڭا باراۋەر
هېچكىممۇ مەردلىكتە ، كۈچتە ، دىلاۋەر .
دۇنيانى تۇتماستىن بۈگۈن ئاۋازىڭ ،
ئاشكارا بولماستىن مەقسەت ، ئارمانىڭ .
نەرىمان خۇنىنى سەن قىلىپ تەلەپ ،
ئات چاپقىن سىپەند تېغىغا قاراپ .
بىر قەلئە كۆرىسەن بېشى ئاسماندا ،
بۇركۈتمۇ يېتەلمەس قانات قاققاندا .
تۆت پەرسەڭ كېلىدۇ بويىن ئۆلچىسەڭ ،
كەڭلىكىمۇ كېلەر خۇددى تۆت پەرسەڭ .
ئۇندا تولا ئوت ــ چۆپ ، سۇ ، دىنارۇ زەر ،
ئۇندا كۆپ ئادەملەر ، قۇش ۋە جانىۋار .
دەرەخلىرى سانسىز ، كەڭ ــ كەڭ ئېكىنزار ،
هېچكىم كۆرمىگەندۇر بۇنداق بىر دىيار . »
هەر مېۋە دەرىخى ، هەر هۈنەرۋەن بار ،
هەممىسىن ياراتقان پاك پەرۋەردىگار .
چىقىدىغان يولى بىرلا ، بەكمۇ تار ،
ئۇنىڭ ئاسمان ــ پەلەك دەرۋازىسى بار .
بىرىنچى پەهلىۋان ، باتۇر نەرىمان ،
بارىدا فەرىدۇن بەرگەندى پەرمان .
قەلئەگە باستۇرۇپ قويغاندا قەدەم ،
ئۇنىڭدىن بوشاپ قالغانتى ئالەم .
جەڭ قىلدى ئۇندا ئۇ باهادىرانە ،
هىيلىلەر ئىشلىتىپ ئاشكار ــ پىنهانە .
ئۇرۇش داۋام قىلدى كۆپ يىل ، كۆپ زامان ،
قەلئەنى قورشاپ تۇتاتتى نەرىمان .
قورغان تۆپىسىدىن غۇلاتتى ئۇ تاش ،
سىپاهدار دۇنيادىن ئېلىپ كەتتى باش .
سەردارسىز كەينىگە قايتتى زور قوشۇن ،
شاه ئالدىغا كەلدى ، ماتەمدە پۈتۈن :
نەرىمان ئۇرۇشتا بولۇپتۇ خاراب ،
بۇ خەۋەر كەلگەندە ، سام باغرى كاۋاپ .
يادلاپ يىغلىدى ئۇ ، يىغلىدى زار ــ زار ،
كۆز يېشى تۆكۈلدى گوياكى يامغۇر .
بىر هەپتە ماتەمدە قىلدى ئاهۇ ۋاه ،
كېيىنكى هەپتىدە ئويلاپ زور سىپاه
مۇستەهكەم قورغانغا يۈرۈش باشلىدى ،
لەشكىرىن هەر ياققا يېيىپ تاشلىدى .
قورشاپ ياتتى ئۇنى نەچچە ئاي ۋە يىل ،
ئەمما تاپالمىدى قەلئە ئىچىگە يول .

نه قەلئەگە كىرمەيتتى بىرەر تىرىك جان ،
نە ئۈنىڭدىن چىقماس ، ۋاقىت ئۆتەر ھامان .
يىللاپ تاقاق بولسىمۇ قەلئە مۇتلەقلا ،
موھتاجلىق سەزمەيتتى بىر نانغا ھەتتا .
ئاتا قىساسىن ئالالماي بىئارام ،
قايتىپ كەلگەنىدى شۇندا بوۋاڭ سام .
ئەمدى ساڭا نۆۋەت كەلدى جان ئوغلۇم ،
بىر چارە تاپسەن ئىشلىتىپ بىلىم .
سەن خۇشال يېتەكلەپ بارساڭ گەر كارۋان ،
سېنى تونۇمايدۇ بىرەر پاسىبان .
كىرىۋېلىپ كۈچۈڭ نامايان قىلغىن ،
ئۇ ئەبلەخلەر شېخى ، يىلتىزىن يۇلغىن .
تېخى ھېچكىم بىلمەيدۇ سېنىڭ نامىڭنى ،
بۇ ئىش ياكى بىرەر يۈرەك كامىڭنى . »

« بېشىم بىلەن ، — دېدى رۇستەم ، — بۇ پەرمان ،
ئەلۋەتتە تاپارمەن بۇ دەردكە دەرمان . »
زال دېدىكىم : « ئوغلۇم ، يىغىپ ئەس — ھوشۇڭ ،
سۆزۈمدىن چىقماسلىق بولسۇن ھەر ئىشىڭ .
چۆلدىن تۆگە كېلەر ، جەم قىلغىن كارۋان ،
ئۆزۈڭ لىباس كىيىپ ، ئاڭا بول سەرىبان .
تۆگىلەرگە تۇزلا يۈكلىسەڭ بولدى ،
كىملىكىڭ ھېچ كىشى سەزمىسە بولدى .
ئۇندا ھېچنېمە يوق ئاش تۇزدىن ئەزىز ،
ئۇندا ھەر نەرسىدىن قىممەت تۇرار تۇز .
قەلئە دەرۋازىسى ئېتىك كۆپ مەھەل ،
يېمەكلىكى تۇزسىز ، بولغاندا قامال .
گەر كۆرۈشسە ئۇلار يۈكى تۇز — يېمەك ،
يۈگۈرۈپ چىقشار ياش — قېرى بىردەك .

## رۇستەمنىڭ سىپەند تېغىغا بارغانلىقى

زال سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھامان ،
سەپەرگە ھازىرلىق قىلدى ئۇ پالۋان .
تولغان كۈچ — غەيرەتكە يەلكە ۋە قامەت ،
تۇز ئېچىگە تىقتى قورال كارامەت .
تۇغقىنىدىن ئالدى بىر نەچچە كىشى ،
ھەممە ھوشيار ، مەرد ۋە باتۇرلۇق ئىشى .
ئۇلار يارىغىنى ھەم تۇز ئىچرە نىھان
يوشۇرۇپ قويغانتى داڭدارۇ پالۋان .
تاپقان چارىسىدىن لېۋىدە كۈلكە ،
سىپەند تېغىغا ئات چاپتى بىئۆيقۇ .
يېتىپ باردى قەلئە ئاستانىسىگە ،
قاراۋۇل كۆرۈپ كىردى ئۆز خانىسىگە .
سەردارىغا دېدى : « كەلدى بىر كارۋان ،
ئالدىدا كەلگىنى قالتىس بىر پالۋان .
ئەگەر سورىسىڭىز گۇمانىم شۇكى ،
تۇز بولسا ئېھتىمال ئۇنىڭ بار يۈكى . »
سەردار ئەۋەتتى كارۋانغا چاپار ،
دېدى : « بېرىپ بىلگىن ، كىم كارۋانغا رەھبەر .
ئۇنىڭ يۈكى نېمە ، تېزرەك بىلىپ كەل ،
ھاڭۋاقما ، بەئەينى بوران بولۇپ كەل ! »
قەلئەدىن شامالدەك چىقتى ئۇ چاپار ،
چاڭ كەبى بېسىپ كېپ ، رۇستەمنى تاپار .

رۇستەمگە دېدىكىم : « ئەي كارۋان بېشى ،
نېمە ئۇ تاڭغان يۈكۈڭنىڭ ئىچى ؟
بىلىپ ، بېرىپ ئېيتاي باشلىققا شۇئان ،
ئاندىن ئېپ كېلەرمەن نېم بولسا پەرمان . »
رۇستەم دېدى : « ئېيتقىن داڭدار باشلىققا ،
تاغارلار تۇز بىلەن تولغان لىققىدە .
لەشكەر بېشىغا ئېيت ھەممىنى بىر — بىر ،
تۆگىلەرنىڭ يۈكى پەقەت ئاش تۇزدۇر . »
چاپار قايتىپ كەلدى ، چىقتى دۆڭلۈككە ،
يېتىپ باردى سەردار تۇرغان سارايغا :
« كارۋان يۈكىن بېرىپ كۆردۈم ئەي سەردار ،
تۇزدىن باشقا نەرسە يوق ئۇندا زىنھار . »
سەردار ئاڭلاپ بۇنى ئورنىدىن تۇردى ،
ھىجايدى ، چىرايى شادلىققا تولدى .
« دەرۋازا ئېچىلسۇن ! — دەپ بەردى پەرمان ، —
تاكى كۆتۈرۈلسۇن قورغانغا كارۋان ! »
قەيسەر رۇستەم بۇنى ئاڭلىغان زامان
« يۈر ! » دېدى ، يۇقىرى ئۆرلىدى كارۋان .
كارۋان دەرۋازىدىن كىرىشى بىلەن
ئادەمگە تولۇپ كەتتى يىراق ۋە يېقىن .
سەردارنىڭ يېنىغا كىرىپ تەھەمتەن
يەر سۈيۈپ قۇتلىدى ئېھتىرام بىلەن .

سوۋغا قىلىپ تۇتتى نەچچە تاغار تۇز،
ھەممىسىگە بىردىن دېدى ئىللىق سۆز.
«مەڭگۈ شاد بولسۇن، — دېدى سەردار، — بېشىڭ،
دائىما نۇر چېچىپ تۇرسۇن قۇياشىڭ!
سوۋغا قوبۇل قىلاي تەشەككۇر بىلەن،
خۇداگۇي كىشىنىڭ ئوغلى ئىكەنسەن.»
بازارىغا كىرىپ كەلدى ئۇ پالۋان،
پالۋان كەينىدىن پۈتۈن بىر كارۋان.
ھەر تەرەپتىن ئۇنى قورشىدى دەرھال،
كىچىك باللار ھەم ئەركىشى، ئايال.
بىرى كىيىم بېرەر، بىرى كۈمۈش، زەر،
بۇلاردىن خاتىرجەم تۇز سېتىپ ئالار.
قاش قارىيىشى بىلەن رۇستەمنى چاققان
قورغاننىڭ ئىچىدىن باشلىۋەتتى جەڭ.
قاراۋۇلخانا تامان تۇندە چېپىپ ئات،
لەشكەرلىرى بىلەن بېسىپ كىردى پات.
خەۋەر تېپىپ، ئۇيقۇدىن ئېچىپ سەردار كۆز،
رۇستەمگە تاشلاندى بىر ئۆزى يالغۇز.
بېشىغا ئۇرغاندا گۇرزە تەھەمتەن،
يەر بىلەن يەكسان بولدى باش ھەم بەدەن.
قورغان ئەھلى بۇندىن تېپىپ خەۋەر
ياۋۇز ياۋغا قارشى ھەممە قوزغىلار.
قارا تۇندە تىغلار دەرەخشان بولدى،
يەرنىڭ ئۈستى لالە بەدەخشان بولدى.
قان ئېقىنىدىن قىزىل دۆڭ ۋە خەندەك
گويا كۆكتىن يەرگە چۈشكەندەك شەپەق.
تەھەمتەن گۇرزىيۇ تىغ، ئوقيا بىلەن
باتۇرلار بېشىنى ئۈزەتتى تەندىن.
قۇياش باش چىقىرىپ كۆككە يول ئالدى،
يەردىن يۇلتۇزغىچە يورۇشۇپ كەتتى.
قەلئەدە قالمىدى بىرەر ساغلام تەن
جاندىن ئايرىلمىغان يا قان بولمىغان.
باتۇرلىرى ھەريان قېچىپ كېتىشتى،
قولغا چۈشكەنلىرى قەتلە قىلىندى.
رۇستەم بىر ئۆي كۆردى، تام، ئۆگزە تاشتىن،
تاغ ئارىلىقىدا يوللىرى قىستاڭ.
بىردىنبىر ئىشىكى تۆمۈردىندۇر ھەم،
مۇھەندىس ئورنىتىپ قويۇپتۇ مەھكەم.
گۇرزە بىلەن چېپىپ ئىشىكنى ئاچتى،
ئاندىن ئۆي ئىچىگە قەدىمىنى ئالدى.
تورۇسقا قارىدى، گۈمبىزى يوغان،
يەردىن تورۇسقىچە جەۋاھىر تولغان.
قېتىپ قالدى رۇستەم ھەيرانۇ لال
لېۋىنى چىشلەر: بۇ قانداق سىر — ھال؟
باھادىرلارغا دېدى: «بۇنداق مۆجىزە
كۆرەرمەن دەپ خىيال قىلمىغانتىم بىزە.
گويا كى كانلاردا ھېچ زەر قالماپتۇ،
دېڭىزلاردا دۇررۇ گۆھەر قالماپتۇ.
نەدە ئەگەر بولسا قانداق جەۋاھىر،
ھەممىنى يىغىپ شۇندا قويغاندەك بىر — بىر.»

## رۇستەمنىڭ زالغا زەپەرنامە يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى

ئاتىسىغا رۇستەم ئەۋەتتى خەۋەر،
نامىدە بار ئىشنى يېزىپ بىرمۇ بىر.
ئاۋۋال ياد ئېتىلدى پاك ئۇ يەزدان،
ھەممىنىڭ ئىگىسى، ئۇلۇغۋار چەندان.
گاھ ناھىدۇ بەھرام، گاھ قۇياشنىڭ مېھرى،
گاھ ياسىنىپ ياتقان زېمىننىڭ چېھرى.
ئاندىن ئاپىرىنلار ياغدى زالغا،
زابۇل پالۋانى ئۇ تەڭداشسىز چالغا.»
قۇتاسلار پاناھى ئىرانغا پەررەند،
شاھانە تۇغىنى كۆتۈرگەن بەلەند.
تەختۇ تاج، شاھلىقلار قىلدى ھەم ئېھسان،
يەرنى ئاي — قۇياش كەبى نۇرەپشان:
«ئەمرىڭ بىلەن كەلدىم سىپەند تېغىغا،
زېمىننىڭ ئاسماندەك بەلەن تېغىغا.
تاغنىڭ ئېتىكىگە يەتكەن ئاشۇ دەم
پاسىبانلار ئەمرى يوللىدى سالام.
ئەمر — پەرمانى بىلەن كىردىم ئىچىگە،
خاھىشەمدەك بولدى ئىشلىرىم، ھەممە.
تۇندە باھادىرلار بىلەن باشلاپ جەڭ،
بىرنى قويماي بارىنى قىلدىممەن يەكسان.
كىم ئۆلدى، كىم قاچتى سۆرەپ ئايىغىن،
يوللار ئارا تاشلاپ قورال — ياراغىن.

ئولجىمىز بولدۇ بەش يۈزمىڭ خەرۋار ،
ئۇندا باردۇر كۈمۈش ، يامبۇ ھەم گۆھەر .
گىلەم ، پالاس ، ماتا ھەم كىيىم ـ كېچەك ،
ھەممىسىنى ئەگەر جەملىسەك بىردەك ،
ھېسابلىساق يېتىپ يىل ، ئاي ، تۈنۈ كۈن ،
ھېسابىغا يېتىش ئەمەستۇر مۇمكىن .
بۇگۈن قانداق پەرمان قىلار پەھلىۋان ،
سۆزى قۇتلۇق ، ئۆزى روشەن دىل ئىنسان . »
چاپار يېتىپ كەلدى بەئەينى بوران ،
مەكتۇپنى تاپشۇردى داستانغا شادان .
خېتىن ئوقۇپ داستان يۈزلىرى كۈلگۈن ،
ئاپىرىن ئوقۇدى ، ئوغلىدىن مەمنۇن .
خەۋەردىن خۇشلۇققا تولدى پەھلىۋان ،
گويا ئۇ قايتىدىن بولدى نەۋقىران .
جاۋابىغا بىر خەت يازدۇردى داستان ،
ماختاش ، ئاپىرىنلار ئۇنى قاپلىغان .
خۇدا نامىغا نەئىت ئاۋۋال ھەممىدىن ،
ئاندىن يازدى : « دىلكەش خېتىڭنى ئالدىم .
سائادەتلىك چاغدا ئوقۇدۇم خېتىڭ ،
ماڭا جان بېغىشلار بەخت ـ سائادىتىڭ .
ساڭا يارىشىقتۇر شۇنداق كارى زال ،
كىچىككىدىن مەردلىكىڭ قىلدىڭ ئاشكار .
نەرىمان روھىنى شاد ئەيلىدىڭ ، شاد ،
دۈشمەنلەرنىڭ قىلدىڭ ھەممىسىن بەرباد .
ئەمدى ئولجىلارنى توشۇماق ئۈچۈن ،
مىڭ تۆگە ئەۋەتتىم ، بارار تۈنۈ كۈن .
خېتىمنى ئېلىپلا دەرھال ئاتقا مىن ،
سەنسىز پەرىشان دىل ، يۈرىكىم غەمكىن .
تۆگىلەرگە يۈكلە كېرەكلىكنى بار ،
ئاندىن ئۆيلىرىگە ئوت قوي قىساسكار . »
بۇ نامەنى ئېلىپ ئوقۇغاچ رۇستەم ،
خۇشال بولدى ، دىلدىن كەتتى قايغۇ ـ غەم .
نېمىكى كېرەكلىك كۆرۈنسە ئەگەر ،
تامغىيۇ قىلىچۇ كۇلاھۇ كەمەر ،
مەرۋايىت ، گۆھەرۇ كۈمۈشۇ ئالتۇن ،
يا چىن پادىشاھىنىڭ باش ـ ئاياغ نەقشىن ،
تاللاپ ئاتىسىغا ئەۋەتتى سىرتلان ،
يولغا راۋان قىلىپ چوڭ بىر كارۋان .
ئاندى ئوت قويدى ، كۆيمەكتە سىپەند ،
تۈتۈن كۆتۈرۈلدى پەلەككە بەلەند .
قايتتى ، يولغا چۈشتى ، دىلى شادىمان ،
يولدا ئۇچۇپ بارار مىسالى بوران .
خەۋەر تېپىش بىلەن نېمرۇز سۇلتانى :
ئالەمنى يورۇتۇپ قايتار ئوغلانى ،
غالىبنى كۈتۈشكە ھەممە جايلاندى ،
كوچىلار راسلاندى ، ئەلەم باغلاندى .
كانايلار چېلىندى ، چېلىندى ناغرا ،
قوزغالدى شەھەر ۋە قىشلاقلار تەڭلا .
ئۇدۇل كېلىپ چۈشتى زال ئايۋانغا ،
يول ئايدىڭ كامىياب پەھلىۋانغا .
ئەڭ ئاۋۋال ئانىسى رۇدابە تامان ،
كېلىپ يۈزىنى يەرگە ياقتى ئوغلان .
بويۇن ، يۈزلىرىگە سۆيەتتى ئانا ،
ئوغلىغا ئاپىرىن ئېيتاتتى ئانا .
ئوغلىن چىڭ قۇچاقلاپ سۆيەتتى سەردار ،
خەلققە سوۋغا بېرىڭ ،دەيدۇ ، نېمە بار ! »

## زالنىڭ سامغا مەكتۇپ يازغانلىقى

پالۋان سامغا خەۋەر ئەۋەتتى بەك تېز ،
مەكتۇپ يېزىپ ، سۆزگە زال بېرىپ پەرداز .
تەڭرى نامى بىلەن باشلاندى نامە ،
ئاندىن بايان قىلىندى بارچە ئەڭگىمە .
نامە بىلەن چاپار ئەۋەتتى يەلدەك ،
سوۋغاتلار ماڭدۇردى بەئەينى سەلدەك .
نەيرەم ئوغلى سامغا نامە يەتكەن كۈن ،
شادلىقتىن ياشنىدى يۈزلىرى كۈلگۈن .
خۇشال بولغىنىدىن پەھلىۋان نامدار ،
بىر بەزمە باشلىدى ، جۇش ئۇرغان باھار .
چاپارغىمۇ كىيىم ئەيلىدى ئىنئام ،
توختىماي رۇستەمدىن سۆزلىدى ئۇ سام .
كاتىبلارغا بېرىپ مۇكاپات ، جامە ،
مۇزەپپەر ئوغلىغا يازدۇردى نامە .
زالغا شۇنداق سۆزلەر ئەيلىدى بايان :
« ئەجەبمەس شىردىن شىر تۇغۇلسا ھامان .

ئۇنى گۆدەكلىكتە ئېلىپ كېتىنىشسە ،
قوي پادىسى ئىچرە مۇقىم ئېتىنىشسە .
ۋە لېكىن چىققاندىن كېيىن چىشلىرى ،
شىر كەبى بولىدۇ ئۇنىڭ ئىشلىرى .
كۆرمىگەن بولسىمۇ ئانا كۆكسىنى ،
خۇددى ئاتىسىدەك كېرەر كۆكسىنى .
ئەجەب ئەمەس رۇستەم بولسا پەھلىۋان ،
سەۋەبى ئاتىسىدۇر داڭدار داستان .
كۈچ تولۇپ ۋايىغا يەتكەندە گۆدەك ،
شىر ئۆزى ئۇنىڭدىن سورايدۇ مەدەت . »
مەكتۇپقا مۆھرىنى باسقاندا سام باتۇر ،
چاپار تۇرار ئىدى قايتىشقا تەييار .
ئېلىپ قۇشتەك ئۇچۇپ ، يول ئالدى چاپار ،
سوۋغات ۋە مەكتۇپنى ئالدى زالى زەر .
نەۋقىران ئىشىدىن ھەممە شادىمان ،
ئوغلىغا زوقلىنىپ قارار پەھلىۋان .
ئۈمىد بىلەن قارار ئاڭا يەر يۈزى ،
تاغلارۇ دېڭىزۇ كۆك يۇلتۇزلىرى .
بۇ گۈن سۆز باشلاي ، مەنۇچېھىردىن ،
ئادالەت پادىشاھ ئىشقى ــ مېھرىدىن .
كۆز يۇمۇپ كېتىشكە يەتكەندە پۇرسەت ،
ئوغلىغا قىلدى ئۇ شۇنداق نەسىھەت .

## مەنۇچېھىرنىڭ ئۆز ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلغانلىقى

مەنۇچېھىر يېشى بار ئىككى ئاتمىش ،
شاھ ئۆزى چۈشەندى : يول تۈگەپ قالمىش .
ئەتراپىنى ئورىغان مۇبەد ــ مۇنەججىم ،
ئاسمان سىرلىرىغا ئىزدىشىپ پىچىم ،
كۆرۈشتى شاھ ئۆمرى سۇنار شۇ يوسۇن ،
دۇنيادىن كۆز يۇماق مۇددىتى يېقىن .
خەۋەر بېرىشتىكى : « يېقىن قارا كۈن ،
روشەن پېشانەڭنى باسار قارا تۈن .
يېقىن قالدى ئۆزگە سارايغا سەپەر ،
تەگرى جايىڭ جەننەت قىلسۇن بۇ سەپەر .
بۇ گۈن ئىشلىرىڭنى ئۆتكۈز نەزەردىن ،
ئۆلۈم كەلسە تېنەپ كەتمە خەتەردىن .
ئىشلىرىڭ تۈگىمەي كۈنۈڭ پۈتكۈسى ،
قارا يەر ئاستىدا تېنىڭ ياتقۇسى . »
دانالار سۆزىنى ئاڭلاپ پادىشاھ ،
ئىش يولىن ئۆزگەرتتى ، ئەجەل بىداۋا .
مۇبەدلەرنىڭ بارىنى چىللاپ قېشىغا ،
دىل سىرىن ئاچتى قېرىندىشىغا .
چوڭ ئوغلى نەئۇزەر ئۇ پالۋانىغا ،
ۋەسىيەت باشلىدى شىر ئوغلانىغا .
دېدى : « شاھلىق تەختى ئەلدەك بىباھا ،
ئاڭا ئەبەد مېھىر قويماقلىق خاتا .
ياشىدىم دۇنيادا يۈز يىگىرمە يىل ،
ياخشى ــ يامىنىغا مەھكەم باغلاپ بەل .
كۆپ ئارزۇغا يەتتىم ، شادلىق كۆردۈم مەن ،
ئالدىمدا تىترىدى بەتنىيەت دۈشمەن .
فەرىدۇن سۆزلىرىن يار تۇتقان ھامان ،
پايدىغا ئايلاندى ھەر قانداق زىيان .
سۈپۈردۈم خىلمۇ خىل بۇنياد ئاساسىن ،
ياۋدىن ئالدىم بوۋام ئەرەج قىساسىن .
يامانلاردىن خالىي ئەيلىدىم جاھان ،
قۇردۇم تالاي ــ تالاي قەلئە ۋە قورغان .
ئەمما تۇرمىغاندەك دۇنيادا بىر ئان ،
ئۆتكەن يىللار تېزلا بولدىيۇ نىھان .
ئاچچىق بولسا ئاخىر دەرەخ مېۋىسى ،
نېمىگە ئەرزىيدۇ ياشاش مەنىسى .
بېشىمدىن ئۆتكۈزگەچ بەسى دەردۇ رەنج ،
ساڭا بەرمەكتىمەن شاھلىق ، تەختۇ گەنج .
بىر زامان فەرىدۇن بەرگەندەك ماڭا ،
سىنالغان بۇ تاجنى بېرەرمەن ساڭا .
شۇنى بىل ، تېتارسەن بەسى شىرىنلىك ،
ئەمما ئۆتكۈسىدۇر جەمى چەكسىزلىك .
ئەگەر ياخشىلىقتىن قالدۇرساڭ نىشان ،
ئەلدە نامىڭ پارلاپ تۇرار كۆپ زامان .
كەيىنگىدىن دېيىشسۇن پەقەت ئاپىرىن ،
ئەي پاك ئەجدادلاردىن تارقالغان پاك دىن .
ئىمانىڭدىن تېيىپ كەتمە سەن ئوغلان ،
ئىزگۈلۈككە باشلار كىشىنى ئىمان .
ئادالەت قايتىدىن بولۇر جىلۋىدار ،
جاھانغا كەلگۈسى يېڭى پەيغەمبەر .

شەرقتىن چىققۇسى كاتتا بىر سىنە ،
ھوشيار بول ، قوزغاتما ئاداۋەت ــ پىتنە .
ئاگاھ ئەگەش ، ئاشۇ يەزدان دىنىدۇر ،
ئىزگۈلۈك ئاساسى ، دىن ئاساسىدۇر .
يەزدان سىزنىڭدىن چىقما ھېچ زامان ،
ئۇنىڭ ھۆكمىدۇر ياخشىيۇ يامان .
كېيىنرەك تۇراندىن كېلەر زور سىپاھ ،
ئىران تەخت ــ تاجىغا كۆتۈرگەي سەلاھ .
كۆپ قىيىن دەۋرلەر ئالدىڭدا ، ئوغلۇم ،
گاھ بۆرىدەك غالىب ، گاھى قويدەك جىم .
تۇراندىن زور چىقار ئاتىسى پەشەڭ ،
ئۇنىڭدىن بولغۇسى دۇنيا ساگا تەڭ .
ئوغلۇم ، قانچە كەلسە قوشۇن بىئادەت ،
پەقەت زالۇ سامدىن ئىزدىگىن مەدەت .
ھەم زال يىلتىزىدىن ئالغىن نەۋنىھال ،
كارىڭغا يارايدۇ ، خالىغانچە ئال .
تۇران يېرى ياتار ئۇنىڭ ئايىغىدا ،
ياۋلارنىڭ جازاسىن بېرەر جايىدا . »
شۇ سۆزلەرنى دەپ يۈزى نەم بولدى ،
ئۈستىدە ياش تۆكۈپ ئوغلى ھەم بولدى .
پادىشاھ دەرد تارتمىدى ، بولمىدى بىمار ،
كېسەللىك بەرمىدى ئاڭا ھېچ ئازار .
ئاستا تاماملاپ شاھانە سۆزنى ،
بىر سوغۇق ئاھ تارتىپ يۇمدى كۆزىنى .
ئۆتۈپ كەتتى شۇنداق نامدار شەھرىيار ،
جاھاندا سۆز ئۇندىن قالدى يادىكار .

مەنۇچېھر ئىران تەختىدە يۈز يىگىرمە يىل ئولتۇرۇپ مەملىكەتنى گۈللەندۈرىدۇ . بۇنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قالتىس مېۋىسى ئىدى . ئۇنىڭ دەۋرىدە تۇرانلىقلار ئىران يەرلىرىگە يېقىن كېلەلمەيتتى .

مەنۇچېھر ۋاپاتىدىن كېيىن ئەھۋال تامامەن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ . تەختكە ئولتۇرغان ئۇنىڭ ئوغلى نەئۇزەر مەملىكەتتە نەھەقچىلىكلەرگە يول قويىدۇ ، ئادالەتسىزلىك كۈچىيىدۇ . مەملىكەت ئاجىزلىشىدۇ ، قالايمىقانچىلىق ئەۋج ئالىدۇ . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تۇرانلىقلار ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ . بۇ ئۇرۇشتا ئىران قوشۇنلىرى يېڭىلىدۇ . باھادىر قۇباد جەڭدە بەرمان قولىدا ھالاك بولىدۇ . شاھ نەئۇزەر ئەفراسىياپ بىلەن بولغان جەڭدە ئەسىرگە چۈشىدۇ ۋە كېيىن قەتلە قىلىنىدۇ .

ئىران تەختىگە لايىق ئادەم تېپىلمايدۇ . نەئۇزەرنىڭ تۇس ۋە گۇستەھەم دېگەن ئىككى پالۋان ئوغۇللىرى بار ئىدى . ئەمما چوڭ دۆلەت ئۇلارنىڭ تاج ــ تەختكە ئىگىلىك قىلىشلىرىغا رازىلىق بەرمەيدۇ .

بۇ ئارىدا رۇستەم ئۆسۈپ ــ يېتىلىپ ، ئۆزىگە ئات تاللايدۇ . ئۇنى تۇلپار دەپ ئاتايدۇ . زال ئەفراسىياپقا قارشى قوشۇن توپلايدۇ . قۇدرەتلىك شاھ ئەفراسىياپ بىلەن جەڭ باشلايدۇ .

ئىران باھادىرلىرى بىشىدا تۇرۇشقا لايىق ، ئىراننىڭ قەدىمىي شاھلىرى تەختۇ تاجىغا مۇناسىپ بىر كىشى تېپىلمايدۇ . بۇ چاغدا قۇدرەتلىك دۆلەت دانىشمەنلەر بىلەن مەسلىھەت قىلىدۇ . ئۇلار : « ئېلبۇرز تېغىدا بەختلىك بىر ئۆلكە بار ، ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شاھ قۇباد فەرىدۇن ئەۋلادىدىن بولۇپ ، ئۇ ئىران تەختىگە لايىق ، ئۇنى ئېلىپ كېلىدىغان باھادىر بولسا بولاتتى دېيىشىدۇ .

زال ئوغلى رۇستەمنى بىر توپ لەشكەر بىلەن يولغا سالىدۇ . رۇستەم قۇبادنى تېپىپ ئېلىپ كېلىدۇ . تەختكە ئولتۇرغۇزۇش مۇراسىمى بولىدۇ . تۇرانلىقلار بىلەن جەڭ باشلىنىدۇ . جەڭدە رۇستەم ئاتىسىدىن ئەفراسىياپنى كۆرسىتىشنى سورايدۇ . زالنىڭ « سەن تېخى ياشسەن » دەپ قايتۇرۇشلىرىغا قارىماي ، ئەفراسىياپ بىلەن جەڭ قىلىدۇ . ئۇنى يوتىسىدىن تۇتۇپ ئاتتىن يۇلۇپ ئالىدۇ ــ دە ، شاھ قۇباد تەختى تەرەپكە چېپىپ كېتىدۇ . ئەفراسىياپ بۇ قولدىن قۇتۇلۇشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ . ئەمما ئۇنىڭ بەلبېغى ئۈزۈلۈپ ، يەرگە چۈشۈۋالىدۇ ۋە ئادەملىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قېچىپ قۇتۇلىدۇ . ئىرانلىقلار جەڭدە يېڭىدۇ .

كەيقۇباد يۈز يىل شاھلىق قىلىدۇ ، ئۇندىن كېيىن تەختكە ئۇنىڭ ئوغلى كەيكاۋۇس ئولتۇرىدۇ ۋە بىر يۈز ئەللىك يىل شاھلىق قىلىدۇ .

# كەيكاۋۇس

## كەيكاۋۇسنىڭ تەختكە چىققانلىقى ۋە مازەندەرانغا يۈرۈش قىلغانلىقى

دەرەخ يوغىنىسا تۆكەر ھوسۇلنى ،
ئادەم قېرىسا تىلەر ساپ دىلنى .
ياپرىقى سولىدۇ ، ئۇسسايدۇ يىلتىز ،
مەغرۇر بېشى تۆۋەن ئېگىلەر ئاجىز .
مەڭگۈلۈك جايىدىن قوزغالسا ئەگەر ،
ئۇنىڭ ئورنىن ئالغاي دەرھال باشقىلار .
بېرىپ كەتكەي ئاڭا باھار بېغىنى ،
شېخى ، مېۋىسى ھەم نۇر چىرىغىنى .
ياخشى يىلتىزدىن گەر چىقسا يامان شاخ ،
يىلتىزنى يامانلاپ ، قارغىما ھېچ ۋاخ .
ئاتا پەرزەنتىگە قالدۇرسا جاھان ،
قىلار مەلۇم ھەرنېمە بولسا ھەم نىھان .
ئەگەر يەرگە ئۇرسا ئاتا نامىن ئۇ ،
ئۇنى پەرزەنت دېمە ، بىگانە ئۇ .
ئەگەر ئۇ يوقاتسا ئۇستاز يولىنى ،
جاپا تىغى يىرتار ھاياتتا دىلنى .
بۇ كونا ساراي رەسمى شۇنداق ، بۇ چىن ،
بىلەلمەيسەن ئەسلا باش ۋە ئاخىرىن .
يامانلىقنى كىمكى قىلسا گەر ئادەت ،
بۇ دۇنيادىن نامى ئۆچەر ئاقىۋەت .
ئەگەر سۆز باشلىسا ئاقىلانە چال ،
سۆزلىرىنى قويماي تولۇق يادلاپ ئال .
كاۋۇس ئولتۇرغاندا ئاتا تەختىگە ،
جاھان بولدى ئەسىر ئۇنىڭ بەختىگە .
كۆز ئالدىدا پەيدا ھەممە خەزىنە ،
قۇل قىلغانىدى جاھاننى ئۆزىگە .
تەختىيۇ ، زەر - كۈمۈش ، ئۈنچەيۇ گۆھەر ،
ئالتۇن تاجىدا زەبەرجەد يانار .
ھەم ئەرەب ئاتلىرى ، تۇلپار ، قېلىن يال ،
بۇلارنى ھېچكىممۇ قىلالماس خىيال .
بىر كۈن شاھ ئولتۇرۇپ زەررەڭ گۈلشەندە ،
يېقىملىق مەي ئىچەتتى شوخ ئەنجۇمەندە .
پۈتلىرى بىللۇر ،تەخت ئىدى ئالتۇن ،
جاھان شاھى ئۇندا ئالار ئىدى تىن .
ئىران باتۇرلىرى بىلەن پادىشاھ
قىلار ئىدى سۆھبەت قىلىپ دىلكۇشا .
دېدىكىم : « جاھاندا قايسى پادىشاھ —
سۇلتانغا ياراشقاي بۇ تەخت ، كۇلاھ ؟!
جاھاندا ئۇلۇغلۇق پەقەت ماڭا خاس ،
باشقىغا ياراشماس ، پەقەت ماڭا ماس . »
تىنماي شاراب ئىچىپ سۆزلەر ئىدى شاھ ،
سىپاھلار ئاڭا قارار خەيرىخاھ .
ئالىپ مۇترىب سىياقىغا كىرىپ بىر غەددار ،
ئىشىك ئاغىسىغا دېدى ئۇ ھەييار :
« يۇرتۇم مازەندەران ، ئۆزۈم چالغۇچى ،
ئاۋازىم كىشىلەر كۆڭلىن ئالغۇچى .
مېنى گەر قۇللۇققا لايىق كۆرسە شاھ ،
تەخت پايىغا مېنى ئەيلىگىن ھەمراھ . »
نىقابدار نىقابىن ئېچىپ شۇ زامان ،
شاھىنشاھ يېنىغا كەلدى خىرامان .
دېدى : « ئاستانەڭدە بىر مۇترىب تۇرار ،
بەرباتى قولىدا ناخشىغا خۇمار . »
« چىقىڭلار ، — دېدى شاھ ، — ئۇنى قارشى ئېپ ،
چاڭچىلار يېنىغا قويۇڭ ياخشىلاپ . »
بەرباتنى چاڭچىغا سازلاپ ئالدى ئۇ ،
مازەندەرانچە كۈي باشلاپ قالدى ئۇ :
« مازەندەرانىمنى مەن ئەيلەيىن ياد ،
بېشىدىن ئاياغ ئۇ دائىما ئاۋات .
بوستانلىرىدا ھەمىشە يېڭى گۈل ،
تېغىدا لالە ، سۇمەن ۋە سۇمبۇل .
يېقىملىق سۈيى ، خۇش زېمىنى بار ،
مۆتىدىل ھاۋا ، ھەمىشە باھار .
بېغىدا دائىم بۇلبۇل ۋە كاككۇك ،
تېغىدا ئوينايدۇ ئاھۇ ۋە كېيىك .
بىر - بىرىن ئىزدىشەر ئۇياقتىن - بۇياق ،
ھەر تامان ، ھەرزامان رەڭگارەڭ بوياق .

ئېرىقلاردا لىق ئاقار تىنىق سۇ ،
پۇرايدۇ ئەتىر گويا ساپ مۇشكۇ .
دەي ، بەھمەن ھەم يالقۇن ، پەرۋەردىن ،
دائىما لالىگە تولغان بۇ زېمىن .
ئېرىق لېۋىدە ھەمىشە خەندە ،
قۇرغۇي شىكارى تاغۇ چىمەندە .
باشتىن ـ ئاياغ تاقار زېبۇ زىنىنەت ،
شاھى ئالتۇندىن بۇ گۈزەل جەننەت .
ئۇندا چۆرىلەر تاجى تازا زەر ،
نامدارلار بېلىن قۇچار زەر كەمەر.
ئۇ ئاۋات يەردە بولمىغان كىشى
ئۆتەر ئارماندا ، تۈزەلمەس ئىشى . »
كاۋۇس بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن ،
يېڭى پىكىرلەر كەچتى كۆڭلىدىن .
ئۇرۇشقاق دىلىدا قوپتى شۇ زامان ،
قوشۇن تارتماق پىكرى ئاشۇ يۇرت تامان .
سىپاھدارلارغا دېدى ئۇ سىلىپ رەزم :
ھەممىمىزنى چۇلغىسۇن بۇ كۈنى بەزىم ،
باتۇر تەتۈرلۈكىنى ئەيلىسە پېشە ،
تىنچ دەملەرگە تويماس ھەمىشە .
مېنىڭ زاتىمغا تەڭ كېلەلمەيدۇ جەم ،
بەختىمگە يېتەلمەس زەھھاك ، قۇباد ھەم .
ئۇلاردىن كۆپتۇر بەك مېنىڭ ھۈنىرىم ،
جاھاننى ئىشغال قىلار بۇ تاجدار بېشىم . »
ئۇلۇغلارغا يەتكەچ بۇ سۆزلەر سىرى ،
ئېزگۈلۈك بىلمىدى بۇنى ھېچبىرى .
يۈزلىرى تاتاردى ، قالمىدى كۈلكە ،
ئەھرەمەنلەر جېڭىن كىم قىلار ئارزۇ .
ھېچكىم ئېيتالمىدى راست سۆز ، راست جاۋاب ،
لەۋلەردە مۇزدەك ئاھ ، دىللار بولدى ئاب ،
ئىران باتۇرلىرى گۇدەرزۇ كەشۋاد ،
گۆرگىنۇ بەھرامۇ ، تۇسۇ گېۋ ، خەرراد .
بىر ئېغىزدىن دېدى : « بىز ئاددىي ئادەم ،
سېنىڭ ئىزىڭ بىلەن قويىمىز قەدەم . »
ئاندىن بىر يىغىنغا توپلىشىپ ياۋاش ،
پادىشاھ سۆزلىرىدىن تاۋلىششتى باش .
ھەممەيلەن كېڭەشتە دېدىكىم بىر ـ بىر :
« بەختىسىز بېشىمىزغا نېم سالار تەقدىر ؟
مەستلىككە ئارتمىسا ئەگەر شەھرىيار ،
بۇ سۆزلەرنى يەنە قىلسا ئاشكار ،
قىلار بىزنى ھەم ئىراننى ھالاك ،
نېم بولغاي بۇ ۋەتەن ۋە بۇ ئابۇخاك ؟
جەمشىدكە بويسۇنغان ئىدى دىۋە ـ پەرى ،
تەختۇ بەخت ، ھايۋانات ، جانلىق ھەممىسى .
ئەمما ياد ئەتمەيتتى مازەندەراننى ،
جېڭىن ئىزدىمەيتتى دىۋە غەرراننىڭ .
ھەيۋەتلىك ، بىلىملىك فەرىدۇن ئۇچۇن
بولمىدى بۇنىڭدەك ئەقىل رەھنەمۇن .
بۇ يولغا كىرىشى لايىق بولسا گەر ،
شۆھرەتۇ مەردلىكۇ خەزىنە ، گۆھەر
بىلەن ئۇ مەنۇچېھر تۇرغانىدى دەست ،
كىشى ھىممىتىنى ھېچ قىلمايتتى ئۇ پەست .
بىرەر چارە تاپماق داۋادۇر ، داۋا ،
ئىران يەرلىرىدىن قايتسۇن بۇ بالا ! »
ئاندىن كىچىكلەرگە سۆز باشلاپ ، توس دەر :
« ئەي ئىش كۆرگەن باتۇر ، ئەي جەڭ ئارا شىر ،
يىگىتلەر ، بۇ ئىشنىڭ بىرلا چارىسى ،
شۇ ئىشنى قىلايلۇق ، گەپنىڭ نەق ئۆزى .
زال تامان چاپقۇر بىر تۆگە بىلەن ،
سوۋغات ئەۋەتەيلى چىن دىلىمىزدىن .
دېسۇن : يۇما بېشىڭنى بولسا توپا ـ چاڭ ،
بىرياققا قارات پىكىرىڭ ۋە يۈزۈڭ !
ئەگەر ئۇ شەھرىيار قۇلىقىغا پەند
سۆزىن ئېيتىپ ، سالسا پۇتىغا بەند ،
دېسۇن ھەم ، بۇ ئىشنى دىۋە ئەيلەپتۇ ياد ،
دىۋە ئىشىكىن ئاچماق يارىماس كۇشاد .
قايتۇرسا بولاتتى پادىشاھنى زال ،
بولمىسا بۇ شان ـ شەۋكەت تاپقۇسى زاۋال . »
يەنە قانچە سۆزلەر كەلدى ھەم تىلغا ،
ئاخىر چاپقۇر تۆگە سېلىندى يولغا .
چېپىپ كەتتى نىمرۇز دىيارى تامان ،
مېڭىشتى دانا زال قېشىغا راۋان .
نامدارلار سالىمىن يەتكۈزدى زالغا ،
ئىراننىڭ گۆھىرى سام ئوغلى چالغا .
« بېشىغا بىر ئىش چۈشتى ، ئەجەب بىنەزىر ،
ئەقىلگە سىغمايدۇ ، ئېيتسام بىرمۇ بىر .
بۇ ئىشقا ئەگەر سەن باغلىمساڭ بەل ،
يا يۇرتىمىز قالماس ، يا ئۇنىڭدىكى ئەل . »

شاھ دىلىن بىر پىكىر چۇلغىدى شۇئان:
« يولىدىن ئازدۇرۇپتۇ ئۇنى ئەھرىمەن.
ئەجدادلار قالدۇرغان بايلىق بىھېساب،
ئەمما بىقانائەت شاھ كېتەر ئالدىراپ.
بېرىشلىك گەر ئازراق كېچىكسىپ قالسا،
ئەجەبمەسكى لەشكەر يولغا قوزغالسا.
كەيقۇباد دەۋرىدىن تارتقان مېھنىتىنىڭ،
نەررە شىردەك جەڭدە زور شىكايىتىنىڭ،
رۇستەم بىلەن بىللە يىغقىنىڭ دۆلەت،
ئەجەبمەسكى شامال ئەيلىسە بەربات.
ھازىر ھەممە ئۇنىڭ ئالدىدا ئەلدۇر،
بەد پىكىرلەرگە، بىلمىدىم، نېم سەلدۇر؟ »
بۇ سۆزدىن لەرزىگە كەلدىكى داستان،
شاھانە دەرەخنىڭ ياپرىقى خازان.
دېدى: « مەغرۇر كاۋۇس ئۆز ئىمكانىدىن
چىقار... چىقمىسا قاچار ئەل پوكىنىدىن.
كىمكى يولباشچىدۇر، دەھر ئېلىگە باش،
ئاڭا تەن بېرىدۇ، يىللار، ئاي، قۇياش!
تىغىن خىيال قىلسا ئەگەر دە جاھان،
چوڭ ــ كىچىك ھەممىسى بولاتتى لەرزان.
ئەجەبمەسكى مەندىن تولغىسا قۇلاق،
دىلىم خەستە، سۆزۈم پەردە قالغان چاغ.
شاھ ئىشىدىن يۈزۈم ئۆرۈسەم شۇئان،
ئەگەر ئۆز يۇكۈمنى ئەيلىسەم ئاسان،
نە ئاللاھقا مەقبۇل ئەمەس بەندە ئىشى،
نە ئىراندا مەقبۇل دېمەس بىر كىشى.
قىلىپ كۆرەي بېرىپ ئاڭا نەسىھەت،
گەر ئالسا قۇلاققا، ئۇ پايدا پەقەت.
قۇلاق سالمىسا گەر، قايتىشتۇر يولۇم،
قوشۇن بىلەن قالسۇن تەھەممەتەن ئوغلۇم.»
زال تۈن بويى كىرپىك قاقمىدى ھېچبىر،
قۇياش نۇرلۇق تاجىن كۆتۈردى ئاخىر.
بەل باغلاپ شاھ تامان بولدى راۋانە،
ئاڭا ھەمراھ بولدى بىر مۇنچە دانا.
خەۋەر تارقالدى تېز ئىران زېمىنگە،
تۇسۇ گۇدەرزۇ گېۋ، بەھرام گور گىنگە
كى داستان ئىرانغا يېقىن يولىدى،
ھۇمايون بايرىقى ئېگىز جاي ئالدى.
شۇئان لەشكەر بېشى چىقتى ئالدىغا،
باتۇر قېرى ــ ياشلار چىقتى ئالدىغا.
يېقىنلاشقان زامان زالى سامزادە،
ھەممە ئاتتىن چۈشۈپ بولدى پىيادە.
ئاڭا تەزىم قىلىپ، ئېگىلدى باشلار،
شاھ تامان باشلىدى ئۇنى سەركەشلەر.
تۇس دېدى: « ئەي ساماۋى پالۋان،
يىراق يول جاپاسىن چېكىپسەن ھامان.
ئىران كاتتىلىرىنىڭ تىنچلىقىن كۆزلەپ،
تىنچلىقىڭدىن كېچىپ، كېلىپسەن بوزلاپ.
ھەممە دۇئاگويىنىڭ بېشىدىن ئاياغ،
كۇلاھىڭ شۆھرىتى بىز ئۈچۈن چىراغ.»
نامدارلارغا جاۋاب بەرگەن شۇ مەھەل،
زال دېدى: « ھاياتنا تاپتى كىم زەرھەل؟!
كىم ئاتىلار سۆزىن ئەيلىسە گەر ياد،
تەگرى قىلغۇسىدۇر ھاياتىن ئاۋات.
ئۇنىڭ ئۆزى بولسا نەسىھەتكە زار،
ئۇندىن پەند ئالماقلىق بىزلەر ئۈچۈن ئار.
نەسىھەتتىن تېپىش كىمنىڭ يوسۇنى،
پۇشايمانۇ زەخمەت بولار مېۋىسى.
پەندۇ نەسىھەتتىن كىم ئۆرۈسە يۈز،
زەخمىتى مىڭ بولۇر، پۇشايمانى يۈز.»
دېدىلەركى، بىز سەن بىلەن بىرگىمىز،
نەسىھەتلىرىڭدىن يورۇق دىلىمىز.
پادىشاھ سارىيىغا كېلىشتى ھەممە،
تاجۇ تەخت ئاستىغا كېلىشتى ھەممە.

## زالنىڭ كاۋۇسقا نەسىھىتى

ساراي ئىچرە كىردى شۇئان زالى زەر،
كەينىدە تۆرىلەر، ھەممە زەر كەمەر.
پىل سۆڭەك تەختى ئۈستىدە شادكام
ئولتۇرغان كاۋۇسنى كۆرۈپ زالى سام،
قولىن قوشتۇرۇپ، تۆۋەن ئېگىپ باش،
ئولتۇردى جايىغا يېتىپ دىلخەراش.
دېدى: « ئالەم شاھى ئۆزۈڭسەن خىل، ساز،
ئۇلۇغلار ئارا سەن ئۇلۇغ، سەرەفراز.
سېنىڭدەكنى قاچان كۆرەر تاجۇ تەخت،
بۇ گەردۇن ئاڭلار كىن قاچان بۇنداق بەخت؟

ساناقسىز يىللار بول غالىب ھەمدە شاد ،
بىشىڭ بىلىم ، دىلىڭ ئادىللىقتىن ئاۋات . »
شۆھرەتلىك شاھ كەرەم بىرلە خۇش چىراي
كۆرسىتىپ ، يىپىدىن ئاگا بەردى جاي .
يول جاپالىرىدىن سورىدى ئەھۋال ،
رۇستەم ، باتۇرلاردىن سورىدى سوئال .
شۇنداق سۆز باشلىدى شاھقا زالى زەر :
« ئەبەدىي دەۋر سۈر غالىب ، بىزەرەر .
ھەممىمىز شاد ـ خۇرام سېنىڭ بەختىڭدىن ،
بىشىمىز ئاسماندا سېنىڭ تەختىڭدىن . »
شۇندىن كېيىن ئاستا باشلاپ ھېكايەت ،
نەسىھەت ئېشىكىن ئاچتى نىھايەت .
دېدى : « ئەي ، جاھانغا لايىق شەھرىيار ،
ئۇلۇغلار تەختىگە لايىق تاجدار ،
ئېغىر سۆز ئاڭلىدىم بولسا مەگەر راست ،
مازەندەرانىي شاھ ئېتەرمىش ھەۋەس .
سەندىن ئاۋۋال نەچچە شاھى زور بىلەك ،
مازەندەران فەتھىن قىلمىدى تىلەك .
بىشىمدىن ئۆتكۈزىدۇر ساناقسىز كۈنلەر ،
ئالمىشىپ ئايلىنار سانسىز كۈن ـ تۈنلەر .
مەنۇچىھر ئۆتتى بۇ كەڭ ئالەمدىن ،
بايلىق ـ خەزىنىلەر قالدى ئۇنىڭدىن .
ئۆتتۈشتى نەئۇزەرۇ زاۋۇ كەيقۇباد ،
قانچە ئۇلۇغلارنىڭ نامى بىزگە ياد .
ئەزىم گۇرزىلەرۇ ساناقسىز قوشۇن ،
ئەمما تۇتمىدىكىم ئۇ ئۆلكە يولىن .
چۈنكى ئۇ ئەپسۇنكار دىۋىلەر خانىسى ،
تىلسىم ۋە جادۇنىڭ زور كاشانىسى .
بۇ بەندنى ئېچىشقا قويمىغىن قەدەم ،
ۋەيران بولۇر لەشكەر ، خەزىنە ، دىرھەم .
بۇ بەندنى قىلىچتا كېسىپ بولمايدۇ ،
بىلىم ، بايلىق بىلەن ئېچىپ بولمايدۇ .
ھېچكىممۇ بۇ يولدا بەختىيار بولماس ،
ھېچكىمگە بۇ ئۆيدىن بەختى يار بولماس .
ھېچقاچان ئۇياققا باشلىما سىپاھ ،
ماقۇل كۆرمىگەيدۇر بۇنى ھېچبىر شاھ .
سەندەك بولمىسىمۇ بۇ ئەنجۇمەندە ،
ئۇلارمۇ خۇداغا ئىدىغۇ بەندە .
شۆھرىتىڭ ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، ئەي نامدار ،
كىشىلەر قېنى بىلەن ئوت تەرمە زىنھار .
بەرگىيۇ مېۋىسى بولىدۇ نەپرەت ،
ئەجدادلاردىن يىراق بۇنداق بىر ئادەت . »
جاۋاب بېرىپ دېدى كاۋۇس زەررىن تاج :
« نەسىھەتىڭگە ھېچ يوقتۇر ئېھتىياج .
ۋە لېكىن سەن ئېيتقان فەرىدۇنۇ جەم ،
قاچان كۆردى بۇنچە مەردلىك شان ، دىرھەم .
دېدىڭكى ، مەنۇچىھر بىلەن كەيقۇباد
مازەندەرانىي ھېچ قىلىشمىدى ياد .
ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ ئەسكەر ، خەزىنەم ،
تېز شەمشەر ئالدىدا تىز پۈكەر ئالەم .
قىنىدىن سۇغۇرسام ، كەشپ بولۇر جاھان ،
نېچۈن ئۇنى تۇتاي تۆمۈردە نىھان .
تېز بېرىپ بىرمۇ بىر قېنىنى ئىچەي ،
قىلىچ ئويۇندا شان ـ شۆھرەت قۇچاي .
يا ئۇلارغا سالاي سانسىز باج ـ ئۇلپان ،
يا مازەندەراندا قالماس تىرىك جان .
نەزەرىمدە جەمى زەلىل ، خارۇزار ،
گاھ دىۋە بولسۇن ئۇندا ، گاھى جادۇگەر .
ئۇلاردىن بوشىدى ئالەم ، دېگەن سۆز
قۇلىقىڭغا يېتىپ كېلەر بەكمۇ تېز .
رۇستەم بىلەن سەن بۇ كۈن جاھاندار بولغىن ،
ئېرانىڭ پاسبانى سەن بىدار بولغىن .
ياراتقۇچى ئۆزى مېنىڭ يارىمدۇر ،
دىۋىلەرنىڭ بېشى ئوۋ نىشانىمدۇر .
ئەگەر قوشۇلمىساڭ جەڭگۇ بەختىمگە ،
سەن ئولتۇرۇپ تۇرغىن بۇندا تەختىمگە . »
پادىشاھتىن بۇ سۆز بولغىنىدا پاش ،
ئاجرىتالماي قالدى نەدە ئاياغ ـ باش .
دېدىكىم : « سەن پادىشاھ ، بىز بولساق قۇلدە ،
سۆزلىدۇق جىمىكى بار بولسا دىلدا .
ئادالەتكە باشلا يا سالغىن ستىنەم ،
لازىم رايىڭ بىلەن ئالمىغىمىز دەم .
ئەندىشىلىك بۇ دىلىم ئېچىپ تاشلىدىم ،
دىلىمدا نېم بولسا تۆكۈپ تاشلىدىم .
ئەجەل يەتسە سۈرۈپ قويالماس كىشى ،
زامان كۆزىن ئېتىپ قويالماس كىشى .
ئېھتىيات بىلەنمۇ ئۆزگەرمەس تەقدىر ،
ئۇ قسمەتتىن خالىي قالماس جاھانگىر .

بولسۇن ساڭا جاھان روشەن، كۆپ نېمەت،
نەسىھەتلىرىمگە بولمىسۇن ھاجەت.
ئىشىڭدىن قىلمىغىن ئەسلا پۇشايمان،
دىلىڭ روشەن، دائىم تولۇق بولسۇن ئىمان.»
شاھنىڭ يۈرۈشىدىن رازى بولۇپ مەرد،
خوشلىشىپ كەتتى زالى قېرى مەرد.
كاۋۇس ھۇزۇرىدىن چىقتى قېرى باش،
كۆز ئالدىدا خىرە ئىدى ئاي ــ قۇياش.
ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىشتى ناكام،
پەھلىۋان گۇدەرزۇ تۇس، گىۋ ۋە بەھرام.
گىۋ زالغا دېدىكىم: «ياراتقان خۇدا
بولسۇن ئەمدى ئاڭا ئۆزى رەھنەما.
يېنىدا بولمىسا سەھابە چەندان،
مەن دېيەلمەيمەن ھېچ كاۋۇسنى ئىنسان.
سەندىن ئۆزگە چۈشسۇن موھتاجلىق يولى،
قالمىسۇن دۈشمىنى، ئۆلۈمنىڭ قولى.
يولىمىز باشلانسۇن قاچان، قاي تامان،
ئاپىرىنلار ياغار ساڭا ئەي پالۋان.
ياراتقۇچىدىن سوڭ بۇ ئىران زېمىن
ساڭا ئۈمىد باغلاپ، دەيدۇ ئاپىرىن.
بىزنى دەپ چېكىپسەن شۇنچە مۇشەققەت،
يىراق يول ئازابى ۋە چەكسىز زەخمەت.»
ئاندىن قۇچاقلىشىپ: خەير ـ خوش دېيان،
زال راۋانە بولدى سىيىستان تامان.

## كاۋۇسنىڭ مازەندەرانغا يۈرۈش قىلغانلىقى

زالى زەر سەپەرگە يول ئالغان شۇئان
بىرلەپ قايتىپ كەلدى ھەممە قوماندان.
تۇس بىرلە گۇدەرزگە پەرمان قىلدى شاھ:
قېنى يولغا چىقسۇن، دەپ كاتتا سپاھ.
مىلادقا تاپشۇرۇپ ئىران زېمىننى،
خەزىنە ئاچقۇچى، تاجۇ ئۈزۈكنى،
تاڭ بىلەن پادىشاھ، قانچە زوراۋان،
مازەندەران تامان بولۇشتى راۋان.
ئاڭا دېدى: ئەگەر تاشلانسا دۈشمەن،
ئاداۋەت تىغىنى چىقارمىغىن سەن.
زال بىلەن رۇستەمدىن ئىزدىگىن پاناھ،
ئۇلار تەختىڭ ھۆسنى ۋە پۇشتى سپاھ.
شۇ چاغدا ئاڭلاندى ناغرا ئاۋازى،
كۆتۈرۈلدى گۇدەرز، قوشۇن ھەممىسى.
شاھ بارار قوشۇننى قىلىپ مۇنەۋۋەر،
ئىسپەرۇز تېغىدا توختىدى لەشكەر.
بۇ يەردە كۆرۈنمەس ئىدى ھېچ ئاپتاپ،
ئارامۇ ئۇيقۇنى قىلدى ئىنتىهاب.
بۇندا زالىم دىۋىلەر قىلار قىيامەت،
پىل بۇندا توختاشقا قىلالماس جۈرئەت.
تاغ باغرى سېلىندى ئالتۇن زەر گىلەم،
خۇش پۇراق مەي ھىدىگە تولغان ھاۋا ھەم.
خۇشقەدەم باتۇرلار سىناپ بەختىنى،
ئولتۇرۇشتى چۆگىلەپ كاۋۇس تەختىنى.
تاڭ ئاتقۇچىلىك بەزمە قىلىشتى...
ئۇيقۇدىن تۇرۇپ شاھ بىرلە يۈرۈشتى.
كۇلاھ كىيىشىپ ھەم باغلاپ بېلىنى،
باتۇرلار تۇتۇشتى شاھنىڭ يولىنى.
كېيىن گىۋغا پەرمان بەردى شەھرىيار:
«لەشكەردىن ئىككى مىڭ ئەيلىسۇن تەييار.
ئۆزى باتۇر بولسۇن، گۇرزىسى چاققان،
نەيزىسىدىن ئەگسۇن باش مازەندەران.
ئۇندا دۇچ كەلسىڭىز قېرىيۇ ياشقا،
تېنىن ئايلاندۇرۇڭ جانسىز بىرلەشكە.
نى ئاۋاتلىق كۆرسەڭ، بەربات قىل تامام،
ئاپتاپ چۈشكەن جاينى قىلغىن قارا شام.
دىۋىلەرگە يەتكۈچە سەندىن بىر خەۋەر،
دىۋىلەردىن قالدۇرما جاھاندا ئەسەر.»
كەمەر باغلاپ چىقتى شاھ ھۇزۇرىدىن،
ئاجراتتى باتۇرلار ئىچرە زورىدىن.
قورشاپ مازەندەران شەھرى بىر يېقىن،
شەمشەرۇ گۇرزىدىن ئەيلىدى يېغىن.
ئەر ــ يىگىت، ئايالۇ قېرى ــ نەۋقىران،
ھېچكىم قالمىدى تىغىدىن ئامان.
ھەممە ياق ۋەيرانە، ياناتتى شەھەر،
تەرياك ئورنىغا قوياتتى زەھەر.
بىر شەھەر دۇچ كەلدى بەئەينى جەننەت،
يېنىدا دەرياسى، گۈزەل تەبىئەت.

كوچيۇ باغلاردا كۆپلەپ كېنىزەك ،
بويىندا دۇر قاتار ، قۇلاقتا زىرەك .
دېدەكلەر ، ئۇندىن كۆپرەك بېشىدا كۇلاھ ،
چېھرىلىرى تازا ، خۇددى يورۇق ماھ .
ھەر تەرەپ خەزىنە چېچىلىپ ياتار ،
بىر تەرەپتە ئالتۇن ، بىر ياقتا گۆھەر .
ئەتراپتا ئوتلايدۇ سان ـ ساناقسىز مال ،
يەر يۈزىدە بۇ جاي نەق بېھىشتقا مىسال .
ھەريان گۈزەللىك ، ھەريان دىلاۋەر ،
تېز ئېلىپ بېرىشتى كاۋۇسقا خەۋەر .
« ياشىسۇن ، — دەر ئاگا سۆزلىگەن ئوغلان ،
جەننەتكە قوشكېزەك ئىكەن مازەندەران ! »
بۇتخانىغا ئوخشار پۈتۈن يۇرت بىردەك ،
چىنىنىڭ يېپىكىدىن تاپقاندۇر بېزەك .
بۇلارنىڭ ھەممىسى بېھىش سەنىمى ،
ئانار سۈيى يۇغان باغى ئېرەمى .
بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىران ئەرلىرى
تالاشتىن توختىدى ياۋ ئەرلىرىنى .
مازەندەران شاھى تاپقاندا خەۋەر ،
بېشى قېتىپ كەتتى ، خۇن بولدى جىگەر .
ئالدىدا سەنجە دىۋە بولدى مۇھەييا ،
بۇ خەۋەردىن ئۇنىڭ دىلى زىمزىيا .
دېدى ئاگا : « ئاق دىۋە ماكانىغا چاپ ،
ئاسماندىكى قۇياشتىن تېزرەك بېرىپ تاپ .
دېگىن ، مازەندەران ياققا بۇ زامان
زور قوشۇن تارتىپ كەلمەكتە ئىران .
تالان قىلىشماقتا ھەريان ئوت قويۇپ ،
ئاداۋەت ئوتىنى ياندۇردى كۆچەپ .
ئۇلارغا ئالەمگىر شاھ كاۋۇس پېشۋا ،
لەشكەر ئىچرە ھەربىر ئەسكەر ئەجدىھا .
ياردەمگە كەلمىسەڭ ئەگەر شۇ زامان ،
مازەندەران ئىچرە قالماس تىرىك جان . »
بۇ گەپنى ئاڭلاپلا سەنجە تېز ماڭدى ،
شاھ ئەمرىنى دىۋىگە يەتكۈزۈپ باردى .
مەغرۇر دىۋە يېنىغا يېتىپ سەربەسەر ،
ھەممە ۋەقەدىن يەتكۈزدى خەۋەر .
جاۋابىدا دېدى ئۇ دىۋە سەفىد :
« دۇنيا ئىشلىرىدىن بولما نائۇمىد .
قوشۇن تارتىپ باراي كۈچلۈك بوراندىن ،
دۈشمەننى قوغلايمەن مازەندەراندىن . »
شۇنداق دەپ قوزغالدى غايەت تاغ مىسال ،
بېشى كۆك ئاسمانغا يېتەر بىمالال .
لەشكەرگاھنى بۇلۇت باستى كەچ ، بىگاھ ،
جاھان زەڭگى يۈزى گويا سىمسىياھ .
قاراماي دەرياسى خۇددى بۇ جاھان ،
نېمە روشەن بولسا ھەممىسى نىھان .
قاراماي ھىندىدىن قارا بۇ ھاۋا ،
كۆك قاپقارا ئىگىنۇ ، كۆز بولدى ناكا .
نەيزە ، تاش يامغۇرى كۆكتىن قۇيۇلدى ،
ئىران ئەسكەرلىرى كۆككە يېيىلدى .
كاۋۇس قىلمىشىدىن دىل تىلىم ـ تىلىم ،
كۆپلىرى تۇتۇشتى ئىرانى يولىن .
كېچە شۇنداق ئۆتۈپ بولغاندا سەھەر
ئالەمگىر نىگاھى يەنە بولدى يەر .
ئۈچتىن ئىككى قىسىم لەشكىرى سوقۇر ،
باتۇرلار كاۋۇسقا لەنەتلەر ئوقۇر .
خەزىنە تاراجۇ ئەسكەرلەر ئەسىر ،
بەخت ـ تەلەيلىك شاھ قېرىپ ، بېشى بولدى پىر .
ئەستە قالسا كاشكى پۈتۈن ھېكايەت ،
چۈنكى بۇ ئالامەت ئىدى ، ئالامەت .
كاۋۇس پالاكەتنى كۆرگەن شۇ مەھەل
دېدى : « زىرەك ئەقىل بايلىقتىن ئەۋزەل .
ئىسىت ، ئالەمگىر زال سۆزىنى ئالمىدىم ،
يامان نىيىتىمدىن مەن قايتالمىدىم . »
دەھشەتلىك بۇ ھەپتە ھەم ئۆتتى ئاخىر ،
ھەممە ئىرانلىقنىڭ كۆزلىرى سوقۇر .
ئاندىن ئاق دىۋە ھەممىگە ھەيۋە
قىلىپ دېدى : « ئەي شاھ ، مېۋىسىز دەرەخ ،
تولا يۇكسەكلىككە قىلدىڭ سەن يۈرۈش ،
مازەندەران تەختىن ئەيلىدىڭمۇ چۈش ؟
ئۆز قۇدرىتىڭ ئەيلەپ مىسلى پىلۇمەست ،
سەن بىرەر كىشىگە سالمىدىڭ مەسلىھەت .
تاج بىلەن تەختىگە قىلماي قانائەت ،
ئۆز ئەقلىڭگە پەشۋا بەردىڭ نىھايەت .
كۆپلەپ ئەسىر ئالدىڭ مازەندەراندا ،
كۆپىنىڭ جېنىنى ئالدىڭ گۈرزى گەراندا .
شاھىنشاھ تەختىدە ئولتۇرۇپ مەغرۇر ،
مېنىڭ كىملىكىمنى ئەتمەي تەسەۋۋۇر ،

قىلمىشىڭ مېۋىسىن بۇگۈن تېتىدىڭ ،
ئۆز رايىڭ خالىغان ئارزۇغا يەتتىڭ . »
خەنجەر سانجىپ سەر خىل دىۋىدىن ئەتەيلەپ ،
ئون ئىككى مىڭنى ئاجراتتى تاللاپ .
ئەتتى ئىرانلار ئۈستىدىن پاسىبان ،
قەيسەرلەر بېشىدا شۇنچە بىر جاھان . ١
ئاچتىن ئۆلمىسۇن ، دەپ ئۇلارنى پەقەت ،
تەييار قىلىپ قويدى ئازغىنا نېمەت .
ئاندىن ئىرانىيلار خەزىنە ، تاجىنى ،
شاھانە تەختىنيۇ ، بايلىق بارىنى ،
كۆزگە ئىلىم كۆرۈنسە ، ھەممىنى تېرىپ
مازەندەران بېشى ئەرجەڭگە بېرىپ
دېدى : « شاھقا بېرىپ تاپشۇرۇپ ، دېگىن ،
ئەمدى ئەھرەمەنسىز يېشىلدى چىگىن .
ئىم كىبرەك بېجىردىم ھەممىنى بۈگۈن ،
ۋەيرانە بولدى ئىرانى قوشۇن .
ئىران باتۇرلىرى ئالدىدا بۇ كۈن ،
نۇرسىز ، قاپقارادۇر يۇلتۇز ، ئاي ۋە كۈن .
ئۆلتۈرۈش بىلەن مەن قىلمىدىم ھەيۋە ،
ياخشى ۋە يامانىنى ئاجراتسۇن ئۇلار .
ئۆمرى بولغاي ئاھ ۋە زار بىلەن ئاداق ،
زارىغا ھېچ كىشى سالمىغاي قۇلاق . »
ئەرجەڭ دىۋە بۇ سۆزنى ئاڭلىغان زامان ،
ماڭدى مازەندەران پادىشاھى تامان .
بارار بايلىق ۋە لەشكەرلەر بىلەن ،
ئەسىرلەر ، جابدۇلغان ئات ـ ئۇلاغ بىلەن .
دىۋە ئىشىن ئورۇندىدى ئۇ ئالدىراپ ،
قايتتى ئۆز ئۆيىگە مىسالى ئاپتاپ .
مازەندەراندا بەند قالدى كاۋۇس شاھ ،
دەيتتى : « مەندىن ئۆتكەن زور گۇناھ ! »

## كاۋۇسنىڭ زال بىلەن رۇستەمگە خەۋەر ئەۋەتكەنلىكى

پەرىشان ئۇ كاۋۇس چاپتۇردى بىر زات ،
تېزلىكتە ئۇچقىن دەپ ، خۇددى قۇش قانات .
« زابۇلىستان تامان ماڭ خۇددى شامال ،
تېزلىك بىلەن تاپقىن ، نەدە بولسا زال .
ئاڭا ئېيت قانداق يۈز ئۆرۈدى بەختىم ،
يەرگە تەڭ بولدى تاجىم ھەم تەختىم .
پۈتۈن لەشكىرىمۇ بايلىق ـ خەزىنەم ،
باتۇرلىرىم گۈل ـ گۈل ياشنىغان كۆكلەم .
ھەممىنى دىۋىگە ئېلىپ بەردى بۇ گەردۇن ،
گويا ئېلىپ كەتكەندەك تاسادىپ قۇيۇن .
بۇگۈن كۆزۈم خىرە ، قاپقارا بەختىم ،
يەرگە يەكسان بولدى تاجىم ۋە تەختىم .
دىۋىلەر چاڭگىلىدا خەستەيۇ پىغان ،
تېنىمنى تەرك قىلىپ كەتمەكتە بۇ جان .
نەسىھەتلىرىڭنى قىلغىنىمدا ياد ،
دىلدىن ئاھ دەيمەن مىسلى سوغۇق باد .
پەرمانىڭنى خۇشۋاخ قىلماستىن بەجا ،
ئەقلىم يوقلۇقىدىن كەلدى بۇ بالا .
گەر ئۆزۈڭ بۇ ئىشقا باغلىمساڭ بەل ،
بار ـ يوق نەرسىمىزنى ئېلىپ كېتەر يەل . »
چاپار يۈرۈپ كەتتى سۆزىنى قىلىپ ياد ،
ئۇچقۇر پەر قۇش زاتى يا بەئەينى باد .
قاچان ئەلچى داستان يېنىغا يەتتى ،
نى كۆردى ، ئاڭلىدى ، بىرمۇ بىر ئېيتتى .
زال بۇ خەۋەرلەردىن لەختە قان يۇتتى ،
ئەمما دوست ـ دۈشمەندىن يوشۇرۇن تۇتتى .
يىراقتىن بالانى سەزدى روشەن دىل ،
زاماندىن كېلۇر ھاسىل خىلمۇ خىل .
دېدى ئوغلى رۇستەم ـ سار لاچىنىغا :
« بۈگۈن قىلىچ پاتماي قالدى قىنىغا .
ناز قىلىش كېلىشمەس بىزلەرگە بۇ چاغ ،
تاج ئۇچۇن تېنىمىز پەرۋەرىش قىلماق .
ئەجدىھا دامىدا پادىشاھى جاھان ،
ئىرانىنىڭ بېشىدا غەم يوغان ـ يوغان .
تۇلپىرىڭنى ئېگەرلەپ بۈگۈن قامچا باس ،
ئالەمشۇمۇل تىغ بىلەن ئالغىن سەن قىساس .
بەلكىم شۇنداق كۈندە كېلەر دەپ سېنى بېكەر ،
پەرۋىش قىلغان ئۇلۇغ ، پاك پەرۋەردىگار .
بۇنداق بىر جاسارەت ساڭا يارىشار ،
مېنىڭ يېشىم ئىككى يۈزلەردىن ئاشار .
ساڭا شان ئېپ كېلەر بۇ قەھرىمانلىق ،
جاسارىتىڭ بېرەر شاھقا ئامانلىق .

بۇ ئەھرەمەن ئىشى ، ئاپەتلىك سوقماق ،
ساڭا نېسىپ قىلماس بىرئاز دەم ئالماق .
كۆكسۈڭگە ئۇراپ ئال يولۋاس پوستىنى ،
ئىسكىدىن چىقارغىن دۇنيا ئىشىنى .
ساڭا بۇندىن كېيىن ئۇيقۇمۇ ھارام ،
تەن ــ جېنىڭ تاپمىسۇن بىرەردەم ئارام .
نەيزەڭگە دۇچ كەلسە ھەرقانداق كىشى ،
لەرزە بولسۇن ئۇندىن تېنىيۇ جېنى .
دەريادا جەڭ قىلساڭ ، ئۇ قان بولۇر قان ،
تاغدا نەرە تارتساڭ ، بولغاي باياۋان .
ياراشماسكى ئەرجەڭ ۋە دىۋە سەفىد ،
سېنى كۆرۈپ قىلىشسا گەر جاندىن ئۈمىد .
مازەندەران شاھىنىڭ ئۇگە ــ ئۆگىسىن ،
گۇرزەڭ بىلەن سۇندۇرغىن ئۇمۇرتقىسىن . »
رۇستەم شۇنداق سوئال ئەيلىدىكى : « يول
بەكمۇ ئۇزۇن ، نەدىن بارمىقىم مەقبۇل ؟ »
زال دېدى : « ئۇ يۇرتقا ئىككى خىل يول بار ،
ئىككىسى ساپ بالا ، ساپ ئاپەت زىنھار .
بىرى كاۋۇس يۈرگەن ، ۋاقىت كېتىدۇ مول ،
يەنە بىرى قىسقىراق ، ئون تۆت كۈنلۈك يول .
بۇياق قاراڭغۇلۇق ، دىۋە ، شىر كۆپتۇر ،
كۆزلىرىڭ تېلىقىپ ، كور بولىدۇ ، كور .
سەن قىسقىسىن تاللا ، كۆر ئاجايىبات ،
ياراتقۇچى مەدەتكارىڭ قىلغىن ھەرۋاخ ياد .
قىيىن بولسا ، بولسۇن دىلىڭ غەيرىتى ،
چەيلەپ ئۆتەر بەختىيار تۇلپار تۇيىقى .
شامدىن تا تاڭغىچە ئۇيقۇڭنى بىلمەي ،
پاك تەڭرىگە سېغىنىمەن تىنماي :
دەيمەن قايتا كۆرسەم كۆكرەك ۋە يايلىڭ ،
بېشىڭغۇ بىلىكىڭ ، گۇرزى پاتمانىڭ .
ئەگەر دىۋە قولىدا بولساڭ خارۇ زار ،
شۇنداق يازغان بولسا پەرۋەردىگار ،
ئۆزگەرتەلەيدۇ بۇنى قاي ئىنسان ؟
كېتىش پەيتى بولماس قالماقتا ئىمكان .
ھېچكىم بۇ ئالەمدە تۇرمىغاي ئۇزاق ،
ئۇزۇن تۇرغاندىمۇ لازىمدۇر كەتمەك .
كىمنىڭ شانى قۇچمىش گەر ئالەمنى ، بەس ،
كېتەر ۋاقتى كەلسە ، ئۇ كۆپ غەم يېمەس . »
رۇستەم جاۋابىدا دەر : « ئەي بەختلىك پەدەر ،
پەرمانىڭىز كۆتۈپ ، باغلىدىم كەمەر .
لېكىن ئۆز ئايىغى بىلەن جەھەننەم
بارماق لايىق ئەمەستى بوۋىلارغا ھەم .
ھەمدە ئۆز جېنىدىن تويمىغان كىشى ،
شىرغا تاشلانماسلىق بولماس خاھىشى .
بۈگۈن يولغا چۈشتۈم باغلاپ بېلىمنى ،
تەڭرى ئۆزى تۇتسا بولدى قولۇمنى .
سىپاھدارغا ئەتكۈم تەن ۋە جان پىدا ،
تىلسىمۇ ئەپسۇنىن قىلاي زىمزىيا .
ئىرانلىقتىن تىرىك قالغان بولسا گەر ،
كەلتۈرەي بېلىگە باغلاپ مەن كەمەر .
نە ئەرجەڭ قالغاي ، نە دىۋە سەفىد ،
نە سەنجا ، نە پۇلادى غەندى ، نە بىد .
گۇۋاھدار جاھانىنى ياراتقان خۇدا ،
رۇستەم ئېگەردىن چۈشمىگەي ئەسلا .
باغلىمىسا ئەرجەڭ قوللىرىن تاشتەك ،
سىرتماق سېلىپ ، كۆزىن قىلماستىن ماشتەك ،
قىلماي پۇلاد بېشىن ئايىغىم ئاستى ،
تۇلپارنى تارتماسمەن ئۇ يەردىن زادى . »
يولۋاس تېرىسىن يېپىپ ئات مىندى دەرھال ،
ئاپىرىنلار ئېيتىپ ئۇزۇن تۇردى زال .
تۇلپار ئۈستىگە پىلدەك تاشلىدى ئاياغ ،
چىراي ، يۈرەك تازا ، جايىدا ھەرياق .
كەلدى رۇدابە ھەم كۆزدە لۆم ــ لۆم ياش ،
بۇدا قىلالمىدى داستانىمۇ بەرداش .
ئاي يۈزلۈك رۇدابە دېدى : « جان بالام ،
يولغا يۈزلىنىپسەن بۇ كۈنى ، رۇستەم .
قىلدىڭ مېنى ھىجران ، غەمگە مۇپتىلا ،
تەڭرىدىن ئۈمىدىڭ نېمە ئەجەبا ؟ »
رۇستەم دېدى : « مېھرىبان ، خۇش خۇي جان ئانام ،
بۇ يولنى مەن تاللاپ ئالمىدىم ھېچ ھەم .
بۈگۈن شۇنداق ئىكەن پېشانە ــ تەقدىر ،
تەن ۋە جېنىمنى سەن خۇداغا تاپشۇر . »
ئۇزاققا ئۇزىتىپ بېرىشتى ئۇنى ،
يەنە كۆرۈشەرمۇ ، كىم بىلەر بۇنى ؟
شۇنداق ئىلتىجاسىز ئۆتىدۇ زامان ،
دانا ، مەرد قەدىمىن سىنىماس ھامان .
يامان كۈن ئۆتسىمۇ قىلغىن ھەردەم ياد ،
چۈنكى ئالەم بولىدۇ شۇنىڭدىن ئاۋات .

# رۇستەمنىڭ يەتتە سەرگۈزەشتى

## بىرىنچى سەرگۈزەشت

### تۇلپارنىڭ شىر بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

پالۋان ئاتىسىنى ، بۇ ئالەم نۇرىنى ،
نىمرۇزدا قالدۇرۇپ ئۆزى قوزغالدى .
تۈنىنى كۈندۈز بىلىپ ، ئات چاپار ئىدى ،
ھەر كۈن ئىككى كۈنلۈك يول ماڭار ئىدى .
شۇنداق يول ماڭار تۇلپار ، توختىمايىغىنا ،
يورۇق كۈندۈزلەر ۋە قاراڭغۇ كېچە .
ئاچلىقتىن مەيدىسى قىلغاندا نالەن ،
بىر دەشتكە يېتىشتى ، ئەتراپتا قۇلۇن .
تۇلپىرىن چۇ دەپ بىر قامچا سالدى ،
چېپىشتا قۇلۇنلار يېتەلمەي قالدى .
كامان ، تۇلپار تۇيىقى ۋە رۇستەم سۇۋار ،
ۋەھشىيلەر ئامان ـ ساق قالمايتتى زىنھار .
شاھانە ئارغامچا تاشلاپ يىراققا ،
توسۇن بىر قۇلۇننى ئىلدى تۇزاققا .
ئوت چاقنىتىپ ئۆز نەيزىسى بىلەن ،
ئوتۇن ـ چاۋا يىغىپ ، ياندۇردى گۈلخان .
قۇلۇننى سويۇپلا بىجان ئەيلىدى ،
ئۇنى گۈلخانغا تۇتۇپ كاۋاپ راسلىدى .
يېگەچ ھەر تەرەپكە ئاتتى ئۇستىخان ،
مول ئىدى قازانۇ ھەمدە داستىخان .
تۇلپار بېشىدىن ئالدى يۈگەن بىراقلا ،
ئاندىن قويۇۋەتتى يېقىن ئەتراپقا .
ئۆزىگە توقايدا ياتاق راسلىدى ،
پالاكەت ئىشىكىن ئامان جاي بىلدى .
شىر ماكانى ئىدى مۇشۇ قومۇشزار ،
ھەتتا پىل بىر قومۇش ئۈزمىكى دىشۋار .
دەل شۇ چاغ يېگانە بىر ئانا شىر ،
باراتتى ئۇز ئىنى تامانغا ئۇچقۇر .
كۆردى ، قومۇش ئىچرە يېتىپتۇ بىر پىلتەن ،
ئەتراپىدا بىر ئات ، تەشۋىشلەر بىلەن .
« ئاۋۋال ئۆزۈم ئاتاي ، ـــ دېدى دۇلدۇلغا ، ـــ
كېيىن سۇۋارى ئۆزى چۈشەر قولغا . »
چاقماقتەك ئۆزىنى ئاتتى تۇلپار تامان ،
تۇلپارمۇ ئوتتەك يېنىپ كەتتى شۇ زامان .
ئىككى تۇيىغىن دەست كۆتۈرۈپ ئات ،
شىر بېشىغا ئۇردى شىر كەبى ھەيۋەت .
گەدىنىگە سالدى ئۆتكۈر چىشىنى ،
بىر ئۆزى بېجىردى شىرنىڭ ئىشىنى .
يەرگە ئۇرۇپ ـ ئۇرۇپ يۈز پارە قىلدى ،
ۋەھشىي شىرنى شۇنداق بىچارە قىلدى .
ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ رۇستەم پەھلىۋان
كۆردى ، ۋەھشىي بوپتۇ يەر بىلەن يەكسان .
دېدى : « تۇلپار ، ئەقلىڭ ئىكەن شۇنچە خام ،
كىم ئېيتتى شىر بىلەن سېنى قىل دەپ جەڭ ؟
ئەگەر شىر قولىدا سەن بولساڭ ھالاك ،
بۇ يولۋاس تېرىسى دۇبۇلغا ، ساداق ،
گۈرزە ، ئارقان ، قىلىچ ، نەيزە ۋە كامان ،
مازەندەران تامان ئېپ باراتتىم قاچان ؟»
شۇ سۆزنى ئېيتىپ نامدار باھادىر ،
خېلىغىچە ئۇخلىدى بىغەم ـ بىخەتەر .
تاغ كەينىدىن بېشىن كۆتەرگەندە كۈن ،
رۇستەم خۇش ئۇيقۇدىن ئويغاندى گۈلگۈن .
تۇلپارىنى سىلاپ ئېگەر توقۇدى ،
خۇدانى ياد قىلىپ ، ئورنىدىن تۇردى .

## ئىككىنچى سەرگۈزەشت

### رۇستەمنىڭ بۇلاق سۈيىگە يەتكەنلىكى

بىلمەيدۇ نېمىلەر ئالدىدا پەيدا ،
كۆز كۆرۈنە بارار ، نۇرسىز ، بىزىيا .
باياۋان ، كۆرۈنمەس جانىۋار زاتى ،
قۇش ئۇچسا ، كۆيىدۇ پەي ۋە قاناتى .
سەرەتان ئىسسىق ، كۆيەر چۆل ـ باياۋان ،
ئۇستىدىن ئۆتكەندەك ئاتەشلىك بوران .
تۇلپار ۋە ئاتلىق تىلى بۇنداق ئىسسىقتىن
ساڭگىلاپ چۈشىدۇ ، چىقىدۇ كاردىن .
ئاتتىن چۈشۈپ ، قولدا نەيزىسى بىلەن
تەمتىرەپ بارىدۇ ، سۇ دەپ تەھەمتەن .
يەر يۈزىدىن ئىزدەپ تاپالماي يولنى ،
ئاسمانغا كۆز تىكىپ سوزدى قولىنى .
دېدى : « پەرۋەردىگار ، ئەي ئادىل خۇدا ،
بېشىمغا كەلتۈردۈڭ نېمانچە بالا ؟
گەر بولمىساڭ شۇنچە قىيناشتىن رازى ،
تاقىتىم تاق بولدى ئەمدى ، ئەي قازى .
لېكىن يولدىن تايمايمەن ، تا پەرۋەردىگار ،
شاھ كاۋۇسنى ئازاد قىلمىساڭ ، زىنھار .
سەن يۈزلۈك ئۆزۈڭگەن گۇناھكار ئۇلار ،
ساڭا بەندە ، مۇتىئ ، مادارسىز ئۇلار . »
شۇ سۆزنى ئېيتىپ پىلتەن يىقىلدى ،
تەشنالىق باتۇرغا كۈچىن كۆرسەتتى .
ئوتتەك توپىغا يىقىلدى رۇستەم ،
يېرىلىپ كەتكەنتى لېۋى ، تىلى ھەم .
ئاشۇ چاغ قۇيرۇقلۇق چىرايلىق بىرقوي
كۆرسىتىپ ئۆتتى تەھەمتەنگە بوي .
باۋايى قوي يولنى كۆرۈپ تەھەمتەن ،
سۇ ئىچەر يېرى نە دەپ ئويلىدى بىردىن .
تەڭرى ئىنايىتى ، شەپقەتلىك خۇدا ،
خۇددى شۇ ۋاقىتتا بولدى ھۆۋەيدا .
قىلىچ دەستىنى تۇتتى ئۇ مەھكەم ،
تەڭرى كۈچىدە تۇردى مۇستەھكەم .
بىر قولدا قىلىچ ، بىرىدە نوختا ،
قوي ئىزىغا ئىز بېسىپ چۈشتى ئۇ پۇختا .
يولدا پەيدا بولدى بىردىنلا چەشمە ،
شاش قويمۇ ئۇنىڭغا يۈگۈردى تەشنا .

تەھەمتەن كۆزىنى تىكىپ ئاسمانغا ،
دېدى : « ئەي ئادالەت چاچقان جاھانغا .
بۇ يەردە كۆرۈنمەس ھېچ قويلار ئىزى ،
ماڭا تۇغقان ئەمەس بۇ ياۋايى قوزى .
قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالساڭ ناگاھ ،
پەقەت پاك تەڭرىدىن ئىزدىگىن پاناھ .
كىم يۈزىن ئۆرۈسە ئادىل خۇدادىن ،
ئەقلى جايىدا ئەمەس ، بۇنى ئالسۇن تەن . »
قويغا ھەم بۇدا ئەيلىدى دۇئا ،
دېدى : « چەرخ بېشىڭغا سالمىسۇن بالا .
يولۇڭدا ئوت كۆپكۆك بولسۇن ، ئىلاھىم ،
بۆرە يۈزى سەندىن نېرى بولسۇن دائىم .
كىم ساڭا تەگلىسە ئوق بىلەن كامان ،
كامانى سۇنسۇن ھەم دىلى بولسۇن قان .
سەن تۈپەيلى تىرىك قالدى تەھەمتەن ،
سەن بولمىساڭ ئەھۋالى بولاتتى كېپەن .
ئەجدىھا كۆكسى جاي بولمىسا ئەگەر ،
بۆرە چاڭگىلىغا مۇپتىلا بولۇر .
لىباس پارە ـ پارە ، زەخىملىنىپ تەن ،
ياۋ تاپاتتى شۇندا رۇستەمدىن نىشان . »
زۇۋانى بوشىدى ئۇچ شۈكرانىدىن ،
ئېگەرنى بوشاتتى تۇلپار دۇردانىدىن .
زىلال سۇ بىلەن تېنىن يۇدى پاك ،
باھار قۇياشىدەك بولدى ئۇ بەك پاك .
تەشناسىن قاندۇرۇپ ئوۋنى كۆزەتتى ،
كامانىنى تارتىپ ، ئوقنى جايلىدى .
يىقىتتى قۇترىغان پىلدەك بىر قۇلان ،
بېشىن كەستى ، تېرىسىن شىلدى چاققان .
ۋاقىت ئۆتكۈزمىدى ، ياقتى بىر گۈلخان ،
ئوتتا كاۋاپ قىلدى ، چىقىرىپ سۇدىن
ھازىرلاپ گۆشلەرنى يېمەك باشلىدى ،
ھەتتا ئىلىكلىرىن قېقىپ تاشلىدى .
پاك بۇلاقتىن يەنە قېنىپ ئىچتى سۇ ،
تويۇپ ، قانغاچ كۆزىنى باستى ئۇيقۇ .
جەڭگىۋار تۇلپارغا دېدى تەھەمتەن :
دوستلاشما ، ئۇرۇشما ھېچنېمە بىلەن .

ئەگەر ياۋ كۆرۈنسە، مەن تامان يۈگۈر،
شىر ۋە دىۋىلەر بىلەن قىلىشما دۇيۇر.»
ئاندىن خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى بەدەر،
تۇلپار ئايلىنىپ، ئوتلاپ يۈردى تا سەھەر.

## ئۈچىنچى سەرگۈزەشت

### رۇستەمنىڭ ئەجدىھا بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

پىل ھەم تىنىم تاپماس چوڭ بىر ئەجدىھا
دەشت تەرەپتىن تۈن كېچىدە بولدى پەيدا.
دەل شۇ جايدا ئارام ئالار ئىدى ئۇ،
ھەتتا دىۋە كېلەلمەس ئىدى روبىرو.
كېلىپ كۆردى، ئۇخلار بىر يېگانە زات،
يېنىدا تۇرۇپتۇ ئويناقلاپ بىر ئات.
«نېمە بولدى؟» دەپ پىكىرگە تولدى:
«قانداق جۈرئەت بىلەن قانداقچە كەلدى؟»
جۈرئەت قىلالمايتتى كېلىشكە ھېچ ئەر،
خاھ پىلۇ خاھ دىۋە، خاھى شاھى شىر.
بۇ يەرگە ھەر كىمكى كەلسىمۇ ئامان،
قانخور ئەجدىھادىن تاپالماس ئامان.
ئەڭ ئاۋۋال تۇلپار تامان يۈزىنى بۇرىدى،
تۇلپارمۇ خوجىسى تامان ئۆزىنى ئۇردى.
باردى ـ دە، يەر تىلغاپ، ئۇ ئۇرۇپ تۇياق
كىشنىدى، ئاۋازى گۈلدۈرماما نەق.
تەھەمتەن ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچتى،
بىلمىدان باشتا جەڭ، خىيالى قاچتى.
باياۋان چېتىگە تاشلىدى نەزەر،
لېكىن كۆرۈنمىدى دىۋىدەك ئەجدەر.
قاتتىق تولۇقلىدى ئۇ تۇلپارغا: «بىكار!
بىكار ئەيلىدىڭ، ــ دەپ، ــ ئۇيقۇدىن بىدار.»
باشقىدىن ئۇيقۇغا كەتتى تەھەمتەن،
ئەجدىھا كۆرۈندى قاراڭغۇ چۆلدىن.
رۇستەم ياستۇقىغا تۇلپار كېپ تەپتى،
تويىنى تاتىلاپ يۈزىگە سەپتى.
ئۇيقۇدىن قايتا ئويغاندى ئاران،
غەزەپتىن يۈزلىرى ئوت ئالدى گۈلخان.
چۆلگە پۈتۈنلەي ئۇ ئەيلىدى نەزەر،
قارا تۈندە بىرنېمە كۆرمىدى دىگەر.
مېھرىبان تۇلپارغا ئۇيقۇدىن بىدار
دېدى: «تۈن قارىسىن يوقاتماق دىشۋار.
ئۇيقۇمنى نەچچىلەپ ئەيلىدىڭ خاراب،
مېنى ئويغىنىشقا قىلدىڭسەن خىتاب.
گەر يەنە كۆتۈرسەڭ شۇنداق قىيامەت،
ئۆتكۈر شەمشەر بوينۇڭ ئۈزەر ئاقىۋەت.
مازەندەران ياققا ياياق بارارمەن،
مەيلى گۈرزەم ئېغىر، ئۆزۈم پەرىشان.
ساڭا دېدىم، ئەگەر جەڭگە كەلسە شىر،
سەن تۇيەيلى ئاڭا سالىمەن شەمشەر.
دېمىگەنمەن ھە دەپ ماڭا قىل خىتاب،
شۇنداق يۈرگىن، ئۇيقۇم بولمىسۇن خاراب.»
ئۈچىنچى رەت ئۇيقۇ كۆز ئۆڭگىن توستى،
كۆكسىدە يېپىنچا يولۋاس تېرىسى.
نەرە تارتىپ كەلدى ئەجدىھا بەسمۇ بەس،
ئاتەش پۈركۈيتتى ئالغاندا نەپەس.
باتۇرنى تۇر دېيىشكە قىلماي جاسارەت،
ئوتلاقتا يۈگۈردى تۇلپار بىتاقەت.
بۇنداق تەشۋىشتىن يۈرەك پارە ـ پارە،
ئەجدىھادىن، رۇستەمدىن قورقۇپ بىچارە.
يەنە ئەندىشە قىپ رۇستەمخانىدىن،
رۇستەم تامان چېپىپ كەتتى جانىدىن.
غەزەپكە كەلدى ـ دە، تېپىپ، چاچتى خاك،
تاقىسىدىن يەرلەر بولدى چاك ـ چاك.
رۇستەم ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ شۇئان
يەنە ئاتقا غەزەپلەندى چەندان.
لېكىن يەنە ئاتقا ئىچى ئاغرىدى،
بۇ قېتىم ئەجدىھا ئاڭا كۆرۈندى.
قارا تۈندە ئۇنى بايقاپ پەھلىۋان،
ئۆتكۈر تىغىن قىنىدىن چىقاردى چاققان.
باھار بۇلۇتىدەك نەرە تارتقان چاغ،
زېمىن جەڭ مەيدانى، ئوت بولدى تۇپراق.
ئەجدىھاغا دېدى: «ئېيتىپ قال نامىڭ،
بۇنىڭدىن كېيىن جاھاننى كۆرەلمەس كۆزۈڭ.
ياخشى ئەمەس، ئاجرالسا مېنىڭ دەستىمدىن
تاتلىق جېنىڭدىن گەر بۇنداق قارا تەن.»

غەزەپكە كېلىپ قانخور ئەجدىھا شۇئان ،
دېدى : « ھېچكىم مەندىن تاپمىغان ئامان .
بۇ دەشت - چۆل ئەزەلدىن مېنىڭ جايىمدۇر ،
ئېگىز ئاسمانمۇ ساپ ھاۋايىمدۇر .
بۇندا يول يوق بۈركۈت پەس ئۇچۇشقا ،
بۇ چۆل كىرمەس ھەتتا يۇلتۇز چۈشكە . »
ئاندىن پالۋانغا دېدى : « نامىڭنى بىلەي ،
تۇغقىنىڭ ئۆلسەڭ گەر نى دەپ يىغلىغاي ؟ »
جاۋاب بېرىپ دېدى : « ئېتىمدۇر رۇستەم ،
ئەجدادلىرىم داستان ، سام ھەمدە نەيرەم .
بىر ئۆزۈم تېتىيمەن پۈتۈن لەشكەرگە ،
جاھانىنى تەڭ ئەتكۈم مەھشەر كۈنىگە .
كۆرمىسەن مەن جەڭنى قىلىمەن قانداق ،
يىرگىنچ بېشىڭ بۇگۈن قىلاي پاچاق - پاچاق . »
قانخور ئەجدىھا ئاڭا تاشلاندى يامان ،
ۋە لېكىن ئاقىۋەت تاپمىدى ئامان .
پالۋانغا يېپىشتى ئەجدىھا شۇنداق
رۇستەم كۆرۈندى بولغاندەك پاچاق .
ئەجدىھا شىددەتتىن كۆرۈپ قالدى تۇلپار ،
ئاستىدا قالغانتى باھادىر شۇڭقار .
قۇلىقىن تارتتى تۇلپار، بۇ نى ئەجەب ؟
ئەجدەر تېرىسىن شىلدى تېپىپ ، چىشلەپ .
تېرىسىنى شۇنداق شىلدى ، ھەتتا شىر ،
باھادىرلار ئاڭا مىڭ ئاپىرىن دەر .
شەمشەردە بېشىنى تېنىدىن جۇدا
ئەيلىدى تەھەمتەن ، قان ئاقتى دەريا .
گەۋدىسى ئاستىدا كۆرۈنمەس تۇپراق ،
پەقەت خۇن بۇلدۇقلاپ تۇرغان بىر بۇلاق .
رۇستەم نىگاھ تاشلار ئۇ ئەجدىھاغا ،
چىشى تىغ ئەپتى ياۋۇز ، ئىچى قارىغا .
گەۋدىسى ئاستىدا ياتار باياۋان ،
تۇپراقنى بويايدۇ ئىسسىق قىزىل قان .
تەھەمتەن ھەيران بوپ قېتىپ قالدى لال ،
خۇدا نامىن تىلغا ئالدى ئۇ دەرھال .
سۇغا چۈشۈپ يۈز - قول يۇدى ئالدىدا ،
تەڭرى ياردىمىسىز يوقتۇر بۇ دۇنيا .
ئاندىن خۇداغا دېدى : « ئەي ئادىل ئىگەم ،
سەن بەردىڭ ماڭا كۈچ ، بىلىم ، شۆھرەت ھەم .
ئالدىمغا نىم كەلسە شىرمۇ دىۋە ، پىل ،
تاپتاقىر باياۋان يا دەريايى نىل ،
دۈشمىنىم بىرمۇ يا كۆپمۇ بەرىبىر ،
قەھرىم تۇتۇپ قالسا ، ماڭا ھەممە بىر .

## تۆتىنچى سەرگۈزەشت

## رۇستەمنىڭ جادۇگەرنى ئۆلتۈرگەنلىكى

تاماملاپ شۇكرانە ئىبادىتىنى
كەلتۈردى ئېگەرلىك ئۆز تۇلپارىنى .
ئاتقا مىنىپ يولغا بولدى راۋانە ،
جادۇ دىيارىغا كىردى مەردانە .
ئۇزۇن يولغا باشلاپ قويىدى ئات بېشىن ،
تا ئۇپۇقتا كۆرگۈچە نۇر - قۇياشىن .
دەرەخ ، گىيا كۆردى ۋە ئابى راۋان ،
مەردانىلار يۇرتى دېگۈدەك ماكان .
قىرغاۋۇل كۆزىدەك بىر چەشمە - گۈلاپ ،
كۆردى قىرغىقىدا زەررىن جام شاراب
قورۇلغان كېيىك گۆشى بىلەن نان ،
ئەتراپىدا پىشلاق ۋە يېنىدا تۇزدان .
رۇستەم كۆرۈپ شۇنداق مۇۋاپىق جايىنى ،
مىڭ شۇكۇر بىلەن ياد ئەتتى خۇدانى .
ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ، ئېگەرنى ئالدى ،
نان ۋە گۆشكە قاراپ لال بولۇپ قالدى .
تاماق ۋاقتى ئىدى رۇستەم كەلگەن چاغ ،
دىۋە يوشۇرۇنغانىدى ئۇنى كۆرگەن چاغ .
چەشمە ئەتراپىغا چۈشتى تەپ تارتماي ،
قولغا ئالدى ياقۇت جامنى ، تولغان مەي .
جام يېنىدا كۆردى ئاجايىپ تەمبۇر ،
گويا باياۋاندا بەزمە ئۆيى ، مەشھۇر .
تەھەمتەن قولىغا ئېلىپ تارىنى
كۈيگە سازلاپ دېدى دىلدا بارىنى :
« بالاغا دۇچارى رۇستەمدۇر ، رۇستەم ،
خۇشاللىق كۈنلىرى ئۇندا بەكمۇ كەم .

جەڭ مەيدانىدۇر ئۇنىڭ مەيدانى ،
باياۋان ۋە تاغلار ئۇنىڭ بوستانى .
رەقىبى دىۋە ، قانخور ئەجدىھا ،
دىۋە ، باياۋاندىن قۇتۇلماس ئەسلا .
مەيۇ جامۇ گۇل ۋە كۆكلەمزار
بەخش قىلمىغاندۇر ئاڭا روزىغار .
دائىما ئەجدىھا بىلەن قىلدىم جەڭ ،
ياكى يولۋاسقا سالدىم دادىل چاڭ . . . »
ناخشىنى تىڭلاپ جادۇگەر موماي ،
رۇستەم ئاۋازى ، سازىنى تىنماي .
يۈزىنى بېزەتتى مىسالى باھار ،
بولمىغاي گۇلمۇ ھەم ئۇنچە ئۈز رۇخسار.
تەھەمتەن خۇداغا سانا باشلىدى ،
ئاڭا ئاپىرىنۇ دۇئا باشلىدى .
ئۇپيا ـ ئەگىلىك پۇراپ ، سوراپ ئىجازەت ،
رۇستەمنىڭ يېنىغا كەلدى كاساپەت .
« مازەندەران چۆلى ئىچرە داستىخان ،
تاپمىدىم مەي ، چالغۇ ، ياش ساقى » دىبان .

چىراي تۇرقى ئاستىدا ئىپلاس جادۇگەر ،
ئەھرىمەنلىكىدىن رۇستەم بىخەۋەر .
قولىغا بىر قاچا مەي ئېلىپ كۇشاد ،
ئەيلىدى ئۇ ئادىل قازى نامىن ياد .
قۇلىقىغا تەڭرىنىڭ نامى يەتتى ،
شۇئان چېھرىسى ئۆزگىرىپ كەتتى .
دىلىدا شۇكرانە ، گۇمانى نەدە ،
تىلىدا مەدخانە ، دەرمانى نەدە .
خۇدانىڭ نامىدىن رەڭگى بىر ئۆچتى ،
رۇستەمنىڭ نىگاھى تېز ئاڭا كۆچتى .
تەھەمتەن توساتتىن تاشلىدى كەمەند ،
جادۇگەر بېشىنى قىلىپ ئالدى بەند .
دېدى : « كىمسەن ئۆزۈڭ ، دەرھال بەر جاۋاب ،
ھەقىقىي تۇرقۇڭنى كۆرسەت ، ئىش خاراب . . . »
سالمىدا كۆرۈندى يىرگىنچ بىر خوتۇن ،
تۇرغىنى ھىلىيۇ نەيرەڭ ۋە ئەجىن .
خەنجەردە بېلىدىن قاق ئىككى بۆلدى ،
جادۇگەرلەر دىلى ئەندىشكە تولدى .

## بەشىنچى سەرگۇزەشت

## رۇستەمنىڭ ئەۋلادنى ئەسىر ئالغانلىقى

ھاياتتا يول ئىزدەر كىشىلەردەك ئۇ ،
يول تامان قانچىلاپ بۇرالدى ھەم ئۇ .
ئات چاپتۇرۇپ يەتتى ئاخىر بىر جايغا ،
بىلمەس جاھان نۇرى يوقالغان نەگە .
زەڭگىلەر يۈزىدەك ئەتراپ تۈن ـ قۇندۇز ،
نە ئاي كۆرۈنمەيدۇ ، نە بىرەر يۇلتۇز .
گويا كۈن چۈشكەندەك سالما ـ ئارقانغا .
يۇلتۇزلار يوقالغاندەك قايسى بىر جايغا .
تۇلپار تىزگىنىنى سىيرىپ ، ئالغا چاپتۇردى ،
زىمزىميا ! نە دۆڭ ، نە ئېرىق كۆرمىدى .
قارا تۈنگە بەردى يورۇقلۇق بەدەل ،
يېشىل زىرائەتلەر بەئەينى مەخمەل .
جاھان قېرىلىقتىن بولدى نەۋقىران ،
ھەر تامان چىمەنزار ، ئېرىقلار راۋان .
ئۈستىدە لىباسى بولۇپ كەتتى سۇ ،
كۆزلەرنى ھېرىشتىن باستى ھەم ئۇيقۇ .
يولۋاس تېرىسىنى ئېچىپ سالدى شىر ،

دۇبۇلغىسىدىن ئاقتى تامچىلاپ تەر .
ھەر ئىككىسىن يايدى ئاپتاپقا شۇ تاپ ،
ئۆزى دەم ئېلىشقا ، ئۇيقۇغا ئالدىراپ .
تۇلپاردىن ئېلىنغان يۈگەن ۋە ئېگەر ،
بېشىنى ئېگىپ توختىماي ئوتلار .
شامالداپ كىيدى يولۋاس تېرىسىن ،
يولۋاستەك ئوت ـ چۆپتىن ئەتتى ياستۇقىن .
باش ئاستىدا قالغان ، ئالدىدا قىلىچ ،
قىلىچ سېپىدىن ئالماس قولىنى ھېچ .
ئوتلاق ئارا ئاتنى كۆرۈپ پاسبان ،
دوق بىلەن چاقىردى سىلىپ كۆپ ئالۋان .
يۈگۈرۈپ كەلدى تۇلپار رۇستەمسىرى ،
پۈتىغا ئىشكەل سالدى ، قالدى تەسىرى .
ئۇيقۇدىن ئويغانغان زامانلا پىلتەن ،
كۆزەتچى ئاڭا دېدى : « ئەي ئەھرىمەن .
نېمىشقا زىرائەتكە ئېتىڭنى قويدۇڭ ،
ئەمگەك قىلمايلا بەھرىمەن بولدۇڭ ؟ »

ئاقىل مەرد غەزەپكە كەلسمۇ كۆندى ،
كۆزەتچى ئىككى قۇلىقىنى سوزدى .
ياخشى ـ يامان دەپ بىر سۆز ئېيتمايلا ،
قۇلاقلىرىن سوزۇپ قىلدى چولاقلا .
كۆزەتچى قۇلاقلىرىن ئېلىپ قولىغا ،
ھەسرەتتە داد سېلىپ ماڭدى يولىغا .
ئۇ جاينىڭ پالۋانى ئىسمىدۇر ئەۋلاد ،
شۆھرىتى تارقالغان ، نەۋقىران ، شەمشاد .
كۆزەتچى باردى ئەۋلاد ئالدىغا شۇ چاغ ،
قولىدا ئۈزۈلگەن شۇ ئىككى قۇلاق .
ئاڭا دېدى : « دىۋىدەك ئادەم كەلمەكتە بىر ،
ساۋۇتى تېرىدىن ، قالپىقى تۆمۈر .
ئەھرەمەننىڭ ئۆزى ئۇ باشتىن ـ ئاياغ ،
يا ساۋۇت كىيگەن ئەجدىھا سياق .
باردىم ، زىرائەتتىن ھەيدەي دەپ ئېتىن ،
يولۇمدا بولدى ئۇ تاغدەك بىر توسقۇن .
تۇردى ، قۇلاقلىرىم سوزدى قولىدا ،
ئاندىن ئۇيقۇسىغا كەتتى ئەجدىھا . »
دەھشەتتە ئاڭلىدى ئەندىش سۆزىنى ،
ھەم ئوتلاقتا كۆردى شىرنىڭ ئىزىنى .
باتۇرلار بىلەن ئات تىزگىنىن بۇرىدى ،
تەھەمتەننى نىشان قىلىپ ، شۇ ياققا يۈردى .
بىلمەكچى بوپ ، كەلگەن قانداق زوراۋان ،
يامانلىق ، غەزەپكە نېم سەۋەب بولغان .
تىزگىن تارتىپ ، ئۆتكۈر قىلىچنى ئالدى ،
گۈلدۈرمامىدەك بىر چۇقان سالدى .
يېقىنلاپ كەلگەچكە بۇ ئىككى سەرباز ،
سۆز باشلاپ ، سورىدى بىر ـ بىرىدىن راز .
« نامىڭ نېمە ، ـــ ئاۋۋال سورىدى ئەۋلاد ، ـــ
پاناھىڭنى ئېيت ، كىم سېنى قىلار ياد ؟
بۇ يەرگە ئايىغىڭ يەتتىكىن نېچۈك ؟
دىۋىلەر ماكانىغا بۇ جۈرئەت نېچۈك ؟
كۆزەتچى قۇلىقىن يۇلدۇڭ سەن نېچۈك ؟
ئېتىڭ زىرائەتكە قويدۇڭ سەن نېچۈك ؟
بار ـ يوقۇڭنى قىلسام قارا ، نېم بولۇر ؟
بۆكۈڭ قالسا تۇپراق ئارا ، نېم بولۇر ؟ »
« نامىم بۇلۇت ، ـــ دېدى جاۋابەن رۇستەم ، ـــ
گەر بۇلۇتتا بولسا شىر چاڭگىلى ھەم .
باشقىلار بېشىنى ئېگىدۇ يەرگە ،
ئوق ـ نەيزە ياغدۇرار جەڭگىۋار ئەرگە .
قۇلىقىڭغا نامىم يېتىپ بارسا گەر ،
قېنىڭ توڭلاپ ، مۇزدەك نەپسىڭ ئۆچەر .
ھەر بىر ئەنجۇمەندە پىلتەنلىك شەھباز ،
كامان ، سالمىسىدىن تارقىلار ئاۋاز .
ئەمدى سېنى تۇغقان ئاناڭ بىچارە ،
كېپەن پىچىپ ، چېچىن يۇلسا ، نى چارە ؟
قېشىمغا كېلىپسەن قوشۇن ئېپ بۇ چاغ ،
ئاسمان گۈمبىزىگە چېچىپسەن ياڭاق . »
شۇنداق دەپ سۇغۇردى قىلىچ قىنىدىن ،
بالا شىرىنى چىقاردى ئىنىدىن .
ئارقىنى ، سالمىسى ئېگەر قېشىدا ،
كۆزلىرىدە ئاتەش ، غەزەپ بېشىدا .
قوي پادىسىغا شىر ئۆزىنى ئۇردى ،
ئەتراپتا كىم بولسا ، ھەممىنى قىردى .
قاتىل قىلىچىنى شىلتىغان ھامان ،
باشلارنى كېسەتتى گۈل قايچىسىمان .
باشلىقلار تىنماستىن تۆكۈپ ياشلىرىن ،
ئاياغ ئاستى قىلدى مەغرۇر باشلىرىن .
باھادىر دەستىدىن قوشۇنلار تارمار ،
ھەممە قاچتى ھەريان ، دىلىدا غۇبار .
ئاتلىقلار چېكىدىن ھاۋا قاپقارا ،
قالايمىقان بولدى پۈتۈن تاغ ـ دالا .
قۇترىغان پىل ـ رۇستەم ، يەنە چاپار ئات ،
قولىدا ئارقىنى ، ئاستىدا تۇلپار ئات .
تۇلپار ئەۋلادقا يېتىپ بارغاندا يېقىن ،
تاج تاقىغان بېشىغا چۈشتى قارا تۈن .
ئۇزۇن ئارقاننى ئاتقاندا رۇستەم ،
ئەۋلاد مەغرۇر بېشى يەر بولدى ھەم .
ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ باغلىدى قولىن ،
ئۆزى مىنىپ ، ئاڭا كۆرسەتتى يولىن . . .
دېدىكى : « كۆرسەتسەڭ سەن ماڭا راستلىق ،
سۆزۈڭدە بولمىسا ھېچ كەم ـ كۇساتلىق ،
ماڭا بەرسەڭ ئاق دىۋە جايىدىن نىشان ،
نەدە تۇرمىش غەندى ، پۇلاد ، بېد ماكان .
كاۋۇس نەدە بەند بولغىنىنى ئاخىر ،
( بۇ بالالار شۇندىن بولغانتى زاھىر )
كۆرسىتىپ ، راستلىقنى قىلساڭ ئىختىيار ،
سۆزۈڭدە توغرىلىق بولسا ساڭا يار ،

مازەندەران شاھىن، گۇرزە ـ تاجىنى،
تارتىپ ئالماقچىمەن بايلىق، بارىنى.
ساداقەتلىك بولساڭ، ئادالەتكە يار،
نېسىۋەڭ بولار تەخت ۋە تاجۇ دىيار.
ئەگەر سۆزلىرىڭدە بولسىلا رىيا،
كۆزلىرىڭدىن ئاقار قىپقىزىل دەريا.
ئەۋلاد ئاڭا دېدى: «جاھالەتتىن قاچ،
ھوشۇڭنى يىغىپ ئال، كۆزۈڭ يوغان ئاچ.
غەزەپتىن كور بولۇپ تۆكمە قېنىمنى،
خالىساڭ بېرىمەن ساڭا جېنىمنى.
ئېيتاي ساڭا نەدە كاۋۇس شاھ، ئەسىر،
كۆرسىتەي ئۇ ئۆلكە يولىنى بىر ـ بىر
كۆڭلۈمنى قىلساڭ شاد، ئۇ ئاق دىۋە ئۆيىن،
كۆرسىتەي پۇلاد، بېد ۋە سەنجە يولىن.
كاۋۇس بار جايغا يەتمەكلىك گۇمان،
يۈز پەرسەڭگە چىدام بەرمىسە رەھمان.
ئۇ جايدىن دىۋگىچە يەنە يۈز پەرسەڭ،
يېتىسەن كۆپ قىيىن يول باسالىساڭ.
ئىككى تاغ ئارىسى ـ ۋەھىمىلىك ئۇ جاي،
ئاسمىنىدىن ئۆتەلمەس ھەتتا ھۇماي.
ئىككى خىيال ئارا تاڭ قالارلىق يار،
تېگىگە قارىساڭ بېشىڭ بەك قايار.
جەڭگىۋار دىۋىلەردىن ئون ئىككى مىڭى،
تاغ ۋە جىلغىلاردا كۆپلەپ كۆزەتچى.
پۇلاد، غەندى ئۇلار سىپاھدارىدۇر،
بېدۇ سەنجە بولسا نىگاھدارىدۇر.
ھەممە دىۋىلەرگە ئاق دىۋە قوماندان،
تاغ ئۇنىڭدىن تېرەك ياپرىقىدەك لەرزان.
كۆرسەڭ ئەزىم تاغدەك بەھەيۋەت بەدەن،
گەۋگە كەڭلىكى كېلەر ئون ئىككى ئارقان.»
بۇ گەۋدە، بۇ لاچىن، بۇ ئېتىڭ بىلەن،
بۇ نەيزە، بۇ گۇرزى غىراتىڭ بىلەن
نەچچە پالۋانلارنى قىلدىڭ يەرگە تەڭ،
ئەمما ياخشى بولماس ئاق دىۋە بىلەن جەڭ.
ئۇندىن نېرى تاشلىق، يولى يوق قىيا،
ياۋا ئىتكىلەرمۇ ئۆتەلمەس ھەتتا.
ئۇندىن ئۆتسەڭ باردۇر شاۋقۇنلۇق دەريا،
كەڭلىكى ئىككى پەرسەڭ، ئۇندىن ئوشۇق يار،
ئۇ يەردە شىددەتكار بىر كۆزەتچى دىۋ بار،
قانچىلاپ دىۋىگە ئاشۇ پەرماندار.
ئۇچيۈز پەرسەڭ يۇرسەڭ، ئۇچرايدۇ بىر جاي،
ئۇ جايلارنىڭ نامى بۇزگۆشت، نەرمپاي.
بۇزگۆشتتىن ئۆتسەڭ مازەندەرانغا يول،
بۇمۇ بەك ئېغىر، مۇشەققەتتى مول.
ھەرياندا كېزىپ يۈرەر ئاتلىق ئەسكەر،
كۆرمىگلاپ سانىغا يېتەلىسەڭ ئەگەر.
چىش ـ تىرنىقى قورال، يانچۇقتا دىرھەم،
يوقتۇر بىرسىنىڭمۇ دىلىدا ئەلەم.
جەڭدە پىللار بىلەن لىپمۇ ـ لىق شەھەر،
ئۇلارنىڭ سانىمۇ بىرمىڭدىن ئاشار.
يالغۇزسەن، بولساڭمۇ گەر تۆمۈر بەدەن،
ئەھرەمەن ئىككى ئەيلىگەي شىكەن.»
كۇلدى بۇ سۆزلەرگە رۇستەم قاقاقلاپ
ۋە ئەۋلادقا شۇنداق دېدى لەۋ ئېچىپ:
«ئەگەر راستتىن بولساڭ سەن ماڭا يولداش،
ئايان كۆرسىتەرسەن، بۇ سۇۋقا باش
ۋە پىلتەن جاھاندا نېمىگە قادىر،
باتۇرلارنىڭ بېشىغا نېمىلەر سالار.
ئۇ زەپەر بەخش يەزدان قىلسا گەر مەدەت،
ھۈنەر ۋە تىنچلىقتا ھەل بولار تىلەك.
بىر قېتىم كۆرسە گەر دەستۇ زەربەمنى،
گۇرزەم ۋە شەمشىرىم، ماھىر ھەربىمنى،
يۈرىكى يېرىلىپ ياۋ تىكنۇېتەر،
ئاجرىتالماي نەدە ئۆزەڭگە ـ ئېگەر.
قېنى، كاۋۇس نەدە كۈتەر تەلمۈرۈپ،
باشلىغىن، قالمىسۇن پېيىڭ تارتىشىپ.»
شۇنداق دەپ تۇلپارغا مىنىۋالدى شاد،
شامالدىن تېز ئۇچۇپ بارىدۇ ئەۋلاد.
توختىماي قارا تۈن يە يورۇق كۈندۈز،
يېتىشتى بىر تاغقا نامى ئىسپەرۇز.
شۇ يەرگە كاۋۇس شاھ تارتقاندا لەشكەر،
قان ئىچەر دېۋىلەر قىلغانىدى زەپەر.
تۈندىن ئېشىپ ئاخىر يېقىنلاشتى تاڭ،
چۆل تەۋەسىگە كىردى، ئاڭلاندى داڭ.
زور گۈلخان يېقىلدى مازەندەرانغا،
مەشئەللەر يېقىلدى ھەممە تامانغا.
«بۇ قانداق جاي ئىكەن، — دېدى تەھەمتەن، —
ئوت ـ شولا كۆرۈنەر ھەممە تاماندىن.»

ئەۋلاد جاۋاب بېرىپ ، دېدى : « مازەندەران ،
تۈن بويى سەگەكتۇر ئۇندا پاسىبان .
ئۇ يەردە ئەرجەڭ دىۋە تا ئاتقانچە تاڭ
هۆركىرەپ چىقىدۇ ، ئۆرۈپ كۇچلۇك داڭ . »
يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى كۈرەشچان رۇستەم ،

تا ئاپتاپ پارقىراپ چىققاندا ئۇ ھەم
ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، يولنى چاغلىدى ،
ئەۋلادنى دەرەخكە مەھكەم باغلىدى .
بوۋىسى گۇرزىسى قولدا مۇھەييا ،
چۇشتى يولغا ، دىلىدا جاسارەت زىيا .

## ئالتىنچى سەرگۈزەشت

### رۇستەمنىڭ ئەرجەڭ دىۋە بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

بېشىدا دۇبۇلغا ، قولدا ئومۇتى ،
يولۋاسنىڭ تېرىسى ، ھەربۇ زەرب دۇدى .
ئەرجەڭ دىۋە تامانغا بۇراپ يۈزىنى ،
ياۋ لەشكەرگاھىدا كۆرۈپ ئۆزىنى .
جەڭگىۋار نەرىسىن تارتقاندا گويا ،
تاغلار ئاغدۇرۇلدى ، كۆپچىدى دەريا .
قولىقىغا يەتكەچ مۇنداق بىر سۈرەن ،
ئەرجەڭ چېدىرىدىن چىقتى شۇ زامان .
رۇستەم ئات چاپتى بەئەينى چاقماق ،
ئەرجەڭگە يەتتى ئۇ بىر دەمدە شۇنداق .
قولاق ، باش ، گەدەنگە سېلىپ ئۇ چاڭگال ،
شىردەك ئۈزۈۋالدى بېشىنى دەرھال .
قارا قانغا پاتقان دىۋىنىڭ بېشىن
ئىرغىتتى توپىغا ، ئېقىتىپ قېنىن .
دەھشەت سالدى دىۋىگە رۇستەم بىلىكى ،
گۇرزىنى كۆرۈپ چىقتى يۈرىكى .
قېچىشتى ئانا يۇرتىنى قىلماي ياد ،
ئاتا قىلاتتى ئوغلۇم دەپ پەرياد .
يەر، جايىن ئۇنتۇپ ، قېچىشتى نالەن ،
ئاتىسى ئوغلىغا ئىزدىشەر ئامان .
تەھەمتەن سۇغۇرۇپ قىساس شەمشىرىن ،
دىۋىدىن تازىلىدى بۇ ئەلنىڭ يېرىن .
پاتقاندا جاھانىنى يورۇتقان تەلئەت ،
ئىسپەرۇز تېغىغا كەلدى ۋەللامەت .
ئەۋلادتىن ئارقانىي يېشىپ تاشلىدى ،
يەنە ئۇندىن سوئال ـ سوراق باشلىدى .
كاۋۇس ئورنىنى بىلىپ ، رۇستەمى نامدار ،
يۈگۈردى ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي بىكار .
ئالدىدا يۈگۈرۈپ باراتتى ئەۋلاد
ئاڭا يول كۆرسىتىپ دەممۇ دەم دىۋزات .

شەھەر ئىشىكىدىن كىرگەندە تاجدار ،
گۈلدۈرمامىدەكلا كىشنىدى تۇلپار .
قۇلىقىغا كىرگەچكە بۇ تونۇش ئاۋۇش ،
ئۇنىڭدىن بىر ئىشنى بايقىدى كاۋۇس .
ئىرانلىقلارغا دەر : « بولۇڭ خاتىرجەم ،
تەقدىر ياۋۇزلۇقى ئاپماقتا بەرھەم .
قۇلىقىمغا تۇلپاردىن يەتتى ئاۋاز ،
ئاۋازدىن يولدى روھ ـ دىلىم پاك ـ پاكىز .
شۇنداق كىشنەر ئىدى قۇباد زامانى ،
رۇستەم تۇران بىلەن سوقۇشقان چاغى . »
ئىران لەشكىرىدە باشلاندى كۇس ـ كۇس گەپ ،
شاھ بۇ ئەسىرلىككە چىدالماپتۇ دەپ .
قىيناشلار ئالغانمۇ غۇرۇر ، ئەس ـ ھوشىن ،
يا سوۋغات ئېتەرمۇ شاھىمىز چۇشىن ؟
بۇ ئېغىر ئەھۋالدىن قۇتۇلماق نەدە ؟
بەخت تەتۈر بولسا ھەممە بىپايدا .
ئەمما ئۇقتەك يېتىپ كەلدى شۇ زامان ،
ياۋنى چېكىندۈرەر پىلتەنلىك پالۋان .
شاھ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە قەيسەر ،
خۇش بولۇپ ، يىغىلدى جىمىكى ئەسكەر .
گۇدەرزۇ تۇسۇ گىيۇ ، بەھرام شىر يۈرەك ،
گۇستاھمۇ شېدۇشلار بولدى دۇگىلەك .
رۇستەم كۆپ ئۆكسۇپ ، شاھقا ئەگدى باش ،
ھال ـ ئەھۋال سورىدى ، كۆزگە تولغان ياش .
كاۋۇس شاھ رۇستەمنى قۇچاقلاپ دەرھال ،
يول مۇشەققىتىدىن باشلىدى سوئال .
« جادۇگەرلەر غۇژ ـغۇژ قاينار بۇ دەرگاھ ،
تۇلپارىڭنى ئاسىراش كېرەك ، ـــ دېدى شاھ ، ـــ
ئەرجەڭدىن قۇتۇلدى دۇنيا دەپ جەۋەر
ئاق دىۋە قۇلىقىغا يېتىپ بارسا گەر .

پىلتەن كەلدى دىسە كاۋۇس يېنىغا ،
ئوت تۇتىشار ھەممە دىۋە بېشىغا .
جاھانغا لىق كېلەر دىۋە ئەسكىرى ،
بىكار كېتەر قىلغان ئىشىڭ كۆپرەكى .
شۇ زامات يول ئالدى دىۋە ماكانىغا ،
ئوق ۋە نەيزىلەرنى ئېلىپ يېنىغا .
خۇدا يار ــ يۆلەك بولسا ، ئال ئۇندىن قىساس ،
جادۇگەر بېشى قارا ، يەرگە باس .
ئۆتمەك كېرەك بولسا قانچە تاغ ــ دالا ،
ھەر يەردە ئۇچرىغاي دىۋە بەك تولا .
ئالدىڭدىن چىقىدۇ قورقۇنچلۇق بىر غار ،
ئاڭلىدىمكى ، ئۇندا خەۋپلىك يەر بىسيار .
كۆزەتچى دىۋىلەر كەتمەس غارنىڭ ئاغزىدىن ،
كىم كەلسە قاپلاندەك ئالار كانايدىن .
شۇ غار ئىچىدە ئاق دىۋە دەرگاھى ،
قارا دىۋە لەشكىرىنىڭ پۇشتى پاناھى .
بەلكى نېسىپ بولۇر ساڭا بۇ زەپەر ،
ئۇ ئۆلسە سەردارسىز قالىدۇ لەشكەر .
سىپاھسىم كۆزى كور بولدى ئەلەمدىن ،
مېنىڭ كۆزۈم خىرە بۇ قايغۇ ــ غەمدىن .
تېۋىپلار دېيىشتى بۇ دەرد ئىمكانى ــــ
ئاق دىۋىنىڭ يۈرىكى ، مېڭىسى قېنى .
شۇنداق دېگەنىدى تەدبىرلىك تېۋىپ :
ئاق دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ قېنىدىن تېتىپ ،
تېمىتساڭ ئۈچ قېتىم كۆز ئىچرە ئەگەر ،
خىرەلىكتىن ئەسلا قالمىغاي ئەسەر .
جەڭگە ھازىرلاندى پىلتەنلىك قوتاس ،
جايىدىن قوزغالدى باتۇرلارغا خاس .
ئىرانلىقلارغا دېدى : « بولۇڭلار ھوشيار ،
ئاق دىۋە قەستىن بۇگۈن قىلدىم ئىختىيار .
ئۇ جەڭگىۋار پىلۇ ئۇستا جادۇگەر ،
ئەتراپىدا تۇرارمىش ھېسابسىز لەشكەر .
گەدىنىم قولىدا ئېگىلسە ناگاھ ،
سىز ئۇزاق قالسىز تەقدىرى سىياھ .
ئەگەردە پاك تەڭرى بولسا مەدەتكار ،
ماڭا بەخت يۇلتۇزىن بەخش ئەتسە يار ،
قايتا نېسىپ بولۇر بىزگە يەرۇ تەخت ،
قايتا شاخ چىقىرار شاھانە دەرەخ .

## يەتتىنچى سەرگۈزەشت

## رۇستەمنىڭ ئاق دىۋىنى ئۆلتۈرگەنلىكى

جەڭگىۋار كەمەرنى باغلىبان مەھكەم ،
جەڭ خىيالى بىلەن يول ئالدى رۇستەم .
ئالدىدا بارار يول كۆرسىتىپ ئەۋلاد ،
تۇلپارى كېتىپ بارار بەئەينى باد .
تۇلپار يېتىپ كەلگەن جايى ھەفتى كوھ ،
ئەتراپىدا دىۋىلەر گۇرۇھ ــ گۇرۇھ .
تېگى يوق غارغا يېتىپ كەلگەندە رۇستەم ،
كۆردى ، دىۋە لەشكىرى ئەتراپىدا جەم .
« ئەي ئەۋلاد ھەر نېمە سورىغان بولسام ،
جاۋابىڭ راست چىقتى ، ـــ دەپ ئېيتتى رۇستەم ، ـــ
يول كۆرسىتىپ ، سىرنى ئېچىپ بەر ئەۋلاد ،
ئەمدى ئاق دىۋىنىمۇ قىلايلى بەرباد . »
ئەۋلاد ئاستا دېدى : « قاچانكى ئاپتاپ ،
كۆتۈرۈلسە ئاق دىۋە كۆزىن باسار خاب .
سەن ئاق دىۋە ئۇستىدىن قىلسەن زەپەر ،
بىرئاز سەۋر قىلىپ تۇرالساڭ ئەگەر .
شۇنداق يارىڭ بولسا گەر پەرۋەردىگار ،
شۇبھىسىز زەپەرمۇ بولۇر ساڭا يار . »
تا كۆتۈرۈلگۈچە ئېگىزگە ئاپتاپ ،
رۇستەممۇ ھۇجۇمغا كەتمىدى ئالدىراپ .
دەرەخكە باغلىدى ئەۋلادنى مەھكەم ،
تۇلپارغا يۈكلىدى كامان ، سالمىنى ھەم .
نەرە تارتتى نامىن ئاتاپ ، رەئىد مىسال ،
قىنىدىن سۇغۇرۇلدى بەئەينى قەتتال .
ھېچبىرى كېلەلمەي قالدى تەڭ ئاڭا ،
دۇچ كەلگىنى ھەممىسى بولدى ناكا .
بۇندىن ئاق دىۋەسېرى ئەيلىدى شىتاب ،
بەئەينى پارقىراق ، قىزىق بىر ئاپتاپ .
بىر غارغا دۇچ كەلدى جەھەننەم گويا ،
دىۋىلەر كۆرۈنمەيتتى ، قاراڭغۇ ــ غۇۋا .
بىردەم تاڭ قالدى ، قولىدا قورال
بۇندا يوق ئۇرۇشماق ، قاچماقىقا ئامال .

كۆزلىرىن ئۇۋۇلاپ ، يۇيۇپ يۈزىنى ،
غار ئىشكىن تاپتى رۇسلاپ ئۆزىنى .
قاراڭغۇدا كۆردى تاغدەك بىر گەۋدە ،
غار يولىنى توسۇپ ، ياتار راسمەنە .
تېنى تۆندەك قارا ، سۈتتەك ئاق چېچى ،
جاھاننى قۇچاقلىسا يېتەر غۇلىچى .
غار ئىچىدە ئۇخلاپ ياتاتتى ساكىن ،
رۇستەم ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىمىدى ، لېكىن .
نەرە تارتتى رۇستەم بەئەينى پەلەك ،
دىۋە چۆچۈپ ئويغاندى ۋە باشلىدى جەڭ .
رۇستەمگە تاشلاندى قارا تاغسىمان ،
تۆمۈردىن كۇلاھى ، تۆمۈردىن قالقان .
تۈگمەن تېشىدەك تاش ئېلىپ دەرھال ،
بۇلۇتتەك سوزۇلدى رۇستەمسىرى ياۋ .
پىلتەنىنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى ،
گوياكى جېنى تۇمشۇقىغا يەتتى .
غەزەپ ئورنۋالدى ھەيۋەت شىر دىلىن ،
قىلىچ سالدى دىۋىگە مۆلچەرلەپ بېلىن .
تەھەمتەن زەربىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشتى ،
بىر پۇتى يەنە يانپاشىنىڭ گۆشى .
ئېلىشىۋەردى ئۇ جاراھەت بىلەن ،
قۇترىغان پىل ، شىردەك ۋەجاھەت بىلەن .
بىر ياقتا تۇرۇپ ئۇ تىنماي جەڭ قىلار ،
پۈتۈن غارنى قىلىپ زىرۇ زەۋەر .
تەھەمتەننى ئۇرۇپ يىقتىماق بولۇپ ،
سىقىۋالدى گەدىنىدىن مەھكەم ، خوپ .
ۋەھشىيانە ئۈزەر گۆشنى بىر ـ بىردىن ،
بولۇپ كەتتى پاتقاق ھەممە يەر ـ زېمىن .
تەھەمتەن دېدى : « گەر قالالىسام ئامان ،
ئەبەد كۆرمىگەي زاۋال جىسمۇ جان . »
ئۆزىچە دەر ئىدى ئۇ سەفىد :
« ناھاتكى ئۈزەرمەن ھاياتتىن ئۈمىد !
ئۈزۈلگەن ئايىغىم ، پارە تېرەم بىلەن ،
قويۇپ بەرسە ئەگەر مېنى پىلبەدەن ،
ماڭا چوڭ ـ كىچىك قىلىسمۇ ھەۋەس ،
قاچاتتىم ، تاپالماس ئىدى بىرەر كەس . »
شۇ سۆزلەرنى ئاق دىۋە زىكىر قىلىپ ئاستا ،
سۇنۇق كۆڭلىگە تەسكىن بېرەر شۇ تاپتا .
قىزىپ بارماقتا ھامان ئېلىشىش ،
قىزىل قېنى دەريا ، تەر ئاقار مىش ـ مىش .
تەھەمتەنگە مەدەت خۇدا قۇۋۋىتى ،
ئۇزۇن ۋاقىت ئېلىشتى ، ئۆرلەپ نەپرىتى .
ۋە ئاخىر بۇ نەپرەت ، بۇ قۇۋۋەت جەمى
قىزىتتى تەھەمتەنىنىڭ راسا قېنىنى .
ئۆزىگە ئاچچىقلاپ ئۇ كۈچلۈك شىر ،
دىۋىنى يۇلۇپ يەردىن ، چىشلەتتى يەر .
سۇغۇردى قىنىدىن پولات خەنجىرىن ،
ئويۇپ ئالدى دىۋىنىڭ قارا جىگىرىن .
تولۇپ كەتتى غارنىڭ ئىچى قىزىل قانغا
ۋە ئايلاندى قانلىق بۇلاق بېشىغا .
كېلىپ يەشتى ئەۋلاد قولى بەندىنى ،
ئوراپ راسلىدى شاھانە سالمىنى .
بېرىپ دىۋە جىگىرىن ئەۋلاد قولىغا ،
مېڭىپ كەتتى كاۋۇس شاھى يولىغا .
شۇ چاغ ئەۋلاد دېدى : « ئەي كۈچلۈك شىر ،
تىغ بىلەن جاھانىي باش ئەگدۈرگەن ئەر .
تېنىمدە ئارقانىڭ نىشانىسى بار ،
بارارمەن سىر تىمقىنىڭ سۆرەپ بىمادار .
مېنى ئىزگۈ ئىشقا چىللىغانىدىڭ ،
دىلىمنى ئۈمىدكە باغلىغانىدىڭ .
ئۇرۇشقاق ئارسلان يولىدىن قايتماس ،
سېنىڭدەك شاھ سۆيەت سۆزىدىن قايتماس . »
« مازەندەران يېرىن ، ـــ دېدىكىم رۇستەم ، ـــ
ساڭا تاپشۇرىمەن ، بولغىن خاتىرجەم .
بىلىپ قويغىكى شىرنىڭ يەنە قەستى بار ،
بۇ ئىشنىڭ تېخى كۆپ ئېگىز ـ پەسى بار .
مازەندەران شاھىن تەختىدىن ئېلىپ ،
قارا گەۋدىسىنى ئازگالغا تىقىپ ،
كۈرمىڭلىغان دىۋىلەر ئۆيىنى بۇزۇپ ،
قىلىچ بىلەن زار قاقشىتىپ ، بېشىنى ئۈزۈپ ،
ئاندىن سېنى بۇندا ھۆكۈمران قىلاي ،
ئۆز سۆزۈمنى بەجا قىلىبان كېتەي . »
ئاندىن ماڭدى كاۋۇس پادىشاھ تامان ،
ئىزى بەخت نىشانىسى بۇ شىرى پالۋان .
باتۇرلار نەرە تارتتى خۇشاللىقتا باز ،
ساق ـ ئامان كەلدى دەپ رۇستەمى شەھباز .
ئۇنى ماختاپ ھەممە چاپتى قېشىغا ،
سۇخەن دۇزلىرىنى چاچتى بېشىغا .

باھادىر دېدى: « شاھى دانىش نەزىر ،
جازاسىنى ئالدى يامانلار ئاخىر .
ئويۇپ ئالدىم شۇ ئاق دىۋىدىن جىگەر ،
شاھى ئەمدى ئۇنىدىن ئۇمىدىن ئۈزەر .
جىگىرىن كەلتۈردۈم ، ھەشەمەتلىك شاھ ،
نېم پەرمان بولۇر ئەمدى ئەي داد خاھ .
دېدى پەرمانىدىن ئاگا كاۋۇس شاھ :
« سېنىڭسىز كەتكەنىدى تاجۇ سىپاھ ،
سېنىڭدەك ئوغۇلنى تاپقان شۇ ئاتا —
ئاناڭنىڭ بېشىغا نۇر چاچسۇن خۇدا .
تۇمەن مىڭ ئاپىرىن ، ئاتاڭ زالى زەر ،
تۇتار زابۇلىستان يېرىن بىزەر .
سېنىڭدەك باھادىر تېپىلماس ھامان ،
ئەگەر سەن قىدىرساڭ بۇ پۈتۈن جاھان .
راۋان ئۈزگىلەردىن بۇ بەختىم مېنىڭ ،
جەيان پىلدىن ئاۋات شۇ تەختىم مېنىڭ . »
قاچان ئاپىرىندىن خالاس بولدى كەي ،
دېدى : « ئەمدى كەل ، ئىككىلەنمەي ،
شۇ دىۋىنىڭ قېنىن ئالدىمغا كەلتۈر ،
پۈتۈن ئەنجۇمەننىڭ كۆزلىرى سوقۇر .
ئەگەر بىز كۆرەلىسەك دىدارىڭ يەنە ،
جاھاندار بولغۇسى ھەمكارىڭ يەنە .
كۆزگە سۈرتۈپ دىۋىنىڭ قېنىن قېرى – ياش ،
پارقىرار نىگاھى بەئەينى قۇياش .
تېگىگە قويۇلغان ئېگىز تەختى ئاج ،
تەخت ئۈزرە نۇر چېچىپ يانار نۇرلۇق تاج .
مانا كەي كاۋۇس يەنە يەتتى بەختىگە ،
چىقىۋالدى مازەندەران تەختىگە .

فەرىبۇرزۇ ، گۇدەرز ، تۇسۇ گىۋ ، بەھرام ،
ۋە گۆرگىنۇ ، گىۋۇ فەرھادۇ رۇھھام .
پۈتۈن ھەپتە قىلدى بەزمە شاھى كەي ،
پۈتۈن ھەپتە تارۇ قوشاق ھەمدە مەي .
ئاندىن ھەممە مىندى ئېگەرگە شۇئان ،
شۆھرەتلىك باھادىر ، چېرىكلەر ئامان .
تۇتۇپ ھەممە قولدا گۇرزىيۇ گەران
بولدى مازەندەران يولىغا راۋان .
شاھ بۇيرۇقى بىلەن كۆچۈپ ئات – ئۇلاغ ،
قۇرۇق توقاي ئېچرە مېڭىشتى شۇنداق .
رەھىمسىز قىلىچلار تىلىن قاندۇرۇپ ،
شەھەر – قىشلاق قويمىدى بارىن ياندۇرۇپ .
تىغدىن ئۆتتى نەچچە – نەچچە جادۇگەر ،
قېنىدىن شارقىراپ ئاقتى ئېرىقلار .
قاراڭغۇ چۈشۈپ بولدى گۆرگە تەڭ ،
باتۇرلار دەم ئالدى ، توختاپ قالدى جەڭ .
چېرىككە دېدى : « شاھ پەرمانىغا خاس
زالىملارغا يەتتى بۇ ۋاقتى قىساس .
قىساسكار قىلىچتىن قىرىلدى كۆپى ،
قىرىش توختىتىلسۇن ئالامان توپى .
كېرەك بىرلا ئاقىل تەدبىرلىك كىشى ،
جىددىي ۋە ئاستىلىق بولۇر قىلمىشى .
بېرىپ شاھى مازەندەران يېنىغا ،
ئارا كىرسۇن ئۇنىڭ تېنى – جېنىغا .
بۇ ئىش ماقۇل بولدى زال ئوغلىغا ھەم ،
كاتتىلار ، يېقىنلار شاد بولۇشتى ھەم .
ماگدۇرۇش كېرەك ئۇ ياۋۇز ، شاھقا خەت ،
دىلىدىن جاي ئالسۇن نادامەت پەقەت .

## كاۋۇسنىڭ مازەندەران شاھىغا مەكتۇپ ئەۋەتكەنلىكى

ئاق شايىغا قارا ھەرپلەر ياساپ ،
نەسىھەت يېزىلدى ، ئۇمىد ھەم تەلەپ .
يېزىپ بەردى خەتنى ئەقىللىق مىرزا ،
قىلىپ چىقتى خاتاسىنى توغرا .
« ئۇ ئادىل تەڭرىگە مىڭ – مىڭ ئاپىرىن ،
ئۇنىڭ قۇدرىتىدە يارالغان زېمىن .
ھۇنەر ھەم ياخشى – يامان ئەقىل ۋە ساما
يارالغان ئۇنىڭ زاتىدىن مۇتلەقا .

قۇياش ، ئاينى كۆكتە يورۇتار ئىلاھ ،
ئاتا ئەتتى بىزگە يامان – ياخشى راي .
ئادالەتلىك بولساڭ ۋە ئىمانى پاك ،
دىلىڭ بولمىغاي ھېچقاچان چاك – چاك .
ئەگەر بەتقىلىقسەن ، زەھەر بىداۋا ،
پەلەكتىن بېشىڭغا كېلەر مىڭ بالا .
ئادالەتلىك بولسا جاھاندار ئەگەر ،
ئۇنىڭ بۇيرۇقىن ھەممە بىردەك ئۆتەر .

ياۋۇزلۇق ، كاساپەتكە تەگرى خۇيمۇ خوپ
جازا بەردى ، دىۋىلەر ئۆلدى توپمۇ توپ .
پەلەك ئىشلىرىدىن بولسا خەۋىرىڭ ،
ئەقىل ــ ھوش بولغۇسى سېنىڭ رەھبىرىڭ .
ئاتىسۇن ئۆزۈڭگە دىيار ، تەختۇ تاج ،
بۈگۈن بىزگە بولسۇن ۋە كەلتۈر خىراج .
دوق قىلالمايدۇ تەھەمتەنگە ھېچكىم ،
دېمەك دېگىنىمگە تۆلەرسەن تۆلەم .
ئەگەر مازەندەران تەختىن قىلساڭ ئۈي ،
بىزلەر ئېيتقان يولغا بۈگۈن قەدەم قوي .
ياق دېسەڭ ، قوشۇلار قان كۆز يېشىڭغا ،
ئاق دىۋە كۈنى چۈشەر نادان بېشىڭغا ! »
پۈتكۈزگەندە خەتتات تۆكۈپ مېھرىنى ،
شاھلار شاھى باستى ئەمىر مۆھرىنى .
شاھىنشاھ چاقىردى ، كېلىشتى باتۇر ،
ئۆزى ئوق كەبى تېز ، ھەر ئىشقا قادىر .
ئىسمى ئىدى فەرھاد ، تەبىئىتى ساز ،
يۇرتى ئۇلۇغلىرى ئىچىدە بەك ئاز .
« بۇ مەكتۇپنى ئەۋەت دىۋە بېشىغا دەرھال ،
نەسىھەتۇ پەندنى بىلسۇن ئۇ ئاۋۋال ! »
شاھىنشاھ سۆزلىرىن ئاڭلىغان زامان ،
سۆيۈپ يەرنى بولدى يولىغا راۋان .
يەتتى ئۇ ئاخىر نەرمپاي شەھرى ،
پولاتنى چاينىشار گەر كەلسە قەھرى .
ئاياغلار سۆگەكسىز ۋە يا تاسما پاي ،
شۇنىڭ چۈن لەقىمى ئىدى نەرمپاي .
مازەندەران شاھى ماكانى شۇندا ،
ئۇرۇشقاق يولۋاس ، شىر غەررانىي شۇندا .
بىر كىشىنى ئالدىن ئەۋەتىپ فەرھاد ،
كېلىش خەۋىرىن قىلدى شاھقا ياد .
كاۋۇس شاھ ئالدىدىن ئەقىللىق چاپار
كەلگىنىن ئاڭلاپ شاھى جادۇگەر ،
مازەندەران شىرى ــ پالۋانلىرىدىن
قوشۇننى راسلىدى ، ھەممە باتۇر تەن .
ئۆلاردىن تاللىدى ئۆزى بىرمۇ بىر ،
« ھۈنەر كۆرسىتىشىڭ ـــ دەپ ، ـــ قىلدى ئۇ ئەمر . »
دېدى : « ئەمدى كەتمەس ھېچ بىگانىلىك ،
كۆرسىتىڭلار بۈگۈن مەردانىلىك .
كۆرسىتىڭلار ئەمدى يولۋاس ئادىتىن ،
ئاشۇ ئەقلى كەمنىڭ ئېگىلىڭ قامىتىن !»
سوغۇق ھالدا كۈتۈۋېلىندى فەرھاد ،
مازەندەراندىنمۇ ئۇ بولمىدى شاد .
بىر باھادىر قولىنى ئېلىپ شۇئان
سىقتىكى ، سۇنغۇدەك بولدى ئۇستىخان .
فەرھاد بۇ سىناققا قىلالىدى تاقەت ،
رەڭگى ئۆڭمىدى ، پۈكمىدى قامەت .
شاھ يېنىغا ئېلىپ بېرىشتى دەرھال ،
يولدىن ۋە كاۋۇستىن باشلىدى سوئال .
ئاندىن نامەنى ئېلىپ ئاچقاندا دەبىر ،
مۇشك ھىدى تارقىدى ، شاھىسى ھەرىر .
مۇبەد خەتنى ئوقۇپ ، ئاڭلاتقان شۇ چاغ
شاھ يۈزى غەزەپتىن بولغانتى ئاپئاق .
تەھەمتەن ئىشىدىن بولۇپ ئۇ ئاگاھ ،
كۆزىدىن تۆكۈپ قان ، چەكتى ئوتلۇق ئاھ .
كۆڭلىدە دېدىكى ، پاتىدۇ ئاپتاپ ،
كەچ كىرىپ باسىدۇ ھەممە كۆزنى خاب .
لېكىن ھېچ تىنجىماس رۇستەمدىن جاھان ،
ئۇنىڭ نامى ئۆچمەس ۋە بولماس نىھان .
دىلىدا ئەرجەڭۇ ئاق دىۋە غېمى ،
پۇلادى غەندىيۇ بىد دىۋە ماتەمى .
كاۋۇس نامەسىنى ئوقۇتتى يەنە ،
كۆزدە ياش ، دىلىدا غەم گويا دەريا .
ئۈچ كۈنگىچە قىلدى ئەلچىنى مېھمان ،
شۇندا يۇرت چوڭلىرى كىچىك ۋە كەلان .
تۆتىنچى كۈن دېدى : « ئەمدى مېڭىپ قال ،
ئاشۇ ئەقلى ئاجىز شاھىڭ يولىن ئال .
بىلىپ قالسۇن ئاشۇ شاھى بىھايا ،
خىرە جام ئىچرە مەيمۇ بىزىيا .
ئەگەر تاجۇ تەختتىن مېنىڭدەك كىشى
كېچىپ ساڭا بېشىن ئۇرسا نىم بولۇر ئىشى ؟
بىلەمسەن مېنىڭ نەدە يارگاھىم ،
سان ــ ساناقسىزدۇر مېنىڭ سىپاھىم .
كىمىكى گەر ئۇرۇشقا بۇرار يۈزىنى ،
قالدۇرماس نە رەڭۇ نە ھىد ئىزىنى .
ھازىرلىق كۆرىۋەر ، ئولتۇرما بىغەم ،
ئۇرۇش باشلىماققا كۈتۈردۇق ئەلەم .
شىر كەبى ئاتلىقلار سالسا غۇلغۇلا ،
ئۈيقۇڭدىن ئويغىتار بۇنداق بىر غەۋغا .

پەقەت كۆرەشچى پىللا مىڭ ئىككى يۈز ،
سەندە بىرەرىمۇ تېپىلماس ھەرگىز .
سورۇيكى ئىرانىنىڭ خاكۇ غۇبارىن ،
بىلەلمەي قالارسەن ئىگىز ۋە غارىن . »
بۇ داۋانى فەرھاد ئاڭلىغان ھامان ،
خەت جاۋابىن ئېلىپ ، چاپتى شاھ تامان .
كېلىپ فەرھاد ، ئېيتىپ بەردى بىرمۇ بىر ،
نى كۆرۈپ ، ئاڭلىدى ھېچ قالمىدى سىر .
« ئاسمان پەملەيدۇ ئۆزىنى بۇ خەس ،
ئەمما ئىشى پەسلىك ، رايى ئۇندىن پەس .
سۆزۈم ئاڭلىمىدى بىر دەم بېرىپ تاپ ،
نەزەرىدە جاھان ھېچ نەرسە ھېساب . »
جاھاندار يىغىپ بار باھادىرلىرىن ،
يەتكۈزدى فەرھاد بەرگەن خەۋىرىن .
يۈزىن بۇرىدى كاۋۇس تەرەپكە پىلتەن :
« ئۇياتتىن قۇتۇلسۇن بۇگۈن ئەنجۇمەن ،
ئۆزۈم ئەلچى بولاي يەتكۈزەي پەيام ،
قىلىچىم قىنىدىن چىقىراي تامام .

بىر نامە يېزىلسۇن ، شاھەنشاھقا خاس ،
ھەر سۆزى چاقماقتەك يا ئۆتكۈر ئالماس .
بۇگۈن ئەلچىلىككە ماڭايمەن ئۆزۈم ،
ئېرىقتەك ئېقتسۇن خۇنىن ھەر سۆزۈم . »
جاۋابىدا شۇنداق دېدى كاۋۇس شاھ :
« سەن بىلەن جىلۋىدار تاجۇ تەخت ، سىپاھ .
ھەم ئەلچى ئۆزۈڭسەن ، ھەم ئۇرۇشقاق شىر ،
كۆرەشتە چېنىققان ، سەن غادايغان ئەر . »
بۇيرۇدى : « بېرىڭ تېز مىرزا يېنىغا ،
قەلەمنى ئۇرىسۇن ئوق پەيكانىغا .
دېسۇنكىم : بۇنداق بىر سۆزنى ، بىكار
سۆزلىمەيدۇ ھېچكىم ، بولسا ئەقلى بار .
بۇگۈن بۇيرۇقۇمغا ئىتائەت قىلغىن ،
بويۇن تولغىماستىن ئىشارەت قىلغىن .
بويۇن ئەگمەس بولساڭ ، قوشۇن تارتىمەن ،
چېرىك بىلەن بېشىغا بالا سالىمەن .
ئۆلۈپ ياتار ئاق دىۋە تېنى بەئەينى تاغ ،
سېنىڭ مېڭەڭنىمۇ چوقار ئەمدى زاغ !»

## رۇستەمنىڭ مازەندەران شاھى ھۆزۈرىغا ئەلچىلىككە كەلگەنلىكى

خەتنى شاھ مۆھۈر بېسىپ بەرگەچ قولىغا ،
شۆھرەتلىك رۇستەممۇ چۈشتى يولىغا .
ئېگىرى قېشىدا گۈرزىسى گەران ،
سەپەر نىشانىدۇر ئۇ مازەندەران .
خەۋەر شاھقا يەتتى ، كەيكاۋۇس يەنە ،
ئەۋەتكەنمىش ئەلچى قولىدا نامە .
ئەلچى ــ بەئەينى قۇترىغان پەلەڭ ،
ئاتمىش ھالقا ئارقان ئېگەردە بەلەن .
ئاستىدا چوڭ قەدەم ئارغىماق ئېتى ،
شىددەتتە شىر كەبى ، پىلدەك قامتى .
يەتكەچ مازەندەران شاھىغا خەۋەر ،
ئاجرىتىلدى نەچچە باتۇر ، دىلاۋەر :
« بىز ياقا يول ئاپتۇ جەڭگىۋار تىمساھ ،
توپلىشىپ تەبرىكلەپ ئېلىڭ » دېدى شاھ .
چوڭ بىر قوشۇن سەپلەپ مىسالى باھار ،
ئىستىقبالغا چىقتى ئۆزىمۇ بىدار .
تەھەمتەن ئۇلارنى كۆرۈپ قوزغالدى ،
يوغان بىر دەرەخنى قۇچاقلاپ ئالدى .

دەرەخنى تېگىدىن يۇلۇۋالدى دەست ،
يەتمىدى ئۆزىگە بۇ ئىشتىن شىكەست .
زور دەرەخ ئۇنىڭ قولىدا خەدەڭ ،
پۇتۇن لەشكەر قېتىپ قالدى ھاڭۇ تاڭ .
يېقىن كېلىپ ، ئەسكەر ئۈستىگە سالدى ،
قانچە ئاتلىقلارنى شاخ بېسىپ قالدى .
مازەندەرانلىق بىر سەركەردە ، پالۋان
كېلىپ سىقتى رۇستەم قولىنى شۇئان .
شۇنداق قىپ سىنىماق بولدى رۇستەمنى ،
شىددەتلىك ئارسلان ، باتۇر ، ئەزىمنى .
ئۇندىن كۈلەتتى پىلتەنلىك رۇستەم ،
پۇتۇن سەپ ئالدىدا سەردارى مۇلزىم .
رۇستەم كۈلۈپ تۇرۇپ قولىنى سىقتى ،
پەيلىرى ئۈزۈلدى ، رەڭگى تاتاردى .
چىداش بېرەلمىدى كۈچ سىنىغان ئەر ،
يىقىلدى ئاتتىن ، بولدى جايى يەر .
پادىشاھ ھۆزۈرىغا ھەممە تېز قايتتى ،
بولغان ۋەقەنى بىرمۇ بىر ئېيتتى .

بىر ئاتلىق بار ئىدى ئىپتى كەلاخور،
مازەندەراننىڭ ئەڭ زورلىرىدىن زور.
مىجەزى چۇس ئىدى، قۇترىغان پەلەڭ،
ئارزۇسى دائىما ئۇرۇش، بوزۇش، جەڭ.
ئۇنى شاھ قېشىغا چاقىردى نەۋكەر،
ماختاشنى كۆتۈردى ئاسمانغا قەدەر:
«كۆتۈپ ئال، كېلىپتۇ ئىران لەھەڭى،
ھۈنەر نامايىش قىل، يېڭى ۋە يېڭى.
شۇنداق قىلكى، بولسۇن ئەلدە شەرمەندە،
كۆزىدىن ياش تۆكۈپ، قايتسۇن ھەسرەتتە.»
كەلاخورمۇ كەلدى بۇ شىر قېشىغا،
بالالار سالاي دەپ ئۇنىڭ بېشىغا.
ئاۋۋال بەردى ئاڭا ئادەتچە سوئال،
ئاندىن قاپىقىن تۈرۈپ، قول سالدى جەددال.
قەھرى بىلەن سىقتى رۇستەم قولىنى،
نىلدەك كۆكەردى ھەم ھەممە پەنجىسى.
ئەمما غىلىڭ قىلماستىن بېرەلىدى تاب،
چىدام ۋە مەردلىكتە بەئەينى ئاپتاپ.
كەلاخور قولىنى سىقتى ئۇ قۇۋناق،
كۆز ياپرىقىدەك تۆكۈلدى تىرناق.
كەلاخور ئېسىلىپ قالغان قول بىلەن،
شاھ ئالدىغا كەلدى تەھەممەتەن بىلەن.
قولنى سوزۇپ دېدى: «ئەي شاھى جاھان،
ئەمدى تۇتالمايمەن ئاغرىقنى نىھان.
ئۇ بىلەن ئېزدىمە ئاداۋەتۇ جەڭ،
ئىناقلىق ياخشىدۇر، دىلىڭ قىلما چاڭ.
بۇنداق پالۋانغا بەرداش بېرىش مۇشكۈل،
ياخشىسى، قۇتقۇزسۇن بىزنى باج ۋە پۇل.
يىغىمىز ئۆلكىمىز پۇقراسىدىن،
چوڭ ۋە كىچىكىدىن، ئاق ـ قارىسىدىن.
تەدبىر بىلەن ئاسان قۇتۇلماق مۇمكىن،
جاننى بىكار خەۋپكە ئۇچراتماق نېچۈن؟»
تەھەممەتەن يېتىپمۇ كەلدى شۇ زامان،
شاھىنشاھ يېنىغا ئۇ پىلى جەيان.
كۆرۈشۈپ، ئۇتقازدى ھۆرمىتى بىلەن،
سورىدى قوشۇن ھەم كاۋۇس ھالىدىن.
سۆزلەپ يىراق يولنىڭ جانغا قەستىدىن،
تاغدىن ھەم دەشتلەرنىڭ ئېگىز ـ پەسىدىن.
ئاندىن دېدى: «سەنمۇ رۇستەمى داستان؟
پەلكسى يەر كۆرمەس شۇ پەھلىۋان؟»
رۇستەم جاۋاب بەردى: «مەن بىر نەۋكەر،
ئاڭا نەۋكەرلىككە يارىسام ئەگەر.
ئۇ نەدە بولسا، ماڭا شۇ يول بولسۇن،
ئۇلۇغ پەھلىۋاننىڭ ئۆمرى مول بولسۇن.»
ئاندىن بەردى ئاڭا كاۋۇس نامەسىن،
يەتكۈزدى غېمىنى ۋە ئەگىمىسىن.
دېدى: «ئىشقا چۈشەر بولسا گەر شەمشەر،
گېدەيگەن باشلارنى ئۈزەر بىرمۇ بىر.»
بۇ سۆز ۋە نامىدىن شاھ بولۇپ گاراڭ،
قەھرى كېلىپ، قېتىپ قالدى بوپ ساراڭ.
رۇستەمگە دېدىكىم: «مەلۇم سىر ـ ئەسرار،
پەلىپەتىش سۆزنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟
بېرىپ ئېيتقىن، بولسا ئۇ ئىران شاھى،
شىر يۈرەك، شىر ئالقان بولسا سىپاھى،
مەنمۇ مازەندەران پادىشاھىمەن،
سىپاھىم، كۈلاھىم، تاجۇ تەختىم بىلەن.
قارشىڭغا چارلىماق بىھۇدە بىر ئىش،
شاھلار ئادىتىگە توغرىمەس بۇ ئىش.
ئۇلۇغلار تەختىنى بىكار ئىزدىمە،
خورلىنىش ئىشىغا رايىڭ قىستىما.
ئىران ياققا تارتقىن تېزگىنىڭ دەرھال،
بولمىسا، تەقدىرىڭ ھەل قىلار قورال.
گەر تۆپەڭگە لەشكەر تارتساڭ بىساناق،
تاپالماي قالىسەن نەدە باش ـ ئاياغ.
ئالدامچى خىيالىڭ، ئارزۇ، گۇمانىڭ،
ياخشىراق ئويلاپ باق، تاشلا كامانىڭ.
ئەگەر يېتىپ بارسام بېشىڭغا بۇ كۈن،
غۇرۇرۇ لاپىڭنى كۆل باسار پۈتۈن.»
تەھەممەتەن تاشلىدى روشەن بىر نىگاھ،
ئالدىدا نېمە بار: تەختۇ تاج، سىپاھ.
سۆزلىرىن رۇستەم كۆرمىدى ماقۇل،
ئۇنىڭ ئازارىنى ئويلىدى نوقۇل.
ھازىرلانغانىدى بىر زەربەخت خىلئەت،
قايىرىلىپ باقمىدى بۇ ئېسىل خىلقەت.

كۆڭلىگە سىغمىدى تۆھپە ، ئات ۋە زەر ،
چىشىغا تېگەتتى كۇلاھۇ كەمەر .
غەزەپكە كەلتۈردى ئالىي سارايى ،
نۇرسىز كۆرۈندى ھەم يۇلتۇزى ـ ئايى .
بۇ سۆزدىن باھادىر دىلىدا زىلتاش ،
دېۋىلەر شەھرىدىن ئېلىپ كەتتى باش .
كاۋۇس شاھ يېنىغا كىرىپ كەلگەن كۈن ،
ئاداۋەتلىك دىلىدا قاينار تازا خۇن .

نىم كۆرۈپ ، ئاڭلىدى ، ھەممىنى پالۋان
شاھ ھۇزۇرىدا ئەيلىدى بايان .
ئاخىر دېدىكى : « ئەمدى قىلماي يۈز ـ خاتىر
دېۋىلەر بىلەن جەڭگە بولايلى ھازىر .
ئۇندا نەچچە بولسا چاقىان پەھلىۋان ،
مەن ئۈچۈن ھەممىسى زەئىپ ھەم نىمجان .
نەزەرىمدە ھەممە بىر سىقىمچە خاك ،
ئېغىر گۇرزەڭ زەربى ئەيلىگەي ھالاك .

## كاۋۇسنىڭ مازەندەران شاھى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

ھۇزۇرىدىن رۇستەم كېتىشى ھامان ،
جەڭگە ھازىرلاندى جادۇگەر سۇلتان .
بارگاھىن شەھەردىن سىرتقىراق سۇردى ،
پۈتۈن لەشكىرىنى سەھراغا بۇرىدى .
لەشكەر چېپىپ ، چۆلدە كۆتۈردى توزان ،
ھەتتا قۇياش كۆزدىن بولغانتى نىھان .
نە دەشت كۆرۈنمەيتتى ، نە سەھرا ، نە تاغ
پىللار سالمىقىدىن زېمىن كۆكسى داغ .
قوشۇن بېسىپ كېلەر بەئەينى بوران ،
ھەتتا دەم ئېلىشقا توختىماس بىرئان .
يېقىن يېتىپ كەلگەچ دېۋىلەر سىپاھى ،
ئاگاھ بولۇش بىلەن ئېراننىڭ شاھى
پەرمان ئەيلىدىكى : رۇستەم زالى زەر ،
ئەڭ ئاۋۋال ئۇرۇشقا باغلىسۇن كەمەر .
ھەم تۇسۇ ، ھەم گۇدەرز ۋە گاشۋادەلەر ،
گۆرگىنۇ گىۋ ئوخشاش ئېسىلزادىلەر .
ئۇرۇشقا سەپلەنسۇن ئاتلىق سىپاھىم ،
جەڭگە ھازىرلانسۇن جاھاز ، سەلاھىم .
پادىشاھ چېدىرىن ھەم ئىلدام قوزغاتتى ،
مازەندەران دەشتى ئۈززرە ئورناتتى .
ئوڭ قاناتتا تۇرار نەۋزەر ئوغلى تۇس ،
كاناي ئاۋازىغا تولدى تاغ ، ئۇلۇس .
تاغنى تۈتۈن قاپلاپ ئالغاندەك گويا ،
سول تەرەپتە كەشۋود ، گۇدەرز مۇھەييا .
ئوتتۇرىدا بارار كاۋۇس سىپاھدار ،
ئۇنىڭ ئەتراپىدا قوشۇن سىپپى بار .
قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ۋەللامەت پىلتەن ،
جەڭلەردە يەلكىسى ھېچ يەر كۆرمىگەن .

مازەندەرانلىقلار ئىچرە ئۇ پالۋان
شۇنچە زور ئىدى ئۇ ، گۇرزىسى يوغان .
ئىسمى جۇيا ئىدى ، ئۆزى جۇيەندە ،
گۇرزىسى كۇشەندە ، تىلى گۇيەندە .
شاھ پەرمانى بىلەن جۇيا ئات چېپىپ
كەلگەنتى شاھىنشاھ كاۋۇسنى ئىزدەپ .
ساۋۇتىن كۆرگەنلەر ئوتدانمۇ بۇ دەر ،
قىلىچى تەپتىدىن يانار قارا يەر .
ترۇلاپ ئۇ ئىرانلار يېرىگە يەتتى ،
ئاۋازىدىن دەشت ۋە تاغقا دەز كەتتى .
دېدى : « كىم قىلىدۇ مېنىڭ بىلەن جەڭ ،
قېنى كىم چىقىرار سۇ يۈزىدىن چاڭ ؟ »
ئىران لەشكىرىدىن چىقماس بىرەر زات ،
باتۇرلار ھەرىكەتكە كەلمىدى ، ھەيھات .
بوم ئاۋاز بىلەن دېدى شەھرىيار :
« تاغ يۈرەكلەر نىم دەپ بولدۇڭلار ناچار ؟
نېمىدەپ دىلىدا يارا دېۋە سۆزىدىن ،
نە ئۈچۈن قان قاچتى كۆپلەر يۈزىدىن ؟ »
ئەمما جاۋاب سۆزىن ئاڭلىمىدى شاھ ،
گويا كۆز ئالدىدا سۇلغانتى سىپاھ .
تۇلپار تىزگىنىنى بىردىن تارتتى تەھەمتەن ،
شاھ يېنىدا پەيدا بولدى توساتتىن :
« پەرمان قىلغىن ئەمدى ماڭا ، شەھرىيار ،
بۇ ناپاك دېۋە بىلەن باشلاي كارى زار . »
كاۋۇس ئاڭا دېدى : « بۇ ئىش ساڭا خاس ،
بىزدىن چىققان ئەمەس بىرەر ياۋغا ماس .
مەيلى ، پەرۋەردىگار چىن يارىڭ بولسۇن ،
جادۇگەرۇ دېۋىلەر شىكارىڭ بولسۇن . »

ئات بېشىنى قويدى رۇستەم باھادىر ،
قولىدا باش يارار نەيزىسى ھازىر .
مەيدانغا ئات سالدى غەرق مەست پىل گويا،
ئاستىدا تۇلپار ئات ، قولدا ئەجدىھا .
ئات تىزگىنىن تارتتى ، كۆتۈرۈلدى توزان ،
دۇمباقتىن لەرزىگە كەلدى تاغ ـ داۋان .
جۇياغا دېدى : « ئەي نەسلى شاللاق ،
ئۆچەر ئەمدى نامىڭ ، بولۇرسەن ھالاك .
خاتىرجەم بولتۇرساڭ بولۇر دىلىڭ غەش ،
پۈرسىتىڭ بارىدا سەدىقەڭ ئۆلەش .
ماتىمىڭ تۇتقۇسى بۈگۈن تۇغقىنىڭ ،
ئۆستۈرگەن سېنى ، سۆيۈپ باققىنىڭ . »
جۇيا ئاڭا دېدى : « بولما خاتىرجەم ،
جۇيادىن ، باش كېسەر خەنجىرىدىن ھەم .
ئەمدى پارە بولۇر ئاناڭ جىگىرى ،
يېتىم قىلغاچ ئوغلىن گۈرزە ، ئوقلىرى . »
تەھەمتەن ئاڭلاپ جۇيا كالامىن ،
بىر نەرە تارتتى ـ دە ، ئېيتتى ئۆز نامىن .
قوزغالدى تاغ ئوخشاش ، باشلاندى ھۇجۇم ،
جۇيا كەيپى قېچىپ ، قېتىپ قالدى جىم .
تىزگىنىن تارتىپ ، تەتۈر ئۆرۈلدى ئۇ ،
تەھەمتەن ئۇرۇشىن قىلمايتتى ئارزۇ .
بىلىنى نىشانلاپ تەھەمتەن شۇئان ،
كەينىدىن قوغلىدى گوياكى بوران .
نەيزىسىن ئۇرۇپ ئۇ تۆمۈر زىرھىگە ،
ساۋۇت ھالقىلىرىن قىلدى يۈز پارە .
ئېگىرىدىن يۇلۇپ ، كۆتۈردى شۇئان ،
زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن بىر چۈجە سىمان .
ئاتتىن ئېلىپ يەرگە ئۇرغان چېغىدا ،
ساۋۇت پارە ـپارە ، توپا ئاغزىدا .
مازەندەران پەھلىۋانلىرى شۇئان ،
قېلىشتى بوپ خاپا ھەمدە پەرىشان .
سىپاھ چېھرى سۇلغۇن ، پەرىشان كۆڭۈل ،
قوشۇندا مىش ـ مىش گەپ ، دىللار دىلغۇل .
قىلدى مازەندەران سەردارى پەرمان :
« پۈتۈن جەبھەم بويلاپ قوشۇنلار تولغان .
باش كۆتۈرۈپ ، مەغرۇر باشلىسۇن جەڭ ،
بۇ شىر جىڭى بولسۇن ۋە ياكى پەلەڭ . »
ھەممە بىردەك قىلىچ سۇغۇرۇپ قىنىدىن ،
بىر ـ بىرىگە تاشلاندى ئاداۋەت كىنىدىن .
ھەر ئىككى قوشۇندا ناغرا ساداسى ،
ھاۋا نىل ، كۆرۈنمەس يەرنىڭ قارىسى .
ئوت ياغدۇرار گۈرزە ، قىلىچ ۋە ساۋۇت ،
گويا باھاردىكى چاقماقلىق بۇلۇت .
كۆتۈرۈلۈپ بايراق ، نەيزە خىلمۇ خىل ،
ھاۋا بولدى قارا ، قىزىل ۋە يېشىل .
ئالەمنى بىر ئالدى دىۋىلەر نەرىسى ،
ئات كىشنىشى ، ئۇرۇش ـ جەڭنىڭ ناغرىسى .
يەر يېرىلىپ ، تاغلارغا دەز كەتتى چەندان ،
جاھان ھېچ كۆرمىگەن بۇنداق بىر سۈرەن .
خەنجەرۇ گۈرزىدىن چاق ـ چۇق قىپ سادا ،
باتۇرلار قېنىدىن كۆل بولدى پەيدا .
ئاتلار دەريا ئىچرە بىر كېمە ھېساب ،
غەرق بولۇۋاتقاندەك كىشنىشەر ھەدەپ .
دۇبۇلغىغا سۇدەك ياغدۇ ياراغ ،
گويا خازان ۋاقتى بولغاندەك ياپراق .
ئىككى لەشكەر چېچىپ دۇنياغا ئۆلۈم ،
بىر ھەپتە جەڭ قىلدى ، بولمىدى ئارام .
سەككىزىنچى كۈنى كاۋۇس پادىشاھ ،
ئېلىپ ئۆز بېشىدىن شاھانە كۇلاھ ،
جاھاننى ياراتقان قۇدرەتلىك خۇدا
نامىنى ئېلىپ تىلغا ، قىلدى ئىلتىجا .
يۈزىن يەرگە ياقار ، سەجدىدە بېشى ،
ئەي ئاقىل قازى دەر ، كۆزىدە يېشى .
ئەمرىڭدە يارىلار ئابۇ ئاتەش ، خاك ،
تەلۋەيۇ دىۋىلەرنىڭ بېشىن قىلغىن چاك .
بەخش قىلغىن ماڭا شەرەپ ۋە زەپەر ،
شاھىنشاھلىق تەختىن ئاتا قىل دىگەر .
ئاندىن يەنە باشقا كىيىپ زەر كۇلاھ ،
قوشۇنلار سېپىگە يېتىپ كەلدى شاھ .
يەنە ناغرايۇ كاناي كۈچ ئالدى ،
يەنە پۈتۈن لەشكەر تاغدەك قوزغالدى .
گېۋۇ تۇسقا قىلدى سىپاھدار تەيىن :
« قۇش ناغرا ماڭسۇن قوشۇن كەينىدىن . »
جەڭگىۋار گۇدەرزۇ ، شاۋاران گۆرگىن ،
زەنگىيۇ رۇھھامۇ گۇرازە بەرزىن
ئات سېلىپ كېلىشتى قۇياشتەك بالقىپ ،
سەككىز غۇلاچ بايراق قوللاردا يەلپۈپ .

باھادىر گۇستاھمۇ ، گېۋ ھەمدە فەرھاد ،
شادىمان بەھرامۇ باھادىر ھەرراد .
مەيدانغا كىرىشتى خۇددى قۇيۇندەك ،
جەڭ ئىزدەپ كېلىشتى ، قەلبىدە جىق كەك .
قوشۇننىڭ قەلبىدىن رۇستەم ئالغان جاي ،
دادىللار قېنىدىن يەرنى قىلدى لاي .
ئوڭ يېقىدا گۇدەرز ، كېشۋاد بار يەنە ،
ئېلىپ بارار سەلاھ ، ناغرايۇ بۇنا .
گېۋ ئورنى مەيسەرە ، گاھى مەيمەنە ،
قوي ئىچىدە بۆرىدەك يۈگۈرەر ئەنە .
تاڭ سەھەردىن تاكى پاتقۇچە كۈن ،
ئېرىق – ئېرىق بولۇپ ، سۇدەك ئاقتى خۇن .
كەتتى رەھىم – شەپقەت ، ھايا ئاخىرى ،
كۆكتىن ياغار پەقەت گۇرزە يامغۇرى .
دۆۋە – دۆۋە ياتار ئۆلۈكلەر تېنى ،
مېڭە قېتىقىدا گىياھلار بېشى .
دۇمباقلار گۈلدۈرلەر گۈلدۈرمامىدەك ،
قۇياش يۈزىن قارا پەردە توسقاندەك .
دىۋلەرنىڭ شاھى ماكانى تامان
قوشۇن بىلەن يول ئالدى رۇستەمى داستان .
باتۇرلار سىپىن تەرك قىلماي بىرەر ئان ،
ياۋنى ئىزدەپ مەيدانغا كىردى ئۇ پالۋان .
ھەممە پىلۇ دىۋىكى ، قىلىچى زەققۇم ،
تەھەمتەن تەرەپكە بۇرۇلدى شۇدەم .
باشلىرى چىقاردى گۇرزە ۋە تىغىن ،
قوشۇنلار قوشۇلۇپ بولدى بىر يېغىن .
پەرۋەردىگار نامىن ياد قىلىپ رۇستەم ،
نەيزىسىن مەھرەمگە تۇتقۇزۇپ شۇ دەم .
گۇرزىسىن كۆتۈردى ، ياۋغا بۇراپ يۈز ،
داڭ ئۇردى ،تىترىدى دالا ، تاغۇ تۈز .
نەرە تارتقىنىدا سەردارى پالۋان
نە پىلدا ھوش قالمىدى ، نە دىۋلەردە جان .
ھەرياندا دۆۋلەنگەن پىللار خارتۇمى ،
ئۆلۈكلەر ھېسابسىز ، گويا چۆل قۇمى .
ئاندىن رۇستەم قولغا نەيزىسىن ئالدى ،
مازەندەران شاھى تامان ئات سالدى .
ئىككىيلەن نەرىسى گۈلدۈرمامىدەك ،
جادۇلار شاھىيۇ رۇستەم شىر سىياق .
رۇستەم نەيزىسىگە چۈشكەچ نەزەرى ،
ئۆزىنى يوقاتتى دىۋلەر شاھى .
دىلىغا غەش سېلىپ قىساس خاھىشى ،
توۋلىدى ، قۇترىغان شىردەك ئاۋازى .
نەيزە سالدى ، پايلاپ كەمەر بەندىنى ،
پارە – پارە قىلدى ساۋۇت بەندىنى .
تاغ گەۋدىسى بولۇپ قالدى جادۇگەر ،
ھەيران بوپ قارايتتى ئىرانى لەشكەر .
تەھەمتەن بۇ ھالدىن بولۇپ ھاڭ – تاڭ ،
نەيزىسى قولىدا ، تۇراتتى ساراڭ .
يېتىپ كەلدى بۇ يەرگە كاۋۇس پادىشاھ ،
كەينىدە ناغرا ، بايراقۇ سىپاھ .
كېلىپ تەھەمتەن دەر : « ئەي گۈل يۈزلۈك ،
نېمە بۇندا قالدىڭ قېتىپ بەك ئۇزاق ؟ »
دېدى رۇستەم ئاڭا : « سوقۇش بولدى شىددەت ،
لېكىن بۇ قۇلۇڭغا كۈلۈپ باقتى بەخت .
مازەندەران شاھى جادۇگەر ، ئالچاق ،
ئېغىر گۇرزىگە دۇچ كەلگەن شۇ چاغ ،
دىلاۋەر دۇلدۇلۇمنىڭ تىزگىنىن ئالدىم ،
شاھ كەمەر بەندىگە نەيزەمنى سالدىم .
ئاتتىن دومىلاپ چۈشەر دېگەنتىم ،
بېشىنى تۇپراققا ئۇراي دېگەنتىم ،
مېنىڭ قەستىمدىن تاپماستىن خەۋەر ،
ئالدىمدا تاش بولۇپ قالدى جادۇگەر .
لەشكەرگاھقا شۇنداق ئاپارسام ئۇنى ،
بۇ تاشتىن چىقارغۇ ئاخىر بىر كۈنى . »
شاھ تاپشۇردى قوشۇن ئالامانىغا ،
كەلتۈر ، دېدى بۇنى چېدىر يېنىغا .
قوشۇن ئىچرە كىمكى بولسا كۈچى زور ،
كېلىپ ، كۈچىن سىناپ باقتى نەچچە بار .
بوي بەرمىدى تەن بېرىپ كۈچىگە ،
تاش مىدىرلىماس ھېچ ، جادۇگەر ئىچىدە .
كېلىپ دەس كۆتۈردى پىلتەنلىك بۇقا ،
ھەممە ھەيران بولۇپ ، تۇتۇشتى ياقا .
ئۈستىدە چوڭ تاش ، كېلەتتى پىيادە ،
قوشۇن قىيا –چىيادا قىلماي رىئايە .
دەيتتى : « مىڭ تەشەككۇر ، ئەي تەڭرى دادگار ! »
تەھەمتەن ئۈستىدىن چېچىشاتتى زەر .
ئېپ كېلىپ تاشلىدى بارگاھ ئالدىغا ،
ئىران كۆزەتچىلىرى تۇرغان بىر جايغا .

دېدى : « يا سەن تاشتىن چىققىسەن ھازىر ،
ھېيلىدىن كېچىسەن ، جادۇگەر ــ ساھىر .
يا بولمىسا پولات ، پالتا ۋە بازغان
پارە ــ پارە قىلغاي تېشىڭنى ئاسان . »
ئاڭلاپ ئۇ بولدى بىر پارچە بۇلۇت ،
بېشىدا پولات قالقان ، ئۇستىدە ساۋۇت .
تەھەمتەن قولىدىن بەكمۇ چىڭ تۇتتى ،
شاھقا قاراپ شادىمان خۇشال بىر كۈلدى .
دېدىكى : « كەلتۈردۇم بۇ قۇرام تاشنى ،
باسقىنىمدىن قورقۇپ چىقاردى باشنى . »
ئاڭا سەپسېلىپ باقتى كاۋۇس شاھ ،
لايىق ئەمەس ئاڭا نە تەخت ، نە كۈلاھ .
يۈزى ئاجايىپ ، بويى بەك ئۇزۇن ،
بويىنى ، چىشى توڭگۇز ، ئۆزى بەك يوچۇن .
كۆرگەن تەشۋىشلىرىن قىلغىنىدا ياد ،
يۈرەكتىن ئاھ ، ئېغىزدىن چىقار سوغۇق باد .
جاللاتقا بۇيرۇدى ، ئېلىپ تېغنى بار ،
تېنىنى پارچىلاپ ، قىلسۇن پارە ــ پار .
ساقلىدىن تۇتۇپ شۇچاغ تەھەمتەن ،
ئېلىپ كەتتى ئۇنى پادىشاھ يېنىدىن .
ئۇلۇغۋار پادىشاھ ئەمرىگە بىنا ،
بەدىنىنى قىلىشتى دەرھال يۈز پارە .
دىۋە لەشكەرگاھىغا ئەۋەتىپ چاپار :
« بايلىقىن توپلاڭ »دەپ بېرىلدى خەۋەر .
ھەرنېمە ــ خەزىنە ، تاجۇ تەخت ، كەمەر ،
ئات ۋە تىغ ، قورااللار ، زەر ، كۈمۈش گۆھەر ،
دۆۋە ــ دۆۋە قىلىپ توپلانسۇن جىمى ،
تارقالماي ، توپ ماڭسۇن پادىشاھ لەشكىرى .
ھەممىگە تېگىشلىك بېرىلدى تارتۇق ،
كۆپرەك ئىش قىلغانغا مۇكاپات ئارتۇق .
ئەشەددىي دىۋىلەرنىڭ يىغىپ ھەممىسىن ،
ئادەملەرگە ھەيۋە سالغان قانچىسىن ،
كاللىسى ئېلىندى ، شۇ بولدى پەرمان
ۋە چۆرۈپ تاشلاندى چوڭ يولغا تامان .
ئاندىن بېرىپ باشلىدى ئىبادەت ــ ناماز ،
پاك تەڭرىگە ئاچتى دىلدىن پۈتۈن راز :

« پاك پەرۋەردىگار ، خالاسكار ئۆزۈڭ ،
بالادىن ساقلىغۇچى ۋە سازكار ئۆزۈڭ .
سەن ئاشنا ئەيلىدىڭ بۇ قىيىن فەتخىم ،
باشقىدىن ياشاردى قىرىغان بەختىم .
پۈتۈن ھەپتە داۋام قىلدى ئىبادەت ،
بىر ھەپتە سەجدىگە ئېگىلدى قامەت .
خەزىنىسىن ئاچتى سەككىزىنچى كۈن ،
سەدىقە تارقاتتى ، كەم ھالى زەبۇن .
يەنە بىر ھەپتىگىچە ئۆتتى شۇ بىر خىل ،
ھەممىگە تارقاتتى سوۋغا خىلمۇ خىل .
ئۈچىنچى ھەپتە ئىش بولغاچ سەرەمجان ،
تەلەپ قىلدى ساپ مەي تولغان ياقۇت جام .
مازەندەران ئىچرە يەنە يەتتە كۈن ،
تۇرۇپ قالدى ، قولدا قەدەھ لالەگۈن .
كاۋۇس ئۆز تەختىگە ئولتۇرغاندا ساز ،
شادىمان رۇستەمگە دېدى : « ئەي شاۋۋاز .
جاھان پالۋانى ، مانا سىر ــ بەسىر ،
ھەر جەڭدە قىلدىڭ نامايىش ھۈنەر .
سەن ئارقىلىق تاپتىم بۈگۈن تەختىم ،
سەن ئارقىلىق روشەن دىل ، دىنۇ بەختىم . »
تەھەمتەن دېدىكىم : « ئەي شەھرىيار ،
ھەركىم ئىشقا ياراپ قالسا بەختىيار .
بۇ ھۈنەرنى ماڭا ئۆگەتتى ئەۋلاد ،
ھەر ئىشتا توغرا يول كۆرسەتتى ئەۋلاد .
مازەندەران ــ دىلدا غەلۋىسى ئۈنىڭ ،
ۋەدە بەرمىكىم ئارزۇسى ئۈنىڭ .
بۈگۈن ئاڭا لازىم شاھانە لىباس ،
مۆھۈر بىلەن يارلىق پادىشاھلارغا خاس .
بولسا مازەندەران شاھى سەرۋەرى ،
چوڭ ــ كىچىكى بولسۇن ئۇنىڭ چاكىرى . »
شاھلارغا خاس سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھامان ،
شاھ قولى كۆكسىگە ئېلىندى شۇئان .
يىغدى مازەندەران ئوغلانلىرىنى ،
ئەۋلادتىن سۆز ئېچىپ دېدى ھەممىنى .
ئاخىر بېشىغا تاج كىيدى شاھانە ،
ئۇندىن بولدى ئۇدۇل پارسقا راۋانە .

## كاۋۇسنىڭ ئىران زېمىنغا قايتقانلىقى ۋە رۇستەمنىڭ نىمرۇز ۋىلايىتىگە كەتكەنلىكى

كاۋۇس شاھىن قايتا كۆرگەندە ئىران ،
كۆرۈنمەيتتى قوشۇن چېكىدىن جاھان .
كىشىلەر خۇشلۇقى قۇياشتەك يۈكسەك ،
شادلىقتىن توۋلىشار ئايالۇ ئەركەك .
كېلىندەك ياسانغان پۈتۈن مەملىكەت ،
ھەر ياقتا شارابۇ چالغۇ ، زىياپەت .
ياش شاھتىن پۈتۈن ئەل ياشارغان مىسال ،
ئىران ئاسمىنىدا چىققاندەك ھىلال .
تەختكە ئولتۇرغاچ مۇزەپپەرۇ شاد ،
خەزىنە ئىشىكىن كەڭ ئاچتى كۇشاد .
خەزىنىچىلىرىن توختىتىپ قاتار ،
ھەممىسىگە تارقىتار دىرھەمۇ دىنار .
پىلتەن ئىشىكىدىن نەرە كېلىدۇ ،
سەردارلار توپى سەرخىل كېلىدۇ .
تەخت يېنىغا ھەممە شادىمان كېلەر ،
شاھنى قۇتلۇقلىشىپ ، خىرامان كېلەر .
تەھەمتەن بېشىدا مۇقەددەس كۇلاھ ،
يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ئۇنى پادىشاھ .
« ئەي ھۇمايۇن تاجدار ، — دەيتتى رۇستەم ، —
رۇخسەت بولسا ، زالى زەر يېنىغا قايتسام . »
لايىق سوۋغات بېرىپ پادىشاھى زېمىن ،
نامىن تەكرار قىلىپ ، دېدى : ئاپىرىن .
ئېسىل فىرۇزىدىن قوي باشلىق بىر تەخت ،
بىر تال شاھانە تاج ، دۇررى گۆھەر رەخت .
سەرۇپا كىمخاب تون ، پادىشاھقا خاس ،
باھار قۇياشىدەك نۇر چاچار ئالماس .
نازۇك بەلدە كەمەر يۈز نەپەر ماھرۇي
ياسىنىپ تارانغان ، يۈزىدە مۇشكىن مۇي .
كۆككە چاپار يۈز ئات ، ئالتۇندىن ئېگەر ،
يەنە يۈز ياش قېچىر يۈگەنلىرى زەر .
ھەممىسىنىڭ يۈكى شاھانە زىبا ،
چىنني ، رۇمىي ۋە پەھلەۋىي ئەشيا .
بىر كوزا ياقۇتتىن تولۇق مۇشكى ناب ،
باشقىسى زەبەرجەد ، لىقمۇلىق گۇلاپ .
يەنە ئېلىپ كەلدى يۈز خالتا دىنار ،
قىسقىسى ، ئەتىر ، بوياق ، ھەر نەرسىدىن بار .
بىر يارلىق يېزىلدى ، قەغىزى شايى ،
ئەنبەردىن مۇئەتتەر مۇشكىن سىياھى .
باتۇرلار سەردارى رۇستەمگە ئەبەد
مۇكاپات ئېتىلدى نىمرۇزدەك سەرھەد .
« رۇستەمدىن ئۆزگە ھېچ ، - دېدى كاۋۇس شاھ ، —
بۇ تەختكە چىقمىغاي ، كىيمىگەي كۇلاھ . »
ئاندىن يەنە ئاپىرىن ياغدۇردى شاھ :
« سەنسىز نۇر چاچمىسۇن نە قۇياش ، نە ماھ .
نامدارلار مېھرى ساڭا مەڭگۈ ياد ،
روھى دائىم تازا ، دىل بولسۇن ئاۋات .»
رۇستەم تۇرۇپ سۆيدى تەختنى مەيىن ،
قوشۇننى ئايلىنىپ ، يىغدى يول يۈكىن .
چېلىندى ھەر ياقتا ناغرىيۇ داۋۇل ،
شادلىناتتى ھەر دىل ، شادلىنار كۆڭۈل .
جاھاندا مىسلىسىز شەھەر پەردازى ،
ھەر تەرەپتە داپۇ كاناي ئاۋازى .
رۇستەم يۈرۈپ كەتتى ، شاھ كاۋۇس قالدى ،
ئادالەتنە خەلقى كۆڭلىنى ئالدى .
مازەندەران يۈكىن كىم تارتتى باھەم ،
ئىنئام قىلدى يەر ـ سۇ ھەممىسىگە ھەم .
تۇسقا تاپشۇرۇلدى قوشۇنۇ قالقان ،
شاھ دېدى : ئىرانغا بول بالاگەردان .
گۇدەرزگە بېرىلدى ئىسپاھان يېرى ،
بۇندا ھاكىم بولسۇن شىرلارنىڭ شىرى .
ئاندىن مەي ھەۋىسى كۆڭۈلدە غالىب ،
تەنتەنە زەپەردىن شەرەپلەر غالىب .
ئادالەت شەمشىرى غەم بېشىن كەستى ،
ئۆلۈم ئەستىن چىقتى ، بەخت كۈلۈپ باقتى .
يەر يۈزى ياشىندى خۇددى كۆكلەمدەك ،
ھەممە ياق ياسانغان باغى ئېرەمدەك .
ئادالەت ـ تىنچلىقتىن قۇۋۋەتكە تولدى ،
يامانلىق يوقالدى ، ئەھرەمەن ئۆلدى .
مازەندەران تەختىن كاۋۇس سەر ـ بەسەر ،
ئالدى ، دەپ دۇنياغا تارقالدى خەۋەر .
ھەممە بۇ خەۋەردىن ھەيرەتكە چۈشتى :
« بۇ ئۇلۇغلۇقتا شاھ قانداق ئېرىشتى ؟!
ھەممە پاك كىشىلەر ھەدىيە ۋە تەبرىك ،
بىلەن تۇرار كاۋۇس ئىشىكىدە تىك .
ھەر تامانغا تولدى ھىممەت ، ئادالەت ،
جاھان ئاۋات بولدى مىسالى جەننەت .

مازەندەران جېڭىن قىلدىم ھېكايەت، ھەماۋەران جېڭىن قىلاي رىۋايەت.

كەيكاۋۇس يەنە ئۆز يۇرتىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. رۇستەمنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە جاھان قايىل بولىدۇ. ئۇنىڭ جاسارىتى ئىران زېمىنىغا تارقىلىدۇ. سېھرگەرلەر ۋە دىۋىلەر شاھقا باش ئېگىپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ. ئىراندا قىممەت باھا تاشلاردىن بېزەلگەن ئىمارەتلەر بىنا قىلىنىدۇ. خەلق ئۇرۇش، قان تۆكۈشلەردىن خالىي بولىدۇ، تىنچ ھايات كەچۈرىدۇ.

ئەمما ئەھرەمەن دىۋىلەر ئەلەمدىن ئۆزلىرىنى قويىدىغان جاي تاپالمايدۇ، ئاخىر ئۇلار گۈزەل يىگىت قىياپىتىگە كىرگەن بىر دىۋىنى كاۋۇسقا ئۇچرىتىدۇ.

بىر كۈنى شاھ كاۋۇس ئوۋدا يۈرگەندە ئۇنىڭ ئالدىدا گۈزەل بىر يىگىت پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر دەستە گۈل تۇتىدۇ. گۈل ھىندى ھەممە ياقنى بىر ئالىدۇ. شاھقا بەكمۇ ياراپ كېتىدۇ. يىگىت شاھقا يەر سۆيۈپ تەزىم قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

— ئەي قۇدرەتلىك شاھ، پۈتۈن ئالەم سىنىڭ ھۆكمىڭدە. ئەمدى كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىمۇ ئىگىلىشىڭ، قۇياش ۋە ئاينىڭ نەدىن چىقىپ، نەگە پېتىشىنى كۆرۈپ بىلىشىڭ لازىم.

مەنمەنلىك يۇرىكىنى قاپلاپ تۇرغان كاۋۇس شاھنى دىۋىنىڭ بۇ سۆزلىرى دەرھال يولدىن ئازدۇرىدۇ. غۇرۇر چاڭلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى توسىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى ئاسمانغا ئۇچۇش بولۇپ قالىدۇ. ئالىملارنىمۇ تىنچ قويمايدۇ. ئاخىر ئالىملار ئويلاپ - ئويلاپ بىر مەسلىھەتكە كېلىشىدۇ.

تۆت بۈركۈت بالىسىنى ئېلىپ، گۆش بىلەن بېقىپ ئۆستۈرىدۇ. چۈجىلەر قاۋۇل قاناتلىق بۈركۈت بولۇپ يېتىشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئايىغىغا كاجىۋا ئېسىپ، تەخت ئورنىتىدۇ. تەختكە كاۋۇس شاھ ئولتۇرىدۇ. كاجىۋانىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت نەيزىدە قوي گۆشلىرىنى ئېسىپ قويۇشىدۇ. بۈركۈتلەر شۇ گۆشلەرگە ئىنتىلىپ ئۇچىدۇ، تەخت ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋېرىدۇ. ئەمما، ئاخىر ھېرىپ ھالىدىن كېتىدۇ. كاجىۋا ئۇلار بىلەن يەرگە چۈشىدۇ. كاۋۇس چىن ئورمىنىغا چۈشىدۇ.

ئۇ يەردە مىڭ پۇشايمان، ئارمانۇ نادامەتلەر بىلەن تەمتىرەپ يۈرىدۇ. ئۇنى يەنە رۇستەم ئېلىپ كېلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزىدۇ.



# سوهراب

نېمە سوهراب ۋە رۇستەم جېڭى، ئاڭلا،
كۆپ ئاڭلىدىڭ، ئەمدى بۇنىمۇ ئاڭلا.
بۇ شۇنداق داستانكىم، تولۇر كۆزگە ياش
ۋە رۇستەم ئىشىدىن دىل بولىدۇ غەش.
شۇۋرغان دەھشىتى بولسا گەر تەيىن،
ئۆزسە خام مېۋىنى تېخى پىشماستىن،
ستەمكار دېگۈلۈك ۋە ياكى دادگار؟
هۈنەرۋەن دېگۈلۈك ۋە يا بىهۈنەر؟
ئۆلۈم ـ شەپقەت بولسا، نېمە غەم ـ ستەم؟
نېمە دادۇ پەرياد، نېمە ئاھ ـ ئەلەم؟
بۇ سىردىن جانلىرىڭ تا ئاگاھ ئەمەس،
پەردە كەينى سىرىن قىلمىغىن ھەۋەس.
بۇ ئىشىك ئالدىغا كىشى باردى كۆپ،
ۋە لېكىن ئېچىلماي، سالار كۆزگە چۆپ.
ئۆلۈم ياخشىراقتۇر بولمىسا يولۇڭ،
دىگەر جايدا ئارام تاپالماس دىلىڭ.
ئەجەل كىشىلەرنى قىلمىسا نېرى،
يەر يۈزىگە سىغارمۇ جۇۋانۇ قېرى.
توساتتىن ئەۋج ئالسا ئاتەش ۋە تۈتۈن،
ئەجەبمەس، تۆت ئەتراپ بولسا كۈل ـ كۈكۈن.
كۆيەر بولسا ئورمان ئىچرە بۇ هال،
ئۈندىكى تەڭگىلەر يەنە نەۋ نىهال.
ئۆلۈم ۋاقتى ئاشسا ئەجەلنىڭ كۈچى،
قېرى ـ ياشنى ئالار دەھشەتلىك سېلى.
بۇ دۇنيادا ياشلار خۇشلۇقى نېچۈن،
قېرىلىق ئۆلۈمگە سەۋەبمەس پۈتۈن.
نە تۈلكە قالمايدۇ ۋە نە ئەركەك شىر،
نە قورقۇنچاق قالماس، نە بىرەر باتۇر.
كېتەر جايىڭ ئاخىر ئاشۇ قەبرە ـ گۆر،
قازا ئېتىغا مىن، دىلىڭ قىلما يەر.
بىلىپ قوي: ئۆلۈم ھەق، بىلىپ قوي: بۇ چىن،
ئەگەر ھەق بولسا، داد ـ نادامەت نېچۈن؟
قېرى ۋە ياشقا تەڭ يەتكەن مەھەل،
ھەممىنى بىرلا بىلگەي رەھىمسىز ئەجەل.
ئىمان بولسا دىلىڭ گەر كۆز قارىسى،
نادامەت نېمىتى ئەي خۇدا بەندىسى؟
بۇ ئالەم تەقەززا قىلار ئىشنى بىل،
نېمە لازىم بولسا، سەن شۇنى قىل.
قازانىڭ ئىشنى چۈشەنمەك قىيىن،
ئەگەر دىلىڭ ئىچرە بولسا بىرەر جىن.
بۇ دۇنيادا شۇڭا قىلىپ قال ئەجىر،
ساقلار ياخشى نامىڭ كەلسىمۇ ئەجەل.

## رۇستەمنىڭ ئوۋغا چىققانلىقى

ئەزەلدىن ئايانىدۇر بىزگە بۇ داستان،
ئېيتىپ بەرگەنىدى قېرى بىر دېھقان:
بەرگەنىدى مۆبەد بۇ ھەقتە خەۋەر،
تەھەمتەن كۆزىنى ئېچىپ تاڭ ـ سەھەر،
كۆڭلىدە قوزغالدى ئوۋغا ئىشتىياق،
بەل باغلىدى، ئوقا لىق تولدى ساداق.
پىلدەك ئاتقا مىنىپ، قامچا سالدى تېز،
چۈشۈپ دۈلدۈل يولغا ماڭدى بەك تېز.
ئۇ ئاچ قالغان شىردەك قىدىراتتى ئوۋ،
تۇرانلا يېرىگە بېرىپ قالدى دەۋ.
يېتىپ بارغىنىدا تۇران يېرىگە،
قۇلانلار كېلىپ دۈچ ئىران شىرىگە،
تەھەمتەن يۈزى گۈل كەبى ياشنىدى،
چېپىپ دۈلدۈلدا ئوۋنى باشلىدى.
قولدا كامانۇ ئوق، نەيزىيۇ كەمەند،
نەچچە ـ نەچچە ئوۋنى قىلىشالدى بەند.
يىغىپ ئوتۇن، تەمەش، شاخۇ شۇمبىنى،
چېقىپ چاقماقنى ياقتى گۈلخاننى.
كۆرۈپ بىر دەرەخنى شۇ چاغدا پىلتەن
يۇلۇپ ئالدى تېگى ـ تومۇرى بىلەن.
ئۇنى زىخ ئەيلىدى، تارتىلدى قۇلان،
كاۋاپ قىلدى ئوتقا تۇتۇپ بىر زامان.

يېدى ئۇستىخاندىن ئەتنى ئاجرىتىپ،
يىلىكلەرنى شۈمۈردى بىرمۇ بىر چېقىپ.
كېلىپ سۇ لېۋىگە، بولۇپ خوپ سىراب،
قېنىپ تەشنالىقى يەتتى ئۇيقۇ ـ خاب.
خەۋەرسىز ئىدى ئۇيقۇدا تاجدار،
چىمەن ئىچرە ئوتلاپ يۈرەتتى تۇلپار.
بۇندىن ئۆتۈپ قالدى نەق سەككىز نەپەر،
تۈرك ئاتلىقلىرى ئىدى بۇ سەپەر.
كۆرۈپ ئوتلاق ئۆزرە تۇلپارنىڭ ئىزىن،
قولغا چۈشۈرمەك بوپ ئاتنىڭ ئۆزىن.
دەشتتە قورشاپ ئاڭا كامان ئېتىشتى،
تۇتۇشقا قىلىپ نىيەت، ئات ئوينىتىشتى.
ئات ئۇلارنىڭ سىرتىمقىن كۆرۈپ بۇ دەم،
قۇترىغان ئارسلاندەك ئۇرار ئىدى دەم.
تېپىپ ئىككىسىنى قىلىپ يەرگە پەس،
بىرىنىڭ بېشىن ئۈزدى چىش بىلەن چەبدەس.
ئۆلدى ئات زەربىدىن دەرھال ئۈچ كىشى،
ئوڭغا تارتماي تۈركلەرنىڭ ئىشى.
ئۇلاردىن ئۈچىنى بەند قىلدى ئەجەل،
تۇلپارنى مۈشكۈلكى قىلماقلىق قامال.
يەنە ھەر تەرەپتىن ئېتىشتى كامان،
تا سالمىسى تۇلپارنى قىلغۇچە قامال.

شەھەرگە يۈزلىنىپ، چېپىشتى ئات،
كۈتەتتى ئۇلارنى ئالىي مۇكاپات.
كۆزىن ئېچىپ رۇستەم ئۇيقۇدىن شۇئان،
بىلەلمىدى تۇلپار كەتكىنىن قايان.
ئەتراپنى ئايلاندى تۇرۇپ پەھلىۋان،
تاپمىدى ئېتىدىن بىر نامۇ نىشان.
تەھەمتەن تەمترەپ سەراسىمەۋەر،
سەمەنگان يولىن قىلدى ئىختىيار.
ئۆزىگە دەر: « بۈگۈن پىيادە راۋان،
ئۇياتتىن قۇتۇلارمەن قېچىپمەن قايان؟
كۆپ ئېغىر يۈك گۈرزە، نەيزەيۇ كامان،
پىيادە يەتمىكىم قىيىندۇر، قىيىن.
باياۋان يولىدا كىمنى يار قىلاي؟
يولۇقسا ئەگەر ياۋنى چارە قىلاي؟
ھەركىم دەر دۇلدۇلنى بېرىپ قولىدىن،
ئەجەب ئويغانماپتۇ رۇستەم ئۇيقۇدىن؟
نېم چارە، يوقسۇل بولۇپ كەتسەم گەر،
ئەلەم بىلەن مەنزىلسىرى يېتەلمىسەم گەر.
ئېسىپ بەلگە گۈرزە، قىلىچ ۋە كەمەر،
ماڭاي تا تاپقۇچە تۇلپاردىن خەۋەر.»
شۇ ئويلار بىلەن يۈرەك باغرى قان،
سەمەنگانغا بولدى تېز رۇستەم راۋان.

## رۇستەمنىڭ سەمەنگان شەھرىگە بارغانلىقى

يېقىن كەلدى رۇستەم سەمەنگان تامان،
خەۋەر تاپتى ئۇندىن كاتتىلار ۋە خان.
كېلەرمىش پىيادە ئاشۇ تاجدار،
ئوتلاقتىن قاچقانمىش ئېتى، ئۇ تۇلپار.
ئۇلۇغلار چىقىشتى كۈتۈۋالغىلى،
تەھەمتەن دىلىغا مېھىر سالغىلى.
دېدى پالۋاننى كۆرۈپ قېرى ـ ياش:
« بۇ رۇستەممۇ ياكى پارلىغان قۇياش؟ »
پىيادە چىقىپ كۈتتى تەھەمتەننى شاھ،
قۇتلىدى تۈزۈپ سەپ ئۇنى كۆپ سىپاھ.
سەمەنگان شاھى دەر: « بۇ قانداق ئەھۋال،
كىم قىلار سەن بىلەن ئېلىشماق خىيال؟
بۇ يۇرت ئەھلى ساڭا پۈتۈن خەيرخاھ،
نۇرۇڭنى كۈتۈشەر، كۈتۈشەر پاناھ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا مۇنتەزىر.
مەغرۇر بۇ تەن، بۇ باش ئەسرىڭ، ئەسىر!»
بۇ سۆزنى باھادىر ئاڭلىغان زامان
دىلىدىن يوقالدى شەك ۋە بەتگۇمان.
دېدى شاھقا تەزىم بىلەن ئۇ پالۋان:
« قولدىن چىقىپ كەتتى ئېتىم ناگاھان.
ئۇندا نە ئېگەر يوق، نە يوقتۇر يۈگەن،
قاپتۇ ئېغىزدۇرۇق، تۇقۇم ھەم كىشەن.
ئېرىق ۋە توقايدىكى تۇلپارنىڭ ئىزى
سەمەنگانغا يېتىلەپ كېلىپتۇ مېنى.
قىلىپ دوستانىلىق، تېپىلسا گەر ئات،
تېگەر ھەممىڭىزگە لايىق مۇكاپات.
تاپالمايدىكەنمەن ئەگەر تۇلپارنى،
ساق قويمايمەن ھېچكىم بېشىنى. »

شاھ ئاغا دېدى: « ئەي سەرەپراز كىشى،
رايىڭ بولۇرمۇ ئادەمنىڭ ئىشى.
بولۇپ بىزگە مېھمان، قوپاللىقنى قوي،
سېنىڭ رايىڭ بىلەن ياڭرار ساز ۋە كۈي.
بۇ كەچ دىلنى مەيدىن زەپ شاد قىلايلى،
يۈرەكنى ئەلەمدىن كۆشاد قىلايلى.
قانداقسىگە رۇستەم ئېتى قالار يوشۇرۇن،
نامىڭ بىلەر تۇرسا ئەل خېلى بۇرۇن.
بولدى قىل ئەي ھۈنەرۋەن، ئەي بۈيۈك پالۋان،
بىل، ئېتىڭنى تېپىپ بېرەرمىز ئامان.»
ئىشەندى بۇ سۆزگە شۇدەم رۇستەم ھەم،
دىلىدىن غەم كېتىپ بولدى خۇرام ھەم.
قوبۇل قىلدى شاھنىڭ سۆزىنى ئوغلان
ۋە خۇشال بەزمىگە بولۇشتى راۋان.

ساراي ئىدى بۇ گۈن باھادىرغا جاي،
تۇراتتى خىزمەتتە تامامى ساراي.
شەھەر ھەم قوشۇندىن كېلىشتى چەندان،
مېھمانغا مۇناسىپ پۈزۈر بۇ سورۇن.
ئۇلۇغلار بىر ئەجەب مەجلىس قۇرۇشتى،
يامانلارنى بىردىن نېرى سۈرۈشتى.
خۇش قىلىپ تەھەمتەن دىلىن تارى ساز،
جاراڭلار ئويۇندا تۇرانۇ تەراز.
پەرىزات ـ گۈزەللەر تۇتسا جامى مەي،
تەراز قىزلىرى ئۇسسۇل ئوينار توختىماي.
باھادىرنى ئاخىر بېسىپ كەيپ، ئۇيقۇ،
قوزغالدى جايىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۇ.
مۇھەييا قىلىشتى بىر جاي كۆركەم، باپ،
چېچىپ كۆرپىلەرگە مۇشك بىلەن گۈلاپ.

## سەمەنگان شاھىنىڭ قىزى تەھمىنەنىڭ رۇستەم يېنىغا كەلگەنلىكى

تۈن ئۆتۈپ يېرىمدىن دەل سەھەر ۋاقتى،
چاقناپ چىققىنىدا ئۇ تاڭ يۇلتۇزى،
قۇلاققا ئاڭلاندى مەيىن بىر شىۋىر،
ئىشىكمۇ ئېچىلدى، بۇ قانداق بىر سىر؟
غۇلام يىگىت ئالدىدا، شام بار قولىدا،
يېتىپ كەلدى ئەنبەر چېچىپ يولىدا.
كەينىدىن كېلەتتى گۈزەل بىر ماھرويى،
قۇياشتەك چاراقلاپ كېلەر ھۆسنۇ بويى.
سىكىلەك چېچى كامان، قېشى ھەم كامان،
زىلۋا بويى ئىدى ئۇ سەرۋى راۋان.
يۈزى يەمەندىن ئېلىنغان ھېقىق،
ئاغزى بولسا ئاشىق دىلىدەك سىقىق.
سەنەم ئەقىل ـ ئىدراكقا تولۇق ئىدى،
يارالغانمۇ نۇردىن، شۇنداق پاك ئىدى.
كۆرۈپ ھەيران قالدى، لال قالدى رۇستەم،
خۇدا نامىن ئالدى تىلىغا شۇ دەم.
دېدى قىزغا شۇندا: « نامىڭ نېمە ئېيت،
بۇ قارا تۈن ئىچرە، كامىڭ نېمە ئېيت!»
قىز دېدى: « تەھمىنە ئىسمىدۇر مېنىڭ،
كۆيەر ئىشق ئوتىدا جان بىلەن تېنىم.
سەمەنگان دىيارى شاھىدۇر ئاتام،
پەلەك نەسلىدىندۇر مېنىڭ بوۋام ھەم.

بۇ ئالەمدە يوقتۇر مېنىڭدەك سەنەم،
مەلەكلەر ئىچىدە ماڭا تېگى كەم.
مېنى چۈمبەلسىز ھېچ كۆرمىگەن ئادەم،
ئاۋازىم ئاڭلىغان تېپىلمىغاي ھەم.
مۇبارەك نامىڭنى ئاڭلىغانىدىم،
سېنىڭ داستانىڭنى ئاڭلىغانىدىم.
يولۋاس ۋە دىۋە، جىن، شىر، ئەجدىھا ،لەھەڭ،
قىلىپ جەڭ ھەممىسىن قىلدىڭ يەرگە تەڭ.
قاراڭغۇ كېچىدە بۇ تۇرانغا سەن
كېلىپسەن تەنھالا ۋە مەردانە سەن.
قۇلۇنلارنى ئوۋ قىلىپ، كاۋاپ ئېتىپ،
قىلىچىڭ پەلەكلەرنى گىريان قىلىپ،
تىلىپسەن شىر دىلىن، يولۋاس پوستىنى
كۆتۈرۈپ ساماغا ئېغىر گۈرزەڭنى.
يالىڭاچ كۆرۈپ قىلىچىڭ بۇركۈت،
قىلالمايدۇ ئوۋغا زادىلا جۈرئەت.
كامانىڭغا بولۇر شىر دائىم نىشان،
تىغىڭدىن بۇلۇتمۇ تۆكەر لەختە قان.
ئاڭلىدىم ھەققىڭدە شۇ خىلدا داستان،
لېۋىم چىشلەپ، ئويلاپ يۈردۈم كۆپ زامان.
قەلبىمدە خىيالىڭ ئىدى دائىما،
نېسىۋەڭ بۇ يەردىن قىلىپتۇ خۇدا.

نه بىر قۇش كۆرمىدى مېنى ، نه بېلىق ،
بۇگۈن مەن سېنىڭمەن ، خالىساڭ ، ئېنىق .
كەلدىم ئىشقىڭغا مەن بولۇپ مۇپتىلا ،
ئېلىپ ئەقىل هوشۇم ئۇشبۇ ماجىرا .
ئەگەر زامانە قىلسا لۇتفى ئەجەب ،
كەلدىم هۇزۇرۇڭغا مەن پەرزەنت تەلەپ .
بولۇر سەندەك بەلكىم بىر ساهىب هۇنەر ،
ئۇنىڭ يۇلتۇزى هەم سېنىڭدەك بولار .
يەنه بىر سۆزۈم شۇ ، ئاڭلا ئەي پالۋان ،
تۇلپارىڭ تېپىپ بېرەي ، ئەلۋەتتە ، ئىشەن . »
ئۇ ئاي سۆزى بولدى شۇ خىلدا ئاداق ،
تەهەمتەن ئاڭلىدى باشتىن هەم ئاياغ .
تەهەمتەن چۈشەندى ، پەرى دىلرابا ،
هەممە ياقتا ئەقلى پۈتۈن هەم تازا .
يەنه چېهرىسىدىن پاكلىقى ئايان ،
هەم تاپار تۇلپىرىدىن ئېنىق بىر نىشان .
بۇيرۇدى : « بىر مۇبەد تېپىپ كېلىڭلار ،
بولۇپ قىزغا ئەلچى ، قۇللۇق قىلىڭلار ! »
بۇ سۆزدىن غايەت شاد بولدى پادىشاه ،
شادلىق بابىدا ئازاد بولدى پادىشاه .
رەسمىي قائىدىدە بېرىپ چېيىنى ،
ئاشۇ داستانغا ئۇزاتتى قىزنى .
بولدى توي ، پەزلىدىن ئاۋات بۇ جاهان ،
بولدى يۇرت خۇشال ـ خۇرام ، ئەل شادىمان .
ياخشى ئۆتكۈزۈشتى نىكاه ، تويلىرىن ،
هەممە پالۋانغا ئېيتار ئاپىرىن .
« رۇستەمگە مۇناسىپ بۇ مەهلىقا ، ـــ
دېيىشتى ، ـــ ياۋلىرى بولۇشسۇن ناكا . »
بولۇپ كەچ ، قېلىشتى كېلىن ۋە پالۋان
قاراڭغۇ تۈندە ، ئاي ـ ئاپتاپ پىنهان .
بولدى ئۇ غۇنچەيۇ گۈل ، شەبنەمگە پۇر ،
ئەۋرىشىم بويىغا تولغانىدى دۇر .
سەدەپ ئىچرە تولۇپ ئېسىل قەترىلەر ،
پەيدا بولدى ئۇنىڭ باغرىدا گۆهەر .
قاچان تاپتى رۇستەم بۇ سىردىن خەۋەر ،
يۈرەككە مېهر تولدى ، دىلى جىلۋىدار .
نىهايەت كاماندىن تاشلىغاچ قۇياش ،
ئۇپۇقتىن قىزىل نۇر بولغىنىدا پاش ،
باهادىر بوشاتتى بىلەكتىن گۆهەر ،
گۆهەركى ، جاهاننى بېزەپ نۇر چاچار .
بېرىپ ئاڭا دېدى : « بۇنى ئال گۈل يۈز ،
ئەگەر ئاتا قىلسا دەۋران بىزگە قىز .
تاقاپ قوي بۇنى سەن ئۇنىڭ چېچىغا ،
پاراغەت يەتكۈزگەي دىل ماكانىغا .
بىلەككە تاقاپ قوي ، ئوغۇل بولسا گەر ،
قولىدىن چاچسۇن نۇر نىشانى پەدەر .
ئۇ سامۇ نەرىمان سۈپەت بولغۇسى ،
ئۇرۇش شۆهرىتىگە جاهان تولغۇسى .
هاۋادا بۈركۈتنى ئۇ قويماس تىرىك ،
قۇياش نۇرلىرىغا بولۇر ئۇ شېرىك . . . »
بۇ سۆزلەر بىلەن تاڭ ئېتىپ ، چىقتى كۈن ،
شېرىن ئۆتتى سۆهبەت بىلەن بەختلىك تۈن .
قۇياشمۇ چاراقلاپ چىقىپ كۆك تامان ،
زېمىنسېرى قىلدى مېهرىنى راۋان .
قىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇ پالۋان
سۆيەر يۈزۈ كۆزىن قويماي هەر زامان .
پەرىزات يىغلار ئۆكسۈپ ، ياش تۆكۈپ ،
بۇ هىجران يۈرەك ـ باغرىنى تىلىپ .
كېلىپ ئۇ پالۋان قېشىغا پادىشاه
هال ـ ئەهۋال سورىدى ئۇ ئالەمپاناه .
بېرىپ تۇلپاردىن ئاڭا خۇش خەۋەر ،
رۇستەم دىلىن روشەن ئەيلىدى پەدەر .
راسلىدى ئېگەرۇ جابدۇقنى پالۋان ،
خۇشلۇقىدىن يېتىپ بېشى تا ئاسمان .
ئۇ يەردىن سىيىستانىسېرى يول ئېلىپ ،
ئۇ داستانى كۆپ ۋاقىت ئېسىدە قېلىپ ،
سىيىستانغا يەتكەن چاغدا ئۇ شىر زات ،
بۇ ئىشنى هەر دائىم قىلدى ئۇ ياد .
بولغان ئىشنى دىلدا تۇتۇپ نىهان سىر ،
زابۇل تەرەپكە يول ئالدى ئۇ شىر .

## سوهرابنىڭ تۇغۇلغانلىقى

تولقۇز ئاي ئۆتكەندە تۇغدى شاه قىزى ،
بىر ئوغلانكى ، تولۇن ئاي ئىدى يۈزى .

كىشى كۆرسە دەركى : « رۇستەممىدۇ بۇ ،
ۋە يا سامىمۇ ياكى نەيرەممىدۇ بۇ ؟ »
يۈزى ئېسىل گۈلدەك ، كۈلگۈنچەك مۇدام ،
شۇ سەۋەبتىن بولغاندۇر بەلكى سوھراب نام .
بىر ئاي ئۆتۈپ بىر ياش ئۇلغايدى ئوغلان ،
مىسالى رۇستەمۇ سام يا زال پالۋان .
ئۈچ ياشتا مەيداننى قىلدى ئۇ تەلەپ ،
بەش ياشتا يولۋاسقا چىقتى تىك قاراپ .
كىم بىلەن ئۇن ياشتا ئەگەر قىلسا جەڭ ،
بولدى ھەر پەھلىۋان ھالى يەرگە تەڭ .
ئانىسى يېنىغا كېلىپ بىر كۈنى
دېدى : « ماڭا ئېيتىڭ ، جان ئانا شۇنى .
نېمشقا باشقىلاردىن ئۆسكىلەڭ بويۇم ،
يېتەر ئاسمانغىمۇ ئۇزاتسام قولۇم .
ئەينەن ئېيتچۇ ، قايسى گەۋھەردىن ئۆزۈم ؟
ئاتاڭ كىم دېگەنگە نېم بولغاي سۆزۈم ؟
قاچانكى ، سورىسا ئاتامدىن سوئال ،
جاۋابىنى بېرەلمەي تىلىم بولۇر لال .
ئەگەر قالىۋەرسە سىر مەندىن نىھان ،
قالىدۇ سەندىن بىر كۈن بۇ جاھان . »
« قۇلاق سال ، سۆزۈمگە ، — دېدى تەھمىنە ، —
خۇش بول بوتام ، دىلدا قالدۇرما گىنە .
ئاتاڭ بولۇر سېنىڭ رۇستەمى داستان ،
ئەجدادىڭ سام ، نەيرەم ئوخشاش پەھلىۋان .
سەن ئۇ رۇستەم ئوغلى ۋە بەگزادىسى سەن ،
نەرىمان ، ساملارنىڭ چىن ئەۋلادى سەن .
شۇڭلاشقا ئاسمانغا يېتەر بېشىڭ ، بىل ،
ئۇلار نامى بىلەن ئەزىزىر ، پەخىر قىل .
بۇ ئالەم تا بىنا بولغاندىن بۇيان
ئاتاڭدەك پالۋاننى كۆرمىگەن جاھان .
پەلەك كۆرمىگەن سام ۋە نەيرەمنى ھېچ ،
ئۇلاردەك سەنمۇ بىل بۇ ئالەمنى ھېچ ! »
ئاندىن تەھمىنە بەردى ئەجەب نامەنى ،
ئەۋەتكەنتى رۇستەم ئوغلىغا ئۇنى .
خەت بىلەن ئۈچ ياقۇت ۋە ئۈچ خالتا زەر ،
ئىراندىن ئەۋەتكەن ئوغلىغا پەدەر .
ئاڭلىغاندا ئوغۇل تۇغقاننى خوتۇن ،
ئەۋەتكەن سوۋغىلار بىلەن بۇ خېتىن .

« ئەزىزىم ، سەن بۇنى قىلغىن يادىكار ،
ئەۋەتتى بىر ساڭا رۇستەمى نامدار .
ئەزىزلىسەڭ ئەرزىر تۇماردەك بۇنى ،
ھاجەتكە يارىغاي ئاخىر بىر كۈنى .
يەنە بىر سۆزۈم بار ، ئاڭلا بابمۇباب ،
خەۋەر تاپمىسۇن بۇندىن ئەفراسىياپ .
ئۇ رۇستەمگە دۈشمەن ، ئەبەد ياۋ ئېرۇر ،
تۇران ئىشى ئۇندىن داد ، ئىگرار ئېرۇر .
مۇبادا ئۇ ساڭا بولسا گەر غەنىم ،
بېشىڭغا غەم سالسا ، مېنىڭ ئۆلگىنىم .
يەنە گەر خەۋەر تاپسا مەندىن ئاتاڭ ،
كى ، بولمىش ئىشىڭدىن ھالى يەرگە تەڭ .
ساڭا پاناھ بولماق مېنىڭ جان ــ دىلىم ،
دىلىمنى ھىجرانىڭ قىلار يۈز تىلىم . »
دېدى ئاڭا سوھراب : « بۇ دۇنيا ئارا
بۇنى سىر تۇتۇشتىن نېمە مۇددىئا ؟
ئۇلۇغلار قىلىشار قاچاندىن بايان ؟
ئاتام ئىشلىرىدىن بىر تالاي داستان ؟
مۇيەسسەر ئىكەن بۇ باھادىر نەسەب ،
بۇنى يوشۇرۇشقا ئاتام نېم سەۋەب ؟
بۈگۈن مەن باھادىر تۇران ئەرلىرىن
يىغىپ ، لەشكەر قىلمەن ھەممە شىرلىرىن .
قىلاي ھالاك تەختىن كاۋۇسنىڭ ،
ئىراندىن پېيىنى قىرقاي ئۇ تۇسنىڭ .
نە كۆرگىنى قالغاي ، نە بەھرام ، گۇدەرز ،
قىلاي گۇستەھەممۇ گىۋ بېشىنى دەز .
تەختىدىن قوغلانغاي كەيكاۋۇس شاھ ھەم ،
ئاتام نېسىۋىسى تاج ھەم ، كۇلاھ ھەم .
بۇندىن كېيىن تۇراننى شاد قىلاي مەن ،
شاھقا قاراپ جەزمى مەيدان قىلاي مەن .
زورۇمدىن غۇلىغاچ تەخت ، ئەفراسىياپ ،
تىغىم ئالدىدا پەس بولۇر ئاپتاپ .
قىلىپ شىر كەبى جەڭ ، ئۆرۈپ ھەممىنى ،
ئىرانغا پادىشاھ قىلاي مەن سېنى .
مەن ئوغۇل ۋە ئاتام رۇستەمى نامدار ،
بۇ ئالەمدە قويماس بىرەر تاجدار .
چىقىپ كەلسە روشەن ئاي بىلەن قۇياش
كۆرۈنمەيدۇ يۇلتۇز ، بېرەلمەس بەرداش . »

شۇندا سوھرابى باتۇر دېدى : « ئانىجان ،
بىر قېتىم كېلىپتۇ ماڭا بۇ زامان .
دېمەك بىر ياخشى ئات لازىمدۇر بۇ چاغ ،
تاشتىن ئوت چاقنىتار تۆت پولات تۇياق .
چىقسۇن ئېگىز تاغ سېرى يەل كەبى ،
ئېدىرلاردىن ئۆتسۇن بوران ، سەل كەبى .
ھاۋادا ئۇچار قۇش ، سۇ ئىچرە بېلىق ،
سەھرادا چاپسۇن مىسالى كېيىك .
كۆتۈرسۇن گۈرزەمنى پىل ئوخشاش بەدەن ،
كۆتۈرسۇن مېنىمۇ كامانىم بىلەن .
پىيادە قىلاي مەن قانداق زورلۇق جەڭ ،
ياۋ كەلسە يۈزمۇ يۈز قانداق تەشنا جەڭ . »
ئاڭلىغاچ ئوغلىدىن بۇ سۆزنى ئانا ،
قۇياشتىن ئېگىزرەك بولدى باش يەنە .
چوپانلارغا بۇيرۇق ئەۋەتتى شۇ كۈن ،
يىلقى كەلسۇن بېسىپ مىسالى تۈتۈن .
ئوغۇل تاللىسۇن ئات ، سىناپ بىمالال ،
مىنىپ جەڭگە كىرسۇن تەھەمتەن مىسال .
چۆلۇ تاغۇ سەھرالاردا ھەرنېمە بار ،
ھەممە يىلقىلارنى قوغلار ئەزمكار .
شەھەرلەر كەزدى بۇندا سوھرابى شىر ،
كامانىنى تاشلاپ « قاياقتا ئات ؟ » دەر .
قايسى ئاتقا تاشلار بولسا ئۇ كەمەند ،
بولاتتى دەرھال ئارقىنىغا بەند .
قويۇپ باقسا ئات بېلىگە قولىنى ناگان ،
ئات بېلى ئېگىلەر مىسالى كامان .
كۈچىدىن قىلىپ ئۇ مىنىپ ئاتنى كۆپ ،
تاپمىدى لايىقنى سىناپ ، مىنىپ خوپ .
چىقمىدى يىلقىدىن بىرەر لايىق ئات ،
تۇرۇپ قالدى سوھراب ھەيرانۇ مات .
ئارىدىن چىقىپ بىر قېرىراق چوپان
كېلىپ ئۇ پالۋانغا يولۇقتى شۇئان .
دېدى : « تۇلپار زاتىدىن باردۇر بىر قۇلۇن ،
قۇدرەتتە ئۇتىدۇ شىرنى ئۇ پۈتۈن .
قۇلۇنكىم ، قامىتى يوغان تاغ سۈپەت ،
ئۇچار قۇش يېتەلمەس ، قېقىپ قوش قانات .
ئۇنىڭ كۈچىدىن سۆز ئېچىش قىيىن ،
ئۇنىڭدەكنى ھېچكىم قىلالماس تەيىن .
تۇيىقى پولاتتىن ، كۆكسى تاغ مەگەر ،
چاقماق چاقار كۆكتە سەكرىسە ئۇ گەر .
ئۇچار ئوقتەك ئەركىن باياۋاندا ئۇ ،
بېلىقتەك ئۈزىدۇ ، گەر دېڭىزدا ئۇ .
ئۇچار ئوقتەك ئۇ چۆل ۋە سەھرا ئارا ،
ياۋ بېشىغا سېلىپ ئەجەب بىر ماجىرا . »
ئاڭلاپ بۇ سۆزنى بولدى سوھراب شاد ،
دىلىغا خۇشلۇق تولۇپ ھەددىدىن زىياد .
دەرھال ئېلىپ كەلدى باتۇر سۇھرابقا ،
ئاشۇ مەردۇ مەردان ، پەھلىۋانغا .
شۇ ھامان سىناپ كۆردى تايىنى پات ،
قانچە باسسىمۇ گەر ئېگىلمەيتتى ئات .
مېھرى بىلەن سالدى چابدۇغىن سىلاپ ،
ئېگەرلىدى ، مىندى ئاڭا شان تىلەپ .
ئېگەرگە چىقتى ئۇ كۇھى بېسۇتۇن ،
قولىغا ئېلىپ نەيزە مىسالى ئۈستۈن .
خۇشلۇقىدىن سوھراب ئوقار ئاپىرىن ،
ئاخىر قولىغا كىردى بۇنداق بىر قۇلۇن .
راۋادۇركى ، ئاتقا مىنەي بۇ زامان ،
كاۋۇس شاھقا ئەيلەي بەك تار بۇ جاھان .
شۇ سۆزلەرنى قىلىپ ، ئۆيىگە كەلدى ،
ئۇرۇش ياراقلىرىن تەخمۇ تەخ قىلدى .
كېلەر ھەر تەرەپتىن سانسىز سىپاھى ،
گۆھەرىمۇ باردۇر ، بار ھەم سەلاھى .
بوۋا ھۇزۇرىغا كەلدى ئۇ يېتىپ ،
سوراپ ئۇ يوليورۇق ھەم ئىززەت ئېتىپ .
« پاتىھە بەرسىڭىز ، — دېدى ، — بوۋىجان ،
بۇ چېرىك بىلەن يۈرەي ئىران تامان . »
سەمەنگان شاھ كۆردى ھەقلىقتۇر بۇ كالام ،
ئاپىرىن دەپ بەردى سوۋغىيۇ سالام .
كۇلاھۇ تاجۇ تەخت ھەم ئالتۇن كەمەر ،
ھەمدە ئات - ئۇلاغ ھەم ياقۇتۇ زەر .
يەنە بەردى قانچە قورالۇ ياراغ ،
يىگىت كەيپى بولدى بەكمۇ خۇشال چاغ .
مۇكاپاتى بىلەن شاھلىقتىن ئايان
قىلىپ ، لەشكىرىنى قىلدى شادىمان .

## ئەفراسياپنىڭ بەرمان بىلەن ھۇماننى سوھراب ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەنلىكى

ئەفراسىياپ خەۋەر تاپتىكى ، ئالدىراپ
سوھراب يىغماقتا دەپ چېرىك بېھساپ .
ئۇنىڭ لەشكىرىگە تولۇپتۇ ۋەتەن ،
ھەممە شادۇ مەغرۇر ۋە سەرۋى چىمەن .
ئاغزىدىن كەتمەستىن تېخى سۈت ھىدى ،
قىلىچ ، تىغ ، ئۇرۇشتا باھادىر دىتى .
تىلغار خەنجەردە ئۇ بۆگۈن يەر يۈزىن ،
ھېلىتىن قوغلارمىش ئۇ كاۋۇس ئىزىن .
يىغىلمىش ساناقسىز سىپاھۇ چېرىك ،
بىرەر باتۇر ئاگا بولالماس شېرىك .
ئېسىل سۆز دائىما بولىدۇ قىسقا ،
گۆھەردىن ئارتۇق ھۈنەر ئېسىللىقتا .
ئاڭلىغاچ بۇ خىلدا سۆز ئەفراسىياپ ،
بولۇپ شاد ، قىلدى قوشۇن ئىنتىھاب .
قوشۇندىن تاللاپ يۈرۈپ ئالدى كۆپ پالۋان ،
باھادىر ، قورقۇمسىز قىلىچ بىئامان .
سىپاھنىڭ باشلىقى ئىدى ھۇمان مەرد
ۋە بەرمانكى ، شىرنى ئېتەر جەڭدە گەرد .
قوشۇنى ئون ئىككى مىڭغىچە يېتىپ ،
يىغىلدى ، ئالار يەر ۋە كۆكنى تۇتۇپ .
دېدى : « چارە قىلىڭ شاھى تۈرك ھامان ،
بۇ سۆزلەرنى تۇتقىن نىھان ، ئەي ھۇمان .
ئوغۇل تاپالمىسۇن ئاتىدىن خەۋەر ،
قۇدرىتىدىن خەۋەر تاپمىسۇن پەدەر .
ئەگەر جەڭدە بولسا بولىدۇ دۈشمەن ،
گۇمان يوق ، چارە تاپار تەھەمتەن .
ئەجەب ئەمەسكى ، ئۇ رۇستەمى داستان ،
شىر يىگىت دەستىدىن تەسلىم بولسا جان .
ئەگەر كەتسە رۇستەم ئىراندىن يىتۇپ ،
ئەجەمنى ئالارمىز شۇئان جەڭ قىلىپ .
ئاخىر سوھرابقىمۇ تېپىپ بىر ئىلاج ،
ئۇيقۇغا غەرق ئېتىپ قىلارمىز تاراج .
ئاتا پەرزەنتىنى گەر قىلسا ھالاك ،
بۇمۇ ياخشى ، رۇستەم بولۇر سىنە چاك .
شۇ مەقسەتتە تۈركتىن ئىككى پالۋان
سەمەنگان تەرەپكە بولۇشتى راۋان .
مېڭىپ ئىككى خائىن سوھراب باتۇر تامان ،
يېتىپ كېلىشتى نەق تاڭ ئاتقان زامان .

ئون ئاتۇ ئون قېچىر يۈكى كۈمۈش زەر ،
ئەۋەتكەنتى سوھراب ئۈچۈن تاجىۋەر .
يەنە تەخت ، فىرۇزە بىلەن پىل چىشى ،
يەنە تاجكى ، ئالتۇن ، گۆھەردىن ئىشى .
ئۇلار يېنىدا بار ئىدى نامە ھەم ،
ئۇندا بايان نەچچە سەپسەتە رەقەم :
« ئەگەر قولغا ئالساڭ ئىران تەختىنى ،
جاھان تاپقاي تىنچلىق ھەمدە بەختىنى .
بۇ يەردىن ئۇ يەرگە مۇساپە يېقىن ،
سەمەنگانۇ تۇران ، ئىران بىر زېمىن .
تاقاپ تاج ، ئولتۇر تەخت ئۆزرە شادان ،
كېرەك بولسا لەشكەر ئەۋەتەي شۇئان .
بۇ تۇران ئېلىدە ھۇمانۇ بەرمان
تايماس قەھرىماندۇر ، يوق ئىرۇر گۇمان .
ئەۋەتتىم ئۇلارنى ئىدارەڭ ئۈچۈن ،
مېھمىنىڭ بولغۇسى ئۇلار نەچچە كۈن .
ئۇلار جەڭ دېگەنلەر بىلەن جەڭ قىلۇر ،
جاھاننى يامانلار ئۈچۈن تۈن قىلۇر . »
بۇ سوۋغىلار بىلەن مەكتۇپ ھەممىسى ،
ئات ـ ئۇلاغ ئۈستىدە يۈكنىڭ بارچىسى .
يېتىپ كەلدى ، سوھراب تېز تاپتى خەۋەر ،
كۆتۈۋالدى ، مەھكەم قىلىچۇ كەمەر .
بوۋىسى بىلەن ئۇ چىقىپ مىسلى باد ،
سىپاھلارنى كۆردى ، دىلى بولدى شاد .
ھۇمان كۆردى كۆكسى كەڭ بىر پەھلىۋان ،
تۇرۇپ قالدى ھەيران بولۇپ بىر زامان .
بەردى شاھنىڭ خېتىن ، قىلىپ ئېھتىرام ،
ئاندىن سوۋغىلارنى بىرمۇ بىر تامام .
ھەم ئۇ ئىككى باتۇر ـــ ھۇمانۇ بەرمان ،
پادىشاھ سالىمىن يەتكۈزدى شۇئان .
ئوقۇپ كۆرگەچ ئۇ نامىنى پالۋان ،
باشلاپ ئەسكەر ، بولدى تېز يولغا راۋان .
ناغرا چېلىپ ، يولغا بۇرىغاندا يۈزىن ،
جاھان سىغدۇرالماس لەشكىرى ئىزىن .
قىلالمايتتى ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن جەڭ ،
مەيلى يولۋاس كەلسۇن ۋە ياكى لەھەڭ .
قويۇپ ئوت ، ئاۋاتنى قىلىشىپ كۈكۈن ،
تارتتى سوھراب ئىران يېرىگە قوشۇن .

## سوھرابنىڭ ئاق قەلئەگە يېتىپ كەلگەنلىكى

بۇ قورغاننى « ئاق » دەپ ئېيتىشار ئىدى ،
ئىرانىيلار ئۈمىد باغلىشار ئىدى .
ھەجىر دېگەن كىشى ئىدى قەلئە بېگى ،
مەرگەنۇ ئاقىل ، باھادىر ئۆزى .
گەجدەھەم ئۇ زامان تېخى بار ئىدى ،
ئادالەت ، ۋەجاھەت ، شەمشەر يار ئىدى .
قىزى بار كۆپ ئاساۋ ، باھادىر ، گۈزەل ،
ئۇچقۇر شامال ئىدى ئات مىنگەن مەھەل .
يېتىپ كەلدى سوھراب ئاق قەلئە تامان ،
ھەجىر بۇ قوشۇندىن خەۋەر تاپقان ئان
ئۆزىن ئاتتى ئوقتەك ئۇچار ئاتقا تېز ،
چىقىپ بولدى سوھراب بىلەن يۈزمۇ يۈز .
كۆرۈپ باتۇر سوھرابنى ، ھەجىر قىلدى دەۋ ،
غەزەپ تىغىن سالدى ئاڭا بىئاياۋ .
شامالدەك چىقىپ ئۇ ئۆز سىپىدىن پات ،
« ئۆلۈم ئىزدىگەن كىم ؟! »دەپ سالدى ئات .
كېلىپسەنغۇ تەنھا نىزا ئىزدەپ سەن ،
بۇگۈن تەقدىرىڭ ھالاك ، بۇنىڭغا ئىشەن .
نەسەبىڭ نى ، ئىسمىڭ ، ئېيتقىن نېم دەيدۇ ،
ئۆلۈكۈڭ ئالدىدا كىم دەپ يىغلايدۇ .

ئەجىر نەيزە ئۇردى خوپ كار جايىغا ،
لېكىن نەيزە چۇشتى ئۇنىڭ ئاستىغا .
قايتۇرۇپ نەيزىسىن دادىل ، مىسلى شىر ،
ھەجىرنىڭ بېلىگە ئۇرۇپ نەيزە ئەر ،
ئېگەردىن يۇلۇۋالدى،مىسالى شامال ،
ئۇرۇپ يەرگە سالدى بۈيۈك تاغ مىسال .
نەپەس راسلىيالماي ھەجىردەك غەنىم ،
دىلۇجان ئەلەمدە ، يېتىپ قالدى جىم .
چۈشۈپ سوھراب ئاتتىن ، كېسەي دەپ بېشىن ،
كۆرۈپ قالدى ياتقان ھەجىر كۆز يېشىن .
ھەجىر زار تولغىنىپ ، ئۆرۈلۈپ ئۇڭ تامان
دېدى : « ئەي پالۋان ، بەر ماڭا ئامان ! »
قولىن تارتتى تىغدىن بۇ سوھرابى يەل ،
ئۆلۈمدىن بوشاتتى ، نەسىھەتتە تەل . : .
قول ۋە بويىندىن باغلاپ ، ئەۋەتتى شۇئان ،
يىراقتىكى ئەسكەر ھۇمان تامان .
« ئاق » قەلئەمۇ بىلدى : پاسبان ھەجىر
چۈشۈپتۇ غەنىملەر قولىغا ئەسىر .
پۈتۈن قەلئە ئەھلى ھەممە ئەر ـ ئايال ،
نالە قىلىشىپ ، داد ئەيلىشەر بىھال .

## سوھرابنىڭ گۇردافەرىد بىلەن ئېلىشقانلىقى

بۇندىن خەۋەر تاپتى گەجدەھەم قىزى :
ھەجىر پەھلىۋاننىڭ يوقالمىش ئىزى .
قايغۇ ـ ھەسرەت قىلىپ قەددىنى كامان ،
دىلىدىن چىقاردى سوغۇق ئاھ ـ پىغان .
چەۋەندازۇ باتۇر ئىدى بۇ ئايال ،
ئۇرۇشتا قىلار جەڭ ئارسلان مىسال .
ئۆز ئىسمىغا لايىق ئۇ گۇردا فەرىد ،
پۈتۈن قەلئە ئۇنىڭدىن كۈتەتتى ئۈمىد .
ھەجىر قىسمىتىدىن غەزەپتە شۇ چاغ ،
سەپسەرگە ئايلاندى لالە رەڭ قىزچاق .
ئۇرۇشقا كىرىشكە ھازىرلاندى ئۇ ،
لىباسىن ئەرلەرچە ئۆزگەرتتى ئۇ .
يوشۇردى دۇبۇلغا ئىچرە چاچلىرىن ،
قەلەم قاشلار ئۆزرە نەچچە سالدى چىن .
شامالدەك تۇلپارغا مىنىپ ئالدى « ئەر » ،

چىقىپ كەلدى قەلئە ئىچىدىن ئۇ شىر .
چاقماق كەبى چۈشۈپ بۇ مەيدان ئارا ،
قىلىپ نەرە ، باشلاپ بۈيۈك ماجىرا ،
دېدى : « لەشكەر قېنى ، سەردارى قېنى ؟
قېنى جەڭچى نامدار ھەم رەقىبىم قېنى ؟
كېلۇر كىم مەن بىلەن قىلىشماققا جەڭ ؟
ئەگەر بولسا شىرۇ چايان يا لەھەڭ .
سەرەپراز قوشۇندىن قېنى بىر كىشى ؟
قېنى كۆرسەتمەمدۇ ئىران ھۈنىرى ؟ »
ئۇنى كۆردى سوھراب ، ئۇسىرى جەيان ،
قىستىدى كۈلكىسى چىشلىدى لېۋىن .
دېدى : « ياخشى كەلمىش يەنە بىر قۇلان ،
قىلىچ دامىغا ئۆز ئايىغى بىلەن . »
ساۋۇتنى كىيدى ـ دە ، بېلىن باغلىدى ،
دۇبۇلغىسىن كىيىپ ئېتىن راسلىدى .

گۇردا فەرىد تامان يېتىپ كەلدى تېز ،
كۆرۈپلا كامانىن ھالك ـ تالك قالدى قىز .
كامان ئىچرە سالدى ئوقىن شۇ زامان ،
تاپالمايتتى بىرەر قۇش ئۇندىن ئامان .
ئۇ سوھرابقا ئەيلەپ تىرەندازلىق ،
قىلدى ھەر تەرەپتىن چەۋەندازلىق .
بۇنى كۆردى سوھراب قىرىشتى چىشى ،
قويدى زور تالاشقا تۇلپىرىن بېشى .
ئۆزىگە تۇتۇۋالدى قالقىنىنى تېز ،
« جەڭ » ئىزدىگەن قىزغا بولۇپ يۈزمۇ يۈز .
جاھالەتتىن يېنىپ ئۇ گۇردافەرىد ،
دېدى : « ئۆزگىن ئەي مەرد ، جېنىڭدىن ئۈمىد ! »
قولىدا ئويىنىتىپ كامانۇ كەمەند ،
ئېتىنى ئويىنىتىپ بۇلۇتتىن بەلەند ،
نەيزىسىنى زەربىتە ئۇردى سوھرابقا ،
ئۆتكۈر بىسى گويا ئوخشار ئاپتاپقا .
غەزەپتىن تىترىدى سوھرابمۇ شۇ چاغ ،
كىرىپ جەڭگە شىردەك چاپتى ئارغىماق .
تۇتۇپ قولدا نەيزە ، قالقانۇ قورال ،
ھۇجۇم قىلدى ياۋغا بىر چاقماق مىسال .
كەمەربەندىكە ئۇردى شىددەت بىلەن ،
سۆكۈلدى ساۋۇتى ، كەتتى چېكىدىن .
ئېگەردىن كۆتۈردى ئۇنى مىسلى توپ ،
دەرسەن چەۋگەن توپقا ئۇستا ئىكەن خوپ .
قولىغا ئېلىبان تىغ گۇردا فەرىد ،
ئېگەردىن ئاجرىماي ، سالاتتى شىددەت .
ئۇردى ، نەيزە بولدى نەق ئىككى بۆلەك ،
ئۇچۇپ كەتتى ئاتتىن مىسالى كېسەك .
گۇردا فەرىد يەنە مىندى ئېتىغا ،
ئۇرۇپ نەيزە سوھراب شىر زاتىغا .
بىلدىكىم ، بۇ جەڭدە تالغاي شىر بىلەك ،
مىنىپ قاچتى ئاتقا ، چاك ئىچرە پەلەك .
بېرىپ تىزگىنىن ئەجدىھا قولىغا ،
چاپتى ئېتىن سوھراب قىزنىڭ يولىغا .
ئۇنىڭ غەزىپىدىن قاپقارا بولدى تۈن ،
باشتىن يۇلۇۋالدى دۇبۇلغىسىن .
قىزنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان زامان ،
يۈزىدىن تارقىدى قاراڭغۇ جاھان .
كۆرۈپ سوھراب قىزنىڭ گۈل كەبى يۈزىن ،
ئۇچۇپ ئەقلى باشتىن ، يوقاتتى ئۆزىن .
تەئەججۈپتە سوھراب دېدى بۇ سىپاھ ،
قىزى شۇنداق بولسا ، ئەرلەر قانداق ، ۋاھ .
چەۋەندازلىرى گەر قىلىشسا جەڭ ،
بۇلۇتتىن تا كۇنگە كۆتۈرگەيمۇ چاڭ ؟!
ئېگىرى قېشىدىن ئالدى ـ دە كەمەند ،
جەڭچى قىز بوينىغا تاشلاپ قىلدى بەند .
دېدى : « ئەمدى مەندىن تاپمايسەن رەھا !
نېمىشقا جەڭگە كىردىڭ ، ئېيت ئەي مەھلىقا ؟
سېنىڭدەك كېيىكنى كۆرمىگەن كەمەند ،
قىمىرلىما ، بولدۇڭ كەمەندىمگە بەند . »
ئاخىر قۇتۇلۇشتىن ئۈزۈلگەچ ئۈمىد ،
يۈزىنى ئاچتى ئاپتاپ قىز گۇردا فەرىد .
يۈزلىنىپ دېدىكى : « ئەي مەردانە شىر ،
باھادىرلار ئىچرە شىر ئالقانلىق ئەر .
ھەر ئىككى تەرەپتە قوشۇن تۇغ تىكىپ ،
جېڭىمىز تاماشا قىلار ئەندىكىپ .
يۈزۈم ئېچىپ قىلدىم نامايان چېچىم ،
بولار مىش - مىش گەپ قوشۇن ئىچرەكىم ،
قىلاي دەپ شۇ بىر قىز بالا بىلەن جەڭ ،
كۆتۈرگەيمۇ سوھراب بۇلۇتسىرى چاڭ ؟ . . .
ئەگەر بۇ ئۇرۇشتا كامان تارتىسەن ،
ئۇستۇڭگە ئۇياتلىق يۈكىن ئارتىسەن .
يوشۇر سىرىڭ ، بىلمەستە ھەر كىشى ،
ئەقىلدە ئىش قىلماق ئاقىللار ئىشى .
كەينىمدىن ئېيتمىغىن ھېچبىر ئاھۇ ۋاھ ،
بىز بۇ مەيداندا روبىرو سىپاھ .
بۇ قورغانۇ ئەسكەر تۇتار بۇيرۇقىڭ ،
ئۇرۇشماي ، ياراشقا كەلتۇر ئۆز يېقىڭ .
خەزىنە ، بايلىقلار ۋە قەلئە بېگى ،
ئېسىڭدە بىل بۇندىن كېيىن بارىنى . »
قاراپ قالدى سوھراب ، كەتتى مەھلىقا ،
ئۆسمىگەن بۇنىڭدەك سەرۋ باغ ئارا .
چىرايى بېھىشمۇ ، تەپتى ئاپتاپمۇ ؟
بۇ تىنىق چىرايمۇ ۋە يا ئۇنابمۇ ؟
كېيىك كۆزى شەھلا ، قەلەم قاشى كامان ،
پارقىرايتتى خۇددى تاڭ زۆھرەسىسمان .
دېدى ئاڭا سوھراب : « ئەي دىلرابا ،
سىناپ باقتىڭ ئەمدى مېنى جەڭ ئارا .

قەلئەگگە ئىشنىپ قىلما يەنە پەند ،
بۇ قەلئەڭ بولالماس پەلەكتىن بەلەند .
مېنىڭ گۈرزەم ئۇنى قىلار گەردۇ گەرد ،
ئۇرالمايدۇ ماڭا نەيزە بىرەر مەرد . »
گۇردافەرىد تىزگىن تارتتى شۇ زامان ،
سەرەپراز ئات يۇردى قورغانى تامان .
ئۇنىڭ بىلەن ماڭغانىدى سوھرابمۇ ،
دەرۋازىغا كېلىپ يەتتى گەجدەھەم .
قاراۋۇل دەرۋازا ئاچقانىلا زامان ،
گۇردافەرىد كىرىپ ئالدى خەستە جان .
ئاندىن يېپىشتى چىڭ دەرۋازىنى
قىرى - ياش ئاڭلاشتى بۇ ئاۋازنى .
گۇردافەرىد ۋە ھەجىرنىڭ ھالىدىن ،
ئۇلارنىڭ بۇنىڭدەك يامان پالىدىن ،
قېرى - ياش دىلى خۇن بولدى شۇئان ،
ھەممە دەرد - ئەلەمدە يۇتۇپ لەختە قان .
قىزنىڭ بېشىغا كەلدى گەجدەھەم ،
يەنە قانچە باتۇر - پەھلىۋان بار ھەم .
دېدى : « پاك كۆڭۈل ، باتۇر ، شىر سىياق ،
دىلىم غەمگە تولدى ، سېنى كۆرگەن چاغ .
سېھىر ، جادۇ قۇدرەت نامايان قىلىپ ،
قەبىلەڭ نومۇسىن سەن ۋەيران قىلىپ ،
ئەجەب بىر قەھرىمانلىق ئەيلىدىڭ ئايان ،
خۇداغا شۈكۈر قىل ، قالدىڭ سەن ئامان . »
بۇ گەپلەرگە كۈلۈپ قىز پەھلىۋان ،
قوشۇنىن كۆرۈشكە بولدى تېز راۋان .
چىقىپ قەلئە ئۈزرە ، بېقىپ كۆردى جىم ،
تۇرار ئىدى سوھراب تۆۋەندە مۇقىم .
دېدىكىم : « ئەي تۇرانلىق پالۋان ، ئىشت ،
بۇنچىلىك رەنج چەكمە ، ھەممىنى ئۇنۇت .
ساراڭ خىيالنى قوي ، يولۇڭ تاپ ، ماڭغىن ،
بۇ يەرگە يېپىشما ، يېپىشمىغىن سەن ! »
دېدى ئاڭا سوھراب : « ئەي مەھلىقا ،
تاجۇ تەختىڭ پەقەت ساڭا مۇتلەقا .
باراۋەر قىلىمەن بۇدا يەر بىلەن ،
چۈشەرسەن قولۇمغا ، سىتەمكارە سەن .
تولغىنىسەن بولۇپ چارىسىز ، ھوشىسىز ،
پۇشايمىنىڭ ئىچرە چۈشەر باش ۋە يۈز .
كۈلاھىڭ يولۇپ ئالسا گەردۇن شۇ چاغ ،
پۇشايمان بەرمىگەي ئۇندا پايدا ، باق .
ھاياسىز ۋەدىنى بۇزدۇڭ بىۋاپا ،
ئۆزۈڭدىن كۆر ئەمدى ، كۆرەرسەن جاپا . »
گۇردافەرىد دېدى ئاڭا شاد كۈلۈپ :
« ئىرانلىق ئالارمۇ سېنى جۈپ قىلىپ ؟
مېنى قىلما ئاررزۇ ، كەينىڭگە بۇرۇل ،
ئەلىمىم ئۆرلەتمەي ، قانغا تولماي دىل .
يا سەن ئەمەسمىسەن تۈرك ئەۋلادىدىن ،
تۇغۇلدۇڭمۇ باتۇرلار چوڭ ئەجدادىدىن ؟!
بۇ قۇدرەت ، بۇ شىددەت ، بۇ گەۋدە ، بۇ جان
ساڭا تەڭ كېلەلمەس بىرەرمۇ پالۋان .
لېكىن تاپسا بۇندىن خەۋەر پادىشاھ ،
كى تۇران زېمىنىدىن كەپتۇ دەپ سىپاھ ،
شاھىنشاھ ، كاتتىلار تۇرمايدۇ قاراپ ،
رۇستەم يېتىپ كېلەر تېز لەشكەر باشلاپ .
لەشكىرىڭ قالمىغاي تىرىك بىرى ھەم ،
بىلمەيمەن بېشىڭغا چۈشەر نېم ئەلەم .
بۇ قۇدرەت ، بۇ شىددەت ، بۇ ھېكمەت بىلەن
يولۋاس چاڭگىلىدىن قاچ ، تېخى ياشسەن .
كۈچۈم ، قۇدرىتىم دەپ يۈرگەن ئەقىلسىز ،
تېشەر ئۆز بېقىنىن ، بىل ، قۇترىغان ئۆكۈز .
ئەقلىڭ بولسا سوھراب ، بەرگىن يورۇقلۇق ،
تۇران ياققا باشلىسۇن يولىن چېرىكىڭ . »
بۇ سۆزدىن باھادىر دىلى شەرمىسار ،
نەق قولغا كىرگەنىدى قىز ھەمدە ھىسار .
ھىسار ئاستى ئاۋات ، بەكمۇ گۈزەل جاي ،
ھىسار خۇددى شۇندا ئاچقانتى چىراي .
بۇراپ يۈزىن سوھراب يامانلىقسىرى ،
دېدى : « تاراج بولسۇن بۇلارنىڭ جەمى . . . »
بىردەم تۇرۇپ دېدى : « قوي ، ۋاقتىمەس بۈگۈن ،
تالاشتا ھەم جەڭدە قول چولاق بۈگۈن .
تۇرۇپ ئەتە قىلاي بۈيۈك بىر جەڭ ،
بۇ يەرنى گۈرزەم قىلار يەرگە تەڭ .
بۇرىدى ئاندىن تىزگىن چېدىرى تامان ،
چاپتۇردى ھەم تېز يېتىشتى راۋان .

## گەجدەھەمنىڭ كاۋۇسقا مەكتۇپ يازغانلىقى

قاچان قايتتى سوھراب ، گەجدەھەمى پىر
ھۇزۇرىغا چىللاپ كېلىشتى دەبىر .
يېزىپ نامە ئىران شاھىنشاھىغا
چاپارمەن ئىبىپ كەتتى شاھ دەرگاھىغا .
خەت بېشىدا شاھقا دۇئايى سالام ،
ئاندىن ھەممە ئىشلار بايانى تامام .
بايان قىلدى كاتتا سىپاھ كەلگىنىن ،
بارى بەك ئۇرۇشقاق ، سەلاھ كەلگىنىن .
« كېلىپ ئالدىمىزدا تۇرار پەھلىۋان ،
ئون تۆتتە يېشى ، تېخى نەۋقىران ،
قامىتى مىسلى بىر سەرۋى رەۋان ،
قۇياشتىن يورۇقتۇر چېھرى بىگۇمان .
ئۇنىڭ ئالقىنى شىر ۋە گۈرزىيۇ تاغ ،
ئىران ئىچرە يوقتۇر بۇ دەشت ، بۇ ياراغ .
ھىندى قىلىچى بىلەن ئۇ جەڭگە كېلەر ،
ئۇ تاغۇ دېڭىز بىلەن خوپ تەڭگە كېلەر .
يوق ئۇنىڭ ئاۋازىدەك گۈلدۈر ـ چاقماق ،
تېپىلماس قولىدەك ئۆلۈمگە ئىناق .
ئۇنىڭدەكنى بىلمەس ئىران ھەم تۇران ،
يوق ئەسلا ئاڭا تەڭ كېلەر پەھلىۋان .
ئۇنىڭ نامى سوھراب ، ئۇرۇشتا تېتىك ،
نە شىرۇ نە دىۋىدىن قىلمايدۇ خۇدۈك .
ئۇنى سەن بەئەينى رۇستەم دەۋەرگىن ،
ئەجدادىنى خۇددى نەيرەم دەۋەرگىن .
جېدەلۇ جەڭگە ھەجىر بەل باغلاپ ،
ئات مىنىپ مەيدانغا چۈشتى ياش چاغلاپ ،
يېتىپ ئاڭا قىلماق ئىدى ماجىرا ،
ۋە لېكىن بەرمىدى پۇرسەت ئەجدىھا .
ئات ئۈستىدە كۆردۈم ئۇنى لەھزە مەن ،
بولۇپ چاقپەلەكتەك شۇ ئان ئۆچتى تەن .
ئېگەردىن يۇلۇۋالدى سوھراب ئۇنى ،
چۈشۈپ بېشىغا ئەڭ قاراڭغۇ كۈنى .
بۈگۈن ئۇ غەنىملەر قولىدا ئەسىر ،
ئەلەملىك دىلىدىن چېكەر ئاھ ھەجىر .
تۇراندىن بەكمۇ كۆپ ئاتلىقنى كۆرۈپ ،
ئاخىرىن بىلمىدىم ھەر قانچە ئويلاپ . . .
يوق ئالەمدە ئۇنىڭدەك ئۇرۇشقاق كىشى ،
تېنى پىلگە ئوخشاش ، بەختىيار ئىشى .

بۇ ئالەمدە ئۇنىڭ ئەجدادى مەگەر
بولماسىمىدۇ سامۇ ، رۇستەم ، زالى زەر .
ئەگەر ئىككى سەپتە تۇرسا قوش سىپاھ ،
بۇ قاپلان دەستىدىن بارچە كارى ئاھ !
تاغۇ سەھرا ئۇنىڭ زەربىدىن بەھەم ،
چېكەر ئاھۇ پىغان ، چېكەر نالە ھەم .
ئۇ بىر تاغ سۈپەتتۇر مىنسە ئات مەگەر ،
تولغىنار زېمىن يول بېرىپ سەر ـ بەسەر .
ئىشىن تارتسا كەينىگە گەر پادىشاھ ،
ئەگەر يوللىمىسا ۋاقتىدا سىپاھ ،
ئىران بېشىغا بۇ خىيانەت دېگىن ،
تىغىدىن جاھاندا نادامەت دېگىن .
ئەگەر بەرمىسەك بىز ئۆلۈم زەربىنى ،
بۇ قولنى ئېگىشكە باھادىر قېنى ؟!
ئۇنداق چەۋەندازنى بىلمەس ھېچ كىشى ،
نەرىمان ، سام ئىرۇر ئۆتكەن ـ پۈتكىنى .
ئۇرۇش قىلسا سوھراب بەرمەيدۇ ئامان ،
ئۇنىڭ گۈرزىسى ھەم ، تىغى ھەم يامان .
جەڭدە ئۇ باتۇرنىڭ بېشىن تاش دېگىن ،
ئۇنىڭ بەختى يارقىن ، ياش قۇياش دېگىن .
بۈگۈن قارا تۈندە چېكىنمەكچىمىز ،
دىيار قوينىغا جىم بېكىنمەكچىمىز .
كېچىكسەڭ بۇ يەردە ئەگەر بىز بىرئاز ،
كېلىپ ھەممىمىزنى قىرار شاھباز .
كېچىكىش بۇ چاغدا ئۆلۈمدۇر ئۆلۈم ،
چېكىنمەكتىن باشقا كۆرۈنمەس يولۇم . . . »
يېزىم كەچتە پۈتتى ، مۆھۈرلەندى خەت ،
چاپارمەننى ئەۋەتتى بېكەتمۇ بېكەت .
دېدى : « بار ئاۋايلاپ قىسقا يوللاردا ،
سېنى بىلمىسۇن ياۋ ، سىپاھ تالادا . »
خەتنى يوللاپ ، قىلدى بۇيرۇق ھەم راۋان :
« قوشۇن يولغا چىقسۇن كېچىكمەي شۇئان ! »
ھىسار ئاستىدا بار ئىدى پىنھانە يول ،
بۇ يول گەجدەھەمگە بولۇپ قالدى قول .
بولۇشتى شۇنىڭدىن چىقىپ جەڭ قىلار ،
سەۋر بىلەن تاپماق بولۇشتى زەپەر .
تۈن ئاغقاندا شۇ يول بىلەن گەجدەھەم ،
چىقىپ كەتتى ، لەشكەرلىرى ئاڭا ھەمدەم .

چىقارغاندا قۇياش ئۇپۇقتىن بېشىن ،
ھەرياقنى قورشىدى تۇرانى قوشۇن .
ئۇ سىپاھدار سوھراب قولىدا تىغى ،
ئاستىدا ئۇچقۇر ئات ، كۈمۈش يۈگىنى .
خىيالىدا قەلئە باھادىرلىرىن ،
ئەسىر قىلىپ ئالسا بىرمۇ بىر بارىن . . .
كېلىپلا كۆرمەستىن قەلئەدە كىشى ،
قۇترىغان قاپلاندەك تولۇلدى ئۆزى .
كېلىپ ئاچتى قەلئە دەرۋازىسىن كۈشاد ،
كۆرۈنمىدى ئۇندا بىرەر ئەسكەر زات .
ھەممە كەتكەنىدى ، قەيسەر گەجدەھەم ،
ئېلىپ كەتكەن باتۇر سۇۋارىنى ھەم .
قەلئەنىڭ يولى بار ئىدى بىر نىھان ،
ئۇنى بىلمەس ئىدى ھېچ ئەھلى تۇران .
يېتىپ كەلدى سوھراب ئاق قەلئە تامان ،
گەجدەھەمدىن ئەسەر تاپمىدى ھامان .
ھىساردا كىم بولسا قىلدى ئاھۇ ۋاھ ،
گۇناھكار بولسۇن ۋە يا بىگۇناھ .
ھەممىسىن يىغىشتى باتۇر قېشىغا ،
نېم كۈنلەرنى سالغاي ئۇلار بېشىغا .
گۇردا فەرىدنى ئۇ ئىزدەر بىنىشان ،
ئۇنىڭ ئىشقىدىن جان تاپالماس ئامان .
كۆڭلىدە دەيتتى يۈزمىڭ دەردۇ ۋاي :
« بۇلۇت ئىچرە بىزدىن يوشۇرۇن ئۇ ئاي . »
كۆڭلۈم ئوۋىنى بۇ پەلەك ناگاھان ،
كۆز ئالدىمدىن تارتىپ ئالمىش بىئامان .
كەمەندىمگە چۈشكەن بىر ئاھۇ ئەجەب ،
مېنى بەندى قىلدى ئۆزى قېچىپ .
جامالىن كۆرسىتىپ ناگاھ ئۇ پەرى ،
كۆڭلۈم چۈشتى ، كۆڭلۈم سۈرۈپ غەمسىرى .
مېنى داغى غەمگە قىلىپ مۇپتالا ،
بىناگاھ يوقالدى نەگە دىلرابا ؟
كىرپىكلىرىدىن پاسون بىلەن تىغ قىلىپ ،
تىغىن قىنىدىن ئالماي ، قېنىمنى تۆكۈپ ،
قەلبىمنى قىلىپ شور ، تېنىمنى ئەسىر ،
ئېلىپتۇ شىكارلاپ تېنى ئاق ئەتىر .
ئۇ گۈزەل نە قىلدى ، بىلمىدىم نەھال ،
تىلىم سۆزگە كەلمەس ، بولۇپ قالدى لال .

ئۇ جەڭ ۋە ئۇ چېھر ھەم ئاشۇ سۇخەن ،
ئېسىمدە ، ئۇنداقنى تاپارمەنمىكىن ؟
ئېسىمگە چۈشەر ھەر سۆزى دەممۇ دەم ،
ئەسلىسەم دىلىمدا قاينار پىنھان غەم .
راۋا يىغلىسام بۈگۈن زارۇ زار ،
بىلەلمەي قاپتىمەن كىم ئۇ يار ، يار ! »
شۇ سۆزلەر دىلىدا كۆيەتتى بەسى ،
بىلمىسۇن دەردىمنى دەيتتى ھېچ كىشى .
لېكىن ئىشقى دەردىنى تۇتالماس نىھان ،
كۆزى ياشتا بولسا ، پىنھاندا زۇۋان . . .
ئىشقىدا كۆيەتتى يۈرەك ھەم جىگەر ،
زېرەك ھۇمان تاپتى بۇ ھالدىن خەۋەر .
پاراسەتتە بىلەتتى سوھرابنى تۈگەل ،
خىيالى پەرىشان ، چىگىش پىكىرلەر .
قىلىپتۇكى تۇتقۇن ئۇنى بىر كەمەند ،
سەنەم زۇلفى بولمىش ئايىغىغا بەند .
دىلى خۇنۇ دەردىن يوشۇرغان بىلەن ،
ھەۋەس يولغا باشلار ، پۇتىدا كىشەن .
ھۇمان تاپتى پۇرسەت ۋە سۆز باشلىدى ،
نى بار دىلدا بارىن تۆكۈپ تاشلىدى :
« بوۋىلار ئادەتتە يىراق ـ ياتلاردىن
قېرىنداش ـ تۇغقاننى يېقىنراق دېگەن .
بىكار ھەر كىشىگە كۆڭۈل قويماقلىق ،
مېھىر پارەسىدە مەست بولۇپ ، تويماقلىق .
يۈزى ئاھۇ مۇشكىنى قىلىپ كەمەند ،
ۋە لېكىن قىلىشماي يۈرەكلەرنى بەند .
پەرىلەر ئالدىشى قىلالماس زىيان ،
ئەگەر كىمكى بولسا دادىل ۋە پالۋان .
مەگەر كىمكى سەرۋەر ، باھادىر ئىرۇر ،
پەلەك مېھرى ئاڭا يېتەرلىك ئىرۇر .
ئالەمگىرۇ سەرۋەر ۋە باھادىر كىشى ،
گۈزەللەر ئىشقىدا كۆيمەسلىك ئىشى .
سېنى چىن « پەرزەنتىم » دەر ئەفراسىياب ،
ھۆكمىڭدىدۇر بۈگۈن قۇرۇقلۇق ۋە ئاب .
ئۇلۇغ ئىشقا تۇران يېرىدىن چىقىپ ،
بۇ جايغا كەلدۇق بىز نۇرغۇن قان كېچىپ .
يەر قىلىپ ئىراننىڭ ئىچى ـ تېشىنى ،
ئېلىپ قورغىنىن ، ئەگمە كچۈن بېشىنى .

لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئىش بولۇرمۇ تامام ،
هامان ئالدىمىزدا پۈتۈن رەنجۇكام .
كېلەر شاھى كاۋۇس تۈمەن لەشكىرى ،
يېتىپ كېلەر رۇستەم ، داستان سەرۋەرى .
سىپاھدار گۇدەرزۇ گېۋى بىزسىرى ،
فەرامۇرزۇ بەھرام ، رۇھھامى بارى .
يېتىپ كېلەر گۇرگىن ، خۇش چىراي فەرھاد ،
گۇرزىسى كېلەر ھەم پىلدىنمۇ زىياد .
كېلىشەر ھەممىسى جەڭ قىلغىلى كۆپ ،
كېلىپ ھالىمىزنى يەر قىلغىلى خوپ .
ئۇلار ئىچرە سەن مەرد ــ مەردان بولساڭ ،
ئەيىبتۇر پەرىلەر غېمىنى يېسەڭ .
ئەگەر ئەتە شەرمەندە بولمايمەن دېسەڭ ،
بۇ ئاتەشنى دىلدىن ئۆچەر ، ئەي لەھەڭ .
سەن ئەي نەۋقىرانىم ، دادىللىق بىلەن ،
قىيىن ئىشنى ئاساندۇر دەپ ئويلىغان .
بىلىپ قويىكى ، بۇ ئىش ئېتەر كۆپ داۋام ،
شەرەپ تاپقاي ئىسمىڭ بۇ ئىشتىن تامام .
شىجائەت ، قۇدرەتتە بۇ دۇنيانى ئال ،
شاھىنشاھ تەختى ساڭا شۇندا ھالال .
بولۇپ ئۆلكە نامىڭ بىلەن سەرەفراز ،
ئوقۇر بارچە نامىڭغا خۇتبە ــ ناماز .
دىلبەر كىمنىڭ دىلىن ئوۋلىسا ئەگەر ،
تاپقاي ئۇنىڭ تاقەت ۋە قۇربى زەرەر .
ئەل غېمىگە كىمكى قىلسا ئېتىبار ،
پەقەت ئاشۇنداققا بەخت بولۇر يار . »
ھۇماندىن بۇ سۆزلەرنى سوھرابى يال
چوڭقۇر ئويغا پاتتى ئاڭلىغان مەھەل .
بۇ سۆزلەر بىلەن بولدى بىدار ئۇ ،
ئاداشقانلىقىدىن قىلىپ كۆپ ئار ئۇ .
دېدى : « ئەي باتۇرلار پىرى - سەرۋەرى ،
ئاپىرىن ، چىن - راستتۇر سۆزۈڭنىڭ بارى .
ئاقىل گېپىڭ بولدى دورا - دەرمانىم ،
بۈگۈن يېڭىلاندى ئەھدۇ پەيمانىم .
جاھاندا قانچىلىك بولسا يەر ــ زېمىن ،
ئەفراسىياپ ئۈچۈن پىدا بۇ جېنىم . »
تۇتتى دىلىن ئىشق - سەۋداسىدىن ئۇ ،
قۇتۇلدى ئۇ پەرى غەۋغاسىدىن ئۇ .
چىقىپ تەختكە ئۆتتى ۋە ئەفراسىياپ
تەرەپ پەتھىدىن خەت ئەۋەتتى ئالدىراپ .
مەكتۇپ ئالدى شاھى تۇرانى زېمىن ،
دېدى مەرد سوھرابقا مىڭ ــ مىڭ ئاپىرىن .
بۇ چاغدا كەلدى كاۋۇسقا ھەم خەت ،
ئوقۇپ دىلدا بولدى ئەلەم قاتمۇ قات .
چاقىرتتى لەشكەردە كىم بولسا يوغان ،
خەۋەر بەردىكىم ، نېم بولدى بۇ داستان .
ئىران شاھ يېنىغا بولدى ھەممە جەم ،
بولسا لەشكەر بېشى قانچىلىك ھەم .
ئاشۇ توسۇ گۇدەرز ۋە كەشۋادۇ گېۋ ،
گۆرگىنۇ بەھرامۇ فەرھاد ئوخشاش دىۋ .
سىپاھدار ئوقۇتتى ئۇ مەكتۇپچىنى ،
ئەھۋالىدىن ئاگاھ قىلىپ بارچىنى .
دېدىكىم باتۇرلارغا : « تۇران تامان
ئەۋەتىمەن بۈگۈن يېگى پالۋان .
ئەگەر گەجدەھەمنىڭ سۆزى بولسا چىن ،
يۈرەك كۆيۈپ ، قەلبىمنى باسىدۇ ئەجىن .
نە قىلغايمىز ئەمدى ، نېمە چارە دەڭ ،
ئىراندا باھادىر قېنى ئاڭا تەڭ ؟ »
دېدىلەركى : « ئەلئان گېۋى پەھلىۋان ،
تېزلىكتە ئالسۇن يول زابۇل تامان .
بېرىپ تەھەمتەنگە يەتكۈزسۇن خەۋەر ،
شاھىنشاھ تەختىگە چۈشتى دەپ خەتەر .
كۆتۈر بۇندا ئۇنى قىزىق رەزمگاھ ،
ئىرانغا پەقەت ئۇ تايانچۇ پاناھ . »
كاتىبىن چىللىدى ، چۆكۈپ يانمۇ يان ،
تۇتۇندى يېزىشقا مەكتۇپ ئۇ تامان .

## كاۋۇسنىڭ رۇستەمگە مەكتۇپ يوللىغانلىقى ۋە ئۇنى زابۇلستاندىن چاقىرغانلىقى

يېزىڭ نامە تېزرەك دېدى شەھرىيار ،
خەۋەر تاپسۇن بۇندىن رۇستەمى نامدار .
مەكتۇپى بېشىدا ئاپىرىن دېبان ،
يازدى : « بۇ بىدار دىل ۋە روشەنراۋان .
يەنە بىل ، بىز ياققا تۇران ئېلىدىن
چىقىپ كەلدى لەشكەر دۈشمەن يولىدىن .

سپاھ بىلەن قەلئە ئىچرە كىردى ئۇل ،
ئىرانلىقلارغا ھېچ قالدۇرمىدى يول .
چىقىپ تۇراندىن بىر يېڭى باتۇر ئەر ،
تېنى جەندە پىلدۇر ، دىلى نەررە شىر .
ئىران مۈلكىدىن بەس كېلەلمەس كىشى ،
پەقەت سەن قىلارسەن مات ئۇ سىرتلاننى .
بىلىپ قوي ، جاھاندا سېنىڭسىز بىرەر
كىشى يوق ئىرانغا پاناھى پەدەر .
ئىران باتۇرلىرى پاناھى ئۆزۈڭ ،
شىرۇ ۋەھشىلەر دىل سىياھى ئۆزۈڭ .
قولۇڭدا بويسۇندى مازەندەران ھەم .
يولۇڭدا كەشپ بولدى ھاماۋەران ھەم .
ئەگەر گۈرزە ئۇرساڭ قۇياش باغرى ئاب ،
تىغىڭدا چولپانۇ مارس كاۋاپ .
تۇلپار كۆتۈرسە چاڭ بولۇر قارا نىل ،
سېنىڭ زەرۋەرىڭنى كۆتۈرگەيمۇ پىل ؟!
كەمەندىڭگە بەند نەچچە شىرۇ نار ،
گۈرزەڭ تېشىدۇ تاغقا ئۇرساڭ گەر .
قىيىن كۈن ئىرانغا ئۆزۈڭسەن پاناھ ،
سېنى كۆپ داڭدارلار بىلەر خەيرخاھ .
بۈگۈن ئىغىر ئىشلار كېلىپ بېشىمغا ،
دىلى غەش نوچىلار كېلىپ قېشىمغا ،
نېم يېزىپ ئەۋەتتى جەسۇر گەجدەھەم ،
ئوقۇشتۇق ، بۈيۈكلەر ماڭىدۇر ھەمدەم .
دېدى جاھاندا يوق سەندەك زورى ،
كەلمىسەڭ قۇرۇيدۇ ئىراننىڭ شورى .
باھادىرلار ئويلاپ ، قىلىپ مەسلىھەت ،
جەسۇر گېۋگە بەردۇق يول ئەنجام ۋە خەت .
ھۇزۇرۇڭغا بارغاي ئېلىپ نامىنى ،
بالالاردىن ئەتكەي خەۋەردار سېنى .
يېرىم تۈندە ياكى كۈندۈز يەتسە بۇ خىتاب ،
سۇرۇشتۇرمە ھېچ ، ماڭ بۇياققا ئالدىراپ .
ناۋادا قولۇڭدا شۇ چاغ دەستە گۈل ،
ئۇنى پۇرىماي كەل ، ئالدىرا نوقۇل .
ئەيكەل زابۇلىستان قوشۇنىن بۇياق ،
مۇبارىز چەۋەنداز ئارسلان سىياق .
شۇڭا گەجدەھەم خەت بىلەن ياد قىلار ،
كەلمىسەڭ ئىراننى ياۋ بەرباد قىلار .»
بېسىپ نامىگە ئۇ مۆھۈر مۇھتەسەر ،
شامالدەك ئۇچار گېۋ قولىغا تۇتار .
دېدى شاھ : «قوي بۇ ياق سەن تىزگىنىڭنى ،
ئۇيراپ كەتسىمۇ گەر ئاتىنىڭ تۇيىقى .
يەتسەڭسەن تەھەمتەن يېنىغا ئامان ،
دەم ئالما ئۇ يەردە ، ئولتۇرما بىرئان .
كەچتە يەتسەڭ ئەگەر ، يول ئال ئەتىلەپ ،
چۈشەندۈر رۇستەمگە بۇ ئىشلار ئەجەب .
دېگىن ياۋ قوشۇنى ناھايىتى يېقىن ،
يېگەر بېشەم شىرنى ، مىسالى چېقىن .
دۈشمەننى ئاجىز دەپ ئويلىما خاتا ،
كىچىك بىر خاتادىن كېلۇر زور بالا .»
تۇتۇپ نامەنى گېۋ ماڭدى ئالدىراپ ،
بۇ يولدا نە ئارام بولمىدى ، نە خاب .
كېچە ــ كۈندۈز يۈگۈردى مىسالى بوران ،
نە سۇ ئىزدىمەيتتى ، نە يېمىش نە نان .
زابۇلغا كەلدى ئۇ نەق ۋاقتى سەھەر ،
تەھەمتەنگە يەتتى شۇ ھامان خەۋەر .
رۇستەم خەۋەر بەردى ، كاتتىلار بارى ،
چىقىپ كۈتتى گېۋنى قوشۇن سەرۋەرى .
گېۋ ئېتىدىن چۈشۈپ قىلدى ئېھتىرام ،
چۈشۈپ ئاتتىن ھەممە بېرىشتى سالام .
تۇلپاردىن چۈشتى سەكرەپ رۇستەمى نامدار ،
سۈرۈشتۈردى ئىران تەرەپتە نېم بار ؟
كېلىشتى رۇستەمنىڭ شاد ئايۋانىغا ،
دوستلىرى سۆزى جان قوشتى جانىغا .
نەپەس رۇسلىغاچ گېۋ ، ئاڭا بېرىپ خەت ،
سۇھراب ئىشىن قىلدى تولۇق ھېكايەت .
گېۋگە قۇلاق سالدى ، قاراپ نامىگە ،
كۈلدى ، بولدى ھەيران بۇ ئەڭگىمىگە .
دېدى : « سامغا ئوخشار بۇ ياش پەھلىۋان ،
جاھان ئىچرە پەيدا بوپتۇ ناگاھان .
بۇ ئازادىلەردىن بۇ ئالىي نەسەب ،
نەدىن كەلدى تۇران يېرىگە ئەجەب ؟
سەمەنگان شاھ قىزى ئۇ تەھمىنەدىن ،
بىر ئوغلۇم بار ئىدى ، تېخى ياش غۇنان .

زادى بىلمەيتتى ئۇ ئۇرۇش دېگەننى ،
قوشۇنلارنى ھەر ياققا سۈرۈش دېگەننى .
سەمەنگانغا بارغاندى بىر ئەسكەر ،
ئۇنىڭدىن ئەۋەتتىم ئالتۇن ۋە گۆھەر .
كەلتۈرۈشتى ئانىسى سۆزىن دانىشمەن ،
ئۆسەر تېز ، قەددىيۇ قامىتى يوغان .
ئاغزىدا سۈت لېك سورايدۇ شاراب ،
زەربىگە دوستلىرى بېرەلمەيدۇ تاب .
كېلىپ ۋاقتى ئوۋغا چىقتى خۇددى شىر ،
پالۋانلارنى قىلىدۇ ئۇ خاكى يەر .
سۆزلۈگگە مۇۋاپىق ، ئەي پەھلىۋان ،
ئەگەر جەڭگە كەلسە ئىرانلار تامان .
ئەگەر ئەتمىسە ئۇ ھەجرنى پىسەند ،
ئاتتىن چۈشۈپ ئاتسا سەراسەر كەمەند .
قانداق ھۆددە قىلغاي شىر ئوغلان بۇنى ،
قانچىلىك ئۆسكەن بولسىمۇ بۇ كۈنى .
يۈر كىرەيلى ساراي ئىچرە بىز ،
مۆھتەرەم پەدەر زال ھۇزۇرىغا تېز .
بىلەيلى بۇ ئىشلار باشلار قاي تامان ،
كىم ئىكىن تۇرانلىق ئاشۇ پەھلىۋان ؟ »
كىرىپ كەلدى داستان كەڭ سارايغا ،
سىپاھدار ، جەۋانمەرد ئۆز ـ ئۆز جايىغا .
ئۇ نەيرەم سارىيى ئىچى بەك كۆركەم ،
ۋاقىت ئۆتتى ، ئەستىن چىقىپ قايغۇ غەم .
يادىغا چۈشۈپ ، گېۋ تەھەمتەنگە دەر :
« جاھان پالۋانى ، ئەي زەبەردەست شىر ،
تەختۇ تاج بېزىكى ، رۇستەمى بەخت .
يەنە بار ، مۇنەۋۋەر قىلىپ تاجۇ تەخت . »
مېنى يوللاپ دېگەنىدى شاھ كاۋۇس :
«زابۇلدا ئۇخلىما ،كېيىن يېمە ئەپسۇس .
ئەگەر تاڭدا بارساڭ ، كەچتە قايت دېگەن ،
ئۇرۇش ۋاقتى يېقىن دەپ ئېيت دېگەن .
بۈگۈن ، ئەي چوڭ غۇرۇر ، ئەي زور ئابروي ،
ئاشۇ ياۋغا بولساڭ سەن تېز روبىرو . »
دېدى رۇستەم ئاڭا : « بىكار قايغۇرۇش ،
يەرگە كىرسە بولۇر سەرەمجان ھەر ئىش .
بۈگۈن ئولتۇرايلى زىياپەتتە شاد ،
قىلمايلى نە كاۋۇس ، نە ئىبلىسنى ياد .
بىرەر كۈن بۇ يەردە ئالايلىچۇ دەم ،
چاڭقىغان ئېغىزغا بېرەيلىچۇ نەم .
كېيىن تېز كېتەرمىز ، كۆتەر بىزنى شاھ ،
كۆتەر بىزنى يولدىن ئازغاشقان سىپاھ .
ئەگەر غەپلەت ئىچرە ئەمەس بىزنىڭ بەخت ،
بۇنىڭدەك ئۇرۇشلار ئانچە ئەمەس مەست .
ئەگەر دولقۇن ئۇرسا ، قۇترىسا نەھر ،
جاھانغا ئوت كەتسە باسالماس ئاخىر .
يىراقتىن كۆرۈشسە مېنىڭ بايرىقىم ،
توي كۈنى ھەم ماتەم تۇتىدۇ ياۋىم .
ئەگەر جەڭدە بولسا ئۇ رۇستەم سۈپەت ،
يا شەمشەر خۇداسى ، يا نەيرەم سۈپەت ،
ئەگەر سام ئوخشاش ئۇ ئۇرۇشقاق ئىكەن ،
باھادىر ، ئەقىللىك ، تىرىشچان ئىكەن ،
ھېچ چۈشمەيدۇ جەڭگە ئالدىراپ ، بىمەھەل ،
سەن ۋە بىز ئالدىراپ بولۇرمىز ئوسال .
بۇ ئىشتا ئالدىراش ياراشماس ئەرگە ،
مەسەل بار ، ئالدىراش ياراشماس ئەرگە . »
قەدەھلەر بوشىدى ئېچىپ پەيدىنپەي ،
سامۇ زال شەنىگە كۆتۈرۈشۈپ مەي .
سەھەر ئۇيقۇسىدىن تۇرۇپلار خۇمار
تەھەمتەن يەنە مەي قىلدى ئىختىيار .
بۈگۈنمۇ ئۆتەر مەي بىلەن كۆڭۈل شاد ،
يەنە قىلماي شاھ سۆزىن ئەستە ياد .
ئۆتۈپ كەتتى ئۈچ كۈن ، زىياپەت ـ تاماق ،
قۇياشتەك چاقنار داستىخان تولۇق .
ئۆتۈپ كەتتى ئۈچ كۈن غەمسىز ، قايغۇسىز ،
قەدەھ قولدا پەيۋەست ، قۇلاقتا خۇشتار .
چۈشمەيتتى ھېچ ئۇنىڭ يادىغا ھامان ،
نە ئىران ، نە تۇران ، نە شاھى جاھان .
يەنە ئۆتتى بىر كۈن ، زىياپەت قىزىق ،
گېۋ دېدى رۇستەمگە : « ۋاقىت بەكمۇ زىق !
شاھ بولۇر تىت ـ تىت ، ئۇ ھوشيار ئەمەس ،
ئەگەر چىقسا جەھلى سەنۇ مەن دېمەس .
بولۇپ گېۋ كۆپ خامۇش دىلنى ئالدى غەم ،
ئۇ تۇتتى غىزانى ۋە ئۇيقۇنى ھەم .

ئۇزۇن تۇرما دېگەن ئىدى زابۇلدا ،
سىقىلىش ، ۋەھىمە ئۇلغىتار دىلدا .
ئىران شاھى بىزگە غەزەپتە بولۇر ،
ئاداۋەتكە ئۆتسە جىگەر چاك بولۇر . »
دېدى : « قىلما قايغۇ ، جاھان ئىچرە كىم
مېنىڭ بىلەن ئېلىشماق جۈرئەت ئېتەركىن ؟ »

بۇيرۇدى تۇلپارغا توقۇلسۇن ئېگەر ،
ناغرىلار ساداسىن ئاڭلىسۇن شەھەر .
چاقىرىق تارالغان زامان تاغ يۈرەك
باھادىرلار سەپكە كېلىشتى بىردەك .
سىپاھ بىلەن رۇستەم چىقتى بەختىيار ،
سىپاھ بېشى ئىدى باھادىر زەۋار .

## كاۋۇسنىڭ رۇستەمگە غەزەپلەنگەنلىكى

يېتىپ كېلىشكە قالغاندا بىر كۈن ،
قارشى ئېلىپ چىقتى باتۇر ۋە قوشۇن .
گۇدەرز ، كەشۋادۇ تۇس ۋە كۆپ ئالىي زات ،
پىيادە بولۇشۇپ ، يېتەكلىشىپ ئات ،
تەھەمتەنمۇ ئاتتىن پىيادە بولۇپ ،
ھال ــ ئەھۋال سوراشتى مېھىرگە تولۇپ .
تېزلا كېتىشتى شاھ دەرگاھىغا ،
خۇش بولۇشۇپ كاۋۇس دەرگاھىغا .
كېلىپ ئەگدى ئۇ شاھ ھۇزۇرىدا باش ،
غەزەپتە جاۋاب بەرمەس باغرى تاش .
پادىشاھ غەزەپتە چىرايى پۈرۈش ،
قۇترىغان ئارسلاندەك غۇچۇرلىتار چىش .
كۆرۈپ گېۋنى ئاۋۋال تۇتالماي ئۆزىنى ،
ھايادىن نومۇستىن يۇيۇپ ئاق يۈزىنى
دېدى : « كىم ئۇ رۇستەم ، بۇزۇپ پەيمانىنى ،
ئاياغ ئاستى قىلغان ئالىي پەرمانىنى .
قىلىچ بولسا ئىدى قولۇمدا شۇدەم ،
كېسەتتىم بېشىنى نەق پىشقان كەرەم .
تۇتۇپ ئال ــ دە ، ھازىر تىرىك دارغا ئاس ،
ئۇنىڭ يادىدىن سەن بىزنى قىل خالاس ! »
گېۋ دېدى بۇ سۆزدىن بولۇپ خەستەدىل :
« قىلمىغىن رۇستەمنى بىكارغا خىجىل . »
غەزەپكە يولۇقتى گېۋۇ تەھەمتەن ،
بۇ ئىشقا بولمىدى رازى ئەنجۇمەن .
باھادىر تۇسقا شاھ بەردى بىر پەرمان :
ئىككىسىنىمۇ ئاسسۇن دارغا شۇ زامان .
تەختتە سەكرەپ ــ سەكرەپ كېتەتتى كاۋۇس ،
خۇددى توقايدا ئوت ، تۇتەيتتى كاۋۇس .
تۇس كېلىپ تەھەمتەن قولىنى ئالدى ،
ئەتراپ سۇ قويغاندەك جىمىپ تاڭ قالدى .

رۇستەمنى چىقىرىپ شاھ ھۇزۇرىدىن ،
كېلىشتۈرمەك بولغانىدى تۇس بىردىن .
لېكىن شاھقا غەزىپى كېلىپ تەھەمتەن
دېدى : « نېچۈن مۇنچە تۇتەپ يانىسەن ؟
ئىشلىرىڭ بىرىدۇر بىرىدىن بەتتەر ،
رەسۋالىق شاھلىققا قانداق يارىشار ؟!
بار ، تىرىك سوھرابنى تۇتۇپ دار قىل ،
ئاچچىقىڭدا ياۋنى ئېسىپ سەن خار قىل !
پۈتۈن رۇمۇ سەكسار ۋە مازەندەران ،
مىسىر بىلەن چىنمۇ ئۇ ھەماۋەران .
ھەممە مېنىڭ تۇلپارىم ئالدىدا بەندە ،
ئۆتكۈر قىلىچىمدىن ھەممە شەرمەندە .
ئۆزۈڭ مەن بىلەنلا جاھاندا ھايات ،
نېمە ئاداۋەتتە بۇنچە خۇراپات ؟ »
بىر ئۇرۇپ تۇس قولىن ئۈزۈپ تاشلىدى ،
جەڭ دۇمبىقىن گويا پىل تېپىپ ياردى .
ياتقان تۇس ئۈستىدىن بىر سەكرەپ ئۆتتى ،
ئاندىن قاپاق تۈرۈپ تۇلپارغا كەتتى .
ئاتقا مىنىپ ئاچچىق بىلەن دەر : « ئەي تۇلپارىم ،
مەن گويا بىر شىرمەن تاجى بەخش ، مەن كىم ؟
غەزەپتىن كۆتۈرەي ؟! شاھ كاۋۇسى كىم ؟!
ماڭا قول كۆتۈرگەن ئاشۇ تۇسى كىم ؟!
بىلىكىم كۈچىدىن مېنىڭ زەپەرىم ،
شاھلىقىمدىن ئەمەس ھەم يوق لەشكىرىم .
تۇلپار ئېگىرى تەختىم ، خەلقىم ــ زېمىن ،
دۇبۇلغا تاجىمۇ گۈرزەمدۇر نىگىن .
قارا تۈننى تىغىم قىلار شولىدار ،
باش تېرىپ ، باش ئۇرۇپ قىلىمەن شۈدىگەر .
مەن ئېسىلزاتتىنمەن ، قۇلمەس ، ئەرزەندە ،
پەقەت ياراتقانغا ئىرۇرمەن بەندە .

باھادىرلار ماڭا « شاھ بول » دېيىشتى ،
ئىران تەختۇ تاجى غېمىن يېيىشتى .
مېنى قىزىقتۇرماس تاجۇ تەختى شاھ ،
ئەدەبۇ ئەخلاق قىلىمەن نىگاھ .
قوبۇل قىلغىنىمدا ئەگەر تاجۇ تەخت ،
نەدە ئىدى ساڭا بۇ شەرەپ ، بۇ بەخت .
لېكىن ھەر نېمە دېدىڭ ماڭا سازامۇ ؟
ياخشىلىقىم ئۇچۇن شۇلار راۋامۇ ؟
شۇ تەختنى قۇبادقا تاپشۇرغان ئۆزۈم ،
نەزەرگە ئالايمۇ كەي كاۋۇس سۆزىن ؟!
ئۇ ئۆزى نېمەيۇ غەزىپى نېمە ؟
ئۇنىڭ راھىتىيۇ ئازابى نېمە ؟
ئۇ چاغ ئەلبۇرزدىن ئاشۇ قۇباد شاھ
ئەتراپىدا سەرسان ـ سەرگەردان سىپاھ .
گەر باشلاپ كەلمىسەم ئىران زېمىنگە ،
قىلىچ كۆتۈرمىسەم ئاداۋەت ـ كىنگە ،
بۇ شەرەپ نەدىيۇ نەدىتى كاۋۇس ،
ئەمدى مېنى سۆكۈپ تۇرار بىنومۇس ! »
ئىرانلىقلارغا دەر : « سوھراب كەلسە گەر ،
قېرىنىمۇ قىرار ھەم ياشنىمۇ قىرار .
ئۆز بېشىڭنى ئويلا ھالىڭدۇر ئايانچ ،
بۇ ئىشتا ئەقلىڭنى قىلغىن سەن تايانچ .
تاپالمايسەن مېنى ئىران يېرىدە ،
ئەمدى مەن ھاۋادا ، سىلەر زېمىندە . »
غەزەپتىن تېرىگە سىغمايلا قالدى ،
ئاتقا قامچا ئۇرۇپ كۆزدىن يوقالدى .
دىلىدا دەرد بىلەن باتۇرلار ھەيران ،
بۇ بىر پادا ئىدى ، تەھەمتەن چوپان .
دېدى : « ئېھتىرام قىل ، ۋەللامەت گۇدەرز ،
پەقەت سەن ئۇلارسەن كۆڭۈل كەتسە دەز .
رۇستەم پەقەت ساڭا سالماسمۇ قۇلاق ،
بۇ ئىش چارىسىنى سەن بىر قىلىپ باق .
ئاۋۋال ئۇ دىۋانە شاھ ئالدىغا بار ،
كېرەك بولسا ، ئەيلە سۆزىمىز تەكرار .
چۈشەندۇر خەتەرلىك تاجۇ تەختىمىز ،
گەر رۇستەم بولمىسا گۇمران بەختىمىز . »
ئۇلۇغلار ئولتۇرار قىلىپ مەسلىھەت ،
سەراسەر باھادىر ، ھەممە بە سۆلەت .
دانىشمەن گۇدەرز ، گىۋ ، شىر يۈرەك بەھرام ،
دادىل سوۋارىلار گۆرگىنۇ رۇھام .
سۆزلىشەر بىر ـ بىرلەپ يامانلاپ شاھنى :
قەدىرلىمەس نە باتۇر ۋە نە سىپاھنى .
باتۇرلار سۇلتانى رۇستەمى داستان ،
مەھكۇم كەي كاۋۇسقا ئايىمىغان جان .
ئېغىر كۈندە جان پىدا قىلغان كىم ئىدى ؟
دادۇ پەريادىغا يەتكەن كىم ئىدى ؟!
مازەندەراندا ئۇ قىساسكارىمىز ،
ئېغىر ئەسىرلىكتە خالاسكارىمىز .
ئى خەۋپۇ خەتەردە دىۋىلەرنى باغلاپ ،
كۆپ جاپا چەككەنتى شاھنى سوراقلاپ .
خۇشال ئۆتكۈزدى تەختكە ئۇنى ،
ئۇلۇغلار سالامغا كەلدى شۇ كۈنى .
ھەماۋەراندا شاھ بولدى ئەسىر ،
رۇستەمگە كۆنمىگەچ ، بولمىغاچ بەسىر .
شاھنى دەپ قانچىلاپ قەيسەرنى قىردى ،
مۇرىسى يەر كۆرمەي جەڭلەرگە كىردى .
ئۆتكۈزدى كاۋۇسنى تەخت ئۈستىگە باز ،
پادىشاھقا سەجدە ، قىلغانتى شاۋۋاز .
ئەمدى ھەممىنىڭ مۇكاپاتى دار ،
بىزمۇ كېتەيلىمۇ ؟ باشقا نېم يول بار ؟
لېكىن بۇ كۈن باشقا ئىش چۈشكەن ۋاقتى ،
بىزنىڭ ئەھدىمىزدە ۋەتەننىڭ بەختى . . . »
شۇندا گۇدەرز كىرىپ شاھ ھۇزۇرىغا ،
زىيالار قوشۇلدى قەلبى نۇرىغا .
شاھقا دېدى : « رۇستەمنى نېم ئەيىبى ئۈچۈن ،
نېمىشقا چىقاردىڭ ئىراندىن تۈتۈن ؟
ئېسىڭدىن چىقتىمۇ ئۇ مازەندەران ؟
ئۇندىكى دىۋىلەر يا ھاماۋەران ؟
رۇستەمنى دارغا بۇيرۇدۇڭ ، يوق ئاساس ،
لاپ سۆزنى قىلماقلىق شاھقا كېلىشمەس .
ئۇ كەتتى ئەتراپتا لەشكەر بىھېساب ،
تۇران پەھلىۋانى بىر بۆرە ھېساب .
كىمنىڭ باردۇر يەنە باتۇرى ئۇنداق
ئۇنى يەرگە ئۇرۇپ ئەيلەرگە ھالاك ؟
باتۇرلارنىڭ جەمى ئاشۇ گەجدە ھەم ،
ياخشى بىلىدىغۇ ھەممىسىنى ھەم .
گەجدەھەم سۆزلىرىن ئېسىڭگە سالسام :
« سوھرابقا دۇچ كەلگەن ئۆلۈمگە مەھكۇم .

رۇستەمدەك جەڭچىگە كىم بىرەر ئازار،
ئۇنداق ئادەم ئەقىل ۋە ئىدراكقا زار.»
بۇ سۆزلەرنى ئاچچىقلاپ ئاڭلىدى كاۋۇس،
كۆردى بۇ سۆزلەردە ھەقىقەت، نومۇس.
ئېيتقان سۆزلىرىدىن بولدى خىجالەت،
بىلدى خىرە قىلغان ئەقلىنى جاھالەت.
«سۆزۈڭ ھەق، ــ دېدى، ــ ئەي، پىرى دانىشمەند،
نى خۇشلۇق ئالەمدە قېرىلاردىن پەند.
شاھ بېشىدا ئەقىل ھەممىدىن كېرەك،
تېرىككە كىلىك ئىشقا بولالماس تىرەك.
سەن ئەمدى تەھەمتەن يېنىغا يەتكىن،
مېھرىبانلىق بىلەن ياخشى گەپ ئېيتقىن.
يادىدىن چىقارسۇن شاھ تېزلىكىنى،
ياخشىلىققا جورىسۇن توڭ سۆزلۈكىنى.
ياراشتۇر، ئېلىپ كەل ئۇنى قېشىمغا،
كۆڭلۈمنى يورۇت، چاچقۇ ياغدۇر بېشىمغا.»
گۇدەرز ئاستا چىقتى كۆكسىدە قولى،
تەھەمتەن تەرەپكە بۇرۇلدى يولى.
سەركەردىلەر بارار ئەتراپنى ئوراپ،
ھەممە يولغا چىققان رۇستەمنى سوراپ.
يولدا بارار ئىدى پىلتەنلىك رۇستەم،
پۈتۈن نامدار زاتلار بولغان بۇندا جەم.
پالۋانغا مەدھىيە سۆزلەر باشلاشتى:
«ئۆمرۈڭ باقىي بولسۇن، غالىب» دېيىشتى.
«زېرى پايىڭ بولسۇن سەر ــ بەسەر دۇنيا،
زەپەر تەختى ئۈزرە جايىڭ مۇھەييا.
بىلىسەن كاۋۇسنىڭ ئەقلى سەل ئاقساق،
غەزەپتە سۆزلىرى خۇددى توڭ ياڭاق.
سۆزلەپ بوپ كەينىدىن قىلار پۇشايمان،
يەنە ياخشىلىققا قىلىدۇ پەيمان.
تەھەمتەننى خاپا قىلغان بولسا شاھ،
بىزدە ۋە ئىراندا ئېيتچۇ نى گۇناھ؟
ناھاتكى ئىرانىڭ تاشلاپ كېتەرسەن،
بىزلەرنى بەختتىن مەھرۇم ئېتەرسەن.
كاۋۇس پۇشايماندىن بېشىنى قاشلاپ،
ئولتۇرالماس ھەتتا تەختتە ئىش باشلاپ.»
جاۋابىدا دېدى رۇستەمى نامدار:
«مېنىڭ كاۋۇس بىلەن نېمە كارىم بار؟
ئېگىرىم ماڭا تەخت، توغرۇلۇق يولۇم،
چاپىنىم ساۋۇت، دىلدا يوق ۋەھمى ئۆلۈم.
ماڭا كاۋۇس نېمە، بىر سىقىم تۇپراق،
كىم قورقىدۇ غەزەپتە بولسا بىباشۋاق؟
توغرىمۇ كاۋۇسنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى؟
ماڭا غەزەپتىن ياندى كۆزلىرى.
نەچچە رەت بوشاتتىم ئەسىردىن ئۇنى،
نەچچە رەت تەختىگە قايتۇردۇم ئۇنى.
گاھى مازەندەران دېۋىلىرىن ئۇردۇم،
گاھى ھاماۋەران تەرەپكە يۈردۇم.
قاچان شاھنى ئەسىر ئەيلىسە دۈشمەن،
ئۇنى قۇتقۇزۇشقا چاپار تەھەمتەن.
كۆڭلۈم قالدى ئەمدى، ھەممىدىن تويدۇم،
خۇدادىن باشقىدىن قورقماياق قويدۇم.»
ھەسرىتىنى تۆكۈپ سالغاچ تەھەمتەن،
پىلتەنگە گۇدەرز باشلىدى سۇخەن:
«كەتسەك پادىشاھۇ ھەممە پەھلىۋان،
باشقا بىر نەرسىنى قىلمىسۇن گۇمان.
سوھرابتىن چۆچۈدى دەپ پالۋان رۇستەم،
مىش ــ مىش تارالمىسۇن قوشۇن ئىچرە ھەم.
گەجدەھەم سۆزلىرىن ئەسلىسەك ئەگەر،
ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر ھەممە سەر ــ بەسەر.
گەر رۇستەمنىڭ كۆڭلى ئەندىشكە تولسا،
باشقىلار دەر: ‹ئەمدى بىزگە يول بولسا!›
سىنىڭ كېتىشىڭغۇ شاھنىڭ غەزىپى،
بولماقتا سارايدا گەپ ـ سۆز سەۋەبى.
سوھراب باتۇر ھەققىدە سۆز بولغان مەھەل
شاھتىن يۈز ئۆرۈشكە قىلمىغىن جېدەل.
شۆھرەتكە ئېگىدۇر نامىڭ جاھاندا،
بۇ ئىشتا ئۇنى يوق قىلما بىردەمدە.
يەنە شۇنى بىلكى يېقىن ياۋ ـ بالا،
ئەيلىمە سەلتەنەت قىسمىتىن قارا.
تۇران تەرىپىدىن كەلسە پالاكەت،
كىمدە بولسا ئىمان، بويسۇنماق ئۇيات.»
گۇدەرز تاماملاپ بۇ داستانىنى،
ئوتلارغا سالدى پىلتەن جېنىنى.
دېدى: «دىلدا قورقۇش گەر بولسا ئازراق،
ھازىر تەندىن چىقسۇن بۇ جان، نېم كېرەك!
بىلىسەن، مەن جەڭگە تويماس ئەجدىھا،
لېكىن مېنى يەرگە ئۇردى پادىشاھ...»

لېكىن بىلدى رۇستەم بۇنداق نازۇك ئان
سارايغا قايتمىسا ئىمكان يوق ، ئىمكان .
نومۇس كۈچلۈك كېلىپ كەينىگە قايتتى ،
كەيكاۋۇس سارايغا بېرىشنى ئېيتتى .
شاھ ئۇنى يىراقتىن كۆرۈشى بىلەن
دەرھال چىقتى سەكرەپ چۈشۈپ تەختتىن .
« ئەپۇ قىلغىن ، تېنىدىم ، — دېدى ئاگا شاھ ، —
تەگرى مۇشۇنداق ئەتكەن لېيىمنى ، ئاھ .
بېشىمدا قەتتال ياۋ بىر قىلىچ مىسال ،
يۈرىكىم يىمىرىلدى مىسالى ھىلال .
سەندىن چارە كۈتتۈم ، تىترەپ ئەسەبىم ،
كېچىكتىڭ ، شۇڭا غالىب كەلدى غەزىپىم .
دىل تاپتىمۇ ئازار ، پىلتەن شىرسىياق
پۇشايمىنىم ئىچىمدە ، ئاغزىمدا تۇپراق . »
جاۋاب بەردى رۇستەم : « شەھرىيار ئۆزۈڭ ،
بىزلەر چاكارىڭمىز ، ھۆكۈمدار ئۆزۈڭ .
باشقىلار قاتارى مالىيىڭ مەن ھەم ،
ئەگەر نەۋكەرلىككە قىلچە ئەرزىسەم .
تۇرارمەن ئەمرىڭگە بۇگۈن مۇنتەزىر ،
ئەقىل ، قۇدرەت سەندە ۋە سۆز سەندىدۇر . »
شاھ كاۋۇس دېدىكى : « بەللى ، ئەي پالۋان ،
يۈزۈڭ يورۇق بولسۇن ، ئۆمرۈڭ كۆپ ئۇزۇن .
ياخشىسى ، بۇ كېچە بەزمە كۆرەيلى ،
يەنە جاھىل ياۋغا قارشى يۈرەيلى . »
ئاخشىمى قۇرۇلدى بەزمە شاھانە ،
باھار بېغى ئىدى بۇندا ھەرخانە .
يىغىلدى ناخشىچى ، چالغۇچى ، رەققاس ،
پادىشاھ شادلىقىدىن چاچار دۇر ، ئالماس .
چىقتى ئەۋجىگە نەي ، داپنىڭ ساداسى ،
پىرقىراپ ئايلىنار قىزلار ھەممىسى .
ئۇلۇغلار شانىغا قەدەھ پەيدەر - پەي ،
تاڭغىچە چېلىندى تەمبۇر ، راۋاب ، نەي .
ئىچىشتى ، تا جاھان بولدى كۆپ خىرە ،
ئىچىشتى ، ئەس ۋە ھوشى قالمىدى بىزە .
ئاخىر تارقالدى يۆلەپ بىر - بىرىنى ،
ئۇيقۇ ئالدى ئاندىن ھەممە كۆزىنى .

## كاۋۇس بىلەن رۇستەمنىڭ لەشكەر تارتقانلىقى

ئېسىل پەردىسىنى قايرىپلا قۇياش
جاھانغا يۈز ئېچىپ چىقارغاندا باش
« دۇمباقلار چېلىنسۇن ! » دېدى كەيكاۋۇس ،
قوشۇنلار بېشىدا تۇرار گېۋۇ تۇس .
لەشكەرگە سەرپ بولدى نۇرغۇن دەفىنە ،
ھەيۋەتلىك كارۋانلار قوشۇن كەينىدە .
ئېچىپ خەزىنىنى ، خەجلىدى كۆپ زەر ،
قوشۇنلار راسلىنىپ باشلىدى سەپەر .
يۈزمىڭ ئەسكەر كەلدى ساۋۇتى پولات ،
ھەممىسىنىڭ تېگىدە ئۇينار تۇلپار ئات .
چوڭ بىر لەشكەر كەلدى يەنە سول ياندىن ،
كۆن كۆرۈنمەي قالدى چاڭ - توزاندىن .
ئىككى مىل يەرگىچە كۆرۈندى چېدىر ،
يەر يۈزىن قاپلىدى ئات ۋە پىل ، قېچىر .
ھاۋا بۇلۇتلانغان ، دەشت ئالا - بۇلا ،
دۇمباق ئاۋازىدىن يەردە زىلزىلە .
مەنزىلدىن مەنزىلگە كۆچىدۇ سىپاھ ،
ھەتتا قۇياش يۈزىن قىلار سىمسىياھ .
تۇزان ئىچرە قىلىچ - ئايپالتا ھەم تۇغ ،
گويا كۆپكۆك پەردە كەينىدە بىر چوغ .
خىلمۇ خىل نەيزەيۇ خىلمۇ خىل بايراق
زەر رەڭ ساۋۇتلارۇ خىلمۇ خىل ساداق .
بىر قارىساڭ ، قارا ، قويۇق بۇلۇتلار ،
ياغدۇرۇۋاتقاندەك گويا سېرىق زەر .
بىلىپ بولمايتتى ھېچ كېچىمۇ ، كۈندۈز ،
نەدە كۆپكۆك ئاسمان ۋە نەدە يۇلتۇز .
بۇلۇتتەك قوشۇندىن كۆرۈنمەس كۆك ، يەر ،
قەلئەگە يېتىپ قوشۇن بولدى تەييار .
تۇران كۆزەتچىلىرى بايقاپ قېلىشتى ،
شۇ زامان سوھرابقا خەۋەر بېرىشتى .
سوھراب بۇ خەۋەرنى ئاڭلىشى بىلەن ،
چىقىپ نەزەر سالدى قەلئە چېتىدىن .
قول سوزۇپ ھۇمانغا كۆرسەتتى قەيسەر ،
تەۋرەپ تۇراتتى ساناقسىز لەشكەر .
ھۇمانغا كۆرۈندى قوشۇن ھەممىسى ،
قورقۇشتىن ئىچىگە چۈشتى نەپىسى .

هۇمانغا دەر ئىدى سوھراب باھادىر :
« ئەندىشە ، قورقۇشنى دىلىڭدىن ئۆچۈر .
كۆرگىنسەن ، چېتى كۆرۈنمەس لەشكەر
ئىچىدە يوق بىرەر مەرد ۋە جەڭگىۋار .
ئېغىر گۈرزە بىلەن چىققاي مەيدانغا ،
كىم كېلەر باراۋەر مەدەك پالۋانغا .
دۈچ كەلگەنىنىڭ قىلاي كۆزىنى لىق ياش ،
ھەتتا ياردىمگە كەلسە ئاي ، قۇياش .
مۇستەھكەم قالقان كۆپ ، كۆپ كامانۇ ئوق ،
لېكىن مىڭلاپ ئەسكەرنىڭ سەرەبرازى يوق .
بەختىدىن رازى بولسۇن شاھ ئەفراسىياپ ،
بۇگۈن بۇ چۆل باغرىن ئەيلىگۈم خۇناب . »
غەمگە جاي بەرمىدى دىلىدىن سوھراب ،
بۇرجىدىن چۈشتى پەسكە يېنىك ، دىلى شاد .
ساقىغا بۇيرۇدى : « بىر جام مەي كەلتۈر !
ھېيىقماس ، جەڭ دېگەن قانچە نېمىدۇر .
ئۇ تەرەپتە ، قەلئە قارشىسىدا شاھ ،
قۇردى ئۆز چېدىرىن ، ئەتراپ لەشكەرگاھ .
ھەر تەرەپتە چېدىر ، بارگاھ پەيمۇ پەي ،
تاغ ، چۆلدە قالمىدى بىر ئەنلىك بوش جاي .

## رۇستەمنىڭ جەندەرەزمنى ئۆلتۈرگەنلىكى

كۈن يۈزىگە قارا تۈن يېپىپ ئېتەك ،
قۇياش كۆزىن كۆرمەي قالغاندا پەلەك .
شاھ يېنىغا كەلدى رۇستەمى نامدار ،
دىلىدا ياۋ قەستى ، بېلىدە كەمەر .
دېدى : « ئىجازەت بەر ، ئەي شەۋكەتلىك شاھ ،
ياۋ ئۆۋىسىغا مەن كىرەي بىسالاھ .
ئۆزۈم بىر كۆرەيچۇ ، ياش جاھاندار كىم ؟
ئۇلۇغلىرى كىمۇ ئۇندا سەردار كىم ؟ »
شاھ دېدى : « ئەي ھوشيار ، قورقمايدىغان مەرد ،
ئىختىيار ئۆزۈڭدە ، كۆرمە غەم ۋە دەرد .
يەزدان بولسۇن دائىم پاناھىڭ سېنىڭ ،
نىيىتىڭ يولداشۇ ھەمراھىڭ سېنىڭ . »
تەھەمتەن لىباسىن قىلىپ تۈركچە ،
ھىسار ياققا ئاستا يولدى راۋانە .
يوشۇرۇن قەلئەگە كىردى ، تۈركلەر مەست ،
سوھراب بەزمە ئەۋجىدە ، ھەرياندا كۈي ساز .
ئىچكىرىرەك كىردى ۋەھىم بىلمەس ئەر ،
ئاھۇلار ئىچىدە گويا پالۋان شىر .
نامدارلار ھەممىنى كۆردى بىرمۇ بىر ،
شاد ئىدى ، مەقسەتكە يەتتى بىردىنبىر .
ئاشۇ دەمدە سوھراب جەڭگە ئاتلاندى ،
بۇ ئىشتىياقتا ياش شىر قاناتلاندى .
تەھمىنە چاقىرتىپ دېدى : « ئەي جەندە ،
رۇستەمنى كۆرگەنسەن بەزم ــ ئەنجۇمەندە .
( جەندە تەھمىنەگە قېرىنداش ئاغا ،
ئۇ پالۋان سوھرابقا بولدۇ تاغا . )
ياش باتۇر بىلەن قىل سەپەر ئىختىيار ،
يېنىدىن كەتمە ھېچ ، ھوشيار بول ، ھوشيار .
قاچان نەۋكەر بىرىپ يەتسە ئىرانغا ،
دۈچ كەلگەندە خىل ــ خىل جەڭچى پالۋانغا ،
سەن يېنىدا بول باشلىغاندا رەزم ،
ئاتىسىن ئوغلىغا كۆرسەت ، جەندەرەزم . »
ئەلقىسسە ، تەھەمتەن كۆردى قىزىق بەزم ،
تۇردى سوھراب ، ياندا باتۇر جەندەرەزم .
بىر ياندا ئۇلتۇرار چەۋەنداز ھۇمان ،
ئۇندىن سەل نېرىدا شىر يۈرەك بەرمان .
گويا پۈتۈن ئۆينى قىلىپ خۇشال ــ شاد ،
ئاپتاپتەك پارقىراپ ئولتۇرار سوھراب .
ئاياغ ــ قولى ئاتتەك ، پىلدەك مۇئەززەم ،
چېھرىسى تازا گۈل ، كىرپىكى تارام .
ئەتراپىدا يۈزىگە يېقىن باتۇر ئەر ،
ھەممە ياش ، سەرەپىراز ، مىسالى بىر شىر .
كىيىمى ياراشقان ئەللىك ياش غۇلام ،
يارقىن تەختى يېنىدا خىزمەتتە مۇدام .
ھەممە قولغا ئېلىپ شاراب بىر ــ بىردىن ،
مۇھۇر ، گۈرزىسىگە ئېيتار ئاپىرىن .
تۇرانچە بەزمنى بىر ــ بىر يىراقتىن ،
كۆزىتىپ تۇراتتى بۇندا تەھەمتەن .
ھاجەتكە راۋانە بولۇپ چىقتى جەند ،
ئىشكتە تۇراتتى بىر قەددى بەلەند . . .
لەشكەردە ھېچقانداق كىشى يوق ئىدى ،
ئۇنىڭ بۇ ئىشكتە ئىشى يوق ئىدى .

جەندە تۇتۇپ ئۇنىڭ ياقىسىن مەھكەم ،
سوئال بەردى ، نەدىن بىلسۇنكى رۇستەم .
دېدى : « كىمسەن ؟ بىزگە بار قانداق سۆزۈڭ ؟
نامىڭ ئېيتچۇ ، ئېچىپ كۆرسەتكىن يۈزۈڭ . »
تەھەمتەن ئۇردى مۇشت گەجگىسىگە ،
شۇ زامان جېنى يوق بولدى تېنىدە .
توپىغا مىلىنىپ ياتار جەندەرەزم ،
ئۇنىڭچۈن ئەمدى يوق رەزم ۋە بەزم .
خېلى ۋاقىتمۇ ئۆتتى ، ئاندىن سوھراب دەر :
« نېمىشقا ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى جەندە شىر ؟
بەزم گۈلى نەدە تەمتىرەپ يۈرەر ؟
بەزم ئىچرە ئۇنىڭ جايى بوش تۇرار . »
چىقىپ قاراشسا ، يىقىلىپ ياتار ،
بەزمە ، پاراڭلاردىن قۇتۇلۇپ ياتار .
قايتىپ كىرىشتى يىغلاپ ، داد سېلىپ ،
ئەلەمدىن دىل ـ جانىنى ئوت ـ ئاتەش ئېتىپ .
سوھرابقا دېدىكىم : « كەتمىش جەندە رەزم ،
ئەمدى ئاڭا پەرقسىز رەزم ياكى بەزم . »
سوھراب ئاڭلاپ چاچراپ تۇردى شۇ ھامان ،
تاغىسى بېشىغا كەپتۇ بۇ يامان .
غۇلاملار كېلىشتى شام تۇتۇپ قولدا ،
ئۆلۈك ياتار ئىدى جەندە قاق يولدا .
بۇنى كۆرۈپ بىردىن چۆچۈگەن سوھراب ،
باتۇرلارنى چىللاپ ئەيلىدى خىتاب :
« ئەي باھادىرلىرىم ، ئەقلى پۈتۈنلەر ،
ساداقەتلىك دوستلار ، بەختى گۈلگۈنلەر ،
بۈگۈن بولسۇن ئۇيقۇ كۆزلەردىن ھارام ،
قولدا تەييار تۇرسۇن قورالۇ ئەنجام .
قوتانغا ئارىلاپ كىرگەندە بۆرى ،
باقار ئىت ئۇخلىسا ھەممىنىڭ شورى .
خەۋپكە ئۇچرىدى سېپىمىز ئەركانى ،
بولدى ئۇ ھىيلەيۇ نەيرەڭ قۇربانى .
پەرۋەردىگار بولسا پاناھىم ـ جېنىم ،
يەر خاكىن ئوينىتسا نېمە ئىلاجىم .
ئۆلۈم كەمەندىنى تاشلاپ تەلتۆكۈس ،
جەندەرەزم ئۈچۈن ئالايمەن قىساس ! »
قايتىپ كىردى سوھراب ئۆيىگە ھوشيار ،
پەرىشان دوستلىرى بولۇشتى تەييار .
دېدى : « سەپ بوش قالدى جەندەرەزمدىن ،
ئەمما دىل تويماپتۇ ، مەست بوپ بەزمدىن . »
تەھەمتەن بارار شاھ چېدىرى تامان ،
بۇ تەرەپتە شىردىل گېۋ تۇرار پاسىبان .
پىلتەنلىك سايىسىن كۆرۈپ ئۇ يولدا ،
مەست پىلدەك تاشلاندى قىلىچى قولدا .
قاراۋۇلدا گېۋنى تونۇپ تەھەمتەن ،
راسا بىرنى كۇلۇپ چاڭ ئۇردى بىردىن .
گېۋمۇ تونۇپ ،چاڭنىڭ ھەيۋىسىدىن ،
دەل ئالدىغا كەلدى چۈشۈپ ئېتىدىن .
دېدى : « ئەي بىمىسال جەڭچى دۇنيادا ،
قارا تۈن كېلەرسەن نەدىن پىيادە ؟ »
سۆزلىدى يېرىم تۈن نەدە بولغىنىن ،
كىملەرنى كۆرگىنىن ، نېمە قىلغىنىن .
گېۋ يەنە رۇستەمگە ئوقۇپ ئاپىرىن
دېدى : « ئات ، ئەسلەھەڭ دائىم بار بولسۇن . »
كېلىپ شاھقا بىر ـ بىر ئەيلىدى بايان ،
نېم كۆرۈپ ، نېم بىلدى جاھاندار پالۋان .
سۆزلىدى سوھرابنىڭ زور قامىتىدىن ،
ئۇنىڭ بىلەك ، ئالقان ۋە سۆلىتىدىن .
تۇران كۆرمىگەنتى بۇنداق بوي ، سۆلەت ،
پالۋانچە جاسارەت ، سەرۋىدەك قامەت .
ئىرانۇ تۇراندا ئوخشىماس ھېچ كەس ،
گويا سامنىڭ ئۆزى ئات مىنگەندەك ، بەس .
مۇشت بىلەن جەندەنىڭ يىقىلغىنىدىن ،
ئەمدى بەزمۇ جەڭنى تەرك قىلغىنىدىن
سۆزلەپ بولۇپ تەلەپ قىلدى چالغۇ ، جام ،
تۈن بويى قىلىشتى قوشۇنلارنى جەم .

## سوھرابنىڭ ھەجىردىن ئىران باھادىرلىرى نامىنى سورىغانلىقى

قۇياش كۆتۈرگەندە ئالتۇن رەڭ قالقان ،
چەرختىن باش چىقىرىپ يورۇدى جاھان .
جەڭ لىباسىن كىيىپ ، راسلىنىپ سوھراب ،
ئات ئوينىتىپ چىقتى مىسالى ئاپتاپ .
ياندا ئۆتكۈر قىلىچ ، ھىندىچە خەنجەر ،
بېشىدا پارقىراق شاھانە مىغفەر .

ئاتمىش ھالقا ئارقان، ئۇچىدا سىرتماق،
قاشلىرى يىمىرىلگەن، تۇرۇلگەن قاپاق.
بىر دۆڭگە چىقتى، ئىران ئوردىسى،
ئالقاندەك كۆرۈنەر لەشكەر توپلىرى.
ھەجىرنى چاقىردى، كەلگەچ قىلدى دوق:
« نىشانغا تەگمەيدۇ ئەگرى بولسا ئوق.
بالادىن قاچايمەن دېسەڭ ناۋادا،
توغرا ئېيت، بولمىسا بېشىڭغا بالا.
قۇتۇلۇشقا چارە ئىزدىسەڭ ئەگەر،
مېنى ھەقىقەتتىن قىلغىن خەۋەردار.
قۇتۇلماقچى بولساڭ مېنىڭ دەستىمدىن،
شاد ــ خۇرام ئەيلىسۇن دېسەڭ ئەنجۇمەن،
ئىراندىن سورارمەن، دېگىن راست سۆزۈڭ،
راستگۇيلۇقتىن بىردەم ئۆرىمە يۈزۈڭ.
گەر توغرا سۆزلىسەڭ، ئىنئام ئالىسەن،
بايلىق، ئېسىل كىيىم تامان بارىسەن.
ئەگەر ئەگرىلىك ۋە يالغان بولسا رايىڭ،
ئەبەد ئەسىرلىك ۋە زىنداندۇر جايىڭ!
ھەجىر دېدى: « ئىختىيار ئەتسە شاھ ئەگەر،
ئىران ئوردىسىدىن بېرەيمەن خەۋەر.
جەمىن سۆزلەپ بېرەي نېمە بىلسەم ياد،
يالغاندىن بولمايدۇ سۆھبەت ھېچ ئاۋات.
ماڭا بولۇر پەقەت توغرۇلۇق پېشە،
ئەگرىلىكنى دىلىم قىلماس ئەندىزە.
جاھاندا راستلىقتىن ساز ئىش بولۇرمۇ؟
ئەگرىلىكتىن يامان قىلمىش بولۇرمۇ؟!
دېدى: « بار سوئالىم ساڭا ھەرياقتىن،
شاھ، ئەسكەر، سەركەردە، يېقىن ــ يىراقتىن.
سۆزلەپ بەر ماڭا سەن شاھ كەيكاۋۇستىن،
خەۋەر بەر گىۋدىن ھەم گۇدەرزۇ تۇستىن.
بەھرامۇ ھەممىسىن كۆرسەت نىشانىن،
ساناپ بەر كەشۋۇد ھەم رۇستەم داستانىن.
ئاۋۇ يوغان چېدىر نېچۈن رەڭمۇ رەڭ؟
باشقىلار ئارا ئۇ مىسالى پەلەڭ؟
ئەتراپىدا يۈز پىل تۇرار تەييار ــ تەخ،
كۆزنى قاماشتۇرار نېچۈك چوغدەك تەخت؟
قۇياش نەقش بايرىقى، رەختى زەرباپ،
بېشىدا قىزىل ئاي، گۈلنەپشە غىلاپ.
سىپاھ مەركىزىدە تۇرغىنى ئۇ كىم؟
ھەممىدىن ھەيۋەتلىك چېدىردىكى كىم؟ »
ھەجىر جاۋاب بەردى: « ئىران شاھىدۇر،
پىل ۋە شىر ئارا شاھ دەرگاھىدۇر. »
جىددىيلىشىپ دېدى: « بايان قىل يەنە،
مەيمانە تەرەپتە پىل، كارۋان قانچە؟
نېچۈن ئۇندا يوغان چېدىر سىمسىياھ؟
ئەتراپىن ئورىغان ھېسابسىز سىپاھ؟
ئەتراپىدا چوڭ ۋە كىچىك ئوتاۋى،
يېنىدا پىللىرى، كەينىدە شىرى.
چېدىرىغا ئاسقان پىلسۈرەت بايراق،
ھەممە نەۋكىرىدە تىللارەڭ باشماق؟ »
دېدى: « تۇسى نەۋزەر كەبى ئۇ نامدار،
ئۇنىڭ بايرىقىدا پىل سۈرىتى بار. »
دېدى: « قارا، ئاۋۇ چېدىر لالەگۈن،
ئەتراپىن ئورىغان ئاتلىق كۆپ قوشۇن.
شىر سۈرەت بىنەپشە بايراق يەلپۈنەر،
بايراق ئوتتۇرىسىدا نۇر چاچار گۆھەر.
چېدىر كەينىدە بار ھەيۋەتلىك چېرىك،
ھەممە نەيزە تۇتقان، شۆھرەتكە شېرىك.
ئۇ كىمنىڭ چېدىرى، نامىن ماڭا ئېيت،
پەقەت توغرىسىنى ئېيت، ساختىلىقتىن قايت! »
دېدى: « ئۇ چېدىرنى ئەيلىگەن ماكان،
ئاق نىيەتلەر بېشى گۇدەرز پالۋان.
ئۇ تەربىيەت قىلمىش كۆپ باتۇر ئوغلان،
قىرىقى پىل بولسا، قىرىقى قاپلان.
ئۇلار چۈشسە جەڭگە پىللار يەرگە تەڭ،
بەس كېلەلمەس ئاڭا نە شىر نە پەلەڭ.
سورۇشتۇردى يېشىل چېدىر ساھىبىن:
« ئالدىدا تىك تۇرار پۈتۈن بىر قوشۇن.
ئوتتۇردا بېزەكلىك تەختى بار يالغۇز،
پەشتاقتا بېسىلغان شاھانە يۇلتۇز.
تەخت ئۆزرە ئولتۇرار ئاجايىپ پالۋان،
بار شىر شىجائىتى، غۇرۇردىن نىشان.
يېنىدا نەۋكەرلەر تىك تۇرۇشار، باق،
ئولتۇرىسمۇ بېشى ھەم كىشىدىن ئارتۇق.
ئۆزىگە خاس تۇلپار تۇرار قېشىدا،
ئاتمىش غۇلاچ ئارقان، ئىگەر قېشىدا.
ھەرقاچان كىشنەپ ئەيلىسە نالە،
گويا ئېگىز تاغدىن چۈشەر بىر دەريا.

پىللار ئۈستىدىمۇ ئوق ئۆتمەس ساۋۇت ،
پەھلىۋان كۆزلىرى خۇددى يانار ئوت .
نە ئىراندا كۆرمىدىم بۇنداق نوچى زات ،
نە باشقا بىر يەردە بۇنداق كاتتا زات .
ئەجدىھا سۈرەت بايراق ئۇنىڭ يولدىشى ،
نەيزىسى ئۇچىدا ئالتۇن شىر بېشى . »
بۇ ئارىدا ھەجىر ئۆتكۈزدى دىلدىن :
« ئۇنىڭكى پالۋان رۇستەمى پىلتەن .
راستىن ئېيتسام ، ناگاھ سوھرابى شىرمەرد ،
ئاۋۋال رۇستەمنى قىلىۋالسا بەند .
ياخشى بولماسمىكىن نامىنى يوشۇرسام ،
ھالىمىز نېمە بولۇر زەربە يېسە رۇستەم ؟! »
دېدى : « ئۇ ياللىنىپ كەلگەن بىر نامدار ،
چىن تەرەپتىن ئىمىش ، ھە ، خەۋىرىم بار . »
ئىسمىنى سورىدى ، ئېيتمايتتى ھەجىر ،
« يادىمدا يوق » دەيتتى ئېيتماستىن ھېچ سىر .
« ئۇنى ھۇزۇرىغا چىللىغاندا شاھ ،
مەن بۇ يىراق قورغان ئىچرە ئىدىم ، ئاھ . »
ھېچ يەردىن تاپالماي ئاتا نىشانىن ،
غەم ئەلەم ئۆرتىدى سوھرابنىڭ دىلىن .
ئاتىسى نىشانىن ئېيتقانغۇ ئانا ،
ھازىر كۆرۈپ تۇرۇپ ئىشەنچ يوق مانا .
ھەجىرنىڭ ئاغزىدىن كۈتكىنى شۇ نام ،
يۈرەك باغرىنى ئۆرتەيتتى شۇ نام .
لېكىن باشقا ئىدى قارا يازمىشى ،
تەقدىرىن ئاز ۋە كۆپ قىلالماس كىشى .
لېكىن دىلدىن ئۆچمەي ئۈمىد ئۇچقۇنى ،
يەنە سوئال قويدى ئۇرغۇپ دىل خۇنى :
«جېنىڭدە ئۈمىدىڭ بولسا باھادىر ،
راستىنى دە كىمنىڭكى چەتتىكى چېدىر ؟
ئەتراپىدا پىللار ، پىل مىنگەن سەرباز ،
كانايلار تارقىتار ھەر ياققا ئاۋاز .
بۇلۇتتىن ئېگىزرەك بايراق قادالغان ،
ئاگا بۆرە بېشى زەردىن تىكىلگەن .
تەختى ئەتراپىدا بولۇپ سەپ ـ قاتار ،
غۇلاملار تۇرۇشار مىسالى باھار . »
دېدى :« ئۇ گۇدەرزنىڭ ئامراق ئوغلى گېۋ ،
ئۇنى باھادىرلار دەيدۇ ئەسلى نېۋ .
گۇدەرز ئەۋلادى ئۇ ھەم سەردانىسى ،
ئۈچتىن ئىككى قىسىم لەشكەر سەردارى .
بەختىيارنى كۈيئوغۇل قىلغاندۇر رۇستەم ،
بۇنداقلار ئىراندا كەم تېپىلار كەم . »
دېدى : « ئۇ كۈنچىقار تاماندا ئاپئاق
بىر چېدىر تۇرۇپتۇ پارچىدىن قۇراق .
ئالدىدا ئەسكەرلەر پىيادە ـ سۇۋار ،
سەپ تارتىپ تۇرۇشار مىڭلىغان ئەسكەر .
سەردار ئولتۇرۇپتۇ ، تەختى پىلسۆڭەك ،
كۇرسى سەندەلدىن ، گۆھەردىن بېزەك .
ھەربىر پەردىلەردە تاۋلىنار سەدەپ ،
خىزمەتتە غۇلاملار تۇرار تىزىلىپ سەپ . »
دېدى : « ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى فەرېبۇرز ،
شاھزادە ، جەڭ چېغى قۇترىغان ھۆكۈز . »
دېدى : « شاھ ئوغلىمۇ ، ئۇلۇغ نەسىلدىن ،
بەخت ئۇچۇن تۇغۇلغان دېگىن ئەسلىدىن . »
يەنە دېدى : « ئاۋۇ ساپسېرىق چېدىر ،
ئالدىدا يەلپۈنەر بايرىقى ھازىر .
ئەتراپتا بىنەپشە ، سېرىق ، قىزىل ، ئاق ،
يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ رەڭگارەڭ بايراق .
ئەڭ ئېگىز بايراقتا ياۋايى قاۋان ،
ئۇچىدا يېرىم ئاي بار كۈمۈشسىمان ؟ »
دېدى : « ئەل ئاگا بەرگەن گۇراز دەپ نام ،
جەڭدە ھەتتا شىرگە بەرمەيدۇ ئارام . »
ئاتىسى نىشانىن ئىزدەيتتى ئوغۇل ،
ھەجىر بولسا ئۇندىن يوشۇرار نوقۇل .
نېمە خالىساڭمۇ ئۇ پەرۋەردىگار ،
ئۆزى خالىغاننى قىلىدۇ ئاشكار .
باشقىچىرەك ئىدى زامان خاھىشى ،
ئۆزگەرتەلەمدۇ ئۇنى بىر كىشى .
بەش كۈنلۈك دۇنيادا بىنا تىكلىسەڭ گەر ،
كۆرىسەن دەرد ـ ئەلەم ، ھاياتىڭ زەھەر .
سوھراب ئاتا يۈزىن كۆرۈشكە مۇشتاق ،
مۇشتاقلىقتىن يەنە قىلدى ئۇ سوراق :
يەنە ئۇ كۆك چېدىر ۋە ئېتى بەلەند ،
يەنە ئۇ كاتتا شەخس ، يەنە ئۇ كەمەند .
شۇندىمۇ سەردارغا دېدى ئۇ ھەجىر :
« سەندىن سىر يوشۇرۇپ بولامدۇ ئاخىر .
ئېيتماسمىدىم ساڭا ئەگەردە بىلسەم ،
كىملىكىن بىلمەيمەن مەن ئۆزۈممۇ ھەم . »

سوھراب دېدى : « ئىنساب بولغانمۇ بەرباد ،
ئەيلىمىدىلىك رۇستەم نامىن بىرەر ياد .
كىمكى ، بولسا ئەگەر جاھاندار پالۋان ،
شۇنچە قوشۇن كەلسە ، بولماس ئۇ گۇمران .
ئېيتقىنىڭدەك قوشۇن سۇلتانى قېنى ؟
يۇرت پاناھى ، تۇغقان ، پاسبانى قېنى ؟
كاۋۇس پىل ئۇستىدە ، تەختىراۋاندا ،
لەشكەر تارتسا مىسالى يوق ھېچ جاھاندا .
رۇستەم داستان پېشۋاز بولۇشى لازىم ،
بۇ ئالاماندا بايراق بولۇشى لازىم . »
بۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب قايتۇردى ھەجىر :
« ئېھتىمال ، ۋاقتىنچە كەتكەن ئۇ شىر گىر ،
بەلكىم ئولتۇرغاندۇ زابۇلىستاندا ،
يا بىرەر بەزمىدە يا گۇلىستاندا . »
ئاڭا سوھراب دېدى :« ئويلاپ باق ئۆزۈڭ ،
سەردار جەڭدىن قانداق تارتىندۇ ئۆزىن ؟!
شاھنشاھ ھۆرمىتى ھەربىر ۋىلايەت ،
ئەۋەتمىش سەركەردە ، ئەسكەر ، پىل ۋە ئات .
بەزمە قىلىپ ، تاۋلىسا مەرىكىدىن باش ،
ئۇنداقتىن كۆلمەسمۇ بارچە قېرى ــ ياش .
ئۇزۇن سۆزگە يوقتۇر بۇگۈن ۋاقتىمىز ،
قولاق سال بىر بولسۇن پەيمان ــ ئەھدىمىز .
تەھەمتەننى ماڭا كۆرسەتسەڭ ئەگەر ،
شادىمان قىلايمەن ، باشقا چېچىپ زەر .
جاھاندا موھتاجلىق كۆرمىگەيسەن ھېچ ،
خەزىنەم ئېچىپ بېرەي ، سەرپ قىل ئەتە ــ كەچ .
پەقەت تەھەمتەندىن قىلغىن خەۋەردار ،
خەزىنە سېنىڭكى ، گۆھەر كۆمۈش زەر .
بۇ سىرنى يوشۇرساڭ مەندىن ۋە لېكىن ،
دىلىڭدا ساقلىساڭ ئاداۋەتۇ كىن ،
تەندىن بېشىڭ كېتەر ، ئاناڭ باغرى خۇن ،
ئىككى يولدىن بىرىن تاللىۋال بۇگۇن . »
شاھقا مۇبەد بىر سۆز بايان ئەيلىدى ،
سۆز ھېكمىتى سىرىن ئايان ئەيلىدى :
« ئېيتمىغان سۆز دىلدا گۆھەر بىھېساب ،
تاش قۇتا ئىچرە ئالماستۇر بىئاب .
قېپىنى يارچىلاپ كۆرسەتسە دىدار ،
قۇياشتەك دەرەخشان ، تىغدەك يالتىرار . »
ھەجىر ئاڭا دېدى :« ئەي ئازادە شاھ ،
كۆكلۈككە تەگدىمۇ تاجۇ تەخت ، بارگاھ ؟
خالارسەن شۇنداق بىر قوتاز بىلەن جەڭ ،
جەڭدە قىلسەن پىللارنى يەرگە تەڭ .
گۈرزەڭنى ئويناتساڭ ، زەربىدىن شۇئان
ئىككى يۈز ئەسكەر بولىدۇ بىجان .
لېكىن رۇستەم جېڭى قىلسا كىم ئارمان ،
يۈكسەك بېشىن قىلار يەر بىلەن يەكسان .
ئاڭا دۇچ كېلىشتىن قاچار جەڭدە پىل ،
ئېتى تۇيىقىنىڭ توزانى يۈز مىل .
ئەگەر قەھر قىلسا جەڭ كۈنى بۇ ئەر ،
زەربىگە چىدالماس نە پىلۇ ، نە شىر . »
سوھراب دېدى : « ئاتاڭ بەختى قارادۇر ،
ئەگەر سەندەك ئوغۇل ئاڭا ئاتادۇر .
شۇ بىلىم ، شۇ قۇدرەت ، شۇ ھۇنەر بىلەن ،
ساڭا ئاتا بولغان قەلبىدە تىكەن .
سەن نەدىن بىلسەن مەردلەر جېڭىنى ،
ئېيت ، قاچان كۆرگەنسەن ئۇچقۇر جېڭىنى ؟
كۆپ ئالىپ كۆرۈندىمۇ ساڭا رۇستەمىلىك ،
ئەتە ــ كەچ ئاشۇنى ماختىماق غېمىڭ ؟
ئەگەر دېگىنىڭ تۇرسا مەيىن دولقۇنلاپ ،
ئوت ــ يالقۇن قۇتراپ كېتەر لاۋۇلداپ .
بىسىپ كەلگەندە دولقۇنلۇق دېڭىز ،
قۇترىغان ئاتەشتىن قالامدۇ بىر ئىز ؟
شولىسى تىغىنى چىقارسا ئاپتاپ ،
قاراڭغۇلۇق قاچار چاققان ئالدىراپ . »
ئىش بىلمەس ھەجىر سىردىن بىخەۋەر ،
ئويلايتتى : « راستىنى ئېيتسام مەن ئەگەر ،
شۇنداق يېقىملىق بىر قامىتى بىلەن ،
تەڭ كېلەلەرمىكىن ئاڭا تەھەمتەن ؟
رۇستەم چېدىرىغا لەشكەر تارتماسمۇ ؟
پىلدەك ئېتىن چاپسا ، ستەم ئارتماسمۇ ؟
بۇ ئالقان ، بۇ بىلەك ، بۇ چېچىنى كۆر ،
رۇستەمنى غىق بوغار ، چاڭگىلىنى كۆر !
كىم كېلەر ئاڭا تەڭ گەر ئۆلسە رۇستەم ،
چۆچۈپ قالار ئۇندىن باشقىلىرى ھەم .
كىم جەڭگە كىرىدۇ قوغداپ ئۆز بەختىن ،
ئاسان بىسىپ ئالامدۇ كاۋۇس تەختىن .
ياخشى ئەمەسمۇ شەرەپ بىلەن ئۆلگىنىم ،
تىرىك قېلىپ ، شاد قىلغىنىمدىن دۈشمەن .

بىر مەن ئۆلسەم كۈندۈز تۈن بولارمىدى ؟
يا مېنى دەپ دەريا خۇن بولارمىدى ؟
ئاتامۇ بۇ دەردنى كۆتۈرەر دادىل ،
يەنە ئاتمىش ئالتە ئوغلى بار شىر دىل .
بىرى گىۋ باھادىر ئۆزى بىر لەشكەر ،
ھەر جەڭدە قوشۇنلار ئالدىدا يۈرەر .
يەنە شىرگىر ، شىردۇش ، باھادىر بەھرام ،
يەنە قورقمايدىغان مەردانە رۇھھام .
مەن ئۆلسەم ئاتامغا شۇلار مېھرىبان ،
مېنىڭ قەستىم ئۈچۈن ياۋدىن ئالار جان .
گۇدەرزدەك پالۋان ئوغۇللار بىلەن ،
ياۋ قولىغا چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەندىن
بوپتۇ مېنىڭ بېشىم ئالسۇن بۇ جاللاد ،

پاك مۇبەد سۆزلىدى يۈرىكىمدە ياد :
« سەرۋ بېشىن كۆتۈرسە ، كۆرسىتىپ غۇرۇر ،
يەردىكى خازان بىلەن كىمنىڭ كارى بار ؟ »
ئاخىر سوھرابقا دېدى : « بۇنچىلىك ئەلەم ،
ئاغزىڭدىن كەتمەس رۇستەمۇ رۇستەم !
قارا يۈرىكىڭگە ئاداۋەت ئاشنا ،
ئۇرۇنسىز نەرسىدىن قىلما ئەندىشە .
مەقسىتىڭ جېنىمنى تەندىن جۇدا قىلىش ،
بېشىم كەس ! نېم كېرەك دەلىل قېدىرىش ؟!
قان تۆكۈشكە تاپماق بولۇپ باھانە .
خۇناب بولىۋەرمە ، ئۆلتۈر مەردانە .
بىلىپ قوي ، سەن كىمۇ كىم رۇستەم داستان ؟
ئۇنداق شىر چۈشەمدۇ قولۇڭغا ئاسان ؟! »

## سوھرابنىڭ كاۋۇس لەشكەرلىرىگە ھۇجۇمى

ئاڭلاپ ھەجىردىن شۇنچە كەسكىن سۆز ،
باتۇرلار سەردارى تىكتى ئاڭا كۆز .
بىرنېمە دېمىدى ھەجىرگە ھېچبىر ،
ئەمدى ئۇ نە قىلار ، ئېچىلمىدى سىر .
ئايلىنىپ ھەجىرگە چۈشۈردى بىر مۇشت ،
ئۆرۈلۈپ ، چېدىرغا يول ئالدى خامۇش . . .
خىيالغا پاتتى ئۇ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ،
نېچۈك جەڭ باشلىساي . . . شۈبھە بىساناق .
بىر پىكىر ئىلكىدە باغلىدى كەمەر ،
بېشىدىن زەر تاجىن ئەيلىدى بەدەر .
ئۈستىگە ئوق ئۆتمەس ساۋۇت كىيدى شاد ،
دۇبۇلغىسىن كىيدى بېشىغا شىرزات .
قولىغا ئالدى نەيزە ، كامانۇ كەمەند ،
ئېغىر پولات گۇرزە ، ئارقىنى دىۋە بەند .
غەزەپتىن تېنىدە قىينىلىپ تېنى ،
تاشقىنلاپ جۇش ئۇرار تومۇردا قېنى .
ئاتقا مىنىپ ، نەيزە ئالدى قولىغا ،
مەست پىل كەبى چۈشتى دۈشمەن يولىغا .
قورغاندىن چىققى ئۇ شىددەتلىك ئۇچۇپ ،
ئات تۇيىقى چېڭى يۇلتۇزنى قۇچۇپ .
ئاتنى قويۇپ كەلدى شاھ بارگاھىغا ،
نەيزە تەگلەپ كىردى قارارگاھىغا .
شىرلارنىڭ تويىدىن چىققان ئەر كەبى ،

باتۇرلارنى جەڭگە چىللار شىر كەبى .
ئەمما ئىرانلىقتىن بىرەر زور پەلەڭ ،
باھادىر كېلەلمەس ئاڭا ھەرگىز تەڭ .
ئۇزەڭگىدە ئاياغ ، قولىدا تىزگىن ،
ھەيۋىتىدىن كېلەلمەس بىرەرى يېقىن .
باتۇرلار يىغىلىپ تۇزۇپ ئەنجۇمەن ،
دېدى : « مانا بۇ ھەقىقىي پىلتەن .
ئاڭا دۇچ كېلىشتىن ساقلىسۇن خۇدا ،
بىر ئۇرۇپلا قىلۇر جېنىڭدىن جۇدا .
نەرە تارتىپ كېلىپ سوھراب بۇ مەھەل ،
كاۋۇس شاھنى تېپىپ ، سۆز باشلىدى قوپال :
« ئەي شاھىنشاھ ، قېنى پەھلىۋانلىرىڭ ؟
قېنى مەيدانغا چۈش ، كۆرسەت ھۈنىرىڭ !
ئەگەر قاچار بولساڭ مەردلەر جېڭىدىن ،
نامىڭنى ئۆزگەرتكىن ، قويغىن يېڭىدىن .
ئەگەر نەيزە سالسام ، ئەي كاۋۇسى كەي ،
شۇئان لەشكىرىڭ كۆر . بىتچىت بولغاي .
ئاشۇ تۈنكى ، پىدا بولدى جەندەرەزم ،
قەسىمىم شاھىدى بولدى پۈتۈن بەزم .
ئىرانلىقتىن قالماس بىرەر نەيزىدار ،
كاۋۇسنى تىرىكلا دار قىلىمەن دار !
قېنى ئىشىنسەڭ قايسى پالۋانغا ،
مانا مەن ، قايسى چۈشۈر مەيدانغا ؟ »

شۇنداق دېدى سوھراب، سۆزنى قىلدى بەس،
ئىران تامانىدىن چىقمايتتى بىر سۆز.
شاھ چېدىرىغا سوھراب نەيزىسىن ئۇردى،
يەتمىش بىر قوزىقىن بىردىن سۇغۇردى.
شاھ چېدىرى ئاغدۇرۇلدى ئاياغتىن،
كانايلار ئاۋازى كەلدى ھەر ياقتىن.
كاۋۇس ھەر تامانغا داد سالدى زەبۇن:
« ئەي، باتۇرلۇق داۋا قىلغانلار نېچۈن
بۇ تۈركنى كۆرۈپلا قاچتى ھوشىڭىز؟
رۇستەمگە يۈگۈرۈش بولدى ئىشىڭىز؟
پالۋانىم يوقمۇ بۇنىڭغا كېلەر تەڭ؟
زادى تەڭ كېلەلمەسمۇ بۇ تۈرككە پەلەڭ؟ »
ئاڭلاپ راۋانە بولدى يولىغا تۇس،
بىرىپ ئېيىتتى نېمە دېگىنىن كاۋۇس.
رۇستەم ئاڭا دېدى: « ھەربىر شەھرىيار،
مەندەك پالۋاننى چىللاشقا تەييار.
گاھى رەزىم چېغى ۋە گاھى بەزىم،
كاۋۇس مېنى ئەسلەر بولسىلا رەزىم. »
ئاتچىلارغا دېدى: « تۇلپار ئېگەرلەڭ! »
لەشكەرلەرگە دېدى: « يېقىن قىرغىن، جەڭ. »
چېدىرىدىن چۆلگە تاشلىدى نەزەر،
گېۋىنىڭ ئۈزى ئاتقا توقۇيتتى ئېگەر.
ئۇنى بول ـ بىرل دەپ تۇراتتى گۆرگىن،
رۇھھام ئاتقا ئارتار ئېغىر گۈرزىسىن.
تۇس بىرەر زىرىھ بىلەن تۇلپارغا پەرداز،
رۇستەمگە ئاڭلىنىپ تۇرار بۇ ئاۋاز.
« قىيامەت قوپارمىش پەقەت شۇ بىر تەن،
بۇ ئاددىي جەڭچىمەس، بۇ بىر ئەھرىمەن. »
دەپ يولۋاس تېرىسىن كۆكسىگە تاشلار،
بېلىگە باغلىدى شاھانە كەمەر.
يولغا چۈشتى مىنىپ ئۇچقۇر تۇلپارغا،
زەۋارە باش بولدى قوشۇن زاتىغا.
ئاڭا دېدى: « سالغىن سۆزۈمگە قۇلاق،
جايىڭدىن قوزغالما مەندىن بىسوراق. »
ئالدىدا بارىدۇ شاھانە بايراق،
قەھرى ئېلىپ بارار يالقۇن ۋە چاقماق.
سوھراب بەستىن كۆردى ھەيران بوپ رۇستەم،
كۆكسى ئەمەستى سامىنىڭكىدىن كەم.
رۇستەم ئاڭا دېدى: « چىقايلى بىر يان،
ئېلىشايلى ئېلىپ ياكى بىرىپ جان. »
سوھرابمۇ ئالقاننى سۈركەپ ئالقانغا
بىر چەتكە ماڭدى قارىماي سەپكە.
ئۇمۇ رۇستەمگە دېدى: « چەتكە چىقىمىز،
بۇندا باردۇر پەقەت سەن، مەن ئىككىمىز.
ئىرانۇ تۇراندىن ھېچكىم كېرەكمەس،
بۇ جەڭدە سەن ۋە مەن بولساق يېتەر بەس.
ئەمما سەن بىكارغا جەڭگە چاپىسەن،
بىر مۇشت ئۇرسام، ئەبەد يەرگە پاتىسەن.
كۈپتۈڭ كەڭ، قەددىڭ چوڭ، ئاسماندا بېشىڭ،
ئەمما بىر يەرلەرگە بېرىپتۇ يېشىڭ. »
رۇستەم باقار، ئاتتا تۇرار بىر زەڭگى،
رىسالىدىن خېلى ئۇزۇن ئۇزەڭگى.
رۇستەم دېدى: « ئەي يىگىت، سۆزلە ئاستىراق،
يەر قاتتىقتۇر، ئاسمان ئىللىق ھەم يۇمشاق.
خېلى جەڭ كۆردۈم مەن قىرىلىقتا ھەم،
قانچە پەھلىۋانلار بويىنىن قىلدىم خەم.
دەستىمدىن يەتتى كۆپ دېۋىلەر ئەجىلى،
يېڭىلىش دېگەننى بىلمىدىم تېخى.
ياخشى باق، مەن قانداق قىلىمەنكىن جەڭ،
تىرىك قال، قورقما دۇچ كەلسە پەلەڭ.
تۇران نامدارلىرى بىلەن جەڭ قىلدىم،
تاغۇ دەريا گۇۋاھ، نېچۈك يەر قىلدىم.
يەنە شاھىدىمدۇر كۆكتىكى يۇلتۇز،
بۇ دۇنيا مەردلىرىن چۆكتۈردۈممەن تىز.
ياش جېنىڭغا رەھىم كېلىدۇ، شۇڭا،
سېنى ئۆلتۈرمەكلىك ئەمەس مۇددىئا.
تۇراندا يوق پالۋان ساڭا قىلار بەس،
ئىراندىمۇ ساڭا تېڭى تېپىلماس. »
رۇستەمدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپلا سوھراب،
يۈرىكى جىغىلداپ، جىگەر بولدى ئاب.
دېدى: « بىر سۆزۈم بار، ئۇچىقىنى ئېيت،
ئوچۇق سۆزلەشمەككە كەلدى مانا پەيت.
ئەجدادلىرىڭ ماڭا بىرمۇ بىر ياد ئەت،
ئىزگۇ سۆزلەر بىلەن دىلىمنى شاد ئەت.
بۈگۈن گۇمانىم شۇ: « سەنمۇسەن رۇستەم،
ئەجدادىڭ ئەمەسمۇ شەرەپلىك نەيرەم؟ »
جاۋاب بەردى رۇستەم: « ئۇ رۇستەم نەدە؟
بىزنىڭ ئەجداد نەدە ۋە نەيرەم نەدە؟

مسلى يوق باتۇر ئۇ ، مەن ئاددىي سەرباز ،
ئۇندىكى تەختۇ تاج مەندە يوق شەۋۋاز . »

سوھرابنىڭ ئاخرقى ئۇمىدى سۇندى ،
كۆندۇز تۈن بولدىيۇ ، تەقدىرگە كۆندى .

## رۇستەمنىڭ سوھراب بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

بېرىپ نەيزە ئالدى سۇنۇق جۇرئىتى ،
ئانا سۆزىن ئەسلەپ ئاشتى ھەيرىتى .
ئېلىشىش مەيدانىن تالىشىپ پەلەڭ ،
قىسقا نەيزە بىلەن باشلاشتى تەڭ جەڭ .
نەيزىلەردىن قولدا قالغاندا دەستە ،
ئات تىزگىنىن سولغا تارتتى بىر دەمدە .
ئەمدى ئىشقا سېلىپ ھىندى قىلىچىن ،
ھەريان چېپىشاتتى ، ئاتەشلىك ئۇچقۇن .
بىر ـ بىرىن يېمىرىپ تىغ تۆمۈر تۆكەر ،
گوياكى جاھاندا بولغاندەك مەھشەر .
ئاندىن قولغا ئېلىپ سالماقلىق گۇرزە ،
بىر ـ بىرىن ساۋاشتى ، بىر ـ بىرىن ئەزدى .
گۇرزىلەر سۇنۇپ كەتتى بۇ زەربىدىن ،
ئاتلار ھالدىن كەتتى مىسلى ئۇرۇشتىن .
تەمتىرىشىپ قالدى ئاتلار بىچارە ،
ساۋۇتلار يىرتىلدى ، قالقانلار پارە .
لېك سوۋۇمىدى باتۇرلار غەيرىتى ،
نەتىجە بەرمىدى بارلىق شىددىتى .
بەدەن تەرگە پاتتى ئېغىز ساپلا خاك ،
تەشنالىقتىن تىللار بولدى چاكۇ چاك .
ئاخىر ئاجرىلىشتى ئىككى مۇقابىل ،
دەردكە تولغان ئاتا ، ئەلەمگە ئوغۇل .
ئەجەب ئىشلىرىڭغا دىلىم لال ، جاھان ،
ئۆزۈڭ بار قىلىسەن ھەم ئۆزۈڭ نىھان !
نېمىشقا بۇ دىللاردىن مۇھەببەت يىراق ،
ئەقىل كۆرۈنمەيدۇ ، ھەقىقەت يىراق . . .
باياۋاندا ۋەھشىي ، دەريادا بېلىق
تونۇپ ئالىدىغۇ پەرزەنتىن ئېنىق .
پەقەت ئادەم كۆزىن خىرس ناملىق ئوت ،
كور قىلىپ ، تونۇتماس كىم ئوغۇل ، كىم يات .
كۆڭلىدىن ئۆتكۈزەر رۇستەم : « ھېچ لەھەڭ
كۆرمىدىم بۇنىڭدەك قىلالىغان جەڭ .
كۆككە ئۆرلىگەنتى ئاق دىۋە نالىسى ،
بۇگۈن ھوشۇم ئالدى ئىنسان بالىسى .
تېخى تارقالمىغان بۇنىڭ شۆھرىتى ،
ھېلى مەلۇم ئەمەس ھېچكىمگە ئېتى .
ئۆلۈم ياخشى بۇندىن يېڭىلسەم ئەگەر ،
قاراپ تۇرار ئىككى تەرەپتە لەشكەر . »
ھەر ئىككىسىنىڭ ئېتى ئالمىدى ئارام ،
ئۇرۇش بولمىغانتى تېخىچە تامام .
ھەر ئىككىسى تەڭلا تارتىشتى كامان ،
قېرى جەڭچى بىلەن باتۇر نەۋقىران .
ھەر ئىككىسىگە ئوق مۆلدۈردەك تەگدى ،
نە تون ، نە ساۋۇت ھېچ سۆكۈلمىدى .
ئىككىسىنىڭ غەزىپى قايىندى تاشتى ،
بىر ـ بىرىن بېلىدىن ئېلىشقا ماڭدى .
تەھەمتەن قولىنى ئۇزىتىپ ئاڭا
تاش يۇلغاندەك ئۇردى بەلباغقا .
سوھراب پوتىسىدىن كۆتۈردى ئازات ،
لېكىن سوھراب قوزغالمىدى ، جىممىدە ھەم ئات .
قىمىر قىلمىغاچ سوھراب پالۋان بېلى ،
بوش تۇرۇپ قالدى تەھەمتەن قولى .
سوھرابنىڭ بېلىدىن قولىنى ئالدى ،
دىلىغا يەنە كۆپ شۈبھىلەر سالدى .
كۈرەشتىن تويدى بۇ ئىككى شىرى مەرد ،
بەدەندە ھارغىنلىق ، يۈزلەردە گەرد .
سوھراب ئېغىر گۇرزە ئېلىپ ئېگەردىن ،
ئۇردىكى مۆلچەرگە ئېلىپ نەق گەدەن .
بۇ زەربىدىن تەۋرەپ كەتكەندە رۇستەم ،
ئۆزىن تۇتتى بەدەن سىرقىرىسا ھەم .
كۈلۈپ : « ئەي باھادىر ! ـــ دەر ئىدى سوھراب ، ـــ
مەردانە زەربىگە تۇرالمىدىڭ چىداپ !
چال قەددى سەرۋىدەك تىك بولسىمۇ گەر ،
ياش قىلىقىن قىلسا ، تېتىقسىز ، ناچار ! »
ئىككىسى بىر ـ بىرىن قىلدى ھاقارەت ،
جاھان تار كەلگەندى بۇلارغا غايەت .
بىردىن ئىككىسىلا ئۆرۈپ يۈزىنى ،
رەقىب قوشۇنىغا ئۇردى ئۆزىنى .

تەھەمتەن كۆتۇرۇپ تىغ تۇران تامان ،
سالدى ئۇۋدىكى قاپلاندەك قىران .
ئىران سىپاھىغا باستۇردى سوھراب ،
ئات تىزگىنىن قويدى ، قىسلدى رىكاب .
سىپاھقا ئۆزىنى ئۇرغاندا بۇ شىر ،
شۇئان نابۇت بولدى نەچچە نامدار ئەر .
بۆرىدەك لەشكەرگە كىرىپ كەلگەن چاغ ،
چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى بولدى پاتپاراق .
ئاخىر رۇستەم ئويلاپ قالدى بىناگاھ ،
ئاگا دۇچ كەلمىسۇن يەنە كاۋۇس شاھ .
ھۇنىرى بەركامان تۈركىي نەۋنىھال
قولىدىن قۇتۇلماق شاھقا كۆپ مالال .
ئات بېشىن بۇرىدى ئۆز لەشكەرگاھىغا ،
دىل ئەمرى شۇ . يېقىن تۇرغاي شاھىغا .
سىپاھ ئوتتۇرىسىدا سوھرابنى كۆردى ،
ئۇ تۆككەن قانلاردىن زېمىن لاي ئىدى .
نەيزىسى ئۇچىدىن تامار ئىدى قان ،
گويا ئوۋى ئوگدىن كەلگەن بىر قاپلان .

قەھرى كەلدى رۇستەم ئۇنى كۆرۈپلا ،
نەرە تارتتى ، تىترەپ كەتتى دەشت ـ تاغلار .
ئاگا دېدى : « ئەي تۈرك ، بىئەقىل خۇنخور ،
بۇلاردىن كىم سەن بىلەن ئۇرۇشقىنى بار ؟!
نېچۈن بار كۈچۈگنى ماگا كۆرسەتمەي ،
قان تۆكىسەن قوتان ئىچرە بۆرىدەك ؟ »
ئاگا دېدى سوھراب : « تۇرانى سىپاھ
بۇ جەگدىن يىراقتا ئىدى بىگۇناھ .
ھېچكىم خالىمايلا سەن بىلەن ئۇرۇش ،
سەندىن باشلاندىغۇ ئۈستىگە يۈرۈش . »
رۇستەم دېدى ئاگا : « ئەمدى كەچ بولدى ،
ئاتسۇن تاڭ ، ئەتە ئاندىن تىغ كۆتۈرەيلى .
بۇ مەيداندا بولغاي ھەم مۇنبەر ، ھەم دار ،
تەقدىرىمىز پۈتەر پاك پەرۋەردىگار .
ئانا سۈتى ئاغزىڭدا ، قولۇگدا قورال ،
ھۈنىرىڭگە بەللى ، كۆرمە سەن زاۋال .
ئەمدى كەتتۇق ، ئەتە تاڭ ئاتقان زامان ،
تەگرى ئىرادىسى بولۇر نامايان . »

## رۇستەم بىلەن سوھرابنىڭ ئۆز ئوردىلىرىغا قايتقانلىقى

شام ۋاقتى قايتقاندا ئۇلار ھەر تەرەپ ،
ئالەم ھەيران ئىدى سوھرابقا قاراپ .
گويا ئۇرۇش ئۈچۈنلا يارالغان ئۇ ،
چاپقىنى چاپقان ، تىنماس بىرەر ئان ئۇ .
تىنماي چاققان ماگار ئاستىدىكى ئات ،
ھېچنېمە ئۆتمەيدۇ ، بەدىنى پولات .
لەشكەرگاھقا كەلدى كەچ باشلانغان ئان ،
بېلى جەگدە تالقان ، بىلەك چارچىغان .
ھۇمانغا دېدىكى : « ئەتە تاڭ قۇياش ،
چىقىپلا باشلىنار قىيامەت ، تالاش .
نېمە ئىش كۆرسەتتى شىردىل باھادىر ،
نېمە قىلدى بۇندا ، نېمىگە قادىر ؟
ئۇ كۆپ يەتكۈزدىمۇ بۇنداق تالاپەت ،
ماگا تەڭ كېلەرى پەقەت شۇ ، پەقەت .
ئىران سىپاھىنى كۆرۈپ پۈتۈنلەي ،
ئۇنىگدەك قاپلاننى تاپمىدىم دېگەي .
خۇددى قۇترىغان شىر ، ئوۋىن قويمايدۇ ،
قىرىپ قالغانۇ جەگگە تويمايدۇ .

ئىزدىسەڭ جاھاننى كېزىپ سەراسەر ،
ھېچكىم جەگگە ئۇنىگدەك باغلىماس كەمەر ! »
ھۇمان ئاگا دېدى : « بۇ پەرمانى شاھ ،
جايىدىن قوزغالماي تۇرغانتى سىپاھ .
مۇستەھكەم تۇراتتى سەپتە بار لەشكەر ،
لازىم بولسا قاتتىق جەگگە ھامان تەييار .
رەقىب تەرىپىدىن چىقىپ بىر تىمساھ ،
مەست شىردەك تاشلاندى بىز ياققا ناگاھ .
پۈتۈن بىر قوشۇنغا قارشى بىر ئۆزى ،
مەست قاپلاندەك قانغا تولغانتى كۆزى .
ھەرياققا تاشلاندى ، قىلماي ھېچ پىسەنت ،
بىردەمدە ھەرياقتا مۇردىلار پەيۋەند .
يەنە بىردىن تاشلاپ ئات تىزگىنىنى ،
يېنىپ چېپىپ كەتتى تاشلاپ دۈشمەننى . »
« بىزنىڭ سەردارلاردىن ، — دېدى پەھلىۋان ، —
قۇربان بولمىدىمۇ ھېچكىم ناگاھان ؟
ئىرانلىقنى مەنمۇ قىردىم پەيمۇ پەي ،
تۆپىرىقىن قېنىغا قېتىپ قىلدىم لاي .

بۇنى كۆرۈپلا تېز قايتتى ئۇ قۇتاس ،
يولۇمنى توسۇشقا يوق ئىدى بىر كەس .
ئەگەر شىر دۇچ كەلسە ماڭا ناگاھان ،
ئېغىر گۇرزەمگە تەسلىم بولۇر جان .
قاپلانۇ يولۋاسنى ئەيلەيمەن يەكسان ،
نەيزەمدە بۇلۇتتىن چىقىرىدۇ چېقىن .
باتۇرلار قەھرىمان كۆرگەن ئاشۇ پەيت ،
ساۋۇت ، قالقانلىرىن قىلار تەخمۇ تەخ .
كۈنلەرنىڭ ئۇلۇغى بولۇر ئەتە كۈن ،
يا غالىب كېلەرمىز ، ياكى كۈمپەيكۇم .
ئىچەي پەرۋەردىگار نامىغا قەسەم ،
ئادەممەس گەر بىرەر ياۋنى قالدۇرسام .
ئەمدى ساقىي ، چىللا ، بەزمە قۇرايلى ،
مەي بىلەن دىلىمىز داغىن يۇيايلى . »
شۇندا ئۇردىسىغا باردى ھەم رۇستەم ،
گېۋ بىلەن سۆھبەت باشلىدى ئۇ ھەم :
« قېنى ئېيت ، نېم قىلدى بۇدۇشقاق قاسساپ ،
ئۇنىڭ زەربىسىگە كىم تۇردى چىداپ ؟ »
گېۋ دېدى : « سورىما ، رۇستەمى داستان ،
بۇنداق زورنى ئەسلا كۆرمىگەن جاھان .
قوشۇن ئىچرە كىردى مىسالى شامال ،
تۇس يولدا تۇراتتى قولىدا قورال .
چاققانلىقتا يولۋاس ، شىردۇر قۇدرەتتە ،
بىر دەمدە ئېگەردە ، بىردەمدە يەردە .
كېلىپ تۇسنىڭ نەيزە تۇتقىنىن كۆردى ،
قۇترىغان قاپلاندەك سەكرەپ توۋلىدى .
ئېگىلىپ گۇرزىسىن ئېگەر قېشىدىن
ئېلىپ ئۇردى ، ئۇچتى قۇلاق بېشىدىن .
تەڭ كېلەلمەي چېكىندى تۇس بىھەلاۋەت ،
ئاندىن ھېچكىم چىقىشقا قىلمىدى جۈرئەت .
ئاڭا تەڭ كەلمىدى ھېچكىم سىپاھتىن ،
ئاڭا بەس كېلىدۇ پەقەت تەھەمتەن .
ھەم قەدىم ئادەتنى بىلىپ مۇقەددەس ،
ئۇ يالغۇز باتۇرغا قارشى قىلمىدىم قەست .
مەيدان ئىچرە جەۋلان ئۇرۇپ ئۇ تەنھا ،
قانچە باشنى قىلدى تېنىدىن جۇدا .
ئۆز ئالدىدا كۆرمەي بىرەر پەھلىۋان ،
گاھ سولغا يۈگۈردى ، گاھى ئوڭ تامان .
كىم ئاڭا دۇچ كەلسە ئەجەل قۇچاتتى ،
ئاستىدا ئېتىمۇ ئوقتەك ئۇچاتتى . »
بۇ خەۋەردىن رۇستەم بولدى كۆپ غەمكىن ،
كاۋۇس تامان يۈردى كۆزىدە غەم ، كىن .
ئوچۇق چىراي بىلەن كۈتتۈۋالدى شاھ ،
بېشىدا ئولتۇرغۇزۇپ كۈتتۈۋالدى شاھ .
تەھەمتەن سوھرابتىن ئاچسىلا ئېغىز ،
دېيتتىكى : « ئالەمدە بۇ باتۇر يالغۇز .
ئانا سۈتى ئاغزىدىن كەتمەستىن تامام ،
قىلماقتا نى نوچى ئىشىن سەرەمجان .
بېشى يېتىپ بارار يۇلتۇزغا يېقىن ،
يەر ئىگراپ ، كۆتۈرەر كېلەگسىز تېنىن .
ئالەمگە ۋەھىمە سالار چاڭگىلى ،
تۆگە كېلەر ئۇندىن كىچىكە قانغىلى .
قىلىچىم ، كەمەندىم ، گۇرزەم ئىشقا سېپ ،
ئۇنى ھەر تەرەپتىن ئۇردۇم ئېلىشىپ .
شۇندا ئويلاپ ـ ئويلاپ ئۆزۈمگە دېدىم ،
قانچىلارنى ئاتتىن غۇلىتار ئىدىم .
شۇ خىيالدا تۇتتۇم مەن كەمەرىدىن ،
قىستىم ئاجرالغۇدەك سۆڭەك ـ سۆڭەكتىن .
ئېگەرىدىن ئۈزۈپ ئالماقچى ئىدىم ،
باشقىلاردەك يەرگە ئۇرماقچى ئىدىم .
بوراندىن مىدىرلاپ كېتەر ئەزىم تاغ ،
ئەمما ئۇ مىدىر قىلماي ئۈزۈلدى بەلباغ .
ئايرىلىپ قايتتۇق بىز كىرگىنىدە كەچ ،
ئاسمان ئايسىز ئىدى ، نۇر كۆرۈنمەس ھېچ .
ئەتە سەھەر يەنە دۇچ كېلەرمىز ، دۇچ ،
يەككە ئېلىشىشتا كۈچ سىنىشارمىز ، كۈچ .
ئەتە مەلۇم بولۇر ، زەپەر كىمگە يار ،
تەقدىرگە نېمە يازغان پاك پەرۋەردىگار .
ھاياتقا ، ماماتقا قاراتقان ئۆزى ،
قۇياش بىلەن ئاينى ياراتقان ئۆزى . »
كاۋۇس شاھ دېدىكىم : « ئۇ يەزدانى پاك
يامانلار دىلىنى قىلار چاكۇ چاك .
بۇ تۈننى ئۆتكۈزگۈم سەجدىدە بېشىم ،
پاك تەڭرىم ئالدىدا ئىمان يولدىشىم .
گۇمراھ تۈرك ئۈستىدىن غالىبلىق تىلەي ،
سېنىڭ زەپەرىڭنى ئىلتىجا قىلاي .
بۇ قېتىم لىپمۇ لىپ تولسۇن دىل كامىڭ ،
قۇياشتىنمۇ ئېگىز پارلىسۇن نامىڭ ! »

ئاڭا رۇستەم دېدى :« ئۇلۇغ شاھ نامى
يار بولسا ھەل بولۇر ياخشىلار كامى . »
لەشكەرگاھقا قەدەم تاشلىدى بە سۆلەت ،
بېشى مىڭ ــ مىڭ خىيال ، دىلدا ئاداۋەت .
زەۋارە قارشى ئېپ قىلدىكىم سوئال :
« جاھان پالۋانىم ، قانداق ھال ـ ئەھۋالىڭ ؟ »
ئاۋۋال ئۇندىن تاماق سورىدى رۇستەم ،
ئاندىن يوق بولۇپ كەتتى دىلدىن ئەلەم
ۋە بۇرادىرىگە دېدى : « بول بىدار ،
ئالدىراڭغۇ بولما ، ھوشيار بول ھوشيار .
قۇياش تىغ ئۇرغاندا كېچە جېنىغا ،
بارارمەن ئاشۇ ئات غەنىم يېنىغا .
سپاھىمنى سەپلەپ ، تۇغۇم قىل ھازىر ،
تەختىم ، زەر ئۆتۈكۈم ، قورالىم بىر ــ بىر .
ئالەمگە ئىللىق شولا چاچقاندا قۇياش ،
چېدىرىم يېنىدا بولغىن قوشۇپ باش .
ئەگەر رەببىم زەپەر بەخش قىلسا ئۇ چاغ ،
ئۇرۇش مەيدانىدا قالمىقىم ئۇزاق .
ئەگەر باشقىچە بولۇپ كەتسە ئىش ،
ئاھۇ ۋاھ ئەيلىمە ، قىلما ھېچ نالىش .
مەيدانغا ھېچكىمنى ئەۋەتمە بىكار ،
بىكار سوزۇلمىسۇن قانلىق كارۇ زار .
زابۇلىستانىسېرى بىر ـ بىر يول ئالغىن ،
داستان ھۇزۇرىنى خاتىرجەم قىلغىن .
سەۋر سۇيىن سېپىپ دەردىم سوۋۇتقىن ،
يۇمشاق سۆزلەر بىلەن ئانام كۆندۇرگىن .
ئۆلۈمۈم داغىدا دىلى سۇنمىسۇن ،
بەھۇدە تىنىمسىز كۆز ياش تۆكمىسۇن .
دۇنيادا ھەممىگە شۇدۇر پەيمانە ،
رۇستەم ئۆلۈمگە ھېچ تاپماس باھانە .
قانچە دىۋە ، شىر ، يولۋاس ، قاپلانۇ لەھەڭ ،
نابۇت بولۇپ كەتتى قىلغىنىمدا جەڭ .
قانچە قورغانلارنى قىلغىنىمدا پەس ،
ھېچكىم قىلالمىدى مېنى قىلچە پەس .
كىم جەڭگە ئالدىرىسا ئەگەر مىنىپ ئات ،
ئۆلۈم ئىشىكىنى تاقىلدىتار پات .
ئەگەر ياشساڭمۇ مىڭ يىلدىن ئارتۇق ،
ئاخىر شۇ بولۇر پەلەكتىن تارتۇق .
نەزەر سال جەمشىدتەك پادىشاھى بەلەند
ياكى تەھمۇراستەك دادىل دىۋبەند .
دۇنيادا ئۇلاردەك بولغانمىدى شاھ ،
ئۇلارنىمۇ ئۆلۈم تىنجىتتىغۇ ئاھ !
ئۇلارسىز ئايلىنار ۋاپاسىز پەلەك ،
ناھەقلىق تۈگەرمۇ بىزمۇ جۆنسەك ؟!
دۇنيا ھېچ كۆيمىسۇن داستان ئاھىدىن ،
يۈزىن ئۆرىمىسۇن جاھان شاھىدىن ،
سۇسلۇق قىلمىغىن باشلىسا ئۇرۇش ،
ياخشىمەس شاھ سۆزىن ئىككىگە بۆلۈش .
قېرىيۇ ياش ئاخىر يۇتىدۇ لەھەد ،
ھېچكىم بۇ دۇنيادا قالمىغاي ئەبەد . »
يېرىم تۈن سوھرابتىن قىزىدى سۆھبەت ،
قالغان يېرىمىدا ئۇيقۇ ھالاۋەت .

## سوھرابنىڭ رۇستەمنى يىقىتالىقى

قاناتىنى يايغاندا ئالەم قۇياشى ،
جايىغا يول ئالدى تۈن قارا باشى .
مۇرىگە يولۋاس تون سالدى تەھەمتەن ،
ئەجدىھا ئېگىرىدە ئولتۇردى بەلەن .
سپاھتىن ئۈچ پەرسەڭ نېرىدا مەيدان ،
ئارىدا كۆرۈنمەس بىرمۇ تىرىك جان .
جەڭگاھقا يېتىشتى باتۇرلار شاھى ،
قولدا گۇرزە ، باشتا پولات كۇلاھى .
بەھەد ئارزۇ دىلغا بولمىسۇن يولداش ،
دىل خىرىسىغا بالا كېلىدۇ پاداش .
ئۇ تامان بەزم قىلىپ سوھرابى گۈلرۇ ،
گۈلگۈن شاراب ئىچىپ ، تىڭلايتتى چالغۇ .
ھۇمانغا دېدى : « ئەجەب شىرى مەرد ،
مەن بىلەن باراۋەر قىلىدۇ نەبەرد .
بويى مېنىڭكىدىن كەم ئەمەستۇر ، كەم ،
قورقۇش نېمە بىلمەس ، قىزغىن جەڭدە ھەم .
مېنىڭدەك كەڭ يەلكە ، مەندەك جەزبىدار ،
قېلىپىمىز بىردەك ، يا پەرۋەردىگار !

ھەر دائىما مېنى ئويغا سالىدۇ ،
سىنچىلاپ قارىسام ، ئەقلىم ئازىدۇ .
ئانام ئېيتقان بولسىمۇ ھەر تۈرلۈك نىشان ،
يۈرەك تۇيار ، ھەممە بۇندا نامايان .
گۇمانىم شۇدۇركى ، بەلكى ئۇ رۇستەم ،
ئالەمدە ئۇنىڭدەك جەڭ قىلغىنى كەم .
ئۆز ئاتام بىلەن جەڭ قىلسام نى بولۇر ؟
يۈزۈم قارا بولۇپ ـ ئۆلسەم نېم بولۇر ! »
ھۇمان ئاڭا دەر : « جەڭ قۇرغاندا بازار ،
كۆپ قېتىم رۇستەمگە دۇچ كەلگىنىم بار :
مازەندەراندا ئۇ قانداق جەڭ قىلدى ،
گۇرزىسى ھەممىنىڭ ھالىن يەر قىلدى .
تۇلپارىنىڭمۇ بۇ ئاتقا ئوخشاشلىقى بار ،
ئەمما تۇلپار غەيرىتى ئاڭا ئەمەس يار . »
سەھەر بىلەن ئاپتاپ ئۇرغىنىدا دەم ،
باھادىرلار تۇردى ئۇيقۇدىن بەردەم .
سوھراب جەڭ لىباسىن كىيگەن شۇ چېغى ،
باشتا ئۇرۇش غېمى ، دىلدا بەزم نامى .
گۈركىرەپ مەيدانغا كىرىپ باردى تېز ،
قولدىكى گۇرزىسى زەربى مىسلىسىز .
رۇستەمگە سۆز قاتار ، لېۋىدە كۈلكە ،
گويا ئۆتكۈزگەندەك تۈننى بىقايغۇ :
« كېچەڭ قانداق ئۆتتى ، كۈندىن نى مۇراد ؟
جەڭگە كىرمەكچىسەن كۆڭلۈڭدە نى يار ؟
بەلكى تاشلىغايسەن گۇرزەڭنى ئاسان ،
ئاداۋەت پەنجىسىن قىلغايسەن يەكسان .
بىر قاچا مەي تۇتۇپ ، ئولتۇرساق ھەمدەم ،
بەزم قىپ ئۇنۇتساق قەھرۇ كىنىن ھەم .
تەڭرى ئالدىدا قىلىپ ئەھد ـ پەيمان ،
كېچىكى يۈرۈشتىن قىلىپ پۇشايمان .
مەيلى گەر باشقىلار قىلىشسا رەزم ،
ئىككىمىز ئولتۇرۇپ ، تۈزەيلى بەزم .
يۈرەك مېھرى ساڭا چۈشمىش بەغايەت ،
سەن بىلەن ئېلىشىشقا قويماس دىيانەت .
پالۋانلار بولسا گەر ساڭا ئەجداد ،
ئالدىمدا ئېيتقىن جەمىن بىر ـ بىر ياد .
مېنىڭ بىلەن بۇگۈن بولدۇڭ ھەمنەبەرد ،
نامىڭنى يوشۇرماق نېچۈن ، بولساڭ مەرد .
بوۋاڭ سام ئەمەسمۇ ، پەدەرىڭ داستان ،
سەن ئەمەسمۇ ، زابۇللۇق رۇستەم پەھلىۋان ؟ »
ئاڭا رۇستەم دېدى :« ئەي شۆھرەتلىك ئەر ،
قاي باھادىر بۇنداق بىكار سۆزنى دەر .
يەنە تۇتۇشماققا كەلگەنىدىم مەن ،
مېنى ئالداپ تۇزاققا چۈشۈرمەكچىسەن .
مەن گۆدەك ئەمەسمەن ، سەن ياش بولساڭ گەر ،
تەۋەككۇلگە باغلاپ كەلگەنمەن كەمەر .
تالاش مەيدانىدا غەيرەت قىلايلى ،
تەڭرى خالىغىنى نېمە ، بىلەيلى .
خوپ كېزىپ كۆرگەنمەن كۆپ پەس ۋە بەلەند ،
لاپ سۆزلەپ ، ھېچ كىشى بىرەلمەيدۇ پەند . »
سوھراب ئاڭا دېدى : « ئەي قېرى ئادەم ،
سۆزۈمنى ئالمىساڭ ، جايىڭ ئال شۇدەم .
ھاياتىڭنى قانلىق ئۇرۇشتا ئەمەس ،
تىنچلىقتا تۈگەتمەك قىلغانتىم ھەۋەس .
سەندەكلەرنى قەبرە يۇتار شۇ ئاندا ،
روھىڭ ئۇچۇپ كېتەر ، تېنىڭ زىنداندا .
نەيلەي ، بۇگۈن جېنىڭ قولۇمدا چىندان ،
قويۇۋەتكۈم بار ، لېكىن تەقدىر شۇ ئىكەن . »
جەڭگىۋار ئاتلاردىن چۈشۈشتى يەرگە ،
ساۋۇت ، پولاتلار بىلەن چۈشۈشتى يەرگە .
ئاتلىرىنى تاشقا باغلاپ كېلىشتى ،
ئاداۋەتتىن دىلنى داغلاپ كېلىشتى .
ئېلىشىپ كېتىشتى نەق قۇترىغان شىر ،
تەرگە قان قېتىشتى ، قارا قانغا تەر .
سەھەردىن چۈشكىچە گاھ بۇ ، گاھ ئۇ
زور كېلىپ ئېلىشتى قىلىپ ھايۇ ھۇ .
بىر چاغدا مەست پىلدەك تاشلاندى سوھراب ،
چاچرىدى ، زەربىگە شىر بىرەلمەي تاپ .
رۇستەم بەلبېغىدىن ئەركىن كۆتۈردى ،
زورىدىن گوياكى يەرگە دىز كەتتى .
سوھراب نەرە تارتتى ، ئاۋازىدا كىن ،
رۇستەمنى يىقىتتى قىلىپ بىر تىيىن .
شىر زەربىدىن يەرگە يىقىلغان قۇلان ،
دەرمانسىز ياتاتتى يەردە تەھەمتەن .

پىلدەك بېسىپ سوھراب ياتار ئۇستىدە ،
خەنجەر ئالار جېنىن ئېلىش قەستىدە .
رۇستەم نەزەر تاشلاپ دېدى بەھۇزۇر :
« سەن ھېلى نەۋقىران ، ھېلى كۆزلۈك كور .
مەن ساڭا ئاچايمۇ ، ئەي شىر باھادىر ،
جاھان مەردلەر ئارا بار قانداق بىر سىر .
باشقىچە بىزدىكى ئۆرۈپ ۋە ئادەت ،
مەردلىكتىن ئىمان تاپار زىياپەت .
يەككە ئېلىشىشتا تۇنجى نۆۋەتتە ،
ياۋنى يەڭسە ، يەردە ياتسا بىچارە ،
دەسلەپتىلا يەرگە ئۇرسا جىسمىنى ،
ئاداۋەتتىن دەرھال كەسمەس بېشىنى .
ئەگەر يەنە بىرنى يىقىتسا شىر مەس ،
قارا تۇپراق ئىچرە يەنە ئەتسە پەس .
مەيلى بېشىن قىلسۇن تېنىدىن جۇدا ،
رەسمىي ئادەت شۇنى قىلار تەقەززا . »
شۇنداق ھىيلە بىلەن ئەجدىھا قولىدىن
قۇتۇلالمىدى ناتىۋان تەھەمتەن .
ياشنى ئىشەندۈردى كۆپ كۆرگەن قېرى ،
بولمىسا بۇ سۆزلەر ئارتۇقچە ئىدى .
ياشلىق ئەجەبمەس مەردلىك ۋە پاكلىق ،
ياشلىقتا يولداشتۇر تۈرلۈك بۆۋەكلىك .
قويۇپ بېرىپ كەتتى دەشت تامان ،
ئوتلاپ يۈرۈشەتتى ئاھۇ ۋە قۇلان .
شىكارغا بېرىلدى ، چىقتى يادىدىن ،
قەلبى ئۆچكە تولغان ، يەر قۇچقان دۈشمەن .
كۆپ ۋاقىت ئۆتتى ھۇمان مىسلى چاك
پەيدا بولۇپ دېدى : « نېمە بولدى جەڭ ؟ »
ھۇمانغا دېدىكىم جەڭ تەپسىلاتىن ،
بىرمۇ بىر سۆزلىدى رەقىبى ھالىن .
ھۇمان دېدى : « دەرىغ ، ئەپسۇس نەۋقىران ،
جېنىڭدىن تويۇپسەن كېرەك ئەمەستەك جان !
ئەپسۇس ، بۇ بوي - بەس ، ئەپسۇس قول - ئاياغ ،
ئەپسۇس بۇ كۆكرەك ، بۇ تىغۇ پىچاق .
يولۋاسقا بېرىپسەن پۇرسەت ھەمدە دەم ،
لېكىن بوشاتماق نېچۈن ؟ بوپتۇ بۇ ئىش خام .
باق ، بۇنداق بىھۇدە ئىشىڭدىن ساڭا ،
كەلمىسۇن بېشىڭغا غايەت زور بالا .
دانا شاھ سۆزلىرى يادىمدا ھامان :
‹ئاجىز ياۋنى پەسەنت قىلماسلىق يامان .› »
شۇنى دەپ جىم بولدى يۈرىكى كۆيۈپ ،
غەم يېدى ، بالانى ئالدىدىن تۇيۇپ .
ئاڭا دېدى بىپەرۋا سوھراب پەھلىۋان :
« خۇشۋاق بول ، دىلىڭدا قالدۇرما گۇمان .
ئەتىگە جەڭ ۋاقتى بولغان مەھەلى ،
چۇلۇۋۇرۇم بويىندا كۆرەرسەن تېخى . »
لەشكەر گاھى تامان كېتىپ باراتتى ،
دۈشمەنگە غەزەپتىن دىلى ياناتتى .
رەقىبى قولىدىن قۇتۇلغان شۇ دەم ،
پولات تاغدەك ئېغىر قوزغالدى رۇستەم .
توپتوغرىلا ماڭدى ئېقىن سۇ تامان ،
قايتىپ كەلگەنىدى چىقىپ كەتكەن جان .
سۇ ئىچتى ، ئاندىن يۇدى يۈز - كۆز ، قېشىنى ،
تەڭرى سەجدىسىگە قويدى بېشىنى .
« ياۋ ئۈستىدىن زەپەر تىلەر كۆزدە ياش ،
بىلمەس نە « مۇكاپات » بېرەر ئاي ، قۇياش .
قويىندىن قۇياشى كېتىشىن بىلمەس ،
بېشىدىكى تاجى كېتىشىن بىلمەس .
ئاڭلىغانىتىم ئاڭا ياشلىقتىن خۇدا
قۇۋۋەت بەرگەنىكەن تېگى يوق ئەسلا .
ئەگەر تاشقا ئاياغ باسار بولسا ھەم ،
سالماقلىقتىن ئايىغى پاتىدۇ مەھكەم .
مېڭىشقا قىينىلىپ جاندىن تويىدۇ ،
ھەرقانداق ئارزۇنى چەتكە قويىدۇ .
خۇداغا يېلىنىدى ، قىيدىرىپ داۋا ،
پەقەت بىر ئارزۇنى قىلدى ئىلتىجا :
« كۈچىن بىر قىسمىنى ياندۇرۇۋالسۇن ،
ئۇمۇ باشقىلاردەك ئاجىز يارالسۇن . »
شۇندا ئىلتىجاسى بولۇپ ئىجابەت ،
خېلى كەمەيدىكى ئۇندىكى قۇدرەت .
يالۋۇرۇپ دەيتتى : « قۇدرەتلىك ئىلاھ !
بۇ بەندەڭگە ئۆزلۈك بول پۇشتى پاناھ .
بۈگۈن ئىستىكىم شۇ ، پاك پەرۋەردىگار ،
دەسلەپتە كۈچكە قايتىمسام ئەھۋالىم ناچار . »

يەنە ئىلتىماسى تەگرىگە مەقبۇل ،
يىگىتلىك كۈچىگە تولدى ئاياغ - قول .
ئېرىق بېشىدىن دەل جەڭگاھقا كەلدى ،
يۈز سامان ، خىيالچان ، ياناتتى باغرى .
مەست پىلدەك سوھرابمۇ كەلدى چېپىپ ئات ،
بىر قولىدا كامانۇ بىرىدە پولات .
شىردەك نەرە تارتىپ كەلدى ئۇ پالۋان ،
ئىشىدىن لەرزىدە زېمىنۇ ئاسمان .
رۇستەم ئۇنى كۆرۈپ تىكىلىپ قالدى ،
سوھرابتىن ئەجەبلىنىپ خىيالغا تولدى .

يەنە قامىتىدىن ئېلىپ ئەندىزە ،
ھەيران بوپ ، پەرىشان چۆكتى غەم ئىچرە ...
سوھراب بولسا ئۇنى كۆرگەن ھامانى ،
شوخ كۆلدى جۇش ئۇرۇپ ياشلىق جەۋلانى .
كۆردى ئۆزگەرگەندەك رۇستەمنىڭ ئەپتى ،
شەۋكىتى ، قامىتى ، سۆلەت ، بىلىكى .
دېدى : « شىر ئالقىنىمدىن ئاسان قۇتۇلدۇڭ ،
بۇ نى جۇرئەت ؟ قايتا يەنە تۇتۇلدۇڭ ؟
ئېيتچۇ كەلدىڭ يەنە نېم خىيال بىلەن ؟
ھە ئېسىمدە ، راست ، سۆز چىقمايدۇ سەندىن . »

## سوھرابنىڭ رۇستەم قولىدا ھالاك بولغانلىقى

يەنە ئاتلىرىنى باغلىشىپ مەھكەم ،
ئالاي سىنىماققا قويۇشتى قەدەم .
قاچانكى غەزەپلەنسە تەقدىرى شۇم
قارشىسىدا ھەتتا قۇرامتاشمۇ موم .
يەنە بەل تۇتۇشۇپ باشلىۋەتتى جەڭ ،
بەل باغلاپ ، بىر - بىرىن قىلىپ يەرگە تەڭ .
سىپاھدار سوھرابنىڭ قۇدرىتى ، قولىن ،
پەلەك باغلاپ قويغان كۆرۈنەر يولىن .
قەھرىلىك سوزۇلدى رۇستەم چاڭگىلى ،
گەدىنىدىن ئالدى قانغا قانغىلى .
ياش قەددىنى ئەگدى رۇستەم بىمەھەل ،
كۆنى پۈتكەچ تەقدىر تاپالماس ئامال .
ئېلىپ يەرگە ئۇردى نەررە شىرسىياق ،
ئەمما بىلەر سوھراب جىم ياتماس ئۇزاق .
قىنىدىن تېز چىقىرىپ مىسلى ئەجدىھا ،
ئاتا ئۇردى ئوغۇل كۆكسىگە خەنجەر !
كىمىكى تىغ كۆتەرسە خەقنىڭ جېنىغا ،
زامان تەشنا بولۇر ئۇنىڭ قېنىغا .
سوھراب بىر تولغىنىپ تارتتى چوڭقۇر ئاھ ،
ئاڭا ئەمدى بىردەك ساۋاپۇ گۇناھ .
پىچىرلار : « نېم بولسا ئۆزۈمدىن كۆردۈم ،
پالاكەت ئاچقۇچىن قولۇڭغا بەردىم .
سەندە ھېچ گۇناھ يوق ، بۇ تەتۈر پەلەك ،
ئۆلۈمگە سىنى قىلىپتۇ دەستەك .
ئوينىاپ يۈرۈشىدۇ ، ھەممە تەگدىشىم .
تۇپراققا كۆمۈلەر نەۋقىران بېشىم .

ئاتام نىشانىنى ئېيتقاندا ئانام ،
بۇ مۇھەببەت سالدى بېشىمغا ئەلەم .
پەدەرىم دىدارى جېنىمغا ئارمان ،
شۇ ئارمان دەپ تەندىن كېتەر ئەزىز جان .
مىڭ ئەپسۇس زەھمىتىم بەرمىدى ھاسىل ،
ئاتام دىدارىغا بولمىدىم ۋەسىل .
ئەمدى سەن دەريادا بېلىق بولساڭمۇ ،
قارا تۈندەك گەر نا ئېنىق بولساڭمۇ ،
يا ئاسمانغا چىقىپ ، بولساڭمۇ يۇلتۇز ،
پاكىز بول ، يەردىن ئۈمىدىڭنى ئۈز .
ئاتام بىلسە ، تۇپراق مېنىڭ ياستۇقۇم ،
خۇنۇم ئىزدەپ كېلەر ، كۆتۈرەر تۇغۇم .
شۇنچە نامدارلاردىن بىرەر ئادەم ،
بېرىپ ئېيتسا خەۋەر تاپارغۇ رۇستەم .
دېگەيكى : « نامىمنى تىلىدا تەكرار ،
تەكرار ئېيتىپ ھالاك بولدى ئۇ سەركار . »
گاڭگىراپ قالدى بۇنى ئاڭلاپ رۇستەم ،
قاپقاراڭغۇ بولدى كۆزى ئالدى ھەم .
قول - پۇتى بوشىشىپ ئارامى قاچتى ،
ھوشىدىن كېتىپ ياتتى ، كېيىن كۆز ئاچتى .
قايتا ھوشىغا كەلگەچ ، ئەيلىدى سوئال ،
نالە قىلىپ دېدى : « قېنى ئېيتىپ قال .
بارمۇ تەھەمتەندىن سەندە بىر نىشان ؟
نامى ئۆچسۇن ئۇنىڭ بۇگۈندىن بۇيان !
مەن رۇستەم ، يەر يۈتسۇن مېنى شۇ زامان ،
ماتەمىمنى تۇتسۇن ، سام ئوغلى ـ داستان ! »

نەرە تارتىپ، قىنى قىزىپ، چىكەر ئاھ،
چاچلىرىنى يۇلۇپ ئەيلەر ئاھۇ ۋاھ.
رۇستەمنى بۇ ھالدا كۆرۈپلا سوھراب،
يەنە ھوشىدىن كەتتى يۈرەك - باغرى ئاب.
كېيىن ئاستا دېدى: «سەن بولساڭ رۇستەم،
بەتخۇلقىڭدىن ئۆلدۇم، دىلىمدا ئەلەم.
نەچچە تىرىشىپ بولدۇم رەھنەما،
مېھىر ئويغاتمىدى دىلىڭدا ئەسلا.
ئەمدى يەش ئۈستۈمدىن ساۋۇتنىڭ بېغىن،
ئىنچىكىلەپ قاراپ، تاپ كاللەك يىپ ئۇچىن.
ئۆرۈش ناغرىسى چېلىنغان زامان،
ئانام يېتىپ كەلدى يۈرەك - باغرى قان.
بىلىكىمگە باغلاپ قويدى بىر گۆھەر،
دېدىكىم: ‹ مانا بۇ ئاتاڭدىن ئەسەر.
سېنىڭ بىلەن كېتەر روھى راۋانىم،
كېرەك بولسا، ئۇنى ئاسرا، ئوغلانىم.
بۇگۈن تەقدىر ئىكەن قالدى بۇ بىكار،
ئوغۇل ئۆز ئاتىسى ئالىغىدا خار! ›
ئېچىپ ساۋۇت كۆردى رۇستەم بىچارە،
ئۆز كىيىملىرىن ھەم ئەيلىدى پارە.
داد سالدى: ‹ ئاھ، ئوغلۇم، جانۇ جاھانىم،
دەستىمدىن ئۆلدۈڭمۇ، باتۇر پالۋانىم! ›
يۈزلىرىن تاتىلار، توپا ئىچرە باش،
چېچىن يۇلۇپ، كۆزدىن تۆكەر قانلىق ياش.
سوھراب دەر: ‹ يىغلىما بۇنداق، جان ئاتام،
پەريادىڭ دىلىمنى ئۆرتەر يەنە ھەم.
ئەمدى غەم قىپ ئۆزىن ئۆلتۈرۈش نېچۈن،
تەقدىر شۇنداق ئىكەن، بولما جىگەر خۇن. ›
كۆكنى تەرك قىلىسمۇ خۇرشىدى تابان،
تەھەمتەن مەيداندىن قايتماستى ھامان.
يىگىرمە ئايغاقچى كەلدى شۇ ھامان،
بىلەيلۇق، مەيداندا نى خەۋەر دېبان.
ئىككى ئات تۇراتتى، ئۈستى چاڭ توپىراق،
رۇستەم كۆرۈنمەيتتى ھېچ يەردە بىراق.
نە ئىگەر ئۈستىدە، نە مەيدان ئارا،
كۆرۈنمەيتتى پىلتەن، بۇ نىمە ماجرا؟
ئۆلدى دەپ تۆكۈشۈپ كۆزنىڭ يېشىنى،
كەلگەن سەربازلارنىڭ ئايلاندى بېشى.
يۈگۈرۈپ كاۋۇسقا بېرىشتى خەۋەر،
تەختىڭ بوشاپ قالدى رۇستەمدىن دېگەر!»
لەشكەرلەر پىغانى چىقتى پەلەككە،
ئەلمى ئوق سىلىپ قانچە يۈرەككە.
«ناغرىلار چېلىنسۇن! — دېدى شاھ كاۋۇس، —
قوشۇنلار سەپ تارتسۇن، يېتىپ كەلسۇن تۇس.
مەككارلار ئەۋەتىڭ جەڭ مەيدانىغا،
تۇرانلار ئوڭ ۋە سول تامانىغا.
بېرىپ بىلسۇن سوھراب نېم بىلەن مەشغۇل،
ھالىمىز بىلمىسۇن يىغلىماق نوقۇل.
رۇستەمدەك پالۋاندىن ئايرىلساق ئەگەر،
سوھرابقا يۈزمۇ يۈز ئەمدى كىم چىقار؟
بۇ ئەجدىھاغا قارشى تۇرمىغان ياخشى،
بۇ جەڭگاھقا يېقىن ماڭمىغان ياخشى.»
قۇلاققا بۇ شاۋ - شۇۋ يەتكەچكە سوھراب
پىلتەنگە پىچىرلاپ قىلدىكىم خىتاب:
«ئەمدى مېنىڭ كۈنۈم تۈگىدى - پۈتتى،
تۇرانلار ئىشى تەتۈرگە كەتتى.
بار مېھرىڭنى توپلاپ شۇنداق قىلكى، شاھ،
تۇرانلار سېرى تارتمىسۇن سىپاھ.
مەن ئۆرۈش ئىزدىدىم، ئۇلار كەينىمدىن
مېنى دەپ چىقىشتى ئانا يۇرتۇمدىن.
مەن كۆپ ۋەدە قىلدىم سۆيۈنچۈ شادلىق،
ھەربىرى ئىزدىدى كۆڭۈل ئاۋاتلىق.
بىز نەدىن بىلەتتۇق پالۋان ئۇ رۇستەم،
دېمىگەن ئالار جانىنى ئۆز ئاتام!
يولدا خاتىرجەملا يېتىپ ئېلىشسۇن،
ياخشىراق نەزەر سال، رازى بولۇشسۇن.
قەلئەدە ئىرانىنىڭ بىر باتۇرى بار،
كەمەندىمگە چۈشكەن ئىدى زارۇ - زار.
ئۇندىن سورىغانتىم سېنىڭ نىشانىڭ،
كۆز ئالدىمدا دائىم تامى رەخشانىڭ.
ئازغاشتۇردى مېنى ئۇنىڭ يالغىنى،
يەر يۈزىدىن ئۆچسۇن نامۇ نىشانى.
يالغان سۆزلەپ سالدى باشقا ماجىرا،
ئۈمىدىم پۇچ بولدى يورۇق كۈن قارا.
كىم ئىكەن بىلەرسەن ئاشۇ ئىرانى،
لېكىن مەنچۇن ئازاب چەكمىسۇن جېنى.
ئانام ئېيتقان نىشان كۆزۈم ئالدىدا،
تۇرسىمۇ ئىشەنمەي، مانا كەينىدە.

پالاكەت بېشىمدا ، شۇم ئىكەن تەقدىر ،
ئاتام دەستىدىن مەن ئەجەلگە يار .
چاقماقتەك كەلدىمۇ كەتتىم مىسلى باد ،
ئۇ دۇنيادا يۈزۈڭ كۆرەلىسەم دىل شاد . »
ئەلەمدىن نەپەسى بوغۇلدى رۇستەم ،
دىلىدا دۇت ـ ئاتەش ، كۆزلىرىدە نەم .
تۇلپار ئېگىرىگە قوندى مىسلى گەرد ،
دىلى خۇن ، لېۋىدە ئۇچار ئاھى سەرد .
داد سېلىپ لەشكەرگە كەلدى تەھەمتەن ،
قىلمىشىدىن دەردكە تولدى تەھەمتەن .
ئىرانلار ئۇنى كۆرۈپلا كۆزى ،
سەجدىدە تۇپراققا سۈركىدى يۈزى .
شۈكرانە ئېيتىشتى تەڭرىگە چەندان ،
جەڭدىن تىرىك قايتىمش رۇستەمى پالۋان .
ئۇلار كۆرۈشتىكى باش ـ كۆزىدە خاك ،
كىيىملىرى پارە ، تېنى چاكمۇ چاك .
سوراشقا باشلىدى : « كىم ھوشۇڭ ئالدى ،
كىم سېنى بۇنداق بىر ئەھۋالغا سالدى ؟ »
سۆزلەپ بەردى قىلغان غېرىب ئىشىنى ،
ئۆزى ئالغىنىن ئۆز ئوغلى جېنىنى .
پۈتۈن قوشۇن شۇندا ھەرىكەتكە كەلدى ،
رۇستەم ھوشىدىن كەتتى ۋە ھوشىغا كەلدى .
ئاندىن ساھىبدىللارغا سۆزلىدى رۇستەم :
« دىلىم پارە بولغۇن ، ئېزىلدى دىلىم .
تۇران جېڭىن ئەمدى قىلماڭلار ھەۋەس ،
مەن بۇندا كۆرسەتكەن ياۋۇزلۇقۇم بەس . »
زەۋارە پىلتەنگە كەلدىكى يېقىن ،
ياقىسى يىرتىلغان ، يۈزلىرى سۇلغۇن .
ئۇكىسىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ باھادىر ،
سوھراب سۆزىنى ئېيتىپ بەردى بىرمۇ بىر :
« پۇشايماندا قالدىم ئىشىمدىن بۇگۈن ،
مۇكاپاتى ئېغىر بولدى ، باغرىم خۇن .
ئوغلۇمنى ئۆلتۈردۈم قېرىغان چېغىم ،
يىلتىزىن قۇرۇتتۇم ، شۇ يۈرەك دېغىم .
تىغىمدىن ئۆز ئوغلۇم تەسلىم قىلدى جان ،
تا قىيامەت كۈنگىچە يىغلىغاي ئاسمان ! »
ھۇمانغا ئەۋەتتى خەۋەر قىرغىندىن :
« ئاداۋەت قىلىچىن تارتما قىنىدىن !
تۇران لەشكىرىگە سەن قالدىڭ سەردار ،
ھوشيار بول ، پاسىبان بول ، تۈنۈكۈن بىدار .
ساڭا جەڭ نىيىتىم يوقتۇر ، ۋەسسالام ،
ئارتۇقى ئارتۇقتۇر ، سۆزۈممۇ تامام .
ھەققەتنى ئۇندىن يوشۇرۇپ يامان
جېنىمغا ئوت سالدىڭ ، باغرىم تولغان قان ! »
ئاندىن دوستىغا دېدى :« ئەي باتۇر پالۋان ،
بۇنى تېز ئېلىپ بار ، ئەي ئاقىل ئىنسان .
دەريا لېۋىگىچە تەڭ بار ئالدىراپ ،
ئۇلاردىن ھېچكىمنى قىلمىغىن ئىتاپ . »
زەۋارە ئات چېپىپ كەتتى شۇ ھامان ،
رۇستەم سۆزىنى ئۇندىن ئاڭلىدى ھۇمان .
ئاڭا جاۋاب بەردى : « تۈرك پالۋانى ،
سوھرابىمىز بولدى ھېلى قۇربانى .
دىلىدا يامانلىق ساقلىغان ھەجىر ،
قەستەنگە ئېيتمىدى ، يېپىق قالدى سىر .
ئۇ ئاتىسىنى سورار ، بۇ تولغايتتى باش ،
قەلبىگە جاھىللىق ، يامانلىق يولداش .
شۇ سەۋەب يېپىشتى بىرگە شۇم ئۆلۈم ،
بېشىنى ئېلىشقا تەييار ئوڭ قولۇم . »
زەۋارە تەھەمتەن يېنىغا كېلىپ ،
بىر ـ بىر ئېيتتى ، كەلدى نېمىلەر بىلىپ .
دىلىغا غەزەپ تولدى ھەجىر ئىشىدىن ،
زامان ئاشۇرغىنىدىن سوھراب تەشۋىشىن .
رۇستەم قەھرى قايناپ مىسالى ئوغا ،
كۆز ئالدىدا يورۇق جاھان قاراڭغۇ .
ھەجىر قېشىغا باردى دىلدا كىن ،
ياقىسىن تۇتتى ، قىلدى يەر بىلەن يەكسان .
چىقاردى يېنىدىن ئۆتكۈر بىر خەنجەر ،
بىر شىلىتسا ، باشسىز قالار ئىغۋاگەر .
چوڭلار ئارىغا چۈشۈپ شۇ زامان ،
ئۆلۈم چاڭگىلىدىن ئېلىشتى ئامان .
يەنە ئۇ ئايلىنىپ چۆل بورانىغا ،
باردى ئۇ ياربىدار ئوغلى يېنىغا .
ئۇلۇغلارمۇ كەلدى ئۇ بىلەن ھەمدەم ،
ئەقىللىك تۇس ، گۇدەرز ، باتۇر گۇستاھەم .
سەردارلار بەرگىلى رۇستەمگە تەسكىن ،
بىر ـ بىرلەپ يېپىشتى تىللار تۈگۈنى .
بۇ دەردىڭگە داۋا بەرگۈسى يەزدان ،
مۇشكۇلۇڭنى ئۆزى ئەيلىگەي ئاسان .

رۇستەم قولغا ئالدى ئىسپىھان پولات ،
ئۆز بېشىن كەسمەكچى بولغانتى ئۇ پات .
سەردارۇ سەربازلار قىلىپ ئىلتىجا ،
تۇرۇشار كۆزدە ياش ، يۈرەكلەر بەجا .
گۇدەرز ئاڭا دېدى : « ئەمدى بولماس نەپ ،
جاھانغا ئوت قويۇپ ، چىقارساڭمۇ تەپ .
ئۆزۈڭگە ئۇرساڭمۇ يۈز تىغۇ خەنجەر ،
كۆز قاراڭ بولۇرمۇ ئۇندىن بەھرىدار .
قانچىلىك ئۇرۇنساڭ ، ھېچ پايدا بەرمەس ،
ئەگەر پەيمانىسى تولغان بولسا بەس .
جاھاندىن بۇگۈن ئۇ يىگىت يوقىلار ،
قېنى ئېيت ، كىم بۇندا ئەبەدىي قالار .
ھەممىمىزنى ئاخىر ئۆلۈم قىلار ئوۋ ،
جايىمىز يا ساراي ، يا ئاددىي ئوتاۋ .
كۇنى پۈتۈپ ھەممە ھاياتتىن كېتەر ،
كېيىن نې بولۇر ھېچكىم تاپالماس خەۋەر .
ھېچكىمنى قالدۇرماس بۇ ئۆلۈم غېمى ،
ھەركىمنىڭ بېشىدا بار ئۆز ماتىمى .
يولىمىز يىراقتۇر يا بۇنداق قىسقا ،
بارار جايىمىز بىر ، ھەممىمىز ھەمراھ .

## رۇستەمنىڭ كاۋۇستىن دورا سورىغانلىقى

گۇدەرز قايرىلىپ دېدى شۇزامان :
« ئەي لەشكەرلەر پەخرى ، گۇدەرز پالۋان ،
كاۋۇس شاھقا يەتكۈز مېنىڭ خەۋىرىم ،
بېشىمغا چۈشكەن بۇ زۇلمەتلىك كۈنۈم .
ئۆز ئوغلۇمغا خەنجەر ئۇردۇم بىھۇدە ،
ئۆزۈن تۇرمىغايمەن مەنمۇ دۇنيادا .
مېنىڭ خىزمەتلىرىم ئەگەر قىلساڭ ياد ،
نىجاتكارىم بولۇپ ، غېمىم قىل بەرباد .
خەزىنەڭدە نۇشدورا تۇرار مۇھەييا ،
ھەر قانداق كېسەلگە بولىدۇ داۋا .
ئالدىمغا ئەۋەتسەڭ بىر قاچا شاراب ،
قېنى شۇ دورىدىن كۆز ئاچسا سوھراب .
ئەگەر ئۇ داۋادىن ئاچسا كۆزىنى ،
تەختىڭگە بېغىشلار مەندەك ئۆزىنى . »
سىپاھدار بارماقتا گويىكى شامال ،
كاۋۇسقا تاپشۇرماقچۇن خەۋەرنى دەرھال .
كاۋۇس ئاڭا دەر : « رۇستەمى پىلتەن ،
ئابرويى ئالدىمدا يۈكسەك ھەممىدىن .
ئۇ كۆرسەتتى ماڭا بىھېساب خىزمەت ،
نىيىتىم ــــ چۈشمىسۇن ئاڭا مۇسىبەت .
ۋە لېكىن داۋانى ئاڭا ئەۋەتسەم ،
ياش ئوغلىن داۋالاپ ، كۈچەيتسە رۇستەم .
سېنىمۇ بىردەمدە قىلىدۇ ھالاك ،
مېنىڭمۇ باغرىمنى قىلار چاكۇ چاك .
ئەگەر ماڭا يەتسە بىردەم يامانلىق ،
ئۇنىڭغا نېمىشقا بېرەي ئامانلىق .
قىچقارغىنىن كۆردۈڭ : « كاۋۇس كىم ئۆزى ؟
ئۇ شاھ بولسا نېمە ئۇندا تۇس سۆزى ؟ »
سوھراب بۇ قىياپەت . سالاپەتتە بەس ،
ھەتتا بىر ئۆزى كەڭ دۇنياغا سىغماس .
بۇ قۇدرەت تەختىمگە قىلارمۇ خىزمەت ،
ھۇماي سايىسىنى قىلارمۇ ھۆرمەت ؟
ئېسىڭدىمۇ ، ماڭا بەرگەنتى دەشنەم ،
شۆھرەت ، ئابروي جەمى بولغانتى ھارام .
باغرىنى خۇن قىلسا بۇنداق بۇ ئوغۇل ،
ئۇندا شان - شەۋكىتىم كۈل بولىدۇ كۈل .
ئەي كۆپنى كۆرگەن مەرد ، ئەقىللىك ، ئادەم ،
خۇلاسە قىل ، سوھراب سۆزلىرىدىن ھەم .
دەيمىش قىرغىن سېلىپ ئىرانى زارغا ،
كاۋۇسنى ئاسارمەن تىرىكلا دارغا .
ئەگەر ئۇ قالىدىكەن جاھاندا تىرىك ،
ئۇندىن ئازار يەيدۇ كاتتىيۇ كىچىك .
دۈشمىنىنى پەرۋىش قىلسا قاي ئادەم ،
جاھاندا چىقىرار ئەخمەق دېگەن نام . »
گۇدەرز يېنىپ كەتتى ، چاپسان قويۇندەك ،
رۇستەم ھۇزۇرىغا كەلدى تۇتۇندەك .
دېدى : « شاھنىڭ خۇلقى بىر ھەنزەل دەرەخ ،
ھوسۇلى زەھەرلىك مېۋە ھەممە ۋاخ .
توڭلۇقتا ھېچ كىشى ئاڭا يېتەلمەس ،
مەردلەر خىزمىتىنىڭ قەدرىگە يەتمەس .
سېنىڭ ئۆزۈڭ بارساڭ ئۇنىڭ يېنىغا ،
بىرئاز نۇر چۈشۈرمۇ قارا جېنىغا ؟

## رۇستەمنىڭ سوھراب جەستى ئۈستىدە نالە قىلغانلىقى

رۇستەم پەرمانىغا بىنائەن چاكار ،
تون كەلتۈردى زەر بابلىق ئەستەر .
رۇستەم توننى ئوغلى ئۈستىگە يېپىپ ،
بارماق بولدى پادىشاھ يېنىغا چېپىپ .
ئۆزەڭگىگە ئاياغ قويغانلار ھامان ،
قۇلىقىغا يەتتى ، دىلنى ئۆرتەر پىغان :
« سوھراب كۆزىن يۇمدى بۇ كەڭ ئالەمدىن ،
داۋا ئەمەس ، تاۋۇت ئىزدە ، تەھەمتەن ! »
« ئاتا نامىن ئېيتىپ چەكتى سوغۇق ئاھ ،
بىر چەكچىيىپ كۆزىنى ئۇ يۇمدى ، ئاھ ! »
رۇستەم يەرگە سەكرەپ چۈشتى بەك تىترەپ ،
كۇلاھسىز بېشىغا چېچىپ توپا كۆپلەپ .
لەشكەرلەردە چوڭلىرى ھەممە زارۇ زار ،
يىغا يىغلاش ئۈچۈن بولدى بۇلۇتلار .
« ئەي ياش پەھلىۋانىم ، — دەيتتى رۇستەم ، —
باھادىر نەسلىدىن ئىدىڭغۇ سەن ھەم .
سېنىڭدەكنى كۆرمىگەن ئاي ۋە ئاپتاپ ،
نە تاجۇ نە تەختۇ نە قالقان ، نىقاب .
بۇنداق ئىش بولغانمۇ ، بولمىغان ھېچ ، ياق ،
ئۆز ئوغلۇم ئۆلتۈردۈم ، چاچقا چۈشۈپ ئاق .
ئاشۇ مەشھۇر سامغا بىر ئەۋلاد ئىدى ،
ئانا تەرىپىمۇ مەشھۇر زات ئىدى .
مەندەكنى كۆرگەنمۇ دەردمەن ، بۇ جاھان ،
گۆدەك تۆپىسىدە بولسام زوراۋان .
كېسىلسە بولاتتى ھەر ئىككى قولۇم ،
قارا يەر قەھرىگە يۈزلەنسە يولۇم .
يەر ئۈزرە بولۇپ پەس ئۇ تىلەك قامىتىڭ ،
جاھاندىن ئۈچۈرمۇ سېنىڭ شۆھرىتىڭ .
لېۋىڭ سۈتكە تولماي بولۇپ بىنىشان ،
سېنىڭدەكنى نەدىن تاپار بۇ جاھان ؟!
قولۇمدىن چىقاردىم ، يۈرەكتە كۆپ دەرد ،
نەدىنمۇ تاپارمەن ئالىيجاناب مەرد .
نېم دەرمەن گەر خەۋەر تاپسا ئانىسى ،
خەۋەر بەرگىلى كىم بارغەمخانىسى ؟
نېم دەرمەن ، نېچۈن ئۇ ئۆلدى بىگۇناھ ؟
نېمىشقا قىلدىم يورۇق كۈنۈمنى سىياھ ؟
قايسى ئاتا قىلغان بۇنداق مۇدھىش ئىش ؟
سازاۋەرمەن قانچە ئالسام تىل - سۆكۈش .

قاي ئاتا ئۆلتۈرگەن جانىجان ئوغلىن ؟
ئەقىللىك ، باھادىر ، نەۋقىران ئوغلىن ؟
ئۇ تاجدار بوۋىسى ئاڭلىسا مەگەر .
پاكىزە ئانىغا نېم بولۇر خەۋەر ؟
سام نەسلىگە نەپرەت ياغدۇ ئاسان ،
دېيىشەر مېنى دىنسىز ، نادان ، بىئىمان .
كىم بىلىپتۇ دەيسەن ئاخشامقى گۆدەك ،
بۇگۈن ئېگىز قامەت خۇددى سەرۋىدەك .
كىم ئويلاپتۇ تۈزۈپ كېلۇر دەپ سىپاھ ،
كىم ئويلاپتۇ ، كۈنلەر بولۇر دەپ سىياھ .
بۇيرۇدى ، يېپىشتى شاھانە دىبا ،
سوھرابنىڭ يۈزىگە تۇغقان ـ ئاغىنە .
ئارزۇسى ئۆلكەيۇ تەختۇ تاج ـ ياقۇت ،
نېسىۋىسى بولدى تار قىستاڭ تاۋۇت .
تاۋۇتنى مۇرىدە ئېلىپ كېتىشتى ،
ئاتا چېدىرىدا يەرگە قويۇشتى .
سوھراب چېدىرىغا ئوت قويۇپ شۇ چاغ ،
نەۋكەرلەر بېشىغا چېچىشتى تۇپراق .
ئېسىل ، زەر كىمخابتىن تون كۆيدۈرۈلدى ،
چېدىرۇ نەرسىلەر ، تەخت كۆيدۈرۈلدى .
ياڭرىدى تاغۇ تاش ، چۆلۇ دالاسى ،
ئوغۇل ماتەمىدە سىرتلان نالىسى :
« باققاندا سەندەك بىر مەردنى بۇ دۇنيا ،
مىڭ ئىزدىسىمۇ تاپالماس ئەسلا !
ئىسىت شۇنچە مەردلىك ۋە دەريا دىللىق ،
ئىسىت زور قامەتلىك ۋە سالماق قوللۇق !
جان ئاناڭ سەندىن يىراقتا ، ئىسىت !
ئاتاڭدىن دىلىڭ داغ بۇياقتا ، ئىسىت ! »
كۆزىدىن قان تۆكۈپ ، چاچار باشقا خاك ،
شاھانە كىيىمىن قىلدى چاكۇ چاك .
« لەنەتلىكەي ئوغلىن ، — دەيتتى ، — زالى زەر ،
ھەم ئانام رۇدابە پاكۇ كۆپ ھۈنەر .
دېيىشەر بىر گۆدەككە يېتىپتۇ كۈچى ،
كۆكسىنى تىلىپتۇ خەنجىرى ئۇچى .
بۇ تەنىگە بارمۇ ئاقىل بىر جاۋاب ؟
كىم ئىشىنەر ، قانچە بولسىمۇ خۇناپ ؟
شەنىمگە داغ بۇ سۆز تارقالسا نوقۇل ،
قانداق كۈتەر مېنى ۋەتىنىم زابۇل ؟!

كاۋۇس سەردارلىرى ھەممىسى بىردەك
رۇستەم ئەتراپىدا بولۇپ پايپېتەك ،
باراۋەر سۆز ئاچار ، سۆزلەر پەند ئىدى ،
تەھەمتەن ئۆز دەردى بىلەن بەند ئىدى .
ئەجەب ئىش كۆرستەر بۇ چەرخى بەلەند ،
بىر قولىدا تاجۇ بىرىدە كەمەند .
تاجۇ تەخت ئىگىلەپ ، ئۆرلەپ تۇرغان چاغ ،
بىردىن كېلىپ چۈشۈر بويىنغا سىرتماق .
بۇ دۇنيانى تاشلاپ كېتىشلىك ئېنىق ،
ئاگا مېھىر باغلاش نېمىشقا تاتلىق . . . »
ئۆلۈمنى ئەسكىمۇ ئالمايسەن ، بىراق ،
مۆھلىتىڭ پۈتۈپتۇ ، يۈتىدۇ تۇپراق .
كىم پەلەك ئىشىغا سوزىدىكەن قول ،
ئۇنى ئاقىل دېمە ، ئۇ نادان ، بىر گول .
پەلەك ئىشلىرىنى بىلەلمەس بولساڭ ،
ياخشىراق ئەمەسمۇ گاس ـ گاچا بولساڭ .
ئەگەر شۇنداق ئىكەن ، يىغلاش نى ئۈچۈن ،
بىكاردىن ـ بىكارغا قىلما جىگەر خۇن . . .
سوھراب ئۆلۈمدىن خەۋەر تېپىپ شاھ ،
چاپسان يېتىپ كەلدى ، ئەتراپتا سىپاھ .
سۆز باشلاپ رۇستەمگە دېدى شاھ كاۋۇس :
ئەلبۇرز تېغىدىن ئۆتكىچە ئەپسۇس .
ھەممىنى ئېلىپ كېتەر ئايلانغان پەلەك ،
باغلىماق خاتادۇر دۇنياغا تىلەك .
ئاۋۋالمۇ ، كېيىنمۇ خالاسى كالام ،
بارچە ھەم ئۆلۈمدىن تاپار سەرەمجان .
كۆيمە كۆپ ، تىنك قارا قايغۇ كۆزنگە ،
ئۆزۈڭنى باس ، قۇلاق سال ئاقىل سۆزىگە .
كۆكنى يەرگە ئۇرۇپ تۆگە ئالساڭمۇ ،
پۈتۈن جاھانغا ئوت قويالساڭمۇ ،
كەتكەن يەنە قايتىپ كەلمەس ھېچقاچان ،
روھى باشقا جايدا تۇتىدۇ ماكان .
مەن يىراقتىن كۆردۈم قىياپىتىنى ،
قەددى ـ قامىتىنى سالاپىتىنى .
تەقدىر ئۆزى ئۇنى شۇ ياققا سۈردى ،
ئەجىلىن ئاتىسى قولىغا بەردى .
كۆكسۈڭنى قىلساڭمۇ ئەگەر يۈز پارە ،
ئەمدى تا قىيامەت تېپىلماس چارە . »
رۇستەم پىچىرلىدى : « ئەمدى مەن يوقمەن ،
ئۇ كەڭ چۆلدە يالغۇز قىلىپتۇ ھۇممان .
چەت ئەللىكلەر يۇرتى تۇران بىلەن چىن ،
ئۇلارغا كۆرسەتمە ئاداۋەتۇ كىن .
زەۋارەجان بارسۇن ئۇلارغا ھەمراھ ،
خۇدا ھەققى ، شۇنداق پەرمان قىلسۇن شاھ ! »
شاھ دېدى : « تىنچلان ، ئەي شۆھرەتلىك قۇتاس ،
پەلەك ئۆزى ئالدى ئۇلاردىن قىساس .
كېلىشتى بۇ يۇرتقا يامانلىق كۆزلەپ ،
ئىران يەرلىرىدىن تۈتۈن ئىس ھىدلاپ .
مېنىڭ دىلىم ، سېنىڭ باغرىڭ بولدى خۇن ،
لېك ئاداۋەتكە يۈزلەنمەيمىز بۇ كۈن . »

## رۇستەمنىڭ زابۇلستانغا قايتقانلىقى

شاھ لەشكىرىن ئىران يولىغا سالدى ،
رۇستەم سىپاھى بىلەن مەيداندا قالدى .
سىپاھنى كۆزىتىپ كەتكەن زەۋارە ،
قايتقۇچە كۈتتى رۇستەم دىلپارە .
ئەزەن ۋاقتى قايتىپ كەلدى زەۋارە ،
تەھەمتەن ئەيلىدى يولغا ئىشارە .
ئۇدۇل يول ئېلىشتى زابۇلستانغا ،
مۇدھىش خەۋەر يەتتى زالۇ داستانغا .
پېشۋاز چىقتى بىردەك سېيىستان پۈتۈن ،
دىلدا دەردى ، ئانەشى ، ئاغزىدا تۈتۈن .
تاۋۇتنى ئالدىدا باراتتى ئەسكەر ،
ئۇلۇغلار بېشىغا تۇپراق چېچىشار .
ئاغرا تىرىسى شىلىپ ئېلىنغان ،
ئاتلار قۇيرۇقى كېسىپ ئېلىنغان .
سوھراب تاۋۇتىنى كۆرگەن ئاشۇ ئان ،
كۆمۈش يۈگەن ئاتتىن يەرگە چۈشتى سام .
ھەريانغا يۈگۈردى رۇستەم بىچارە ،
لىباسى ، ساۋۇتى ، دىلى مىڭ پارە .
ئەتراپتا قارىشىپ باتۇرلار تۇرار ،
باشلىرىدا توپا ـ چاڭ ، ئېچىلغان كەمەر .

تاۋۇتنى مۇرىدىن قويۇشتى يەرگە ،
يۈرەك ئېچىشاتتى سوھرابتەك ئەرگە .
ئاتىسى يېنىغا كېلىپ كۆزىدە نەم ،
تاۋۇت ياپقۇچنى ئالدۇردى رۇستەم .
« بۇنى كۆر ، مىسالى سامى چەۋەنداز ،
تار تاۋۇتتا ئۇخلاپ ياتار شۇ ئەلپاز . »
قانلىق ياش ئاققۇزۇپ كۆزىدىن داستان ،
دەيتتى ئۇ : « ئەھ خۇدا ، ئەھ ئادىل يەزدان !
تەھەمتەن نالىسى قۇلاققا يەتتى :
« نېمىشقا مەن زار ، نېمىشقا ئۇ كەتتى ! »
زال تاڭ قېلىپ دېدى : « بۇ ئىشلار ئەجەب ،
شۇ گۆدەك كەلسە چوڭ گۇرزە كۆتۈرۈپ !
نامدارلار ئىچرە بۇ بولۇپتۇ نامدار ،
ئەمدى بۇنداق باتۇر تۇغۇلماس زىنھار ! »
كىرپىكلىرى ئېغىر ، كۆز يېشى ئابدان ،
تىلى بوشمايتتى ۋەسپى سوھرابتىن .
كەلتۈرۈشتى رۇستەم ئۆز خانىسىگە ،
پەلەك تىترەر ئۇنىڭ ئاھ ـ نالىسىگە .
رۇدابە كۆردى ، نې ئەھۋالدا سوھراب ،
كۆز يېشى بولدى ئېرىق ، يۈرىكى خۇناب .
زارۇزار دەيتتى ئۇ : « ئەي شادىمان ئادەم ،
بېشىڭ بۇ تاۋۇتتىن چىقارغىن بىردەم ! »
ئاھ ئۇرسا ، ھەرياقنى ئالار سوغۇق باد ،
قەبرە تۈپىسىدە داد سالاتتى ، داد :
« ئەي پالۋانزادە ، كۈچلۈك شىر بالا ،
ئەمدى تۇغۇلمايدۇ سەندەك ئەر بالا !
ئېيت گۆدەكلىك ئانىڭ نېم بولدى ساڭا ؟
خۇشاللىق زامانەڭ نېم بولدى ساڭا ؟
ياشلىق كۈنلىرىدە زىندان بولۇپسەن ،
يورۇق بۇ سارايدىن غايىب بولۇپسەن .
بىر سۆز ئېيت ، نېم قىلدى ساڭا پەدەرىڭ ؟
نېمىشقا پارە بولدى ، گۆدەك جىگىرىڭ ؟! »
پىغانى ئايۋاندىن چىقار ئاسمانغا ،
لەرزە سالار پۈتۈن جانۇ جاھانغا .
ئىچكىرىگە كىردى ، دىلدا ماتەم ـ دەرد ،
كۆكۈل تامام غەمۇ يۈزلىرىدە گەرد .
رۇستەم ئۇندا ، ئۆزىن تۇتالمايدۇ زار ،
ئىككى كۆزدىن ئاقار قان تولغان ئەنھار .
تارتقان دەردى گويا كۆپتۈر قىيامەت ،
دىللاردا شادلىقتىن يوق بىر ئالامەت .
يەنە جەم بولۇشۇپ ھەممە پەھلىۋان ،
تاۋۇتنى ئۇتتۇرىغا ئېلىشتى شۇئان .
تاۋۇتنى ئېچىشتى يىرتىلدى كېپەن ،
قۇياش يۈزلۈك چىقتى ۋە گۈلدەك بەدەن .
نامدارلار ئاھ تارتىپ ، لال بولدى پۈتۈن ،
گوياكى پەلەكتىن چىققاندەك تۈتۈن .
ئاڭا كۆزى چۈشكەن ئەر ھەمدە ئايال ،
قېرى ۋە ياش ھەممە بولۇپ قالدى لال .
ھەممىنىڭ يۈزى سۇلغۇن ، ياقىلىرى چاك ،
ھەممىنىڭ دىلىدا دەرد ،باشلىرىدا خاك .
گويا تاۋۇت ئەمەس شاھانە ساراي ،
بۇندا پالۋان شىر ياتار ئېلىپ جاي .
خۇددى سام بوۋىدەك گەۋدىلىك ، نامدار ،
دەم ئېلىپ ياتاتتى ئۇرۇشتىن بىزار .
تاۋۇتنى يېپىشتى ، كۆزلىرىدە نەم ،
تاۋۇت قاپقىقىنى يېپىشتى مەھكەم .
رۇستەم دەر : « قۇرايلۇق بىر دەھمە ئالتۇن ،
مۇشكى ئەنبەر ئىچرە خاتىرجەم ياتسۇن .
ئەمما مەندىن كېيىن ئالتۇن مەقبەرە
تالىنىپ كېتەرمۇ ، قالماي باشپاناھ ! »
ئات تۇيىقىدەك چىڭ قۇرۇشتى دەھمە ،
ماتەمدىن ، كۆز ياشتىن كور بولدى ھەممە .
ئۇد ياغىچىن چىپىپ ياسىدى تاۋۇت ،
زەنجىرىن ئالتۇندىن قىلىشقانتى خوپ .
جاھانغا تارقىلىپ كەتتى بۇ داستان :
« ئوغلىنى ئۆلتۈردى دەپ بۈيۈك پالۋان . »
بۇ خەۋەردىن تولدى قايغۇغا ئالەم ،
دىلى غەش بولاتتى ئاڭلىغان ئادەم .
رۇستەمنىڭ كۈنلىرى زىياسىز ئۆتەر ،
كۆڭلىدىن خۇشاللىق كەتكەندەك بەدەر .
ئاخىر ئۇ باش ئەگدى ئۆز تەقدىرىگە ،
بولمايدۇ ماتەمدە ياشاپ ھەممىشە .
ئەسلىدە شۇنداققۇ بۇ دۇنيا ئىشى ،
پەقەت ئازاب چېكەر كەلگەن ھەر كىشى .

كىمنىڭ ئەقلى پۈتۈن بولمىسا بۇندا ،
دۇنيا ئالدىشىدىن بولماس يىراقتا .
تۇرانغىمۇ يەتتى ھەم مۇدھىش خەۋەر ،
ماتەمگە ئورالدى تاغ ، دەريا ، شەھەر .

تۇران ئۆلكىسىگە يېتىشىپ ھۇمان ،
بار گەپنى پادىشاھقا ئەيلىدى بايان .
ئەفراسىياپ بۇنداق ئىشتىن لال قالدى ،
لېكىن بۇندىن ساۋاق چىقىرىپ ئالدى .

## ئانىسىنىڭ سوھراب ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپقانلىقى

نالە كۆتۈرۈلدى پۈتۈن تۇراندا :
« سوھراب ھالاك بوپتۇ ئۇرۇش مەيداندا ! »
سەمەنگان شاھىغا بۇنداق شۇم خەۋەر ،
يەتكەندە ماتەمدە قالدى دېگىز ، يەر .
ئانىسىغا خەۋەر يەتتى شۇ زامان :
« ئوغلىن ئۆلتۈرۈپتۇ رۇستەمى داستان . »
كىيىمنى يىرتىپ ، يۈزگە چاڭ سالدى ،
مەرۋايىت بەدىنى لالە تۈس ئالدى .
ئاتىنىڭ ئوغلىغا دەھشەت ئىشىدىن ،
ئاھ ئۇرۇپ يىقىلدى ، كەتتى ھوشىدىن .
كۆزىدىن قان ئېرىقىن ئاققۇزۇپ ئانا ،
گاھ تۇرۇپ داد سالار ، يىقىلار يانا .
بېشىغا توپا چېچىپ قوزغىدى مەھشەر ،
بېلەكلىرىن چىشلەپ گۆشىنى ئۈزەر .
ئوتلۇق ئاھتىن باشقا ئاتەش تۇتىشار ،
ھەممە مۇشكى موين ئاتەشكە بېرەر .
داد سالار ئۇ : « ئاھ ، ئانىنىڭ جېنى ،
نىمىشقا تۇپراققا ئاقدۇ قېنى ؟!
ئىككى كۆزۈم يولدا ئىدى تۈنۈ سەھەر ،
دەپ رۇستەم ، سوھرابتىن كېلەرمۇ خەۋەر ؟
ئاتاڭنى ئىزدەپسەن ئاخىر تېپىپسەن ،
تېپىپسەنۇ يەنە نەگە چاپتىڭسەن ؟
بالام ، نەدىن بىلەي ، كېلەر شۇم خەۋەر ،
ئاتا خەنجىرىدىن تىلىنار جىگەر !
رەھىمسىز قوزغىماپتۇ يۈزلىرىڭ گۈلدەك ،
سەرۋىدەك نەۋنىھالىڭ ، پالۋان بىلەك .
بالا قامىتىڭگە رەھىم قىلماي ، دەرىخ ،
نەۋقىران كۆكسۈڭگە قانداق ئۇردى تىغ ؟!
تېنىڭگە پەرۋەرىش بەردىمۇ دىلاۋەر ،
تىنىمسىز كۈنلەر ۋە ئۇيقۇسىز تۈنلەر .
بۇگۈن قانغا غەرق گۈلدەك بىر بەدەن ،
پاكىزە بەدەننىڭ لىباسى كېپەن .

ئەمدى بۇ دەردىمگە چىللاي مەن كىمنى ،
كىمگە دەپ بوشىتارمەن ئەمدى ئىچىمنى ؟
تەن ۋە جېنىم ئىدىڭ ، روشەن چىرىغىم ،
گۆرگە كەتتىڭ قۇرۇق قالدىمۇ بېغىم ؟
دەرىخا ، سەردارىم قېدىرىپ ئاتاڭ ،
ئەجەلگە مۇپتىلا بولدۇڭمۇ ، ئەتتەڭ !
نا ئۈمىد كۆز يۇمدۇڭ بۇ دۇنيادىن زار ،
تۇپراق ئىچرە قالدىڭ ، ئاخىر زارۇ خار !
ئۈستۈڭدە خەنجىرىن ئويناتقان دەمدە ،
جىگىرىڭ تىلماققا قىلغاندا ھەملە ،
نېچۈن كۆرسەتمىدىڭ ئاڭا نىشانىڭ ،
مەن بەرگەن تاش ئىدى ئارامى جانىڭ .
بەرگەن ئىدىم ساڭا ئاتاڭدىن نىشان ،
نېچۈن ئەسلەتمىدىڭ ، بولدۇڭ پەرىشان ؟
بۇگۈن ئاناڭ دەرد ۋە ئەلەمگە ئەسىر ،
دىلىدا قايغۇ غەم ، يۈزلىرى زەھەر .
نېچۈن مەن بارمىدىم بىللە ئۇرۇشقا ،
نېچۈن چەك قويمىدىم بۇ ياۋۇز ئىشقا ؟!
يىراقتىن تونۇيتتى مېنى تەھەمتەن ،
نەۋازىش ئېيتەتتى مېنى سەن بىلەن .
تىغىن چۆرۈۋېتىپ رۇستەمى داڭدار ،
بولمايتتى ئوغلىغا ئاتىسى خۇنخار ! »
يەنە چاچلىرىنى يۇلماق باشلىدى ،
يەنە ئاھ ۋە نالە قىلماق باشلىدى . . .
كىم ئاڭلىسا ئۇنىڭ مۇڭلۇق نالىسىن ،
تۇتالمايتتى كۆزدىن ئاققان مۆلدۈرىن .
ھوشىدىن كەتتى ، قايغۇ جانغا قەست ئەتتى ،
ھەممىنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كەتتى .
يەردە ياتقاندەكلا بەئەينى مۇردا ،
گويا تەندە قېنى قاتقان ، ئەفسۇردە .
ھوشىغا كەلگەچكە باشلىدى نالە ،
خىيال ۋە پىكرىدە ئۆلگەن ياش بالا .

سوھرابنىڭ تاجىغا سالغاندا نەزەر ،
كۆز يېشىن لالە قىپ ، قىنىدا بويار .
كۆرگەندە بوش قالغان ئۇنىڭ تەختىنى ،
چىللايدۇ سوھرابى ـ سەرۋ دەرەخنى .
روشەن كۈندە چاپقان مىسالى شامال ،
ئاتنى تەلەپ قىلدى ، كەلتۈردى دەرھال .
ئات بېشىنى قۇچاقلاپ كۆتۈردى پىغان ،
ھەممە لال ۋە جىمجىت ، ھەيرانە جاھان .
گاھ سۆيەر يايلىغا ، گاھى يۈزىگە ،
قانلىق يېشى ئېقىپ چۈشەر تۇياققا .
كۆز يېشىدىن خاكنى بوياپ لالىگە ،
يۈزىنى سۈرىدۇ ئات تۇيىقىغا .
شاھانە لىباسىن ئېلىپ كەلگەن چاغ ،
ئوغلىنى ئالغاندەك ئېچىلدى قۇچاق .
كەلتۈردى كەمەند ، ساداق ۋە كامان ،
نەيزىسى ، قىلىچى ، گۇرزىسى گەران .
كەلتۈرۈلدى ئېگەر ، يۈگەن ۋە قالقان ،
قالقانغا باش ئۇرۇپ كۆتۈردى پىغان .
كەلتۈرۈلدى ئارقان نەق سەكسەن غۇلاچ ،
ئۇنى كۆرۈپ ئانا يەنە يۈلدى چاچ .
دۇبۇلغا ، ساۋۇتنىڭ ئۈستىگە باردى ،
« شىرىم نەدىسەن ؟ » دەپ يۈرەكنى ياردى .
سۇغۇرۇپ قىنىدىن سوھراب قىلىچىن ،
كەستى ئات يايلىنى ، قۇيرۇق يېرىمىن .

دەرۋىشلەرگە ئاندىن تارقاتتى ئىنئام ،
كىيىم كېچەك ، زەر كۈمۈش ، ئات ئۇلاق ، ئەنجام .
ئاندىن ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭ تەختىنى ،
پەسكە تاشلاتقۇزدى ئۇ بەتبەختنى .
ساراي ئىشىكلىرىن قىلدۇردى قارا ،
پەشتاق ۋە راۋاقنى قىلدى مىڭ پارە .
تەلتۆكۈس بۇزۇلدى بەزمىخانىسى ،
شۇندىن جەڭگە كەتكەن ئىدى نالىسى .
ئاندىن ئۈستىگە كىيدى كۆپكۆك لىباس ،
بىر دەمدە يۈزىگە تولدى قانلىق ياش .
كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ ، كەتتى كۆز نۇرى ،
سوھرابتىن كېيىن بىر يىل تۇرمىدى .
پىكرۇ ئوي ئىدى سۇھرابى تامان ،
جانان ئوغلى تامان روھ بولدى راۋان .
شۇنداق دېگەنىدى تاتلىق سۆز بەھرام :
« مۇردىلار ئەلىمدە بولمىغىن مۇدام .
ئۆزۈڭمۇ قالمايسەن ، كېتىسەن ئاخىر ،
بۇ ئەبەدىي يولغا تەييار تۇر ، ھازىر .
ئاتاڭ ئۆز نۆۋىتىنى بەرسىمۇ بۇدا ،
ئۇنىڭمۇ نۆۋىتى تولۇق كېيىقالا .
دۇنيا شۇ ، بۇ سىرغا تىپپىلماس ئاچقۇچ ،
ئۇرۇنۇپ بۇنىڭغا قىلما زايە كۈچ .
چىلىڭ ئىشىك بۇ ، ھېچكىم ئاچالماس كۈشاد ،
بىھۇدە قىلمىغىن ئۆمرۈڭنى بەرباد . »



# سىياۋۇش قىسسىسى

## داستاننىڭ باشلىنىشى

بۈگۈن دەل ۋاقتىدا، ئەي هوشيار سۇخەن،
ئېيتىپ بەرگىن قىزىق ياخشى بىر داستان.
گەپ ـ سۆزنىڭ تېگىدە ئەقىل بولسا گەر،
سۇخەندانغا شانۇ شەرەپ شۇقەدەر.
كىمنىڭ پىكرۇ ئويى گەر بولسا ناخۇش،
سۆزلىرىدە كەم بولسا ئەقلۇ هوش،
سۆزمەن ھەققىدە گەر غوۋغا قىلسا،
ئاقىللار ئالدىدا بولىدۇ رەسۋا.
لېكىن ئۆز ئەيىبىنى كۆرەلمەس ھېچكىم،
ئۆز ئىشى ھەممىدىن كۆرۈنەر مۇھىم.
ئىش قىلساڭ، باھاسىن بەرسۇن پاك ئەقىل،
ئاخىر ئۇنى دانالارغا كۆز ـ كۆز قىل.
ئاشۇ دانالارغا مەقبۇل قىلغىنىڭ،
بەلكى ساپ چەشمىدىن بەھىر ئالغىنىڭ.
دېھقان سۆزلىرىدىن ئېلىپ بۇ زامان،
ئېيتىپ بېرەي ئەمدى قەدىمىي داستان.
كۇتىراپ چىققاندى بۇ داستان ئەستىن،
يېڭىدىن ئاڭلىسۇن مەندىن ئەنجۇمەن.
ئەگەر ئۆزۈلمەيلا تۇرسا ئۆمۈر يىپىم،
خۇشاللىقتا داۋام قىلسا گەر گېپىم،
ئەبەدىي بىر مېۋە قالغۇسى مەندىن،
ئۇندىن ياشناپ تۇرار بۇ باغۇ چىمەن.
ئىككى كەم ئاتمىشقا يەتكەندە يېشىم،
نە ئەجەب ئىشلارنى كۆرمىدى بېشىم.
ھاياتقا تويمىسىم كەتسىمۇ ماجال،
يۇلتۇز تەقۋىمىدىن ئىزدەيمەن ئىنگۇ پال.
ماڭا ئېيتقاندى قېرى دانىشمەن:
« قېرى يېگىباشتىن بولماس نەۋقىران.
ياخشىلىق قىلىپ قال يۇمۇلماي كۆزۈڭ،
كۆزۈڭ يۇمۇلماي ئېيتىپ قال سۆزۈڭ.
كۆزۈڭ يۇمۇلغان چاغ قازىدۇر يەزدان،
قازاۋەتتىن ئۆتەر ياخشى ھەم يامان.
نېمە تەرسە ئاشۇ چۇشۇر ئورغاققا،
نېمە دېسەڭ شۇ سۆز چۇشۇر قۇلاققا.
قوپال سۆز ئاڭلىماس يۇمشاق سۆز كىشى،
يۇمشاق سۆزلۈك بولسۇن زۇۋانىڭ ئىشى! »
دېھقان سۆزلىرىنى باشلاي ئەمدى مەن،
قۇلاق سال، نېمە دەپتۇ ئۇ تاتلىق سۇخەن.

## سىياۋۇشنىڭ ئاپىسى ھەققىدە ھېكايەت

مۇبەد سۆزگە شۇنداق بېرىدۇ پەرداز:
قىچقىرغان چېغىدا بىرىنچى خوراز.
تۇس باشلىق گىۋ، گۇدەرز، بىر توپ سۇۋارى
يول ئېلىشتى مەقسەت دەغۇي شىكارى.
بىرىشاتتى ھەممە ئالدىراش ئوۋغا،
كەينىدە رەتمۇ رەت سەپ، قولدا قارچىغا،
ئات چېپىپ ئۆچەيلەن دەريا بويىدا،
خوپمۇ ئوۋ قىلىشتى ئولجىغا تەشنا.
ئولجىغا تولدى ھەريان لىقمۇ لىق،
يىغسا بولاتتى قىرىق كۈنلۈك ئوزۇق.
ئوتلاق يېنىدىلا تۇران يەرلىرى،
پەر يۈزىن قاپلاپتۇ ئۇلار چېدىرى.
بىر ئورمان كۆرۈنەر يىراقتىن ياشناپ،
تۇرانلار يېرىنىڭ چېگرىسىن باشلاپ.
تۇس ۋە گىۋ ئورمانغا ئات چېپىپ كەتتى،
ئۇلار بىلەن بىللە كۆپ نۆۋكەر كەتتى.
توپتىن ئايرىلىپ بۇ ئىككى سۇۋار،
ئورمانغا كىرىشتى قىلىشىپ شىكار.
ئورماندا دۇچ كېلىپ قالدى شۇ مەھەل،
ئىككىسىن بىراقلا ئوۋلىغان گۈزەل.
ئۇنىڭدەك چىرايىنى كۆرمەپمىش زامان،
ھۆسنىدىن تېپىلماس ئازراقمۇ نۇقسان.

قامەتتە سەرۋى ناز ، يۈزى گويا ماھ ،
جۇرئەت قىلىپ بولماس تاشلاشقا نىگاھ .
تۇس سۆز باشلاپ ، دېدى ئاپەتى جانغا :
« قانداق يولۇڭ چۈشتى قارا ئورمانغا ؟ »
جاۋاب بېرىپ دېدى : « كېچە ئۆز دادام
ئۆيگە كېلىپ ماڭا قىلدى كۆپ ستەم .
قانداقتۇر بەزمىدىن كەلدى تۈندە مەست .
مېنى كۆرۈپ ، بىردىن تىغقا ئۇردى دەست .
تەندىن جۇدا قىلماقچى بولغانتى بېشىم ،
يۇرتۇم تاشلاپ قاچتىم ، كۆزۈمدە يېشىم . »
ئاندىن باتۇر سورىدى : « ئەجدادلىرىڭ كىم ؟ »
بىرلەپ ساناپ دېدى گۈلى خۇشپىچىم :
« مەن ئاشۇ گەرسىۋەز نۇخۇمىدىنمەن ،
فەرىدۇن ئەۋلادى جەمەتىدىنمەن . »
دېدى : « ئېتىم يولدا قالدى بىماجال ،
قاتتىق چاپقىنىمدىن يىقىلدى بىھال .
بېزەكلىرىم بار ئىدى سانسىز گۆھەر ،
بېشىمدىكى تاجىم ئوخشاش تازا زەر .
دۆڭنىڭ نېرىسىدا كېلىپ قېشىمغا ،
قىلىچ قىنى بىلەن ئۇرۇپ بېشىمغا ،
تالاشتى ، مەن ئاران قۇتۇلۇپ قالدىم ،
كۆزۈمدىن خۇن تۆكۈپ بۇياق يول ئالدىم .
ئاتام كەيپى يېنىپ ھوشقا كەلسە گەر ،
ئارقامدىن ئىزدىتىپ ، ئەۋەتەر چاپار .
ھەر تامان يۈگۈرەر شەپقەتلىك ئانام ،
ئۆيدىن كېتىشنى خالىماس ئۇ ھەم . »
پالۋانلار دىلىغا ئوت سالدى مەلىكە ،
تۇس قەلبىدىن ئۆچتى بار شەرم ــ ھايا .
« بۇ مېنىڭكى ، ــ دېدى نەيزەر ئوغلى تۇس ، ــ
شىددەت بىلەن كەلدىم مەن ئەلەلخۇسۇس . »
« باراۋەر قالدۇرۇپ كەلدۇقۇ سىپاھ ،
ئەي سىپاھ سەردارى ، ھەشمەتلىك شاھ ! »
دەپ سۆز بەرمەيتتى ئۇل گېۋ پەھلىۋان ،
تۇس دەيتتى : « سەن ئاۋۋال كەلگەننىڭ قاچان ؟ ! »
گېۋ دەيتتى : « سۆزلىمە ئەمدى بىھۇدە ،
بىلەرسەن ، كەلدىمغۇ مەن ئاۋۋال بۇ گا !
شۇ بىر كېنىزەكنى دەپ ئېيتما يالغان ،
جاڭجالنى خالىماس ھېچبىر مەرد ئىنسان . »
قوپال سۆز بىلەن كېتىپ ئاخىر نومۇس ــ ئار ،
قىلدى قىز بېشىنى كەسمەك ئىختىيار .
ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتەتتى جاڭجال ،
جاڭجالنى باستۇردى بىر سەرباز دەرھال :
« ئېلىپ بېرىڭ كۆرسۇن ئىران سۇلتانى ،
جاڭجالنى ھەل قىلسۇن ئۇنىڭ پەرمانى . »
ئىككىسىگە بۇ سۆز تۇيۇلدى پەرمان ،
ئات چېپىپ كېتىشتى شاھىنشاھ تامان .
ئەسىرە چىرايىن كۆرۈپ كاۋۇس شاھ ،
ئىشقىدا دىلىدىن تارتتى ئوتلۇق ئاھ .
ئىككى پالۋانغا دېدى شاھىنشاھ :
« يول ئازابى بولدى سىلەرگە كۇتاھ .
مەيلى كېيىك بولسۇن ياكى بىر ئاھۇ ،
شاھقا بەكمۇ ياخشى ئىنئام ، ئولجا بۇ . »
ئاندىن قىزغا دېدى : « كىمدۇر ئەجدادىڭ ؟
پەرىچېھرىلىكتە كىمدۇر ئۇستازىڭ ؟ »
قىز دېدىكى : « ئانام تۇرانلىق خاتۇن ،
ئاتا تەرىپىمدىن ئەجداد فەرىدۇن .
سىپاھدار گەرسىۋەز ماڭا بوۋىدۇر ،
ئۇنىڭ يېرى ، سۇيى ، جايى ئەلادۇر . »
شاھ دېدى قىزغا : « ئەمدى سەن ئەجداد
ھەممىسىن قىلماقچى بولدۇڭمۇ بەرباد ؟
ساڭا ئىنئام قىلاي زەررىن بىر ساراي ،
ئاي يۈزلەر بېكەسى بول ، ئەي خۇش چىراي ! »
دېدى : « چۈشۈش بىلەن ساڭا نىگاھىم ،
سەركەشلەردىن سېنى تاللىدىم شاھىم . »
ئاندىن ئات بىلەن زەررىن تاج ۋە تەخت ،
ئەۋەتىلدى ئىككى پالۋانغا تەكمۇ تەڭ .
قىزنى ئولتۇرغۇزدى پىل چىشلىق تەختكە ،
بېشىدا گۆھەر تاج ، يەتتى بەختكە .
ياساندۇردى زەرباب ۋە شايىلار بىلەن ،
گۆھەرۇ ياقۇتقا ئورالدى بەدەن .
تەخت ئۆزرە ئولتۇرار ھەريان چېچىپ نۇر ،
قىزىل ياقۇت ، تېخى يىپ ئۆتمىگەندۇر .

## سىياۋۇشنىڭ تۇغۇلغانلىقى

كۈنلەر ئۆتۈپ بارار بىر ـ بىرىن قوغلاپ ،
گۈلبەدەن ئەندىشىدە ، يۈزدىن رەڭ يوقاپ .
پەلەك چاقى ئايلىنىپ ئۆتتى تالاي كۈن ،
توققۇز ئاي ئۆتۈپتۇ ، يەنە توققۇز كۈن .
دېيىشتى : « سۆيۈنچە بەر ، كاۋۇس پادىشاھ ،
خۇدا قىلدى ساڭا بىر ئوغۇل ئاتا .
مەلىكە شەۋكەتلىك تۇغدى بىر ئوغۇل ،
ئەمدى تەختىڭ تاپار تېخىمۇ چىڭ ئۇل .
بىر گۆدەك تۇغۇلدى مىسالى پەرى ،
سەنەمدەك گۈزەل يۈز ، كۈمۈش پەيكەرى . »
بوۋاقتىن جاھان گەپ ـ سۆزلەرگە تولدى ،
چېھرىسىدىن ساراي نۇرلىنىپ كەتتى .
شاھ ئۇنىڭ نامىنى دېدى : « سىياۋۇش » ،
ئالەم ۋە ئاسمانىنى ئاڭا ئەتتى بەخش .
پال ئېچىپ كۆرۈشكە مەشغۇل مۇنەججىم ،
ياخشىيۇ يامان كۈننى ئاجراتتى جىم .
يۇلتۇزلارنى بايقاب ئاشۇفتە ، بەجا ،
بەختىن غۇۋا كۆردى غەمكىن ، بىسادا .
راھىتىدىن كۆپرەك كۆرۈپ ئازابنى ،
يازمىشقا ھاۋالە قىلدى بار ـ يوقنى .
بارىنى ئېيتتى پادىشاھقا بىر ـ بىر ،
ئاتا نە بىلسۇن ئوغلىن كۈتەر نە تەقدىر .
كۈنلەر ئۆتەرئىدى تۇتۇق بەرمەستىن ،
بىر كۈنى سارايغا كېلىپ تەھەمتەن
دېدى : « گۆدەكنى بەر ماڭا ، شەھرىيار ،
ئۇنى مەن تەربىيە قىلىشىم دەركار .
سەندە ئىنىڭئانا كۆپ ، ھۈنىرى بەك ئاز ،
جاھاندا تېپىلماس مېنىڭدەك ئۇستاز . »
چوڭ ـ كىچىك بىلەن شاھ ئويلاندى بەك كۆپ ،
ياندۇرۇشقا تاپماي ھېچ سۆز ، دېدى خوپ .
رۇستەمگە تاپشۇردى كۆزى نۇرىنى ،
ئالەمگىر ئوغلىنى ، يۈرەك پارىنى .
رۇستەم ئېلىپ كەتتى زابۇلىستانغا ،
ئاڭا ساراي ياساپ باغۇ بوستانغا .
تۈن ۋە كۈن ئات ، ئېگەر ، ئوق ، نەيزەيۇ كەمەند ،
ئارغامچە ، ئۈزەڭگە ، چۇلۋۇر بىلەن بەند .
بەزەن بەزمە قىلار تىنماي ئۇ داڭدار ،
بەزىدە قارچىغا بىلەن ئوۋ ـ شىكار .
سۆز تىڭلار داد ـ بىداد ، تەختۇ كۇلاھتىن ،
بەزمدىن ، رەزمدىن ، سىپاھ ، سەلاھتىن .
بار ھۈنەرنى بىلىپ ئالسۇن دەپ ياشتىن ،
رۇستەم كۆپ جاپالار ئۆتكۈزدى باشتىن .
سىياۋۇش چوڭايدى باتۇر ، دىلاۋەر ،
كېلەلمەس ئۇنىڭغا ھېچكىم باراۋەر .
پالۋانلار بىلەن ئوۋغا چىقىپ نەچچە قېتىم ،
ئوقيا بىلەن شىرنى يەگدى ھەر قېتىم .
بىر كۈنى دېدى : « ئەي ھۆرمەتلىك رۇستەم ،
ئەمدى بېرىپ پادىشاھ دادامنى كۆرسەم .
شاھانە ھۈنەرلەر ئۆگىتىپ ماڭا ،
خېلى جاپا تارتتىڭ ، تەشەككۈر ساڭا .
ئەمدى بىر كۆرسۇنچۇ جاھاندار ئاتام ،
ماڭا نېمىلەرنى ئۆگەتتى رۇستەم . »
بۇ شىر ، ئۇنىڭ سۆزىن ئاڭلاپ بىرمۇ بىر ،
دەرھال ھەر تەرەپكە ئەۋەتتى چاپار .
ئات ۋە دېدەك ، غۇلام ، كۈمۈش ھەم گۆھەر ،
ئالتۇن مۆھۈر ، تىغ ، كۇلاھۇ كەمەر ،
كىيىم ـ كېچەك ھەمدە قورال ۋە يېمىش ،
غۇلاملار ئىشىدۇر بۇلارنى يىغىش .
نېمە تېپىلمىسا بىساتىدىن ئەگەر ،
باشقا يۇرتلاردىن ئېپ كېلەر چاپار .
سىياۋۇشنى شۇنداق يولغا سېلىشتى ،
قوشۇنلار كۆزەتتە ، قاراپ قېلىشتى .
شاھزادە بولمىسۇن خاپا ، دەپ لۇتفەن ،
خېلى يولغا بىللە باردى تەھەمتەن .
يابىستىلغان ئىدى پۈتۈنلەي كىشۋەر ،
شاھزادىگە ھەممە شادلىق تىلىشەر .
ھەممە خۇش خۇي ئىدى ، باشلايتتى ئويۇن ،
بېشىدىن چاچاتتى ئەنبەر ۋە ئالتۇن .
بايرامغا ئايلاندى ھەممە خۇشال ـ شاد ،
ئۆگزە ـ تاملارمۇ بېزەلگەن ، ئاۋات .
ھەتتا ئات تۇيىقى ئاستىدا دىرھەم ،
ئىراندا تېپىلماس غەمكىن بىر ئادەم .
ئاتلارنىڭ يايلىمۇ تارىلىپ بىر ـ بىر ،
چېچىلغان مۇشك ـ ئەنبەر ، زەپەر ھەم ئەتىر .

## سىياۋۇشنىڭ زابۇلستاندىن قايتقانلىقى

كاۋۇس شاھقا دەرھال ئاڭلاندى خەۋەر ،
يەنى ، ياش سىياۋۇش زابۇلدىن كېلەر .
جاكارلاندى ، خەۋەر تاپتى ئەل ـ ئۇلۇس ،
ئالدىغا چىقتى سىپاھ بىلەن گېۋ ۋە تۇس .
داڭدارلار يىغىلدى ، قىزىق ئەنجۇمەن ،
بىر تەرەپ تۇس بولسا ، بىر تەرەپ پىلتەن .
ھەممىسى شادىمان ، شاھ ياققا كېلەر ،
گويا يېڭى نىھال ھاسىلغا كىرەر .
سارايغا كېلىشتى جارچى : « يول ! » دېدى ،
باھادىر يىگىتكە ھەممە يول بەردى .
غۇلاملار ئوت يېقىپ سېلىشار ئىسرىق ،
ئەمەلدارلار تۇرار باشلىرى ئېگىك .
ھەر بۇلۇڭدا تۇرار ئىككى يۈز ، ئۈچ يۈز ،
ئوتتۇردا سەرۋقامەت ۋە قۇياشتەك يۈز .
بېشىدىن چېچىشتى ھېسابسىز ئالتۇن ،
توختىماي ئالقىشلاشتى ، ئوقۇپ ئاپىرىن .
كاۋۇس شاھنى كۆردى ، بېشىدا ياقۇت تاج ،
ئولتۇرغان تەختى پىل تېشى ، تازا ئاج .
سەجدە قىلىپ يەرگە قويدى پېشانە
يەرگە سىر ئېيتقاندەك ، خېلى زامانە .
ئاندىن ئاتىسىغا ئۆزىنى ئاتتى ،
ئاتا قۇچىقىغا ئالدى شاھزاتنى .
ئەتىۋارلاپ چىقاردى ئالتۇن تەختكە ،
رۇستەمدىن سالاملار بەردى ئۇ ئاڭا .
تەئەججۇپتە قارار ئوغلىغا شۇتاپ ،
ئاپىرىن دەر خۇدا نامىنى يادلاپ ،
خۇدا بەردى بۇنداق ئاجايىپ ئوغۇل ،
ئىستىقبالى پارلاق ، غەنى كۆرەر ئۇل .
تېخى ئۆسمۈر ، ئەمما ئەقلى خېلى كۆپ ،
ئەقلىدىن روھىمۇ يۈكسىلىپتۇ خوپ .
جەھانەفەرىنگە ئوقۇپ ئاپىرىن ،
سەجدىگە قويۇپ باش ، سۆيەتتى زېمىن .
دېدى : « زېمىنۇ ئۇرۇق ئىگىسى ،
ئەقلۇ ھوش ئىگىسى ، مېھىر ئىگىسى .
دۇنيادا ياخشىلىق بارى ئۆزۈڭسەن ،
بۇ گۆدەك بالامنىڭ يارى ئۆزۈڭسەن ! »
سوۋغىلار كۆتۈرۈپ ئۇلۇغۇ پالۋان ،
پادىشاھ ھۇزۇرىغا كېلىشەر شادان .
سىياۋۇش ھۆسنىدىن قىلىشىپ ھەيرەت ،
قۇتلاپ ، شەرەپلىشەر ئۇنى بىر مۇددەت .
بۇيرۇدى : « قوشۇنلار ھەممە تۈزۈپ سەپ ،
شاھزادە ئالدىدىن ئۆتسۇن باشەرەپ .
باغۇ راغ ، ھويلا جاي ، سارايۇ ئايۋان ،
خۇشاللىقتا يۈزىن ئورىغان جاھان .
ھەممە ياقتا شادلىق ، ھەممە ياقتا توي ،
ھەممە ياقتا ئويۇن ، مەي ، چالغۇ ۋە كۈي ،
بۇنداق زىياپەتنى جاھاندا ھېچكىم
ھېچ ۋاقىت كۆرمىگەن ئىدى ئىلاھىم !
بىر ھەپتە سوزۇلدى شادلىق ۋە ئويۇن ،
ئامبارلار ئېچىلدى سەككىزىنچى كۈن .
شاھزادىگە كەلدى ئەجەب سوۋغىلار ،
تەختۇ لىباس ، بايلىق ، دىرھەم ۋە گۆھەر .
ئەرەب ئاتلىرىنىڭ ئېگىرى زەر رەڭ ،
قىلىچ ، گۇرزە ، كەمەند ، ياراغلىرى جەڭ .
شايىلار ، كىمخابلار يەيدۇ كۆز يېغىن ،
مەرۋايىت ، ئالتۇنلار نۇر جىنى نەقشىن .
تاجدىن باشقا ھەممە نەرسە مۇھەييا ،
ھېلى ياش بېشىغا تاج قويماق بەجا .
سوۋغىلار تاپشۇرۇپ بىباھا مۇفىد ،
ئوغلىدىن كۈتتى كۆپ ياخشىلىق ئۈمىد .
سىناقتىن ئۆتكۈزدى ئۇنى يەتتە يىل ،
ھەممىدىن راۋۇرۇس چىقتى مۇتتەسىل .
سەككىزىنچى يىلى ئېلىپ كېلىشەر ،
ئالتۇن تاجۇ مارجان ھەم ئالتۇن كەمەر .
يىپەككە يېزىلدى شاھ پەرمانى ھەم ،
شۇنداقتۇر قەدىمدىن شاھانە ھەشەم .
لايىق كۆرۈپ ئەمدى تەختۇ تاج ـ كۇلاھ ،
كوھىستان مۇلكىگە قىلدى ئۇنى شاھ .
شۇنداق ئاتىلاتتى قەدىم نەفسەمىر ،
ماۋەرا ئۇننەھر دېيىشەر ھازىر .

## سىياۋۇشنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى

شاھ بېشىغا چۈشتى توساتتىن بالا ،
ئانىسىدىن مەھرۇم بولدى بۇ دۇنيا .
سىياۋۇش ئاڭلاپ دېۋىدەك توۋلىدى ،
تەختتىن سەكرەپ چۈشتى ئاھ دەپ توۋلىدى .
شاھانە لىباسىنى قىلىپ نەچچە چاك ،
قايغۇلۇق بېشىغا ئۇ چاچاتتى خاك .
قەلبىنى ئۆرتىگەچكە بۇ ئېغىر ماتەم ،
ئۆزىنى ئۇرۇپ جانغا قىلاتتى سىتەم .
شۇنچە نالە قىلدى ، ياش تۆكتى كۆزى ،
كۆپ زامان كۈلكىنى كۆرمىدى يۈزى .
بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى ئېزىلىپ تەن – روھ ،
بىردەممۇ ئايرىلمىدى دىلدىن ئەندوھ .
ئېسىل زاتلار بۇندىن تېپىشىپ خەۋەر ،
سىياۋۇش يېنىغا قانات قېقىشار .
تۇس ھەم ، فەرىبورز ھەم ، گېۋ ھەم ، گۇدەرز ھەم ،
شاھزادە ، پەھلىۋان ھەممىسى بار ھەم .
سىياۋۇش ئۇلارنى كۆرگەن شۇ زامان ،
يۈرەكتىن بىر ئاھ تارتتى ، كۆتۈردى پىغان .
يەنە نالە قىلىپ يىغا باشلىدى ،
قەلبى دەرد خانىسىنى ئېچىپ تاشلىدى .
گۇدەرز كۆرۈپ شاھزادە قەلبىدە ئەلەم ،
ئۇنىڭ ئازابىدىن چۆكتى دىلغا غەم .
ئۆزىنى تۇتۇپ ئاڭا دېدى : « ئەي شاھزات ،
سۆزۈمگە قۇلاق سال ، ماتەمدىن ئازاد .
ھەركىم ئانىدىن تۇغۇلار ، ئۆلەر ،
قېنى كىم ئەجەلدىن يېگانە بولار ؟
ئانىدىن تۇغۇلۇپ كىم بار ئۆلمىگەن ،
قېنى كىم ئەجەلگە مەھكۇم بولمىغان ؟
بۈگۈن ئاناڭ كەتسە گەرچە سېلىپ غەم ،
جايى جەننەتتىندۇر قىلما كۆپ ماتەم ! »
كۆپ نەسىھەت قىلدى ، ئىلتىجا ساكىن ،
شاھزادىنىڭ كۆڭلى تاپقۇچە تەسكىن .

## سۇدابەنىڭ سىياۋۇشقا ئاشىق بولغانلىقى

شۇنداق ئۆتەر كۈنلەر ، ئۆتىدۇ روزخار ،
شاھزادىدىن مەمنۇن ئىدى شەھرىيار .
بىر كۈنى كەيكاۋۇس شاھزادە بىلەن
تۇراتتى ، سۇدابە كىردى ئىشىكتىن .
سىياۋۇشقا چۈشۈپ ئۇنىڭ نەزەرى ،
ئىشقتىن ئوت ئالدى قەلبى – يۈرىكى .
قىلدەك بولۇپ قالدى تەنلىرى ناگاھ ،
خۇددى ئوت ئالدىغا كېلىپ قالغان ياغ .
بىر ئەلچى ئەۋەتىپ سىياۋۇس تامان ،
دېدى : « ئاستا سۆزلە ، سۆزۈمنى پىنھان .
پادىشاھ ھەرەمگە كىرسە ئادىشىپ ،
ھېچكىممۇ قىلمايدۇ ئاڭا تەئەججۇپ . »
خىزمەتكار يەتكۈزگەن چېغىدا خەۋەر ،
غەزەپتە قايىنىدى بۇندىن ئۇ داگدار .
دېدى : « مەن ھەرەمگە كىرگۈچىمەسمەن ،
بۇندا داستان بولۇپ يۈرگۈچىمەسمەن ! »
سۇدابە تۈن بويى قاقماستىن كىرپىك ،
شاھ يېنىغا چاپتى سەھەردە ئىتتىك .
دېدى : « ئەي لەشكەر باش ، شەۋكەتلىك پادىشاھ ،
سەندەكنى كۆرمىگەن نە خۇرشىد ، نە ماھ .
يەر ئۈزرە يېگانە ئاقىل پەرزەنتىڭ ،
جاھاننى شاد قىلار ئۇ دىل پەيۋەندىڭ .
ھەرەمگە ئەۋەتكىن ئۇنى بىر تامان ،
سىڭىللىرى كۈتەر سېغىنىپ چەندان .
ئاڭا ئېيت ، ھەرەمگە كىرىپ تۇرسۇن ئۇ ،
سىڭىللىرىنى تېز – تېز كۆرۈپ تۇرسۇن ئۇ .
سىڭىللار سېغىنار ، يولدا كۆزلىرى ،
سېغىنىپ ، يىغىدىن نەمدۇر يۈزلىرى .
ئاڭا تەزىم قىلىپ بېرەرمىز ھەدىيە ،
مۇھەببەت دەرىخى گۈل ئاچسۇن دېسە . »
شاھ دېدى : « سۆزلىرىڭ توغرا ، سەن ئانا ،
مېھرىڭ يۈز ئانىدىن ئارتۇقتۇر يانا ! »
سىياۋۇشقا دېدى ئۇ شاھى جاھان :
« قاندىكى مۇھەببەت قالمىسۇن نىھان .
شۇنداق ياراتقاندۇر سېنى پاك ئىگەم ،
مېھىر قويار يۈزۈڭ كۆرگەن ھەر ئادەم .
سېنى تەڭرى بەردى ، پاكىزە ئەجداد ،
ئالەمدە تېپىلماس سەندەك بىر پاكزات .

ئازراق باغلىنىشى بولسا قېنىدا ،
تۇغقىنىنى تاپار ، مېھرى جېنىدا .
ئىچكىرىدە سېنىڭ سىڭىللىرىڭ بار ،
سۇدابە ئانىدۇر ساڭا ، ماڭا يار .
ھەرەمدىكىلەرنى بىر كىرىپ كۆرگىن ،
خۇش بولۇپ ، دېيىشسۇن ساڭا ئاپىرىن . »
شاھتىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ سىياۋۇش ،
ئاڭا سۇس قارىدى ، باشتىن قاچتى ھوش .
بىرھازا جىم ئويلاپ ، يوشۇردى دەردىن ،
تىرىشنى يۇيۇشقا دىلدىكى گەردىن .
گۇمانى شۇ بولدى ، ئۇنى ئاتىسى ،
سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۇندەركەن ئۇنى .
ئوغۇل ئىدى سەزگۈر ، ئەدەبلىك ، دانا ،
ھوشيار ، بەك تەۋەززۇ ، سۆزگە بەك ئۇستا .
جىم بولۇپ سىرىنى ئىچىگە يۇتتى ،
بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى ئۇنى قورقۇتتى .
ئەگەر ھەرەمگە كىرسەم ـــ ھەيرانە ،
سۇدابە كۆرسىتەر ئەجەب ئەگىمە .
ئەمما شاھقا جاۋاب بېرىپ دەر : « ئەي شاھ ،
سەن ماڭا ئىنايەت قىلدىڭ تەخت ـ كۇلاھ .
ئاسماننىڭ ئەۋجىدىن چىقىپ نۇر ئاپتاپ ،
قايسى يەرلەرگىچە بېرەر يەرگە تاپ .
سەندەك شاھنى بىلمەس بۇ يەتتە ئىقلىم ،
ئىشىڭ ئەقىل ھەمدە ياخشىلىق ، بىلىم .
سەن ماڭا يول كۆرسەت داۋانلار ئارا ،
قورقۇشنى بىلمەسمەن تەگداشلار ئارا .
ئۆگىنەي شاھلىقنىڭ رەسىم قائىدىسىن ،
تەختۇ بەزمۇ چالغۇ مەي قائىدىسىن .
نېمە ئۆگىنەتتىم ھەرەمگە كىرسەم ،
خوتۇنلاردىن نېمە ئۆگىنەر ئادەم .
ئەمما شۇنداق بولسا شاھىم پەرمانى ،
باش تارتىشقا بارمۇ قۇلنىڭ ئىمكانى . »
شاھ دېدى : « دائىما دىل شاد بول ئوغلۇم ،
ھەر ئىشتا ئەقىلگە بۇنياد بول ، ئوغلۇم .
بۇنداق ياخشى سۆزنى ئاڭلىغانتىم كەم ،
بۇ سۆزلەردىن ئاشار روھ ھەم ، ئەقىل ھەم .
كۆڭلۈڭدە يامان ئوي بولمىسۇن ئاخىر ،
شادلىقنى ئۇلغايتقىن ، قايغۇنى سۈپۈر .
ئۇندا ياش سىڭلىڭ بار ، بېرىپ ئال خەۋەر ،
سېنى كۆرسە ، خۇشال بولۇپ يايرىشار . »
سىياۋۇش ئاڭا دەر : « ئەتە تاڭ ۋاقتى ،
قىلاي ھەر نە خالىسا شاھىم خاھىشى .
مانا مەن تۇرىمەن ھۆكمىڭنى سۈيلەپ ،
پەرمانىڭغا قەلب ، جان ، بېلىمنى باغلاپ .
بېرىشقا بۇيرۇقۇڭ بىلەن ھازىرمەن ،
ئەگەردە قۇللۇققا بولسام قادىرمەن . »

## سىياۋۇشنىڭ سۇدابە ھۇزۇرىغا كەلگەنلىكى

بىر كىشى بار ئىدى ، دېيىشەر ھىربەد ،
كۆڭلىدىن يامانلىق قوغلانغان ئەبەد .
بۇ سەنەم خانەنىڭ پاسىبان ئىتى ،
ئاڭا تاپشۇرۇلغان ھەرەم ئاچقۇچى .
ئاڭا پادىشاھتىن كەلدى بىر پەرمان :
« ئەتە قۇياش تىغىنى چىقارغان ھامان ،
سىياۋۇش قېشىڭغا بارار ، تۇر ھوشيار ،
بەجا قىل نېمىكى دېسە شەھرىيار .
بېرىپ ئېيت ، سۇدابە ساندۇقىن ئېچىپ ،
ئۇنى قارشى ئالسۇن ، گۆھەرلەر چېچىپ .
ئۇنداق كېنىزەكلەر بىلەن سىڭىللار ،
چېچىپ تۇرسۇن مۇشكۇ ئەنبەر ۋە ئىپار ! »
قۇياش تاغ كەينىدىن كۆرۈنگەن زامان ،
سىياۋۇش قوزغالدى شەھرىيار تامان .
كىرىپ يەرنى سۆيدى ، ئوقۇدى سانا ،
پىنھان سۆھبەت قىلدى ئۇ بىلەن پادىشاھ .
ھىربەدنى چاقىرتتى تۇگىگەچ سۆھبەت ،
يوليورۇق سۆزلىرىن ئاڭلىدى ھىربەد .
سىياۋۇشقا دېدى : « ئۇ بىلەن بارغىن ،
تۇغقان دىدارىدىن كۆڭلۈڭنى ئاچقىن . »
ئىككىسى بىر بولۇپ كېتىشتى ھەمدەم ،
خۇشاللىق ئىلكىدە ، كۆڭلىدە يوق غەم .
ئەمما ھىربەد كېلىپ ، ئاچقاندا ھەرەم ،
شاھزادە كۆڭلىدە يەنە قورقۇنچ غەم .
ھەرەم ئەھلى كۇتەر كۇلكە ـ ناۋانى ،
ھەممە شادۇ خۇشال ، كۇتەر بەزم ـ سازنى .

خانلار باشتىن ـ ئاياغ بېزىتىلگەن ،
ھەرياقتا مۇشكۇ ئەنبەر ، ھەممە ياق روشەن .
ئارىلاشتۇرۇشۇپ زەرگە گۆھەر ھەم ،
ئايىغى ئاستىغا چېچىشار دىرھەم .
چىن شايىسىغا ئورالغان زېمىن ،
دۇرلار جۇلاسىدىن يەر يۈزى يارقىن .
ھەممىنىڭ بېشىدا ياقۇت تاج يانار ،
ياڭرار چالغۇ ، قەدەھ تىنماي ئايلىنار .
ھەرەم ياسىتىلغان مىسالى بېھىش ،
گۈزەللەر كۆرۈشسە قىلىشار خىرىس .
سىياۋۇش كۆردىكى ، ھەممە نەرسە تەخ ،
يالتىراپ تۇراتتى تۆردە ئالتۇن تەخت .
ئەتلەسۇ شايىلار تاغدەك قويۇلغان ،
گۆھەرلەر بىلەن نەقىش ئويۇلغان .
تەختتە سۇدابە سەرۋ قەد مەھلىقا ،
ھۆسنىدە جەننەتنىڭ ئۆزى مۇتلەقا .
قارا مۇشكى زۇلپىنى قىلىپتۇ شىكەن ،
نۇر چېچىپ ئولتۇرار سۈھەيلى يەمەن .
بېشىدىكى تاجى پەلەكتىن بەلەند ،
تۆۋەنگە چۈشۈپ تۇرار مۇشكى كەمەند .
كېنىزەك ئالتۇن كەشىن تۇتۇپ تۇرار ،
جان پىدا ، ھەر ئىماسىنى بايقاپ تۇرار .
ھەرەمگە سىياۋۇش كەلگەندە كىرىپ ،
سۇدابە چۈشتى تەختتىن يۈگۈرۈپ .
يەر سۆيۈپ تەزىمگە ئېگىلدى قامەت ،
ئاندىن قۇچاقتا ئالدى ئۇزۇن بىر مۇددەت .
يۈز ـ كۆزىگە سۆيدى ، قويۇپ بەرمىدى ،
ئۇنىڭ دىدارىغا بېقىپ تويمىدى .
دەيتتى ئۇ : « خۇداغا مىڭ ـ مىڭلاپ شۈكۈر ،
دىلىمدا قىلارمەن نامىڭنى زىكىر .
ھېچكىمدە سېنىڭدەك پەرزەنت تېپىلماس ،
شاھلىقتا سېنىڭدەك پەيۋەند تېپىلماس . »
سىياۋۇش سەزدى بۇ ئاددىي مېھىر ئەمەس ،
بۇ مېھىر بالاغا باشلىمىسا بەس .
بۇنداق ئىشنى كۆرۈپ شۇنچىلىك ناساز ،
سىڭىللار ئالدىغا ماڭدى پاك مىجەز .
سىڭىللىرى ئاڭا ئىبىتار ئاپىرىن ،
كۆرسىغا ئۆتكۈزدى ، كۆرسىدۇر زەررىن .
ئۇزاق سۆھبەتتىن كېيىن سىڭىللار بىلەن ،
خۇشلىشىپ قايتتى چىرايى روشەن .
ھەرەم گەپ ـ سۆزىدىن بولالماس خالاس :
« مانا شۇ ھۆنەرۋەن تاجۇ تەختكە ماس .
ئاددىي ئادەمگە بۇ ئوخشىماس ھېچھەم ،
نۇر يېغىپلا تۇرار روھىدىن ھەردەم . . . »
ئاتا ھۇزۇرىغا كەلدى سىياۋۇش ،
« ھەرەمگە باردىم ، — دېدى پەرىشان ، خامۇش ، —
ئايىغىڭ ئاستىدا جاھان بايلىقى ،
ئاشكارا بايلىقۇ نىھان بايلىقى .
جەمشىدۇ فەرىدۇن ، ياكى ھۇشەڭ شاھ ،
ساڭا يېتىشەلمەس ، ساڭا يار ئاللاھ ! »
بۇ سۆزلەردىن خۇشال بولدى شەھرىيار ،
سارايىنى بېزەتتى مىسالى باھار .
مەي ۋە شەربەت راسلاپ بەزمە تۈزۈشتى ،
ھايات تەشۋىشىدىن كۆڭۈل ئۈزۈشتى .
ئاسمانغا يولتۇزلار ياققاندا پانۇس ،
ھەرەمگە كىرىپ ياردى كەيكاۋۇس .
شاھ دەر سۇدابەنى قىلىپ ئەزمايىش :
« ماڭا سۆزلە ، يېپيىق قالمىسۇن ھېچ ئىش .
سىياۋۇش رايىدىن ، ئەقلىدىن سۆزلە ،
قامىتى ، گۇپتارى ، تەلىمىدىن سۆزلە .
ئەقلى ـ دىتى ساڭا بولدىمۇ ماقۇل ،
شۆھرىتى لايىقمۇ ، ماختىشار نوقۇل ؟ »
سۇدابە دېدىكىم : « ئەي بەنەزىر شاھ ،
سەندەكنى كۆرمىگەن نە تەخت ، نە سىپاھ .
ئوغلۇڭدەك پەرزەنتنى كۆرگەنمۇ جاھان ؟
تۇتماق نە ھاجەتتۇر بۇ سىرنى نىھان ؟ »
شاھ دەر : « ئۇنداق بولسا بويىغا يەتسۇن ،
يامان كۆز ، بەتنىيەت نېرىغا كەتسۇن .
سۇدابە ئاڭا دەر : « جۈپتى ھالالىم ،
ئىناۋەتكە ئالسا سۆزى زىلالىم ،
ئۆز پۇشتۇمدىن ئاڭا تاپاي بىر كېلىن ،
بىگانە بولمىسۇن بەختكە زامىن .
ئوغۇل تۇغۇپ بېرەر ئاتىسى سىياق ،
ئوغۇللار ئىچىدە شانى يوپيورۇق .
مېنىڭ قىزلىرىمغۇ ساڭا خوپ لايىق ،
سېنىڭ ئۇرۇقۇڭدىن ۋە ساڭا سادىق .
كەيارەس ئۇرۇقىدىن ۋە يا كەيپەشىن
ئەۋلادىدىن ئالسا دەيتتى ئاپىرىن . »

شاھ دېدى : « شۇ ئىدى مېنىڭ ئارزۇيۇم ،
شۆھرىتىگە شۆھرەت قوشار نامىم ھەم . »
ئەتىسى كەلدى ئوغۇل ، سۆيۈپ زېمىن ،
تاجۇ تەختكە يەنە ئوقۇپ ئاپىرىن .
ئاتا بىلەن ئوغۇل سۆھبەت باشلىدى ،
يەنە يوشۇرۇن يول ئىزدەر باشلىدى .
شاھ دەر : « ھاياتىم بىتەشۋىش ، قايغۇ ،
دىلىمدا يوشۇرۇن بار بىرلا ئارزۇ .
سېنىڭ نامىڭ قالسا يادىكار بولۇپ ،
سېنىڭدىن ئوغۇل قالسا شەھرىيار بولۇپ ،
مېنى خۇش قىلغاندەك سېنىڭ گۈلىيۈزۈڭ ،
ئوغلۇڭغا باققاندا ئېچىلسا دىلىڭ ،
بەختلىك يۇلتۇزۇڭدىن ئاختۇرۇپ ، ئىشەن ،
مۇبەد ، مۇنەججىملەر بېرىشتى نىشان .
پۇشتۇڭدىن چىقارمىش شۇنداق شەھرىيار ،
نامى قالار ئىمىش مەڭگۈ يادىكار .
بۈگۈن ئۇلۇغلاردىن تاللاپ ئال خوتۇن ،
بەلكى قۇدا بولۇر بىزگە كەيپەشىن .
قەيارەس ھەرىمى ئىچرە ، قارا ، كىم بار ؟
ئۆزۈڭ ھەرىكەت قىل ، بەختلىك بولسۇن يار . »
ئوغۇل دەر : « مەن شاھنىڭ سادىق غۇلامى ،
پەرمانىڭغا باغلىق ئىشىم ئاخىرى .
سەن كىمنى تاللساڭ ، شۇ ماڭا لايىق ،
سەن پادىشاھ ، بەندەڭمىز ھەممە خالايىق .
بۇ سۆزنى ئاڭلىسا سۇدابە ئانا ،
قارشىلىق قىلمىسۇن بۇ ئىشقا يانا .
بۇ ئىشقا ئۇ بىلەن ئاسانلىقىم يوق ،
ئۇنىڭ ھەرىمىدە مېنىڭ ئىشىم يوق . »
سامان ئاستىدا پاتقاق ، يوقتۇر خەۋىرى ،
بۇ سۆزدىن كۆلەتتى ئىقلىم سەرۋەرى .
ئاڭا دېدى : « تاللاش سېنىڭ ئىشىڭدۇر ،
يامان ئويلارنى دىلىڭدىن سۈپۈر .
ئۇنىڭ ھەممە سۆزى مېھرىبانلىقتىن ،
سېنىڭ ئىقبالىڭغا باسبانلىقتىن . »
بۇ سۆزدىن سىياۋۇش كۆڭلى بولدى شاد ،
بولدى كۆڭۈل غەمكىن ئويلاردىن ئازاد .
يەنە شەرەپلىدى جاھان پادىشاسىن ،
يەنە تەخت ئاستىدا سۆيدى ئۇ زېمىن .
سۇدابەدىن نىھان ئىزدىشىپ چارە ،
كۆڭۈل غەش ، خەستە جان ، جىگەر مىڭ پارە .
سۇدابەدىن كۆرەر جىمىكى ئىشىن ،
يوشۇرار كۆزىگە تىقىلغان يېشىن .

## سىياۋۇشنىڭ ئىككىنچى قېتىم ھەرەمگە كىرگەنلىكى

شۇنداق ئىشلار بىلەن يەنە ئۆتۈپ تۈن ،
يەردىن بېشىنى كۆتۈرگەندە كۈن ،
سۇدابە تەختتە قۇۋناق ئولتۇرار ،
قىزىل ياقۇت تاجى كۈندەك يالتىرار .
چاقىرىپ ، پەردازلىدى قىزلىرىنى ،
ئالتۇن كۇرسقا ئۆتكۈزدى بەرىنى .
ھەر بىرى ئالدىدا گۈزەل كېنىزەك ،
ھەرەم ياشناپ كەتتى خۇددى جەننەتتەك .
ئاندىن ھىربادقا پەرمان بەردى مەھلىقا :
« سىياۋۇشقا بېرىپ دېگىن مۇددىئا :
قەدەم تەشرىپ قىلسۇن ئۇ بۇياقلارغا ،
كۆز سالسۇن سەرۋ قامەت ياشنىغان باغقا . »
شاھ ئالدىغا چېپىپ باردى ھىرباد ،
سۇدابەنىڭ بۇ ئىشىدىن پۈكۈلۈپ قەد .
ئاڭلاپ چىرايى بولدى كەھرىۋا ،
خۇداغا يالۋۇرۇپ قىلدى ئىلتىجا .
ئىزدىگىنى بىلەن تاپالماس چارە ،
تەن قاقشار ، يۈرىكى بولدى مىڭ پارە .
ھېچ چارە تاپالماي بۇنداق ستەمگە ،
سۇدابەنى كۆردى كىرىپ ھەرەمگە .
بېشىدا ياقۇت تاج ، چېچىدا گۆھەر ،
تەختىدىن سىياۋۇش تەرەپكە يۈرەر .
قول كۆكسىدە ، تەزىم قىلىپ گۈل چىراي ،
سىياۋۇشقا بەردى ئالتۇن تەختتىن جاي .
شاھزادىگە ھەممە قىزنى كۆرستەر ،
ھەممىسى تېخى يىپ ئۆتمىگەن گۆھەر .
ئاڭا دەر : « تەختلەرگە تاشلىغىن نىگاھ ،
سەنەملەر ئولتۇرار ، ئالتۇندىن كۈلاھ .

ھەممىسى نارەسىدە، ئايدۇر يۈزلىرى،
شەرمۇ ھايا، نازغا تولغان ۋۇجۇدى.
نىگاھ سال، نىگاھ سال باشتىن ــ ئاياغ،
قايسى ساڭا خۇش كېلەر، ياخشى باق! »
شاھزادە نەزەرىنى تاشلار شۇ نەپەس،
ئۇلار كۆز ئۈزۈشمەس، كۆز ئۈزۈشەلمەس.
ئۆزئارا سۆزلىشەر: « قانداق خۇش چىراي،
ھۆسنىدىن شەرمەندە ئاسماندىكى ئاي! »
ھەممىسى كېتىشتى تۇرۇپ تەختىدىن،
خىيالەن پال ئاچار ئۆزى بەختىدىن.
ئۇلارنى ئۇزىتىپ دېدى سۇدابە:
«قاچانغىچە خامۇشلۇق، كۆكۈل خۇنابە.
قايسىسى كۆڭلۈڭگە بولدىكىن مەقبۇل،
ھۆسنۈڭگە پەرىلەر كۆرسە بولۇر قۇل.
ساڭا كۆزى چۈشسە قايسى جانانە،
ئەس ــ ھوشىدىن ئاجراپ، بولۇر دىۋانە.
ئەقىل كۆزى بىلەن بېقىپ، بەر جاۋاب،
قايسىنى كۆڭلۈڭ قىلار ئىنتىخاپ؟ »
سىياۋۇش جىم تۇردى جاۋاب بېرەلمەي،
بولمىدى بار ئىشنى يادىغا ئالماي:
« ياخشى ئىدى پاك تېنىم ئورسا كېپەن،
يار بولۇپ قوينۇمغا كىرگۈچە دۈشمەن.
سۆزلىشەتتى چوڭ ــ كىچىك ھەممە پالۋان،
ھەماۋەران شاھى ھەققىدە داستان.
نېچۇك ئىران شاھىن كاردىن چىقاردى،
ئىران باتۇرلىرىن يولدىن چىقاردى.
ھېيلىگەر سۇدابە ئۇنىڭ قىزىدۇر،
مېغىز پوستى دۈشمەن، شۇنىڭ ئۆزىدۇر.»
سىياۋۇش ئۇنچىقماي جاۋابتىن قاچتى،
سۇدابە پەردىدىن يۈزىنى ئاچتى.
ئاڭا دەر: « يېڭى ئاي يېنىدا خۇرشىد،
چاراقلاپ تۇرغىنىن كۆرەر يەر شاھىد.
ئاي خىرە كۆرۈنسە، ئىزدىمە سىرىن،
سېنىڭ قۇچىقىڭدا قۇياش يوشۇرۇن.
بېشىمدا ياقۇت تاج، ئۈستۈمدە شايى،
ساڭا چۈشسە ئەگەر كىمنىڭ ناگاھى،
ئەجەبمەس باقمىسا مەھلىقالارغا،
ھېچ كۆكۈل بەرمىسە قېشى يالارغا.
ئەگەر مەن بىلەن ئەھد ــ پەيمان قىلارسەن،
خىيالىڭ چۈلغىماي، ئاسان قىلارسەن.
نارەسىدە قىزىمنى قوينۇڭغا سالسام،
مېنىڭ ئۆزۈم سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئالسام،
سۆزۈمدىن چىقماسقا قەسەم ئىچ، بۇندا،
كۆرسەڭ بەكمۇ كۆپ جاپا بولمىسا.
دۇنيانى تەرك ئېتىپ كېتەر شەھرىيار،
ئۇندىن سەن قالارسەن ماڭا يادىكار.
ماڭا يامانلىقنى ئويلىما بىر دەم،
مېنى جانىدىن ئەزىز بىلمىگىڭ لازىم.
ئالدىڭدا ساڭا باش ئېگىپ تۇرىمەن،
سېنىڭدۇر نەق بۇگۈن شېرىن جانۇ تەن.
ئارزۇيۇڭ نېمە بولسا پىدادۇر بېشىم،
سېنىڭ توزىقىڭدىن تارتماسمەن بېشىم.»
شاھزادىنى سۆيەر قۇچاقلاپ، سىقىپ،
شەرمى ھايا نېمە، يادىدىن چىقىپ.
نومۇستىن سىياۋۇش يۈزلىرى ئەلۋان،
تارام ــ تارام ياشتىن نەملەندى مۇژگان.
كۆكۈلدە: « يېپىشتى ماڭا ئەجدىھا،
ئەھرىمەندىن ئۆزۈڭ ساقلار، رەببەنا.
ئەجەبكى ئاتامغا بىۋاپا بولسام،
ئەجەب ئەھرىمەنگە ئاشىنا بولسام.
بۇ شوخ كۆزگە قوپال سۆزلىسەم،
غەزەپتىن يەنە كۈچەيتەر سىتەم.
مەخپىي پىتنىلەر تارقىتىپ يەنە،
دۈشمەن كۆپەيتمىسۇن شاھنىڭ يېنىغا.
ياخشىسى قىلاي مەن ئاڭا يۇمشاقلىق،
تىل باشقا، دىلىمدا ساقلاي مەن پاكلىق.»
سۇدابەگە دېدى: « جانانە ئۆزۈڭ،
جاھان ئىچرە يەككە ــ يېگانە ئۆزۈڭ.
ھۆسنۈڭدىن شەرمەندە ئاسماننىڭ ماھى،
ساڭا لايىق پەقەت جاھاننىڭ شاھى.
بۇگۈن ماڭا سېنىڭ قىزىڭ بولسا بەس،
ئۇندىن باشقا ماڭا ھېچكىم كېرەكمەس.
ئىران شاھىغا بار، بۇ سۆزلەرنى ئېيت،
قولاق سال جاۋابى نېم بولۇر شۇ پەيت.

ئاڭا كۆڭۈل بەردىم ، ئەھد ـ پەيمانىم شۇ ،
تىلىم شۇ ، دىلىم شۇ ، روھ ـ راۋانىم شۇ.
ئۇ مېنىڭ يېشىمغا يەتمىگەي تاكىم ،
قەسىمىم : باشقىغا چۈشمىگەي ئىشقىم .
يەنە ، چىرايىمدىن سۆزلىدىڭ ، دىلبەر ،
ئىشقىم جانىڭ ئارا جا بولسا ئەگەر ،
تەڭرى مېنى شۇنداق ياراتمىش ، نىيتەي ،
سېنى كۆيدۈرۈشكە ئەمەستى ئەتەي .
بىلدۈرمە ، بۇ سىرنى بىلمىسۇن ھېچكىم ،
پىنھان تۇتۇش بولسۇن مېنىڭمۇ ئىشىم .
باتۇرلار بانۇسى ، ئەقىللىق سەنەم ،
ساڭا ھۆرمىتىم چوڭ ، ئانامسەن ، ئانام . »
شۇنداق دەپ چىقتى ـ دە ، كەتتى ئۇ جايدىن ،
سۇدابەنى قىينار ئىشق جان ـ جىنىدىن .
كەچقۇرۇن ، شاھىنشاھ ھەرەمگە كەلدى ،
بىلمەستىن ، ھىيلەيۇ ئالدىمغا كەلدى .
ياخشى خەۋەر بىلەن كۆڭلىن ئېتىپ شاد ،
سىياۋۇش ئىشىنى شۇنداق قىلدى ياد :
« ھەرەمنى تاماشا ئەيلىدى نامدار ،
قارا كۆز سەنەملەر تىزىلدى قاتار .
ئايۋانغا لىق تولدى قانچە خۇش چىراي ،
ئۇلار جامالىدىن خىجىل تولۇن ئاي .
قىزىمدىن باشقىغا قىلماي ئىلتىپات ،
گۆزەللەر كۆڭلىگە بەرمىدى نىجات . »
بۇ گەپتىن بولدى شاد شاھىنىڭ يۈرىكى ،
گويا ئايغا تولدى ئۇنىڭ قۇچىقى .
غەزىنىنى ئېچىپ ، بەردى كۆپ گۆھەر ،
زەربابلار ، شايىلار ھەم ئالتۇن كەمەر .
ھەم ياراغ ـ ئەسلىھە ، ئۈزۈك ۋە مارجان ،
تەختۇ تاج ، نۇقرە ـ سىيىم ، لەئلى بەدەخشان .
ھەممىنى چىقىرىپ ھەددىدىن ئارتۇق ،
دېدى : « بۇنى قىلغىن ئوغلۇمغا تارتۇق .
سىياۋۇش ئۈچۈن بۇ ھەممە تۆھپىلەر ،
ياخشى كۈندە بۇلار ئىش بېرىپ قالار . »
ئاڭا بېرىپ دېگىن : « خېمىردىن پىتىر ،
كېيىنكى بەرگىنىم ئالەمگە تەتىر . »
سۇدابە ھەم تۇرۇپ قالدى ھەيرەتتە ،
ئىچىدە ھەم ئەپسۇس قىلدى ئەلۋەتتە ،
ئويلىدى : « ئۆتمىسە ئاڭا پەرمانىم ،
ياخشىسى ، تەرك ئەتسۇن تېنىمنى جانىم .
دۇنيادا نى چارە بار ياخشى ـ يامان ،
مەيلى ئاشكارايۇ ۋە ياكى پىنھان .
ھەممىنى ئىشقا سېلىپ ، غوۋغا قىلىمەن ،
كۆنمىسە ، يۇرت ئارا رەسۋا قىلىمەن . »

## سىياۋۇشنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ھەرەمگە كەلگەنلىكى

تەختىگە ئولتۇرۇپ قولاقتا زىرەك ،
بېشىدىكى تاجى پارقىراق كۈندەك ،
سىياۋۇشنى چارلاپ يېنىغا تەنناز ،
سۆھبەتنى قىزىتار ، كۆزلىرىدە ناز .
ئاڭا دەيتتى : « سوۋغات تەييارلىدى شاھ ،
ھېچكىمدە يوق بۇنداق تاجۇ تەخت ، ھۇجرا .
بايلىقلار ساناقسىز ، نەرسىلەر ھەرخىل ،
ئېلىپ كەتسەڭ ، باردۇر ئىككى يۈزدەك پىل .
قىزىمنى ھەم ساڭا ئەيلىدىم نىسار ،
تاجۇ تەخت ، ھۆسنۈمگە نەزەر سال داڭدار .
ئىشقىم رەت قىلىشقا نېمە باھانە ؟
ئەمەسمۇ دۇنيادا ھۆسنۈم يېگانە ؟
مەن سېنى كۆردۈمۇ ، قالمىدى ھوشۇم ،
ئازابتا تولغانماق بولدىغۇ ئىشىم .
روشەن كۈنۈم خىرە قىلدى بۇ دەرد ،
كۆزۈمگە قۇياشمۇ بولدى لاجۇۋەرد .
يەتتە يىل بولدى بۇ ئىشقى توپان ،
قىيناپ گۈل يۈزۈمگە كۆزدىن ئاقار قان .
بىر مەخپىي شادلىق بەخش ئەتكىن ماڭا ،
ياشلىقۇ ئاۋاتلىق بەخش ئەتكىن ماڭا .
جاھان پادىشاھى بەرگەندىن ئارتۇق ،
تەختۇ تاجۇ بايلىق قىلاي مەن تارتۇق .
باش تارتساڭ ئەمرىمدىن ئەگەردە چەندان ،
ئەگەر قىلماس بولساڭ دەردىمگە دەرمان ،

شاھ ئالدىدا سېنى قىلمەن بىۋاش ،
كۆزۈڭگە قاپقارا بولسۇن ئاي ، قۇياش ! »
ئاڭا سىياۋۇش دەر : « بۇ ئىش بولمايدۇ ،
« دىنىدىن قايتساڭ ، كۆڭلۈڭ تولمايدۇ .
نېچۇن ئۆز ئاتامغا بولاي بىۋاپا ،
مەردلىك ، ئادەملىكتىن ، ئەقىلدىن جۇدا .

سەن شاھبانۇسەن ، سارايدىكى ماھ ،
قاملاشمايدۇ ساڭا بۇنداق زور گۇناھ . »
ئاڭا دېدى : « ساڭا ئاچقان ئىدىم راز ،
قىلامسەن سەن مېنى رەسۋا شۇ ئەلپاز .
مېنى يەرگە ئۇرۇپ شەرمەندە قىلىپ ،
كېتەمسەن سەن پاكلىق پىسەندە قىلىپ ؟ »

## سۇدابەنىڭ كاۋۇسنى ئالدىغانلىقى

قول بىلەن لىباسىن يىرتىپ ئۇ ناپاك ،
تىرناق بىلەن يۈزىنى قىلدي چاكۇ چاك .
تووۇلدى ، ئۆرلىدى پەلەككە ئاھ ـ داد ،
پىغانى كوچىغا تارقالدى كۆشاد .
ئاھۇ ۋاھ ، پەريادقا تولدى ئۆي ـ ئايۋان ،
دەيتتىڭ سەن : بولدىمۇ قىيامەت شۇئان .
قۇلىقىغا يەتكەچ بۇنداق ئاھۇ ۋاھ ،
تەختىدىن ھەرەمگە چۈشۈپ كەلدى شاھ .
كېلەتتى بېشىدا مىڭ تۈرلۈك خىيال ،
ھۇجرىدا چىرقىرار ، بىشەم ئۇ ئايال .
كېلىپ كۆردى ھەرەم شاۋ ـ شۇۋغا تولغان ،
سۇدابە يۈزى قان ، كۆزگە ياش تولغان .
ئۇندىن ـ بۇندىن سوراپ ، شاھ بولدى تەڭدىل ،
بىلمەيتتى نى ئىشلار قىلدى ئۇ ئوغۇل .
سۇدابە تۇراتتى كۆز يېشى قىلىپ ،
توختىماي ۋاي داد ، دەپ چاچلىرىن يۇلۇپ .
دەيتتى : « يېنىغا كېلىپ سىياۋۇش ،
ماڭا چاڭ سالدى ـ دە ، قىلدي كۆپ تارتىش .
ئىشقىڭدىن تولۇق ، دەپ ، جېنىم ۋە تېنىم ،
ئەي گۈزەل ، قايتۇرما مېنىڭ دېگىنىم .
مەن سەندىن باشقىنى خالىسام ئۆلەي ،
شۇنداق سۆزلەر دېدى ، ئالدىسام ئۆلەي .
تاجىم ئۇچۇپ كەتتى مۇشكىن بېشىمدىن ،
يىرتىق كىيىملىرىم ھۆل كۆز يېشىمدىن . »
بۇ سۆزدىن خىيالغا چۆمدى شەھرىيار ،
سۇرۇشتۇرۇپ كۆردى دىل باغرى ئەبگار .
ئويلايتتى : « گەر خوتۇن راستىنى سۆزلىسە ،
يامانلىق ، جاپامەس ۋاپا كۆزلىسە .
ئۆلتۈرۈشىم كېرەكتۇر سىياۋۇش بېشىن ،
شۇنداق قىرقاي ياۋۇز يۈرەك ئۇندىشىن .

ئاقىللار بۇ ئىشقا نى دەركىن بۈگۈن ،
شەرمى ھايا دىلى خۇن بولدىغۇ خۇن ! »
ئەتراپتا خادىملار تۇرار قايغۇرۇپ ،
ئۇلارنى تارقاتتى شاھ بىر ھۆرپىيىپ .
ئۆزى تەنھا قالدى ، سېلىنغان قاپاق ،
ئوغلىيۇ خوتۇندىن باشلىدى سوراق .
سىياۋۇشقا دېدى ئاستا ئۇ ئاقىل :
« بۇ سىرلاردىن ئوغلۇم ، مېنى ۋاقىپ قىل .
بۇ ئىشنى سەن ئەمەس مەن ئۆزۈم قىلدىم ،
بۇنداق بولۇشىنى مەن نەدىن بىلدىم ؟
كۆزۈمگە تىك قاراپ ، سۆزلە بارىنى ،
مەندىن سىر تۇتما ، تۆككىن سىرىڭنى . »
قانداق كەلگىنىنى سۆزلەر سىياۋۇش ،
سۇدابە نى ئىشلار ئىختىيار قىلمىش .
سۇدابە ئېيتتى : « سۆزلىرى يالغان ،
قىزلارنى رەت قىلىپ ، ماڭا دەر ‹ جانان ! ›»
قايتۇرۇشنى يامان يولدىن كۆزلىدىم ،
شاھىم سوۋغىلىرىن بىر ـ بىر سۆزلىدىم .
تاجۇ تەخت ، خەزىنە ، ئالتۇنۇ گۆھەر ،
لىباسۇ بايلىقۇ ئۆز قىزىم ـ دىلبەر .
يەنە دېدىم ، قانچە بايلىق ئۆزۈمدىن ،
قىزىم بىلەن قوشۇپ ئەۋەتەي ئاندىن .
دېدى : « بايلىق بىلەن مېنىڭ كارىم يوق ،
سېنىڭ قىزىڭغىمۇ ئەسلا خۇشۇم يوق .
ماڭا سەن ئۆزۈڭنى نەسىپ قىلساڭ بەس ،
نە دۇنيا ، نە ئۆزگە ھېچكىم كېرەكمەس ،
مېنى خالاپ ، سالدي ئاق تېنىمگە چاڭ ،
قۇچىقىغا ئېلىپ قىستى مېنى چىڭ .
سۆزىگە كىرمىدىم ، ئۇ زورلۇق قىلدى ،
يۈزۈمنى تاتىلىدى ، چاچلىرىم يۇلدى .

بىر گۆدەك يۇرىكىم تېگىدە نىھان ،
سېنىڭ پۇشتۇڭدىندۇر ، ئەي شاھى جاھان .
بالام چۇشۇپ كېتىشكە تاس قالدى ئاخىر .
قورقۇشتىن بەدىنىم تىترىدى دىر – دىر . »
كۆڭلىدىن ئۆتكۈزەر ئىدى شەھرىيار :
« قايسى بىرى سۆزىنى قىلاي مەن ئىنكار ؟
مۇنداق ئىشتا ئەسلا قىلمىغىن شىتاب ،
ئالدىراش ئەقلىنى قىلىدۇ خاراب .
ئەڭ ئاۋۋال بۇ ئىشقا ياخشىراق باقاي ،
ئاندىن دىل باشلىغان تەرەپكە ئاقاي .
كۆرەيمەن بۇلاردىن گۇناھكارى كىم ،
غەزەپكە ، جازاغا سازاۋەرى كىم ؟ »
ئاندىن ئوغلىنى چاقىرىپ ، ئىزدەپ بىر چارە ،
قوللىرىنى يۇرىدى ئاۋۋال يەكپارە .
قوچاقلاپ ، مۇرە ، قوينىنى پۇراپ ،
تاپالمىدى باشقا بىر ھىدنى ئىزدەپ .
سۇدابەدىن چىقار ئىدى مەي ، شاراب ،
مۇشكۇ ئەنبەر ھىدى ، پۇراقى گۈلاپ .
سىياۋۇش تېنىدە يوق بۇندىن ئەسەر ،
قوچاقلىدى دېگەن سۆز تۆھمەت مەگەر .
ئەلەم بىلەن قىلدى سۇدابەنى خار ،
ئۆز كۆڭلىگىمۇ ئۇ يەتكۈزدى ئازار .
بىر ئويلايتتى ، ئېلىپ قولغا تىغنى تېز ،
قىلسامىكىن بۇنىڭ تېنىنى رىزا – رىز .
ھەماۋەران شاھىن ئويلاپ دىلى تەڭ ،
دەيتتى ، قوزغالماسمۇ يەنە قاتتىق جەڭ ؟
ئويلىدى ئۇ يەردە بولغىنىنى بەندى ،
يالغۇزدى ، يوق ئىدى ئۇرۇق – تۇغقىنى .
يەقەت شۇ سۇدابە مېھرىبانى ئىدى ،
ھەممە دەرد – ئەلەمگە شۇ قالغانىدى .
ئۇچىنچىدىن ، سۆيگەن جانانىسى شۇ ،
شادلىقتا شاد ، غەمدە غەمخانىسى شۇ .
تۆتىنچىدىن ، تېخى باللىرى ياش ،
ئاسان ئەمەس بولماق ياش بالىغا باش .
سىياۋۇش بۇ ئىشتا ئىدى بىگۇناھ ،
ئەقىل بىلەن بىلىپ ئالدى بۇنى شاھ .
ئاگا دېدى : « ئەمدى ئويلىما بۇنى ،
ھوشيار بول ، ھېچكىمگە سۆزلىمە بۇنى .
بۇنى ئەستىن چىقار ، خۇش كۆڭۈل ياشا ،
سۆزگە سۆز ئۇلانسا بولۇر كۆپ غوۋغا . »

## سۇدابەنىڭ جادۇگەر مومايدىن چارە ئىزدىگەنلىكى

سۇدابە بىلدىكى ، ئاقىل شەھرىيار ،
ئىشەنمەي ، قىلىپتۇ ئۇنى خارۇزار .
قارا نىيىتىگە تاپالماي چارە ،
يەنە ھىيلە ئىزدەپ بولدى ئاۋارە .
ھەرەمدە ئۇ بىلەن ياشار بىر خوتۇن ،
ئىچى تولغان ھىيلە ، رەڭگا رەڭ پوسۇن .
ئۇ ھامىلدار ئىدى ، چوڭ قورساق ئىدى ،
يۈكى كۈندىن – كۈنگە ئېغىرراق ئىدى .
سۇدابە ئۇنى چاقىرتىپ ، ئاگا سۆز ئېيىتتى:
« بۇ سىرنى نىھان تۇت ، تىنمىغىن » دېدى .
ئاگا ئالتۇن بېرىپ ئىچۈردى قەسەم :
سىردىن ۋاقىپ بولمىسۇن دەپ ھېچبىر ئادەم .
« بىرەر دورا بىلەن بالاڭنى چۈشۈر ،
قارنىڭنى بوشىتىپ ، تۇتقىن بۇنى سىر .
ئۆزۈڭ يەڭگىل بولغىن ، مېنى ھەم ئاقلا ،
مەن يالغان سۆزلەي ، سەن مېنى ياقلا .
مېنىڭ بالام ، دەيمەن كاۋۇسقا بىباك ،
ئەھرەمەن دەستىدىن بولغاندۇر ھالاك .
ئەگەر شۇ سۆزۈمگە ئۇچار بولسا شاھ ،
بۇ ئىشنى قىلارمەن شۇ بىلەن كۇتاھ .
مەگەر تاپالمىسام شۇنداق بىر چارە ،
سارايدىن ھەيدىلىپ يۈرەي ئاۋارە . »
ئۇ دېدى : « نى قىلساڭ ، ساڭا بەندىمەن ،
پەرمانىڭغا ھازىر ، سەرەپكەندىمەن . »
تۈندە خوتۇن دورا ئىچىشى بىلەن ،
ئەھرەمەن بالىسى چۈشتى ئىچىدىن .
ئىككى بالا چۈشتى ، ئىككىسى دىۋە زات ،
كۆرۈنۈپ تۇراتتى ئەھرەمەن ئەۋلاد .
ئېلىپ كېلىپ بىر ئالتۇن تەگنە ،
ئانىسىن يوشۇرۇپ ئىشلىتىپ ھىيلە ،
تەگنىگە سېلىپ باللار لېشىن ،
داد سېلىشقا تۇردى مۇشتلاپ ئۆز بېشىن .

سارايدىكى ھەممە كېنىزەك ، چاكار ،
سۇدابە قېشىغا يۈگۈرۈشتى زار .
تەگىندە ياتىدۇ بوۋاقلار لېشى ،
سۇدابە داد سالار ، دەريا كۆز يېشى .
كاۋۇس قۇلىقىغا يېتىپ بۇ تاۋۇش ،
ئويغىنىپ بىلەلمەس : ئوڭۇمۇ يا چۈش ؟
ئۇندىن ـ بۇندىن سوراپ ، بىلدى شەھرىيار ،
شاھبانۇ بېشىغا نې سالدى روزخار :
غەزەپكە كەلدىيۇ ئەمما ئۇرماس دەم ،
سارايىنى كۆزلەپ كېلەر دىلدا غەم .
سۇدابە ياتاتتى ئىگراپ ئورنىدا ،
ئادەم تولۇق ئۆينىڭ پەگا ـ تۆرىدە .
ئىككى بوۋاق ياتار ، تەگىنسى زەر ،
سۇدابە ياتاتتى لەختە خۇن جىگەر .
كۆزىدىن توختىماي تۆكۈپ قانلىق ئاب ،
دەيتتى : « ئەمدى كۆرگىن مىسالى ئاپتاپ
روشەن بولدى ئۇنىڭ بەد قىلمىشلىرى ،
ئالدىڭدا پاش بولدى ئۇنىڭ ئىشلىرى . »
كاۋۇس شاھ كۆڭلىگە چۈشتى بەتگۇمان ،
چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى بىر زامان .
ئويلايتتى ، بۇ ئىشقا نې دەرمان قىلاي ؟
ياخشىسى ، بۇ ئىشنى تېز ئاسان قىلاي . . .

## كاۋۇسنىڭ بوۋاقلار ئىشىنى تەكشۈرگەنلىكى

يۇرت ھەر بۇرجىكىگە تاشلاپ بىرنىگاھ ،
ھەممە مۇنەججىمنى يىغدى كاۋۇس شاھ .
ھەممىسىن ئۆتكۈزۈپ ئالتۇن كۇرسىغا ،
مېھرىبانلىقتا خۇش باقتى ئۇلارغا .
بىر زامان ئۇ ماجىرا ئۆتكەندى جاندىن ،
سۆز سورار سۇدابە ، ھەماۋەراندىن :
شاھبانۇ ئىشىدىن بولۇشۇپ ئاگاھ ،
ئادىل ھۆكۈم تېپىپ بېرىشسە ، دەر شاھ .
ئاندىن دانالارغا ساقلاڭ دېدى سىر ،
بوۋاقلار ھەققىدە سۆزلىدى بىر ـ بىر .
ئېچىپ نەچچە بولسا زىج ياكى جەدۋەل ،
ئولتۇردى بىر ھەپتە سۆھبەتتە تۈگەل .
ئاخىردا دېيىشتى قىلىپ سەرھېساب :
« زەھەر تولغان جامدا بولمايدۇ شاراب .
باشقا پۇشتىدىندۇر بۇ ئىككى بوۋاق ،
بۇلارغا ئاتا ھەم ، ئانا ھەم بۆلەك .
بولسا شەھرىيار نەسلىدىن ئەگەر ،
بۇ تۈركۈم يۇلتۇزدىن ئاسان تېپىلار .
بۇلاردىن خالىيدۇر پۈتۈنلەي ئاسمان ،
يەردىنمۇ تېپىلماس ، ھەممىمىز ھەيران . »
ئاندىن جادۇگەر ئايال نىشانىسىنى ،
سۆزلەپ يورۇتۇشتى شاھ خانەسىنى .
سۇدابە « ئادالەت ! » دەپ داد سالدى ،
شاھ يېنىدا پەرياد كۆتۈرۈپ قالدى .
دەيتتى : « مەن رازىمەن شاھتىن نې كەلسە ،
مېنى بۇ دەرگاھتىن گەر سۈرگۈن قىلسا ،
ئۆلۈك بوۋاقلىرىم ئېزەر دىلىمنى ،
جېنىم ھەلقۇمىدا ، باغلار تىلىمنى . »
شاھ ئاڭا دېدى : « تىڭلا ئەي ئايال ،
سۆزلىرىڭگە ئىشەنچ قالمىدى زىنھار . »
ياساۋۇلى دەرگاھ ھەممىسىگە شاھ
بۇيرۇدى : « ئىزدەپ تېپىلسۇن بەتخاھ !
ئىزدەڭلار شەھەرنى ، ـــ دېدى سەراسەر ، ـــ
تېپىپ كېلىڭ ، قېنى نەدە جادۇگەر . »
ئىش بىلەر ياساۋۇللار نىشانىن تېپىپ ،
شاھقا يەتكۈزۈشتى خەۋەرنى چېپىپ .
ياللاپ كەلتۈرۈشتى بەتبەخ ئايالنى ،
شاھ سوراقلاپ كەتتى كۆرۈپ بۇ ھالنى .
ئاۋۋال ياخشىلىقچە باشلىدى سوراق ،
قېنىدىن ھەم كەچتى ، ھەق سۆزگە چاڭقاق .
بويىنغا ئالمىدى جادۇگەر ئەمما ،
شاھقا ھەقىقەتنى ئېيتمىدى ئەسلا .
بۇيرۇدى : « جادۇگەر قولغا ئېلىنسۇن ،
نې چارە بار ، بارى ئىشقا سېلىنسۇن .
ھەق سۆزنى ئېيتمىسا يەنە بىر كەررە ،
قاق ئىككى قىلىنسۇن سېلىنىپ ھەرە . »
ئېلىپ چىقىپ ئۇنى شاھنىڭ يېنىدىن ،
سوراشتى ئۈمىدى بارمۇ جېنىدىن .
« مېنىڭ گۇناھىم يوق ، ـــ دەر ئىدى دائىم ، ـــ
نې دەيتتىم بولمىسا دىلىمدا ھېچ غەم . »

« خۇدا ئۆزى بىلەر » دەپ قايتىشتى ،
بولغان ۋەقەنى شاھقا ئېيتىشتى .
سۇدابەنى چاقىرىپ يېنىغا پادىشاھ ،
مۇنەججىملەر سۆزىنى سۆزلىدى ئاڭا :
« جادۇگەر خوتۇندىن بۇ ئىككى گۆدەك ،
ئەھرەمەن پۇشتىدىن ئىككىسى بىردەك . . . »
سۇدابەنىڭ يەنە جاۋابى تەييار :
« ئەسلىدە سىر باشقا ، — دېدى ئۇ ھەييار ، —
ئالىملار تۇتۇشقان بۇ سىرنى پىنھان ،
سىياۋۇشتىن قورقۇپ سۆزلىگەن يالغان .
سىپاھدار ئوغلىڭىز پىلتەنلىك ئۆكۈز ،
شىر تىترەپ ئالدىدا بولىدۇ ئاجىز ،
ئۇنىڭ كۈچى يېتەر بولسا سەكسەن پىل .
خالىسا تام ياسار ، ئاقماي قالار نىل .
ئەگەر بولسا يۈزمىڭ شۆھرەتلىك لەشكەر ،
كارىزار ۋاقتىدا دۇچ كەلسە قاچار .
قانداق تەڭ كېلەمەن ئاڭا مەن زەئىپ ،
قانلىق ياش تۆكمەن بۇندا مۇڭلىنىپ .
مۇنەججىملەر ئۇنىڭ ئەمرىدىن چىقماس ،
راست سۆزنى يوشۇرۇپ يالغان ئېيتار ، بەس .
سەن بولساڭ ، قىلمايسەن پەرزەنت غېمىنى ،
يالغۇز ماڭا قويۇپ ئۇلار ماتىمىنى .
بۇندا ناھەقلىقتىن ئەيلىسەڭ خۇناپ ،
ئۇ دۇنيادا سەندىن سورارمەن جاۋاب . »
كۆزىدىن ئاققۇزار توختىماي گۇلاپ ،
گويا نىل سۈيىگە پاتقاندەك ئاپتاپ .
ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن چۈشۈپ دىلگە غەم ،
پادىشاھ يىغلىدى ئۇ بىلەن ھەمدەم .
سۇدابەنى قويۇۋەتتى ، كېسەل — خەستە ،
بۇ ئىش باش — ئاخىرىن ئويلار پەيۋەستە .
ئويلايتتى : « تەكشۈرەي بۇ ئىش ئاخىرىن ،
تۈنۈ كۈن ئۇخلىماي ، ئاچاي مەن سىرىن . »
مۇبەدلەرنى يىغىپ قۇردى مەسلىھەت ،
سۇدابە سۆزلىرىن قىلىپ تىلاۋەت .
دانىشمەنلەر ئېيتتى : « ئەي شاھى جاھان ،
سىپاھدار تەشۋىشى قالمىسۇن نىھان .
ئېچىلسۇن دېسەڭ گەر گەپنىڭ ئۆزىنى ،
تاشقا ئۇرۇش لازىم بۇلار كۆزىنى .
قانچىلىك بولسىمۇ پەرزەنتىڭ ئەزىز ،
دىلىڭنى دەز قىلار گۇمان شۈبھىسىز .
ھەماۋەران شاھى قىزى ماھتىن ھەم
كۆڭۈل ئۈزەلمەيسەن ، خاتىر ئەمەس جەم .
ھەقىقەت تالىشار ئىكەن ئىككىسى ،
ئاجراتسۇن ئوت ـ ئاتەش ھەق ۋە ناھەقنى .
شۇنداق بولۇر يۈكسەك ئاسمانى پەرمان :
« كىمكى بىگۇناھتۇر يەتمىگەي زىيان . »
سۇدابەنى يەنە بايقاپ جاھاندار ،
ئوغلىغا ھەم ئېيتتى بۇندا نې گەپ بار :
« گۇمانۇ شۈبھىدىن دىل بولدى پاچاق ،
بىلەلمەي قالدىم مەن ، كىم ھەق ، كىم ناھەق .
ھەر ئىككىڭ قىلساڭ ھەقلىقنى داۋا ،
كىم ھەقۇ كىم ناھەق ئاجراتسۇن لاۋا . »
سۇدابە دېدى : « مېنىڭ گېپىم ھەق ،
سۆزۈمگە ئىشەنگىن ، پادىشاھ مۇتلەق .
بوۋاقلار جەسىتىنى كۆردۈڭغۇ ، ئەي شاھ ،
مەندە بولسۇن يەنە ، قانداقچە گۇناھ ؟ ! »
ئوغلىغا قادىلىپ دەر شاھى زېمىن :
« سېنىڭ پىكرىڭ قانداق ، سۆزلە بار سىرىڭ . »
ئاتىسىغا دېدى شۇندا سىياۋۇش :
« دوزاق ئازابىدىن بەتتەرغۇ بۇ ئىش .
تاغدەك ئاتەشتىن ئۆتكىنىم ياخشى ،
بۇنداق دەرد تارتقۇچە كۆيگىنىم ياخشى . »

## سىياۋۇشنىڭ ئاتەشتىن ئۆتكەنلىكى

ئايلىنار كاۋۇسنىڭ پىكرى ، ئويى ھەم ،
نىمە بولۇر ئوغلىيۇ ، خوتۇن شۇم قەدەم .
« ئىككىسىدىن بىرى چىقسا بەك ناچار ،
بۇندىن سوڭ مېنى كىم ئاتار شەھرىيار .
بىرى قېنىم بولسا ، بىرىدۇر يىلىك ،
قايسىسى ئۆتسىمۇ كەلمەيدۇ شادلىق .
ياخشىسى ، كۆڭلۈمنى بۇ بەتخىيالدىن
چارە تېپىپ ، پاكلاپ ئالسام ئىكەن .
دانىشمەن دېگەن ئىدى خۇشتىل بىلەن :
« شاھلىق قىلمىغىنسەن بەتكۆڭۈل بىلەن . »

بۇيرۇق بەردى : « يولغا تېز چىقسۇن ساربان .
تۆگىلەر كەلتۈرسۇن چۆلدىن يۈز كارۋان .
كارۋانلار توختىماي توشۇسۇن ئوتۇن ،
چوڭ گۈلخاننى كۆرسۇن ئىران شەھەر پۈتۈن ،
يۈز كارۋان بولۇشۇپ تۆگىلەر بىلەن
ئوتۇن توشۇپ كەلدى يىراق ـ يېقىندىن .
ئېگىز ئىككى تاغدەك دۆۋلىدى ئۇنى ،
ھېسابلاپ كۆرۈشتى ئېنى ـ بويىنى .
ئىككى پەرسەڭ جايدىن كۆرەر ھەر كىشى ،
ئىش ئاچقۇچىن شۇنداق تاپماق شاھ ئىشى .
شۇنداق بىلمەكچى ئۇ ئىشىنىڭ راستىنى ،
تاقەت يوق بىلمىسە كەم ـ كۈتىسىنى ،
داستاننى ئاڭلىساق باشتىن ۋە ئاياغ ،
خوتۇنلار سۆزىگە سالمايسەن قۇلاق .
پاك ئايال تاپالىساڭ ، ئېتىكىنى تۇت ،
خارلىق يەتكۈزىدۇ ، ناپاكنى ئۇنۇت .
ئەلقىسسە ، ئوتۇندىن بولدى ئىككى تاغ ،
دۆۋە چوڭ ، كۆرگەننى باسىدۇ تىترەك .
ئىككى تاغ ئارىسى بەكمۇ قىس ۋە تار ،
ئارانلا ئۆتەتتى ئۇندىن بىر سۇۋار .
يەنە : پەرمان قىلدى كاۋۇسى كەي :
« ئوتۇنلارغا قۇيۇڭ دېدى قارامايى . »
قولىدا مەشئىلى ، ئىككى يۈز كىشى ،
ھەر تەرەپتىن پۈۋلەپ ئوت قويۇش ئىشى .
كۈن يۈزى توسالدى ، بولدى قارا تۈن ،
ئاندىن شولا كۆرۈندى ، تارقىلىپ تۈتۈن .
يەر يۈزى يورۇدى ئاسمان مىسالى ،
چوڭ لىملار يانار جەھەن ـ سامان مىسالى .
تەپتىدىن قاغجىرار ئەتراپ بوستانى ،
كۆككە يېتىشىدۇ خەقنىڭ پىغانى .
ئاتا ئۇدۇلىغا كەلدى سىياۋۇش ،
باشتا زەر دۇبۇلغا ، قامىتى خوپ خۇش .
چىرايى گۈلگۈنۇ كىيىمى سەفىد ،
لەۋلىرىدە خەندە ، كۆزلەردە ئۈمىد .
ئاستىدا ئويناقلاپ تۇرار قارا تاي ،
تۇيىقى چېكىدىن پەستە قالار ئاي .
لىباسقا پۈتۈنلەي كافۇر چېچىلغان ،
بۇ ئادەت ئەمەسمۇ كېيىگەندە كېپەن .
گويا ئوت ئىچرە مەس ، جەننەت ئىچرە يول
ئالماقچى بولغاندەك شاھزادە نوقۇل .
كاۋۇس ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى تەق ،
سالامدىن پېشانە يەرگە تەگدى نەق .
كاۋۇس شاھنى بەك قىيىنايتتى شەرم ـ ھايا ،
سۆز باشلار ئوغلىغا يۇمشاق ، جانداۋا .
سىياۋۇش ئاڭا دېمەر : « تارتما كۆپ ھەسرەت ،
دۇنيا ئىشلىرىغا قىلغىنسەن بەيئەت .
شەرمەندىلىك چۈشمىش بېشىمغا بۈگۈن ،
مەيلى ، ئىجرا بولسۇن ساماۋى ھۆكۈم .
قۇتۇلۇپ چىقارمەن بولسام بىگۇناھ ،
ناچار بولسام ، تەگرى سالمىغاي نىگاھ .
تەگرى يۈرىكىمگە سالمايدۇ غۇم ، ئۆچ ،
ئۆزى مېھرىباندۇر ، بىلمەيمەن قورقۇش . »
گۈلخاننىڭ ئۈستىگە كەلدى سىياۋۇش ،
ئادالەتلىك زاتتىن ئىزدەپ ئاسان ئىش .
دېدى : « ئامان ئۆتكۈز ئاتەشتىن مېنى ،
قۇتقۇز ئاتام سالغان تەشۋىشتىن مېنى . »
يەنە قانچە سۆزلەپ قىلدى ئىلتىجا ،
ئوت ئىچرە ئات سالدى مىسلى ئەجدىھا .
چۇقان ، سۈرەن ، ئاھۇ ۋايغا تولدى دەشت ،
خەلق بۇندىن نارازى ، ئەلنىڭ دىلى غەش .
سۇدابە ئاڭلاپ دەشتتىن ئاھۇ ۋاي ،
تامغا چىقتى مىسلى ئۇن تۆت كۈنلۈك ئاي .
كۆزىگە كۆرۈندى ئۇلۇغ بىر ئاتەش ،
ۋە قورقۇشتىن باشلىدى قارغىش . . .
كاۋۇسقا چۈشكەندە ئادەملەر كۆزى ،
دىلدا نارازىلىق ۋە غەزەپ سۆزى ،
سىياۋۇش ئېتىغا ئۇرغاندا قامچا ،
گويا ئات بولغانتى ئاتەشكە ئاشنا .
ھەر ياقتىن يالقۇنۇ ، دۇت ئوراپ ئالدى ،
سىياۋۇش ۋە ئېتى كۆرۈنمەي قالدى .
خالايىق كۆزىدە قان ـ يېشى بىلەن ،
يۈتتى شاھزادىنى ، دېيىشەر گۈلخان .
شۇ زامان گۈلخاندىن چىقتى شاھزادە ،
تەبەسسۇمدا كېلەر ئۇ مەرد ـ ئازادە .
ئۇنى كۆرۈپلا خەلق كۆتۈردى غوۋغا ،
شاھزادە چىقتىكىم بولماي ھېچنېمە .
گويا قۇچمىش ئۇنى ئاتەشمەس ، سەمەن ،
چىرايى ئېچىلىپ بولۇپتۇ چىمەن .

ئاگا نە بىرەر ئىس، قارا تەگمىگەن،
جەننەت بىغى بولغان ئاگا بۇ گۈلخان.
پۇشت ـ پاناھىڭ ئەگەر تەگرى بولۇپتۇ،
شامال، ئاتەش دېمى يەكسان بولۇپتۇ.
ئېلىشىپ گۈلخاندىن چىقتى ئۇ ئامان،
شادلىقتىن گۈركىرەر شەھەر، باياۋان.
ھەر ياقتا لەشكەرۇ ھەر ياقتا ئادەم،
ئاياغلار ئاستىدا ئالتۇن ۋە دىرھەم.
شادلىقتا تولغاندى جاھان سەراسەر،
شادلىنار كاتتايۇ كىچىك باراۋەر.
يەتكۈزەتتى بىرى بىرىگە مۇجدا،
گۇناھسىزغا قىلار ئاتەش ھەم سەجدە.
سۇدابە ئەلەمدىن چىچىن يۇلاتتى،
ياش تۆكۈپ، يۈزىنى يارا قىلاتتى.
سىياۋۇش كەلدى شاھ يېنىغا پاك،
لىباسىدا نە دۇت، نە ئىس ۋە نە خاك.
ئېتىدىن پىيادە بولدى كاۋۇس شاھ،
سەردارلار پىيادە، پىيادە سىپاھ.
سىياۋۇش كۆرۈپ شاھ ئالدىدا ئۆزىن،
سالام بېرىپ، ياقتى تۇپراققا يۈزىن.
ئوت ـ ئاتەش تېغىدىن ئۆتۈپ ساق ئامان،
دۈشمەنلەر نىيىتىن قىلدى ئۇ يەكسان.
شاھ دېدى: « جاھاندا يېگانە پالۋان.
تۇخۇمۇڭ پاكىزە زور ۋە روشەن راۋان.
سېنىڭدەك ئانىسى، ئانىسى پەرسا
پەرزەنتلەر جاھانغا بولۇر پادىشاھ! »
ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئېلىپ باغرىغا،
كەچۈرۈم سۆزلىرىن دەر سىياۋۇشقا
سارايغا كېلىشىپ ئولتۇرۇشتى شاد،
بېشىنى شاھانە تاج قىلدى ئاۋات.
سازەندىلەر كەلدى، قۇيۇلدى مىنا،
سىياۋۇش خاھىشى قىلىندى بەجا،
خەزىنە، ئامبارلار قۇلۇبنى بىلمەي،
ئۈچ كۈن مەي تارتىلدى، بەزم پەيدىنپەي.

## سىياۋۇشنىڭ ئۆز ئاتىسىدىن سۇدابەنىڭ قېنىدىن كېچىشنى سورىغانلىقى

تۆتىنچى كۈن تەختكە چىقتى شەھرىيار،
قولىدا شاھانە ئۆركۈز باش چوقمار.
سۇدابەنى غەزەپ بىلەن چاقىرىپ،
كونا گەپ باشلىدى دوق قىپ ۋارقىراپ:
« دىلىمنى رەنجىتتىڭ، بىلمىدىڭ ھايا،
نومۇس، ئار يوق ئىكەن سەندە پەقەتلا.
سەن ئىختىيار قىلغان ئىشلار ئالامەت،
پەرزەنتىم جېنىغا قەستۇر مالامەت.
پاكىزە پەرزەنتىم ئاتەشكە سالدىڭ،
جادۇ بىلەن گويا سىناشقا سالدىڭ.
ئەمدى بولماس ساڭا ھېچ رەھمۇ شەپقەت،
ھازىر بول، كۈتىدۇ سېنى ئاخىرەت.
سەندەكلەر دۇنيادا قالمىقى دىشۋار،
سېنىڭ مۇكاپاتىڭ داردۇر، پەقەت دار! »
ئاگا سۇدابە دېدى: « ئەي شەھرىيار،
غەزىپىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە دار.
بېشىم ئالماق بولساڭ، ئېلىۋەتكىن پات،
قىلمىشىمغا لايىق شۇدۇر مۇكاپات.
قانداق پەرمان قىلساڭ ئادا قىلاي مەن،
بۇنداق بىئاراملىقىڭ كۆرمەي كېتەي مەن.
نېمە دېسەم بارى ھەق سىياۋۇش ئۆزى،
دىلىدىكى ئاتەشنى باسار ھەر سۆزى.
ئاتەشتىن ساق چىقتى، سۇنماي كۆلكىسى،
بىلكى، بۇنىڭ بارى زالىنىڭ جادۇسى. »
شاھ دېدى: « يەنە باشلىدىڭ يالغان سۆز،
دوكلارنى قەبرىمۇ قىلالمايدۇ تۈز. »
ئىرانلىقلارغا دەر جاھان ئەمرى:
« سىزلەرگە مەلۇمدۇر قىلمىشى سىرى.
نې قىلاي، بەدىلى نې تۇرلۇك جازا؟ »
ھەممە شاھقا تەھسىن ئوقۇپ ئالدىدا،
ئاندىن دېدى: « بۇنىڭ جازاسى ئۆلۈم،
قىلمىشىدىن دىلى بولسۇن مىڭ بۆلۈم! »
جاللاتقا دېدى: « ئېلىپ چىقىپ دارغا ئاس،
جادۇ ـ يالغىنىدىن بىزنى قىل خالاس! »
سۇدابەنى ئېلىپ چىقاردا جاللات،
كۆتۈرۈلدى ھەرەم تەرەپتىن پەريات.
كاۋۇس شاھ دىلىدا كۆپ دەرد ئىدى،
دەردىن نىھان تۇتار، رەڭگى زەرد ئىدى.

سۇدابەگە تەنە قىلىشتى، يۇردى،
ھەممە ئۇنىدىن ئەمدى يۈزىنى بۇرىدى.
سىياۋۇش ئويلايتتى: « بۇگۈن شەھرىيار،
ھەيدەر سۇدابەنى قىلىپ گۇناھكار.
ۋە لېكىن ئاخىر ئۇ پۇشايمان قىلار،
جان قىينالسا، مەندىن دەر گۇمان بولار...»
شاھ يېنىغا باردى شۇ خىيال بىلەن،
دېدى: « كۆپ رەنج چەكمە بۇ پالاكەتتىن.
گۇناھىدىن كەچ، بۇنى مەن ئۈچۈن قىل،
توغرا يولغا سالار ئالىيجاناب دىل.»
ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەك ئۈچۈن شاھ،
ئۆزىمۇ باھانە ئىزدەيتتى، ھەرۋاخ.
سىياۋۇشقا دېدى: « كەچتىم سەن ئۈچۈن،
مەن كۆرۈپ يەتتىمكى راستلىقنىڭ كۈچىن.»
سىياۋۇش ئاتىسى تەختىنى سۆيدى،
ئاندىن تۇرۇپ ئاستا ئۇ يەردىن كەتتى.
قايتۇرۇپ كېلىشتى سۇدابەنى ھەم،
شاھ ئەمرى بىلەن قويدى سارايغا قەدەم.
ھەرەمدىكى چاكار، مالاي، كېنىزەك،
كېلىپ سۇدابەگە باش قويدى بىردەك.
يەنە ئۆتكەنسېرى ئارىدىن زامان،
سۇدابەگە ئارتتى شاھ ئىشقى ھامان.

دىلىدا ئىشق شۇنداق قىلدىكى غەليان،
يۈزىدىن ئۈزمەيتتى كۆزىنى بىرەر ئان.
ئۇ بولسا پادىشاھقا يېقىندىن، قاراڭ،
قىلىشقا باشلىدى ھىيلەيۇ نەيرەڭ.
تېگى پەس، پەسلىككە يەنە سوزدى قول،
سىياۋۇشقا قارشى ئىزدەيتتى ئۇ يول.
ئۇنىڭ سۆزى بىلەن يەنە شەھرىيار،
سىياۋۇشتىن بولۇپ قالدى گۇماندار.
شۇنداق بولۇر دائىم، مەردۇمى ناچار،
ھېچنېمە قىلالماس، دىل بولسا ھوشيار.
ئەگەر زەھەر بىلەن تولدۇرسا پەلەك،
ئۇ قاچىدىن شەربەت ئىزدىمە پەقەت.
تەقدىردىن زادىلا ئاغرىنمىغىن ھېچ،
ياراتقۇچىمسەن، يوق داۋادىن كەچ.
شۇنداق ئىكەن ئەسلى پەلەك قىلمىشى،
سەندىن يۈز ئۆرۈمەك بولۇپتۇ ئىشى.
دانا رەھبەر قىلمىش بىر ھېكمەت تارتۇق:
« قانداشلىق مېھرى ھەر نەرسىدىن ئارتۇق.
ئۆزۈڭگە لايىق تاپتىڭمۇ پەرزەنت،
ئاياللار ئىشقىغا دىلىڭ قىلما بەند.
ئۇلارنىڭ تىللىرى، دىللىرى باشقا،
بۇرنۇڭ قانار، قولۇڭ يەتكەندە ئاشقا.

## كاۋۇسنىڭ ئەفراسىياپنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تاپقانلىقى

ۋۇجۇدى ئىشق ئوتىغا تولغان شاھ،
يېڭى ئىشتىن ئۇنى قىلىشتى ئاگاھ.
ئەفراسىياپ كېلەر، ئەسكىرى يۈزمىڭ،
تۈركلەردىن تاللىغان لەشكىرى يۈزمىڭ.
بۇ خەۋەردىن كاۋۇس دىلى پارە، تەڭ،
بەزم تۈگەپ ئەمدى باشلىناتتى جەڭ.
شاھىنشاھقا كىم ئىراندا نىكخاھ،
ھەممىسىنى توپلىدى بىر مەجلىسكە شاھ.
ئۇلارغا شاھ دېدى: « بۇ ئەفراسىياپ
تەركىبىدە يوقمۇ توپا، ئوت، ھاۋا، ئاب.
تەڭرى ئۇنى بىلمىدىم، نېدىن ياراتقان،
يا باشقا ئۇرۇقتىن تېرىپ ياراتقان؟
نەچچە پەيمان بىلەن ئىچتى ئۇ قەسەم،
گۆرۈگە قويدى تىلىنى ھەم، دىلىنى ھەم.

ئەمما قوشۇن يىغسا ئۇ شۇ تۇراندىن،
شۇ ھامان يانىدۇ ئەھدۇ پەيماندىن.
ئۆزۈم جەڭگە كىرەي ئەمدى، — دەيتتى شاھ، —
يورۇق كۈنىنى ئەمدى قىلاي قاپقارا.
نامىنى جاھاندىن تامام ئۆچۈرەي،
ئۇنى ئوقيا ئوخشاش يىراق ئۇچۇراي.
بولمىسا ئىرانىنى ۋەيران قىلار ئۇ،
خەلقنى غېرىبۇ خار ـ زار قىلار ئۇ.»
مۇبەدلەر ئاگاھ دەر: « سىپاھ نە ئۈچۈن؟
جەڭگە سەن بارسەن بۇمۇ نە ئۈچۈن؟
نېمىشقا بايلىقنى قىلسەن بەربات؟
خەزىنە ئىشىكىنى ئاچسەن كۈشاد؟
ئىككى قېتىم شۇنداق سۈرئىتىڭ بىلەن،
جەڭگە چىقتىڭ، ئەسىر ئالدىڭمۇ دۈشمەن.

بۇگۈن تاللا بىرىر كاتتا پەھلىۋان ،
رەقىبكە ماس كېلەر گۈرزىسى گەران . »
ئۇلارغا شاھ دېدى : « ئۆزۈمدىن ئۆزگە
ئاڭا تەڭ - باراۋەر كۆرۈنمەس كۆزگە .
ئەفراسىياپ ماڭا بابتۇر ، غەم يېمە ،
مەن چىقاي مىسالى سۇ ئارا كېمە ،
ساڭا ئەمدى جاۋاب ، مەن كېڭەش قۇراي ،
ئاشۇ كېڭەش بىلەن ئىشنى پۈتكۈزەي . »
يەنە ئەندىشىدە سىياۋۇشى كەي ،
خىياللار چۇۋۇلغان مىسالى توقاي .
ئۆزىچە دېر ئىدى : « بۇڭا مەن بارسام ،
شاھ خوپ دېر ، يۇمشاق سۆز بىلەن يالۋۇرسام .
سۇدابە ھىيلىسى ، ئاتام سۆزىدىن
ئېھتىمال قۇتۇلسام كېتىپ كۆزىدىن .
ئىككىنچى ، بۇ ئىشتىن ئارتار شۆھرىتىم ،
شۇنداق لەشكەرنى زېر قىلسا جۈرئىتىم . »
شاھ ئالدىغا باردى بېلىدە كەمەر ،
« مەن باراي ، — دېدى ئۇ ، — ماڭا بەر ئەسكەر .
تۇران شاھى بىلەن مەن باشلاي ئۇرۇش ،
پالۋانلار بېشىنى قىلايمەن ئۇزۇش . »
ئەمما پەرۋەردىگار يازمىشى باشقا ،
نېمە كەلسە كۆتۈرسەن پەلەكتىن باشقا .
ئۇ ئۆزى تۇراندا ئاجرىدى جاندىن ،
شاھ شۇنداق ئاجرىدى ئەزىز ئوغلىدىن .
ئەلقىسسە ، سىياۋۇش سۆزىنى پەدەر
ماقۇل كۆرۈپ دېدى : « باغلىغىن كەمەر .
ئەركىلەتتى ئوغلىدىن بولۇپ كۆپ خۇرسەند ،
ئاتىسى كۆڭلىنى تاپقاندا پەرزەنت .
ئاڭا دېر : « سېنىڭدۇر خەزىنە ، گۆھەر ،
ئەمرىڭگە مۇنتەزىر قوشۇن ، سەر - بەسەر . »
چاقىرتىپ كەلدى پىلتەن رۇستەمنى ،
پەھلىۋانلار ئىچرە ھاتەم ، ئۆكتەمنى .
ئۇنى ماختاپ دېدى : « ھەتتا جەندە پىل
سەندىن ئاجىز كېلەر ، ھەر بىر قولۇڭ نىل .
سىياۋۇشنى ئۆزۈڭ قىلدىڭ پەرۋەرىش ،
ئۇ سەندىن بەكمۇ كۆپ ھۈنەر ئۆگەنمىش .
تۆمۈر قازغان كاندىن چېچىلار گۆھەر ،
ئەگەر سەن ھەممەتتە باغلىساڭ كەمەر .
سىياۋۇش تۇرىدۇ بېلىنى باغلاپ ،
ئۇرۇشقاق شىر كەبى ، مەيدانىنى تاللاپ .
ئەفراسىياپ جېڭىنى ئەسلەپ دېدى سۆز :
« ئۇنىڭ بىلەن بارغىن ، ئۆرۈمگىن يۈز .
قاچان سەن ئويغاقسەن ، ئۇيقۇم خاتىرجەم ،
سەن ئۇخلىغان چاغدا دىلدا ۋەھىمە ، غەم .
جاھاننىڭ تىنچلىقى گۈرزەڭ كۈچىدىن ،
پەلەك ماھى پەستتۇر پەيزىڭ كۈچىدىن . »
« سېنىڭ قۇلۇڭدۇرمەن ، — دېدى تەھەمتەن ، —
پەرمانىڭ ئورۇنداي جان ۋە تەن بىلەن .
سىياۋۇش كۆز نۇرۇم ، جانۇ جاھانىم ،
ئۇنىڭ تاجى بولۇر مېنىڭ ئاسمانىم .»
ئاڭا ئاپىرىنلار ئېيتىپ دېدى شاھ :
« ئەقىل بولسۇن دائىم جېنىڭغا ھەمراھ ! »

## سىياۋۇشنىڭ لەشكەر تارتقانلىقى

ناغرا ئاۋازلىرى ئالدى سامانى ،
يېتىپ كەلدى مەشھۇر ئۇ تۇس پالۋانى .
بارگاھ ئەتراپىدا ساناقسىز سىپاھ ،
خەزىنىلىرىنى كەڭ ئاچتى پادىشاھ .
پېچەتلەنگەن كىيىم ، تۈرلۈك ماللىرىن ،
سىياۋۇشقا بەردى ئاچقۇچىنىڭ بارىن .
دېر : « ھەممىسى سېنىڭ ، چوڭ يۈرەك بالا ،
نېمە قىلساڭ قىلغىن ، ساڭا ھاۋالە .
تاللاپ ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق جەڭچىنى ،
قەتئىي ۋە ھۈنەرۋەن ھەم چاماباشچىنى .
يەنە پەھلەۋى ، پارس ، بەلۇچ ، گىلاندىن ،
سەرۇچ دەشتىدىن ، ھەممە تەرەپتىن .
يىغدى ئون ئىككى مىڭ پىيادە ئەسكەر ،
ھەممىدە قىلىچۇ قالقانۇ شەمشەر .
ئېراندىن كىم ئەگەر نامزادە بولسا ،
ئەقىللىق ۋە ھوشيار ، ئازادە بولسا ،
ياشتا ۋە قامەتتە سىياۋۇشقا تەڭ ،
بىدارۇ جەڭگىۋار ، چىلىك قالقانغا تەڭ ،
داڭقى جاھانغا كەتكەن پەھلىۋان ،
مىسلى بەھرام ، زەنگە ئىبنى شاۋەران ،

بەش مۇبەدكى ئىران شۆھرىتى دەپ بىل ،
كاۋىيان بايرىقى كۆتۈرمەك دادىل .
شاھ بۇيرۇقى بىلەن يۈرۈشتى يولغا ،
ئادەم تولۇپ كەتتى بىپايان چۆلگە .
بوش كۆرۈنمەس ئىدى بارچە يەر يۈزى ،
ھەر ياق ئات تۇيىقى ، پىيادە ئىزى .
ئوتتۇرىدا كاۋىيان بايراق قادالغان جاي ،
بايراقلار گوياكى ئون تۆت كۈنلۈك ئاي .
تورۇق ئاتتا ياندىن چىقىپ بەناگاھ ،
سىپاھىنى ئايلىنىپ چىقتى شاھىنشاھ .
كۆردى ، كېلىنچەكتەك قوشۇن ئارەستە ،
ناغرىلار چېلىنار ، پىللار بەرۋەستە .
كەيكاۋۇس تەبرىكلەپ قىلدى سۆز ئادا :
« ئەي فەرخۇندە قەدەم ، سەردار فۇزەلا .
ھەمراھلىرىڭ بولسۇن بەختۇ سائادەت ،
دۈشمەن يۈزى قارا بولسۇن جىن سۈپەت .
ئىقبالىڭ پارلاق ۋە يۇلتۇزدەك يورۇق ،
ۋەتەنگە ساق قايتقىن قازىنىپ ئۇتۇق .
ئاندىن داپ ـ ناغرىلار ئارتىلدى پىلغا ،
شاھ ئالدىدا ، ھەممە چۈشۈشتى يولغا .
كۆزلىرى لىقمۇلىق ياش ، ئىچتىن چىقار ئاھ !
بىر كۈنلۈك مەنزىلگە باردى كاۋۇس شاھ .
ئاندىن ئاتتىن چۈشتى ، ياشىندى زېمىن ،
باھار بۇلۇتىدەك قۇچتى بىر ـ بىرىن .
كۆزلىرىدىن خۇن تۆكۈپ ، يەرنى ھۆل قىلدى ،
ئاھۇ ۋاھ نەغمىسىن مولۇ كۆل قىلدى .
دىل گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى ، گويا ،
ئاتا ـ ئوغۇل ئەمدى كۆرۈشمەس ئەسلا .
شۇنداقتۇر تەقدىرنىڭ ، دۇنيانىڭ ئىشى ،
گاھى شەربەت ئىچەر ، گاھى زەھەر كىشى .
كاۋۇس شاھ قايتتى ئۆز سارىيىغا ،
سىياۋۇش ، تەھەمتەن ياشانغان جايغا .
لەشكەرلىرىنى باشلىدى زابۇلىستانغا ،
يولۇقماقچى ئۇستاز رۇستەم داستانغا .
جەم قىلدى سازەندە ، ناخشىچى ۋە مەي
نەچچە ۋاخ بەزمىدە ئىچىپ پەيدىنپەي .
گاھ تەھەمتەن بىلەن قولدا شاراب ،
گاھ زاۋەرە بىلەن ئاڭلىشار راۋاب .
گاھ داستان تەختىدە ئولتۇرار خۇرسەند ،
گاھ ئۇۋدا كېيىككە تاشلايدۇ كەمەند .
بىر ئاي ئۆتكەچ يەنە سۈردى لەشكىرىن ،
پىلتەن قۇتاس كەتتى تاشلاپ دوستلىرىن .
زابۇل ، كابۇل ۋە ھىندى يېرىدىن يەنە
ئەسكەرلەر قوشۇلدى ئەسكەرلىرىگە .
ئەتراپتىن قوشۇلۇپ سەرباز ۋە نۆۋكەر ،
ھىرات ياققا كىرىپ باراتتى لەشكەر .
ئاتلىقتىن پىيادە كۆپىيىپ كەتتى ،
زەڭگىنى ئۇلارغا قوماندان ئەتتى .
بېرىشار تالىقان ، مەرۋرۇد تامان ،
ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇيتتى ئاسمان .
شۇنداق يىقىن كەلدى بەلخ يېرىگە ھەم ،
ھېچ قوپال سۆزلىمەس ، رەنجىتمەس ئادەم .
ئۇ تەرەپتىن بولسا گەرسىۋەز ، بارمان ،
لەشكەر تارتىپ كېلەر مىسالى بوران .
بارمان پېشۋاز كېلەر ئارتتا سىپاھىرەم ،
يىگى باھادىرىدىن خەۋەر تېپىپ جەم .
« ئىران ئەۋەتكەنمىش ھەيۋەت بىر لەشكەر ،
باتۇرلار گۈرزىسى ئىبغىر شۇ قەدەر . »
گەرسىۋەز بەك چاپسان چاپار ئەۋەتتى ،
ئۇنى يېرىم تۈندە ئۇيقۇدىن تاپتى .
دېدى : « زور قوشۇن ئەۋەتمىش ئىران ،
سەردارى سىياۋۇش نۆۋكەر قەھرىمان .
سىپاھدار رۇستەمدەك پەھلىۋان پىلتەن ،
بىر قولدا خەنجەرۇ بىرىدە كېپەن .
ئەگەر ماڭا رۇخسەت قىلسا شەھرىيار ،
قوشۇنۇم قاتتىق جەڭ باشلاشقا تەييار .
سەنمۇ قوشۇن بىلەن ياردەم ئۇچۇن شاش ،
شامالدىن ئەۋج ئالار يالقۇن ۋە ئاتەش . »
يالقۇنلۇق قۇيۇندەك ئالدىراش چاپار ،
سەردارى بۇيرۇقى چاپارغا رەھبەر .
سىياۋۇش جايىدا تۇرمايتتى توختاپ ،
بەلخكە كىرىپ بارار ئىتتىنى چۇ دەپ .
چاپارنى كۈتمەككە قالمىدى تاقەت ،
ۋاقىت زىق كەلمەكتە ، ۋاقىت بىشەپقەت .
گەرسىۋەز كۆردىكى قوشۇن ھالى تەڭ ،
باشتا ئىلاج يوق باشلىمىسا جەڭ .
ئىرانلىقلار تۇران كەرانەسىدە ،
جەڭ باشلاندى بەلخنىڭ ئاستانەسىدە .

ئۈچ كۈن داۋام قىلىپ ئۇرۇش ۋە قىرغىن ،
تۆتىنچى كۈن ئىران سىپاھى ھارغىن ،
سىياۋۇش پىيادە ، بەلخنى ئالدى ئۇ ،
بەكمۇ كۆپ لەشكەرنى ئىشقا سالدى ئۇ .
سىپاھرەم قېچىپ ئۇندىن ئاشكارە ،
ئەفراسىياپ تامان بولدى راۋانە .

## سىياۋۇشنىڭ كاۋۇسقا مەكتۇپ يوللىغانلىقى

سىپاھ بىلەن بەلخنى ئالغان زامان ،
كاۋۇس شاھقا خەۋەر ئەۋەتتى ئوغلان .
مۇشكى ئەنبەر ئىدى مەكتۇپ سىياھى ،
شاھانە نامەنىڭ قەغىزى شايى .
« ئاۋۋال پەرۋەردىگار نامىغا شۈكۈر ،
ئۇ بىلەن غەلىبە ۋە روشەن پىكىر .
ئۇ قۇياش ئىگىسى ھەم ماھ ئىگىسى ،
تاجۇ تەخت بەخش ئېتەر كۈلاھ ئىگىسى .
خالىغان كىشىنى قىلىدۇ بەلەن ،
باشقىنى ماتەمدە قىلىدۇ دەردمەن .
ئۇ بىلەن تالاشماق ، تارتىشماق نېچۈن ،
ئۆزى خالار بولسا ئەقىل رەھنەمۇن .
بۇ يورۇق جاھاننى ياراتقان ئۆزى ،
ئاشكارۇ نىھاننى ياراتقان ئۆزى .
شاھىنشاھىمىزغا شان ـ شەرەپ بولسۇن ،
ئىش ئاخىر ياخشى ، كۆڭۈللەر تولسۇن .
بەلخكە كەلدىم شاد ھەم كۈلۈپ بەخت بىلەن ،
جاھاندار ئىقبالى ، تاجۇ تەخت بىلەن .
ئۈچ كۈن داۋام قىلدى قىرغىن ۋە ئۇرۇش ،
تۆتىنچى كۈن خۇدا قىلدى پەرۋەرىش .
سىپاھرامۇ تىرمىد ، بارماندەك پالۋان ،
قېچىشتى مىسالى ئوقيادىن چىققان .
جەيھۇنغىچە يەتتى بۇگۈن سىپاھىم ،
جاھانغا سايىسىن سالدى كۈلاھىم .
ئەفراسىياپ سۇغدىدا لەشكەر بىلەن خۇن ،
ئارىمىز ئاجرىتىپ ئاقىدۇ جەيھۇن .
بۇ ياقتا تۇرىمىز بۇيرۇقۇڭ كۈتۈپ ،
ئەمر قىلساڭ ، جەڭ قىلاي دەريادىن ئۆتۈپ . »

## سىياۋۇش مەكتۇبىغا كەيكاۋۇسنىڭ جاۋابى

بۇ نامە يەتكەندە شاھى ئىرانغا ،
تاجۇ تەختىنى بېشى يەتتى ئاسمانغا .
خۇدادىن سورىدى ئاڭا شانۇ بەخت :
بەرق ئۇرۇپ ، ياشارسۇن بۇ نوتا دەرەخ .
شاد ـ خۇرام يازدۇردى جاۋابقا بىر خەت ،
مىسلى باھار ، گۈل ئېچىلىپ قات ـ قات :
« ئالەمنى ياراتقان خۇدا ـ ئىگەمدىن ،
تاجۇ تەختنى ئىنئام قىلغان ئىگەمدىن ،
ئەبەدىلئەبەدكە دىلىڭ بولسۇن شاد ،
كۆڭلۈڭ دائىم غەمۇ ئەندىشىدىن ئازاد .
ھەمىشە غەلىبە ساڭا يار بولسۇن ،
باشتا شاھلىق تاجى دائىم بار بولسۇن .
سىپاھ قوغلاپ ، دادىل ئۇرۇش باشلىدىڭ ،
بەختىڭ كۈلۈپ ، دۈشمەن كۆزىن ياشلىدىڭ .
ئانا سۈتى كەتمەي تېخى ئاغزىڭدىن ،
ياۋغا ئوق ياغدۇرۇپ تارتىپسەن كامان .
تېنىڭ بولسۇن جەڭدە دائىم مۇزەپپەر ،
روشەن دىلىڭ قۇچسۇن زەپەر مۇقەررەر .
ياۋنى يېڭىپ قىلغاچ باراۋەر يەرگە ،
بىردەم توختاپ تۇرۇش لازىمدۇر ئەرگە .
قوشۇن چېچىلمىسۇن ، قىل بىر جايغا جەم ،
بىر قارارگاھ قۇرغىن سەن ئۆزۈڭگە ھەم .
ئۇ تۈرك ئىشى رىيا ، بۇزۇقلۇق ئىرۇر ،
بوۋىسى ئەھرەمەن ، بەدئەجداد ئىرۇر .
تاجۇ تەخت ئىگىسى ، شەرىپى بەلەند ،
بېشى ئاسماندۇر ، شانى ئەرجۇمەند .
ئۇرۇشنى قېدىرىپ ئەتمە ھېچ شىتاب ،
ئۆزى جەڭگە كېلەر ئۇ ئەفراسىياپ .
ئۇ كەلسە سەن ياققا گەر كېچىپ جەيھۇن ،
بەلكى ئۆز ئېتىكى خۇن بولىدۇ ، خۇن ! »
مۆھۈر باستى خەتنى قىلدۇرۇپ ئادا ،
چاپارنى قىچقىرىپ ئەيلىدى نىدا :
« ئەمدى تېز قايتىپ كەت ، ھەرگىز توختىما ،
ئۆرۇ قىر كەلسە ھەم يولدا ئاب ـ دەريا ! »

سىياۋۇش يېنىغا يەتتى تېز چاپار ،
ئوغۇل ئوقار ، نېمە يازدىكىن ئۇ پەدەر .
يەر سۆيۈپ ، دىلىنى ئاۋات قىلدى ئۇ ،
غەمۇ ئەندىشىدىن ئازاد بولدى ئۇ .
جان بىلەن قۇلاق سالدى شاھ پەرمانىغا ،
دىلىنى باغلىدى شاھ پەيمانىغا .
ئۇ ياقتا گەرسىۋەز باھادىر ، شىرمەرد ،
تۇران شاھ يېنىغا باردى مىسلى گەرد .
ئاپارغان خەۋەردىن بولدى غايەت تەلخ ،
« سىياۋۇش قولىغا تەسلىم بولدى بەلخ .
سىپاھدار رۇستەمدۇر ، سىپاھ ساناقسىز ،
پالۋانلار ساۋاتسىز ، سۆزۈم بوياقسىز .
پىيادىلەر بولسا مىسالى چاقماق ،
قوللىرىدا قالقان ، كامان ئوق ، بايراق .
ئۇلارنىڭ يېنىدا ئۇچالماس بۈركۈت ،
بۈركۈتكە ھەم سېلىشار تەھدىت .
تۇرانلىقلار كۈن ـ تۈن يۇمماي كۆزىنى ،
ئۈچ كۈندە بىمادار قىلىشتى ئۆزىنى .
ئەمما ئىران تەرەپ ئۇخلىسا بىرى ،
ئالمىشىپ تۇرىدۇ ئورنىغا بىرى .
ئۇخلاپ كۆچكە تولۇپ ، بىر جەڭ باشلىدى ،
دۈچ كەلگەن قوشۇننى قىرىپ تاشلىدى . »
سەكرەر ئەفراسىياپ ئوت يالقۇن ئېلىپ ،
ئارامۇ ئۇيقۇسى بىر ياقتا قېلىپ .
ئۇكىسىغا شۇنداق تاشلىدى نىگاھ ،
گويا قىلىچ بىلەن كەسمەك بولدى شاھ .
ۋارقىراپ ئۇكىسىنى قوغلاپ چىقاردى ،
ئاچچىقتا پايلىماي ھەيدەپ چىقاردى .
« كاتتىيۇ ئاقىللار يىغىلسۇن ھازىر ،
بەزمە ھازىرلانسۇن ! » دېدى شەھرىيار .
كۆزنى قاماشتۇرار ئۆلكە بېزىكى ،
پۈتۈن سۇغدىن ئورار چىننىڭ يىپىكى .
پۈتۈن كۈن بەزمىدە ئۆتتى شادىمان ،
نۇر چەشمىسىدىن كۆز يۇمۇلغان ھامان .
ئارام ئىزدەپ ، ئۇيقۇ باشلىدى شىتاب ،
ئۇيقۇغا غەرق بولدى شاھ ئەفراسىياپ .

## ئەفراسىياپنىڭ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەنلىكى

تېخى تۈننىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتمەيلا ،
شاھ ئويغاندى ، تېنى بەزگەك ، تىترەپلا .
جالاقلاپ ، ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى ،
ئۇنىڭ داد ـ پەريادى ئەتراپقا يەتتى .
ئويغىنىپ كېتىشتى ، چاكار ، غۇلاملار ،
ۋاي ـ داد كۆتۈرۈشتى ھەم كېنىزەكلەر .
دەرھال گەرسىۋەزگە قىلدى ئۇ ئاگاھ :
« ھالى ئېغىرلىشىپ قىڭغايدى ، دەپ ، شاھ . »
دەرھال يېتىپ كەلدى شاھنىڭ يېنىغا ،
ئارا چۈشەي مەن ، دەپ ، ئۇنىڭ جېنىغا .
يەردە ياتار ئىدى ، كۆتۈرۈپ ئالدى ،
« نېمە گەپ ، سۆزلىگىن ؟ » دەپ سوراپ قالدى .
شاھ دەر ئۇكىسىغا : « سورىما ئەسلا .
ماڭا بىرئاز ئارام بەرگىن ئالدىدا .
سەۋر قىل ، يىغىۋالاي بىرئاز ئەس ـ ھوشۇم ،
باغرىڭغا بېسىپ تۇر ، سەن يېقىن كىشىم . »
بىر زامان ھوشىغا كېلىپ كۆردى شاھ ،
ئەتراپنى بېسىپتۇ نالە ، ئاھۇ ۋاھ .
تەختكە كەلتۈرۈشتى ، تۇتۇپ قولدا شام ،
تىترەر تېنى ، ھالى ياپراقتەك ھەم .
يەنە سوئال قويدى گەرسىۋەز داڭدار :
نېمە ھادىسە ئۆتتى ، سۆزلە بۇرادەر ؟ »
ئەفراسىياپ دېدى : « نېمانچە مۇدھىش ،
ھېچكىم ھېچ كۆرمىسۇن بۇنداق يامان چۈش .
بۇ كېچە مەن كۆرگەن چۈشنى ھېچقاچان ،
نە قېرى كۆرمىگەن ، نە بىر ياش ـ قىران .
باياۋان مىڭ ـ مىڭلىغان يىلانمىش ، يىلان ،
يەر چاڭ ۋە سارغا تولغانمىش ئاسمان .
ئەتراپتا تىنىك قىيا ، قۇرام تاش تېغى ،
گوياكى جاھاننىڭ يىپىق قاپقىقى .
بىر چەتتە تۇرغۇدەك مېنىڭ چېدىرىم ،
ئەتراپتا سىپاھىم ـ باتۇر ، قادىرىم .
كۆتۈرۈپ شۇدەم شىددەتلىك بوران ،
بايرىقىمنى يۇلۇپ يىقىتتى شۇئان .
ھەر تەرەپتىن ئاقتى دەريا ـ دەريا خۇن ،
قارارگاھ چېدىرىم بولدى كۇمپەيكۇم .

لەشكىرىم ئىچىدىن ساناقسىز مىقدار ،
باشلىرى كېسىلگەن ، تەن ـ جەسىتى خار .
ئىران سىپاھلىرى مىسالى بوران ،
بېسىپ كېلەر قولدا نەيزەيۇ كامان .
ھەر نەيزە ئۇچىغا بىر باش ئېسىلغان ،
ھەركىم قولتۇقىغا بىر باش قىسىلغان .
ئاتلىقلار ھەممىسى تۇم قارا كىيىم ،
نەيزىدە تەختىمگە قىلىشتى ھۇجۇم .
تەختىمدىن ئېلىشىپ ، قولۇمنى باغلاپ ،
سۆرەپ كەلتۈرۈشتى ، دىلىمنى داغلاپ .
سىنچىلاپ قارىسام زار ـ زار ھەر تامان ،
كۆرۈنمەيتتى ماڭا تۇغقان بىرەر جان .
كاۋۇس ھۇزۇرىغا يەتكۈزدى شۇئان ،
مېنى يۇگۈرگۈزۈپ بىر ياش پەھلىۋان .
بىر تەخت ئىدى ، ئۇندىن پەس تۇراتتى ماھ ،
ئۇندا ئولتۇراتتى باتۇر كاۋۇس شاھ .
كاۋۇس شاھ يېنىدا بىر ياش خۇش چىراي ،
يىگىت ئولتۇراتتى مىسلى تولۇن ئاي .
ئۇن تۆتتىن ئاشمىغان يىگىتنىڭ يېشى ،
مېنى باغلاق كۆرۈپ تۈرۈلدى قېشى .
بىر نەرە تارتتىيۇ دىۋە غەرراندەك ،
تىغ بىلەن ئەيلىدى نەق ئىككى بۆلەك .
زارلاپ تاشلاپتىمەن ئاغرىق دەستىدىن ،
ئۆز ئاۋازىم بىدار ئەتمىش ئۇيقۇمدىن . »
گەرسىۋەز ، ئاڭا دېر : « بۇ شاھنىڭ چۈشى ،
گۇۋاھلىق بېرىدۇ ، ياخشىدۇر ئىشى .
دىل كامى ھاسىلۇ گۇللەر تاجۇ تەخت ،
سېنىڭ ياۋلىرىڭدىن يۈز ئۆرەر بەخت .
تەبىرچىلەر چىللاپ چۈشۈڭنى يەشتۈر ،
سىرنى ئېچىپ ، ئەيلەپ بېرىشەر تەبىر .
چاقىرايلى مۇبەد ، مۇنەججىملەرنى ،
دانىشمەن تەبىرچى ۋە ھەكىملەرنى . »

## ئەفراسىياپنىڭ مۇبەدلەردىن چۈش تەبىرنى سورىغانلىقى

بۇنداق ۋەقەدىن تېپىپلا خەۋەر ،
يىغىلدى يېقىنۇ يىراق مۇبەدلەر .
بىرى ھازىر ئىدى شاھ پەرمانىغا ،
بىرى ئارا چۈشمەك بولدى جېنىغا .
تەختى ئەتراپىدا پالچى خالايىق ،
شاھ مۇئامىلىسى ھەممىگە لايىق .
مۇنەججىمۇ مۇبەد ، رامچىلارغا شاھ
سۆز باشلاپ دېدىكى : « بولۇڭلار ئاگاھ .
مېنىڭ كۆرگەن چۈشۈم ، سۆزۈمنى زىنھار
ھېچكىمگە سۆزلىمەڭ نىھانۇ ئاشكار !
بېشىنى تېنىدىن قىلىمەن جۇدا ،
ھەر كىمكى بۇ سىرنى قىلسا ئاشكارا . »
ئۇلارنى چۆچۈپ قېلىشمىسۇن دەپ شاھ ،
كۆپ ئالتۇن ، كۈمۈش چاچتى قىلىپ خەيرىخاھ .
ئاندىن چۈشىن بىر ـ بىر قىلدى ئۇ بايان ،
مۇبەد باش بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھامان
ۋەھىمگە چۈشۈپ دېدى يەر سۆيۈپ :
« بۇ چۈش راستتىن ئېيتساق ئەگەر سۆز تېپىپ ،
بىزنىڭ قېنىمىزدىن كېچەرسەنمۇ ، ئېيت ،
بىزگە شەپقەت قىل ، زۇلۇم يولىدىن قايت .
ئادالەت ھەققىدە سەندىن سۆز ئالساق ،
ساڭا ئېيتارمىز نېمىكى بىلسەك . »
دېدى : « سۆزلەۋەرگىن ، نېم گۇناھ سەندە ؟ »
كۆپىنى كۆرگەن مۇبەد شۇئان چۈشتى سۆزگە .
دېدى مۇبەد : « ئەي پادىشاھى جاھان ،
ساڭا ئوچۇق ئېيتاي نېمە بولسا نىھان .
ئوڭۇڭدا كۆرەرسەن ئەمدى كۆپ لەشكەر ،
ئىراندىن كېلىدۇ سەردارى ئەجدەر .
باشلاپ كەلگۈسىدۇر ياش بىر شاھزادە ،
قېرى رەھنەمالەر يېنىدا شادە .
ئۇنىڭ بەخت يۇلتۇزى ھەممىدىن پارلاق ،
دىيارىڭ كۆيىدۇرەر مىسالى چاقماق .
ئەگەر شاھ سىياۋۇش بىلەن جەڭ قىلار ،
جاھانىنى قىپقىزىل مەخمەلرەڭ قىلار .
تۈركلەردىن بۇ تەختتە قالماس بىر كىشى ،
بۇ جەڭدىن ئارتقۇسى شاھىم تەشۋىشى .
شاھىمىز قولىدا گەر بولسا ھالاك ،
تۇرانلىقلار دىلى بولۇر نەچچە چاك .
سىياۋۇش سەۋەبچى بولۇر بۈيۈك جەڭ ،
ئۈرۈش ، ئاداۋەتتىن جاھان يەرگە تەڭ .

يۇرتۇڭ ۋەيران ، سۇنغاچ ئىقبال يۇلتۇزۇڭ ،
سۆزلىرىم راستلىقىن كۆرەرسەن ئۆزۈڭ .
قاناتلىق بولسىمۇ شاھ مىسالى قۇش ،
مۇمكىنمۇ بۇ چاقى پەلەككە يېتىش .
شۇنداق ئۆتتۈپ تۇرار ئايلانغان سىپېر ،
گاھى ئەلەم قىلار ، گاھىدا مېھىر . »
بۇ سۆزلەردىن خاپا شاھ ئەفراسىياپ ،
جەڭگى - جېدەلگە ھەم قىلمايدۇ شىتاب ،
گەرسىۋەزگە ئېيتىپ سىرىنى ئاشكار ،
ئاڭا سۆزلەر ئىدى دىلدا نېمە بار :
« سىياۋۇشقا قارشى تارتمىسام لەشكەر ،
كىم بولۇر مەن بىلەن ياۋۇ جادۇگەر .
جەڭدە نە ئۇ ئۆلەر ، نە ماڭا زاۋال ،
قاتتىق جەڭدە خەلقە بار ھەمدە مالال .
كاۋۇسىمۇ قىلمىغاي ماڭا ئاداۋەت ،
يەر يۈزى ئۇرۇشتىن تاپمىغاي غارات .
جاھانگىرلىك ئىزدەپ قىلغاندىن ئۇرۇش ،
ئىشىم بولۇر پەقەت تىنچلىق قېدىرىش .
ئاڭا تارتۇق قىلاي نەچچە كۈمۈش - زەر ،
ئەۋەتەي تەختۇ تاج ، ئەۋەتەي گۆھەر .
دۇنيانى بۆلگەندە مەنۇچېھر نامدار ،
ئۇلۇشۇمنى ماڭا بەرگىنى ھەم بار .
ئاشۇ يەرلەرنىمۇ ئاڭا بېرەي مەن ،
شۇندا قېلىپ مېھىر گۈلىن تېرەي مەن .
كاشكى قايتۇرالسام كەلگەن بالانى ،
قولغا كەلتۈرەلسەم ساز مۇددىئانى .
زامان كۆزىن بايلىق بىلەن تورىسام ،
پەلەك غەزىپىگە گەنج قالقان قىلسام .
قىلماقچى ئەمەسمەن چەرخكە ھەم ئىسيان ،
مەيلى ، ئۆزسۇن نېمە تېرىسا ئاسمان . »

## ئەفراسىياپنىڭ ئەربابلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلغانلىقى

ئايلانغۇچى ئاسمان يېرىم ئايلانغاچ ،
ئالەمگە نۇر چاچتى يەنە ئۇ قۇياش .
ئەربابلىرى كېلىشتى شاھ دەرگاھىغا ،
ياسىنىپ يۇقتۇرماي كىر كۆلاھىغا .
دانىشمەنلەردىن شاھ يىغدى ئەنجۈمەن ،
ھوشيار ، ئىش بىلەر ۋە دانالاردىن .
ئۇلارغا دېدى : « بۇ بوينۇمدا پەلەك ،
قىسمىتىم قىلمىدى ئۇرۇشتىن بۆلەك .
قانچىلىگەن پالۋان مېنىڭ قەستىمدە
كېلىپ خاكى تۇپراق بولدى دەستىمدە .
نەچچە باغ - بوستاننى قىلدىم باياۋان ،
شەھەر ، كوچىلاردىن ئاقتى قىزىل قان .
ھەممە يوللار ماڭا بولدى رەزمگاھ ،
ھەر يەردە نىشانىن قالدۇردى سىپاھ .
جاھان شاھى قىلسا گەر بىدادلىق ،
ياخشىلىق يوق بولۇر ، يوق بولۇر شادلىق .
ۋاقتىدا بالىسىنى تۇغالماس قۇلان ،
بۈركۈت بالىسى كور تۇغىلار كۆپ زامان .
كېيىك ئەمچىكىدە سۈت قالماس سىرە ،
بۇلاق سۇلىرى ھەم بولىدۇ خىرە .
سۈزۈك سۇلار تىنىپ ، قۇرۇپ قالدۇ ،
ئەتىر مۇئەتتەرلىكنى نەدىن ئالدۇ ؟
ئەتۇرلۇك ئۇلغىيار ، قالماس توغرىلىق ،
ھەريانىدا ئەۋج ئالار يالغان ، ئوغرىلىق .
جېنىدىن تويدۇردى زورلۇق ، جەڭ - جېدەل ،
ياخشىلىققا باشلىدى ئۇ يەزدان ئەزەل !
بۈگۈن جارى قىلاي سۈلھۇ ئادالەت ،
ئەندۇھ غارات ئەمەس ، راھەت كامالەت .
مەندىن ئارام تاپسۇن جاھان بىر زامان ،
بازار قىزىتمىسۇن ئەجەل ناگاھان .
ئۈچتىن ئىككى جاھان زىرى پايىمدۇر ،
ئىران بىلەن تۇران ھەم سارايىمدۇر .
قانچە سەركەش باتۇر ، باشلىرىدا تاج ،
تۆلەپ تۇرۇشىدۇ ماڭا كاتتا باج .
ئەگەر سىلەر ماقۇل كۆرسەڭلار ، يېزىپ
ئەۋەتەي رۇستەمگە بۈگۈن بىر مەكتۇپ .
سىياۋۇش بىلەن سۈلھ ئىشكىتىن ئاچاي ،
سوۋغاتلار ئەۋەتەي ، ئالتۇنلار چاچاي . »
بىر - بىر تۇرۇپ ، سۆزگە كىرىشتى ئەرباب ،
ئەھۋالنى قىلىشتى تەھلىل بابمۇ باب ،
دېيىشەر : « سۈلھ يولى ھەق يول ، شەھرىيار ،
قولۇڭمىز ، تۇرۇپتۇق پەرمانىڭغا زار . »

ھەممە قايتتى بولۇپ ئادالەتتىن شاد ،
غەم ـ ئەندىشە ، ئەلەمنى ھېچكىم قىلماس ياد .
گەرسىۋەزگە پەرمان يەتتى شاھانە :
« ئىشنى يىغىپ يولغا بولغىن راۋانە .
ئەنجامىڭ تەييارلاپ ، يولغا جىددەلله ،
لەشكەردىن ئىككى يۈز ئاتلىقنى تاللا .
ئېتىڭنى سىياۋۇش ياققا يولغا سال ،
خەزىنىدىن تۇرلۇك سوۋغا ـ سالام ئال .
تۇلپار ـ ئاتلاردىن ئال دەريا دولقۇنى ،
ھىندى قىلىچلىرىدىن ، ئالتۇندىن قېنى .
شاھانە تاج ئالغىن قۇياشتەك جۇلا ،
يۈز تۆگە يۈك بولسۇن تۇرلۇك مال ـ دۇنيا .
كېنىزەك ، غۇلام ھەم بولسۇن ئىككى يۈز ،
دېگىن : « سەن بىلەن يوق ئۇرۇشقىمىز .
دېگىن ئىرانغا ھېچ داۋايىمىز يوق ،
دېگىن ، سۆزىمىز چىن ، كۆڭۈل بولسۇن توق .
بىزنىڭكى چىندىن تاجەيھۇن قىرغىقى ،
بىزگە خاس سۇغدىلار يېرى — تۇز تېغى .
بىگۇناھ ئەراجنىڭ قېنى تۆكۈلدى ،
قانچىلار ئەقلى سۇندى ، دىلى سۆكۈلدى .
ئىران بىلەن تۇران بىر ئىدى دائىم ،
ئىزا بىلمەي ياشار ئىدى مۇلايىم .
تېخى سۇنمىغاندۇر تەگرىدىن ئۈمىد ،
بەختلىك سۈلھ كۆنگە دىل ـ جاندىن ئۈمىد .
بىكار چىقارمىغان سېنى ئىراندىن ،
پەھلىۋانلارغا مېھىر ۋە كەرەم بىلەن .
سېنىڭ شەرىپىڭدىن سۈلھ تاپار جاھان ،
جەڭ ۋە ئۇرۇش ، نىزا بولىدۇ نىھان .
گەرسىۋەز بارىدۇ ھۇزۇرۇڭغا بىل ،
تەلىپىڭ ئەۋەتكىن نېمە بولسا ئەقىل .
فەرىدۇندەك ئاقىل بولساق بولماسمۇ ،
جاھاننى ئۇرۇشسىز بۆلسەك بولماسمۇ .
ئەپۇ قىلىپ ، يۈزلەنسەك ئىزگۈلۈك تامان ،
ئۇرۇش ئۇنتۇلسايۇ ، يوقالسا يامان .
سەن ، شاھزادە ، ئىران شاھىغا دېگىل ،
ئاداۋەتتىن قايتسۇن ، شۇنى دەر ئەقىل .
پىلتەنگە ياخشى سۆز ئېيتىپ بۇ سەپەر ،
ئۇرۇش ، ئاداۋەتتىن راينى قايتۇر .
تۆھپىلەرگە كۆمۈپ تاشلا ئۆزىنى ،
ئۇ ئاداۋەتتىن بۇرسۇن يۈزىنى .
پەقەت تەختىن ئاگا كۆرمىگىن راۋا ،
چۈنكى شاھ نەسلىدىن ئەمەس ئەجدىھا . »

## گەرسىۋەزنىڭ سىياۋۇش ھۇزۇرىغا بارغانلىقى

گەرسىۋەز بارىدۇ ، سوۋغاتلار كارۋان ،
سوۋغاتلار جۇلاسىدىن روشەندۇر جاھان .
بەك ئالدىراش باردى جەيھۇنغا يېتىپ ،
باتۇرلاردىن بىرىنى ئۇ ئەلچى ئېتىپ .
دېدى : « بېرىپ شاھنى قىلغىن ئاگاھ ،
گەرسىۋەز كەلدى سۈلھكە ئىزدەپ راھ . »
ئەلچى كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتتى ،
بىر كۈن تېز مېڭىپ بەلخكە ھەم يەتتى .
شاھ ئالدىغا كىرىپ ، تۆكۈپ سۆزدىن زەر ،
گەرسىۋەز كېلىشىن قىلدى تېز خەۋەر .
سىياۋۇش چاقىرتىپ رۇستەمنى پەقەت ،
ئىككىسى ئولتۇرۇپ ، قىلىشتى مەسلىھەت .
گەرسىۋەزمۇ يېتىپ كەلدى شۇ چاغ ،
ئاگا يوللار ئوچۇق ، ئېچىشار قۇچاق .
سىياۋۇش كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇردى ،
مېھرىبان كۈلكىسى ھەريان تارىدى .
گەرسىۋەز ئۇزۇندىن سۆيەتتى زېمىن ،
ۋەھىمىدىن زادى ئۈزەلمەس دىلىن .
ئۆز تەختى يېنىدىن بېرىپ جاي ئاگا ،
ئەفراسىياپتىن سورار بىپەرۋا .
گەرسىۋەز ئولتۇرار تەختى زەر ، زۇمرەت ،
شاھزادىگە باقار ، كۆزىدە ھەيرەت .
رۇستەمگە قاراپ دېدى : « ئەفراسىياپ
كەلگىنىڭدىن خەۋەر تېپىپلا ، شىتاب ،
شاھزادىگە ئاتاپ بىرنەچچە يادىكار ،
سوۋغىلار ئەۋەتتى مەندىن شەھرىيار . »
ئەمر قىلدى ، سوۋغىلار ئېلىپ كېلىنىپ
سىياۋۇس ئالدىغا قويۇلدى تىزىپ .
شەھەر دەرۋازىسىدىن بارگاھقا قەدەر ،
سىپاھ ھەم غۇلامغا تۇتتى ئات ۋە زەر .

ھېچكىم قىلالمايتتى ئۇنىڭ قىلغىنىنى ،
ھېساب قىلالمايتتى سوۋغات ھەممىسىنى .
غۇلاملار تۇرۇشار ، بېلىدە كەمەر ،
بېشىدا كۇلاھۇ يەلكىسىدە زەر .
شاھزادىگە ياراپ كېتىپ بەغايەت ،
ئوچۇق چىراي بىلەن باشلىدى سۆھبەت .
تەھەمتەن ئاتا دەر : « بىرەر ھەپتە شاد
بەزمىدە بولايلى ، كۆڭۈللەر ئاۋات .
ئاندىن جاۋاب تاپارمىز مەسلىھەت بىلەن ،
ياخشى ئويلاپ كۆرۈپ ، ھەممىيەت بىلەن .
ئەقىللىق گەرسىۋەز ئورنىدىن تۇرۇپ ،
جايىدىن قوزغالدى يەنە يەر سۆيۈپ .
خانە ئاجرىتىشتى ، شايىدىن بېزەك ،
خىزمىتىدە نەچچە غۇلام ، كېنىزەك .
سىياۋۇش بىلەن رۇستەمى پىلتەن
قايتىپ كەتتى ، بۇندا قالدى توپ ئەنجۇمەن .
ئۇخلىماي ئولتۇرۇپ چىقىشتى باھەم ،
ئەقىل ئەلگىكىدىن ئۆتتى نۇرغۇن كەم .
شۇبھىلەر تۇغۇلدى پىلتەن دىلىدا ،
« گەرسىۋەز نېمىشقا ئالدىرىماس يولغا ؟ »
ھەر ياقتا قاراۋۇل قويۇپ قويۇشتى ،
ئېھتىيات چارىسىنى كۆرۈپ قويۇشتى .
سىياۋۇش رۇستەمدىن سورىدى سوراق :
« لازىممۇ ئاۋۋال بۇ سىرنى پاش قىلماق ؟
سۇلھنىڭ سەۋەبىنى قىلايلى ئىدراك ،
بىلەيلى زەھەرمۇ بۇ ئىش يا تەرياك ؟
يۈز كىشىنى چاقىر قېرىندىشىدىن ،
ناملىرىنى ئاللاپ ياز قېرى ــ يېشىدىن .
ئالدىمىزغا ئۇلار كەلسۇن گۆرۈگە ،
شۈبھە ــ گۇمانىمىز ئېيتماي بىرىگە .
ئەلچى كەينىدە بارمۇ قاراۋۇل ؟
سۇلھ گىلىمىنى يېيىپ ، چالماسمۇ داۋۇل ؟
ئېيتقان كىشىلەرنى قويسا گەر گۆرۈ ،
ئەۋەتەيلى بىزمۇ يۈز خىل ئەلچى دەررۇ .
ئاتا ياخشىلىقتىن يەتكۈزەر خەۋەر ،
يامان ئويىدىن شۇندا قايتماسمۇ مەگەر . »
رۇستەم دېدى : « شۇنداق مەندىمۇ تىلەك ،
شۇنداق قىلساق بولۇر كۆڭۈلدىكىدەك . »

## سىياۋۇشنىڭ ئەفراسىياپ بىلەن ئەھدۇ پەيمان قىلغانلىقى

گەرسىۋەز سارايغا كەلدى تاڭ سەھەر ،
بېشىدا كۇلاھۇ بېلىدا كەمەر .
سىياۋۇش ئالدىدا سۆيدى ئۇ زېمىن ،
ئاندىن : ياغدۇردى ئاتا ئاپىرىن .
سىياۋۇش ئاتا دەر : « قانداق ئۇخلىدىڭ ؟
قىلمىدىمۇ شاۋ ــ شۇۋ قۇلاقلارنى دىڭ ؟ »
ئاندىن يەنە دېدى : « بۇ كارۇ بارىڭ ،
تۈن بويى ئويلايتتى سىنىڭ گۇپتارىڭ .
ئىككىمىز سۆھبەتتە غەمنى قوغلايلى ،
كەك ۋە ئاداۋەتتىن دىلنى يۇيايلى .
ئەفراسىياپقا تېز يەتكۈزگىن جاۋاب ،
ئاداۋەتنى دىلدىن چىقارسۇن شۇ تاپ .
ئاقىۋەتى يامان بىلىنسە ، دېمەك
ناباپ ئىشنى باشتىن توختاتماق كېرەك .
ئەقىل ۋە ئىدراكتىن بېزەلسىلا دىل ،
ئۇنى تولغان خەزىنە دەپ قىياس قىل .
ئىچىملىك ئاخىرى بولمىسا زەھەر ،
ئەلەم ــ مۇشەققەتتىن دىلغا نې زەرەر .
سۇلھ ئەھدىنىسدە چىڭ تۇرساڭ ئاقىۋەت ،
قېرىندىشىڭدىن يۈز كىشىنى ئەۋەت .
بارىنى رۇستەم بىلگەن باتۇر ــ پالۋاندىن ،
نامى مەشھۇر ، ئىشى بىر جاھانلاردىن .
ئۇلار بولسۇن بۇندا ئەھدىڭگە گۇۋاھ ،
قەدىم ئادىتىمىز شۇنداقتىنغۇ شاھ .
يەنە بىر گەپ ، ئىران شەھرۇ يېرىدىن
نەچچىسى قولۇڭدا ، ھەممىسىنى بىردىن
قالدۇرۇپ ، تۇرانغا چاقىر لەشكىرىڭ ،
ئۇرۇش ــ ئاداۋەتتىن قىقىپ كەت پېشىڭ .
راستلىق ھۆكۈم سۈرسۇن ، ئارىمىز ئىناق ،
غەزەپتە يولۋاستەك بولما ئۇرۇشقاق .
نامە بېرەي ، يەتكۈز ، ئېھتىمالكى شاھ
ئۇرۇشماي ، سۇلھ بىلەن قايتۇرار سىپاھ . »
گەرسىۋەز ئورنىغا قايتتى ــ دە ، دەرھال
بىر چاپار تاللىدى مىسالى شامال .

دېدىكىم : « باھانە ئىزدىمە بىردەم ،
ئات سال ، شاھ ئالدىغا يېتىپ بار ئىلدام .
ئاگا دە ، بۇندا مەن قىلدىم كۆپ شىتاب ،
ئارزۇيىغا يەتمىش دەپ ئەتكىن خىتاب .
جەڭدىن قولىن تارتسۇن دېسە شەھرىيار ،
گۆرۈگە ئەۋەتسۇن يۈز نەپەر نامدار . »
يول بويى بىرەردەم توختىماي چاپار ،
شاھۇ گەرسىۋەزدىن يەتكۈزدى خەۋەر .
خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئۇ شاھى زامان ،
ئويغا چۆكۈپ قالدى ، كۆڭلى پەرىشان .
ئويلايتتى ، تۇغقاندىن ئەگەر يۈز كىشى
سېپىمدىن كېمىسە نېم بولۇر ئىشى .
كېيىن جەڭدە ماڭا گەر يەتمىسە شىكەست ،
دادىمغا يېتىشكە كىشى تېپىلماس .
ئەگەر مەندىن گۆرۈ سورىما دېسەم ،
سۆزۈمگە ئىشەنمەس ، ئىچسەممۇ قەسەم .
مەيلى ئەۋەتەي ، راۋا شۇ بولسا ،
ئىشىم ئېھتىياجىغا داۋا شۇ بولسا ! »
ئەۋەتتى سىياۋۇش كۈتكەندىن ئارتۇق ،
بېرىپ قوللىرىغا سوۋغات ۋە تارتۇق .

خەۋەرچى خەۋەر ئالۇر بىرىدىن بىرى ،
ئۇرنىدىن قوزغالدى شاھنىڭ چېرىكى .
بۇخارا ۋە سۇغدىغا ، سەمەرقەند ھەم چاچ ،
سەججاب يەرلىرىنى بوشىتىپ قويغاچ ،
قوشۇنىنى كەڭ ياققا سۈرەتتى شىتاب ،
پەيمانىغا سادىق شاھ ئەفراسىياپ .
بۇ ئىشلاردىن ئاگاھ بولۇپلا رۇستەم ،
گۇمانى قالمىدى ، بولدى خاتىرجەم .
سىياۋۇش ئالدىغا يېتىپ مىسلى باد ،
ئالدىدا بار گەپنى قىلدى بىر ـ بىر ياد .
ئاندىن دېدى : « ۋەدىگە قىلىشتى ۋاپا ،
ئىشلار ساز ، گەرسىۋەز بولىدۇ قايتسا . »
« تون بېرىلسۇن » دەپ پەرمان قىلدى شاھ ،
قورال ۋە پوتا ھەم زەر تونۇ كۇلاھ .
ئەرەب ئېتى ئېگەر توقۇمى زەردىن ،
يەنە مىندى قىلىچ قىنى ساپ ئالتۇن .
گەرسىۋەز تونلارنى كۆرۈپ بۇنچە باي ،
چېھرىسى نۇر چاچتى گويا تولۇن ئاي .
كەتتى ، رەھمەتلىرى يوقتۇر ئايىغى ،
كەتتى ، يەرگە تەگمەي ئېتى تۇيىقى .

## سىياۋۇشنىڭ رۇستەمنى كاۋۇس ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەنلىكى

سىياۋۇش ئولتۇرار ، تەختى پىل سۆڭەك ،
بېشىغا پىل سۆڭەك تاج بېرەر بېزەك .
رۇستەمگە دېدى ئۇ : « قوشۇندىن چاققان
تېپىلسا بىر كىشى باتۇر سۇخەندان .
شاھ يېنىغا يېتىپ بېرىپ ئۇ چاپار ،
بۇ يەردىكى ئىشتىن يەتكۈزسە خەۋەر . »
تەھەمتەن ئاڭا دەر : « ئەي جەڭگىۋار پىل ،
كاۋۇس ئالدىدا كىم ئاچالايدۇ تىل ؟
كاۋۇس كاۋۇسلۇقىنى قىلار ھېلى ھەم ،
چۇسلۇقى ئەقلىگە بېرىدۇ بەرھەم .
ئۆزۈم بېرىپ بەرسەم ئۇنىڭغا خەۋەر ،
نىھان سىرنى ئاڭا قىلسامەن ئاشكار .
يولغا راۋان بولسام ئەمرىڭ ئېپ تېزرەك ،
ھېچ چارە تاپمىدىم بۇندىن ياخشىراق . »
شاد بولدى سىياۋۇش بۇندىن نىھايەت ،
باشقا چاپار نامى ـ چۆچەك ، رىۋايەت .

سىياۋۇش يېنىدا قېپقىلىپ پىلتەن ،
ئۇندىن ـ بۇندىن ئۇزاق قىلدى كۆپ سۆھبەت .
ئاندىن سىياۋۇش چاقىرتىپ كاتىپ ،
ئېسىل يىپەك ئۆزرە يازدۇردى مەكتۇپ .
ئەڭ ئاۋۋال مەدھىيىلىدى شۇ داد كارنى ،
ئۇندىن بىلەر كۈچ ۋە قۇدرەت ، ھۇنەرنى .
« ئەقلۇ ھوش ، قۇدرەتۇ ماكانۇ زامان ،
ھەممىنىڭ ئىگىسى ئۇ قادىر يەزدان .
ھېچكىم پەرمانىدىن تولغىيالماس باش ،
كىم باش تولغايدىكەن ، خاھ قېرى ، خاھ ياش ،
زاماندىن ياخشىلىق كۆرمىگەي ھېچ چاغ ،
كامالەت بەرگۇچى يېگانە خەللاق .
ئۆزى ياراتقاندۇر قۇياش ۋە ئاينى ،
ئاتا قىلمىش تاجۇ تەخت ئۆزرە جاينى .
خۇدادىن ياغقۇسى ساڭا شاپائەت ،
شاھلار شاھى بولۇپ ياشنا پاراغەت .

ياخشىلىق ئاساسى، رايى ساخاۋەتنىڭ
ئەقىلگە تولۇرۇكتۇر گىگانت قامىتىڭ.
بەلخكە يېتىپ كەلدىم مەن پەسلى باھار،
مېنى خۇشالۇ شاد ئەيلىدى روزخار.
ئەفراسىياپ بۇندىن بولغاچقا ئاگاھ،
جامدىكى شارابى بولدى سىمسىياھ.
چۈشەندىكى ئىشى مۇشكۈل بولۇپتۇ،
جاھان قارا، بەختى خوپ خار بولۇپتۇ.
ئەلچى بولۇپ كەلدى ئۆز بۇرادىرى،
گۈزەل كېنىزەكلەر، كۆپ سوۋغىلىرى.
سەندىن شەپقەت تىلەر، ئىزدەر بەختىنى،
ساڭا تەقدىم ئېتەر تاجۇ تەختىنى.
ئەمدى بىلەر يۇرتنى چېگرىسىنى ئۇ،
ئۆز جايى، قىممىتى ۋە توپ - غولىنى ئۇ.
ئىران يېرىن ئەمدى ھېچ قىلماس ئارزۇ،
دىلدىن ئاداۋەتنى پاكلاپ يۇيار ئۇ.
قېرىنداشلىرىدىن يۈز نەپەر كىشى
ئالدىمدا، گۆرۈدە، رۇستەم خاھىشى.
ئەپۇ قىلىشنى سەندىن ئىلتىماس قىلىش،
چىرايلىرىدا يوق ئۇرۇشقا رايىش.»

رۇستەم يېتىپ كەلدى شاھ سارىيىغا،
تۇغ، قوشۇن، ئادەتنى قويۇپ جايىغا.
ئۇ تەرەپتە بولسا گەرسىۋەز نىكخاھ.
باقار نەدىدۇر، دەپ ئەفراسىياپ شاھ.
گەرسىۋەز يەتكەچكە قىلىپ كۆپ شىتاب،
ئۆز يېنىغا ئالدى شاھ ئەفراسىياپ.
سىياۋۇش تەرىپىنى سۆزلەر زەرشۇناس،
دېدى: «ئاڭا ئەسلا تېپىلماس قىياس.»
سۆزلىدى ئەقلۇ ھوش ۋە گۇپتارىدىن،
سۆزلىدى ياخشى خۇلق، ساز كىردارىدىن.
باتۇرۇ سۇخەندان، چاققانلىقىدىن،
ئەقىل ۋە بىلىمگە تولغانلىقىدىن.
خۇشال كۈلۈپ ئاڭا سۆز باشلىدى شاھ:
«بىل، ئۇرۇشتىن چارە ياخشى، ئەي نىكخاھ.
ۋەھىمىدە قالدى دىل مۇدھىش چۈش بىلەن،
يۇقىرىدىن كۆردۈم چۈشكۈنلۈكنى مەن.
شۇندىن چارە ئىزدەپ، ياد ئەتتىم قەسەم،
يەم بولمىسۇن دەپ مەن بالاغا تېنىم.
بايلىقىم ئايىماي، بەردىم ئارايىش،
كۈتكىنىمدەك بولۇپ چىقتى ھازىر ئىش.

## رۇستەمنىڭ كاۋۇسقا سىياۋۇش نامەسىنى تاپشۇرغانلىقى

بۇ تەرەپتە بولسا، رۇستەمى شىرمەرد
ئىران شاھ يېنىغا كەلدى خۇددى گەرد.
سارايغا كىردى ئۇ، قوۋۇشتۇرۇپ قول،
شاھ ھەم رۇستەم تامان تەختتىن ئالدى يول.
كېلىپ تەھەمتەننى ئالدى قۇچاققا،
ئوغلى، سىپاھىدىن چۈشتى سوراشقا.
سورار ئىشلار، باتۇر پالۋانلىرىدىن،
قانداق تاشلاپ كەلمىش جەڭنى تەھەمتەن؟
قىسقىچە يەتكۈزۈپ ئوغلى ھالىدىن،
مەكتۇپنى ئۇزاتتى، ئېيتىپ ئاپىرىن.
خەتنى بىر - بىر ئوقۇپ بەرگەندە كاتىپ،
شاھ يۈزى كۆمۈردەك كەتتى قارىيىپ
ۋە رۇستەمگە دېدى: «ئۇ ياشتۇر تېخى،
تەجرىبە كۆرمىگەن، نارەسىدە ئۆزى.
سەنچۇ، ئىسسىق - سوغۇق تېتىپ كۆرگەن ئەر،
سېنى ھەركىم ئەقلۇ تەجرىبىلىك دەر.

سەن ئەمەسمۇ جاھاندا يېگانە كىشى،
شىرغا جەڭ ساۋىقىن بەرمەك ئۆز ئىشى.
نې ياۋۇزلۇق قىلدى ئۇ ئەفراسىياپ،
كۆرگەنتىڭغۇ ھارام بولۇپ تاماق - ئاب.
ئارامىم قالمىغان... بارمىسام بولماس،
جەڭ قىلىپ بېشىنى يارمىسام بولماس.
باشتىلا نېمىشقا ئۆزۈم بارمىدىم،
ياش شاھ بارسۇن دېدىڭ، ئەمدى بۇ قېتىم...
يامانلىق تاپىدۇ ئادىل بىر جازا،
يامانلىققا بولسا يامانلىق راۋا.
كۆزىڭىزنى توسقاچ ئېسىل سوۋغىلار،
ئۇنتۇلۇپتۇ - دە ئەستىن غوۋغىلار.
بىر گۇناھ خەلق مىلىتى تاللاپ، ئەۋەتىپ،
سىزنى ئېلىپ ماڭمىش يولدىن ئازدۇرۇپ.
يەنە ئۇ يۈز نەپەر تۈرك بەد ئەجداد
ئاتىسى نامىنى ئېيتىشالماس ياد...

ئىشەنچلىك بىر گۇرۇھ بولامدىكەن شۇ ،
شاھ ئالدىدا قەدرى ئېرىقتىكى سۇ .
سىز ئەگەر ئەقىل بىلەن تۇتمىسىڭىز ئىش ،
ماڭا ئادەت ئەمەس ئۇرۇشتىن قېچىش .
سىياۋۇس يېنىغا ئەۋەتەي بوگۈن ،
بىر مەرد باتۇرنى ، ئەس ـ ھوشى پۈتۈن .
ئەۋەتەي گۈلخاننى ئەۋجىگە چىقارسۇن ،
تۈركلەر ئايىغىغا كىشەن سالدۇرسۇن .
سوۋغىسىن ئاتەشتە كۆيدۈرسۇن تامام ،
قولىن تەگكۈزمىسۇن بىرىگىمۇ ھەم .
ئەۋەتسۇن قولدىكى تۈرك بارىنى ،
بىر ـ بىرلەپ ئۈزدۈرەي تەندىن بېشىنى .
ئۆزى لەشكەر بىلەن قىلماستىن ھايال ،
جەڭگە راۋان بولسۇن ، كېچىكتۈرمەي سەل .
نەگە قولى يەتسە ، قۇرۇتسۇن شورى ،
مىسلى قوي قوتىنى ئىچرە ئاچ بۆرى .
قاچانكىم دەھشەتلىك قىلىچى چاپار ،
يەرلىرى ئوت ئىچرە كۈلگە ئايلىنار .
ئۇرۇش باشلار ئاڭا زىت ئەفراسىياپ ،
كۆزىگە بېگانە بولۇپ ئۇيقۇ ـ خاب . »
تەھەمتەن كاۋۇسقا دىر : « ئەي شەھرىيار ،
غەم يېمە ، بۇ ئىشنى ئويلىما زىنھار .
ئاۋۋال مېنىڭ سۆزۈم ئاڭلا ، پاكلا دىل ،
ئاندىن جاھان سېنىڭ ، بىلگىنىڭنى قىل .
دېگەن ئىدىڭ ئۆزۈڭ ، تا ئەفراسىياپ
سۇدىن ئۆتكۈچە ، قىلماڭلار شىتاب ،
توختاپ تۇرۇڭ ، تا ئۇ باشلىغاي ئۇرۇش ،
ئۇ ئۆزى باشلىسۇن جىدالماي يۈرۈش .
بىز كۈتتۇق ، تەۋرىتەر دەپ جەڭ بۆشۈكىن ،
ئەمما ئۇ ئاچتى سۈلھ ـ ياراش ئىشكىن ،
يەنە بىر گەپ ، پادىشاھ بولسا قەسەمخور ،
ياخشىلار ئالدىدا ئابرويى يوقتۇر ،
سىياۋۇش گەر بولۇپ غەلىبىدىن مەست ،
تۇرانغا يولۋاستەك ئۇرسا ئەگەر دەست ،
تەختۇ تاجۇ تامغا ، بايلىقتىن بۆلەك ،
ئىراندىن ، ئېيت ، يەنە نېمىدۇر ئىستەك .
ھەممىسىن كىرگۈزۈپ تەلتۆكۈس قولغا ،
ئەمدى كىرەي قانداق جەڭ ـ جېدەل يولغا .
ئەگەر ئەفراسىياپ بۇزسا قەسەمنى ،
يەنە قوزغىسا دىل ئازار ـ غەمنى ،
ئۇرۇشقا ھازىرمىز نەق قەھرىلىك شىر ،
بىلىكىمىز كۈچلۈك ۋە ئۆتكۈر شەمشەر .
سەن ئۆزۈڭ زەر تەختتە ئوغلۇڭ بىلەن شاد ،
ئىراندا ئولتۇرغىن ، شاد ئۆمۈرۋايەت .
ھە دېسەڭ ، زابۇلدىن ئاتلىنىپ لەشكەر ،
تۇراننىڭ تەختىنى قىلاي مەن تارمار .
گۇرزىم زەربىدىن ئۇ ئەفراسىياپ ،
كۆزىگە قاپقارا بولغۇسى ئاپتاپ .
مەن بىلەن بەكمۇ كۆپ قىلدى ئۇ غەليان ،
يەنە سىناپ كۆرسۇن ، بولسا پەھلىۋان .
تىلىمە ئوغلۇڭدىن قەسەمخورلۇق ھېچ ،
بۇ گۇناھقا يۈرمە ، بۇ ئارزۇدىن كەچ .
بۇنى سىر تۇتۇشقا يوقتۇر ھېچ ھاجەت ،
سىياۋۇش قەيسەرۇ راست سۆزلۈك غايەت !
ئويلىغان ئىشىڭنى ئاڭلىسا ، بەھەد ،
غەزەپ بىلەن ئېتەر بۇنى ئوغلۇڭ رەت .
پەرزەنتىڭ بەختىنى قىلمىغىن قارا ،
ياغمىسۇن يەنە بىر بېشىڭغا بالا ! »

## كاۋۇسنىڭ رۇستەمنى سىيىستانغا قايتۇرغانلىقى

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كاۋۇس قارايدى ،
ئاچچىقتىن تىترىدى ، كۆزلەر ئالايدى .
رۇستەمگە مۇنداق سۆز دېدى شاھى جاھان :
« ئەمدى ئارىدا سىر قالمىدى نىھان .
ئەمدى بىلدىم ، ئاڭا سەن ئۆگەتكەنسەن ،
ياۋغا نەپرىتىڭنى سەن يوقىتىپسەن .
ئۆز ئارامىڭ كۆزلەپ قاپسەن ، نېچۈن ؟
روناق ئىزدىمەيسەن تەختۇ تاج ئۈچۈن .
ئەمدى سەن بۇندا قال تا باھادىر تۇس
ئۇرۇش ناغرىسىنى پىلغا ئارتار چۇس .
چاپار ئەۋەتىمەن بەلخكە شۇ سائەت ،
ئاچچىق سۆزلەر بىلەن يوللايمەن ھەم خەت .
ئەمرىمدىن باش تارتسا ئەگەر سىياۋۇش ،
ئەھدۇ پەيمانىنى ئەتسە فەراموش ،

لەشكەرنى تاپشۇرۇپ تۇسقا تېز قايتسۇن ،
قەيسەر بولسا ، دادىل خۇداغا ئېيتسۇن .
ئەقىل نې بۇيرۇسا مەندىن كۆرەر ئۇ ،
سەركەشلىكى ماڭا ماقۇل كەلمەيدۇ .
سېنمۇ ئەمدى دوست دېمەيمەن بىلسەڭ ،
ئەمدى سەن مەن ئۈچۈن قىلمايلا قوي جەڭ . »
ئەلەمدىن رۇستەمنىڭ ئۆرلىدى ئاھى ،
دېدى : « قىسمەت مېنىڭ بېشىم پاناھى .
ئەگەر سەن تۇسنى بىر پەھلىۋان دېسەڭ ،
بىلىپ قوي ، رۇستەم بۇ ! رۇستەم ، ھە ، رۇستەم . »
شۇنى دەپ يۈردى تىك ئىشىككە قاراپ ،
قوشۇمىسى تۈرۈك ، كۆزىدە غەزەپ .
تەھەمتەن كەتتى سىپاھ سەپ ـ سەپ ،
يول ئالدى ئۇدۇل سىيىستان تەرەپ ،
تۇسنى چاقىرتتى پادىشاھ شۇئان :
« لەشكەر تارت چاپسان » دەپ بەردى ئۇ پەرمان .
كاۋۇس ھۇزۇرىدىن تۇس چىقىپ كېلەر ،
ناغرىلار چېلىنار ، سەپلىنەر ئەسكەر .
ھەممە خىيالىدا جەڭ ، يول تەييارلىقى ،
ئۈنتۈلدى تىنچلىق ، سۈلھ ، دىل ئارامى .

## سىياۋۇش مەكتۇپىغا كاۋۇسنىڭ جاۋابى

يورغا تۆگە تېپىپ ، تەيىنلەپ چاپار ،
كاۋۇس شاھ پەرمانىغا ھازىرلىق كۆرەر .
كاتىپنى چاقىرىپ ، ئېچىپ خۇش چىراي ،
تەخت يېنىدىن ئاڭا كۆرسەتتى بىر جاي .
بۇيرۇدى ، بىر خەتكى غەزەپ ـ جەڭ تولا ،
نامە كىم ، زەھەرلىك ئوقدۇر بىر گويا .
ياراتقۇچىغا كۆپ شۈكۈرۈ سانا ،
سۈلھ جەڭ ئىگىسى يېگانە خۇدا .
ئەي ـ يۇلتۇز ، بەھرامۇ كەيۋان ئىگىسى ،
تەختۇ تاج ، ياخشىيۇ يامان ئىگىسى ،
ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن ئايلىنار ئاسمان ،
ئەمرى بىلەن قۇياش يورۇتار جاھان .
ساڭا ، ئەي ياش ئوغلان ، دائىم بەخت كۈلسۈن ،
ھەمىشە نېسىۋەڭ تاجۇ تەخت بولسۇن .
ئەجەب ئۇنۇتۇپسەن پەرمانىم مېنىڭ ،
ھەق يولدىن كېتىپسەن ، ئوغلانىم مېنىڭ .
ئېسىڭدىمۇ دۈشمەن ئىران بېشىغا
نېم سالغان ئىدى ، زەپەر قېشىدا .
بۈگۈن دۈشمەن بىلەن ياراش ئىزدىمە ،
ئەل بېشىغا بالا ، تالاش ئىزدىمە .
ياشلىق قىلىپ ھىيلە ـ ئالداشقا ئۇچما ،
پەلەك چەرخىنىڭ جازاسىن قۇچما .
گۆرۈدىكى تۈركلەر ئاياغ ـ قولىنى
كىشەنلەپ ، مەن تەرەپ قىلغىن يولىنى .
سېنى ئالدىسا گەر ئەمەس بۇ ئەجەب ،
مەن قىياس قىلىمەن ئۆزۈمگە قاراپ .
بۇ ھاياتتىن مەن ئۆزۈم نەچچە قېتىم ،
يالغان ۋەدىلەردىن بار پەند يېگىنىم .
قىساسقا ئەۋەتتىم سېنى ، سۈلھ ئەمەس ،
ياخشى ئوغۇل مەندىن يۈزىن ئۆرۈمەس .
گۈزەللەرگە كۆڭۈل بېرىپ ئەزەلدىن ،
يۈزۈڭ ئۆرۈپ كەلدىڭ جەڭگى ـ جېدەلدىن .
رۇستەم سوۋغىلارغا كېتىپتۇ ئۇچۇپ ،
ئەسلا تويمايدىكەن دۇنيانى قۇچۇپ .
سەن بولساڭ ، تاج ئىزدەپ قىلىپسەن ياشلىق ،
جەڭدىن باش تارتقىنىڭ بوپتۇ بەڭباشلىق .
مۇستەقىللىق يولىنى شەمشەر بىلەن ئاچ ،
شاھ ئابرويى شۇندا ، بوشاڭلىقتىن قاچ .
سەردار تۇس بارىدۇ يەپ سېنىڭ غېمىڭ ،
جايىدا تۈزەيدۇ ھەر كۆپۈ كېمىڭ .
سېلىپ گۆرۈ تۈرك ھەممىگە كىشەن ،
ماڭا ماڭدۇر ئېشەك كارۋانى بىلەن .
بۇ سۈلھتىن يۈكسەك پەلەك رايى بىلەن
جانىڭغا يەتكۈسى ئەلەم توساتتىن .
بۇ ئىش خەۋىرى گەر ئىرانغا يېتەر ،
ئەلدىن ئارام ـ تىنچلىق ، بىر نىيەت كېتەر .
دۈشمەنگە دۈشمەن بول ، گەپنى كۆپ سوزما ،
شاھلىق زورلۇق ئىستەر ، ئادەتنى بۇزما .
قاتتىق جەڭ بەرپا قىل ، قىل تېز شەبىخۇن ،
قىپقىزىل قان بولسۇن يەر ، ئاسمان ، جەيھۇن .

ئەفراسىياپ ئاجراپ ئارام ، ئۇيقۇدىن ،
جەڭ قىلىپ قوزغالسۇن قوشۇنى بىلەن ،
ئەگەر مېھرىڭ ياۋغا بولسا خاپىلىقتىن ،
قاچساڭ ياۋ ئالدىدا قەسەمخورلۇقتىن ،
سىپاھنى تاپشۇرۇپ تۇسقا ئۆزۈڭ قايت ،
ئەسلىدە مەن جەڭچى ئەمەسمەن ، دەپ ئېيت . »
نامەگە شاھ مۆھرى بېسىلدى دەرھال ،
چاپار ئېلىپ ئۇچتى مىسالى شامال .
سىياۋۇشقا قاچان مەكتۇپ يېتىپ باردى ،
يېقىمسىز سۆزدىن باغرىغا ئوت چۈشتى .
چاپارنى چاقىرىپ سورىدى سوئال ،
ئۇ بىر ــ بىر سۆزلىدى نەھال ، نە ئەھۋال .
رۇستەم بىلەن بولغان سۆزدىن ، ھالەتتىن ،
تۇستىن ، كاۋۇستىكى چوڭ جاھالەتتىن ،
سىياۋۇش ئاڭلاپ بۇنى چەكتى كۆپ غەم ،
رۇستەم ئۇچۇن بولدى كۆزىدە كەڭ نەم .
ئاتىسى ئىشىدىن دىلدا ئەندىشە ،
تۈرك ، سۇلھ ھەققىدە ئويلار ھەمىشە .
يۈز تۈرك پالۋانى تەقدىرىن ئويلار ،
تۈرك شاھى دوستلۇقىن ، ھەر بىرىن ئويلار .
ھەممىسى ئاق كۆڭۈل ، ھەممە بىگۇناھ ،
كىشەنلەپ ئەۋەتسە ، ئۇندا كاۋۇس شاھ ،
نە سوراق ، نە ئازراق قىلماس ئېتىبار ،
ھەممىسىن سوراقسىز تىرىك دار قىلار .
خۇداغا يېتەرمۇ ئۇندا دىل ئاھى ،
بېشىمغا چۈشمەسمۇ ئاتام گۇناھى .
ئەگەر جەڭ باشلىسام ، ئۇن ــ تىۋىشسىزلا ،
نە ئەھۋالدا قالۇر تۇران سىپاھلار .
بۇ ئىشىم كەلمەيدۇ خۇداغا ماقۇل ،
خالايىق غەيۋەتتە يورغىلىتار تىل .
ئەگەر قايتىپ كەتسەم شاھ قورغانىغا ،
سىپاھلارنى بېرىپ ئۇ تۇس پالۋانىغا ،
ئۇ چاغ ھەم چارە يوق ، دەردىم بىداۋا ،
تەتۈر ، ئوڭمۇ بالا ، كۆز ئالدىم يالا .
سۇدابەمۇ سالغاي بېشىمغا ماجىرا ،
بىلمىدىم ، تەقدىرىم نې يازمىش قازا .

## سىياۋۇشنىڭ بەھرام ۋە زەنگىگە مەسلىھەت سالغانلىقى

باھادىرلارغا ئۇ يوللىدى كالام ،
بىرى زەنگە ئىدى ، بىرىدۇر بەھرام .
ھۇزۇرىغا چىللاپ ئاچتى دىلىنى ،
ئۇلار بىلەن يەشمەكچۇن دىل چىيچىكىنى .
رۇستەمدىن قالسا ئۇ بىر قوشۇنغا باش ــ قاش ،
سىياۋۇشقا پەقەت ئىككىسى سىرداش .
ئۇلارغا سىياۋۇش دەر : « بەختىم قارا ،
شۇنىڭچۇن دەممۇ دەم بېشىمدا بالا .
شاھنىڭ ماڭا مېھرى بىغۇبار ئىدى ،
دەرەختەك سايىۋەن ، مېۋىدار ئىدى .
بۇ مېھرگە قوشتى سۇدابە زەھەر ،
شاھنى يولدىن چىقاردى ھەييار ــ ھىيلىگەر .
شەبىستانى بولدى زىندانىم مېنىڭ ،
سۇلۇپ قالدى بەختىم ، خەندانىم مېنىڭ .
شۇنداق بولدى ماڭا زامان ئادىتى ،
ئوت ياغدۇردى ئاتام مېھرى مېۋىسى .
شەرمەندىلىكتىن جەڭ كۆرۈندى ئەۋزەل ،
يىراق كەتتىم تىمساھ ئاغزىدىن دەرھال .
بەلخ ئېچرە تۇراتتى ساناقسىز سىپاھ ،
باشلىقى پەھلىۋان گەرسىۋەز نىكاھ .
سۇغدىدا تۇراتتى ساتقىن شەھرىيار ،
ئاداۋەت تاۋلىغان يۈزمىڭدەك تىغدار .
ئۇچۇپ ، بېسىپ باردۇق مىسالى بوران ،
دۈشمەنلەرگە بەرمەي پۇرسەت بىر زامان .
يەرلىرىمىز تاشلاپ چىقىپ كېتىشتى ،
گۆرزىلەر ، سوۋغىلار تەقسىم قىلىشتى .
دانىشمەن مۇبەدلەر تاللىغان بىر يول ،
ئۇرۇشتىن ، چېپىشتىن تارتماق بولدى قول .
مۇلۇك توپلىماققا ئىستەر جەڭ ، دېسەڭ ،
ھەممىسى قولىغا چۈشتىغۇ بىجەڭ .
بىكاردىن قان تۆكۈش ۋە تالان نېچۇن ،
كۆڭۈلدە بۇنچىلىك ئاداۋەت ، نېچۇن .
قايىسى باشتىن ئۇچسا ئەگەر ئەقلۇ ھوش ،
ياخشىدىن يامانىنى قىيىن ئاجرىتىش .

كەيقۇبادمۇ كەتتى تەختىن تاپشۇرۇپ ،
ھەممە ھەم كېتىدۇ بىرمۇ بىر چىرىپ .
ئاتامغا ياقمىدى بۇ كارى بارىم ،
ئىستەپ قالدى مېنىڭ ئەلەم ئازارىم .
ئاچچىق بىلەن : جەڭ قىل ! دەپ بۇيرۇق قىپتۇ ،
قەسىممدىن قايتسام ، قانداق بولىدۇ ؟ !
خۇداغا ئاسىيلىق ئۇيات ئەمەسمۇ ،
ئاتىلار سۆزىدە ھېكمەت ئەمەسمۇ ؟
ھەر ئىككى ئالەمدە سالماقچى بالا ،
ئەھرەمەن كامىغا بولۇپ مۇپتىلا .
يەنە كىم بىلىدۇ ، بۇ ناچار جايدىن ،
كىمنىڭ بېشى ئامان چىققار كاررزاردىن .
ئانىدىن تۇغۇلمىغان بولسامچۇ كاشكى ،
ياكى بالدۇرراق ئۆلسەمچۇ كاشكى !
تارتقىنىم غەم ـ ئەلەم ، نوقۇل بالامۇ ،
شۇنچە زەھەر يۇتماق ماڭا راۋامۇ ؟ !
بۇ ياش ـ يۇمران دەرەخ ھىممەتتىن مەھرۇم ،
مېۋىسى زەھەرۇ ياپرىقى زەققۇم .
ۋىجدانىم ئازابتا ، ئىچكەنمەن قەسەم ،
تىلغا ئالغانىدىم تەڭرى نامىنى ھەم .
ئەگەر ، راستلىقتىن باش تارتسام نېم بولۇر ،
بېشىمغا گۇنانى ئارتسام نېم بولۇر !
يامان سۆز نامىمغا يېزىلار ، جازا ،
ھەر جايدا بېرىلەر شەنىمگە سازا .
تارالماسمۇ يامان مىش ـ مىش جاھانغا ،
ساتقۇنلۇق قىلدى دەپ شاھى تۇرانغا .
ئاداۋەت باشلىسام نەدە قالار دىن ،
ئالدىمدا ئاسماندىن چوڭ كېلەر زېمىن .
ئىشىم ماقۇل بولماس تەڭرىگە ئازراق ،
نېم ئىشلار بېشىمغا كەلتۈرەر پەلەك .
بىر خالىي تاپايمەن كاۋۇستىن نىھان ،
نامىم ئاڭلىمىسۇن بىرەر تىرىك جان .
ھايات گاھ قاراڭغۇ ، گاھ بەكمۇ يارقىن ،
بۇزغىلى بولامدۇ خۇدا خاھىشىن .
سەن ئەي زەنگە باتۇر ، شاۋەرانزادە ،
خىزمەت قىل مەن ئۇچۇن ھەددىن زىيادە .
ئۇخلىماي ئالدىراپ تېپىپ چارەسىن ،
ئەفراسىياپ ياققا يېتىپ بارغىنسەن .
گۆرۈلىرى بارمۇ ، سوۋغا ـ سالامىن ،
تەختۇ تاجۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش ، تاماسىن ،
ھەممىسىنى ئېلىپ ھۇزۇرىغا بار ،
ۋەقەنى ئېيتىپ دىل مەخپىيىتىنى يار . »
ئاندىن گۇدەرز ئوغلى بەھرامغا ئېيتار :
« ئىختىيارىڭدىدۇر بۇگۇندىن ئەسكەر ،
ساڭا تاپشۇرۇلار پۈتۈن ئەل ـ ئۇلۇس ،
قاراپ تۇر تا يېتىپ كەلگۈچە تۇس .
ئاڭا تاپشۇرارسەن ئاشقان ـ تاشقانىنى ،
لەشكەرۇ ئولجىلار ، ئوت ، قورالLارنى .
نېمە بار ، ھەممىسىن ساناپ بىرمۇ بىر ،
تاجۇ تەخت ، كۈمۈش ، زەر ھەممىنى تاپشۇر . »
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇ باتۇر بەھرام ،
يۈرىكى غەش ، دىلدا قالمىدى ئارام .
زەنگە قان يىغلايتتى ، دىلىدا ئەلەم ،
نەپرىتىگە ئۇچرار ھەممە نەرسە ھەم .
ئىككىسى ئولتۇرار ، كۆزلىرىدە ياش ،
روھلىرى بەك چۈشكۈن يۈرەكتە ئاتەش .
بەھرام دەر : « ياخشىمەس مۇشۇنداق قارار ،
جاھاندا ئاتاڭسىز تاپمايسەن قارار .
بىر نامە ئەۋەتكىن ئاتاڭغا ئىلدام ،
قايتىپ كەلسۇن خاپا كەتكەن ئۇ رۇستەم .
جەڭ قىل دېسە قىل ئاتاڭ شەھرىيار ،
ئۇزۇن سۆزنى قىسقا قىلماقلىق دەركار .
سوغۇق قان ئىش باشلا ، ھالىڭ يەر بولماس ،
ئاتىدىن كەچۈرۈم سورىغان ئۆلمەس .
گۆرۈدىكىلەرنى ئەۋەتسەڭ ئەگەر ،
كۆڭلى چاغ ، دىل رازى ، لەۋلىرى كۈلەر .
ئەگەر ئېچىنارلىق بولسا بۇ گۆرۈ
قويۇۋەتكىن ، گۇۋاھ بولالماس بىراۋ .
ئاتاڭ خەتتە جەڭگە قىلىدۇ پەرمان ،
ئالەمدە دەرد يوقكى ، يەتمىسۇن دەرمان .
كاۋۇس ئەھدى بىلەن جەڭ باشلىغايمىز ،
يامانغا دۇنيانى تار ئەيلىگەيمىز .
قاپاق تۈرمە ، باققىن ئىللىق يۈز بىلەن ،
ئاتاڭنى يۇمشاتقىن ياخشى سۆز بىلەن .
بەختىمىز غۇۋا قىلمىسۇن بۇ ئىش ،
ئۇلۇغلۇق دەرىخى مېۋىگە كىرمىش .
يىلتىزدىن غۇلىمىسۇن شاھانە دەرەخ ،
قانغا بويالمىسۇن كۆز ۋە تاجۇ تەخت .

تەختۇ تاجۇ بارگاھ سەنسىز خۇنۇكتۇر ،
سەركەردەيۇ سىپاھ سەنسىز خۇنۇكتۇر .
كاۋۇس مېگىسى قىزىپ كېتىپتۇ ،
مەكتۇبۇ پەرمانى ئەقىلگە ياتتۇر .
ئەگەر باشقا بولسا ئاسماننىڭ رازى ،
ئىبىل سۆزنىڭ بۇندا نېمە لازىمى ؟ »
ئەمما كۆڭۈلگە ماس كەلمەيتتى بۇ پەند ،
باشقا تەقدىر يازمىش ئاسمانى بەلەند .
جاۋاب بەردى : « بۇ شاھ پەرمانى ھەرچەند ،
نەزەرىمدە ئايدىڭ ، قۇياشتىن بەلەند .
كىم تەگرى ئەمرىدىن تولغىسا بېشىن ،
يوقىتار يولىنى ، سەۋر ــ بەرداشىن .
ئەمما تەگرى ئەمرى ھەممىگە ۋاجىپ ،
پىلغىچە كىچىك بىر ساماندىن تارتىپ .
قوللىرىم ناھەق خۇن تۆكسە نەھات ،
ئىككى خەلق ئارا جەڭ باشلىسام ، ھەيھات .
گۆرۈلەر قېنىغا تەشنا پادىشاھ ،
ئۇنتۇلغان سۆزلەردۇر ئاگا رەھنەما .
ئەگەر شاھ يېنىغا قايتسام بۇ سەپەر ،
جەڭ قىلماي ، بارغىنىم ئىبتسام بۇ سەپەر ،
تەكرار باشلىغۇسى جاھالەت ــ توگلۇق ،
دىلىمغا ئوت يېقىپ ، قىلغۇسى خورلۇق .
ئەگەر سۆزلىرىمدىن دىلىڭلاردا غەم ،
ئەگەر بۇ ئىشىمدىن كۆڭۈلدە ئەلەم ،
ئۆز ــ ئۆزۈمگە ئەلچى ، ئۆزۈمگە ھاكىم ،
شۇ دەشت ئىچرە قالاي تىكىپ چېدىرىم .
بولمىسا سىلەرگە ئاتىغان گەنجىم ،
نېمىشقا تارتىمىقىڭ كىبرەككەن رەنجىم ؟»
سىياۋۇش سۆزىنى ئاڭلىغان ھامان ،
غەمدىن سۇلغۇن بولدى ئىككىلا پالۋان .
جۇدالىق غېمىدە يىغلاپ كېتىشتى ،
گويا تېز يالقۇندا كۆيۈپ كېتىشتى .
ئالدىدىن سېزىشتى پەلەك ئازابىن ،
بۇ ئىشتىن قوزغىدى كاۋۇس غەزىپىن .
دىل سېزەر ، باشقىدىن كۆرۈشمەك قىيىن ،
نېچۇك خۇن تۆكمىسۇن كۆز شۇندىن كېيىن .
زەنگە دەر : « شاھزادە بىزلەر غۇلامىڭ ،
دىلدا مېھرىڭ ، تىلدا شۇ ئەزىز نامىڭ .
پىدايىڭ بولسۇن بۇ تەن ۋە جېنىمىز ،
ئاخىرقى دەمگىچە شۇ پەيمانىمىز . »
باتۇرلاردىن مۇنداق جاۋاب ئاڭلاپ ئۇ ،
يەنە سۆز باشلىدى ، بىر سۆزكى ئىزگۇ :
« بېرىپ ئەفراسياپ شاھقا بەر دېرەك ،
بېشىمغا نې ئىشلار سالدى بۇ پەلەك .
ياراش ، تىنچلىقنى دەپ مەن باشلىدىم جەڭ ،
سېنىڭ راھىتىڭ دەپ ھالىم يەرگە تەڭ .
تەختتىن ئاجرىشىمنى بىلسەمۇ ، ئەمما
ساڭا پەيمانىمدىن قايتمىدىم ئەسلا .
بىر جاھاندار يەزدان پاناھىم مېنىڭ ،
زېمىن ، تەختۇ ئاسمان كۇلاھىم مېنىڭ .
يەنە بىر گەپ ، ئاتا پەرمانىنى ئۇغۇل
بەجا قىلماي قايتىپ بارمىقى مۇشكۇل .
ماڭا يول ئېچىپ بەر ، ئۆتۈپ كېتەيمەن ،
بىرەر ئارامگاھقا بېرىپ يېتەيمەن .
بىرەر يوشۇرۇن جاي تاپاي بۇ زامان ،
ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزەي كاۋۇستىن نىھان .
ئۇنىڭ پەس خۇلقىدىن سۆز ئاڭلىمسام ،
پەيكارى سالمىسا بېشىمغا ستەم . »

## زەنگەنىڭ ئەفراسىياپ ھۇزۇرىغا بارغانلىقى

زەنگە يولغا چىقتى يۈز مەشھۇر بىلەن ،
ئۇلار بوشىغانتى ئەمدى گۆرۈدىن .
گەرسىۋەز ئىبىپ كەلگەن سوۋغىلارنى ھەم
ئېلىپ بېرىشاتتى ھەممە جەمۇ جەم .
تۈرك شاھى شەھىرىگە يەتكەندە كۆردى ،
دىدبان مۇنارىدا تۇرۇپ چاڭ ئۇردى .
ئۇنى كۈتۈپ چىقتى جەڭگىۋار تۇۋۇرگ ،
قارشى ئالدى پۈتۈن نامدارى بۇزرۇك .
زەنگە شاھ ئالدىغا كىرىشى بىلەن
شاھ ئۇنى ئالقىشلاپ تۇردى ئورنىدىن .
قۇچاقلاپ ھەم كۆرىستىپ كۆپ ھۆرمەت ،
يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئەيلىدى ئىززەت .
زەنگە شىر تاپشۇرۇپ شاھقا نامەنى ،
بىر ــ بىر ئېيتىپ بەردى بولغان ئىشلارنى .

خەتكە يۈگۈرتتى كۆز ئەفراسىياپ ،
قەلبىگە تولدى دەرد ، ھەسرەتۇ ئازاب .
پەرمان قىلدى : « تەييار قىلىنىڭ ياخشى جاي ،
ئەلچىنى ھۆرمەتلەپ كۈتۈڭ كۈنۇ ئاي . »
سەردار ، سىپاھدارنى چاقىرتتى ئۇ تېز ،
پىران يېتىپ كەلدى كېچىكمەي ھەرگىز .
پىران كېلىپ خالىي قىلىپ ئىككىسى ،
بىر – بىر سۆزلىشىشتى : ئىش مۈشكۈل بولدى .
سۆزلىدى كاۋۇستىن ۋە گۈپتارىدىن ،
يامان خۇلقىدىن ۋە بەدرەپتارىدىن .
شاھ سۆزلەر ، يۈزىدە قورۇقلار تارام ،
سىياۋۇش ھالىغا ئېچىنىشار ھەم .
زەنگە ئەلچى بولۇپ كەلگىنىن بىر – بىر ،
ئېيتىپ پۈتۈن ئىشنى ، بېشىدىن – ئاخىر ،
شاھ سورار : « بۇ ئىشقا دەرمان نېمىدۇر ،
قانداق يول تۇتماقلىق ، پەيمان نېمىدۇر ؟ »
ئاڭا پىران دېدى : « ئەي شەھرىيار ،
دۇنيا بىلەن تەڭ تۇر ، بەختلىك بولسۇن يار .
ھەر ئىشتا سەن بىزدىن داناسەن ، دانا ،
بايلىقتا ، مەردلىكتە بىزدىن مىڭ ئەلا .
خىياللىق ، بىلىملىك ، پىكرلىك ۋە رايلىق ،
ھېچكىم بۇ ساھەدە ئالالماس جايىڭ .
كىمىكى ياخشىلىققا جاھاندا قادىر ،
ئاشكار – نىھان كۈچتىن تىككۈسى چېدىر .
ئاڭلىدىم جاھاندا ساھىبى جامال ،
سىياۋۇش ئۇلۇغلار ئىچرە بىمىسال ،
قامەت ۋە ھۆسىندە ھەم سالماقلىقتا ،
بىلىم ۋە ئەقىلدە ، شەيىستالىقتا ،
ھۈنەردە ، مەردلىكتە يالغۇز ، پاك ئەجداد ،
شاھزادىلەر ئىچرە يوقتۇر ئۇنداق زات .
ئاڭلىغاندىن كۆرگەنىنىڭ پەرقى كاتتا ،
كۆرسەڭ خىسلىتى كۆڭلۈڭ ئالۇر ئەلۋەتتە .
ئەگەر باشقا ئىشى بولغىنىدا ھەم ،
يۈز گۆرۈ قېنىغا شەپقەتتە بول دەم ،
ئاتىسى بىلەن جەڭ قىلغىنى ئۈچۈن ،
تەختتىن كېچىپ ، بىزگە كەلگىنى ئۈچۈن ،
بۇ ئۆلكىدە ئىززەت تېپىشى لازىم ،
چوڭلار ئارا ھۆرمەت تېپىشى لازىم .
مەملىكەتتىن ئۆتۈپ كەتسە مۇنداق زات ،
ئەقىل بۇنى ماقۇل تاپمايدۇ ، ئىست .
يەنە بىلگىن ، كاۋۇس قېرىپتۇ بىسيار ،
تەختۇ تاج قولىدىن كېتىشكە تەييار .
سىياۋۇش نەۋقىران ، پارلاق ئىقبالى ،
تەختكە يارىشىملىق ئۇنىڭ نىك پالى .
سىياۋۇش رەنجىسە دىلىدا قالۇر غەش ،
ئەربابلار ئاغزىدىن ياغىدۇ قارغىش .
ئەگەر شاھنىڭ بولسا خىيالى بەلەند ،
بىر نامە ئەۋەتەر نەسىھەتۇ پەند .
ئەركىلەپ ، كۈتۈپ ئال بىر پەرزەنت كەبى ،
سۆھبەتلەش ، ئىززەت قىل دانىشمەن كەبى .
مەملىكىتىمىزدە بىر جاي قىل تەييار ،
ئىززەتۇ ھۆرمەتكە بولسۇن سازاۋەر .
رەسىم – قائىدىمىزنى قىلىپ نامايان ،
قىزىڭ بەرسەڭ ھەتتا ، بولمايدۇ يامان .
ئەگەر ياشاپ قالسا يېنىڭدا ، ئەي شاھ ،
سېنىڭ ۋەتىنىڭدىن تاپسا ئارامگاھ ،
كېيىن يۇرتقا قايتىش بولسا تىلىكى ،
شۇنىدىمۇ ئاينىيدۇ ئۆمرۈڭ مېۋىسى .
ئالقىشلار سېنى ئۇ پادىشاھى زېمىن ،
زامان ئەربابلىرى ئېيتار ئاپىرىن .
نىھايەت سۇلھ قىلۇر ئىككى چوڭ لەشكەر ،
سىياۋۇشنى شۇڭا ئەۋەتمىش دادگار .
خۇدا ھەققى ، ئىككى ئۇلۇغ بۇ كىشۋەر
سۇلھ قىلىنىشىپ گۈل ئېچىپ ياشار . »
پىران سۆزى تامام ، ئېنىق مۇددىئا ،
ئەمما سۆز تېگىگە يەتمەككە پادىشاھ .
ئويغا چۆكۈپ قالدى ، جىمىپ بىر زامان ،
خىيالىدىن كېچەر بار ياخشى – يامان .
ئاندىن دېدى پىرانغا : « ئەي دانىشمەن پىر ،
سۆزلىرىڭ ھەممىسى ئاقىل ، دىلپەزىر .
ئۇلۇغلار ئارا ئىش كۆرگەن دانا ،
سەن كەبى سەردار تېپىلماس ئەسلا .
لېكىن بىر نەسىھەت ئاڭلىغىنىم بار ،
قانچە دانىشمەنلەر بۇ پىكىرگە يار .

شىر بالىسىنى سەن قىلساڭ پەرۋەرىش ،
چىقىرار بەربىر ئۇ ئۆتكۈر چىش .
كۈچ ـ قۇدرەت ، شىر رايى كېلىدۇ غالىب ،
ئىگىسىن پارچىلار ئۇ چاڭگال سېلىپ . »
« ئەي باتۇرلار شاھى ، ـــ دەر ئاڭا پىران ،ـــ
كېپىمگە قۇلاق سال ، شاھىم بۇ زامان ،
قىلىقسىز ئاتىدىن يۈز ئۆرسە ئوغۇل ،
ئۇنى ياخشى خۇلقلىق ۋە ئەدەبلىك بىل .
قارىغىنا ، كاۋۇس قېرىپ قالغان چال ،
تەخت ئۈستىدىن ئۇچۇپ كەتكۈسى ئەلھال .
سىياۋۇش ئىگىلەر جاھان تەختىنى ،
ئەمگەكسىز تاپقۇسى بايلىق ، بەختىنى .
ئىككى ۋەتەن تەختى ساڭا بۇيرۇغاي ،
قېنى ، كىمنىڭ بەختى بۇ ، قوبۇل بولغاي . »

## ئەفراسىياپنىڭ سىياۋۇشقا مەكتۇپى

بۇ سۆزلەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ شاھ ،
ئىشقا ئاساس سالدى ، بىلىمى گۇۋاھ .
دېدى : « ئىش بىلەرمەن كاتىپنى چاقىر . »
ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ چاچتى سۆزدىن دۇر .
شاھ مەكتۇپقا ئاغزىنى ئاچقان زامان ،
قەلەمدىن مۇشك ـ ئەنبەر تارقىدى ھەريان .
ئاۋۋال جاھاندارغا ئۇ ئېيتتى سانا :
« ئۇلۇغلۇقۇڭ تىلغا سىغماس ، رەببەنا !
سەندىن تاشقىرىدۇر ماكانۇ زامان ،
ساڭا ھېچ يېتەلمەس خىيالدا گۇمان .
ئەقلۇ ھوش ئىگىسى ئۆزۈڭسەن ، خەللاق ،
ئادىلىك بىلەن ئەقىل روشەندۇر ، رازراق . »
ئاندىن شاھزادىگە دېدى ئاپىرىن ،
ۋەسفىن كۆتۈرۈشتى قورال ـ يارىغىن .
« سەنىسەن شەرمى ھايا ، پاكلىق ئىگىسى ،
شەمشەر ، تىغ ، گۇرزە قەيسەرلىك ئىگىسى .
قىسمىتىڭ ئاڭلىدىم باشتىن ـ ئاياغ ،
ھوشيار زەنگە شاۋەر ئوغلىدىن ئۇزاق .
دىلىم غەمگە تولدى نېچۈن شاھ جاھان ،
ساڭا قارشى بولۇپ قىلىپتۇ نىھان .
ۋە لېكىن دۇنيادا تەختتىن باشقا بەخت
ئىستەمدۇ باھادىر ، بەختى بولسا تەخت .
بۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا مۇنتەزىر ،
خەزىنە ، دەپىنە ، شاھلىق بەربىر .
سەن ماڭا پەرزەنت بول ، مەن ساڭا پەدەر ،
ئاتىلىققا باغلاي ئالدىڭدا كەمەر .
شۇنى بىلگىن ، كاۋۇس بۇنداق مېھرىدە ،
بىرەر كۈن باقمىغان ساڭا خۇشقىنا .
ساڭا كەڭ ئاچاي مەن دىل ، خەزىنە ، بەخت ،
ساڭا تاپشۇراي مەن شاھلىق ۋە تەخت .
ھەممىسىن قوبۇل قىل خۇشال ، پەرزەنتۋار ،
دۇنيادا قالارسەن مەندىن سەن يادكار .
ئەمما ۋەتىنىمدە توختىماي كەتسەڭ ،
باشقىلار قارىشىدىن دىلىم يەرگە تەڭ .
ھەم بۇ تامان يولى قىيىندۇر ، دىشۋار ،
گەر باشچى بولمىسا پاك پەرۋەردىگار .
بۇ تەرەپكە ئۆتكەچ ، كۆرۈنمەس زېمىن ،
يولۇڭ توسۇپ تۇرار ئۇ دىيارى چىن .
تەڭرى ئۆزى ساڭا بولۇپ مېھرىبان ،
ئۇندا قىلىشىڭغا ئۇندەيدۇ ، ئىشەن .
سىپاھ ، شەھەر ، خەزىنە سېنىڭدۇر پۈتۈن ،
باھانە ئىزدىمە ، رەد ھەم ناماقۇل .
گەر ئەپلەشمەك بولساڭ پەدەرلىك بىلەن ،
ئۈزىتاي تاجۇ تەخت ، كەمىرىڭ بىلەن .
تۇراندىن ئىرانغا سىپاھ بىلەن بار ،
قەلبىم ئوت بوپ ، يولغا ئۈزىتاي تەكرار .
قاچانغىچە بوينىڭ ئاداۋەت ئىگەر ،
ئاتاڭ قېرى ، بۇ ئىش جېنىڭغا تېگەر .
ياشلىقتا بولسا ھەم ئوت ـ ئاتەش ، چەبدەس ،
ئاتمىش بەشتىن كېيىن ئوت ـ يالقۇنى پەس .
ئىراننىڭ سىپاھ ، تەخت ، باجى سېنىڭكى ،
ھەر ئىككى مەملىكەت تاجى سېنىڭكى .
شاھىدىم پاك تەڭرى ، قەسەم ئىچەي مەن ،
ئېزگۈلۈككە خىزمەت قىلار جان ۋە تەن .
ساڭا يامانلىقنى تىلىمەس دىلىم ،
خىيالغا كەلتۈرمەر بەتنىيەتنى كىم ! »
مەكتۇپ تامام بولدى ، بېسىلدى مۆھۈر ،
شاھ دېدى : « پاك نىيەت زەنگەنى چاقىر .

ئەلچىگە بېرىڭلار كىيىم ، كۈمۈش ـ زەر ،
بېلىگە باغلاڭلار ئالتۇندىن كەمەر .
ئات بېرىڭ شامالدىن تېز ، ئالتۇن يۈگەن ،
شامالدەك تېزلىكتە خەتنى ئېپ ئۇچسۇن . »
زەڭگە ئۇچۇپ كەتتى سىياۋۇش تامان ،
بېرىپ سۆزلەپ بەردى ھەممىنى پالۋان .
سىياۋۇش بىر ياقتىن بولدى بەكمۇ شاد ،
بىر ياقتىن ئەلەمدىن دىل قىلار پەرياد .
چۈنكى ، دۈشمىنىنى دوست ئاتىماق دەركار ،
ئاتەشتىن سالقىنلىق چىقمايدۇ زىنھار .
دۈشمەندىن دۈشمەنلىك بولىدۇ پەيدا ،
ھەرقانچە قىلساڭمۇ ئاڭا جان پىدا .

## سىياۋۇشنىڭ قوشۇنلارنى بەھرامغا تاپشۇرغانلىقى

ئاتىسىغا مەكتۇپ يېزىپ سىياۋۇش
ھەممە ئىشتىن خەۋەر ئەۋەتتى بەخۇش :
« مەن ياش چېغىمدىن بىلىپ ئەس ـ ھوشۇم ،
يامانلىقتىن قېچىش بولغانتى ئىشىم .
غەزەپ ئاتەشىدە ، ئەي شاھى جاھان ،
جان ـ دىلىم كۆيىدۇ ئاشكارا نىھان .
شەبىستانىڭ بولدى دىلىم زىندانى ،
يۈزلىرىمنى يۇدى كۆزلىرىم قانى .
سىتەمدە ئۆتكۈزدۈڭ ئاتەش تېغىدىن ،
كېيىكلەر يىغلىدى يۈرەك دېغىدىن .
بۇ ئۇيات ـ خورلۇقتىن بۇ جەڭگە كەلدىم ،
ئۆز ئايىغىم بىلەن زىندانغا كەلدىم .
ئىككى ۋەتەن سۈلھتىن خۇشال ، شاد بولدى ،
ئەمما شاھ يۈرىكى غەزەپكە تولدى .
بىرەر ئىشىم پايدا بەرمىدى ئەسلا ،
بىر بالادىن قاچسام ، يەنە بىر بالا .
ئىشىم يۈرۈشمىدى ، بولمىدى ئۈنۈم ،
بىر تۈگۈننى يەشسەم ، يەنە بىر تۈگۈن .
تىكەن كۆرۈنىمەن شاھىم جېنىغا ،
بۇنداق ھالدا بىئەپ قايتماق يېنىغا .
شادلىق كەتمىسۇن دىلىڭدىن بىردەم ،
ئەجدىھا كامىغا تاشلار مېنى غەم .
بىلمىدىم ، نېم بېرەر پەلەك كاج رەپتار ،
كەڭ ۋە مېھىر ئارا قانداق سىرلار بار ؟ »
ئاندىن بەھرامغا ئېيتتى : « قۇتلۇق ئايىغىڭ ،
جاھاندا شان تاپار پاكىزە نامىڭ .
ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم ، چېدىرۇ رەختىم ،
ھەممە بايلىق ، جايىم ، تاجىم ۋە تەختىم .
بايراق ۋە ناغرا ،پىل ، ئاتلىق ئەسكەر ،
باھادىر تۇس يېتىپ كەلسىلا ئەگەر ،
ساقلاپ ھەممىسىنى سەن ئاڭا تاپشۇر ،
سەگەك ۋە ھوشيار بول ، بەختلىك بول ، خەير . »
لەشكەردىن ئاجراتتى ئۈچ يۈزدەك كىشى ،
ھەممىسى چەۋەنداز ، باتۇرلۇق ئىشى .
قانغۇچە ئالدى دىنارۇ دىرھەم ،
گۆھەر ۋە شەھۋارۇ قىممەت تاشتىن ھەم .
يۈزچە تاللانغان ئات ، ئالتۇن يۈگىنى ،
يۈز زەر كەمەر غۇلام خىزمەت قىلغىلى .
بۇيرۇدى ، ئالدىغا قاتار تىزىلدى ،
يەنە ھېساب قىلدى ، ھەممە چىقىشتى .
ئاندىن خادىم ۋە قوشۇن ھەممىسىن توپلاپ ،
تەكەللۇپ سۆزلەرگە ئاستا ئېچىپ لەۋ :
« ـــ ئەفراسىياپ ، ـــ دېدى ئۇ تاشلاپ كۆز قىرىن ، ـــ
بىر ياقتا ئەۋەتمىش پىران باتۇرنى .
بىز ياقتا كېلەرمىش سوۋغاتلار بىلەن ،
ئۇ تەرەپ ئىشەنگەن شىرى شۇ ئىكەن .
مەن ئۇنى كۈتۈۋالاي ، بېرىپ ئېتىبار ،
سىلەر بۇندا قېلىپ ، تۇرۇڭلار ھوشيار .
قىلچە يۈز ئۆرۈمە ئۇنىڭ يۈزىدىن ،
ھېچقايسىڭ چىقمىغىن ئۇنىڭ سۆزىدىن . »
سىياۋۇش ئالدىدا ئېيتىپ ئاپىرىن ،
ھەممە پەھلىۋانلار سۆيۈشتى زېمىن .
پېتىپ كەتكەندە كەچتە قۇياش ، نۇر ،
ھەممە ياق قاراڭغۇ ، يەر ئويمان ، چوڭقۇر .
جەيھۇن ياقتا چۈشتى سىياۋۇش ئىزى ،
قان يىغلار ، كۆز ياشتىن كۆرۈنمەس يۈزى .
تېرمېزگە كەلگەندە كۆردى ئۆي ۋە تام ،
باھاردەك رەڭمۇ رەڭ ياسالغان تامام .
چاچقۇچە شۇنچىلىك تاقىغان بېزەك ،
دەيتتىڭكى ، كېلىن بۇ كىيگەن تاجۇ تەۋق .

هەر مەنزىلدە مولدۇر دائىم داستىخان ،
يېمەك ۋە ئىچمەكلىك ئەجەب پاراۋان .
شۇ زەيىل يەتكەندە قاچەر باشىغا :
« شۇ جايدا قونايلۇق » دەر يولداشىغا .
بۇ تەرەپتە بەلخكە يېتىپ كەلدى تۇس ،
يامان مىش – مىشلارغا تولدى ئەل – ئۇلۇس .
كاۋۇس شاھنىڭ پەخىرلىك شۇ يالغۇز ئوغلى
تۇران ياققا كەتتى ، كۆيەر يۈرىكى .
سىپاھلارنى يىغدى ، ھەممە تارتتى سەپ ،
ھەممىسىن قايتۇردى كەيكاۋۇس تەرەپ .
بۇنى ئاڭلاپ شاھنىڭ يۈزلىرى سامان ،
نالە قىلار ، يۈرەكتىن چىقار ئاھ – پىغان .
غەزەپتىن دىلدا ئوت ، كۆزدە ياش كاۋۇس ،
ئېزەر ئەفراسىياپ ، قىينار سىياۋۇش .
ئاخىر نېمە قىلار بۇ چاقى پەلەك ،
يا دوستلۇق كۆرستەر ، يا ئاداۋەت ، دېمەك .
كەك ۋە ئاداۋەتنى تاشلاپ بىر تامان ،
غوۋغانى ئېپسىدىن چىقاردى بىر زامان .
ئەلقىسسە ، خەۋەردار شاھ ئەفراسىياپ ،
سىياۋۇش سۇ كېچىپ كېلەرمىش شىتاب .
ئەسكەر بىلەن سۇدىن ئۇ ئۆتكەن ھامان ،
چاپارى كەتمىش شاھ دەرگاھى تامان .
شاھ پەرمانى : « كۆتۈڭ ، — دەر ، — چىقسۇن ئەسكەر ،
سەپكە تىزىلىشسۇن بار ناغرىچىلار .
تۇغقانۇ ئاغىنە مىڭلاپ يىغىلار ،
پىران باشلىق ، قولدا سوۋغا – سالاملار .
سىپاھ خوپ ياسانغان ، يىگىتلەر سەرخىل ،
ئالدىدا ئىككى جۈپ قەغەزدەك ئاق پىل .
بىرى ئېلىپ ماڭار ھاۋا رەڭلىك تەخت ،
كەينىدە بايرىقى بەئەينى دەرەخ .
بىنەپشە رەڭ ، ياغاچ ئۈچىدا زەر ئاي ،
زەربابتىن كىمخابتۇر رەڭگى بەكمۇ باي .
ئالتۇن تەخت يېنىدا زەردىن ئۈچ ئورۇن ،
يېپەككە ئورالغان ھەممە ياق پۈتۈن .
قىممەتلىك يۈزچە ئات ، ئېگەرلىرى زەر ،
ئالتۇنغا قادالغان ياقۇت ۋە گۆھەر .
سىپاھنىڭ شەۋكىتى ئاسماندەك بەلەن ،
يەر يۈزىن قۇياشتەك قىلاتتى روشەن .
سىياۋۇش ئۇلاردىن تېپىپ تېز خەۋەر ،
ئىستىقبالغا چىقتى ، قوشۇنغا سەرۋەر .
پىران بايرىقنى كۆرۈشى ھامان ،
پىل ، ئاتلار تىۋىشىن سەزگەنلا ھامان ،
ئاتتىن چۈشۈپ ئاچتى پىرانغا قۇچاق ،
شەھرىيار ھەققىدە باشلىدى سوراق .
ۋە دېدى : « ئەي باتۇر ، سىپاھ سەرۋەرى ،
يول ئازابى چېكىپ كېلىپسەن بېرى .
قەلب ئارزۇسى ئىدى سېنى ساق كۆرمەك ،
سالامەت ئۇچراشماق ، يېنىڭدا تۇرماق . »
پىران سۆيەر ئىدى يۈزۈ كۆزىنى ،
چىڭ قۇچاقلاپ ئۇنىڭ ئۆزىنى .
دەيتتى ئۇ : « جاھاننىڭ ئىسسىق – سوغۇقىن
تېتىپ كۆرۈپ ، بىلدىڭ ئوچۇق – يېپىقىن .
مەن بۇنداق ئىش كۆرسەم چۈشۈمدە ھەتتا
بەختىمدىن ياشىرىپ ، تاپاتتىم ساپا .
سېنى كۆرگىنىمگە ساق ۋە سالامەت ،
تەڭرىگە شۈكۈرلەر قىلدىم نەچچە رەت .
ئەفراسىياپ — ئاتاڭ ، ۋەتەن بەتامام ،
سېنىڭكى ، خادىملار ھەممىسى غۇلام .
بۇندا ئېسىل زاتلار مىڭدىن ئارتۇق بار ،
ھەممىسى بەل باغلاپ ئەمرىڭگە تەييار .
پۈتۈن بايلىقىمىز يولۇڭغا نىسار ،
ساڭا ئەبەدىي بەخت ، ساقلىق بولسۇن يار .
تىلىكىڭگە يەتمەي ، توختىما ھېچ چاغ ،
قۇل بولسۇن ساڭا ئەر – ئاياللار ھەر چاغ .
ئەگەر قوبۇل قىلساڭ ئاق بېشىم بىلەن ،
خىزمىتىڭگە كەمەر باغلاي راستلىق بىلەن . »
ئىككىسى شاد ، قۇۋناق كېتىشتى ھەمدەم ،
قىزىپ كەتتى يولدا سۆھبەتلىرى ھەم .
ھەر ياقتا ياڭرايدۇ راۋاب ۋە چالغۇ ،
ھېچكىمنىڭ كۆزىگە كەلمەيدۇ ئۇيقۇ .
ئېپار ھىدىنى تارقىتار زېمىن ، سەماۋات ،
چىقارمىش ئەرەب ئاتلىرى قوش قانات .
سىياۋۇش بۇلارغا باقتى بىمادار ،
ئاچچىقتىن ، ئەلەمدىن كۆزدىن ياش ئاقار .
زابۇلستاندىكى چاغلىرىن ئەسلەر ،
قېنى كابۇلستان ، قېنى شاد دەملەر ؟
پىلتەن ھوزۇرىدا مېھمان بولغىنى ؟
باتۇرلار بىلەن بىر تەن ، بىر جان بولغىنى ؟

كۆپ چاچقان ئىدىغۇ ئالتۇن ۋە گۆھەر ،
كۆپ سەپكەن ئىدىغۇ مۇشك بىلەن ئەنبەر .
ھەممە ئىران شەھرىنى ياد قىلاي ياد ،
بىر ئاھ ئۇردى ، ئاھى مىسلى سوغۇق باد .
ئىران دېسە ئوت كېتەر پۈتۈن تېنىگە ،
گويا تېنىگە يېقىلغاندەك سەرەڭگە .
پىراندىن يوشۇرۇپ يۈرەر يۈزىنى ،
سىپاھدار سېزىدۇ ئەلەم ئىزىنى .
چۈشىنەر دىلدا ۋەتەن تەشۋىشى ،
شۇنىڭ ئۈچۈن لېۋىگە پاتار چىشى .
قاچەر بېشىدا چۈشتى ئۇ ئاتتىن ،
ئارام ، راھەت ئېلىپ شېرىن سۆھبەتتىن .
پىران قارار ئۇنىڭ ئاي دىدارىغا ،
كۈپتى ، شىر سىياقى ، گوپتارىغا .
ئۇنىڭ كامالىغا باقار ئۇ ھەيران ،
كۆڭلىدىن ئۆتەتتى : « ياراتقان يەزدان ! »
ئاڭا دېدى : « ئەي داڭلىق شەھرىيار ،
جاھان شاھلىرىدىن سەن ئۆزۈڭ يادىكار .
ئۈچ خۇسۇسىيەتكى ، بارى سەندە جەم ،
بۇلار يوق شاھلارنىڭ بىرىدىمۇ ھەم .
بىرى شۇكى ، ئاشۇ ئۇلۇغ كەيقۇباد
تۇخۇمىدىن ئىكەنسەن ، ئۇ ساڭا ئەجداد .
ئىككىنچىسى ، راستلىق زۇۋانىڭغا يار ،
سېنىڭ راست سۆزۈڭدە گۈزەللىك بىسيار .
ئۈچىنچى ، سۆزلىگەن چېغىڭدا پەقەت
ئالەمگە تارقىلار مېھرۇ مۇھەببەت . »
سىياۋۇشمۇ ئاڭا جاۋابىدا دەر :
« ئەي پاكىز ئاقساقال ، ئەي راست سۆزلۈك ئەر ،
جاھانغا مەشھۇردۇر سەندىكى ۋاپا ،
سەندىن يىراق مىكرۇ ھىيلەيۇ جاپا .
بۈگۈن قىلىدىكەنسەن ماڭا ئەھد ـ پەيمان ،
بىلىمەن ، بۇزۇلماس بۇ ئەھد ھېچقاچان .
بۈگۈن تاللايمەن شۇ يەردىن ئارامگاھ ،
سېنىڭ مېھرىڭ بىلەن ، ئايا نىكخاھ .
بۇ ئىش ئاقىۋىتى يامانلىق بولماس ،
پۇشايماندىن ئاخىر كۆز ياشقا تولماس .

گەر بۇنداق بولمىسا ئۆتكۈزۈۋەتكىن ،
باشقا دىيار يولىنى كۆرسىتىۋەتكىن . »
« بۇنداق خىياللاردىن قايت ، ـــ دېدى پىران ، ـــ
سەندىن خالىي قالدى بۇ كۈنى ئىران .
مېھىر كۆرسەتەركەن شاھ ئەفراسىياپ ،
ئۇندىن يۈز ئۆرۈمە ، قىلمىغىن شىتاب .
يامان دەپ تارقىلار دۇنياغا نامى ،
ئەمما مەرد ئىشەنمەس ياخشىلىق كامى .
ئەقىل ۋە ھوش ئاڭا يار ، شان ـ شۆھرىتى بار ،
كاززاپلىق قىلمايدۇ بىكاردىن ـ بىكار .
مەن ئاڭا قېرىنداش ، تۇغقان ، بۇرادەر ،
ھەم پەھلىۋانىمەن ، ھەمدە سەرەسكەر .
ئابرويۇم ، مەرتىۋەم ئۇلۇغدۇر ـ ئۇلۇغ ،
خەزىنەم ، بايلىقىم ، ئەسكىرىم تولۇق .
بۇ يەرنىڭ ئۆزىدە يۈزمىڭ نەيزىدار ،
ئاتلىق ئەسكەر تۇرار پەرمانغا تەييار .
ئۇندىن ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق ماڭا نەق ،
تۈنۈگۈن ئالدىمدا تۇرار تەقمۇ تەق .
چېگرىسىز يەر ـ سۇ ، ھېسابسىز مال ، ئات ،
ھەم قورال ـ ياراغلار ، ئارقان ۋە پولات .
يەنە قانچە مېنىڭ گەنجى نىھانىم ،
ھېچكىمگە ئېگىلمەس بۇ تىك قامىتىم .
ساڭا قۇربان ھەممە ، بۇ بايلىق ـ ھەشەم ،
ئەگەر بىزدە قالسا بولغۇڭ شاد ـ خۇرام .
قوبۇل قىلىپ ئېلىپ سېنى پاك تەگرىمدىن ،
سېنى سۆيۈپ قالدىم يۈرەك ـ باغرىمدىن .
ھېچكىمدىن يامانلىق كۆرمىگىن ھەر چاغ ،
كىم بىلەر ، نې ئىستەر بۇ چەرخى پەلەك . »
بۇ سۆزدىن سىياۋۇش بولدى خۇشال ـ شاد ،
خىيال ، ئەندىشىدىن دىل بولدى ئازاد ،
ئىككىسى ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشەر ،
سىياۋۇش ئوغۇلدەك ، پىران نەق پەدەر .
يەنە شادۇ خەندان بولۇشۇپ راۋان ،
ھېچ يەردە توختىماي ، ئېشىپ كۆپ داۋان .
گەڭدىج تامان مىسلى شامال مېڭىشتى ،
ئۆلكە مەركىزىگە كىرىپ بېرىشتى .

## سىياۋۇشنىڭ ئەفراسىياپ بىلەن ئۇچراشقانلىقى

سىياۋۇشنىڭ كەلگىنىنى ئەفراسىياپ
ئاڭلاپ تەختىدىن ئۇ چۈشتى ئالدىراپ .
كوچىغا يۈگۈرۈپ ئۆزى پىيادە ،
قارشى ئالدى ، ھۆرمەت ھەددىدىن زىيادە .
سىياۋۇشمۇ كۆرۈپ ئۇنى پىيادە ،
ئاتتىن چۈشۈپ ، چاققان يۈردى ئازادە .
بىر ـ بىرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئالدى ،
يۈز ـ كۆزىن سۆيۈشۈپ ، باغرىنى ياقتى .
ئاندىن ئەفراسىياپ دىر : « تۈگەيدۇ قايغۇ ،
يامانلىقنى ئەمدى باسىدۇ ئۇيقۇ .
ئەمدى كۆتۈرۈلمەس نە ئۇرۇش ، نە جەڭ ،
يايلاقتا بىر كىيەر ئاھۇ ۋە پەلەڭ .
تۆردىن باشلانغانتى بۇ غوۋغا ـ تەشۋىش ،
ئالەم ئەھلىن بىزار قىلدى بۇ ئۇرۇش .
ئىككى ۋەتەن جەڭدە ، قايغۇ بىساناق ،
جاھان دىلى سۇلھ ـ ياراشتىن يىراق .
ساڭا رام بولغۇسى زامانە بۇ كۈن ،
تىنچلىق ھۆكۈم سۈرەر ، ئەمدى ئاقماس خۇن .
بۇ گۈن تۇران ئەھلى قۇلۇڭدۇر سادىق ،
پۈتۈن دىللار سىنىڭ مىھرىڭگە تولۇق .
خىزمىتىڭگە ھازىر قىرى تەن ۋە باش ،
سىپاھدار پىران ھەم ساڭا قىرىنداش .
ئاتىلارچە مىھرىم ، سۆزۈم سىنىڭكى ،
كۆلەر چىھرە ، ئوچۇق يۈزۈم سىنىڭكى ! »
سادىق دىلدىن ئۇنى ئاڭلار شاھزادە ،
دەيدۇ : « بەختلىك بولسۇن بۇندىن زىيادە !
شۈكرانە ئىيتايلى تەڭرىگە بۇ دەم ،
ئۇرۇش ـ جەڭ شۇنىڭدىن ، شۇنىڭدىن سۇلھ ھەم . »
شاھ ئېلىپ سىياۋۇش قولىنى قولغا ،
ئۇلۇغلۇق ، تەخت تامان باشلىدى يولغا .
سىياۋۇش يۈزىگە سىلىپ ئۇ نەزەر ،
دىر : « بۇنداقنى ئالەم كۆرمىگەي دىگەر .
بۇنداق چىراي ، قامەت ئوخشاش كەمدىن كەم ،
يۈزى پارلاق ، تەڭرى ياغدۇرار كەرەم . »
پىرانغا قاراپ دىر : « بۇ ئىش بولماپتۇ ،
كاۋۇس قىرىسمۇ ئەقلى تولماپتۇ .
ئۆرۈسە يۈزىنى شۇنداق ئوغۇلدىن ،
باتۇر ، ساداقەتلىك ، ھۈنەرۋەن قۇلدىن .
سىياۋۇش دىدارىن كۆرگىنىم ھامان ،
كەيكاۋۇس ئىشىغا بولدۇم كۆپ ھەيران .
شۇنداق ئوغۇل ئاتا قىلسا گەر يەزدان ،
باشقىغا كۆز تىككەن نائەھلى ، نادان ! »
ئاندىن سارايلاردىن تاللىدى بىرسىن ،
بىزەتتى ئىشلىتىپ گۆھەر ۋە ئالتۇن .
تۆرگە ئورناتقۇزدى تىللا قاشلىق تەخت ،
تۆت پۇتى ھەممىسى ئۆكۈز باشلىق تەخت .
چىن شايىسى ئۇ باشتىن بۇ بىشى ،
باشلىدى ھەر ياقتىن تۈرلۈك چالغۇچى .
ئاندىن سىياۋۇشنى باشلىدى ئاڭا ،
بەخت تىلەپ ، چاقىردى مۇتىۋەر چايغا .
سىياۋۇش كىرگەندە ئالىي ئايۋانغا ،
ئايۋان تورۇسى يەتتى گويا ئاسمانغا .
كىلىپ ئولتۇرغاندا تەخت ئۆزرە بەلەند ،
دىلىنى خۇش خىياللار قىلغانىدى بەند .
ئەفراسىياپ سالدۇردى تۆكمە داستىخان ،
سىياۋۇشنى باشلاپ كەلدى ساھىبخان .
ھەر تەرەپتىن قىزىپ كەتتى سۆھبەت ،
ھەممىسى خۇشالۇ ، جانىجان ئۇلپەت .
« قىنى داستىخانغا ! » دەيتتى ـ ئەفراسىياپ ،
قەدەھلەر لىپمۇلىپ ، لىپىلدار شاراب .
ئولتۇرار سەردار قوللىرىدا مەي ،
يېقىملىق كۈي ياڭرىتار راۋاب ، ئۇد ، نەي .
ئىچىشتى تا جاھان بولغۇچە خىرە ،
باشلىرىدا ئەس ـ ھوش قالمىدى بىزە .
سىياۋۇش سارايغا ياندى مەستۇ شاد ،
مەستلىكتە ئىراننى ھىچبىر ئەتمەس ياد .
پىدا قىلار جانۇدىل ئەفراسىياپ ،
ئۇنىڭ خىيالىغا كۆزگە كىرمەس خاب .
بەزمىدىكىلەرنى چىللىغانىدا شاھ ،
شىدە يىتىپ كەلدى ، پەھلىۋان نىكخاھ .
شىدەگە شۇنداق دىدى ئەفراسىياپ :
« پالۋان ، تۇغقانلاردىن قىلغىن ئىنتىخاب ،
سىياۋۇش ئۇيقۇدىن تۇرۇشى بىلەن ،
سارايدا ھازىر بولسۇن ئەنجۇمەن .
كىلىشسۇن سوۋغىلار غۇلاملار بىلەن ،
قىممەتلىك ئات ـ ئۇلاغ ، ئىنئاملار بىلەن .

مېهمان ھۇزۇرىدا تۇرۇڭ سەراسەر،
ئۇنىڭ ماختىشىغا بولۇڭ مۇيەسسەر.
لەشكەرنىڭ ھەربىرى ئىنئام كەلتۈرسۇن،
دىنارۇ گۆھەر ۋە تائام كەلتۈرسۇن.»

شۇنداق سوۋغىلارنى يىغىپ قويۇشتى،
مېهمان رۇخسارىغا قاراپ قويۇشتى.
شاھمۇ ئەۋەتتى كۆپ سوۋغا ـ سالام،
شۇنداق ھەپتە ئۆتتى خۇلاسى كالام.

## سىياۋۇشنىڭ ئەفراسىياپ ھۇزۇرىدا ئۆز ھۈنىرىنى نامايىش قىلغانلىقى

بىر كەچ سىياۋۇشقا شاھ دېدى: «ئەتە،
تاڭ ئېتىشى بىلەنلا چىقىپ بىللە،
چەۋگەن ئويناپ دىلنى شادىمان قىلايلى،
ئات قويۇپ مەيداندا جەۋلان قىلايلى.
كۆپلەردىن ئاڭلىدىم چەۋگىنىڭ سېنىڭ،
ئاتلىقلارنى قىستار مەيدانىڭ سېنىڭ.»
ئاڭا دېدى: «ئەي شاھ، كۆرمە يامانلىق،
پۈتۈن ئۆمرۈڭ بولسۇن شادلىق ـ ئامانلىق.
ھەممە ھۈنەرلەرنىڭ ئۇستازى ئۆزۈڭ،
ھەممە باھادىرلار سىردىشى ئۆزۈڭ.
مېنىڭ كۆزۈم روشەن سېنىڭ يۈزۈڭدىن،
قانداقچە يامانلىق ئىزدەي ئۆزۈڭدىن.»
ئاڭا ئەفراسىياپ دېدى: «ئەي ئوغۇل،
ھەمىشە خۇشال يۈر، زەپەر تاپ نوقۇل.
شاھىنشاھ پەرزەنتى، سەن تەخت بېزىكى،
سەن شاھنىڭ ئەۋلادى، شەۋكەت نېگىزى.»
سەھەردە كۆپ پالۋان چىقتى مەيدانغا:
ھەممىسى شادۇ خەندان چىقتى مەيدانغا.
تۇران شاھى دېدى: «تاللايلۇق مەيدان،
بۇ تەرەپ سەن بولساڭ، ماڭا ئۇ تامان.
ئۆزۈڭگە شېرىكلەر تاللاپ ئال، سەن باش،
مەن ئۇ تەرەپتە باش، تاللايلۇق يولداش.»
سىياۋۇش ئاڭا دەر: «ئەي شەھرىيار،
سەن تۇرغاندا، ماڭا يول بولماس زىنهار.
چەۋگەندە باراۋەر كەلمەسمەن ساڭا،
سەن تەرەپتە بولاي، رۇخسەت قىل ماڭا.
مەن سېنىڭ ھەمراھىڭ، ھەمكارىڭ بولاي،
سېنىڭ مەيدانىڭدا سۇۋارىڭ بولاي.»
شاھ ئۇنىڭ سۆزىدىن بولدى شاد ـ خەندان،
ئەمما ئەمدى ئۇنىڭ سۆزلىرى پەرمان:
«كاۋۇس بېشى ھەققى، — دەر ئاڭا بېقىپ، —
پەقەت سەنسەن ماڭا باراۋەر رەقىب.

مەردلەر ھۇزۇرىدا ھۈنىرىڭ كۆرسەت،
مېنى يەر قىلما، قۇچ شانۇ شەۋكەت.
سېنى ئالقىشلايدۇ مەردى مەيدانىم،
ئېچىلىپ كېتىدۇ دىلى خەندانىم.»
سىياۋۇش ئاڭا دەر: «پەرمان سېنىڭكى،
چەۋەندازۇ مەيدان، چەۋگەن سېنىڭكى.»
شاھ ئۆزىگە تاللاپ ئالدى گۇلبادنى،
گەرسىۋەز ھەم جاھنى يەنە پۇلادنى.
مۇشتلاشچى نەستىھەن ھەمدە پىراننى،
دېڭىزدىن توپ ئالار چاققان ھۇماننى.
سىياۋۇش تەرەپكە شىدە ۋە رۇيىن،
ئېتى تۇيىغىدىن تىترەيدۇ زېمىن.
يەنە ئەندەرىمان، خوپ چەۋەنداز ئەر،
پىلنى تىز چۆكتۈرەر ئەرجەس باتۇر شىر.
سىياۋۇش شاھقا دەر: «بارسەن مەيداندا،
بۇلاردىن قاي بىرى تېگەر چەۋگەنگە؟
ھەممە ساڭا ھەمدەم، بۇندا مەن تەنها،
شېرىكلىرىم مەندىن، مەن ئۇندىن جۇدا.
ئەگەر پەرمان بولسا، ئىرانلىق چېرىك
ئىچىدىن تاللىسام ئۆزۈمگە شېرىك.
مەن تەرەپتە قەتئىي مەيدان قىلىشسا،
قائىدىگە ئاساسەن جەۋلان قىلىشسا.»
شاھ ئۇندىن ئاڭلاپ ئادىل سۆزىنى،
رازىلىق بىلدۈرۈپ بۇرىدى يۈزىنى.
سىياۋۇش تاللىدى يەتتە كىشىنى،
كۈرەشكە لايىق دەپ قاراپ ئىشىنى.
دۇمباقلار ئاۋازى ياڭرار مەيداندا،
ئاتلار ئوينار، تۇياق چېكى ئاسماندا.
ناغرا ۋە كانايلار تارقىتار سادا،
مەيدان لەرزىگە كەلگەندەك گويا.
شاھ توپقا ئەڭ ئاۋۋال چەۋگەننى سالدى،
توپ بۇلۇت ئىچىدە كۆرۈنمەي قالدى.

شاھزادە ئۇرۇندى ئوخشاپ نەق شىرغا ،
توپ چۈشەر جايىدا تەگمەيدۇ يەرگە .
چەۋگەن ئۇرار ، يۈگەن تارتماي ، ئاجايىپ ،
توپ بولۇر پۈتۈنلەي نەزەردىن غايىپ .
شۇندا شاھنىڭ ئەمرى ياڭرىدى شاد ، خوپ :
« شاھزادىگە يېڭىدىن بېرىڭلار توپ ! »
سىياۋۇش توپنى ئالدى ــ دە ، سۆيدى ،
ناغرا ئاۋازى شۇئان ياڭرىدى .
باشقا ئاتقا مىنىپ ، ئۆتۈپ قاق چۆلدىن ،
شاھزادە تاشلىدى توپنى قولىدىن .
ئاندىن چەۋگەن بىلەن ئۇرغان زەربىدىن
توپ چىقىپ ئۇچراشتى كۆكتە ئاي بىلەن .
توپ يەنە يوقىدى ، كۆرۈنمەي قالدى ،
گويا ئاسمان ئۆزىگە تارتىپ ئالدى .
مەيداندا ئۇنىڭدەك ئىنسان يوق ئىدى ،
ئۇنىڭدەك چەبەرىسى خەندان يوق ئىدى .
بۇ توپتىن سۆيۈندى ئەفراسىياپ ھەم ،
كۆزلىرى ئېچىلىپ غەپلەتتىن بىر دەم .
بىر ئېغىزدىن دەيتتى : « بۇنداقنى زىنھار
كۆرمىگەن ئىدىنغۇ ، بۇ قانداق داڭدار؟! »
شاھ دېدى : « كىمكىم ھەق ئىنايىتى
يۇقسا ، شۇنداق بولۇر قۇدرەت ، قامىتى .
بۇندىكى گۈزەللىك ، ھىممەت ، كۈچ ــ قۇۋۋەت ،
ھەر قانداق مىش ــ مىشتىن ئارتۇقراق قەۋەت . »
بىر تەرەپكە قويۇپ تەختى بىباھا ،
تەخت ئۆزرە بېرىپ ئولتۇردى پادىشاھ .
ئاندىن لەشكەرگە دەر شەرەپلىك سۇلتان :
« ئەمدى سىزنىڭكىدۇ مەيدان ۋە چەۋگەن ! »
باشلاندى ئىككىلا ئەسكەر ئويۇنى ،
قۇياشقىچە چىقتى توزان ، قويۇنى .
گاھ ئۇ تەرەپ ئۈستۈن ، گاھى بۇ تەرەپ ،
توپنى ئۇرار ئىدى بۇلۇتقا قاراپ .
مانا ئىرانلىقلار قولىدا كالتەك ،
تۈركلەر ئالالماي بولۇشار غەمناك .
بۇ ھالدىن بىئارام بولۇپ سىياۋۇش ،
پەھلەۋىچە ئاستا چىقاردى تاۋۇش :
« ئويۇن مەيدانىمۇ ياكى يىغا ــ زار ؟
ياكى ئۇنتۇلدىمۇ پاك پەرۋەردىگار ؟
يول قويۇڭ ، قىزىما ، مۇنداق بارغانچە ،
تۈركلەرگە ھەم توپ بېرىڭلار بىزە ! »
ئەسكەرلەر بوشاتتى ئاتلار تىزگىنىن ،
ئاندىن تېزلەتمىدى ئاتلار ھەركىتىن .
مانا تۈرك چەۋگىنى توپقا يەتتى ،
تۈركلەر بېشى ئاسمان ــ پەلەككە يەتتى .
شاھقا يەتكەندە شادلىق خەۋىرى ،
سىياۋۇس ئېيتقانىنى تازا چۈشەندى .
ئاندىن تۇران شاھى مۇنداق سۆز قىلدى :
« ماڭا بىر خەۋەردار سۆزلىگەن ئىدى .
سىياۋۇس كۆكرەكتە ، بەستى قامەتتە ،
كامان تارتىشتا تېڭى يوق ئۆلكىدە »
سىياۋۇش بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھامان ،
يېنىدىن چىقاردى شاھانە كامان .
سەردار جەزم قىلدى سىناپ كۆرۈشكە ،
ئۇنى ئەگمەك بولۇپ كىرىشتى ئىشقا .
ئەمما ئۇنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ قالدى ،
ئاپىرىنلار ئوقۇپ ، ھەيرەتتە قالدى .
نەيزىچى گەرسىۋەز قولىغا بەردى :
« قېنى ، ئېگىپ قارىغا ئېلىپ كۆر » دېدى .
قانچە كۈچىسىمۇ ئېگىلمەس كامان ،
جىلى بولۇر ئىدى بۇندىن ئۇ پالۋان .
شاھ ئېلىپ ھەممە كۈچىن ئىشقا سالدى ،
تىزلىنىپ ، كامانىنى بىر ئىزغا سالدى .
سىياۋۇشقا دېدى خۇرسەن بولۇپ شاھ :
« ئوق ئاتساڭ ، نىشانىڭ ئاسماندىكى ماھ .
ياش چېغىم مېنىڭ شۇنداق كامانىم ،
بولدىغۇ ئەمدى باشقا زامانىم .
ئىران ، تۇراندا بۇنداق كامانىنى
ھېچكىم تارتالمايدۇ ئۇرۇش زامانى .
بۇ كامان سىياۋۇش بىلىكىگە خاس ،
پەقەت سىياۋۇشنىڭ ئېگىرىگە ماس . »
ئاتچاپار مەيدان چېتىگە قويىدى نىشان ،
سىياۋۇش ئالدىغا چۈشەلمەس ئىنسان .
ئۇچقۇر ئاتقا مىنىپ ، دېۋىتەر پالۋان ،
سالغان چۇقىنىدىن چىقىدۇ بوران .
بىر ئوق بىلەن نىشان مەركىزىن ئالدى ،
مەغرۇر مەرگەنلەر ھاڭۋېقىپ قالدى .
تۆت دانە ئوق ئالدى ئىككىنچى نۆۋەت ،
چەرخ ئۇرۇپ ، مەيدانىنى قىلىپ نازارەت .

توختىماي كامانغا ئوقنى جايلىدى ،
نىشان ياقىقا ئاتنى توغرا بۇرىدى .
ئوقى قولىدا تىزگىن ، كامانىن ئەگدى ،
بۇ قېتىم ئوقمۇ نىشانغا تەگدى .
ئاندىن ئۇ كامانىن مۈرىگە ئېسىپ ،
شاھ يېنىغا كەلدى بىر ــ بىرلەپ بېسىپ .
ئاتتىن چۈشكەندە شاھ تۇردى ئورنىدىن ،
دىر : « زاتىڭ ئاقلىدىڭ ھۈنىرىڭ بىلەن ! »
سارايغا مېڭىشتى شادان بولۇشۇپ ،
سۆزلىرى ماسلىشىپ ، خەندان بولۇشۇپ .
ئولتۇرۇشار ، بەزمە قىزار ، مەي ، چالغۇ ،
قوشاقچى ، ئۇسسۇلچى ، قىزىقچى ، كۈلكۈ .
سىياۋۇش شەنىگە قەدەھ دەممۇ دەم ،
خۇشاللىق ئاتا قىلار ھەممىسىگە ھەم .
سىياۋۇشقا تارتۇق قىلدى شاھ سوۋغا :
ئات ، ئېگەر ، تەخت ، كۇلاھ ۋە زەرلىك سەرپا .
كىيىملىككە كىمخاب ، شايى مۇھەييا ،
جاھاندا ھېچ كىشى كۆرمىگەن ماتا .
يانچۇقلار لىقمۇلىق دىنارۇ دىرھەم ،
ياقۇتۇ ۋە گۆھەرگە ئوخشاشلار بار ھەم .
نەچچە كېنىزەك ۋە قانچىلىك غۇلام ،
كۆز يېغىنى يەر دۇر تولغان بىر جام .
پەرمان بەردى : « كىمدە دۆلەت ، بايلىق بار ،
سىياۋۇشقا سوۋغا بېرىش بەرقارار .
كىمنىڭكى تۇراندا بار قېرىنداشى ،
ئاتىغا مېھرىباندۇر قېرى ھەم يېشى . »
ئەمر قىلدى : ھەر كىم بىر سوۋغا قىلسۇن ،
داستىخان سالسۇن ، بىللە ئولتۇرسۇن .
ئاندىن لەشكىرىگە ئەمر قىلدى سۇلتان :
« سىز پادا بولسىڭىز ، ئۇ سىزگە چوپان ! »

## ئەفراسىياپ بىلەن سىياۋۇشنىڭ ئوۋغا چىققانلىقى

ئاندىن شاھزادىگە شۇنداق دىر سۇلتان :
« بىر كۈن ئوۋغا چىقىپ قىلايلى جەۋلان .
روھىمىزنى شادۇ خۇرام قىلايلى ،
ئوۋ ئوۋلاپ كۆڭۈلنى بىغەم قىلايلى .
ئاتا دىر : « ھەر قاچان توسسا كۆڭۈل ،
قايسىسىنى تىلىڭ كۆرەركىن ماقۇل . »
بىر كۈن يول يۈرۈشتى ، قولدا بۈركۈتى ،
ئوۋ ئوۋلاشقا بارار كەينىدە ئىتى .
ئەتراپتا باراتتى ھەر تۈرلۈك چېرىك ،
ئىرانۇ تۇرانلىق سىپاھلار شېرىك .
سىياۋۇش ئالدىدىن چىقتى بىر قۇلان ،
ئۇنى قوغلىدى ئۇ مىسالى بوزان ،
تىزگىن قويۇپ بەردى ، ئۈزەڭگە ئېغىر ،
دۆڭ ۋە يارلىقلاردىن ئۆتىدۇ غىر ــ غىر .
قىلىچ بىلەن ئۇنى كۆپ پارچە قىلمىش ،
قولى تارازىدۇر ، قۇلان نەق كۈمۈش .
تېرىقچە ئېغىرلىق قىلماس بىر تامان ،
پۈتۈن لەشكەر ھەيران ، پادىشاھ ھەيران .
بىر ئېغىزدىن ئېيتار ئاپىرىن سەرباز ،
باتۇر سەرەپراز ، باتۇر قىلىچۋاز .
شۇۋ ــ شۇۋ كۆتۈرۈلدى ئەسكەرلەر ئارا :
ئىراندىن كەلدىمۇ باشقا بىر بالا .
باھادىرلىرىمىز ئۇياتقا قالدى ،
شاھىمىز ئەمدى نې ئاتاققا قالدى ؟ . . . »
شاھزادە جىراغا ، چۆل ــ تاغقا چاپتى ،
پاناھتىن ئوۋ تاپتى ، ئوچۇقتىن تاپتى .
ئۆلجىسىن توپلىدى ھەر جاي ، ھەر جايدا ،
قوشۇن تۆگىتەلمەس يېسە بىر ئايدا .
ئاندىن شىكارگاھتىن شاھ سارىيى تامان
ھەممە قايتىپ كەلدى ، خۇشال ۋە شادان .
ئەمدى شاھ كۆڭلىدە شادلىقۇ ئەلەم ،
پەقەت سىياۋۇشلا بولاتتى ھەمدەم .
جەھنۇ گەرسىۋەزنى ياد ئەتمەس بولدى ،
ئۆزگە بىلەن دىلنى شاد ئەتمەس بولدى .
ئۇ بىلەن سۆھبەتتە كېچە ــ كۈندۈزى ،
دىدارىدىن يورۇق كۆڭۈل يۇلتۇزى .
شۇنداق ئۆتتى ئارىدىن بىر يىل ،
غەم ــ شادلىقتا بىللە ئاتايۇ ئوغۇل .

بىر كۈنى پىران سىياۋۇش بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ . ئۇ بۇ يەردە يالغۇزسىراپ قېلىۋاتقانلىقىنى ، ئىران-

دىن كۆڭۈل ئۈزەلمەيۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆيلەنمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ .

سىياۋۇشقا تەكلىپ قىلىنغان قىزلاردىن پىران قىزى جەرىرە ياراپ ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ ، ئاندىن شاھ قىزى فەرەنگىسنىمۇ ئالىدۇ .

ئەفراسىياپ سىياۋۇشقا ئۆز ئۆلكىسىدىن بىر قىسمىنى تەقدىم قىلىدۇ . سىياۋۇش ئەمدى ئىرانغا قايتمايمەن ، شاھ كاۋۇسنىمۇ ، باھادىر رۇستەمنىمۇ ، گېۋنىمۇ ، شاپۇرنىمۇ ، بەھرامنىمۇ كۆرمەيمەن ، ئەمدى تۇراندا يىلتىز تارتىشىم كېرەك دەپ ئويلايدۇ .

## سىياۋۇشنىڭ گەنگ قەلئەسىنى قۇرغانلىقى

داستان دەرۋازىسىن ئاچاي باشقىدىن ،
يېڭىدىن باشلايمەن قەدىمىي سۆزدىن .
سىياۋۇش گەنگدىن سۆزنى باشلايمەن ،
قەدىمىي رىۋايەتنى تىزىپ تاشلايمەن .
تەڭرىگە مىڭ شۇكۇر ، جاھان ياراتقان ،
بارلىقنى ئاشكارۇ نىھان ياراتقان .
جاھاندا نېمە بار ، ئىگىسى خۇدا ،
ھەممە جانلىق جۇپ ــ جۇپ ، ئۇ ئۆزى تەنھا .
پەيغەمبەرگە دىلدىن مىڭ ــ مىڭ شۇكۇر ،
يارانلارغىمۇ ھەم شۇكۇر بىرمۇ بىر .
بۇ دۇنيادىن كەتتى نى ــ نى مەرد ئادەم ،
مەڭگۈلۈك لاپنى ئۇرمىغىن سەن ھەم .
قېنى ، شاھىنشاھلار بېشى قاياقتا ؟
ئۇلۇغلار قېرىسى ، يېشى قاياقتا ؟
نەدە ئۇ ھېكىملەر ، دانالار قېنى ؟
دىلدىن بىلىمگە شەيدالار قېنى ؟
ناز ، ھايا ئىگىسى گۈزەللەر قېنى ؟
سۆزى بار ، ئاۋازى غەزەللەر قېنى ؟
تاغ ۋە تاشلار ئارا قاچقانلار قېنى ؟
ئارام ، شۆھرەت ــ شاندىن كەچكەنلەر قېنى ؟
غۇرۇردىن كۆكرىكى ئاسمانلار قېنى ؟
شىر بىلەن جەڭ قىلغان پالۋانلار قېنى ؟
ھەممىنىڭ جايى تۇپراق ، ياستۇقلىرى خىش ،
ياخشىدۇر ياخشىلىق ئۇرۇقىن تېرىش .
تۇپراقتىن چىقىپ بىز بولىمىز تۇپراق ،
لازىم يامانلىقتىن چۆچۈپرەك تۇرماق .
سەن كېتىسەن ، قالار بۇ دۇنيا ئەبەد ،
سىرىن چۈشىنىشكە بارمۇ سەندە ھەد ؟
جاھان باشتىن ــ ئاياغ ھېكمەتقۇ ھېكمەت ،
نېچۈن غەپلەت بولمىش بىزلەرگە قىسمەت .
ياش ئاتمىش ئالتىدە ، ئىزدە چارەڭنى ،
دۇنيا ئاز ــ كۆپىدىن يۈزۈڭنى ئۆرى .
ھەمراھلىرىڭ بىر ــ بىرگە كەتكەندە سەن ھەم ،
ئەبەدىي قېلىشنى ئويلىما ھېچ ھەم .
بۇ سۆزلەرگە ئەگەر بولسا شەك ــ گۇمان ،
ئاڭلا ، سۆزلەپ بېرەي قەدىمىي داستان .
شۇلاردىن بۇ جاھان بوش قالغانىكەن ،
ئەبەدىيلىك تاجىنى ئىزدىمىگىن سەن .
ئۇ چاغلار ئادالەتتىن ھەممە شاد ئىدى ،
ئۇلارنىڭ ئىشىدىن يۇرت ئاۋات ئىدى .
ئەمدى گەنگ قەلئەدىن ئاڭلىغىن داستان ،
ئاڭا ئەقلىڭ ئىشەنچ قىلغۇچە ئىشەن .
چۈنكى گەنگدىج ئوخشاش جاي ئالەمدە يوق ،
ئۇنىڭ زېمىنىدەك ئارامبەخش يوق .
ئۇنى بەرپا ئەتتى ئادىل سىياۋۇش ،
قۇرغۇچە چەكتى تالاي رەنجۇ تەشۋىش .
دەريادىن ئۆتكەندە باردۇر بىر ماكان ،
قىرغىقى كۆرۈنمەس ، سۇسىز باياۋان .
ئۇندىن كېيىن ئۇچرار بىر ئاۋات شەھەر ،
دىل ئالىدۇ ئۇنىڭ پەيزىدىن بەھىر .
كەيىندە كۆرۈنەر سالاپەتلىك تاغ ،
چوققىسى ئاسماندا ، بۇلۇتلار بەلباغ .
گەنگدىج قەلئەسى بار تىك تاغلار ئىچرە ،
تاغلىققا ئۇ قەلئە بېرەر ئىشەنچە .
ئەتراپى يۈز پەرسەڭ تاغلىق ۋە تاشلار ،
قارىساڭ ئۇزاقراق كۆزلىرىڭ ياشلار .
ئەمما قەلئە يولى كۆرۈنمەس ئەسلا ،
ھەر تەرىپى بىردەك ، قىيا تاش تەنھا .
ھەر تەرىپى بىردەك ئوتتۇز ئۈچ پەرسەڭ ،
ئۆرۈلگەن سېپىلى بەك ئېگىز خەرسەڭ .
ئەگەر بۇ سېپىلغا بىرنەچچە كىشى
چىقسا گەر ، قەلئەنى قوغدىماق ئىشى .

يۈز مىڭ چەۋەنداز ۋە يۈز مىڭ زىرىھدار ،
بۇ سېپىلدىن ئارتىلىپ ئۆتەلمەس زىنھار .
سېپىل كەينىدە شەھەر ، ئاۋات جاي ،
گاھ كۆكلەم گۈلزارى ، گاھ گۈزەل ساراي .
ھەرياقتا زىلال سۇ ، ئېرىق ۋە ھامام ،
كوچىلار بايرامدەك بېزەلگەن تامام .
تاغلاردا ئۇچار قۇش ، دەشتلەردە ئاھۇ ،
كۆرگەنگە قىزىقىش بولىدۇ ئارزۇ .
تاغلارنىڭ باغرىدا تاۋۇس ، قىرغاۋۇل ،
كەكلىكلەر سايرايدۇ ناغرا كەبى مول .
يوق ئىسسىق ــ سوغۇقى ، دائىم مۆتىدىل ،
ھەممە ئارامۇ شاد ، لەززەتتە كۆڭۈل .
ئۇ يەردە ئۇنتۇلغان كېسەللىك سۆزى ،
بۇ بوستان شەھەرمەس ، بېھىشنىڭ ئۆزى .
سۇلىرى زىلال ۋە بال ــ شېكەر ئەنھار ،
يەرلىرى كۆكەرگەن ، ھەمىشە باھار .
پارسچە ئۆلچەمدە ئۆلچىسەڭ ئەگەر ،
ئوتتۇز كەررە ئوتتۇز ئەن بويى كېلەر .
ئەڭ ئېگىز يېرى بىر يېرىم پەرسەڭ ،
چىققان كىشى ھارار ، ھالى يەرگە تەڭ .
داۋان ئېشىپ ئۆتسەڭ ، تەپ ــ تەكشى دالا ،
گۈزەللىكتە يالغۇز ، تولغان گۈل ــ لالە .
سىياۋۇش شۇ جايغا تۇران يېرىدىن
كۆزى چۈشۈپ ، شۇندىن تالللىدى زېمىن .
ئەقىل بىلەن شۆھرەت تاپقان شەھرىيار ،
قەلئەگە سوقتۇردى يەنە بىر دىۋار .
تاشلاردىن ، گەجلەردىن ، يەنە مەرمەردىن ،
يەنە نامى ئۇنتۇلغان جەۋھەردىن ،
يۈز رەشتىن ئارتۇقراق بويىن ئۆلچىسە ،
ئوتتۇز يەتتە رەشتۇر كەڭلىكى راسا .
نە سالما تېشى يەتمەيدۇ ، نە ئوق ،
خالساڭ بېرىپ كۆر ، ئەسلا تېگى يوق .
تا كىشى كۆرمىسە ئۆز كۆزى بىلەن ،
يالغانچى دېيىلەر ئۇنى سۆزلىگەن .
سېپىل بويى ئىككى پەرسەڭ تەقمۇ تەق ،
ئەتراپىنى ئورىغان چوڭقۇر يار ــ خەندەك .
چوققىسىدىن ئاستى كۆرۈنمەس كۆزگە ،
قۇش ئۇچۇپ چىقالماس بۇركۈتتىن ئۆزگە .
شۇنچە كۆپ جاپا چېكىپ تاغۇ تاش ئارا ،
تەختۇ تاج شەۋكىتىن يايماق مۇددىئا .
شۇنداق دىلئارام جاي قىلاي بىنا ،
ئۇنىڭدەك شەھەرىستان ئالەمدە بىرلا .
ئۇ ساراي ئۆيلەر ، ئايۋانلار قۇردى ،
دەرەخلەر تىكتۇردى ، مەيدانلار قۇردى .
جەننەت بېغى گويا ، ياشنار رەڭدار گۈل ،
ھەر ياقتا نەرگىسۇ لالە ۋە سۇنبۇل .

## سىياۋۇشنىڭ پىران بىلەن كېلەچەك ھەققىدە سۆھبەتلەشكەنلىكى

ئاۋات ماكانىدىن قايتتى ئۇ شاھباز ،
دىلىنى ئېزەتتى ئەجەب تۈيغۇ ــ راز .
مۇنەججىملەرگە تاشلىدى سوئال :
« شۇنداق جاي سالدىم نەق جەننەت مىسال .
ئېيتىڭ ئۇندىن بەختىم دۇرەخشان بولۇر ،
ياكى ئۆمرۈم قايغۇ ــ پۇشايمان بولۇر ؟ »
مۇنەججىملەر جاۋابى بولدى شۇنداق تەخ :
« ئۇ شەھەردە ساڭا كۈتۈپ باقماس بەخت ! »
مۇنەججىملەرگە قوزغالدى قەھرى ،
كۆزدىن چاچراپ ئۇچقۇن ، دىلىدىن زەھرى .
ئازغىنا بوشاتتى ئات تىزگىنىنى ،
كۆز يېشىدا باستى يۈرەك ئوتىنى .
ئاڭا بېقىپ پىران دېدى : « ئەي شەھرىيار ،
نېم بولدى ، جىم بولدۇڭ مىسلى ھازىدار ؟ »
ئاڭا جاۋاب بەردى : « گەردىشى بەلەند ،
دىلىم ئەزدى ، قەلبىم ئەلەم ئەتتى بەند .
ئىشىدۇر توپلىماق بايلىق بىھېساب ،
سارايۇ خەزىنە ، گۆھەرۇ ئاپتاپ .
لېكىن ئاخىر ھەممە قالار دۈشمەنگە ،
ئەجەل زەھەر سالار پاك ــ تازا تەنگە .
بۇ گەنگدىج ئوخشاش جاي يوقتۇر جاھاندا ،
ئازادە بۇ ساراي يوقتۇر جاھاندا .
ماڭا تەڭرى مېھرى دائىم يار ئىدى ،
ئەقلىم ئويغاق ئىدى ، بەخت بىدار ئىدى .

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇردۇم ئاجايىپ شەھەر ،
قورغاننىڭ چوققىسى ئاسمانغا يېتەر .
دائىم جاپادىمەن بېزەشتە ئۇنى ،
دىل ياشنار ھەرياندىن كۆزىتىپ ئۇنى .
ئەمما ھۆسنىگە خوپ بوي بولغاندەك ،
بايلىقتا يالغۇزلا جاي بولغاندەك ،
ماڭا نېسىپ قىلماس خۇشاللىق ـ شادلىق ،
بۇ سارايدا ئۆزگە تاپار ئاۋاتلىق .
نە ماڭا بۇيرۇماس ، نە پەرزەنتىمگە ،
نە مېنىڭ پەھلىۋان جانجىگەرىمگە .
مېنىڭ ئۆمرۇم ئۇزۇن بولماسمىش ئانچە ،
بۇ ھىجران قەلبىمگە سانجارمىش نەيزە .
بۇ سارايدا يايرار شاھ ئەفراسىياپ ،
بىگۇناھ جېنىمغا ئەجەل يېتەر شىتاب .
ئەزەلدىن بۇ بەلەند پەلەك ئىشى شۇ ،
گاھ شادلىق بېغىشلار ، گاھى غەم ـ قايغۇ . »
ئاڭا پىران دېدى : « ئەي سەرپەراز ،
دىل قايغۇسىن ئانچە قىلمىغىن دەراز .
ئەفراسىياپ پىدا سېنىڭ يولۇڭغا ،
گويا شاھ ئۆزىكى سېنىڭ قولۇڭدا .
ناۋادا بولسىلا تېنىمدە جېنىم ،
بۇزۇلماس سەن بىلەن ئەھدۇ پەيمانىم .
شامال چىقسا سېنى قىلاي ھىمايە ،
ھەر مويۇڭ قىممىتى گۆھەر بىباھا ! »
سىياۋۇش ئاڭا دېر : « بەللى ، ئەي نىكنام ،
ھىممىتىڭدىن ئىشىم تاپار سەرەمجان .
پەقەت ساڭا مېنىڭ سىرلىرىم ئاشكار ،
دائىم سالامەت بول ، ھەمىشە ھوشيار .
تەڭرىم مېھرىدىن ئاگاھلىقىم بار ،
ئۇلۇغ پەلەك سىرىدىن خەۋىرىم بىسيار .
بىلىپ قوي بىر كۈنى بولۇرسەن گۇۋاھ ،
شۇندا ، ئېيتماپسەن ، دەپ قويمىغىن گۇناھ .
سەن ئەس ـ ھوشى تولۇق پىران پەھلىۋان ،
قۇلاقتا قۇيۇۋال بۇنى شۇ زامان .
كۆپ زامان ئۆتمەيلا ھوشيار شەھرىيار ،
مېنى تۇتقۇن قىلغۇسى قان يىغلىتىپ ، زار .
قولىدا تۆكۈلەر بىگۇناھ قېنىم ،
باشقىغا نېسىپ بولۇر ساراي ـ ئايۋىنىم .
سەن ئەھدىڭگە سادىق ، ياخشىلىق ئويۇڭ ،
ئەمما باشقىچىدۇر رايى پەلەكنىڭ .
ئىغۋاچى سۆزىدىن ، قارا بەختىمدىن ،
بىگۇناھ كېتەرمەن تاجۇ تەختىمدىن .
ئىران ۋە تۇراندا باشلىنىدۇ جەڭ ،
يەنە ئاداۋەتتىن ھەممە يەرگە تەڭ .
يەر يۈزى پۈتۈنلەي غەمگە تولىدۇ ،
ھەر ياقتا قىلىچ ۋە ياۋلىق بولىدۇ .
بەك كۆپ سېرىق ، قىزىل ، زەڭگەر ، قارا ، ئاق ،
ئىراندىن تۇرانغا كېلىدۇ بايراق .
بەك كۆپ تالان ـ تاراج ، ۋەيرانلىق يېتەر ،
قانچە خەزىنىلەر چېچىلىپ كېتەر .
بەك كۆپ مەملىكەتلەر پايخان بولغۇسى ،
دەريا ھەم ئېرىقلار قانغا تولغۇسى .
تۇران ئەمەلدارى قىلمىشلىرىدىن ،
پۇشايمان قىلغۇسى ئۆز گۇپتارىدىن .
ئەمما پۇشايماندىن بولماس ئۇ چاغ سوت ،
ئاۋات يۇرتتىن كۆككە كۆتۈرۈلەر دۇت .
غوۋغا چىقار تۇران ۋە ئىراندىن ،
جاھان تەۋرەپ كېتەر ناھەق قېنىمدىن .
شۇنداق ئىكەن ئەسلى تەقدىر يازمىشى ،
ئەزەل ئېگىلگەننى ئۇرار ھەر كىشى .
ئەمدى شاد ـ خۇرام يەپ ـ ئىچەيلى ، مەيلى ،
كېتەر ۋاقتىم كەلسە كېتەيلى ، مەيلى .
بەش كۈنلۈك دۇنياغا كۆڭۈل باغلىما ،
ئازار ستەملەردىن كۆيۈپ يىغلىما .
ئەمگىكىڭ مېۋىسى باشقىغا قالار ،
يەپ ـ ئىچمەي توپلىساڭ ، دۈشمىنىڭ ئالار . »
پىران بۇ سۆزلەردىن پىكىرگە تولدى ،
دىلدا شادلىق ئورنىن قايغۇ ـ دەرد ئالدى .
ئۆزىچە ئويلايتتى : « راست بولسا گېپى ،
چۈۋىلار مېنىڭ ھەم ھاياتىم يىپى .
ئۇنى مەن چىللاپ كەلدىم تۇرانغا ،
ئاداۋەت ئۇرۇقىن چاچتىم جاھانغا .
تۇرانغا ئېپ كەلدىم ، چېكىپ قانچە رەنج ،
ئاڭا تاپشۇرغۇزدۇم ۋەتەن ، تاج ۋە گەنج .
شاھ سۆزىگە قىلماي قويدۇم ئېتىبار ،
ئاگاھلاندۇردىكى ، نەچچە قېتىم بار . »
ئاندىن يەنە ئۆزگە بەردى ئۇ تەسكىن :
« كىم بىلەلەيدۇ ئاسمان سىرلىرىن ،

ئىرانىن سېغىنىپ قالغانىدەك تۇرار،
ۋەتەن مېھرى ھوشىن ئالغان كۆرۈنەر.
كاۋۇس بىلەن ئۇنىڭ تاجى ۋە تەختى،
ئېسىگە چۈشتىمۇ ئۇندىكى بەختى.»
شۇ بىلەن دىلىنى ئەيلىدى خۇرسەند،
يولىغا ئەقلىنى قىلمىدى بەند.

يول بويى سۆزلىشىپ بارار ئىككىسى،
ئىستىقبال تاۋۇزىنى يارار ئىككىسى.
يېتىپ بېرىپ ئاتتىن چۈشكەنلا ھامان،
سۆھبەتتىن ئىككىسى باغلىدى زۇۋان.
راسلىنىشتى زەرلىك تۆكمە داستىخان،
ئاڭا چالغۇ، كۈي، مەي، قەدەھلەر تولغان.

## ئەفراسىياپنىڭ پىراننى مەملىكەتلەر بويلاپ سەپەرگە ئەۋەتكەنلىكى

شۇنداق ھەپتە ئۆتتى دىلنى شاد قىلىپ،
جاھان شاھلىرىنى بىر ـ بىر ياد قىلىپ.
سەككىزىنچى كۈنى شاھتىن كەلدى خەت،
پىرانغا بۇيرۇق شۇ: «ئۆتكۈزمەي مۇددەت،
لەشكەر تاللاپ، يولغا راۋان بولسۇن،
مەقسىتى بۇ سەپەر نەق دىيارى چىن.
ئۇندىن بارسۇن ئۇدۇل ھىندىنىڭ ئۆزىگە،
ئۇندىن ئۆتسۇن يەنە سىند دېڭىزىگە.
يۇرتۇم ئايلىنىپ، يىغىپ كۆپ باجنى،
لەشكەر تارتىپ، يىقىتسۇن ھەزەر تاجىنى!»

پىران ھويلىسىدىن ياڭراپ چاقىرىق،
ناغرا ئاۋازىغا تولدى چۆل ـ قورۇق.
ھەر تەرەپتىن يېتىپ كەلدى ئەسكەر،
بارى جەڭدە پىشقان پالۋان، مەدەتكار.
پىران دەرگاھىغا يىغىلغاچ لەشكەر،
شاھ ئېيتقان باغقا يول ئالدى ئەسكەر.
سىياۋۇشقا تەقدىم قىلدى كۆپ سوۋغا،
دىنار ۋە ئات ـ ئۇلاغ، گۆھەر ۋە تىللا.
سىياۋۇشنى قۇچاقلاپ، قول ئېلىپ قولغا،
خوشلىشىپ سالدى سىپاھىن يولغا.

## سىياۋۇشنىڭ سىياۋۇشگىرد شەھىرىنى بىنا قىلغانلىقى

تۇندە چاپار كەلدى ئەفراسىياپتىن،
ئۆتتەك ھارارەت ۋە زور شىددەت بىلەن.
سىياۋۇشقا مېھىر تولغان خەت، سۇلتان
يازاتتى گوياكى قۇياشلىق ئاسمان:
«ئارامىم يوقتۇر سەن كەتكەندىن بۇيان،
ئوي ـ خىيالدىن ئازاد ئەمەسمەن ھەرئان.
ئەمما بىلگىن، سېنىڭ تىنچلىقىڭ ئويلاپ،
بىر جاي تاپتىم تۇران يېرىدىن تاللاپ.
بېرىپ كۆرسەڭ ئۇ جاي خۇشۋاق ـ خۇررەمدۇر،
بارغانىڭ كۆڭلى شاد، دىلى بىغەمدۇر.
شۇندا پادىشاھ بول، تارتما دەرد ئەسلا،
دۈشمەنلەر بېشىنى قىل پارە ـ پارە!»
سىياۋۇش شۇ ھامان ھازىرلاپ كارۋان،
يول ئالدى شاھنشاھ كۆرسەتكەن تامان.
مىڭچە قىزىل تۆگە، يۈكى رەڭگا رەڭ،
ھەممىسىگە تاي ـ تاي يۈك ئارتقان تەڭمۇ تەڭ.
يۈز تۆگىدە پەقەت بايلىق، دىرھەم بار،
ئۇنىڭدىن قىرىقىدا پۈتۈنلەي دىنار.

ئىران ۋە تۇراندىن ئون مىڭ قىلىچۋاز،
سەپ تارتىپ بېرىشار ھەممە چەۋەنداز.
سىپاھىنىڭ ئالدىدا رەڭگا رەڭ مەپە،
ئۇندا كېنىزەكلەر، گۈزەل، ئالىپتە.
گۆھەر ۋە مەرۋايىت، شاھانە ياقۇت،
مارجانلار تاجىغا بېرەر جۇلا، قۇت.
يۈكلەردە ئەنبەرۇ مۇشىك ۋە ئۇد، ئەتىر،
يىپەك ھەممە شايى ـ ماتالار تەييار.
مىسىر، چىن ۋە ئىران رەختلىرى لىق ـ لىق،
ئوتتۇز نار تۆگىگە يۈك بولدى تولۇق.
سەردار خۇررەمبەھار ياققا ئات سالدى،
داڭدار لەشكىرىمۇ كەينىدىن ماڭدى.
ئۇ جايغا بېرىپلا ئېتىن توختاتتى،
ئىككى پەرسەڭ يىراق ئارىلىق ئاجراتتى.
ئۇندا شەھەر سالدى، ھەيۋەتتۇر ساراي،
باغۇ ئىرەم، گۈلزار، سايە ـ سالقىن جاي.
ئايۋان تاملىرىغا سىزدۇردى سۈرەت،
شاھلار بەزم، رەزمىدىن بېرەر شاھادەت.

تەخت يېنىدا تۇرار پىلتەنلىك رۇستەم ،
زال ۋە گۇدەرز ، ھەممە پالۋانلار جەم .
بىر تەرەپتە تۇرار ئەفراسىياپ شاھ ،
پىران ۋە گەرسىۋەز ، ئەتراپتا سىپاھ .
شەھەر بەرپا بولۇپ مىسالى جەننەت ،
ئىران ۋە تۇرانغا تارقالدى شۆھرەت .

ھەر دوقمۇشقا سالدى ئېگىز مۇنارە ،
بۇلۇتلار يېتەلمەي بولدى ئاۋارە .
ئۇنىڭ باتۇرلىرى ئالەمگە مەشھۇر ،
ئۇندا بەزم قىزار ، غەزەل ئوقۇلار .
ئاڭا سىياۋۇشگىرد دەپ قويۇشتى نام ،
بۇندىن پۈتۈن خەلق دىلى شاد ـ خۇرام .

## پىراننىڭ سىياۋۇشگىردقا كەلگەنلىكى

ھىندى ۋە چىندىن قايتىپ كېلىپلا پىران ،
شەھەر شۆھرىتىنى ئاڭلىدى شۇئان .
پۈتۈن تۇران ماختار سىياۋۇش شەھرىنى ،
ئىقبال يۇلتۇزىنى ، زېمىن ۋە نەھرىنى .
سارىيى ، كۆكتاتلىق ، باغ ۋە راغىنى ،
كوچا ـ كوي ، ئېتىزى ، دالا ، تېغىنى .
دىلىدا شۇدەملا ھەۋەس قوزغالدى ،
شاھ شەھرىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ قالدى .
مىڭ نەپەر دانىشمەن پەھلىۋانلاردىن
ئۆز يېنىغا ئېلىپ زور كارۋان بىلەن ،
سىياۋۇش شەھرىگە بولدى راۋانە ،
ئىستىقبالغا شاھزات چىقتى شادانە .
سىياۋۇشنى كۆرۈپ يىراقتىن پىران ،
ئاتتىن چۈشۈپ ، بولدى پىيادە راۋان .
سىياۋۇشمۇ چۈشتى قارا ئېتىدىن ،
قۇچاقلاشتى ئۇلار قايتا ـ قايتىدىن .
شەھەرگە كىرىشتى ئىككى ئەزىمەت ،
سىياۋۇش ۋە پىران پالۋان ، تىك قامەت .
شەھەر ۋە ئەتراپىنى كۆرۈشتى تولۇق ،
بۇ يەرلەر يېقىندا ئېچىلغان قورۇق .
سارايۇ ئىمارەت ، گۈلزار ، ئېتىز ، باغ ،
پارقىراپ تۇرىدۇ مىسالى چىراغ .
ھەر تەرەپكە ئېتىن سالاتتى پىران ،
ئاپىرىن ئوقۇيتتى ئەس ـ ھوشتا ھەيران .
سىياۋۇشقا دەيتتى : « شاھانە كۆلەم
ۋە ئىدراك بولمىسا گەر ساڭا ھەمدەم ،
بولاتتىمۇ بۇنداق شىجائەت راۋا ،
بولاتتىمۇ بۇنداق كۆركەم جاي بەرپا .
ئەبەدىلئەبەدكە قالىدۇ يادىكار ،
كىمكى بولسا مەرد سېنى ياد ئېتەر .
ئەۋلادلىرىڭ ئوقۇر ساڭا تەسەننا ،
جاھاندار ، مۇزەپپەر بولغىن دائىما ! »
شەھەرنى ئايلىنىپ كەلگەچ سىياۋۇش ،
سارىيىغا چۈشتى ، ھەممە ياق دىلخۇش .
ئاندىن سوڭ فەرەنگىس سارىيى تامان ،
ئاۋات كوچا بىلەن يول ئالدى پىران .
ئۇنى كۆتۈۋالدى شەھرىيار قىزى ،
يوللىرىغا چېچىپ دىنار قىرمىزى .
تەختىدە ئولتۇرۇپ تاشلىدى نەزەر ،
گۈزەل كېنىزەكلەر خىزمەتتە يۈرەر .
بۇلارنىڭ بارىغا ئوقۇر ئاپىرىن ،
تەڭرىگە مىڭ شۈكۈر ياراتمىش بارىن .
داستىخان سېلىندى ، بولدى زىياپەت ،
مەي ۋە چالغۇ كەلدى ، باشلاندى سۆھبەت .
بىر ھەپتە ئاڭلىدى بەزمىنى ئاۋات ،
گاھى مەستۇ مىسكىن ، گاھ خۇشال ۋە شاد .
سەككىزىنچى كۈنى ، تەرتىپى بىلەن
سوۋغاتلار تارتىلدى ، ئولجىسى بىلەن .
ياقۇت ۋە گۆھەرنىڭ ئەڭ سەر خىلى بار ،
چىن ماتالىرى ، ھەممە زەرنىگار .
قالتىس ئۇچقۇر ئاتلار ، ئېگىرى خەدەڭ ،
يۈگىنى ئالتۇنۇ توقۇمى پەلەڭ .
فەرەنگىسكە ئاتاپ تاج بىلەن زىرەك ،
مەرۋايىت شادىسى ھەم ئالماس بېزەك ،
ھەممىسىن تاپشۇرۇپ خوتەنگە كەتتى ،
شاھىنشاھنى كۆرۈش پۇرسىتى يەتتى .
شاد ـ خۇرام قايتتى ئۆز ئايۋانىغا ،
ئۇدۇل كىرىپ باردى شەبىستانىغا .
يارى گۈلشەھرگە دېدىكىم پىران :
« كىمكى كۆرمەك بولسا نې ئىمىش رىزۋان ،

سىياۋۇش شەھرىنى قىلساڭ تاماشا،
بېھىش باغى شۇنىڭ ئۆزىدۇر تەنھا.
سىياۋۇش ئۆزىمۇ مىسالى قۇياش،
تەختىدە ئولتۇرار چىرايلىق ۋە ياش.
دىلىڭغا ئىزدىسەڭ شادلىق ۋە ھەشەم،
سىياۋۇش شەھرىنى بىرىپ كۆر سەن ھەم.
شەھرىدىن ئىگىسى كۆركەمدۇر ئوبدان،
چېھرىسى كۆكتىكى قۇياشتىن روشەن.
فەرەنگىسنى كۆرسەڭ، ئېچىپتۇ چىراي،
ھۆسنى ياشنار مىسلى ئون تۆت كۈنلۈك ئاي.»
ئاندىن ئەفراسىياپ يىنىغا كەتتى،
سۇدىكى كېمىدەك بىردەمدە يەتتى.
بىرىپ ئېيتتى قانداق يەردە بولغىنىنى،
باجلار يىغقانلىرىنى، نىمە قىلغىنىنى.
ھىندى يۇرتىدا قانداق ئۇرۇش قىلغىنىنى،
يامانلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلغىنىنى.
ئاندىن سىياۋۇشگىردقا سەپەر قىلغىنىنى،
كۆرگىنىنى سۆزلىدى، ئېيتىپ ئاپىرىن.
سىياۋۇش ئىشىدىن شاھ قىلدى سوئال،
دىدى: «تاجۇ تەختى، شەھرىدە نىم ھال!؟»
پىران دىدى ئاڭا: «ياشنىغان جەننەت،
جەننەتمۇ يېتەلمەس، بەركامال غايەت.
ئادەم تاپالمايدۇ ئۇندىن گۈزەل جاي،
باشقا ئۇنداق جاينى بىلمەس قۇياش ــ ئاي.
شۇنداق بىر شەھەركى كەزسەڭ يەر يۈزىن،
نە تۇران كۆرمىگەن، نە ھىندى، نە چىن.
ياشناپ تۇرغان باغلار ۋە ئابىراۋان،
ھۆسنۇ كامالىغا ئەقلۇ روھ ھەيران.
نەگىكى تاشلىما سىنچىلاپ نەزەر،
بىر نۇقسان تاپالمايسەن، ئەقلىڭنى ئالار.
فەرەنگىس سارىيىن كۆردۈم يىراقتىن،
نۇر چاچار يىراققا دۇر گۆھەر بىلەن.
ئەگەردە ئاسماندىن چۈشسە پەرىشتە،
ھۆسنىدە ئەقلۇ ھوش، يۈرۈش ــ تۇرۇشتا
سىنىڭ كۈيئوغلۇڭغا ھىچ تەڭ كېلەلمەس،
ئۇ شىر تەنلىكگە ھىچكىم قىلماس بەس.
يەنە بىر گەپ، ئىككى يۇرت ئارا ئۇرۇش
تىنچىپ، گويا كەلدى ھوشىغا بىھوش.
ئەبەدىي ئىقبالۇ بەخت يارىڭ بولسۇن،
دائىم ئادالەت مادارىڭ بولسۇن!»
ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن شاھ شادۇ خەندان،
مېۋىلىك شاخ تۆكتى ھوسۇل پاراۋان.

## ئەفراسىياپنىڭ گەرسىۋەزنى سىياۋۇش ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەنلىكى

گەرسىۋەزنى سورىدى شەھرىيار،
سىياۋۇشگىرد ھەققىدە نى گەپ ــ سۆز بار.
«سىياۋۇش شەھرىنى بىرىپ كۆر ئۆزۈڭ،
ئايلىنىپ بىلىپ كەل، نى كۆرسە كۆزۈڭ.
سىياۋۇش تۇرانغا كۆڭۈل بىرىپ شاد،
ئىرانىنى قىلمايدۇ بىرەر قېتىم ياد.
خەير ــ مەئزۇر قىلدى تەخت، كۇلاھ بىلەن،
گۇدەرز، بەھرامۇ، كاۋۇس شاھ بىلەن.
ئەمدى كۆرەلمەيدۇ رۇستەم ۋە زالنى،
قولىغا ئالمىغاي گۈرزە، قورالنى.
چۆل ــ باياۋان ئىدى، كەتكەن تىكەنزار،
شەھەر سالپتۇ مىسلى ياشنىغان باھار.
فەرەنگىسكە ئوتلار سېلىپ شان ساراي،
مۇھەببەتتە بەردى دىل تۆرىدىن جاي.
نەرسەڭنى تەييارلا تېزلا يولغا چۈش،
بىرىپ كۆر نې ئىشلار قىپتۇ سىياۋۇش.
تەخت ئۈزرە كۆرەرسەن، گەپنى كۆپ سوزما،
ئۇلۇغلار ئەنئەنە ــ ئادىتىن بۇزما.
ئۇلۇغلار ئالدىدا ئۇلۇغلا ئۇنى،
ماختاپ ئىززىتىن قىل، تۆك سۆز ئۈنچىنى.
سوۋغات ھازىر قىلغىن كۈمۈش ھەمدە زەر،
ئات ــ ئۇلاغ، تاج ۋە تەخت ھەم ئالتۇن كەمەر.
گۆھەر ۋە كىمخاب ھەم چىنچە شايە،
قورال ۋا ياراغلار، ئۈزۈك بەك زىبا.
خەزىنە ئېچىدە نىمە بار نەزەر سال،
يارىسا قولۇڭغا سىغقىنىچە ئال.
فەرەنگىسكىمۇ ئال ھەدىيىلەردىن،
تىلىگىدىن چۈشمىسۇن ئالقىش ــ ئاپىرىن.
گەر ساھىبخان بولسا خۇش خۇي ۋە خەندان،
ئىككى ھەپتە ئۇندا قال بولۇپ مىھمان.»

يولغا هازىرلاندى گەرسىۋەز شەۋۋاز ،
تۇراندىن تاللاندى مىڭدەك چەۋەنداز .
يەردىن چاڭ توزۇتۇپ ، بەئەينى قۇيۇن ،
سىياۋۇش شەھرىگە يەتتى شۇ ھامان .
سىياۋۇشقا خەۋەر يەتكەنلا ھامان ،
كۆتۈۋېلىشقا چىقتى دىلدا ھاياجان .
ئۇلار قۇچاقلاشتى ، ئەسكەر ئورىدى ،
سىياۋۇش شەھرىيار ھالىن سورىدى .
ئۇ يەردىن مېڭىشتى ئۇدۇل سارايغا ،
سىياۋۇش ئاجراتقان ئارامبەخش جايغا .
ئەتىسى سىياۋۇش ھۇزۇرىدا شاد ،
سوۋغىلار تاپشۇردى گەرسىۋەز ئازاد .
سىياۋۇش كۆرگەندە مۇنچە ئەتىۋار ،
چىرايى خۇش بولدى ، مىسالى باھار .
ئېتىنى ئېگەرلەپ مىندى سەرەپراز ،
ئەتراپىن ئورىدى ئىرانلىق سەرباز .
ئايلاندۇردى كوچا ـ شەھەرنى بىر ـ بىر ،
ئاندىن يەنە بولدى سارايدا ھازىر .

## سىياۋۇش ئوغلى فۇرۇدنىڭ تۇغۇلغانلىقى

شۇ دەمدە سىياۋۇش ئالدىغا چاپار
شامالدەك كەلدى ـ دە ، ئېيتتى خۇش خەۋەر :
سىياۋۇش كۆرۈپتۇ ئايدەك بىر ئوغلان ،
نەۋرە كۆرۈپتۇ ، ئۇ پالۋان پىران .
بەختىيار نامىنى قويۇشتى فۇرۇد ،
پىران ئاڭلىغاندا بولدى كۆپ خۇشنۇد .
شۇئان ماڭا قوشۇپ يەنە چەۋەنداز ،
« سۆيۈنچە بېرىڭ ! » دېدى سەرەپراز .
بوۋاقنىڭ ئانىسى جەرىرە تېخى
ئورنىدىن تۇرماستىن ياتماقتا ئىدى .
ئەمما بوۋاق قولىن قىلىپ زەپىران ،
نامەگە مۆھرىنى باستى پىران
ۋە مەكتۇپقا قوشۇپ ساڭا ئەۋەتتى ،
شادلىقى ئىچىگە سىغماي ، سۆز قاتتى .
دېدى : « مەن قېرىغان چېغىمدا يەزدان
مېنى شاد ئەيلىدى ، دىلىمنى خەندان . »
سىياۋۇش ئاڭا دەر : « پادىشاھلىق تەختى
بولسۇن شۇ بوۋاقنىڭ ئەبەدىي بەختى . »
چاپارلارغا تەقدىم قىلغاندا دىرھەم ،
ھاسىراپ قالاتتى كۆتۈرگەن ئادەم .
فەرەنگىس سارىيى تامان سىياۋۇش ،
شاد بېرىپ يەتكۈزدى خەۋەرنى دىلخۇش .
گەرسىۋەز تەخت ئۈزرە كۆردى : فەرەنگىس
تاج كىيىپ ئولتۇرار ، ھۆسنىدۇر تەڭسىز .
تىللادىن تاج كىيگەن نەچچە كېنىزەك ،
خىزمەتتە ، ھەممىنىڭ چىرايى ئايدەك .
تەختتىن چۈشۈپ ، سالام بېرىپ بىمالال ،
يىراق يول جاپاسىن ئەيلىدى سوئال .
گەرسىۋەز دىلىدا ئويىنىدى ھەسەت ،
ئەس ـ ھوشى ئۆزگەردى ، ئەقلىسىز جەسەت .
كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى : يىل ئۆتمەي تېخى ،
شاھزادە مەنسىتمەي قويىدى كىشىنى .
شاھىنشاھلار كەبى تەختى ۋە جايى ،
ۋەتىنى ، ئەسكىرى ، بايلىق ، سارىيى . »
ئەمما دىلدا بارىن قىلمىدى ئاشكار ،
ئىچىدىن كۆيۈپ ، بىرئاز سارغايدى رۇخسار .
سىياۋۇشقا دېدى :« دەرد تارتىپ بىسيار ،
مېۋىسىن كۆرۈپسەن ، بەخت بولسۇن يار . »
سارايغا ئورنىتىپ ئىككى ئالتۇن تەخت ،
ئۇندا ئولتۇرۇشار ئىككى نىكبەخت .
يېتىپ كەلدى چالغۇ ، نەيچى ۋە ساقىي ،
گۆھەر تەخت ئۈستىدە شادلىقلار باقىي .
ناخشىچى ، سازەندە ، نەغمىيۇ ناۋا
دىلغا بەخش ئېتەتتى ئارامۇ داۋا .

سىياۋۇش چەۋگەن ئويناشقا بارىدۇ . ئۇ يەردە گەرسىۋەزمۇ بار ئىدى . چەۋگەندە غالىب چىققان سىياۋۇشنى گەرسىۋەز قوشۇنلىرىنى سەپ تۈزۈپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېلىشىشقا چاقىرىدۇ . ئەمما سىياۋۇش : « سەن شاھنىڭ ئۇكىسى بولسەن ، مەن كۈيئوغلۇڭلار بولىمەن ، ساڭا قارشى قول كۆتۈرەلمەيمەن . بولدى ، قوشۇنىڭدىن بىر ئەمەس ، ئىككى پالۋان چىقسۇن ، چېلىشاي » دەيدۇ .

گەۋدىلىك ئىككى پالۋان چىقىدۇ، سىياۋۇش ئىككىسىنى ئىگەردىن يۇلۇپ ئېلىپ، يەرگە ئۇرىدۇ. ئۇلار ئەلەم بىلەن قوشۇن ئىچىگە كىرىپ، كۆزدىن غايىب بولىدۇ. ماختانغان گەرسىۋەزمۇ ئىزادىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولىدۇ ۋە يۈرىكىدە ئادالەت ئوتى يالقۇنجايدۇ. بىر ھەپتىلىك بەزمىدىن كېيىن سىياۋۇش ئۇلارنى سوۋغا ـ سالام بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ. ئەمما، گەرسىۋەز ئەفراسىياپ ئالدىدا سىياۋۇشنى خائىن، كەيكاۋۇس بىلەن ئالاقىسى بار دەپ ئەيىبلەيدۇ.

ئەفراسىياپ گەرسىۋەزنى بىرىپ سىياۋۇشنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. گەرسىۋەز سىياۋۇشگىردقا بېرىپ، سىياۋۇشقا ئەفراسىياپنى يامانلاپ بىرىپ بارما دەيدۇ. ئاندىن ئەفراسىياپقا كېلىپ، «ئەمرىڭىزگە بىنائەن كېلىشتىن باش تارتتى. ئىران بىلەن باغلىنىپ قاپتۇ. تۇيۇقسىز سىزگە قارشى جەڭگە چىقىدۇ» دەيدۇ.

بۇ ئارىدا سىياۋۇش مۇدھىش چۈش كۆرۈپ، خوتۇنى فەرەنگىسكە ۋەسىيەت قىلىدۇ ۋە ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن ئىرانغا كەتمەكچى بولىدۇ. ئەمما، يېرىم يولدا قېيىن ئاتىسى ئەفراسىياپ قوشۇنى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدۇ. سىياۋۇش ئۇنىڭغا قول كۆتۈرمەيدۇ. ئەسكەرلىرىگىمۇ ئۇرۇش قىلماسلىققا پەرمان بېرىدۇ. ئەمما، غەزەپلەنگەن ئەفراسىياپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە سىياۋۇشنى ئەسىر ئالىدۇ. ناھەق تۆكۈلگەن قاندىن يەر يۈزى قىپقىزىل بولىدۇ.

فەرەنگىس ئۆز ئاتىسى ئالدىدا يىغلاپ بىگۇناھ سىياۋۇشنى ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما، غەزىپى غالىب كەلگەن شاھ گەرسىۋەزنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى زىندانغا تاشلايدۇ.

## سىياۋۇشنىڭ گۇرۇي دەستىدىن ھالاك بولغانلىقى

گەرسىۋەز گۇرۇيغا تاشلىدى كۆزىن،
گۇرۇيغا ھەسرەتتە ئۆرۈدى يۈزىن.
سىياۋۇش يېنىغا ئىتتىك باردى ئۇ،
ئار ـ نومۇسنى ھەم قايرىپ قويدى ئۇ.
چاڭ سالدى سىياۋۇش ساقىلىغا ئۇ،
يەرگە بېسىپ، سۆرەپ قىلدى خار ئۇ.
سىياۋۇش خۇداغا قىلاتتى نالە:
«ئەي گەردىشى پەلەك، ساڭا ھاۋالە.
بىر شاھزادە ياراتقىن مېنىڭ پۇشتۇمدىن،
ئىزىمغا ۋارىس بوپ چىقسۇن ئارقامدىن.
مەردلىك ۋە ھۈنەرنى ئادەت قىلسۇن ئۇ،
ئاداۋەت، ئەلەمنى بەرباد قىلسۇن ئۇ.»
باش ئۈستىدە پەيدا بولدى پىلسەم،
دىلى ئوتتەك يانار، كۆزلىرىدە نەم.
سىياۋۇش ئاڭا دەر: «ئۇكام، ئەلۋىدا،
جاھان ئۆرۈش، سەن بول ئارقاق، ئەلۋىدا!
مەندىن يەتكۈزەرسەن پىرانغا سالام،
دۇنيا ئۆزگىرىدۇ ـ دە، خۇلاسى كالام.
پىراندىن ئۈمىدىم چوڭ ئىدى، ئەلھال،
مەن يوپۇرماق، ئۇنىڭ سۆزلىرى شامال.
ماڭا دەيتتىكى ئۇ: ‹يۈز مىڭ چەۋەنداز،
پالۋان ھەم قىلىچۋاز، ساۋۇتلىرى ساز،
تەس كۈنلەردە ساڭا بولىدۇ ئىناق،
سەن ئوتلاي دېسەڭ گەر مەن بولاي ئوتلاق.›
بۇگۈن شۇ گەرسىۋەز قوللىرىدا خار،
تۇپراققا تەڭ بولدۇم، يىغلاپ زارۇزار.
ياتىمەن، غەمدىن پەس بۇ ئەزىز بېشىم،
مەن ئۈچۈن يىغلار يوق، يوق قېرىندىشىم.»
شەھەر ۋە لەشكەردىن نېرى ئۆتتۈشتى،
سىياۋۇشنى سۆرەپ دەشتكە يېتىشتى.
پىيادە يول ئالدى چېچىدىن تارتىپ،
نىشانغا يېتىشتى، ئەلىمى ئارتىپ.
شۇ نىشان ئاستىدا ئاقتۇردى قېنىن،
ۋەھشىي گۇرۇي بولدى ئۆمرىگە زامىن.
ئاياغ ـ قولىن باغلاپ قوي كەبى سويدى،
بوينى ئاستىغا زەر ئىدىش قويدى.
سەرۋ بېشىنى قىلدى تېنىدىن جۇدا،
ساپ قانلار ئىدىشقا تولدى، بىندا.
بۇيرۇغان جايغا ئىدىشنى جاللات،
ئېلىپ بېرىپ، تۆكتى پاك خۇننى بىدات.
ئەجەبا، ئىدىشنى قەيەرگە قاتىل
تۆككەن بولسا، ئۇندىن ئۈندى گۈل.

سىزگە ئېيتىپ بېرەي ئۇنىڭ نامىنى ،
بۇ گىياھنىڭ نامى « سىياۋۇش قېنى . »
سەرۋ بېشىدىن كەتكەچ نۇرلۇق ئاپتاپ ،
شەھرىيارنى باستى پايانسىز بىر خاب .
بۇ نېم تۇيغۇ ، ئۆتتى ئۇزۇن زامان ،
شاھ قىمىرلىماس ، ئويغانماس ھامان .
بىردىن كۆتۈرۈلۈپ توزانلىق بوران ،
قۇياش ، ئاي يۈزىنى توستى ناگاھان .
ئادەملەر بىر ــ بىرىنىڭ كۆرەلمەس يۈزىن ،
گۇرۇيغا ياغدۇرار نەپرەتلىك سۆزىن .
تەخت ئۈزرە شاھ ئورنىن قايغۇ ــ غەم ئالدى ،
نە قۇياش يوق ، نە سەرۋ ناز قالمىدى .
ئوڭ ــ سولغا چەرخ ئۇرۇپ ، بەك ئالاقزادە ،
جاھان باش ــ ئايغىن تاپالماس قىلچە .
بىرى يامانلىقتىن تاپار ياخشىلىق ،
جاھان ئاكا بەندە ، بەخت باقار ئىللىق .
بىرىنىڭ ئادالەتتىن باشقا ئىشى يوق ،
لېك ئۆز ئىشلىرىنىڭ ھېچ نەتىجىسى يوق .
دۇنياغا ئىشەنمە ، كۆڭۈل باغلىما ،
دۇنيا ئەلىمىدىن دىلىڭ داغلىما .
ئۇندا رەھىم يوقتۇر ۋە يوقتۇر ۋاپا ،
شۇنداقتۇر باشتىن ــ ئاخىر بۇ دۇنيا .
بىر بىلىپ قوبۇل قىل نې ھەدىيە ئېتەر ،
ئۇ ئەبەدىي بولماس ، تېز ئۆتۈپ كېتەر .
سىياۋۇش سارىيىنىڭ ئەپغانى چىقتى ،
گەرسىۋەزدىن جاھان پىغانى چىقتى .
ھەممە يۇقراسى چۇۋۇدى چېچىنى ،
فەرەنگىسمۇ ئېپار ھىدلىق چېچىنى
كېسىپ ئېلىپ ، بېلىن چېچىدە باغلاپ ،
يۈزلىرىنى تاتلاپ ، دىلىنى داغلاپ ،
ئوچۇقلا قارغىدى ئەفراسىياپنى ،
تىنماي ئاققۇزاتتى كۆزدىن ياشىنى .
مەھرۇلار ھەممىسى شارت كېسىپ چېچىن ،
يۈزلىرىن تاتىلاپ ، يايار غۇلچىن .
پادىشاھ قۇلىقىغا يەتتى نالىسى ،
قارغىش ــ نەپرەت يوللاپتۇ ئۆز بالىسى .
ۋەھشىي گەرسىۋەزگە دېدى ئۇ نىھان :
« زىنداندىن ئېلىپ چىق ، ئۇنى شۇ زامان .
چېدىرنى يىرتىپ ، گەرسىۋەز شىرگىر ،
چېچىدىن سۆرەپ ، جاللاتقا تاپشۇر .
بۇيرۇ ، يۇلۇپ ئالسۇن بېشىدىن زۇلپىن ،
كىيىملىرىنى يىرتسۇن بىر ــ بىردىن .
تازا ساۋسۇن ، ئاداۋەت ئۇرۇقىن
تۇران يەرلىرىگە چېچىپ يۈرمىسۇن .
سىياۋۇش يىلتىزىدىن ئۈنمىسۇن دەرەخ ،
نە شاخ ۋە نە ياپراق ، نە تاج ۋە نە تەخت . »
بۇ سۆزدىن چوڭلارنىڭ ھەممىسى بىر ــ بىر
پادىشاھقا دىلدىن لەنەتلەر ئوقار .
چۈنكى بىنا بولۇپ شاھلىق ، ھېچ ئادەم ،
شاھلاردىن بۇنداقنى كۆرمىگەن ھېچھەم .
پىلسام كەلدى چىرايى بەك سولغۇن ،
روھى چۈشكۈنۈ قاپىقى تۈرگۈن .
فەرشىبىرۋەرد ۋە لەھھاك سەرىبازلارغا ئۇ
بولغان ئىشنى سۆزلەر ، دىلدا قايغۇ .
« بۇ شاھلىقتىن ئارتۇق دوزاخ ئاتىشى ،
كۈندىن ــ كۈن ئاشماقتا كۆڭۈلنىڭ غەشى .
تېزلىك بىلەن پىران ياققا بارايلى ،
ئەسىرە دەردىگە دەرمان بېرەيلى ! »
ئۈچ ئاتقا راسلىدى جابدۇق ۋە ئېگەر ،
ئاتلار يەرگە دۇتتەك يېپىلىپ بارار .
پىرانغا يېتىشتى ئۇ ئۈچ ئاتلىق ،
يۈزلىرى قانلىق ياش ، دىللار ئۇياتلىق .
ئاكا بولغان ئىشنى سۆزلەيتتى بىر ــ بىر ،
بەخت يۈز ئۆرۈپ نېمە كەلگىنىن ئاخىر .
پىران تىڭلار ، ھالاك بولمىش سىياۋۇش ،
تەختىدىن يىقىلدى ، باشتىن كەتتى ھوش .
ھوشقا كېلىپ ، قىلدى ياقىسىنى چاك ،
ساقاللىرىن يۇلۇپ ، باشقا چاچتى خاك .
نادامەتتە دېدى : « ئەي سازاۋەرى تاج ،
سېنىڭدەكنى كۆرمەس ئەمدى تەختى ئاج ! »
ئاكا لەھھاك دېدى : « شىتاب ئەت ، شىتاب ،
بولمىسا ھالىمىز بۇندىنمۇ خاراب .
فەرەنگىس بانۇمۇ قىلىنار زىندان ،
تەن ــ جىسمى مىسالى نوتىدەك لەرزان .
خار قىلىپ ، سۆرۈشۈپ كېتىشكەنىدى ،
جاللات ھۇزۇرىغا يېتىشكەنىدى . . . »

## پىراننىڭ فەرەنگىسنى ئازاد قىلغانلىقى

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، پىران ئاھ ئۇرۇپ،
ئۇدۇللا كوچىغا چىقتى يۈگۈرۈپ.
« ئوقۇردىن چىقارغىن، — دېدى پەھلىۋان، —
چېنىققان، سىنالغان ئۇن ئاتنى چاققان! »
ئۆزى بىلەن رۇيىن ھەم فەرشىرۋەرد
ئاتقا مىندى، يولدىن كۆتۈرۈلدى گەرد.
ئىككى كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ئىلدام،
دەرگاھقا يېتىشتى، ھەرياق دەرد ۋە غەم.
فەرەنگىسنى كۆردى ھوشسىز، باغرى قان،
سۆرەپ بارار ئىدى جاللاتقا پاسىبان.
ھەربىرى قولىدا ئۆتكۈر تىغ - ئالەت،
ساراي ئىچرە قوپمىش روزى قىيامەت.
ھەممە دىلدا دەرد ۋە كۆزدە قانلىق ياش،
ئەفراسىياپ شاھنى قاغار قېرى - ياش.
ھەممە بىر - بىرىگە سۆزلەر دەرد بىلەن،
ئايال ئايال بىلەن، مەردلەر مەرد بىلەن:
« بۇ ئىش ئادالەتتىن ئەمەس، بەك دەھشەت،
فەرەنگىسنى پارچە قىلىشسا، ۋەھشەت.
زالىملىقتىن بولۇر پادىشاھلىق تەباھ،
ئاندىن ئۇنى ھېچ كىشى دېمىگەي: « پادىشاھ! »
شۇندا پىران يېتىپ كەلدى مىسلى باد،
ئەقىل ئىگىلىرى كۆرۈپ بولدى شاد.
پىرانغا چۈشكەندە فەرەنگىس كۆزى،
كۆز ياشتىن كۆرۈنمەي قالدى گۈل يۈزى.
ئاڭا دېدى: « نېمىشقا شۇنچە زۇلۇم،
بۇ ئازابتىن ياخشىتى تىرىك ئۆلۈم! »
ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى پىران ئەلەمدە،
پەھلەۋى كىيىمىن قىلىپ پارە - پارە.
ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، باھادىر جانباز،
پاسىبانلارغا دېدى: « سەۋر قىل بىرئاز! »
ئەفراسىياپ تامان سوك قىلدى شىتاب،
دىلى دەردتىن خەستە، كۆزلىرى گۈلاپ.
ئاڭا دېدى: « شاھا، شاد بول دائىما،
سەندىن يىراق بولسۇن ياۋۇزلۇق، بالا.
نېچۈن بۇ ئىشلارنى قىلدىڭ ئىختىيار؟
بۇ زۇلۇم، سىتەمدە كىمنىڭ قولى بار؟
قانداق يامانلىقتا دىلدىن بەردىڭ جاي،
دىلدىن ھايا كەتسە، نېمە دەر خۇدا؟

بىگۇناھ سىياۋۇش ئۆلۈمگە مەھكۇم،
شۆھرىتى پاكىزە، دىل يۇتمىش زەققۇم.
ئىرانغا تارالسا شۇملۇق خەۋىرى،
ئاستىن - ئۈستىن بولۇر ئەل - يۇرتىنىڭ جەمى.
ئىران يەرلىرىدىن لەشكەر بىقىياس،
پالۋانلار كېلىشەر، دىلدا كەك - قىساس.
جاھان يامانلىقتىن خالىي، شاد ئىدى،
تەڭرى ئەمرى بىلەن، دىل ئاۋات ئىدى.
دىۋە ھىيلە بىلەن چىقتى دوزاختىن،
تۇران شاھى دىلىن قارماپ تۇساتتىن.
نەپرەتكە سازاۋەر ئاشۇ ئەھرىمەن،
سېنى ئالداپ، يامان يولغا باشلىغان.
ئۇزۇن يىللار بۇندىن بولۇپ پۇشايمان،
جېنىڭ قىينار ئەلەم، قايغۇ ۋە ئارمان.
بىلمىدىم، كىمدىندۇر بۇنداق يامانلىق
ياراتقۇچى روھى بېرەر ئامانلىق.
بۇگۈن مانا زورلۇق پەرزەنتىگە يېتىپ،
ئازارىڭ نۆۋىتى دىلبەندكە يېتىپ،
جايىڭدىن قوزغىلىپ دىۋانە كەبى
ياۋۇزلۇق قىلىپسەن، بىگانە كەبى.
فەرەنگىس خالىماس نە دۇنيا، نە بەخت،
نە شاھ ئايۋانىيۇ ۋە نە تاجۇ تەخت.
يوق قىلىپ ھامىلە بىلەن پەرزەنتىڭ،
شۇملۇقتا بولغىما يەنە ئابرۇيىڭ.
تا تىرىكسەن، ساڭا ياغدۇ نەپرەت،
ئۇ دۇنيادا دوزاخ ئوتى ئاقىۋەت.
ئەگەر پادىشاھ قىلسا روھىمنى خۇشنۇد،
ئۇلارنى ئەۋەتكىن سارايىمغا زۇد.
ئەگەر گۇمان سالسا دىلىڭغا گۇدەك،
ئۇنىڭ ئىشى ئاسان، چارىسى مۇنداق:
كۈت ئانا باغرىدىن ئاجراپ چىققۇچە،
ئاندىن ئېلىپ باراي، قىل بىلگىنىڭچە. »
شاھ دېدى: « مەيلى ئۆز بىلگىنىڭچە قىل،
بىر قوشۇق قېنىدىن كەچتىم، مەن كېپىل! »
ئەمەلدار پىران شاد بولدى بۇ ئىشتىن،
دىل - جېنى قۇتۇلدى ئېغىر تەشۋىشتىن.
ياساۋۇللارنى بۆسۈپ، كەلدى بەكمۇ تېز،
فەرەنگىسنى ئېلىپ، كەتتى بەكمۇ تېز.

ساق ـ سالامەت كەلدى خوتەنگە لۈتفەن ،
يىغلاپ كۈتتۈۋالدى ئۇنى ئەنجۇمەن .
سارايغا كىرىپ گۈلشەھرگە دەر :
« گۈلرۇخقا ھازىرلا يوشۇرۇن بىر يەر ،
بۇندىن خەۋەر تاپماي تۇرسۇن پادىشاھ ،
كېيىن ئىلاج قىلارمىز ، تاپارمىز داۋا .
يېنىدا بول دائىم مىسالى خىزمەتكار ،
نېمە ئويۇن كۆرستەر ئاخىر روزىغار . »
كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلار ئىزمۇ ئىز ،
ئېغىرلاشتى كۈندىن ـ كۈنگە فەرەنگىس .

## كەيخۇسرەۋنىڭ تۇغۇلغانلىقى

تۈم قارا تۈن ، ھەتتا ئاي بولمىش پىنھان ،
غەرق ئۇيقۇغا كەتكەن قۇش ، ۋەھشىي ھايۋان .
سىپاھدار پىران كۆردى قالتىس بىر چۈش ،
ئاپتاپتىن بىر كىچىك شام ياققان ئىمىش .
سىياۋۇش تەختىدە ، قولىدا قىلىچ ،
ۋارقىراپ ئاۋازى بەكمۇ قاقشاتقۇچ :
« غەپلەت ئۇيقۇسىدىن بېشىڭنى كۆتەر ،
ئىش ئاقىۋىتىدىن قالما بىخەۋەر .
خۇشاللىق ۋە بايرام كۈنىڭمۇ بۈگۈن ،
كەيخۇسرەۋ تۇغۇلار تۈنىدۇر بۇ تۈن ! »
سىپاھدار تەرك ئېتىپ ئۇخلىغان جايىن ،
ئويغاتتى گۈلشەھرى ، ئۇ تولۇن ئايىن .
ئاڭا پىران دېدى : « تۇر ، ئورنۇڭدىن تۇر ،
ئاقىلە ، فەرەنگىس ، يېنىغا يۈگۈر !
سىياۋۇشنى كۆردۈم چۈشۈمدە شۇ تاپ ،
ئۇنىڭ قارىشىدا نۇرسىز ئاي ، ئاپتاپ .
ماڭا دېدى : ‹ ئۆلۈك ئۇخلىما زىنھار ،
كەيخۇسرەۋ تۇيىغا ، تېز تۇر ، يېتىپ بار ! ›
گۈلشەھر يۈگۈرۈپ يېتىپ بارسا ، ماھ ،
كۆز يېرىپ ياتار قويىندا ياش شاھ .
كۆردى ـ دە ، شادلىقتا قايتتى سارايغا ،
شاۋقۇن ـ سۈرەنى چىقاتتى ئايغا .
كېلىپ خەۋەر قىلدى پىرانغا شۇ دەم :
« ماھقا ئۇ بوۋاق شاھ بوپتۇ ھەمدەم .
تېز يولغا چىق ، بېرىپ گۈلشەھر ھالىنى كۆر ،
تەڭرى قۇدرىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىن كۆر .
خۇددى يارىتىلغان تاج ۋە تەخت ئۈچۈن ،
گۈرزە ـ قالقان ئۈچۈن ، جان ـ ھايات ئۈچۈن . »
بالىنى كۆرۈشكە ئالدىرار پىران ،
تەڭرى قۇدرىتىگە قالدى ئۇ ھەيران .
قالتىس بويى ـ بەستى ، ھۆسن ـ جامالى ،
بىر ياشلىق بالىدەك مۈرە ـ كۆكرىكى .
سىياۋۇشنى ئەسلەپ ، دىلىدا ئازاب :
« لەنەت قارغىش تەگكۈر ، ــ دەر ، ــ ئەفراسىياپ ! »
ئاندىن يىغلىغانلارغا شۇنداق دەر سەردار :
« جېنىم تەندىن جۇدا قىلسىمۇ زىنھار ،
بوۋاقنى قولۇمدىن ئالالمايدۇ شاھ ،
مەيلى مېنى يالماپ تاشلىسۇن تىمساھ . »
ئاخىر چىقارغاندا قۇياش قىلىچىن ،
ئالەمدىن سۈپۈرۈپ سايىلار ئۈچىن ،
ئاتنى كۆچەپ چاپتى باھادىر پىران ،
شاھ ئالدىغا يېتىپ باردى چاققان .
ئويلايتتى نېم بولۇر بوۋاقنىڭ پالى ،
كۈتتۈپ تۇردى تا شاھ قالغۇچە ھالى .
ئاخىر سۆز باشلىدى : « ئەي قۇياشقا يار ،
ئېسى ـ ھوشى پۈتۈن ، ئاقىل جاھاندار .
بەختىڭگە قېتىلدى پۇقرايىڭ يەنە ،
ئۇنىڭ قامىتىن سەرۋ ، ھۆسنىن ئاي سانا .
چىرايدا ئاڭا ھېچكىممۇ يېتەلمەس ،
تولۇن ئاي بۆشۈكتە بالقىپ ياتار ، بەس .
ئەگەر تىرىك بولسا ئىدى تۇر مەرگەن ،
ھۆسنىدىن كۆز ئۈزمەي تۇراتتى زاتەن .
ساراي تاملىرىدا يوق ئۇنداق سۈرەت ،
ئۆتكەنلەر ھۆرمىتى قايتار نىھايەت .
فەرىدۇنغا ئوخشار ئۇنىڭ ھەر جايى ،
شەۋكىتى ، چېھرىسى ، دەستى ۋە پايى .
يامانلىق خىيالىن ئۇنتۇسۇن دىلىڭ ،
خۇشال بولغىن ، تاج كىيدۈرسۇن قولۇڭ . »
ياراتقۇچى سېلىپ دىلىغا ياخشىلىق ،
يوقالدى ئاداۋەت ، زۇلۇم ، بەتقىلىق .
دىلدا غەم قىلمىشىن قىلغىنىمدا ياد ،
ئاھ تارتار ، لېۋىدىن چىقار سوغۇق باد .

ياۋۇز ئىشلاردىن بولدى پۇشايمان .
ئويلىسا ، ئۆز دىلى قىينىلار ھامان .
دېدى : « يامانلىقتىن بولدۇم خوپ بەتنام ،
ھەر كىمدىن ئاڭلىدىم تەنەيۇ دەشنام .
توختىماس بىر جەڭدۇر ئەسلى بۇ ھايات ،
ئۇستاز ساۋاقلىرىدىن قىلغانىدىم ياد .
كەيقۇباد تۇخۇمىدىن ۋە تۇر نەسلىدىن ،
بىر شاھ كېلەر تاجۇ تەختىم قەھرىدىن .
ئۇنىڭ مېھرى بىلەن ياشنىغاي جاھان ،
ئاڭا باش ئەگكۇسى ئىران ۋە تۇران .
بۇگۇن نېمە بولسا ، بولۇر ئاخىرى ،
پايدا بەرمەس ئىكەن قايغۇ ، دىل كىرى .
لېكىن ئادەم ئارا ساقلىما پەقەت ،
تاغدىكى چوپانلار ئىچىگە ئەۋەت .
ئۇندا تۇرسا بىلمەس كىملىكىن ھېچكىم ،
نېچۇن ئۇنى تاغقا ئەۋەتكىنىم ھەم .
ھېچكىمدىن بىلەلمەس كىم ئاڭا ئەجداد ،
ئۆتكەن ئىشلارنى ھەم قىلالماس ھېچ ياد . »
دىلدا شۇنداق پىكىر ئالغانىدى جاي ،
گويا ئۆزگەرگەندەك بۇ كونا ساراي .
نې ئامال قولۇڭدا بولمىسا چارە ،
چارىسىز يۈرەكنى قىلمىغىن پارە .
تەقدىر يامانلىقنى كۆرگەندە راۋا ،
ساۋاق ئال ، ئۇندىن ھەم مول بولسۇن زىيا .
ئۆز يېرىگە خۇشال قايتار ئۇ پالۋان ،
دىلدا خۇش خىياللار ئويناپدۇ چەندان .
ياراتقۇچى ھەققىدە ئوقار ئاپىرىن ،
يېڭى شاھ تەرىپىگە بەند قىلار تىلىن .
يول ماڭار ، بېشىدا مىڭ تۈرلۈك خىيال ،
نې ئىشلار كۆرسىتەر بۇ ساھىبجامال .

## پىراننىڭ كەيخۇسرەۋنى چوپانلارغا تاپشۇرغانلىقى

كولۇ تاغلىرىدىن چاقىرتىپ چوپان ،
شاھزادە ھەققىدە سۆزلىدى پىران .
ئۇلارغا تاپشۇردى كۆز قاراقىنى ،
بۇنداق قالتىس ئوغۇل ئادەمدە قېنى ؟
« بۇنى ساقلاڭ ، — دېدى ، — مىسلى جانى پاك ،
ئاسراڭلار تەگكۈزمەي نە شامال ، نە خاك .
بۇندىن ھېچ نەرسىنى ئايىماڭ ھېچھەم ،
يۈرەك كۆز نۇرىڭىز تەلەپ قىلسا ھەم . »
دېيىشتى : « پەرمانىڭ بىزلەرگە قانۇن ،
پۈتۈن ئۆمۈر بىزگە ئەمرىڭ رەھنامۇن ! »
ئۇلارغا بەردى كۆپ سوۋغا ـ سەرمايە ،
بوۋاققا قوشتى بىر ئاقىلە دايە .
كۆزگە ، پېشانىگە تەگكۈزۈپ بارماق ،
شاھزادىنى ئېلىپ مېڭىشتى شۇ چاغ .
شۇنداق ئۆتەر كۈنلەر ، ئايلىنار پەلەك ،
تەگرى مېھرىنى ئېمىپ ئۆسمەكتە گۆدەك .
يەتتە ياشقا كىرىپ ، شاد ـ خۇرام قۇتاس ،
ھۈنەرلەر كۆرسەتتى بوۋىلارغا خاس .
ياغاچتىن كامان قىپ ، ئۆچەيدىن كىرىش ،
ھەر ياققا ئوق ئېتىپ كۆرسەتتى كۆپ ئىش .
ئوقى ئاددىغىنا ، ئەمما ھەيۋەتلىك ،
يايلاقتا قىيغىتىپ ، قىلار ئوۋچىلىق .
ئون ياشقا تولغاندا بولدى ئۇ پالۋان ،
دادىل جەڭ باشلىدى دۈچ كەلسە قاۋان .
ئاندىن تىك تاشلىدى كۆرۈنسە پەلەڭ ،
شۇ ئەگمەك ياغاچتا ياشلار ئىدى جەڭ .
شۇنداق كۈنلەر ئۆتتى ئارتتى شىددىتى ،
سۆزىن ئۇقتۇرالماس ۋەلى ، نېمىتى .
چوپان تاغدىن چۈشۈپ ، يول يۈرۈپ يىراق ،
پىران سارىيىغا باردى بىسوراق .
دېدى : « مەن سەرەپراز شىردىن بەغايەت ،
ئەنسىرەپ كەلدىممەن ، قىلىپ شىكايەت .
ئەڭ ئاۋۋال ئاھۇنى ئوۋ قىلىپ يۈردى ،
ئاندىن بۆرە ـ يولۋاس كۆرسە يۇگۈردى .
ھازىر ئاڭا شىر ھەم ، ئاھۇ ھەم بىردۇر ،
ئارامىم يوقالدى ، بۇندىن مەن دىلگىر .
ئاڭا بىرەر ئەھۋال بولسا نە قىلغۇم ؟
پىران مەندىن تەلەپ قىلسا نە قىلغۇم ؟ »
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۈلۈپ دەر پىران :
« قالمايدىكەن ئەسلى ھۈنىرى پىنھان ! »
ئېتىغا مىندى ـ دە ، يولغا چىقتى ئۇ ،
قۇياش يۈزلۈك شىرغا بولدى روبىرو .

شاھزادە قارشى ئېپ چىقتى كەلگەن ئان ،
قەددى ـ قامىتىگە باقار ئۇ پالۋان .
يۈگۈرگەن پېتى كېلىپ ئۇ ساھىبجامال ،
پىران قولىنى سۆيدى مىسلى شامال .
ئۇلۇغۋار چېھرىسىن كۆرۈپ شۇ پالۋان ،
كۆزدە ياش ، دىلىدا مېھىر پاراۋان .
باغرىغا باستى ئۇ ئۇزۇن بىر مۇددەت ،
ياراتقانغا شۈكۈر ئېيتتى قاتمۇقات .
خۇسرەۋ ئاغا دېدى : « ئەي پاك دىن ،
ساغا كۆلۈپ باقسۇن بۇ تۇران زېمىن .
سېنى بۇ تاغ ئارا كۆرسە ھەر ئىنسان ،
باھادىر دېيىشەر ۋە ھەم مېھرىبان .
چوپان بالىسىنى قۇچاقلاپ زىنھار ،
ئادەملەردىن نېچۈن ئار قىلمىدىڭ ئار ؟ »
دانىشمەن پىرانىنىڭ يۈرىكى ياندى ،
كۆزىدە ئاتەش ، دىلدا ئەلەم ئويغاندى .
ئاغا دىر : « ئۇلۇغلار يادىكارى ، جېنىم ،
پىدا بولغاي ساڭا جانۇ جاھانىم .
ئەجدادىڭدىن ھېچكىم چوپان بولمىغان ،
سىلەرگە تەئەللۇق داستان بولمىغان . »
شاھزادىگە بېرىلىڭ دېدى تۇلپار ئات ،
ھەر بىر قەدىمىگە تىلەپ ھەسەنات .
يولغا راۋان بولدى شاھزادە بىلەن ،
سىياۋۇشقا كۆيەر پىران دىلىدىن .
پەرۋىشلەر قىلدى ئۇ ئۆز قۇچىقىدا ،
شادلىقتىن ئوت يانار يۈز ـ كۆز ، چېھرىدە .
ئارامىن تاپالماي قىيىنلار زېھنى
ئەفراسىياپ قەھرى ، شاھزادە مېھرى
دىلىن بەند قىلاتتى ، ئۇيقۇسىز تۈنلەر ،
بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ئۆتەتتى كۈنلەر .

## پىرانىنىڭ كەيخۇسرەۋنى ئەفراسىياپ ھۇزۇرىغا كەلتۈرگەنلىكى

قارا تۈن ، كۆرۈنمەس كۆزگە ھېچ نەرسە ،
ئەفراسىياپ ياقتىن كەلدى بىر كىمسە .
داڭلىق شاھ چاقىردى پالۋانلىرىنى ،
بەند قىلىپ ئۆتكەن ئىش دىلۇ جانىنى .
دېدى : « دىلىمدا دائىم قايغۇ ـ ئەلەم ،
ياۋۇز خىياللار ۋە دائىم دەردۇ غەم .
خۇسرەۋنى ئويلىسام ، دىلىم قاراڭغۇ ،
سىياۋۇشنى ئەسلەپ ، كۈنۈم قاراڭغۇ .
چوپانلار قولىدا فەرىدۇن زاتى ،
ۋىجدانىمىز قىينار بۇنىڭ ئۆياتى .
گەر ئۇنىڭ قولىدا بولسا تەقدىرىم ،
قازادىن ساقلارمۇ ھېچ ئىرىم ـ پىرىم .
قەدىم ئاداۋەتنى ئۇ قىلمىسا ياد ،
مەن شاد خۇشالدۇرمەن ، ئۇمۇ بولسۇن شاد .
ئەگەر زاھىر بولسا ئۇندىن يامانلىق ،
ئاتىسىدەك ئۇمۇ تاپماس ئامانلىق . »
ئاغا پىران دېدى : « ئەي شەھرىيار ،
ھەممە سەندىن ئەقىل ئۆگىنىشكە زار .
تاغدا ئۆسكەن بالا ، بىئەقىل گۆدەك ،
ئۆتكەن ئىشنى ئەسلەپ ئالارمۇ جىندەك ؟
تاغدا ئۆستى كۆرمەي خەلقتىن نىشانە ،
بىر ۋەھشىي مىسالدۇر ، ئەس ـ ھوشى بىگانە .
كېچە چوپانلاردىن ئاڭلىغىنىم بار :
ئاغا ئەقىل ئەمەس ، خۇش چېھرىلىك يار .
چېھرىدە ، قامەتتە كۆپ ئامەتى بار ،
ئەمما ئەس ـ ھوش ئانچە ئەمەس ، ئەي تاجدار .
سەن كۆپ ئوي ـ ئەلەمگە دىلىڭ ئەتمە بەند ،
ئەسكە ئال ، نې دېگەن قېرى خىرادمەند :
تەربىيىچى ئەسلى ئاتىدىن ئەۋزەل !
بۇمۇ ئانىسىنىڭ ئۆزىمىش تۈگەل .
ئەگەر شاھ پەرمانى بولسا بۇ زامان ،
سارايدا مۇھەييا بولغۇسى ئوغلان .
ئاۋۋال ماڭا پەيمان قىلىپ ، شاد ئەيلە ،
شاھانە قەسىمىڭ يەنە ياد ئەيلە .
فەرىدۇن تاجۇ تەخت ھەققىگە قەسەم ،
كەلتۈرىدۇ راستلىق ، كېتىدۇ ئەلەم .
تۇر بەخت قۇشى ئېگىز ـ ئېگىز ئۇچاردى ،
ئاسمانغا ، تەڭرىگە قەسەم ئىچەردى .
ياد قىلىشار ئاتا ـ بوۋا شۆھرىتىن ،
كىم شان ـ شەرەپ بەرمىش ، ياراتمىش زېمىن ؟ »
ئەفراسىياپ ئاڭلاپ پىران پاك سۆزىن ،
يۇمار بولدى ئارام ئۇيقۇغا كۆزىن .

قاتتىق قەسەم ئىچتى، شاھانە قەسەم،
ئۇندا ئاپئاق كۈن ھەم قاراڭغۇ تۈن ھەم.
جاھاننى ياراتقان بەرھەق نامىغا،
ئاسماننى ياراتقان رەززاق نامىغا.
پىران يەر سۆيۈپ دەر: «شاھى پاك تىلەك،
ئادالەت سەن بىلەن دائىم قوشكېزەك!
ئەقلۇ ئىدراك ساڭا يولباشچى بولسۇن،
زېمىن، زامان ساڭا خاكى پاك بولسۇن!»
كەيخۇسرەۋ يېنىغا كەلدى شۇ زامان،
يۈزلىرى ئاناردەك، دىلى شادۇمان.
ئاڭا دەر: «دىلىڭدىن ئەقلىنى سۆيۈر،
ئۇ باغدىن سۆزلىسە، سەن تاغدىن گەپ ئۇر.
سەن ئۇنى تونۇما، گويا بىگانە،
سۆزلىرىڭدىن دېسۇن سېنى دىۋانە.
بۇ گۈن سەن ئەقىلدىن، ھوشۇڭدىن جۇدا،
بولۇپ تۇرساڭ ئەجەبمەس تەرك ئەتسە بالا.»
بېشىغا تاج كىيدى، شاھانە گۆھەر،
بېلىگە باغلىدى شاھانە كەمەر.
ئاتمۇ كەلتۈرۈلدى، يۈرۈشى راۋان،
ئاڭا مىندى پاك دىل ئۇ كىچىك پالۋان.
دەرگاھقا كېلىشتى ھەممە قېرى ـ ياش،
شاھزادىگە قارار، كۆزلىرىدە ياش.
جارچىلار قىچقىرار: «يول ئاچ، خالايىق!
ياش پالۋان كېلىدۇ، تاج ـ تەختكە لايىق!»
شاھ ئالدىغا باردى شاھزادە دادىل،
باشلاپ بارار ئۇنى پىران دەردمەن دىل.
شۇ چاغ ئەفراسىياپ يېنىغا يەتتى،
بوۋىسىنى ئۇياتتىن تەر بېسىپ كەتتى.
تۇراتتى تېرەكنىڭ ياپرىقىدەك لەرزان،
كەيخۇسرەۋ جېنىدىن نائۈمىد پىران.
يۈزلىرى ئاقىرىپ كەتكەن، نېمە بالا؟
خىيالىدا گاھ ۋاپا كۆرەر، گاھ جاپا.
شاھ قارار شاھزادە تىنىك قامىتىگە،
يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئەقلۇ زەكاۋىتىگە.
باقىدۇ چېھرىسى ئېچىلىپ شادان،
مېھرى غالىب كەلدى دىلدا بىر زامان.
دېدى: «نارەسىدە چوپان بالا ئېيت،
نېمە بىلىسەن كېچە ـ كۈندۈزدىن بۇ پەيت؟
ئېيت، ماللار مېھرىگە قاناتتىڭ قانداق؟
قوزا، ئوغلاقلارنى ساناپتىڭ قانداق؟»
جاۋابىدا دېدى: «ئۇۋلاق يوق ئىدى،
كامانىم بار ئىدى ئەمما ئوق يوق ئىدى.»
شاھ ئۇندىن سورىدى ياخشى ـ ياماندىن،
ئۇنى ئېلىپ بېرىپ باققان چوپاندىن.
ئۇ دېدى: «گەر بولسا غار ئارا پەلەڭ،
پارە ـ پارە قىلار، كىم ئىزدىسە جەڭ.»
ئىراندىن، تۇراندىن سۆز باشلاپ دەرھال،
ئاتا ـ ئانىسىدىن سورىدى سوئال.
ئۇ دېدى: «دۇچ كەلسە ئەگەر ئەركەك شىر
خېلى داڭلىق ئىتلارمۇ قىلالمايدۇ زىر!»
شاھ دەر: «ئىران ياققا بېرىش خالامسەن،
گۇرد شاھى قېشىدا تۇرۇش ئىستەمسەن؟»
«ئاخشام چۆلدە كۆردۈم بىر ئاتلىقنى، — دەر، —
قامىتى ۋە بەستى خۇددى ئەركەك شىر.»
شاھ قاقاقلاپ كۈلدى، گۈلدەك ئېچىلدى،
كەيخۇسرەۋگە سۆزى دۇردەك چېچىلدى.
«ئىلىم ـ پەن ئۆگەنمەك بۇرچىڭ تىلەمسەن؟
يا ياۋدىن قەست ئالماق خىيال قىلامسەن؟»
دېدى: «سۈتكە باقسام قالماپتۇ يېغى،
پادىنى ھەيدەيمەن بۇندىن بۇياقى!»
بۇ سۆزلەردىن شاھنىڭ كۈلكىسى قىستار،
پىران ياققا قاراپ، ياخشىلىق ئىستەر.
«بۇ كاللىدىن ئەقىل ئالالماپتۇ جاي،
باغدىن دېسەم، تاغدىن كېلەر پەيمۇ پەي.
ياخشىلىق ـ يامانلىق بۇندىن كەلمەيدۇ،
ئاداۋەت ئىزدەش بۇنداق بولمايدۇ.
ئانىسى قولىغا تاپشۇرغىل بىباك،
بىر مۇرەببى تاللا خۇشرۇي، دىلى پاك.
سىياۋۇشگىردىغا يەتسۇن ساق، ئامان،
ئۆتكەن ئىشنى ئەسكە سالمىسۇن زامان.
قانچە دېسە شۇنچە بەر بايلىق دىرھەم،
ئات ھەم خىزمەتچى بەر، ئايىما ھېچھەم.»

## كەيخۇسرەۋنىڭ سىياۋۇشگىردىغا قايتقانلىقى

سارايدىن چىقىشتى ئىتتىك ئالدىراپ ،
كۆزىتىپ قالدى شاھ ئەفراسىياپ .
پىران سارىيىغا ئېلىشتى ئۆزىن ،
نېرى قىپ يامانلىق ، ياۋۇزلۇق كۆزىن .
تەڭرىگە شۈكۈر ئېيتار ، بەختىن بوپ مەست ،
ھوسۇلغا كىرگەنتى شاھانە دەرەخ .
قەدىم خەزىنىلىرىن ئېچىپ تاشلىدى ،
ھەر تۈرلۈك سوۋغىلار يىغار باشلىدى .
مەرۋايىت ۋە مارجان ، خالتىلاپ كۈمۈش ،
كىيىملىك ماتالار ، كۆپ ئالتۇن ئىدىش .
كەيخۇسرەۋ ئالدىغا قويىدى بارى مول ،
قول ئېچىپ ، پاك دىلدىن تىلىدى ئاق يول .
بالىنى ئانىغا تاپشۇرۇپ شۇئان ،
ئۇزاتتى ئانىسى شەھىرى تامان .
ئىلگىرى باياۋان بولغان جاي تامان ،
ئۇلار يول ئېلىشتى خۇشال ۋە شادان .
ئاڭا يېتىپ باردى فەرەنگىس ، خۇسرەۋ ،
پۇقرا پەيدا قىلدى ئەتراپتا قورشاۋ .
شاۋ ـ شۇۋغا تولدى لىق ئاسمانۇ زېمىن ،
ھەممىنىڭ ئاغزىدا « سالام » ، « ئاپىرىن » .
ئاشۇ يىلتىزلىرى پاكىزە دەرەخ ،
شۇنداق نوتا بەرمىش بۇ نې ئالىي بەخت .
شاھزادىدىن يامان كۆز يىراق بولسۇن ،
سىياۋۇشنىڭ روھى نۇرلارغا تولسۇن .
شەھەر ئىچرە سەرۋى ئازاد كۆكەردى ،
تىكەنلەر ئورنىغا شەمشات كۆكەردى .
ھەتتا قۇش ۋە جاندار شاد ـ خەندان بولدى ،
ھەممىسىگە سىياۋۇش ئەزىز جان بولدى .
قاچانكىم تۆكۈلمىش سىياۋۇش خۇنى ،
كۆككە بوي ئۇزاتتى بىر دەرەخ شۇ كۈنى .
ياپراقلاردا گويا ئۇنىڭ چېھرىسى ،
مۇشكى ئەتىر چېھرى ئۇنىڭ چېھرىسى .
دەرەخ كۆپكۆك تۇرار ھەتتا قىشتا ھەم ،
تېگىدە پادىشاھقا تۇتىشار ماتەم .
قېرى پەلەك ئىشى شۇ ، بوۋاقنى قويماي ،
ئەمچەكنى تارتىۋالار سۈتىگە تويماي .
ئەمدى مېھىر قويۇپ تۇرغاندا جاھان ،
تۇپراققا تەڭ قىلار ئۇنى ناگاھان .
دۇنياغا يېپىشما ئاچكۆزلۈك بىلەن ،
دائىم ياۋۇزلۇققا تولۇق بۇ چىمەن .
شادلىقتىن ئۆزگىگە دىلىڭ قىستىما ،
غەم بەرگىن يۇرىما ، ئەلەم ئىزدىمە .
باشتىكى ئالتۇن تاج ، چورۇق ئاياغتا ،
بەرىبىر ئەبەدىي ئۇشبۇ ھاياتتا .
كۆيمە ، ئۆتكۈنچىدۇر سۆيگەن سارىيىڭ ،
تار تاۋۇت ئىچرەدۇر ئاخىرقى جايىڭ .
يەپ ـ ئىچىپ ياشىغىن ، يىغىش نە دەركار ؟
رىزقىڭ باسىبانى پاك پەرۋەردىگار .
ھاياتىڭدا شادان ياشالساڭ بەس ،
پەلەك مۇھەببىتىن ھېچكىم كۆرەلمەس .
بىرى بەختى كۈلگەن ، بېشى ئاسماندا ،
لېكىن تېنى خاكقا باقار بىر ئاندا .
شۇنداق ، تاڭ قالىسەن قاراپ پەلەككە ،
گاھ ئاڭا باقىدۇ ، گاھ باقار بۇڭا .
ئەمدى تىڭلا قانداق ئالدى ئۇ قىساس ،
قىساس بولدى قانداق ئۇرۇشقا ئاساس ؟
كەيخۇسرەۋنى ئېلىپ قېچىشتى قانداق ؟
ئاداۋەت ئىشكىن ئېچىشتى قانداق ؟

## فىردەۋسىنىڭ قېرىلىقتىن شىكايەت قىلغانلىقى

ئۆمرۈڭ ئاتمىشى بولسا گەر پەيۋەست ،
مەي بەرمە ، ئۇ كىشى قېرىلىقتىن مەست .
تىزگىن تۇتار قولدا ھاسا ، بۇ نې ھال ؟
مۇڭلۇق بولدى ئەھۋال ، پاراكەندە دىل .
چوققىدىكى دىدبان ـ كۆزلىرىم خىرە ،
پۈتۈن لەشكەر كەلسە كۆرەلمەس بىزە .
ياۋدىن ساقلاپ تىزگىن تارت دېمەس پاسبان ،
يېنىمدىن ئۆتسىمۇ گەر ئوغلار چەندان .
ئىككى چاپقۇر ئاياغ مىسالى سەمەند ،
ئاتمىش كىشەنگە بۈگۈن بولدى بەند .
ئاۋازىم ئاڭلىغان بۇ نې تاۋۇش دىر ،
قېنى خۇشخان بۇلبۇل ، قېنى باتۇر شىر ؟

ئەللىك سەككىز جامىن كۆتۈرگەندە بۇت ،
خىيالىمدىن چىقماس قەبرىستان ، تاۋۇت .
ۋادەرىخا ، نەدىسەن ، ئەي ئوتتۇز يېشىم ،
گۈل ۋە ئەتىر ئىگىسى ئۇ ئەزىز بېشىم .
تىلىكىم ياراتقان ئادىل ئۇ يەزدان ،

يەنە بىر نەچچە يىل قالدۇرسا ئامان ،
باھادىرلار ھەققى قەدىم رىۋايەت
داستانلارنى توقۇپ قىلاي ھېكايەت .
كىم ئوقۇسا قىلىپ ئادالەت ئاۋات ،
مېنى ياخشىلىقسىز قىلىشمىسۇن ياد . . .



# كەيخۇسرەۋ

## (ئاتمىش يىل پادىشاھلىق قىلغان )

### داستاننىڭ باشلىنىشى

ھېكايىچى باشلاپ قەدىمىي داستان ،
ئۆزگە رىۋايەتنى ئەيلىدى بايان .
نېچۈك تەختتە سۈردى دەۋران خۇسرەۋ شاھ ،
نېچۈك تۇران تامان ئۇ سۈردى سىپاھ .
دۇنيانى ياراتقان ئەيلەپ مەرھەمەت ،
كاشكىتى كۆرمىسە ھاياتلىق كۈلپەت .
قەدىم نامەلەردىن يازاي بىر داستان ،
ئەبەدىي قالسۇن ئۇ بولۇپ نەۋقىران .
زېمىندىن ئۆرلىسە سەرۋ دەرىخى ،
ئاسمان پەشتىقىنى قۇچاقلار شېخى .
شۇنداق شاد ئۆسەركى يايراپ دەرەخزار ،
گەر كۈلگەن بەختىنى تاپسا ئەتىۋار .
ھايات پەرۋىشى قىلىپ ئۆستۈرسە ئامان ،
ئۇنىڭ مېۋىسىدىن بەھرىمەن جاھان .
ئەگەر پاك بولسا پادىشاھ زاتى ،
ياخشىلىقتا قالۇر جاھاندا ئاتى .
ئۇنىڭغا ئۈچ نەرسە بولغۇسى ئارزۇ ،
ئەگەر ئۈچتىن ئاشسا تۆت بولىدۇ ئۇ.
پاك زات ھەم ھۈنەر ، ھەم نەسەبلەر ئەگەر
بىرلەشسە ئاجايىپ مېۋىلەر بېرەر.
نەسەب ھەم پايدىسىز ، بولمىسا ھۈنەر،
زاتى – گۆھىرى پاك بولسىمۇ ئەگەر.
تەڭرىنىڭ نىيىتى كىشى گۆھىرى ،
يامانغا يولۇقماي ، قاچار ئۇ نېرى .
ئاتا تۇخۇمىدىندۇر نەسەب ئەسلىدە ،
تۇخۇمغا قاراپ ئۇ بېرىدۇ مېۋە .
ھۈنەر ئۆگىنەرسەن ھەر خىل كىشىدىن ،
قاچمىساڭ جاپا ھەم رەنج تەشۋىشتىن .
بۇڭا ساھىب بولسا قايسى بىر گۆھەر ،
زىبالىق كۆركىگە بولۇر مۇيەسسەر .
بۇ ئۈچىدىن بۆلەك كېرەكتۇر ئەقىل ،
ئۇنى پەس – ئېگىزنى ئاجراتقۇچى بىل .
بۇ تۆت نەرسە تەندە بولسا مۇجەسسەم ،
تەمەدىن خالىسەن ، چەكمىگەيسەن غەم .
ئۆلۈم ھەقتۇر ئاڭا چارە تېپىلماس ،
ئايەتمۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق بولماس .
بۇ تۆتى تۈپەيلى جاھان بىموھتاج ،
تەلىيى ئۇنىڭدا يايار كەڭ غۇلاچ .

### ئۇلۇغلارنىڭ كەيخۇسرەۋنى قۇتلۇقلىغانلىقى

كەيخۇسرەۋ تەختكە ئولتۇرغان زامان ،
خەۋەر تاپتى ئۇنىڭ ئىشىدىن جاھان .
تەختكە ئولتۇردى شاھەنشاھ كېلىپ ،
بېشىغا يالتىراق تاج – كۇلاھ كىيىپ .
جاھاندا ئادالەت ، ھەق بەرپا قىلدى ،
زېمىندىن ناھەقلىق يىلتىزىن يۇلدى .
نېسىپ بولغان ئۇڭا بۇ ئازادىلىك ،
خۇدا بەخش تاج ھەم شاھزادىلىك .
جاھاندا ئارزۇلۇق شەھرىيار ئىدى ،
شۆھرىتى تارقالغان ئۇلۇغۋار ئىدى .
جاھاندا يوق ئىدى ئاڭا ھېچبىر زات
تەۋە بولماي چەتتە كەچۈرگەن ھايات .
قەيەر ۋەيران بولسا ئەيلىدى ئاۋات ،
غەمناكلارنى قىلدى ئەلەمدىن ئازاد .
يازدىكى بۇلۇتتەك تۆكتى يامغۇر – نەم ،
كۆچتى يەر يۈزىدىن غەم – قايغۇ ، ئەلەم .
يەر بولدى جەننەتتىن بېزەكرەك گۈزەل ،
ئادالەت تۆھپىدىن زەر قۇچۇپ تۈگەل .
ياخشىلىق ، تىنچلىقتا پۈركەندى جاھان ،
باغلاندى دېۋىلەر نىيىتى - يامان .

نى مەشھۇر زاتلاردىن ، نى ئۇلۇغلاردىن ،
ئەلچىلەر كېلىشتى يىراق يۇرتلاردىن .
خەۋەرلەر يېتىشتى نىمرۇز سەردارغا ،
جاھانغا نۇر چاچقان ئۇ سىپاھدارغا .
كېلىپ ئولتۇرغاندا تەختىگە ناگاھ ،
يۈكسەكلىك كۆكنى ياراتتى پادىشاھ .
لەشكەرگە ھەر جايدا ئۇقتۇردى دائىم ،
شاھقا ئەيلەڭلار دەپ ئىتائەت ، تەزىم .
شاھ تامان قاراتتى يۈزىن تەھەمتەن ،
شادلىقىن بىلدۈرۈپ چىن يۈرىكىدىن .
نەرىمان سامى زال يېنىدا ھەمدەم ،
قوبۇلدا دىيارنىڭ ئۇلۇغلىرى ھەم .
كەڭ دەشتتە كۆرۈندى قوشۇن قارىسى ،
ياڭرىدى ناغرىنىڭ ھەيۋەت نەرىسى .
زال لەشكەرلىرىنى ئالدىغا باشلار ،
بىنەپشە تۇغ ـ ئەلەم ئارقىدا چاقنار .
شاھنىڭ قۇلىقىغا يەتتى بىر خەۋەر :
كېلەرمىش رۇستەم ئۇ ياخشىلىقپەرۋەر .
لەشكەر ئۆز جايىدىن دەرھال قوزغالدى ،
كۈتۈپ ئالماق ئۈچۈن شۇئان يول ئالدى .
خۇش خەۋەر بىلەن شاھ بولدى شادىمان ،
خەۋەرچىگە دېدى : « بول دائىم ئامان !
ئۇ ئىرۇر ئاتامنىڭ قۇدرەت ـ مادارى ،
ئۇندىدۇر جاھاندا ھۈنەرنىڭ بارى . »
بۇيرۇدى : گېۋ، گۇدەرز، تۇس چىقىپ يولغا ،
ياڭرىتىپ بارسۇن ، دەپ سۇناي ھەم ناغرا .
قەسرىدىن ياڭرىدى ناغرا ساداسى ،
تاج ـ كۇلاھ كىيىشتى مەردلەر بارچىسى .
كۈتۈشكە چىقىشتى بولۇشۇپ سەپراز ،
ھەممىنىڭ قولىدا تۇغ ۋە ناغرا ، ساز .
ئۇچرىشىش جايىغا ئىككى كۈنلۈك يول ،
قوشۇنلار يول ئېلىشقان ئۇپ ـ ئۇدۇل .
تەھەمتەن بايرىقى كۆرۈنگەن زامان ،
لەشكەرلەر توزىڭى ياسىدى تۇمان .
ناغرا ھەم سۇنايلار چىقتى ئەۋجىگە ،
گېۋ،گۇدەرز ، تۇس چۆمدى كۈتۈش مەۋجىگە .
پىلتەن باتۇر تامان چېپىشتى ئۇلار ،
ھەممىسى روھلىنىپ پىلتەننى قۇتلار .
ئۈچىنى باغرىغا يېقىشتى خۇشال ،
شىرزاد شەھرىياردىن سوراشتى ئەھۋال .
رۇستەمدىن زال تامان كېلىشتى ئۇلار ،
دىللىرى ئوچۇق ھەم شۇنچە شاد ئۇلار .
فەرامەرز تامانغا نەزەر سېلىشتى ،
ئۇنىڭ رۇخسارىدىن خۇرسەن بولۇشتى .
ئۇ يەردىن كېلىشتى شاھنىڭ قېشىغا ،
بىر شاھكى ، بەخت تاجى كىيگەن بېشىغا .
پىلتەن مەردكە چۈشكەچ خۇسرەۋنىڭ كۆزى ،
كىرپىكتىن ياش تېمىپ پارلىدى يۈزى .
تەختتىن چۈشۈپ ئۇ ئېيتتى ئاپىرىن ،
تەھەمتەن ئېگىشىپ سۆيدى ھەم زېمىن .
رۇستەمگە دېدى ئۇ : « سەن ، ئەي پەھلىۋان ،
مەن بىلەن مۈلكۈمدە بولغايسەن ھامان !
ئۆزۈڭسەن سىياۋۇش بۇزرۇكۋارى ،
جاھاندا دانالىق ، مەردلىك مادارى . »
قۇچۇپ زالى زەرنىڭ بېشىنى سىلار ،
مېھىر بىلەن ئۇنىڭكى ئاتىسىن ئەسلەر .
باھادىرلارغا جاي كۆرسەتتى ياندىن ،
دېدى : بەخت يار بولسۇن سىزگە يەزداندىن .
رۇستەم قارار ئۇنىڭ ئۈستىبېشىغا ،
ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشى ، سۆز ، قارىشىغا .
يۈزىگە قان ئۆرلەپ ، دىل دەردكە تولدى ،
سىياۋۇش ئىشلىرىن يادىغا ئالدى .
جاھان شاھىغا دەر : « سەن ئەي شەھرىيار ،
ئاتاڭدىن جاھانغا قالغان يادىكار .
ئاتاڭغا ئوخشاش چوڭ شۆھرەتلىك ، دانا ،
تاجدارنى جاھاندا كۆرمىدىم ئەسلا . »
تەختتىن چۈشۈشۈپ ، ئۇلار يۈرۈشتى ،
سورۇن تۈزۈشۈپ كەيپ سۈرۈشتى .
تۈن يېرىم بولسىمۇ شاھ ئالماي ئارام ،
شۇنداق بىر ئادەتنى قىلدۇردى داۋام .

## كەيخۇسرەۋنىڭ مەملىكەتنى ئايلانغانلىقى

قۇياش تارتقان چېغى يالقۇن شەمشىرىن ،
قارا تۈن كۆتۈردى يەردىن چېدىرىن .
دەرگاھتىن ياڭرىدى ناغرا ھەم شۇدەم ،
ئۇلۇغلار شاھ تامان تاشلاشتى قەدەم .
يۈردى تۇس ،گۇدەرز ، گېۋ ــ قورقماس قەيسەر ،
گۇرگىنۇ گۇستەھمۇ ھەم رۇھھامى شىر ئەر .
شۆھرەتلىك بۇ زاتلار كېلىشتى شاھقا ،
كېلىشتى شەرىپى زور بۇ دەرگاھقا .
يىغىلدى جامائەت ئايۋان ــ سارايغا ،
جاھان شاھى مۇنداق دېدى ئۇلارغا :
« قۇرماق ئىستەر ئىدىم دۆلەت مۇكەممەل ،
قۇتلۇق ئىران ئېلىن ئاتقا قىلىپ تەل .
ئاندىن ئۇۋۇ رايىغا ئەيلەپ ئىشتىياق ،
ئۆتسۇن شۇ ئەلپازدا ۋاقتىمىز قۇۋناق . »
ئۇلۇغلار بۇ رايىغا قوشۇلۇپ يەكسەر ،
جاھاندىن بەھرىمەن بولۇشنى ئىستەر.
جاھان شەھرىيارى ئۇۋغا قوزغالدى ،
پەھلىۋان رۇستەمنى يېنىغا ئالدى .
لەشكەرلەردىن كەلدى شۆھرەتلىك زاتلار،
گېۋ، گۇدەرز ھەم كەشۋادتەك ئەزىمەتلەر.
قىلىچۋاز باھادىر شاپۇر ۋە بەھرام ،
گۇرگىن ۋە بىجەندەك ئۇلۇغ داڭدار ھەم .
فەرھادۇ زەنگە ھەم شاۋەرلەرمۇ بار ،
گۇرزىدار ، جەڭلەردە غالىب ــ شىددەتكار.
لەشكەردىن قارايدى ئاي بىلەن قۇياش ،
دۇبۇلغا ، ساۋۇت ھەم گۇرزىلەر تۇتاش .

ئۇۋنىڭ يوق ھېسابى ، باسقان يولىنىڭ ھەم ،
جەڭگاھتەك غەنىيمەت مول بولدى شۇ دەم .
پۈتۈن ئىران يېرىن ئايلىنىپ يۈردى ،
ئاۋات ھەم ۋەيرانە جايلارنى كۆردى .
قانچە يۇرتلار ئەبگار ، خارابە ئىدى ،
يوقسۇللۇقتىن خاراب بولۇشقانىدى .
ئاۋات قىلماق بولدى خەزىنە ئېچىپ شاھ ،
ئىنئامىمۇ تۆھپىلەر قىلىپ خەيرخاھ .
ھەر بىر يۇرتتا تۇرۇپ ، ئۇندا قۇردى تەخت ،
تاپسۇن دەپ يۇرت ئەھلى مۇشۇ ۋەجدىن بەخت .
ھەميانىنى ئاچاتتى ، شاراب ئىچەتتى ،
ئەلگە دىنار چېچىپ ، راۋان كېتەتتى .
يەنە يول تۇتاتتى ئۆزگە شەھەرگە ،
دۆلەتۇ تاج بىلەن چىقىپ سەپەرگە .
ئازەرئاباد دېگەن بىر يەرگە كەلدى ،
ئۇلۇغ زاتلار بىلەن ھەم سۆھبەت بولدى .
شاراب ئىچىپ يۈردى ، ئات چېپىپ يۈردى ،
ئاندىن ئازەرگۇشەسپ ئۆيىگە كىردى .
ئاتەشدان ئالدىدا قىلدى ئىبادەت ،
تەڭرىنىڭ يولىغا خەيرى ــ ساخاۋەت .
ئۇ يەردىن قوزغىلىپ يول ئالدى چاققان ،
سوڭ يېتىپ كېلىشتى كاۋۇس شاھ تامان .
ئولتۇرۇشتى ئۇلار بىرلىكتە شادىمان ،
شادلىقتىن بوشىماي قالدى بىر زامان .
ساپ گۇلاپ ئىچىشىپ ، باش قايغان چېغى ،
ئۇلارنى ئېپ كەتتى ئۇيقۇ ئارامى .

## كەيخۇسرەۋ بىلەن كاۋۇسنىڭ ئەفراسىياپقا قارشى ئەھدۇ پەيمانى

زۇمرەتتەك كۈن تاڭدا ياشناپ چىققان چاغ ،
قارا يەر يورۇدى ياققاندەك چىراغ .
ئولتۇرار جاھاندار ، كاۋۇس شەھرىيار ،
تەڭمۇ تەڭ ئىككى شاھ بىللە بەختىيار.
كۆرۈپ رۇستەم داستان يېتىپ كەلگىنىن ،
سۆزلىدى ئۇنىڭغا كاۋۇس بىلگىنىن .
ئۇ ئەفراسىياپتىن ئاچچى سۆزىنى ،
قان بىلەن يۇغاندەك قىلىپ يۈزىنى .
دېدى : « نە قىلمىدى سىياۋۇشقا ئۇ ،

ئىرانغا سالمىدى نە كۈلپەت ــ قايغۇ ؟
قانچە پەھلىۋانلار بولۇشتى قۇربان ،
ئاياللار ، گۆدەكلەر بولۇشتى گىريان .
ئىران شەھەرلىرى بولدى كۆپ خاراب ،
بۇلارنى خاراب قىلغان ئەفراسىياپ .
تەڭرى بەخش ئەتكەن ھەممە نەرسەڭ بار،
باھادىر ، دانا سەن ، قولۇڭ قۇدرەتدار.
تەلىيىڭ پارلىغان ، زاتىڭ ئۇلۇغدۇر ،
شاھلاردىن ئۈستۈنرەك ، كۈچۈڭ تولۇقتۇر.

ئستەيتتىم سىنىڭدىن بىر ئەھدۇ پەيمان ،
كەچمىگىن ئادالەت ، ھەقتىن ھېچقاچان .
دىل ئەفراسىياپقا ئۆچلۈككە تولسۇن ،
غەزەپىنىڭ يالقۇنى ئۆچمەي ئۇلغايسۇن .
ئانا قېرىنداشلىق بولسۇن ساڭا يات ،
ئۆچلۈكتىن ئۆزگىسى بولمىسۇن قانات .
بايلىققا بېرىلىپ ئالدانما يەنە ،
ئېگىز ـ پەس دۇچ كەلسە داجىما يەنە .
گۆرزىيۇ قىلىچۇ تەختۇ كۇلاھتىن ،
ۋاز كەچمە سۆزۈڭدىن تىيىپ جەڭگاھتىن .
قىساس ئۇ نېمە ، مەن سۆزلەي قۇلاق سال ،
قىساس ـ ئەقلۇ تەنگە مەزمۇن ، بىلىپ ئال .
ئاي ، كۈننى ياراتقان تەڭرىگە قەسەم ،
ئىچ تاجۇ تەختىڭنىڭ شۆھرىتىگەھەم .
فەرىدۇن ئىنسابى ، ياخشى يول ، ئادەت ،
سىياۋۇش قانۇنى جېنىڭ ئۈچۈن تەخت .
يەزدان بەخت يۇلتۇزى ، ئۇ چىن ياخشىلىق ،
پەرق ئېتەر ئۇنىڭدا ياخشى ـ يامانلىق .
مەدەتكارىڭ بولسۇن تىغ ، گۆرزە قولدا ،
بولسۇن كۆركەم قەددىڭ غالىب بۇ يولدا . »
ياش شەھرىيار ئاڭلاپ ئۇنىڭ سۆزىنى ،
ئاتەشكە ئايلاندى قېنى ھەم يۈزى .
ئادالەت پاناھقا ئۇ ئىچتى قەسەم ،
ئاپئاق كۈندۈزگە ھەم ، قارا تۈنگەھەم .
قۇياشقا ، ئايغا ھەم تەخت ، كۇلاھقا ھەم ،
مۆھۈر ، قىلىچىغا ، شاھ تاجىغا ھەم .
« ئالدانمايمەن ئۇنىڭ سېھرىگە ئەسلا،
ۋە ھەتتا چۈشۈمدە مېھرىگە ئەسلا ! »
شاھانە دەپتەرگە شۇندا نىھايەت ،
يېزىلدى پەھلەۋى تىلىدا بىر خەت .
ئاڭا بولدى گۇۋاھ رۇستەمى داستان ،
ھەممە ئۇلۇغلار بىلەن لەشكەرلەر شۇئان .
بۇ خەتنى ھەق قەسەم ، ساداقەت ئۈچۈن ،
ساقلىغىن دەپ بەردى رۇستەمگە پۈتۈن .
ئۇندىن سوڭ يېيىشتى شاراب ، داستىخان ،
بۇ ئۆزگە سۆھبەتتىن بولۇپ شادىمان .
بىر ھەپتە مەي ئىچىپ ، ئاڭلاپ كۈي ـ ناۋا،
كاۋۇسنىڭ قەسرىدە بولۇشتى يەنە .
سەككىزىنچى كۈنى تۇرۇپ شەھرىيار،
يۈيۈنۈپ ، ئىبادەت قىلدى ئىختىيار.
تەڭرىگە سېغىنىپ ، قىلدى ئۇ دۇئا ،
ئوقۇدى ھەققىدە ئۇ ھەمدۇ سانا .
تۈن پەردى يىرتىلىپ چىققاندا ئاپتاپ ،
پەرياد قىسىپ ، ياش تۆكتى كۆزدىن بىھېساپ .
دېدى : « بىر ئۆزۈڭسەن ، ئەي ئادىل خۇدا ،
جاھاندار ، رىزقبەخش ھامىسەن تەنھا .
ياشلىقتا قۇتقۇزدۇڭ مېنى بالادىن ،
يالغۇز بۇ بېشىمنى ئۇ ئەجدىھادىن .
تۇران سەرلەشكىرى ساڭا ئاياندۇر ،
پاتقاچقا گۇناھقا ھالى ياماندۇر .
ھەر جايدا ئېيتىشار ئاڭا نەپرەتلەر،
بىگۇناھ كۆكۈللەر غەزەپتىن تەۋرەر .
ئۇ قىلدى بۇ ئاۋات دىيارنى ۋەيران ،
غەم بىلەن باتۇرلار قەلبىن قىلدى قان .
زۇلۇكتەك سىياۋۇش قېنىن سۈمۈردى ،
جېنىمىز گۆھىرىن كۆككە سورىدى .
شەھرىيارلار دىلى تىترەر ھەر قاچان ،
تاجىغا ئامانلىق يوق ھېچبىر زامان .
بىل ، ئۇلكىم ياماندىن يارالغان بىر شەخس ،
ئۆزى ئەپسۇنچى ھەم ئەسلىدىن ناكەس . »
يېنىشلاپ توپىغا سۈرۈپ يۈزىنى ،
تەڭرىگە ئەرز قىلدى كۆكۈل سۆزىنى ،
ئاندىن قايتتى يەنە تەختى تامانغا ،
پەھلىۋانلىرىغا ، مەغرۇر زاتلارغا
دېدى ئۇ : « سىلەر ، ئەي باھادىرلىرىم ،
خەنجەركەشلىرىم ھەم جاھانگىرلىرىم .
بۇ ئىران ئېلىدىن ئات مىنىپ ئۆتتۈم ،
مۇندىن ئازەرگۇشەسپ جايىغا يەتتىم .
كۆرمىدىم بىرەرمۇ كىشىنى خۇش ۋاق ،
كۈچلۈكلەر يېرىمۇ ۋەيرانە شۇنداق .
ئەفراسىياپ دېسە قاقشار قېرى ـ ياش ،
دىلىغا قان تولۇپ ، كۆزدىن ئاقار ياش .
ھەممىدىن ئارتۇقراق مەن جەبىر كۆردۈم ،
بۇ جاننى غەم بىلەن تولدۇرۇپ يۈردۈم . »
شۇنداق دەپ ئاتا شاھ ، مۆتىۋەر ئىنسان ،
دىلىدىن چىقاردى غەملىك ئاھ پىغان :
« ئىران ئېلى ئۇندىن قايغۇدا بىزار ،
ئەمدى جەڭ ، ۋەيرانلىق توپانىن كېچەر .

سىلەر راست دوستلىرىم بولساڭلار ئەگەر ،
بۇ مۇشكۇل ھالىمغا سالساڭلار نەزەر ،
ئاتامنىڭ قىساسى ئۈچۈن باغلاي بەل ،
ئىراننى كۈلپەتتىن قۇتقۇزاي تۈگەل .
گەر سىلەر بىرلىشىپ باشلىساڭلار جەڭ ،
جەڭگە ئاتلىنىڭلار يولۋاس بىلەن تەڭ .
چىقار مەندىن جەڭنى باشلاشقا سادا ،
تاغنى تالقان قىلماق سىلەر بىلەن ئادا .
مەيداندا تۆكۈلگەن قەترە قان ئۈچۈن ،
كىم بولسا گۇناھكار ، ئىبلىسلار پۈتۈن .
ئەگەر لەشكىرىمدىن كىم بولسا شېھىت ،
جايى جەننەتتىدۇر — بۇ ياخشى ئۈمىد .
بۇنىڭغا نېمە دەپ بېرىسىز جاۋاب ؟
ئويلاپ كۆرسۇن ھەممە بۇنى ياخشىلاپ .
بىلىڭ : ئۇ قول سالدى بىزلەرگە ئاۋۋال ،
تارتمىقى كېرەكتۇر جازاسىن تۈگەل . »
ئۇلۇغلار جاۋابقا شۇندا سۆز ئالدى ،
ئورنىدىن دەرغەزەپ بولۇپ قوزغالدى .
دېيىشتى : « ئەي ، شاھىم دىلىڭنى شاد تۇت ،
مۇشەققەتتىن ئۇنى دائىم ئازاد تۇت .
جېنىمىز – تېنىمىز يولۇڭدا بۈگۈن ،
شادلىق ۋە قايغۇمىز سەندىندۇر پۈتۈن .
ئاندىن تۇغۇلدۇق ، ئۆلەرمىز بىر كۈن ،
گەر ئازاد بولساقمۇ ، قۇلۇڭ بىز پۈتۈن .
شۇ خىل جاۋاب ئالدى شاھ ئەنجۇمەندىن ،
تۇس بىلەن گۇدەرزدىن ، باتۇر پىلتەندىن .
قىزىلگۈلدەك بولدى شاھىنشاھ يۈزى ،
نەۋقىران ، بەختىيار ئىدى ھەم ئۆزى .
ئۇلارغا شۇنچە كۆپ دېدى ئاپىرىن ،
دېدى ئاۋات بولسۇن بۇ باتۇر زېمىن .

## كەيخۇسرەۋنىڭ پالۋانلارنى سىناپ كۆرگەنلىكى

سۇنبۇلا كەينىدىن باققان چېغى كۈن ،
نەچچە رەت ئايلاندى بۇ چەرخى گەردۇن .
ھەممە خادىملىرىن يانىغا چاقىردى ،
ئۇلارغا شاھ زۆرلۈر سۆزىنى دېدى .
ئىككى ھەپتە قوبۇل ئىشىكىن ياپتى ،
بۇ يېڭى دەپتەردىن سەھىپە تاپتى .
نوچىلار ئىچىدىن يازدى نوچىنى ،
پەھلىۋان ، ئەزىمەت ھەم باشلامچىنى .
كاۋۇس تۇخۇمىدىن باھادىر ، ئۆكتەم ،
بىر يۈز ئون سەركەردە كىيىپ قوشۇلدى ھەم .
كاۋۇسنىڭ فەرىبۇرز ئوغلىمۇ كەلدى ،
ئۇ يېڭى شاھنىڭكى تاغىسى ئىدى .
نۇزەر ئۇرۇقىدىن بۇ سەكسەن نەپەر ،
كېلىشتى تاللانغان گۇرزىدار لەشكەر .
زەرەسىپ سەركەردە ئۇلارغا سەردار ،
ھەمىشە ھەر ئىشتا ئىدى مەدەتكار .
شاھلار تاجى ئىدى تۇس پەرزەنتى ،
قولىدا گۇرزە ھەم قىلىچ تۇتقانىدى .
ئۈچىنچىسى گۇدەرز – كەشۋادنىڭ ئوغلى ،
شان قۇچقان قوشۇنى ئۇنىڭ تۈپەيلى .
يەتمىش سەككىز ئوغۇل ، نەۋرىلىرى بار ،
تاغلاردا ئۆكتەم ، چۆلدە ئاتلىق شۇڭقار .
كاۋە بايرىقىغا ئەتكەن شەرەپ – شان ،
شاھلار تاجى ، بەختى ئۇ بىلەن ئامان .
گەجدەھەم ئەۋلادى ئاتمىش ئۈچ ئۆكتەم ،
ئۇلۇغلار تاللاندى ، باشلىقى گۇستەھەم .
مىلاد تۇخۇمىدىن يۈز ئاتلىق كەلدى ،
ھەممىسى بەرقارار ۋە غالىب ئىدى .
تەۋابە جەمەتى سەكسەن بەش نەپەر ،
خەزىنە ساقلاشقا ئۇلاردا ھۈنەر .
بەرتەدۇر ئۇلارغا باشچى — پاسىبان ،
ئۇلارغا جەڭلەردىن بەخش ئەتكەن شان .
ئوتتۇز ئۈچ جەڭگىۋار پەشەڭ ئەۋلادى ،
جۇپىننىڭ ھۆكمىدىن چىقماستى زادى .
ئۇلارغا رىۋ بولدى سەزگۈر پاسىبان ،
ئۇ ئىدى غالىب ھەم قەيسەر قەھرىمان .
جەڭ كۈنى ناغرىنىڭ ئالدىدا قەيسەر ،
كۈيئوغۇل تۇسنى قوغداپ تۇردى مەردلەر .
بەرزىن تۇخۇمىدىن يەتمىش مەرد ھازىر ،
جەڭگاھتا دۈشمەننى يېڭەر گويا شىر .
ئۇلارغا پاسىبان ئىدى ئۇ فەرھاد ،
جەڭگاھنىڭ ئوچىقى تاۋلىغان پولاد .

گۇرازە ئەۋلادى يۈز بەش پەھلىۋان ،
ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزى پاسىبان .
كۇنارەڭ پالۋانلار ئىچرە سەر خىلى ،
قۇتلاشتىن تىنىمايتتى دانالار تىلى .
بۇ كۆركەم ، خىسلەتلىك نامىلارنىڭ شۇ تاپ
كۆپلۈكى تۈپەيلى ئاداشقاي ھېساب .
ھەممىنىڭ نامىنى يېزىشتى پۈتۈن ،
پادىشاھ دەپتىرىگە بولمىش جەڭ ئۈچۈن .
بۇيرۇدى ، شەھەردىن چىقىشسۇن دېدى ،
چۆل ـ دەشتتە چوڭ بىر سەپ تۈزۈشسۇن دېدى .

دېدى : ئەۋج ئېلىشسۇن ، چىققان ھامان ئاي ،
ھىندى قوڭغۇرىقى ، ھېسابسىز كاناي .
ھەممە بارسۇن ، دېدى ، جەڭگە ، تۇرانغا ،
ھەممە شادلىق بىلەن يۈرسۇن ئۇ يانغا .
شاھ ئالدىدا باشلار يەرگە ئېگىلدى ،
لەشكەردىن شاھىغا تەبرىك ئېيتىلدى .
دېدىكىم : « ئەي زىبا يۈزلۈك شەھرىيار ،
تاجۇ كەمەر بولدى سەندىن ئىختىيار .
ھەممىمىز بەندىمىز ، سەن شاھ ئىرۇرسەن ،
يەر ـ كۆكتە دائىما پاناھ ئىرۇرسەن ! »

## كەيخۇسرەۋنىڭ پالۋانلارغا خەزىنە تارتۇق قىلغانلىقى

ئەتراپتا تۇراتتى ئاتلار بىر پادا ،
چوپان بارگاھقا كىردى شۇ چاغدا .
پادىشاھ بۇيرۇدى : كىم تاشلار سالما ،
گاڭ كۆكرەك قەھرىمان بولۇر جەڭ ئارا .
ئاتلارغا سالمىلار ئېتىپ تاشلانسۇن ،
باشلىرى ئارقاندا مەھكەم باغلانسۇن .
ئۇندىن سوڭ بۇ غالىب جاھاندار تۇردى ،
ئالتۇن تەختكە گۆرزە تۇتۇپ ئولتۇردى .
گەنج ، دىنار ئىشكىن ئېچىپ سۆزلەر شاد :
« ئۇلۇغلاردىن ئۇنى ئايىماق ئۇيات !
گاھىدا جەڭگاھتا جەڭ بارار شىددەت ،
گەنج ، دىنار ئەرزىمەس نەزەرگە پەقەت .
مەردلەرگە ھەدىيەمدۇر بار تاجۇ تەختىم ،
قۇياشقا تەڭ بولغاي ئىقبالۇ بەختىم .
شۇ خەزىنە جاھاندا قوزغار جەڭ ھەردەم ،
ئىلكىڭدە بولسا ئۇ كۆرسىتەر ياردەم . »
بۇ يەرگە تەق بولدى ، يۈز تاي رۇم مېلى ،
گۆھەرۇ زەر بىلەن بېزەلگەن بارى .
تەق بولدى تىۋىت ھەم يىپەك بۇيۇملار ،
شاھانە بىر جامدا لىپمۇ لىق گۆھەر ...
ھەممىنى تۆكتى ئۇ تەخت پايگاھىغا ،
مۇنداق دەپ سۆزلىدى شاھ سىپاھىغا :
« بۇلار شۇ ئەجدىھا ، جاللات پەلاشان ،
بېشىنىڭ باھاسى يۈكسەكتۇر ئايان .
ئۇنى ئەفراسىياپ پەھلىۋان بىلمىش ،
ئۇيقۇسىز چېغى ئۇ دەم ئالار ئىمىش .

بېشىغا تەڭ ئالتۇن بېرەرمەن پۈتۈن ،
كەلتۈرسە بېشىنى بۇ يەرگە شۇ كۈن . »
جەسۇر گىۋ بىجەنى سەكرەپ لىككىدە ،
تۇردى ئەجدىھانى پاچاقلىماققا .
ئالدى ئۇ جام بىلەن ھەم جامى زەرنى ،
شۇ جامنىڭ ئىچىگە تولغان گۆھەرنى .
سۇڭرە قۇللۇق قىلدى ئۇ شەھرىيارغا ،
مەڭگۈلۈك تىل بىلەن شۇ تاجدارغا .
ئاندىن ئۇ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى ،
شۇ گۆھەر جامىغا تىكىلىپ تۇردى .
خەزىنىچىگە بۇيرۇق بەردى شەھرىيار ،
كەلتۈر ، دېدى ئىككى يۈز جامە زەر نىگار .
يۈز تاي شاھانە يۈڭ ھەم يىپەك كىيىم .
زۇننار تاقىغان ئىككى گۈلىيۈزنى ئاندىن .
دېدى شاھ : « بۇ مېنىڭ تارتۇق بەرگىنىم ،
يەنە ھەم ئۇنىڭغا قۇت تىلىگىنىم .
كىم تەجاۋ تاجىنى ماڭا كەلتۈرسە ،
ياكى بۇ شۆھرەتلىك جايغا ئېپ كەلسە .
ئەفراسىياپ ئاڭا تاج كىيدۈرمىش ،
تەجاۋنى بەختىيار كۈيئوغۇل بىلمىش . »
يەنە گىۋ بىجەنى قوزغالدى شۇ دەم ،
جەڭگاھقا ئۆزىنى تاشلىغاندەك ھەم .
تارتۇقلارنى قويماي قولىغا ئالدى ،
ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن ئەل ھەيران قالدى .
شاھقا بەخت تىلەپ ئۇ ئولتۇردى شاد ،
جاھان خۇسرەۋ بىلەن بولسۇن دەپ ئاۋات !

بۇيرۇدى : كەمەرلىك ئون قۇل دەل شۇئان ،
زەرنىگار ئون ئاتنى تەخ قىلسۇن بۇئان .
ئاي يۈزى نىقابلىق ئون ساھىبجامال
كەلتۈرسۇن خەزىنىچى ، دېدى ئۇ دەرھال .
مۇنداق دېدى ئەلگە ھوشيار شەھرىيار :
« ئات بىلەن تەڭداشسىز بۇ گۈزەللەر بار .
نېسىپ بولغاي ، كىمكىم تەجاۋ تامان
نەرە تارتىپ بارسا گويا ئارسلان .
ۋە ئەتىسە بەند ئۇنىڭ ئەسىرەسىنى ،
ئۆچۈرۈپ ئارسلاندەك چوڭ نەرىسىنى .
يۈزى باھار كەبى ، قەددى سەرۋ ھەم ،
بېلى قومۇشتەك نازۇك ، قەددى تۈز ، كۆركەم .
يۈزى ئاي گۈزەلنىڭ ئىسمى ئىسنەپۇي ،
سۇمەندەك بۇ دىلبەر ئېپاردەك خۇش بۇي .
تىغ بىلەن تەھدىت سالماق مۇشكۇل ، ئەلھال ،
مۇنداق ئاي يۈزلۈككە تىغ ئۇرماق ئۇۋال .
ئارقان تاشلاپ ياكى تۇتۇپ كەمەرنى
ئېلىپ كەلمەك ، دەركار پەرى پەيكەرنى !
قولىنى كۆكسىگە قىلىپ بېجەن جەم ،
كەلدى غالىب شاھنىڭ يېنىغا شۇ دەم .
جاھان شاھىغا ئۇ ئاپىرىن دېدى ،
تەگرى سەجدىسىگە بېشى ئېگىلدى .
ئۇندىن خۇرسەند بولدى ئۇلۇغ شەھرىيار ،
ئاندىن مۇنداق دېدى : « ئەي ئۇلۇغ نامدار ،
سەندەك پەھلىۋانغا دۇشمەن تەڭ كەلمەس ،
جېنىڭ ئامان بولغاي ، ھېچقاچان ئۆلمەس !»
خەزىنىچىگە بۇيرۇق قىلدى شاھ شۇئان :
« خەزىنىدىن ئون زەر جام كەلتۈرگىن بۇيان .»
زەرجامغا سالدى ئۇ مۇشكى ئەنبەر ،
ئون سىقىم كۇمۇش ھەم ئەڭ ئېسىل گۆھەر .
بىر جام ياقۇت بىلەن ئېپارغا تولدى ،
باشقا جامدا گۆھەر نۇر جۇلا قىلدى .
ھېقىق ھەم زۇمرەتلەر ئاڭا تۆكۈلدى ،
ئاندىن مۇشكى گۇلاپ ئاڭا قوشۇلدى .
تەييار بولدى ئون قۇل ، ئون نەپەر ھۆررزات
ۋە ئالتۇن جابدۇقلۇق ئون تاللانغان ئات .
دېدى : « كىم تەجاۋغا جەڭدە كەلسە زور ،
شۇنىڭغا بۇ نەرسە تارتۇق قىلىنۇر .
شەرت شۇلكى ، ئۇ غالىب چىقىپ ئۇ ياققا ،
تەجاۋنىڭ بېشىنى قويسۇن بۇ ياققا . »
گۇدەرز، گېۋ بۇڭا قول قويدى شۇئان ،
زەنجىرلەپ كېلىشكە پالۋاننى بۇيان .
قېشىغا كەلتۈردى چوۋق بەللەرنى ،
زىبۇ زىننەتلەنگەن قىز ـ گۈزەللەرنى .
شەھرىيارغا ئۇلار ئېيتتى ئاپىرىن :
« سەنسىز بۇ ھۆرمەتنىڭ يەتمىگى قىيىن ! »
سوڭ ، خەزىنىچىگە شاھ چۇشۇردى پەرمان ،
تەخت ئالدىغا ياي ئون زەر داستىخان .
كەلتۈر بىزگە مۇشكى گۆھەر ھەم دىنار ،
كۆلاھ ھەم كەمەرلىك ئون پەرى رۇخسار .
ئىككى يۈز تاي شاھى ماتا بىلەن زەر ،
بىر شاھلىق تاجى ۋە ئون ئالتۇن كەمەر . »
دېدى ئۇ : « بۇ تارتۇق خەزىنە شۆھرىتى ،
مۇشكۇلسىز ئېرىشمەكلىكنىڭ ھۆرمىتى .
بۇ يەردىن كاسەرۇد تەرەپكە يۈرسۇن ،
سىياۋۇش روھىغا دۇئالار قىلسۇن .
جاڭگالدىن كۆرۈنەر ھەيۋەتلىك بىر تاغ ،
يۈز ئارقان بويىدىن ئۇ تاغ ئېگىزرەك .
ئۇنى ئەفراسىياپ ئەتكەندۇر ماكان ،
ئاڭا يەتكەي سۇدىن ئۆتەلەر ئىنسان .
ئىستەيدۇ بۇ يەرگە ھېچكىم ئۆتمىسە ،
ئىراندىن تۇرانغا بىرى كەلمىسە .
ئىراندىن باتۇرلار ئاڭا يۈرۈشسۇن ،
پۈتكۈل كاسەرۇدنى ئوتقا كۆمۈشسۇن .
ئەگەر جەڭ باشلانسا ئۇ يەردىن ناگاھ ،
جەڭگاھنىڭ سىرتىدا قالمىسۇن سىپاھ . »
گېۋ دېدى : « بۇ سەپەر — شىكارىم مېنىڭ ،
ئۇ تاغنى كۇل قىلىش قارارىم مېنىڭ .
ئەگەر لەشكەر كەلسە جەڭدىن قورقمايمەن ،
جەڭدە لاچىن بىلەن بەزمە قۇرغايمەن . »
ھەممە خالىغىنىن گېۋگە بېرىپ شاھ ،
دېدى : « ئەي مەرد سەركەر ، ئۆزۈڭ بول ئاگاھ .
سېنىڭ تىغىڭسىز تاج بولمىغاي روشەن ،
بولمىغاندەك گويا بۇتسىز بىراخمان ! »
بۇيرۇدى رەڭمۇ رەڭ يۈز خىل ماتانى ،
خەزىنىچىگە دېدى : « كەلتۈر سەرپانى ! »
ئىزدىدى خەزىنىدىن ساپ دۇر يۈز دانە ،
سۈزۈكلۈك جەھەتتە تەنھا ـ يېگانە .

كەلتۈردى بەش قىزنى ، چۆرە ھەم قوشۇپ ،
چاچلىرى يىپەكتەك تۇرغان يۆگىشىپ .
« كىمنىڭ پاك جېنىغا ئەقىل ھاكىمدۇر ،
بۇ سوۋغا ، ـــ دېدى ئۇ ـــ ئۇڭا لازىمدۇر .
ئۆزى باتۇر بولسۇن ، سادىق ھەم ناتىق ،
شىردىن غالىب كەلسە ئاڭا بۇ تارتۇق .
ئەفراسىياپتىن كىم ئالالىسا دېرەك ،
كۆكسىدە ھودۇقماي سوقالىسا يۈرەك .
ئاشۇ تاغدىن خەۋەر كەلتۈرسە ماڭا .
بۇ توپنىڭ ئىچىدىن كىم بارار ئاڭا ؟ »
مىلاد ئوغلى گۇرگىن ئۆزىن چاغلىدى ،
بۇ يولغا چىققىشقا بېلىن باغلىدى .
ئالدى چۆرىلەر بىلەن قىزلارنى تۈگەل ،
شاھلىق سوۋغاتلىرىن بۇ ئىشقا بەدەل .
پادىشاھقا رەھمەت ئوقۇپ پەھلىۋان ،
دېدى : ئاقىل شاھىم بولغايسىز ئامان .
يەر بولدى قاغىنىڭ قانىتىسىمان ،
چىراغلار كۆرۈندى تاغ چوققى تامان .
سەركەردە قايتىشتى ئۆز سارىيىغا ،
باتۇرلار ھەممىسى يۈردى جايىغا .

## كەيخۇسرەۋنىڭ رۇستەمنى ھىندى دىيارىغا ئەۋەتكەنلىكى

قۇياشتىن تاغ تۇرقى بولدى كەھرىۋا ،
خورازلار ئۈنىدىن ئويغاندى ساما .
پادىشاھ قېشىغا كەلدى تەھەمتەن ،
ئىرانىڭ تەختىدە سۆزلەندى سۇخەن .
زەۋارە ، فەرامەرز ئۇ بىلەن بىرگە ،
ئۇلارنىڭ سۆھبىتى يەتتى بىر يەرگە .
مۇنداق دېدى شاھى زېمىنغا رۇستەم :
« ئەي نامدار ، شۆھرەتىنىڭ مۇيەسسەرى ھەم .
بىر شەھەر بار ئىدى زابۇلىستاندا ،
بەھرىمەن ئىدى تۇر ئاشۇ ماكاندا .
تۇركلەردىن قۇتقۇزدى مەنۇچېھر ئۇنى ،
ئۇ ئەجەب كۆكلۈلگە ياقار جاي ئىدى .
قىرىغان كاۋۇسنىڭ كەتكەچ قۇۋۋىتى ،
يوقالغاچ شەۋكىتى ، شانى ـ شۆھرىتى .
ئېلىشتى شەھەرنى ئۇ تۇرانلىقلار ،
دىياردا قالمىدى مەرد ئىرانلىقلار .
باج ـ سېلىق يوللىنار ئۈندىن تۇرانغا ،
بىر نەزەر ھەم سالماس شاھى ئىرانغا .
ئۇ ئەلدە كۆپ ئىرۇر پىللار بىلەن گەنج ،
ئۇلاردىن تارتىشار بىگۇناھ خەلق رەنج .
باسقۇن ھەم ، قىرغىن ھەم ، تالان ـ تاراج ھەم ،
تۇرانغا باج بەرمەسلىك غوۋغا ھەردەم .
ئىران پادىشاھلىقى ئىلكىدە مانا ،
چاڭگىللىك شىر كەبى ، جىسمىڭ پىل گويا .
ئەمدى تەشكىل قىپ قوشۇن قۇدرەتۋار ،
شانلىق سەركەردىنى ئەۋەتمەك دەركار .
شۇ كۈنى سېلىقنى يوللىغاي دائىم ،
ۋە ياكى بېشىنى ئەۋەتكەي ، شاھىم .
گەر خوجا بولساق بىز ئاشۇ ماكانغا ،
تەھلىكە سالغايمىز شۇ دەم تۇرانغا . »
رۇستەمگە پادىشاھنىڭ جاۋابى شۇل :
« ئامان بول ، توغرىدۇر سەن كۆرسەتكەن يول .
بۇ ئىشقا قانچىلىك ئەسكەرلەر يېتەر ،
قوشۇندىن تاللىغىن ، بولسۇن مەرد ـ چېۋەر .
ئىلكىڭگە قوشۇلغان زېمىن قىممىتى ،
قەدرىڭگە مۇناسىپ مەردىنىڭ خىزمىتى .
فەرامەرزگە تاپشۇر سەن كۈچلۈك قوشۇن ،
ئۇلار جەڭلەردە مەرد ھەم ھوشيار بولسۇن .
بۇ ئىشنى باشقۇرۇش كېلۇر قولىدىن ،
جەڭگاھنىڭ جەبرىدە قايتماس يولىدىن . »
بۇ سۆزدىن تەرلىدى پەھلىۋان يۈزى ،
پادىشاھنى ماختاپ ھەر سۆزدە ئۆزى .
ساراي سەردارىغا خۇسرەۋ بۇيرۇدى :
« كەلتۈرگىن داستىخان ھەم تائام » دېدى .
مەي كەلدى ، كېلىشتى ناخشىچىلار ھەم ،
جىم بولدى ھەتتاكى بۇلبۇللار شۇ دەم .

## كەيخۇسرەۋنىڭ لەشكەرلىرىنى سەپەرگە هازىرلىغانلىقى

قۇياش تاغ ئۈستىدە ئاچقاندا يۈزىن ،
هېكايىچى دەرهال توختاتتى سۆزىن .
ياڭرىدى ناغرىلار شاھ دەرگاهىدىن ،
كاتتىلار جاي ئالدى تەخت هۇزۇرىدىن .
پىللارغا باغلاشتى مىس ناغرىلارنى ،
كانايلار ياڭراتتى هەم نەرىلەرنى .
پىل دۈمبىسىگە ئورناتتى كاجۇۋا،
بېزەلدى ياشنىغان دەرەختەك گويا .
بېشىغا كىيىشتى گۆهەرلىك كۇلاھ ،
دەرگاهتىن چىقىپ پىلغا ئولتۇردى شاھ .
بوينىدا شاهانە بېزەك پارىلدار،
ئۆكۈز باش گۇرزىسى قولىدا ئوينار .
تاجىدا قىلىدۇ ياقۇت ، زەر جۇلا ،
بوينىدىن بىر هالقا چاچىدۇ زىيا .
بىلىكى ئۈستىدە ئىككى ياقۇت زەر ،
بېلىدە يالتىرار زەر زىننەت كەمەر .
قوشۇننى ئارىلاپ پىل باستى قەدەم ،
تىللادىن جابدۇقى ، يېپىنچىسى هەم .
شاهانە بىر جامنى شاھ تۇتتى شۇئان ،
قوشۇن زور زۇهەلگە تۇتاشقانىسمان .
تىغ ، گۇرزە ، ناغرىدىن ئۆرلەپ چاڭ ـ توزان ،
لەرزىدە قوڭۇر يەر ۋە نىل رەڭ ئاسمان .
كۈن قايان كەتتى دەپ قىلماڭلار گۇمان ،
گويا سۇ تېگىگە ئۇ بولدى پىنهان .
ئۆتكۈر كۆزلەرگە هەم كۆرۈنمەس جاهان ،
كۆرۈنمەس كۆك ، يۇلتۇز ، نەيزىلەر شۇئان .
گوياكى دەريادا مەۋج ئۇردى دولقۇن :
توپ بولۇپ قوزغالدى ئورنىدىن قوشۇن .
چېدىرلار يۆتكەلدى مۇندىن دەشت تامان ،
غوۋغادىن تىنچلىقىن يوقاتتى ئاسمان .
پىلنىڭ ئارقىسىدا ئۇ شاهى نامدار ،
جامغا مۆهرىن تاشلاپ ، باغلىدى كەمەر .
پادىشاھ ئىشىدىن يوقتۇر باشقا كار ،
ئۆزگە هەۋەسكە قىلماس ئىختىيار .
هەم ئۇندىن ئارتۇقراق هۆكۈمدار يوقتۇر،
پەقەت ئۇندا پەرمان ، ئۇندا هوقۇقتۇر .
پىل بىلەن چوڭ دەشتكە كەلدى يول كېزىپ ،
دېدى ئۇ : « قوشۇنلار تۇرسۇن سەپ تىزىپ .»

باهادىر فەرىبۇرز ئالدىدا يۈردى ،
جاهاندار ئالدىدا ئەپچىل يۈرەتتى .
گۇرزە هەم تىغلىقلار كىيگەن زەر باشماق ،
قۇياشنىڭ نەقشىدە تاۋلانغان بايراق .
بىر ئاتقا مىندىكى چاپچىتىپ مانا ،
چۇلۋۇرىن تارتقاندا گويا بولدى يا .
بىر تەكشى ماڭاتتى مەغرۇر بۇ قوشۇن ،
زەر كۈمۈش بېزەكلەر قوشقانتى هۆسن .
ئۇلارغا ئاپىرىن ئېيتتى شەهرىيار :
« ئۇلۇغلار شەۋكىتى دائىم بولسۇن يار .
هەممە ئىشتا بولسۇن بەختىڭ بەرقارار ،
ئۆتكۈزگەن هاياتىڭ بولسۇن نەۋباهار !
باسقان هەر ئىزىڭدا بولغىن سالامەت ،
غەلىبە قۇچ قايتقاندا كۆرمەي مالامەت . »
ئارقىدىن كېلەتتى گۇدەرزى كەشۋاد ،
باسقان هەر قەدىمى بولغانتى ئاۋات .
ئارقىدىكى تۇغقا شىر نەقىشلەنگەن ،
قولىدا گۇرزىسى ، شەمشىرى بىلەن .
گۇدەرزدىن سول ياندا كېلەتتى رۇهام ،
يېنىدا كېلەتتى باهادىر گېۋ هەم .
ئارقىدا بايراقدار شېدۇش يىگىت ، ئەر ،
شىرانە تۇرقىدىن رەڭ ئالغانتى يەر .
ئارقىدىن كېلەتتى لەك مىڭلاپ لەشكەر ،
قولىدا نەيزىلەر تۇتقان ئاتلىقلار .
يەنە بۆرە سۇمبات بىر قارا بايراق ،
گېۋ كەينىدىن كېلەر هەدەپ يالتىراق .
رۇهام بايرىقىنىڭ نىشانى ئارسلان ،
ئېگىز ئۆرلىگەن بۇلۇتلار تامان .
يەتمىش سەككىز ئوغلى هەم نەۋرىسى بار ،
جاي يەتمەي ئۇلارغا كەڭ دەشت بولدى تار .
هەر بىرى كەينىدە ئۆزگە بىر بايراق ،
هەر لەشكەر قولىدا تىغلار يالتىراق .
گۇدەرز قول ئاستىدا گويا بۇ جاهان ،
باتۇرنىڭ خىزمىتىن قىلاتتى هەر ئان .
كەلگەندە ئۇ شاهنىڭ تەختىگە يېقىن ،
تاجۇ بارگاهىغا ئېيتتى ئاپىرىن .
ئۇ سانا ـ ئاپىرىن ئوقۇر گۇدەرزگە،
تەبرىكلەر تىلىدى گېۋ لەشكىرىگە .

گۇدەرزنىڭ كەينىدىن كېلەتتى گۇستەھەم ،
ئۇنىڭغا ئاتا ئىدى هوشيار گەجەھەم .
جەڭ چېغى ئىلكىدە نەيزە بار ئىدى ،
كامانىغا ئۆتكۈر ئوقلىرى يار ئىدى .
يا ئوقى قولىدىن قىلغانىدا پەرۋاز ،
تاغ ـ تاشتىن كېلەتتى زارلىغان ئاۋاز .
قورالالانغان قوشۇن باراتتى سىقىق ،
ھەممە ياقتا هازىر ئىدى گۇرزە ، تىغ .
بىر ئاينىڭ سۇرىتى چۈشكەن تۇغ ـ ئەلەم ،
يالتىرايتتى كۆكتە ، باش ئۈستىدە ھەم .
شەھرىيارغا ئېيتار ئىدى ئاپىرىن ،
شاھمۇ ھەم يوشۇرماس خۇرسەن بولغىنىن .
گۇستەھەم ئارقىدىن كېلەتتى ئەشكەش ،
هوشيارلىق ، يەقۇۋۋەت ، خىسلەتلەر تەڭكەش .
هۇما ئەۋلادى ئۇ زور گۇرزىدار ،
قەيەرگە بۇيرۇسا شۇ يەردە تەييار .
بەلۇچلەر ئېلىدىن ئىدى قوشۇنى ،
پالتىدا جەڭ قىلىپ قوغدايتتى ئۇنى .
چېكىنگەن هالىتىن كۆرمىگەن ھېچكىم ،
چېلىشۋاز قوللىرى دەم تۇرمىغان جىم .
ئارسلان نۇسخا بايراق تۇتقان قولىغا ،
زەپەرلەر كېلەتتى ئۇ ماڭغان يولىغا .
شەھرىيارغا ئېيتتى ئاپىرىن تەكرار ،
قىلدى ھەم تەقدىردىن ، شادلىقتىن ئىزھار .
خۇسرەۋ پىل ئۈستىدە يولغا زىمن سالدى ،
قوشۇن ئىككى مىل يولغا يېقىنلاپ قالدى .
بۇنىڭدىن مەمنۇن بوپ ئېيتتى تەسەننا ،
دېدى : بەختى كۈلسۇن ، ئاڭا خاس دۇنيا .
قوشۇندىن شاد ئىدى جاهاندار ئۇ شاھ ،
تىلەيتتى شادلىقنى ، بەختنى ھەر چاغ .
يەنە بىر تاللىغان باتۇرى فەرھاد ،
ئۇنىڭدىن خۇسرەۋنىڭ لەشكىرى ئاۋات .
قوشۇنغا ئۇ ئىدى مۇرەببىي ، ھەمكار ،
ئۇنىڭ خىزمىتىگە ھەر يەردە تەييار .
ئاھۇ سۇرەت بايراق لەپىلدەر بەلەن ،
باشلارغا بولۇپ ئۇ كۆكۈش سايىۋەن .
قوشۇننىڭ ھەممىدە هىندى تىغى بار ،
تۈركچە ساۋۇتتۇ سۇغدى ئېگەردار .
قۇبادنىڭ نەسلىدىن بۇ شاھزادىلەر ،
ئۇلاردا يەزداننىڭ نۇرى جىلۋىدار .
ئۇلارنىڭ چېھرىسى ئاي كەبى گۈزەل ،
جەڭگاھتا يالتىرار بەئەينى مەشئەل .
يېڭى تاجۇ تەختنى كۆرگەندىن كېيىن
يېڭى پادىشاھقا دېدى ئاپىرىن .
كېلەتتى پەھلىۋان بىر يىگىت هازىر ،
**فەرھادنىڭ** كەينىدىن مىسلى ھەيۋەت شىر .
**گۇرازە ، ئۇ** گېۋنىڭ لايىق ئەۋلادى ،
**باراتتى ئىنتىلىپ** ، تاڭ ئىدى يادى .
**ئېگەردىكى ئارقان** هالقىسىدىن شاھ ،
**خۇش ئىدى ، ئۇلارنى** خۇش كۆرۈپ ھەرگاھ .
لەشكىرى قولىدا توڭگۇز سۈرەت تۇغ ،
سالما ـ ئارقان جەڭدە قۇچاتتى ئۇتۇق .
شاھقا يېقىنلاپ ئۆتتى دەشت قەيسەرلىرى ،
ئاپىرىن ئوقۇشتى ئۇلار ھەر بىرى .
هۇما سۈرەت تۇغ ئارقىدىن شۇئان ،
ئىزىدىن قوزغىلىپ ماڭدى تاغسىمان .
ئاندىن زەنگە شاھنى قۇتلىدى پۈتۈن ،
مۇشۇ قەد ، مۇشۇ كۆرك ، تىغ ، ئوزۇق ئۈچۈن .
ھەر كىمكى ئەسلىدە باغداتلىق ئىدى ،
نەيزىسى ، قىلىچى قۇرج ـ پولات ئىدى .
هۇماي ئاستىدا ئۆتتۇشتى ھەممە ،
شاھ پىلدە قوزغالماي تۇرار شۇ يەردە .
فەرامەرز تۇراتتى شاھ ئارقىسىدا ،
بىر شەۋكەت يالتىراپ ئۇنىڭ هۆسنىدە .
قوشۇن ، پىل ۋە ھەتتا ناغرىلار شۇئان ،
جەڭ ئۈچۈن تەلپۈنۈپ تۇراتتى هامان .
بارچە قەھرىمانلار ئاپتاپ تۇسىدە ،
كەشمىرۇ كابۇلۇ يېرىم كېچىدە .
باتۇر ئاتىسىدەك بىر ساھىب هۈنەر ،
رۇستەمدىن يول تارتىپ ئالالماس ھېچ ئەر .
مېۋىلىك دەرەختەك ئېگىلىپ شۇئان ،
شەھرىيارغا دېدى كۆپلەپ ئاپىرىن .
فەرامەرزدىن شاھنىڭ بولدى كۆڭلى شاد ،
ئۇنىڭغا نەسھەت ئېيتتى كەڭ كۆشاد .
دېدى : « پىلتەن ئاتاڭ پەرۋىشى بۇ ،
ئالىي ئەنجۇمەننىڭ ئاسايىشى بۇ .
سەن هوشيار رۇستەمنىڭ ئوغلانىدۇرسەن ،
نەيرەمدىن بولغان سام داستانىدۇرسەن .

ئەمدى كۆر ، سېنىڭدۇر ھىندىستان ئېلى ،
كەنۇجدىن تارتىپ تا سىيىستان ئېلى .
ساڭا ھېچ قارا قول قەست يەتكۈزمىسۇن ،
بىر ئىش قىل ، ئۇنىڭدىن زىيان كەلمىسۇن .
ھەر جايدا بولغۇنكى ، دەرۋىش يارى بول ،
قېرىنداشنىڭ سېخىي مەدەتكارى بول .
كىم ساڭا دوست بولسا ، ئەيلە ئېتىبار ،
بىل كىمدۇر دانىشمەن ، كىمدۇر غەمگۇزار ؟
سەن ئىشنى ئەتىگە قالدۇرما زىنھار ،
بىل بۇنى : كېچىككەن ئىشقا ياغار قار .
ساڭا بۇ شاھلىقنى بېرەي ، ئۇنى تۇت ،
بىكاردىن بىكار جەڭ قىلىشنى ئۇنۇت .
ياشلىقتا بولمىغىل پۇل كەينىدىن خار ،
ئازار يەتكۈزمىگىن كىم تارتسا ئازار .
ئەپسۇسلۇق قەسرىدىن بولما خاتىرجەم ،
بىر خىلدا تۇرماس ئۇ ، ئۆزگىرەر ھەر دەم .
سەندىن نام قالغۇسى ، قالۇر يۈكسەك نام ،
دىلىڭنى دۇنياغا باغلىما تامام .
مېنىڭ ھەم ، سېنىڭمۇ كۈنىمىز تۈگەر ،
نەپەسنى چەرخ ـ پەلەك ھېسابلاپ يۈرەر .
دىلىڭ شاد بولسۇنۇ ، بەدىنىڭ ساغلام ،
ئەڭ زۆرۈر نەرسىنى ئويلىساڭ مۇدام .
جاھاننى ياراتقان سەندىن شاد بولسۇن ،
يامانلارنىڭ دىلى دۇتقا كۆمۈلسۇن ! »
نەسىھەتنى ئاڭلاپ يېڭى تاجداردىن ،
ئۆزىن يەرگە قويدى ئۇچقۇر تۇلپاردىن .
يېڭى شاھقا ئوقۇپ ئاپىرىن بىسيار ،
دېدى : يېڭى ئايدەك بول كۆكتە دەركار !
يەرنى سۆيۈپ شاھقا ئوقۇدى دۇئا ،
ئالدىراپ ئاتلاندى ئۇ يىراق يولغا .
ئۇ بىلەن رۇستەممۇ بىر ھازا يۈردى ،
يېنىدا يۈرگەندە پىكرى جۇش ئۇردى .
ئۆگەتكەن ئۇنى جەڭ ، بەزمە ، ئەقىلگە ،
ئىستەيتتى ئوغلىغا ئارام دائىما .
قوزغالدى دىلىدا ئوتلۇق دەرد شۇئان ،
قايتىپ كەلدى دەشتتىن بارىگاھ تامان .
سەركەردە مەست پىلدىن چۈشۈپ تۇردى تىك ،
تېز يۈرەر ئېتىغا ئۇ مىندى تېتىك .
چېدىرغا كەلدى ئۇ ۋەزمىن ، ئۇلۇغۋار ،
بېشىدا كۆپ پىكىر ، قەلبى دەردكە يار .
رۇستەم كەلگەن ھامان مەي كەلتۈرۈلدى ،
ئالدىدا زور جامغا مەي تولدۇرۇلدى .
دېدى : شادلىق بولسۇن ساڭا دائىم يار ،
ئەتىدىن سۆز ئاچماس دانا زات زىنھار .
قەيەردە ئۇ تۇر ھەم سەلىم ، فەرىدۇن ؟
ھەممىسى تۇپراقتا يوق بولدى پۈتۈن .
رەنجىمىز مال ـ مۈلۈك توپلىغۇچە چوڭ ،
خاھىشنىڭ كەينىدىن يۈگۈرىمىز سوڭ .
تۇپراققا ئايلانماق ئاقىۋەت قىسمەت ،
ھېچ كىشى تەقدىردىن قاچالماس پەقەت .
مەي ئىچىپ يايرىساق گەر قارا تۈندە ،
كۈنلەرنىڭ نۆۋىتى تاڭ ئاتقان كۈندە .
تۇس نەي ناۋاسىنى دىللار ئاڭلىسۇن ،
سۇناي ھەم ناغرىلار ، سازلار ياڭرىسۇن .
قارايلى بۇ چەرخى پەلەك قولىغا ،
جەڭدە شەپقەت چاچار كىمنىڭ يولىغا .
ئىنتىلگەن ھەۋەستە نېمە پايدا بار ،
نېمە قىسمەت بولسا ، بولۇر بەرقارار .
ياخشىلىق ، يامانلىق بىز بىلەن ھامان ،
دانا كىشى نېچۈن قىلمىغاي ئارمان ؟
جاھاننى ياراتقان بولسا بىزگە يار ،
ئاتا قېنى ئۈچۈن قىساس ئالماق بار.

## سياۋۇشنىڭ ئوغلى فۇرۇد ھەققىدە داستان

جاھاندار گەر بولسا سەر خىل پەھلىۋان ،
قورالنى تاپشۇرماس ياۋغا ھېچقاچان .
ھەسەتتىن كىرپىككە ياش قونسا بىر ئان ،
ئۇ ياشقا تاپالماس تېۋىپ ھېچ دەرمان .
ئۇلۇغلاردىن بولسا زاتى كىم ئەگەر ،
ئارتۇقلۇقتا ئۆزىن تەڭسىز ھېس ئېتەر .
ئىستەكسىز دىل تۇتقۇن بولمىقى باردۇر ،
مەقسەتلىك كىشىگە شان ـ شەرەپ ياردۇر .
سەركەردە ئۇنى دوست دېسە ئۆزىگە ،
كىرمەس ئەسلا كۆڭۈل ئاقىل سۆزىگە .

گەر پەلەك كۈندۈزنى قايتۇرغاندا ھەم ،
قۇياشقا مىننەتدار بولمايدۇ ئۇدەم .
ئۇنىڭچۈن ياخشىلىق ئىستىمەس دىلدا ،
ئىستىكى دىلىدىن كەتمەي شۇ خىلدا .

ئەگەركى كىشىدە بولمىسا ئەقىل ،
ئۇنى دانا ئەلگە قوشمايدۇ پۈتكۈل .
پۈتۈن بۇ داستانىنى ئاڭلىساڭ ئەگەر ،
بەتقىللىق ھەققىدە تاپۇرسەن خەۋەر .

## تۇسنىڭ تۈركستانغا سەپەر قىلغانلىقى

چوققىدىن رەڭ بېرىپ كۆك چىرايىغا ،
كۆتۈرۈلدى قۇياش بەلەند جايىغا .
كۆكسىگە ئالدى ھەمەل بۇرجىنى ،
بىر يوللا يورۇتتى جاھان يۈزىنى .
ياڭرىدى ناغرا تۇسنىڭ دەرگاھىدىن ،
لەرزىگە كەلدى دىل سۇناي ئاھىدىن .
قۇتۇلدى غوۋغادىن شۇ دەم ئەل ــ جاھان ،
يەر قاينار ، ئەۋجىگە مىنگەندە ئاسمان .
ئاتلار كىشنىشىدۇ ، قوشۇن چېڭىدىن
يورۇقلۇق يوقالدى ئاي ، كۈن رەڭگىدىن .
قوراللار شاراقشۇر ، پىلدە تەر ــ پۇراق ،
جاھان رەڭ ئالغانكى نىل رەڭلىك سىياق .
كاۋەنىڭ بايرىقى يالترار تېمەن ،
كۆك ، سېرىق ، بىنەپشە ، قىزىل نەقىش بىلەن .
ئەتراپتا گۇدەرزنىڭ تۇغ ــ نىشانلىرى ،
ئوتتىدا كاۋەيان تۇغى يۇقىرى .
سىپاھدار باشتا تاج ، گۇرزە ، نەي تۇتقان ،
كەلدى شاھ چېدىرىنىڭ دەھلىزى تامان .
تۇس كاۋە بايرىقى يېنىدا بولدى ،
ئالتۇن كاجىۋادا ئۇ ئالدىراپ كەلدى .
بىلەزۈك تاقىغان تاجدار ئۇلۇغلار ،
نۇزەرنىڭ نەسلىدىن نامدار ئۇلۇغلار .
سىپاھنىڭ ئالدىدا مېڭىشتى ئۇلار ،
پادىشاھقا تەزىم قىلىشتى ئۇلار .
پىل سۈرەت بايراقنى قولىدا تۇتقان ،
ئالتۇن تۇغنىڭ ئۇچى بۇلۇتقا پاتقان .
مەنۇچېھر نەسلى بولغان ھەر ئادەم ،
تۇسقا جان ــ دىلىدىن شاد ئىدى شۇ دەم .
يۇرۇشتى تاغ كۆچۈپ ماڭغانغا ئوخشاش ،
نۇرىدىن ئايرىلغان سۇپەت ئاي ــ قۇياش .
شاھ قېشىغا بارچە ئەسكەرلەر كەلدى ،
كۇلاھلىق ، بايراقلىق قەيسەرلەر كەلدى .
بۇيرۇدى قوشۇندا بولغان قەھرىمان ،
نامدارلارنى كەلتۈر پادىشاھ تامان .
زېرەك شاھ سۆزلىدى بولۇپ زەردە :
« قوشۇن ئالدىدىكى تۇسلۇق سەركەردە .
تۇرار كاۋە تۇغىن تۇتقانچە قولدا ،
ھەممىسى ماڭىدۇ ئۇ دېگەن يولغا . »
ئاندىن بەردى مۆھرىن سىپاھ ئالدىدا :
« ئۇ باشلىق ، سەركەردە سىزگە پەقەتلا . »
ئاندىن دېدى : « يانما سەن پەيمانىمدىن ،
قول تارتما سەن ئادەت ھەم پەرمانىمدىن .
ئازار بەرمە بىرەر كىشىگە يولدا ،
تاج ــ كۇلاھ ئادىتى ئىرۇر شۇ خىلدا .
دېھقان بولسا ياكى ھۈنەرۋەن كىشى ،
قەستىمدە بولمىسا ئۇنىڭ خاھىشى ،
قوزغىلار ئۇنىڭغا ئەل ئاپەت سېلىپ ،
بەس قىلغىن ئۆزۈڭگە تەگتۈشنى تېپىپ .
بىچارە دۇچ كەلسە رەنجىتمە ئەسلا ،
كىشىگە مەڭگۈمەس باقىيسىز دۇنيا .
كەلاتتىن ئۆتۈشنى ئويلىما ھېچبىر ،
گەر ئاڭا يول ئالساڭ ، خۇش كۆرمەس تەقدىر .
قۇياشقا ئايلانسۇن سىياۋۇش جېنى ،
ئۇ دۇنيادا بولسۇن ئۇمىد ماكانى !
پىران قىزىدىن بىر ئوغۇل بار ئىدى ،
ئاتىسىغا ئۇ بەكمۇ ئوخشار ئىدى .
ئۇ ماڭا ئوخشىغان بۇرادەر ئىدى ،
ئۆزى ياش ، ھەم قۇرداش ، شاد ياشار ئىدى .
ئەمدى ئۇ كەلاتتا ، ئانا بىلەن بىرگە ،
ئۇ يەنە جاھاندار قوشۇنغا ئىگە .
بىلمەس ئىرانلىقلار ھېچبىر نامىنى ،
ئەۋەتمەك ئۇ يەرگە ئات ــ ئۇلاغلارنى .
جەڭگىۋار ھەم داڭدار قوشۇنى پۈتكۈل ،
يولدا تار جىلغا بار ، ئۆتمەك بەك مۈشكۈل .

ئۆزى ھەم جەڭدە مەرد ، ئاتلىق پەھلىۋان ،
نەسەبتە ئۇلۇغ ھەم كۈچتە قۇچقان شان .
باياۋان – چۆل كېزىپ ئۆتسىڭىز ماقۇل ،
شىر يۈرگەن يوللاردىن ئۆتمەك ناماقۇل . »
ئاندىن مۇنداق دېدى تۇس شەھرىيارغا :
« تەقدىرىمىز ئالغىل سەن ئىختىيارغا .
ھەممىمىز سەن بەرگەن بۇيرۇققا تەۋە ،
ئامەتلەر كەلتۈرگەي بۇ بۇيرۇق بىزگە . »
سەركەردە تېز ئۆتتى شاھنىڭ ئارقىغا ،
قوشۇن باشلاپ رۇستەم كەلدى سارايغا .
پىلتەن بىرلەن بىللە يىغىن ئۆتكۈزدى ،
خۇسرەۋ دانالارنىڭ ھەممىنى يىغدى .
ئەفراسىياپتىن شاھ سۆزلىدى بىر دەم ،
ئۆز دەردى ، ئاتىسى ئازابىدىن ھەم .
ئۇ ياندا تۇس بىلەن قوشۇن باراتتى ،
ئۇدۇلدىن بىردىنلا ئاچا يول چىقتى .
بىر تەرەپ چۆل بولۇپ ، يوقتۇر قەترە نەم ،
كەلات باشقا ياقتا ، ئۆزگە يول چەرەم .
جايىدا قېلىشتى پىللار ھەم سازلار ،
تۇستىن ، سىپاھداردىن كۆتۈپ ئاۋازلار .
قايسىسىنى تاللار ، مانا ئىككى يول ،
قايسى خوپ ، قايسىسى قولايسىز — مۇشكۈل .
ئۇلۇغلاردىن كەلدى تۇس تىنچ ، يېقىنراق ،
سۇسىز ئىسسىق يولدىن سۆز ئېچىپ شۇ چاغ ،
گۇدەرزگە دېدى : « بۇ دەشتتۇر بىپايان ،
گەر بولسا گەرد ئەنبەر ، خاھى مۇشك چەندان ،
ئۆتمەك لازىم بولۇر ئوڭايراق ، تېزراق ،
زۆرۈردۇر بىزگە سۇ ، ھەم ئارام ئالماق .
يول تۇتماق ماقۇلدۇر كەلات ، چەرەمگە ،
دەم ئېلىپ توختىساق كېيىن مەيەمگە .
ئوڭ ، سولى ئاۋاتتۇر ، سۇلىرى راۋان ،
گەر چۆلدىن يول ئالساق قىينالماسمۇ جان ؟
بۇ يولدىن كۆپ ئۆتتۈم دېدى يولچى ھەم ،
قوشۇننىڭ ئالدىغا چىقىپ گەجدەھەم .
يىراق يول ئازابىن تارتمىدۇق ئۇندا ،
ئېگىزلىك بىر قەدەم تۇيۇلدى مۇندا .
ماقۇلدۇر قوشۇننى باشلاش شۇ تامان ،
خىيالغا كەلمىسۇن دەشتى بىپايان . »
ئاندىن دېدى گۇدەرز :« ئەي مۆتىۋەر شاھ ،
سەن باشچى ، ئەگىشەر ساڭا بۇ سىپاھ .
شۇ قوشۇننى سەن ئەمدى يۈرگۈز ،
بۇ يولدىن يەتمىگەي ھېچ زىيان ھەرگىز .
پادىشاھ سۆزىدىن قايتۇرمىغىن باش ،
بولمىسۇن قوشۇندا يولدا غەم يولداش . »
ئاندىن ئاڭا دەر تۇس: « نامدار باھادىر ،
بۇ ھەقتە ئوي قىلىپ بولما خاۋاتىر .
چۈنكى شاھ دىلىنى غەزەپ قۇچمىسۇن ،
قەلبىڭگە ئۇنىڭدىن ھېچ غەم كۆچمىسۇن . »
دېدى ھەم چۈشۈردى قوشۇنغا پەرمان ،
كەلات ھەم چەرەمگە يول تۇتۇپ شۇئان .
خۇسرەۋ پەرمانلىرىن ئەيلىمىدى ياد ،
ھەم قالايمىقاندا بۇزۇلدى ھايات .

## تۇسنىڭ كېلىشىدىن فۇرۇدنىڭ خەۋەردار بولغانلىقى

خەۋەر يەتكەن چېغى فۇرۇدقا شۇئان ،
قاپلىدى قۇياشنىڭ يۈزىن چاڭ – تۇمان .
ئاتلارنىڭ تۇيىقى ، پىللار چېڭىدىن ،
نىل رەڭگى ھالىغا كەلدى ھەم زېمىن .
بۇ ئىران يېرىدىن ئىران قوشۇنى ،
تۇرانغا يۈرمەكتە ئىزدەپ ئۆچىنى .
كەلات يوللىرىدا ئۇنىڭ لەشكىرى ،
قەيەرنى باساركىن جەڭ – جېدەللىرى .
ئىش كۆرمىگەن ئۇ ياش ئاڭلاپ بۇنى دەم ،
تاۋى خىرە بولۇپ ، باستى قايغۇ – غەم .
مەھبۇسنى بوشىتىپ قەلئەدىن يېنىپ ،
چۈشتى ۋە ئورناشتى تىك تاغقا كېلىپ .
بۇيرۇدى يايلاقنى بوشاتماققا تېز ،
تۆگە ھەم قويلارنى ھەيدىمەككە تېز .
ھەممە مال – پادىنى قايتۇرۇڭ دېدى ،
ھېچ نەرسە بۇ تاغدا ، دەشتتە قالمىدى .
ھەممىنى ھەيدىدى سىپەدكۇھ تامان ،
تۆگىگە ئارتىپ ھەم تېڭىپ تىنچ – ئامان .

كېلىپ ئۇ تاقىدى قەلئە ئىشىكىن ،
بىر ئۇچقۇر تۇلپارغا مىندى ئۇ ئاندىن .
ئاڭلاندى ناغرىنىڭ ئۈنى مەيەمدىن ،
قارا چاڭ ئۆرلىدى يېقىن چەرەمدىن .
قەلئەنىڭ ئۈستىدىن كۆردى جەرىرە ،
لەشكەرلەر ئوقىدىن قەلبى مىڭ پارە .
جەرىرە ـــ فۇرۇدنىڭ غەمكىن ئانىسى ،
سىياۋۇشتىن دىلدا يانار نالىسى .
يېتىپ كەلدى فۇرۇد ئانىسى تامان ،
دېدى ئۇ :« ئەي ئانا ، ئەزىز مېھرىبان ،
ئىراندىن كەلمەكتە قوشۇن ۋە پىللار ،
ئۇلۇغلار ئالدىدا سەردار تۇس كېلەر .
ئېيتقىنچۇ بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى ھەم ،
باشلانماسمۇ ھۇجۇم دېگەن غەمدە مەن . »
جەرىرە ئاڭا دەر : « ئەي جەڭچى باتۇر ،
ئاڭا دۇچ كەلمەيسەن ، بولغىن خاۋاتىر .
ئىراندا يېڭى شاھ بۇرادىرىڭ بار ،
ئۇ زېرەك كەيخۇسرەۋ دېگەن جاھاندار .
نامۇ نەسەبىڭنى ئۇ بىلەر ياخشى ،
يات ئەمەس ، سەن ئۇنىڭ ئۆز قېرىندىشى .
جاھاندا باتۇر يوق سىياۋۇشسىمان ،
تەرىپى يېيىلغان ئۇنىڭ بۇ زامان .
ئاندىن ئاڭا بەردى مېنى ئۇ پىران ،
تۇركلەرگە ئۆيلەنمەس ئىدى ھېچقاچان .
ئاتا ھەم ئاناڭنىڭ ئەۋلادى سۇۋار ،
ئىدى ناملىرى مەشھۇر تاجىدار .
ئىستىسە قىساسنى قېرىندىشىڭ گەر ،
سىياۋۇش روھىدىن سېنى شاد ئېتەر .
قىساس دەپ ئالدىڭغا ـــ جەڭگە بارارسەن ،
تەق بولۇپ بېلىڭگە كەمەر باغلارسەن .
بارغىن جەڭگە دەرھال ، ئۆزۈڭنى چاغلا ،
قىساسنىڭ كەمرىنى بېلىڭگە باغلا .
ئۈستۈڭگە كىيىپ ئال رۇمى لىباسىن ،
دېڭىزدەك چايقالسۇن دىلدا قىساسىڭ .
گەر ئۇ ئۆچ ئىستىسە بوۋىسى ئۈچۈن ،
سەن ھەم ئۆچكە ئىشلەت ھۈنىرىڭ پۈتۈن .
يولۋاسمۇ نالىلەر قىلسۇنكى شۇنداق ،
ۋە ھەتتا ئېتىلسۇن دەريادىن تىمساھ .
قۇشلار ھەم بۇلبۇللار ئەفراسىياپقا ،
قىساس دەپ قوزغالسۇن ھەتتاكى دەريا .
جاھاندا بىلىنى سىياۋۇشسىمان ،
باغلىغان جاھان بەخش بولماس ھېچقاچان .
تېگى يوق مەردلىكتە ، بەخت ـ نىجاتتا ،
تەخت ، ھەق ، سالاپەت ھەم مەرىپەتتە .
ئاشۇنداق زور نامدار زات ئوغلانىسەن ،
كەيانلار نەسلىنىڭ پەھلىۋانىسەن .
ئاتاڭ ئۆچى ئۈچۈن كەمەر باغلىغىل ،
نىجاتلىق يولىدا ئۆزۈڭ چاغلىغىل .
قوشۇنغا قاراپ كۆر كىمدۇر سەردارى ؟
ئۇ ئۇلۇغ زاتلاردىن كىمدۇر نامدارى ؟
ئۇ مەغرۇر زاتلارنى قىلغىل شاد ـ خەندان ،
مەي ، سوۋغاتلار بىلەن بېزەت داستىخان .
شەمشەر ھەم دۇبۇلغا ، ساۋۇت كىيىملەر ،
جەڭگىۋار لىباسلار ، ھىندىچە خەنجەر .
دۇنيادا ئاغاڭ بار ، ساڭا گەنج ئىرۇر ،
غەرەزلىك ياتلاردىن ئۇ قىساس ئالۇر .
قوشۇن ئالدىغا بار ، شۇ لايىق بۇ دەم ،
سەن بىر ياش قىساسكار ، ئۇ ياش شاھتۇر ھەم .»
فۇرۇد ئانىسىدىن شۇنداق سورىدىكىم :
« ئىرانلىقتىن ماڭا قارشى چىقار كىم ؟
ئۇلاردىن كىم بولغاي ماڭا مەدەتكار ،
ئۇ باتۇرلاردىن كىم جەڭدە بولغاي يار ؟
ئۇلاردىن ھېچكىمنىڭ بىلمەي نامىنى ،
قانداق يوللاي قۇتلاش ـ دىل سالامىنى ؟ »
جەرىرە باتۇرغا شۇئان مۇنداق دەر :
« كۆرگەندە قوشۇندىن چاڭ ـ توزان ئەگەر ،
نەزەر سال بىر باشتىن باھادىرلارغا ،
بەھرامغا ، زەڭگە ھەم ئۇ شاۋەرلەرگە .
بۇ ئىككى باتۇرنى ئەيلە خەۋەردار ،
ئۇلار بىزگە سىرىن يوشۇرماس زىنھار .
دائىم ئامان بولغىل ، دائىم بەختىيار ،
سىنياۋۇش روھى ھەم بولسۇن مەدەتكار !
سىياۋۇش ئۇلاردىن بولماستى جۇدا ،
ئۇلار سەركەردىيۇ سىياۋۇش پادىشاھ .

تەھار بىرلە بارغىن قوشۇن ئالماي تېز ،
سۆزلىرىم دىلىڭنى رەنجىتمىسۇن ھېچ .
مەغرۇر باتۇرلاردىن سورىساڭ شۇئان ،
ئۇ باتۇر تەھارگە ئەيلىگەي بايان .
ئىرانىنىڭ كاتتىسى ــ كىچىكى تونۇر ،
ۋە ھەتتا پادىچى ــ چوپانلار بىلۇر . »
ئوغلى دېدى : « ئانا سۆزلىرىڭ بەلەن ،

ئەۋلادىڭ ئاياندۇر بۇ سۆزۈڭ بىلەن . »
كۆزىتىش ئورنىدىن كەلدى بىر دىتبان ،
ئىرانلىق قوشۇندىن يەتكۈزۈپ بايان .
دەشتى ــ چۆل ، تاغ ــ دەريا تولغان قوشۇنغا ،
گويا كۆز تولغاندەك زېمىن خازانغا .
قەلئەدە دەرۋازىدىن تا دەشتكە قەدەر ،
پىل بىلەن لىق تولغان بايراقدار لەشكەر .

## فۇرۇد بىلەن تەھارنىڭ لەشكەرلەرنى كۆرگىلى بارغانلىقى

تەھار بىلەن فۇرۇد كەتتى چېپىشىپ ،
تەلەي ــ بەخت قۇشىنى تەرك ئېتىشىپ .
يالتىراپ كۆرۈنەر چېكى يوق ئاسمان ،
پىكىر ھەم تېزلىكتىن چارچىماس ئوغلان .
ياشلىقتا ئىستەر دىل ئېگىزلەپ ئۇچماق ،
نە ئۇچماق ئىلاجى ئۇ قېرىغان چاغ .
يۈكسەك تاغ ئۈستىگە چىقىشتى ئۇلار ،
ئۇندىن كۆرۈنەر ئىدى ئىرانلىق لەشكەر .
ئۇ لەشكەر، ياراغۇ قورالدىن ئازار
تارتىشىپ تۇرۇشنى فۇرۇد ۋە تەھار .
شۇ ھامان تەھارغا ئۇقتۇردى ئوغلان :
« سورىسام نېمە سەن سىر تۇتما پىنھان .
ئۇ قايسى قەھرىمان ، ماڭغان بايراقدار ،
چوڭ گۇرزە ئىگىسى ، ئالتۇن كەشى بار ؟
گەر كۆرگەن بولساڭ ئېيت : ئېتى نېمدۇر ؟
ئىرانلىق كىشىنىڭ زاتى نېمدۇر ؟
قالپاقلار ئالتۇندىن ھەم ئالتۇن قالقان ،
گۇرزە ۋە پالتىلار ھەم ئالتۇنسىمان .
قان ئىچرە قالمىدى دېيەر ئىدىڭ زەر ،
بۇلۇتلار قوينىدىن تۆكۈلۈپ گۆھەر .
ناغرىنىڭ ئۇندىن ئىككى تاغ ئارا ،
لاچىنلار يۈركى بولغاندۇر يارا . »
قوشۇندا قىلىچۋاز ئوتتۇز مىڭ لەشكەر ،
بىرلىشىپ جەڭ ئۇچۇن ئىنتىلىپ تەۋرەر .
قوشۇننىڭ سەردارى كۆرۈنگەن زامان ،
شاھزادە بۇ ھەقتە سۆز سورىدى شۇئان .
مۇنداق جاۋاب بەردى دانىشمەن تەھار:
« ساڭا بىلگىنىمنى ئەيلەيمەن ئاشكار .
ئۇلارنىڭ بەلگىسى پىل سۈرەت بايراق ،

قىلىچى بىنەپشە ئاتلىرى ئويناق .
سەپ تارتىپ كەلمەكتە تۇسنىڭ قوشۇنى ،
قۇت تاپماس جەڭدە كىم چارلىسا ئۇنى .
ئۇنىڭ كەينىدىكى باشقا بىر بايراق ،
ئۇندىكى سۈرەتتە قۇياش يالتىراق .
ئاتاڭنىڭ ئاكىسى ، شۇنچە شەۋكەتدار ،
كاۋۇسى فەرىبۇرز ناملىق سەردار .
كەينىدە ئاي سۈرەت چوڭ بايراق تۇرار ،
ئۇلار پەھلىۋانلار ، چەپدەس باتۇرلار .
ئۇنى گەجدەھەم ئوغلى گۇستەھەم دەيدۇ ،
ئۇنىڭدىن پىلىنگمۇ يۈرىكى تىترەيدۇ .
بۆرە سۈرەت بايراق چاچىدۇ نۇرىن ،
قورشىغان جەڭگىۋار لەشكەر ئەتراپىن .
زەنگە شاۋەرانىنىڭ بايرىقىن تۇتۇپ ،
مەردلەر ۋە باتۇرلار تۇرار جەڭ كۈتۈپ .
ئارقىسىدا بايراق كۆركى خۇددى ئاي ،
زۇلفى قارا مۇشكۇ تېنى لەھەل چىراي .
ئۇنى گېۋ بىجەنى دەيدۇ ئەل ــ جاھان ،
جەڭگە كىرسە قان رەڭ بويالغاي ئاسمان .
يولۋاس سۈرەت بايراق بولسا قەيەردە ،
سۇندۇرار شىرنىڭمۇ بېلىن شۇ يەردە .
ئۇنى باتۇر شىدۇش ئالسا قولىغا ،
ھەممە نەرسە تەۋە باسقان يولىغا .
توڭگۇز سۈرەت بايراق تۇرار يېنىدا ،
پەلەكنى گوياكى تىغى پارچىلار .
گۇرازە نامىلىق ئۇ باتۇر پەھلىۋان ،
شىر جېڭىن ئويۇنچۇق ھېسابلار ھامان .
قوتاز سۈرەت بايراق ئاستىدا تۇرار ،
ئەپچىل كۈرەشچىلەر ، جەڭدە نامدارلار .

بىقىياس پەھلىۋان ، شۆھرەتلىك فەرھاد ،
بويى كۆككە يېتەر ، ھۇجۇمدا ئازاد .
بۆرە سۇرەت بايراق بار جايدا ھەر دەم ،
سەركەردە ئۇلۇغ گېۋ تاشلايدۇ قەدەم .
يەنە زور شىر سۇرەت بايراق بەھەيۋەت ،
گۇدەرز كەشۋاد ئاگا بەرگەچكە سۆلەت .
ئۇزۇن سۇرەت ئىرۇر قاپلانلىق بايراق ،
ماگار ئۇندا رېۋىنىز خۇش خۇي ھەممە ۋاق .
ئاھۇ سۇرەت بايراق لەپىلدەپ كېلەر ،
ئۇنىڭغا گۇدەرز ئوغلى نەستۇھ سەركەر .
تاغ تېكە سۇرەتتە بايراق لەپىلدەر ،
كەشۋاد گۇدەرز ئوغلى بەھرامغا قارار .
ئەنە شىرلار ، مەردلەر ، ئاتلىقلار ـ بىسان ،
ئۇلارنى سانىماق ئەمەستۇر ئاسان . »
خۇسرەۋلەر پادىشاھى فۇرۇدقا ئوغلان ،
ئېيتتى ئۇ مەردلەرنى بىرمۇ بىر بايان .
كاتتا يۇ كىچىكۇ ھەممىگە باقتى ،
يۈزى ياشناپ دىلى زەۋق ئوتىنى ياقتى .
مۇندا دېر تەھارغا ئول جاھان خانى :
« ئاتىچۈن قىساس ئالماق ـ كۆڭۈل ئارمانى .
چىنۇ ماچىن ئارا قالماس سۇۋارى ،
قەھرىمگە يولۇقار جەڭگاھتا بارى .
ئەجدىھانى ئىشقا سالغىنىم زامان ،
ئۇلار بولغۇسىدۇر يەر بىلەن يەكسان . »
ئىرانىلار تاغنىڭ باغرىدا ناگاھ ،
فۇرۇدۇ تەھاردىن بولۇشتى ئاگاھ .
سىپاھدار تۇس شۇندا غەزەپكە تولدى
ۋە ھەتتا پىللارمۇ تاقەتسىز بولدى .
تۇس دېدى :« ئەڭ مەشھۇر لەشكەردىن بۇدەم ،
كېرەك ماڭا يولداش بولماققا ھەمدەم .
بۇ قوشۇن ئىچىدە ئەيلىسۇن جەۋلان ،
ئات سېلىپ تاغلارغا ھەم چىقسۇن چاققان .
بىلسۇن ئۇ :ئاۋۇ . . . ئىككى باتۇر كىم ئۆزى ؟
نېمە ئىزلەر مۇندىن ئۇلارنىڭ كۆزى ؟
گەر بىزنىڭ لەشكەردىن بولۇشسا شۇ چاغ ،
ئۇرۇلسۇن بېشىغا ئىككى يۈز تاياق !
ئۇرۇشماق ئىستىگەن زات بولسا ئەگەر ،
باغلاپ كەلتۈرۈڭلار بۇڭا مۇقەررەر .
گەر ئۇلار جان ئۈزسە كۆمۈڭلار شۇئان ،
يۈرەكلىك بېرىڭلار ئۇ تەرەپ تامان .
ئۇلاردا گەر بولسا سىر ئالار ئوغلان ،
سىنىماقچى بولسا قوشۇننى پىنھان ،
ئۇ يەردە تېنىنى ئىككى بۆلۈڭلار ،
سوڭ ، تاغدىن بۇ يەرگە قايتىپ چۈشۈڭلار . »

## بەھرامنىڭ تاغقا ـ فۇرۇدنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكى

گۇدەرز ئوغلى بەھرام باشلىققا دېدى :
« بۇ ئىشنى يوشۇرماق مۇمكىنمەس ئەمدى .
بولدى ، بەس ، بارايمەن تاغنىڭ بېشىغا ،
نېمە دېسەڭ ئۇنى ئېيتاي ئۇنىڭغا ».
ئات چاپتۇرۇپ كەلدى توپنىڭ قېشىغا ،
چوڭ يول بىلەن ماگدى تاغنىڭ بېشىغا .
مۇنداق دېدى نامدار تەھارغا شۇئان :
« كىم ئۆزى بۇ كەلگەن غەزەپلىك ئوغلان ؟
نېمىشقا بىز ھەقتە ئويلانماي بۇ دەم ،
يۇقىرىغا تېزلەپ قويىدۇ قەدەم ؟
ئاستىدا ئويناقلاپ ساماۋى ئۇچقۇر ،
قېيىشتىن باغلاغلىق ئارقان كۆرۈنەر . »
مەسلىھەتچى دېدى فۇرۇدقا شۇئان :
« بۇنى تېزدىن بىلمەك ئەمەستۇر ئاسان .
نامۇ نىشاننى بىلمەيمەن زىنھار ،
گۇدەرز ئەۋلادى دەپ تەخمىنىملا بار .
تۇراندىن ئىرانغا كەلگەندە خۇسرەۋ ،
شاھنىڭ بىر قالپىقىن ئالغانىدى بىراۋ .
بەلكى ئاشۇ قالپاق ئۇنىڭ بېشىدا ،
شاھانە ساۋۇتى پارلار تېنىدا .
گۇدەرز ئۇرۇقىدىن بولسا ئېھتىمال ،
قېنى ئۇنىڭغا بىز تاشلايلى سوئال . »
بەھرام تاغ بېشىغا چىقىپلا شۇئان ،
گۈلدۈرماما يەڭلىغ كۆتۈردى چۇقان .
« ھەي ، كىمسەن ، ــ دېدى ئۇ ، ــ تاغدىكى ئوغلان ،
قاراپ كۆر ، قوشۇن كۆپ ، بىھېساب ـ بىسان !
نەي ، ناغرا ساداسىن ئاڭلاپ ياخشىراق ،
ئۇلۇغ باشلىق تۇسقا سالساڭچۇ قۇلاق ! »

فۇرۇد مۇنداق جاۋاب قىلدى ئەتتەيىن :
« تېزلىكنى بىلمەستىن تېزلىك قىلمىغىن .
مۇلايىم سۆز ئېيتقىن جاھان كۆرگەن ئەر ،
لەۋ ئاچما سوغۇق بولسا سۆزۈڭ ئەگەر .
بولساقمۇ سەن شىر ، مەن چۆلدىكى قۇلان ،
مۇنداقچە كەلمىكىڭ غەلەت بىز تامان .
ئارتۇقچە ھېچ يېرىڭ يوق سېنىڭ يەنە ،
مەردلىك ھەم شەۋكەت ھەم قامەتتە ھەتتا .
مەيلى باش ، دىل ، ئەقىل ، ھوش ، قول ، ئاياغ ،
بولمىسۇن مەيلى تىل ، كۆز بىلەن قۇلاق .
ھەممىسى بار بولغاچ مەندە مۇھەييا ،
چۈشەنگىن ، ئارتۇقچە ئۇرۇنما ئەسلا .
سەندىن سۆز سورايمەن ، جاۋاب بەرسەڭ گەر ،
ئىزگۇ جاۋاب بەرسەڭ شادمەن مۇقەررەر . »
دېدى ئاڭا بەھرام : « تېز سۆزلە ، تېز دە ،
سەن كۆكتە بولساڭمۇ ، گەر مەن زېمىندا . »
فۇرۇد دەرھال سوئال قويدى : « باشلىق كىم ؟
جەڭدە شۆھرەت قۇچقان چوڭ بەرداشلىق كىم ؟ »
بەھرام جاۋاب قىلدى :« باشلىق تۇس بولۇر ،
يېنىدا كاۋە تۇغى ، ناغرا ئۇرار .
باتۇرلاردىن گۇدەرز ، رۇھھام ، گېۋدەك زات ،
شېدۇش ھەم گۇرگىن ھەم قەھرىمان فەرھاد .
بار يەنە گۇستەھەم ، زەنگە شاۋەران ،
گۇرازە ــ باتۇرلار سەردارى تامام . »
فۇرۇد دېدى : « نېچۈن بەھرامنىڭ نامىن ،
دېمەستىن باشلىدىڭ سوئال جاۋابىن ؟
گۇدەرز ئۇرۇقىدىن بىز ئىدۇق كۆپ شاد ،
ئەقەللى سەن ئۇنى ئەيلىمىدىڭ ياد . »
دېدى بەھرام ئاڭا : « ئەي ، شىر سۈپەت ، ئېيتقىل ،
كىم ساڭا بەھرامدىن سۆز ئاچتى بۇ خىل ؟ »
فۇرۇد مۇنداق جاۋاب قايتۇردى ئاڭا :
« بۇ داستاننى ئانام ئېيتقانتى ماڭا .
ئۇ دېگەن : ‹ دۈشمەن زامىن بولسا ساڭا ،
بەھرامنىڭ نامىنى تىلغا ئال ئاڭا .
يەنە بىر باتۇر بار ــ بىر مەردۇ مەيدان ،
ئۇنىڭ ئىسمى ئىرۇر زەنگە شاۋەران .
ئاتاڭغا ئىرۇر ئۇل قېرىنداش ، ئۇ جان ،
بىرىپ سەن خەۋەر ئال ئۇلاردىن ئوغلان . ›
بەھرام دەر ئۇنىڭغا : « بەخت ئىگىسى ،
شاھانە دەرەخنىڭ سەنسەن مېۋىسى .
سەن فۇرۇد ئىرۇرسەن ، ئەي ياش شەھرىيار !
سەن مەڭگۇ ئىرۇرسەن ئەقىلدان ــ ھوشيار ! »
فۇرۇد دېدى :« ھە ، مەن فۇرۇدمەن بەرھەق ،
يېڭى بىخ چىقارغان ، ياشنىغان دەرەخ ! »
بەھرام دېدى ئاڭا: « كۆرسەت يەلكەڭنى ،
سىياۋەخشتىن قالغان نىشان ــ بەلگەڭنى ! »
بەھرامغا كۆرسەتتى يەلكىسىن فۇرۇد :
گۈلدىكى ئەنبەردەك خال ئۇندا مەۋجۇت .
دەل ئۆز ئەينى بىلەن ئوخشىتىپ ھېچ ئان
مۇنچىلىك سىزالماس بۇ خالنى ئىنسان .
قۇباد ئەۋلادىدىن ئىكەنىن بىلدى ،
سىياۋەخش تۇخمىدىن بولغىنىن بىلدى .
ئاڭا دۇئا ئوقۇپ ، تىلىدى شۆھرەت ،
ئېگىز تاغ ئۈستىگە يۈردى بۇ نۆۋەت .
ئاتتىن چۈشۈپ كەلدى ياش شاھ ئۇشبۇدەم ،
روھى روشەن ، تاشتا ئالدى ئاندىن دەم .
بەھرامغا دېدى : « ئەي مەردانە نامدار ،
جەڭلەردە ھوشيار ، شىر سۈپەت جاھاندار .
ئاتامنى كۆرسەممۇ ئەگەر مەن شۇنداق ،
شادلىقىم بولماستى مۇندىن ئارتۇقراق .
سېنى كۆرگەچكە مەن شادلاندىم مانا ،
ئەي زېرەك باھادىر ، ئەزىمەت قارا .
كەلگەن ئىدىم بۇ تاغ ئۈستىگە بۈگۈن ،
سىپاھلارغا بولۇپ باشلامچى پۈتۈن .
سوراپ بىلمەك ئىدىم كىم ئۇ سەردارى ؟
جەڭدە كىم ئۇ جەۋلان قىلغان نامدارى ؟
ئۇيۇشتۇرماق ئىدى زىياپەت بۈئان ،
بۇنىڭدىن شادلىنار ئىدى پەھلىۋان .
بېغىشلار ئىدىم مەن ئاڭا كۆپ سوۋغا ،
ئات ، قىلىچ ، گۇرزە ۋە كەمەرلەر يەنە .
شۇندىن سوڭ ماڭاتتىم پادىشاھ تامان ،
تۇرانغا قىساسچۇن بولاتتىم راۋان .
بۇ قىساس ئۆچىنى چوقۇم ئالغايمەن ،
گۈلخاندەك جەڭلەرگە مەن سازاۋەرمەن .
سەن بېرىپ خەۋەر قىل ئۇ پەھلىۋانغا ،
روھى روشەن كەلسۇن بۇ تاغ ــ داۋانغا .
بۇ يەردە بىر ھەپتە بىللە بولۇرمىز ،
رىجەلەر ھەققىدە ئويلاپ كۆرەرمىز .

ناغرا باڭ ئۇرغاندا سەككىزىنچى كۈن ،
سىپاھدار تۇس ئاتقا مىنگەيلەر شۇئان .
ئاتا قەستى ئۈچۈن بېلىم باغلارمەن ،
دىلدا دەرد ، ئۆزۈمنى جەڭگە چاغلارمەن .
شىر كۆرسىتەر جەڭدە ئىقتىدارىنى ،
كۆرسىتەر قۇدرىتىن ، باتۇر ھالىنى .
ئۇلۇغلاردىن جەڭگە مۇنداق بىر ئىنسان ،
جاھاندا باغلىماس بېلىن ھېچقاچان . »
ئاندىن بەھرام ئېيتتى : « سەن ئەي شەھرىيار ،
ياش سەن ھەم باھادىر ھەمدە بىلىمدار .
ھەرنەكى سۆزۈڭنى يەتكۈزەي تۇسقا ،
قوللىرىن سۆيەرمەن ، ئىشىنەر سۆزگە .
دانىشمەن ئەمەستۇر سەركەردە بىراق ،
نەسىھەت سۆزلەرگە سالماس ئۇ قۇلاق .
بىلىمى ، بايلىقى كۆپ بىر ئېسىلزات ،
ۋە لېكىن لەۋ ئېچىپ شاھنى قىلماس ياد .
فەرىبۇرز بەھرىيۇ كۇلاھى ئۈچۈن
گېۋ ، گۇدەرز شاھ بىلەن تارتىشتى پۈتۈن .
دەيتتى ئۇ : بۇ نۇزەر نەسلىدىن زاتىم ،
جاھانغا شاھ بولماق — شۇدۇر مەقسىتىم .
سۆزلىرىمدىن بەلكى ئۇ ئازاب چېكەر ،
بۇ ئىشىمدىن بەلكى غەزەپكە كېلەر .
مەندىن باشقا ساڭا كىم بولسا ۋەكىل ،
باش ۋە قالپىقىڭنى كۆرسەتمە سەن بىل !
ئۇ بىر ئۆز بىلەرمەن ، ئىنسابنى بىلمەس ،
باشقا كىشى كەلسە ، بەلكى پاك ئەمەس .
ئۇ باشقا كىشىنىڭ قەلبى يات بىزگە ،
شاھلىقنى ئىستەيدۇ ئۇ فەرىبۇرزگە .
ماڭا دېدى : « قارا ، ئۇ تاغدا كىم بار ،
بارساڭ مەقسىتىنى سورىما زىنھار .
ئۇنىڭ تاغدا نېچۈن يۈرگەنلىكىن بىل ،
گۇرزە ، خەنجەر بىلەن مۇئامىلە قىل ! »
خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈم گەر بولسا ئۇ چاغ ،
سېنى توپ قېشىغا باشلايتتىم شۇنداق .
مەندىن باشقا كىشى كەلسە قوشۇندىن ،
ھەردەم ئېھتىيات قىل ئۆزۈڭگە ئۇندىن .
ساڭا بىر ئاتلىقتىن ئۆزگە زات كەلمەس ،
نامدار بۇ ئادەتتىن ئۆزگىسىن قىلماس .
ئۇ كەلگەن چېغىدا ياخشى ئويلاپ كۆر ،
قەلئەنى چىڭ تاقاپ ، ئىستىھكامدا تۇر . »
دەستىسى گۆھەرلىك ئالتۇن گۇرزىنى ،
فۇرۇد تېز كەمەردىن ئاجراتتى ئۇنى .
ئاڭا بېرىپ دېدى : « مەندىن يادىكار ،
يېنىڭدا ئېلىپ يۈر ، بوپ قالار دەركار .
سەركەردە تۇس ئەگەر كەلسە بۇ تامان ،
بولايلۇق دىل ئارام ھەم شادۇ خەندان .
بۇ تارتۇقتىن باشقا بېرەي ئات — جابدۇق ،
يەنە ئالتۇن تاج بىلەن شاھانە ئۈزۈك . »

## بەھرامنىڭ تۇس يېنىغا قايتىپ كەلگەنلىكى

بەھرام تۇسقا قايتىپ دېدى شۇ يوسۇن :
« پاك جېنىڭغا ئەقلىڭ مەڭگۈ يار بولسۇن .
بىلگىنكى ، فۇرۇدنىڭ ئاتىسىدۇر شاھ ،
سىياۋۇش سۆيلىگەن ئىدى بىگۇناھ .
زۇرياد بەلگىسىنى كۆرسەتتى ماڭا ،
كاۋۇس كەيقۇبادتىن قالغاندۇر ئاڭا . »
مۇنداق جاۋاب بەردى تۇس سىتەمكار :
« مېنىڭ شۇنچە لەشكەر، گۇرزىلىرىم بار ،
ساڭا دېدىم ئۇنى يېنىمغا كەلتۈر ،
سەن بۇ توغرىسىدا سۆز ئاچما ھېچبىر .
ئۇ شەھرىيار بولسا ، مەن زادى كىممەن ؟
لەشكەر باشلاپ بۇڭا نېچۈن كېلىپمەن ؟
قاغىدەك قاپقارا تۈركزادە نېچۈن ،
تاغدا لەشكەر يولىن توسايدۇ پۈتۈن ؟
ئۆز بىلەرمەن گۇدەرز زۇرىيادتىن بۇ ئان ،
كۆرگەيمىز قوشۇندا بىز زور بىر زىيان .
قورقتۇڭ سەن ئىلمىسىز ئاددىي ئادەمدىن ،
دەھشىتى ئۇنچە ئەمەس ، قورقما بارىدىن .
قوشۇننى كۆرۈپلا چۆشەر ئالداشقا ،
نېمىشقا قويدۇڭسەن ئۇنى يالاۋغا ؟ »
باتۇر زاتلارغا ئۇ مۇنداق تەكىتلەر :
« دۈشمەننى بەربات قىلغۇچى ئەي مەردلەر !
ماڭا كېرەك بىر مەرد ، مەشھۇرى جاھان ،
ئۇ بارسۇن تاغدىكى تۈركلەر تامان .

بېشىنى تېنىدىن ئەيلىسۇن جۇدا ،
مۇشۇ ئولجا بىلەن تېز بولسۇن پەيدا ! »
بىلىنى باغلىدى بۇ ئىشقا رېۋنىز ،
ئۇ جەڭگە ئىنتىلەر ئىدى تاقەتسىز .
ئۇنىڭغا بەھرام دەر :« سەن ئەي ، پەھلىۋان ،
بىكاردىن بىكارغا قىينىمىغىن جان .
قورققىن سەن خۇدادىن ، قۇياش ھەم ئايدىن ،
ئۇيالمىقىڭ كېرەك شاھۇ سارايدىن .
ئۇ شاھنىڭ ئەۋلادى ، شاھقا بۇرادەر ،
نامداردۇر ھەممىسى ، قەيسەر جەڭگىۋار .
ئەگەر يۈز پىداكار بۇ توپتىن تاقلاپ ،
تاغ تامان يول ئالسا ئۇلار ئالدىراپ .
قولىدىن كەلمىگەي ئاڭا قەست قىلماق ،
ئۇنىڭ روھلۇق دىلىن غەمدە پەس قىلماق . »

سەركەردە غەم چەكتى ئۇنىڭ سۆزىدىن ،
بەھرام پەندى تىغدەك ئۆتتى جېنىدىن .
بۇيرۇدى بىر قانچە نامدار پەھلىۋان
يول ئالسۇن دەپ شۇئان ئېگىز تاغ تامان .
شۇنچە كۆپ باتۇرلار چېپىپ كېتىشتى ،
تاغدا جەڭ باشلاشنى ئۈمىد قىلىشتى .
ئۇلارغا مۇنداق دەر بەھرام پەھلىۋان :
« بۇ ئىشنى خام ساناپ ، يېمەڭ پۇشايمان .
ئۇ تاغدا كەيخۇسرەۋ قېرىندىشى بار ،
يۈز مەردكە باراۋەر ئۇندا ئېتىبار .
كىمكى كۆرمەك بولسا سىياۋۇش يۈزىن ،
ئۇنىڭغا باقسا بەس ، تۇتالماس ئۆزىن . »
فۇرۇد تەرىپىنى ئېيتقاندا بەھرام ،
باتۇرلار كەينىگە داجىدى تامام .

## رېۋنىزنىڭ فۇرۇد قولىدا ھالاك بولغانلىقى

تۇسىنىڭ كۈيئوغلى قايتقان ئاشۇئان ،
مەسخىرە قىلغاندەك ھېجايدى ئاسمان .
ئىستىھكامغا ماڭدى چەرەم يولىدىن ،
كەتمىگەن قىساسلىق غەزەپ دىلىدىن .
تاغ ئۈستىدە فۇرۇد كۆردى شۇ زامان ،
شاھ يايىنى ئوقلىدى نىشانلاپ كامان .
جەنگەرى تەھارغا ئۇ مۇنداق دېدى :
« تۇس بەھرام سۆزىگە پىسەن قىلمىدى .
باشقىسى كەلدى ، ئۇ بەھرام كەلمىدى ،
دىلىمدا غەزەپلىك قىساس قايىندى .
قاراپ ئەسكە ئالچۇ ، كېلىۋاتقان كىم ،
نېمىشقا كىينىگەن تۆمۈردىن كىيىم ؟ »
مۇنداق جاۋاب بەردى ئاڭا سوڭ تەھار :
ئۇ رېۋنىز دېگەن شۇ ، قەھرىمان نامدار .
قىرىق سىڭلىسى بار ، رەڭگى گويا گۈل ،
ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇ يالغۇز ئوغۇل .
ئۇ ھەييار ، ھاياسىز ، خەتەرلىك ئىرۇر ،
تۇسقا بۇ ياش يىگىت كۈيئوغۇل بولۇر . »
ئۇ دانا كىشىگە فۇرۇد دەر شۇئان :
« بۇ قاتتىق جەڭدە ئۇ ساق قالماس ، ئامان !
ئوقۇمدىن ئات مۈدۈرەر ، يىگىت يىقىلار ،
بۇنىڭغا پىكرىڭ ئېيت كۆپ كۆرگەن تەھار ؟ »
تەھار دەر : « مەيلى ئاچ يىگىتكە باغرىڭ ،
ئەجەبمەس يۇمشاتساڭ كۆڭلىنى تۇسنىڭ .
بەلكى ئۇ بىلمەس سېنىڭ يول قويغانلىقىڭ ،
ياراشماق نىيەتتە قول قويغانلىقىڭ .
ئۆيلىماي سەن بىلەن ئەگەر جەڭ قىلسا ،
ئەجەبمەس ئۇياتتىن سېنى تەڭ قىلسا . »
تىغ تۇتۇپ يېقىنلاپ كەلگەندە رېۋنىز ،
تارتتى يايىنىڭ تانىسىنى تېز .
تۆپىدىن ئۇچقاندا ئاڭا ئوق شۇنداق ،
بېشىغا مىخلاندى ئۇ رۇمى قالپاق .
يىقىلدى ، ئېتى ھەم چېپىپ قاچتى تېز ،
بېشىنى تۇپراققا قويغاندا رېۋنىز .
سەردار تۇس مىيامدىن باقتى تاغ تامان ،
كۆزىگە كۆرۈنمەي قالدى تاغ شۇئان .
بۇ ھەقتە بىر دانا ئېيتقان بىر كالام :
يامان خۇيدىن تاغ ھەم ئالۇر ئىنتىقام .

## زەرەسپنىڭ فۇرۇد قولىدا ھالاك بولغانلىقى

زەرەسپكە دېدىكىم ئاندىن پەھلىۋان :
« ئازامەرگۇشەسپتەك ئوت بوپ يان ھامان .
جەڭگىۋار مەردلەرنى تېز قورال‌لاندۇر ،
دىلىڭ نېمە خالار ، دىل مەيلىگە كىر .
خالىساڭ قىساس ئال ئۇ نامدار ئۈچۈن ،
بۇ بولۇر مېنىڭمۇ خاھىشىم پۈتۈن . »
زەرەسپ شىددەتتە كىيدى قالپىقىن ،
دىلىغا ئۆچ تولدى كۈچلۈك غۇرۇردىن .
ئۆرلىدى سىپەدكۇھ تامان ئۆزىنى ،
غەزەپلىك شىر چاغلاپ زەرەسپ ئۆزىنى .
ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ، سەزمەي خەۋپ ـ خەتەر ،
پەسلىكتىن ئېگىزگە يۈگۈردى بەدەر .
بۇنى كۆرگەن فۇرۇد گويا شىر ئىدى ،
تەھارغا : « قاراپ كۆر ، زادى كىم ؟ — دېدى ،—
قارا كىم ئىرۇر ئۇ ئىرانلىق شاۋۋاز ،
بۇ تاغقا يېقىنلاپ ئاڭلانغان ئاۋاز ؟ »
تەھار تونۇپ ئۇنى ئاچتى لىۋىنى ،
يوشۇرماي بىر ـ بىرلەپ دېدى گېپىنى :
« بۇ تۇس ئوغلى ئىرۇر ، نامدار زەرەسپ ،
پىلدىنمۇ قايتماسلىق ئۇنىڭغا كەسپ .
رىۋنىز سىڭلىسىنىڭ جۈپتىدۇر يەنە ،
ئېتىلغان ئوقسىمان كەلمەكتە ئەنە .
نىشانلاپ چەنلەيدۇ ئۇ قالپىقىڭنى ،
كىرىپچىنى بەتلىگىن ، رۇسلاپ ھالىڭنى .
ئات ئۈستىدىن غۇلاپ يەرگە يىقىلسۇن ،
قارا يەرگە ئۇنىڭ بېشى تىقىلسۇن .
ئۆلۈم يەتكەن ئاڭا بۈگۈن بىگۇمان ،
بولغۇسى تۇس قەلبى سولغان بەرگسىمان .
بولغاي تەنتەك تۇسقا تەۋە سىپاھدار ،
ئاخىر ھېچ ئىشقا ئەرزىمەس ، بىكار .
يېقىن كۆرۈنگەندە تاغنىڭ چوققىسى ،
ئىرانلىقلار قالغاي چەكچىيىپ كۆزى . »
باتۇر فۇرۇد قويدى ئېتىنى ئىلدام ،
زەرەسپكە ئوقنى ئۈزدى ئۇ شۇدەم .
ساۋۇت ھەم ئېگەرگە چاپلىشىپ قالدى ،
فۇرۇدنىڭ شۇ ئوقى جېنىنى ئالدى .
يىقىلدى ، ئېتى تېز كەتتى يېنىدىن ،
پۈشقۈرۈپ كىشنىدى تويۇپ جېنىدىن .

## تۇسنىڭ فۇرۇد بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

ئىران قوشۇنىدا قوزغالدى غوۋغا ،
قەيسەرلەر كۈلاھىن ئېلىشتى قولغا .
تۇس دىلىن باستى غەم ، كۆزلىرىدە ياش ،
ساۋۇتىن كىيدى تېز ، تۇگىدى بەرداش .
جەڭگىۋار مەردلەرگە قارىدى شۇئان ،
تىترەيتتى ۋۇجۇدى يوپۇرماقسىمان .
زور بىر پىل ئۈستىگە — گويا تاغ مىسال —
جايلاشقان ئېگەرگە مىندى بىمالال .
يۈگەننى بۇرىدى فۇرۇد تەرەپكە ،
يۈرىكى لىق تولۇپ ئۆچكە ـ غەزەپكە .
سۆزلىدى فۇرۇدقا تەھار شۇ زامان :
« شىددەتلىك تاغ كەلمەكتە بۇ تاغ تامان .
سىپاھدار تۇس بۇدەم كەلمەكتە جەڭگە ،
چىداش بېرەلمەسسەن دەھشەت بۇدەمگە .
يۇر ، قەلئە ئىشىكىن تاقايلى مەھكەم ،
كۆرمىلۇق ، بەخت بىزگە نېمە دېر بۇدەم .
ئوغلى ، كۈيئوغلىنى ئۆلتۈردۈڭ جەڭدە ،
ئەمدى بەزم كۈتمىگىن سوڭغى قەدەمدە . »
قىزىرىپ ياش فۇرۇد تەھارغا دېدى :
« گەر جەڭگە ئاتلانماق دۈچ كەلسە ئەمدى ،
تۇس نېمە ، پىل نېمە ، نېمە ئارسلان ،
نېمە يولۋاس جېڭى ، نېمە ئۇ تۇغيان ؟
باتۇرغا بېرىلگەن جەڭ ئۈچۈن يۈرەك ،
بۇ يولدىن چېكىنمەك نېمىگە كېرەك ؟ »
مۇنداق دېدى ئاڭا تەھار بىلىمدان :
« شاھلار مەسلىھەتكە كىرمەس ھېچقاچان .
ئۆزۈڭنى كۈچلۈك كىرەك چاغلاپ تۆمۈردىن ،
كۆچۈرمەك ئىزدەيسەن تاغنى زېمىندىن .
ئىرانلىقلار تۇرار — ئوتتۇز مىڭ نامدار ،
سەنلا يالغۇز ـ يەككە جىقىشقا تەييار .

نه قەلئە قالماس ، نه قالماس تاش ـ تۇپراق ،
يەر بويلاپ تەپتەكشى بولۇر ھەممە ياق .
ئەگەر مۇندىن تۇسقا يەتسە بىر خەتەر ،
دەردىدىن شاھ خۇسرەۋ شۇنچە خەۋپلىنەر .
ئاتاڭ ئۇچۇن قىساس كەلتۈرگەي زىيان ،
بۇ ئىشنى تولدۇرۇپ بولماس ھېچقاچان .
بۇ ئىشنىڭ ئويلىغىن ئاقىۋىتىنى ،
جەڭ قىلماي ، ساقلىغىن پەقەت قەلئەنى . »
شۇنداق دېدى ، ئەمما بىر سىرنى ئايان
قىلماستىن ساقلىدى دىلىدا پىنھان .
ياش فۇرۇد قەلئەسى ئاۋات ، ساز ئىدى ،
ئۇندا سەكسەن چۆرە سەرەپراز ئىدى .
قەلئە تېمىغا ئۇ ئاي يۈزلەر چىقىپ ،
سۆزلىشىپ تۇراتتى ھەر ياققا بېقىپ .
ياش فۇرۇد قايتقاندا جەڭگاھتىن ئۆزى ،
ئۇلاردىن ئۆيلىپ قىزاردى يۈزى .
ئۇ ئاخىر كەينىگە قايتتى يۈگۈرۈپ ،
كامانغا يېڭى ياي ئورناتتى تۇرۇپ .
شاھزادىگە مۇندا سۆزلىدى تەھار :
« جەڭ قىلماقنى ئەگەر قىلساڭ ئىختىيار ،
نامدار تۇسقا ئەسلا يەتكۈزمە زىيان ،
ئېتنى يىقىتساڭ بەستۇر بىگۇمان .
شاھلار ئەسلا يايلاق قىلالمايدۇ جەڭ ،
ئات مىنمەي جەڭگاھتا ھالى يەرگە تەڭ .
باشقا كىملەر كەلسە ئۇنى شۇ زامان
يىقىن كەلتۈرمسۇن قولۇڭدا كامان .
تاغ ئۈستىگە كەلسە سەركەردە قاچان ،
ئارقىدىن توپ قوشۇن كېلەر بىگۇمان .
ئۇ بىلەن جەڭ قىلساڭ ھالدىن كېتەرسەن ،
تۇرۇلگەن قېشىغا نە جاۋاب دەرسەن ؟ »
فۇرۇد بۇ سۆزنى تەھاردىن ئاڭلاپ ،
نەيزىدەك ئوق سالغان كامانني تەگلەپ ،
سەركەردە ئېتىغا ئوق ئۈزدى شۇئان ،
ئېتىلدى ئۆزىمۇ شۇ كامانسىمان .
تۇس ئېتى يىقىلىپ ، دەرھال ئۈزدى جان ،
تۇسنىڭ تولدى دەم قەلبىگە پىخان .
لەشكەرگاھقا قايتتى ، بەلدە توقمىقى ،
پەرىشان ، پىيادە ، جەڭ ھەممە يېقى .
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن فۇرۇد ۋارقىراپ :
« نېمە بولدى بۇ جەڭ ، چېكىندى سەردار ؟
يالغۇز بىر يىگىتتىن چۆچۈپ قالغاچ ئۇ ،
قايتىدىن جەڭگاھقا قەدەم قويارمۇ ؟ »
چۆرىلەر كۆتۈردى سۈرەن ھەر ياقتىن ،
قاقاقلاپ ، دەريادەك تېشىپ قىرغاقتىن .
بىر ياش ئالدىدا بىر مويسىپىت، پەھلىۋان
ئوقتىن قورقۇپ تاغدىن چېكىندى شۇئان .
تاغدىن چۈشۈپ كەلدى پەسكە سەركەردە ،
جاسارەت قالمىدى ھەممە مەردلەردە .
« ھېلىمۇ جەڭگاھتىن چىقتى ئۇ ئامان ،—
دېيىشتى ،— دائىما بولغىن سايىۋەن . »
ئىنتايىن قايغۇردى گېۋ ، شۆھرەتلىك زات ،
جەڭگاھتىن قايتتى دەپ پىيادە ، بىئات .
دېدى ئۇ : « بۇنىڭدەك بولمىغىن ئەسلا ،
نومۇسنى ئاڭلىغاي ھەممە تەڭ ، مانا .
بولسا گەر ئىسرىغەدار ئۇ شەھرىيار ،
چېكىنمەي تۇراتتى قوشۇن بەرقارار .
ئۇيىغا كەلگەننى ئەيلىسە ئايان ،
رازى بولالماسمىز بۇڭا ھېچقاچان .
ئەنە ، تۇسنىڭ ئوتتەك يانغانتى قەلبى ،
فۇرۇد بېرىپ قويدى ئۇنىڭ ئەدىبىنى .
جاننى سىياۋۇشقا ئەيلەيلى پىدا ،
قىساسىن ئۇنتۇلماي ساقلايلى دىلدا .
نۇزەر ئەۋلادىدىن تونۇلغان پالۋان ،
ئېسىلزادە زەرەسپ ئۇندىن بەردى جان .
رېۋنىز تېنى قانغا غەرق بولدى پۈتۈن ،
كۆپ نادانلىق ئۆتتى جەڭدە ئۆزىدىن . »

## گېۋنىڭ فۇرۇد بىلەن كۈچ سىناشقانلىقى

بۇ سۆزنى ئېيتتى ئۇ ساۋۇتىن كىيىپ ،
تاغقا كەلدى گويا شامالدەك يېتىپ .
سىياۋۇش فۇرۇدى ئۇنى كۆرگەن دەم ،
قەلبىنى قاپلىدى ئېغىر دەردلىك غەم .
جەڭلەردە لەشكەرنى ئويلايتتى ھامان :
« ئېگىز ـ پەس يوللارنى بىلمەس ئۇ تامان .

ھەممە بىر ـ بىرىدىن زورراق ، پالۋانراق ،
لەشكەرلەر بېشىدا تاجلىرى پارلاق .
ۋە لېكىن ئەقىل يوق بۇ باھادىردا ،
ئەقىلسىز باش مىسلى تونۇردۇر گويا .
تۇرانغا شاھ خۇسرەۋ كەلمىسە ئەگەر ،
مەيداندا بولالماس ئۇلار مۇزەففەر .
ئاتا ئۈچى ئۈچۈن تۇرۇپ يانمۇ يان ،
دۈشمەننى قىلايلى يەر بىلەن يەكسان .
قېنى كىم ئېيتىڭلار قانچىلىك قەيسەر ،
قولىغا تىغ تۇتۇپ قۇچقۇسى زەپەر ؟ »
ئېگىز دۆڭ ئۈستىگە كۆز تىكتى تەھار :
غارلارنىڭ ئىچىگە تولغان نەيزىدار .
فۇرۇدغا دېدى ئۇ : « بۇ شۇم ئەجدىھا
قوشۇنى دەم تارتار ئاسماندىن ھەتتا .
ئۇدۇر بوۋاڭ پىران قولىن باغلىغان ،
تۇران قوشۇنلىرىن زەبۇن ئەيلىگەن .
كۆپ ياش گۆدەكلەرنى ئاتىسىز قىلدى ،
دەريا ، تاغ ، چۆللەردىن خەتەرسىز ئۆتتى .
قالدى قانچە ئاتا شۇندىن ئوغۇلسىز ،
ئەركەك شىر بويىنىنى ئەزدى ئۇ ئەسىز .
ئىرانغا ئىنىڭنى ئېلىپ كەتتى ئۇ ،
جەيھۇندىن قېيىقسىز كېچىپ ئۆتتى ئۇ .
ئۇنى گېۋ ئاتايدۇ ، كۆچى گويا پىل ،
دەھشەتلەر قوزغىسا تاشار ھەتتا نىل .
كامانغا ئوق بەتلەپ تارتقىنىڭ بىلەن ،
ئۆتكۈزمەس ئوقۇڭنى ئۇ ساۋۇتلۇق تەن .
كامان تارىن تارتىپ ئوق يوللار ئاتقا ،
شۇ چاغدا يېتەرسەن كۆتكەن مۇرادقا .
پىيادە قالسا ئۇ قايتار ئارقىغا ،
گېۋ كەبى گۈرزىنى ئېپ يانار يەنە . »
كامانغا ئوق سېلىپ فۇرۇد بەتلىدى ،
كىرىچىنى چىڭ تارتىپ مۆلچەللەپ ئاتتى .
گېۋ ئېتى كۆكسىگە ئوق تەگدى شۇدەم ،
ئاتتىن غۇلاپ ، ئارتقا گېۋ قويدى قەدەم .
بارگاھ ئۈستىدە ئۆرلىدى چۇقان ،
قىزلار كۈلدى ، گېۋنىڭ ھالى پەرىشان .
باتۇرلار يۈرۈشتى شۇندا گېۋ تامان :
« يەزدانغا شەرەپلەر بولسۇن ، قەھرىمان !
ئات زەخىم يېدى ، سەن قالدىڭ ساق ـ ئامان ،
يۈرۈشكە قادىرسەن ، سەن جەڭگاھ تامان . »
گېۋ يېنىغا كەلدى باھادىر بېجەن ،
ئاڭا جەڭ ھەققىدە ئېيتتى كۆپ سۇخەن :
« ئەي شىرنى يەڭگۈچى جەسۇر پەھلىۋان ،
ساڭا پىلنىڭ كۈچى يەتمەس ھېچقاچان .
نېمىشقا شۇنچىلا بوشاتتى روھىڭ ،
جەڭلەردە جۇشقۇنلۇق سەن ئەمەسمىدىڭ ؟
ئېتىڭ زەخىملەندى بىر تۈرك قولىدىن ،
شۇ ۋەجىدىن داجىمسەن بۇ جەڭ يولىدىن . »
گېۋ دېدى : « شىكەستە تاپقاندا ئېتىم ،
تەييارمەن بېرىشكە ھەتتاكى جېنىم . »
ئۇ ھامان تەكرارلار شۇ خىل سۆزىنى ،
بېجەن بۇنى كۆرۈپ بۇرىدى يۈزىنى .
گېۋ غەزەپكە كەلدى ئۇنىڭ ئىشىغا ،
قامچا بىلەن ئۇردى ئۇنىڭ بېشىغا .
ئاڭا دەر : « سەن ياخشى بىلمىكىڭ لازىم ،
جەڭلەردە كېرەكتۇر ئەندىشە دائىم .
سەندە بار نە ئەقىل ، نە پىكىر ، ئىدراك ،
قىساس دەپ ئېيتىلۇر مۇنداق سۆز دېمەك . »
بېجەن دىلى رەنجىپ قەھرىدىن شۇ دەم ،
قۇدرىتى ئالىيگە ئىچتى ئۇ قەسەم :
« زەرەسىپ ئۆچىچۈن تا تەندە جان بار ،
ئات ئۈستىدە دائىم تۇرغايمەن تەييار . »
گۇستەھەمگە غەزەپ تولدى قەلبىدە ،
ئۇ يەرگە ھازىر بوپ كەلدى شۇ دەمدە .
يىلقىڭدا بارمۇ ئات ـ كۆندۇرۈلگەن ئات ،
تاغلاردىن ـ داۋاندىن ئۆتۈپ كۆنگەن ئات ؟
ماڭا بەر ، تەييارلاي ئۇرۇش جابدۇقىن ،
تىك تۇتۇپ بارغايمەن زەپەرنىڭ تۇغىن .
چوققىغا بىر تۈرك چىقىپتۇ ئۇندا ،
ھەيران بوپ تۇرۇپتۇ ھەممىسى مۇندا .
ھەددىدىن ئاشقىنى تەگدى جېنىغا ،
بارغايمەن تاقابىل بولۇپ ئۇنىڭغا . »
ئاڭا دەر گۇستەھەم : « بۇ ئەمەس ماقۇل ،
تەۋەككۈللۈك بىلەن تاغقا ئالما يول .
ئەگەردە بۇ يەردىن كەتمەك بولساڭ ، بىل ،
جاھاندا كۆپتۇر تاغ ـ داۋان ، دەشتى ـ چۆل .
ئىككىلا ئېتىم بار ، ئالمىقىڭ ئوڭاي ،
بىرى ئۆلتۈرۈلسە ، بىرى نە بولغاي ؟

ئۇنىڭغا ئوخشاش ئات تاپالماسمەن راست،
روشەنكى، رەفتارى دېمەك بىقىياس.
جاھاندار زەرەسپ بىلەن ئۇ رېۋىنىز،
تۇس كىمدۇر؟ لەنەتلەر ئالەمچە - چەكسىز.
ئاتام كىمدۇر ياۋۇز پىلنى غۇلاتقان،
چەرخۇ پەلەككە باقماي جاھاندىن كەتكەن.
ئۇلار جەڭدىن قايتتى دىلغا يىغىپ غەم،
چىقالمىدى قىيا تاغقا ھېچ ئادەم.
يەتمىگەن ھەتتاكى ھۇما قانىتى،
يىتەرمۇ قەلئەگە ئادەمنىڭ زاتى؟»
ئاڭا دېدى بىجەن: «ئەزمە دىلىمنى،
كۆتۈرەلمەي قالغاي تېنىم بېشىمنى.
جاھان، تاج، شاھلارنى ياراتقان جايغا،
مەن قاتتىق بىر قەسەم ئىچتىم ئۇ ئايغا.
ئەگەر زەرەسپ كەبى جەڭدە ئۆلمىسەم،
تاغدىن يانماسلىققا ئىچەرمەن قەسەم.»
ئاندىن دېدى گۇستەھەم: «ئىش بولماس بۇ خىل،
مۇنچىلىك تېزلىكنى سىغدۇرماس ئەقىل.»
ئاندىن دېدى بىجەن: «زەرەسپ ئۆچىچۈن،
ئات كىرەكمەس، ياياق ماقۇل مەن ئۈچۈن.»
ئاڭا جاۋاب بەردى شۇندا گۇستەھەم:
«چۈشمىسۇن بېشىڭدىن بىر تال چىچىڭ ھەم.

ئىلكىمدە بولغاندا يۈز مىڭ ئات ئەگەر
ۋە ھەتتا جابدۇقى بولسىمۇ گۆھەر.
ئايانماس ئىدىم مەن سەندىن پەقەتلا،
بولسا گەنج، تاج، ئات ھەم قوراللار ھەتتا.
بېرىپ سەن ئاتلارغا بىر - بىر نەزەر سال،
قايسىنى خالىساڭ شۇنى تاللاپ ئال.
ياراتقان ئېتىڭنى ئېگەرلەپ بەرسۇن،
مەيلى ئۇ جەڭگاھتا يىقىلسۇن، قالسۇن.
مىجەزى بۆرىدەك بىر ئات بار ئىدى،
تاقەت ھەم چىدامدا گويا نار ئىدى.
شۆھرەتلىك ياش باتۇر خىزمىتى ئۈچۈن،
ئۇ ئاتنى ئېگەرلەپ بېزىدى پۈتۈن.
گىۋ دىلى بۇ سۆزدىن ئاتاشتەك ياندى،
فۇرۇد قۇدرىتىنى ئۇ ئويلاپ قالدى.
يوللىدى گۇستەھەمنى خەۋەر ئۈچۈن،
جەڭ لىباسىن ئېلىپ كەلمەككە پۈتۈن.
ئەۋەتتى سىياۋۇش نىشانلىق لىباس،
شاھانە قالپىقىن - مەردلىككە ئاساس.
كەلتۈردى گۇستەھەم لىباسىن شۇئان،
ئۇنى كىيدى بىجەن شالدىن چاققان.
يۈزىنى قاراتتى جەڭ يولى تامان،
غەزىپى تاشقىنلىق دەريايى ئۇمان.

## بىجەننىڭ فۇرۇد بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

تەھارغا مۇنداق دەر ئول شاھى جاھان:
«يىگى بىر باھادىر كەلمەكتە بويان.
قارىغىن، كىم ئىكەن باھادىر ئۆزى،
ئۇنىڭچۇن ياش تۆكەر كىملەرنىڭ كۆزى؟»
زەن سېلىپ تەھار سۆز ئېيتتى شۇ ئاندا:
«تېپىلماس ئاڭا تەڭ كىشى ئىراندا.
گىۋ پەرزەنتى ئۇدۇر، باھادىر تەنھا،
جەڭلەردە تەڭداشسىز ئەركەك شىر گويا.
گىۋنىڭ يوقتۇر بۇنىڭدىن ئۆزگە پەرزەنتى،
ھەممىدىن ئەزىز ھەم دىلغا پەيۋەندى.
ئۇنىڭ ئېتىغا ئوق ئات، ئېتى يىقىلسۇن،
ئىران شاھى دىلى ئازار چەكمىسۇن.
ئۈستىدە گىۋ كىيىپ يۈرەر لىباس بار،
تۆمۈر ساۋۇتىغا ئەيلە ئېتىبار.

ئۇنى چەنلەپ ئاتما نەيزە، يا بىلەن،
پىيادە جەڭ قىلسۇن، تەلەپ قىل ئۇندىن.
جەڭگە كىرسە ئۇڭا تەڭ كېلىش دىشۋار،
قولىدا ئالماس بار، بول بۇندىن ھوشيار.»
بىجەن ئېتىغا ئوق يوللىدى فۇرۇد،
يىقىلدى مىنگەن ئات، جېنىدىن بىخوت.
ئۈچۈپ كەتتى بىجەن ئاتتىن ئايرىلىپ،
تىغ تۇتۇپ تاغ تامان كەلدى قايرىلىپ.
بىر نەرە تارتتى: «ئەي، مەرد بولساڭ ئەگەر،
بىلىپ قوي قانداقچە جەڭ قىلىدۇ ئەر.
بىلىپ قوي ئات مىنمەي قازانغاي زەپەر،
باتۇرلار قولىغا ئالغاندا خەنجەر.
كۆرەرسەن جايىڭدا گەر قالساڭ ئامان،
جەڭنى تاشلاپ ئەگەر كەتمىسەڭ ھېچ يان.»

بىجەن سۆزى ئۆتتى فۇرۇد جىنىدىن ،
بىر غەزەپ ئۆرلىدى شۇدەم قىنىدىن .
ياۋغا قاراپ بىر ئوق ئاتتى ئۇ شۇندا ،
بىشىنى يوشۇردى بىجەن قالقاندا .
قالقان تېشىلىسمۇ نىشانى قالدى ،
بىجەن بىر دەقىقە سۈكۈتتە قالدى .
ئۇ ئېگىز چوققىغا يۈگۈردى شۇئان ،
قىلىچنى غىلاپتىن سۇغۇردى چاققان .
ئاگا قارشى چىقتى فۇرۇد قەھرىمان ،
قەلئە ئەھلى شۇئان كۆتۈردى چۇقان .
بىجەن چەتلەپ قاچتى ئۇدۇل يولىدىن ،
قىلىچنى چۈشۈرمەي دائىم قولىدىن .
جابدۇققا تىغ ئۇرۇپ ئەتتى ئۇنى چاك ،
ئۆلۈپ ئات يىقىلدى ، چاچرىدى تۇپراق .
قەلئەنىڭ ئىچىگە يۈگۈردى فۇرۇد ،
مەردلەر ياپتى قەلئەنى ئۆتمەي مىنۇت .
قەلئەدىن توختىماي ياغاتتى تاشلار ،
ئۇ يەردە تۇرماقلىق خەۋپ ئىدى زىنھار ،
بىجەن نەرە تارتتى : « ئاڭلا ئەي نامدار ،
مىنىڭدىن قاچماقنى سەن كۆرمەمسەن ئار .
ئارقىغا داجىشىڭ شەرمەندىلىكتۇر ،
فۇرۇدنىڭ جەڭگاھتا شانى قايدىدۇر ؟ »
قايتتى ئۇ جەڭگاھتىن تۇس دەرگاھىغا ،
جەڭ ھالىن سۆزلىدى پادىشاھىغا .
مۇنداق بىر باتۇر بىلەن گەر جەڭ قىلىپ ،
يېڭىلگەن تەقدىردە سانالماس ئەيىب .
تاغۇ تاشلار ئۇنىڭ جېڭىدىن شۇئان ،
دەريا بولۇپ ئاقار گويا تولۇپ قان ،
سەركەردە بولمىغاي بۇڭا ھېچ ھەيران ،
مۇندىن ئارتۇق مەردلىك بولماس ھېچقاچان .
سەركەردە تەڭرىگە ئەيلىدى قەسەم :
« قەلئەنى ئاسمانغا سورۇيمەن بۇدەم .
زەرەسپ قىياسى ئۈچۈن قوشۇن تەق ،
جەڭلەردە قىلارمەن جەۋلان مۇئەللەق .
بەتنىيەت تۈرك جىنىن ئەيلەرمەن بىجان ،
قىنىدىن تاشلارنى قىلارمەن مارجان ».

## فۇرۇدنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى

كۆرۈنمەي قالغاندا پارلاپ تۇرغان كۈن ،
چىقاردى لەشكىرىن كۆككە قارا تۈن .
قەلئە باتۇرلىرى — بىرمىڭ پەھلىۋان ،
سۇۋارى كېلىشتى بۇ مەيدان تامان .
ئېتىلدى قەلئەنىڭ ئىشىكى مەھكەم ،
قوڭغۇراق ، جەڭ سازى ياڭرىدى شۇ دەم .
پىران قىزى — فۇرۇد مومىسى گىريان
بولدى قەلبىدە دەرد كۆتۈرگەچ تۇغيان .
پەرزەنتى يېنىغا كېلىپ جاي ئالدى ،
قارا تۈن دەردۇ غەم ئىچرە تولغاندى .
چۈشىدە ئوت كۆردى قەلئەدە يانغان ،
پەرزەنتى بىشىدا لاۋۇلداپ تۇرغان .
ئىستىھكام بولغانمىش ئاستىن ھەم ئۈستۈن ،
گۆر كىرەپ كۆيەرمىش بۇ قەلئە پۈتۈن .
دىلىغا دەرد تولۇپ ئويغىنىپ كەتتى ،
رەنجىگەن جىسمىغا يىڭى دەرد يەتتى .
ئېگىزلىككە چىقىپ باقتى ھەر تامان ،
كۆردى ساۋۇت ، نەيزىلىك ئورمان .
يۈزىگە قان ئۇرۇپ دىلى بولدى قان ،
فۇرۇدنىڭ قېشىغا يۈگۈردى شۇئان .
ئاڭا دېدى : « ئوغلۇم ، كۆز ئاچ پەھلىۋان ،
يامانلىق يۈزلەندى بېشىمغا يامان .
ھەممە ئەتراپنى ياۋ قورشاپ ئېلىپتۇ ،
تاغ قالقان ، تىغ ، خەنجەر بىلەن تولۇپتۇ . »
ئويغىنىپ ئانىغا سۆزلىدى ئوغلان :
« غەمدىن بولدۇڭ نېچۈن مۇنچە ناتىۋان ؟
ئەگەر كەلگەن بولسا ئۆمرۈمگە يەكۈن ،
قىلالماسمەن ئۇنى تەقدىردىن ئۇزۇن .
ئاتام ئۆلتۈرۈلدى ياشلىق پەيتىدە ،
بۇ قىسمەت بار ئىكەن مەن پەرزەندىدە .
كۈچلۈك قولىدا ئۇ ئايرىلغان جاندىن ،
بىجەن يېقىنلاپ كەلدى جېنىمغا ياندىن .
تىرىكلىك ئاخىر — ئۆمۈردىن قايتىش ،
تىرىكلىك — نەپەسنى سانىغاندەك ئىش . »
قوشۇنغا گۈرزە ھەم ساۋۇتلار بەردى ،
ئۆزى چوڭ دۇبۇلغا بېشىغا كىيدى .

رۇمچە كىيىم كىيىپ ، بىلىن باغلىدى ،
شاھانە كامانىنى قولىغا ئالدى .
تاغ كەينىدىن قۇياش ئاچقاندا جامال ،
ئۇپۇق ئىتىكى ھەم بولدى بەركامال .
ھەريانىدىن ئاڭلاندى نەرە ۋە چۇقان ،
ھەيۋەتلىك گۇرزىلەر ئۇرۇلدى شۇئان .
ناغرا ھەم كانايلار ئاۋازى ياڭرار ،
ھىندىچە سۇنايمۇ ، نەيمۇ ھەم ئىڭرار .
فۇرۇد چۇشۇپ كەلدى قەلئە ئۈستىدىن ،
ياۋ لەرزىگە كەلدى تۇركلەر دەستىدىن .
ئاتلىقلار توزۇتتى راسا چاڭ - توزان ،
چوققىدىن قان تاشتى مىسالى ئۇمان .
ئۇرماق ھەم چاپماققا تولدى بۇ جەڭگاھ ،
تاغمۇ تاش تۇياقتىن تاپمىدى پاناھ .
بۇ ياقتا ، ئۇ ياقتا قىرغىن بىر قاينام ،
پالۋانلار جان - جەھلىن كۆرسەتكەن تامام .
قوشۇن ئالدىدا تۇس ، بىلىدە كەمەر ،
قولىدا يالتىراپ ئۆتكۈر بىر شەمشەر .
ياۋلار ئەتراپىنى ئىلىشتى ئوراپ ،
ئۇلارمۇ قەلئەگە قىلىشتى قاراپ .
شۇ يوسۇن جەڭ بولدى ، ئۇر - يىقىت بولدى ،
باھادىر فۇرۇدنىڭ كۈچى ئاز قالدى .
ئىگىزلىكتە قوشۇن پۈتتى قىرىلىپ ،
ياش باتۇر تەلپىيى خەتەرگە يېتىپ .
ئۇندا شىر غەزىپىن كۆرمەستىن بۇ ئان ،
ئىرانلىقلار بۇڭا بولۇشتى ھەيران .
فۇرۇد كۆردى : جەڭدە ئەھۋالدۇر يامان ،
بىلدىكى ، باقمىدى بەخت ئاڭا ھامان .
تۇركلەردىن بولمىدى ياندا مەدەتكار ،
تەنھا جەڭ قىلماقتىن قانداق پايدا بار .
چۇلۇۋۇرىن بۇراپلا بىر ئۆزى كەتتى ،
قەلئە تۆپىسىدىن يۇگۇرۇپ ئۆتتى .
رۇھھام بىلەن بىجەن بولۇشتى پەيدا ،
تۆپىگە يۇگۇرۇپ چىقىشتى ئۇندا .
بىجەن پەستە پەيدا بولغان شۇ چىغى ،
ئوقتەك ئۇچۇپ كەتتى ئۇل ئارغىمىقى .
ياش فۇرۇد بىجەننىڭ كۆرۈپ قالپىقىن ،
بىلىدىن چىقاردى گۇرزە توقمىقىن .
غەزەپلىك شىر كەبى بىجەنگە يۈردى ،
ۋە لېكىن پەلەكنىڭ قەستىن بىلمىدى .
بىشىغا گۇرزىنى ئۇرماقچى بولدى ،
بىر زەربىدە ھالاك قىلماقچى بولدى .
زار چەكتى گۇرزىنىڭ زەربىدىن بىجەن ،
ئايرىلدى ھوشىدىن گويا چىقىپ جان .
رۇھھام بۇنى كۆرۈپ ئارقىدىن كەلدى ،
غەزەپ بىلەن ھىندى خەنجىرىن ئالدى .
فۇرۇدنىڭ تېنىگە ئۇردى شۇ زامان ،
بىر قولى ئۈزۈلۈپ ، ئوقچۇپ چىقتى قان .
ياش مەرد يارىلاندى جەڭگاھتا شۇنداق ،
ئىتىنى چاپتۇرۇپ چىكىندى شۇ چاغ .
ئاڭا يەتتى بىجەن قەلئە يېنىدا ،
ئىتىنىڭ سانىنى چاپتى قىلىچتا .
ياۋ قالدى ، فۇرۇدنىڭ ھالىمۇ ناچار ،
دۈشمەندىن يىقىلغان نەچچە مەدەتكار .
قەلئەنىڭ ئىشىكىن دەرھال تاقاشتى ،
باھادىر فۇرۇدنىڭ ھالى ئىغىرتى .
چۆرىلىرى بىلەن كەلدى ئانىسى ،
باغرىغا ئېلىشتى ئۇنى ھەممىسى .
ئۇنى ياتقۇزۇشتى پىل سۆڭەك تەختكە ،
پەريات چېكىپ خازان بولغان ياش بەختكە .
چۆرىلەر ئانىنى يۆلەپ تۇرۇشتى ،
چىچىنى چۇۋۇشۇپ نالە قىلىشتى .
فۇرۇدنىڭ تېنىدىن چىقار ئىدى جان ،
تەخت ئەھلى كۆتۈرەر ئىدى داد - پىغان .
كۆزىنى سەل ئېچىپ ئاھ چەكتى ئانا ،
غەمكىن چۆرىلەرگە كۆز تىكتى يەنە .
لېۋىنى قىمىرلىتىپ ، سۆزلىدى ئاستا :
« ئەمدى ئىقبالىمىز مەجرۇھ ، شىكەستە .
ئەمدى ئىرانلىقلار قەلئەگە كىرەر ،
تالان - تاراج قىلار ، ھەممىنى قىرار .
قەلئە سېپىللىرىن قىلىشار ۋەيران ،
چۆرىلەر ئەسىرە ، بولۇر باغرى قان .
كىمنىڭ دىلى ماڭا ئۆرتەنسە ھامان ،
دىلىمدىن ئىبتايكى ، ئىشىمىز ئاسان .
چوققىدىن ئۆزىنى تاشلىغاي پەسكە ،
ئەرزىمەس بۇ ھايات ئەمدى ھەۋەسكە .
ھىچ نەرسە قالمىسۇن بىجەنگە مۇندا ،
ھىچ نەرسە تاپمىسۇن بۇ تاغدىن تۇندە .

مېنىڭ پاك جېنىمنى جۇدا قىلدى ئۇ ،
مۇرادى — مەقسەتكە شۇندا يەتتى ئۇ . »
شۇ سۆزلەر دەپ ئۇنىڭ يۈزى تاتاردى ،
دەردۇ ئەلەم بىلەن يۇمۇلدى كۆزى .
بۇ مەست چەرخى پەلەك شۇنداق ئالدامچى ،
ئوينىتار يەتمىش قول بىلەن ئۇ قامچى .
گاھ شامال ئوينار ئۇ ، گاھ بۇلۇت ئوينار ،
گاھ ھىيلە ئىشلىتەر ، گاھ خەنجەر تۇتار .
بىر رەزىل قول بىلەن قىلار مەككارلىق ،
گاھ ئاسان ئىشقىمۇ سالار دىشۋارلىق .

تەختى تاج ، كۇلاھلار بىرەر بىر زامان ،
غەم — قايغۇ ، كىشەن ، بەند يوللار بىر زامان .
كىشىدە نە بولسا ئالار بارىنى ،
يۈرەككە سالار ئۇ غەم ئازارىنى .
تۇغۇلمىغاندا گەر باھادىر ، ئاقىل ،
ئىنسىق — سوغۇقنى ئۇ كۆرمەستى بۇ خىل .
جاپالىق ھەم قىسقا ئۆمۈر كۆرەرمىز ،
ئۆمۈرگە ئىچىنىپ كۆز ياش تۆكەرمىز .
تۇپراقتا ئاقىۋەت قويۇلغاي بۇ باش ،
ئاچچىق بۇ ئۆمۈرگە بىرلا يول —— چىداش .

## جەرىرەنىڭ ئۆلۈۋالغانلىقى

سىياۋەخش فۇرۇدى بىبەختۇ بىنام
بولدى بۇ جاھاندا ئۇلغايماي تامام .
چۆرىلەر چىقىشتى قەلئە ئۈستىگە ،
ئۆزىنى تاشلاشتى قىيا ئاستىغا .
جەرىرە بەھەيۋەت گۈلخان ياقتۇردى ،
ھەممە بار خەزىنىنى قويماي ياندۇردى .
ئاندىن سوك قولىغا بىر قىلىچ ئالدى ،
ئاتلار ئىغىلىغا چوك قۇلۇپ سالدى .
ئاتلارنىڭ بىر — بىرلەپ كەستى بېشىنى ،
يۈزىدىن يۇلتۇزدەك تۆكتى يېشىنى .
ئاندىن كەلدى فۇرۇد قېشىغا ئانا ،
قولىدا يالتىرار قىلىچى يەنە .
قويدى ئۇ يۈزىنى ئوغلى يۈزىگە ،
جان بەردى قىلىچنى ئۇرۇپ ئۆزىگە .
ئىرانلىقلار ئاچتى قەلئە دەرۋازىسىن ،
بۇلاشقا كىرىشتى فۇرۇد قەلئەسىن .
قەلئەنىڭ تېمىغا كەلگەندە بەھرام ،
دىلى غەم تۇپەيلى بۇزۇلدى تامام .
كەلدى فەررۇخ فۇرۇد قېشىغا شۇئان ،
كۆزىگە ياش تولۇپ ، بولدى باغرى قان .
ئىرانلىقلار دەر :« ئاتامدىن كۆرە ،
بۇ ئۆلدى خارۇ زار بولۇپ مىڭ كەررە .
سىياۋەخش مۇنچىلىك ئۆلتۈرۈلمىگەن ،
ئانىسى بېشىدا يېتىپ ئۆلمىگەن .
ئاتەشتە سارىيى كۆيۈپتۇ تامام ،
ئۇنىڭ خانۇ مانى يېنىپتۇ تامام .

يامانغا ئۇزۇندۇر ئالەمنىڭ قولى ،
ئۇلارغا ئېچىلماس شەپقەتنىڭ يولى .
كەيخۇسرەۋدىن ئەمدى تارتمايسىز ئۇيات ،
تۇسقا ئېيتتى ئىللىق سۆزلەرنى غايەت :
« سىياۋۇش قىساسى دەپ كەلدۇق بۇ گۈن ،
سىزگە بەردى يۈرەك مەسلىھەت پۈتۈن .
بولسا تۆكۈلگەن قان ، بۇرادەر قېنى ،
قانداقچە ئاقلانسۇن نومۇس ، ۋىجدانى .
رۇھھامدىن ، بىجەندىن ئوخشاشلا بۇ دەم ،
ياخشىلىق كەلمىگەي جاھانغا ھېچ ھەم . »
شۇ چاغدا قوشۇندار تۇس يېتىپ كەلدى ،
كالەت يولىغا كۇس تېز ئەۋەتىلدى .
باردى گۇدەرز بىلەن گېۋ ئۇ قەھرىمان ،
ئىران مەردلىرىدىن زور قوشۇن شۇئان .
سەركەردە يول ئالدى بارىگاھ تامان ،
ئۇ كەلگەچ ئەھۋالمۇ تىنجىدى شۇ ئان .
كەلدى ئۇ جان ئۈزگەن فۇرۇد قېشىغا
ۋە ئانا سېلىنغان تاۋۇت بېشىغا .
بەھرامنى كۆردى ئۇ كۆزىدە لىق ياش ،
ئولتۇرار ئىدى ئۇ يوقىتىپ بەرداش .
تۇراتتى بۇ يەردە زەنگە شاۋەران ،
تۇراتتى يېنىدا نەچچە پەھلىۋان .
دەرەختەك ياتاتتى بىر زات تەختىدە ،
ئاي كەبى نۇر بەرقىپ تۇرار مەگزىدە .
سىياۋۇش ئىدى ئۇ زەر تەختتە ياتقان ،
ساۋۇت ، گۇرزە ، كەمەر ، تىغى قويۇلغان .

گۇدەرز ھەم گېۋ يىغلار ئەتراپىدا زار ،
يىغلايتتى قانچە مەرد ، جەڭلەردە نامدار .
تۇس يۈزى قان رەڭلىك بولدى شۇ زامان ،
فۇرۇدنىڭ ھالىدىن ، مەرد ئوغلانىدىن .
ھەممە كۆزدە لىق ياش ، يۈرەك تولغان قان ،
يۈزىنى قاراتتى ئۇلار تۇس تامان .
گۇدەرز ھەم گېۋ دېدى تۇسقا بۇ يوسۇن ،
قانچە پەھلىۋانلار ، نامدارلار ئۈچۈن :
« ئىنتىكلىك كەلتۈرەر سىزگە پۇشايمان ،
يەڭگىللىك تېرىما بوستانغا ھېچ ئان .
سەركەردە ئىشىغا يەڭگىللىك زىيان ،
سەركەردە گەر يەڭگىللىك قىلسا بۇ يامان .
كەيلەر ئۇرۇقىدىن بولسا مۇنداق ياش ،
بولسا قەددى - قامەت ۋە شەۋكەت يولداش ،
زەربەگدىن بىردەمدە يوق قىلدىڭ بۇدەم ،
نوزەرنىڭ نەسلىدىن زەرەسپنى ھەم .
ھودۇققانلىقىڭدىن رىۋنىز ھەم ئۆلدى ،
بەختى قارىلىق ئۇنى ئىلكىگە ئالدى .
ئالدىراقسانلىقتىن بولۇر مەرد ئوسال ،
بەئەينى دات باسقان ، ئۆتمەس تىغ مىسال . »

قانچە سۆز سۆزلىدى ، تۆكۈپ قانچە ياش ،
غەزەپتىن تۇس رەڭگى بولغانتى ئوتقاش .
مۇنداق جاۋاب قىلدى : « قارا بەخت ھەردەم
كەلتۈرگەي مەردۇمغا قاتتىق ئازاب ، غەم . »
بۇيرۇدى شاھانە لەخمە قېزىشقا ،
ئۇستىلار چۈشۈشتى ئۇندا بۇ ئىشقا .
قويۇشتى ئاستىغا ئالتۇن تەخت زەر ،
قويدى ھەم بۇ تەختكە گۇرزە ، تىغ ، كەمەر .
فۇرۇدنىڭ بېشىغا چېچەك قويۇلدى ،
بەدىنى گۈل سۈيى بىلەن يۇيۇلدى .
تەختكە ياتقۇزۇپ ، كۆتۈردى ئۇنى ،
باتۇر تۇس يېنىدا تۇردى شۇ كۈنى .
رىۋنىز بىلەن زەرەسپ باتۇرنى بىرگە
ياتقۇزدى شاھنىڭ يان تەرىپى ، يەرگە .
سەركەردە ساقلى ئۈستىگە شۇئان
كۆزىدىن تۆكۈلەر ئىدى زەرداب قان .
ئۆمۈر شۇ ، قانچىلىك ياشمايلى بەس ،
مەيلى پىل ، شىر بولسۇن ئۆمۈر بىر نەپەس .
تاشلارمۇ چۆچۈيدۇ ئۆلۈمدىن مۇتلەق ،
تىرىكلىكچە قالماس ھەتتا بىر ياپراق .

## تۇسنىڭ كاسەرۇدغا قوشۇن ئەۋەتكەنلىكى ۋە بېجەننىڭ پەلاشاننى ئۆلتۈرگەنلىكى

سەركەردە تۇس فۇرۇد جېڭىدىن كېيىن ،
چۈشۈپ كەتتى جەڭلەر پۈتكەن بۇ تاغدىن .
چەرەمدە دەم ئېلىپ ئولتۇردى ئۈچ كۈن ،
ياڭرىدى تۆتىنچى كۈن كانايدىن ئۈن .
ناغرىلار ئۇرۇلۇپ قوزغالدى قوشۇن ،
قوشۇندىن كۆرۈنمەس يەر يۈزى پۈتۈن .
تۇرانلار تەرەپتىن كىم كەلسە ئۇدۇل ،
ئۆلتۈرۈپ ئالدىغا ماڭاتتى تېز يول .
يولدىكى يۇرتلارنى قىلىپ ئۇ ۋەيران ،
كاسەرۇد تەرەپكە بولۇشتى راۋان .
ئۇ يۇرتتا قوشۇنى توختاپ دەم ئالدى ،
چېدىرنىڭ كۆپىدىن زېمىن يوقالدى .
تۇرانغا تارقالدى ئىراندىن ئەسكەر ،
كاسەرۇد تەرەپكە كەلدى دەپ خەۋەر .
تۈركلەردىن كەلدى ياش باھادىر شۇئان ،
پەلاشان ناملىق بىر ھوشيار پەھلىۋان .

كەلدى لەشكەرلەر جەمىن كۆرگىلى ،
چېدىر ھەم بايراقلار سانىن بىلگىلى .
لەشكەرگاھقا يېقىن بار ئىدى بىر تاغ ،
بىر يېقى ئېگىزلىك ، بىر يېقى پەس باغ .
باغدا ئولتۇرۇشۇپ گېۋ ، بېجەن شۇئان
قىلاتتى سۆھبەتلەر ، پاراڭلار بايان .
تۇران قوشۇنىدا كۆرۈندى شۇ چاغ ،
باتۇر پەلاشانغا قاراشلىق بايراق .
بىردىنلا گېۋ كۆرۈپ قالغاندا شۇ دەم ،
قىلىچىن قىنىدىن سۇغۇردى ئىلدام .
« بارسام ، — دېدى ، — بېشىن تەندىن ئالۇرمەن ،
يا باغلاپ قوشۇنغا سۆرەپ كېلۇرمەن . »
ئاندىن ئاڭا دېدى بېجەن : « ئەي نامدار ،
بۇ كىيىمنى ماڭا بەرگەن شەھرىيار .
مەن بۇيرۇق يولىغا بەلنى باغلىغان ،
مېنىڭدىن قۇتۇلماس ئەمدى پەلاشان . »

بېجەنگە باتۇر گېۋ مۇنداق دەر شۇئان :
« ئەركەك شىر جېڭگە ئىنتىلمە چاققان .
مۇبادا ئۇ بىلەن قىلالمىساڭ جەڭ ،
قارا كۈن باشلىنىپ ھالىڭ يەرگە تەڭ .
ئۇ بىر شىر ، بۇ سەھرا ئاڭا چىمەنزار ،
مۇنداق جەڭ مەردنىمۇ قىلىدۇ شىكار . »
بېجەن دېدى : « سۆزلە ، قىلمىغىن تەنە ،
جاھاندار ئالدىدا قىلما شەرمەندە .
سىياۋۇش قورالىن ماڭا بېرىپ تۇر ،
ئارسلانىم شىكارىنى ئاندىن كۆرۈپ تۇر ! »
زىرھىنى ئۇنىڭغا بەردى گېۋ باتۇر ،
بېجەن ئۇنى باغلاپ ئالدى خۇش – مەغرۇر .
ئۇچقۇر بىر ئاتقا ئۇ دەس مىنىپ ئالدى ،
نەيزىنى كۆتۈرۈپ چۆلگە قوزغالدى .
بىر كېيىكنى سويۇپ پەلاشان شۇ تاپ ،
ئوتقا قاقلاپ قىلار ئىدى كاۋاپ .
پەلاشان يەلكىدە ئېسىلغان ئوقيا ،
تۇلپىرى ئوتلايتتى چىشلەپ چۆپ – گىياھ .
تۇلپار بېجەن ئېتىن يىراقتىن كۆردى ،
تېپىرلاپ ئالدىغا سەكرەپ كىشنىدى .
بىرىنىڭ كەلگىنىن بىلدى پەلاشان ،
بۇ يەرگە جەڭ ئۈچۈن كەلمىش بىگۇمان .
ئۇ شۇ چاغ بېجەنگە ياڭراتتى نىدا :
« شىر يېڭىپ ، دۈشمەنى باغلىدىم ھەتتا .
ئىسمىڭ كىم ، سۆزلىگىل ، كىم زادى ئۆزۈڭ ؟
ياش تۆكەر ھالىڭغا تەلەي يۇلتۇزۇڭ . »
كەلگۈچى ئاڭا دەر :« بېجەن بولۇرمەن ،
پىلدىنمۇ قۇدرەتلىك ، مىس تەن بولۇرمەن .
بوۋام بىر شىر ئىدى ، ئاتام گېۋ باتۇر ،
كۆرەرسەن كۈچۈمنى ، ئەي تولا مەغرۇر .
مەردلىكنى بىلەرسەن جەڭدە ، سىناقتا ،
تۇرساڭمۇ جەسەت يەر بۆرىدەك تاغدا .
چاڭ – توزان تارقىتىپ ، تۆكۈپ يۈردۈك قان ،
پەيت كەلدى ، قوشۇنىنى كەلتۈر چۆل تامان . »
جاۋاب قايتۇرمىدى ئاڭا پەلاشان ،
پىلدەك زور ئېتىنى ئۇچقۇزدى شۇئان .
پالۋانلار كۆتۈرۈپ نەيزىلىرىنى ،
پېتىقلىدى دالا مايسىلىرىنى .
نەيزىلەر سۇنۇشتى ئۇرۇشتا بۇ دەم ،
باتۇرلار ئېلىشتى قىلىنچ بىلەن ھەم .
پارچە – پارچە بولدى قىلىچلار يەنە ،
باتۇرلار تىترىشەر ياپراقتەك گويا .
ئاتلارمۇ تەرلىدى ، ئاقتى سۇ بولۇپ ،
كۆكسۈللەر قارايدى ، جەڭلەر سوزۇلۇپ .
ئىككى شىر ئېتىلدى بەھەيۋەت شۇنداق ،
قولىدا تۇتۇشۇپ ئىككىسى توقماق .
ئېغىر توقمىقىنى يەلكىدە تۇتۇپ ،
بېجەن زەربە پەيتىن تۇراتتى كۈتۈپ .
پەلاشان بېلىگە توقماقنى ئۇردى ،
رەقىبى بېلىنى بىردىن سۇندۇردى .
غولاپ چۈشتى تۇلپار ئۈستىدىن شۇئان ،
يىقىلدى ساۋۇتى ، قالپىقى بىلەن .
بېجەن دەرھال چۈشۈپ يەرگە ئېتىدىن ،
جۇدا قىلدى بېشىن ئۇنىڭ تېنىدىن .
گېۋ دىلى بۇ جەڭدە تولدى كۆپ غەمگە ،
بىلمەستى دۇچ كېلەر قانداقچە دەمگە .
جەڭنى كۆزىتەردى چېكىپ ئاھ – پىغان ،
يول كۈتتى قايتار دەپ قايسى چاغ بېجەن .
ئولجا بولدى ئاڭا باش ، ئات ھەم قورال ،
كەلتۈردى ئاتىسى قېشىغا دەرھال .
ئۇلارنى قويغاندا ئاتا ئالدىغا ،
« بەختىيار بول ! » دېدى ئاتا ئوغلىغا .
ئۆزاشتى بۇ يەردىن شادلىنىپ شۇئان ،
يولنى توغرىلاپ چېدىرلار تامان .
سەركەردە ئالدىغا قويدى كاللىنى ،
قويدى ھەم ئۇ ساۋۇت بىلەن قالپاقنى .
بۇ ئىشتىن كۆپ خۇشال بولدى قەھرىمان ،
سەدىقە قىلىشقا تەييار ئىدى جان .
ئاڭا دېدى : « ئوغلۇم قوشۇن تايانچى ،
نامدارلار سەردارى ، پادىشاھ تاجى .
دائىما خۇشال ئۆت ، قۇچ ئۇلۇغ ئىقبال ،
يىراق بولسۇن سەندىن يامانلىق ، زاۋال . »

## قار يېغىپ ئىرانلىقلارنىڭ يامان ئەھۋالدا قالغانلىقى

ئەفراسىياپ ئالدى مۇنداق خەۋەرنى :
تاشقىن دەريا بولدى تۇران زېمىنى .
كاسەرۇد تەرەپكە يول ئالدى قوشۇن ،
بويالغان بۇ زېمىن قان رەڭلىك پۈتۈن .
سەركەردە سۆزلىدى سەردار پىرانغا :
« خۇسرەۋنىڭ سۆزلىرى يەتتى ئايانغا .
بىزلەردىن ئۇ سۆزگە بولسۇن بىر جاۋاب ،
بايراقلار لەپىلدەپ ، ناغرىلار ياڭراپ .
ئىراندىن بۇ ياققا گەر كەلسە قوشۇن ،
بىزگە ئاي بىلەن كۈن قانداق كۆرۈنسۇن .
ھەر تەرەپكە بېرىپ توپلايلى ئەسكەر ،
سۆزىمىز سۆز بولسۇن دېسەك بىز ئەگەر . »
ئۇياندىن ئۆرلىدى كۈچلۈك بىر شامال ،
ئىرانلىقلار جەڭنى قىلماستى خىيال .
كۆچتى ئۇچقۇر بۇلۇت مىسلى چاڭ ـ توزان ،
لەۋلەر چىشقا تېگىپ چاپلاشتى شۇئان .
تىكلەنگەن چېدىرلار مۇزلىدى مۇندا ،
قار يېغىپ يوتقاندەك بولدى يەر گويا .
قاردىن كۆرۈپ بولماس ئىدى ھېچ يانىنى ،
بىر ھەپتە كۆرمىدى كىشى ئاسمانىنى .
قىيىنلاشتى تاماق ، ئۇيقۇ ۋە ئارام ،
گويا يەر تاش بولۇپ قاتقاندەك تامام .
ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمەس جەڭ ئەسلا ،
سويۇلغان ئاتلاردىن ئۆزگە يوق غىزا .
ھالاك بولدى كۆپلەپ ئادەم ۋە چارۋا ،
جانسىزدەك يەلكىلەر ، بىلەكلەر گويا .
سەككىزىنچى كۈندە كۆردى قۇياشنى ،
ئالەمنى قاپلىدى قارنىڭ تاشقىنى .
سەركەردە قوشۇننى بىر جايغا يىغىپ ،
سۆزلىدى جەڭ كۈنىن ئېسىگە ئېلىپ :
« قوشۇن زور زەخمەتكە ئۇچرىدى بۇ دەم ،
باشقا بىر مەنزىلگە تاشلايلى قەدەم .
بۇ مال ، بۇ جاھانلار يوقالسۇن تامام ،
كەلات ھەم كاسەرۇد بولۇشسۇن بىنام . »
باتۇرلاردىن بەھرام سۆزلىدى شۇئان :
« سەركەردىگە بۇ گەپ بولمىغاي پىنھان .
بىزنى سۆزۈڭ بىلەن قىلماقچىسەن جىم ،
ئۆزۈڭ شاھزادىگە قىلارسەن ھۇجۇم .
توغرا ئىشقا ئەگرى يول تۇتما ھېچ ھەم ،
بۇ يولدا جان ئۈزدى قانچىلىك ئادەم .
كىم بىلەر قانچىلىك يامانلىق كۈتەر ،
نېمە بار ئاقىۋەت ئۇ مەۋھۇم قالار . »
سەركەردە مۇنداق دەر :« ئازەرگۇشەسپ ، بىل ،
جەڭگلەردە زەرەسپتىن ئەمەستۇر دادىل .
بىگۇناھ فۇرۇدمۇ ياش ئۆلتۈرۈلدى ،
نېمە يازغان بولسا تەقدىر شۇ بولدى .
قوشۇنغا نەزەر سال ، رىۋنىزگە بۇ دەم ،
مەردلىكتە ، سۆلەتتە ئوخشىغان ئادەم .
ئۇ بىلەن ماي ـ سۈتكە جامىم تولغاندى ،
ئۇ فۇرۇد يېنىدىن كۆڭلۈم شات ئىدى .
ئەمدى ئۆلگەنلەرنى ئەيلىمەيلى ياد ،
مەيلى ھەق ، ناھەقتىن سۇلدى دەپ ھايات .
گېۋ شاھتىن جامەنى قىلدى پىسەندە ،
يولدا ئوتتۇن بىلەن ياقتى گۇلخانە .
ئەمدى يەتتى ئۇنى يېقىش ئەييامى ،
ئۇنى كۆك ئوتىدا يېقىش زامانى .
لەشكەر يولى شۇندا ئېچىلسا ئەگەر ،
شۇ چاغدا لەشكەرلەر شۇ يولدىن ئۆتەر . »
ئاڭا دەر گېۋ :« ئۇ ئىش مۇشكۇل ئەمەستۇر ،
مۇشكۇل بولسىمۇ خەزىنىسىز بولماستۇر ».
بۇ سۆزگە قوشۇلماي بېجەن غەم چەكتى :
ئۇ دەرھال : « قوشۇلماسەن بۇڭا » دېدى .
« زەخمەت ـ مۇشەققەتتە مېنى ئۇستۇردۇڭ ،
ئەسلا رەنجىتمىدىڭ ، تەربىيەت قىلدىڭ .
قېرى تۇرۇپ بېلىڭگە باغلىساڭ كەمەر ،
ئۇياتتۇر ياش تۇرۇپ ئولتۇرسام ئەگەر . »
گېۋ دېدى : « بۇ ئىشقا ئۆزۈم تەييارمەن ،
بۇ ئىشنى بېجىرسەم كۆپ بەختىيارمەن .
ئەي ئوغۇل بۇ قەسەم ئۆتەش چاغى ھەم ،
قېرىلىق سەدىقە ، چەكمىگىن ھېچ غەم .
قىلما بۇ ئىشىمدىن ئارتۇق ئەندىشە ،
دېمىمدىن تاغ ـ تاشلار كۆيسۇن ھەمىشە . »
كاسەرۇدتىن ئۇلار تېز ئۆتۈپ ئالدى ،
سوغۇقتا قار ۋە مۇز باغرىدا قالدى .
كەلگەندە دۆۋلەنگەن ئوتۇن تېغىغا ،
كۆز يەتمەيتتى ئۇنىڭ ھېچبىر يېقىغا .

ساداقتا يىقىلغان بىر ئوتتىن شۇئان ،
تاغدىكى ئوتۇنغا تۇتاشتى گۇلخان .
گۇلخاندىن ئۇرغاچقا ئاچچىق بىر تۈتۈن ،
ئۈچ ھەپتە ئۆتەلمەي توختىدى قوشۇن .
بۇ ئاتەش ئاخىرى بىردىن بېسىقتى ،
تۆتىنچى ھەپتىدە چوڭ قوشۇن ئۆتتى .

## بەھرامنىڭ كابۇدنى ھالاك قىلغانلىقى

سەركەردە قوشۇننى توپلىغان زامان ،
ئوت بويلاپ يول ئالدى گىرەۋگىرد تامان .
قوشۇن توپلانغاندا بۇ يەرگە شۇئان ،
چېدىرغا لىق تولدى تاغۇ باياۋان .
قوشۇندا بار ئىدى مۇكەممەل قورال ،
توپ بولۇپ يۈرۈشتى ھەر ياقتا دەرھال .
گىرەۋگىردنى تەجاۋ ئەيلىدى ماكان ،
كۈچ سىناپ ئۇ يەردە كۆپ مەردۇ جاھان .
بار ئىدى ئۇ يەردە يىلقا پادىسى ،
تاغدىن تاغقا سەكرەپ ئوتلار ھەممىسى .
خەۋەر كەلدى : قوشۇن كەلدى ئىراندىن ،
چەتكە ھەيدەلدى مال شۇ يول تاماندىن .
باتۇرنى ئەۋەتتى تېز ھەرىكەتتە ،
ئەفراسىياپ دەرھال چوپان تەرەپكە .
كابۇلدا نامدار ئىدى ئۇ مەرد ئەسكەر ،
ئۇندىكى ئەۋزەللىك ، ئۇ ئىدى كەمتەر .
ئۇنىڭغا ئېيتتىكى :« قارايغاچ ئاسمان ،
يۈزۈڭنى ئېتىپ بار ، ئاچما ھېچقاچان .
بىر ئىران قوشۇنى قانچىلىك مىقدار ،
كىملەردە بايراق بار ، كىمدە كۇلاھ بار .
بۇ يەردىن بارارمىز ئۇلارغا پىنھان ،
بارچە تاغ يولىنى ئەيلەپ قىزىل قان .
تۈن كېچە يول ئالدى ، شۇ بولدى نىشان ،
كابۇدە بەئەينى بىر دېۋەسمان .
ئالدىدا كېلەتتى بەھرام بۇ كېچە ،
باغلانغان پىلىنى قولدا تۇتقانچە .
كىشنىدى كابۇدە ئېتى شۇ مەھەل ،
بەھرامنىڭ قۇلىقى ئاڭلاپ قالدى دەل .
ئوق بەتلەپ يايىغا ، چاپتۇردى ئۇ ئات ،
ئېتىمۇ يايغاندەك بولدى قوش قانات .
بىر ئوق ئۇچۇردى ئاۋازلىق ئەمەس ،
كابۇدە تۈن ئىچرە كۆزگە كۆرۈنمەس .
ئاتتى شاھ چوپانى بەلبېغىغا ئوق ،
كۆرۈندى كابۇدە رەڭگىدە تۇتۇق .
ئۇ ئاتتىن يىقىلىپ تىلىدى شەپقەت ،
بەھرام دېدى ئاڭا : « راست سۆز ئېيت پەقەت !
سېنى كىم ئەۋەتتى ، ئوچۇق سۆزلە سەن !
سەن بۇ باتۇرلاردىن كىمنى كۆزلەيسەن ؟ »
كابۇدە دەر : « ئەگەر ئەيلىسەڭ شەپقەت ،
سەن نېمە سورىساڭ ، ئېيتۇرمەن ئەلۋەت .
تەجاۋغا بۇ ئىشتا مەن بىر خىزمەتكار ،
ئۇنىڭ ئىشلىرىغا پەقەت مەدەتكار .
ئۆلتۈرمە ، ئېيتىمەن مەنزىلگاھىنى
ۋە ھەتتا دەم ئالار ئارامگاھىنى . »
ئۇنىڭغا بەھرام دەر : « تەجاۋ مەن ئۈچۈن ،
بىر مالنىڭ سىياقى گويا شىر ئۈچۈن . »
كابۇدە بېشىنى كەستى ئۇ ئىلدام ،
باغلىدى ئېگەرگە ، بولدى ئىش تامام .
لەشكەرگاھقا كېلىپ تاشلىدى باشنى ،
خائىن باش تۇراتتى ئەسلىتىپ تاشنى .
تاڭ ئاتتى ، سايراشتى تورغايلار سەھەر ،
كابۇدە ھەققىدە كەلمىدى خەۋەر .
تەجاۋنىڭ كۆڭلىنى باستى قايغۇ ـ غەم ،
خەتەر يۈز بەرگەندەك ھېس قىلدى شۇدەم .
ئۆزى بىلەن بىرگە لەشكەر قوزغالدى ،
قوشۇنمۇ جايىدىن ئالغا يول ئالدى .

## ئىرانلىقلارنىڭ تەجاۋ بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

قۇياش چۆل ئۈستىدە كۆتۈردى بايراق ،
تىغىدىن تۈن بولدى بىنەپشە سىياق .
قوشۇن بىلەن تەجاۋ قوزغالدى شۇئان ،
دىدگاھتىن كېپ قالدى ئۇ ئىران تامان .

جەڭگە كەلدى قوشۇن تۇراندىن يولدا ،
سەركەردە كېلەتتى تۇغ تۇتۇپ قولدا .
ئىرانلار ئىچىدىن گېۋ چىقتى شۇئان ،
يېنىدا بىر نەچچە تەڭسىز پەھلىۋان .
غەزەپكە كېلەتتى ئۇ، ئىسمىڭ كىم ، دېدى :
« ھەي ھەيۋەت قەھرىمان جاۋاب قىل ئەمدى .
نېچۈن چوڭ قوشۇنغا قارشى كېلەرسەن ،
لەھەڭگە يەم بولۇپ چۆلدە قالۇرسەن . »
جاۋاب بەردى تەجاۋ بۇ سۆزگە بىر ـ بىر :
« مەن پىلدەك كۈچلۈكمەن ، جەڭدە مىسلى شىر .
نامىم تەجاۋ ئىرۇر ، جەڭدە ئۇزارمەن ،
ۋە ھەتتا شىرنىڭمۇ بېشىن ئۈزەرمەن .
ئەۋلادىم ـ نەسەبىم ئىمىش ئىراندىن ،
ئىكەنمەن باتۇرلار ، شىرلار نەسلىدىن .
ئەمدى مەن بۇ جاينىڭ شاھانە ئوغلى ،
ئۇلۇغلار ئۆزىكى ، شاھنىڭ كۈيئوغلى . »
گېۋ ئاڭا دەر : « پاھ ،پاھ يۈكسەككۇ نامىڭ ،
ماختانما ، كۆرۈنۈپ قالمىسۇن ھالىڭ .
ئىراندىن تۇرانغا كىم نەگە كېلەر ؟
قان ياكى ئازابتىن زەرداپلار يۇتار .
ئەگەر شاھ كۈيئوغلى ، ھاكىمدار بولساڭ ،
قايسى قوشۇن بىلەن قىلماقچىسەن جەڭ ؟
سەن بۇ قوشۇن بىلەن جەڭدە ئويناشما ،
يەڭگىلتەكلىك قىلىپ يۈزمۇ يۈز چىقما .
بىلگىل شان ـ شۆھرەتلىك نامدار قەھرىمان ،
بولۇرسەن بۇ يەردە يەر بىلەن يەكسان .
سەن ئۆز قوشۇنىڭغا ئەيلىسەڭ پەرمان ،
يول ئالساڭ ئىرانغا ــ پادىشاھ تامان .
ئۇ دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىساڭ شۇ دەم ،
سەردار تۇس يېنىغا قويساڭ گەر قەدەم .
ئالارمەن چارۋا ـ مال ھەم بايلىق تۇگەل ،
چۆرە قىزلار بىلەن ئاتلاردىن بەدەل .
كۆرمىگەن ھېچ كىشى ئازراق مەرد تۇركنى ،
جەڭ كۈنى كۆرەرمەن ئۇلار تۇرقىنى . »
بۇ سۆزگە تەجاۋ دەر : « ئاڭلا پەھلىۋان ،
بايرىقىم ئاتالماس يەرگە ھېچ ئىنسان .
بۇ يەردە بار شۇنداق ياخشى بىر دەرگاھ ،
ئات ، قوي ، تاج ـ تەخت ، قوشۇن ـ سىپاھ .
ئەفراسىياب كەبى شاھنى بۇ ئىران
ئېلىدە كۆرمەس ھەم چۈشىدە ئىنسان .
چوپانلار ، توپ ـ توپ يىلقىلار بار مۇندا ،
يايرىشىپ ئوتلىشار دەشتى قىر ، تاغدا .
سەن بۇ لەشكىرىمنى ئاز دەپ ئويلىما ،
گۈرزە تۇتقان چېغى نەزەرسال ئاڭا .
بۇ ياققا كېلىپتۇ بۇ قوشۇن ئاسان ،
شۇنچىلىك بولدۇمكى بۇنىڭدىن ھەيران . »
مۆتىۋەر ئاتىغا مۇنداق دەر بېجەن :
« سۆزۈمنى ئاڭلىغىن ، ئاتا مېھرىبان .
سەن دانا ھەم مەغرۇر ئىدىڭ پەھلىۋان ،
قېرىدىڭ ، ياشلىقىڭ كەتكەندۇر قاچان .
تەجاۋغا كېرەكمەس مۇنداق نەسىھەت ،
كار قىلماس بىلدۈرگەن مېھىر ۋە شەپقەت .
گۈرزە ھەم خەنجەرنى ئالمىقىڭ دەركار ،
بېشىغا ئەلەملەر سالمىقىڭ دەركار . »
ئات بېشى بۇرالدى ، سېلىندى چۇقان ،
قوللارغا قوراللار چىقىشتى شۇئان .
ئىككى ئوتتۇرىدا توزان توزىدى ،
كۆرگىلى بولمىدى قۇياش يۈزىنى .
قارا بولدى بەھمەن ئايدەك جاھان ،
نە ئاي ، نە يۇلتۇزلار كۆرۈنمەس ، پىنھان .
قوشۇن ئىچرە تۇرار ئۇ گېۋ پەھلىۋان ،
ئۆزگە بارچە نۇرنى يىغقانسىمان .
ئالدىدا تۇرىدۇ بېجەن ئۇ مەرگەن ،
ئاڭا جەڭ بەئەينى بىر تاتلىق ئويۇن .
ئۇيانىدا تاج كىيگەن تەجاۋ تۇراتتى ،
ئىككى شىر بەئەينى كۈچ سىنىشاتتى .
جەڭگە چۈشتى ئەرجەڭ ئىككى باتۇرى ،
كۆپ ئىدى جەڭلەرگە چۈشكەن خاتىرى .
ۋە لېكىن بۇ جەڭدە پەھلىۋان ئەرجەڭ ،
تەلەيسىزلىكتە بولدى يەرگە تەڭ .
تۇركلەر قولىدا ئۆلدى نەچچە مەرد ،
يۈزىنى ئۆرۈگەچ ئۇلارغا ئامەت .
قېچىپ قالدى بىردىن تەجاۋ باھادىر ،
قوغلىدى ئارقىدىن بېجەن ــ نامدار شىر .
ۋارقىراپ قىزىرىشار ، قولدا نەيزىسى ،
گوياكى شىر كەبى ئۆرلەپ ھەيۋىسى .
تەجاۋ بىقىنىغا بىر نەيزە سالدى ،
شۇ زەربە تەجاۋنىڭ مادارىن ئالدى .

ئېچلىماي قالغانىدەك بەئەينى تۇگۈن ،
كارغا ھېچ كەلمىدى قۇدرىتى پۈتۈن .
نەيزىنى ئىرغىتىپ ، چاك سالدى ئاكا ،
كېيىككە تاشلانغان ئارسلان گويا .
بەئەينى سار ئالدى تورغاي تۆشىدىن ،
تاجىنى يۇلدى ئۇ تەجاۋ بېشىدىن .
بىر تاجكى ، كىيگۈزگەن ئەفراسىياپى ،
بەلكى بۇنى كۆرەر ئۇنىڭ ھەببى .
قەلئەگىچە قوغلاپ ، بېجەن ئات چاپتى ،
ئازەرگۈشەسپ كەبى ياندىن قىستىدى .
قەلئەگە يېقىنلاپ كەلدى داد سېلىپ ،
ئىسپەنوي كۆرۈندى كۆزگە ياش ئېلىپ .
ۋارقىرىدى ئىسپەنوي ؛ « ئەي تەجاۋ شورلۇق ،
قوشۇندىن يىراقلاپ ، بۇ قانداق زورلۇق ؟
نە ئۈچۈن قايتتىڭ سەن جەڭدىن بۇ ھالدا ،
مېنى بۇ قەلئەدە غەمكىن قىپ مانا ؟
مېنى يانداپ كەتكىن ، ئۆلتۈرمە مېنى ،
قەلئەدە دۈشمەنگە قالدۇرما مېنى . »
تەجاۋ پەھلىۋاننىڭ دىلى ئوت ئالدى ،
ئاتەشتەك جەڭگاھقا يەنە قوزغالدى .
تۆپىدە ئىسپەنوي ، تەجاۋ تۆۋەندە ،
تۇلپارنىڭ چۇلۋۇرىن ئاتتى ئۇنىڭغا .
ئىسپەنوي تەجاۋنىڭ كەينىگە مىندى ،
غۇلىچى تەجاۋنىڭ بېلىدە ئىدى .
ئۇچۇشتى بەئەينى شامالغا ئوخشاپ ،
تۇراننىڭ يولىدىن يۈزىنى بۇراپ .
تەجاۋنىڭ جەڭ ئېتى ئۇچاتتى چاپسان ،
ئاخىر قالمىدى ئۇلاردا دەرمان .
تەجاۋ دېدى چۆرە ئايالىغا شۇئان :
« ئاي يۈزلۈك گۈزىلىم ، ھالىمىز يامان .
كەتتى ئۇ ئۇچقۇر ئات تېنىدىن مادار ،
ئارقىدىن ياۋ قوغلار ، ئالدىمىز چوڭ غار .
گەر مۇندىن يىراقتا بېجەن ئۇچرىسا ،
دۈشمەننىڭ نىيىتى يامان ئۇ چاغدا .
ئۇلارغا ھېچقانداق سەندىن يوق خەتەر ،
سەن قالغىن ، مەن كېتەي ، خالىساڭ ئەگەر . »
ئات ئۈستىدىن چۈشۈپ ئىسپەنوي قالدى ،
تەجاۋ ئۇنى ئويلاپ كۆزگە ياش ئالدى .
كەتتى ئات چاپتۇرۇپ ئەفراسىياپقا ،
ئارقىدىن بېجەنمۇ كېلەر شۇ تاپتا .
ئاي يۈزلۈك ئىسپەنوي ، غەم ئىدى ئىچى ،
يەلپۈنۈپ تۇراتتى خۇش پۇراق چېچى .
شۇ جايدىن تۆپىگە بېجەن ئات سالدى ،
گۈل يۈزلۈك نازۇكنى بېلىدىن ئالدى .
ئېگەرنىڭ كەينىدىن ئاڭا جاي بېرىپ ،
لەشكىرى تەرەپكە ماڭدى چاڭ پېرىپ .
تۇس دەرگاھىغا ئۇ كىرىپ كەلدى شاد ،
دەرگاھنى ناغرىلار ئەيلىدى ئاۋات .
ئۇ زېرەك جەڭگىۋار شۇ يەردىن دەرھال ،
شىكارغا يول ئالدى بەئەينى شامال .
ئۇ يىغىپ ئەتراپقا شۇنچە پەھلىۋان ،
يۈردى تېز قەلئەنى قىلماققا ۋەيران .
يۈردى ھەم ئىز قوغلاپ يىلقىلار تامان ،
تۇرانلار شىددەتتە ھېسابسىز قۇلان .
ھەر باتۇر قولىغا سالمىلار ئالدى ،
قۇلانلار بېشىغا سالمىلار سالدى .
لەشكەر ئاتلارغا مىنىشتى شۇئان ،
قۇش كەبى ئۇچماققا تۇغۇلدى ئىمكان .
ئىران قوشۇنلىرى بەل باغلاپ شۇئان ،
تەجاۋ يەرلىرىنى قىلماققا ۋەيران .

## ئەفراسىياپنىڭ تۇس ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىدىن خەۋەر تاپقانلىقى

تەجاۋ كۆزىدە ياش ، چېكىپ دەرد ـ ئەلەم ،
كەلدى ئەفراسىياپ قېشىغا شۇ دەم .
دېدى : « سەركەردە تۇس زەربە قىلدى بۈگۈن ،
كەلتۈردى ناغرىلار ئاستىدا قوشۇن .
پەلاشان ۋە قانچە باتۇرلار شۇ چاغ ،
بىدەرمان قۇچاقلاپ ياتماقتا تۇپراق .
ياندۇرۇپ كۆيدۈرۈپ يۇرت ـ ئەھلىمىزنى ،
غەنىيمەت ئېلىشتى مال ـ مۈلكىمىزنى . »
ئەفراسىياپ بولدى بۇ سۆزدىن ھوشيار ،
تەدبىرلەر ئىزلەيتتى تىنماستىن زىنھار .
پىرانى ۋىسەگە ئۇل شاھ مۇنداق دەر :
« بۇرۇنلا ئېيتقانتىم توپلاشقا لەشكەر .

ماقۇل دەپ، ھۇرۇنلۇق قىلدىڭ سەن يەنە،
بۇ بىخۇدلۇق يا، قىرىلىقمۇ يا ؟
كۆپلەپ ئۆلتۈرۈلدى ئۇرۇق ـ تۇخۇممىز،
بەختسىز تىترىدى ھەتتا تۇغمىمىز.
ئەرزىمەس خىيالغا، بەس ئەمدى بۇگۈن،
بۇ جاھان تار كەلگەي ھوشيار ئەر ئۈچۈن.»
ئەفراسىياپ تۇرغان قەسىردىن شۇئان،
چىپىپ چىقىپ كەتتى سەركەردە پىران.
ھەر يۇرتتىن جەڭگىۋار مەردلەر توپلىدى،
قورال ۋە پۇل بېرىپ لەشكەر توپلىدى.
ئورتىدىن ئالدىغا چىقىپ پەھلىۋان،
سەپلەرنى تەكشۈرۈپ يول ئالدى راۋان.
بارمان بىلەن تەجاۋ ئوڭ ياندا تۇردى،
چاققان يىگىتلەردىن لەشكەرلەر قۇردى.
سول تەرەپتە پەھلىۋان نەستىھان تۇرار،
قولدا شىر تۇتۇپ كۆتۈرۈپ ئۇرار.
كاناي سادادىن تىترىدى ئالەم،
چېلىندى ناغرىلار، قوڭغۇراقلار ھەم.
نەيزىلەر، بايراقلار تاۋلاندى ھەر خىل،
ھاۋا بولدى سېرىق، بىنەپشە، قىزىل.
دەريادىن دەرياغا قالمىدى ھەم يول،
پىل، تۆگە، ئات، قوشۇن قاپلىدى تۈگەل.
يوللارنى قامال قىلدى پىران شۇ تاپ،
قەسىردىن دەشتكە كەلدى ئەفراسىياپ.
قوشۇننى بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن كەچۈردى،
قامەتلىك مەردلەرگە نەزەر سىپ كۆردى.
قوشۇننىڭ مىقدارى يۈز مىڭغا يېتەر،
ھەممىسى شىر سۈپەت تۆمۈرنى ئېگەر.
بۇلاردىن ئارتۇقچە روھلاندى سەردار،
ئاپىرىنلار ئېيتتى مەردلەرگە تەكرار.
غالىبلىق بىلەن بېرىڭلار شادىمان،
كۆرمەڭلار ئەسلا دەرد، رەنج ھېچقاچان.
بەختىيار كۈندە ئۇ قوشۇن ئەۋەتتى،
جاھاندار قىپقالدى، سەردارلار كەتتى.
توپ ـ توپ بوپ باراتتى ئالدىغا قوشۇن،
قاپلاندى دەشتى چۆل، تاغ ـ دەريا پۈتۈن.
بۇيرۇدى پىران: « يول چەتلەپ ئۆتۈلسۇن،
يېقىنراق يول بىلەن تېزرەك يېتىلسۇن !
شۇنداق يول يۈرۈڭلار تالمىسۇن لەشكەر
ۋە بۇندىن دۈشمەنمۇ ئالمىسۇن خەۋەر.
دۈشمەننى باسارمىز خۇددى تاغسىمان،
مەقسەت شۇ، يەتكەيمىز بۇ ئىشقا ئامان.»
جاھاننىڭ ھالىدىن خەۋەردار سەردار،
لەشكىرىن باشلايدۇ يولغا بەك ھوشيار.
تېزلىكتە يول ئالدى يۈزىنى بۇراپ،
گىرەۋگىرد يولدا بارار ئالدىراپ.
ئادەملەر ئۇنىڭغا كەلتۈردى دېرەك،
پىرانغا بۇ ئىشتا ھوشيارلىق كېرەك.
بىر جايغا تۇس قونۇپ رۇسلىدى نەپەس،
ئىشرەتكە شۇنچىلىك قىلغانتى ھەۋەس.
شارابلار ئىلكىدە بولدى بارى مەس،
مەستلىكتىن ئەتراپىنىڭ ئىشىنى بىلمەس.
ھەر جايدا ياساۋۇل تۇرار قىمىرماي،
تۇران قوشۇنىنىڭ كېلىشىن بىلمەي.
شۇنى خەۋەر قىلدى ئاڭا فەراۋان،
مەردلەرنى چاقىردى شۇ ھامان پىران.
« ئىران قوشۇنىغا جەڭ قىلماق ئۈچۈن،
شۇنداق بىر ئىمكانغا موھتاجمەن بۇگۈن.»

## پىراننىڭ ئىرانلىقلارغا كېچىدە ھۇجۇم قىلغانلىقى

تاللاپ ئالدى نامدار لەشكەرلەردىن ئۇ،
ئوتتۇزمىڭ تېز يۈرەر مەرد ئەرلەردىن ئۇ.
ئۇلار يول ئالدىكى، قارايغاندا كۈن،
چىقارماستىن ناغرا، سۇنايلاردىن ئۈن.
جايلاشتۇردى زېرەك سەردار لەشكەرنى،
بىر توپ، بىر توپ يەرگە مۆكتۈردى ئۇنى.
قوشۇننىڭ ئالدى قىسمى چەكسىز تۇران
دەشتىگە تۇتاشقان، شۇنچە بىپايان.
يولدا كۆپ نەرسىلەر ئىدى مۇيەسسەر،
بەخت كۈلۈپ بېقىشى ئىدى مۇقەررەر.
سويۇلدى چوپانلار ماللىرى تەكشى،
ئىرانلىقلار بەختى بۇ ئىشنىڭ ئەكسى.
شۇ چاغدا ئىرانلىق بەزمىگاھى تامان،
شۇگۇشتى بەئەينى بۇلۇتتەك چاققان.

ئارقا ــ ئارقىدىن مەي ئىچىپ دىلىنى ،
ئاچاتتى ئىرانلار ئېگىپ بېلىنى .
چېدىردا ئولتۇرار گېۋ ئۇ دەم بىدار ،
سەركەردە گۇدەرز ھەم ئولتۇرغان ھوشيار .
غوۋغا كۆتۈرۈلدى ، كىمدۇر باڭ ئۇردى ،
تۇيغۇن گېۋ شۇ ھامان ئورنىدىن تۇردى .
چېدىرنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى پات ،
ئۇ يەردە تۇراتتى ئېگەرلەنگەن ئات .
سىياۋەخش ئۇمىدى شۇ گېۋدە ئىدى ،
يېپىندى ئۇ ئۇستىگە تۇرقى شىر خۇددى .
ئۇيقۇسىز كېچىدە ئۇ ئازاب چەكتى ،
يولۋاستەك تولغىنىپ ئىزتىراپ چەكتى .
دېدى : « تۇرۇڭ ، مۇنداق كۈرۈندى قوشۇن ،
خۇددى پالدا مۇشكۈل كۆرگەندەك بۇگۇن . »
ئۈزەڭگە دەسسەپ ئۇ ئات مىندى دەرھال ،
بېشىدا پىرقىراپ بىر جەڭدىن خىيال .
جەڭ تۈنى شۇنچىلىك قاراڭغۇ ئاسمان ،
شاھ چېدىرىغا كەلدى سەردار شۇئان .
دېدى شاھقا: « قوزغال ، كەپقالدى قوشۇن ،
باتۇرلار ئۇيقۇدا ، ياۋ باستى بۇ تۈن . »
ئۇ كېلىپ تۇردى تېز ئاتا ئالدىدا ،
ئۆكۈز باش گۈرزىنى تۇتۇپ قولىدا .
تۇتۇندەك تارالدى لەشكەر ئەتراپقا ،
قوزغالدى ھوشياردىن نەچچىسى شۇندا .
يۈردى بېجەن بىلەن بىر جەڭ قىلغىلى ،
بىر جەڭگاھ ئىچرە بىللە تۇرغىلى .
قوشۇن پەيدا بولدى قوشۇن قېشىدا ،
زور باڭ كۆتۈرۈلدى جەڭ مەيدانىدا .
ئۇر ــ يىقىت ئىچىگە غەرق بولدى ھەممە ،
گويا چاقماق چېقىپ ، ئوت كەتتى دەمدە .
يېنىدا شەمشىرى ، گۈرزە ۋە پىچاق ،
ۋە لېكىن ، مەستخۇش باش ئەقلىدىن يىراق .
شىر بۇرجىدىن كۈزىنى ئاچتى سۇبھىدەم ،
لەشكەرگە قارىدى باتۇر گېۋ شۇ دەم .
شۇنچە كۆپ ئىرانلىق دەشتتە قاپتۇمىش ،
بەختى قايتىپ ، كۆيۈپتۇ گوياكى قومۇش .
زېرەك كۆز سالاتتى گۇدەرز ھەر تەرەپ ،
كۆپىيىپ باراتتى دۈشمەنلەر ھەدەپ .
جەڭگە سەپ تارتىشتى بىر ئازدىن كېيىن ،
چۇمۇلە سىياقى كۆپ ئىدى لېكىن .
مەردلەرنى كۆرمىدى قاراپ سەرلەشكەر ،
يوق ئىدى قوشۇندا مەردلەردىن خەۋەر .
بايراقلار يىرتىلغان ، خاموش داپ ــ ناغرا ،
تىرىكلەرنىڭ يۈزى بولمىش قاپقارا .
ئاتا ئوغۇلسىز ھەم ئوغۇل بىپەدەر ،
ھەممە لەشكەر تاپمىش بۇندا كۆپ زەرەر .
شۇ خىلدا بۇ پەلەك ئەزەلدىن كاج ھەم ،
شادلىقنى بەخش ئەتسە ، بەزەن بىر غەم .
ئاجىزلىقتا مەھكۇم بولۇپ ، بىمەھەل ،
چېدىرلار يىغىلدى ئالدىراپ دەرھال .
لەشكەردە نە غەيرەت ، نە ناغرا جۇشقۇن ،
ئوڭ ــ سولغا دەسسىشىپ باراردى سولغۇن .
لەشكەر شۇ يوسۇن كاسەرۇد تامان ،
يول ئالدى قورالسىز ، ھارغىن ــ بىدەرمان .
تۇرك جەڭچىلىرى تۇسنى قوغلايتتى ،
ئۆچ ئېلىش قەستىدە تۇتسا ئۇراتتى .
يەلكىگە ، ساۋۇتقا ، لىباسقا بۇئان ،
گۈرزىلەر زەرب بىلەن چۈشەتتى ھامان .
ئامان قالالمىدى جەڭدە بىر سىپاھ ،
ھەممە تاغقا ئۆتۈپ ئىزلەيتتى پاناھ .
مەردلەر تالدى ، ھالدىن ئاتلار كېتىشتى ،
شۇنچە كۆپ يول يۈرۈپ ئەقىل ئاداشتى .
قوشۇن تاغ باغرىدىن چەتكە بۇرۇلدى ،
بەدەندە نە دەرمان ، نە غەيرەت قالدى .
تاغ تامان ئۆتكەچكە سەھرادىن لەشكەر ،
تۇركلەردىن زەربە يەر يەتكەنگە قەدەر .
ئىرانلىقلاردىن يوق بولدى كۆپ كىشى ،
كۆتۈرۈلدى دىلدىن پەرياد ، نالىسى .
يارىلانغان ، باغلانغان ، مەجرۇھ تىرىك جان ،
يارىنىڭ ئازابى ھەممىدىن يامان .
پىيادە ماڭاتتى ئىران باتۇرى ،
نەدە تاج ، نەدە تەخت ، قالغان چېدىرى .
نە ئاۋات ئۆلكىلەر ، نە جەڭدە سەردار ،
بۇ مەجرۇھ تەنلەرگە نەدە غەمگۇزار .
ئوغۇل ئاتا ئۈچۈن زارۇ گىرياندۇر ،
يارىدارلار كۆپى جىمجىت بىجاندۇر .
شۇ خىلدا يارالغان چۈشەنسەڭ جاھان ،
پەرق شۇكى سىرىنى تۇتار ئۇ پىنھان .

قەيەردە قىسمىتىڭ باشلىسا ئويۇن ،
يوق يەردىن كارامەت كۆرسىتەر پۈتۈن .
ئەمە چاگىگىلىدىن تارتقاندا ئازار ،
بىلەرمىز بۇ سىرنىڭ راستىنى ئاشكار .
شامالدەك كەلدىڭمۇ بولۇرسەن توزان ،
ساڭا نە قالغۇسى بىلەرسەن ئايان .
ئىرانلىقلار يېرىمى جەڭدە بەردى جان ،
قالغىنى ياردار قايتتى بىدەرمان .
نە تېۋىپ ، نە داۋا ياردارلارغا ،
كىم قۇلاق سالغۇسى ئاھۇ زارلارغا .
جەڭدە تەلۋە بولۇپ قايتتى سىر لەشكەر ،
تېنىدە قالمىدى ئەقىلدىن ئەسەر .
كۆپىنى كۆرگەن گۇدەرز قەددى ھەم تالدى ،
نە ئۇنىڭ ئوغلى ، نە نەۋرىسى قالدى .
كېلىشتى قېشىغا كۆپىنى كۆرگەنلەر ،
دىللىرى شىكەستە ، يولنى بىلگەنلەر .
تاغ ئۈستىگە چىقتى بىر دىتلىق شۇئان ،
سىنچىلاپ كۆز سالدى ئۇ جەڭگاھ تامان .
ياساۋۇل ئەۋەتتى ھەر بىر تەرەپكە ،
بىر چارە ئىزدىشىپ بۇندىكى دەردكە .
ئىرانلىقلاردىن ئۇ تالاپ بىر ئادەم ،
بۇيرۇدى بېلىگىنى باغلا دەم مەھكەم .
بايان قىل ياۋ ھالىن سەن شاھقا تېزرەك ،
لەشكەرنىڭ سەردارى يول تاپماق كېرەك .
ئىران لەشكىرىگە كۈن كەلدى يامان ،
بۇ جەڭدە تارتتى ئۇ بىھېساب زىيان .

## كەيخۇسرەۋنىڭ تۇسنى يەنە چاقىرغانلىقى

شاھقا يەتكەن خەۋەر بولغاچقا قايغۇ ،
بەئەينى يورۇق كۈن بولدى قاراڭغۇ .
خەۋەرنى ئاڭلىدى باتۇر شەھرىيار ،
چەكسىمۇ ھەر سۆزدىن دىلى كۆپ ئازار .
ئىنىسى ئىشىدىن قايغۇرغان بىھەد ،
لەشكەرلەر خەۋىرى قوشتى يېڭى دەرد .
قارا تۈندىن خوراز قىچقىرغان قەدەر ،
ئوقۇدى ئۇ سەردار تۇسقا لەنەتلەر .
بىر دانا مىرزىنى دەرھال چاقىرىپ ،
بىر نامە يازدۇردى دىلدىن چىقىرىپ .
ئىنىسى غېمىدىن ياشقا تولسا كۆز ،
لەشكەرلەر ھالىدىن يېزىلدى بار سۆز .
كاۋۇس پەرزەنتى شاھ فەرىبۇرزغا بۇ ،
قوشۇن باشلىقىغا ئىزھارى تۇيغۇ .
خەت بېشىدا ئىزگۇ ئاپىرىن ئوقۇر ،
جاھاننى ياراتقان يەزدانغا شۈكۈر .
قۇياش ، ئاي تەڭرىنىڭ نامىغا سانا ،
ياخشىلىق ـ يامانلىق ئەيلىگەن پەيدا .
ئۇندىندۇر ياخشىلىق ،يامانلىق شۇنداق ،
ياخشىلىق ، يامانلىق قەدەمدە ھەر چاغ .
جاھان ھەم ماكانىنى تەڭلا ياراتقان ،
چۈمۈلىگە ھەتتا ئاياغ ياراتقان .
ئەقىل بەردى ، جاندىن تەن تاپتى مادار ،
ئۇلۇغ تەخت تۈزمەككە ئۇندا ئىقتىدار .
ئۇنىڭ پەنجىدىن ئىنسانلار بېشى ،
ئۇندىندۇر ھەر كىمنىڭ شەۋكەت قۇياشى .
ئۇندىندۇر بەزىلەر غەمناك ، بىناۋا ،
بەختى شور ، ھەم موھتاج ، چەككۈچى جاپا .
پارلىغان قۇياشتىن قارا يەرگىچە ،
شۇ تازا يەزداندىن يارالغان بارچە .
كاۋە بايرىقىنى تۇس تۇتۇپ قولغا ،
ئالتۇن كەش قىرىق مەردكە يول باشلاپ يەنە
تۇرانغا يول ئالدى قوشۇنى بىلەن ،
ۋە لېكىن ئىقبالى كەلمىدى بەلەن .
ئۇنچىلىك ئۇلۇغزات ئىراندا بولماس ،
قوشۇنغا ئۇنىڭدەك سەردار تېپىلماس !
خەپ ، كەتتى ياش فۇرۇد ، شۇ جەۋلان قانات ،
نامدارلار سەردارى ، ئېسىلزادە زات .
ئاتام ئىشىدىن مەن زارۇ گىريانمەن ،
دىلى دەردكە تولغان باغرى ۋەيرانمەن .
ئەمدى نە كۆز يېشى كېرەكتۇر بۇگۈن ،
بىلمىدىم كىم دۇشمەن ، كىم دوست مەن ئۈچۈن .
ئۇ چەرەم يولىغا سەن يۈرمە دېدىم ،
كەلات لەشكەرگاھىدا دەم ئالما دېدىم .

ئۇ يەردە فۇرۇد بار ئانىسى بىلەن ،
ئۇ باتۇر شاھزادە ، پەھلىۋاندۇر ھەم .
بىلمەدى بۇ لەشكەر كىملەر ئىكەنىن ،
ئىراندىن ۋە ياكى قايدىن كەلگىنىن .
ئۇ تاغقا چىقار ھەم دەرھال جەڭ باشلار ،
تىغىدىن تىلك چۈشەر دۈچ كەلگەن باشلار .
خۇسرەۋ نىجات باتۇر ، ئەپسۇس بولدى خار ،
تۇس ئۇنى قەدىرسىز يوقاتتى بىكار .
بۇندىن ئىلگىرى ئۇ سەرلەشكەر ئىدى ،
كاۋۇس شاھقا ئاپەت ھەم خەتەر ئىدى .
جەڭ ئىچرە دادىلتى ، يۈگۈرۈك ، چاققان ،
كىلەتتى جەڭلەرگە خۇش خۇي ھەر قاچان .
ئۇنىڭغا ئايانتى ھەممە ئىش ــ ھۈنەر ،
جان بولسا گويا كى يوقتەك كۆرۈنەر .
بۇ خەتنى تېز ئوقۇ ، تېز يېشىل شۇ چاغ ،
چىقارغىن كۆكسۈڭدىن ئارماننى تېزرەك .
تۇسنى تېزرەك يەنە ئورنىغا ئەۋەت ،
بۇيرۇقنى قايتۇرما ئويلىنىپ پەقەت .
شۇ ئالتۇن كەش كىيگەن قوشۇندا بار باشلىق ،
كاۋە بايرىقىغا ئۆزۈ ڭسەن لايىق .
تېزلىكنى جەڭدە قوي ، دەسلەپ سالما قول ،
سەۋر قىل ، ساقايسۇن مەجرۇھلار پۈتكۈل .
بولغاي جەڭدە ساڭا گېۋ يۆلەك دادىل ،
سەپەرگە ئۇ ماھىر ، قاپلاندەك ئەپچىل .
ھەر تەرەپتىن قورال تېپىپ جەڭ باشلا ،
يۈرەكتىن ئىشرەتنى چىقىرىپ تاشلا . »
نامىگە بېسىلدى شاھانە مۆھۈر ،
خەتچىگە دېدى ئۇ : « شامالدەك يۈگۈر !
ئېتىڭنى ئالماشتۇر ھەر بىر مەنزىلدە ،
قونماستىن ئىلگىرلە ئۆتەڭدە تۈندە ! »
ئالدىغا ئۇچقاندەك تېز كەتتى چاپار ،
ئۇنىڭدىن سەردارغا بىر خەۋەر يېتۇر .
فەرىبۇرز يېنىغا تېز باردى ۋەكىل ،
شەھرىيارغا خەتنى تاپشۇردى دادىل .
فەرىبۇرز مەردانە تۇسنى كەلتۈردى ،
ئۆتكەن ئىشنى سۆزلەپ ئۇزاق ئولتۇردى .
نامدار گۇدەرز گېۋنى يوقلىدى شۇ دەم ،
مۇندىكى مەردلەرنى ، باتۇرلارنى ھەم .
ئوقۇپ شەھرىيارنىڭ ئەۋەتكەن خېتىن ،
كۆردىكى يۇرتنىكى مېۋە دەرىخىن .
ئىراننىڭ شىر قامەت پەھلىۋانلىرى ،
تەشەككۈر ئېيتىشتى شاھقا ھەر بىرى .
سەركەردە تۇس تۇتۇپ شاھلىق بايرىقىن ،
بېلىگە باغلانغان مەردلىك بەلبېغىن .
فەرىبۇرز قولىغا تاپشۇرۇپ دېدى :
« تارتۇققا لايىق خوپ قەيسەر زات كەلدى .
ھەممە ۋاقىت بەختىڭ شادىمان بولسۇن ،
ھاياتىڭ گۈل بولسۇن ھەم ئامان بولسۇن ! »
فەرىبۇرز باشلىدى نوزەر ئۇرۇقىن ،
جەڭگىۋار لەشكەرنىڭ كۈچكە تولۇقىن .
يولدا بىرەر جايدا دەم ئالماي ئوغلان ،
جەڭ دەشتىدىن قايتتى تۇس دەل شاھ تامان .
كىرىپ يەرنى سۆيدى شاھنىڭ قېشىدا ،
شاھمۇ ھەم تۇردى ئۇنىڭ بېشىدا .
ھاقارەتكە ئېغىز ئاچتى شەھرىيار ،
بىردەمنىڭ ئىچىدە تۇسنى ئەيلەپ خار .
شاھ دېدى : « بىل شۇنى بەدكەردە بۇگۈن ،
ئۆچكەي نامىڭ مەردلەر ئىچىدىن پۈتۈن !
قورقماسسەن پاك كەتكەن ئەرۋاھتىن ، باردىن ،
ئايرىلىپ قالغاچقا نومۇستىن ، ئاردىن .
ساڭا شاھلىق ، كۇلاھ ۋە كەمەر بەردىم
ۋە دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ئەۋەتتىم .
ئۇ يولدىن بارمىغىن دېدىم چەرەمگە ،
سۆزۈمنى ئاڭلىماي دۈچ كەپسەن غەمگە .
ئەۋۋەلدە مەندىن ئۆچ ئېلىشقا كىردىڭ ،
سىياۋۇش ئەۋلادىن كەمسىتىپ قىردىڭ .
بۇرادەر ــ فۇرۇد بىر قەيسەر ئىدى ئۇ ،
شۆھرىتى ئالەمدە ياشايدۇ مەڭگۈ .
قوشۇنغا دائىم تىلەيتتى ئىقبال ،
ئۆلتۈردۈڭ سەن ئۇنى شۇنچىلىك ئۇۋال .
شۇ جەڭنى تۈگىتىپ كەتكەندىن كېيىن ،
بولۇپتۇ قىلمىشىڭ كەيىپ ــ ساپا ، ئويۇن .
قەسىردە ساڭا جاي يوقلىقىن بىلگىن ،
ئەمدى ئۆز مەيلىڭگە قويۇلماس ئەركىن .

پاك زاتلار يېنىدا ساڭا بولماس ئىش ،
يۇرەلمەسسەن ئەمدى ئەسلا بىتەشۋىش .
مەنوچېھر نەسلى ، ئاق چېچىلىك بۇگۇن ،
ساڭا ئۇمىد بەردى ياشىشىلىك ئۈچۈن .
بولمىسا بۇيرۇيتتۇم ، ئاشۇ بىداۋا
بېشىڭنى تېنىڭدىن ئەيلەشكە جۇدا .
يوقال ، بۇندىن جايىڭ زىنداندا بولسۇن ،
جىسمىڭگە ئۆز سايەڭ ھەمرايىڭ بولسۇن . »
شۇنداق دەپ كىشەنگە ئۇنى بەند قىلدى ،
دىلىدىن شادلىقنى پۈتۈنلەي يۇلدى .

## فەرىبۇرزنىڭ پىراندىن جەڭنى كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقى

ھەم ئۇلۇغ پەھلىۋان ، ھەم ئۇلۇغ شاھقا ،
فەرىبۇرز بېشىنى قويدى كۇلاھقا .
ئارقىدىن رۇھھامغا بەردى ئۇ پەرمان ،
شۆھرىتى گۆھەردەك چاقنىسۇن ھامان .
مۇشۇ تاغدىن كەلسۇن پىرانغا قارشى ،
سۆز ياخشى ، ئۇنى ھەم ئاڭلىغان ياخشى .
دەر ئاڭا : « پىرانغا يېتىپ بارغىن تېز ،
ئۇنىڭغا دەرھاللا خۇش خەۋەر يەتكۈز .
دېگىن شۇنداق ھامان پەلەكنىڭ ئىشى ،
ھەم جاپا ، ھەم مېھىر ئۇنىڭ قىلمىشى .
بىرىنى كۆتۈرسە ئەگەر بېشىدا ،
بىرىنى قاقشىتار غەزەپ تېشىدا .
كىم ئەگەر شان ئىزدەر ، خەتەردىن قايتماس ،
كەچىلىك جەڭنى مەردلىك ئادىتى ئەتمەس .
كەچكى جەڭ پەھلىۋان ئىشى ئەمەستۇر ،
كەچكى جەڭ شان — شۆھرەت بېشى ئەمەستۇر .
چېكىنمەك ئىزدىسەڭ بىز ھەم كېتەرمىز ،
ئەگەر جەڭ ئىزدىسەڭ جەڭگە چۈشەرمىز .
بىر ئاي كېرەك بولغاي ئارايىش ئۈچۈن ،
يارىدار — مەجرۇھلار ساقىيىش ئۈچۈن . »
فەرىبۇرز تەرەپتىن رۇھھام پەھلىۋان ،
بۇ خەۋەر نامىنى يەتكۈزدى شۇئان .
كېلىپ ئالدىن قوشۇننى يولدا كۆردى ،
ئۇندىن كىمسەن ، قايدىن سەن ، دەپ سورىدى .
دېدى ئۇ : « جەڭ مەردى رۇھھام بولۇرمەن ،
بىلمىدان ، زېرەك ھەم ئۆكتەم ئىرۇرمەن .
كاۋۇس شاھ فەرىبۇرزدىن بىر خەۋەر بار ،
پىراننىڭ قولىغا بەرمەككە دەركار . »
ياساۋۇل سوئالى تېپىپ ئۇندىن شان ،
يەتكۈزدى ئۈچۈرنى سەركەرگە شۇئان .
« كېلىپتۇ جەڭگاھتىن گودەرز رۇھھام ،
قوشۇن سەردارىغا ئېيتماققا كالام . »
فەرىبۇرز نامىنى ئاڭلاپ روھلاندى ،
ياساۋۇلنى ئالدىغا تېز چاقىرتتى .
ئۇدۇلدىن كەلگەندە رۇھھام ئالدىغا ،
دۈشمەننىڭ نەپرىتى كەلدى يادىغا .
پىران ئۇنى دەسلەپ تەختكە باشلىدى ،
ئارقىدىن ھال سوراپ نەزەر تاشلىدى .
رۇھھام پىنھان سۆزىن يەتكۈزدى شۇئان ،
فەرىبۇرز تەكلىپىن ئەيلىدى بايان .
رۇھھام پەھلىۋانغا سۆز ئېيتتى پىران :
« بۇ جەڭنى ئويلىما سەن مۇنچە ئاسان .
جەڭنى قوزغىغان ھەم تىكىۋەتكەن سىز ،
سۇسلۇق قىلغىنى يوق سەردار تۇسىڭىز .
ئەلگە چۈشتى دەھشەت بىر بۆرىسمان ،
قالمىدى قۇتۇلۇپ ياش — قېرى ئامان .
ئۇ ياخشى — يامانى ئەيلىمىدى پەرق ،
ئەسىر ئالدى ، قانغا كۆپىنى قىلدى غەرق .
تۇيۇقسىز زەربىدە ئاچتى كۆزىنى ،
قانغا بويالغان ھال كۆرۈپ يۈزىنى .
قوشۇن پەھلىۋانى گەر بولساڭ ئۆزۈڭ ،
تىلىكىڭنى تىلە ، دېگىن ئۆز سۆزۈڭ .
بىر ئايلىق تىنچلىقنى ئەگەر ئىستىسەڭ ،
مەيلى ، لەشكىرىمىز باشلىمايدۇ جەڭ .
ئەگەر جەڭ ئىستىسەڭ ، تەييارمەن بىلگىن ،
قوشۇنۇڭنى سەپلەپ جەڭگاھقا كەلگىن .
بىر ئاينى خالىساڭ ، دەم ئالغىن بىر ئاي ،
ئاي ئۆتۈپ داجىما ، جەڭنى باشلىماي .
جەڭدە ئەھۋالىڭىز ئوسال بولسا گەر ،
ئارقىغا قايتىشتىن ئەيلىگىن ھەزەر . »
رۇھھامغا كىيگۈزدى گۈزەل بىرلىباس ،
نۇرانە نامىغا يارىشىملىق خاس .

فەربۇرزغا مەكتۇپنى يەتكۈزدى رۇھھام ،
يەنە فەربۇرزدىن يەتكۈزدى كالام .
فەربۇرز جەڭ قىلماي يۈردى بىر ئاي جىم ،
ھەر يانغا قول سوزدى شىردەك بىتىنىم .

زىنداندىن مەھبۇسلار ئازاد قىلىندى ،
ئوقيالار ياسالدى ، سالما تېشىلدى .
لەشكەر قوراللىنىپ تۈزەلدى ئاستا ،
قورال – ئۈسكۈنىلەر پۈتۈپ بىر باشتا .

## ئىرانلىقلارنىڭ تۈركلەر بىلەن بولغان جەڭدە زەخىملەنگەنلىكى

يېڭى ئايدا كەلدى جەڭ باشلىنار دەم ،
جەڭگاھقا قوشۇنلار قويۇشتى قەدەم .
ھەرياندا ناغرىلار ، كېلەتتى قوشۇن ،
كۆرمەك تەس جەڭگاھنىڭ يۈزىنى پۈتۈن .
ناغرا ، سۇناي ، كاناي ياڭرىدى ھەريان ،
لەرزىگە كەلدى خوپ ئۇنىڭدىن ئاسمان .
يەر تولغان پىيادە ، ئاتلىقتا پۈتكۈل ،
توقماق ، ئوقيا بىلەن بىكار ئەمەس قول .
يەر تولغاچ تىغ ، گۈرزە ، ئارقان ، توقماقتا ،
پاشىغا ئورۇن يوق قانات قاقماقتا .
گوياكى دەم تارتقۇچ ئەجدىھا جاھان ،
يەر باغرى يىقىلغان گوياكى ئاسمان .
ئوڭ قاناتتا تۇرار گۇدەرز ، گېۋ ئەنە ،
ئەلگە ئۇ مۆتىۋەر ھۆكۈمدار يەنە .
سول قاناتتا ئەشكەش چاققان پەھلىۋان ،
جەڭگاھتا تۆكەتتى دەريا – دەريا قان .
باتۇرلار فەربۇرز يېنىدا تۇرار ،
بايراقلار ھەر توپتىن بالقىپ يالتىرار .
لەشكەرگە فەربۇرز بېرەتتى پەرمان :
« باتۇرلۇق بولمىسۇن بىزلەردىن پىنھان .
بىز بۈگۈن شىردەك جەڭ قىلايلى تۈگەل ،
يامانلار ھالىنى قىلايلى مۇشكۈل .
ئۇياتنى يۇيايلى قوشۇن شەنىدىن ،
رۇمى كۇلاھ ھەققى ، گۈرزە جېڭىدىن . »
قىلىشتى ئۇلار بىر زىلزىلە شۇئان ،
گويا شاختىن ئاجراپ تۆكۈلگەن خازان .
ھېچبىر ئۇچار قۇشقا يوق ئىدى پاناھ ،
تىغ – نەيزە زەربىگە تولغانتى جەڭگاھ .
تىغلارنىڭ شولىسى بەئەينى گۈلخان ،
يالتىراق نۇرلارغا تولغانتى ئاسمان .
نەيزىلەر ، گۈرزىلەر ، قىلىچ دەستىدىن ،
كېچىشكە تەييارتى ھەممە جاھاندىن .

قوشۇننىڭ كەينىدىن گېۋ ئالغا كەلدى ،
لېۋىگە چىڭ بېسىپ كانايىنى چالدى .
گۇدەرز بىلەن بىللە بولغان نامدارلار ،
جاپانى تەڭ تارتقان سادىق ھەمراھلار .
ئوق ۋە نەيزىلەرنى تۇتۇشۇپ تۇردى ،
ئوتلارنى قالقانلار بىلەن ئۆچۈردى .
گۇدەرز پىران بىلەن جەڭگە دۇچ كەلدى ،
پىراننىڭ توققۇز يۈز مەردى يىقىلدى .
لەھھاك فەرشىۋەرد كۆز سالدى ھەر يان ،
لەشكەرلەر چۇقانىن ئاڭلىدى شۇئان .
زور ھۇجۇم باشلىدى ئۇ گېۋ تامانغا ،
گۈرزىلەر كۆتۈرگەن نەچچە پالۋانغا .
ئوقيادىن ئۇچاتتى ساداقلار ھامان ،
تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن نامدارلار تامان .
شۇنداق جەڭ بولدىكى ، تەسۋىرلەش قىيىن ،
ئۆلۈكلەر ئاستىدا كۆرۈنمەس زېمىن .
دۈشمەنلەر دۈشمەنگە دەم بەرمەس بىردەم ،
ھېچقايسى چېكىنمەس ، يا باسماس قەدەم .
فەرشىۋەردكە شۇنداق سۆز قىلدى ھۇمان :
« بىز دۈشمەننى يېرىپ كىرەيلى چاققان .
فەربۇرز چىدالماي بۇ ئىش زەپتىگە ،
ئېھتىمال چېكىنسە دەرھال كەينىگە .
ئاسانلا كۆچەتتى جەڭ ئوڭ تامانغا ،
مۇيەسسەر بولاتتۇق قولاي مەيدانغا . »
جەڭ قىلدى كىرىشتى ئوتتىدىن يېرىپ ،
قوشۇنغا كاۋۇس فەربۇرزغا دەل بېرىپ .
فەربۇرز ئارقىغا قاچتى ھۇماندىن ،
قوشۇنى زەربىگە ئۇچرىدى ئاندىن .
شۇنداق چېكىندىكى مەغرۇر باتۇرلار ،
بېرىشكەن ۋەدىدە تۇرالماي ئۇلار .
دۈشمەنگە بىر – بىرلەپ بەردى ئىستىھكام ،
ئىراننىڭ مەردلىرى قالمىدى تامام .

ئۇ يەردە قالمىدى نە ناغرا ، بايراق ،
ئېقىشتى ياشلىرى بىنەپشە سىياق .
باتۇرلار دۈشمەنگە كەينىنى قىلدى ،
دۈشمەنمۇ يېڭىشنىڭ پەيتىنى بىلدى .
بايراقلار ، نەيزىلەر باش ئەگدى تۆۋەن ،
قالمىدى ئۇلاغلار ، ئاتلار جەڭ بىلەن .
كۆكۈلنى باستىكى بىر يولى خۇپتەن ،
چۆلنى قان قاپلىدى چانالغاچقا تەن .
دۈشمەنلەر تۈش ـ تۈشتىن كۆپىيىپ كەلدى ،
فەرىبۇرز ئىلاجسىز تاغقا يول ئالدى .
قېچىشتى ئىرانلىق تىرىك قالغان جان ،
مۇنداق تىرىكلىككە يار ئەلەم ھامان .
گۇدەرز ھەم گېۋ قالدى شۇ يەردە ئامان ،
بىر قىسىم لەشكەر ھەم نامدار پەھلىۋان .
كەشۋاد گۇدەرز شۇ چاغ ئالدىغا يۈردى ،
كاۋۇس فەرىبۇرزنىڭ بايرىقىن كۆردى .
تاپالماي قالدى مەرد سىپاھنى ئۇ ،
باسالمىدى يانغا دىل ئاھىنى ئۇ .
قېچىشنىڭ پەيلىگە چۈشتى شۇ زامان ،
ئاڭلاندى گۇدەرز قوشۇنىدىن بىر چۇقان .
گېۋ دېدى ئۇنىڭغا : « پېشقەدەم سەركەر ،
گۆرزە ، توقماق ، ئوقنى كۆپ كۆرگىنىڭ بار .
ئەگەر سەن پىراندىن ئىزدىسەڭ قاچماق ،
ئەڭ ئاۋۋال چاچارمەن بېشىڭغا تۇپراق .
ئىش كۆرگەن باتۇرلار ، مەردلەردىن بۇ دەم ،
شەرەپقۇ ، جاھانغا قالسا ياخشى نام .
مەن ۋە سەن ئۆلۈمدىن مۇنچىلىك قورقساق ،
ئۈمىدتىن كۆز يۇمۇپ ، شۇ كويدا قالساق .
دۇچار كەپتۇ دېمەڭ قارا كۈن بۇ چاغ ،
ئويلىغىن شۇ كۈندە قايسى ياخشىراق .
كەشۋاد تۇپرىقىغا ئار كەلتۈرمەسمىز ،
چېكىنمەي قاچقىلى ، جەڭگە كىرگەيمىز .
كونا قىسسىلەرنى ئېيتقۇچى بايان ،
قىلدىكى ، بۇ ھېكمەت ئەزەلدىن ئايان .
« گەر ئىككى بۇرادەر بەرسە قولغا قول ،
غۇلاپ تاغ ، ئېچىلغاي ئۇلار ئۈچۈن يول .
سېنىڭدە يەتمىش جەڭ ئوغلانى باردۇر
ۋە بىر ئائىلىدىن نەچچە باھادىر .
بىز تىغ بىلەن ياۋنىڭ باغرىن ئېزەرمىز ،
ئەگەر ئۇ بولسا تاغ ، تۈپتىن بۇزارمىز . »
گېۋ ئېيتقان سۆزلەرنى گۇدەرز ئاڭلىدى ،
كېيىنگەن شاھانە تونغا كۆز سالدى .
ئويلىغان ئويىدىن قىلىپ پۇشايمان ،
قويدى ئۇ قەدەمنى بۇ جەڭگاھ تامان .
گۆرازە ھەم كەلدى ، كەلدى گۇستەھەم ،
بەرتەۋ بىلەن بىللە زەنگە كەلدى ھەم .
ئۇلار بىرلىكتە قىلىپ قەسەميات ،
ئەھد تۈزۈپ دىلنى قىلىشتى ئاۋات .
دېيىشتى : بىز جەڭدىن يۈز ئۆرۈمەيمىز ،
دەريادەك قان ئاقسا ھەم داجىمايمىز .
ياۋلارغا تۈشمۇ تۈش قىلىمىز ھۇجۇم ،
جاجىسىن بېرىمىز ئۇلارنىڭ چوقۇم .
ئورنىدىن تۇرۇشۇپ گۆرزە ئېلىشتى ،
توختىماي جەڭگاھقا قاراپ مېڭىشتى .
ئۆلتۈردى شۇنچە كۆپ دۈشمەننى قىياس ،
يامانلىق ئورنىغا ئېلىندى قىساس .
بېجەنگە شۇ چاغدا دېدى گۇدەرز چال :
« قېنى ئۇچ ئوق كەبى بۇ يەردىن دەرھال !
فەرىبۇرز تەرەپكە يۈزلۈگىنى قارات ،
كاۋەنىڭ تۇغىنى بۇگا كەلتۈر پات .
فەرىبۇرز بىلەن تۇغ كەلتۈرۈلسە گەر ،
ئەيلەرمىز دۈشمەننىڭ يۈزىن شەرمىسار . »
بېجەن بۇ سۆز بىلەن قوزغالدى دەرھال ،
ئۇچاتتى تۇلپار ئات بەئەينى شامال .
فەرىبۇرز ئالدىغا كەلدى ۋە دېدى :
« نېمىشقا بەرمەيسەن بايراقنى ئەمدى ؟
ئېتىڭنىڭ چۇلۇۋۇرىن باتۇردەك تۇتقىن ،
بۇ تاغدا مۇنچىلىك ئۇزاق تۇرمىغىن .
ئەگەردە يۈرمىسەڭ تاپشۇر بايراقنى ،
ئەۋەت ھەم بىز تامان قوشۇن ـ ياراغنى ! »
بېجەن سۆزىنى فەرىبۇرز ئاڭلاپ ،
بىئەقىل غەزەپنى ئۆرلەتتى شۇ تاپ .
ۋارقىراپ بېجەنگە دېدى : « ماڭ ، يوقال !
سۆزدە سەن مۇغەمبەر ، جەڭدە بەڭ ئوسال .
شاھ بەرگەن قوشۇن ھەم بايراقنى ماڭا ،
پەھلىۋان نامىگە مەنسۇپ تاج يەنە .
بايراق گېۋ ، بېجەنگە بېرىلمەس ئەسلا ،
جاھاندا قەھرىمان ئەمەس بىر سەنلا . »

بېجەن قولىغا كۆك قىلىچىن ئالدى ،
بايراق ئوتتۇرىغا شۇ دەم تىغ سالدى .
ئىككىگە ئايرىلدى كاۋە بايرىقى ،
قوزغالدى قولىدا دەستە ـ تايىغى .
قوشۇنغا يول ئالدى بايرىقى قولدا ،
تۈركلەر بايراقنى كۆرۈشتى يولدا .
قانچىلىك شىر يۈرەك لەشكەرلەر شۇئان ،
بېجەنگە ئەگىشىپ بولۇشتى راۋان .
بىنەپشە رەڭدار تۇغ دەستىسىن تۇتقان ،
كاۋە بايرىقىنى ئېلىشنى كۈتكەن
هۇمان مۇنداق دېدى : « بۇ بايراق ئىران
كۈچ قۇدرىتىدۇر ، نىشانى هامان .
بىنەپشە بايراقنى قولغا ئالساق بىز ،
شاهقا بۇ نىشاننى تارتۇق قىلغايمىز . »
ئوقيادىن ئوق ئۈزۈپ ماڭدى تېز بېجەن ،
دۈشمەننىڭ قەستىنى ئەيلىدى ۋەيران .
قاچۇردى ئوق بىلەن ئۇلارنى يىراق ،
جەسەتلەر قېپقالدى بۇ يەردە شۇنداق .
گېۋگە ، گۇستەهەمگە كەلدى بۇ خەۋەر ،
بارچە چەۋەندازلار قۇچتى دەپ زەپەر .
يىراقلاپ كېتىشتى تۇران قوشۇنى ،
كۆرۈڭلار بېجەننىڭ قىلغان ئىشىنى .
ئىران قوشۇنلىرى باتۇر قەدەملەر ،
تاشلىدى ، گۈرزىلەر تۇتۇپ ئۆكتەملەر .
ئۆلتۈردى دۈشمەندىن كۆپلەپ چەۋەنداز ،
قىلغاچقا جەڭگاهتا ئۇل بېجەن پەرۋاز .
ئۇ يەردىن قوزغىلىپ چوڭ قوشۇن تامان ،
ئۇلۇغلار باراتتى يوللاردا راۋان .
غەزەپلىك بىر شىرغا ئوخشايتتى بېجەن ،
كاۋە بايرىقىنى تىك تۇتۇپ هامان .
شۇ بايراق چۆرىگە توپلاندى قوشۇن ،
چاڭ ـ توزان قاپلىدى ئاسماننى پۈتۈن .
يەنە قايتا جەڭگە يۈرۈشتى ئۇلار ،
دەشتتە دۈشمەنلەرنى قىرىشتى ئۇلار .
لېكىن ، جەڭدە دەسلەپ جان ئۈزدى رېۋنىز ،
كاۋۇس ئۆز جېنىدىن كۆرەتتى ئەزىز .
شاه تاجدارى ۋە كىچىك ئوغلانى ،
فەرىبۇرز ئۈمىدى ، جىسمىدە جېنى .
بېشى ، تاجى يەرگە يىقىلدى غۇلاپ ،
نامدارلار پەريادلار چېكىشتى توۋلاپ .
كۆتۈردى ئارقىدىن گېۋ پەرياد شۇئان :
« هەي نامدار باتۇرلار قاراڭلار بۇيان !
يوق ئەمدى جەڭگاهتا رېۋنىزدەك ئادەم ،
كاۋۇس فەرىبۇرزنىڭ قېشىدا هېچهەم .
چال كاۋۇس ئىزىدىن بۇ نەۋرە ئوغلان ،
جەڭگاهتا بولدى هەم بىكاردىن يەكسان .
سياۋۇش فۇرۇدى ، رېۋنىزدەك كىم بار ،
كىم بار ئۇ ئوغلاندەك ئەزىز ، ئۇلۇغۋار ؟
ئۇ ياش شەهرىيارلار ئۈچۈن تاجدار ،
دۈشمەنلەر قولىدا قالسا بولۇر ئار .
ئەگەر مەن بۇ يەردىن كەتسەم بولمىغاي ،
ئۇ چاغدا قوشۇن زەخمە يەپ قالغاي .
شەهرىيارنىڭ تاجى ئۇشبۇ مەيداندا ،
چۈشمىسۇن هېچقاچان دۈشمەن قولىغا . »
گېۋ ئاۋازىن شۇندا ئاڭلىدى پىران ،
تۈركلەر سەردارى ، باتۇر ـ پەهلىۋان .
قايتىدىن جەڭگاهقا ئۇ بۆسۈپ كىردى ،
قوشۇننى زەپەردەست قىلماق ئۈمىدى .
ئۆلتۈرۈلدى ئىككى ياندىن كۆپ قوشۇن ،
ئىرانلىقلار بەختى قايتقانتى پۈتۈن .
شۇ كەبى جەڭگاهتا جەڭ قىلدى بەهرام ،
قولىدا نەيزىنى ئوينىتىپ بىردەم .
تاجىنى نەيزىگە ئۇ ئىلدى چاققان ،
ئىككى لەشكەر بۇندىن بوپقالدى هەيران .
ئۇنىڭدىن روهلاندى ئىرانلىق قوشۇن ،
ئۇ ئالدى يەنە بىر كۇلاه باشقىدىن .
يېنىدا مەۋج ئۇردى هۇجۇم شۇ زامان ،
جەڭگاهتىن داجىشنى بىلمەي هېچقاچان .
شۇ خىلدا جەڭگاهتا توختىمىدى جەڭ ،
باشلارغا چۈشەتتى گۈرزە ، توقماق تەڭ .
جەڭ بولدى شۇ يوسۇن تاكى تۈنگىچە ،
زۇلمەتتە چارچىغان كۆز يۇمۇلغۇچە .
ساق ئىدى سەككىز مەرد گۇدەرز نەسلىدىن ،
قالغانلار ئايرىلغان هايات ۋەسلىدىن .
يىگىرمە بەش باتۇر گېۋ ئۇرۇقىدىن ،
ئايرىلدى دۇبۇلغا هەم ئۇلۇغىدىن .
كاۋۇس پۇشتىدىن هەم يەتمىش جان ئۆلدى ،
بۇ جەڭدە نۇرغۇنلار تەڭ هالاك بولدى .

ئۇ تاجدار رېۋنىزدىن باشقا ھېچ ئادەم
نامىنى يازماستىن ئۆتسەك بولۇر ھەم .
پىران ئۇرۇقىدىن توققۇز يۈز كىشى ،
جەڭگاھتا قېپقالدى مىدىرماي بېشى .
ئۈچ يۈز ئەفراسىياپ ئۇرۇقىن ئەر ،
بەختسىزلىك بىلەن چىشلەپ قالدى يەر .
پىراننىڭ تەرپى ئىدى دەشت ئۇ كۈن ،
ئالەمنى يورۇتقان يۇلتۇزى پۈتۈن .
خۇلاس : ئىرانلىقلار بەختى كۈلمىدى ،
زىياندىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرمىدى .
يۈزنى ئۆرۈشتى جەڭ مەيدانىدىن ،
يارىدار ، مەجرۇھلار كەچتى جېنىدىن .
تەلىيى جەڭگاھتا تۈگەپ شۇ مەھەل ،
يەتتى گۇستەھەمنىڭ ئېتىغا ئەجەل .
پىيادە ماڭدى ئۇ نەيزە قولىدا ،
ساۋۇت ، توقماقلىرى ، مەستەك بۇ يولدا .
گۇستەھەمگە يېقىن كەلگەندە بېجەن ،
كۈندۈزدىن ۋاز كېچىپ قارايغان ئاسمان .
دېدى ئاڭا : « مىنگىن كەينىمگە تېزراق ،
مۆتىۋەر كىشىم يوق مۇندا سەن سىياق . »
ئىككىسى مىنگەشتى ئاتقا شۇ زامان ،
تۈن بولدى بىردىنلا قاپقارا زىندان .
ئۆرۈش مەيدانىنى تاشلاپ بىر توپ جان ،
چاپاتتى كۆرۈنگەن ئاشۇ تاغ تامان .
تۈرك چەۋەندازلىرى قەلبى شاد ئىدى ،
قايغۇ ۋە ئازابتىن ھەم ئازاد ئىدى .
ئۆز لەشكەرگاھىغا قايتىشتى يەنە ،
قايتىشتى جەڭلەردە قىلىپ تەنتەنە .
ئىران باتۇرلىرى چېكەر ئاھ ، پىغان ،
نالىدىن قولاقلار پاك بولۇپ شۇئان .
ئۇلار بىلەن يەنە يېقىن ئۇرۇقلار ،
تاغ باغرىدا چېچىن چۇۋۇپ يىغلار زار .
شۇ يەڭىلىغ بۇ قىرى پەلەكنىڭ ئىشى ،
يوق قارشىلىق بىلەن نەپ كۆرگەن كىشى .
گەر كىشى قويمىسا مېھىر پەلەككە ،
پەلەكتە نە قىلسۇن مېھىر ئەسلىدە .
تۆپىدىن چۈشەتتى پەسكە كېسىك باش ،
تۆكەتتى ئۇلارنى كۆرۈپ مەردلەر ياش .

## بەھرامنىڭ قامچىسىنى ئىزدەپ جەڭگاھقا يەنە كەلگەنلىكى

ئارامغا چۈشكەندە ھەر ئىككى قوشۇن ،
يېرىم بولغانىدى كەچكى قارا تۈن .
بەھرام يۈگۈرۈپ باردى ئاتىسى تامان ،
ۋە دېدى : « ھۈنەرۋەن ، ئاتا قەدىردان .
شۇ جايدا نەيزەمدە تاج ئالغان چاغدا
ۋە ئۇنى كۆتۈرگەن چېغىم ئاسمانغا .
چۈشۈپ قاپتۇ قامچام يولدا بىدىققەت ،
تۈركلەرگە كۆرسە بولۇر غەنىيمەت .
قۇدرەتلىك بەھرامغا بۇ نومۇس ـ ئىزا ،
بۇ بىر غەش بوپ تۇرۇر ماڭا جاھاندا .
قامچىنىڭ دەستىدە مېنىڭ نامىم بار ،
تۈركلەر قولىغا چۈشسە يامان بار .
تېز بېرىپ قامچىنى مەن تېپىپ كېلەي ،
مۇشكۈللۈك يۈز بەرسە ئۇنىمۇ كۆرەي .
نەكەلسە تەقدىردىن كېلىدۇ شۇنداق ،
ۋە ھەتتا بەدەننى يۇتىدۇ تۇپراق . »
چال گۇدەرز ئاڭا دەر : « ئاڭلا ھەي ئوغۇل ،
ئۆز بەختىڭنى ھەرگىز قولدىن بەرمىگىل .
دەستىگە تىڭىلغان قىيىش تاسما دەپ ،
يامانلار قولىغا چۈشمە ئەتەيلەپ . »
بەھرام ئاڭا جاۋاب قىلدى : « بۇ چاغ مەن ،
ئەلدىنمۇ قىممەتلىك بىر جان ئەمەسمەن .
كۈچ ـ قۇدرەت ئورنىغا دۇچ كەلسە ئەگەر ،
قىڭغىرلىق كىم ، ئۇنى ئۆزى تەرك ئېتەر ؟ »
ئاندىن ئاڭا دېدى گېۋ : « بارما ، جىگەر ،
مەندە كۆپ خالىساڭ ھەر خىل قىلىچ بار .
بىرىنىڭ دەستىدە قۇيما ئالتۇن ـ زەر ،
بىرىنىڭ دەستىدە بار تازا گۆھەر .
بىر فەرەڭ بىر كۈنى خەزىنىنى ئېچىپ
قامچىلارنى بەرگەن ، تۇرغان رەڭ چېچىپ .
شۇ ئېسىل قامچىنى ئالدىم شۇئاندا ،
قالغىنى يوقالغان يولى تۇراندا .
كاۋۇس شاھ شۇنداق بىر سوۋغا بەرگەنىكى ،
ئاي جۇلا قىلالماس ئۈنچىلىك بەلكى .

يەنە بەش زەر نەقىش ئېسىل كەمەر بار ،
ھەممىدە تىزىلغان قىران گۆھەر بار .
يەتتىسىن مەن بىرەي بۇ يەردىن كەتمە ،
يىگى بىر ئاۋارە ئىشتىن نەپ نىمە . »
گېپىگە مۇنداق دېدى بەھرام پەھلىۋان :
« بۇ ئۇيات ، يول قويۇپ بولماس ئاتاخان .
سىزگە نېسىپ بولسۇن ئېسىل سوۋغىلار ،
مەن نومۇس ئاقلاشنى قىلدىم ئىختىيار .
مەن ياكى قامچىنى تېپىپ كېلۇرمەن ،
ياكى بېشىم كېتىپ ئۇندا قالۇرمەن . »
ئۇنىڭغا يەزدانىنىڭ رايى باشقىچە ،
تەلىيى چەپ كۆزدە باققانتى ئاڭا .
ئەگەر بەخت قاچماقچى بولسا ئادەمدىن ،
مەردىنگمۇ ئايلىنار بېشى ئەلەمدىن .
ئاي نۇرى چۈشكەندە چەكسىز جاھانغا ،
ئات چاپتۇرۇپ كەتتى بەھرام مەيدانغا .
مەيداندا ياتاتتى سانسىز مۇردىلار ،
بەختسىز تەقدىردىن دىلى بۇردىلار .
رېۋنىز ياتار ئىدى توپىدا ، قاندا ،
كىيىملىرى يىرتىق خاراب مەيداندا .
ۋاقىتسىز ھالاك بولغان ياش پەھلىۋان ،
ئۇنى كۆرۈپ بەھرام چەكتى ئاھ ـ پىغان .
ئەي ئوغلان ، بولۇپسەن بىر سىقىم تۇپراق ،
ئۇلۇغلار ئايۋاندا ، سەن پەستە مۇنداق .
كەڭ دەشتتە ياتاتتى جانسىز باھادىر ،
ئەتراپىنى ئاكىسى ئايلاندى گىر ـ گىر .
يارىدار نامدارلار قاتار ياتاتتى ،
جاراھەتلىرىدىن قانلار ئاقاتتى .
يارىدار بىر باتۇر شۇ دەم تولغاندى ،
بەھرامغا بىر قاراپ ھەم تونۇپ قالدى .
ئۇ دېدى :« ئەزىمەت ، تىرىك قالغانمەن ،
ئۆلۈك ئىچىدە تىنىق ئالغانمەن .
ئۈچ كۈن بولدى زارمەن سۇ بىلەن نانغا ،
موھتاجمەن بىر نەپەس ئۇيقۇ ـ ئارامغا . »
بەھرام تېزدىن كەلدى ئۇنىڭ ئالدىغا ،
كۆيۈندى ، ئىچىندى مەجرۇھ ھالىغا .
ئاڭا گىريان بولۇپ دىلىنى داغلىدى ،
كۆڭلىكىنى يىرتىپ زەخمىنى باغلىدى .
ھەم دېدى :« ياراڭنى ئويلىما بۇئان ،
ۋاقتىدا تېگىلماي بولۇپتۇ يامان . »
بىرنى سەرسانلىقتىن ئۇ خالاس ئەتتى ،
ئۆز سەرسانلىقنى بولسا ئۇنۇتتى .
بىچارىگە دېدى بەھرام :« ئەي يىگىت ،
مەن تېزدىن كېلەرمەن ئۆتمەي كۆپ ۋاقىت .
بۇ يەردە شاھانە نەقىشلەر قىلغان ،
مېنىڭ بىر قامچام بۇ جەڭدە يوقالغان .
ئۇنى تاپسام دەرھال قايتىپ كېلۇرمەن ،
سېنى لەشكىرىمگە ئېلىپ كېتۇرمەن . »
ئۇ مەيدان ئىچىگە تېز كىرىپ كەتتى ،
ئۇ جايدىن قامچىنى تاپتى ـ دە ، قايتتى .
تۇپراقلار ئويۇلغان ، تۆكۈلگەن كۆپ قان ،
يارىدارلار ياتار كەڭ ئېدىر تامان .
ئۇ ئاتتىن چۈشتى ـ دە ، دەرھال يول ئالدى ،
ۋە لېكىن يات ئاتلار كىشنىشىپ قالدى .
ئۇنىڭ ئېتى بايتال ھىددىدىن سەرمەست ،
ئازمىرگۈشەسپ ئوتى قىلغان چېغى قەست .
ئات بايتال تەرەپكە يۈگۈردى ئىلدام ،
ئارقىدىن يۈگۈردى بەھرام بىئارام .
ئېتىنىڭ كەينىدىن تىنماي يۈگۈردى ،
بەدەن ھەم كىيىمى تەرگە چۆمۈلدى .
ئېتىنى تۇتتى ئۇ مىندى شۇ ھامان ،
ھىندى قىلىچىنى ئوينىتىپ چاققان .
ئېتىنى « چۇ » دېسە قويمىدى قەدەم ،
ئۇنىڭمۇ تېنىدىن ئۆرلەر ئىدى نەم .
بىردىن خاپا بولۇپ قىسىلدى بەھرام ،
ئېتىنىڭ بېشىغا تىغ ئۇردى تامام .
پىيادە يول ئالدى ئۇ جەڭگاھ تامان ،
مۆدۈرۈپ ھەر تەرەپكە ، بولۇپ سەرگەردان .
كۆردىكى ، يەر بويلاپ ياتار كۆپ مۇردا ،
ۋاقىتسىز تۆكۈلگەن چېچەكتەك گويا .
پىيادە نە بولۇر ئەھۋالىم دەيتتى ،
بۇ چۆلدە نېمىدۇر ئىقبالىم دەيتتى .
تۇرانلىقلار ئۇندىن تاپقاچقا گۇمان ،
يۈز ئاتلىق تېزلىكتە كېلىشتى بۇيان .
بەھرامنى جەڭگاھتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ،
قوشۇن سەردارىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ،
بەھرام تېز ئوق سالدى شۇئان كامانغا ،
دۈشمەننى مولجاللاپ ئالدى نىشانغا .

ئوق ئۇزسە باھادىر قولىدا كامان ،
ئەتراپتا قالمايتتى تىرىك جان ئامان .
پىيادە بولسىمۇ بەھرام شۇ زامان ،
دۈشمەنگە ئېتىلدى مىسلى قۇش قىران .

ئاتلىقلار يىراقلاپ كېتىشتى خېلى ،
پىران مەنزىلىگە يېتىشتى خېلى .
بەھرامنى شىر سۈپەت ، دەپ قىلدى خەۋەر ،
جەڭگاھتا ئەر سۈپەت ، دەپ قىلدى خەۋەر .

## بەھرامنىڭ تەجاۋ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى

پەھلىۋان ئالدىغا كېلىشتى لەشكەر ،
بەھرامنىڭ ئىشىدىن يەتكۈزدى خەۋەر .
ئاشكارا سۆز بولدى ، مەخپىي سۆھبەت ھەم ،
ماختاشلار ھەم بولدى ، ئاچچىق غەيۋەت ھەم .
سورىدى ئۇلاردىن : « كىم بۇ پەھلىۋان ؟
قايسى نامدارلاردىن ، قىلىڭلار بايان ؟ »
كىمدۇر بىرى دېدى : « ئۇ شىردەك باتۇر ،
لەشكەرلەرگە ئۇندىن كېلەر خاۋاتىر . »
ئۇلارغا مۇنداق دەر پىران : « بولدى بەس ،
ئۇ بەھرام قېچىپمۇ ئەمدى قۇتۇلماس .
ئۇنى تىرىك تۇتۇپ كەلتۈرسەڭ ئەگەر ،
زامان تەنىسىدىن قالمىغاي ئەسەر .
لەشكەرنى يېنىغا ئېلىپ بارار كىم ،
ئۇ بىلەن كۈرەشكە زادى يارار كىم ؟ »
سۆزىنى ئاڭلاپلا دەس تۇردى چاققان ،
كۆڭلىدە ئۆزىگە يوق ئىدى گۇمان .
بەھرام جەڭگاھ ئىچرە كۆردى ـ دە توزان ،
شۇ ياققا ئوق ئېتىپ قىلدى تىرباران .
شۇ تۇيۇقا ئېتىلىپ كىردى بەھرام ئەر ،
قولىدا قالقىنى ، ئايىغىدا يەر .
يارىلاندى ئوقتىن روۋىن شۇ زامان ،
لەشكەرلەر چۇچۇشۇپ قېلىشتى ھەيران .
غەم بىلەن كېلىشتى سەردارى تامان ،
دىلىدا غەزىپى ، قاينار ئىدى جان .
بەھرامدەك باتۇرنى كۆرمىگەن ھېچ جەڭ ،
مۇنداق جەڭ قىلالماس دەريادا لەھەڭ .
بۇ سۆزنى ئاڭلىغاچ غەم چەكتى پىران ،
تىترىدى دەرەخنىڭ ياپرىقىسىمان .
ئۇ مىنىپ قۇش قانات ئېتىغا شۇ دەم ،
بەھرام بار تەرەپكە ئۇچۇردى قەدەم .
ئۇ دېدى بەھرامغا : « ئەي ئۇلۇغ زاتىڭ ،
جەڭگاھتا پىيادە ، قەيەردە ئېتىڭ ؟

يۈرگەندە تۇرانغا سىياۋۇش بىلەن ،
سەن ئىش كۆرەتتىڭغۇ ئەقلى ھوش بىلەن .
سەن بىلەن تۇز ۋە نان يېيىش ئىستەرمەن ،
مېھىرپەرۋەرلىكنى قىلىش ئىستەرمەن .
خالىماسمەن سەندەك مىسلىسىز شىرزات ،
بىلىملىك ، باھادىر ۋە ئېسىل ئەۋلاد .
تۇپراققا بېشىنى قويۇپ بولسا خاك ،
قېرىنداشلىرىڭنىڭ باغرى بولسا چاك .
كەل بىللە ئەيلەيلى بىز ئەھدۇپەيمان ،
كۆڭلىدىن بۇ ئىشقا ماقۇل بول بۈگۈن .
ئۇنىڭدىن كېيىن مەن قېرىنداش بولاي ،
قېرىنداش بۇرچىدىن كۆپ خىزمەت قىلاي .
يايىقسەن ، سەن بىلەن بۇ غالىب لەشكەر ،
جەڭ قىلسا يېتىدۇ ساڭا خەۋپ ـ خەتەر . »
جاۋاب قىلدى بەھرام : « ئاڭلا ،ئەي پالۋان ،
زېرەكلىك داناسى ، ئاقىل ـ بىلىمدان ،
مانا ئۈچ كۈن بولدى غىزا كۆرمىدىم ،
كېچە ـ كۈندۈز جەڭدىن داجىپ يۈرمىدىم .
سەندىن ماڭا پەقەت بىرلا ئات كېرەك ،
مەندىكى غەم پەقەت ئاتسىزلىق دېمەك .
ئات بەرسەڭ ئازادلار تامان كېتەرمەن ،
كەشۋاد گۇدەرز تۇرغان جايغا يېتەرمەن . »
پىران جاۋاب قىلدى :« ئاڭلا ، ئەي نامدار ،
مۇنداق ئىش قىلىشقا بولمىغاي زىنھار .
سۆزۈمگە قۇلاق سال تېگىرقىماي دەرھال ،
مەردلىكنىڭ خارلىما ، قىلىپ يوق خىيال .
قارىغىن بۇلار ئۆز ، ئەل چەۋەندازى ،
يۇرتىدىن ئارتۇقراق يوقتۇر ئەزىزى .
ئۇلۇغلار نەسلىدىن قانچە باتۇرلار ،
قانچىلىك تاجدارلار ، قانچە نامدارلار .
جەڭدە زەخىملىنىپ ، كۆپى بەردى جان ،
قانچىسى تۇپراقنى تۇتۇشتى ماكان .

ئەگەر كىم يول ئالسا بۇدەم ئىرانغا ،
جاۋاب سورايدۇ بۇ تۆكۈلگەن قانغا .
ئەفراسىياپتىن سەن خەۋپلەنمىگىل ،
سۆزۈمگە ئىشەنگىن ئاڭلاپ ئەستايىدىل .
ئەي يىگىت ساڭا ئات بېرەرمەن شۇئان ،
بارغايسەن ئىرانلىق پەھلىۋان تامان . »
شۇ سۆزنى ئېيتىپ ئۇ ياندى ئورنىغا ،
لىق تولدى ھەيرانلىق ، غەزەپ كۆڭلىگە .
تەجاۋ قوشۇننى جەڭگە كىرگۈزدى ،
ئۇنىڭدا كۆپلىگەن پالۋان كېلەتتى .
پىراندىن سورىدى ۋە دېدى پىران :
« بەھرامدەك يوق تېخى كۈچلۈك پەھلىۋان .
ئۇنىڭغا مېھرىمدىن قىلسام نەسىھەت ،
قېرىنداش بولماققا بەرسەم مەسلىھەت .
ئەپسۇسكى ، مەن ئېيتقان سۆز يەردە قالدى ،
ئىران قوشۇنىغا قاراپ يول ئالدى . »
پىرانغا باتۇر تەجاۋ شۇنداق دەر :
« مېھرۇ نەسىھەتكە ئۇندا تاۋ يوقتۇر .
مەن دۈشمەن مەرتنى بېرىپ بابلارمەن ،
بېشىنى تۇپراققا شۇنداق تىقارمەن . »
تەجاۋ چېپىپ باردى شۇ دەم جەڭگاھقا ،
بەھرام ئەمەس ئىدى ئىگە سىپاھقا .
تەجاۋ ئۇنى كۆرۈپ نەيزىسىن ئالدى ،
مەست پىلدەك بەھرامغا دەرھال چاڭ سالدى .
دېدى ئاڭا :« نامدار ، قوشۇنۇمغا باق ،
قۇتۇلالماسسەن ھېچ ، ئەھۋالىڭ چاتاق .
ئىرانغا قايتماقلىق ئويۇڭ ئەلۋەتتە ،
ئۆزۈڭنى چاغلىما قالتىس ھەيۋەتتە !
قانچىنى ئۆلتۈردۈڭ ، مەردلەر يىقىلدى ،
بۇ نۆۋەت بۇ قىسمەت بېشىڭغا كەلدى . »
شېرىكلىرىگە ئۇ دېدى : « تۇرۇڭلار !
بېشىغا نەيزە ھەم خەنجەر ئۇرۇڭلار . »
نەچچىلەپ يىقىلدى لەشكەر شۇ زامان ،
لەشكەركى ، ھەر بىرى قاۋۇل پەھلىۋان .
ئوقيانى ئوقلىدى بەھرام شۇ ھامان ،
قاپلاندى ئۇ ئاتقان ئوق بىلەن ئاسمان .
ياغاتتى ئوق ، نەيزە يامغۇردەك گويا ،
تاغ – دەشتتە ئاقاتتى قان بولۇپ دەريا .
گۈرزىلەر گۈمبۈرلەپ ، سانجىلار تىغلار ،
قاپقارا بۇلۇتمۇ قان تۆكۈپ يىغلار .
تەجاۋ باشلىغان جەڭ قىلاتتى داۋام ،
ئوق تەگكەن تەنلەردە يوق ئىدى ئارام .
قەھرىمان بەھرامدا قالمىدى تاقەت ،
ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتكەن تەجاۋ بۇ رەت .
يەلكىسىگە ئۇردى ئۇ قىلىچ شۇئان ،
بۇ زەربىدىن يەرگە مىندى قەھرىمان .
خەنجەر تۇتقان قولى قايرىلدى تەندىن ،
يىقىلدى ئاخىر ، بوشاشتى جەڭدىن .
ئۇ دەردلىك ئوت بىلەن ھامان ياناتتى ،
ئۆمرىنى تاماملاپ يەردە ياتاتتى .
ئۇنىڭدىن ئىللىق قان ئۇرغۇپ بولغاچ جۇش ،
يۈزىنى پەلەكمۇ ئۆردى ناخۇش .

## گېۋنىڭ تەجاۋنى ئۆلتۈرۈپ بەھرام قىساسىنى ئالغانلىقى

قۇياش پارلاق يۈزىن ئۆردى دەمدە ،
گېۋ دىلى ئىنىسى ئۈچۈن ئەلەمدە .
بېجەنگە مۇنداق دەر : « ئاڭلا جىگىرىم ،
ئېھتىمال كېلەلمەس قايتىپ جان ئىنىم .
ئۇ ھاياتلا بولسا قايتاتتى ھامان ،
گەر ئۆلگەن بولسا لازىم يىغا بۇ ئان . »
ئىككى باتۇر ماڭدى شۇندا تېز راۋان ،
توقۇنۇشقان جايغا بىر شامالسىمان .
ھەر ياققا كۆز تاشلاپ ئىزدىشەر ئىدى ،
بەھرامنى تاپماقنى تەڭ تىلەر ئىدى .
باتۇرلار بەھرامنى تاپقان شۇ چاغدا ،
كۆزلەردىن ئاقتى قان پاتماي چاناققا .
تۇپراق قارا قانغا تولغانتى ، بەھرام
قولىدىن ئايرىلىپ ياتار سۇرمەي دەم .
ئېتىدىن گېۋ سەكرەپ چۈشتى شۇ ھامان ،
شىر كەبى كۆتۈردى بىر نالە – چۇقان .
ئاۋازىن ئاڭلىغاچ بەھرام قىمىرلاپ
ئىگرىدى ، ھوشىغا كېلىپ ئىچىپ لەۋ .
شۇنداق دېدى گېۋگە : « ئاڭلا پەھلىۋان ،
سەن مېنى تاۋۇتقا ياتقۇزغان زامان

تەجاۋدىن ئىنىگىنىڭ قىساسىنى ئال ،
ئۆزۈڭ شىر ، شىرلىكىڭ كۆرسەتكىن دەرھال .
مېنى كۆردى ئۇ ۋىس پىرانى مۇندا ،
ئۇچراشقان مەن بىلەن ئۇ ياخشى كۈندە .
ھەممە نامدارلارۇ چىن باتۇرلىرى ،
مەن بىلەن جەڭ ئۇچۇن قىلىشتى باردى .
ۋە لېكىن ماڭا تەجاۋ بەردى زەربە ،
نەسەب ــ زاتىم ئۇچۇن قازدى گۆر ــ لەخمە . »
بۇ سۆزنى قىلغاندا كۆز ئېچىپ بەھرام ،
گېۋ كۆزىدىن سەل بوپ ئاقتى يېشى ھەم .
ئاتىلار نامىغا ئۇ ئېچتى قەسەم ،
قۇياشلىق كۈندۇزگە ، ماھى تۈنگە ھەم :
« بەھرام ئۇچۇن ياۋدىن ئالغايمەن قىساس ،
يا بېشىم بولغۇسى تېنىمدىن خالاس . »
قىساستىن ئوت بولۇپ باراتتى يولدا ،
بار ئىدى بىر ھىندى قىلىچى قولدا .
كۈن يېتىپ ، چەكسىز دەشت بولغاندا قارا ،
تەجاۋ لەشكەرلەردىن ئاجرالدى تەنھا .
يىراقتىن گېۋ ئۇنى كۆرگەندە شۇ دەم ،
ھوشىنى يىغدى ھەم تارتتى ئېغىر دەم .
لەشكەردىن يىراقلاپ كەتكىنىن بىلدى ،
ئۇنى باغلاشقا پەيت يەتكىنىن بىلدى .
ئۇ دەرھال تاشلىدى سالما ــ ئارغامچا ،
تەجاۋنىڭ جىسمىنى باغلىدى راسا .
ئېتىغا باغلىدى ئارقانىنى مەھكەم ،
ئېگەردىن يىقىتىپ چۈشۈردى شۇ دەم .
يەرگە يىقىلغاندا تەجاۋ بولدى خار ،
ياتاتتى قوللىرى باغلاق بىمادار .
گېۋ ئاتقا مىندى ۋە سۆرىدى ئۇنى ،
ئارقىدىن كىبلەتتى ھالسىز تۇتقۇنى .
گېۋگە مۇنداق دېدى تەجاۋ ئۈمىدتە :
« ئەي باتۇر ، قالمىدى ھېچ ماغدۇر مەندە .
نېمە قىلدىم مېنى مۇنچە خار قىلدىڭ ،
بەئەينى قىيامەتكە دۇچار قىلدىڭ . »
« سۆزلىمە ! » گېۋ ئاڭا ۋارقىراپ ئىدى ،
بېشىغا ئىككى يۈز قامچا ئۇراتتى .
« بىلمەيسەن سەن ئۇنى ئەي بەختى قارا ،
قىساسىنىڭ دەرىخىن ئۆستۈردۈڭ مانا .
ئۇنىڭ بېشى ھەتتا پەلەككە يېتەر ،
تېنى قان ، مېۋىسى مىسلىسىز زەھەر .
بەھرام شىر ساڭا ئۇۋ بولغان بولسا گەر ،
تەقدىر ئەمدى لەھەڭ كۈچىن كۆرسىتەر .
قىساس دەپ ئۇ بەھرام يېتىپتۇ بىجان ،
دەردىدىن گېۋ دىلى بولۇپتۇ گىريان . »
مۇنداق دېدى گېۋغا تەجاۋ شۇ چاغدا :
« مەن تورغاي بولسام ، سارسەن ئۆزۈڭ گويا .
بەھرامغا يامانلىق قىلمىدىم ئىشەن ،
جەڭدە ئۇنى قۇربان قىلغان ئەمەسمەن .
ئاڭا يەتكىنىمدە ، چىن ئاتلىقلىرى
جەڭ دەشتىدە ئۇنى ئۆلتۈرگەنىدى . »
گېۋ دېدى ئۇنىڭغا : « ئەي خارۇ زار زات ،
يېلىنىپ بۇ سۆزنى ئېيتمىغىن ئۇيات . »
توختىماي ماڭاتتى گېۋ ئۇنى سۆرەپ ،
بەھرامنىڭ ئالدىغا تۇرغۇزۇپ تىرەپ .
ئاڭا دېدى : « رەزىل ، مۇنداق باش ئۇچۇن ،
ئۆلمىكىڭ مۇكاپات ، ئامىتىڭ پۈتۈن .
قانچە زامان ئۆتتۈم ھاياتتىن مەمنۇن ،
مەرھەممەت قىلغاچقا ئاللا مەن ئۇچۇن .
مەن سەندىن بۇرۇنراق كۆشەندەمنى دەل
قەتلى ــ ئام قىلماققا باغلىغانمەن بەل .
تەجاۋ ئاڭا ھامان يالۋۇرار ئىدى ،
تىرىكلىك پەندىدە ئىنتىزار ئىدى .
ئۇ دېدى : « بەرىبىر بولار ئىش بولدى ،
بېشىمنى ئېلىشتىن نە پايدا قالدى ؟ »
يەردە ياتقان پېتى يالۋۇرار ھامان ،
بەھرامغا دېدى ئۇ : « ھەي سېخىي ئوغلان .
سېنىڭ جېنىڭغا مەن قۇربانلىق بولاي ،
جان تەندە بولسىلا دەرمانىڭ بولاي . »
گېۋگە باتۇر بەھرام ئەسلەتتى بۇنى :
« ھەر كىمكى تۇغۇلسا ئۆلەر بىر كۈنى .
گەر ئۇندىن تېنىمگە يەتكەندە زىيان ،
ئۆلۈم دەردىن تارتماق ئەمەستۇر ئاسان .
گۇناھكار بېشىنى تەندىن ئاجراتما ،
تاكى ئۇ ئالغۇچە نامىمنى دىلغا .
ئاكىسى ئىنىنىڭ ئازابىن كۆردى ،
تەجاۋ يەردە ھامان سۆرۈلەر ئىدى .
ئۇ تۇتتى تەجاۋنىڭ ساقىلىن شۇئان ،
ئايرىدى بېشىنى تېنىدىن شۇئان .

بەھرام كۆزىدىن مۆلدۈرلىدى قان ،
جاھاننىڭ ئىشىدىن ئۇ ئىدى ھەيران .
ئۇ پەرياد كۆتۈردى : « ئەي ، پانىي جاھان ،
كۆردى بۇ ھەيرەتنى كىم ئۇچۇق ، نىھان ؟!
ئۇنى مەن ئۆلتۈرسەم يا سەن ئۆلتۈرسەڭ ،
ئىنىڭ يا قېرىندىشىڭ چىقار ئۇ بىلسەڭ . »
شۇ سۆزنى دېدى ــ دە ، بەھرام بەردى جان ،
قاچان بۇ ئادەتتىن ئۆزگەرتكەن جاھان .
تاجۇ تەخت ئىزدەركەن قايسى بىر كىشى ،
قولنى قان بىلەن بوياشتۇر ئىشى .
ئۇ ئەگەر ئۆلتۈرسا ، يا بولسا غەملىك ،
جاھان سەھنىسىدە بولماس قۇدرەتلىك .
ئۆلتۈرگەن يېرىدە تۇرۇپ گېۋ بىر ئان ،
يەنە قايتىپ كەلدى شىر بەھرام تامان .

گېۋ پەرياد كۆتۈردى ، بىردىنلا شۇ چاغ ،
بېشىغا توختىماي چېچىپ قۇم ــ تۇپراق .
ئاھ ئۇرۇپ ، بەھرامنى ئاتقا قوندۇردى ،
يۆلەپ ماڭماقنى بېجەنگە تاپشۇردى .
ئۇنى بۇ جەڭگاھتىن ئېلىپ كېتىشتى ،
شاھانە يوسۇندا دەپنە ئېتىشتى .
مۇشكى ئەنبەر بىلەن يۇدى تېنىنى ،
چىن شايىسىدىن پىچتى كېپەننى .
بويىنغا تاج ئېسىپ ، پىل سۆڭەك تەختكە ،
ئۇنى ياتقۇزۇشتى شاھلىق لەھەتكە .
دەخمەمنىڭ ئىشكى تىنىق ، سىرىق ، كۆك ،
ھەممىسى جايىدا ، پەقەت بەھرام يوق .
ھازىدار بولۇشتى لەشكەرلەر بېشى ،
ئەزەلدىن شۇنداقتۇر پەلەك گەردىشى .

## ئىرانلىقلارنىڭ خۇسرەۋ ھۇزۇرىغا قايتىپ كەلگەنلىكى

تاغ ئۈستىدە قۇياش ياشىناپ باققان چاغ ،
بولدى كۈننىڭ تاجى نامايان ، ئاپئاق .
بىر جايغا توپلاندى يارقالغان قوشۇن ،
ۋەقەنى ھەر كىمگە ئۇقتۇرۇپ پۈتۈن .
دېدىكى : « ئىراندىن كۆپ ئۆلدى لەشكەر ،
باشلىغان بۇ جەڭدە يوقاتتۇق زەپەر .
جەڭدە تۈركلەر كەلدى بىزلەردىن ئۈستۈن ،
بولمىدى سۇسلۇققا قىلچىلىك ئورۇن .
شاھ ئالدىغا قايتماق زۆرۈر ، بىگۇمان ،
كۆرەرمىز كىملەرگە باقار بۇ زامان .
ئەگەر شاھ قىلمىسا جەڭنى كۆپ ھايال ،
بىزلەردىن ئۇنىڭغا سۆز قىلماق مەھەل .
ئاتا ئوغۇلسىز ھەم ، ئوغۇل ئاتىسىز ،
كۆپلەر يارىلاندى ۋە كۆپلەر جانسىز .
ئەگەر جەڭگە پەرمان قىلسا شەھرىيار ،
ئۇ كۆپ لەشكەر قوشۇن توپلاشقا دىركار .
ئۇ چاغدا كېلەرمىز ئالماققا قىساس ،
دۈشمەنلەر ھەيرەتتىن سېلىشسۇن قىقاس .
شۇ خىيال تۇپەيلى بۇندىن كېتەرمىز ،
كۆزدە ياش ، كۆڭۈلدە غۇسسە چېكەرمىز .
ئاكا ئىنىسىنى ئويلاپ ئېزىلەر ،
تىللارغا ئەلەملىك سۆزلەر تىزىلار .

ئۆلگەنلەر ھەققىدە دۇئا ئوقۇشتى ،
كاسەرۇد تەرەپكە قوشۇن يۈرۈشتى .
ياساۋۇل قوشۇندىن بۇرۇن يول ئالدى ،
جەڭگاھتا ئادەم ، ئات بىرىمۇ قالمىدى .
شاھ ۋىس پىرانغا يەتتى بىر خەۋەر ،
ئىرانلىقلاردىن پاك بولدى دەپ كىشۋەر .
پىران يەڭگىل تىندى خەۋەردىن شۇئان ،
جاسۇسلار يەتكۈزەر خەۋەر ھەر تامان .
لەشكەرلەر قايتتى دەپ تىنسىمۇ يەڭگىل ،
يېڭى بىر تەشۋىشكە تولغاندى دىل .
ئۇ قوشۇن بىلەن يۈرۈپ تاڭ سەھەر ،
جەڭگاھنى ئايلىنىپ ، تاشلىدى نەزەر .
ئەتراپ تاغ ۋە سەھرا ، ھەيۋەت دەشت ۋە يار ،
شايى چېدىرلارغا لىق تولۇپ ياتار .
جاھاننىڭ ئىشىدىن ئۇ بولدى ھەيران ،
قوشۇن جەڭگاھنى قورشىغان زامان .
بىر كۈنى ئۆركەشتە ، بىر كۈنى پەستە ،
گاھى دىل غەم بىلەن ، گاھى ھەۋەستە .
ئالەم ئارا جامنى كۆتۈرۈۋېلىپ شاد ،
كۈننى كۈنگە ئۇلاپ سۈرىمىز ھايات .
شۇندىن كېيىن پىران قەسىدە يازدى ،
ئەفراسىياپقا تېز يەتكۈزگىن ، دېدى .

خەۋەردىن روھلاندى ئۇ سەردار شۇئان ،
قايغۇ ۋە تەشۋىشتىن خالاس ، بىگۇمان .
ھەممە لەشكەرلىرى بولدى شاد ـ خۇرام ،
باتۇرلار يولىنى زىننەتلەپ شۇ دەم .
تام ، دەرۋازىلارغا كىيىملەر ئاستى ،
باشلارغا بىتىنىم دىرھەم ـ پۇل چاچتى .
كەلگەندە شەھرىيار يېنىغا پىران ،
سەردار ھەم ئالدىغا يۈردى شۇ زامان .
ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتتى ۋە دېدى :
« پەھلىۋانلار ئىچرە تېڭىڭ يوق ئەمدى . »
ئەفراسىياپ قۇشتەك ، زوقى بىھېساب ،
ئون بەش كۈن ياڭرىدى چاڭ ، ساز ۋە راۋاب .
ئۈچىنچى ھەپتىدە پىران ئويلىدى ،
شادلىقتا يۇرتىغا قايتماقچى بولدى .
ئەفراسىياپ ئاڭا ياپتى زەر چاپان ،
تەرىپىن سۆزلىسەم بولمىغىل ھەيران :
دىنار ھەم گەۋھەردە يالتىرار لىباس ،
ئالتۇن كەمەرىدە ياقۇت بىقىياس .
بىر ئالتۇن جابدۇقلۇق ئات قىلدى سوۋغا ،
بىر ئالتۇن غىلاپلىق قىلىچ ئۇنىڭغا .
پىل سۆڭەك نەقىشلىق بىر تەخت بەردى ،
كەھرىۋا تاج بىلەن شۇنچە بەخت بەردى .
چىنلىق كېنىزەكلەر ، رىملىق قۇللار ھەم ،
قىلدى سوۋغا ئاڭا كۆپ دۇلدۇللار ھەم .
شۇنداق نەرسىلەرنى بەردى پىرانغا ،
تارقاتتى ئۇندىن كۆپ نەرسە ئېھسانغا .

شاھ ئالدىدا تۇرغان چىغى ئۇ سەركەر ،
ئاڭا كۈلۈپ دېدى :« ساپ دىل ، باتۇر ئەر .
سەن شادلىق ئىچىدە بول ئارتۇق زېرەك ،
قوشۇننى دۈشمەندىن ئاسرىماق كېرەك .
ئەقىلدان جاسۇسلار ئەۋەت ھەر تامان ،
دۈشمەننىڭ جاسۇسى بار ، بۇ بىگۇمان .
كەيخۇسرەۋ خالايدۇ خۇشال بىر كۈننى ،
سوۋغاتقا يۈركەشكە پۈتۈن قوشۇننى .
ئۇلۇغلۇق نەسەبى ۋە شاھى كۇلاھ ،
خىسلىتى ئىستەيدۇ بولماقنى ئاگاھ .
دۈشمەننىڭ قايتقىنىدىن بولما خاتىرجەم ،
ئۇنىڭدىن بىخەۋەر قالمىغىل بىر دەم .
قايسى يەردە بولسا رۇستەم پەھلىۋان ،
خاتىرجەملىك قۇچۇپ ئارام تاپماس جان .
ئۇندىن باشقا زاتقا ئەندىشەم بولماس ،
ئاڭا قارشى جەڭگە كىرمىسەم بولماس .
قورقمەن جايىدىن قوزغالسا ئەگەر ،
ئىراندىن تۇرانغا ماڭدۇرار لەشكەر . »
ئۇنىڭ نەسىھەت سۆزىن ئاڭلىدى پىران ،
ئاڭا سادىق سەردار ، ئەزىز ، قەدىردان .
سەرلەشكەر پىران ۋە قوشۇن تۇرۇشتى ،
خوتەن ئۆلكىسىگە ئۇلار يۈرۈشتى .
قوشۇن ھەم سەركەردە شۇنچە خۇش ئىدى ،
يۈرۈشى قۇشلاردەك پەرۋاز ـ جۇش ئىدى .
شۇنداق پۈتتى فۇرۇد ھەققىدە داستان ،
ئەمدى كامۇس جېڭىن قىلىمەن بايان .

## رۇستەم داستانىنىڭ قىسقىچە بايانى

ئىرانلىقلار تۇرانغا قىلغان يۈرۈشى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ ، مەغلۇبىيەت بىلەن قايتقاندىن كېيىن ، كەيخۇسرەۋ تۇرانغا يەنە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلىدۇ .

رۇستەمنىڭ ئىلتىماسى بىلەن شاھ تۇسنى زىنداندىن ئازاد قىلىپ ، ئۇنى لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلەيدۇ . ئىرانلىقلار سىياۋۇش قىساسى ئۈچۈن تۇرانغا بېسىپ كىرىپ مەملىكەتنى ۋەيران قىلىدۇ .

پىرانغا قارشى جەڭدە تۇس يېڭىلىپ ، جەڭگاھتىن چېكىنىدۇ ۋە ھەماۋەن تېغىدا يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ . ئىران سەركەردىلىرى پادىشاھقا كىشى ئەۋەتىپ ئۇندىن مەدەت تىلەيدۇ . كەيخۇسرەۋ رۇستەمنى ياردەمگە ئەۋەتىدۇ .

تۇرانغا كامۇس كۇشانى بىلەن چىن خاقانى ۋە كۆپلىگەن مەملىكەتلەر ياردەم بېرىدۇ .


رۇستەم دەسلەپ پىيادە جەڭگە كىرىدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭ دۇلدۇلىنىڭ پۇتى تۇران يولىدا سۇنغانىدى . رۇستەمگە قارشى جەڭ قىلغان ئەشكابۇز رۇستەمنىڭ پىيادە جەڭگە كىرگەنلىكىنى مەسخىرە قىـ

لىدۇ . رۇستەم ئەشكابۇزنى ئۇقيادا ئۆلتۈرىدۇ .

رۇستەم كامۇس بىلەن سوقۇشقاندا ئۇنى سالما بىلەن باغلاپ ، « قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاڭلار ! » دەپ ئىرانلىق چېرىكلىرىگە يوللاپ بېرىدۇ .

رۇستەم بىر قانچە مەملىكەت پەھلىۋانلىرىنى يېڭىپ ، چىن خاقانىنى تارمار قىلىپ ، تەنتەنە بىلەن دەسلەپ ئىرانغا ، كېيىن ئۆز يۇرتى سېيىستانغا كېتىپ قالىدۇ .

« شاھنامە » نىڭ كىچىك بىر قىسسىسىدە رۇستەمنىڭ شاھ ئەمرى بىلەن دەھشەتلىك ئاقۋان ـ دىۋىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ . ئۇنىدىن كېيىن بىجەن ۋە مەنىجە داستانى بايان قىلىنىدۇ .



# بېجەن ۋە مەنجە داستانى

## داستاننىڭ باشلىنىشى

يۈزىنى كۆمۈردە تۈن يۇغان مەھەل ،
پىنھان بولدى مارس ، مېركۇرىي ، زۇھەل .
ئۆزگىچە كۆرسەتتى كۆكتە ئۆزىن ئاي
ۋە ئالدى پەرىشان پەشتاقتىن ئۇ جاي .
كۆكەرگەن ئاي تاجىنىڭ ئۈچتىن تۆتى ،
ھاۋامۇ قارايغان زەڭگى سىياقى .
قارا تۈن بىر پالاس يايدى تاغ ـ دەشتكە ،
سىلىپ قاغىنىڭ قانىتىن ئەسكە .
دات باسقان پولاتقا ئوخشايتتى ساما ،
يۈزىنى قۇرۇمدا بوياپ قاپقارا .
قاپقارا يىلاندەك دەم ئۇرۇپ يەنە ،
كۆرۈنەر ھەر ياقتىن ئەھرىمەن دىۋە .
سوغۇق بىر نەپەسنى پۈركىدى ئاسمان ،
چېچىشتى ئىرناقلار قاپقارا توزان .
ئېرىقلار ـ ئېقىنلار ، باغ ـ ئېتىزلار ھەم
قاپقارا دەرىيادەك مەۋج ئۇردى شۇ دەم .
چەرخ ـ پەلەك ھەيرەتتە قاتقانچە قالدى ،
ۋە ھەتتا قۇياشتىن ماغدۇر يوقالدى .
يەر مۇشۇ قاپقارا چېدىر بۇرجىدە ،
تىنىرەيتتى چۈشەكەپ ئۇيقۇ ئىچىدە .
بىر قورقۇش بار ئىدى جاھان قەلبىدە ،
پاسىبان قوڭغۇراق چالسىمۇ ئۇندا .
گاھ يىرتقۇچ ھۇۋلىغان ، گاھ قاقىرىغان سار ،
بىپەرۋا ياخشى ۋە يامانغا دۇنيا .
كۆرۈنمەس ئېگىز ـ پەس ، ئالەم تۇمانلىق ،
دىلىمنى تاڭ قىلغان ئىدى ھەيرانلىق .
غەم ـ غۇسسىدىن تۇرۇپ جايىمغا كەتتىم ،
سېغىنغان يارىمنى ئىختىيار ئەتتىم .
مەن ئۇنى قىچقىرىپ ، سورىدىم چىراغ ،
ئۇ باغدىن كېلەرمىش بىر پەرى سىياق .
ئۇ دېدى : « نېمىشقا ساڭا كېرەك شام ،
قاراڭغۇ كېچىدە يېتىپ ئال ئارام . »
دېدىم :« ئاھ ، سەنىمىم ! ئۇيقۇ يار ئەمەس !
قۇياشتەك شام كەلتۈر ، بۇ تۈن يارىماس !
ئالدىمغا شامنى قوي ، بەزمە ساز ئەتكىن ،
مەي تۇتۇپ ، چاڭ چېلىپ دىلناۋاز ئەتكىن . »
مېھرىبان سەنىمىم شامنى كەلتۈردى ،
ئەتراپنى شۇ شامنىڭ نۇرى تولدۇردى .
كەلتۈردى مەي ، ئانار ، بېھى ۋە لىمۇن ،
شاھانە قەدەھ مىسالى غاز بويۇن .
دېدى : « تۇر ئورنۇڭدىن كۆڭلۈڭنى شاد ئەت ،
روھىڭنى قايغۇدىن تامام ئازاد ئەت .
تەقدىردىن زارلانما باغرىڭنى يۇمشات ،
ھەر تۈرلۈك تەشۋىشتىن دىلىڭنى بوشات !
ئاقىل ئەركەك ئۈچۈن ياراشماس غۇسسە ،
كۆرەرسەن قىسمەتتە يېزىلغان بولسا . »
گاھى مەي ئۇزاتتى ، گاھى چاڭ چالدى ،
گويا ھارۇت مېنى سېھرىگە ئالدى .
بۇ كۆڭۈل شادلىقتىن تولا بولدى ئۇز ،
قارا تۈن كۆرۈندى بەئەينى نەۋرۇز .
دېدىم : « سەرۋىقامەت ، ئەي ماھتابان ،
بۇ كېچە سەن ماڭا سۆزلە بىر داستان .
سۆزلىگىل ، دىلىمدىن ھەسرەت يوقالسۇن ،
قىسسەڭدە ئاسمان ھەم ھەيرەتتە قالسۇن .
ۋىسالدا تولغىنىپ سوۋۇغاچ قېنىم ،
ماڭا مۇنداق دېدى ئاي يۈزلۈك خېنىم :
« مەي ئىچ ، سۆزلەپ بېرەي ساڭا بىر داستان ،
قەدىمكى قىسسىنى مەن قىلىپ بايان .
بۇ ـــ مېھرىنىڭ جېڭى تەدبىر مېۋىسى ،
بىلىمدان ئەللامە مەردلەر شېۋىسى ».
دېدىم : « مەيلى سۆزلە ، ئەي ساھىبجامال ،
قىسسەڭدىن ئىشقىمىز تاپقۇسى كامال . »
سۆزلە ئادەملەرنىڭ سەرسانلىقىدىن ،
پەلەكنىڭ ياخشىلىق ، يامانلىقىدىن .
پەقەت كايىتمىغىل ئۆزۈڭنى جانان ،
ئېھتىيات قىل ، قىلچە قىينالمىسۇن جان .

بىزدىن سىرلىرىنى يوشۇرغان جاھان ،
دەرد بېرەر ۋە لېكىن بەرمىگەي ئامان . »
دېدى : « مەندىن قىسسە سەن ئاڭلاپ بىرئاز ،

پەھلىۋان ئۇسلۇبىتا شېئىر قىلىپ ياز .
مەن سۆزلەي ، ئەگەر سەن مىننەتدار بولساڭ ،
ئەگەر مېھرىبانىم ، بەختىيار بولساڭ . »

## ئىرانلىقلارنىڭ خۇسرەۋدىن ياردەم سورىغانلىقى

كەيخۇسرەۋ ئىستىسە ئاتا قىساسىن ،
جاھان ئىستەر كۆركتە بېزەشنى ئۆزىن .
شاھ تاجى قۇياشقا يېقىن تۇتتى جاي ،
تۇراندىن يوقالدى تاج ـ تەخت ، ساراي .
ئاسمان كۇلۇپ باقتى ئىران شاھىغا ،
ئىرانلىقلار قاندى مېھر ـ نىگاھىغا .
زامانە قەدىمدەك كۆرۈپ ئۆزىنى ،
شەپقەت سۇيىدە يۇدى خۇسرەۋ يۈزىنى .
سۇ ئېقىپ ئۆتسە گەر يارلىقتىن يەكبار ،
مۇگدىمەس ئۇ يەردە دانىشمەن زىنھار .
مەي ئىچىپ كۈننى ئۆتكۈزدى دىلشاد ،
لەشكەر باشلىقلىرىن بىر ـ بىر قىلدى ياد .
گۇلدار شايى بىلەن يوپۇقدالدى تەخت ،
شاھانە تاج كىيدى قايتا كۇلگەچ بەخت .
قولىدا ياقۇت جام ، كۇلەر مەي ئۇندا ،
يېنىدا ياڭرايتتى چاڭ ، نەغمە ـ ناۋا .
ئۇلۇغلار يېنىدا خۇشال ئولتۇرۇر ،
كاۋۇس فەرىبۇرزى ، گۇستەھەم باتۇر .
گۇدەرز بىلەن كەشۋاد ، گېۋ بىلەن فەرھاد ،
باھادىر شاپۇر ھەم گۇرگىن مىلاد زاد .
نوزەرلەر شاھىيۇ تۇسلۇق باتۇرلار ،
رۇھھام بىلەن بېجەن ، چېلىشچان شىرلار .
ھەممىنىڭ قولىدا شاھلارغا خاس جام ،
ھەممىسى خۇسرەۋگە سادىقتۇر مۇدام .
يەمەن ياقۇتىدەك قەدەھلەردە مەي ،
ئۇنىڭدا پارلىغان لالىدەك تەلەي .
خۇسرەۋ يانپېشىدا گۇلچېھرە قىزلار ،
چېچىدىن سۇمەندەك خۇش بۇي تارقىلار .
كەيپ ـ ئىشرەت ئەۋجىگەن ، يوق ئۇڭا قىياس ،
ھەممىسى ئاڭا كۆرسىتەر ئىخلاس .
ئىچكىرىگە كىرىپ ياساۋۇل يۇمشاق ،
سەردارنىڭ ئالدىدا توختىدى شۇ چاغ .
« ئىرانلىقلار كۇتەر ئىشىكتە ،ــــ دېدى ،ــــ

ئىرانۇ تۇراندىن كېلىشكەن ئىكەن .
شاھىمنىڭ ئالدىغا كىرمەكنى سورار ،
ئادالەت ئىزدىشىپ كېلىپتۇ ئۇلار .»
زېرەك سەردار خەۋەرنى ئۇقتى شۇئان ،
خۇسرەۋنىڭ ئالدىغا ئۇ ماڭدى چاققان .
ئاڭلىغاننى ئېيتىپ ، ئۇ كۇتتى پەرمان ،
كەلگەنلەر كۆشۈككە باشلاندى شۇ ئان .
ئۇلار شاھ ئالدىدا قىلىشتى تەزىم ،
ياش تۆكۈپ ئېيتىشتى ھال ـ زارىن ، ئەرزىن .
قوللىرى كۆكسىدە ، يەردە يۈزلىرى ،
كۆڭۈلنى سىرقىرىتاتتى سۆزلىرى .
« ئەي غالىب شەھرىيار ، بول دائىم ئامان ،
ھاياتىڭ شەۋكەتلىك بولسۇن دائىمان .
بۇ ئادىل شەھەرگە كەلدۇق يىراقتىن ،
بۇياقتا ئىرانۇ ئۇياقتا تۇران .
ئىرمان دىيارىدۇر يۇرتىمىزگە نام ،
خۇسرەۋ شاھقا بىزنىڭ يۇرتتىن كۆپ سالام .
ئەي شاھ ، مەڭگۇ ياشا ، دېدى ئۇ دىيار ،
يامانلارنى يوقات ، ئەيلە خارۇ زار .
سەن يەتتە مەملىكەت شەھرىيارىسەن ،
ئامانلىق ئىزدىگەن ئەللەر يارىسەن .
يۇرتىمىزدىن ئۆتەر تۇران چېگرىسى ،
ئۇلارنىڭ دەستىدىن تاقەت قالمىدى .
ئىران تەرىپىدە ئورمانىمىز بار ،
ئۇ بىزنى ھەمىشە ئۆزىگە تارتار .
ئۇنىڭدا مەۋجۇتتۇر قانچە ئېكىنزار ،
بار ئۇندا دەرەخلەر شۇنچە ھوسۇلدار .
ئۇندا يايلىقىمىز ، بەخت ـ بارىمىز ،
ئەي ئىران شاھى بول مەدەتكارىمىز !
ئۇ يەرگە يېپىلىپ كېلىشتى قاۋان ،
يۇتىدا چەيلەندى يايلاق ھەم ئورمان .
چىشلىرى پىل چىشى ، تاغدەك تەنلىرى ،
نابۇت بولدى ئىرمان باغ ـ بوستانلىرى .

چارۋىمىز ئاپەتتە ، ئېكىنزار خاراب ،
ئۇلار دەھشىتىدىن كۆپ چەكتۇق ئازاب .
كۆچەتلىرىمىزنى يۇلۇشتى ئۇلار ،
قاۋانلار دەستىدىن دەرەخلەر غۇلار .
چىشىدىن ساق قالماس ھەتتا رەڭدار تاش ،
تالاي يۈز ئۆرۈدى ، قالمىدى بەرداش . »
خۇسرەۋ ئەرزچىلەردىن ئاڭلاپ سۆزىنى ،
ئېچىنىپ ، كۆپ غەمكىن سەزدى ئۆزىنى .
ئۇلارغا پادىشاھ ھېسداشلىق قىلدى ،
مەغرۇر باتۇرلارغا مۇنداق سۆزلىدى :
« ئەي مېنىڭ شۆھرەتلىك پەھلىۋانلىرىم ،
شان ـ شەرەپ قۇچماققا بارار قېنى كىم ؟
قاۋانلار قۇترىغان جايغا كىم بارار ،
شۆھرەت ـ نامنى ئىستەپ كىم جەڭگە كىرەر ؟
قاۋانلار بېشىنى كىم چېپىپ كەلگەي ،
مۇكاپات ئېلىشقا كىملەر ئەرزىگەي ؟ »
بۇيرۇدى يېيىشقا زەردىن داستىخان ،
زەر ـ جەۋھەرلەر بىلەن تولسۇن دەپ شۇ ئان .
ئاڭا تۈرلۈك گۆھەر تاشلار تۆكۈلدى ،
ھەر بىر تاش تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى .
كەلتۈر زەر جابدۇق ، يەنە خىل ئون ئات ،
كاۋۇس تامغىلىق ئۇ ئاتلار يەلقانات .
رۇم شايىلىرىدە بېزەپ بارىنى ،
قىچقاردى قوشۇننىڭ باتۇرلىرىنى .
زېمىن پادىشاھى دېدى ئۇلارغا :
« باتۇرلار پۈركەنگەي گۈل ـ غۇنچىلارغا !
دەردىمنى ئۆز دەردى بىلسە كىم مۇندا ،
ئايىماسمەن ئۇندىن خەزىنەمنى ئەسلا . »
ئېسىلزاد بېجەندىن ئۆزگە ھېچ ئەرباب
بۇ مەجلىس ئىچىدىن بەرمىدى جاۋاب .
باتۇرلار ئىچىدىن چىقتى ئالدىغا ،
شەھرىيارنى قۇتلاپ تەڭرى نامىدا :
« ھەمىشە ئامان بول ، غالىب ، بەختىيار !
ئادالەت ھامىيسى ئۇلۇغ شەھرىيار !
دائىما قولۇڭدا بولسۇن ئالتۇن جام ،
شۆھرىتىڭ ئەبەدىي ئەيلىسۇن داۋام .
سەن ئەبەد ، ئەي شاھىم جەننەت ماكان بول ،
جاھان ئىقبالىغا سەن سايىۋەن بول .
ئەمرىڭگە مەن جېنىم بىلەن تەييارمەن ،
قەيەرگە بۇيرۇساڭ شۇڭا بارارمەن ! »
بىر قاراپ قويىدى گېۋ شۇندا بېجەنگە ،
ھەم شۇئان ئۆزىنى سەزدى ئۆزگىچە .
ئاۋۋال شاھقا ئېيتتى تەھسىن ـ ئاپىرىن ،
بېجەنگە نەسىھەتلەر قىلدى ئاندىن .
پەرزەنتىگە دېدى : « ياشلارچە قىلىق ،
ئۆزىنى ماختىماق ئۆز بېشىمچىلىق !
ئەگەر ياش بولسىمۇ دانا ۋە مەشھۇر ،
تەجرىبىسىز بولسا ، ئۇ داغدا قالۇر .
سىنىماق كېرەكتۇر ياخشى ـ يامانىنى ،
ئاچچىق ـ چۈچۈك بىلەن مۇشكۈل ـ ئاسانىنى .
باسمىغان يولۇڭدىن ئۆتمىگىل ئەسلا ،
پادىشاھ ئالدىدا بولمىغىل رەسۋا . »
نەۋقىران ، بىلىمدان ، غالىب ۋە ھوشيار ،
بېجەن يېدى ئاتا سۆزىدىن ئازار .
شاھقا دېدى : « ئاڭلا ، مويسىپىت پەدەر ،
بوشاڭ دەپ ئويلىما مېنى ئۇ قەدەر .
مەن دېگەن بۇ سۆزگە ئىشەنچ ھاسىل قىل ،
مېنى ئەقلى قېرى ، ئىشتا ياش دەپ بىل .
قوشۇندا ھەيۋەتلىك گېۋنىڭ ئوغلىمەن ،
قاۋاننى بېشىدىن جۇدا قىلغايمەن . »
بېجەننىڭ سۆزىدىن شاھ بولدى شادىمان ،
مىننەتدارلىق ئېيتىپ ئۇ قىلدى پەرمان .
خۇسرەۋ مۇنداق دېدى :« سەن چىن قەھرىمان ،
يامانلىق دۇچ كەلسە بولۇرسەن قالقان .
لەشكەرگە سېنىڭدەك ساھىب قوماندان ،
دۈشمەندىن گەر قورقسا دېمەك ئۇ نادان . »
ئاندىن دېدى مىلاد ئوغلى گۇرگىنگە :
« بېجەن ئىرمان يولىن بىلمەيدۇ . ساڭا
بۇيرۇق شۇ ، توغانغا قەدەر بىللە بار ،
ئاڭا يول كۆرسىتىپ بولغىل مەدەتكار . »

## بىجەننىڭ قاۋانلارغا قارشى جەڭ قىلغانلىقى

بىجەن دەرھال يولغا ھازىرلىق كۆردى ،
كەمەر باغلاپ ، باشقا كۇلاھىن كىيدى .
مىلاد ئوغلى گۇرگىن بولدى يولدىشى ،
بىجەننىڭ دوستى ھەم يېقىن قولدىشى .
قاپلان ، لاچىن چىققى قەسىردىن شۇ چاغ ،
ئوۋ قىلىپ يۈرۈشتى خېلى يول ئۇزاق .
بىجەن قاپلانلارنى يىغماقتا چاققان ،
كۆپۈكلەر چاچرىتىپ ماڭار پىلسىمان .
قاپلانلار يۈگۈرەر مىسالى شامال ،
ياۋا ئۆچكە بىلەن تولغان دەشت ـ جاڭگال .
قۇلانلار بوينىغا سىرتماق تاشلانغان ،
ئۇلارنى تەھمۇرەس دىۋە بەند قىلغان .
ھەممە يولنى شۇ خىل بېسىپ ئۆتۈشتى ،
ھەتتا چۆلنى باغ دەپ پەرەز ئېتىشتى .
يەتكەن چېغى ئۇلار ئاشۇ ئورمانغا ،
بىجەننىڭ يۈرىكى كەلدى تۇغيانغا .
ئورمانغا بىجەننىڭ كۆزى چۈشكەندە ،
غەزەپتىن قانلىرى ئۆرلىدى تەندە .
بىجەن بۇ ئورمانغا قىلغاندا سەپەر ،
قاۋانلار ياتاتتى بۇندىن بىخەۋەر .
گۇرگىنگە دېدى : « جەڭگە كىر ئەلۋەتتە ،
گەر جەڭگە كىرمىسەڭ تۇرغىن بىر چەتتە .
قاۋانلارنى چاناپ ئۆلتۈرگەن چېغىم ،
يېقىنراق بار كۆلنىڭ تۈۋىگە گۇرگىن .
ئورماندا توپىلاڭ قىلىشقان زامان ،
قولغا گۇرزە ئېلىپ ، راسا ئۇر چاققان . »
بىجەنگە مۇنداق دەر گۇرگىن پەھلىۋان :
« مۇنداق ئەمەس ئىدى شاھ قىلغان پەرمان .
سەن ئۇندىن ئېلىشتا گۆھەر ، ياقۇت ، زەر ،
بۇ جەڭگە باغلىغان ئىدىڭغۇ كەمەر .
ئەمدى مەن كۈتمەسمەن مۇنداق ياردەم ،
ئۆزى ئۈچۈن ئۆزى جەڭ قىلار ئادەم . »
بۇ سۆزنى بىجەن ئاڭلاپ بولدى خاپا ،
كۆزلىرى تۈن كەبى قارايدى شۇندا .
يۈگۈرۈپ شىرسىمان كىردى ئورمانغا ،
ئوقلارنى تەق قىلدى بەتلەپ كامانغا .
باھار گۈلدۈرىدەك نەرە تارتتى ئۇ ،
ئۇچقان ياپراق كەبى ئوقلار ئاتتى ئۇ .
قاۋانلار قوزغىلىپ مەست پىلدەك چاپتى ،
ئۇدۇل كەلگىنىگە ئۇ خەنجەر سانجتى .
قاۋانلار ئۇنىڭغا كەلدى توپلىشىپ ،
چىشلىرىنى بىلەپ تېز يۈگۈرۈشۈپ .
چىشلىرىدىن ئۇچار ھەر يانغا ئۇچقۇن ،
گويا ئوت كېتەردەك ئالەمگە پۈتۈن .
چېپىپ كەلدى قاۋان ئەھرەمەنسىمان ،
بىجەن ساۋۇتىنى ئەيلىدى ۋەيران .
قاۋان چىشى دەرەخ قوۋزىغىن شىلار ،
بەئەينى ئىكەكتەك تاشلارنى تىلار .
چاڭ ـ توزان ئۆرلىدى ئورماندا شۇئان ،
قارىيىپ كۆرۈندى توزاندىن ئاسمان .
بىجەن خەنجەر ئۇردى قاۋانغا بارچە ،
بولدى قاۋانلار تېنى دەل ئىككى پارچە .
شۇندا شۇم يىرتقۇچلار قورقتى تۈلكىدەك ،
تىغىدىن يارىلىنىپ ، بولدى ئۆلگۈدەك .
بېشىنى تېنىدىن ئۈزۈپ تاشلىدى ،
غانجۇغىغا ھەتتا باغلار باشلىدى .
يولدا قالدى شۇنچە باشسىز تۆشلىرى ،
پادىشاھقا سوۋغا بولۇر چىشلىرى .
ئۇرۇشقاق قەبىلىنىڭمۇ بېشى ئۈزۈلگەي ،
ئىرانلىق باتۇرلار غەلىبىلىك يۈرگەي .
هارۋىغا تۆككەندە ئۇلار تاغ بولدى ،
كالىلار سۆرىشىپ ، دىل خۇشچاغ بولدى .

## گۇرگىننىڭ بىجەننى ئاداشتۇرغانلىقى

يامان نىيەت گۇرگىن ئۇياتتا قالدى ،
قوزغىلىپ ئورمانغا ئاستا يول ئالدى .
كۆك بولۇپ كۆرۈندى كۆزىگە ئورمان ،
بىجەنگە ئاپىرىن ئېيتتى شادىمان .
لېكىن بۇ مەردلىكتىن چېكەتتى قايغۇ ،
ئۆز بەتناملىقىدىن خىجىل ئىدى ئۇ .
دىلىنى سېھىرلىك قىلغان ئەھرەمەن ،
بىجەنگە بىر شۇملۇق ئىزدىمەك بىلەن .

لېكىن باشقا ئىدى ئۇندىكى قىسمەت ،
يادىغا تەڭرىنى ئالمايتتى پەقەت .
كىشى ئورا كولاش ئىزدىسە ئەگەر
ئۆزگىگە ، ئورىغا ئۆزى كەپ چۈشەر .
ئۆز شانى ، شۆھرىتى يولىدا شۇ چاغ ،
نەۋقىران يىگىتكە ئۇ قويدى تۇزاق .
بىجەنگە دېدى ئۇ : « ئاڭلا پەھلىۋان ،
جاسارەت يار ساڭا ، يوللىرىڭ راۋان .
ساڭا يەزدان كۈچى ، بەختى يار بولدى ،
تەڭداشسىز جاسارەت بەرقارار بولدى .
ئەمدى باشقا سۆزنى مەن ساڭا ئېيتاي ،
بۇياقلاردا بولغان مەن تالاي ـ تالاي .
رۇستەم ، گېۋ ، گۇستەھەم بىلەن بولغانمەن ،
تۇس ۋە گەجدەھەم بىلەن بولغانمەن .
بىز مۇندا كۆرسەتكەن مەردلىك بىھېساب ،
دەۋر ـ دەۋران ئۆتتى ، كىم قىلغاي ھېساب ؟
داڭقىمىز كۆكلەرگە يەتتى ئۇ زامان ،
خۇسرەۋ ھۇزۇرىدا تاپتۇق شەرەپشان .
شۇ يېقىن ئەتراپتا بار بىر گۈلبوستان ،
ئىككى كۈن يول يۇرسەڭ كۆرۈنەر توزان .
سەن بىر دەشت كۆرىسەن زۇمرەتتەك چىمەن ،
كۆپ بولغان ئۇ يەردە بەزمە ـ ئەنجۇمەن .
ئەتراپى دەرەخزار ، سۇلىرى راۋان ،
قەھرىمان سەيلىگە راسا خوپ ماكان .
يەرلىرى يىپەكتەك ، خۇش بۇي ھاۋاسى ،
سۇلىرى گۈلاپتەك ، دەردىنىڭ داۋاسى .
تۇپرىقى زەر دىيار ، تېشى دۇردانە ،
مۇشكى ئەنبەر چىمەن مىسلى ئەپسانە .
باغلىرى بېھىشتەك ، گۈللىرى ئېپار ،
مېۋىسى شاخلاردا چوغدەك تاۋلىنار .
سەرۋىلەر شېخىدا بۇلبۇل غەزەلخان ،
گۈلزاردا كەكلىكلەر ئوينايدۇ راۋان .
ئەمدى مۇندىن كېيىن ئۆتمەي كۆپ مۇددەت ،
ئۇ يەرلەر بولغۇسى مىسلى يوق جەننەت .
ھەممە ساي ، تاغلاردا كۆپ ساھىبجامال ،
توپلىشىپ يۈرىدۇ ئاھۇدەك مىسال .
ئەفراسىياپ قىزى گۈزەل مەنىجە ،
باغدا ئاپتاپسىمان پارلار ھەمىشە .
تۇران قىزلىرىنىڭ يۈزىدە پەردە ،
قامەتى سەرۋىدەك ، چاچلىرى ئەترە .
يۈزلىرى گۈل ـ چېچەك ، كۆزلىرى خۇمار ،
شېرىن لەۋلىرىدە گۈلاپ ھىدى بار .
ئىستىسەڭ ئۇ يەردە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ،
يولنى بىز تېز يۈرسەك ، بىر كۈنلۈك پەقەت .
بىز بىلەن بۇ ياققا كېلەر قانچە قىز ،
ۋە خۇسرەۋ ئالدىدا بولۇرمىز ئەزىز . »
گۇرگىن ياش بىجەنگە سۆزلىدى شۇنداق ،
پەھلىۋان قەلبىدە قوزغالدى پىراق .
گاھ شۆھرەت ئىزدىدى ، گاھ كەيپى ـ ساپا ،
ياشلىقتىن بۇ سۆزنى ئەيلىدى راۋا .

## بىجەننىڭ ئەفراسىياپ قىزى مەنىجەنى كۆرگىلى بارغانلىقى

ئىككىسى قوزغالدى بۇ يىراق يولغا ،
بىرى قىسمەت بىلەن ، بىرى ئويۇنغا .
بىر كۈنلۈك يول ئىككى ئورمانلىق ، بىراق ،
ئېتنى يېتىلەپ مېڭىشتى ياياق .
ئىرمانلار يۇرتىدا ئىككى كۈن بولدى ،
بۇركۇت ، توز بىلەن ئويناشتى ، كۈلدى .
گۇرگىن ئۆزگىچە سىزىپ دەشتنى شۇ ھامان ،
قىز بۇيان كەپتۇ دەپ ئەيلىدى گۇمان .
ئۆتكەن بايراملاردىن شۇنچە زوق بىلەن
گۇرگىن سۆزلىسە ، تىڭشايتتى بىجەن .
ئاڭلاپ ئۇ گۇرگىنگە سۆز قىلدى شۇ چاغ :
« ئۇ يەرگە بارغىنىم ياخشىكەن تېزراق .
بەزمىگاھلىرىنى يىراقتىن كۆرەي ،
تۈركلەر مەجلىسى قانداقتۇر بىلەي .
يەنە شۇ نەيزەمنى تاشلاپ يەلكىگە ،
قايتىپ كەلمەمدىمەن يەنە ئارقامغا .
ئاندىن بىز سەن بىلەن سۆھبەتلىشەرمىز ،
كۆز بىلەن كۆرگەندە ئەينەن بىلەرمىز . »
خەزىنىچىگە ئۇ بۇيرۇدى ناگاھ :
« كەلتۈر بەزمە ئۈچۈن ماڭا زەر كۇلاھ .
ئۇلارنىڭ مەجلىسى يالتىراپ كەتكەي ،
ئامەت بىزگە بېقىپ ، ئىشىمىز پۈتكەي .

كەلتۈر كەيخۇسرەۋنىڭ گۆھەر سىرغىسىن ،
گېۋ بىلەزۈكىنى كەلتۈر ، پارلىسۇن . »
كىيدى ئۇ يالتىراق رۇم لىباس شۇدەم ،
ئورناتتى تاجىغا ھۇما پېيىن ھەم .
قارا ئاتقا مىندى چاققان شۇ قەدەر ،
مەردلىك ئۈزىكىن تاقاپ ، باغلىدى كەمەر .
پۈتىنى ئېگەردىن ھالقىتقان مەھەل ،
مەنزىلگە چاپتى ئات خۇددى شامال ـ يەل .
يېتىپ كەلدى ئاشۇ ئورمان يېنىغا ،
بىر ھاياجان چۇشۇپ قايناق جېنىغا .
ئېگىز سەرۋى ئاستى بولدى ئاڭا جاي ،
بولمىسا كۆيەتتى ئاپتاپتا تالاي .
گۈلچېھرە چېدىرى يېنىغا كەلدى ،
يۈرىكى مۇھەببەت ئوتىغا تولدى .
دالانى قاپلىغان ئىدى ناخشا ـ ساز ،
ھاياتلىق ھۇزۇرىن قۇتلىغان ئاۋاز .
مەنىجە چېدىردىن باققاندا قىيا ،
كۆرۈندى ياش گۈزەل سەركەردە ئاڭا .
يەمەن سۇھەيلىسىدەك كۆرۈندى يۈزى ،
ياڭىقى بىنەپشە ، يوپۇرماق ئۆزى .
بېشىدا پەھلىۋان كۇلاھى پارلار ،
رۇمچە لىباسى زەردەك يالتىرار .
چېدىردا يۈزىگە پەردە ئاسقان قىز ،
دىلى ئېرىپ بولدى مىسالى نەرگىز .
دېدەكنى ئالدىغا ئەۋەتتى دەرھال ،
دېدى : « سەرۋىقامەتتىن تېز خەۋەر ئال .
بىلىپ كەل ، كىم ئۆزى ، ئاي يۈزلۈك ئوغلان ؟
سىياۋۇش تىرىلىپ بولغانمۇ غۇلمان ؟
سورىغىل كەلمىكى ئۇنىڭ نە سەۋەب ؟
بەزمىگە كىرمەستىن تۇرۇپتۇ قاراپ ؟
سورا سىياۋۇشمۇ ياكى پەرىزات ،
يۈرىكىم ئىشقىدىن تولغاندى ھەيھات .
ئۇ سۆيگۈ ئوتىنى ياقار نە ئۈچۈن ؟
ۋە ياكى قىيامەت بولغانمۇ بۈگۈن ؟
كۆپ يىللار بولدىكى مەن بۇ چىمەندە ،
بەزمىلەر قۇردۇمەن باھار كەلگەندە .
بۇ بەزمىدە ئۆزگە كۆرمىدىم ئەسلا ،
كۆرگىنىم پەقەت سەن ، ئەي سەرۋى بەرنا ! »

بېجەن ئالدىغا تېز كەلدى ئۇ دېدەك ،
ئېگىلىپ تەزىملەر يەتكۈزدى دېمەك .
مەنىجە سۆزلىرىن ئېيتتى بېجەنگە ،
بېجەن يۈزى ياندى ئوخشاپ چىمەنگە .
دېدەك سوئالىغا ئۇ قىلدى جاۋاب :
« ئەي پەرى ئەلچىسى ، سۆزلىدىڭ ماختاپ .
ئەمەسمەن سىياۋۇش ياكى پەرىزات ،
مەن ئېسىلزادىمەن ، ئىرانلىق ئەۋلاد .
گېۋ ئوغلى بېجەنمەن كەلدىم ئىراندىن ،
قاۋانلار جېكچىۈن كەلگەن ئۇ ياندىن .
باشلىرىنى كېسىپ تاشلىدىم يولغا ،
چىشلىرىنى ئالدىم شاھ ئۈچۈن ئولجا .
بولغاچ بۇ بەزمىگاھ چىمەندىن ئاگاھ ،
گۇدەرز گېۋى تامان قايتمىدىم ناگاھ .
بۇياقلارغا كەلدىم شۇنچە يول بېسىپ ،
بولۇرمىكىن ماڭا بۇ چىمەن نېسىپ .
ئەفراسىياپ قىزى چېھرىسىن كۆرسەم ،
خۇددى چۈشتىكىدەك بەختىيار بولسام .
مۇندا بىر چىمەنكى دەفىنە كۆردۈم ،
چىن بۇتخانىسىدەك خەزىنە كۆردۈم .
مۇندا ماڭا قىلساڭ ياخشىلىق ئەگەر ،
بېرۇرمەن ئالتۇن تاج ، سىرغا ھەم كەمەر .
مېنى باشلا ئاشۇ گۈليۈز يېنىغا ،
جېنىمنى پەيۋەندە قىل ئۇنىڭ جېنىغا . »
بېجەننىڭ سۆزىنى دېدەك ئاڭلىدى ،
ئاندىن مەنىجەنى خەۋەردار قىلدى .
يۈزى شۇنداق ، بويى مۇنداق ، دېدى ئۇ ،
تەگرى ياراتمىشتۇر شۇنداق ، دېدى ئۇ .
مەنىجە ئاڭلىغاچ دېدەك سۆزىنى ،
ۋە دەرھال ئەۋەتتى ئۇنىڭ ئۆزىنى
جاۋاب يەتكۈزۈشكە ئاشۇ ئوغلانغا :
« بۈگۈنلا يېتەرسەن ئارزۇ ـ ئارمانغا .
قېشىمغا كەلگەيسەن روھلىنىپ شۇ چاغ ،
قاراڭغۇ دىلىمغا يېقىپ شام چىراغ .
دىدارىڭدىن كۆزۈم روشەن بولغۇسى ،
بۇ دەشتۇ مەنزىلگاھ گۈلشەن بولغۇسى . »
بۇ جاۋابتىن بېجەن دىلى ياشنىدى ،
قىز چېدىرى تامان قەدەم تاشلىدى .

## بىجەننىڭ مەنىجە چېدىرىغا كىرگەنلىكى

سەرۋىنىڭ ئاستىدىن بىجەن قوزغالدى ،
قىز چېدىرىغا قاراپ يىگىت يول ئالدى .
ئەفراسىياپ قىزىنىڭ چېدىرى گۈزەل ،
پىيادە ھەر قەدەم راھىتى ئەۋزەل .
زەر نەقىش كەمەردە بېلىنى باغلاپ ،
چېدىرغا كىردى ئۇ ئۆزىنى چاغلاپ .
مەنىجە يېقىنلاپ ھۆسنىنى ئاچتى ،
شاھانە كەمەرنى بېلىدىن يەشتى .
ھال ـ ئەھۋال سورىدى يول ، جەڭدىن لېۋەن :
« كىم كەلدى قاۋانغا جەڭگە سەن بىلەن ؟
نېمشقا شۇنچىلىك قەددۇ كامالىڭ ،
گۈرزىدىن قىينىلار كېتىپ ماجالىڭ ؟ »
مۇشكى گۇلاپ بىلەن يۇيۇلۇپ ئاياغ ،
ئالدىغا تىزىلدى لەززەتلىك تاماق .
سېلىندى ناز ـ نېمەت تولغان داستىخان ،
ئاڭا تولغان ئىدى تاماق ، شېرىن نان .
ناخشىلار ئاڭلاشتى ، ئىچىشتى شاراب ،
تەنھا قېلىشتى ، ھەم باشقىلار تاراپ .
چېدىردا چۆرىلەر قېپقالدى پەقەت ،
چاڭ ، ناغرا چېلىشقا كەلگەنتى نۆۋەت .
يەر گويا توز كەبى ياسانغانىدى ،
دەرەخلەر يولۋاستەك چاقنىغانىدى .
يالتىراپ ياناتتى بۇ ماتا چېدىر ،
مۇشىك ـ ئەنبەر چاچاتتى سۆزلەر بىرمۇبىر .
بىللۇر جامغا ساقلانغان شاراب قۇيۇلدى ،
بىجەن ۋە مەنىجە بەختىيار بولدى .
ئۈچ كېچە ، ئۈچ كۈندۈز ۋىسال ئۆتتى غەمسىز ،
مەنىجە شادلىقتىن يىقىلدى ھالسىز .

## مەنىجەنىڭ بىجەننى ئۆز سارىيىغا ئېلىپ كەلگەنلىكى

بىجەن ئەمدى كېتىشنى خالىغان زامان ،
مەنىجە كۆرۈشۈشنى خالىدى شۇئان .
چۆرىنى قىچقىرىپ كىرىپ قېشىغا ،
ئۇيقۇ دورىسى سالدۇردى يىگىت ئىشىغا .
مەست قىلىپ ئازدۇرۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ،
راسا رام قىلدى گېۋىنىڭ ئوغلىنى .
بىجەننىڭ ئۇيقۇغا كەتكىنىن كۆرۈپ ،
قىز چۆرىلىرىنى يىغدى قىچقىرىپ .
ياستىڭلار دېدى ، ئۇ تەختىراۋان ،
ئاڭا ياتقۇزۇلسۇن دېدى بۇ ئوغلان .
بىر تەختىراۋانكى بەئەينى ھۇجرا ،
ھەم ئۇيقۇ ، ھەم كەيپى ـ ساپا جەم ئۇندا .
تۆشەكلەرگە خۇش بۇي كافۇر سېپىلگەن ،
سەندەل دەرىخىدىن ھەم ئۆزى ئېتىلگەن .
پايتەختكە يەتكەندە ئۇ تەختىراۋان ،
يېپىپ قويدى يىگىت چېدىرىن جانان .
تۆشەككە كېچىدە پىنھان كىردى قىز ،
بىگانە كىشىگە ئاچمىدى ئېغىز .
ئايۋاندا ئۇيقۇلۇق ئورۇن راسلاندى ،
بىجەننى مەنىجە باغرىغا ئالدى .
بىجەن كۆزىن ئېچىپ ھوشىغا كەلگەندە ،
چۆكۈپ ياتقانىدى يۇمشاق بەدەنگە .
قېلىپ ئەفراسىياپ قەسرىدە بىجەن ،
ياتاتتى ئاي يۈزلۈك بىر پەرى بىلەن .
بىجەن ئۆز ھالىغا ئېچىنىپ جاندىن ،
ئەھرەمەنگە دېدى : « قۇتقۇز بالادىن !
بالادىن خالاس قىل ئەي پەرۋەردىگار ،
بۇ يەردىن كېتەلمەي قالمىشىم ناچار .
گۈرگىنىدىن ئۆچۈمنى ئال ، ئۇ قارا يۈز
قىلدى ئاقىۋەت مېنى چارىسىز . »
مەنىجە ئاڭا دەر : « كۆڭلۈڭنى قىل شاد ،
بولمىغۇر قايغۇدىن دىلنى ئەت ئازاد .
مەردلەرگە دۇچ كېلۇر ھەر خىل ئىمتىھان ،
گاھى بەزمى جەمشىد ، گاھى جەڭ مەيدان . »
گۈليۈزلەر ھەر ياندىن بولۇشتى تەييار ،
رۇمچە كۆڭلەكلىرى رەڭدار يالتىرار .
قولىغا ساز ئېلىپ چالدى گۈزەللەر ،
ياڭرىدى بېيىتلار ، ناخشا ـ غەزەللەر .
شۇ خىل داۋام قىلغاچ بۇ بەزمە تەكرار ،
مۇندىن ساراي بېگى بولدى خەۋەردار .

هوشيارلىق ھالىنى يوقاتقان ئىنسان،
پالاكەتكە دۇچار بولىدۇ ئاسان.
ھەممە سىرنى بىلدى بىر ـ بىرلەپ ئايان،
قايسى مەملىكەتتىن كەلگەن بۇ ئوغلان.
تۇراندا نە قىلسۇن ئىران پەرزەنتى،
ئۇنىڭ بۇ كەلمەكتىن نىمە مەقسىتى؟
بىلىپ چۆچۈپ كەتتى ئۆزى ئۈچۈن ھەم،
دەردىنىڭ دەرمانى ئۈچۈن داۋا كەم.
خەۋەر يەتكۈزمەكلىك ئۇنىڭ چارىسى،
چىدىردىن يوقالدى سايە ـ قارىسى.
تۇران شاھىغا ئۇ شۇنداق خەۋەر دەر:
« قىزىڭىز تېپىپتۇ ئىرانلىقتىن ئەر».
شامال ئۇرغان مەجنۇنتالدەك بولۇپ لال،
شاھ ئالدى تەگرىنى تىلغا بىماجال.
كىرپىكىدىن سۇرتۇپ قاندەك يېشىنى،
غەزەپتىن كۆتۈردى مەغرۇر بېشىنى.
« كىمنىڭكى پەردىدە ساقلانسا قىزى،
تاجىدار بولسىمۇ بەتبەختتۇر ئۆزى.
كىمكى ئوغۇل كۆرمەي قىز كۆرەر ئىكەن،
بۇ قىزغا ئەڭ ياخشى ئەر بولۇر كېپەن.»
مەنىجە ئىشىدىن دىلى قان بولدى،
قارەخان سەردارنى چاقىرىپ ئالدى.
ئاڭا دېدى:« ناكەس قىز ھەققى سۆزۈم،
سەن بىلەن مەسلىھەت خالىدىم ئۆزۈم.»
مۇنداق دېدى جاۋاب بېرىپ قارەخان:
« بۇ ئىشتا بېرىدۇ ئەقىل ئىمتىھان.
بۇ ۋەقە يۈز بەرگەچ سۆزگە جاي قالماس،
ئاڭلىغان كۆرگەنگە باراۋەر بولماس.»
ئەفراسىياپ بۇ خىل جاۋابنى ئاڭلاپ،
قارەخان سۆزىنى ھەم قالدى ئويلاپ.
گەرسىۋەزگە دېدى:« بۇڭا قارا بىر،
ئىراندىن كۆردۇق، نە كۈتەر تەقدىر.
تەقدىر نېچۈك كەلتۈردى بۇ بەندىنى،
غەمناك قىپ ئىراننىڭ بۇ پەرزەنتىنى؟
ھوشيار چەۋەندازلار بىلەن ماڭ دەرھال،
ساراي ھەم ئىشكتىن بايقاپ خەۋەر ئال.
ئۇچراتقان كىشىڭنى تۇتقىن بىرمۇ بىر،
بىرىمۇ قالمىسۇن، بۇ يەرگە كەلتۈر.»

## گەرسىۋەزنىڭ بېجەننى ئەفراسىياپ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلگەنلىكى

گەرسىۋەز ئىشىككە يېقىنلاشقان چاغ،
كەيپى ـ ساپا بىلەن ئاۋۋان تولغان چاغ،
ياڭرايتتى چاڭ، راۋاب، دىلكەش ئاھاڭدا،
ئەفراسىياپ قەسرى تولغان « جاراڭ » غا.
چەۋەندازلار بۇ جاي ئەتراپىن دەرھال
قورشاپ ھەر تەرەپتىن قىلىشتى قامال.
گەرسىۋەز ئىشكتىن ھالقىنى ئۈزدى،
ئىچكىلىك بەزمىنىڭ كەيپىنى بۇزدى.
شاپىلاق ئۇردى ئۇ ۋە كىردى شۇئان،
كۆرۈندى ۋەقەلەر ئۇنىڭغا ئايان.
ئۇ خانە ئالدىغا تېز يېتىپ كەلدى،
ئۇندا بىگانە زات بارلىقىن بىلدى.
ئىشكتىن بېجەنگە تاشلىدى كۆزىن،
قىنى قايناپ، سىقىمداپ تۇتتى ئۆزىن.
ئۈچ يۈز تەنناز چۆرە ئويناپ تۇراتتى،
راۋابلار چېلىشىپ كۈيلەپ تۇراتتى.
گۈزەللەر ئىچىدە ئولتۇرۇپ بېجەن،
قىمىز، مەي ئىچەتتى خۇشاللىق بىلەن.
گەرسىۋەز غەزەپتىن تولدى شۇئان:
« ئۆزىنى بىلمىگەن ئىرانلىق مەردان.
چۈشتۈڭسەن قەھرلىك شىر چاڭگىلىغا،
ئەمدى كىم ئىچىنغاي سېنىڭ ھالىڭغا؟»
ئۆزىنىڭ ھالىدىن قايغۇردى بېجەن:
« قورالسىز مەن جەڭگە قانداق كىرەرمەن؟
ئۇ قارا تۇلپىرىم ـ ئۇچقۇرۇم قېنى؟
يا مەندىن كەتتىمۇ ئۆمرۈم روشىنى؟
گۇدەرز گېۋى، كەشۋادلار قىلىشتى قايدا؟
باش ئېلىپ ئورنىغا چۈشسەم نە پايدا؟»
ئۇ ئۆتۈك قونجىدا ساقلايتتى خەنجەر،
ھەم ئۆتكۈر، يالتىراق بەئەينى گۆھەر.
قول سوزۇپ خەنجەرنى ئالدى قولىغا،
ئۆزىنى تونۇتۇپ چىقاردى نىدا:
« كەشۋاد نەۋرىسى بېجەن بولۇرمەن،
باتۇرلار، ئۇلۇغلار باشلىقىدۇرمەن.

بىرەر تىغ ئۇرالماس ماڭا، بۇ ئايان،
بېشى تەندىن جۇدا بولۇر بىگۇمان.
قوزغالسا جاھاندا جەڭ ـ جېدەل، توپان،
قاچماسمەن، كەينىمنى كۆرمەس ھېچ ئىنسان. »
گەرسىۋەزگە دېدى ئۇ ئاندىن يەنە:
« چېلىشساڭ ئىقبالىڭ قارا تۈن گويا.
بىلەرسەن ئەجدادىم، ئۇلۇغ شاھىمنى،
باتۇرلار ئىچىدە پاناھگاھىمنى.
ئەگەر جەڭ ئىستىسەڭ جەڭگە كىرەرمەن،
قولۇمنى ياۋ قېنى بىلەن يۇيارمەن.
كەلسە تۇرانلىقتىن قايسى بىر كىشى،
شۇ خەنجەر بىسىدا ئۇزۈلگەي بېشى.
باشلاپ بار تۇراننىڭ باشلىقى تامان،
يەتكۈزگىل سۆزۈمنى قىلىپ سەن بايان.
گۇناھىم كەچۈرسۇن، ئۇنىڭدىن سورا،
پەقەتلا شۇ يولدا ياخشىلىق تولا. »
ئۇنىڭ چوڭ پەنجىسىن كۆرگەن گەرسىۋەز،
ھۇجۇمغا چۈشمەكنى قىلمىدى غەرەز.
بىلەتتى بېجەننىڭ چاققانلىقىنى،
كىم خالار قېنىنىڭ ئاققانلىقىنى.
ۋاپادار بولۇشقا ئۇ ئىچتى قەسەم،
ئىزھار قىلدى يەنە نەسىھەتلەر ھەم.
شۇ يوسۇن قولىدىن خەنجەرنى ئالدى،
ۋە شېرىن سۆز بىلەن ئارقىغا سالدى.
باغلانغان قاپلاندەك ئەگەشتى بېجەن،
ئامەتسىز غەلىبە يوق نە قىلغان بىلەن.
كاج كەلگەن پەلەكنىڭ ئىشى شۇ بولار،
گەر كەڭلىك تىلىسەڭ ئەكسىنى قىلار.
يالاڭ باش، قوللىرى باغلاق پەھلىۋان،
كەلدى شۇ ھالەتتە پادىشاھ تامان.
بېجەن دېدى شاھقا: « سەندە شەھرىيار
راست گەپنى ئاڭلاشقا بولسا ئىختىيار.
چەۋەندازلار دەشتكە يېيىلدى شۇئان،
يېنىمدىن ئۆتۈشتى كۆپ تەختىراۋان.
تۇران چەۋەندىزى قورشاپ ھەر ياقتىن،
ھىندىچە بىر چېدىر چىقتى يىراقتىن.
ئورتىدا تۇراتتى بىر تەختىراۋان،
شامالدا چېدىرى يەلپۈنەر ھەر يان.
ئىچىدە ئۇخلايتتى بىر گۈزەل پەيكار،
تاجىدا جىلۋە قىپ نۇر چاچاتتى زەر.
پەرى ئەھرەمەننى ياد قىلىپ شۇئان،
قۇشتەك ئۇچتى ئۇ ئاتلىقلار تامان.
مېنى ئولتۇرغۇزدى ئۇ تەختىراۋانغا،
ئەپسۇنلار ئوقۇدى ئۇخلاق جانانغا.
ئۇخلىدى سارايغا قەدەر ئۇ گۈزەل،
مەن بولسام يىغلىدىم ياش تۆكۈپ تۈگەل.
زەررىچە گۇناھىم يوق مېنىڭ مۇندا،
مەنىجە ھەم ئاقتۇر گۇناھ يوق ئۇندا.
ھېچ يالغان قوشمىدىم، سۆزۈم راست، تامام.
بۇ يەردە ھېچكىمىم، يوقتۇر ۋەسسالام. »
ئەفراسىياپ ئاڭا مۇنداق سۆزلىدى:
« شۇم قىسمەت جېنىڭغا شۇنچە تېز كەلدى،
ئىرانلىق بىر زاتسەن، گۇرزە ھەم ئوقيا
بىلەن كەلگەنىدىڭ شان ئىزلەپ گويا.
ئەمدى قولى باغلاقلىق ئايالدەك ئۆزۈڭ،
مەست كەبى سۆزلەيسەن، قاملاشماس سۆزۈڭ.
قۇرۇق سەپسەتىنى سۆزلەپ بۇ ھالدا،
قولۇمدىن قۇتۇلماق ئىستەمسەن يەنە؟ »
ئاڭا دېدى بېجەن: « ئاڭلا شەھرىيار،
قۇلاق سال، دانالىق ساڭا بولسۇن يار.
قاۋانلار چىش ـ تىرناق بىلەن دائىمان،
كۆپ يەرنى قاچاندىن ئەيلىدى ۋەيران.
ئۇلارغا قارشى جەڭ باشلانسا ئەلھال،
باتۇرنىڭ قولىغا چىقىدۇ قورال.
مۇندا مەن باغلاقلىق، ھىمايىسىزمەن،
باشقىلار تۇرمامدۇ گاڭ قورال بىلەن.
جەڭ خالاپ تۇرسىمۇ گەر شىرنىڭ دىلى،
قورالى بولمىسا بولۇر نە ھالى؟
ئەگەر شاھ بۇ يەردە مەندىن جاسارەت
ئىزدىسە مەيدانغا قىلسۇن ئىجازەت.
ماڭا بىر ئات بىلەن گۇرزە بېرىلگەي،
جەڭگاھقا تۈركتىن مىڭ باشلىق چۈشكەي.
شۇ جەڭدە مىڭدىن قالسا بىرى ساق،
باتۇر دەپ ئاتىما سەن مېنى شۇ چاغ. »
بېجەندىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھامان،
ئەفراسىياپ قەھرى ئوت ئالدى شۇئان.
گەرسىۋەزگە قاراپ غەزەپى تاشتى،
ئىرانلىقلار مۇنداق ھەددىدىن ئاشتى:

« كۆرمەمسەن، بۇ قانداق ياۋۇز بەدكىردار،
نىمىلەرنى ماڭا ئېيتماقتا بىئار.
قىلغان ياۋۇزلۇقنى ئۇ قىلىپ ئىنكار،
شۆھرەت قازانماقنى ئېتەر ئىختىيار!
قول ـ پۇتى باغلاقلىق مۇشۇ ھالەتتە،
ئۇ دۇنياغا ئۇزات تېزدىن ئەلۋەتتە.
دار ئورنات، دەرۋازا ئالدىدا بولسۇن،
يول ئۇستىدە ئۇنى ئۆتكەنلەر كۆرسۇن.
بۇ بەختى قارانى تىرىك ئاس، لېكىن،
بۇ ھەقتە سۆزلىمە باشقىچە كېيىن.
ئىرانلىقلار مۇشۇ كۈندىن باشلاپ،
تۇرانغا باقمىسۇن سوغ نەزەر تاشلاپ.»
ئۇنى شاھ يېنىدىن سۆرىدى شۇ دەم،
كۆزىدە ياش ئۇنىڭ، دىلىدا دەرد ـ غەم.
ئىشىككە بىچارە بىجەن يول ئالدى،
كۆز ياشتىن ئۇ باسقان ئىزلار ھۆل بولدى.
بىجەن يىغلاپ دېدى: « ئاللا بىشەپقەت،
بېشىمغا سېلىپتۇ مۇنداق شۇم قىسمەت.
مەن داردا ئۆلۈمدىن قورقمايمەن ئەسلا،
ئىران مەردلىرىدىن قىلىمەن ھايا.
شاھانە ئەجدادلار تاكى قىيامەت،
مېنى قورقۇنچاق دەپ قىلار شىكايەت.
ئۇلار بىلمىستى مەيلىتى ئۆلسەم،
يارىلانماي ھەتتا يوقالغان بولسام.
دەرىخا! بۇنىڭدىن كۈلەر دۈشمىنىم،
ئېسىقلىق تۇرغاندا داردا پاك تېنىم.
ئەپسۇس، يىراقتىمەن ئاتامدىن يىراق،
ئەپسۇس، مەردلىرىمدىن، ۋەتەندىن يىراق.
ئىران دىيارىغا يول ئالغان شامال،
ئۇلۇغ شاھقا مەندىن سالام ئېيت دەرھال.
بېجەنگە دۇچ كەلدى پالاكەت دېگىل،
شىر چاڭگىلىدا ئۇ ھالاكەت دېگىل.
گۇدەرز ھەم كەشۋادغا سۆزلىگىل تەكرار،
ھالاكەت سەۋەبچىسى گۇرگىن مەككار.
بالاغا دۇچ قىلدى ئۇ مېنى مانا،
مۇنداق سۇيىقەستنى بىلمەپمەن ئەسلا.
گۇرگىنگە دېگىن: ئەي مەككار پەھلىۋان،
ئۇ دۇنيادا مەندىن قالمايسەن ئامان.»

## پىراننىڭ ئەفراسىياپتىن بىجەننىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىگەنلىكى

بىجەن ياشلىقىغا ئېچىندى يەزدان،
ئەفراسىياپتا ھەم تۇغدۇردى گۇمان.
گۆركارلار قازغاندا دەرەخ تۈۋىنى،
بىجەننىڭ بەختىگە پىران كۆرۈندى.
ئۇ يەرگە كەلگەندە ۋىس ئوغلى پىران،
كۆردى بەل باغلىغان تۈركلەرنى ھەريان.
تىكلەنگەن ئۇ يەرگە شۇنچە ھەيۋەت دار،
ئۇندىن چۈشۈرۈلگەن يوغان ئارقان بار.
تۇرانلىقتىن سورىدى: « نېمە گەپ بۇ دار،
تۇران شاھى كىمنى بۇ دارغا ئاسار؟ »
گەرسىۋەز ئاڭا دەر: « ئېسىلغاي بىجەن،
ئىراندىن كەلگەن ئۇ شاھىمغا دۈشمەن.»
ئات بىلەن كەلدى ئۇ بىجەن قېشىغا،
دەرد ئۇنى سوقماقتا چاقماقتەك گويا.
ئىككى قول دۈمبىگە تاشتەك باغلانغان
يۈزىدىن رەڭ كېتىپ، باغرى داغلانغان.
پىران ھال سورىدى: « زادى نېمە گەپ؟
سېنى كەلتۈرۈپتۇ ئەجىلىڭ ھەيدەپ.»
ھەممە گەپنى ئاڭا سۆزلىدى بىجەن،
مەككار دوست تۈپەيلى بۇ ھالغا چۈشكەن.
پىران قۇلاق سالدى بىجەن سۆزىگە،
ئېقىپ تۇرار ئىدى يېشى يۈزىگە.
بۇيرۇدى داردىن ئال، بىر مۇددەت، دېدى،
ئۇنى مۇشۇ يەردە سەن توختات دېدى.
« مەن شاھقا ئەھۋالنى ئەيلەيىن بايان،
ياخشىلىق يۇلتۇزىن ئەيلەپ نامايان.»
ئېتىغا مىندى تېز، چاپتۇردى پىران،
ماڭدى تۇران شاھى سارىيى تامان.
سادىق خىزمەتكاردەك قەسىرگە كىردى،
پادىشاھقا تەزىم بەجا كەلتۈردى.
ئۇدۇل تەخت ئالدىغا تېز باستى قەدەم،
ئۇدۇل ئەفراسىياپقا مەدھىيىلەر ھەم.

تەخت يېنىدا تۇردى ئۇ خېلى مەھەل ،
ئىش كۆتۈپ تۇرغاندەك دەستۇرۇل ـ ئەمەل .
پىران مەقسىتىنى بىلدى ھۆكۈمران ،
ئۇنىڭ ئەھۋالىغا كۈلدى ھۆكۈمران .
كۈلۈپ بولۇپ دېدى : « تىلىكىڭ دېگىل ،
ئابرويلۇق كىشىسەن ، بۇنى سەن دېگىل .
ساڭا نە كېرەكتۇر : زەرمۇ ، گۆھەرمۇ ،
ھاكىملىق كېرەكمۇ ياكى لەشكەرمۇ ؟
ئايىمايمەن سەندىن بار خەزىنەمنى مەن ،
ئايان قىلغىل ماڭا دىل رەنجىگىنى سەن . »
سادىق پىران ئاڭلاپ ئۇنىڭ سۆزىنى ،
يەر سۆيۈپ ، تىك قىلىپ تۇتتى ئۆزىنى :
« ئەبەدىي ياشىسۇن ھاياتىڭ ، بەختىڭ ،
بەرقارار بولسۇن ھەم سەلتەنەت ـ تەختىڭ !
بۇجاھان شاھلىرى يوق ساڭا تەڭداش ،
سېنى قۇتلۇقلار ھەتتا نۇر چاچقان قۇياش .
بەختىمۇ كەلگەندۇر سېنىڭ بەختىڭدىن ،
لەشكىرىم ، بايلىقىم ھەم قۇدرىتىڭدىن .
قېرىنداش ، ئۇرۇقۇم ئامان ، زار ئەمەس ،
ھەممىسى دۆلەتمەن ، ئەسلا خار ئەمەس .
پادىشاھلىقىڭدا سادىق مەمۇرمەن ،
مەرتىۋەم يۇقىرى ، شۈكرانىم تۈمەن .
بۇزۇلمىسۇن دەيمەن شۇ خىل ئارامىم ،
ھېچكىمگە ھەم زەخمەت سالمىسۇن نامىم .
ئىلگىرى ھەر ئىشتا شاھقا كۆپ قېتىم ،
پايدىلىق مەسلىھەت مەن بەرگەنىدىم .
لېكىن ، شاھ سۆزۈمگە سالمىدى قۇلاق ،
ئاخىرى شاھىمدىن ھەم بولدۇم يىراق .
ئۆلتۈرمە دېدىممەن كاۋۇس ئوغلىنى ،
قايناتما دېدىم تۇس ، رۇستەم ئوغلىنى .
ئىران پىللىرىدىن چەيلەنمەي زېمىن
ئىتتىپاق ـ ئىناق بولاتتى تەمىن .
شاھلارنىڭ ئەۋلادى سىياۋۇش شۇئان ،
خىزمەت قىلاتتى ئۇ ساڭا بىگۇمان .
لېكىن دورىغا قوشقۇزۇپ زەھەر ،
ئورۇنىسىز ئۆلتۈردۈڭ ئەيلىمەي ھەزەر .
ئۇنتۇپ ھەم قالغانسەن ئۇ گېۋنى بۇ دەم ،
باتۇرلار سەردارى مەرد رۇستەمنى ھەم .
ئاقىۋەت نە بالا كەلدى ئىراندىن ،
قىساسلار ئالغاندا ئۇلار تۇراندىن .
ئات سېلىپ بۇ يۇرتتا كۆتۈردى غوۋغا ،
ئىچكىنىمىز بولدى زەھەرلىك ئوغا .
سام داستانىنىڭ تىغى ھامان قولىدا ،
ئۆچمەنلىك ساقلاشتى ئۇلار دىلىدا .
رۇستەم دەر غەزەپتە تىغنى ئالغاندا ،
بەئەينى ئۇمماندەك تاشار قان دەريا .
ئالدىراپ بىر جەڭنى ئىستىسەڭ ئەگەر ،
بال ئەمەس ، ئىچكىنىڭ دېمەك بىر زەھەر .
گەر بېجەن جېنىنى يوقاتساڭ شۇئان ،
تۇراننى باسىدۇ مۇقەررەر غەليان .
دانىشمەن پادىشاھ ، ئەقلىڭنى ئىشلەت ،
ھىممىتىڭ يوقالسا تۇرمايدۇ ئامەت .
ئويلاپ كۆر ، دۈشمەنلىك نېمىلەر بەردى ؟
ئىران شاھى بىزنى قانچىلىك قىردى ؟
سەن دۈشمەنلەشمەكنى خالايسەن ھامان ،
ئاپەتلىك دەرەختىن كۈتىسەن ئېھسان .
دۈشمەنلىك ئۈچۈن يوق بىزدە كۆپ مادار ،
ئەي ئالەم پاناھى ، ئادىل ھۆكۈمدار !
گېۋ ھالىن كىم سەندىن ياخشىراق بىلۇر ،
پالاكەت لەھەڭگى شۇ رۇستەم بولۇر .
كەشۋاد ئوغلى گۇدەرز يېگانە پالۋان ،
نەۋرەمگە قىساس دەپ كېلەر بىگۇمان . »
بۇ كۈچلۈك يالقۇنغا سۇ سەپكەن زامان ،
ئەفراسىياپ قىلدى جاۋاب سۆز بايان :
« بىلمەيسەن بېجەن نە قىلغانلىقىنى ،
تۇراندا ئويناپ ھەم كۈلگەنلىكىنى .
بىلمەيسەن نېمىلەر قىلدى شۇم قىزىم ،
قېرىغاندا يەرگە قارىدى يۈزۈم .
كېنىزەكلىرىمنىڭ شەنىدە بۇ داغ ،
يۈيۈلماي ئالەمدە تۇرىدۇ ئۇزاق .
بۇ شەرمەندىلىكتىن ئەمدى ئۆمۈربات ،
چەۋەنداز ، لەشكىرىم قىلمامدۇ ئۇيات .
ساقلاپ قالسام ئەگەر كېلىپ ئىنسابىم ،
تىللاردىن چۈشمەدۇ نومۇسلۇق نامىم .

رەسۋالىقتا قىلىپ ، ئازابلىنار باش ،
ۋە ھەتتا كۆزۈمدىن ئاقار قانلىق ياش . »
شاھىغا ئاپىرىن ئوقۇدى پىران ،
« راست سۆزلۈك شاھىمىز بولغايسەن ئامان !
سەن دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ھەم راست ،
نومۇس ۋە شەرەپنى ئويلايسەن خالاس .
ئەمما قۇلاق سالغىن چىن نىيىتىمگە ،
ياخشىلىق كۆزلىگەن مەسلىھەتىمگە .
ئۇنىڭغا ئەمەستۇر ئۆلۈم يالغۇز دار ،
بۇنىڭدىن ئۆزگىمۇ جازا — كىشەن بار .
ئىرانلىقلار ئۇندىن ئالسۇن بىر ساۋاق ،
قويمىسۇن يامانلىق يولىغا ئاياغ .
سىڭلىڭ زىندانىڭغا چۈشكەن گۇناھكار ،
ھەتتاكى جېنىدىن كېچىدۇ زىنھار . »
پىران تىلى بىلەن دىلى يېگانە ،
ئۇ دېگەندەك قىلدى شاھ ئادىلانە .
توغرا يول كۆرسەتكەن بۇ تازا دەستۇر ،
شاھانە شۆھرەتكە يەنە قوشتى نۇر .

## ئەفراسىياپنىڭ بىجەننى زىندانغا تاشلىغانلىقى

گەرسىۋەزگە شۇنداق پەرمان قىلدى شاھ ،
ئاڭا كىشەن سېلىپ ، قازدۇر چوڭقۇر چاھ .
سال ئۇنىڭغا ئەگرى رۇمى كىشەننى ،
ئاجراتما زەنجىردىن قولى ، بوينىنى .
قاتتىق مىخلار بىلەن كىشەننى مىخلا ،
بېشىدىن ئاياغقا چىڭ مىخلاپ تاشلا .
بېشىنى پەس قىلىپ شۇ چاھتا ياتسۇن ،
قۇياش ئاي نۇرىنى ئەسلا كۆرمىسۇن .
ئەكۋاندىۋ تېشىنى پىل بىلەن كەلتۈر ،
شۇ تاشتا ئېتىلسۇن بۇ چاھى ئۆكتۈر .
ئۇندا ئەرجەڭ چاھىنىڭ ئاغزى يېپىلسۇن ،
گۇناھكار تېگىدە بوغۇلۇپ ئۆلسۇن .
ئاندىن خائىن قىزنىڭ سارىيىغا بار ،
قولۇڭدىن جازاسىن كۆرسۇن ئۇ بىئار .
چەۋەندازلار بىلەن بېرىپ تاجىن ئال ،
ئۇنىڭغا دېگىن سەن بۇ سۆزنى دەرھال :
« شۇم ، بەختى قارا سەن ، لەنتى بەتبەخت ،
ساڭا بولماس لايىق شانلىق تاجۇ تەخت !
سەن قىبرى ھالىمغا سالمىدىڭ نەزەر ،
تاجىمغا داغ سالدىڭ ، ئېشىمغا زەھەر !
بوز كۆكلەك كىيگۈزۈپ چاھقا سۆرەپ بار ،
چاھتا قانداق ياتار ، كۆرسۇن سۆيگەن يار .
دېگىن ئاڭا : ئەنە ، سىڭلىڭ باھارىڭ ،
قاراڭغۇ زىنداندا ئاشىق غەمخانىڭ . »
گەرسىۋەز راسلاندى تېزدىن يەتمەككە ،
شاھنىڭ پەرمانىنى بەجا ئەتمەككە .
دار تۈۋىدىن بىجەن ھەيدەپ كېتىلدى ،
شاھ پەرمانى شۇنداق ئادا ئېتىلدى .
تۆمۈرچىلەر پولات ھالقىلار تاقتى ،
ئاجرالماس مىخلارنى كىشەنگە قاقتى .
بېشىنى پەس قىلىپ چاھقا تاشلىدى ،
ئاغزىغا ھېلىقى تاشنى قاپلىدى .
ئۇ يەردىن شاھ قىزى سارىيى تامان ،
گەرسىۋەز باشلىغان توپ بولدى راۋان .
قىزنىڭ بار ـ يوقىنى بۇلاڭغا سالدى ،
ئارقىدىن بېشىدىن تاجىنى ئالدى .
مەنىجە كۆكلەكچان ھەم يالاڭ ئاياغ ،
يالاڭباش لاغىلداپ تۇراتتى شۇنداق .
چاھقا سۆرەپ كەلدى گەرسىۋەز ئۆزى ،
ياش بىلەن يۇيۇلغان ئىدى قىز يۈزى .
گەرسىۋەز دەر : « ئۆمۈرلۈك ئۆيۈڭ مانا ،
ئاپئاق چاچ يار بولۇپ قالغىن مەھبۇسقا . »
قىز شۇ چاھ يېنىدا قالدى بىر ئۆزى ،
قوش بۇلاق بولدى ھەم ئۇنىڭ قوش كۆزى .
پەرياد چېكىپ دەشتتە ئۆتكۈزدى ئۇ كۈن ،
زۇلمەت پەردىسىنى يېيىپ كەلدى تۈن .
ئاھ چېكىپ قىز چاھنىڭ قېشىغا كەلدى ،
بىر قولىن ئۆزىتىپ پەسكە ئېگىلدى .
قۇياش كۆككە بېشىن كۆتۈرگەن چاغدا ،
مەنىجە نان تىلەپ يۈردى ھەر ياقتا .
ئۆزۈن كۈن يول يۈرۈپ تېپىپ كەلدى نان ،
ئېگىلدى بۇ چاھنىڭ تۆڭلۈكى تامان .
بىجەنگە ئۇزىتىپ ، پەرياد چېكەتتى ،
ئۇ شورلۇق كۈنلىرى شۇنداق ئۆتەتتى .

## گۇرگىننىڭ ئىرانغا قايتىپ بىجەن توغرۇلۇق يالغان ئېيتقانلىقى

بىر ھەپتە كۈتسىمۇ گۇرگىن ئۇندا گەر ،
بىجەندىن بولمىدى ھېچقانداق خەۋەر .
ھەر يانىنى ئاختۇرۇپ ئۇردى ئۆزىنى ،
ۋە قانلىق ياش بىلەن يۇدى يۈزىنى .
يامانلىق قىلدى ئۇ يېقىن كىشىگە ،
پۇشايمانلار قىلدى ئۆز قىلمىشىغە .
ھەتتا شۇ بەزمىگە بارسىمۇ تەنھا ،
گېۋ ئوغلى بىجەننى كۆرمىدى ئەسلا .
جاڭگاللىقنى كېزىپ كۆرمىدى بىر زات .
ۋە ھەتتا قۇشلارمۇ قاقمىدى قانات .
مايسىزارلىقنى ئۇ ئاختۇردى ئۇزاق ،
ھەمسەپەر ئۇ يەردىن چىقمىدى بىراق .
يىراقتىن بىجەننىڭ كۆردى ئېتىنى ،
شۇ ئاتلىق تەرەپكە ئالدى يولىنى .
يۈگىنى ئۈزۈلگەن ، ئېگىرى قىڭغىر ،
تۇراتتى ئۇ تۇلپار ھەم تىترەپ دىر ــ دىر .
بىجەننىڭ خاراپتۇر ھالى دەپ بىلدى ،
ئىرانغا بارالماسلىقنى پەملىدى .
مۇندا ئۇچراپ ئەفراسىياپ قەھرىگە ،
ياچاھقا تاشلاندى ، يا بىر ئەلەمدە .
ئارقانىنى چۆرۈپ ئۇ بىشنى ئەگدى ،
دوستىنى يوقتىپ كۆپ ئەلەم چەكتى .
بىجەننىڭ ئېتىنى يېتەكلەپ كەتتى ،
چېدىردا بىر كېچە دەم ئېلىپ ياتتى .
ئۇ يەردىن ئات سالدى ئىرانغا شۇ دەم ،
ئۇخلىماي ئۇيقۇسىز ، ئاچ بولسىمۇ ھەم .
گۇرگىن قايتتى دەپ خەۋەر تاپتى شاھ ،
بىجەن يوقلۇقىدىن ئۇ بولدى ئاگاھ .
شاھ گېۋنى بۇ ئىشتىن قىلدى خەۋەردار ،
گۇرگىننى سوراق قىل ، دېدى ئۇ ، يەكبار .
گېۋگە يېتىپ كەلدى شۇنداق بىر دېرەك ،
ئۇنىڭ باتۇر ئوغلى ئىمىش بىدېرەك .
ئۆيىدىن كوچىغا چىقتى ئاتلىنىپ ،
تۇراتتى دىلى غەم ، كۆزى ياشلىنىپ .
« بىجەنىم كەلمىدى ،ــــ دەپ زارلار ھامان ،ــــ
ئىرمانلار يۇرتىدا قېپقالدى ئوغلان . »
تەنتەنە قىلماقتا ھازىرلانغان ئات ،
ئېگەرلەندى دەرھال ، ئۇ تۇلپارى كەشۋاد .

ھەدەڭ ئېگىرىنى توقۇتتى شۇئان ،
غەزەپتىن نەرىسى چىقتى شىرسىمان .
پۇتىنى ئۈزەڭگە ئۈستىگە دەرھال
قويدى ــ دە ، قوزغالدى بەئەينى شامال .
گۇرگىنگە تاشلاندى بوراندەك گويا :
بىجەنگە نە بولدى ، سەن كەلدىڭ تەنھا ؟
كۆڭلىدە دەيتتى ئۇ : گۇرگىن بىر مەككار ،
بىجەنگە خىيانەت ئەيلىگەن ھەييار .
بىجەنىم دىدارىن كۆرمىسەم ئەگەر ،
ئالۇرمەن بېشىنى تەندىن مۇقەررەر . »
لېكىن ،گۇرگىن گېۋنى كۆرگىنى ھامان
ئېگىلىپ يۈگۈردى بەئەينى يىلان .
ئايىغى ئاستىغا ئۆزىنى ئاتتى ،
يۈزىنى تاتىلاپ دەرھال قاناتتى .
گېۋگە جاۋاب قىلدى :« شۆھرەتلىك نامدار ،
ئىران پەھلىۋانى ، تونۇلغان سەردار !
مېنى يول ئۈستىدە كۆرمەك بولۇپسەن ،
كۆزۈڭگە قانلىق ياش ئېلىپ كېلىپسەن .
ماڭا كېرەك ئەمەس بۇ شېرىن جېنىم ،
مېنى نەپرەتلىگىل ، يوقتۇر ۋىجدانىم .
قايسى يۈز بىلەن قاراي ، ئەي سەردار ،
كۆزۈمدە قانلىق ياش ھەسرەتلىك ئاقار .
قايغۇرما ، بۇ ھەقتە جېنىڭغا زىيان
يەتمىسۇن ، ئەھۋالنى مەن قىلاي بايان . »
ئوغلىنىڭ تۇلپىرى گۇرگىندە ئىدى ،
لايلارغا مىلىنىپ غەمكىن تۇراتتى .
شۇنداق غەمكىن بولۇپ گۇرگىن سۆزىدىن ،
ئېتىدىن يىقىلىپ ، كەتتى ھوشىدىن .
گېۋنىڭ بېشىنى قاپلىدى زور قايغۇ ،
كىيىمىنى يىرتىپ ، جۇل ــ جۇل قىلدى ئۇ .
چاچ ــ ساقاللىرىنى يىغلاپ يۇلاتتى ،
توپىغا مويسىپىت بېشىن ئۇراتتى .
دەيتتى ئۇ يىنشلاپ : « ئەي پەرۋەردىگار ،
سەن بەردىڭ ماڭا ئىشق ، ئەقىل ــ ئىقتىدار .
ئەگەر پەرزەنتىمدىن ئەيلىسەڭ جۇدا ،
ئۇنىڭدىن جېنىمنى ئالغىنىڭ راۋا .
سەن خەۋەردارسەنغۇ ھالىمدىن ھازىر ،
بەس ، مېنى ئەجدادىم يېنىغا چاقىر .

دۇنيادا يېگانە ئوغلۇم بار ئىدى ،
كۆلپەتتە غەمگۇزار ، مەدەتكار ئىدى .
قارا بەختىم قىلدى ئوغلۇمدىن جۇدا ،
دەم تارتقان سىياقى مېنى ئەجدىھا . »
يەنە گۇرگىندىن سورىدى پەدەر :
« نە ۋەقەلەر ئۆتتى شۇ كۈنگە قەدەر ؟
تەقدىر يا ئۇنىلا ئارتۇق كۆردىمۇ ،
يا ئۆزى كۆزۈڭدىن غايىب بولدىمۇ ؟
ئېيت ، قانداق پالاكەت ئاڭا يېپىشتى ؟
ئوغلۇمنىڭ بېشىغا نە كۈنلەر چۈشتى ؟
يايلاقتا دۇچ كەلدى قانداق بىر دىۋە ؟
يەڭگەن بولسا نېچۈن قالدى بۇ كۈنگە ؟
ئىگىسىز بۇ ئاتنى قەيەردىن ئالدىڭ ،
ئوغلۇم بىجەن بىلەن قانداق ئاجرالدىڭ ؟ »
ئاڭا دېدى گۇرگىن : « ئەمدى تاقەت قىل ،
كۆڭلۈڭنى جەم قىلىپ ، سۆزۈم ئىشىتكىل .
ساڭا بۇ ۋەقەنى قىلاي ھېكايەت ،
قاۋانلار جېڭىدىن سۆزلە ناھايەت .
شۇندا ، ئەي پەھلىۋان ئاگاھ بولۇرسەن ،
تاجۇ تەختىنى مەڭگۈ نۇرغا كۆمەرسەن .
ئىرمانلار يۇرتىغا بىز بېرىپ يەتتۇق ،
قاۋانلار جېڭىگە ئاتلىنىپ كەتتۇق .
كۆردۇقكى ، ئۇ يەردە تاپتاقىر ئورمان ،
دەرەخلەر كېسىلگەن ، مايسىلار پايخان .
قاۋانلار ھەر يانغا ئۇۋۋا كولاپتۇ ،
ئىرمانىستان خاراب تۈسىنى ئاپتۇ .
قولغا نەيزە ئېلىپ ئورمانغا كىردۇق ،
غەليان قوزغاپ ھەر يان نەرىلەر تارتتۇق .
قاۋانلار كېلىشتى تاغدەك ھەيۋەتتە ،
ئۇلار توپ ـ توپ بولۇپ شۇنچە دەھشەتتە .
ئۇلارغا شىر كەبى جەڭ قىلدۇق قاتار ،
كۈن ئۆتۈپ ، جەڭنى بىز قىلدۇق ئىختىيار .
پىل سۈپەت ئۇلارنى ئۇرۇپ يىقىتتۇق ،
چىشىنى گۇرزىدە سۇندۇرۇپ يۇلدۇق .
ئۇ يەردىن بىز قايتتۇق ئىرانغا دەرھال ،
ئوۋ قىلىپ ، يول بويى كېلەتتۇق خۇشال .
چىقتى ئوتلاق جايدىن گۈزەل بىر قۇلان ،
ئۇنىڭدەك گۈزەلنى كۆرمىگەن ئىنسان .
گۇدەرز تورۇقىغا ئوخشار قامىتى ،
تۇمشۇقى بەئەينى فەرھادنىڭ ئېتى .
پۇتلىرى كۈمۈش رەڭ ، پولات تۇيىقى ،
بىجەننىڭ ئېتىدەك بېشى ، قۇلىقى .
يالىسى شىر گويا ، يورغىسى شامال ،
رۇستەمنىڭ ئېتىغا ئوخشايتتى مىسال .
بىجەنگە ئېتىلدى ياۋا پىل گويا ،
بىجەنمۇ تاشلىدى ئۇنىڭغا سالما .
سالمىنى سۆرەپ ئۇ قېچىپ يول ئالدى ،
قۇلاننىڭ كەينىدىن بىجەن ئات سالدى .
قاچقان ، قوغلىغان ئات ـ قۇلاندىن شۇئان ،
يايلاقتا ئۆرلىدى تۈتەكتەك توزان .
زېمىن دەريا كەبى تەۋرىنىپ قالدى ،
قۇلانمۇ ، ئاتلىقمۇ كۆزدىن يوقالدى .
ھەممە دەشت ۋە تاغنى ئاختۇرۇپ چىقتىم ،
ھەر ياققا قاتراپ چارچىدى ئېتىم .
ھېچ يەردە بولمىدى بىجەندىن دېرەك ،
ئېگەرنى سۆرىگەن ئېتىدىن بۆلەك .
ئۇنىڭ قايغۇسىدىن دىلىم ئۆرتەندى ،
شۇ قۇلان يىگىتنىڭ بولۇپ كۈشەندى .
مەن ئاشۇ ئورماندا تۇردۇم كۆپ ئۇزاق ،
ۋە لېكىن چىقمىدى ھېچ دېرەك بىراق .
نائۇمىد قايتتىم مەن ئورماندىن يېنىپ ،
قۇلاننى بەئەينى ئاق دىۋە بىلىپ . »
دانا گېۋ بۇلارنى ئاڭلىغان ھامان ،
گۇرگىن سۆزلىرىگە قىلدى كۆپ گۇمان .
گۇرگىننىڭ سۆزلىرى بىلىندى چىگىش ،
گېۋگە تىنىك قارالماي ، گېۋنى قىلدى غەش .
گۇرگىن يەرگە قارار ، زەپىران يۈزى ،
ھودۇقۇپ تۇراتتى ، ساختىدى سۆزى .
گېۋ سەزدى يوقالغان سۆيۈملۈك ئوغلان ،
گۇرگىننىڭ سۆزلىرى پۈتۈنلەي يالغان .
گېۋنىڭ خىيالىغا كىردى ئەھرەمەن ،
گۇرگىننى يوقاتماق غەزىپى بىلەن .
ئەزىز ئوغلى ئۈچۈن گەر ئالسا قىساس ،
تەسكىنلىك تاپاتتى يۈرىكى بىر ئاز .
ئاندىن ئويلاپ كۆرۈپ ھاجەتسىز بىلدى ،
ئاساسسىز غەزەپتىن ئەندىشە قىلدى .
« نە پايدا مەن ئۈچۈن ئۆلتۈرگەن بىلەن ،
خۇشال بولغاي ئاڭا پەقەت ئەھرەمەن .

بۇنىڭدىن نە پايدا بىجەن جانىغا ،
باشقا يول چىقماسمۇ دىل ئارمانىغا .
ئۇندىن قىساس ئالماق قىيىن ئىش ئەمەس ،
نەيزەمگە ھېچ نەرسە بەرداش بېرەلمەس . »
ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىمەن شاھنى ،
ئاڭلىسۇن ئۇ گۇرگىن قىلغان گۇناھنى .
گۇرگىنگە دەھشەتلىك تۈۋلىدى شۇ دەم :
« ئەي ، پەسكەش ، يالغانچى ، مەككار ، مۇتتەھەم .
شاھىمنىڭ سۆيۈملۈك لەشكەر بېشىنى ،
يولىدىن ئازدۇردۇڭ دىل قۇياشىنى .
سەن شۇنداق مەككارلىق قىلغاندىن كېيىن ،
بۇ جاھاندا ئارام تاپمىقىڭ قىيىن .
پادىشاھ ئالدىغا مېنىڭ بىلەن بار ،
بولماس ئەمدى ساڭا قىلچە ئېتىۋار .
ئالغايمەن ئوغلۇمنىڭ قىساسىن ھامان ،
يۈرەك ــ پارەم ئۈچۈن سەن تۆلەيسەن قان . »

## گېۋنىڭ گۇرگىننى خۇسرەۋ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بارغانلىقى

پادىشاھ ئالدىغا ئۇ كەلدى ئىلدام ،
كۆزدە ياش ، دىلىدا قانلىق ئىنتىقام .
ئۇ شاھقا سانالار دېدى : « شەھرىيار ،
ساڭا شاد ــ خۇراملىق مەڭگۇ بولسۇن يار .
دائىم ساق ــ ئامان بول ، دائىم بەختىيار !
ئەمدى ئەھۋالىمدىن ئەيلەي خەۋەردار .
بىر ئوغلۇم بار ئىدى جاھاندا تەنھا ،
ئۇنىڭسىز بۇ ئالەم قاراڭغۇ ماڭا .
ھاياتىنى ئويلاپ مەن گىريان بولدۇم ،
جۇدالىق زۇلمىدا ۋەيرانە بولدۇم .
كەپتۇ ئەي شاھ ، گۇرگىن سەپەردىن بۇيان ،
دىلىدا گۇناھى ، تىلىدا يالغان .
دەستۇرۇل ـــ ئەمىلىم ، شەرىپىم مەڭگۇ ،
ئوغلۇمدىن كەلتۈردى بىر شۇم خەۋەر ئۇ .
ئېگىرى قىيسايغان بىر ئېتى قالدى ،
پەقەتلا چۇشۇمدە ھاياتى قالدى .
بۇ ھەقتە سەن ھۆكۈم قىلغاندا ، ئەي شاھ ،
ساڭا بولغاي پەقەت ئادالەت پاناھ .
بۇ ۋەجدىن ھالىتىم شۇنچە ناچار ، خار ،
گۇرگىندىن قەستىمنى ئالغىن شەھرىيار . »
گېۋنىڭ بۇ دەردىدىن شاھ چەكتى قايغۇ ،
بېشىغا غەزەپتىن تاجىن كىيدى ئۇ .
بىجەننىڭ قايغۇسى جېنىغا يەتتى ،
شاھنىڭ يۈزى شۇنداق سارغىيىپ كەتتى .
شاھ گېۋدىن سورىدى : « گۇرگىن نە سۆزلەر ؟
دوستىنى يوقىتىپ قويغان جاي قەيەر ؟ »
خۇسرەۋگە گېۋ گۇرگىن سۆزىنى دېدى ،
بىجەننىڭ ئۈستىدە يەنە توختىدى .
خۇسرەۋ ئاڭلاپ دېدى گېۋنىڭ سۆزىنى :
« زارلانما ، قىينالما ، تۇتقىن ئۆزۈڭنى .
بىجەن ساق يۈرۈپتۇ ، دىلنى شاد قىلغىل ،
يوقالغان پەرزەنتنى كۈتۈشنى بىلگىل .
دانىشمەنلەر دائىم ماڭا سالار پال ،
تىلىشەر خەيرىيەت ، تىلىشەر ئىقبال .
ئىرانلىق ئاتلىقلار بىلەن تۇرانغا
جەڭگە يول ئالغايمەن يېقىندا يەنە .
سىياۋۇس ئۈچىچۈن تارتىمەن قوشۇن ،
تۇرانىنى پىل بىلەن چەيلەيمەن پۈتۈن .
شۇ قىساس جېڭىدە بىجەن بولۇرمىش ،
ئەھرەمەن دىۋىدەك جەڭگە كىرەرمىش .
غەم يېمە سەن ئوغلۇڭ ئۈچۈن ھېچقاچان ،
قارا ! مەن يېنىمدا تۇرمامدىم ئامان . »
كەتتى گېۋ كۆكسىنى بېسىپ تۇرغان غەم ،
تاتارغان يۈزىگە قايتىپ كەلدى قان .
خۇسرەۋ شاھ ئالدىغا گۇرگىن كەلگەندە ،
باتۇرلار كۆرۈنمەي تۇراتتى ئۇندا .
بىجەننىڭ دەردىدە ھەممە پەھلىۋان ،
گېۋ بىلەن كېتىشكەن قەسىردىن شۇئان .
يۈز ھەيۋەت خەزىنىنى يوقاتقان كەبى ،
ئەلەمگە گىرىپتار ھەممىنىڭ قەلبى .
دىللار چاك ، خىياللار ئىدى پەرىشان ،
كۆز ياشلار ئاقاتتى بەئەينى ئۇممان .
گۇرگىن بۇ قەسىردە يۈردى شاھ تامان ،
قايغۇلۇق خىيالدا ھالى پەرىشان .
كەيخۇسرەۋ ئالدىغا يەتكەندە گۇرگىن ،
يەر سۆيۈپ ، بىلدۈردى شاھقا ئاپىرىن .

دۆۋلەپ قويغانتى ئۇ تەختكە يېقىن ،
بىر جايغا قاۋاننىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىن .
دېدى : « شاھ ، ھەر ئىشتا بولسۇن ئامىتىڭ !
ئۆمۈر بويى نەۋرۇز بولسۇن ئۆلپىتىڭ !
كۆچۈگىدىن تەس بولغاي رەقىبىڭ ئىشى ،
قاۋانلار بېشىدەك قىرقىلغاي بېشى ! »
قاۋانلار بېشىغا شاھ نەزەر سالدى ،
ۋە سوئال تاشلىدى : « ئىش قانداق بولدى ؟
نەدە قالدى سەندىن ئايرىلىپ بىجەن ؟
ئۇنى قايسى كويغا سالدى ئەھرەمەن ؟ »
بۇ سۆز بىلەن گۇرگىن جايىدا شۇئان
قېتىپ قالدى گويا قىلالماي زۇۋان .
تىلى سۆزلەلمىدى تولۇپ گۇناھقا ،
سارغىيىپ ، قارالماي قالدى ھەم شاھقا .
ئۇ تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەيتتى ھامان ،
سۆزلىرى قولاشماي ، تىللىرى قاتقان .
ئۇنىڭ بۇ ھالىنى پادىشاھ كۆرۈپ ،
تەختىدىن ھەيدىدى غەزەپكە تولۇپ .
بېشىدا يامان ئوي ، يۈزىكى قارا ،
دەپ دەشنام بېرەتتى پادىشاھ ئاغا :
« ئاڭلىغانمۇ ئۆزۈڭ ، شۇنداق ماقال بار ،
قىياغا يۈگۈرگەن شىر بولۇر تارمار .
يەزدان غەزىپىدىن قورقمىسام ئەگەر ،
يامان ئاتلىق بولماي ـــ دېمىسەم ئەگەر ،
بېشىڭنى ئېلىشقا بېرەتتىم پەرمان ،
چۈجىنىڭ بېشىنى ئالغاندەك شۇئان . »
خۇسرەۋ تۆمۈرچىگە بۇيرۇدى شۇنداق :
« ئېغىر كىشەن ياساپ ، ئۇچىغا مىخ قاق .
ئاياغ ـ پۇتلىرىغا دەرھال كىشەن سال ،
كۆزىنى ماشتەك يوغان ئاچسۇن بۇ ئوسال . »
ئاندىن گېۋگە دېدى : « ئۆزۈڭنى تۇتقىل ،
ئوغلۇڭنى دېرەكلەپ يولغا ئاتلانغىل .
مەنمۇ ئاتلىقلارنى ھەر يان چاپتۇرۇپ ،
ئىزلەرمەن دېرەكلەر ، ئۇنى ئاختۇرتۇپ .
بۇ ئىشقا بەل باغلاپ كىرىشسەڭ ئەگەر ،
بىجەندىن تاپقايمىز ئەلۋەتتە خەۋەر .
دەرھالغا ئۇنىڭدىن بولمىسا دېرەك ،
ھوشۇڭنى يوقاتماي تۇرمىقىڭ كېرەك .
كۈت باھار كەلگۈچە ـــ شۇ ھايات بەخش ئاي ،
جاھاندا كۈلگۈچە قۇياش ـ نۇر چىراي .
ئۇ چاغدا چىمەنلەر ـ گۈللەر ئېچىلغاي ،
ئۇ چاغدا گۈللەردىن خۇش بۇي چېچىلغاي .
ئۇ چاغدا مەخمەلدىن تون كىيەر زېمىن ،
ئۇ چاغدا ئاقىدۇ ئەتىر بوپ ئېقىن .
ھەممە يەردە بولۇر ئەمرىمىز راۋان ،
يەزداننىڭ سۆزىدەك ياسانغاي جاھان .
جاھان جامىنى شۇندا قولغا ئالۇرمەن ،
خىلۋەتتە تىنىك تۇرۇپ ، ھېكمەت كۆرۈرمەن .
جامدا يەتتە دىيار ئەكس ئېتەر ئايان ،
ھەممىسى كۆزۈمگە بولۇر نامايان .
رەخمەتلەر ئوقۇرمەن ئەجدادلىرىمغا ،
جاھانغا ھۆكۈمران ئەۋلادلىرىمغا .
يەتتە ئىقلىم ھالىنى جامدا كۆرۈرمەن ،
ئوغلۇڭ نەدە ئىكەن ، كۆرۈپ بىلۈرمەن . »
بۇ سۆزنى ئاڭلىغاچ گېۋ دىلشاد بولدى ،
پەرزەنت تەشۋىشىدىن ھەم ئازاد بولدى .
روھلىنىپ خۇسرەۋگە دېدى ئاپىرىن :
« شاھىم سەنسىز يوقتۇر زامان ھەم زېمىن !
ئەمرىڭدىن ئايلىنار بۇ چەرخى پەلەك ،
ئەسلا دەرد كۆرمىسۇن كۆكسۈڭدە يۈرەك ! »
گېۋ خۇسرەۋ قەسرىدىن چىققان چېغىدا ،
ئاتلىق چاپارمەنلەر كەتكەن ھەر ياققا .
بىجەن ئىزلىرىنى ئۇلار ئىزدەيتتى ،
شارسىمان زېمىننى كۈن ـ تۈن ئىزدەيتتى .
ئىرمان ھەم تۇرانىنى كېزىپ دائىما ،
دېرەكسىز ئارقىغا قايتىشتى يەنە .

## كەيخۇسرەۋنىڭ جاھاننەمىدا بىجەننى كۆرگەنلىكى

يېتىپ كەلگەن چېغى نەۋرۇزى ئايەم ،
شاھ جاھان جامىنى ئەسلىدى شۇ دەم .
دىلىغا تولدۇرۇپ ئۈمىد پەھلىۋان ،
گېۋ كەلدى بۇ يەرگە دىلى ناتىۋان .
خۇسرەۋ گېۋنىڭ سۇلغۇن يۈزىنى كۆردى ،
غەم بىلەن ياش تولغان كۆزىنى كۆردى .

شۇ چاغدا يۆگىنىپ رۇمى چاپانغا ،
ئىبادەت قىلماقچى بولدى يەزدانغا .
ياراتقانىنى ئەسلەپ كۆتۈردى پەرياد ،
ئاندىن نۇرلۇق قۇياشنى ھەم قىلدى ياد .
تەڭرىدىن مېھىر ئىستەپ قىلدى ئىلتىجا ،
ياۋۇز ئەھرەمەنگە سوراپ ھەق جازا .
ئاندىن ئۇ تەختىدە ئولتۇردى دەرھال ،
بېشىغا تاجىنى قوندۇردى خۇشال .
ئاندىن ئۇ قولىغا جام ئالدى شۇئان ،
ئۇندا يەتتە ئالەم بولدى نامايان .
ئۇندا ئايان ئىدى پەلەك رەپتارى ،
بارچە تېپىشماقنىڭ جاۋاب ـ ئىزھارى .
جامدا تا بېلىقتىن يۇلتۇزغا قەدەر
بارچە ھادىسىلەر كۆرۈنەر يەكسەر .
كەيۋان ، ھۇرمۇز ، مىررىخ يەنە شىرمۇھەم ،
قۇياش ، ئاي ، ناھىد ، تىر ئىدى مۇجەسسەم .
ئۇ جامدا مەۋجۇدات ئىدى نامايان ،
بۇلارنى ھۆكۈمدار كۆرەتتى ئايان.
جامغا ئۇ سىنچىلاپ قارىغانىدى ،
ئۇندا كۆپ غارايىپ لەۋھە كۆرۈندى .
يەتتە ئالەمگە ئۇ تاشلىدى نەزەر ،
ۋە لېكىن تاپمىدى بىجەندىن ئەسەر .
گۇرگسار كىشۋەرىگە قارىغانىدى ،
يەزدان ئەمرى بىلەن بىجەن كۆرۈندى .
كىشەنلىك ياتاتتى بىجەن بىر چاھتا ،
ئۆلۈمنى ئارزۇ قىپ ئېغىر ئازابتا .
شاھلار ئەۋلادىدىن مىسلىسىز زىبا ،
ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى بەجا .
بىلىنى « ئاق چاچتەك » باغلىۋالغانتى ،
راستتىن ھەم بىجەنگە « ئاق چاچ »بولغانتى.
شاھ غەمكىن شۇ گېۋگە تاشلىدى نەزەر ،
چىرايى يەتكۈزۈپ تۇرار خۇش خەۋەر :
« بىجەن ئۇ ھاياتتۇر ، دىلنى شاد ئەتكىن ،
قەلبىڭنى قايغۇدىن سەن ئازاد ئەتكىن .
زىنداندا ، كىشەندە دەپ سەن غەم يېمە ،
ئوغلۇڭ ئامان ئىكەن ، مۇشۇ كۇپايە .
كىشەنلىك بىجەن بەس ، تۇراندا ئامان ،
ئۇنىڭ خىزمىتىدە بىر ئېسىل جانان .
ئۇ چەككەن زور ئازاب ، قىيناق توغرۇلۇق ،
كۆڭلۈمدە گۇمان يوق ، ئىشەنچىم تولۇق .
ئۇنىڭ كۈنى ئۆتۈپ تۇرۇپتۇ شۇنداق ،
جانانى قان يۇتۇپ تۇرۇپتۇ شۇنداق .
بىجەن دوست ـ يارەندىن ئۈمىدسىز تەنھا ،
لەيلىگەن ياپراققا ئوخشايتتى گويا .
كۆزلىرى يامغۇرلۇق باھارغا ئوخشار ،
ئەجەلنى ھاياتتىن بىلگەن ئەتىۋار .
ئۇنى قۇتقۇزماققا كىم ئۆزىنى چاغلار ،
بۇنى بېجىرمەككە كىم بەلنى باغلار ؟
ئەجدىھا ئاغزىغا كىم بارار قارشى ،
ئازابتىن قۇتقۇزار بولۇپ قۇياشى ؟
بۇڭا قادىر پەقەت زەبەردەست رۇستەم ،
دېڭىزدىن ئېغىر تاش تارتالار شۇ ھەم .
بەلنى باغلاپ يول ئال سەن نىمرۇز تامان ،
يول يۈرگىن كۈندۈز ـ كەچ دەم ئالماي ھامان .
يولدا سىر بەرمىگىن ھېچبىر ئادەمگە ،
مېنىڭ مەكتۇپىمنى يەتكۈز رۇستەمگە !
ئاڭا بۇ ئىشلاردىن بەرگەيسەن خەۋەر ،
كېمەيسۇن دەيمەن : گېۋ دەردىڭ بىر قەدەر .

## خۇسرەۋنىڭ رۇستەمگە نامە يازغانلىقى

شاھ پۈتۈكچىسىنى چاقىرتتى دەرھال ،
ئۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەندى ئەھۋال .
رۇستەمگە بىر مەكتۇپ يېزىلدى شۇندا ،
شاھ خېتى يېزىلدى مۇنداق مەزمۇندا :
« ئەي مەردلەر پەرزەنتى ، زەبەردەست ئۆكتەم ،
لەشكەرلەرگە سەردار بولغان تەھەمتەن !
سەن شاھلار ئىشەنچى ، تەخت تايانچىسەن ،
پەرمانلارغا تەييار ، شاھ ئىشەنچىسەن .
ئۇلۇغ ئەجدادلاردىن ماڭا يادىكار ،
دۈشمەنلەر چاجىسىن بېرىشكە تەييار .
يولۋاستەك يۈرەكنى كۆك بەرگەن ساڭا ،
دېڭىزدا لەھەڭنى قىرغان سەن تەنھا .
دىۋىلەرنى سۈردۈڭ مازەندەراندىن ،
شۇملارنى يوقاتتىڭ يورۇق جاھاندىن .

قانچە تاجىدارنى تەختتىن غۇلاتتىڭ ،
تۇتۇپ قەسىرلەردىن يىراققا ئاتتىڭ .
قولۇڭدا قانچىلاپ دۈشمەن بەردى جان ،
قانچە ئەل ـ يۇرت بولدى قەھرىڭدە ۋەيران .
باتۇرلار باشلىقى ، قوشۇنغا سەردار ،
سەن شاھلار ئالدىدا تاپتىڭ ئېتىبار .
گۈرزەڭدە يوقالدى قانچىلاپ دىۋە ،
شان قۇچۇپ شاھ تاجى قىلدى تەنتەنە .
ئەفراسىياپ ئېلى ۋە خاقان چىندا ،
نامىڭنى يۈتمىشتۇر ئۆزۈڭ كۆزىگە .
تۆگكەن تۆگۈنۈڭگە باغلانسا ئادەم ،
ئۇنى ھېچ يېشەلمەي چېكىدۇ ئەلەم .
سەن تۈگۈن ـ چىگىشنى يېشسەڭ ئاسان ،
سەن ـــ ھەرنە مۈشكۈلگە تەگرىدىن ئېھسان .
ساڭا يەزدان بەرگەن پىلدەك كۈچ ـ قۇدرەت ،
قەلبىڭگە ئەقىل ھەم بىلىم ، شان ـ شۆھرەت .
بۇلارنى يېزىشتىن خەيرىلىك مەقسەت :
بېجەننى سەن ئۆزۈڭ چاھتىن ئازاد ئەت .
بۇ ئىشنىڭ مەزگىلى كەلدى ئاقىۋەت ،
سەن ئۇيەرگە بېرىپ ، كۆرسەتكىن خىزمەت .
گېۋ ، گۇدەرز ئۈمىدى سەندىدۇر شۇئان ،
چۈنكى سەن جاھاندا تونۇلغان پالۋان .

ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى ساڭا روشەن ،
ئىككىسى بەئەينى مەن بىلەن بىر تەن .
سەن ئەندىشە قىلمىغىن ھېچ ئىشتىن ئەسلا ،
ئېيت : قانچە مەرد كېرەك ، قانچە مال ـ دۇنيا .
بۇ ئەۋلاد چەكمىگەن ھېچ رەنجى ـ ئەلەم ،
ئۇلاردىن چوڭىنى كۆرمىگەن ئالەم .
گېۋنىڭ ئۇندىن باشقا يوق ئوغۇل ـ قىزى ،
يوق بىرەر مەدەتكار ، ئۈمىد يۇلتۇزى .
بوۋامنىڭ ھەمكارى ماڭىمۇ ھەمكار ،
ئىززەت ـ ھۆرمىتىمگە دائىم مۇيەسسەر .
قەيەردىن بولمىسۇن ئۇنى تاپقايمەن ،
شادلىق ۋە قايغۇنى بىللە تارتقايمەن .
خېتىمنى ئال ، دەرھال ئورنۇڭدىن قوزغال ،
سەن گېۋنىڭ قېشىدىن ئالدىمغا يول ئال .
ھەممىمىز بىر بولۇپ قىلايلى پىكىر ،
تاپايلى ئەقىلگە ماس كەلگەن تەدبىر .
مەردلەر ۋە مال ـ دۇنيا مەن تەييار قىلىپ ،
تۇرىمەن يولۇڭغا قاراپ ، كۆز تىكىپ .
قەدىمىڭ ، تەلىيىڭ ، يۈكسەك شۆھرىتىڭ ،
تۇراندا ھەل بولۇر كۈتكەن نىيىتىڭ .
بېجەننى كىشەندىن قۇتقۇزماق ئۈچۈن ،
قورال ۋە ياراغنى تەق ئەيلە پۈتۈن . »

## گېۋنىڭ كەيخۇسرەۋ مەكتۇپىنى رۇستەمگە يەتكۈزگەنلىكى

كەيخۇسرەۋ مەكتۇپقا مۆھۈر باستى ھەم
گېۋ شاھنى ئۇلۇغلاپ قوزغالدى شۇ دەم .
ئۇ سىيىستان يولىغا چىقىشتىن ئاۋۋال ،
سارايدا ھازىرلىق ئىشىن قىلدى تەل .
يەزداننىڭ نامىنى ئۇ ئېلىپ يادقا ،
ھەممە ئەركەكلەرنى مىندۈردى ئاتقا .
ئۇلارنى باشلىدى خىرمەند چۆلىگە ،
ئۇچقۇر ئاتلار بىلەن چېپىپ ئالدىغا .
ياۋايى قۇشلاردەك بولدى خۇرسەندە ،
ئىككى كۈنلۈك يولنى بېسىپ بىر كۈندە .
ئۇلار تاغ ئېشىشتى ، چۆل كەزدى ھەدەپ ،
مۇشتاقلىق دەردىدە بىر ۋىسال ئىزلەپ .
ئۇنى تۇر ئۈستىدە كۆزەتچى كۆردى ،
زابۇل دىيارىغا خەۋەر يەتكۈزدى .

« خىرمەندگە ئاتلىقلار يېتىپ كەلمەكتە ،
ئۇلارنى باتۇر گېۋ ئېلىپ كەلمەكتە .
قوشۇنىنىڭ كەينىدە كۈمۈش رەڭ بايراق ،
قولىدا زابۇلىنىڭ قىلىچى پارلاق . »
كۆزەتچى جارىنى ئاڭلىدى داستان ،
ئاتنى ئېگەرلەشكە بۇيرۇدى چاققان .
ئاتقا قامچا ئۇرۇپ ، ئالدىغا ماڭدى ،
كەلگەنلەر دۈشمەن بوپ قالمىسۇن ، دېدى .
يولدا غەمكىن گېۋنى كۆردى ئۇ ئەمما ،
كېلەتتى ئۇ ئاتتا دەرمانسىز ھەتتا .
ئىچىدە دېدى زال : « گېۋ كەلمەس بىكار ،
دېمەك ، شاھنىڭ مۇندا مۇھىم ئىشى بار. »
قوشۇن پەھلىۋانى يېقىن كەلگەندە ،
ئۇنى تەبرىكلەشتى قىلىپ تەنتەنە .

داستان هال سورىدى ئېرانلىقلاردىن ،
شاھتىن ھەم جەڭ قىلغان تۇرانلىقلاردىن .
گېۋ دېدى ئۇلۇغلار سالاملىرىنى ،
پادىشاھ ئېيتقان سۆز ـ كالاملىرىنى .
داستانغا سۆزلىدى كۆڭۈل دەردىنى ،
يوقالغان شۇ ئەزىز ئوغلى ـ مەردىنى .
دېدى : « كۆرگىن مانا ، يۈزۈم زەپىران ،
كۆز يېشىم بەئەينى دەريايى ئۇممان . »
« رۇستەم قەيەردە ؟ــ دەپ سورىدى ئۇندىن ،ــ
ئېيتقىل قەيەردىدۇر ھازىر تەھەمتەن ؟ »
داستان جاۋاب قىلدى : « شىكاردا رۇستەم ،
قۇلان شىكارىدىن ئۇ قايتار كەچكى دەم . »
« ئالدىغا بارايمەن ،ــ دېدى گېۋ ،ــ تېزرەك ،
خۇسرەۋنىڭ مەكتۇپىن بەرمىكىم كېرەك . »
داستان ئاڭا دېدى : « بارماق نە ھاجەت ،
باتۇر شىكاردىن قايتار تېز پۇرسەت .
تا رۇستەم كەلگۈچە سەن ئۆيدە دەم ئال ،
سەن بۈگۈن بىز بىلەن يايرا بىمالال .»
گېۋ يولدىن ئايۋانغا بۇرۇلار چاغدا ،
كۆردىكى : رۇستەم ئوۋدىن قايتقان ئۇندا .
گېۋ چۈشۈپ ئېتىدىن ئۇ تامان كەلدى ،
ماختاشلارنى ئېيتىپ ، دۇئالار قىلدى .
قەلبىدە دەردى كۆپ ، يۈزى زەپىران ،
كۆز يېشى ئاقاتتى سەل بولۇپ راۋان .
گېۋنىڭ دىل دەردىنى بىلدى ئۇ تامام ،
پەرزەنتى تۇپەيلى يوقاتقان ئارام .
كۆڭلىدە ئويلىدى ئۇ : « ھالىكەن يامان ،
ئېران لەشكىرىگە سوغ باقمىش زامان . »
ئۇنى قۇچاقلىدى چۈشۈپ ئېتىدىن ،
سورىدى خۇسرەۋنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن .
ياش ـ قېرى ھەممىنىڭ ھالىن سورىدى :
« گۇدەرز، تۇس ،گۇستەھەم قەيەردە،ــ دېدى ، ـ
شاپۇر ، فەرھاد ۋە بېجەن ئامانمۇ ساقمۇ ،
رۇھھەم ، گۇرگىنلەرنىڭ كەيپى خۇش ـ چاغمۇ ؟ »
بېجەننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان زامان ،
گېۋنىڭ يۈرىكىدىن ئۆرلىدى پىغان .
رۇستەمگە دېدى ئۇ : « مەردلىك بايرىقى ،
ھەممە پادىشاھنىڭ سۆيۈنگەن تېغى !
دىدارىڭنى كۆرۈپ مەن قىلدىم شۈكۈر ،
مېھىر ـ ھەممىتىڭگە مىڭبىر تەشەككۈر .
سەن سورىغان ئۇلۇغلار ساغلام ۋە ئامان ،
سالاملار يوللاشتى ساڭا بىر جاھان .
پەقەت مېنى قىسمەت بۇ كويغا سالدى ،
قېرىغان چېغىمدا ھالىمدىن ئالدى .
كۆز تەگدى گۇدەرزلەر نەسلىگە ، ھەيھات ،
زەھەرگە ئايلاندى بىزگە بۇ ھايات .
بارئىدى جاھاندا يېگانە ئوغلۇم ،
دەستۇرۇ ئەمەلىم ، مەردانە ئوغلۇم .
مەن ئۇنى يوقاتتىم ، دۇنيا قاراڭغۇ ،
ئەۋلادىم كۆرمىگەن بۇ قەدەر قايغۇ .
كۆرگەنسەن ئېگەردىن چۈشمەيمەن ھامان ،
كۈنۈ تۈن چاپارمەن سەييار كۈنسىمان .
مەن بېجەن تۇپەيلى تەلۋىمەن گويا ،
ئۇنى سوراقلايمەن تۈنۇ كۈن مانا .
بۈگۈن شاھ كۆتۈرۈپ جاھان جامىنى ،
دىلدا تەكرارلىدى تەڭرى نامىنى .
تەڭرىنىڭ شەرىپىن قىلغاچ ئىبادەت ،
ئۇ چىقتى تەختكە مەمنۇن بىغايەت .
كۈجە ياققاندىن سوڭ تەختتە ھۆكۈمدار ،
شۇ جامغا تىكىلدى غايەت ئۈمىدۋار .
تۇرانغا ئىشارە قىلدى شەھرىيار :
« ئۇندا بېجەن تۇتقۇن ، تارتماقتا ئازار .
كەيخۇسرەۋ ئۇ جامنى كۆرسەتتى ماڭا ،
ۋە دەرھال بۇ ۋەجدىن ئەۋەتتى ساڭا .
دىلدا زور ئۈمىدىم ، كەلدىم بۇ تامان ،
كۆزۈمدىن ئاقار ياش ، يۈزۈم زەپىران .
ماڭا پەقەت ئۆزۈڭ تەنھا خالاسكار ،
ئۆزۈڭسەن ئىنسانلار ئۈچۈن مەدەتكار ! »
سۆزلەيتتى تىزىپ ئۇ كىرپىككە كۆز ياش ،
ئاھ چېكەر ، جىگىرى كۆيگەنگە ئوخشاش .
رۇستەمگە تاپشۇرۇپ شاھ نامىسىنى ،
سۆزلىدى گۇرگىننىڭ ئىش ـ قىلمىشىنى .
رۇستەم ئوقۇپ چىقتى كۆزگە ياش ئېلىپ ،
شۇم ئەفراسىياپقا غەزىپى كېلىپ .
بېجەننىڭ دەردىدە چېكىپ ئاھ ـ پىغان ،
رۇستەمنىڭ كۆزىدىن ئاقار ئىدى قان .
يەنە ئۇ بېجەنگە ئۇرۇق ـ قېرىنداش ،
باتۇر قىزى ئىدى گېۋگە ياستۇقداش .

گېۋ ئۇنىڭ سىڭلىسى مەھبۇبى ئىدى ،
مەرد فەرامەرز ئوغلى ئاگا ئەر ئىدى .
رۇستەمنىڭ قىزىدىن تۇغۇلغان بىجەن ،
ئۇنى پەھلىۋان دەپ تونۇر ھەممەيلەن .
رۇستەم گېۋگە دېدى : « چەكمە مۇنچە غەم ،
ئېگەردىن پۇتىنى بوشاتماس رۇستەم .

تايىنكى بىجەننى ئازاد قىلماق قەرز ،
ئۇنىڭ دىدارىنى ئامان كۆرمەك قەرز !
مەن سېنىڭ دەردىڭگە چارە قىلغايمەن ،
بارچە كىشەنلەرنى پارە قىلغايمەن .
تەگرى ۋە شاھ ئەمرى بولۇپ مەدەتكار ،
ئۇنى زۇلمەت چاھتىن خالاس قىلغۇم بار . »

## رۇستەمنىڭ گېۋ شەرىپىگە زىياپەت بەرگەنلىكى

رۇستەم ئايۋانغا ئۇلار چىقىشتى ،
يول تەدبىرلىرىنى ئويلاپ كۆرۈشتى .
شاھنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇغاچ رۇستەم ،
خۇسرەۋ سۆزلىرىدىن سەزدى رەنجۇغەم .
شاھ شۇنچە ماختاشلار يوللىغانىدى ،
پەھلىۋاننى نۇرغۇن قوللىغانىدى .
رۇستەم گېۋگە دېدى : « ھەممىسى ئايان ،
شاھ ئەمرى ۋاجىپتۇر ، تەييارمىز ھامان .
ماڭا تەسىر قىلدى تارتقان زەخمىتىڭ ،
بارچە ئازابلىرىڭ ، دەردىڭ ، كۈلپىتىڭ .
قەلبىمدە چەكسىزدۇر ساڭا ئېھتىرام ،
سەن قانچە دۈشمەندىن ئالغان ئىنتىقام .
سىياۋۇش جەڭلىرى ، مازەندەراندا ،
يەڭ تۈرۈپ ، زور جەڭلەر قىلدىڭ مەيداندا .
بۇ ئۇزۇن يوللاردىن ئۆتۈش مۇشەققەت ،
يول بېسىپ مەنزىلگە يېتىش مۇشەققەت .
دىدارىڭنى كۆرۈپ شادلاندىم شۇنداق ،
بىجەننىڭ ھالىدىن غەمكىن مەن بىراق .
ئويلىماپتىكەنمەن سېنى بۇ قەدەر ،
خاراب قىلغىنىنى قايغۇلۇق خەۋەر .
مەن شاھنىڭ ئەمرىنى بىجىرمەك ئۈچۈن ،
ھازىرلىق باشلايمەن يول ئۈچۈن بۈگۈن .
ئەھۋالىڭنى كۆرۈپ خەستىدۇر كۆڭلۈم ،
بىجەننىڭ ئىشىغا باغلاندى بىلىم .
ئۇنى خالاس قىلماق مېنىڭ بويىنۇمدا ،
تەگرىمنىڭ يولىغا جېنىمدۇر پىدا .
بىجەن ئۈچۈن چېكەي ھەر قانچە جەبرى ،
سەرپ بولسا لەشكىرىم ، بايلىقىم مەيلى .
كەمەر باغلاي ، يەزدان بولغاي مەدەتكار ،
غالىب شاھ ئىقبالى ھامان بولغاي يار .

بىجەننى مەن چاھتىن قىلۇرمەن ئازاد ،
ۋە ئۇلۇغ شاھىمنىڭ كۆڭلى بولغاي شاد .
مېنىڭ ئۆيۈمدە سەن تۇر ئۈچ كۈن شۇنداق ،
مەي ئىچكىن ، قايغۇدىن پۈتۈنلەي يىراق .
سېنىڭ ئۆز ئۆيۈڭدۇر مېنىڭ ئۆيۈم ھەم ،
كۆرەيلۇق بايلىقتىن لەززەت ھەر قەدەم .
ئۈچ كۈن شۇ مەقسەتتە بىز بولايلى شاد ،
پەھلىۋانلار بىلەن شاھنى قىلىپ ياد .
تۆتىنچى كۈنى ئىران تامان بارايلى ،
باھادىرلار شاھىنى ئامان كۆرەيلى . »
رۇستەم شۇنداق دېگەچ گېۋ شاد قوزغالدى ،
پەھلىۋان رۇستەمنى قۇچاقلاپ ئالدى .
قول ، بېشى ، پۇتىنى گېۋ سۆيدى شۇنداق ،
ماختاشلار ياغدۇرۇپ سۆز قىلدى مۇنداق :
« ساڭا مىڭ تەشەككۇر شانلىق پەھلىۋان !
بەختىمىزگە دائىم بولغايسەن ئامان !
ئېشىپ بارغاي كۈچۈڭ ، شانۇ شەۋكىتىڭ !
ئابرۇيۇڭ ، ھۆرمىتىڭ ، ئىقبال ، دۆلىتىڭ !
ئەزىز ئەۋلىيالار ساڭا يار بولسۇن ،
پىللارنىڭ قۇدرىتى سەندە بار بولسۇن !
كۆڭلۈمنى غۇباردىن ئەيلىدىڭ خالاس ،
ياخشىلىق يار بولسۇن ساڭا بىقىياس . »
گېۋ دىلى شۇ يوسۇن تاپتى تەسەللى ،
رۇستەمدىن كۈچەيدى ئىشەنچى خېلى .
سارايۋەنگە دېدى : « داستىخان سالغىن ،
مەردلەر ، دانالارنى بەزمىگە چاقىرغىن !
زەۋارە ، فەرامەرز ، گېۋ بىلەن داستان ،
رۇستەم بۇ مەجلىسگە جەم بولدى شۇئان .
مېھمانلار كېلىشتى پېشايۋانسېرى ،
ساقىي ، سازەندىلەر تولۇق جەم بولدى .

قىرمىز مەي لىق تولغان قەدەھلەر قولدا ،
چالڭ ياڭرار ، جاراڭلار جام ئوڭدا ، سولدا .

لالىرەڭ شارابتىن يۈزلەر لالىرەڭ ،
ئۈچ كۈندە بۇ بەزمە تۈگىدى ئاران .

## رۇستەمنىڭ خۇسرەۋ ھۇزۇرىغا كەلگەنلىكى

تۆتىنچى كۈنگىچە بەزمە قىپ ئەلھال ،
سەپەر تەرەددۇتىنى باشلىدى دەرھال .
« يۈكلەرنى باغلا !ـــ دەپ بۇيرۇدى رۇستەم ،ـــ
ئىران شاھى تامان قويۇلسۇن قەدەم . »
ئۇلۇغ شاھنىڭ چەۋەندازلىرى قاتار ،
قەلئە دەرۋازىدا سەپ تۈزۈپ تۇرار .
ئۇ چىقىپ تۇلپارغا بىر سەكرەپ مىندى ،
كەمەر باغلاپ ، رۇمى ساۋۇتىن كىيدى .
ئېگەرگە ئۇ قويۇپ بوۋا گۇرزىسىن ،
ئويلىدى ئۇرۇشنىڭ مىكرۇ ھىيلىسىن .
تۇلپارنىڭ قۇلىقى كۆككە دىڭ ئىدى ،
تاجبەخش باشلىرى قۇياشنەك خۇددى .
رۇستەم ، گېۋ ۋە يۈزمىڭ زابۇللۇق لەشكەر ،
جەڭ ئۈچۈن تەق بولدى بۇ ئۇلۇغ ئەسكەر .
سارايدا ئارتۇقچە يۈك قالدى بىراق ،
زال ، فەرامەرز ئېپ كېلەر ئۇنى كېيىنراق .
ئىران يۇرتى تامان يولغا چۈشۈشتى ،
دىللىرى قىساستىن يېنىپ كۆيۈشتى .
ئىران دىيارىغا يەتكەندە رۇستەم ،
باتۇرلار يېرىگە قويغاندا قەدەم ،
ئاسمان ئۇنى قۇتلۇقلاپ زەردەك پارلىدى ،
خۇش ھاۋا ئۇلارنى سۆيۈپ قۇتلىدى .
رۇستەمنىڭ يېنىغا ئاتلىق گېۋ كەلدى ،
« پەھلىۋان ، شۇ يەردە توختىغىن !ـــ دېدى ،ـــ
مەن كىرىپ شاھىمغا يەتكۈزەي خەۋەر ،
تۇلپاردا كەلدى دەپ ئېيتاي مۇزەففەر . »
رۇستەم جاۋاب قىلدى : « مەيلى بارغىن تېز ،
شادلىقىڭدىن شاھقا سەن خەۋەر يەتكۈز ! »
رۇستەمنىڭ رۇخستى بىلەن پەھلىۋان ،
ئات بىلەن كەتتى ئۇ شاھ قەسرى تامان .
كەيخۇسرەۋ يېنىغا كېلىپ ئۇ يېقىن ،
دۇئالار ئوقۇدى ، ئېيتتى كۆپ تەھسىن .
گۇدەرز ئوغلى گېۋگە دېدى پادىشاھ :
« رۇستەم نەدە قالدى ، ئەيلىگىن ئاگاھ !»
گېۋ جاۋابەن دېدى : « ئەي شەرەپلىك شاھ ،
ئىقبالىڭ تۈپەيلى بەخت كۈلدى ناگاھ .
رۇستەم پەرمانىڭدىن باش تارتمىدى ھېچ ،
ۋەدىگە ساقىتتۇر ، تولۇقتۇر ئىشەنچ .
مەن شاھلىق مەكتۇپىن بەرگىنىم ھامان ،
ئۇنى يۈز ـ كۆزىگە سۈركىدى پالۋان .
مەن بىلەن يانمۇيان يېتىپ كەلدى ئۇ ،
خۇسرەۋگە سادىقلىق نىشانىدۇر بۇ .
رۇستەم يول ئۈستىدە كۈتەر ئىنتىزار ،
سىينىڭ ھۇزۇرۇڭغا كىرىشكە تەييار . »
شاھ يەنە سورىدى : « نەدىدۇر رۇستەم ،
يۇرتىمىز تىرىكى ، ئەڭ سادىق ئادەم ؟
ئەڭ ئالىي ھۆرمەتكە بولسۇن سازاۋەر ،
ئۈنىڭچۈن پادىشاھ خىزمەتكە تەييار .»
بۇيرۇدى كەيخۇسرەۋ دانىشمەنلەرگە ،
شەرەپلىك زاتلارغا ، غالىب مەردلەرگە .
رۇستەمنى لەشكەرلەر بىلەن كۈتمەككە ،
ئۇلارنى ئەزىزلەپ ، ھۆرمەتلىمەككە .
كەشۋاد ئوغلى گۇدەرز بىلەن يانمۇيان ،
نوزەرلەر شاھى تۇس ، فەرھاد پەھلىۋان .
مەغرۇر باتۇرلاردىن ئۈچتىن ئىككى زات ،
رۇستەمنى كۈتۈشكە قوزغالدى ئازاد .
ئۇلار يېشىغا قاراپ سەپكە تىزىلدى ،
كاۋۇسنىڭ نىزامى بەجا قىلىندى .
دەل شۇنداق قىلىشتى گۇرزىدار مەردلەر ،
دۈشمەننى قىرىشتا پىداكار مەردلەر .
بايراقلار لەپىلدەپ ، تىغلار يالتىرار ،
جاھاننى قاپلىدى رەڭدار توزانلار .
رۇستەمنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىشتى ،
ئاتلاردىن دەس چۈشۈپ تەزىم قىلىشتى .
جاھان پەھلىۋانى ئېتىدىن چۈشتى ،
ئەيىۋەنناس بىلەن مەردلەرنى قۇچتى .
شاھتىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى رۇستەم ،
سۆزلەپ چەرخى پەلەك ، قۇياش ، ئايدىن ھەم .

ئۇلار ئازەرگۇشەسپ ــ چاقنىغان ئوتقا
ئوخشاپ يالتىرىشىپ مىنىشتى ئاتقا .
ئادىل شاھ ئوردىغا رۇستەم كىرگەن ئان ،
تەزىم قىپ ئېگىلىپ ، كۆتۈردى پىغان .
ئاندىن تەخت ئالدىغا ئىلدام يۈگۈردى ،
ئۇندا دۆلەت پاناھ خۇسرەۋنى كۆردى .
بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوقۇدى سانا :
« ئامان بول دۆلەتنىڭ بەختى دائىما !
تەختىڭدە ھۆرمۈزدەك چاقنا ئۆمۈر باد ،
تاجدار بەھمەن قىلسۇن مەڭگۈلۈك ياد .
دانا ــ دانىشمەنلەر پاسىبان بولسۇن ،
ئەقىل ــ ئىدراك دائىم ھەمراھى بولسۇن .
ئۇلۇغلار شەھرىيار سېنى قوللىسۇن ،
شەۋكەتتە سەن بىلەن تەڭداش بولمىسۇن .
قوغداشتا تەييار بىز خەزىنە ــ مالىڭ ،
ئىشىككە مەدەتكار زېھىن كامالىڭ .
ساڭا پەرۋەردىگار مەدەتكار بولسۇن ،
يامانلىق قاپقىقى ساڭا يېپىلسۇن . »

## « بېجەن ۋە مەنىجە » داستانىدىن

« جامالىڭدىن روشەن كۈندۈز كەبى تۈن ،
يالتىرار بېشىڭدا تاجىڭ بولۇپ كۈن .
بوۋىلاردەك ئىشىڭ بەختىيار بولسۇن ،
تەلىيىڭ قۇياشى مۇنەۋۋەر بولسۇن .
چارۋىلىرىڭ پۈتۈن بىزاۋال بولسۇن ،
ھەر ئىشقا قۇربىتىڭ بەركامال بولسۇن .
ئەۋلادىڭ ــ ئەجدادىڭ بولسۇن بەختىيار ،
ياشنىسۇن ، گۈللىسۇن سەن سورىغان دىيار .
سىر بىلگۈچى بولسۇن سېنىڭ ھەمكارىڭ ،
مۇرادىغا يەتسۇن يۇرتۇڭ ــ دىيارىڭ .
كۈلكە ــ شادلىق مەڭگۈ ھەمدىمىڭ بولغاي ،
تاجىڭ شولىسىدىن كەڭ جاھان كۈلگەي ! »
ئاپىرىنلار ئوقۇپ بولغاندا رۇستەم ،
ئۇنى تەختكە شاھ تەڭ ئولتۇرغۇزدى ھەم .
ئاندىن خۇسرەۋ دېدى :« زەپ كەلدىڭ ئوغۇل ،
بالالار يوقالسۇن ، دائىم ئامان بول !
سەن كەيانىيلەرنىڭ پەھلىۋانىسەن ،
سىر ئاچقان ، سىر ياپقان نۇكتەدانىسەن .
شاھانە لەشكەرگە ئۆزۈڭ سەن سەردار ،
ئىراننىڭ تايانچى سەندىكى مادار .
دىدارىڭنى كۆرۈپ بولدۇم بەھەد شاد ،
روھىڭ قانات يېيىپ تۇرار كەڭ كۇشاد .
زەۋارە ، فەرامەرز ۋە داستان ساقمۇ ؟
ئۇلارنىڭ ھالى خوپ ، كەيپى خۇش چاغمۇ ؟ »
رۇستەم تەختنى سۆيۈپ ، ئېگىلدى ناگاھ :
« قەلبى پاك ، دانىشمەن ، بەختى كۈلگەن شاھ !
بەختىڭنىڭ نۇرىدىن ئۇلار شاد ، ئامان ،
ئەسلەپسەن ئۇلارنى ، رەھمەت شاھ چەندان !»

## كەيخۇسرەۋنىڭ پالۋانلار بىلەن بەزمە ئۆتكۈزگەنلىكى

سارايۋەنگە بەردى پادىشاھ پەرمان :
« يىغىلسۇن گۇدەرز ، تۇس ، بارچە پەھلىۋان ! »
قەسىر سەردارى باغ ئىشىكىن ئاچتى ،
شاھانە مەنزىرە شولىسىن چاچتى .
شاھقا تۆردە زەر تەخت قۇرۇلدى شۇئان ،
دەرەخلەر گۈل ئېچىپ تولۇپ ياشنىغان .
شاھانە داستىخان تارتىلغان زامان ،
چەكسىز بىر مەشئەلزار بولدى بۇ بوستان .
تەختنىڭ يېنىدا شاھلىق ئەرغۇۋان ،
تەختكە ئاپتاپتىن بولغان سايىۋەن .
جىسمى ئاپئاق كۈمۈش ، شېخى ياقۇت ، زەر ،
ياپراقلار بەئەينى چېچەكلىگەن گۆھەر .
ھېقىقۇ ياقۇتتەك ئۇنىڭ گۈللىرى ،
تاج ۋە زىرىگە ئوخشار دۇرلىرى .
لىمۇن ، بېھىلەرنىڭ رەڭگى نەق تىللا ،
بۇ خۇش بۇي مېۋىلەر چاچاتتى جۇلا .
دەرەخزار زىچلىقى قومۇشلۇق مىسلى ،
خۇشبۇيى بەئەينى نەۋ باھار ھەسلى .
سۇپىغا شاھ كىمنى تەكلىپ قىلسا گەر ،
ئۇنىڭغا چېچىلار ئىدى خۇش ئەنبەر .

كاسا سۇنغۇچىلار تۇراتتى قاتار ،
نەقىشلىك لىباسلار شۇنچە ۋاللىدار .
چىن شايىلىرىگە پۈركەنگەن ساقىي
تەخت ئالدىدا خىزمەت ئادا قىلاتتى .
ساقىيلار شۇنچىلىك پەرداز قىلىشقان ،
مارجانلار تاقىشىپ ، زىرە ئېسىشقان .
رۇمنىڭ لاكلىرىدا قىزارغان يۈزلەر ،
خۇش ئاۋاز كۈيلەرگە ياڭرايتتى سازلار .
دىللار شاد ، قەدەھتە شارابلار پەيۋەس ،
يۈزلەردە مەي تەپتى ، ئەمما يوق بىر مەس .
رۇم بېزەكلىرىدىن ھۆسن رەڭ ئالغان ،
ئۇد بىلەن چاڭ يايراپ ئەۋجىنى ئالغان .
قەسىر سەردارىنى تەيىن قىلدى شاھ ،
تۇس بىلەن گۇدەرزنى قىلماققا ئاگاھ .
دەرەخ ئاستىدىكى تەختكە شاھ كېلىپ ،
رۇستەمنى يېنىغا قىلدى ھەم تەكلىپ .
رۇستەمگە مۇنداق سۆز دېدى شەھرىيار :
« ياخشىلىق تۆپەيلى تاپتىڭ ئېتىبار .
دوستلۇق ـ ئىتتىپاقتا سادىق ئوغلانسەن ،
ئىقبالى يار بولغان مەرد پەھلىۋانسەن .
سۇمۇرۇغنەك پەرۋازدا كەزدىڭ دۇنيانى ،
سەن ئاپەت كەلگەندە ئىران قالقىنى .
كەيانىيلەرگە سەن جۆرئەتلىك كەمەر ،
قۇدرەتلىك قورالسەن دۈشمەننى يېڭەر .
گاھ يەڭگىل ، گاھ ئېغىر ، گاھ پايدا ـ زىيان ،
گۇدەرزلەر ئىشى ئۆزۈڭگە ئايان .
خىزمىتىمگە ئۇلار تەييار دائىما ،
ياخشىلىق قولىدا ئۇلار رەھنەما .
بولۇپمۇ باتۇر گېۋ ماڭا قەدىردان ،
بارلىق رەنج ـ ئاپەتتە ئۇ ماڭا قالقان .
بۇ ئەۋلاد بېشىغا ئەمدى چۈشتى غەم ،
ئوغلىنىڭ ھىجرىدىن ئەڭ قاتتىق ئەلەم .
بۇ ئىشنى بېجىرمەك سېنىڭ بۇرچۇڭدۇر ،
شىردىنمۇ كۈچلۈكرەك سېنىڭ كۈچۈڭدۇر .
بېجەننى قۇتقۇزۇش يولىن ئەلۋەتتە
ئىزدىگىن ، تۇراندا ئۇ تۇرار خەۋپتە .
نېمە ھاجەت بولسا ، ھەممىسىنى ئال :
پەھلىۋانلار ، ئاتلار ، خەزىنە ، قورال . »
كەيخۇسرەۋ سۆزىنى ئاڭلىغاچ رۇستەم ،
يەر سۆيۈپ ، سۇكۇتتە چۆكتى ئۇ بىردەم .
ئاندىن شاھقا دېدى : « ئۇلۇغ پادىشاھ !
زېمىن قۇياشىسەن ، ئالەمگە پاناھ .
سەندىن ئۇزاق بولسۇن بالا ۋە ئاپەت !
دۈشمىنىڭ بېشىغا توپىلانسۇن كۈلپەت .
سەن شاھەنشاھدۇرسەن ، شاھلار سەردارى ،
كەيانىي شاھلارنىڭ شان ئىپتىخارى .
سەندەك شاھ تەختكە قاچان ئولتۇرغاي ،
ئۆزۈڭسەن ئەڭ پارلاق قۇياش ، پارلاق ئاي .
ياخشىنى ياماندىن ئايرىغان سەنسەن ،
ئەجدىھا بوينىنى قايرىغان ھەم سەن .
كەيانىيلەر كۈچى ، گۆرزىسى بىلەن
مازەندەراندا دىۋنى يەڭگەنمەن .
ئانام خىزمىتىڭگە تۇغقاندۇر مېنى ،
ئەسلا بەخت ـ شادلىق تەرك قىلمىسۇن سېنى .
مەڭگۈلۈك پەرز ماڭا سېنىڭ پەرمانىڭ ،
ۋەدىدىن يانمىغاي سادىق ئوغلانىڭ .
تاجىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزمەيمەن ، شاھىم ،
ئەھدۇ پەيمانىمنى بۇزمايمەن ، شاھىم .
گېۋنىڭ بۇ ئىشىغا جېنىمدۇر پىدا ،
ئاسماندىن ئوت ياغسا قىلمايمەن پەرۋا .
ئەگەر قوش كۆزۈمگە سانجىلسىمۇ تىغ ،
خۇسرەۋ پەرمانىنى تۇتىمەن ئارتۇق .
سېنىڭ ئىشلىرىڭدۇر خىيالىم دائىم ،
نە سەردار ، نە لەشكەر ئەمەس خىيالىم .
ئۇ چاھقا ھىيلە بىلەن بارماقلىق بەستۇر ،
گۆرزە ۋە توقماقلار كېرەك ئەمەستۇر . »
رۇستەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ گۇدەرز ،
گېۋ ، فەرھاد ، فەرىبورز ، شاپۇر بىر نەپەس ،
ئۇنىڭ مەردلىكىگە تەھسىن ئوقۇشتى ،
تەگرى مەدەتكارىڭ بولسۇن دېيىشتى .
رۇستەمگە شۇ خىلدا قىلىشتى خىتاب ،
قوللارغا جام ئېلىپ كۆتۈردى شاراب .
باھاردا شادلىقنى قىلىپ ئىختىيار ،
ئۇلار بىلەن شاراب ئىچتى شەھرىيار .

# رۇستەمنىڭ شاھتىن گۇرگىننى سوراپ ئالغانلىقى

رۇستەمنىڭ دېرىكى گۇرگىنگە كەلدى ،
ئۇ دەردىگە چارە بارلىقىن بىلدى .
رۇستەمگە يەتكۈزدى ئۇ شۇنداق خەۋەر :
« ئەي خەنجەرگە غىلاپ ، غىلاپقا خەنجەر ،
يەنى ، ئادالەتنىڭ ئۆتكۈر شەمشىرى !
تۈگۈنلەر يەشكۈچى ئەقىل ــ تەدبىرى !
ئۇلۇغلۇق شەمشادى ، ئەي ۋاپا گەنجى !
سەندىن داۋا تاپقاي ئىنسانىنىڭ رەنجى !
سەن مەردلىك ئىشكى بولۇپ ئېچىلدىڭ ،
بالايى ــ خەتەرنى زەنجىرگە سالدىڭ !
سۆزۈمدىن كەلمىسە ساڭا گەر مالال ،
ئېتىبار بېرىپ سەن سۆزگە قۇلاق سال .
كاج رەپتار پەلەكنىڭ ئىشىغا قارا ،
يول قويماس دىلىمنىڭ خۇشاللىقىغا .
زۇلمەتكە دۇچ قىلدى ، پاتتى قۇياشىم ،
تەقدىرىم تۇپەيلى شۇ بولدى ئىشىم .
شاھ ئۇچۇن تەييارمەن ئوتقا سەكرەشكە ،
گەر ئىجازەت قىلسا تۇغيان قوزغاشقا .
بەلكى ئۇلۇغ نامىم تىكلىنەر يەنە ،
قېرىغان چېغىمدا ئۇلگۇرۇپ قايتا .
سەن جاھان شاھىدىن ئىجازەت ئالغىن ،
بىللە باراي ، مېنى يولچى دەپ بىلگىن .
بېجەن ئايىغىغا يىقىلاي يېتىپ ،
ۋەسلىدىن قەلبىمنى مۇنەۋۋەر ئېتىپ . »
گۇرگىن مەكتۇپىنى ئوقۇغاچ رۇستەم ،
ئاھ چەكتى ، دىلىنى مۇجۇپ بىر ئەلەم .
ئېزىلدى گۇرگىننىڭ دەرد ــ قايغۇسىدىن ،
بىھۇدە ئارمانى ۋە ئارزۇسىدىن .
خەتچىگە دېدى ئۇ :« سەن قايتقىن شۇئان ،
ئۇنىڭغا بېرىپ ئېيت : « ئەي ،ئەخمەق ، نادان !
ئارسلان تەمسىلىن بىلمەيدىكەنسەن !
ئۇ ئۇمان دەريادا لەھەڭگە دېگەن :
ئەگەر خىرىس ئەقلىدىن چوڭ بولسا ، ئىشەن ،
ھېچكىم قالماس خىرىس ئوتىدىن ئېسەن . »
كىم خىرىس ئۇستىدىن غالىب ، ئۇ دانا ،
ئۇ ھامان بەختىيار ياشار شىر گويا .
ئۇنىڭغا ھاشارات ھاجىتى يوقتۇر ،
يىرتقۇچمۇ كېرەكمەس ، ئۇ دائىم توقتۇر .

سەن قېرى تۈلكىدەك مەككارلىق قىلدىڭ ،
ئۇۋۇچى قاپقىنىنى كۆرمەي ئىلىندىڭ .
سېنىڭ ئارزۇيۇڭ بىھۇدە ، بىكار ،
خۇسرەۋگە نامىڭنى ئېيتىش ماڭا ئار .
لېكىن ، بۇ ھالىڭنى ھېسابقا ئېلىپ ،
قارا ئىستىقبالىڭنى ھېسابقا ئېلىپ ،
خۇسرەۋدىن گۇناھىڭ سورايمەن ، شايەت ،
ئەجەبمەس ئاي كۈلۈپ ، چېكىنسە زۇلمەت .
ئالەمپاناھ تەڭرى خاھىشى بىلەن
خالاس بولسا چاھتىن پەھلىۋان بېجەن ،
سەن ھەم قۇتۇلغايسەن زىنداندىن ئامان ،
غەزەپتىن ۋاز كېچەر شۇندا پەھلىۋان .
گەر ئۆزگە يول تۇتسا بۇ چەرخى پەلەك ،
سەن ھالاك بولۇرسەن ، ئۈمىدسىز دېمەك .
يەزدان قۇدرىتى ھەم شاھ ئەمرى بىلەن ،
ئەڭ ئاۋۋال جاجاڭنى ئۆزۈم بېرۇرمەن .
گۇدەرز ، گېۋ ئۆچىنى ئالماستىن قويماس ،
ئەگەر مەن سېنىڭدىن ئالمىسام قىساس . »
شۇندىن كېيىن ئۆتتى بىر كېچە ــ كۈندۈز ،
لېكىن ، رۇستەم شاھقا ھېچ ئېيتمىدى سۆز .
ئەتىسى قۇياش بالقىغان زامان ،
كۈمۈش ئېرىتمىدەك كۆلگەندە جاھان ،
پەھلىۋان تەھەمتەن كۆكسىنى كەردى ،
قۇياشقا تەڭ شاھنىڭ قەسرىگە كىردى .
گۇرگىندىن سۆز ئاچتى تەھەمتەن شاھقا ،
بىر مەردان تەقدىردىن پاتقان گۇناھقا .
شاھ دېدى : « ئەي مېنىڭ ئۇلۇغ سەركەردەم !
كىشەنلىرىم ئۆزۈپ ، سورايسەن ياردەم .
مەن قەسەم ئىچكەنمەن تاج ــ تەخت ھەققى ،
قۇياش ، مارس ، زۆھرە ، بەخت ھەققى .
ئەگەر بېجەن بەندىن بولمىسا خالاس ،
گۇرگىن مەندىن ئەسلا ياخشىلىق تاپماس .
مۇندىن باشقا نېمە سورىساڭ بېرەي ،
تەخت ، مۆھۈر ، تاج ، شەمشەر خالىساڭ بېرەي . »
شۇندا رۇستەم دېدى شاھقا جاۋابەن :
« ئەي ئۇلۇغ شەھرىيار ، سەندىن سورايمەن ،
ئۇ يامان ئىش قىلىپ چەكمەكتە ئازاب ،
ئۇنى بۇ ئەھۋالدىن قۇتقۇزماق ساۋاب .

قۇتقۇزمساڭ بولۇر مەڭگۈ بىئامان ،
ئۇ تەييار جېنىنى قىلماققا قۇربان .
ھەر كىمكى ئەقلىنى يوقاتسا ئەگەر ،
قىلمىشى تۆپەيلى ئۇ ئازاب چېكەر .
ئەسلىمەڭ كېرەكتۇر خىزمەتلىرىنى ،
جەڭلەردە كۆرسەتكەن جۈرئەتلىرىنى .
ئەۋلادلىرىڭ بىلەن سەپكە بەل باغلاپ ،
جەڭگە كىردى دۈشمەن باغرىنى داغلاپ .
مەن ئۇچۈن كەچۈرسەڭ ئۇنى ، پادىشاھ ،
بەلكى بەخت يۇلتۇزى نۇر چاچار ناگاھ . »
غالىب شاھ رۇستەمچۈن قىلدى ئىلتىپات ،
گۇرگىن قاراڭغۇ چاھتىن بولدى ئازاد .

## رۇستەمنىڭ ئۆز لەشكەرلىرىنى توپلىغانلىقى

رۇستەمدىن سورىدى ئاندىن شەھرىيار :
« بۇ ئىشقا قانداقچە بېرىش پىكرىڭ بار ؟
قانچە لەشكەر كېرەك ، قانچە خەزىنە .
يېنىڭغا كىملەرنى ئالىسەن يەنە ؟
قورقىمەن بەدكىردار شۇم ئەفراسىياپ
بېجەنگە بەرمىگەي دەپ ئارتۇق ئازاب .
يەڭگىلتەك بولسىمۇ شۇم دىۋە يوسۇن ،
ھۈنىرى مەككارلىق ، ئوقۇماق ئەپسۇن .
ئەھرەمەن ئەيۋەشكە كەلتۈرسە ئۇنى ،
بېجەن نابۇت بولغاي ، بىلىمەن بۇنى . »
رۇستەم شاھقا دېدى : « ئۇلۇغ شەھرىيار !
بۇ ئىشنى يوشۇرۇن تەييارلاش دەركار .
بۇ چاھنىڭ ئاچقۇچى ھىيلىدۇر پەقەت ،
بۇ ئىشتا ئۇر ــ يىقىت كەلتۈرەر كۈلپەت .
سودىگەر تۈسىگە كىرىپ بارىمىز ،
تۇراندا سەۋر قىپ كۈتۈپ تۇرىمىز .
بۇ ئىشتا گۈرزە ، تىغ ، نەيزە نە ھاجەت ،
بۇندا ئېھتىياتكارلىق كېرەكتۇر پەقەت ،
گۆھەر ، زەر ، كۈمۈشمۇ لازىمدۇر ئازراق ،
ھەممىدىن كېرىكى ھوشيارلىق بىراق .
گىلەملەر ، كىيىملەر تەق ــ تەييار بولار ،
ئىنئام ھەم سوۋغاتقا ئىشلىنەر ئۇلار . »
رۇستەمنىڭ سۆزىدىن رازى بولدى شاھ ،
خەزىنچى بۇيرۇلدى بولماققا پاناھ .
خەزىنە ئېچىلدى : ئەنە كۈمۈش ، زەر ،
ھېسابسىز دىنار ــ پۇل ، ھېسابسىز گۆھەر .
تەھەمتەن كۆرۈپ بۇ خەزىنە ، بىزەكنى ،
تاللاپ ئالدى پەقەت يولغا كېرەكنى .
يۈز تۆگىگە دىنار يۈكلەندى شۇ دەم ،
يەنە يۈز تۆگىگە يۈكلەندى دىرھەم .
رۇستەمدىن ئاڭلىدى ساراي سەردارى :
« تاللانسۇن مىڭ لەشكەر قوشۇن شۇڭقارى !
ئۇلاردا بولسۇن ھەم بىرنەچچە باتۇر ،
جەڭلەردە چېكىنمەي ھامان جەڭ قىلار .
گۇرگىن ھەم شاۋەران ئوغلى زەنگە ھەم ،
جەڭگىۋار پەھلىۋان باتۇر رۇستەھەم .
تۆتىنچىسى گۈرزە ماھىرى بولسۇن ،
تەختىبان فەررۇخى ھەم تەييار بولسۇن .
رۇھھەم بىلەن فەرھاد قاتاردا بولغاي ،
بۇ سەپەردە ئەشكەش بىز بىلەن يۈرگەي .
قوراللانسۇن غالىب يەتتە باھادىر ،
گەنج ساقلاش ۋە لەشكەر باشلاشقا قادىر . »
باشلاردىن تاج ــ بىزەك ئېلىپ تاشلاندى ،
شۇ خىلدا ئاجايىپ سەپەر باشلاندى .

## رۇستەمنىڭ خوتەن شەھرىگە ، پىران يېنىغا يول ئالغانلىقى

مەغرۇر باتۇرلارغا كۆز سالدى رەھبەر ،
قىلىچۋازلار تۇتقان قولىدا شەمشەر .
سارايۋەن قوۋۇققا چىققاندا كۆردى ،
باتۇرلار بېلىگە كەمەر باغلايتتى .
نەيزىۋازلار يولغا تەق بولغان مۇندا ،
ئۇلارمۇ بەللەرگە باغلاشقان پوتا .
ئارتىلغان تۆگىلەرگە نەيزەيۇ ئوقلار ،
ئارتىلغان سەپەرگە كېرەكلىك يۈكلەر .
سەپ ــ سەپكە بۆلۈندى ئۇلار تەق بولۇپ ،
قولىنى يۇيۇشتى غەيرەتكە تولۇپ .

خورازلار چىللىغان سۈزۈك سۈبھى دەم ،
تۆگىگە باغلاندى ناغرىلىرى ھەم .
ئاتلىق كەلدى رۇستەم پەھلىۋان شۇئان ،
قولىدا گۈرزىسى ، ئېگەردە ئارقان .
پالۋانلار ئالدىدا ، لەشكەرلەر ئارتتا ،
ئۇلار تەييار ھەتتا سەكرەشكە ئوتقا .
مەدھىيىلەر ئوقۇشۇپ ئانا دىيارغا ،
رۇستەم يولغا چىقتى كىرىپ قاتارغا .
تۇران تۇپرىقىغا يەتكەن شۇ ھامان ،
سەردارلارنى سەپتىن ئاجراتتى چاققان .
لەشكەرگە تەكىتلەپ دېدى پەھلىۋان :
« بىلىڭلار ، كېپقالدى باشقا ئىمتىھان .
جېنىمنى ئالمسا تەگرى تېنىمدىن ،
قوزغالماي تۇرۇڭلار بۇ جايدا جىم ـ جىم .
جەڭگە تەييار بولۇپ تۇرۇڭلار دائىم ،
غەپلەتتىن كېلىدۇ قىيامەت قايىم . »
ئىران چېگرىسىدا قالدى بۇ لەشكەر ،
ئۇ سەردارلار بىلەن باشلىدى سەپەر .
ئۈستىگە كىيىشكەن سودىگەر لىباس ،
پوتىلار ، كەمەرلەر شۇ كەسپكە خاس .
قىممەتلىك ماللارنى ئارتىپ كارۋانغا ،
ئۇلار يول ئېلىشقان شەھرى تۇرانغا .
يەتتە ئات باراتتى بۇ يولدا پۈزۈر ،
بىرى تۇلپار ، ئالتىسى شامالدەك ئۇچقۇر .
لەشكەرلەر كىيىمى يۈز تۆگە ئارتۇق ،
يۈز تۆگە قىممەتلىك مال ـ مۈلۈك ، تارتۇق .
جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئاۋاز ياڭرىدى ھەريان ،
ئۇ خۇددى تەھمۇرەس كانىيىسمان .
شەھەردىن شەھەرگە يول ئالغاچ كارۋان ،
ئاقىۋەت قەد ئېلىپ كۆرۈندى تۇران .
خوتەنگە يېتىشتى ئۇلار چۆل ئېشىپ ،
تاماشا قىلار ئەل يولغا چىقىشىپ .
تۇراندا بار ئىدى گۈزەل بىر ماكان ،
ئارام ئالار ئىدى ئۇ يەردە پىران .
ۋىس ئوغلى پىراننىڭ ئالدىدا قاتار
تۇران باتۇرلىرى تۇراتتى تەييار .
پىران ئۇلار بىلەن ئوۋدىن قايتقان ھەم ،
يولدا تونۇپ قالدى پىراننى رۇستەم .
گۆھەر تولدۇرۇلغان زەرجام قولىدا ،
رۇستەم تۇرار ئىدى ئۇنىڭ يولىدا .
ئالتۇن جامغا پەردە يېپىپ قويدى ئۇ ،
پەردىنى ئاۋايلاپ سۆيۈپ قويدى ئۇ .
ئاندىن ئون تۇلپارنى توپتىن ئاجراتتى ،
ئالتۇن ئېگەر بىلەن باپلاپ ياساتتى .
تۇتقۇزۇپ چۇلۋۇرنى خىزمەتچىلەرگە ،
يول ئالدى شۇ زامان پىران قەسرىگە .
پىرانغا دېدى ئۇ : « ئەي ، نامدار پىران !
ئىران ھەم تۇراندا نامىڭ بىر داستان !
زېمىندا تېپىلماس سەن كەبى بىر زات ،
شانۇ شۆھرىتىڭنى بىلەر كائىنات .»
رۇستەم ئۆزگەرتكەن ئىدى تۇسىنى ،
پىران تونالمىدى يېڭى كىشىنى .
پىران سورىدى : « ئېيت ، قايسى ئەلدىن سەن ؟
كىمسەن ، يېتىپ كەلدىڭ قايسى يولدىن سەن ؟ »
رۇستەم جاۋاب قىلدى : « مەن بىر خىزمەتكار ،
شاھىڭغا ئەۋەتتى ھەق پەرۋەردىگار .
ئىراندىن تۇرانغا يول بېسىپ كەلدىم ،
تىجارەت يولىدا ئەرزىيەت چەكتىم .
مەن ھەم مال ساتقۇچى ۋە ھەم خېرىدار ،
ساتىمەن ، ئالىمەن قانداق ماللار بار .
دىلدا ئۈمىد بىلەن كەلدىم شەھرىيار ،
ئىلتىپاتىڭغا بار بولغۇم سازاۋەر .
ھىمايەڭگە ئالساڭ ئۇلۇغ پەھلىۋان ،
دۇردانىلەر سېتىپ ، ئالۇرمەن ھايۋان .
ئادىلسەن ، ھېچكىمگە بەرمىگەن ئازار ،
مەرھىمىتىڭ بىلەن قىزىغاي بازار .»
شۇ سۆزلەرنى قىلىپ جامنى ئۇزاتتى ،
پىران باتۇرلىرى ئۇنى كۆزەتتى .
پىراننىڭ ئالدىغا تۆكتى خەزىنە ،
ئون ئات سوۋغات قىلدى ، كۆپلەپ خەزىنە .
ئاتلاركى ، ھەر بىرى ئەرەب تۇلپىرى ،
زەررە نۇقساندىنمۇ خالىي ھەر بىرى .
ئاپىرىن ئوقۇلۇپ ، بېرىلدى ئېھسان ،
رۇستەمنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشتى ئاسان .
ئۇ جامدىن تۆكتىكى توكۇرلاپ گۆھەر ،
پىران تاشلار ئىدى يۇمشاق بىر نەزەر .
رۇستەمگە پىران كۆپ ماختاشلار دېدى ،
پىل سۆڭەك تەختىگە مەرھەمەت قىلدى .

دېدى : « ساڭا ئوچۇق يۇرتۇم ، ئويناپ كۈل ،
مەرھەمتىمىزگە لايىقسەن پۈتكۈل .
قارشىلىق كۆرسەتمەس ساڭا ھېچكىم ھەم ،
خەۋپ ـ خەتەر توغرۇلۇق يېمە ئارتۇق غەم .
مېلىڭنى ساتىۋەر بىمالال ھەريان ،
خېرىدار تاپىۋەر قىينالماي ئاسان .
ئوغلۇمنىڭ ئۆيىنى قونالغۇ قىلغىل ،
ئۆزۈڭنى قېرىنداش ، تۇغقاندەك تۇتقىل .»
رۇستەم جاۋاب قىلدى : « ئۇلۇغ پەھلىۋان !
بۇ جايدا بىز بىلەن قالماقچى كارۋان .
كارۋاندا بولۇر ھەر تۈرلۈك ئادەملەر ،
مال ـ گۆھەرلىرىمىز بولسۇن بىخەتەر .»

پىران دېدى : « مەيلى ئۆزۈڭ جاي تاللا ،
پاسبانلىق خىزمىتىن بېرىمەن مەنلا .»
رۇستەم ئۆي تاللىدى ، ئىشقا كىرىشتى ،
ماللارنى شۇ ئۆيگە ئېلىپ كىرىشتى .
خەۋەر تارقالدىكى ، شۇ يىراق ئىران
ئۇلۇغ پادىشاھقا يوللاپتۇ كارۋان .
گۆھەر ساتقۇچىنىڭ داڭقى كەڭ كېتىپ ،
قانچە خېرىدارلار كېلىشتى يېتىپ .
شايى ، گىلەم ، دۇرنىڭ ئىشقىۋازلىرى
ئاقتى ئۇلۇغ پىران سارىيى سېرى .
قۇياش كائىناتنى قىلدى جىلۋىدار ،
كارۋان چۈشكەن جايدا قىزىدى بازار .

## مەنىجەنىڭ رۇستەم ھۇزۇرىغا كەلگەنلىكى

مەنىجەگە يەتتى كارۋاندىن دېرەك ،
ئۇ شەھەرگە چاپتى يۈتكەنچە يۈرەك .
ئەفراسىياپ قىزى باشلىرى يالاڭ ،
يېتىپ كەلدى كارۋان قېشىغا ئاران .
ئۈستىبېشى خاراب ، يالاڭ باش ئىدى ،
ھارغىن قوش كۆزىگە تولغان ياش ئىدى .
يىغلىگە سۇرتۇپ ئۇ قانلىق يېشىنى ،
رۇستەمنىڭ ئالدىدا ئەگدى بېشىنى :
« ئەگەر سەن كەچسەڭ جېنىڭ ، گەنجىڭدىن ،
پۇشايمان قىلمايسەن تارتقان رەنجىڭدىن .
پەلەك ئارزۇيۇڭ تامان ئايلانسۇن دائىم ،
يامان كۆزدىن سېنى ئاسراپ خۇدايىم .
سېنىڭ دىلىڭدىكى ئۈمىد ۋە ئارمان ،
ئىلاھىم ، ئەمەلگە ئاشقاي تېز ، ئاسان .
ئەقلىڭ سېنىڭ مەڭگۈ يولدىشىڭ بولسۇن ،
دانالىقىڭ يارىڭ ، قولدىشىڭ بولسۇن .
ئىران مەملىكىتى گۈزەل دىياردۇر ،
سېنىڭدەك مەردلەرگە قۇتلۇق باھاردۇر !
پەھلىۋانلار شاھى ئامانمۇ ، ساقمۇ ؟
گىۋ ۋە گۇدەرزلەرنىڭ كەيپى خۇشچاغمۇ ؟
ئىرانغا بېجەندىن يەتتىمۇ خەۋەر ؟
دادىسى قانداقچە ھىيلە ئىشلىتەر ؟
گۇدەرز ئەۋلادى نەۋقىران باتۇر
چاھ تېگىدە كۈن ـ تۈن قىينىلىپ ياتۇر .

پۇت ـ ئاياغلىرىغا چوڭ كىشەن سالغان ،
قولى چوڭ تۆمۈر مىخ بىلەن مىخلانغان .
ئېغىر زەنجىر بىلەن بەنتتۇر تېنى ،
بويالغان قېنىدىن ئۇ چاھنىڭ تېمى .
شۇ پەھلىۋان ئۈچۈن تۈنلەر مەن بىدار ،
كۈن ـ تۈنلەر كۆزۈمدىن قانلىق ياش ئاقار .»
قىزنىڭ بۇ سۆزىدىن چۆچۈدى رۇستەم ،
ئاڭا بىر ۋارقىراپ قوغلىۋەتتى ھەم .
دېدى : « يوقال بۇندىن ! خۇسرەۋ ئۆزى كىم ؟
پەھلىۋانلاردىن يوق ئۈلپەت ـ تونۇشۇم .
نە گىۋ ، نە گۇدەرز ئۇ ، خەۋىرىم يوقتۇر ،
سۆزلىرىڭ مەن ئۈچۈن بىكاردۇر ، ياتتۇر ..»
رۇستەمگە تىكىلدى قىز مەيۇس قاراپ ،
كۆزىدىن ئاقاتتى يېشى تاراملاپ .
ئاڭا دېدى : « ئەي سەن ، دانا پەھلىۋان !
قوپال سۆزلەش ساڭا ياراشماس ھامان .
مەيلى خالىمساڭ سۆزلەشمە ، پەقەت ،
مېنى ھەيدىمىگىن ، يېتەرلىك ھەسرەت .
ناھەتكى ، ئىراندا شۇنداق ئادەت بار ،
غەمكىنلەر ئۈستىلەپ چېكەمدۇ ئازار ؟»
رۇستەم سورىدى : « ئەي خوتۇن نېمە گەپ ؟
ئەھرەمەن سېنى زار ئەتتىمۇ قىيناپ ؟
سودا ـ سېتىقىمغا يەتكۈزدۈڭ كاشال ،
شۇ سەۋەب گەپلىرىم قاتتىق ۋە ئوسال .

مېنىڭ بۇ سۆزۈمدىن چەكمىگىل ئازار ،
نە چارە ، مۇشۇنداق ئەمەسمۇ بازار .
بىلگىل كەيخۇسرەۋنىڭ شەھرى ماڭا يات ،
مەن كەچۈرمىگەنمەن ئۇ يەردە ھايات .
مەن گېۋنى ، گۇدەرزنى كۆرمىگەنمەن ھېچ ،
ئۇلارنىڭ يۇرتىدا بولمىغانمەن ھېچ .»
رۇستەم ئوزۇق ـ تاماق كەلتۈرسۇن ، دېدى ،
بىچارە ئايالنى تويغۇزسۇن ، دېدى .
رۇستەم ئاستا سورىدى : « ئەي ئايال ،
نېگە تەقدىر ساڭا كەلتۈردى زاۋال ؟
نېچۈن سەن سورايسەن لەشكەرنى ، شاھنى ،
شۇ ئىران تەرەپتىن ئۈزمەي نىگاھنى ؟ »
مەنىجە جاۋابى : « بۇ قانداق سوئال ؟
نېچۈن غەم ـ قايغۇمدىن سورايسەن ئەھۋال ؟
ئاشۇ چاھ يېنىدا دىلىم دائىم قان ،
شامالدەك يېنىڭغا كەلدىم پەھلىۋان .
ئادىللار ئادىلى ھۆكمى سەن ئۈچۈن ،
ئەمما سەن توۋلايسەن ، پىسەنتسىز نېچۈن ؟
ئەفراسىياپ قىزى مەنىجە مەنمەن ،
قۇياشمۇ يۈزۈمنى ئوچۇق كۆرمىگەن .
ئەمدى دىلدا قايغۇ ، كۆزلىرىم گىريان ،
سەرسانە يۈرۈپمەن ، يۈزۈم زەپىران .
تەگرىدىن بېشىمغا كەلدى شور تەقدىر ،
موھتاجلىقتا تىلەپ يۈرىمەن بىر ـ بىر .
مۇندىن ئارتۇق يەنە قانداق خورلۇق بار ؟
جېنىمنى ئالسۇنچۇ شۇ پەرۋەردىگار !
بىجەن چوڭقۇر چاھتا چەكمەكتە ئازاب ،
ئاڭا كۆرۈنمەيدۇ نە ئاي ، نە ئاپتاپ .
كىشەن ـ زەنجىر بىلەن مىخلىنىپ ياتار ،
تەگرىدىن ئۆلۈمنى ئىلتىجا قىلار .
دەردىم ئېشىپ بارار مېنىڭ كۈن سايىن ،
كۆزۈمدىن قانلىق ياش ئاقار تىنماستىن .
مۇبادا ئىرانغا سەن قىلساڭ سەپەر ،
كەشۋاد گۇدەرزنىن گەر تاپساڭ خەۋەر ،
خۇسرەۋ سارىيىدا گېۋنى كۆرسەڭ ھەم ،
ياكى رۇستەم بىلەن بولساڭ سەن ھەمدەم ،
بىجەن چاھتا دېگەن خەۋەرنى ئېيتقىن ،
كېچىكسە ، ئۇ خاراب بولىدۇ ، دېگىن .
تۆمۈر ئۇنى قىينار ، بېسىپ ياتار تاش ،
ئۇلار تېز كېلىشسۇن ، چەكلىكتۇر بەرداش .»
رۇستەم ئاڭا دېدى : « ئەي ساھىبجامال !
تاپسۇن مۇھەببىتىڭ قۇياشى كامال !
نېچۈن سورىمىدىڭ ئاتاڭدىن ياردەم ؟
ئاڭا ئەۋەتمىدىڭ مەردلەرنى ئىلدام ؟
بەلكى شەپقەت قىلغان بولاتتى پەدەر ،
قايغۇرۇپ ، باغرىدا ئۆرتىنىپ جىگەر .
گەر ئاتاڭ ئالمىسا مەندىن ئىنتىقام ،
ساڭا خەزىنىلەر قىلاتتىم ئىنئام !»
ئاشپەزگە ئېيتىپ ئۇ داستىخان تۈزدى ،
بۇ خاراب ئايالنى راسا تويغۇزدى .
پىشۇرۇلغان توخۇ بۇيرۇدى رۇستەم ،
ئىسسىق نان ئىچىگە ئوراپ ئۇنى ھەم .
ئۇنى كەلتۈرگەندە ئاشپەز ، پەھلىۋان ،
ئارىسىغا ئۈزۈك يوشۇردى چاققان .
جۇۋانغا دېدى : « تېز چاھقا ئېلىپ بار ،
سەن ئاشۇ يېگىتكە بولغىن خالاسكار .»

## بېجەننىڭ رۇستەمنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانلىقى

مەنىجە تاماقنى ئېلىپ تېز تۇردى ،
شامالدەك شۇ چاھقا قاراپ يۈگۈردى .
كاتتا تۈگۈن بىلەن ئۇ چاھقا يەتتى ،
تۈگۈننى بىجەنگە دەرھال ئۇزاتتى .
بۇنى كۆرۈپ بىجەن بولدى كۆپ ھەيران ،
كۈلۈپ تۇرار ئىدى ئۇ ماھى تابان .
دېدى : « سەن قەيەردىن شامالدەك كەلدىڭ ؟
بۇ نازۇ نېمەتنى قەيەردىن ئالدىڭ ؟
قەيەردە تېلىنىپ يۈردۈڭ مەن ئۈچۈن ؟
قانچىلىك ئازابلار كۆردۈڭ مەن ئۈچۈن ؟ »
مەنىجە : « ئىراندىن كەلمىش بىر كارۋان ،
ئۇندا بىر سودىگەر ئىكەن مېھرىبان .
يولدا كۆپ مۇشەققەت چەككەن بولسىمۇ ھەم ،
كۆپ پايدا كۆرۈشنى خالار ئۇ ئادەم .
ئۇنىڭ دۇر ـ گۆھەرى ئىكەن بېھىساب ،
ياخشىلىق ئۇنىڭچۇن پەقەت بىر ساۋاب .

ئۇنىڭ ئۆيى خۇددى قەسىر يېنىدا ،
بازىرى سارايىنىڭ كەڭ مەيدانىدا .
قولۇمغا داستىخان بېرىپ ئۇ ئادەم :
« دۇئا قىلغىن ، دۇئا ، — دېدى ، — مېنى ھەم .
بۇنى سەن چاھىتكى كىشىگە بەرگىن ،
نېمە كېرەك بولسا ، بىمالال ئالغىن .»
ئىسسىق داستىخاننى بېجەن ئاچتى ھەم
تەگرىنىڭ شەپقىتىن ياد ئېتىپ بىردەم .
دۇئا ئوقۇپ قولنى سوزدى تائامغا ،
شۇندا كۆزى چۈشتى ئۈزۈك — ئىنئامغا .
ئۈزۈكنىڭ خېتىنى ئوقۇغان ھامان ،
روھلاندى ، كۆلدى ۋە بولدى ئۇ ھەيران .
گۆھەر كۆزىدىكى خەت « رۇستەم » دېيىلگەن ،
نەققاش قولىدا خەت نەپىس چېكىلگەن.
ۋاپا دەرىخىنىڭ مېۋىسىن كۆردى ،
غەم ـ قايغۇدىن نىجات شولىسىن كۆردى .
شاھانە بىر كۆلكە دىلدىن ياگرىدى ،
پەلەككە ئىنتىلىپ ئورنىدىن تۇردى .
قاراڭغۇ چوڭقۇردىن ئۇرغۇغان كۆلكە
تۇپەيلى ھەيرەتتە قالدى مەنىجە .
ھەيرانلىق ئىچىدە قاتقانچە قالدى ،
دىۋانە كۆلكىسى دەپ پەرەز قىلدى .
شۇ سەۋەب سورىدى :« نېچۈن كۈلۈرسەن ؟
ۋە يەنە زۇلمەتتە كۈن ـ تۈن سۇلامسەن ؟
بۇ قانداق سىر بولدى ، ئەيلەگىل ئىزھار ؟
ياكى كۆرسەتتىمۇ قۇت ساڭا دىدار ؟ »
بېجەن ئاڭا دېدى : « راست قىيىن ئەھۋال ،
ئەمما ماڭا كۈلۈپ كۆرۈندى ئىقبال .
ئەگەر قەسەم بىلەن ۋەدە سۆز بەرسەڭ ،
ئەگەر شۇ ئەھدىڭگە سەن ۋاپا قىلساڭ ،
شۇنداقلا بۇ ۋەدەڭ ئەستايىدىل بولسا .
مەن سۆزلەپ بېرىمەن بەتەپسىل ساڭا .
خەتەر كۆپ ، لېۋىڭنى تىككىن سەن يىپسىز ،
چۈنكى ئاياللارنىڭ تىلى سۆڭەكسىز . »
بۇ سۆزدىن مەنىجە يىغلاپ ، دات سالدى :
« مېنىڭ بېشىم قانداق كۈنلەرگە قالدى ؟
ئەپسۇس ، قولدىن كەتكەن قۇتلۇق ھاياتىم !
ئەپسۇس ، كۆز ياشلىرىم ، ئاھۇ پەريادىم !
بېجەنگە قەلبىمنى ، بارىمنى بەردىم ،
ماڭا ئىشەنمىدى ، ئاھ ، نېمە كۆردۈم .
ئاڭا بەردىم ، مۈلكىم ، دۇردانە تاجىم ،
ئەمدى نە قىلاي ، نېمە ئىلاجىم ؟
ئاتام . قېرىنداشلار ۋاز كەچتى پۈتۈن ،
ئادەملەر ئىچىدە خارمەن شۇ يوسۇن .
بېجەن دەپ ھاياتتا ئۆتتۈم كۆلكىسىز ،
دۇنيايىم قاراڭغۇ ، كۆزلىرىم نۇرسىز .
ئۇ مەندىن سىرىنى تۇتۇپتۇ پىنھان ،
ئەي تەگرىم ، بارچىسى ئۆزۈڭگە ئايان . »
بېجەن ئاڭا دېدى : « توغرا سۆزلىدىڭ ،
مېنى دەپ سارغايدى غەمدىن يۈزلىرىڭ .
ئەي مېھرىبان دوستۇم ، دانا ئەزىزەم ،
بولدى ، بەس ! سۆزۈمگە چەكتىم مەن ئەلەم .
ئەقلىدىن ئازدۇردى مېنى دەرد ـ غېمىم ،
ئەرزىيدۇ ھەممە ئىشتا بولساڭ ھەمدەمىم .
بىلگىن ساڭا تاماق بەرگەن شۇ ئىنسان ،
ئاشۇ گۆھەرپۇرۇش ، ئاشۇ مېھرىبان .
تاش ياكى زەر ئەمەس ئۇ ھەۋەس قىلغان ،
مېنى قۇتقۇزماقتا تۇرانغا كەلگەن !
يۇمشىغاچ تەگرىنىڭ ماڭا شەپقىتى ،
بېرەر ئۇ ھاياتلىق سۇرۇش پۇرسىتى .
مېنى ئۇ ئازابتىن خالاس ئەتمەكچى ،
سېنىڭمۇ دەردىڭنى ئۇ تۈگەتمەكچى .
بېرىپ سودىگەرگە سەن دېگىن پىنھان :
« ئەي جاھان شاھىنىڭ مەردى ، پەھلىۋان !
يوشۇرۇن مېھرىبان ، ئاشكارا مەككار !
تۇلپار ئىگىسى بولساڭ ، بۇنى قىل ئىقرار ! »
مەنىجە شامالدەك چاپقانچە كەتتى ،
بېجەندىن رۇستەمگە سالاملار ئېيتتى .
ئاي يۈزلۈك سۆزىنى رۇستەم ئاڭلىدى ،
كېلىش سەۋەبىنى ئۇ ئىقرار قىلدى .
سەرۋ گۈلى مەنىجەگە ئۇ سىرىنى
ئاچماقتا ئولتۇردى كېلىپ ئۇ يېقىن .
ئاڭا شەپقەت قىلدى : « ئەي ساھىبجامال !
ئىككىڭلار سۆيگۈسى كۆرمىسۇن زاۋال !
ئاڭا دېگىل : 《ئۇ تۇلپار ئىگىسى ئىكەن !
سېنى قۇتقۇزۇشقا تەگرى ئەۋەتكەن .
مەن زابۇلدىن ئىران ، ئىراندىن تۇران
سەپىرىن كەزدىم ، سېنى بولغاي دەپ ئامان . 》

ئاگا يەنە دېگىن : ‹ بىزلەر سەن ئۈچۈن
ھەممىگە تەييارمىز ، شىر كەبى بۇگۈن . ›
بۇ سۆزلەر ئېيتىپ ، سىرنى دىلدا تۇت ،
سەن ھەر بىر ئەھۋالغا قۇلاق سېلىپ كۈت .
ئورمانغا ئېلىپ كەل يەتكۈدەك ئوتۇن ،
گۈلخان يېقىپ ئولتۇر كەلگەن چېغى تۈن . »
بۇ سۆزلەردىن بولدى مەنىجە كۆپ شاد ،
دىلى تەشۋىشلىكتىن ھەم بولدى ئازاد .
ئاشىقى ئازابتا ياتقان چاھ تامان ،
يەنە ئۇچۇپ كەلدى مەشۇقى ئامان .
دېدى : « سۆزلىرىڭنى يەتكۈزدۈم ئاگا ،
ئاشۇ مېھرىبانغا ، شۇ قەدىردانغا . »
ئۇ دېدى : « توغرا ، مەن سەن دېگەن ئادەم ،
ئىسمىم ۋە بەلگەمنى بېجەن بىلگەن ھەم .
يېتەرلىك شۇنچىلىك ئەلەم چەككىنىڭ ،
يېتەر يار ئىشقىدا قان ـ ياش تۆككىنىڭ .
ئەمدى سەن كۆرسەتتىڭ يول ، ئەمدى ئىشەن ،
قىلىچىم كۈچىنى كۆرەرسەن روشەن .
گۇرزەم بىلەن يەرنى قىلۇرمەن پارە ،
ئېغىر تاشنى كۆككە ئاتارمەن يەنە . »
يەنە دېدى ماگا : « باشلانغاندا تۈن ،
يوشۇرغاندا قۇياش يۈزىنى پۈتۈن .
تاغدەك ئېگىز گۈلخان يېقىپ قوي ئاگاھ ،
كۆرۈنسۇن تاش بىلەن بېجەن ياتقان چاھ .
مەن ئاشۇ يارلىقنى كۆرەيمەن ئايان ،
گۈلخان پۇرىقىدىن مەن تاپاي نىشان . »
بېجەن ئاگا دېدى : « مەيلى گۈلخان ياق !
بۇ گۈلخان بىز ئۈچۈن نىجاتلىق چىراغ ! »
بېشىنى كۆتۈرۈپ بېجەن ئاسمانغا ،
دىلىدىن تەگرىگە قىلدى ئىلتىجا :
« ئەي سەن ئادالەتلىك ، شەپقەتلىك تەگرىم !
مېنى بۇ بالادىن خالاس ئەيلىگىن .
دۈشمىنىم جىسمىنى پارە ـ پارە قىل ،
دەردۇ كۈلپىتىمگە ئۆزۈڭ چارە قىل !
ماگا ئازاب بەرگەن ياۋنى ئاجىز قىل ،
قىساستا قۇدرەت بەر ماگا مىسلى پىل !
ئەگەر ، ئانا يۇرتقا مەن بارسام ئامان ،
شۇملۇق يولتۇزىنى قىلاتتىم يەكسان .
ئەي سەن ، شۇنچە جاپا چەككەن رەپىقەم ،
پىدا قىلدىڭ ماگا بارلىقىڭنى ھەم .
تاجىڭ ، خەزىنەڭنى سەن قۇربان قىلدىڭ ،
تارتقان زىيىنىڭنى پايدا دەپ بىلدىڭ .
مەن ئۈچۈن سەن كەچتىڭ ھەممە سەمەردىن ،
قېرىنداش ـ ئۇرۇقتىن ، ھەتتا پەدەردىن .
تاكى قۇۋۋىتىم بار ، تا مەن نەۋقىران ،
ئەجدىھا ئاغزىدىن قۇتۇلسام ئامان ،
جېنىمنى ، تېنىمنى ئايانماي پەقەت ،
رۇكۇدا ئولتۇرغان مۇخلىستەك ئەبەت ،
خىزمەت قىلار ئىدىم ساگا ئۆمۈرباد ،
شاھلار خىزمىتىنى ئۆتۈگەندەك شاد . »
مەنىجە ئوتۇنغا يۇگۈردى چاققان ،
دەرەخلەر شېخىغا چىقتى قۇشسىمان .
قولتۇقتا ئوتۇنى ، قۇياشتا كۆزى ،
تاغ كەينىدىكى تۈننى كۈتەر ئۆزى .
قۇياش كۆزدىن غايىب بولدىمۇ ، دېمەك ،
كېچە تاغقا ئاستا يايىدۇ ئېتەك .
بۇ ئەسنادا ئارامغا چۆككەندە جاھان ،
كۆرۈنگەن نەرسىلەر بولغاندا پىنھان ،
كۈنگە قارشى قوشۇن تارتقان چېغى تۈن ،
نۇرلۇق قۇياش بېشى مۆككەندە پۈتۈن ،
مەنىجە گۈلخانغا ئوت ياقتى دەرھال ،
قاراڭغۇ تۈن تاپتى شۇ يوسۇن زاۋال .
مىس كانايلار ئەمدى ياڭراتتى سادا ،
پولات تاقا تۇلپار دەل بولدى پەيدا .

## رۇستەمنىڭ بېجەننى زىنداندىن قۇتۇلدۇرغانلىقى

رۇستەم چەكمىنىنى يېشىپ تاشلىدى ،
كۆكرىكىگە ساۋۇت تاقار باشلىدى .
ئاي ، كۈننى ياراتقان تەگرى ئالدىدا ،
سەجدىگە تۇتۇندى ئۈمىد قەلبىدە .
دېدى : « يامانلارنىڭ كۆزى كور بولسۇن !
بېجەن دەپ كۈچىمىز راسا زور بولسۇن ! »
باتۇرلارغا بەردى ئۇ ئەقىل ھەم پەرمان :
پولات ساۋۇتلارنى تاقاڭلار شۇئان .

جەڭ قوراللىرىنى ئېلىشىپ قولغا ،
ئاتلارنى ئېگەرلەپ چىقىشتى يولغا .
تەھەمتەن تىكلىپ شۇ گۇلخان تامان ،
ئالدىدا يول ئېچىپ ماڭاتتى چاققان .
ئۇ ئەكۋان تېشىنى ئېنىق كۆرگەندە ،
شۇ زۇلمەتلىك چاھقا يېقىن قالغاندا .
يەتتە قەھرىمانغا بۇيرۇدى رۇستەم ،
« چاھ يېنىدىن يەرنى كولاڭلار ئىلدام !
ئاندىن بۇ ئازگال جاي تەييار بولغاندا ،
كۈچ بىلەن بۇ تاشنى سۇرۇڭلار ئاغا ! »
قوشۇن باشلىقلىرى ئىشقا كىرىشتى ،
تاشنى سۇرمەك ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇنۇشتى .
لېكىن قىمىرلىمىدى ئۇ ئېغىر - زىل تاش ،
كەم كەلدى مەردلەردە كۈچ بىلەن بەرداش .
باتۇرلار يۈزىدىن ئاقار ئىدى تەر ،
بىراق تاش مىدىرلىماس ، كۈچسىمۇ گەر .
شۇندا ئاتتىن چۈشتى ئەر شىر - پەھلىۋان ،
قالقانىنى ئاستىغا باستى ئۇ چاققان .
ھاياتبەخش تەڭرىنىڭ نامىنى ئېيتتى
ۋە تاشنى كۆتۈرۈپ ئازگالغا ئاتتى .
بۇنىڭدىن سىلكىندى يەر - زېمىن ھەتتا ،
بۇ چىن ئورمىنىنى قاپلىدى سادا .
رۇستەم پەريات چېكىپ دېدى بىجەنگە :
« ئاھ قانچە كۈلپەتلەر بار ئىكەن سەندە !
ئاتا قىلساق ساڭا قۇت ئەييامىنى ،
نېچۈن قولغا ئالدىڭ زەھەر جامىنى ؟ »
قارا چاھتىن بىجەن قايتۇردى جاۋاب :
« پەھلىۋان چېكىپسىز يولدا كۆپ ئازاب !
نەرەڭنى ئاڭلىغان ھامان شۇ زەھەر
ماڭا بولۇپ قالدى شىپا بەخش شېكەر .
كۆرۈپ تۇرۇپسەن بۇ مېنىڭ ماكانىم ،
بۇ زىندان ماكانىم ، شۇ تاش ئاسمانىم .
ۋاپاسىز دۇنيادىن ئۈمىدىم ئۈزۈپ ،
ياشىدىم كۈلپەت دەرياسىدا ئۈزۈپ . »
رۇستەم ئاڭا دېدى : « شۈكۈر تەڭرىگە ،
ساڭا ھايات بەرگەن شەپقەت ، مېھرىگە .
ئەمدى ، ئەي ئاقىل - مەرد ، قەيسەر - قەھرىمان ،
بىرلا ئىلتىماسىم ساڭا شۇ زامان :
قەلبىڭدىكى نەپرەت ، قىساسنى ئۇنۇت ،
مەن ئۈچۈن گۇرگىنىنىڭ گۇناھىدىن ئۆت ! »
بىجەن ئاڭا دېدى :« ئەي ئۇلۇغ ھامىي !
ساڭا مەلۇم ئەمەس جەڭلەر داۋامى .
سەن ، ئەي مەرد پەھلىۋان بىلمەيسەن ئۇنى ،
بېشىمغا سالدى ئۇ قانداق بىر كۈننى .
ئەگەر شۇنى كۆرسەم ئۆچ ئېلىپ ئەلۋەت ،
بېشىغا سالغايمەن ئېغىر قىيامەت . »
رۇستەم ئاڭا دېدى :« ئىش بولسا مۇنداق ،
مەن دېگەن بۇ سۆزگە سالمىساڭ قۇلاق ،
چاھتا قالدۇرىمەن ئالماي كىشەندىن ،
تۇلپارغا مىنىپ مەن كېتىمەن مۇندىن . »
رۇستەم سۆزلىرىنى ئاڭلىغان زامان ،
ئۇ قاراڭغۇ چاھتا كۆتۈردى پىغان .
دېدى ئۇ : « مەن نەيلەي ، شۇدۇر قىسمىتىم ،
يىراقتا دوستلىرىم ، قوۋمىم ، ئۆلپىتىم .
بېشىمغا گۇرگىنىدىن يەتتى بۇ بالا ،
بولغايمەن بالاغا قايتا مۇپتىلا .
كۆپ جەبىرلەر چەكتىم ، يوق ئۆزگە چارەم ،
مەيلى ئۆچسۇن ئاڭا نەپرىتىممۇ ھەم . »
ئارغامچا چۈشۈرۈپ چوڭقۇرغا رۇستەم ،
زەنجىرلىك بىجەننى تارتتى ئۇ مەھكەم .
ئۇ يالىڭاچ ، ئۆسكەن چاچ - ساقال ، تىرناق ،
ئازابتىن ئەھۋالى خارابە سىياق .
دات باسقان زەنجىردىن جىسمى كۆكەرگەن ،
قاتقان قان ، زەردابتىن چېكىلگەن بەدەن .
تۆمۈر بېرىپ يەتكەن ئىدى سۆڭەككە ،
رۇستەم كۆرۈپ پەرياد قىلدى پەلەككە .
قول بېرىپ ، زەنجىردىن ئۇنى بوشاتتى ،
كىشەندىن ، ھالقىدىن تېز خالاس ئەتتى .
كېتىشتى ئۆي تامان ، مۇندىن ھەممەيلەن ،
بىر ياندا مەنىجە ، بىر ياندا بىجەن .
تەھەمتەن بىجەننىڭ تېنىنى يۇدۇردى ،
ئۈستىگە يېڭىدىن لىباس كىيدۈردى .
بىجەننىڭ ئالدىدا تىز چۆكتى گۇرگىن ،
تۇۋۋىلار تەكرارلاپ ياش تۆكتى گۇرگىن .
ناچار قىلمىشىدىن قىلدى پۇشايمان ،
كەچۈرۈم سورىدى سۆزلەپ كۆپ ئارمان .
بىجەننىڭ دىلىدا بىر غۇم قالمىدى ،
گۇرگىننى كەچۈرۈپ ، قىساس ئالمىدى .

ساۋۇت ، قالقانلارغا ئورالدى رۇستەم ،
يولغا تەييارلاندى ئات ، تۆگىلەر ھەم .
باتۇرلار ئاتلارغا مىنىشتى دەرھال ،
قوللاردا يالتىراق يالىڭاچ قورال .
رۇستەم جەڭ چېغىدەك باتۇر ئەرلەرنى ،
كۆزەتتى كارۋاننى ، گۇرزىدارلارنى .
كارۋان بىلەن ئەسكەش چىققانتى يولغا ،
ئۇ ياۋنى كۆزىتىپ تۇراتتى تەنھا .
رۇستەم بېجەنگە دەر : « سەنمۇ ھەم قوزغال ،
ئەسكەش بىلەن مەنىجە ، سەن تەڭ يول ئال !
بۇ تۈن ئەفراسىياپ بىلەن جەڭ بولۇر ،
ئۇ ئەمدى كۈتمىگەن ئەھۋالدا قالۇر .
ئۇنىڭ قەسرىدە شۇنداق ئىش بولغاي ،
ئەتىسى ئۇنىڭدىن ئۆز خەلقى كۈلگەي . »
بېجەن ئاڭا دېدى مۇنداق : « پەھلىۋان !
ماڭا بۇ جەڭ پۇرسەت تېپىلمايدىغان .
مېنىڭ باتۇرلۇقۇمنى كۆرۈپ بىلىشسۇن ،
قېنى مەندىن قىساس ئۇ ئېلىپ كۆرسۇن ! »

## رۇستەمنىڭ كېچىدە ئەفراسىياپ ئايۋىنىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى

تاپشۇرۇلدى زىرەك ئەسكەشكە كارۋان ،
رۇستەم بىلەن كەتتى يەتتە پەھلىۋان .
ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىن ئېگەرگە باغلاپ ،
مىڭىشتى باتۇرلار قىلىچ يالاڭلاپ .
رۇستەم ئەفراسىياپ قەسرىگە كىردى ،
شاھنىڭ غەمسىز ئۇخلاپ ياتقىنىن كۆردى .
تۇتۇپ قورالنىڭ دەستىسىن مەھكەم ،
شىر كەبى ھۇجۇمغا ئېتىلدى شۇ دەم .
ھەر ياندىن ياڭرىدى چۇقان ۋە نەرە ،
چاناشلار ، ئېتىشلار ئەۋجىدى تۈندە .
قانچە سەردارلارنىڭ بېشى كېسىلدى ،
ئاغزى ــ بۇرنى قاناپ ، يەرگە يىقىلدى .
ساقاللار تۇپراققا مىلەندى راسا . . .
ئاڭلاندى رۇستەمدىن بىر نەرە ــ سادا :
« شېرىن چۈشلەر كۆرۈپ ئۇخلا ، پادىشاھ !
پالۋانلىرىڭ مۇندا تەرك ئەتسۇن نىگاھ !
تەختىڭدە شۇ ھالەت ئىدىڭ شاد ــ ئامان ،
بېجەن قاراڭغۇ چاھتا يۇتار ئىدى قان .
گويا نەزەرىڭدە بەختىڭ مەڭگۈ يار ،
سېنى ساقلار ئىدى تۆمۈر قاپقىلار :
مەن زابۇل رۇستەمى ، زالنىڭ ئوغلانى ،
تۇگىدى سەن ئۈچۈن ئىشرەت زامانى !
چاھنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم ، ھېچ گۇمان بولماس ،
ئەمدى ئۇ تاش ساڭا پاسىبان بولماس .
كىشەندىن قۇتۇلدى بېجەن ، بول ئاگاھ !
كۈيئوغۇلنى قىيناش ، بىلسەڭ چوڭ گۇناھ !
سىياۋۇش ئۆلۈمى ساڭا بەس يېتەر ،
بۇ دەشتتە رەخش ئېتىم ، كۆر جەۋلان ئېتەر ! »
بېجەن نەرىسىمۇ ئىدى چوڭ چۇقان :
« مېڭىسىز ئەي تۈرك ، ئەي شاھى تۇران !
ئەسلە : تەختىڭدە شاد ئولتۇراتتىڭ سەن ،
ئالدىڭدا زەنجىرلىك تىك تۇراتتىم مەن .
يولۋاستەك بۇيرۇدۇڭ ماڭا ئۆلۈمنى ،
ئېغىر ــ چوڭ زەنجىردە باغلاپ قولۇمنى .
مانا ئەمدى قارا ، كىشەندىن ئازاد ،
شىر ــ يولۋاس بولسىمۇ قىلۇرمەن بەرباد . »
ئەفراسىياپ دەرھال كىيىنىۋالدى ،
مەردلەرنى ئۇيقۇدا كۆرۈپ تاڭ قالدى .
ئەسكەرلەرگە دېدى :« يولنى توسۇڭلار ،
رۇستەم باتۇرلىرىنى بەنت ئېتىڭلار ! »
ھەر ياندا تىركەشمە جەڭ ئىدى راۋان ،
قەسىردە ئاقاتتى ئۇيۇم ــ ئۇيۇم قان .
تۇران قوشۇنىدىن كىم بولسا پەيدا ،
قىسمەت ئۇنى جاندىن قىلاتتى جۇدا .
جەڭگە ئىنتىلگەنلەر ھالى بەك يامان ،
ئەفراسىياپ قېچىپ قۇتۇلدى ئاران .
تۇلپار مىنگەن كىشى قىلدى تېز زەپەر ،
شايى ، گىلەملەرنى ئېلىشتى مەردلەر .
ئەفراسىياپنىڭ ھۆر ــ پەرىلىرى
ئىرانلىقلار قولىنى تۇتتى ئۆزلىرى .
ئولجا بولدى ئاتلار ، ئالتۇن ، گۆھەرلەر ،
ياسىداق ياسالغان ، نەقىش ئېگەرلەر .
يۈك ئارتىپ قەسىردىن ئىلدام چىقىشتى ،
تۇراندىن كېتىشكە بەك ئالدىراشتى .

ئۇلار بۇ جەڭدە راسا ھېرىشتى ،
دەم ئالماي كارۋانغا يېتىپ ئېلىشتى .
رۇستەم ئۇزاق يولدىن ھارغىنتى ھالى ،
گەجگىسىدىن باساتتى باشتا كۆلاھى .
ئاتلىقلار ھېرىشتى ، ئاتلار چارچىدى ،
ئۇلاردا نە مادار ، نە كۈچ قالمىدى .
شۇ چاغدا چۆلدىكى لەشكەرگە رۇستەم ،
ئەۋەتتى ئالاقە ئەلچىسىنى ھەم :
« قوشۇنلار بولسۇن جەڭ ئۈچۈن تەييار ،
قىلىچلار قىنىدىن چىقمىقى دەركار .
ئىمانىم كامىلكى ، كۆپ چاغ ئۆتمەستىن ،
ئاتلار تۇيىقىدا قارايغاي زېمىن .
ئەفراسىياپ يوللار قوشۇن بىقىياس ،
نەيزىلەر ئورمانكى ، توسالغاي قۇياش . »
باتۇر بىر چەۋەنداز ئۇچۇپ كەتتى تېز ،
مەردلەر گۇرزىلەرنى تۇتۇشتى ئېگىز .
بارچە نەيزىلىكلەر كۆتۈرۈپ نەيزىسىن ،
تەل بولۇپ كۇتۇشتى جەڭنىڭ لەرزىسىن .
مەنجە چېدىردا خۇشال ئولتۇرار ،
كېنىزەكلەر ئۇنىڭ خىزمىتىن قىلار .
تەھەمتەن ئەسلەتتى ئاڭا بىر ماقال :
« مەي تۆكۈلگەن بىلەن پۇرىقى قالار . »
بۇ پانىي دۇنيانىڭ ئىشى شۇ خىلدۇر ،
گاھى ئەيش ــ ئىشرەت ، گاھى مۇشكۇلدۇر .

## ئەفراسىياپنىڭ رۇستەم بىلەن جەڭ قىلىشقا كەلگەنلىكى

قۇياش تاغ كەينىدىن كۆتۈرگەندە باش ،
چەۋەنداز تۇرانلار ئاتلاندى تۇتاش .
شاۋقۇندا كۆز ئاچتى شەھەر سەھەر ــ تاڭ ،
نەرە ، چۇقانلاردىن قولاق بولدى پاڭ .
ئەفراسىياپ قەسرىگە مەردلەر كىردى ،
بەللىرىنى باغلاپ ، سەپ ياساپ تۇردى .
تۇرانلىق سەردارلار جەڭ چېغى ئوخشاش ،
پادىشاھ ئالدىدا ئېگىپ تۇردى باش .
ئۇلار شۇنداق دېدى : « بۇ ئۆزى نېمە ؟
كېرەكتۇر بۇ ئىشقا بەرمەك خاتىمە !
مەيلىمۇ بىجەن شۇنچە شەرمەندە قىلسا ،
شاھقا ، سەردارلارغا شۇنداق داغ سالسا !
ئىراندا خوتۇندىن بەتتەر نام ئالدۇق ،
بەئەينى باغلانغان ئايالدەك قالدۇق ! »
ئەفراسىياپ ئارسلان كەبى توۋلىدى ،
جەڭگە ئاتلانماقنى دەرھال بۇيرۇدى .
« قېنى ناغرا ــ دۇمباق چېلىنسۇن شۇئان ! »
ئەفراسىياپ بەردى پىرانغا پەرمان .
غەزەپتىن ئۇ تىترەر ئىدىكى شۇنداق :
« بەس ئىران ئالدىدا شەرمەندە بولماق ! »
مىس كانايلار غازدەك ياڭراتتى سادا ،
تۇران لەشكەرلىرى قوزغالدى شۇندا .
قەسىر لەرزىگە كەلدى لەشكەر مەۋجىدىن ،
قوڭغۇراق ، سۇنايلار سادا ئەۋجىدىن .
تۇران لەشكەرلىرى دەھشەتتە بارار ،
قوشۇندىن يەر يۈزى ئۇممانغا ئوخشار .
كۆزەتكۈچى كۆردى ئۆز مەنزىلىدىن :
يەر كۆچتى دېڭىزنىڭ ئۇ ساھىلىدىن .
ھاسىراپ كېلىپ ئۇ دېدى رۇستەمگە :
« ئاتلىقلار كەلمەكتە سىغماي ئالەمگە .
تۇياقلاردىن يەرنى قاپلىدى توزان ،
قارايدى ھەتتاكى كۆرۈنمەي ئاسمان .»
رۇستەم ئاڭا دېدى : « مۇندىن قورقمايمىز ،
مۇنداقچە جەڭلەردىن بىز تەپ تارتمايمىز .»
ئەۋەتتى مەنجە بىلەن كارۋاننى ،
ساۋۇت كىيىپ قولغا ئالدى قالقاننى .
كۆردى ياۋ قوشۇنىن چىقىپ ئۇ تاغقا ،
شىر كەبى نەرىلەر سالدى ھەر ياققا .
پەھلىۋان چەۋەنداز ئېيتتى بىر ماقال :
« شىرنىڭ پەنجىسىدە تۈلكىدە نە ھال ؟ »
قورقماس باتۇرلارغا بەردى ئۇ پەرمان ،
« جەڭدە شۆھرەت تېپىش ۋاقتى بۇ زامان !
قېنى ئۆتكۈر قىلىچ ، ئۆتكۈر نەيزىلەر ؟
قېنى توقماق ، ئۈككۈز باشلىق گۇرزىلەر .
جاسارەت كۆرسىتىش پەيتىدۇر بۇ پەيت ،
مەردانە جەڭ قىلىش پەيتىدۇر بۇ پەيت ! »
كانايلار سادالار ياڭراتتى بىردىن ،
تەھەمتەن تۇلپارغا سەكرىدى يەردىن .

ياۋ لەشكىرى يېقىن كەلگەچ بۇ تامان ،
تەھەمتەن ئالدىغا چاپتى شۇ زامان .
ھەر ياققا يېيىلغان تۇرانلىق ئەرلەر ،
بەئەينى بىر تۆمۈر سېپىلدىن خەۋەر .
رۇستەم تاللاپ ئالدى جەڭ ئۈچۈن مەيدان ،
ئاتلار توزىنىدىن قارايدى ئاسمان .
ئوڭ قاناتتا ئەشكەش بىلەن گۇستەھەم ،
ھېسابسىز چەۋەنداز ئۇلارغا ھەمدەم .
سول قاناتتا زەنگە بىلەن مەرد رۇھھام ،
ھەممە جەڭگە ھازىر ، خۇلاسى كالام .
گېۋ ئوغلى بېجەن ھەم رۇستەم ئورتىدا ،
ھەر ئىككى قانات سۆيۈنەر ئۇلارغا .
ئىران قوشۇنىنىڭ كەينىدە شۇنداق ،
قەد كېرىپ تۇراتتى ئاشۇ بىستۇن تاغ .
ئىران قوشۇنىنىڭ ئالدىدا قاتار
يالتىراق قىلىچتىن تۈزۈلگەن تام بار .
ئەفراسىياپ كۆردى قوشۇننى شۇ دەم ،
ئۇنىڭ مەركىزىدە تۇراتتى رۇستەم .
قايغۇرۇپ ، ساۋۇتنى تاقىدى شۇئان ،
لەشكەرگە : « ئاستا ! » دەپ چۈشۈردى پەرمان .
دۈشمەن قوشۇنىنىڭ مۇنداق ئەپتىدىن ،
ئۆز سەپلىرىن تۈزدى تېزدىن ، قايتىدىن .
ئاسمان قىزىرىپ بولدى رەڭگى قان ،
چاڭ ـ توزان ئىچىگە غەرق بولدى جاھان .

سول قانات قوشۇنغا قويدى پىرانىنى ،
ئوڭ قانات قوشۇنغا باتۇرى ھۇمانىنى .
ئورتىنى تاپشۇردى گەرسىۋەز شىدقا ،
ئۆزى قاراپ تۇردى ئارقا ـ ئالدىغا .
تەھەمتەن قوشۇننى يۈرەر ئايلىنىپ ،
قوشۇن تۇرار تۆمۈر تامنى ئەسلىتىپ .
ۋارقىرىدى : « سەن ئەي تۈرك ، ئەي بەختى قارا !
تاجىڭنى ، قوشۇننى ئەيلىدىڭ رەسۋا !
چەۋەندازغا لايىق جاسارەتكە يات ،
قوشۇنىنىڭ ئالدىدا قىلمامسەن ئۇيات .
قوشۇن ، ئاتلار بىلەن چەيلەپ زېمىننى ،
جەڭدە كۆزەتكەن نەچچە رەت مېنى !
ئەسكەرلىرىڭ جەڭگە ئاتلانغان زامان ،
ھەر قېتىم قاچتىڭسەن بەئەينى توشقان .
ئاڭلىمىغانمۇسەن داستاندىن ئەلھال ،
كۆپ تەكرار قىلىنغان قەدىمكى ماقال :
« شىرنىڭ پەنجىسىدە تىترەيدۇ قۇلان ،
قۇياشتەك پارلىماس يۇلتۇز ھېچقاچان .
تۈلكە ئۆزگەرسىمۇ بولماس پەھلىۋان ،
ۋە شىرگە چاڭ سالماس دۈچ كەلسە قۇلان . »
مەن كۆرگەن ئەمەسمەن سەندەك نادان شاھ ،
شاھلىقنى توزۇتتۇڭ شامالدا ناگاھ .
ئەمدى قولغا چۈشتۇڭ بۇ دەشت ـ مەيداندا ،
تېنىڭمۇ ، جېنىڭمۇ قالماس ئاماندا . »

## ئەفراسىياپنىڭ ئىرانلىقلاردىن يېڭىلگەنلىكى

ياۋۇز تۈرك بۇ سۆزنى ئاڭلىغان زامان ،
تىترىدى ، قوشۇنغا ۋارقىراپ شۇئان :
« ئەي تۇران مەردلىرى بولۇڭلار ئاگاھ !
بۇ مەيدان جەڭگاھمۇ ياكى بەزمىگاھ ؟
بۇ جەڭدە جاسارەت كۆرسەتمەك دەركار ،
مەن تاج ۋە مال ـ مۈلۈك بېرىشكە تەييار . »
تۇران ئەسكەرلىرى شاھنىڭ نىداسىن
ئاڭلىدى ، ياڭراتتى مەغرۇر ساداسىن .
قوزغالدى ! قارايدى قۇياشنىڭ يۈزى !
گويا سۇغا چۆكتى پۈتۈن يەر يۈزى .
پىللارنىڭ ئۈستىدە دۇمباق ، ناغرىلار ،
ئۇزۇن مىس كانايلار توختىماي ياڭرار .

مەردلەر قالقانلىرى قاتار تىزىلدى ،
گويا دەشتتە تۆمۈر تاغ تۇرغۇزۇلدى .
ئىككى ياقتا ئاتلىق قوشۇندا چۇقان ،
لەرزىگە كەلگەن تاغ ، زېمىن ۋە ئاسمان .
قىلىچلار ۋالىلداپ ئۇرۇشار دەھشەت ،
بەئەينى بولغاندەك مەھشەر ـ قىيامەت .
قالقان ، كۇلاھ ، قالپاق ، نەيزىنى يانچىپ
چۈشەتتى گۈرزىلەر چاقماقتەك سانجىپ .
ئەجدىھا سۈرەتلىك رۇستەم تۇغدىن ،
نۇر سۇندى ھەتتاكى قۇياش چوغىدىن .
پىللاردىن چىققان چاڭ ئاپتاپقا نىقاپ ،
قارا بوياق بىلەن تورالدى ئاپتاپ .

رۇستەم تۇلپىرىدا چاپاتتى ئۇچۇپ ،
باشلىقلارنىڭ بېشى چۈشەتتى ئۇچۇپ .
قولىدا ئۆكۈز باش شۇ دەھشەت گۈرزى ،
گويا ئارقان ئۈزگەن تۆگىنىڭ ئۆزى .
ئۇ كىرىپ بۆرىلەر ئىچىگە چاققان ،
بەھەيۋەت قوشۇننى قاچۇردى ھەر يان .
قوشۇن باشلىقلىرى كېلىشتى شۇندا ،
ئاتلىرى قۇيۇندەك كېلەتتى گويا .
گۈرگىن ھەم رۇھھام ھەم فەرھاد پەھلىۋان ،
ياۋنىڭ سول قانىتىن قىلىشتى يەكسان .
ئۇگدىن ئەشكەش دەرھال ئاتلىنىپ چىقتى ،
جەڭدە گەرسىۋەزگە قارشى ئېلىشتى .
ئېغىر گۈرزە بىلەن ئارىدا بېجەن
جەڭ قىلار ، ئاڭا جەڭ مەيدانى گۈلشەن .
دۈشمەن چەۋەندازى شامالدا دەرەخ
شېخىدەك تۆكۈلدى ، مەغلۇپ بولماق تەق .
مەيدان باشتىن ـ ئاياغ قانلار بۇلىقى ،
ئاغدۇرۇلدى تۇران شاھىنىڭ تۇغى .
تۇران باتۇرلىرى پۈتكۈل ئۈزدى جان ،

ئەفراسىياپ كۆردى : ئەھۋال بەك يامان .
تەقدىر يۈز ئۆرۈدى ، نە ئىلاج ، ئەتتەڭ ،
مەغلۇبىيەت بىلەن تۈگىدى بۇ جەڭ .
ھىندى قىلىچ ئۇنىڭ قولىدىن چۈشتى ،
دەم ئالغان ئېتىغا سەكرىدى ، مىندى .
ئۇ ئىرانلىقلاردىن زەربە يەپ دەرھال ،
تۇرانغا يول ئالدى بەئەينى شامال .
ئۇنى قوغلاپ كەتتى شىر پەنجە رۇستەم ،
تۇرانغا قاچقان كۆپ لەشكەرلەرنى ھەم .
ئىككى فەرسەڭ يولدا ، مىسالى ئەجدەر ،
رۇستەم قولىدا جان بەردى كۆپ ئەسكەر .
ئۇلارنى سېپىدىن رۇستەمى داستان
يۇلۇپلا ئالاتتى مىسلى شىر سىمان .
مىڭلاپ تۇرانلىقلار جەڭ ئاخىرىدا
ئۆزىنى كۆرۈشتى ياۋ تۇتقۇنىدا .
رۇستەم لەشكەرگاھقا قايتتى كۆپ مەمنۇن ،
غالىبلارغا ئولجا تارقاتماق ئۈچۈن .
قالغان ئولجىلارنى كارۋانغا ئارتىپ ،
خۇسرەۋ ھۇزۇرىغا كەلدى ئۇ قايتىپ .

## رۇستەمنىڭ كەيخۇسرەۋ ئالدىغا قايتىپ كەلگەنلىكى

كەيخۇسرەۋگە يەتتى جەڭگاھتىن خەۋەر ،
شىر ئورماندىن قايتتى قازىنىپ زەپەر .
زىنداندىن ، كىشەندىن بېجەن قۇتۇلغان ،
ئەجدىھا ئاغزىدىن ئازاد قىلىنغان .
پۈتكۈل تار مار بولۇپ تۇران لەشكىرى ،
رۇستەم ئۇنى سۈرگەن جەھەننەم سېرى .
بۇ خەۋەر خۇسرەۋگە يەتكىنى ھامان ،
شۈكرانە سەجدىگە باش قويدى سۇلتان .
گۇدەرز بىلەن گېۋ ھەم خەۋەر تېپىشتى ،
ئۇلار شاھ قەسرىگە يېتىپ كېلىشتى .
شاۋقۇن ـ دەبدەبىدە كۆردى قوشۇننى ،
ناغرا ـ سۇنايلار بىلەن ئەل قۇتلار ئۇنى .
كانايلار سارايدىن ياڭرار شۇ قەدەر ،
مەيدانغا كىرەتتى شۇ غالىب لەشكەر .
ئاتلار تۇزىنىدىن قارايدى مەيدان ،
ناغرىلار ئۈنىگە كۆمۈلدى تۇران .
شاھنىڭ بىر يېقىدا ئارسلان ـ شىرلار ،

يەنە بىر يېقىدا چەۋەنداز ئەرلەر .
ئاتلىقلار ئات چېپىپ مەغرۇر ۋارقىرار ،
پىللار تۇمشۇقىدا تاشلارنى يۇلار .
كاناي ـ سۇنايلارنىڭ ساداسى ياڭراق ،
گېۋ ، گۇدەرز مەردلىرى كۆتۈرگەن بايراق .
قۇدرەتلىك شاھ قىلدى قوشۇنغا پەرمان :
« شۇ يوسۇن كۈتۈلسۇن ئۇلۇغ پەھلىۋان ! »
باتۇرلار سەپلىرى تاغ بولسا گويا ،
لەشكەرلەر بەئەينى مەۋج ئۇرغان دەريا .
قاتاردا پەھلىۋان كۆرۈنگەن زامان ،
گېۋ ، گۇدەرز چاپتى ئۇ غالىب تامان .
ئىرانلىق سەردارلار شۇيان چېپىشتى ،
غالىبنى تەبرىكلەشكە ئالدىراشتى .
شۇندا ئاتتىن چۈشتى ئۇ مەردى جاھان ،
باتۇرلار ئوراشتى رۇستەمنى شۇئان .
ھال ـ ئەھۋال سوراشتى ، تەبرىك قىلىشتى ،
يول ئازابلىرىنى سوراپ بىلىشتى .

گېۋ ، گۇدەرز ئاڭا دېدى تەسەننا :
« ئەي غالىب سەركەردە ، ساق بول دائىما !
شىر سەندىن باتۇرلۇق دەرسىنى ئالغاي ،
يامان كۆزدىن سېنى تەڭرى ساقلىغاي .
يەزدان دائىم بولسۇن سېنىڭ تايانچىڭ ،
قۇياش ــ ئاي يولدىشىڭ ، كۆڭۈل سۆيۈنچىڭ !
سەن بولغاچ بىز تاپتۇق ئوغلانىمىزنى ،
قولۇم دەپ قوبۇل قىل ئەۋلادىمىزنى ؟
غەم قايناملىرىدىن سەن قىلدىڭ ئازاد ،
ئىراندا بىز ساڭا قۇلمىز ئۆمۈرباد . »
ئەمەلدارلار ئاتقا مىنىشتى چاققان ،
ئۇلار شاھ قەسرىگە بولۇشتى راۋان .
قوشۇننىڭ تايانچى ، ئۇلۇغ پەھلىۋان ،
پادىشاھ قەسرىگە كېپقالدى شۇئان .
ئىران ھۆكۈمرانى ، شۇ مۆتىۋەر شاھ ،
پەھلىۋان ئالدىغا كەلدى ئۇ ناگاھ .
رۇستەم شەھرىيارنى كۆرگەندە دەرھال ،
ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى بەئەينى شامال .
ئۇ يول ئازابىنى ئۇنتۇلۇپ شۇندا ،
پادىشاھقا تەزىم ئەيلىدى بەجا .
رۇستەمنى باغرىغا ئالدى پادىشاھ :
« ئەسسالام ، پەھلىۋان ، ئەي دۆلەتپاناھ !
رۇخسارىڭ قۇياشقا ئوخشايدۇ ئوغلان ،
ئۇلۇغلايدۇ جاھان سېنى پەھلىۋان ! »
رۇستەم ياخشى ئاڭلاپ پەدەر ، شاھ كۆڭلىن ،
قولىدا تۇتتى ئۇ بىجەننىڭ قولىن .
قەددىنى رۇسلىدى ، شاھ تامان يۈردى ،
ئامانەت يىگىتنى شاھقا تاپشۇردى .
ئاندىن مىڭ ــ مىڭلىغان تۇرانلىق تۇتقۇن ،
خۇسرەۋ شاھ ھۆكمىگە تاشلاندى پۈتۈن .
رۇستەمنى ماختىدى خۇسرەۋ شاھ يەنە :
ھەمىشە بەختىڭنى قوللىغاي ساما !
بېشىڭ ئامان بولسۇن غالىب پەھلىۋان ،
تەڭرى پاناھىدا ساقلىغاي ئامان .
بەختلىكتۇر ، ئاتاڭ زال ئۆتسىمۇ گەر
دۇنيادىن ، قالغاچقا سەندەك بىر قەيسەر .
بەختلىكتۇر زابۇللار دىيارى ھامان ،
ئۇ يەردە تۆرەلگەچ سەندەك ئارسلان .
بەختلىكتۇر ئىران ھەم ئۇنىڭ بار سانسىز
سېنىڭدەك ئوغلانى ، باتۇر مىسلىسىز .
بۇلاردىن ئۇلۇغدۇر مېنىڭ ھەم بەختىم ،
تەھەمتەن ـــ بىر چىراغ ، يورۇقتۇر تەختىم !
ئىراننىڭ ـــ تاجىسەن ، دۆلەتكە مادار ،
سەنسىز ئەلدە بولماس بىزگە تەلەي يار . »
ئاندىن گېۋگە دېدى شانلىق شەھرىيار :
« تەڭرى ئەمرى بىلەن بولدۇڭ بەختىيار .
رۇستەم قولى بىلەن باغرىڭغا يەزدان ،
شەۋكەتلىك ئوغلۇڭنى قايتۇردى ئامان . »
گېۋ شاھقا تەشەككۇر بىلدۈردى شۇئان :
« ياشا ئەي شەھرىيار جاھاندا ھامان !
رۇستەم داستان بولسۇن مەڭگۈ نەۋقىران ،
شەرەپلىك زال بولسۇن دائىم شادىمان ! »

## خۇسرەۋنىڭ بايرام ئۇيۇشتۇرغانلىقى

خۇسرەۋ پەرمان قىلدى : « يېيىڭ داستىخان ،
بەزمىگە توپلانسۇن بارچە پەھلىۋان ! »
دەرھال قەسرىگە تولدى كۆپ مېھمانلار ،
باتۇرلار ، ساقىيلار ، خۇشال ئادەملەر .
چاڭنى زىل سايرىتىپ چالغۇچىلار ھەم ،
گۈلىيۈز قىزلار ـــ خىزمەت قىلغۇچىلار ھەم .
ھەممىنىڭ بېشىدا زەر تاجلار ياشنار ،
نۇر چېچىپ يالتىرار بىباھا تاشلار .
كىمخابتەك چېھرىلەر ، جىلۋىدار گۈلگۈن ،
چاڭ زوقىدا دىللار شۇنچىلىك مەمنۇن .
كۈمۈش كوزىلاردا خۇش پۇراق شاراب ،
ئالدىدا بىر كۆلگە لىق تولغان گۈلاپ .
سەرۋى ئۈستىدىكى تولۇن ئايسىمان ،
كەيخۇسرەۋ تاجىدىن نۇر ئۇچار ھەر يان .
كەيخۇسرەۋگە سادىق باتۇرلار بىر چاغ
قەسىردىن تارقالدى بولۇپ كەيپى چاغ .
سەھەر يېتىپ كەلدى سارايغا رۇستەم ،
دىلى شاد ، بېلىنى باغلىغان مەھكەم .
ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن سورىدى رۇخسەت ،
شاھتىن ئالماق دەركار دانا مەسلىھەت .

تون ـ يوپۇق كەلتۈردى بۇيرۇق بېرىپ شاھ ،
كەلتۈردى گۆھەرلەر قادالغان كۇلاھ .
يەنە گۆھەر نەقىشلىك بىر جام كەلتۈردى ،
يۈز ئات ھەم يۈز تۆگە ئىنئام كەلتۈردى .
يەنە ئىككى ئەللىك چىۋىق بەللىك قىز ،
يەنە ئىككى ئەللىك كۆزلىرى نەرگىز .
ئۇنىڭ خىزمىتىگە بولدى مۇلايىم ،
ھەممىسى سەپ بولۇپ قىلىشتى تەزىم .
ھەممە سوۋغات رۇستەم ئالدىدا پەيدا ،
پادىشاھ پەرمانى قىلىندى ئادا .
زابۇللۇق رۇستەم ئالدى ئۇنىڭ جەمىن ،
شاھقا تەزىم قىلىپ ، سۆيدى ئۇ زېمىن .
بېشىغا ئۇ كىيدى شاھانە كۇلاھ ،
شاھانە كەمەرنى باغلىدى ناگاھ .
شاھقا ئاپىرىنلار ئوقۇپ قوزغالدى ،
سۆيۈملۈك يەر ـ سىيىستان تامان يول ئالدى .
شاد قىلدى يول بويى ئۆزى بىلەن ھەم ،
رەنج چەككەن مەردلەرنى ئەزىمەت رۇستەم .
ھەممىسىگە لايىق قىلدى ئۇ سوۋغات ،
قەسىردىن ئۇزاشتى ئۇلار بارى شاد .
رۇستەمنى ئۇزىتىپ ئۇ شاھى جاھان ،
تەختىدە ئولتۇردى خۇشال ۋە ئامان .
ئاندىن ئۇ بېجەننى ئەسلەپ چاقىردى ،
بۇ سەپەر ھەققىدە سوئال سورىدى .
بېجەن سۆزلەپ ئۆتتى ئۇشبۇ سەپەردىن ،
يوللاردا يولۇققان ھەر خىل خەتەردىن .
تارتقان ئازابلىرى ، زەخمەتلىرىدىن ،
كەچۈرگەن سەرگۈزەشت ، كۈلپەتلىرىدىن .
قاراڭغۇ چاھ ۋە قىز چەككەن ئىزتىراپ ،
شاھقا ئايان بولدى تەسىرلىك كىتاب .
بۇ ئاچچىق قىسمەتنى ئاڭلاپ شاھ ، دېمەك ،
پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلىدى تىترەك .
بەختىنى يوقاتقان قىزنىڭ تەقدىرى ،
ھەممىدىن زور بولدى شاھقا تەسىرى .
خۇسرەۋ شاھ پەرمان قىلدى : مۇشۇ قىز ئۈچۈن
رۇمى كىمخابلاردىن يۈز كۆڭلەك گۈلگۈن
كەلتۈرمەكنى ، ئۇنىڭ ئېتەكلىرىگە ،
گۆھەرلەر چېكىشنى يېپەكلىرىگە ،
يەنە تاج بۇيرۇدى قىز ئۈچۈن ئالتۇن ،
يەنە ئون ھەميانغا زەر تولسۇن پۈتۈن .
بېرىلدى ئۇنىڭغا گىلەم ـ يېپەكلەر ،
خىزمىتىگە قانچە قىز ـ كېنىزەكلەر .
بېجەنگە بۇيرۇدى : « بۇ بايلىقنى ئال ،
ئۇنى تۈرك قىزىغا يەتكۈزگىن دەرھال .
ئۇ سېنىڭ تۈپەيلىڭ يۇتۇپتۇ ئاچچىق ،
دىل ئازار قىلما ھەم سۆزلىمە قاتتىق .
شاد ـ خۇرام ياشىغىن ئۇنىڭ بىلەن ھەم ،
چۈشەن ، باقىي ئەمەس بۇ پانىي ئالەم .
بىرىنى كۆكلەرگە كۆتۈرەر دەمدە ،
بىرىنى مۇجۇيدۇ كۈلپەتلىك غەمدە .
بىرىنى ئۇ قىلسا يەر بىلەن يەكسان ،
يەنە بىرىنى مەھكۇم ۋە سەرسان .
بۇ جاھان ھەر قىسما خەتەرگە تولۇق ،
ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئەسلا تەرىپ يوق .
ئۆزى غەرق قىلىدۇ كەيپى ـ ساپاغا
ۋە ئۆزى قويىدۇ يەنە بالاغا .
بىرىنى زىنداندىن كۆتۈرگەي تەختكە ،
مۇيەسسەر قىلىپ ئۇ تاج كەبى بەختكە .
ئەمما باشقىلارنى زىندانغا تاشلار ،
بېشىغا ياغدۇرار مالامەت تاشلار .
بۇ دۇنيادا يوقتۇر نومۇس بىلەن ئار ،
ھېچكىمنى ھۆرمەتكە ئەتمەس سازاۋەر .
ئۇنىڭ ئىشى ياخشى بىلەن يامانلىق ،
بۇ دۇنيا ھېچكىمگە بەرمەس ئامانلىق .
مەشغۇلى ئۆزگەرمەس بۇ كارۋانساراي ،
گاھى شادلىق ، گاھى غەم ئىشى ، ئايھاي .
سەن مال ۋە دۇنيا ئويلىما ئەسلا ،
غەم ـ قايغۇدىن يىراق ياشىغان دانا . »
بېجەننىڭ قىسسىسى شۇ بىلەن تامام ،
پىران ، گۇدەرز نەقلىن سۆزلەيمىز داۋام .

## « ئون ئىككى جەڭ » داستانىنىڭ قىسقىچە بايانى

« شاھنامە » دە « بېجەن ۋە مەنىجە » داستانىدىن كېيىن « ئون ئىككى جەڭ » داستانى سۆزلىنىدۇ .

ئۇنىڭدا ئىرانلىقلارنىڭ تۇرانغا يەنە بىر قېتىملىق يۈرۈشى ھېكايە قىلىنىدۇ.

ئون ئىككى قېتىملىق جەڭ يۈز بېرىپ، تۇران قوشۇنلىرى ئاساسەن تارمار قىلىنىدۇ. پىران، بەرمان، ھۇمان، فەرشىدۋەرد ۋە باشقا كۆپلىگەن تۇران پەھلىۋانلىرى بۇ جەڭدە ھالاك بولىدۇ.

بۇ داستاندا كەيخۇسرەۋنىڭ يولسىز ئۆلتۈرۈلگەن ئاتىسى سىياۋۇش ئۈچۈن ئەفراسىياپتىن قىساس ئېلىش يولىدىكى ئۇرۇشقا بىۋاستە ئۆزى قاتناشقانلىقى ۋە ئۇزۇن داۋام قىلغان بۇ جەڭلەردە كەيخۇسرەۋنىڭ ئەفراسىياپ قوشۇنلىرىنى بىر-بىرلەپ تارمار قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ جەڭدە ئەفراسىياپ بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى گەرسىۋەز غارغا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئۇلارنى خەئۇم ئىسىملىك دەرۋىش تۇتۇۋېلىپ كەيخۇسرەۋگە تاپشۇرىدۇ. كەيخۇسرەۋ ئەفراسىياپنى گەرسىۋەز بىلەن بىللە جازالايدۇ.

ئۆز ئاتىسى ئۈچۈن قىساس ئالغان كەيخۇسرەۋ ئىرانغا قايتىپ كېلىپ، تەختنى يىراق تۇغقىنى لۇخرەسپكە تاپشۇرۇپ بېرىپ، كۆپلىگەن پەھلىۋانلارنى ئېلىپ قار-بوران ئىچىدە غايىب بولىدۇ.

لۇخرەسپنىڭ زەرىر ۋە گۇشتەسپ ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولۇپ، گۇشتەسپ ئاتىسىنىڭ تەختكە ئولتۇرماقچى بولىشىمۇ رەت قىلىنغاچقا ئىراندىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ رۇمغا كېلىپ كۆپ جاسارەتلەر كۆرسىتىپ قەيسەرنىڭ قىزى كەتايونغا ئۆيلىنىدۇ. گۇشتەسپ رۇمدىن قايتقاندا لۇخرەسپ ئۇنىڭغا تەختنى بېرىدۇ.

گۇشتەسپ ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە زەردۇشت ئىسىملىك پەيغەمبەر پەيدا بولىدۇ. گۇشتەسپ ئۆز پۇقرالىرى بىلەن زەردۇشت دىنىغا كىرىدۇ. ئەمما تۇران ھۆكۈمدارى ئەرجەسپ گۇشتەسپتىن بۇ دىندىن چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەم مۇشۇ باھانە بىلەن ئىران- تۇران ئۇرۇشى يەنە باشلىنىدۇ. بۇ جەڭلەردە تۇران پەھلىۋانى بىدەرەفش نەيزە ئېتىپ پادىشاھ گۇشتەسپنىڭ ئىنىسى زەرىرنى ۋە ئىراننىڭ ئەڭ كۈچلۈك يەنە بىر پەھلىۋانىنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇندىن كېيىن ئىران لەشكەرلىرىگە شاھزادە ئىسفەندىيار باشچىلىق قىلىدۇ. ئۇ تۇرانلىقلارنى تارمار قىلىپ، زەرىر قىساسىنى ئالىدۇ.

بىراق، ئىسفەندىيارغا ئىچى تارلىق قىلىپ يۈرگەن ئىران پەھلىۋانى گۇرەزم گۇشتەسپكە ئوغلى ئۈستىدىن چېقىمچىلىق قىلىدۇ ھەم ئۇنى گۇنبەدەندىج قەلئەسىگە قاماپ قويىدۇ.

ئىسفەندىيارنىڭ كىشەنلەنگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان تۇران شاھى ئەرجەسپ يەنە ئىرانغا باستۇرۇپ كىرىپ، شاھ گۇشتەسپنىڭ قېرى ئاتىسى لۇخرەسپنى ئۆلتۈرىدۇ، گۇشتەسپنىڭ قىزلىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ.

گۇشتەسپ دانىشمەن جەمەسپتىن مەسلىھەت سورىغاندا، ئۇ تۇرانلىقلارنى پەقەت ئىسفەندىيارنىڭ يېڭىشى مۇمكىنلىكىدىن بېشارەت قىلىدۇ. بۇ مەسلىھەت بويىچە گۇشتەسپ جەمەسپنى گۇنبەدەندىجكە ئەۋەتىپ ئىسفەندىيارنى قۇتۇلدۇرىدۇ. ئىسفەندىيار پايتەختكە يېتىپ كەلگەندە گۇشتەسپ ئۇندىن ئەرجەسپنى يېڭىپ، سىڭىللىرى ھۇماي بىلەن بېھ-ئافەرىدنى تۇرانلىقلارنىڭ تۇتقۇنىدىن ئازاد قىلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئىسفەندىيارنىڭ تۇرانغا قىلغان سەپىرى «ئىسفەندىيارنىڭ يەتتە جاسارىتى» ناملىق داستاندا بايان قىلىنغان.



# ئىسفەندىيارنىڭ يەتتە جاسارىتى

## بىرىنچى جاسارەت

### ئىسفەندىيارنىڭ ئىككى بۆرىنى ئۆلتۈرگەنلىكى

ھېكايىچى دېھقان يېيىپ داستىخان ،
يەتتە جاسارەتتىن ئېيتتى بىر داستان .
قولىن ئېچىپ ئۇندا تۇتتى ئالتۇن جام ،
گۇشتەسپ ھەققىدە باشلىدى كالام .
رۇئىندىجدىن ، ئىسفەندىيار جېڭىدىن ،
گورگسار سىنىقىدىن ، يول ئەھۋالىدىن .
دېدى : ئىسفەندىيار بەلخكە كەلگەندە ،
يۈرىكىگە ئاچچىق ئەلەم تولغاندا ،
ئاتا يېنىدىن كەتتى ، دىلى كۆيۈپ مۇندا ،
يول ئالدى شۇم گوركسار بىلەن تۇرانغا .
ئالدىدىن ئاچا يول چىققانچە يۈردى ،
ئۇندا قوشۇن بىلەن بارىگاھ قۇردى .
بۇيرۇدى : سېلىنسۇن بۇگۈن داستىخان ،
بولسۇن مەي ۋە قانچە كۈيچى ، غەزەلخان .
لەشكەر باشلىقلىرى بەزمە قۇرۇشتى ،
داستىخان چۆرىدەپ تەڭ ئولتۇرۇشتى .
ئاندىن پەرمان بولدى غەمكىن گورگسارغا ،
كېلىپ يولۇقسۇن دەپ ئىسفەندىيارغا .
ئىسفەندىيار تۆت جام شاراب قۇيدۇردى ،
گورگسارغا بۇ مەينى ئۇلاپ ئىچ ، دېدى .
ئۇندىن كېيىن دېدى : « ئەي بەختى قارا ،
تاجۇ تەختنى ساڭا كۆرىمەن راۋا .
پەقەت توغرا جاۋاب قايتۇرسەن ماڭا ،
شۇ چاغدا تۇراننى بېرۇرمەن ساڭا .
ئەگەر غالىب چىقسام سېنىڭدۇر تۇران ،
بېشىڭنى قۇياشقا يەتكۇزمەك ئارمان .
ئەسلا كەمستمەيمەن ئەۋلاد ــ پەيۋەندىڭ ،
قەيەردە بولسمۇ ئۇلۇغ پەرزەنتىڭ .
ۋە لېكىن ، مۇبادا سۆزلىسەڭ يالغان ،
شۇ يالغان سۆز ئۇچۇن قالماسسەن ئامان .
بىلگىنكى ، تېنىڭنى بۆلۈپ تاشلايمەن ،
ئېلىڭ ، ئەۋلادىڭغا تەھدىت باشلايمەن . »
ئاڭا مۇنداق جاۋاب قايتۇردى گورگسار :
« شۆھرەت قۇچقان نامدار ، ئەي ئىسفەندىيار ،
ئاڭلارسەن مېنىڭدىن پەقەت ھەق جاۋاب ،
سەن ھەم شاھلار كەبى بول ئالىيجاناب . »
ئىسفەندىيار دېدى : « رۇئىندىج نەدە ؟
ئىراندىن ئۇزاق بۇ يۇرت قايسى يەردە ؟
ئۇ يەرگە قانچە يول ، قانچە فەرسەڭ بار؟
بۇ يولنىڭ قايسسى مۇشكۈلسىز بولار ؟
ئۇندا قانچە قوشۇن تۇرار ، ئېيت ئايان ،
ئۇ قانداق بىر قەلئە ، قانداق بىر قورغان ؟ »
ئاڭا شۇنداق جاۋاب قايتۇردى گورگسار :
« ئەي كۆپ مەرھەمەتلىك ، مەرد ئىسفەندىيار !
ئۈچ يول ئېلىپ بارار شۇ پايتەختكە ،
ئەرجەسپ يۇرت سوراپ ئولتۇرغان تەختكە .
بىرى ئۈچ ئايلىق يول ، بىرى ئىككى ئاي ،
قوشۇنغا قىيىندۇر بارماققا ئۇ جاي .
بىر يولدا كۆپتۇر سۇ ، ئۆتەڭ ۋە شەھەر ،
ئۇ جايلار تۇرانغا باج ــ ئۇلپان تۆلەر .
باشقا بىر يول بار ، ئۇ ـــ ئىككى ئايلىق جاي ،
قوشۇننى باقماققا بۇ يەر ئەمەس باي .
گىياھمۇ ، سۇمۇ يوق ، تاپ ــ تاقىر پۈتۈن ،
تاپماق تەس لايىق جاي قونماقلىق ئۈچۈن .
ئۈچىنچى يول پەقەت بىر ھەپتىلىكتۇر ،
سەككىزىنچى كۈندە رۇئىندىج ئىرۇر .
بو يولدا كۆپتۇر شىر ، ئەجدىھا ، بۆرى ،
بۇ يولدا يۈرگەننىڭ قۇرۇيدۇ شورى .
جادۇگەر شىرلارنىڭ مىكرى بىھېساب ،
بۆرى ، ئەجدىھاغا ئادەمدۇر كاۋاپ .
بىرىنى دەم تارتسا دەريادىن ئايغا ،
بىرىنى سۆرەيدۇ تىرەن غارلارغا .

ئۇ يەر چۆل ، سۇمۇرغلۇق ، سوغۇق قەھرىتان ،
شامال چىقسا ئەيلەر دەرەخنى يەكسان .
ئارقىدىن رۇئىندىج بولۇر نامايان ،
بۇ قەلئە تىلسىمىنى بىلمەس ھېچ ئىنسان .
قارا بۇلۇتتىنمۇ ئېگىز سېپىلى ،
قوراللىق كۆپ لەشكەر ئۇنىڭ كېپىلى .
سېپىلنى ئايلىنىپ سۇ ئاقار راۋان ،
خەندەككە باققاندا راھەتلىنەر جان .
ئۇندىن كېمە بىلەن ئۆتەر شەھرىيار ،
سەھراغا گەر چىقسا قىلماققا شىكار .
گەر قەلئەدە يۈز يىل قالسىمۇ ئادەم ،
سىرتقا چىقماق ئۈچۈن ھاجەت بولماس ھەم .
قەلئەدە يايلاق بار ، ھەم ئېكىن مەيدان ،
مېۋىلىك دەرەخلەر ، ھەتتاكى تۈگمەن . »
ئىسفەندىيار بۇنى ئاڭلىغاچ ، ئەلھال ،
جىم بولۇپ ، بىر مەزگىل قىلدى ئۇ خىيال .
ئاندىن ئاگا دېدى : « ماڭايلى شۇندا ،
جاھاندا ياخشى يول بولىدۇ قىنسقا . »
ئاندىن ئاگا جاۋاب قايتۇردى گورگسار :
« يەتتە مۇشكۈللۈكتىن ھېچكىم ، شەھرىيار
زورلۇق ۋە كۈچ بىلەن ئۆتەلمىگەن ھەم ،
ۋە ھەتتا باش ئېلىپ كېتەلمىگەن ھەم . »
ئىسفەندىيار دېدى : « يۈرسەڭ مەن بىلەن ،
ئەھرەمەن دىۋىنىڭ كۈچىن كۆرەرسەن .
سەن ئاۋۋال نە دۇچار بولىدۇ ، سۆزلە ،
ۋە ئاگا تاقابىل بىر تەدبىر كۆزلە . »
ئاگا مۇنداق جاۋاب قىلدى گورگسار :
« ئەي مەشھۇر پەھلىۋان ، ئۇلۇغ شەھرىيار !
ئاۋۋال دۇچ كېلىدۇ ئىككى چوڭ بۆرە ،
ئەركەك ۋە چىشىسى پىلنىڭ تۇرقىدا .
بۇغىغا ئوخشايدۇ كاللىسىدا شاخ ،
جەڭ قىلسا شىرنىڭمۇ قەلبى چېكەر داغ .
ئۆتكۈر قوش چىشلىرى غەزەپلىك پىلدەك ،
كۆكسى ۋە بويىنى كەڭ ، بەللىرى قىلدەك . »
ئىسفەندىيار پەرمان بەرگەچ ، گورگسار ،
چېدىرغا كىشەنلىك تاشلاندى زىنھار .
شاھنىڭ ئەمرى بىلەن بارگاھ بېزەلدى ،
بېشىغا تاج كىيىپ ئۇ ھۇزۇر قىلدى .
قۇياش قىلدى سەھەر تاجىن نامايان ،
زەر نۇرى كۆرۈندى زېمىندا ئايان .
بارگاھ تەرەپتىن ياڭرىدى ناغرا ،
تۆمۈردەك جاراڭلاپ كەتتى يەر شۇندا .
يەتتە جاسارەتكە بەل باغلاپ شۇ دەم ،
ئىسفەندىيار تۇرانغا تاشلىدى قەدەم .
مەنزىلگە يەتمەككە يېقىن يول تۇتتى ،
بىر دانا كىشىنى يېنىغا ئالدى .
بار ئىدى بەشۇتەن ناملىق بىر ئاقىل ،
ئەقلىدە قوشۇنىنى ساقلاشقا قابىل .
شاھ دېدى : « لەشكەرنى بۇ يەردە باشقۇر ،
گورگسار سۆزىدىن يۈرىكىم تاشتۇر .
مەن ئالدىن بارىمەن ، كۆرەي ، نە خەتەر ،
ئەمما بۇ قوشۇنۇم تارتمىسۇن زەرەر ! »
ئۇ جەڭ ساۋۇتىنى كىيىپ قوزغالدى ،
شامالدەك ئېتىدا ئۇچۇپ يول ئالدى .
بۆرىلەرگە يېقىن بارغاندا شۇئان ،
غەزىپى قوزغالدى خۇددى پىلسىمان .
بۆرىلەر كۆرۈشتى بويۇن ، كۆكسىنى ،
بەلبېغى ، توقمىقى ھەم گۇرزىنىسى .
چۆلدىن ئۇ تەرەپكە يۈرۈشتى دادىل ،
گويا ئىككى باتۇر ، گويا ئىككى پىل .
باھادىر ئوق ئالدى ، قولىدا كامان ،
يىرتقۇچمۇ ھۇۋلىدى مەغرۇر شىرسىمان .
ئوق يامغۇرغا تۇتتى بىر جۈپ بۆرىنى ،
ئۇلارغا كۆرسىتىپ مەردلىك زورىنى .
بۆرىلەر يىقىلدى پولات ئوقلاردىن ،
ئۆتمىتۆشۈك بولدى يۈك باسقان بەدەن .
ئىسفەندىيار ئۇلار سوزۇلغىنىنى
كۆردى ، بىلدى جېنى ئۈزۈلگىنىنى .
زەھەرلىك قىلىچنى ئېلىپ قولىغا ،
يۈرىكىنى ياردى ئۇ بىر يولدىلا .
بېشىنى قىلىچتا چېپىپ تاشلىدى ،
قانلىرى بۇقۇلداپ ئاقار باشلىدى .
ئاندىن پەسكە چۈشۈپ ئۇچقۇر ئېتىدىن ،
يەزدانغا شۈكۈر ئېيتتى چىن يۈرىكىدىن .
قورال ۋە تېنىدىن ئېرىغدالدى قان ،
تاپتى ئۇ بۇ يەردىن بىر پاكىز ماكان .
دىلى دەردكە تولۇپ ، يۈزى چاڭ ، غۇبار ،
كۈنگە قاراپ قىلدى ئەرزىنى ئىزھار .

دېدى ئۇ : « قۇدرەتلىك ، ئەي پەرۋەردىگار ،
بەردىڭ ماڭا قۇدرەت ، شەۋكەت ، ئېتىبار .
قىلدىڭ يىرتقۇچلارغا بۇ جاينى ماكان ،
ئۆزۈڭسەن ياخشىلىق ئۇچۇن پاسىبان . »
بەشۇتەن قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە ،
شاھ قىلىپ تۇراتتى نامازدا سەجدە .
بۇ ھالدىن لەشكەرلەر ھەيرەتتە قالدى ،
شاھقا ھۆرمىتى ھەم يەنە ئۇلغايدى .
« بىز ئۇنى كۆرمەستە بۆرىدۇر دېسەك ،
ئۇ ئەسلى دەھشەتلىك پىل ئىكەن دېمەك .
ئامان بولسۇن شاھنىڭ جەسۇر يۈرىكى ،
قىلىچى ، گۈرزىسى — قوشۇن تىرىكى .
ئۇنىڭسىز بولمىغاي شاھ تاجى ـ تەختى ،
بولمىغاي ئۇلۇغلۇق ، بولمىغاي بەختى ! »
ياخشى نىيەت مەردلەر دەرھال شۇ جايدا
ئۇنىڭغا چوڭ چېدىر قىلىشتى پەيدا .
يېيىشىپ ئورنىغا كىمخاب داستىخان ،
يېيىشىپ ، ئىچىشىپ بولۇشتى شادىمان .

## ئىككىنچى جاسارەت

## ئىسفەندىيارنىڭ شىرلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى

بۆرىلەر جېڭى ۋە ئىسفەندىياردىن
غەم چېكىپ ، كەتمىدى تەشۋىش گورگساردىن .
پەرمان بىلەن گورگسار كەلتۈرۈلگەن چاغ ،
كىشەندە تۇراتتى ئۇ تىترەپ شۇنداق .
ئىسفەندىيار تۇتۇپ ئۈچ كاسا شاراب ،
سورىدى : « خوش ئەمدى بۇڭا نە جاۋاب ؟
سۆزلە ، ئەمدىكى يول قانداق ئۆتەركەن ؟
قانداق ئاجايىبات بىزنى كۈتەركەن ؟ »
نامدار شاھقا دېدى شۇندا گورگسار :
« ئەي بېشىغا تاج كىيگەن شىر ـ شەھرىيار !
ئەمدىكى مەنزىلنى شىر جېڭى كۈتەر ،
مىسلىسىز شىرلاركى لەھەڭدىن ئۆتەر .
مۇشۇ شىر يولىدا ھەتتاكى بۆركۈت
تىك ئۇچۇپ ئۆتەلمەي قىلىدۇ سۈكۈت . »
ئىسفەندىيار كۈلدى مازاق قىپ شۇئان ،
ۋە گورگسارغا دېدى : « ئەي تۈركى نادان !
كۆرگەيسەن ئەتىلا شۇ قانخور شىرنى ،
ۋە ئۇنىڭ جېنىنى ئالغان شەمشەرنى ! »
تۈن يېقىنلاپ كەلگەچ ئۇ جايدىن شۇئان
قوزغالماق ھەققىدە شاھ قىلدى پەرمان .
تۈندە لەشكەر باشلاپ ماڭدى پەھلىۋان ،
دىلىدا غەزىپى ، كۆزىدە ئوت ، قان .
زۇمرەتتەك چېدىردىن چىققاندا قۇياش ،
ساپسېرىق شايىدىن كىيدى ئۇستىباش .
لەشكەر بېشى چۈشتى شىرنىڭ پېيىگە ،
يېتىپ كەلگەن چىغى دېگەن يېرىگە .
بەشۇتەنگە : « ئالدىغا چىق ! » دېدى شاھ ،
ساناقسىز لەشكەرلەر ھەم بەردى ئاگاھ .
يەنە دېدى : « ئۇلۇغ لەشكەرنى ساڭا ،
تاپشۇرۇپ ، كېتەرمەن شۇ جەڭگە تەنھا . »
كەتتى شىر يېنىغا قەدەم بېسىپ ئۇ ،
شىر دىلىغا ئالەم بولدى قاراڭغۇ .
ئىككى شىرنىڭ بىرى چىشى ، بىرى ئەر ،
ئۇلار جەڭگە تەييار ئىدى بۇ سەھەر .
ئەركەك شىر ئالدىدا ئۇ چىقاردى تىغ ،
قىزاردى شىر يۈزى كەھرىۋا يەڭلىغ .
ئىككى پارچە بولدى شىر باشتىن ـ ئاياغ ،
چىشى شىرنى باستى ۋەھىمە شۇ چاغ .
چىشى شىر قوزغالدى ھۆركىرەپ شۇنداق ،
تىغ چۈشتى بېشىغا بەئەينى چاقماق .
بېشى بىلەن قاڭقىپ يىقىلدى قۇمغا ،
باتۇرنىڭ يۈز ـ كۆزى بويالدى قانغا .
سۇغا چۈشۈپ يۇدى تېنىن قەھرىمان ،
ئاڭا شۆھرەت ئاتا قىلغاچقا يەزدان .
شۇندا ئۇ دېدى : « ئەي ئادىل ھۆكۈمران ،
قولۇم بىلەن قىلدىڭ ۋەھشىينى يەكسان . »
شۇ دەم يېتىپ كەلدى بۇ يەرگە لەشكەر ،
شىرلارنىڭ جەسەتىن قۇچقان چېغى يەر .
بەشۇتەن ،لەشكەرلەر ھەيران قېلىشتى ،
ئىسفەندىيار شاھنى تەبرىك قىلىشتى .

شۇندىن كېيىن كىردى غالىب پەھلىۋان،
ئۆزىگە تىكلەنگەن بارگاھ تامان.

يېگىلمەس شاھىنشاھ ئالدىغا شۇئان
يېيىلدى نېمەتلەر تولغان داستىخان.

## ئۈچىنچى جاسارەت

### ئىسفەندىيارنىڭ ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەنلىكى

بەختى قارا گورگسار، نىيىتى يامان
كەلسۇن، دەپ ئەيلىدى پەھلىۋان پەرمان.
ئەرغۇۋاندەك قىزىل مەي تۇتتى ئاڭا،
ئىچسە مەست بولاتتى ئەھرەمەن ھەتتا.
ئاندىن ئاڭا دېدى: «ئەي بەختتىن خار،
سۆزلە ئەتە قانداق كۆرگۈلۈكلەر بار؟»
گورگسار دېدى: «ئەي شەھرىيار دانا،
ياۋۇزلۇق داجىسۇن سېنىڭدىن يەنە.
جەڭگە ئاتەش كەبى كىرىپ كەلدىڭ سەن،
مۇشەققەت ـ توسقۇننى بۆسۈپ ياردىڭ سەن.
ئەتىگە تەلىيىڭ مەدەتكار بولسۇن،
سائادەت دائىما ساڭا يار بولسۇن.
ئەتىلىك مەنزىلگە سەن يەتكەن زامان،
بىر دەھشەتلىك بالا بولۇر نامايان.
ئالدىڭغا ئېتىلىپ كەلگەي ئەجدىھا،
دەريادىن بېلىقنى دەم تارتقۇچ بالا.
بەدىنى تاغ كەبى ئۇنىڭ مۇستەھكەم،
ئاغزىدىن ئوت پۈركۈپ تۇرار ئۇ ھەردەم.
بۇ يولدىن قايتقىنىڭ تۈزۈكمىكى، شاھ،
بۇ نەسىھىتىمگە جېنىمدۇر گۇۋاھ.
بۇ يولدىن چېكىنسەڭ، يېمەيسەن پۇشمان،
قوشۇنىڭ بۇ ئىشتىن بەرگۇسى نىشان.»
ئىسفەندىيار دېدى: «ئەي بەختى قارا،
تۇتقۇنلۇقتا يەنە قىلۇرمەن رەسۋا.
ياۋۇز ئەجدىھاغا ئۇرغىنىمدا قول،
شەمشىرىم قۇدرىتىن كۆرەرسەن پۈتكۈل.»
«ياغاچچىلار كەلسۇن!» بۇيرۇق قىلدى شاھ،
ئۇستا ياغاچچىلار بولدى تەق، ئاگاھ!
ياغاچتىن بىردەمدە هارۋا ياسالدى،
ئىچىگە ئايلانما تىغلار قادالدى.
ئالدىغا قويۇلدى يوغان بىر ساندۇق،
ياغاچچى ئىشلەتكەن ھۈنەرگە لايىق.
پەھلىۋان ـ ئاسايىش ئىستىگۈچى زات،
ساندۇققا باغلىدى ئىككى ئېسىل ئات.
ساندۇققا ئولتۇرۇپ سىنىماق ئۈچۈن،
شاھ ئاتلارنى ھەيدەپ سىنىدى كۈچىن.
قولىدا قالقان ھەم كابۇلچە خەنجەر،
بېشىدا كۇلاھى پارلار مىسلى زەر.
ئەجدىھا جېڭىگە تەييارلىق پۈتتى،
لەشكەرلەر شاھىنىڭ ئەمرىنى كۈتتى.
زەڭگىنىڭ يۈزىدەك قارايدى جاھان،
ھەمەل بۇرجىدىن ئاي بولدى نامايان.
مىندى ئۇچقۇر ئېتىغا شاھ ئىسفەندىيار،
ئارقىدىن قوشۇنى بولۇپ كەلدى يار.
ئەتىسى نۇر بىلەن تولغاندا جاھان،
قارا تۈن بايرىقى بولغاندا پىنھان،
جاھاندار باھادىر ساۋۇتنى كىيدى،
قوشۇننى بەشۇتەن ئەمرىگە قويدى.
ساندۇقلۇق هارۋىنى ئىككى ئات تارتتى،
ئولتۇردى شەھرىيار، ھوشيار تۇراتتى.
ئەجدىھا ئاڭلىدى هارۋا ساداسىن،
كۆردى شامال كەبى ئاتلار قاراسىن.
جايىدىن قوزغالدى ئەجدەر تاغسىمان،
بەئەينى قارايدى پايانسىز ئاسمان.
ئىككى كۆزى قاندەك قىزىرىپ ياندى،
ئۆكۈرۈدىن جاھانغا سەكرەپ چاڭ سالدى.
ئاغزىنى ئاچتى ئۇ قارا غارسىمان،
پەھلىۋاندىن كۆزنى ئۈزمەستىن ھامان.
ئىسفەندىيار ياۋۇز مەخلۇقنى كۆرۈپ
جىم بولدى، ئەركىنى يەزدانغا بېرىپ.
ئاتلار ئوتلۇق دەمدىن قاچماي قالمىدى،
ۋە لېكىن، ئەجدىھا ئۇنى يالمىدى.
ئاتلار بىلەن يۇتتى شۇ هارۋىنى ھەم،
ساندۇققا مۆكۈنگەن قەھرىمانىنى ھەم.
قارنىغا شۇ تىغلار قادالغان زامان،
ئاغزىدىن ئېتىلدى دەريا كەبى قان.

قىلىچلار گېلىغا سانجىلدى شۇئان ،
نە يۇتماق ، چىقارماق ئەمەستى ئاسان .
ھارۋا ھەم تىغلاردىن خاراب ئەجدىھا ،
دەرمانسىز يىقىلدى ئىزىغا شۇندا .
ساندۇقتىن تېز چىقىپ شۇ چاغ پەھلىۋان ،
خەنجىرىن قولىغا چىڭ تۇتتى چاققان .
ئەجدىھا بېشىنى ئۇ قىلدى پارچە ،
زەھىرى چېچىلدى تۇپراققا بارچە .
بۇ زەھەر دۇتىدىن يىقىلدى قەيسەر ،
بىھوشلۇق ئىلكىگە قىلغاندا ئەسىر .
يېتىپ كەلدى شۇ چاغ بۇغا بەشۇتەن ،
قۇدرەتلىك قوشۇننى باشلاپ كەينىدىن .
چۆچۈدى شەھرىيار نېمە بولدى دەپ ،
يۈرىكى قان بولدى ، ئەنسىرەپ ، غەم يەپ .
ھەممە چەۋەنداز خەۋەر تېپىشتى ،
ئېتىنى قالدۇرۇپ ، ئۇدۇل چېپىشتى .
ئاگا يېتىپ كەلگەچ بەشۇتەن شتاب ،
قۇيدى شاھ بېشىغا ئۇستىمۇ ئۇست گۇلاب .
شەھرىيار قايتىدىن ئاچتى كۆزىنى ،
مەغرۇر باتۇرلارغا قىلدى سۆزىنى :
ئۇنىڭ زەرىبىلىرى ماڭا كار ئەمەس ،
ھوشۇمدىن كەتكۈزگەن زەھەرلىك نەپەس » .
ئۇ يەردىن قوزغىلىپ ، ئېتىغا ماڭدى ،
ئۇيقۇدىن ئويغانغان مەستەك ماڭاتتى .
يېگى كىيىم سوراپ خەزىنىداردىن ،
سۇغا چۆشۈپ ، خالاس بولدى غۇباردىن .
تەگرىگە سېغىنىپ چىقتى ئۇ شۇ دەم ،
تۇپراققا باش قويۇپ يىغان چەكتى ھەم .
دېدى : « ئەجدىھانى كىم ئۆلتۈردى ، كىم ؟
ساڭا سۆيۈنگەن قول ئۆلتۈردى ، تەگرىم ! »
قوشۇنى ئېيتاتتى ئاڭا ئاپىرىن ،
ئېگىپ شاھ ئالدىدا ھۆرمەتتە بېشىن .
ھوشىغا كەلگەندە ئۇ ئىسفەندىيار ،
ئۇنى كۆرۈپ يەنە غەم چەكتى گورگسار .

## تۆتىنچى جاسارەت

## ئىسفەندىيارنىڭ جادۇگەر كەمپىرنى ئۆلتۈرگەنلىكى

دەريا بويىغا شاھ بارىگاھ تىكتى ،
ئەتراپىغا بارچە لەشكىرىن يىغدى .
پادىشاھ بۇيرۇدى : « مەي كەلتۈر بۇگا ،
مەي بىلەن تەگرىگە قىلايلى دۇئا !
گورگسار كەلسۇن ، — دېدى شاھ ئىسفەندىيار ، —
قۇللۇق قىلسۇن ماڭا يىغلاپ زارۇ زار . »
ئۇ شاھلار مەيدىن ئۈچ قەدەھ تۇتتى ،
ئەجدىھا توغرۇلۇق ئۇندىن سۆز كۇتتى .
ئاندىن دېدى : « بىلگىن ، قەدىرسىز ئىنسان ،
ئەجدىھا ھالىنى ئويلاپ كۆر ئايان .
مۇندىن كېيىن قويسام مەنزىلگە قەدەم ،
ئۇچرىغاي ماڭا نە زەخمەت ۋە ئەلەم ؟ »
گورگسار دېدى : « ئەي زەپەر قۇچار شاھ ،
ساڭا بەخت يۇلتۇزى ئاچقانكەن نىگاھ .
سەن ئەتە مەنزىلگە قەدەم قويغاندا ،
بىر جادۇگەر كەمپىر بولىدۇ پەيدا .
ئۇ ئاۋۋال خېلى كۆپ لەشكەرنى كۆرگەن ،
جېنىغا ھېچكىممۇ سالمىغان ئېۋەن .
خالىسا سەھرادىن ئاققۇزار دەريا ،
خالىسا كۈندۈزنى قىلار تۈن گويا .
دىۋىلەر تىترەيدۇ ئۇنىڭ نامىغا ،
ياشلىقتىن چۈشمىگىن ، شاھىم ، دامىغا .
ئەجدىھانى يەڭدىڭ ، قايتقىن بۇ يېتەر ،
بېشىڭغا چۈشمىسۇن باشقا بىر خەتەر . »
گورگسارغا شەھرىيار دېدى : « ئەي مەلئۇن !
ئىشمىنى كۆرەرسەن كەلگەندە شۇ كۈن .
ئالۇر جادۇگەرمۇ ئۆز نېسىۋىسىن ،
سۇندۇرارمەن رايىن ھەم ئۇمۇرتقىسىن .
جەڭدە ماڭا تەگرى ئۆزى مەدەتكار ،
جادۇگەردىن ھەتتا قالمىغاي غۇبار . »
تاڭ ئېتىپ كۈن كىيدى سېرىق تونىنى ،
كۈن پاتار تەرەپكە ئالدى يولىنى .
سەپەرگە ئاتلاندى لەشكەر ، ئۇلۇغ ، ئات ،
يەزدانىنى پەھلىۋان ماڭار ئەيلەپ ياد .
كىيگۈچە بېشىغا كۈن يەنە كۇلاھ ،
كېچىلەپ قوشۇننى يول يۈرگۈزدى شاھ .

ھەمەل بۇرجى ياقۇت يۈزلۈك بولغان چاغ ،
زېمىنمۇ ياندۇرۇپ ئۆلگۈردى چىراغ .
قوشۇننى بەشۇتەنگە تاپشۇردى ھەم ،
قولغا جام ئالدى شەھرىيار شۇ دەم .
ئارقىدىن سورىدى نەقشى تەمبۇرنى ،
گوياكى جەك ئەمەس ، خالار سورۇننى .
كۆرۈندى ئالدىدىن چەكسىز دەرەخزار ،
قۇياشنىڭ نۇرىدا گويا لالىزار .
دەرەخنىڭ كۆپلۈكى ، كۆرۈنمەس ئاسمان .
ئاقار سۇ بەئەينى مەي گۈلابسىمان .
ئېتىدىن چۈشتى ئۇ ئەينى پەيتىدە ،
جاڭگالغا كىردى ئۇ بۇلاق چېتىدە .
ئۇ ئالتۇن قەدەھنى ئالدى قولغا ،
مەيدىن ئىچىپ ئارام بەردى كۆڭلىگە .
نەقشلىق تەمبۇرنى قولغا ئالدى ،
مۇھەببەت كۈيلەنگەن ئاھاڭغا سالدى .
دەيتتى ئۆز ـ ئۆزىگە مەرد ئىسفەندىيار :
« ئاي يۈزلۈك پەرىنى كۆرمىدىم زىنھار .
كۆرگىنىم پەقەت شىر بىلەن ئەجدىھا ،
ماڭا ئالەم بالا بەرمەيدۇ ئەسلا .
ۋاپاسىز ئالەمدە تاپمىدىم ئىقبال ،
قايدىسەن دىل خۇشى ، ئەي ساھىبجامال ؟
يەزداندىن ئىلتىجا قىلىدۇ دىلىم ،
قاچان كېلەر مېنىڭ باھارىم ، گۈلۈم ؟ »
ئىسفەندىيار سۆزىنى ئاڭلاپ جادۇگەر ،
كۆكلەم چېچەكىدەك ياشنىدى دىلبەر .
مۇنداق دېدى : « كەلدى باھادىر دامغا ،
سازۇ ناۋا بىلەن مەي قۇيۇپ جامغا . »
قورۇق تولغان ئۇنىڭ خۇنۇك يۈزىگە ،
ئەپسۇن تولغان ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىگە .
بىردىنلا ئۆزگەردى پەرىدەك خۇش خۇي ،
يۈزى چىن پىچىكى كەبى ھال ، خۇشبۇي .
ئۆزى سەرۋىقامەت ، چېھرىسى قۇياش ،
ئۇزۇن زۇلپى ـــ چېچى يەر بىلەن تۇتاش .
كەلدى ئۇ يېقىنراق ئىسفەندىيارغا ،
كۆكسىدە گۈل ، ئوخشاپ يۈزى گۈلزارغا .
جاھانشاھ گۈزەلنى كۆرگەن شۇ زامان ،
ئەۋجىگە چىقاردى كۈي ، مەيىنى چەندان .

دېدى : « يالغۇز ئۆزلۈك ، ئەي ئادىل ئاللاھ ،
تاغ ۋە چۆل قوينىدا ماڭا رەھنەما !
پەرى ئىشقى يانغان ھامان قەلبىمدە ،
مەن كۆرۈپ تۇرۇپمەن ئۇنى ئالدىمدا .
ئادالىتىڭ بولدى ئەي تەڭرىم پەيدا ،
دىلىمنى ، جېنىمنى قىلغايمەن پىدا . »
تولدۇرغان قەدەھنى قىزغا ئۇزاتتى ،
ئۇ ئىچكەچ مەي ئۇنى يەنە قىزارتتى .
شاھتا گاڭ ـ پولاتتىن زەنجىر بار ئىدى ،
جادۇگەر بىلمەيتتى ، ئۇ تەييار ئىدى .
گۇشتەسپ چەنبەتتىن كەلتۈرگەن ئۇنى ،
ئۇ باغلاپ تۇراتتى زەردۇشت قولىنى .
جادۇگەر بويىنغا ئۇنى تاشلىدى ،
قىينىلىپ ، ھەريانغا ئۆزىنى تاشلىدى .
جادۇگەر ئايلاندى شىرغا شۇ زامان ،
قىلىچنى قولغا ئالدى پەھلىۋان .
ئاڭا دېدى : « تىغىڭ تاغ بولسا ئەگەر ،
ماڭا كۆرسىتەلمەس قىلىچىڭ خەتەر .
ماڭا ئەمدى ئەسلى تۇرقۇڭنى كۆرسەت ،
قىلىچ بىلەن جاۋاب قىلدۇرىمەن ئەلۋەت ! »
زەنجىردە كۆرۈندى بىر كەمپىر شۇئان ،
يۈزلىرى قاپقارا ، قارا قۇرۇمسىمان .
قىلىچنى ئۇرغاندا ئاڭا شەھرىيار ،
غۇلغان ئىپلاس باش بولدى خاكسار .
جادۇگەر ئۆلگەچ كۆك قارايدى بىردىن ،
ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالدى بۇ يەردىن .
كۆتۈرۈلدى قارا بىر بۇلۇت ، شامال ،
كۆرۈنمەستىن قالدى قۇياش يا ھىلال .
ئېگىزگە دەس چىقىپ پەھلىۋان شۇنداق ،
چاقماقتەك بەھەيۋەت سالدى ئۇن ـ ندا .
يىتىپ كەلدى قوشۇن بىلەن بەشۇتەن ،
دېدى : « پىدا بولسۇن ساڭا جان ۋە تەن !
زەربەڭگە چىدالماس لەھەڭمۇ ھەتتا ،
نە بۆرە ، نە شىر ۋە جادۇگەر يەنە .
ھەممە چاغ ئىلكىڭدىن كەتمىسۇن زەپەر ،
بۇ جانغا مېھرىڭ بولسۇن مۇيەسسەر ! »
ئىسفەندىيار قىلغان جاسارىتىدىن ،
ئوت چىقتى گورگسار جاراھىتىدىن .

## بەشنچی جاسارەت

### ئسفەندیارنىڭ سۇمۇرغنى ئۆلتۈرگەنلىكى

ياراتقان تەڭرىچۈن پەهلىۋان ـ قەيسەر
يۈزىن يەرگە ياقتى نەچچە رەت ، سەهەر .
دەرەخزارغا قۇردى يەنە بارگاه ،
داستىخان سېلىشقا ئەمىر قىلدى شاه .
چاقىردى شەهرىيار شۇ دەم جاللاتنى :
« كەلتۈرگىن ئالدىمغا ئاشۇ بەتبەختنى ! »
شەهرىيارغا ئۇنى ئېلىپ كېلىشتى ،
شاهنىڭ كۆزى ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشتى .
شاهانە ئۈچ قەدەھ مەي قۇيدى شۇدەم ،
گورگسار قىزاردى مەيگە ئوخشاش هەم .
ئسفەندىيار دېدى : « ئەي تۈركى بەتبەخ ،
ياخشىراق بىر قارا : ئەنە ئۇ دەرەخ .
هەم ئۇنىڭ شېخىغا زېهىن سېلىپ باق :
كىم ئاڭا ئېسىلغان چاچلىرى پاخماق ؟
دەپتىنىڭ : ئايلاندۇرار چۆلنى دەرياغا ،
بېشىنى كۆتۈرۈپ باقسۇنچۇ يەنە .
بۇ جادۇ هالىدىن سەن تاپقىن يەكۈن .
يېڭى مەنزىلدە نە كۆرۈرمەن بۈگۈن . »
گورگسار جاۋاب قىلدى ئۇنىڭغا بۇ خىل :
« ئۆزۈڭسەن جەڭگاهتا قەهرى شىددەت پىل !
بۇ جەڭدە بولغۇسى هالىڭ مۈشكۈلراق ،
ئۈمىدىم بول شاهىم يەنە هوشيارراق !
ئالدىڭدا بىر تاغ بار ، بېشى بۇلۇتتا ،
بىر قۇشنى كۆرۈرسەن تۇرغان چوققىدا .
ئۇنى سۇمۇرغ دەيدۇ جەڭ كۆرگەن ئەرلەر ،
هەتتا ئۇنى جەڭدە ئۇچار تاغ دەرلەر .
ئەگەر پىلنى كۆرسە ئالار چاڭگالغا ،
لەهەڭ قورقار سۇدا ، ئەجدەر جاڭگالدا .
كۆرگەنگە چاڭ سېلىپ ئۇچىدۇ ئىلدام ،
ئوخشاتما بۆرىگە ، جادۇگەرگە هەم .
بار ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى بالىسى ،
جەڭدە قېلىشمايدۇ ئۇلار هەممىسى .
ئەگەر ئۇ هاۋادا يايسا قانىتىن ،
يوقالغاي يەر كۈچى ،كۈن هارارىتى .
ئەگەر قايتىپ كەتسەڭ شۇ پايدىلىقراق ،
دۈچ كەلمەيدۇ ساڭا سۇمۇرغ ـ ئۇچار تاغ . »

سەردار بىر كۈلدى ـ دە ، دېدى : « ئەجەبا !
سۇمۇرغتىن قىلىمەن بىر توزان پەيدا .
هىندى شەمشىرىدە تىلىمەن تۆشىن ،
هاۋادىن توپىغا تىقارمەن بېشىن . »
پارلاپ تۇرغان قۇياش بولدى هەم پىنهان ،
شەرقمۇ قىزاردى ئۆلگۈرۈپ شۇئان .
سەركەردە سۇمۇرغنىڭ ئىشىن ئويلىدى ،
ئارقىدىن ئالدىراپ قوشۇن توپلىدى .
يول يۈردى قوشۇن بىرلەن سەردار بۇ تۈن ،
يالتىراپ چىققۇچە تاغ ئارقىدىن كۈن .
زېمىننى يورۇتتى ئالەم چىرىغى ،
ياشناپ كەتتى تاغ ـ دەشتىنىڭ هەممە يېقى .
ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن لەشكىرى قالدى ،
ئۇ ساندۇق ، ئات ، هارۋا بىلەن يول ئالدى .
ئسفەندىيار خۇددى شامالدەك يۈردى ،
بېشى ئاسمان پەلەك بىر تاغنى كۆردى .
ئات ـ هارۋىنى سايىگە قويۇپ دەرهال ،
هارغىنلىق ئىچىدە سۈردى ئۇ خىيال .
ساندۇقنى تاغ ئۈستىدىن كۆردى سۇمۇرغ ،
كۆرۈندى لەشكەرلەر ، ئات ، ئېگەر ـ جابدۇق .
ئۇ قارا بۇلۇتتەك كەرگەندە قانات ،
قاراڭغۇ زۇلمەتكە چۆمكەلدى هايات .
ساندۇققا شۇڭغۇدى سۇمۇرغ شۇئان ،
ئولجىغا ئېتىلغان ئارسلانسىمان .
پەي ـ قاناتلىرىغا تىغلار سانجىلدى ،
سۇمۇرغنىڭ شىددىتى بىردىن مۇجۇلدى .
يىقىلدى جاڭگالغا تۇمشۇقى بىلەن ،
مادارىن يوقىتىپ قويغان چېغى تەن .
باللىرى كۆرگەندە سۇمۇرغ هالىنى ،
قانلىق ياش تۆكۈشۈپ قىلدى نالىنى .
ئىنىدىن چىقىشىپ ئۇچۇپ كېتىشتى ،
ئۇلارمۇ دۇنيانى زۇلمەت بىلىشتى .
سۇمۇرغ بۇ زەربىدىن بولغاندا ۋەيران ،
ئات ، هارۋا ، ساندۇقلار بولغانىدى قان .
ئسفەندىيار چىقىپ ساندۇقتىن دەرهال ،
نەرە تارتىپ ، ئالدى قولىغا قورال .

ئاگا تىغلار ئۇرۇپ ئەيلىدى پارە ،
قۇدرەتلىك سۇمۇرغمۇ بولدى بىچارە .
ياخشى ، يامانلىقتا دائىم مەدەتكار ،
ئادىل تەگرى نامىن ئەسلەپ شەھرىيار .
شۇنداق دېدى : « سەن ئەي ئادالەتپەرۋەر ،
ماڭا بەردىڭ ئىدراك ، يەتكۈزدۈڭ زەپەر .
جادۇگەر جىننى ئالغان سەن ئۆزۈڭ ،
رەھنەمالىق قىلىپ تۇرغان سەن ئۆزۈڭ . »
ياگرىدى كانايدىن سادالار شۇئان ،
بەشۇتەن قوشۇننى كەلتۈردى ئامان .
ئۇ قۇشتىن زېمىننى كۆرەلمەي ھېچكىم
قانلىق تەن ، پەيلىرىن كۆزىتەتتى جىم .
يەر تاغدىن تاغقىچە ئىدى شۇنداق قان ،
پەيلەرنىڭ تۈپەيلى كۆرۈنمەس ھېچ يان .
پادىشاھ بەدىنى قانغا بويالغان ،
ۋە لېكىن ، تۇراتتى تولۇن ئايسىمان .
ئاگا ئاپىرىنلار دېدى لەشكەرلەر ،
بارچە باھادىرلار قازانغان زەپەر .
غالىب چىققانلىقىن جەڭدە شەھرىيار ،
بىلگەچكە تىترەككە چۆمدى گورگسار .
جەھلىنىڭ زورىدىن سارغايدى يۈزى ،
ئەلمى كۈچەيگەچ يىغلايتتى ئۆزى .
چېدىرنى كۆردى ئۇلۇغ شەھرىيار ،
ئۇنى باتۇرلىرى قورشىدى قاتار .
كۆگۈللەر شادلىقتىن قىلىشتى پەرۋاز ،
دىللارغا روھ قوشتى شاراب بىلەن ساز .

## ئالتىنچى جاسارەت

## ئىسفەندىيارنىڭ قارلىقتىن كېچىپ ئۆتكەنلىكى

پەرمان قىلدى ئۇندىن كېيىن شەھرىيار ،
ئالدىغا كەلتۈرۈلدى دەرھال گورگسار .
شاھ ئۇزاتتى ئاڭا ئۈچ جامنى قاتار ،
گورگسارنىڭ يۈزىگە ئۆرلىدى ئانار .
ئاڭا دېدى : « سەن ئەي ، مەلئۇن ، بەدكىردار ،
ماڭا بىر قارىغىن ، بىتەلەي ، بىئار .
سۇمۇرغ ، شىر ، بۆرىلەر قايدا ؟ ئېيتقىنا !
قەيەردە تىنىقى ئاتەش ئەجدىھا ؟ »
بەلەن ئاۋاز بىلەن دېدى گورگسار :
« شان ــ شۆھرەتلىك ، نامدار ، ئەي ئىسفەندىيار !
ساڭا نۇر چاچقان ئۇ تەگرىنىڭ بەختى ،
شۇڭا مېۋە بەرمىش زەپەر دەرىخى .
ئەتىگە ئالدىڭدا مۈشكۈل ئىمتىھان ،
ئۇنى جەڭدە ئەسلا كۆرمىگەن ئىنسان .
نە گۈرزە ، نە قالقان ، نە نەيزەڭ بىكار ،
قېچىشنىڭ يولىمۇ بولمىغاي دەركار .
بىر نەيزە بويى قار ساڭا دۇچ كېلەر ،
سېنى كۈتكەي بارساڭ ئەتە شۇ خەتەر .
شانلىق قوشۇن بىلەن قارغا پاتۇرسەن ،
سوغۇقنىڭ دەستىدىن تاشتەك قاتۇرسەن .
ئەگەر قايتىپ كەتسەڭ بۇ بىر كارامەت ،
ماڭا رەنجىپ يۈرمە ، بولغىن سالامەت .
لەشكەرنىڭ خۇنىغا زامىن بولۇرسەن ،
بىر يول بار ، مېڭىشقا مەجبۇر بولۇرسەن .
سۆزۈم راست : ئۇ يەردە شامال ــ شۇۋىرغان ،
دەرەخلەر سۇنغان ھەم زېمىن يېرىلغان .
ئەگەر قاردىن ئۆتۈپ سەھراغا يەتسەڭ ،
بىر يول بار ، مۇساپە نەق ئوتتۇز پەرسەڭ .
بىرى ئۇ ئىسسىق قۇم ، تۇپرىقى تاقىر ،
قۇش ئۆتمەس ئۇ يەردىن ، ھاشارات ھېچبىر .
ئۇ يەردە كۆرۈنمەس سۇ ھەتتا قەترە ،
تۇپرىقى ياناركى قۇياش تەپتىدە .
ئۇ سەھرادىن نەبىر شىر ئۆتەلىسۇن ،
پەرۋاز قىلسا كۆيۈپ كۈل بولۇر قۇزغۇن .
ئۇ تاقىر قۇملۇقتا ئۆسمەس ھېچ گىياھ ،
بىر كۆچمە قۇمدۇركى مىسلى تۇتىيا .
شۇ خىلدا يول يۈرسەڭ سەن قىرىق پەرسەڭ ،
ئات ، ئادەم ھالى نە بولىدۇ كۆرسەڭ .
ئۇندىن رۇئىندىجقا يەتسە گەر لەشكەر ،
ئۇ يەردە ئاجايىپ بىر مەنزىر كۆرەر .
يەرلىرى ئارامبەخش ، بىر گۈلشەن ماكان ،
ئېگىز دەرۋازىلار كۆككە تۇتاشقان .
سىرتقا يەم تۈپەيلى چىقمايدۇ پادا ،
لەشكەردە ھېچ كىشى ماگماس پىيادە .

ئەگەردە جەڭ ئۇچۇن كەلسە كۆپ ماھىر ،
ئىران ۋە تۇراندىن يۈزمىڭ باھادىر
ۋە يۈز يىل قامالغا ئالسمۇ ئۇنى ،
تىنماي ئوق ، نەيزىلەر ئاتسمۇ ئۇنى ،
ئۇندىن ھېچ نەتىجە چىقمىقى گۇمان ،
گويا تۆمۈر سېپىل ئىچىدە قورغان . »
ئىرانلىقلار ئاڭلاپ گورگسار سۆزىنى ،
قايغۇدا ، ھەسرەتتە كۆردى ئۆزىنى .
دېدىكى : « شاھ ، ساڭا ياخشىلىقتۇر يار ،
دەھشەتتىن چەتلەپ ئۆت ، بولمىغىل دۇچار .
ئەگەر گورگسار دېگەن سۆزلەر بولسا چىن ،
( بۇنى كېيىنچىرەك بىلمەكلىك مۇمكىن )
دۇشمەننى يېڭىش مۇشكۇلدۇر بۇ مەھەل ،
يېتەكلەپ يۈرمىسۇن بىزنى شۇم ئەجەل .
شۇنچە ئېغىر يولنى بېسىپ كەلدىڭسەن ،
قانچە يىرتقۇچلارنى يېڭىپ كەلدىڭ سەن .
شاھلار ، شاھزادىلەر ئارا ھېچبىر زات
كەچۈرمىگەن مۇنداق مەردانە ھايات .
ساڭا دۇچ كەلگەندە يەتتە مۇشەققەت ،
كۆرسەتتىڭ يەتتە رەت يەتتە جاسارەت .
باتۇرلۇق دېگەنمۇ شۇنچىلىك بولۇر ،
تەڭرى مەرھەمىتى مۇنچىلىك بولۇر .
شۇنداق قايتىپ بارساڭ ، بۇمۇ زور غەلىبە ،
شاھمۇ بەخت ھېسابلار بۇنى ئەلۋەتتە .
ئەگەر باشقا يولدىن بارساڭ ئۇرۇشقا ،
تۇران تەييار تەزىم قىلىپ تۇرۇشقا .
گورگسار ئېيتقان سۆزدە بەلكى يوق يالغان ،
بولدى بەس ، ئۆزۈڭنى قىينىما پالۋان .
بولما مۇنچە لەشكەر جېنىغا زامىن ،
رەنجىتمە تەڭرىنىڭ كونا ئالەمىن .
شۇنچىلىك غەلىبنى قۇچتۇق ، بولدۇق شاد ،
ئۆز ھاياتىمىزنى قىلمايلى بەربات . »
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ شۇ چاغ نەۋقىران ،
قوشۇنغا سۆزلىدى مۇنداق پەھلىۋان :
« مېنى چۆچۈتمەكتىن نېمىدۇر مەقسەت ؟
نېمە ئۆزىمىزگە سالىمىز دەھشەت ؟
سىلەر ئىراندىن نېمە مەقسەتتە بۇ گا
كەلگەن ، شان ئۇچۇنمۇ ، پەند ئۇچۇنمۇ يا ؟
سۆزۈڭلار پەقەت شۇنچە بولسا ئەگەر ،
نېمىدەپ بۇ يولغا باغلىغان كەمەر ؟
شۇ تۈرك سۆزىدىن تېڭىرقاپ پەقەت ،
تېرەك ياپرىقىدەك تىترەش نە ھاجەت ؟
نەدە قالدى شاھنىڭ سۆزى ، سوۋغىسى ،
زەر كەمەر ، كۇلاھى ، بەرگەن گۇرزىسى ؟
نەدە قالدى تەڭرى نامىغا قەسەم ،
يۇلتۇزلار ھەققىدە ئېيتىلغان ئانت ھەم .
مەردلىكىڭلار شۇنداق بوشاپ قالدىمۇ ،
مەقسەتلەر خىيالغا ئوخشاپ قالدىمۇ ؟
قايتىڭلار شۇ زەپەر بىلەن شادلىنىپ ،
مەن قالاي دۇشمەنگە قارشى ئاتلىنىپ .
جاھان شاھى مېنىڭ پۇشتى پاناھىم ،
ئىقبال يۇلتۇزىغا قارايدۇ رايىم !
جان ئېلىپ ، جان بېرىش تەقدىرىمدە بار ،
مەردلىكتە كېرەكمەس ماڭا مەدەتكار .
مەردلىكىم ، كۈچۈمنى ، زەربەمنى ھامان
مەيداندا دۇشمەنلەر تېتىغاي ئايان .
سىلەر ئۆز يۇرتۇڭلار ئىش ـ ئىقبالىدىن ،
خەۋەردار بولۇڭلار ھال ـ ئەھۋالىدىن .
خۇداۋەندە ، زۇھەل ، قۇياش مەدەتكار ،
قەلئەنى مەردلىكتە قىلغايمەن تارمار . »
ئىرانلىقلار كۆزى ئېچىلدى ھامان ،
ياناتتى شاھ كۆزى چاقماقتەك شۇئان .
ئۆزرە سورىشىشتى شاھتىن بىرمۇ بىر :
« توۋا قىلدۇق شاھىم ، بىزلەرنى كەچۈر !
پىدا بولسۇن ساڭا بىزنىڭ جانىمىز .
مۇستەھكەمدۇر قىلغان ئەھد ـ پەيمانىمىز !
ئەي شاھىم ، سەن ئۇچۇن تىنماسمىز ئەسلا ،
رەنجۇ مۇشەققەتتىن ياناسمىز ئەسلا .
بىزدىن ساق قالغۇچە تاكى بىر نامدار ،
مەيداننى تەرك قىلىپ كەتمەسمىز زىنھار . »
سەركەردە ئاڭلىغاچ ئۇلار سۆزىنى ،
خېلى دادىل سەزدى ئەمدى ئۆزىنى .
ئىرانلىقلارغا ئۇ ئېيتتى ئاپىرىن ،
دېدى : « مەردلىك قالماس ھامان يوشۇرۇن !
مۇبادا بۇ قېتىم يەڭسەك يەنە بىز ،
بۇ چەككەن زەخمەتكە تەقدىرلىنەرمىز .
ئۇنتۇلماس بۇ يولدا تارتقان شۇنچە رەنج ،
قوشۇلسا قوشۇلغاي ، كېمەيمىگەي گەنج . »

شاھ كېڭەش ئۆتكۈزدى تاكى كەچكىچە ،
تاغدىن تۈن شامىلى ئۇچۇپ كەلگۈچە .
چېدىردىن كانايلار ياڭرىغان ھامان ،
لەشكەر قوزغىلىپ مېڭىشتى راۋان .
ئۇلار خۇددى ئوتتەك ئىلدام كېلىشتى ،
ياراتقان تەڭرىنى يادقا ئېلىشتى .
تاغ كەينىدە قۇياش كۆز قىسىپ قالدى ،
تۈن قارا رومالنى بېشىغا سالدى .
يورۇق قۇياشتىن تۈن يوشۇردى يۈزنى ،
كۈن قوغلاپ ماڭاتتى كېچىنىڭ ئىزنى .
شۇندا مەنزىلگە كەلدى يېتىپ قوشۇن ،
گۈرزىدارلار ، ساۋۇت قاپلىغان كۆكسىن .
ئارامبەخش ، نەۋ باھار ، گۈزەل كۈن ئىدى ،
بۇ كۆركەم مەنزىرىگە دىل مەپتۇن ئىدى .
شاھ بۇيرۇدى چېدىر تىكىشكە شۇئان ،
شاراب كەلتۈرمەككە ، يېيىپ داستىخان .
شۇ چاغ تاغدىن سوقتى ئىزغىرىن شامال ،
بىر خەۋپ سەزدى شاھ ، قوزغالدى دەرھال .
ئۆزگەردى يەر يۈزى توپ قاغىسمان ،
بىلمەك تەس قايسى تاغ ، قايسى باياۋان ؟
شۇ قارا بۇلۇتتىن قار ياغدى شۇئان ،
يەر يۈزى ئاقىرىپ ، چىقتى شىۋىرغان .
ئۈچ كېچە ، ئۈچ كۈندۈز بۇ دەشت ئۈستىدە
توختىماي سوغ بوران چىقتى ئەۋجىگە .
چېدىرمۇ يىقىلدى ، ئۇ چاتتى لىباس ،
بوراننىڭ كۈچىدىن قىمىرلاپ بولماس .
ھاۋا ئۆزۈش بولدى ، قار بولدى ئارقاق ،
ناچارلاشتى شاھنىڭ ھالىمۇ بۇ چاغ .
بەشۇتەنگە دېدى ۋارقىراپ شۇئان :
« قارا يۈز تەقدىرنىڭ پەيلى بەك يامان .
ئەجدىھا دامىغا دادىل كىرەرمەن ،
ۋە لېكىن ، بۇ ھالغا نېمە قىلارمەن .
يەزدانغا ئىلتىجا قىلايلى تەكرار ،
ئۇنى مەدھىيىلەيلى ، بولغاي مەدەتكار .
نېمە بولدى مەردلىك ، نە بولدى نوپۇز ؟
بۇ بالا — ئاپەتتىن سەن تەڭرىم قۇتقۇز ! »
ياخشىلىق يولدىشى سەردار بەشۇتەن ،
تىز چۆكۈپ ، ئىلتىجا قىلدى تەڭرىدىن .
لەشكەر قول كۆتۈردى شۇندا دۇئاغا ،
ئالەم تەھسىن قىلدى بۇ ئىلتىجاغا .
شۇدەم سوقتى شېرىن — ئارامبەخش شامال ،
بۇلۇتلار ھەيدىلىپ ، كۆك ئاچتى جامال .
ئىرانلىقلار دىلى جايىغا چۈشتى ،
دۇئامۇ داۋاملىق ئەۋجىگە كۆچتى .
باتۇرلار ئۇ يەردە قېلىشتى ئۈچ كۈن ،
تۆتىنچى سەھەردە ، سۈزۈلگەندە تۈن
سەركەردە توپلىدى نامدار مەردلەرنى ،
ئۇلارغا سۆزلىدى مۇھىم پەندلەرنى .
دېدى ئۇ : « بۇ يەردە قېپقالسۇن يۈك — تاق ،
پەقەتلا قوللارغا ئېلىنسۇن ياراغ .
كىمكى بولسا ئەگەر قوشۇنغا سەردار ،
ئۇنىڭ بولسۇن يۈزچە ئۇلىغى تەييار .
يېرىمىغا ئارتسۇن تۇلۇم ۋە يېمەك ،
يېرىمىغا ئارتسۇن ئۇلاغقا خەشەك .
باشقىغا قارىماي مېڭىڭلار راۋان ،
تەقدىر بىزگە قۇرۇپ تۇرۇپتۇ قاپقان .
نائۇمىد بولسا كىم ئۇلۇغ يەزداندىن ،
تەلپى كەلمىگەي ئەلۋەتتە ئۇندىن .
بۇتپەرەس ئۇ ياۋۇز ھالىن بىگۇمان
يەنچىشتە بىز ئۈچۈن مەدەتكار يەزدان .
ئۇ قەسىرگە كىرىپ باي بولغايسىلەر ،
گەنج ئېلىپ ۋە ھەتتا تاج كىيگەيسىلەر . »
كۈن سارغۇچ چېدىرنى كىيگەندە باشقا ،
كۈنپېتىش ئوخشىدى قىزغۇچ گۈل تاشقا .
ئاتقا يۈكنى ئارتىپ ھەممە پەھلىۋان
پادىشاھ كەينىدىن مېڭىشتى شۇئان .
تۇرنىلار ساداسى كېلەر ئاسماندىن ،
كېلەتتى ئۇچۇشۇپ شەرق تاماندىن .
بۇ غەلەت تۇيۇلدى ئىسفەندىيارغا ،
ئۇ ئادەم ئەۋەتتى دەرھال گورگسارغا :
« بۇ مەنزىلدە سۇ يوق دېگەنىدىڭ سەن ،
ئۇخلاشقا ئارام يوق دېگەنىدىڭ سەن .
كۆكتە تۇرنا كۈيلەپ ئۇچار ھەمىشە ،
نېچۈن سالدىڭ دىلغا سۇدىن ئەندىشە ؟ »
گورگسار جاۋاب قىلدى : « بۇندا ئات — ئۇلاغ
ھاياتىن ساقلايدۇ پەقەت شور بۇلاق .
باشقا بۇلاقلار بار ، سۈيى ساپ زەھەر ،
ئۇنىڭدىن يىرتقۇچ قۇش تەنھا سۇ ئىچەر . »

سەركەردە دېدى : « ئەيىب ئۆزۈمدە ، گورگسار
ماڭا ھەم يولداشتۇر ۋە ھەم قىساسكار . »
شۇنداق دەپ قوشۇننى سۈردى ئىلگىرى ،
مەدەت قىلغاي دېدى شەپقەتلىك تەڭرى .

## يەتتىنچى جاسارەت

## ئىسفەندىيارنىڭ دەريادىن كېچىپ ئۆتكەنلىكى ۋە گورگسارنى ئۆلتۈرگەنلىكى

لەشكەر تۈندە يەنە بىر مەنزىل يۈردى ،
تۆگە بوزلىغىنى قۇلاققا يەتتى .
ئاتلىق ياش پادىشاھ بىر ئىشنى تۇيدى ،
قوشۇن ئارىسىدىن ئالدىغا يۈردى .
تېزدىن يېتىپ كەلگەن باتۇر سەركەردە ،
بىر دەريا كۆردىكى يارنىڭ تېگىدە .
تۆگىلەر كارۋىنى كۆرمەي خەتەرنى ،
داۋاملىق باساتتى مۇندا سەپەرنى .
ئالا تۆگە تاس قالدى غۇلاپ كەتكىلى ،
سەركەردە كۈچ بىلەن ئۇنى كۆتۈردى .
شاھ بۇيرۇدى : زەنجىرلەنگەن گورگسار ،
مېنىڭ ئالدىمدا دەرھال بولسۇن تەييار !
ئاڭا دېدى : « نېچۈن ، ئەي پەس ، رىياكار ،
زەھەرلىك قىلمىشىڭ يىلاندىن بەتتەر .
دېگەنىدىڭغۇ مۇندا سۇ تاپماق مۈشكۈل ،
قۇياشتىن كۆيىدۇ ھەممە زات پۈتكۈل .
ئەي ، يۈزسىز نېمىشقا سۈنى دېدىڭ خاك ،
قىلماقچى قەستىڭمۇ قوشۇننى ھالاك ؟ »
گورگسار سۆزلىدى : « جەڭچى ئۆلۈمى ،
ماڭىدۇر بەئەينى ئاينىڭ تولغىنى .
كىشەندىن باشقىنى سەندىن كۆرمىدىم ،
ساڭا دائىم ئاپەت ، دەھشەت ئىستىكىم . »
سەركەردە بىر كۈلۈپ ، ئاچتى كۆزىنى ،
ئۇ تۈرككە دەر غەزەپتە تۇتتى يۈزىنى ،
ئاندى دېدى : « سەن ئەي ئەقلى يوق گۆركسار ،
جەڭدىن غالىب قايتسام ، بولۇرسەن دەركار .
رۇئىندىجقا سېنى باشلىق ئېتەرمەن ،
ساڭا ھېچ يامانلىق قىلماي كېتەرمەن .
توغرا سۆزلىمەكنى سەن كۆرسەڭ راۋا ،
پادىشاھلىق قالۇر ئەلۋەتتە ساڭا .
ھېچ ئازار بەرمەسمەن پەرزەنتلىرىڭگە ،
ھەتتاكى بارچە دىل پەيۋەندلىرىڭگە . »
گورگسار شاھ سۆزىنى ئاڭلىغان ھامان ،
ئۈمىدى كۈچەيدى ياشاشقا ئامان .
شاھنىڭ سۆزلىرىدىن بولۇپ ئۇ ھەيران ،
يەرنى سۆيۈپ ، ئەپۇ سورىدى شۇئان .
شاھ دېدى : « بولۇر ئىش بولۇپ ئۆتتىغۇ ،
سۆزۈڭدىن تۇپراققا ئۆزگەرمىدى سۇ .
دەريانىڭ كېچىكى قەيەردە ، سۆزلە ،
ئاخىرقى مۇشۇ بىر پەيتىڭنى كۆزلە ! »
گورگسار دېدى : « تۆمۈر سۇدىن ئۆتەلمەس ،
نەيزىلىك ھاۋادا پەرۋاز ئېتەلمەس .
كىشەندىن بوشاتساڭ قول - پۇتۇمنى گەر ،
دەريادىن ئۆتۈرسەن مىسلى سەيلىگار . »
پەھلىۋان بۇ سۆزدىن بولۇپ كۆپ ھەيران ،
كىشەننى يېشىشنى بۇيرۇدى شۇئان .
دەريا ئورتىسىغا يول ئالدى گورگسار
ئېتىنىڭ يۈگىنىن تۇتۇپ بەر قارار .
ئۇ يېتىپ بارغاندا كېچىك جايىغا ،
لەشكەرلەر كېلەتتى ئۇنىڭ ئارقىدا .
شاھنىڭ ئەمرى بىلەن تۇلۇملارغا دەل
قاچىلاپ ئېلىشتى لىق تولدۇرۇپ يەل .
ئاتلارنىڭ بېلىگە باغلاندى تۇلۇم ،
دەرياغا چۈشۈشتى ، شاھ قىلغاچ ھۆكۈم .
قىرغاققا چىقىشتى قوشۇن ۋە كارۋان ،
ئۇلاڭ ۋە سول قاناتقا بۆلۈندى شۇئان .
رۇئىندىجقا يېقىن كېلىشتى لەشكەر ،
ئون پەرسەڭ يول قالدى قەلئەگە قەدەر .
تاماققا ئولتۇردى قوشۇن سەردارى ،
كەلتۈردى قەدەھنە مەي خىزمەتكارى .
قىلىچ كەلتۈرۈشكە بەردى ئۇ پەرمان ،
يەنە كەلتۈرۈشكە ساۋۇت ۋە قالقان .
يەنە پەرمان بەردى كەلسۇن گورگسار ،
مېنىڭ خىزمىتىمدە بولسۇن دەپ تەييار .
ئاڭا دېدى : « خەۋپتىن بولدۇق بىز خالاس ،
سۆزلىمىكىڭ كېرەك ئىدى بىزگە راست .

مەن ئەرجەسپ بېشىن ئۈزۈپ تاشلايمەن ،
لۇخرەسپ روھىنى خۇشال قىلغايمەن .
فەرشۋەرد قېنىنى تۆككەندۇر كوھرام ،
قوشۇنىنىڭ قەلبىنى خۇن قىلدى تامام .
ئوتتۇز ئىككى ئەزىز شاھزادىمىزنى ،
ئۆلتۈرۈپ ئەندەرمان قاقشاتتى بىزنى .
ئۇلار غالىب چىققان بولسىمۇ ، ئەمما ،
ئۇلارنىڭ قىساسى ئۆچمىدى يەنە .
مەن ئۇلار بېشىنى چوقۇم ئالغايمەن ،
يەنە نەيرەڭلەرنى ئىشقا سالغايمەن .
گۆرلىرىن شىر ئاغزى كەبى ئاچۇرمەن ،
ئىران باتۇرلىرىن مەن شاد ئېتۇرمەن .
جىگەرلىرىن ئوقتا تېشەرمەن بىر ـ بىر ،
خوتۇن ، باللىرىن قىلۇرمەن ئەسىر .
بۇنىڭدىن سەن خاپا بولۇرسەن يا شاد ،
كۆڭلۈڭدە بارىنى سۆزلە كەڭ كۇشات ! »
بۇ سۆزدىن گورگسارنىڭ دىلى قىسىلدى ،
دىلى بىلەن تىلى باتۇرلۇق قىلدى .
ئاڭا دېدى : « شۇنچە قىلماق بولساڭ خار ،
سېنى قوللىمىغاي ھېچ پەرۋەردىگار .
كاشكىتى قارايسا بەخت قۇياشىڭ ،
تىغ بىلەن ئىككىگە بۆلۈنسە باشىڭ .
تۇپراققا ئېتىلسۇن بۇ قانلىق تېنىڭ !
قوڭۇر تۇپراق بولسۇن سېنىڭ كېپىنىڭ ! »
پادىشاھنى مەلئۇن شۇنداق قىلدى خار ،
غەزەپكە چىدالماي قالدى شەھرىيار .
ھىندى تېغى بىلەن كەستى كاللىسىن ،
ئىككى پارە قىلدى ئۇنىڭكى كۆكسىن .
دەرياغا تاشلىدى جەسەتنى شۇئان ،
بېلىقلارغا بولدى ئوزۇق شۇ زامان .
ئارقىدىن بېلىگە باغلىدى كەمەر ،
ئېتىغا بىر سەكرەپ مىندى ئۇ قەيسەر .
ئېگىزلىككە چىقىپ قەلئەگە باقتى ،
ئۇنى تۆمۈر سېپىل ئوراپ تۇراتتى .
ئۈچ پەرسەڭ كېلەتتى ھەم ئېگىزلىكى ،
قىرىق پەرسەڭ ئىدى ۋە ئۇزۇنلۇقى .
ئۇنىڭ تۆپىسىدە تۆت سەپ چەۋەنداز
تۇرغاچقا ، قۇشلارمۇ قىلالماس پەرۋاز .
ئىسفەندىيار كۆرۈپ بۇ مۆجىزىنى ،
ھەيرەتتە قىچىشقاندەك بولدى تېنى .
دېدى : « ئۇنى ئالماق مۇشكۇلدۇر ، ئەلھال ،
يامانلىقىم ئۈچۈن كەلدى بۇ زاۋال .
جەڭلەر ، مۇشەققەتلەر كېتەرمۇ بىكار ،
ئىلاجسىز قىسمەتكە بولدۇممۇ دۇچار . »
ئۇ چەكسىز چۆل ـ دەشتكە قاراپ نىگاران ،
ئىككى ئاتلىق تۈركنى كۆردى شۇ زامان .
ئۇلار بىلەن تۆت ئىت چېپىپ كېلەتتى ،
شۇ ئىتلار ئۈچرىغان ئوۋنى ئالاتتى .
يەسكە چۈشۈپ كەلدى شاھ ئىسفەندىيار ،
قولىدا جەڭگىۋار قورال ـ نەيزىدار .
ئۇلارنى نەيزىدە ئۇرۇپ چۈشۈردى ،
ئىككىسىنى يەردىن تۇتۇپ كۆتۈردى .
سورىدى : « بۇ كۆركەم قەلئە قانداق يەر ؟
قانچە ئەسكىرى بار ، قانچە ئاتلىق ئەر ؟ »
ئەرجەسپ شاھتىن تۈركلەر سۆز قىلىشتى ،
قەلئەنىڭ تارىخىن بايان ئېتىشتى :
« قەلئەنىڭ ئۇزۇن ۋە ئېنىنى كۆرگىن ،
بىر يېقى ئىراندۇر ، بىر تەرىپى چىن .
ھەر ئىككى دۆلەتكە دەرۋازىسى بار ،
بەئەينى تۆمۈردەك بۇ سېپىل ـ دىۋار .
قەلئەنىڭ ئىچىدە يۈزمىڭ نەيزىدار ،
ھەر بىرى چەۋەنداز ، ھەر بىرى نامدار .
ئۇلار ئەرجەسپكە خۇددى قۇل كەبى ،
قانۇندۇر ئۇلارغا شاھنىڭ ھەر گېپى .
قەلئەدە ئاشلىق كۆپ ، ئۇندىن تاشقىرى
بار يەنە يەنچىلمىگەن دان باشاقلىرى .
ئەگەر ئون يىل ياپسا شاھ دەرۋازىنى ،
ئون يىل توق باقالار ئەل ـ پۇقراسىنى .
ئەگەر ئۇ خالىسا ، چىن بىلەن ماچىن
يۈزمىڭ ئاتلىق بېرەر ، ھەر بىرى لاچىن .
ئۇ ھېچبىر نەرسىگە ئەمەستۇر موھتاج ،
ئۇ ئۆز دوستىغا يەتكۈزەر ئىلاج . »
ئۇلار شۇنداق دېگەچ ، قىلىچ بىلەن شاھ
ئىككى سادىدا مەردنى چاپتى بىگۇناھ ...

## ئىسفەندىيارنىڭ سودىگەر قىياپىتىدە رۇئىندىجقا كىرگەنلىكى

شاھانە چېدىرغا شاھ كىرگەن زامان ،
ئۇ يەرگە توپلاشتى بارچە قەدىردان ؛
ئىسفەندىيار بىلەن قالدى بەشۇتەن ،
قالغانلار قايتىشتى ، قالدى ئىككىيلەن .
پەھلىۋان دېدى : « كۆپ يىل ئۇرۇنساق ھەم
قەلئەنى ئالماق تەس ، ئۇ ئىكەن مەھكەم .
مەن ئۆزۈم مۇشەققەت چەكسەممۇ يەنە ،
ياۋغا قارشى ئىشلەتمەكچىمەن ھىيلە .
سەن مۇندا بولۇپ تۇر ھەممىشە ھوشيار ،
لەشكەرنى ئاسرىغىل ئۇيقۇسىز ـ بىدار .
پەقەت شۇنداق زاتلار بولۇر مۆتىۋەر ،
شاھلىق ، تاجى ـ تەختكە بولۇر مۇيەسسەر .
جەڭدە ھودۇقمىسا توپ ـ توپ دۈشمەندىن ،
قورقمىسا شىر ـ يولۋاس ، ھەتتا لەھەڭدىن .
گاھى نەيرەڭ كېرەك ، گاھى سۆزمەنلىك ،
گاھى ئالىيجاناب ، گاھى تۆۋەنلىك .
قەلئەگە كىرەرمەن سودىگەر لىباس
كىيىپ ، ئۇندا مېنى ھېچكىم تونىماس .
ھەر خىل دەستۇرلاردىن بىلىم ئالغايمەن
كىيىپ ، ئۇندا مېنى ھېچكىم تونىماس .
ھەر خىل دەستۇرلاردىن بىلىم ئالغايمەن ،
ھەر خىل نەيرەڭلەرنى ئىشقا سالغايمەن .
لەشكەرلەر ئالدىغا ياساۋۇل قويغىل ،
خەۋەر بىلمەك سەنئەت ، ئۇستىراق بولغىل .
ئەگەر ياساۋۇل كۆرسە كۈندۈزدە تۈتۈن ،
تۈندە قۇياش كەبى گۈلخان يا ئۇچقۇن ،
بىلكى ، بۇ دۈشمەننىڭ ھىيلىسى ئەمەس ،
مېنىڭ نەيرەڭىمدۇر مۇشۇ گۈلخان ، بەس .
لەشكەرنى چاقىرغان پەيتىمدۇر شۇئان ،
باتۇرلار ئالمىقى لازىمدۇر قالقان .
مېنىڭ بايرىقىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ،
سەن يولغا چىقارسەن قوشۇن باشقۇرۇپ .
ئۆكۈز باش گۈرزىنى كۆتۈرگىن شۇنداق ،
سېنى ئىسفەندىيار ماختىسۇن شۇ چاغ . »
ئاندىن باشلىقلارنى چاقىردى بۇ شاھ ،
بەشۇتەنگە تەزىم قىلدى ئۇ ناگاھ .
دېدى : « كەلتۈرۈڭلار ياخشى يۈز تۆگە ،
ئۇ بولۇر مەدەتكار بۇ سەپىرىمگە . »
ئون تۆگىگە دىنار تاغار ئارتىشتى ،
بەشىگە چىن شايى ، تاۋار ئارتىشتى .
بەشىگە ئارتىلدى ئېسىل تاش يەنە ،
بىرىگە ئالتۇن ۋە تاجى ئالىپتە .
سەكسەن جۇپ ساندۇقنى ئېلىپ كېلىشتى ،
ھەممىسىگە سىرلىق قۇلۇپ سېلىشتى .
بىر يۈز ئاتمىش مەردنى تاللىۋالدى شاھ ،
بولمىسۇن دەپ ھېچكىم بۇلاردىن ئاگاھ .
ساندۇقلاردىن ئالدى جاي پەھلىۋانلار ،
شۇ سىياقتا يولغا چىقتى كارۋانلار .
باتۇرلاردىن يەنە يىگىرمە نەپەر ،
ھەر بىرى يېڭىلمەس قىلىچۋاز ئەسكەر .
كارۋاننىڭ ئالدىدا بولدى ھەرقايسى ،
ئالدىدا يول باشلار خىل كارۋان بېشى .
يۇتىغا ئاددىي كەش ، ئۇستى بوز كۆڭلەك ،
تۆگىلەر زەر يۈدۈپ باساتتى لەك ـ لەك .
قەلئەگە يول ئالدى ئۇلۇغ پەھلىۋان ،
تىجارەتكە مەشغۇل سودىگەرسىمان .
ئۇزۇن يول باسقاندەك ۋەزمىن بۇ كارۋان ،
يېقىنلاپ ماڭاتتى شۇ قەلئە تامان .
بۇندىن خەۋەر تاپتى قەلئە مەردلىرى ،
ۋە قەدەم تاشلاشتى بۇ كارۋان سېرى .
دېيىشتى : « يىراقتىن كەلگەن سودىگەر ،
دېمەك ئۇ دىنارغا دىرھەم تېگىشەر . »
گەزمالغا خۇشى يوق ئەمەلدارلار ھەم ،
بۇ كارۋان تەرەپكە يۈگۈرتتى قەدەم .
سارايۋەندىن سورار ئىدى ھەر بىرى :
« بۇ كارۋاننىڭ باركەن قانداق ماللىرى ؟ »
سودىگەر دېدى : « مەن سودىدىن ئاۋۋال ،
شاھنىڭ دىدارىنى كۆرمىكىم ئەۋزەل .
مەن مېلىمنى ئاۋۋال ئاڭا كۆرسىتەي ،
ئەگەر رۇخسەت قىلسا زىيارەت ئېتەي . »
سودىنى باشلاشتىن ئاۋۋال سودىگەر ،
تۆگىگە ئارتقۇزۇپ ئەڭ ئېسىل ماللار ،
قولىدا كۆتۈرۈپ مەخسۇس بىر تاۋاق ،
دۇر ـ گۆھەرلەر تىزىپ ئاڭا چوغسىياق ،

يەنە ياقۇت ، گۆھەر كۆز ئۆزۈك سېلىپ ،
چىن چەكمەنلىرىدىن ئۇن تاي مال ئېلىپ ،
مۇشكى ئەنبەر بىلەن ئۇلارنى خۇشلاپ ،
شاھ ئوردىغا ماڭدى تۆگىنى باشلاپ .
ئۇ ئەرجەسپنى كۆرۈپ چاچتى دىنار ،
دېدى : « دانىشمەندۇر شاھى ھۆكۈمدار !
شەپقىتىڭنى سوراپ كەلدىم پادىشاھ ،
مەرھەمىتىڭ بىلەن تاپارمەن پاناھ ،
ئاددىي سودىگەرمەن ئەي شاھى ئالەم !
ئانام ئىرانلىقتۇر ، ئاددىي تۈرك ئاتام .
مەن تۇراندىن ماللار سېتىپ ئالۇرمەن ،
ۋە ئىرانغا ئېلىپ بېرىپ ساتۇرمەن .
بەزىدە چۈشۈرمەن كۆپ يىراق يولغا ،
يىگىتلەرنى باشلاپ يۈرىمەن چۆلدە .
تۆگە كارۋىنىدۇر مېنىڭ بار ـ يوقۇم ،
باردۇر نېمەتلىرىم ، ئېگەر ـ جابدۇقۇم .
مېلىمدۇر — ئېسىل تاش ، تاج ، مۇشكى ئەنبەر ،
قىسقىسى ، مەن شۇ خىل كارۋان سودىگەر .
قەلئەنىڭ كەينىدە قونالغۇ جايىم ،
بىلىمەن ئۆزۈڭسەن ئەڭ يۈكسەك شاھىم .
ئەگەر رۇخسەت قىلساڭ مېنىڭ كارۋىنىم ،
قەلئەگە ئېلىپ كىرەر ھەممە بىساتىم .
ئىقبالىڭ يۇلتۇزى كۆرسەتسۇن جامال ،
مەرھەمىتىڭدىن مەن ياشاي بىمالال . »
شاھ جاۋاب قىلدى : « خوپ ، دىلىڭ بولسۇن شاد ،
ياشىغىن ئەندىشە ، خەۋپتىن ئازاد .
تۇران تۇپرىقىدا چەكمەسسەن ئازار ،
چىن ، ماچىن ھەم ساڭا بولۇر مەدەتكار .
شۇندىن كېيىن شاھنىڭ پەرمانى بىلەن ،
قەلئەدىكى ئۇنىڭ قەسرى يېنىدىن ،
سودىگەرگە كاتتا ساراي بېرىلدى ،
چۆلدىكى كارۋىنى ئېلىپ كېلىندى .
بۇ ساراي ياسالدى بازاردەك پۈتكۈل ،
ھەتتا تەيىنلەندى ئاڭا قاراۋۇل .
تۆگىلەر چۇلۇۋۇرىن تۇتۇپ قولىغا ،
ساندۇقلارنى قويدى بىر ـ بىر ئورنىغا .
خىزمەتكارلار يۈكنى توشۇشتى تىنماي ،
ساندۇقتا نېمىلەر بارلىقىن بىلمەي .
ئەمما ، سوراپ قالدى چاكار قايسى بىر :
« نېمە بۇ ساندۇقلار مۇنچىلىك ئېغىر ؟
ئۇڭا ھېچكىم تۈزۈك قىلمىدى پەرۋا ،
كىمدۇر دېدى : « شۇنداق ئېغىردۇر دۇنيا . »
ئىسفەندىيار ئاچتى ئالپتە دۇكان ،
دۇكان جابدۇتىلدى گۈلىستانىسمان .
ھەر ياندىن خېرىدار دەۋەت ئېتىلدى ،
بازار قىزىپ ، ئۇلار قىزغىن كۈتۈلدى .
تۈن ئۆتتى ، سەھەردە سودىگەر خۇش دەم ،
پادىشاھ قەسرىگە تاشلىدى قەدەم .
ئۇ ئايۋانغا كىرىپ ، تەزىم قىلدى ـ دە ،
كۆپ مەدھىيىلەر ئېيتتى بۇ شاھ ھەققىدە .
دېدى : « يۈك ئارتىلغان كارۋاننى ئىلدام
سۈرۈپ كەلدىم ، ھاردى كارۋانچىلار ھەم .
تاج ، ئالتۇن بېزەكلەر ئېلىپ كەلگەنتىم ،
مەن بۇلارنى ساڭا لايىق كۆرگەنتىم .
شاھ ، مەن پەرمانىڭغا بولدۇم ئىنتىزار ،
دۇكىنىمغا بارسۇن ، ئۇ خەزىنىدار .
كۆرسە خەزىنىڭگە لايىق بىرەر مال ،
شۇنى سوۋغا قىلسام شاھىمغا دەرھال .
قوبۇل قىلماق شاھنىڭ مەيلىدۇر ئەلۋەت ،
پېقىرنىڭ خىزمىتى تەشەككۇر پەقەت . »
ئەرجەسپ ماختىدى ئېچىپ خۇشچىراي ،
تەكلىپ قىلدى ئاڭا يۇقىرىدىن جاي .
سورىدى : « ئىسمىڭ نېمە ؟ » « مەن خەرراد ،
سەييارە سودىگەر ، بازىرى ئاۋات . »
خەررادقا دېدى شاھ : « ئەي ، ئالىيجاناب ،
ئۆزرىڭنى دېمىگىل ، چېكىپسەن ئازاب .
ئەمدى ياساۋۇلدىن سورىما ئارتۇق ،
سەن ئۈچۈن ئىشىكىم ھەمىشە ئوچۇق . »
يول ئازابلىرىنى سوراپ بىلدى شاھ ،
ئىران ، شاھ ، لەشكەردىن ئۇ بولدى ئاگاھ .
سودىگەر دېدى : « مەن بەش ئاي يول يۈردۇم ،
ئۇزاق يولدا خېلى ئازابلار كۆردۈم . »
شاھ سورىدى : « ئىراندا نېمە گەپ ؟ گورگسار
يەڭدىمۇ ياكى يەڭدى ئىسفەندىيار ؟ »
جاۋاب شۇ بولدىكى : « ئۇلۇغ شەھرىيار !
ھەر كىم ھەر خىل گەپنى قىلدۇ تەكرار .
بىرى دەر : « ئىسفەندىيار قوزغالماقچىمىش ،
ئاتىسىدىن رەنجىپ ، ئاڭا قارشىمىش .

بىرى دەر : كۆرسىتىپ يەتتە جاسارەت ،
ئەرجەسپكە سالماقچىمىش بىر دەھشەت .
ئۇ تۇران ئېلىدە جەڭلەر قىلارمىش ،
مەردلىكتە ئەرجەسپتىن قىساس ئالارمىش . »
ئەرجەسپ كۈلۈپ دېدى : « كۆپ كۆرگەن ئىنسان ،
شۇنداق سۆزلەر سۆزلەپ يۇقتۇرماس نۇقسان !
يەتتە جاسارەتكە ئۇ ئۈمىد قىلسا ھەم ،
يېڭىلسەم ئىبلىستىن ، دېمىگىل ئادەم . »

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يەر سۆيدى سودىگەر ،
ئەرجەسپ قەسرىدىن شاد قايتتى ئۇ ئەر .
كۆركەم دۇكىنىنى قايتا ئاچقاندا ،
ئەرجەسپ قەلئەسى تولدى شاۋقۇنغا .
سودىگەر سودىنى قىزىتتى دەرھال ،
سېھىرگە تارتاتتى ، مال ، رۇمى رومال .
ئېسىل ماتالارغا كەلدى خېرىدار ،
ئالدى ـ ساتتى قىزىپ ، ئەۋج ئالدى بازار .

## ئىسفەندىيارنىڭ سىڭىللىرىنى تونۇپ قالغانلىقى

كۆكنى تەرك ئەتكەندە چارچىغان قۇياش ،
خېرىدارلار مۇندىن ئېلىپ كەتتى باش .
ئۇنىڭ سىڭىللىرى قەسرىدىن شۇندا ،
چىقىشتى يەلكىدە كۆتۈرۈپ كوزا .
سودىگەر تەرەپكە ئۇلار كېلىشتى ،
يۈزلىرى تىلىنغان ، دىل يارا ئىدى .
ئىسفەندىيار كۆرۈپ تونۇدى دەرھال ،
يۈزىنى يوشۇرۇپ ، ياپىسمۇ رومال .
ئۇلارچۇن قەلبىگە تولدى خەۋپ ـ خەتەر ،
يۈزىنى يەڭ بىلەن يوشۇردى بەتتەر .
سىڭىللىرى ئاڭا كېلىشتى يېقىن ،
كۆزىنىڭ قارىچۇقى بەئەينى يالقۇن .
سودىگەر ئۇلارغا تونۇش كۆرۈندى ،
سودىگەرگە قىزلار ئىلتىماس قىلدى :
« ئەي تاجدار ، تۈن ـ كۈنۈڭ ئۆتسۇن بەخت بىلەن ،
شاھلارمۇ قۇل بولسۇن ساڭا تەخت بىلەن .
قاي ھالدا ، خەۋەر قىل ، شەۋكەتلىك نامدار ،
ئىران ۋە گۇشتەسپ ، شاھ ئىسفەندىيار ؟
بىز شۇ پادىشاھنىڭ قىزىمىز بىراق ،
دۈشمەن ئەسىر قىلغاچ ، رىزقىمىز يىراق .
بىز مۇندا يالاڭ ، ئاچ ، ئېغىر خىزمەتتە ،
ئاتىمىز يۇرتىدا ئارام ، راھەتتە .
كۆڭلىكىمىز يىرتىق ، ھالىمىز خاراب ،
مۇندىن كۆرە كېيەن كىيسەك ، ئۇ ساۋاب .
كۆزلەردە قانلىق ياش ، دىلىمىز گىريان ،
داۋا ئەيلەپ قىلغىل مۈشكۈلنى ئاسان .
گەر شاھنىن ، ۋەتەندىن يەتكۈزسەڭ خەۋەر ،
يېگەن ئوغا ـ زەھەر بولغۇسى شېكەر . »

يۈزىنى چەكمەندىن ئالماي تۈۋلىدى ،
ئىككى قىز قورقۇشتىن تىترەككە تولدى .
دېدىكىم : « يوقالسۇن شاھ ئىسفەندىيار ،
ھەركىمگە يەتكۈزگەن ئۇ شۇنچە ئازار .
گۇشتەسپ بەدگەردە بىر ئادەم ئىرۇر ،
ئۇنداق پادىشاھتىن پەقەت غەم كېلۇر .
مەن بىر سودىگەرمەن كۆرمەڭ يۈزۈمنى ،
رىزقىم دەپ بۇ يولغا سالغان ئۆزۈمنى .
موماي ئاڭلاپ ئۇنىڭ شۇ تاۋۇشىنى ،
تونۇدى ۋە يىغدى دەرھال ھوشىنى .
ئۇنىڭ كىملىكىنى تونۇغان سىڭىل ،
سىر يوشۇرسىمۇ قەلبى بولدى يەڭگىل .
ئاكىغا تەلمۈرۈپ مەيۇس باقتى ھەم ،
كۆزىدىن يۈزىگە يېشى ئاقتى ھەم .
يۈزى كىر ، ئايىغى چاڭغا پاتقانتى ،
ئەرجەسپ شۇنچىلىك خاراب قىلغانتى .
ئاق كۆڭۈل پەھلىۋان سىرغا پۈركەندى ،
بۇ قىز سىڭلى ھۇماي ، بۇنى چۈشەندى .
يۈزىنى ئاچتى قىز ، كۆزى ئىدى ياش ،
باغرى خۇن بولسىمۇ چىرايى قۇياش .
دۇنيانىڭ ئىشىدىن ئۇ بولۇپ ھەيران ،
لېۋىنى چىشلىدى ، باغرىدا پىغان .
سىڭىللىرىغا ئۇ دېدى : « نەچچە كۈن
ئېغىزغا قۇلۇپلار سېلىڭلار پۈتۈن . »
بۇ يەرگە جەڭ قىلىش ئۈچۈن كەلگەنمەن ،
ياۋدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنمەن .
قىزلىرى سۇ توشۇپ يۈرگەن شەھرىيار
قانداقمۇ ئۇخلىسۇن ، بولماستىن بىدار ؟

ئاسمان ئاتام، زېمىن ئانام بولسا ھەم،
بۇ ئەھۋالغا تاقەت قىلالماسمەن بىر دەم.»
ياش پەھلىۋان چىقىپ دۇكاندىن چاققان،
يول ئالدى ئەرجەسپ قەسرى تامان.
شاھقا دېدى: «ئەي سەن، مەرھەمەتلىك شاھ،
دائىم سالامەت بول ۋە دۆلەتپاناھ!
يولىمىزدا بىزگە دۇچ كەلدى ئۇممان،
قىلمىغان ئۇندىن سودىگەر گۇمان.
ئۇممانىدا قوزغالدى بىر ئۇيۇقۇن دەھشەت،
خىيالغا ئەزەلدىن كەلمىگەن پەقەت.
كېمىدە ھەممىمىز يىغلاپ، دات سالدۇق،
ئامان قۇتۇلارمىز دەپ ئىشەنمەي قالدۇق.
مەن تەڭرى ھەققىدە قەسەمياد قىلدىم،
ئەگەر يېتىۋالسام ساھىلغا، دېدىم،
شاھنىڭ رازىلىقىن ئېلىپ بىر مۇددەت،
پۈتۈن مەملىكەتكە بەرگۈم زىياپەت،
ھەممىنى چاقىرىپ تارتۇق قىلغايمەن،
ۋە ھەتتا جېنىمدىن ئارتۇق قىلغايمەن.
سورىغانغا مەن مالۇ دۇنيا بېرۇرمەن،
يېتىم ـ بىچارىلەرنى رازى قىلۇرمەن:
ئەمدى سەندىن يالغۇز شۇدۇر ئىلتىماس،
ئىجازەت بەر، بۇ ئىشتىن مەن بولاي خالاس!
قوشۇنۇڭدا باتۇر ئادەملەر كەلسۇن،
ساڭا ساداقەتمەن خادىملار كەلسۇن.
ھەممىسى مېھمىنىم بولسۇن شەھرىيار،
ئۇممىدىمگە يېتىپ بولاي بەختىيار.»
بۇ سۆزدىن ئەرجەسپ شۇنچە شاد بولدى،
خام كاللا ئاجايىپ ھەۋەسكە تولدى.
پەرمان قىلدى: «كىمكى بۇ ئەلدە نامدار،
كىم قوشۇندا تاپقان بولسا ئېتىبار.
خەرراداننىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارسۇن،
مەي ئىچىپ، خۇشاللىق كەيپىنى سۈرسۇن.»
سودىگەر دېدى: «شاھ، دانا شەھرىيار!
غەلبىلەر غالىبى، مەڭگۈ بەختىيار!
ئۆيۈم تار، سارايىڭ ئەمەس ئازادە،
نېمە غەم، مۇستەھكەم تۆمۈرغۇ قەلئە!
كۆز كىردى ياقمىساق بولمىغاي گۈلخان،
نامدارلار قانغۇچە يايرىغاي ئوبدان.»
شاھ دېدى: «خاھىشىڭ ئېلىنگىل بەجا،
سارايىدا خوجايىن پەقەت پادىشاھ.»
پەھلىۋان شاد بولۇپ قايتتى قەسرىدىن،
تامغا كۆپ ئوتۇننى توپلىدى يەردىن.
كۆپلەپ ئات، قويلارنى سويدۇردى شۇندا،
گۆشلەر تام ئۈستىگە ئېلىندى تۇندە.
قەلئە تاملىرىدىن ئۆرلىگەن ئىس ـ دۇت،
ئاسماننى قاپلىدى بەئەينى بۇلۇت.
شاراب كەلتۈرۈلدى، ئىچىلدى بىرئاز،
ساقىي مېھمانلارغا خىزمەت قىلدى ساز.
نامدارلار كۆڭلىنى ئاچتى شۇ قەدەر،
ئۇلارغا گۈللەرنى تۇتتى سودىگەر.

## بەشۇتەننىڭ رۇئىندىج قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلغانلىقى

تۈن باشلاندى، ھەيۋەت گۈلخان يېقىلدى،
ئۇنىڭكى ئۇچقۇنى كۆككە چېچىلدى.
كۆزەتكۇچى قاراپ قەلئەگە شۇ كۈن،
كۈندۈز تۈتۈن كۆردى، تۈندە ئوت ـ يالقۇن.
كۆزەتچى شاد قايتتى قوشۇنغا شۇئان،
ئۇچۇپ گويا شۇنچە تېز شامالسىمان.
بەشۇتەننى كۆرگەن كۆزەتچى شۇندا،
تۈتۈن، ئوت ـ يالقۇندىن ئەيلىدى نىدا.
بەشۇتەن دېدى: «ئۇ شانلىق پەھلىۋان،
پىل، شىرلاردىن ئۈستۈن تۇرار مىڭ چەندان.»
پەرمان قىلدى دەرھال قوزغالماق ئۈچۈن،
ناغرا ـ كانايلار ياڭرار بۇندا پۈتۈن.
قوشۇن دەشتتىن قەلئە تامان يول ئالدى،
توزاندىن قۇياشمۇ كۆرۈنمەي قالدى.
ھەممىسى كۆكسىگە تاقىغان ساۋۇت،
ھەممىنىڭ قەلبىدە يانار ئىدى ئوت.
قەلئەگە لەشكەردىن كەلگەندە خەۋەر،
جاھان ئىس، توزان ئىچرە قالغانتى يەكسەر.
ئىسفەندىيار نامى ياڭرار قەلئەدە،
زۇلۇم دەرىخى بەرگەندى ئاچچىق مېۋە.
تۆمۈر قالقان تۇتۇپ شاھ ئەرجەسپ ھەم،
ئۇرۇشقا ھازىرلىق كۆردى ئۇ بىردەم.

پەرمان قىلدى : شىرلار غالىبى كوھرام ،
گۆرزىدار قوشۇننى باشلىسۇن ئىلدام .
قىلىچۋاز ، نەيزىۋاز لەشكەرلەر بارسۇن ،
دۈشمەننىڭ سېپىنى تىنىمسىز يارسۇن .
تەرخانغا دېدى شاھ : « ئەي مەغرۇر ئوغلان !
جەڭگىۋار قوشۇننى باشلا ياۋ تامان .
سەن قەلئەدىن ئون مىڭ باھادىرنى ئال ،
ئۆتكۈر قىلىچ بولسۇن ھەممىگە قورال .
سەن كەلگۈندىلەرنى ياخشىلاپ كۈزەت ،
مەقسىتىنى بىلگىل ، كۈچۈڭنى كۆرسەت ! »
مەغرۇر تەرخان دەرھال يولغا قوزغالدى ،
قەلئەدىن چىقاردا تىلماچ ھەم ئالدى .
ئۇ كۆردى قالقان ، گۈرزىلىك قوشۇن ھەم ،
ئارسلان تامغىلىق قارا تۇغ شۇ دەم .
سەركەردە بەشۇتەن ئورتىدا تۇرار ،
مەردلىرى قولىنى قان بىلەن يۇيار .
قولىدا ئىسفەندىيار گۈرزىسى بىلەن ،
ئۇچقۇر ئاتتا تۇرار ئىدى بەشۇتەن .
مەرد ئىسفەندىياردىن پەرقى يوق ھېچبىر ،
ئىران شاھى كەبى ئىدى باھادىر .
ئوق ـ سول قانىتىنى راسلىغان لەشكەر ،
دەھشەتىن كۆرگەنلەر دېيىشەر مەھشەر .
ئالماس نەيزىلەرنىڭ زەربىدە چېقىن ،
ئۇنىڭدىن ئاقاتتى قان بولۇپ ئېقىن .
ئىككى تەرەپ قوشۇن جەڭگە چاڭ سالدى ،
« ھەيھات ! » دېگەن نەرە ئالەمنى ئالدى .
قىلىچۋاز نۇش ئازار ئېتىدا ئىدى ،
دۈشمەن قوشۇنىغا يۈزمۇ يۈز كەلدى .
شۇنداق چىقىپ كەلدى سەپتىن مەرد تەرخان ،
نۇش ئازار بېشىنى يەنچىشكە شۇئان .

دەشتتە ئۇنى كۆرگەن زامان نۇش ئازار ،
قىنىدىن قىلىچنى سۇغاردى يەكبار .
ۋە تەرخان بېلىگە سالدى زەرب بىلەن ،
ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، جانسىز قالدى تەن .
بۇنى كۆرگەن كوھرام دەھشەتكە كۆچتى ،
پۈتۈن تەن ـ جىسمىنى بىر تىترەك قۇچتى .
شۇ بىلەن تۈگىدى مەركەزگە ھۇجۇم ،
ئايرىلىشىپ كەتتى ھەممە مىسلى قۇم .
ئىككى لەشكەر كەلدى بىر ـ بىرىگە دۇچ ،
توزان كۆتۈرۈلدى گىرە لەشكەچ كۈچ .
مەغرۇر كوھرام ئۆزىنى قەلئەگە ئالدى ،
ئۇ قاچتى ، جەڭگاھتا قوشۇنى قالدى .
ئاتىسىغا دېدى ماجالسىز كوھرام :
« ئەي شاھى قۇياشىم ، ئىش بولدى تامام !
ئىراننىڭ لەشكىرى ھېسابسىز تۇرار ،
ئۇنى ئەڭ مۇزەففەر باتۇر باشقۇرار .
ئۇ ئىسفەندىيارنىڭ ئۆز خىلىدىن ، بىل !
قەلئەگە ئۆزگە مەرد كەلمىگەن كۆپ يىل .
ئۇنىڭ قولىدىكى نەيزە غارايىپ ،
سەن سېپىلدا كۆرگەن سىياق ئاجايىپ . »
بۇ سۆزدىن ئەرجەسپ دىلى رەنجىدى ،
چۈنكى ، كونا قىساس تىكلەنگەندى .
ئۇ تۈركلەرگە دېدى : « قەلئەدىن چىقىپ
بېرىڭلار ياۋ تۇرغان جەڭگاھقا ئېقىپ !
ھەممە قوشۇننى توپلاڭ تېزدىن شۇ زامان ،
كۆتۈرۈڭ غەزەپلىك شىر كەبى چۇقان !
ئۇلاردىن ھېچبىرى قالمىسۇن ئامان ،
تىلغا ئېلىنمىسۇن يامان نام 〈 ئىران 〉 » .
قەلئەدىن سەھراغا يول ئالدى قوشۇن ،
ئەشەددىي دۈشمەندىن ئۆچ ئالماق ئۈچۈن .

## ئىسفەندىيارنىڭ ئەرجەسپنى ئۆلتۈرگەنلىكى

قاش قارايغان ئەسنا مەرد ئىسفەندىيار ،
قولغا قالقان ئېلىپ بولدى تەپ ـ تەييار .
ساندۇقلار ئاغزىنى ئۇ ئاچتى ئاستا ،
ئەركىن نەپەس ئالدى « مەھبۇسلار » شۇندا .
ئۇلارغا مەي ، كاۋاپ ، مېۋە كەلتۈردى ،
جەڭگىۋار ئۈستى ـ باش ، قوراللار بەردى .

باتۇرلار يەپ ـ ئىچتى ، يەنە ئۈچ كاسا
مەي ئىچىپ كەيپىنى كۆچەيتتى راسا .
ئۇ تەكرار دەر ئىدى : « بۇ تۈن خەتەرلىك ،
ۋە لېكىن بىز ئۈچۈن بولغاي زەپەرلىك ،
تەڭرىدىن سورايلى ، كەتسۇن پالاكەت ،
– مەردلەرگە كەلتۈرسۇن بۇ جەڭ شاراپەت . »

ئاندىن ئۇ شۆھرەتلىك مەردلەرنى ساناپ ،
ئۈچكە تەقسىم قىلدى تۇرقىغا قاراپ .
قەلئە ئورتىسىغا بىرىنچى گۇرۇھ ،
قويۇلدى ئۇلاردا پۇختا ئىدى روھ .
قەلئە دەرۋازىغا ئىككىنچى قىسىم
قويۇلدى ، پولاتتىن مۇستەھكەم جىسىم .
ئۈچىنچى گۇرۇھتا دېدى : « باتۇرلار ،
ياۋ مەغرۇرلىرىدىن قالمىسۇن ئەسەر .
ئۇلار ئاخشام ئىچكەن مەستلەر ، بىلىڭلار ،
بېشىنى خەنجەردە راسا قىرقىڭلار ! »
يىگىرمە باتۇرنى ئېلىپ يېنىغا ،
ئىسفەندىيار كەتتى شاھ ئايۋىنىغا .
ئەرجەسپ ئورىدىسىغا بولدى ئۇ ھازىر ،
نەرە تارتىپ تۆمۈر قالقان تۇتقان شىر .
سارايدا نەرىنى ئاڭلىغان ھامان ،
ھۇماي يۇگرۈپ كەلدى ئاكىسى تامان .
يېنىدا سىڭلىسى بېخافەرىد بار ،
كۆزىدىن قانلىق ياش توختىماي ئاقار .
يېقىن كېلىپ كۆردى مەرد ئىسفەندىيار ،
سىڭىللىرى خۇشال مىسلى نەۋ باھار .
مەسۇمە قىزلارغا دېدى پەھلىۋان :
« بۇ يەردىن تېز كېتىڭ ئۈچقان قۇشسىمان .
دۈكىنىمغا بېرىپ ، بېكىنىڭ دەرھال ،
ئۇ يەردە بار دۇنيا ، ئالتۇن ، گۆھەر ، مال .
بۇ جەڭدە يا ھايات ، ياكى ماماتلىق ،
ئۇ يەردە كۈتۈڭلار بولۇپ تاقەتلىك .
بۇ ئېغىر كۈرەشتە ھالاك بولۇرمەن ،
يا ئەزىز بېشىمغا بىر تاج ئالۇرمەن . »
شۇنداق دەپ قىزلاردىن ئاكا خوشلاشتى ،
ئەرجەسپ قەسرىگە ئۇ قەدەم باستى .
ھىندى قىلىچ ئويناپ تۇردى قولىدا ،
دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ ماڭدى يولىغا .
ئۇ شانلىق نامىغا داغ سالدۇرمىدى ،
قاچارغا دۈشمەنگە يول قالدۇرمىدى .
جەسەت ، يارىدارلار يىغىلدى شۇئان ،
يول ــ يولدا دەل ئۇمان دەرياسىسىمان .
ئەرجەسپ ئۇيقۇدىن كۆز ئاچقان زامان ،
كۆڭلىگە لىق تولدى قورقۇنچ ، غەليان .
تۆشەكتىن ئۇ غەزەپ بىلەن قوزغالدى ،
قالقان ، ساۋۇتىنى قولىغا ئالدى .
ئۆتكۈر خەنجىرىنى پايپاسلاپ تاپتى ،
لەنەت ئوقۇپ شۇئان ئايۋانغا چىقتى .
ئىشىكتە تۇراتتى مەرد ئىسفەندىيار ،
قولىدا تىغ تۇتقان بىر شىرغا ئوخشار .
شاھقا دېدى : « ساڭا ، تاجدار پەھلىۋان ،
دىنارلار تىغىنى قىلغاي ئەرمۇغان .
لۇخرەسپلەر سوۋغىتى بۇدۇر ساڭا ،
گۇشتەسپلەر مۆھرى بېسىلغان ئاڭا .
ئۇنى قوبۇل قىلىپ ، دىلىڭ بولۇر قان ،
قارا يەر تېگىدىن تاپقايسەن ماكان . »
ئىسفەندىيار ، ئەرجەسپ چۆشتى ئېلىشقا ،
تىل بىلەن تەس ئىدى تەرىپ قىلىشقا .
قىلىچ ، خەنجەر سالار بىرى بىرىگە ،
گاھ بېشىغا سېلىپ ، گاھى بېلىگە .
ئەرجەسپ تېنىدە ساق يەر قالمىدى ،
ئىسفەندىيار ئۇرۇپ زادى تالمىدى .
ئەرجەسپ زەربىدە بولدى ماجالسىز ،
غولىدى قان ئېقىپ يەرگە ئامالسىز .
ئۇنىڭ پىل قامىتى گۇرس قىلىپ چۈشتى ،
ئىسفەندىيار ئۇنىڭ بېشىنى كەستى .
بۇ پەلەكنىڭ ئىشى شۇنداق دائىما ،
ئۇ زەھەر بېرەرگاھ ، گاھىدا داۋا .
بۇ پانىي دۇنياغا دىل باغلاش نېچۈن ؟
مەڭگۈلۈك بولمىسا ، دىل داغلاش نېچۈن ؟
ئىسفەندىيار ئەرجەسپ جېنىنى ئالدى ،
ئارقىدىن قەسرىگە يەنە قوزغالدى .
شاملار يېقىلسۇن دەپ ئۇ قىلدى پەرمان ،
پۈتكۈل ياندۇرۇلدى ساراي ھەم قورغان .
خىزمەتكارغا بېرىپ شاھ ھەرىمىنى ،
سۇندۇردى دۈشمەننىڭ خۇش كۆكلىمىنى .
خەزىنە شۇ ھامان پېچەتلەندى ، بەس ،
ئۇ يەردە لەشكەر تۇرماق ھاجەت ئەمەس .
ئېغىلغا كىرىپ ئۇ ئېتىغا مىندى ،
ھىندى قىلىچىنى قولىغا ئالدى .
ئەرەب ئاتلىرىدىن تاللىدى نەچچە ،
ئېلىپ كەتمەك بولدى توقۇق پېتىچە .
ئۇ يەردىن يۈز ئاتمىش مەرد يولغا چىقتى ،
قوشۇنغا يېتىشكە ئۇلار مېڭىشتى .

سىڭىللىرىنى ئۇ مىندۈردى ئاتقا ،
قەلئەدىن ئايرىلدى ئۇلار شۇ تاپتا .
ئىرانلىق مەدلەردىن بىر قانچە كىشى
قېپقالدى ، خەزىنە ساقلىماق ئىشى .
ئىسفەندىيار دېدى : « جەڭگە چىققايمىز
باھادىر بەشۇتەن بىلەن ئىككىمىز .
تۇركلەرگە دەرۋازىنى تاقاڭلار مەھكەم ،
قوللىسۇن ئىلاھىم ئىشىمنى ھەردەم .
مۆلچەرلەپ كۆرۈڭلار يولۇمنى شۇئان ،
مەن شانلىق قوشۇنغا يېتەرمەن قاچان .
ئايۋاندا ياساۋۇلغا شۇ بولسۇن شۇئار :
گۇشتەسپ تاجدۇر شاھ مەڭگۈگە ياشار ! »

ياۋ قوشۇنى قېچىپ بۇڭا كەلگەندە ،
چېكىنىپ قەلئەگە ئۇلار كىرگەندە ،
تۇران شاھ بېشىنى قولغا ئالدى ــ دە :
« تاشلاڭلار ، ــــ دېدى ئۇ ، ــــ قوشۇن ئالدىغا ! »
شۇلارنى تاپىلاپ ماڭدى پەھلىۋان ،
يول بويى دۈشمەننى ئۇ قىرىپ ھامان .
يۈز ئاتمىش مەرد بىلەن چىقتى قەلئەدىن ،
ۋە جەڭ مەيدانىغا كىردى سۈر بىلەن .
شاۋقۇن ــ سۈرەن بىلەن قوشۇنغا يەتتى ،
ئۇنى كۆرۈپ ھەممە ئاپىرىن ئېيتتى .
ياش قەھرىمان تەڭسىز ئىدى شەۋكەتتە ،
باقاتتى زور قوشۇن ئاڭا ھەيرەتتە .

## ئىسفەندىيارنىڭ كوھرامنى ئۆلتۈرگەنلىكى

ئاي كۆمۈش تەختىنى تەرك ئەتكەن زامان ،
ئۈچ قېتىم ئالماشقاچ تۈن بويى پاسبان ،
ئاۋازى بارىچە كۆزەتچى سالدى جار :
« گۇشتەسپ شاھىمىزدۇر مەڭگۈ مۇزەففەر !
ئىسفەندىيار بولسۇن مەڭگۈ نەۋقىران ،
ئاڭا مەدەت قىلسۇن تەقدىر ، ئاي ، ئاسمان .
« ئەرجەسپتىن ئالدى لۇخرەسپ قەستىن ،
ئىجرا قىلدى ئەجداد قانۇنىي رەسمىن .
شاھ كاللىسىنى ئېلىپ تەختتىن غۇلاتتى ،
گۇشتەسپ شۆھرىتىن بەر قارار ئەتتى . »
بۇ جارنى ئاڭلىغان تۈركلەر يەكپارە
قاتتقاندەك ئاڭلاشتى بولۇپ دىل پارە .
بۇ جاردىن كوھرامنىڭ قىسىلدى دىلى ،
تەشۋىش ھەم غەزەپكە ئۇ تولدى خېلى .
ئەندەرىمانغا دەر ئۇ چېكىپ مالال :
تۈندە سىر ساقلىماق مۇھىم ئىش ــــ ئەمەل .
بۇ كېچە قانداقچە بولۇر ئەھۋالات ؟
لەشكەرگە خەۋەرنى بەرمەك كېرەك پات .
شاھ يېقىن تۇرغاندا ، قاراڭغۇدا ، ئېيت ،
كىم خەۋەر يەتكۈزەر بايقاپ لايىق پەيت ؟
ئۇرۇشتا كۆزەتچى مىكرى زور بولۇر ،
بۇ تۈن نامدارلارنىڭ ھالى شور بولۇر .
ئەۋەتمەك لازىمدۇر شۇنداق كىشىنى ،
دەل ئۇدۇل كەلسۇندە ، ئالسۇن بېشىنى .

ئەگەر قەلئەمىزگە كىرگەن بولسا ياۋ ،
بىزنى يوقاتماققا يۈرگەن بولسا ياۋ .
تۈزلۈققا تۈكۈرسە ئىچىپ تۇزىمىز ،
ئۇنىڭ كاللىسىنى يەنچەر گۈرزىمىز . »
جار تەكرار جاراڭلاپ قىلىندۇ داۋام ،
ئۇنىڭدىن تىترەككە چۈشكەنتى كوھرام .
ئەكس سادا بېرىپ ياڭرار ئىدى جار ،
قۇلاقتا غۇڭگۇلداپ شۇ سادا ياڭرار .
ئەسكەرلەر دېيىشتى : « ئۇ ئەمەس تەنھا ،
ئاۋازلارغا تولدى زىمىستان سەھرا .
يۈرۈڭلار ، دۈشمەننى سۈرۈپ تاشلايلى ،
قوشۇنغا قارشى بىر نەيرەڭ باشلايلى . »
كوھرام تىترەر ئىدى تاپالماي چارە ،
يۈزلىرى پۈرۈشكەن ، يۈرىكى پارە .
ئۇ لەشكەرگە دېدى : « قورقىمەن شاھتىن ،
قەلبىم ئازابتىدۇر مۇشۇ سىپاھتىن .
قايتىپ كەتمەك كېرەك ئەمدى بىگۇمان ،
بىلمىدىم ، كۆپ مۇشكۈل قالماقلىق ئامان . »
سەركەردىلەر شۇندا قايتتى ئارقىغا ،
جەڭ مەيدانىنى تەرك ئېتىشتى شۇندا .
ئىسفەندىيار قوغلاپ ماڭدى ئىز بېسىپ ،
ئۆكۈز باش گۈرزىنى تۇتۇپ تېز بېسىپ .
قەلئە دەرۋازىسىغا يەتكەندە كوھرام ،
ئىرانلىق لەشكەرنى كۆردى ئۇ تامام .

دېدى : « ئىسفەندىيار ئېلىپتۇ قورشاپ ،
جەڭگە مەجبۇر قىپتۇ شۇنچىلىك قىستاپ .
قىلىچنى قىنىدىن ئېلىڭلار مەردلەر ،
بىر چارە : تىغ بىلەن بېرەيلى خەۋەر . »
تەقدىر تىك باققاندا ئۇلار يۈزىگە ،
يەر يۈزى قارايدى مەردلەر كۆزىگە .
ئىككى قوشۇن بىردىن تاشلاشتى نەزەر ،
بىر ـ بىرىنى مۇشتلاپ تالاشتى زەپەر .
تاكى تاڭ ئاتقۇچە جەڭ قىزىدى پۈتۈن ،
بۇ چىن قوشۇنغا شۇ بولدى يەكۈن .
شۇندا ئىسفەندىيار پەھلىۋانلىرى ،
باراتتى شاھنىڭ تىك سېپىلسېرى .
لۇخرەسپ قاتىلى ، ئۇلۇغ ، پەھلىۋان
ئەرجەسپىنىڭ تەنسىز بېشىنى شۇئان
ئاتتىكى ئۇنىڭ ئۆز قوشۇنى تامان ،
تۈركلەر تەسلىم بوپ ، جەڭ پۈتتى تامام .
تۇران قوشۇنىدا كۆتۈرۈلدى داد ،
باشلاردىن كۇلاھلار ئېلىندى كۇشات .
قان يىغلاپ ئەرجەسپىنىڭ ئىككى ئوغلى ،
غەم ئىچرە جان ئۈزدى ئۇلار بىر يولى .
بۇنىڭ مەنىسىنى قوشۇن بىلەتتى ،
ئۇلار شاھى ئۈچۈن هازىلىق تۇتتى .
دېيىشتى : « ۋادەرىخ ، ئەي شاھى جاھان !
سەركەردە ، شىر يۈرەك ، باتۇر پەھلىۋان !
كىم سېنى ئۆلتۈردى ؟ باھارى سولسۇن !
سېنىڭ قاتىلىڭغا لەنەتلەر بولسۇن !
ئەمدى كارۋىنىڭنى كىممۇ يېتەكلەر ؟
غالىب بايرىقىڭنى كىممۇ كۆتۈرەر ؟
شاھتىن يالغۇز قالغان تەخت ھالىغا ۋاي !
قوشۇن ، تاج ، ئۆتكۈنچى بەخت ھالىغا ۋاي !
خەللۇختىن تەرازغا قەدەر كەڭ دىيار ،
ھازىدىن ياش تۆكۈپ يىغلاشتى زار ـ زار .
ئاندىن ھەممە لەشكەر ئۆلۈم تىلەشتى ،
قالقان ، كۇلاھلارنى يەرگە تاشلاشتى .
جەڭ مەيدانى تولدى شاۋقۇن ، چۇقانغا ،
قاراپ بولماس ئىدى قارا ئاسمانغا .
دۆۋە ـ دۆۋە جەسەت ھەر ياندا ياتار ،
ھەركىمنىڭ ھەر جايدا قۇياشى پاتار .
دەشتكە باش ، گەۋدىلەر تولۇپ ياتاتتى ،
گۇرزىلەر گۇمبۇرلەپ يەرگە پاتاتتى .
قەلئە دەرۋازىسىدىن ئاقار قان دەريا ،
خۇددى دۇم بولغانغا ئوخشايتتى دۇنيا .
ئىسفەندىيار ئاتلىق ئۇچۇپ كەلگەندە ،
سەركەردە كوھرام بىر كۈچ سەزدى تەندە .
ئىككىسى ئېلىشىپ كېتىشتى شۇندا ،
گويا كى قىرىشىپ كېتىشتى شۇندا .
باھادىر كوھرامنى كۆتۈردى بەلەن
تۆمۈردە قۇيۇلغان قوللىرى بىلەن .
بېشىدىن كۆتۈرۈپ ئۇردى شۇ زامان ،
قوشۇنى قىچقىرىپ دېدى : ئالامان !
كوھرام قوللىرىنى باغلاشتى دەرھال ،
ۋە سۆرەپ كېتىشتى ـــ شۇ بولدى ئەھۋال .
ئۇنىڭ بىر زامانلار شانلىق لەشكىرى ،
خازاندەك چېچىلىپ كەتتى ھەممىسى .
گۇرزىلەر تورۇكلاپ چۈشەتتى ھامان ،
جەسەتلەر ھىدىدىن قارايغان ئاسمان .
تىغلار يامغۇر ئىدى ، باشلار يوپۇرماق ،
بىرىنى تەخت چىللار ، بىرىنى تۇپراق .
جەڭگاھ بولغان تامام قانلار بۇلىقى ،
ئاتلارنىڭ تۇيىقى مەردلەر بېشىنى
بېسىپ ، يانچىپ ئۆتەر ئىدى بىئامان ،
باشلار ئاياغلارنىڭ ئاستىدا يەكسان .
جاھان خاھىشىنى بىلگۈچى يوقتۇر ،
بۇ ئالەم تېپىشماق سىرغا تولۇقتۇر .
تېگىدە ئۇچقۇر ئات بولغانلار شۇ چاغ
تېز قېچىپ كېتىشتى جەڭگاھتىن ئۇزاق .
كىمكى شىر ئاغزىغا ئۇدۇل كەلسە گەر ،
قالمىدى ئامان ، يوق ھاياتتىن ئەسەر .
ئاز قالدى بۇندا تۇران تۈركلىرىدىن ،
تونۇماق تەس ئىدى تۇرۇقلىرىدىن .
قالغاندۇر ئۇلاردىن ئازراق ، ئېھتىمال ،
ئۆز ناملىرىن ئېيتماق بولاتتى مالال .
ئۇلار كەتتى ئىككى كۆزىنى ياشلاپ ،
ساۋۇت ھەم دۇبۇلغىلىرىنى تاشلاپ .
ئۇلار ئىسفەندىيار ئالدىغا كېلىپ
يىغلىغانچە تۇرۇپ قالدى ئېگىلىپ .
قان تۆككەن سەركەردە ئىدى بىئامان ،
قوشۇنى ئىدى بۇ ئىشدىن شادىمان .

هېچكىمنى كەچۈرمەي تەرسالىق قىلدى ،
يارىدار ــ مەجرۇھلار تېنىنى تىلدى .
قالمىدى بىرەرمۇ نامدار زات بۇندىن ،
بىرەرمۇ شاھزادە تۇران زېمىندىن .
شاھ چېدىرى ، ھەممە چېدىر يىغىلدى ،
بۇ مەيداندا پەقەت جەسەتلەر قالدى .
شۇندا پەرمان قىلدى غالىب شەھرىيار ،
قەلئە دەرۋازىسىغا تىكلەپ ئىككى دار .
ئۈزۈلمەس ئارغامچا تارتىلسۇن ، دېدى ،
ئاندىن شاھزادىلەر ئېسىلسۇن ، دېدى .
ئەندەرمان ئېسىلدى بېشى تۆۋەنگە ،
ئۇكىسى ئېسىلدى تىرىك پېتىچە .
ھەر يەردە چاپارمەن ئىزدەپ يۈرەتتى ،
ئۇچرىغان دۈشمەننى تۇتۇپ كېلەتتى .
ئىسفەندىيار بەرگەن چېغىدا پەرمان ،
تالاپ ، كۆيدۈرۈلدى پۈتۈنلەي تۇران .
ئۇ يەردە قالمىدى بىرەرمۇ نامدار ،
چىن بىلەن تۇراندا ئىسمى جىلۋىدار .
گويا قارا بۇلۇت قاپلىدى يۇرتنى ،
جەڭگاھقا ئاسمان ياقتى گويا ئوتنى .
شادلاندى بۇ ئىشتىن شاھ ئىسفەندىيار ،
مەي ئىچمەك ئۇلارغا بولغانتى دەركار .



# ئىسكەندەر پادىشاھلىقى

## ( ئون تۆت يىل داۋام قىلغان )

### داستاننىڭ مۇقەددىمىسى

### ئىسكەندەرنىڭ ئىران تەختىگە ئولتۇرغانلىقى

ئەمدى بۇ داستاننى تىلغا ئالغايمەن ،
قەدىمىي سۆزلەردىن نەزىم تىزغايمەن .
ئىسكەندەر ئولتۇرۇپ تەختكە ئۇلۇغۋار ،
دېدى : « شاھ جېنىغا ئەقىل بولغاي يار .
دۇنيادا مۇزەففەر يەزداندۇر پەقەت ،
جاھاندار ھەم ئاڭا بەندىدۇر ئەلۋەت .
شۈبھىسىز ئۆتكۈسى ياخشى ھەم يامان ،
جاھان چاڭگىلىدىن كىم قالغاي ئامان .
كىمكى بۇ بارگاھقا قويار كەن قەدەم ،
ئادالەت ئىستىسۇن شەكسىز ، ئۇ ئادەم .
يېرىم كېچىدە كىم كەلسە ھەم ئەگەر ،
ماقۇل جاۋابىغا بولسۇن مۇيەسسەر .
مۇشۇ غالىب بەرگەن بىزگە بۇ شاننى ،
ئېھسان ئەيلىگەن ئۇ بەخت دەۋراننى .
بەھرە تاپسۇن بىزدىن ھەر بىر ئەسنادا ،
شەھەردە ، چۆلدە ھەم تاغ ۋە دەريادا .
بەش يىل ئالمساقمۇ سېلىق ياكى باج ،
بارچە بىزنىڭكىدۇر ، يوقتۇر ئېھتىياج .
موھتاجغا بەرگەيمىز بىز مال ۋە دۆلەت ،
بايدىن كېرەك بولماس بىزگە ئىنايەت . »
بارچە پەزىلەتنى ئېيتتى ئىسكەندەر ،
بەرگەچ ئادالەتتىن شاھ قەلبى ئەسەر .
« ئاپىرىن ! » ساداسى قاپلار ئىراننى ،
قۇتلۇقلاپ ھەممە ياق شاھى جاھاننى .
شۇندىن كېيىن تارقالدى بۇ خۇش كالام ،
خاسلار بىلەن قالدى شاھ ــ ئالىي مەقام .

### ئىسكەندەرنىڭ رەۋشەنەك ئانىسى دىلارايغا نامە يازغانلىقى

خۇش دەۋران سۈرەتتى پادىشاھ شۇ كەز ،
تەييار رومىي قەلەم ۋە چىنىي قەغەز .
مىرزىكى ، قولىدا تۇتۇپ بۇلارنى ،
دىلاراي نامىغا يازدى نامەنى :
« مۇرادقا يەتكۈزسۇن سېنى خۇدايىم ،
دەردتىن يىراق بولسۇن ۋۇجۇدۇڭ دائىم .
ئاۋۋالقى مەكتۇپقا پۈتتۇق شۇنچە خەت ،
ئۇلارنىڭ كۆپرەكى ئىدى نەسىھەت .
پۈتكەنىكەن جۈپتى ھالالىنىڭ كۈنى ،
بىر ناكەس جېنىدىن ئايرىدى ئۇنى .
شاھلار ئادىتىچە تىكتىم كېپەن ھەم ،
يەرلىككە قويغۇزدۇم تۇتۇپ ماتەم ــ غەم .
ئۇرۇندۇم بىھۇدە توكمەس ئۇچۇن قان ،
ئەمما ئۇ غەزەپتىن قايتمىدى ھامان .
سالدى ئۆلۈمى ھەم دۈشمەنگە دەھشەت ،
روھىغا ئاسماندىن چۈشكۈسى رەھمەت .
ياخشىلار يېنىدىن ئاڭا جاي بولسۇن ،
يامانلارنىڭ ھالى ئاھۇ ۋاي بولسۇن .
ئۆلۈم چاڭگىلىدىن كىم قالار يىراق ،
ئۆلۈم بىر بوراندۇر ، ھاياتلىق ـ ياپراق .
جاھان باشتىن ـ ئاياغ ھۆكمىڭىزدىدۇر ،
دارانىڭ شەۋكىتى تامام سىزدىدۇر .
ماڭا رەۋشەنەكنى سىز قىلىڭ ئىنئام ،
كۆزىڭىز ئۇنىڭدا تاپقاي ئېھتىرام .
ئۇنى خىزمەتكار ، يول ـ يورۇقلار بىلەن ،
ئىرانلىق مەھرەملەر ، ئۇلۇغلار بىلەن
ئالدىمغا ئەۋەتىڭ ، كېچىكمەي دەرھال ،
يورۇغاي قاراڭغۇ كۆڭلۈم ، ئېھتىمال .

هۆكمىڭىزدە بولسۇن مەيلى ئىسفەھان ،
ئىشنى بىلگۈچىلەر بولسۇن هۆكۈمران .
ئۇلار ئادىل بولسۇن ، ساخاۋەت بىلسۇن ،
دارانى ھەمىشە يادىغا ئالسۇن .
گەر بۇ جاي ناماقۇل بولسا مۇبادا ،
پۈتكۈل ئىران شەھرى سىزگىدۇر ئاتا .
جاھاندا دارادەك نام بېرىڭ ماڭا ،
كۆڭلۈم سۆيۈنگەن ئىنئام بېرىڭ ماڭا . »
رەۋشەنەك نامىغا بىر سۆز يېزىلدى ،
ئۆزىدە ئىختىيار ئۇنىڭ دېيىلدى .
تەھسىنلەر ئەيلىدى نامىغا ئىزھار ،
يەنە شۇنداق دېدى شاھى جاھاندار :
« ئول شاھتۇر ئەڭ ئېسىل گۆھەردەك پەقەت ،
تۇغۇلغاي پاك ئىنسان ئۇنىڭدىن ئەلۋەت .
دىلاراي بولغۇسى ھاياتى ، نازى ،
ئارامبەخش بەرگۈسى سۆزى ، ئاۋازى .
ئاتاڭ سېنى ماڭا قىلغانتى ئىنئام ،
ئالەمدىن ئۆتتى ئۇ قالدۇرماي بىر نام .
كەل ، مېنىڭ كېچەمنى يورۇتسۇن يۈزۈڭ ،
مېنىڭ ئىزدىگىنىم پەقەت سەن ئۆزۈڭ .
گۈزەللەر سەردارى ، تاجىم ـ زىنىنتىم ،
ئۈزۈكۈمنىڭ كۆزى ، تەختىم ـ شەۋكىتىم .
بىز ئاناڭ نامىغا يوللىدۇق خەتنى ،
ئىزھار قىلدۇق ئەھدۇ ۋە ساداقەتنى .
قاتتىق تۇتۇپ شاھلار ئۇدۇمنى بىز ،
ئىسفەھان مۈلكىنى سوۋغات قىلۇرمىز .
سېنىڭدۇر تاجىمدا نېمە ھېكمەت بار ،
سېنىڭدۇر سۈت ، ھەسەل ئىچكەن بۇ دىيار .
بىزنىڭ جېنىمىزغا نۇر قوشسۇن جېنىڭ ،
گۈزەللەر ئىچىدە شۆھرەتتۇر سېنىڭ .
سېنىڭ خاھىشىڭچە ئايلانسۇن دۇنيا ،
سېنى يامان كۆزدىن ساقلىسۇن خۇدا . »
كەلدى بىر پەيلاسوپ شامالدەك شۇئان ،
شاھنىڭ ئېيتقانلىرىن ئەيلىدى بايان .

## دىلارايىنىڭ ئىسكەندەر نامەسىگە بەرگەن جاۋابى

مەكتۇپنى ئوقۇغاچ مەجرۇھ دىلاراي ،
ھەسرەتلىك كۆڭلىدىن چەكتى ئاھۇۋاي .
دارانىڭ ھىجرىدە شۇنداق تارتتى غەم ،
ئۇنىڭ كۆز يېشىدىن زېمىن بولدى نەم .
كىرپىكتىن ، چاناقتىن تۆكۈلگەن ياش ـ قان
نامە يازغۇچىنى غەرق قىلدى شۇئان .
مەكتۇپقا تېزلىكتە يازدۇردى جاۋاب ،
مەنە دۇرلىرىنى تىزىپ بىھېساب .
ئاپىرىنلار ئوقۇپ ئۇ زاتقا ئاۋۋال ،
مەقسەتۇ پىكرىنى ئۇقتۇردى تۈگەل .
دېدى ، يەزدان نامىن ئېلىپ ئۇ تىلغا :
« ئۇرۇش ، سۈلھ ، شەپقەت سەندىندۇر ئەلگە .
بىز چۈشۈرمەس ئىدۇق تىلدىن دارانى ،
ھەممە ئىشتا ئىستەر ئىدۇق ۋاپانى .
ئۆتتۈپ دارا دەۋرى ، تۈگىگەچ چېكى ،
تاۋۇتقا ئايلاندى تەختى ئۇنىڭكى .
ئەمدى سەن ئامەتنىڭ پاناھگاھى بول ،
شانلىق بول ، غالىب بول ، جاھان شاھى بول .
تىلەيمەن ، بۇ ئالەم ساڭا تەن بولسۇن ،
ئارزۇلىرىڭ ھەم ساڭا تەن بولسۇن .
ئاڭلىدىم مېھرىبان ئىمىش سۆزلىرىڭ ،
ئالەمگە ياخشىلىق بولمىش سۆزلىرىڭ .
كىمكى ئۆز شاھىنىڭ تۆكسە قېنىنى ،
دېمەك ئۇ تۇتقاندۇر ئەجەل جامىنى .
يەنە سۆز ئېچىپ سەن سۈلھ توغرۇلۇق ،
قىلىپسەن شۇنچە كۆپ ئۈگۈت ـ يوليورۇق .
شاھلارغا ياراشماس ئىتائەتمەنلىك ،
ھېچكىم تەلەپ قىلماس ئۇندىن بەندىلىك .
دارانىڭ ئورنىدا شاھىنشاھ ئۆزۈڭ ،
ئۆچكەن بولسا قۇياش ، نۇرلۇق ماھ ئۆزۈڭ .
سېنىڭ پەرمانىڭدىن ئايلانسۇن جاھان ،
نامىڭ دىۋانلاردا بولسۇن دائىمان .
يەنە رەۋشەنەكنى ئېلىپسەن تىلغا ،
ئەجەب بىر ئۈمىدتىن شەۋق چۈشتى دىلغا .
ئۇ ساڭا كېنىزەك ، بىز ساڭا بەندە ،
ئەمرىڭ ئادا بولسۇن سەن ئىستىگەندە .
ساڭا دەپ رەۋشەنەك يوللىدى سالام ،
ۋە ھەتتا بېھىشتىن نازلىق بىر كالام .

جاهان ئەھلىگە ئۆزۈك تۇرساڭ شاھ ،
سۆزۈڭنى بۆلمەس ھېچ كىم بولسا ئاگاھ .
بۇيرۇدۇق ئۇلۇغ زات ، ئەربابلارغا بىز ،
نامدار پەھلىۋانلار نۇر چېھرىلەرگە بىز .
دارا ئەمرى بولسۇن سىنىڭ پەيمانىڭ ،
ھەر كىمگە ۋاجىپتۇر ئەھدۇ پەيمانىڭ .
قەسىدە يازغۇچى كىيدى شاھ لىباس
ۋە ئالدى مال ـ دۇنيا ئۇلۇغلارغا خاس .
ئۇ رۇمىي ئىسكەندەر يېنىغا يەتتى ،
ئاڭلىغان ـ كۆرگەندىن ھېكايەت ئېيتتى .
سۆزلىدى ئۇ دەرگاھ رەسمىي يوسۇنىن ،
بەرھايات كۆرگەندەك دارا ئۇدۇمىن .
ئىسكەندەر بۇ سۆزدىن شادلاندى دەرھال ،
گۆھەر تاجىن كىيىپ ، روھلاندى خۇشال .

## ئىسكەندەرنىڭ رەۋشەنەككە ئۆيلەنگەنلىكى

ئانىسىن ئويىنتىپ ئەمۇرىيادا ،
مۇددىئاسىن ئېيتتى ئوغلى ئۇنىڭغا .
« دىلاراي ئالدىغا بارغىن ، ــــ دېدى ئۇ ، ــــ
بىلگىن ئۇنىڭدىن نە مەندىكى ئارزۇ .
رەۋشەنەك جامالىن سەن كۆرۈپ قايتقىن ،
نامىمدىن يەتكۈزگىن مىڭلاپ ئاپىرىن .
ئېلىپ بار ھالقا ھەم سىرغىلار يەنە ،
گۆھەرلەر چېكىلگەن بىر تاج شاھانە .
يۈز تۆگە يۈكىچە ماتالار يۈكلە ،
رۇمچە مەخمەل يۈكلە ، كۈمۈش ـ زەر يۈكلە .
ئوتتۇزمىڭ تىللا ۋە دىنار ئېلىپ بار ،
بېشىدىن ئاياغقا ئۇنى چېچىپ بار .
ئالتە يۈز كېنىزەك رۇملۇقلاردىن ئال ،
خالىساڭ ھەم كۆپرەك سەن ئۇلاردىن ئال .
ھەر بىر كېنىزەككە قەدەھ تۇتقۇزغىن ،
ئۇلۇغ شاھ شەۋكىتى يولىنى تۇتقىن .
ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل يۈزلەپ مۇلازىم ،
قىل شاھلىق رەسمىنى نە بولسا لازىم . »
يولغا چۈشتى ئانا تەرجىماب بىلەن ،
ئون دانا پەيلاسوپ خۇش زەبۇن بىلەن .
يەتتى ئىسفەھانغا بۇ ئەزىز مېھمان ،
ئىززەتتۇ ئىكرامدا كۈتتى ساھىبخان .
چىقتى يوللىرىغا دىلاراي شۇ كەم ،
ئۇلۇغلار كۆرسىتىپ ھۆرمەت ھەر قەدەم .
مېھمانلار يولىغا تەڭگە چېچىلدى ،
ساخاۋەت گەنجىنىڭ كۆزى ئېچىلدى .
ئايۋانىنى تولدۇردى دانا ـ ئەمەلدار ،
قانچە مەسلىھەتچى ، قانچىلاپ داڭدار .
جاھان بازارىنىڭ ئېتىپ ھالىن تەڭ
دىلاراي بىساتىن يايدى رەڭمۇ رەڭ .
تۆگىلەر بېلىدە قانچە بايلىق جەم ،
كۆپ ئىدى ئالتۇن ۋە نازۇك بىسات ھەم .
ئالەمنىڭ ماتايى ئۇندا بار ئىدى ،
يەر ـ ئاسمان رەڭگا رەڭ ، ئۇز گۈلزار ئىدى .
زەر ئىدى تۇلپارلار ئېگەر قامچىسى ،
ئالتۇندىن نەقىشلىق شەمشەرلەر قىنى .
چوقماق ۋە دۇبۇلغا ، ساۋۇت ۋە قالقان ،
گۈرزىلەرمۇ ھەتتا زەردىن ياسالغان .
كۆزنى قاماشتۇرار مىڭ رەڭلىك كىيىم ،
مۇنداقنى ئۆمرىدە كۆرمىگەن ھېچكىم .
چاكارلار خىزمەتكە بولۇپ تەق ھامان ،
قىرىق ئالتۇن تەختنى كۆتۈرگەن راۋان .
بىر تەختكە خادىملار تۇتقان سايىۋان ،
رەۋشەنەك ئولتۇرغان ئۇندا شادىمان .
دىلاراي قەسرىدىن يول يېرىمىغىچە
دىنار ۋە گۆھەرلەر چېچىلدى شۇنچە .
يول ئالدى شەھرى سىتەھرسىرى
رەۋشەنەك ئاتالغان ئۇ دىلبەر پەرى .
كىردى ئۇ شەھەرگە شۆھرەت ـ شان بىلەن ،
لەۋلەردە كۈلكىلەر ، دىلدا قان بىلەن .
دىرھەملەر چېچىلىپ ئۇ سايىۋانغا ،
خەير ـ ئېھسان يەتتى ھەر بىر ئىنسانغا .
پادىشاھ قەسرىگە كىرگەندە ئاي يۈز ،
ھۆسنىدىن ئىسكەندەر ئۈزەلمىدى كۆز .
چېھرىسى گۈل ئىدى ، قامىتى گۈزەل ،
مېھىر ۋە زېھىن ـ پەم ئۇندىدى تۈگەل .
ئۈستىبېشى ، تاج ـ تەختى ئىدى ئالتۇن ـ زەر ،
جېنىنى سەدىقە قىلدى ئىسكەندەر .

ھەپتە سىلجىمىدى يار يېنىدىن شاھ ،
جاھاننىڭ سىرلىرىدىن ھەم ئىدى ئاگاھ .
بەرق ئۇرار ھۆسنىدە ئۇلۇغۋار مەنا ،
ئۇندا ئىدراك ، تەمكىنلىك ، شەرمۇ ھايا .
ياردىن زەررە نۇقسان تاپالمىدى ئۇ ،
قەلبىدە تۇتاشتى ئوتلۇق بىر تۇيغۇ .

سەپ تارتىپ ئىراندىن كەلتۈرمىش ئۇ يار ،
پادىشاھقا لايىق گۆھەر ھەم دىنار .
ئىران بىلەن تۇران ، چىن شەھرى ، بارچە
تەھسىنلەر يوللىدى بۇ شاھقا شۇنچە .
ئادالەت ۋە ئىنساب ئالەمدە بەرپا
بولۇشتى ۋەيرانلىق ئورنىغا بىنا .

## قىنۇچ پادىشاھى كەيدنىڭ چۈش كۆرگەنلىگى

پەھلەۋى داستانى بۇدۇر ، قۇلاق ساق ،
بۇ سۆزگە ئىشەنمەسسەن ئېھتىمال .
ھىندىدا بىر شاھ بار ، كەيد ئىدى نامى ،
تەپپەككۇر ، ئاق كۆڭۈل ئىشى دائىمى .
قەلبى مېھىر ، ئىدرەك ماكانى ئىدى ،
يۈرۈشى - تۇرۇشى شاھانە ئىدى .
ئۇ كۆردى ئۇدا ئون كېچە تۇتاش چۈش ،
ئەسلىسە چۈشنى باشتىن كېتەر ھوش .
ھىندىنىڭ جىمىكى ئاقىل - داناسىن ،
ئالىم ھەم ھېكمەتچى زور پېشۋاسىن ،
دەرگاھقا قىچقىرىپ بىر - بىر كۆرۈشتى ،
دانالار شاھىغا كۆڭۈل بۆلۈشتى .
كۆرگەن چۈشلىرىدىن پەردە ئاچتى ئۇ ،
دىلىدا بارىنى تۆكۈپ چاچتى ئۇ .
ئەمما ھېچكىم تەبىر بېرەلمەي قالدى ،
دانالارمۇ ھېچ سۆز دېيەلمەي قالدى .
بىرى دېدى كەيدكە : « ئاڭلا شەھرىيار ،
ئۇلۇغلار زاتىدىن سەنسەن يادىكار .
باردۇر بىر دانىشمەن ، مېھراندۇر ئىسمى ،
ئاڭا ئايان ئىرۇر جاھان تىلسىمى .
ئۇيقۇ ھەم راھەتتىن يىگانىدۇر ئۇ ،
ھايۋاناتلار بىلەن ھەمخانىدۇر ئۇ .
تاغدىكى گىياھلار رىزقتۇر ئاڭا ،
بىزنى تەن ئالماس ئۇ ، ئۆزىدۇر تەنھا .
ئارقار ھەم كېيىكلەر ئۇنىڭ ئۈلپىتى ،
ئۇنىڭغا ياقمايدۇ ئىنسان سۆھبىتى .
دۇنيادا ھېچكىمدىن يەتمەس زەخمە ، بەند ،
ئۆزى بىر يۈكسەكتۇر ، تەلىيى بەلەند . »
كەيد شاھ ، دېدى ، ئۇنى كۆرمىكىم دەركار ،
ئۇنىڭغا ئۇچراشماي تاپماسمەن قارار .

ئۇ مىندى شۇ ھامان ئۇچقۇر ئېتىنى ،
مېھران تامان قاقتى قوش قانىتىنى .
دەردتىن يىراق بولسۇن دەپ شاھنىڭ بېشى ،
ھاكىملار بولۇشتى ئۇنىڭ يولدىشى .
قوشۇندارلار يەتتى مەنزىلگە ئامان ،
قانداق تاپتىڭلار دەپ سورىدى مېھران .
كەيد دېدى : « ئاڭلىغىل خۇداگۇي ئادەم ،
قېشىڭغا يەتكۈزدى مېنى شۇنداق غەم .
قۇلاق سال چۈشۈمنى مەن ئېيتاي بىر - بىر ،
ئاۋۋال ئاڭلىغىن ، ئاندىن ئېيت تەبىر .
گۇناھتىن پاك بولۇپ ياتتىم بىر ئاخشام ،
يىراق ئىدى مەندىن قورقۇش ، خىرىس تامام .
چۈشۈمدە بىر ئۆي كۆردۈم ـــ ساماۋى قەسىر ،
ئۆيدە بىر پىل كۆردۈم غەمكىن ۋە ئەسىر .
كۆزگە كۆرۈنمەستى قەسىر ئىشىكى ،
پەقەتلا بار ئىدى تۈڭلۈك تۆشۈكى .
ئۆتەتتى تۆشۈكتىن ئاشۇ ۋەھشىي پىل ،
زەررىچە مۇشەققەت ئەتمەستىن ھاسىل .
گەۋدىسى تۈڭلۈكتىن ئۆتۈپ بىمالال ،
تۇمشۇقى ئۆي ئىچرە قالاتتى ئەلھال .
يەنە بىر كېچىسى چۈش كۆردۈم : تەختىم
مەنسىز ، خالىي تۇرار ئاشۇ قۇت - بەختىم .
ئولتۇردى شۇ تەختكە شۇ چاغ بىر كىشى ،
ئەتراپىنى يورۇتتى ھۆسنى بەرقىشى .
ئۈچىنچى چۈشۈمگە تاپالماسمەن سۆز ،
كۆزۈمنىڭ ئالدىدىن ئۆتەر ماتا - بۆز .
ئېسىلىپ باراتتى ، ئاڭا تۆت ئەركەك
يۈز - كۆزى تامام كۆكىرىپ كەتكەندەك .
ئەمما يىرتىلمىدى بۆزنىڭ ھېچ بىرى ،
ئېسىلغانلارنىڭمۇ يوقتى پەرۋايى .

تۆتىنچى كېچە چۈش كۆردۈم ، ئەي نامدار ،
بىر كىشى ئېرىقتا يۈرەر سۇغا زار .
بېلىقلار ئاڭا سۇ ـ ئۈنچە چېچىشتى ،
لېكىن ئۇ تەشنا لەۋ كىشى تېز قاچتى .
قاچاتتى ، سۇ قوغلار ئىدى ھامانە ،
چۈشۈمنىڭ تەبىرى نېمىدۇر دانا ؟
بەشىنچى چۈشۈمنى نەق سەھەر كۆردۈم ،
سۇ بويىدا گۈزەل بىر شەھەر كۆردۈم .
ئۇ شەھەر ئەھلىنىڭ كور ئىدى كۆزى ،
بىراق نالىزاردىن يىراقتى سۆزى .
ئالماق ۋە بەرمەكتە ، سودا ـ سېتىقتا
كۆزى ئوچۇقلاردىن ئىدى ئارتۇقچە .
ئالتىنچى چۈشۈم شۇ بولدى ، ئەي ئۇلۇغ ،
يالغۇز شەھەر ئىمىش كېسەلگە تولۇق .
تېنى ساق ئۇلاردىن سوراپ ھالى زار ،
ھەمدەرد ئىكەنلىكىن قىلارمىش ئىزھار .
ئۇلار سۆزلەر ئىمىش شىپا تاپسۇن جان ،
جىسمىڭ دەرد قولىدا ، قەلبىڭ تولغان قان !
بۇ سۆزنى ئاڭلىغان كېسەللەر تەھقىر ،
ساغلامغا قىلىشار چارە ۋە تەدبىر .
غەلەت بىر چۈش كۆردۈم يەتتىنچى كېچە ،
ئۇچقۇر بىر ئات تۇراز باياۋان ئىچرە .
جۈپ ئىمىش تۇيىقى ،ئاغزى ، دۈمبە ، يال ،
ئوت ـ چۆپنى يەيمىش ئۇ شۇنچە بىمالال .
ئىككى ئاغزى بىلەن ئوتلايتتى ئۇ ئات ،
تېنىدە ھېچ تۆشۈك يوق ئىدى ، ھەيھات .
سەككىزىنچى كېچە تۇرارمىش ئۈچ كۆپ ،
يانمۇ يان تۇراتتى ، كۆزگە كۆرۈنۈپ .
ئىككىسى سۇ تولغان ، بىرى بوش ئىدى ،
ئەمما ئەل يىل بويى سۇ ئىچمەس ئىدى .
ئىككى سۇ تولغان كۆپتىن ئىككى كىشى
مۇزدەك سۇ تۆكەتتى ، شۇ ئىدى ئىشى .
قانچە تۆككەن بىلەن سۈيى كەم بولماس ،
بۇ سۇدىن قۇرۇق يەر قىلچە نەم بولماس ...
توققۇزىنچى چۈشتە بىر سېيىر كۆردۈم ،
ئاپتاپتا ياتاتتى ـــ ئەجەب سىر كۆردۈم .
يېنىدا موزايچاق تۇراتتى يەككە ،
تېرىسى يېپيېشىپ قالغان سۆڭەككە .
سېيىر ئېمەر ئىدى ئاشۇ موزاينى ،
مادارى قالمىغان ئاجىز ـ ئۇششاقنى .
تېخىمۇ غەلىتە ئونىنچى چۈشۈم ،
ئىلتىماس ، رەنجىمە ، ھالىمنى چۈشەن .
بىر بۇلاق كۆرۈپمەن بىپايان چۆلدە ،
ھەر ياققا يېيىلىپ ئاقارمىش يولدا .
باياۋان سۇ بىلەن تولۇپتۇ ، بىراق ،
ئۆزىنىڭ چۆرىسىن نەم قىلماس بۇلاق .
ئەگەر بۇ چۈشلەرگە قىلالىساڭ تەبىر ،
ماڭا ئايان بولۇر جاھاندىكى سىر . »

## مېھراننىڭ كەيدكە بەرگەن جاۋابى

ئاڭلاپ كەيد سۆزنى بۇ مېھران ئۇلۇغ
دېدى : « بۇ چۈشلەردىن كۆڭلۈڭ بولسۇن توق .
مۇندىن كەم بولمىغاي مۆتىۋەر نامىڭ ،
زەربىلەر كۆرمىگەي شاھلىق كىرامىڭ .
مۈلكۈڭگە يەتكەندۇر شاھى ئىسكەندەر ،
رۇم ئېلى ئىراندىن ئارتىپ كۆپ لەشكەر .
ئەگەر ئاقىل بولساڭ ئۇرۇشما زىنھار ،
شۇ چاغدا تاپقايسەن ئابروي ـ ئېتىبار .
سەندە تۆت نەرسە بار ئۇشبۇ جاھاندا ،
ھېچكىممۇ كۆرمىگەن ئوچۇق ـ ئاياندا .
بىرى گۈل قىزىڭدۇر ـــ بېھىش ھۆرى ئۇ ،
تەختىڭنىڭ شولىسى ، تاجىڭ نۇرى ئۇ .
يەنە بار سېنىڭدە پەيلاسوپ ماھىر ،
ئالەم سىرلىرىنى بىلگۈچى زاھىر .
يەنە ئۈچ ئۇلۇغۋار ھېكىم ـ تېۋىپ بار ،
ھۆكۈمالار ئارا ئەزىز ھەم نامدار .
تۆتىنچىسى جامىڭ ، سۇ قۇيساڭ ئۇندا
مۇزدەك سۇ ساقلىنار ئوت تەپتى كۈندە .
قانچە ئىچسەڭ يەنە سۈيى بولماس كەم ،
ھەمىشە بىر خىلدا تۇتقايسەن مەھكەم .
ئۇرۇشنى خالىما ، كەلسە ئىسكەندەر ،
ياخشىلىق يولىدا ئەمرىنى بىجەر .

ئۇنىڭ قوشۇنىغا كېلەلمەسسەن بەس ،
بايلىقى ئۇنىڭكى چېكىنى بىلمەس .
مەن سېنىڭ ئىشىڭغا ئامەت تىلەيمەن ،
ئەمدى چۈشلىرىڭگە تەبىر قىلايمەن :
چۈشۈڭدە كۆرگىنىڭ بىر ئۆي ، بىر تۈگۈلۈك ،
تۈگۈلۈكتىن بىرلا پىل چىقىپتۇ بۈيۈك .
ئۇ ئۆيىنى مىسالى بىر جاھان دەپ بىل ،
كەلگۈسى شاھ ئىرۇر ئايان بولغان پىل .
پىتنە ۋە ئىغۋالار مەككارنىڭ ئىشى ،
شاھلىققا بولمىغاي لايىق بۇ ئىشى .
ئىككىنچى چۈشۈڭدە كۆرۈپسەن بوش تەخت ،
ئۇ تەختكە باشقا شاھ چىقىپتۇ بىر ۋاقىت .
ئەقىل بۇ چۈشۈڭنى شۇ تەرز يۇيار ،
تەقدىر بىرنى ئېلىپ ، باشقىنى قويار .
كۆڭلى غەرەزلىك ، جىسمى ناتىۋان ،
خىرىس كۆكىدە قانات قاقسام دەر ئاسان .
ئاقىۋەت ئالەمدىن ئۆتەر بىر كۈنى ،
لەنەتلەر ياغدۇرۇپ ئەسلەر ئەل ئۇنى .
يەنە بىر چۈشۈڭدە كۆرۈنۈپتۇ بۆز ،
دىلى پاك تۆت كىشى ئاڭا تىككەن كۆز .
تارتىشتىن يىرتىلماس ئەمما ئۇ ماتا ،
تارتىپمۇ تۆتىسى هارماپتۇ ئەسلا .
ماتا — دىن ، ئۇ — خۇدا ئېھسانى ئىرۇر ،
تارتىشقانلار ئۇنىڭ پاسبانى ئىرۇر .
بىر يېنى — ئوتپەرەس دېھقان دىنى ئۇ ،
تالاي قىسمەتلەرنىڭ يول ، ئەينىكى ئۇ .
بىر يېنى — مۇساۋەش — يەھۇدى دىنى ،
پەقەت بىزگە دەرلەر يەزدان تەھسىنى .
بىرى مەشھۇر ئىمىش يۇنان ئېلىدە ،
ئادالەت قوزغارمىش شاھنىڭ دىلىدا .
تۆتىنچى دىن ئىمىش ئاجايىپ ئالىي ،
ئاقىللار ماڭلىيىن يورۇتار نۇرى .
ئۆز ئارا تالىشىپ تۇرار بۇ تۆت دىن ،
هاسىلدۇر ئۇنىڭدىن ياۋلىق ، ناپاك كىن .
ئۇندىن كېيىن كېلەر يەنە بىر ئوغۇل ،
نەيزىلىك ئاتلىقلار سېپىدىندۇر ئۇل .
ئىنسابلىق ، پاك قەلبى بولۇر ئۇل شەخسىم ،
قىلۇر يەزدان دىنىن تۆت قىسىم تەقسىم .
ئۇسسىغان كىشىنى كۆردۈڭ ئېرىقتىن ،
قاچاتتى سۇ چاچقان نەچچە بېلىقتىن .
بىر زامان كېلەركى ، پاكىزە شائىر
ئىچىپ ئىلىم سۈيىن ، ياشارخار - پېقىر .
سۇغا دەۋەت قىلار كىم بولسا چاڭقاق ،
ئىلىمگە تەشنانى ئۇچراتماس بىراق .
بىلىملىك كىشىدىن قاچار ئالامان ،
ئاقىللار قوۋمىنى دېيىشىپ يامان .
بەشىنچى چۈشۈڭدە كۆرۈپسەن قەلئە ،
كۆزۈڭگە چۈشكىنى غەيرىي مەنزىرە .
ئەۋجىدە سودا - سېتىق ، بازار زور ئىكەن ،
لېكىن شەھەر ئەھلى كۆزى كور ئىكەن .
ئۇلار كۆرەلمەس ئىكەن بىر - بىرىن ،
ئاشكارا ھېس ئەتمەس نۇقسان ھەم كىرىن .
دۇنيا يەتكۈسىدۇر شۇنداق زامانغا ،
قالغۇسى دانانىڭ كۈنى نادانغا .
دانىشمەن خار بولسا بولۇر پەرىشان ،
ئۇنىڭ پەزىل دەرىخى ئۇنۇمسىز ، بىجان .
نادانىنىڭ شەنىگە ئوقۇلغاي دۇئا ،
تىز پۈكۈپ ھەم قىلغاي مىڭلاپ ئىلتىجا .
بۇ مەدداھلىق يالغان بولسىمۇ گەرچە ،
ھېچكىم قىلىپ بولماس نەسىھەت ، پەندە .
ئالتىنچى چۈشۈڭدە ساق ۋە ئاغرىقلار
پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ ئەھۋال سورىشار .
بىر زامان كېلۇركى ، دەرۋىش خارۇ زار ،
چەككەي دۆلەتمەندىن كۆپ رەنجۇ ئازار .
مۈلۈكدار چۆرىدە چەرخ ئۇرار پېقىر ،
ھېچبىر نەپ تاپالماي قالىدۇ ئاخىر .
خىزمەتكار ئەمگىكى بىھۇدە كەتكەي ،
بەندىنىڭ باھاسى تۆۋەنگە يەتكەي .
يەتتىنچى چۈشۈڭدە ئىككى باشلىق ئات ،
يەردىمۇ ماڭغىلى يولى يوق ، ھەيھات .
بىر زامان كېلۇركى ، بىيىپ كېتەر ئەل ،
بايلارنىڭ كۆزى ئاچ ، شۇنچىلىك تار دىل .
نە دەرۋىش كۆرمەيدۇ ئۇندىن ساۋابلىق ،
نە دانا ، نە نامدار كۆرمەس ياخشىلىق .

پەقەت ئۆز پايدىسىن ئويلار سەھەر ـ كەچ ،
باشقىلار زارىنى ئاڭلىمىغاي ھېچ .
ئۈچ كۈپنى چۈشەپسەن سەككىزىنچى تۈن ،
ئىككىسى سۇغا لىق ، بىرى بوش پۈتۈن .
ئىككى كۈپنىڭ سۈيى ھېچ كەم بولماسكەن ،
ئەمما ئۈچىنچىسى ھېچ نەم بولماسكەن .
مۇندىن كېيىن كەلگەي شۇنداق روزىغار ،
بولۇر دەرۋىش غايەت بىمادار ھەم خار .
ھەتتا سۇغا تولغان باھار بۇلۇت ھەم
ئۇنىڭغا تۆكمىگەي قەترە يامغۇر ـ نەم .
بىر قەترە سۇ ئۈچۈن تاپالماي چارە ،
دەرۋىش قەلبى دەرتىن بولغاي مىڭ پارە .
بايلاردا ئۆز ئارا گۇمان ، ئەندىشە ،
بىر ـ بىرى ئەيىبىن سۆزلەر ھەمىشە .
دەرۋىش مۇيەسسەرمەس بۇ خىل ئېھسانغا ،
مۇشەققەتتە ئۇلار كېچىنى تاڭغا .
توققۇزىنچى چۈشكە كىرىپتۇ سىيىر ،
ئورۇق بىر موزايىنى ئېمەر ، نېچۈك سىر ؟
تارازا بۇرجىگە كىرگەندە كەيۋان ،
مۇشتۇمزورلارغا باش ئېگىدۇ جاھان .
كېسەل بولۇپ ياتقان دەرۋىشتىن ، ھەتتا ،
تەمەگەر بولۇرمىش دۆلەتمەن يەنە .
ھېچقاچان ئاچمايدۇ ئاڭا گەنجىنى ،
ئەمما يوقلاۋېرەر بارچە رەنجىنى .
ئونىنچى چۈشۈڭدە كۆرۈپسەن بۇلاق ،
ئۆزى سۇلۇق ئەمما ئەتراپى قۇرغاق .
نە ئاڭا قۇيۇلماس چەتتىن سۇ تامچە ،
نە سىرتقا چىقارماس ئۇ قەترە ئۈنچە .
دېمەك كەلگۈسىدۇر شۇنداق بىر زامان ،
يالغۇز بىر پادىشاھقا بويسۇنغاي جاھان .
ئىلىمدىن بولمىغاي ئۇنىڭ ئىقبالى ،
ۋە قەلبى قايغۇدىن بولمىغاي خالىي .
جاھان زۇلمەت بولغاي ئۇنىڭ رەنجىدىن ،
بىر ياخشىلىق كۆرمەس مىللەت گەنجىدىن .
قوشۇن تۈزمەك بىلەن بولغاي ئاۋارە ،
شۇ ئىشتىن ئىزدەر ئۇ شۆھرەت دائىما .
ئاقىۋەت نە لەشكەر ، نە شاھ تاپماس ئات ،
يېڭى قانۇن تۈزۈپ چىقار بۆلەك زات .
شۇ چاغدا يامانلىق بولغۇسى پايمال ،
دىللار ياخشىلىقتىن تاپقۇسى كامال .
ھازىر سەلتەنەتتە يەكتا ئىسكەندەر ،
نامدارلار ئالىمى ئىچرە ئۇ رەھبەر .
كەلسە تۆت نەرسەڭنى بەرگىن قولىغا ،
قانائەت قىلىپ ئۇ قايتار يولىغا .
ساڭا ئازار بەرمەس قىلساڭ شادىمان ،
كەڭ نەزەر ئادەملا دانا ، بىلىمدان .
شەھرىيارلار ئىچرە ئۇندا كۆپ بىلىم ،
نى ـ نى دانالارغا بەرگۈدەك تەلىم .
شەۋكەتتە ، ھۈنەردە ، ئىلىمدە نادىر ،
ھەر ئىشتا ئۆزىگە لايىق باھادىر . »
مېھراندىن ئاڭلىدى بۇ سۆزلەرنى كەيد ،
دۇنيانى كۆردى ئۇ روشەن دەل بۇ پەيت .
بېرىپ سۆيدى ئۇنىڭ مەڭزى ـ يۈزىدىن ،
رازىمەن بولدى ئۇنىڭ سۆزىدىن .
شۇ دانا قېشىدىن يولغا چۈشتى شاھ ،
ئوردىغىچە بولدى ھېكىملەر ھەمراھ .

## ئىسكەندەرنىڭ كەيد تەرەپكە قوشۇن تارتقانلىقى

كۆز تاشلاپ ئىسكەندەر ئىران ئېلىگە ،
ھاكىملىق تۇيغۇسىن سالدى دىلىگە .
ئۇ قوشۇن تارتتى ھەم ھىندى كەيد تامان ،
يولى گاھ مۈشكۈلدە ، گاھىدا راۋان .
قاياققا باسمىسۇن ئىسكەندەر قەدەم ،
ئاڭا شەھەر دەرۋازى ئېچىلدى شۇ دەم .
ئۇ يەردە ھېچكىمگە قىلماي ئېتىبار ،
ئەتىسى سەپەرنى قىلدى ئىختىيار .
بىر غايەت شەھەرگە يەتتى سۈرۈپ ئات ،
بۇ شەھەرنىڭ نامى ئىدى مىلاد .
قوشۇننى توختاتتى بۇ مەنزىل ئارا ،
لەشكەرنى ئۆيمۇ ئۆي قىلدى جا ـ بەجا .

ئىسكەندەر ئالدىغا كىشى باردى تېز
ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىن كۈتتى سەۋرسىز .
بىر مەكتۇپ يازدۇردى ئوقۇسۇن دەپ كەيد ،
ئۆزىن ئارسلان دەپ ،كەيدنى بىلىپ سەيد .
غالىبتۇر بۇ جاھان ئىچرە ئىسكەندەر ،
ئۇنىڭغا بۇ تۇغ خاس ، بۇ تاج ، بۇ كەمەر .
تەگرىگە تەھسىندىن گەپنى باشلىدى ،
ئىلىم بىلەن دىلىغا ئۇ يول راسلىدى .
دېدى : « ئىشىنىڭ كۆزىن بىلەر ھەر ئاقىل
ۋە گەنجىنى رەنج بىلەن قىلار ئۇ ھاسىل .
ئۇ دىلىغا جاي قىلىپ يەزداننى ، پاكنى ،
ئۇندىن پەيدا قىلۇر ئەقىل ، ئىدراكنى .
بىلەر ئۇ بىزنى تەخت سايىۋانى دەپ ،
سەلتەنەت تەن بولسا ، ئۇنى جانى دەپ .
بۇ ۋەجدە ئالدۇق بىز تىلىغا نامىڭنى ،
تېخىمۇ روشەن قىلسۇن ئۇ شامىڭنى .
ئۇنى زامان ساڭا ئوقۇغان مەھەل
مەزمۇنىن چۈشەنگىل ، دەرھال قىلغىن ھەل .
ئەگەر تۇندە يەتسە تاڭنى كۈتمىگىل ،
تېزدىن ئىجرا قىلغىن ، ئارتۇق تۇتمىغىل .
گەر شۇنداق قىلمىساڭ قارادۇر بەختىڭ ،
يەر بىلەن يەكساندۇر تاج بىلەن تەختىڭ ! »

## ھىندى شاھى كەيدنىڭ ئىسكەندەر نامەسىگە جاۋابى ۋە تۆت مۆجىزە ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزگەنلىكى

مەكتۇپ ھىندى كەيدكە يېتىپ كەلگەن پەيت ،
ئەلچىنى روھلىنىپ قارشى ئالدى كەيد .
ئۇنىڭغا بىلدۇردى شۇنچە ئېھتىرام ،
يېنىدىن جاي بېرىپ باشلىدى كالام .
دېدى : « مەن مەمنۇنمەن شاھ پەرماندىن ،
پەرماندا يېزىلغان ئەھد ــ ئارماندىن .
ئەمما مەن شۇ ھالدا ، شۇ خىلدا لېكىن ،
ئۇلۇغ زات ئالدىغا بارمىقىم قىيىن .
مۇبارەك نىگاھقا ماس كەلمەس بۇ ئىش ،
قۇتلۇق ئاستانىگە قۇپقۇرۇق يېتىش . »
شۇ ھالدا بۇيرۇدى ، كەلدى مىرزىسى ،
قولىدا ھىندى قەلەم ، چىنىنىڭ قەغىزى .
تېز جاۋاب يازدۇردى مۇشۇ نامىگە ،
جەننەت سۈيى ئاققۇزۇپ ھەر بىر جۈملىگە .
ئاۋۋال ئاپىرىن ئوقۇدى يەزدانغا
ۋە غالىب ، بىناكار شاھى جاھانغا .
ئادالەت ، ساخاۋەت پاناھىدۇر ئۇل ،
مەردلىك ۋە ھەقىقەت دەرگاھىدۇر ئۇل .
دېدى خەتكە يەنە : « ئەي نامدار پادىشاھ ،
خىزمىتىڭ ئۈچۈندۇر ياخشىلار شەيدا .
قىزغانسام ياراشماس دۇنيانى سەندىن ،
تىغ تۇتقان لەشكەرنىڭ پەرمانى سەندىن .
مېنىڭ بۇ جاھاندا تۆت خىل نەرسەم بار ،
سىرىن سۆزلەلمىگەن ھېچكىممۇ ئاشكار .
قالغاي مەندىنمۇ ھەم بۇ سىرلار يوچۇن ،
ئۇنى بىلمەي كەلدى بۇ دۇنيا پۈتۈن .
ئەمىر قىل ، ئەۋەتەي ساڭا ئۇلارنى ،
ئارتىپ دىلىمدىكى داغ ــ قايغۇلارنى .
ئاندىن خوپ ، شەھرىيار قولىنى تۇتاي
ۋە تاكى ئۆلگۈچە يولىنى تۇتاي . »

## ئىسكەندەرنىڭ غەلىتە تۆت نەرسىنى تاپماق ئۈچۈن يەنە ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى

ئەلچى يېتىپ كەلدى شامالدەك ئىلدام ،
ئاڭلىغاننى سۆزلەپ ، خەتنى بەردى ھەم .
ئىسكەندەر ئەلچىگە بۇيرۇدى : « قايتقىل ،
بېرىپ ئۇ نامدارغا تەلىپىم ئېيتقىل .
سورىغىن نېمىكى بۇ ئالەم ئارا
غايەت مەخپىي بولغان ئۇ تۆت ئەشيا .
كۆردۇق كۆپ نەرسىنى ئۇشبۇ دۇنيادا ،
يەزدان ياراتقىنىن ئەتمەس زىيادە . »
شاھ يېنىدىن ئەلچى يول ئالدى دەرھال ،
ئۇ يولنى تېز باستى مىسالى شامال .

كەيدكە ئۇ دېدى : « نېمە تۆت نەرسەڭ ؟
ئۇلارنىڭ نامىنى شاھقا بىلدۇرسەڭ .
ئۇلار بار نەرسمۇ يا يوقمۇ ئۆزى ،
كۆرۈشكە بولۇرمۇ ئىنسانىنىڭ كۆزى ؟ »
كەيد ئاڭلاپ بۇ يەرنى خالىي قىلدۇردى ،
يېنىدا قالدۇردى بىر رەھنەمانى .
ئەلچىنى تېخىمۇ تۆرگە باشلىدى ،
ئاڭا كۆپ ھۆرمەتنى قىلىپ تاشلىدى .
دېدى ئۇ : « سۆزۈمگە قىلغىل ئېتىبار ،
خانىدانىم ئىچرە بىرلا قىزىم بار .
ئەگەر كۆرسە ئۇنى مۇنەۋۋەر ئاپتاپ
ھۆسنىدىن قارايغاي تۇرالماي چىداپ .
كېچىدەك قاپقارا زۇلفى ـ نەرگىسى ،
لېۋىدىن ھەر تىنىق كېلەر سۈت ھىدى .
غۇنچە قامىتىگە سەرۋىمۇ بەندە ،
دۇر چاچار گەپ ئۇچۇن لېۋىن ئاچقاندا .
دىدارىن كۆرگەندە ئاڭ ھەيران قالۇر ،
ئەقلى ـ ئىدرىكىدىن ئىنسان جان ئالۇر .
پۈتكۈل خۇلق ـ ئەتۋارى ھاياتىمسالى ،
بۇ جاھانە ئىچرە يوقتۇر مىسالى .
كىم كۆرمىش مۇنداق بىر ئالىپتە قىزنى ،
شەرم بىلەن يۇغۇرۇلغان مۇكەممەل ھېسنى .
يەنە بىر جامىم بار قۇيساڭ گەر كەۋسەر
ۋە ياكى مۇزدەك سۇ توشقۇزساڭ ئەگەر .
ئىككى كۈن ئىچسىمۇ ئۈلپەت ۋە ئەھباب ،
كېمەيمەس جامدىكى لىېمۇ لىق شاراب .
ئۇ جام ھەم مەي بېرۇر ، ھەم زىلال ـ ساپ سۇ ،
كەم بولماس ئىچكىنىڭ بىلەن بۇ ئىنجۇ !
ئۈچىنچى ، مېنىڭ بىر ھەكىمىم بار ،
كۆز يېشىڭدىن قىلغاي دەردىڭنى ئىزھار .
بار ئىكەن دەرگاھتا شۇنداق دانا مەرد ،
جاھاندار شاھ بىلمەس نېمە ئىكەن دەرد .
تۆتىنچىسى ، دانا پەيلاسوپ كىشى ،
بېشىدا ئايلانغاي كائىنات ئىشى .
ۋاقىپ قىلغاي ئالەم سىرىدىن شاھنى ،
ئايان قىلۇر ھەتتا قۇياشنى ، ماھنى . »
ئەلچى يولغا چىقتى شۇ چاغدا دەرھال ،
يول يۈردى شۇنچە تېز ، شامالدۇر مىسال .
كېلىپ ئىسكەندەرنى خەۋەردار قىلدى ،
شاھ دىلىن شادلىقتىن نەۋ باھار قىلدى .
شاھ دېدى : « بۇ سۆزۈڭ راست بولسا ئەگەر ،
بۇ تۆتىنىڭ باھاسى دۇنيا باراۋەر .
ئەگەر كەيد تۆتنى قىلسا سوۋغات گەر ،
قاراڭغۇ دىلىمنى دېمەك يورۇق ئېتەر .
ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە يەتكۈزمەي زەخمەت
ياخشىلىق بىلەن قايتمىسا ـ نامەرد . »

## ئىسكەندەرنىڭ غەلىتە تۆت نەرسىنى كۆرۈشكە توققۇز دانانى ئەۋەتكەنلىكى

رۇملۇقلاردىن نەچچە ئېسىلزات تاللاپ ،
ئۇلارنىڭ ئەقلى ، خۇلق ، بىلىمىن چاغلاپ ،
شەھرىيار يازدۇردى كەيدكە خەت پۈتۈپ ،
ھەر بىر جۈملە خەتكە شېرىن سۆز تۆكۈپ .
دېدى : « يوللىدىمەن توققۇز نامدارنى ،
ئالەمدىن خەۋەردار ، دانا ، ھوشيارنى .
ئۇلاردۇر ھەر ئىشتا پىتەرلىك ماھىر ،
بىلىم ۋە ئەقىلدە ھەممىگە قادىر .
ئۇلارنى قوبۇل قىل ، يەتكۈنچە پۇرسەت ،
ۋە نازۇك ئىشلىرىڭ ئاشكارا كۆرسەت .
تۆت نەرسەڭ نېمىدۇر ئۇلار كۆرسۇن ھەم ،
ھەر بىرىگە بىر ـ بىر ئۆلچەم قىلسۇن ھەم .
بىز جاۋاب ئالغاندا بۇ يارانلاردىن ،
مۇشۇ جاھان بىلگۈچى قەدىردانلاردىن ،
دېسۇنكى ، كۆردۇق بىز تۆت خىل مۆجىزە ،
ھەر بىرى جاھاندا تېڭى يوق ، يەككە .
ئاندىن بىز ساڭا بىر مەكتۇپ پۈتكەيمىز ،
كەيد ھىندى شاھى دەپ مەشھۇر ئەتكەيمىز . »
ئىسكەندەر تەرەپتىن كەيد تامان شۇ تاپ ،
يول ئالدى بۇ توققۇز رۇملۇق مەرد ئەرباب .
ھىندى شاھى كۆرگەن چاغ توققۇز سەردارنى ،
ھال سوراپ ئاڭلىدى بارچە ئەخبارنى .
مۇناسىپ ھۆرمەتتە كۈتتى ئۇ قىزغىن ،
ئۇلارغا ياخشى جاينى قىلدى تەيىن .
ئەتىسى ئاسمانغا نۇر بولغاندا پاش
نەيزىسىن كۆتۈرۈپ بالقىدى قۇياش .

شاھ قىزىغا زىننەت بېرىلدى غايەت ،
ئۇ تۇرسا ئايغا زىننەت بەرمەك نە ھاجەت ؟
ئۆيگە ئورنىتىلدى بىر تەخت زەردىن ،
زىننەتلەنگەن ئۇ تەخت چېكىپ نەقشى چىن .
ئۇ تەختكە ئولتۇردى ئاپتاپ يۈز گۈزەل ،
چىرايى قېشىدا ئاجىزدۇر زۇھەل .
سارايدا بار ئىدى توققۇز دانا ھەم ،
تىلىدىن بال تامار ھەم پىكرى ئۆكتەم .
ئۇلارنى ئەۋەتتى شۇ قىز تامان شاھ ،
ئىسكەندەر ئەمرىدىن ئۇ ئىدى ئاگاھ .
ئۇلار قىز جامالىن كۆرۈشتى بىر ۋاقىت ،
چاقنايتتى ھۆسنىدىن بۇ ئۆي ، بۇ تاج ـ تەخت .
ئەقلىدىن ئازغۇدەك ئۇلار قالدى لال ،
تەندىن دەرمان كېتىپ بولدى بىماجال .
ئۇ توققۇز رۇملۇقتا قالمىدى تاقەت ،
خۇداغا ئاپىرىن دېيىشتى پەقەت .
بۇ ھۆسن جەلپ ئەتكەچ ھەممىنى خېلى ،
ئۇندىن كۆز ئۈزمەككە يوق ئىدى ھالى .
ئەلچىلەر كېچىكىپ قالغىنىن بىلىپ ،
پادىشاھ چاقىرتتى كىشى كىرگۈزۈپ .
رۇملۇقلاردىن سورىدى پادىشاھ شۇندا :
« نېمىشقا ھايال بوپ قالدىڭلار ئۇندا ؟
ئىنسان زاتىدىنغۇ ئاشۇ بەرنا يۈز ،
نۇرىنى بەخش ئەتكەن كۆپلىگەن يۇلتۇز . »
رۇملۇق جاۋاب قىلدى : « ئەي شەھرىيار ،
ھېچكىم كۆرمىگەندۇر بۇ يەڭلىغ نىگار .
بۇ چىراي مەدھىيىدە بىز سۇرۇپ ئەقىل ،
شاھىمىزغا نامە يوللايمىز شۇ خىل ... »
ئاندىن پەيلاسوپلار ئۆيگە كىرىشتى ،
قولىغا قەغەز ھەم قەلەم ئېلىشتى .
ئۆز پىكرىنى يازار ئىدى ھەر دانا ،
باش ـ ئاياغ سۆزلەنگەن تەھسىن ۋە سانا .
رۇملۇقلار يېنىدىن چاپارمەن شۇ دەم
ئىسكەندەر ئالدىغا يول ئالدى ئىلدام .
ئوقۇپ نامەلەرنى جاھاننىڭ شاھى ،
كۆكسىدىن پۇرقۇدى تەئەججۇپ ئاھى .
ھەر بىر مەكتۇپتا شۇنداق ماختالغان چىراي ،
ماختالغان بەئەينى شۇ مىسلىسىز ئاي .
جاھاندار ئۇلارغا يازدى جاۋاب خەت ،
دېدى : « كۆرگىنىڭلار ھۆردۇر جەننەت .
مۇشۇ تۆت نەرسىنى ئېلىڭلار پەقەت ،
بۇنىڭدىن ئارتۇقى ئەمەس ھېچ ھاجەت .
مېنىڭ پەرمانىمغا قىلغايسەن ئەمەل ،
ھەرەمدىن كۆچ ئېلىپ قايتىڭلار دەرھال .
ئۇلارغا قىلماڭلار ئازار ، ئاداۋەت ،
ئۇلاردا ئۇچراتتىم ئىنساب ، ئادالەت . »

## توققۇز دانانىڭ ھىندى شاھى كەيدىنىن ئىسكەندەرگە تۆت نەرسىنى ئېلىپ كەلگەنلىكى

شۇ يىراق مەنزىلدىن قايتتى دەپ ئاڭلاپ ،
ئالدىغا ئەۋەتتى شاھ ئەلچى شۇ تاپ .
شەھرىيار خېتىنىڭ مەزمۇنىن بىلدى ،
ئەرزىيەت چەككەنلەر خۇش كەلدىڭ دېدى .
دانالار بارگاھقا يول ئالدى ، ئەلھال
ۋە شاھنىڭ ئالدىغا كىرىشتى دەرھال .
يەتكۈزدى ئۇنىڭغا شاھنىڭ كالامىن ،
خۇدبىن جاھاندارنىڭ ئەھدۇ پەيمانىن .
ھىندىنىڭ سەردارى بۇندىن بولدى شاد ،
ئىسكەندەر جەبرىدىن بولدۇم دەپ ئازاد .
ھىندىلاردىن تاللاپ ئالدى يۈز مەردنى ،
ئاقىل ، خۇش سۆھبەتلىك ، شېرىن سۆز مەردنى .
ئاچتى گەنج ئىشىكىن ، خۇشال بولدى كۆپ ،
ئالدىغا زەر ـ زىۋەرلەرنى كۆپ تۆكۈپ .
قانچە گۆھەر ئالدى ، لىباس ۋە كىمخاب ،
قايىسسى يارىسا ئالدى ھەم تاللاپ .
مۇنچىلىك شاھانە قىممەت نەرسىگە
تەقلەندى يۈكلەشكە ئۈچيۈز نار تۆگە .
يۈكلىدى ئون تۆگىگە ساپ دىنار ھەم ،
يەنە ئون تۆگىگە يۈكلەندى دىرھەم .
يەنە بىر تۆگىگە يۈكلەندى گۆھەر ،
ئىككى چوڭ ساندۇقتا تولغانغا قەدەر .
ئون يىلنىڭ ئۈستىگە زەر تەخت قۇرۇلدى ،
شۇنداق شەۋكەت بىلەن ئالغا يۈرۈلدى .
كەيد قىزى ـــ پۈغۇستان تۆكۈپ كۆزدىن ياش ،
بولدى پەيلاسوپ بىلەن تېۋىپقا يولداش .

بىر نامدار قەدەھكە مەي بولدى پەيۋەست،
باتۇرلار شۇ مەيدىن بولۇشتى غەرق مەست.
قوندۇرۇپ قارا مۇشكى تاجنى بېشىغا،
يەتتى بۇ فۇغۇستان شاھىنىڭ قېشىغا.
چىرماشقاندەك قىزىل ۋە سېرىق گۈللەر،
چېھرىدە سىلكىنەر خۇش بۇي كوكۇللار.
سەرۋىگە قونغاندەك گويا تولغان ئاي،
كۆرگەننى لال ئېتەر بۇ ئەجەب چىراي.
كۆزلىرى بېھىشنىڭ بىر جۈپ نەرگىسى،
نازۇ ئىستىغنادىن يۇغۇرۇلغان جىسمى.
ئىسكەندەر نەزەر سېپ ئۇنىڭ قەددىگە،
چېھرىسى، چاچلىرى، گۈزەل ئەپتىگە،
ئاپىرىن ئوقۇيتتى دىلىدىن شۇنداق،
ھۆسنىنى دەر ئىدى جاھانغا چىراغ.
ئىگەمگە قىلاتتى چەكسىز شۇكرانە،
ئۇنىڭ ئىجادىدى بۇ قامەت يەنە.
بۇيرۇدى ئىسكەندەر ھەر دانا ـ ئاقىل،
لەشكىرى رۇم ئىچرە تونۇلغان ئاتىل،
توپلىشىپ ئۇ قىزنىڭ مەيلىن قىلىشتى،
زامان رەسمىدە ھەمجۈپ قىلىشتى.
پۇتىغا كۆپ دىنار تۆكتۈردى پادىشاھ،
دىنار خامىنىدىن كۆرۈنمەستى ماھ.

## ئىسكەندەرنىڭ كەيد ئەۋەتكەن پەيلاسوپ، تېۋىپ ۋە جامنى سىنىغانلىقى

خاھىشقا يەتكۈزۈپ ئۇ سەرۋ قەدنى،
تەيىنلەپ ئۇنىڭغا مەنزىل راھەتنى،
پەيلاسوپ ھەققىدە شاھ بولدى مەشغۇل،
سىنىماق بولدى ئۇ، قانداق دانا ئۇل.
چوڭ جامغا مال مېيىن تولدۇردى راسا،
ئاندىن پەيلاسوپقا ئۇزاتتى يەنە.
دېدىكى: « بۇ ماينى سۈرتسۇن تېنىگە،
ساغرىسى، كۆكرىكى، بەل، بەدىنىگە.
بۇ ئەجەب دورا ئالۇر يول ئازابىن،
ھەم ئاچقاي، تەپەككۇر، پەم ـ ئىقتىدارىن. »
مايغا قاراپ دېدى ئاشۇ دانىشمەن:
« مېنى بۇ يول بىلەن قىلىپ بولماس بەند. »
جامغا مىڭ يىڭنىنى تاشلاپ ئۇ شۇ ھال،
شەھرىيار تەرەپكە ئەۋەتتى دەرھال.
قاراپ يىڭنىلەرگە ئۇ شاھى جاھان...
بارچە ھىيلىلەرنى كۆزەتتى پىنھان.
بۇيرۇدى، ئېرىتىپ يىڭنىنى بىردىن
بىر تامغا ياسسۇن ئۇلار تۆمۈردىن.
داناغا يوللاشتى تامغىنى شۇندا،
ئۇ دانا تۆمۈرگە بەخش ئەتتى جۇلا.
قاپقارا تۆمۈردىن ئەينەك ياراتتى،
ئىسكەندەر ئالدىغا دەرھال ئەۋەتتى.
ئالدى بۇ سوۋغاتنى ئاخشام چېغى شاھ،
بۇ سىردىن شامالمۇ بولمىدى ئاگاھ.
بىر نەمخۇش ئورۇنغا قويدى ئەينەكنى،
بۇ ئەينەك قارايغۇچە كۆزەتتى ئۇنى.
بۇ ئەينەك كىرگەندە تۆمۈر ھالىغا،
يەنە قايتۇردى شاھ دانا ئالدىغا.
تۆمۈرنى ئېرىتىپ سۇ قىلدى گويا،
ئۇنى شاھ ئالدىغا ئەۋەتتى دانا.
ئۇنىڭ تەركىبىگە بىر دورا سالدى،
ھەتتا نەم تەگسىمۇ قارايماس قىلدى.
ئىسكەندەر كۆز سېلىپ تەكشۈردى دەرھال،
ئۇ دانا كەلگەندە سورىدى ئەھۋال.
يېنىدىن جاي بېرىپ، مايدىن ئاچتى سۆز،
پەيلاسوپ ھۈنىرىدىن بىلمەككە سېپ كۆز.
شۇنداق سۆز باشلىدى ئۇ مەردۇ ئاقىل:
« ماي ئىنسان جىسمىغا تەسىر قىلماس، بىل. »
دېدىكىم: « شەھەردە بولسا نە ئالىم،
ھەممىدىن ئارتۇقراق ئىلىم ـ ھۈنىرىم. »
بۇ گەپكە جاۋابەن دېدى: « ئەي، پادىشاھ،
ھەقىقىي بىلىمدان، دانىشمەن، دانا،
يىڭنىدەك سۆزگەكتىن ئۆتەر ئۇ تۇتاش،
ۋە يېرىپ ئۆتەر ئۇ دۈچ كەلسە ھەم تاش.
بۇ سۆزۈم مەنىسى چۈشەنگىن بىر ـ بىر،
جىنىمدىن، قەلبىمدىن بۇ پىكىر ـ تەدبىر.
دانا سۆزى نازۇك قىلدى مىڭ پارە،
سېنىڭ دىلىڭ ئەمەس تۆمۈردىن قارا.

دېدىڭكىم ، قانچە يىل ئۆتتى بۇ ئىشقا ،
قان بولدۇم ، تەن بەرمەي مۇنداق تەشۋىشكە .
قانداق پەيدا بولۇر ئۇشبۇ تەييارلىق ،
نېمشقا بۇ سۆزدىن دىلدا خىرەلىك ؟
ئاسمان بىلمەدىن ساڭا سۆزلىدىم ،
دىلىڭنى غۇباردىن پاكلاش كۆزلىدىم . »
ياغاچقا سۇ رەڭگىن بېرەر ئىكەن ئۇل ،
بۇ ئىشنى ھەم پىسەنت قىلمىغاي پۇتكۇل .
بۇ سۆزلەر بەند قىلغاچ ئەقلىنى شۇنداق ،
ئۇنىڭغا قىزىقتى قويۇپ ئىشتىياق .
ئەمر قىلدى ، دەرھال كەلتۈرۈلدى زەر ،
شۇنداق بىر ئالتۇن زەر ، نەقشى شۇ قەدەر .
داناغا بەرگەندە ، دېدى ئۇ دانا :
« مەندىمۇ بىر گۆھەر باردۇر بىباھا .
ئۇندىن رىزق تاپۇرمەن ، ئۇ ماڭا ئىزگۇ ،
غەزنىدەك ئەھرەمەن جۇپتى ئەمەس ئۇ .
پۇل دەپ پاسبان تۇرماس تۇن قۇچىقىدا ،
ئوغرىدىن قورقماسمەن سەپەر چېغىدا !
بىلىم – تۇن باغرىدا پاسبانىمدۇر ،
ئەقىل — پۇتۇن تېنىمگە خاقانىمدۇر .
ھەقىقەت قىلماققا كېرەكتۇر بىلىم ،
ئەگرىلىك – خاتاغا باشلايدۇ دىلىم .
بىلكى ، شەھرىياردىن ئاشكارا ، پىنھان
يەيدۇ ۋە كىيىدۇ مەندىن بىر جاھان .
نېچۇك مەن بايلىقتىن شاد – خۇرسەن بولاي ،
مال – دۇنيا قەلبىمنى نېچۈك بەند قىلغاي ؟
بۇلارنى جايىغا قويسۇن ، ئەمر قىل ،
ۋۇجۇدۇڭغا يورۇق بەخش ئەتسۇن ئەقىل . »
ئىسكەندەر ھەيرەتتە قالدى ئۇنىڭدىن
خىيالغا غەرق بولدى ئۇشبۇ يەكۇندىن .
ئۇندىن كېيىن دېدى : « بولسا گۇناھىم ،
كەچۈرسۇن ئاپتاپتەك ، ئايدەك دادھاھىم .
بۇ پىكرىڭ — پەندىڭگە ئىرۇر مەن ئاشىق ،
ھەر بىر سۆز — گېپىڭگە ئىرۇرمەن سادىق . »

## ئىسكەندەرنىڭ ھىندىستان تېۋىپىنى سىنىغانلىقى

كەلدى شاھ ئەمرىدىن سارايغا تېۋىپ ،
كۆز ياشتىن كېسەلنى ئۇ بىلەر تونۇپ .
شاھ دېدى : « نېمىدۇر بىتاپلىق بېشى ،
دەردىمگە كېرەكتۇر تۆكمەك كۆز يېشى ؟ »
تېۋىپ جاۋاب قىلدى : « كىم كېسەل بولغان ،
ئۇنىڭ سەۋەبىدۇر ، كۆپ تاماق يېگەن .
زىيانلىق تاماقنى كۆپ يېمەي دائىم ،
نەپسىنى يىغقانلار بولغۇسى ئالىم .
تېرىپ ھەر تەرەپتىن ھەر تۈرلۈك گىياھ ،
شاھىم بىر دورىنى ئۆگەتەي ساڭا .
ئۇندىن تېنىڭ ، جېنىڭ دائىم ساق بولۇر ،
يۈزۈڭ يالترىغاي ، ۋاقتىڭ چاغ بولۇر .
ئارزۇلىرىڭ ئىشقا ئاشقاي مۇكەممەل ،
قانداق تاماق يېسەڭ تېزدىن بولغاي ھەل .
بۇ ياخشى مەسلىھەت بولسا پەيمانىڭ ،
يىلىكىڭ توق بولۇپ ، كۆپەيگەي قېنىڭ .
بولغايسەن جىسمىڭغا ئۆزۈڭ ھۆكۈمدار ،
قەلبىڭدە ھەمىشە بەرق ئۇرغاي باھار .
رەڭگىڭ ۋە چېھرىڭ بولغاي سۈزۈك ، تازا ،
ھىممەت ھەر ئىشىڭغا زوق بېرەر تازا .
چېچىڭ چۈشمىگەي ھەم ئاقارماس قىلچە ،
چاچ ئۇقى تاۋىڭنى قىلىدۇ خىرە . »
ئىسكەندەر دېدىكى : « كۆرمىدىم ، ئەلھال ،
شاھلار ئارىسىدا بۇنىڭدەك بىر ھال .
مۇنداق ياخشى دورا تەق قىلساڭ ئەگەر ،
مەن سېنى ئۆزۈمگە قىلغايمەن رەھبەر .
خېرىدارىڭ بولاي ساڭا جان – دىلدىن ،
ساقلاي يامان كۆزلۈك قەبىھ بېخىلدىن .
ئاڭا ھەدىيە قىلدى شاھ تون – لىباس ،
دانا تېۋىپلارغا سايلىدى ئۇستاز .
ئۇ تېۋىپ يول ئالدى تاغقا شۇ زامان ،
سېلىپ كەينىگە ئۇ نەچچە ئاشىيان .
ئۇ نەچچە بىلىمدىن ئالغانتى خەۋەر ،
ئۇنىڭغا ئايانتى تەرياك ۋە زەھەر .
جەملەندى تاغلاردىن شىپالىق گىياھ ،
تاشلىدى پايدىسىز چۆپنى ئارقىغا .

ئۇندىن ھاسىل قىلىپ بىر نەچچە تەرياك ،
قىرىپ دورا قىلدى شۇنچە سۈزۈك ، پاك .
شۇ دورا بىلەن شاھ يۇدى تېنىنى ،
بىردىنلا پەرق قىلدى پۈتۈن بەدىنى .
تۈن بويى كۆزىگە كەلمىدى ئۇيقۇ ،
ئەل بىلەن قىلدى ئۇ شادلىق ۋە كۈلكۈ .
يۇمشاق بىر ماكاننى ئىستەپ شەھرىيار ،
خوتۇنلار نازىنى قىلدى ئىختىيار .
ئاندىن ھەم ئۆزىنى ناخۇش سەزدى شاھ ،
ھېچكىمنى بۇ سىردىن قىلمىدى ئاگاھ .
كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەلدى ئۇ تېۋىپ ،
بىلدى كۆز يېشىدىن : شاھ ئىدى زەئىپ .
دېدى : « خوتۇنغا كۆپ يانداشقان يامان ،
قوشۇلماق — ياش جاننى قىلغاي ناتىۋان .
مېنىڭچە ، بىلمەيسەن ئارام ئۈچ كېچە ،
راستىنى ئېيتقىل شاھ ، يوشۇرماي قىلچە . »
ئىسكەندەر دېدىكىم : « دىلىم يورۇق ھەم ،
تېنىم رەنج _ ئازاردىن ئەمەس خاتىرجەم . »
دانا ھىندى تېۋىپى مۇمتازۇ سەرۋەر ،
ئىدى شاھ ھالىدىن تامام بىخەۋەر .
يەنە قاش قارىيغاچ دورا ھازىرلاپ ،
ئىسكەندەرگە سۇندى شىپالىق خالاپ .
شۇ كېچە ئىسكەندەر ئۇخلىدى يالغۇز ،
گۈزەل يار ھەققىدە ئاچمىدى ئېغىز .
تاڭ سەھەردە تېۋىپ كەلدى شاھ تامان ،
شاھنى كۆز يېشىدىن قىلدى ئىمتىھان .
ئاندىن تۆكۈپ دورىنى باشلىدى ناۋا ،
قىزىل مەي تۇتۇپ ئۇ شادلىق جامىدا .
شاھنىڭ ئەمرى بىلەن يايدى داستىخان ،
تەق بولدى مەي ، سازەندە ۋە نەچچە يارەن .
تېۋىپقا دېدى شاھ : « سەن بۇ دورىنى
جاپادا تاپتىڭ ، نە تۆككىنىڭ ئۇنى ؟ »
تېۋىپ دېدى : « كېچە شاھى جاھانىم ،
يارسىز تەنھا ياتتى ، سەدىقە جانىم .
ئەگەر يالغۇز ياتساڭ ، ئايا شەھرىيار ،
ساڭا دورا زاتى بولمىغاي دەركار . »
ئىسكەندەر بىر كۈلۈپ ، بولدى ئۇندىن شاد ،
دېدى : « ھىندىنسىز جاھان بولمىسۇن بۇنياد ! »
تېۋىپ ھەم مۇنەججىم ، ئالىمى ئالەم ،
تەھقىق ھىندىستانغا بولغان مۇجەسسەم .
كەلتۈرۈڭ ، دېدى شاھ بىر خالتا دىنار
ۋە ئالتۇن جابدۇقلۇق بىر قارا تۇلپار .
ئۇلارنى تېۋىپقا شاھ قىلدى ئىنئام ،
دېدى ، يەزدان ساڭا يار بولسۇن داۋام .

## ئىسكەندەرنىڭ كەيد جامىنى سىنىغانلىقى

پادىشاھ ئەمرىچە كەلتۈرۈلدى جام ،
ئۇنىڭغا سوغۇق سۇ تولدۇردى غۇلام .
سەھەردىن چۈشكىچە تاكى قاراڭغۇ ،
ئۇ ئالتۇن جامدىن ئەل ئىچەر ئىدى سۇ .
قېنىشىپ ئىچەتتى بولۇپ شاد _ خۇرام ،
ئەمما جامنىڭ سۈيى بولماس ئىدى كەم .
شۇ چاغ پەيلاسوپقا بىلدۈرۈپ ئىخلاس ،
دېدى شاھ : « جاھاندا كەيدكە يوق قىياس .
بۇگۈندىن ھىندى يۇرتىنى ماختاپ شۇنداق بىز ،
كەيدى جادۇستاننىڭ ئۆيى ئاتايمىز .
پىشانە ، ھۆسىندە بولساقمۇ ئۇستۇن ،
ئەمما ، ھەيرەتلىنىكتۇر بۇ بەندۇ ئەفسۇن . »
پەيلاسوپقا دېدى يەنە شاھ جاھان :
« بىزدىن بۇ ھېكمەتنى تۇتمىغىل پىنھان .
نېمىشقا كېمەيمەس بۇ جامنىڭ سۈيى ،
بۇ ساما ئىلمىمۇ ، ھىندى بىلىمى ؟ »
شۇندا جاۋاب قىلدى شاھقا دانىشمەن :
« بۇ جامنىڭ قۇدرىتىگە ئەيلە كۆپ پىسەن .
بۇ جامنى ياساشقا كەتتى كۆپ يىللار ،
قانچە رەنج چېكىشتى قانچە ئاقىللار .
بولسا قاي ئەلدىكى نامدار مۇنەججىم ،
بارچە مۇنەججىمگە سەردار مۇنەججىم ،
كەيدىنىڭ ھۇزۇرىدا ياساشتى جامنى ،
پەرق ئەتمەي كۈندۈز كۈن ، كېچىدە شامنى .
يۇلتۇزلار سىھرىدىن ئۆگىنىشتى پەن ،
ھارغىنلىق ، چارچاشنى ھېس قىلمىدى تەن .
تۆمۈرچىلەرنىڭ غارايىپ ئىشى ،
تۆمۈرچىلەرنىمۇ ياراتقان كىشى .

يىلتىزنىڭ تۈۋىدە بولۇپ ئۇ ئەسلى ،
پەلەكتىن شېرىن سۇ ئالۇر ئۇ خېلى .
پاكىز سۇ ئالۇر ئۇ بولسا سۇيى كەم ،
ئەمما كۆز بىلەن ھېچ كۆرەلمەس ئادەم . »
شاھقا مەقبۇل بولدى دانانىڭ پىكرى ،
بىھۇدە ئەمەستۇر پىكىرلىك زىكرى .
دانالار پېشۋاسىغا ئۇ تىلەر ئامەت :
« كەيد بىلەن باغلانغان ئەدلۇ مۇلاقەت
ئەھدىنى بۇزمايمەن ، يۈكسەك ئىززىتى ،
ھەممىگە پەرز ئىرۇر ئۇنىڭ خىزمىتى .
ئۇندىن تۆت مۆجىزە ئالدۇق ، بەس بىزگە ،
بۇندىن ئارتۇق نەرسە كېرەكمەس بىزگە . »
ئىككى يۈز تۆگىگە مال ئارتقۇزۇپ شاھ ،
يەنە يۈكلەپ يۈزگە گۆھەر نەقش كۇلاھ ،
تاغقا كۆمدۇردى ئۇ ھەممە بارىنى ،
بىباھا گۆھىرى ، زەر دىنارىنى .
مۇشۇ خەزىنىنى تاغقا كۆمگەن چاغ ،
كۆمگەنلەر ئۆزىمۇ كۆمۈلگەن شۇنداق .
كۆزدىن يوشۇرۇنغاچ شۇنچە كۆمۈش ، زەر ،
جاھاندا ھېچكىمگە قالمىدى ئەسەر .
ھەممە بايلىقنى ئۇ قىلىپ پىنھان ،
ئالدى ئۆزى ئۇچۇن پەقەت بىر نىشان .

## ئىسكەندەرنىڭ ھىندى شاھى فۇرغا يوللىغان نامەسى

مىلاددىن قەدىمقى قۇيۇن مىسال
لەشكەر تارتتى ، ئۇندا قالدى گەنج ـ مال .
فۇرغا يېقىن يەرگە كېلىپ لەشكىرى ،
نامە يازدۇردى شاھ ، تەھدىتتۇر بارى :
« ئىسكەندەر فىلقۇستىن ـــ جاھان شاھىدىن ،
بىلىم ۋە زۇلمەتنىڭ ئاتەشگاھىدىن ،
يەنى ئۇ فۇرغا كىم ، قوشۇندار ھىندىدا ،
لەشكەرچىلىك نامى مەشھۇر سىندىدا .
يەزدان مەدھىيىنى يازدۇق مەكتۇپقا ئاۋۋال ،
چۈنكى ئۇ جاھاننى كۆرەر مۇكەممەل .
كىمگە ئۇ بەرسە گەر ئامەت بىلەن بەخت ،
ئۇنىڭغا نېسىپ بولغاي دۆلەت تاجى تەخت .
كىمنى خار قىلسا ئۇ چىقالماس غەمدىن ،
قۇياش ھەم يۈز ئۆرۈر ئۇنداق ئادەمدىن .
ئاگاھسەن ئەلۋەتتە يەزدان ئۇ پاكتىن ،
نەبەرگەن بىزلەرگە ئۇ قارا خاكتىن ؟
ئاشۇ ئىقبالدىن ھەم شادلىق ـ بەختىن ،
مال ۋە دۇنيا بىلەن شاھلىق تەختتىن .
كۈنىمىز يۈتكەندە ھېچ نەرسە قالماس ،
دۇنيا قولدىن قولغا ئۆتۈپ توختىماس .
خالايمەن مۇشۇ يەر ، بۇ ئاسمان ئارا ،
ياخشى نام قالدۇرماق بۇ جاھان ئارا .
ساڭا ئۇشبۇنامە يەتكەن شۇ زامان ،
كۆكسۈڭنى ئادالەتكە ئەيلە ماكان .
چۈشۈپ سەن تەختىڭدىن ، تۇلپارنى مىنگىل ،
سارايغا مەسلىھەت سالماي تېز كەلگىل .
ئامانلىق تىلەپ كەل ، باشقا يول تۇتما ،
تەدبىرىڭ ياخشىلىق بەرمەس ، ئۇنتۇما .
ئەگەر بۇ پەرماننى قۇرۇق سۆز بىلسەڭ ،
ئۇنى سەن مەنسىتمەي قەيسەرلىك قىلساڭ ،
مەن سۇرۇپ قوشۇننى كىرگەيمەن جەڭگە ،
ئۇندا قالماس پەقەت بىر ئورۇن غەمگە . »
بۇ سۆزنى قەغەزگە يازدى دەممۇ دەم
ۋە قولدىن ئايرىلىپ يىقىلدى قەلەم .
ئىسكەندەر مەكتۇپقا مۆھرىنى بېسىپ ،
چاپارمەن تاللىدى زېرەك ، مۇناسىپ .
فۇرنىڭ ئوردىسىغا ئەلچى تېز يەتتى ،
جەڭنى خۇددى بەزمىدەك بىلىپ سۆز ئېيتتى .
ئۇنى كىرگۈزۈشتى شاھنىڭ قېشىغا ،
يېقىن ئولتۇرغۇزدى تەخت يېنىغا .

## فۇرنىڭ ئىسكەندەر نامەسىگە جاۋابى

ئوقۇپ فۇر نامەنى بولدى دىر غەزەپ ،
بىلدى بۇ نامەدىن مەقسەت ناپاك دەپ .
شۇ ھالدا يازدۇردى جاۋاب ئەكسىچە ،
بۇ مەكتۇپ ئوخشىدى كىنايە دەشتكە .

يەزدان نامي بىلەن يازدۇردى خەتنى ،
دېدى : « بىلدىم تىلى ياخشى ، يامان نىيەتنى .
بىھۇدە سۆزلەرنى سۆزلىمەس ئەرلەر ،
لاپ ئۇرغان ئادەمنى بىچارە دەرلەر .
ئالدىمغا كەل دەپسەن ، ھايا يوق سەندە ،
ئەقىلدىن نىشانە يوق ھەتتا سەندە .
فىلقۇس ۋاقتىدا شۇنداق خەت يازغان ،
تويىنى ئۇ ماتەمگە ھەم ئايلاندۇرغان .
دارامۇ سەنچىلىك بولمىغان غەددار ،
ئۇنىڭدىن بىزار بولدى چەرخى دەۋۋار .
بىر قوۋمدىن كۆز يۇمسا تەلەيۇ شەپقەت ،
كار قىلماس ئۇستازلار قىلغان نەسىھەت .
ساڭا بەزم بولدى جەڭدە شاھى كەيد ،
ئويلامسەن ھەممە شاھ ساڭا بولغاي سەيد ؟
بۇ ئونۋان ، بۇ خىلدا سۆز بىلەن مۇتلەق ،
بىزگە ھېچكىممۇ خەت يازمىغان مۇنداق .
فۇر مېنىڭ ئىسمىمدۇر ، فۇر ماڭا ئەجداد ،
قىلمايمىز ھېچقانداق قەيسەرنى بىز ياد .
يار ئىستەپ بىزلەرنى كۆتكەندە دارا ،
دىلدىن ئاڭا بەختنى كۆرمىدۇق راۋا .
مەن ئەۋەتتىم ئاشۇ جەڭچى پىللارنى ،
ئاڭا ياردەم ئۈچۈن باغلاپ دىللارنى .
بىر بەندە قولىدا ئۈزگەچكە جان ئۇ ،
بولدى ئىرانلىقلار بەختى قاراڭغۇ .
دارادىن يەر يۈزى بولغان ئۈچۈن پاك ،
ساڭا ئۆتكۈر زەھەر بولۇپتۇ تەرياك .
ئۇ يامان خۇيىدىن تاپتى جازاسىن ،
ئەقىلدىن ئازغاچقا يېدى جاجىسىن .
يۈرۈش باشلايمەن دەپ كېڭەيمە مۇنچە ،
ئاۋۋال ئويلاپ كۆرگىن ، سەن سۆز قىلغۇچە .
پىلىم ۋە لەشكىرىم چىقسا مەيدانغا ،
شامالمۇ تاپالماس يول باياۋانغا .
ئۆزۈڭنى يۇقىرى قويماقتۇر ئىشلىك ،
ئەھرەمەندىن مىراس ئۇشبۇ قىلمىشلىك .
يامانلىق ئۇرۇقىن چاچما جاھاندا ،
ئۇنىڭ زىيىنىنى كۆرگەيسەن جاندا .
بۇ خەتتە ياخشىلىق تىلىدۇق ساڭا ،
روشەنلىك سالماقچى بولدۇق دىلىڭغا . »

## ئىسكەندەرنىڭ فۇرغا قارشى قوشۇن تارتقانلىقى

جاۋاب ئىسكەندەرگە بولغاندا زاھىر ،
لەشكەردىن تاللىدى مىڭلاپ باھادىر .
ھەر بىرى مۇۋاپىق ھەم جەسۇر ، ھەم مەرد ،
ئۆزى ياش بولسىمۇ ، بىلىملىك غايەت .
قوشۇن تارتىپ ماڭدى شاھى فۇر تامان ،
ئاقاتتى بۇ قوشۇن بىر دەرياسىمان .
ئەسكەرلەر قوشۇلدى ئوڭدىن ھەم سولدىن ،
ئالغا سىلجىشاتتى مىڭلارچە يولدىن .
بارچە تاغ ــ ئېدىرلار ، دەريا ــ جىلغىلار ،
جەڭگىۋار قوشۇنغا تولغانتى سۇۋار .
قوشۇننى چارچاتتى چۆلنىڭ ئازابى ،
گۆر ئازابى ئىدى يولنىڭ ئازابى .
قوشۇن بىر مەنزىلگە يېتىشكەن مەھەل ،
بىر گۇرۇھ شاھ تامان مېڭىپ كەلدى دەل .
دېدىكىم : « ئاڭلىغىن ، ئەي قەيسەرى رۇم ،
قوشۇنۇڭ ئالەمنى ئەتكۇدەك مەھكۇم ،
ساڭا تەڭ كېلەلمەس نە ھىندى فۇرى ،
نە سىندىنىڭ لەشكىرى نە چىن خاقانى .
نە ھاجەت لەشكەرنى قىينىماق ئارتۇق ،
بۇ تاقىر سەھرادا يوق زەررە ھاردۇق .
قالمىدى قوشۇندا بىرەر ياخشى ئات ،
بولاتتى ئۇ بىزگە جەڭ چېغى قانات .
بۇ جەڭدە ئارقىغا گەر قايتسا لەشكەر ،
ئاتلىقمۇ ، پىيادە كۆپ مۇشكۈل چېكەر .
زەپەر قۇچۇپ كەلدۇق شۇ كۈنگىچە بىز ،
بەتغەزەر ياۋلارنى يېڭىپ خاتاسىز .
ئالدىمىز ئېگىز تاغ ، دەريا ۋە تاقىر ،
ھەركىم جان قىيناشنى خالىماس ھېچبىر .
ئىستەيمىز چۈشمىسۇن نامىمىزغا داغ ،
تاغ ــ دەريا بىلەن جەڭ قىلغان ئەمەس ساق . »
ئىسكەندەر بۇ سۆزدىن كۆپ بولدى غەمكىن ،
جەھلىدىن قايتۇردى ئۇلارنى بىردىن .
دېدى ئۇ : « رۇم قاچان كۆرۈپتۇ زىيان ،
جەڭ قىلىپ ئىرانلىقلار بىلەن ھامان ؟

دارانىڭ بېشىغا سالدۇق نەچچە غەم
ۋە بىزدىن ھېچ نەرسە بولمىدىغۇ كەم .
سىلەرسىز بارماقنىڭ يولىن تۇتارمەن ،
ئەجدىھا دامىغا ياياق ئۆتەرمەن .
كۆرۈرمەن شۇ چاغدا تەۋە بولغان فۇر ،
جەڭدە ، پاراغەتتە مېنى ياد قىلۇر .
ئۇ يەردىن رۇم سېرى قويۇپ قەدەمنى ،
زەبت ئېتىپ ئالغايمەن پۈتكۈل ئالەمنى .
ماڭا يار يەزدان ھەم ئىران لەشكىرى ،
ئىستەيمەن رۇملۇقلار شادلانسۇن بەرى . »
بۇ سۆزلەرنى سۆزلەپ بولغان چېغى شاھ ،
كەچۈرۈم سوراشقا لەۋ ئاچتى سىپاھ .
دېيىشتى : « بارچىمىز ساڭا بەندىمىز ،
بارچە پەرمانىڭغا بويسۇنماقتىمىز .
مەيلى جەڭلەر تولسا قىيا ـ چىياغا ،
قوشۇن جەڭگە كىرەر ھەتتا پىيادە .
قېنىمىزدىن يەردە ئاقسىمۇ دەريا ،
تېنىمىزدىن تاغلار بولسىمۇ پەيدا ،
ئەسلا ئارقىمىزنى كۆرەلمەس دۈشمەن ،
پەلەك تاشى ياغدۇرۇپ سىنىغان بىلەن .
سەن بىزنىڭ رەھنەما ، سايىۋەنىمىز ،
ساڭا سادىق ھەردەم ئەزىز جانىمىز . »
ئىسكەندەر چۈشىنىپ ئۇلار كۆڭلىنى ،
تاللىدى بۇ جەڭنىڭ باشقا يولىنى .
خىللاندى ئوتتۇزمىڭ ئىرانلىق ئوغلان ،
بىرى ئۇرۇش كۆرگەن ، بىرى پەھلىۋان .
ئۇلارغا ئەگەشتى رۇملۇق باتۇرلار ،
ھەممىسى ساۋۇتلۇق ، جەڭدە ماھىرلار .
ھەممىسى چەۋەنداز ، جەڭ ئارسلانى ،
قىرىق مىڭدىن كۆپرەك ئۇلارنىڭ سانى .
رۇملۇقلار كەينىدىن يول ئالدى چاققان
ھەزەر جەڭچىلىرى ـــ ئوتتۇزمىڭ پالۋان .
كۆپ ئىدى قوشۇنلار ئەرەب ئەھلىدىن ،
شامدىن ۋە ھىجازدىن ، يەمەن شەھرىدىن .
بارلىقى نەيزىدار قوشۇن سەرۋىرى ،
ئون ئىككى مىڭ ئىدى پۈتكۈل ئەسكىرى .
باراتتى قوشۇنلار گۇرۇھ ۋە گۇرۇھ ،
تاغدىنمۇ يۇقىرى ئىدى ئۇندا روھ .
نەچچىلىك مۇنەججىم ، ئالدىن بىلگۈچى ،
ئاقىلۇ جاھاننىڭ ھالىن دېگۈچى ،
بىلىملىكلەردىن ئۇ ئاتمىش كىشىنى
ئالدى ، بىلەتتى ئۇلار ئۇرۇش ئىشىنى .
قوشۇن كەلگىنىدىن ئاگاھ ئىدى فۇر ،
قارار گاھ تاللىغان مەيداندا مەغرۇر .
دەشتكە ئۇ قوشۇننى جۈملە جەم ئەتتى ،
يەر پىللار ئىزىدىن ئويۇلۇپ كەتتى .
ھىندىلار سوزۇلغان تۆت چاقىرىمغا ،
باتۇرلار ئارقىدا ، پىللار ئالدىدا .
ھىندىدا ئايغاقچى بولغان نەچچە زات ،
ئىسكەندەر ئالدىغا كەلدى شۇ سائەت .
دېيىشتى : « فۇردا كۆپ ئىكەن جەڭچى پىل ،
ئاتلارنى ئۇ خاراب قىلغۇسى سىجىل .
يېنىغا چەۋەنداز كېلەلمەس يېقىن ،
دېمىدىن پۈركۈيدۇ ئۇ ئاتەش ، چېقىن .
ئۇلارنىڭ خارتۇمى ئوينار ھاۋادا ،
تۇتاش ئاڭا زۇھەل چەرخى سامادا . »
پىلنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ بىتەپسىل ،
ئۇنىڭغا كۆرسەتتى نېمە نەرسە پىل .
رۇملۇق دانالارغا دېدى شەھرىيار :
« مومدىن پىل جەستىن قىلىڭلار تەييار !
ئويلاڭ ئەھلى دانىش ۋە ئەھلى ھېكىم ،
ئۇنىڭ چارىسىنى تاپار قېنى كىم ؟ »
دانىشمەنلەر قىلىپ مەسلىھەت بىر ـ بىر ،
شۇ خىلدا ئاز ـ تولا قىلىشتى تەدبىر .
تۆمۈرچى ئەھلىدىن بىر توپ تاللاندى ،
ئۇلار بەك ئۇستا ھۈنەرۋەن ئىدى .
رۇمدىن ، مىسىردىن ، يەنە ئىرانى ،
ئۈچ مىڭدىن كۆپ ئىدى تۆمۈرچى سانى .
بىر ئات ياساشتى تۆمۈر بەدىنى ،
ئۈستىدە چەۋەنداز ، تۆمۈردۇر تېنى .
مىخ بىلەن ، مىس بىلەن كەپشەرلەپ چاكىنى
ۋە ئوتتا تاۋلاشتى ئاتلىق ھەم ئاتنى .
بۇ ئىش ئىسكەندەرنى قىلدى كۆپ مەمنۇن ،
تەشەككۇر بىلدۈردى ئاقىللار ئۈچۈن .
تۆمۈردىن ياساشتى مىڭ ئات شۇ ئەلپاز ،
مىندۈردى تۆمۈردىن ھەم مىڭ چەۋەنداز .
تىزىلدى ئالا ، تورۇق ، جەدە ئات شۇئان ،
مۇنداق تۆمۈر قوشۇن كۆرمىگەن جاھان .

ئشلار تامام بولدى ئاينىڭ بىشىدا ،
تەدبىركار شاد ئىدى شاھنىڭ قىشىدا .
تۆمۈر قوشۇن تارتتى غەربتىن تا شەرق ،
چەۋەنداز لەشكەردىن قىلمايتتى ھېچ پەرق .

## ئىسكەندەرنىڭ ھىندىلار بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ۋە فۇرنى ئۆلتۈرگەنلىكى

فۇر تامان ئىسكەندەر يىقىن كەلگەن چاغ ،
قوشۇنلار بىر ـ بىرىنى كۆردى ئىنقراق .
پۇرقىراپ چاڭ ـ توپا ئىككى تەرەپتىن ،
باتۇرلار نەرە سىپ قوزغالدى سەپتىن .
ئات بىلەن قارامايغا ئوت ياققان ھامان ،
دەھشەتكە چۈشۈشتى ھىندىلار شۇئان .
قارا ماي ئوت ئېلىپ ياندى گۆرۈلدەپ
ۋە قوزغالدى تۆمۈر قوشۇن گۇسۇلدەپ .
ھىندىلار شاۋقۇنلار ئىچرە قېلىشتى ،
نىقتىلىپ پىللارنى جەڭگە سىلىشتى .
ئوت يەتكەن چېغىدا پىل تۇمشۇقىغا ،
جىنىمۇ تىقىلدى تۇمشۇق ئۇچىغا .
بارچە ھىندى لەشكىرى ئارقىغا قاچتى ،
پىللارمۇ ئۆزىگە تۇتۇق بەرمەيتتى .
ئۇلارنىڭ قاچقىنىن كۆرۈپ شۇ چاغدا ،
ئىسكەندەر قوشۇنى باستى ئالدىغا .
قوغلاشتى دۈشمەننى مىسالى شامال ،
بەتغەرەز قاچاتتى ، شەرمەندىدى ھال .
ھاۋا رەڭ ئالغۇچە تاكى نىلى رەڭ ،
لەشكەرگە بولمىدى بىر مەنزىلى جەڭ .
رۇملۇقلار ئالدىغا بىرىپ شاھنشاھ ،
ئىككى تاغ باغرىدا توختاشتى ناگاھ .
ئەۋەتتى ئەتراپقا ئۇ كۆپ پايلاقچى ،
دۈشمەندىن لەشكەرنى شاھ ئاسرىماقچى .
كۆكتە قۇياش تاجى كۆرۈنگەن چېغى ،
بىللۇردەك تاۋلاندى جاھان قۇچىقى .
ئالەمنى بىر ئالدى كاناي ساداسى ،
ناغرا ئاۋازى ھەم سۇناي ناۋاسى .
قوشۇن قوشۇن بىلەن باشلىدى ئۇرۇش ،
تا چەرخى پەلەككە سىلىپ كۆپ خورۇش .
ئىسكەندەر قولىدا بىر رۇمىي قىلىچ ،
سەپنى يىرىپ چىقتى ، سەپ بولسىمۇ زىچ .
بىر چاپار ئەۋەتتى فۇر يىنىغا شاھ ،
پىكرىمدىن بولسۇن دەپ ئۇ فۇرنى ئاگاھ .
چاپار ئۇدۇل چىقىپ ياۋغا ئۇقتۇردى :
سىنى چارلاپ كەلدى بىل شاھىم ، دىدى .
ئەرزىڭنى ئاڭلاپ ئۇ قىلار سىنى راز ،
ئامانلىق تىلىسەڭ ، ئەتكەي سەرەفراز .
ھىندى شاھى ئاڭلاپ چاپار سۆزىنى ،
قوشۇننىڭ ئالدىغا ئالدى ئۆزىنى .
ئىسكەندەر دىدىكى : « ئاڭلا ئەي نامدار ،
بىھۇدە بۇ جەڭدىن نە مەنپەئەت بار .
بىر تۇغۇچقا يەم بولۇپ كەتمەكتە ئىنسان ،
ئات ناھالى ئاستى بولدى ئۇستىخان .
نە ھاجەت مەنىسىز بۇ قەتلى ئەجەل ،
جەڭدىن ساق قايتماقلىق ئەمەسمۇ ئەۋزەل ؟
مەردلىكتىن جەڭ قىلدۇق ۋە بىز نەۋقىران ،
ناتىقمىز ، ئاقىلمىز يەنە قەھرىمان .
جەڭ قىلايلى مەھكەم باغلاپ بەللەرنى ،
كىم يەڭسە شۇ ئالسۇن مۈلك ـ ئەللەرنى .
كىمكى غالىب چىقسا ئۇ قۇتلۇق بولسۇن ،
ئۇ تەختلىك ، تاجلىق ، قوشۇنلۇق بولسۇن » .
رۇملۇقتىن ئاڭلىدى بۇ سۆزلەرنى فۇر ،
جەڭنى لايىق تاپتى خۇشال ھەم مەغرۇر
ۋە دىدى : « بۇ تەكلىپ ماقۇلدۇر ماڭا ،
لەشكەرسىز كۈرەشنى كۆرسىتەي ساڭا ! »
شىر كەبى ھىس قىلىپ كۈچ ـ ئىقتىدارىن ،
ئەجدىھا ھىسابلاپ مىنگەن تۇلپارىن ،
ئىسكەندەر كۆرۈندى تاغ كەبى غايەت ،
ئىپتى ۋە قورالى ئاجىز ، نىھايەت .
خەنجەرنى ئويناتتى قولدا ئىككىيلەن ،
مەيداندا دەلمۇ دەل قىلىشتى جەۋلان .
كۆردى مەست پىل مىنگەن ياۋنى ئىسكەندەر ،
گويا تاغ ئۈستىدە تۇرغاندەك ئەجدەر .
تاڭ قېلىپ ئۇ ھەيرەت ۋە ھاياجاندىن ،
كۆڭلىگە غەم تولۇپ كەچتى جىنىدىن .
ئات سۈرۈپ فۇرسىرى سۈرۈلگەندە شاھ ،
دەھشەتلىك بىر نىدا كۆتۈردى سىپاھ .

فۇر دىلىن دەرد بىلەن تولدۇردى سادا ،
بەئەينى بۇ جەڭدە بولغاندەك ئادا !
ئىسكەندەر شامالدەك ئۇچۇپ مەيداندا ،
فۇرنى چەنلەپ قىلىچ ئۇردى شۇ ئاندا ،
بېشىنى شارت كەستى بوينىغا قەدەر ،
تېنى پىل ئۇستىگە چۈشتى گويا پەر .
سالدى غەلىيانغا لەشكەرنى بۇ جەڭ ،
ئىران باتۇرلىرى ئالدى خۇشال رەڭ .
ئارسلان تېرىدىن بار ئىدى ناغرا ،
ساداسى بۇلۇتنى قىلغۇدەك پارە .
ياڭرىدى جور بولۇپ كاناي ئاۋازى ،
تىترىدى بۇ چۆلنىڭ يېرى ، هاۋاسى .
كىبىرلىك هىندىلار غۇربەت چېكىشتى ،
بۇ ئىشقا چارىسىز كۆزىنى تىكىشتى .
دەشتتىن چىقتى ندا : ئايا ئوغلانلار ،
هىندىستان مۇلكىنىڭ شانى پالۋانلار .
تۇپراققا يىقىلدى فۇر شاهنىڭ بېشى ،
بىر ياندا قالدى پىل يەڭلىغ گەۋدىسى .
نە هاجەت سىلەرگە ئۇرۇشماق ئەمدى ،
شەمشەرلەر زەخمىنى كۆرمىسۇن هىندى .
ئەمدى ئىسكەندەردۇر سىزگە رەهنامە ،
ئۇ بەخش ئېتىدۇر پاراغەت ، سافا .
هىندى قوشۇنىدىن كەتتى جاسارەت ،
ئەمدى قارار تاپتى دوستلۇق ۋە هۆرمەت .
كۆرگەندە فۇر بېشىن تۇپراق ئىچىدە ،
شەمشەردىن بەدىنى مىڭ داغ ئىچىدە ،
زارلىنىپ ندالار قىلىشتى قوشۇن ،
ئەسلىھە — قورالنى تاشلاشتى پۈتۈن .
كېلىشتى قەيسەرنىڭ ئالدىغا يۈرۈپ ،
ئاه ئۇرۇپ ، بېشىنى تۇپراققا سۈرۈپ .
باتۇرلار قورالىن قايتا بېرىپ شاه ،
ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى قىلدى ئۇ خۇشچاغ .
دېدىكى ، هىندى فۇر ئۆلدى ، بولدى بەس ،
بۇ ئىشتىن غەم چەكمەك ئەسلا كېرەكمەس .
ئەمدى باشلىقنى مەن ئۆزۈم تاللايمەن ،
ئاسراپ غەم ، تەشۋىشتىن تىنچلىق يوللايمەن .
دەشتتىن فۇر تەختىگە شاه يۈردى ئىلدام ،
ئاڭا دەردۇ ماتەم ، بۇنىڭغا بايرام .
مۇشۇنداق ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ ئىشى ،
ئۇنىدىن شاد بولسا گاه ، گاه غەمناك كىشى .
قانچە دۆلەت تاپساڭ قىلغىل ئىستېمال ،
باشقىغا قالدۇرما دۇنيا بىلەن مال .
ئىككى ئاي هۆكۈم سۈرۈپ بۇ تەختگاهقا ،
ئىسكەندەر ئۈلەشتى گەنجنى سىپاهقا .
سەۋۇرگ ناملىق ئېسىل بىر مەرد بار ئىدى ،
هىندىدا ئۇ ئوغلان زور نامدار ئىدى .
سەۋۇرگكە تاپشۇرۇپ شاهلىق ئىلە تەخت ،
دېدىكى ، دىنارنى بېكىتمە هېچ ۋاقت .
نېمە تاپساڭ تەڭ كۆر ئېلىڭ بىلەن هەم ،
ئۆتكۈنچى دۇنياغا غادايما بىردەم .
گاه مۇندا ئىسكەندەر بولغاي ، گاهى فۇر ،
گاهى دەرد تارتقىن ، گاه مۇندا بەزمە سۇر .
لەشكەرگە ئۈلەشتى دىرهەم ۋە دىنار ،
دۆلەت باتۇرلىرىن قىلدى بەختىيار .

## ئىسكەندەرنىڭ ئانىسىغا يوللىغان نامەسى ۋە ئىسكەندەرگە ئانىسىنىڭ نەسىھىتى

بىر كۈنى بابۇلدا بولدى ئۇ بىتاب ،
بىلدىكى ، ئەجەلنى بولمىغاي توسۇپ .
چاقىرتىپ يېنىغا مىرزىنى دەرهال ،
خەت پۈتتى ، ئۇنىڭدا سۆزلەندى ئەهۋال ،
ئانىسى نامىغا خەت يازدى شۇدەم ،
ئۆلۈمنىڭ سىرىنى ساقلاپ بولماس هەم :
« شۇ ئىكەن ئالەمدىن نېسىۋەم ، ئانا ،
بۇ ئىشتىن ئارتۇق ـ كەم بولماس زامانە .
غەم يېمە سەن مېنىڭ ماتىمىم ئويلاپ ،
جان ئۈزمەك ئالەمدىن ئەمەس يېڭى گەپ .
تۇغۇلغان هەر نەرسە ئۆلگۈسى بىر كۈن ،
مەيلى ئۇ شەهرىيار يا چاكار پۈتۈن .
ئىرانلىق زاتىدىن بولسا كىم ئەگەر ،
رۇملۇققا يەتكۈزەر ئىدى كۆپ زەرەر .
هەر بىر ئاق سۆڭەككە بىر مۈلۈك هەدىيە
قالدۇردۇم ، شۇ مۈلۈككە شۇ باشچى يەنە .
رۇمغا ئېهتىياجى چۈشمىسۇن تاكىم ،
بولسۇن ئۆز يۇرتىغا ئۇ ئۆزى هاكىم .

دىنارىمدىن ھەر يىل ئاجرىتىپ يۈز مىڭ ،
دېھقانلار ئەھلىگە تارتۇقلار قىلىڭ .
مىسرنىڭ خاكىغا قويۇڭ تېنىمنى ،
يەردە قالدۇرماڭ بۇ ۋەسىيىتىمنى .
ئوغۇل ھەدىيە قىلسا رەۋشەنەك ئەگەر ،
ئاتىسى نامىغا بولغاي مۇيەسسەر .
رۇم مۇلكىگە پەقەت ئۇ شاھ بولغۇسى ،
دىيار ئابادىدىن ئاگاھ بولغۇسى .
غەم چېكىپ تۇغۇلسا ياكى قىز پەرزەنت ،
فەيلەقۇس نەسلىگە ئېيلەڭلار پەيۋەند .
ئۇ ماڭا پەرزەنتتۇر ، ئىزچى ئەمەستۇر ،
ئۇ بىلەن يادلانماي نامىم قالماستۇر .
ئازار يەتكۈزمىگىن كەيدىنىڭ قىزىغا ،
خالىسا بارسۇن ئۇ ئاتا ئىزىغا .
بارچە تاجۇ گۆھەر ، ئالتۇن ۋە كۈمۈش ،
ئاتىسى ئۆيىدىن كەلتۈرگەن ئۆلۈش
ئۆزىگە بېرىلسۇن ، ئۇنى شۇ زامان
ئەۋەتىڭ ماكانى ھىندىستان تامان .
بۇ بارچە سۆزۈمگە ئەمەل قىلىڭلار ،
ھەر جۈملە سۆزۈمنى قەتئىي بىلىڭلار .
تىللادىن تاۋۇتنى قىلىڭلار ھازىر ،
كېپىنىمگە چېچىڭلار ئەنبەرۇ ئەتىر .
تېنىمگە كىيگۈزۈڭلار چىن زىرباب كىيىم ،
ھەممە خەلق قاتنىشىپ بولسۇن مۇراسىم .
موم سۈرۈڭ تاۋۇتۇم سىرتىغا قات ـ قات ،
ئىشلىتىڭ كافۇر ، مۇشك ، ئەنبەر كەڭ ـ كۈشات .
بال سېلىڭ تاۋۇتۇم ئىچىگە ئاۋۋال ،
ئاندىن يېپىپ قويۇڭ كىمخاپۇ كۆندەل .
شۇ ھالەت تاۋۇتقا قويۇڭ ئۆزۈمنى ،
غەم ناۋا باشلاڭلار يېپىپ يۈزۈمنى .
بۇ مېنىڭ پەندىمنى ، مۇشفىق ئانا جان ،
خاتىرىدىن چىقارما ، تەندە بولسا جان .
نە كەلتۈرگەن بولسام ھىندىدىن ، چىندىن ،
تۇراندىن ، ئىراندىن ، مۇشۇ زېمىندىن ،
ئىشلىتىپ ئارتۇقىن ئېيلەڭلار تارتۇق ،
گۆدەك ھېسابىدىن نە بولسا ئارتۇق .
سەندىن بىر ئىستىكىم شۇ ئىرۇر يەنە ،
زېرەك ھەم بەرداشلىق بەرگىن ، جان ئانا .
رەنج بىلەن ئازابقا كۆكسۈڭنى تۇتما ،
ئالەمدە مەڭگۈلۈك يوقتۇر ، ئۇنتۇما .
زامانىنىڭ بېشىغا چۈشكەندە مەھشەر ،
ئەمنىمەن ، جېنىمىز قايتا كۆرۈشەر .
بەرداشلىق ـــ مېھىردىن ئۇلۇغراق خىسلەت ،
كىمنىڭدۇر تاقىتى تاق ـــ زەئىپ پەقەت .
مېھرىڭ كەتمەس ئىدى تەن بىلەن جاندىن ،
ئەمدى پاك روھىمنى تىلە يەزداندىن .
دائىم ئادىل بولغىل ، ياخشىلىق قىلغىل ،
پەقەتلا ياخشىلىق ياخشىدۇر بىلگىل .
باققىن ، بۇ جاھاندا كۆرگىن سەن كىمنى ،
ھېچكىم تەرك ئېتەلمەس مۇتلەق ئۆلۈمنى . »
مۆھرىنى باستى ئۇ مۇشۇ خەۋەرگە ،
ئەمر ـ پەرمان قىلدى ئۇ چاپارمەنگە .
يەتسۇن بۇ بابۇلدىن رۇمغا بۇ دېرەك ،
سۇندۇرماقتا شاھلىق شېخىن ، دەپ پەلەك .

## ئىسكەندەرنىڭ بابۇلدا ئۆلگەنلىكى

قوشۇن شاھ ھالىدىن خەۋەر تاپقان چاغ ،
زۇلمەت ئاچقانىدى ئالەمگە قۇچاق .
ئۇلار شاھ ئالدىغا يول ئالدى ئىلدام ،
دىلدىكى دەھشەتكە تەس ئىدى چىدام .
لەشكەرلەر كەلدى دەپ ئاڭلىغان چېغى ،
ئۆچۈشكە تەمشەلگەن ئۆمۈر چىرىغى .
بۇيرۇدى تەختىنى ئېلىپ چىقىشقا ،
بارگاھنى دەشتكە قۇرۇپ تىكلەشكە .
غەمكىن بولدى قوشۇن كۆرۈپ شاھ ھالىن ،
يۈزىدىن ھېس ئەتمەس تەقدىر مالالىن .
ئاھ ئۇردى نالىگە تۇرالماي چىداپ ،
گويا ئوت ئىچىدە بولۇشتى كاۋاپ .
« ئەلەملىك كۆڭلۈ بۇ ! ـــ دەيتتى ھەر بىرى ، ـــ
قالسا شەھرىيارسىز رۇملۇقلار يېرى .
قارا تەقدىر بىزنى قىلدى ھەيرانە ،
مۈلكى رۇم مۇندىن سوڭ بولۇر ۋەيرانە .
مۇرادقا يەتكۈسى دۈشمەنلەر ئەمدى ،
كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ قەدىمى .

ئەمدى تار بولغۇسى بىزلەرگە جاھان ،
پىنغانلار چىكەرمىز ئاشكارۇ نىھان . »
شۇندا قەيسەر دېدى مەيىن ئاھاڭدا :
« يەزداندىن قورقۇڭلار ئۇشبۇ جاھاندا .
جان ۋە تەن راھىتىن ئىزدىسەڭلار گەر ،
قىلغان نەسىھەتكە ئەمەل قىلىڭلار .
مەن ئۆلسەم ، سىلەرگە كېلۇر ئۇشبۇ كۈن ،
كىمنى بۇ قىسمەتتىن ساقلاپتۇ پۈتۈن ! »
سۆزىنى تۈگەتتى ، ئۈززۈلدى جېنى ،
كۆز يۇمدى ئالەمنىڭ شاھى جاھانى .
لەشكەرلەر زارىغا تولدى يەر ـ ساما ،
قۇلاقنى پاك قىلدى پىغانلىق سادا .
چېچىپ باشلىرىغا ھەممە ئەل تۇپراق ،
دىلىنى زەرداب قان قىلغانتى بۇ چاغ .
سارايغا ئوت قويۇپ ئەلەم چوغىدىن ،
ملك ئاتىنىڭ دۈمبىنى كەستى قۇيرۇقتىن .
ئاتلارغا ئېگەرلەر تەتۈر توقۇلدى ،
زېمىن گويا قانلىق دەرياغا تولدى .
ئۇ ئالتۇن ساندۇقنى ئېپ چىقتى دەشتكە ،
نالىدىن ئاسمانمۇ چۈشتى تىترەشكە .
مۇشكى گۇلاپ بىلەن يۇدى ھەم غەسسال ،
كافىرۇ ناب سەپتى جەسەتكە دەرھال .
زەرباپتىن تىكىشتى ئۇنىڭغا كېپەن ،
شەھرىيار ماتىمى تۈزدى ئەنجۇمەن .
تېنىنى مەخمەلدە ئوراپ قويۇشتى ،
باشتىن ـ ئاياغقىچە ھەسەل قۇيۇشتى .
تاۋۇتىنىڭ ئاغزىنى يېپىشتى بىر ۋاق ،
ئۇندا قالدى ئەزىم سايىدار دەرەخ .
مەڭگۈلۈك قالماسەن پانىي سارايدا ،
تەخت ، گەنج ، شۆھرەتنى ئىزدەپ نە پايدا ؟
دەشتتىن لەھەت تامان ئېلىشقاندا يول ،
كۆتۈردى ئەل شاھنىڭ تاۋۇتىن قول ـ قول .
سۆزلىشىپ مېڭىشتى پارسچە ، رۇمچە ،
ھايات خۇسۇسىدا پىكىر قىپ شۇنچە .
پارسلار ئېيتاتتى گەر ئۆلسە شاھ مەرد ،
ئۆلگەن زېمىندا دەپنە قىلماق شەرت .
مۇندا شاھىنشاھلار خاكى پاكى بار ،
تاۋۇت بىلەن ئالەم كەزمەك نە دەركار ؟
دېدى : « رۇملاردىن رەھنەما بىر زات ،
شاھنى مۇندا قويماق بىز ئۈچۈن ئۇيات .
گەر ماقۇل كەلسەڭلار مېنىڭ گېپىمگە ،
شاھنى دەپنە قىلماق ئۆسكەن زېمىنگە . »
شۇندا پارستىن بىرى سۆز ئالدى ناگاھ ،
دېدى : « ئۆز يۇرتىدا تىرىلمىگەي شاھ .
سىلەرگە كۆرسىتەي بىر مايىسزارنى ،
ئۆتكەن شاھلاردىن قالغان يادىكارنى .
ئۇنى خۇرم دەيدۇ ، پېشقەدەملەر ،
ئىچىدە بىر كۆل بار جاڭگاللىق بىر يەر .
سوئال سورىساڭ ، تاغدىن جاۋاب قىلار روھ ،
ئاۋازىن ئاڭلايدۇ مۇندا ھەر گۇرۇھ .
ئەۋەتىڭ ئۇ يەرگە مېنى دەل شۇ چاغ ،
تاۋۇتنى تەق قىلىپ تۇرۇڭ ھەممە ۋاق .
سوراڭلار ، ئۇ تاغدىن كېلىدۇ جاۋاب ،
توغرا يول قايسى يول ، بېرىدۇ تاللاپ . »
ئالدىراپ مېڭىشتى پۈتكۈل جامائەت ،
خۇرم دەپ ئاتالغان جاڭگالغا شىددەت .
سوئال تاشلاپ ، جاۋاب ئېلىشتى شۇنداق :
« نېچۈن شاھ تاۋۇتىن ساقلايسىز ئۇزاق ؟
ئىسكەندەرنىڭ خاكى ئىسكەندىرىيىدە ،
ئۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەندۇر شۇندا . »
ئاۋازنى ئاڭلىغاچ لەشكەر يول سالدى ،
ساندۇقنى جاڭگالدىن قولمۇ قول ئالدى .

## ئىسكەندەرگە ھېكىملەرنىڭ قىلغان نالىسى

ئىسكەندىرىيىگە يەتكەچ ئىسكەندەر ،
ئالەم ئۆزگە مەزمۇندىن ئالدى خەۋەر .
دەشتكە قويۇشتى ئۇنىڭ تاۋۇتىن ،
جاھان بىر ماتەمگە تولغانتى پۈتۈن .
تاۋۇتىنىڭ يېنىدا بولدى ھەممە جەم ،
بارچە ئەل ـــ ئەر ـ ئايال ، قېرى ھەم ، ياش ھەم .
ئەگەر ئەل ھېسابىن ئالسا بىرەر زات ،
كېرەكتۇر مۇھەندىس يۈز مىڭدىن زىياد .
بارار ئارستولىس ئالدىدا غەمكىن ،
كۆزىگە قانغا غەرق كۆرۈنۈپ زېمىن .


ئۇ تاۋۇت ئالدىغا ئېگىشىپ ناگاھ،
دېدىكىم ، ئاپا ئەي تەگرى سۆيگەن شاھ.
قايان كەتتى ھوشۇڭ ، ئىدرىكىڭ ، رايىڭ ،
ئاقىۋەت ، تار تاۋۇت بولۇپتۇ جايىڭ .
ياشلىق ئەيىيامىدا ، نەۋقىران پەسىل ،
نېچۈن يەرگە كىردىڭ تۇرۇپ سەن ئېسىل ؟
جەم بولدى رۇم ھېكىملىرى دەل شۇئان ،
بىرى شۇنداق دېدى : « پىلتەن قەھرىمان ،
كىم تارتتى پايىگنى ، ئورنۇڭ ئالدى كىم ،
جېنىڭغا قەست قىلغان مەلئۇن زادى كىم ؟ »
بىرى دېدى : « پىنھان بولدۇڭ ، قىلدىڭ زار ،
بولدۇڭمۇ ۋە ياكى جىسمىڭدىن بىزار ؟ »
بىرى دېدى : « ھەممە ئىدىنغۇ قۇلۇڭ ،
نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمگە تۇتقۇزدۇڭ قولۇڭ ؟ »
بىرى دېدى : « تىنچسەن ئەمدى دەرد ــ رەنجتىن ،
شاھلىق تەشۋىشىدىن ، غوۋغىدىن ، گەنجدىن . »
بىرى دېدى : « سوئال سورىغاندا دادخاھ ،
نېمە بولساڭ ، شۇنى بىلەرسەن ، پادىشاھ ! »
بىرى دېدى : « ئۆلدۈر ئاجىز ــ ناتىۋان ،
كىمكى شاھلار قېنىن تۆكسە پاراۋان ! »
بىرى دېدى : « بىزمۇ تېزدىن ئۆلۈرمىز ،
سەن دۇر ئىدىڭ ، بىزچۇ ، تۇپراق بولۇرمىز . »
بىرى دېدى : « كۆرسە بۇ ئىشنى ئۇستات ،
بىلمىگەننى مۇندا بىلەر ئىدى يات . »
بىرى دېدى : « بىلدۇق دۇنيا ھالىدىن ،
قول ئۈزمەك خوپ ئەمدى دۇنيا مالىدىن . »
بىرى دەر : « ئەي ، ئايدىن ، قۇياشتىن ئارتۇق ،
نېچۈن بۈگۈن گۈزەل دىدارىڭ يېپىق ؟ »
بىرى دەر : « قانخور ھېسابلار مەرد ئۆزىنى ،
ئەمما زەردە ياپماق نە ھاجەت يۈزىنى .
ئاگلا ، دىۋە يۈرەك مەرد ، ياخشى ئۇيلا ،
سېنى يەرگە ئۇرغان شۇ زورلۇق يەنە . »
بىرى دەر : « يېپىنىپ ئېسىل كىمخابنى ،
يوشۇرۇپسەن ھۆسنۈڭدىكى ئاپتاپنى .
بېشىڭنى كۆتۈرگىن ، ئۇ تاج تاقىسۇن ،
زەپەردەست قەددىڭگە غەلبىلەر باقسۇن . »
بىرى دەر : « ئاي يۈزلۈك كېنىزەكلەردىن ،
چىنلىق ھەم رۇملۇق ئۇل خۇش بېزەكلەردىن ،
ئالغانسەن ئۆزۈڭگە نەچچە بىر زىبا ،
شاھانە ئادەت تۇت ، جاھان بىۋاپا ! »
بىرى دەر : « ئۇ يەردە تاشلانسا سوئال ،
ئېسىڭگە نە جاۋاب كېلۇر بەركامال ؟
نېچۈن پادىشاھتىن سەن تۆكتۈڭ قانىنى ،
ئۇرۇشلار باشلىدىڭ ئايىماي جانىنى ؟
ئۆلگەن شۇ شاھلارمۇ بىنا ئادەمدىن ،
پەقەت ياخشى نامدا كەتكەن ئالەمدىن . »
بىرى دېدى : « تۈنگە ئۆزگەردى كۈنۈڭ ،
سۆزلەيمەن دېسەڭمۇ چىقمايدۇ ئۈنۈڭ .
كىمكى كۆرگەن بولسا تاجۇ تەختىڭنى ،
ئارزۇ قىلماس ئۇ شاھلىق بەختىڭنى .
ساڭىمۇ ئۇ ۋاپا قىلمىدى دېمەك ،
سەلتەنەت دەرىخى تىكمەك نە كېرەك ؟ »
بىرى دەر : « ئۆتتۈڭ سەن شامالدەكلا پات ،
بولدى قانچە مەردلەر دەستىڭدىن ئازاد .
ئەمدى سەن كۆرەرسەن بارگاھ زورىنى ،
خۇددى ئاجراتقاندەك قويدىن بۆرىنى . »
بىرى دېدى : « پانىي بۇ دۇنيا ئۈچۈن ،
ئۆزۈڭنى كۆلپەتكە سالدىڭ نە ئۈچۈن ؟
ئالەمدە نە تاپتىڭ تارتىپ شۇنچە رەنج ،
پەقەت بىر تاۋۇتقۇ ساڭا بولغان گەنج .
تەمكىن بولدۇڭ كاناي سالسىمۇ چۇقان ،
چۈنكى تار بۇ ساندۇق بولغاچقا ماكان . »
بىرى دەر : « قوشۇنۇڭ كېتىندۇ تاشلاپ ،
بۇ تاقىر سەھرادا قالۇرسەن شۇ تاپ .
ئۇلارنىڭ كەينىدىن باقارسەن مەيۇس ،
ئۆتكەن ئۆمۈرلەرگە قىلارسەن ئەپسۇس . »

## ئىسكەندەرگە ئانىسى بىلەن خوتۇنىنىڭ قىلغان نالىسى

شۇندىن كېيىن ئانا كېلىپ قېشىغا ،
بېشىن سۇردى يىغلاپ ئوغۇل بېشىغا .
تەكرارلاپ دېدى ئۇ : « ئەي ، شاھى نامدار ،
تەلپىي ئوك كەلگەن ئۇلۇغ جاھاندار .
نېچۈندۇر ئاجرالدىڭ بۈگۈن مەندىن سەن ،
مەملىكەت ، لەشكەر ۋە جامائەتتىن سەن ؟

جېنىم بولسۇن سېنىڭ جېنىڭغا قۇربان ،
بولمىسۇن دۈشمەنىڭ بىر ئۆمۈر شادىمان ! »
رەۋشەنەك ئوت كەبى كۆيۈپ كەلدى ، ئاھ ،
ئۇ دېدى : « ئەي مەردان ، ئەي دىل سۆيەر شاھ .
قايدا ئۇ مىسلىسىز دارايۇ دارا ،
ئالەمنىڭ ئۈستۈنى ئول جاھان ئارا ؟
قېنى ئۇ خۇسرەۋۇ ئەشك ، فەريانۇ فۇر ،
سىندىنىڭ مۈلۈكدار ھۆكۈمرانى زور ؟
جەڭ چېغى يەنە كۆپ باتۇر شەھرىيار ،
زەربەڭدىن قۇيۇندەك بولغانتى تار مار .
بۇلۇتتەك گەر نەرە قىلساڭ گۈلدۈرلەپ ،
يۈرۈپتۇق ئۆلۈممۇ ساڭا كارسىز دەپ .
گاھ تەنها ، گاھىدا لەشكىرىڭ بىلەن ،
جەڭگاھتا قانلارنى تۆكەر ئىدىڭ سەن .
شۇ چاغدا مەن دەيتتىم سەن تەرەپ زامان ،
بۇ سىرنى تۇتقىن دەپ ئەلدىن سەن پىنھان .
قىرقىپ قانچە شاھنىڭ سەۋلەت ، راۋاجىن ،
بۈگۈن يەرگە ئاتتىڭ نېچۈن شاھ تاجىن ؟
غەلىبىلەر دەرىخىنىڭ مېۋە بەرگەن چاغ ،
سەن مەھرۇم ياتامسەن تۇپراقتا مۇنداق ! »
تاجىن يىغىپ ئالغاچ قۇياش شولىسى ،
تىنجىدى سەردارلار يىغا ـ نالىسى .
تۇپراققا كۆمۈلدى ئۇنىڭ تاۋۇتى ،
پەلەك بۇ تەشۋىشتىن پەرۋاسىز ئىدى .

شامالدىن تۇغۇلۇپ ئاڭا قارامدۇ ،
بۇ نە زالىملىق ، بۇ نە كەرەمدۇ ؟ !
سەۋەبىن ئاختۇرۇپ كىم تۈزەر تەدبىر ،
بۇ يولدا تەڭ تۇرار شاھ بىلەن پېقىر .
كېرەكتۇر ياخشىلىق ، ئادەم ئابادلىق ،
جەڭگىۋار مەردانىلىك ھەم ھۇزۇر ـ شادلىق .
گاھ پېقىر بولغىن سەن ، گاھى شەھرىيار ،
مۇندىن ئارتۇق بەخت ساڭا بولماس يار .
ئەگەر مۇندا قالسا سەندىن يامان نام ،
ھەتتاكى جەننەتمۇ سەن ئۈچۈن ھارام .
بۇ كونا دۇنيادا رەسىم شۇ ئۆزى ،
ئىسكەندەر كېتىدۇ ، قالىدۇ سۆزى .
قولىدا جان ئۈزدى ئوتتۇز ئالتە شاھ ،
ئۆزى بۇ ئالەمدىن نى ئالدى ، ئاھ ـ ئاھ !
ھەممە باي شەھەرنى ئەيلىدى بۇنياد ،
ھەمدە شۇ شەھەرلەر بولغۇسى بەربات .
جاھاندىن ئىزدىدى تەڭسىز بىر ئىخلاس ،
ئۇ ھەقتە ئالەمدە سۆز قالدى ، خالاس .
سۆز ياخشىدۇر ، چۈنكى مەيلى يامغۇر ، قار ،
ھايات بىناسىغا قىلالايدۇ كار .
ئىسكەندەر سەددىدىن بىز ئەمدى ئۆتتۇق ،
ياخشىلىق ، خۇش بەخت يولىنى تۇتتۇق .
جاھان شەھرىيارى دىلى شاد بولسۇن ،
ھەم روھى ناپاكتىن پاك ، ئازاد بولسۇن .



# ئەشكانىيلار پادىشاھلىقى

## ( ئىككى يۈز يىل داۋام قىلغان )

### داستان مۇقەددىمىسى

ئەمدى ئەي شېرىن سۆز دانا، يەتتى پەيت،
سۆزلە ئەشكانىي دەۋرىدىن ھېكايەت.
شاھلار تەسۋىرلەنسۇن شۇ ئۆتمۈش زامان،
ئۇلارنى يەتكۈزگەي ئەلگە بۇ داستان.
ئىسكەندەردىن كېيىن ئۆتۈپ نەچچە پەيت،
كىمگە بۇ جاھاندا ۋاپا قىلدى تەخت ؟
شۇنداق دەپتۇ خەۋەردار چاچنىڭ دېھقىنى :
« ھېچكىم قولغا ئالالمىدى تەختى ـ تاجىنى.
ئارەش ئەۋلادىدىن بولغان كۆپ ئۇلۇغ،
ئۆز بېشىمچىلىققا پېتىشىپ تولۇق.
ھەر بىرى بىر بۆلۈك دۇنيانى تۇتۇپ،
مال ـ مۈلۈك ئىشقىغا شۇنچىلىك چۆكۈپ،
شۇ خىلدا ئولتۇرۇپ تەختىدە خۇشال،
ئۆز نەپسىدىن باشقا قىلمىدى خىيال.
ئۆتتى ئىككى يۈز يىل شۇ خىلدا كۈن، ماھ،
گويا بۇ جاھاندا يوق كەبى بىر شاھ !
ھەممە ئويلار ئىدى ئۆزىنىڭ غېمىن،
بىر زامان تىپتىنچ قالدى بۇ زېمىن.
ئىسكەندەر تەدبىرلەر قىلدى بىر زامان،
رۇم مۈلكى بولسۇن دەپ ئاۋات ۋە ئامان.
قۇبادنىڭ نەسلىدىن ئەشك ئۆتتى يەنە،
شاپۇرمۇ جاھاندا قىلدى تەنتەنە.
يەنە مەرد گۇدەرز ئۇ ئەشكانىي ئىدى،
يەنە بىجەنمۇ ئۇ كەيانىي ئىدى.
نەرسىيۇ ھۇرمۇزلار سۈرۈۋشتى دەۋران،
ئارەشىي نەسلىدىن نامدار پەھلىۋان.
كەلدى ئۇندىن كېيىن ئەردەۋان باتۇر،
ئەقىلدان، تەدبىرلىك، قەلبى پاك غۇرۇر.
ساخاۋەت يولىدا مال قىلىپ ئىنئام،
ئەشكانىي نەسلىدىن ھەم ئۆتتى بەھرام.
ئۇنى ئەل ئاتايتتى ئەردەۋانى شىر،
بۆرە چاڭگىلىدىن قوينى ئالۇر ئەر.
شىراز، پارس، ئىسفەھان ئاڭار يەر ئىدى،
بىلگەنلەر باتۇرلار مۈلكى دەر ئىدى.
بابەك ئىستەھرگە قاچتى زەھرىدىن،
تېنىنى قوغدايتتى ئۇنىڭ قەھرىدىن.
ئۇلاردىن قالمىدى نە يىلتىز نە شاخ،
بۇ ئىشتىن پەقەت بىر چال ئىدى ئاگاھ.
ئاڭلىغانىدۇق بىز ئۇلار تەرىپىن،
ئەمما ئوقۇمىدۇق شاھلىق تارىخىن. »

### بابەكنىڭ ساساننى چۈشىدە كۆرگەنلىكى

دارا جەڭدە جۇدا بولغاچ جېنىدىن،
ئامەت كەتتى پۈتكۈل خانىدانىدىن.
ئۇندىن قالغانىدى پەقەت بىر ئوغۇل،
پەھلىۋان، ئەقىلدان ساسان ئىدى ئۇل.
ئاتىنىڭ ئاشۇنداق ئۆلگىنىنى كۆرگەن،
ئىرانلىق بەختىنىڭ سولغىنىنى كۆرگەن.
رۇملۇقلار تىغىدىن قاچقان يىراققا،
ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ، چۆككەن يىراققا.
ھىندىستانغا بېرىپ بولغان خارۇ زار،
قالغان ئۇندىن يالغۇز گۆدەك يادىكار.
ئاتا نامىن ئالدى تۆتىنچى ئوغۇل،
يەنى ساسان نامىدا ئاتالدى ئۇل.
يولغا چىقتى پەرزەنت تارتماق ئۇچۈن رەنج،
رەنج ـ مۇشكۇلدە تاپماق بولۇپ شاھلىق گەنج.

يول يۈرۈپ دەشت ئارا يىراقلاپ كەتتى ،
بابەك چوپانلىرى ئالدىغا يەتتى .
چوپان باشلىقىغا ئېيتتى ئەرزۇ هال :
« بىچارىمەن ، مېنى چاكار قىلىپ ئال . »
باش چوپان قاندۇرۇپ بەتبەخت خاھىشنى ،
ئاڭا تاپشۇردىكى ئەڭ مۇشكۇل ئىشنى .
ئۆتۈپ شۇ هالەتتە چوڭايدى يېشى ،
بولدى هۆرمەت تېپىپ ، ئۇ چوپان بېشى .
بابەك ئۇخلار ئىدى تۈن قۇچىقىدا ،
شۇنداق هال كۆرۈندى ئۇنىڭ چۈشىدە :
جەڭۋاز پىل ئۈستىگە مىنىپتۇ ساسان ،
قولىدا هىندى شەمشەر ، ئۆزىمۇ چاققان .
ئاڭا ئىزهار قىلىپ هۆرمىتى ئەزىم ،
هەممە ئەل قىلارمىش ئۆزىگە تەزىم .
نەپىسىدىن چىراي ئاچارمىش زېمىن ،
يۈرەكلەر تەرك ئېتەر ئىمىش دەرد ـ غېمىن .
ئەتىسى چۈش كۆردى بابەك يەنە هەم ،
ساسان بىلەن خۇشال ئىدى دەر قەدەم .
چۈشىدە كۆردىكى بىر ئاتەشپەرەس ،
ئۇ يالقۇن ـــ ئاتەشنى كۆتۈرگەنتى دەس .
بۇ ئوت ـ ئازەرگۇشەسپ ، خەرراد بىلەن مېهر ،
بېشىدا پەرۋانە چەرخى سىپېهر ،
ساساننىڭ يېنىدا ياناتتى ئىسسىز ،
هەر مەشئەل خۇش پۇراق تارىتار سۆزسىز .
بابەكنىڭ كۆزىدىن ئۇچقاندا ئۇيقۇ ،
كىردى جان ـ دىلىغا ئارامسىز تۇيغۇ .
كىمكى ئۇستا ئىكەن چۈش تەبىرىگە
ۋە هەر بىر ئىلىمگە باها بېرىشتە ،
بابەك ئايۋىنىغا ئۇلار بولدى جەم ،
ئاجايىپ تەدبىرلىك كۆپ ئۇلۇغلار هەم .
بابەك بايان قىلدى قالدۇرماستىن سىر ،
چۈشتە كۆرگىنىنى سۆزلىدى بىر ـ بىر .
تەبىرچى ئاڭلىدى ئۇنىڭ سۆزىنى ،
بىر نۇقتىغا تىكىپ خىيال كۆزىنى .
ئاندىن شۇنداق دېدى : « ئەي ئامەتلىك شاه ،
بۇ چۈش مەزمۇنىدىن مەن قىلاي ئاگاه .
چۈشۈڭدە كۆرگىنىڭ زاتى كىبرەمدۇر ،
شاهلىقتا قۇياشتەك ئېگىز مەقامدۇر .
مۇنداق چۈش كۆرگەنگە بەخت بولغاي يار ،
ئوغۇل كۆرۈپ تاپقاي ئۇلۇغ مۇلكدار . »
بۇ سۆزنى ئاڭلىغاچ بابەك بولدى شاد ،
مۇناسىپ سوۋغاتلار ئۈلەشتۈردى زات .
بۇيرۇدى ، قىش پەسلى ئىدى كۆپ بوران ،
بابەكنىڭ ئالدىغا كەلدى باش چوپان .
ئۈستىدە بىر چەكمەن بار ئىدى پەقەت ،
ئۈستى غىچ قار ئىدى ، كۆڭلىدە دەهشەت .
بابەك كۈتتى ئۇنى يالغۇز ـ يېگانە ،
كەتتى خىزمەتكارۇ كاتتىلار ، هەممە .
يېقىنراق ئولتۇرۇپ ساسان يېنىغا ،
مەرهەمەت كۆرسەتتى شۇدەم ئۇنىڭغا .
ئاندىن سورىدى ئەسلى نەسەبىن شۇ تاپ ،
چوپان قورققاچ ، باشتا بەرمىدى جاۋاب .
ئاندىن ئويلاپ دېدى : « ئايا شەهرىيار ،
ماڭا شەپقەت قىلساڭ ، بەرمىسەڭ ئازار ،
ئېيتقايمەن نەسەبىم ، گەر قولاق سالساڭ ،
يەنە ۋەدە قىلىپ ، كۆڭلۈمنى ئالساڭ .
يەنى يامانلىقنى كۆرمىسەڭ راۋا ،
ئاشكارا قىلۇرمەن سىرلىرىم ساڭا . »
ئۇنىڭ سۆزىن ئاڭلاپ بابەك ئاچتى لەۋ ،
خۇدايى كەرەمنىڭ نامىنى يادلاپ .
دېدى : يەتكۈزمەسمەن ساڭا هېچ زەرەر ،
ۋە بەلكى تۇتقايمەن ئەزىز ، مۆتىۋەر .
شۇندا كۆڭلىن ئاچتى بابەككە چوپان :
« مەن ساسان ئوغلىمەن ، ئايا پەهلىۋان .
مېنىڭ بوۋام ئىرۇر شاهى ئەردەشىر ،
ئۇنى بىلگەنلەر هەم ئۇنى بەهمەن دەر .
ئۇل مەرد ئىسفەندىيار پەرزەنتى ئىرۇر ،
گۇشتەسپ باتۇرنىڭ پەيۋەندى ئىرۇر .
بۇ سۆزنى ئاڭلىغاچ بابەك تۆكتى ياش ،
چۈشىدە كۆرگەننى بىر ـ بىر قىلدى پاش .
بابەك بۇيرۇدى : تېز هاممامغا بارغاي ،
شاهانە لىباسلار هەم ئىنئام بولغاي .
كىيىندۈرۈلدى ئۇ شاهانە سىياق ،
بېرىلدى پەهلىۋانغا خاس ئات شۇ چاغ .

بىر قەسر كۆرۈندى شۇئان ساسانغا،
چوپاننىڭ بېشىمۇ يەتتى ئاسمانغا.
جاي بەردى ساسانغا مۇشۇ قەسىردىن،
غۇلاملار ئايرىلماس بۇ ئاستانىدىن.

ھەر جەھەتتىن ئۇنى ئاسمانچە بىلدى،
مال ـ دۇنيالار بېرىپ شۇنچە شاد قىلدى.
بەردى ئاڭا قىزى ــ يۈرەك پارىسىن،
يالغۇزىن، كۆزىنىڭ گۆھەر قارىسىن.

## ئەردەشىر بابەكنىڭ تۇغۇلغانلىقى

توققۇز ئاي ئۆتكەندە ئاشۇ ئاي جامال،
ئوغۇل تۇغدى يۈزى بىر ئاپتاپ مىسال.
ھۆسنۇ سىيماسىدا ئەردەشىر روھى،
ئايان چېھرىسىدە شاھلىقنىڭ زەۋقى.
پەرزەنت دىدارىدىن ئاپقاچقا ئىلھام،
ئاتا ئەردەشىر دەپ ئاڭا قويدى نام.
باغرىدا چوڭ بولدى غەمخورلۇق پۈتۈن،
ئاڭا دەيتتى ئۆمرۈڭ بولسۇندۇر ئۇزۇن.
زېرەك ۋە شوخ بولغاچ ئەل ئۇنى ماختاپ،
بابەكان ئەردەشىر دەپ قويدى لەقەب.
ئۇنىڭغا ئۆگەتتى ئالەم ھۈنىرىن،
ئۇ تاقىدى بىر ـ بىرلەپ ھۈنەر گۆھىرىن.
ئىلمىنى، رەڭگىنى كۆرگەن ھەر ئادەم،
دېيىشەر، يورۇتقاي ئاسماننىمۇ ھەم.
كامالەت تەرىپى ھەر يانغا كەتتى،
بۇ خەۋەر ئەردەۋان قەسرىگە يەتتى:
يەنى، جەڭ ۋاقتىدا ئۇ بىر شىر سىياق،
بەزمىدە بەئەينى چولپاندەك چىراغ.
ئەردەۋان ئاڭلىغاچ شۇ خىلدا كالام،
بابەككە خەت يازدى: «ئەي، ساڭا سالام،
دانىشمەن، پەھلىۋان، پاك دىل ئېرۈرسەن،
ھەقىقەت ئىشىدا ئادىل ئېرۈرسەن.
سەن مۇشۇ نامىنى ئوقۇغان زامان،
ئەۋەتكىن ئوغلۇڭنى تېزدىن بىز تامان.
ئوغلۇڭ ئەردەشىرنىڭ تەرىپىن بىلدىم،
ئۇنى بىر كۆرمەكنى ئىختىيار قىلدىم.
ئاڭا مال ۋە دۇنيا قىلاي ھەدىيە،
باھادىرلارغا باش بەلگىلەي يەنە.
پەرزەنتىم يېنىدا بولسۇن پەرزەنتىم،
شۇندا ئۇ مېنىڭمۇ بولۇر پەيۋەندىم.»
نامەدىن كۆرگەندە شاھنىڭ سۆزىنى،
قانلىق ياش قاپلىدى ئۇنىڭ كۆزىنى.
بۇيرۇدى يېنىغا كەلدى ئۇل ۋەزىر،
ئۇ بىر نەۋقىراندۇر، نامى ئەردەشىر.
دېدى ئاڭا: «بۇ خەت شاھ ئەردەۋاندىن،
ئوقۇپ باق تازا رۇھ، پاكىزە جاندىن.
مەن ئەمدى پادىشاھقا نامە يازاي،
ئەلچى بىلەن خەتنى ئاڭا يەتكۈزەي.
ئۇنىڭغا ئېيتايكى دىلدا بارىنى،
چېكەيمەن يۈرەكنىڭ نازۇك تارىنى.
ئەۋەتتىم ۋە ئېيتتىم ئاڭا نەچچە رەت،
مۇقەددەس دەرگاھقا بارغاندا پەرزەنت.
شاھلارغا مۇناسىپ بەخت قۇتلىسۇن،
كۆڭۈلسىز شامالدىن تەڭرى ساقلىسۇن.»
بابەك خەزىنىنى ئاچقۇزدى دەرھال،
يىگىتكە بەردى ئۇ شۇنچە كۆپلەپ مال.
ئۇندىن ئايانمىدى قىلچە نەرسە ھېچ،
زەر لىباس ھەم گۈرزە، شەمشەرۇ قىلىچ.
دىنار ھەم بەردى ئۇ، بەردى چاكار، ئات،
چىنچە زەر بېزەكلەر، ھەم ئېسىل بىسات.
ھەممىنى يىگىتكە قىلدى ئەرمۇغان،
يىگىتنىڭ خوجىسى ئەمدى ئەردەۋان.
كۆپتىن ـ كۆپ ھەدىيىلەر ئالدى ئەردەشىر،
كىمخابلار، دىرھەملەر ۋە مۇشكى ئەنبەر.
ئاندىن قايتتى ئاتا ئالدىغا ئوغلان،
ئەردەۋان دەرگاھى ــ شەھرى رەي تامان.

## ئەردەشىر بابەكنىڭ ئەردەۋان دەرگاھىغا كەلگەنلىكى

يىگىت يەتكەن چېغى ئالىي بارگاھقا،
بۇ خەۋەر يەتتىكى شۇ ھالدا شاھقا.

مېھماننى يېنىغا ئېلىپ ئەردەۋان ،
سۆزلەشتى بابەكتىن بولۇپ شاد شۇئان .
ئاگاجاي تەيىنلەپ تەختى يېنىدىن ،
خاس ئورۇن ئاجراتتى ئۆز ئايۋانىدىن .
ئۇ تەييار قىلدۇردى خىلمۇ خىل تائام ،
رەڭمۇ رەڭ كىيىملەر ، پالاسۇ ئەنجام .
نامدار چوڭلار بىلەن ئەردەشىر كىردى ،
شاھ كۆرسەتكەن جايدا مەمنۇن ئولتۇردى .
تەختىگە چىققاندا كۆكتە قۇياش ھەم ،
رۇم قىزى چېھرىدەك نۇرلاندى ئالەم .
چاقىرتىپ ئەردەشىر مەخسۇس غۇلامنى ،
ئاگا سۇندى بېرىپ بارچە ئىنئامنى .
يوللىدى پادىشاھقا ئۇ ئەرمۇغاننى ،
يېنىغا قوشۇپ ئۇ بىر پەھلىۋاننى .
سوۋغىدىن كۆپ خۇرسەن بولدى شەھرىيار ،
يىگىتكە ھۆرمەتلەر كۆرسەتتى بىسيار .
ئوغلىدەك ئەزىزلەپ ئۇنى ئەردەۋان ،
يولاتمىدى قىلچە غەم ئوغۇل تامان .
مەيخورلۇق ، زىياپەت ياكى شىكارغا ،
ئەردەشىرسىز بارماس ئىدى شاھ بۇندا .
ئۇنى ئەزىز بىلدى جىگەر بەندىدەك ،
ھەتتاكى ئەزىزلەر ئۆز پەرزەنتىدەك .
لەشكەر ۋە ئوغۇللارنى قىلىپ ھەمراھ ،
قۇلان دەشتىبىرى چىقتى بىر كۈن شاھ .
ئەردەۋاننىڭ تۆت ئوغلى ھەم بار ئىدى ،
ھەر بىرى ئۆزىچە شەھرىيار ئىدى .
ئەردەشىر ماڭاتتى شاھقا يانمۇ يان ،
ئۇنى ئۆز يېنىسىز قويماس ئەردەۋان .
يىراقتىن كۆرۈندى بىر ئاھۇ دەشتتە ،
لەشكەرلەر ۋارقىراپ ماڭدى بەس ـ بەستە .
قامچا ئۇردى بىرى تۇلپارغا شۇئان ،
تەر بىلەن چاڭ ـ توزان قوشۇلدى ھامان .
ئەردەشىر تىگىدە ئات ئۇچار شۇندا ،
قۇلانغا يېقىنلاپ ئۇ تارتتى ئوقيا .
نار قۇلان سىنىغا يېرىپ تەگدى ئوق ،
نەق ئىنىق جايىغا بېرىپ تەگدى ئوق .
پادىشاھ تېز يېتىپ كەلدى بۇيانغا ،
نەزەر سالدى ھەيران بولۇپ قۇلانغا .
دېدى ، بىر ئوق بىلەن قۇلان ئالغان مەرد ،
كىم بولسا كۆرمىسۇن قولى ئەسلا دەرد !
ئەردەشىر دېدىكىم دىلى چوغ بىلەن ،
قۇلاننى مەن ئاتتىم بىر تال ئوق بىلەن .
شاھ ئوغلى دېدىكىم ، مېنىڭ ئوقۇم بۇ ،
مەندىن قۇتۇلمىغاي قۇلان ھەم ئاھۇ .
ئەردەشىر دېدىكىم ، كەڭدۇر باياۋان ،
مۇندا ھېسابسىزدۇر ھايۋانۇ قۇلان .
مەيلى بىرەرسىنى ئېتىپ كۆرۈپ باق ،
مەردلىككە يالغان سۆز بولسۇن كۆپ يىراق .
بۇ سۆزدىن ئەردەۋان بولدى دەر غەزەپ ،
ئەردەشىرگە دېدى نەپرەتلىك قاراپ :
« ئەسلى مەن بۇ ئىشتا ئەيىبلىك ئۆزۈم ،
سېنى قۇتراتقۇزغان شۇ يۇمشاق سۆزۈم .
بەزم ۋە شىكارغا سېنى كۈن ۋە تۈن
ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ يۈرمىكىم نېچۈن ؟
نېچۈن بىھۇدىلار قەيسەرلىك قىلماق ،
ئۆزۈڭنى ئوغلۇمدىن ئارتۇقراق بىلمەك ؟
پەسرەك بول ، ئاتخانام ئىچرە تاپقىن جاي ،
ئاشۇ جاي سەن ئۈچۈن مۇناسىپ ساراي .
ئاتلار ئەھۋالىدىن دائىم ئاگاھ بول ،
بېرىپ چاكارلارغا ئەمدى ھەمراھ بول . »
ئەردەشىر يول ئالدى كۆزىدە لىق ياش ،
ئاتلار ئوقۇرىغا ئەمدى بولغان باش .
ئۇ دەيتتى : « ئەردەۋاندىن كۆردۈم بۇ غەم ،
دەرتتىن قۇتۇلمىغاي ئۇنىڭ جانى ھەم . »
ئۆزى غەمناك بولغاچ بۇ ھاقارەتكە ،
ئاتىغا خەت يېزىپ ، پۈتتى بۇ خەتكە .
بىر ـ بىرلەپ يازدى ئۇ نەگە كەلگىنىن ،
ئەردەۋان نېمىشقا غەزەپ قىلغىنىن .
بۇ خەت يېتىپ باردى بابەك قولىغا ،
بۇ خەتنى سىر قىلىپ ئالدى كۆڭلىگە .
بابەك دىلى تاپتى بۇ گەپتىن ئازار ،
چىقاردى خەزىنىدىن نەق ئون مىڭ دىنار .
تەييار قىلىپ ئەلچى بىلەن ئۈچقۇر ئات ،
قېشىغا خەتچىنى چاقىردى ئۇ زات .
بىرنامە يازدىكى ئوغلىغا دەرھال ،
ئاچچىق نەسىھەت يازدى ھەم تاشلاپ سوئال :
« نېچۈن ئازاب قىلدىڭ ، ئەي نادان ، جانىغا ،
شىكاردا نە دېدىڭ سەن ئەردەۋانغا .

نېمشقا ئوغلىدىن ئۈزۈك چوك تۇتتۇك ،
سەن ئوغۇل ئەمەستىك ، بۇنى ئۇنۇتتۇك !
بارچە گۇناھ سەندىن ئۆتكەنلىكى راست ،
ئەقىلسىزلىق ساڭا كىملەردىن مىراس ؟
ئەمدى كۆڭلۈم ئاياپ ، ئۇنى شاد قىلغىل ،
پەرمانىدا بولۇپ ، ئېتىقاد قىلغىل .
دىنارلار ئەۋەتتىم كۆڭلۈمدىن پەقەت ،
بۇ خەتنى يوللىدىم قىلىپ نەسىھەت .
بۇنى كۈنلەر ئۆچۈن خىراج پۇلى بىل ،
يەنە كېرەك بولسا مەيلى تەلەپ قىل . »

ئۇچقۇر ئات چاپتۇرۇپ جاھانكەشتە پىر ،
ئەردەشىر يېنىغا يېتىشتى ئاخىر .
بۇ خەتتىن يىگىتنىڭ كۆڭلى بولدى غەش ،
ھىلىيۇ نەيرەڭگە غەرق بولدى تۇتاش .
ئاتخانا يېنىدىن تاللىدى ساراي ،
بۇ يەرنى ئۆزىگە قىلىپ ئالدى جاي .
سەھنىگە يايدۇردى بىر نەچچە پالاس ،
كەلتۈردى نېمەتلەر ۋە ھەر خىل لىباس .
كۈن ۋە تۈن يەپ ــ ئىچمەك شۇ ئىشى بولدى ،
مەي ۋە رۇد ، سازەندە يولدىشى بولدى .

## گۈلنارنىڭ ئەردەشىرنى كۆرگەنلىكى ۋە بابەكنىڭ ۋاپات بولغانلىقى

ئەردەۋان ياساتقان بىر قەسىر ئېگىز ،
ئۇنىڭدا ياشايتتى يېگانە شاھ قىز .
بۇ ئاي يۈز نامى ئاتالغان گۈلنار ،
ئۇنىڭدا بار ئىدى مىسلىسىز رۇخسار .
ئەردەۋان يېنىدا نەق ۋەزىر ئىدى ،
خەزىنچى دېسمۇ ھەم ئەرزىر ئىدى .
شاھ ئۇنى جېنىدىن كۆرەتتى ئەزىز ،
شاد ئىدى دىدارى گۈزەل بولغاچ قىز .
تامدىن كۆردى بىر كۈن قىز ئەردەشىرنى ،
دىلىغا جەم قىلدى ئاتەشلىك سىرنى .
كۆلۈپ نەزەر سالدى ئەردەشىر ئاڭا ،
ئۇ گۈزەل يۈرىكى تولدى تۇيغۇغا .
شۇ ئەلپاز ئالەمگە قاراڭغۇ يەتتى ،
تۈنگە ئورۇن بېرىپ كۈن قايتىپ كەتتى .
قىز تامغا تاشلىدى شۇ چاغدا ئارقان ،
ئۇنىڭ چىگىملىرىن چىڭ باغلاپ شۇئان .
تەسەننالار ئوقۇپ ئۇلۇغ يەزدانغا ،
قەسىرنىڭ ئۈستىدىن قىز چۈشتى يەرگە .
ئاجايىپ خۇش پۇراق تارقىتىپ ھەريان ،
ئەردەشىر قېشىغا قىز كەلدى شۇئان .
بىردىنلا ئويغىنىپ كەتكەن يىگىت ھەم ،
گۈزەلنى باغرىغا باستى چىڭ ــ مەھكەم .
يىگىت شەيدا نەزەر سالاتتى بىسۆز ،
چېچى ، چىرايىدىن ئۈزەلمەستىن كۆز .
ئۇ دېدى : « ئاي جامال نەدىن كەلدىڭ سەن ،
غەم تولغان دىلىمنى روشەن قىلدىڭ سەن . »

قىز دېدى : « مەن مۇندا ئاددىي كەنىز مەن ،
سەن ئۈچۈن جان پىدا قىلغۇچى قىز مەن .
خالىساڭ يېنىڭدا بولاي ھەر زامان ،
قاراڭغۇ تۈنۈگنى يورۇتاي ھامان . »
ئۆتكەنىدە ئالەمدىن بىر قانچە پۇرسەت ،
يىگىتنىڭ بېشىغا يەتتى بىر كۈلپەت .
جاھانكەش ئۇ بابەك بولدى ۋاپات ،
بۇ كونا سارايدىن كەتتى ئۇ ئازاد .
يەتكەچ ئەردەۋانغا بۇ ناخۇش خەۋەر ،
ۋۇجۇدى غەم بىلەن ياندى تۈن ــ سەھەر .
پارسنىڭ تەلەپكارى ھەم كۆپ ئىدى ،
لېكىن شاھ ، ئوغۇلغا پارس خاس ، دېدى .
بۇيرۇدى لەشكەرنى دەرھال توپلاشقا ،
ئاسماننى لەرزىگە سالسۇن دەپ ناغرا .
ۋە لېكىن ، ئەردەشىر ئىدى كۆپ غەمناك ،
ئۆلگەچكە مەدەتكار بابەك ــــ دىلى پاك .
ئەردەۋان قەسرىدىن كۆڭلىنى ئۈزۈپ ،
ئويلايتتى باشقا بىر تەرتىپلەر تۈزۈپ .
ئۇ ئىدى غەزەپلىك شاھ قىلمىشىدىن ،
قۇتۇلماق ئىستەيتتى قېچىپ ئىشىدىن .
بۇ گەپلەرنى كېيىن بىر كۈن ئەردەۋان ،
دەرگاھىغا يىغىپ دانا ــ بىلىمدان
نەچچە يۇلتۇزشۇناس مەشھۇر ئالىمنى ،
دېدى سۆزلەپ ، بېرىڭ ئۆز تەلىيىمنى .
يەنى ئايلانغاندا بۇ چەرخى ساما ،
مەندىن كېيىن كىمنى قىلغاي رەھنەما ؟

بۇيرۇدى ئۇلارنى گۈلنار تامان شاھ ،
يۇلتۇزغا قاراپ قىز ئاچسۇن دەپ نىگاھ .
شۇ خىلدا كۆرسەتتى ئۈچ كىچە يۈزىن ،
ئىنقلاپ بىقىشتى شاھنىڭ يۇلتۇزىن .
گۈلنار ئاڭلار ئىدى ئۇلار ئاۋازىن ،
ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ـــ يۇلتۇزلار رازىن .
ئۈچ كىچە ئۇيقۇنى تەرك ئىتىپ گۈلنار ،
مۇنەججىم سىرىدىن بولدى خەۋەردار .
دىلىدا ئارزۇيۇ تىنىغىدا ئاھ ،
مۇنەججىم سۆزلىرىن ئاڭلايتتى ئۇل ماھ .
تۆتىنچى كۈنلۈكى مۇنەججىم ئۇستاز ،
شاھقا يەتكۈزمەك بولدى يۇلتۇزدىن راز .

بارچە ھىساباتنى قىلىشتى ئايان ،
كىنىزەك قەسرىدىن يۈردى شاھ تامان .
ئەردەۋان قىشىغا بىرىپ شۇ سائەت ،
شاھنىڭ ئىقبالىدىن قىلدى بىشارەت .
يەنى ، بىر ئاز پۇرسەت ئارىدىن ئۆتەر ،
شاھ دىلىن ئىغىر بىر مۇسىبەت ئۆرتەر .
كەچۈر ئۆز شاھىدىن بىر خىزمەتكارى ،
ئۆزى شاھ نەسەبلىك ئىسىل شۇڭقارى .
شۇندىن باشلاپ ئۇلۇغ بىر شاھ داغىق سۇرەر ،
ئۇ يورۇق دۇنيانى قولىغا ئالۇر .
بۇ ناخۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ نامدار شاھ ،
قاتتىق غەم ئىچىدە چەكتى ئاچچىق ئاھ .

## ئەردەشىرنىڭ گۈلنار بىلەن قاچقانلىقى

تۈن قارا نىقابىن تاققان چىغىدا ،
گۈلنار كەلدى ئەردەشىرنىڭ قىشىغا .
دەريادەك دەر غەزەپ يىگىت ئاچتى دىل :
« بۇ يەردە بىر كۈنمۇ تۇرالماسمەن بىل ! »
ئەردەشىر ھەققىدە بولسا نە پىكىر
مۇنەججىم ئىيتقاننى قىز قىلدى زىكىر .
بۇ گەپتىن ئەردەشىر كۆپ ھەيران بولدى ،
بىر نەپەس جىم تۇردى ، خامۇشتەك بولدى .
ئارقىدىن قوزغالدى بىردىن ئىشتىياق ،
قەتئىي قارار قىلدى : لازىمدۇر قاچماق !
قىزغا دىدى : « ئىستىكىم رەيدىن كەتمەك ،
مەردلەرنىڭ دىيارى ئىرانغا يەتمەك .
بۇ ئىشتا بولامسەن سەن ھەمراھ ماڭا ،
يا مۇندا قالماقلىق لازىممۇ ساڭا ؟
مەن بىلەن يۈرسەڭ گەر تاپار سەن قۇت ـ بەخت ،
دۆلەتكە تاج بولساڭ ، سىنىڭ بولغاي تەخت . »
قىز جاۋاب ئورنىدا قىلدى ئىلتىجا :
« تا تىرىكمەن سەندىن بولماسمەن جۇدا . »
كىنىزەك سۆزىدە دىل ئىزتىراپى ،
يۈزىدىن ئاقاتتى كۆز ياش قىيانى .
ئاي يۈزگە بىر بىقىپ ئەردەشىر دىدى :
« يولغا جىددىي چۈشمەك لازىمدۇر ئەمدى . »
كىنىزەك تىز قايتتى ئۆز ئايۋىنىغا ،
تەشۋىشلىك ھاياجان سىلىپ جىنىغا .

كۈنپىتىش تەرەپنى قىزارتىپ ئاپتاپ ،
تارتقانتى نىل كۆككە كىچىلىك نىقاب .
خەزىنە ئىشىكىن ئاچتى كىنىزەك ،
تالىدى كۆپ ئىسىل گۆھەرۇ بىزەك .
ئالدى ياقۇت ، دۇر ۋە شەھۋاردىن ئۇ قىز ،
يەنە يەتكۈچىلىك دىناردىن ئۇ قىز .
ئاستا قايتىپ كىردى ئاندىن ھۇجرىغا ،
گۆھەر ۋە دىنارنى تىگىپ باغرىغا .
تۈن يىرىم بولغۇچە ئالمىدى ئارام ،
ئەردەۋان سارايىن ئۇيقۇ ئەتكۈچە رام .
ئايۋاندىن ئوقسىمان ئۇچۇپ كەلدى ئۇ ،
ئەڭ شىرىن ئارزۇنى قۇچۇپ كەلدى ئۇ .
ئەردەشىر قولىدا كۆردى مەي كاسا ،
مەيخورلار مەي ئىچىپ قاتقانتى راسا .
يىگىت تىز تاللىدى ئىككى ئۇچقۇر ئات ،
بارچە تەدبىرلەرنى قىلدى ئىھتىيات .
يىنىدا ئۇ كۆردى گۈزەل گۈلنارنى ،
قىزىل گۆھەرلەرنى ، شۇنچە دىنارنى .
دىككىدە ئىرغىپلا ئورنىدىن تۇردى ،
ئەرەب ئاتلىرىغا ئىگەر توقۇدى .
قالقان تۇتۇپ مىندى ئۇ تۇلپار ئاتقا ،
شەمشەرنىڭ بىسىغا سۇركەپ ھەم ئوغا .
ئىككىنچى تۇلپارغا مىندى گۈلنار ھەم ،
ۋە يولغا چىقىشتى شۇ يوسۇن ئىلدام .

پارس تامان ئۇلار چۈشۈشتى يولغا ، ياخشى نىيەتلەرنى پۈكۈپ كۆڭۈلگە .

## ئەردەۋاننىڭ گۈلنار ۋە ئەردەشىر قىلمىشىدىن خەۋەر تاپقانلىقى

ئاي يۈزسىز ئەردەۋان غەم چەكتى يالغۇز ،
كۆڭلىگە ھېچ نەرسە ياقماس تۈن – كۈندۈز .
كۆتۈرەلمەي بېشىنى ياتاتتى ھالسىز ،
بولمايتتى خىيالى ئۇنىڭ گۈلنارسىز .
يەتسىمۇ ئۇيقۇدىن تۇرماققا مەھەل ،
ئوردىغا ئىش ئۈچۈن بارماققا مەھەل ،
كۆرپىگە كەلمىگەچ گۈلنار قىز يېقىن ،
شاھ بولدى غەزەپلىك ۋە شۇنچە غەمكىن .
تاجۇ تەخت ، سارايغا بېرىپ كۆركۇ بەخت
ئىشكى ئالدىدا بولدى چوڭلار تەق .
شەھرىيار قېشىغا كىردى بىر سەردار ،
ساداقەت سۆزلىرىن ئەيلىدى ئىزھار .
دېدىكىم : « بىز ئىشىك ئالدىدا شەيدا ،
ھەر قانداق خىزمەتكە جان بىلەن پىدا . »
خىزمەتكارغا قاراپ شۇنداق دېدى شاھ :
« نېچۈن گۈلنار يولنى توستى پوس – سىپاھ ؟
نېچۈن ئۇ كەلمىدى يېنىمغا سەھەر ،
بولدىمۇ دىل خىرە بولغۇدەك خەۋەر ؟! »
شاھقا خەۋەر قىلدى شۇندا باش ۋەزىر :
« ئۇنى ئېلىپ قاچمىش تۈندە ئەردەشىر » .
يوقالمىش ئېغىلدىن ئاق ھەم چىپار ئات ،
شاھقا شۆھرەت ئىدى بۇ ئۇچقۇر قانات .
شاھ ئېنىق بىلدىكى ، گەنجگە سىرداش قىز ،
كېتىپتۇ يىگىت بىرلەن مۇندىن ئۈن – تىنسىز .
غەزەپتىن ۋۇجۇدى تولدى تىترەككە ،
شاھ مىندى دەر غەزەپ شوخ ئارغىماققا .
قانچە ئەمەلدارلار ئاتقا مىنىشتى ،
ئاتلارنىڭ تۇيىقى ئوتتەك يېنىشتى .
ئۇ نامدار يول بويى بىر ماكان كۆردى ،
بۇ يەرنىڭ چارۋىسىن پاراۋان كۆردى .
سورىدى ئۇلاردىن : « ئەزان ۋاقتىدا
كەلدىمۇ چېپىشقان ئاتلاردىن سادا ؟
بۇندىن ئۆتمىدىمۇ ئىككى ئۇ قاچاق ،
بىرى چىپار ئاتلىق ، يەنە بىرى ئاق ؟ »
ئۇلاردىن بىر كىشى قىلدى تېز جاۋاب :
« كۆردۇم ئىككى ئاتلىق ئۆتتى ئالدىراپ .
بىر ئارقار چاپاتتى ئۇلار ئىزىدىن ،
ئۇچقۇر ئاتتەك تۇپراق كېچىپ تېزدىن . »
ۋەزىرگە شۇ چاغدا دېدى ئەردەۋان :
« بۇ ئارقار سىرىنى ئەيلىگىل بايان ؟ »
ۋەزىر جاۋاب قىلدى : « بۇ شەۋكەت بېرۇر ،
شاھلىق ئىقبالىغا پۇشت – پاناھ بولۇر .
قوغلىماقتىن ھاسىل بولماس مۇددىئا ،
بۇ ئىش بېشىمىزغا يەتكۈزگەي بالا .
ئەردەۋان كۆپ مەنزىل مۆلچەرىن ئالدى ،
يەپ – ئىچىپ ، دەم ئېلىپ يەنە ئات سالدى .
قوغلاپ ئەردەشىرنى داۋانمۇ داۋان ،
ئالدىدا چاپاتتى ۋەزىر ، ئەردەۋان .
شامالدەك ئۇچاتتى ئەردەشىر ۋە قىز ،
دەم ئالماق تۇيغۇسىن ھېس قىلماستىن تېز .
كىمگە گەر بەخت بولسا بۇ دۇنيادا يار ،
يەتمىگەي ھېچقانداق دۇشمەندىن ئازار .
كۆپ چاپماقتىن بولۇپ ئەردەشىر خەستە ،
كۆردى بىر بۇلاقنى ئېگىزدىن پەستە .
گۈلنارغا سۆز قىلدى يىگىت ئاستىلاپ :
« بۇ يولنىڭ ئازابى قويدى بەك قىيناپ .
شۇ بۇلاق بويىدا بىرئاز ئالاي دەم ،
ھالىدىن كەتتى ئات ، يەنە ئۆزۈم ھەم .
سۇ ئىچىپ ، ئازغىنا ، تائاملىنايلى ،
ئارقىدىن تېزلىنىپ يولغا ماڭايلى . »
كېلىشكەچ ئىككىسى سۇنىڭ بويىغا ،
قىزىللىق يۈگۈردى رەڭگىرويىغا .
ئەمدى ئاتتىن چۈشمەك بولغىنىدا دەل ،
ئالدىدا تۇراتتى ئىككى يىگىت تەل .
ئۇلار دېدى : « چۈشمەي دېسىڭىز قولغا ،
ئات چۇلۇۋۇرىن تېزدىن تارتىڭىز يولغا .
ئەجدىھا ئاغزىدىن بولۇپسىز خالاس ،
بۇندىمۇ ئامانلىق بولماسلىقى راست .
ئارام ھەم ھۇزۇرنى ھازىرلا ئۇنتۇڭ ،
شېرىن جېنىڭىزنى ئېھتىيات تۇتۇڭ . »

ئاڭلىدى ئەردەشىر بۇ خىلدا تەلەپ ،
گۈلنارغا دېدىكىم ، ھەقىقەت بۇ گەپ .
ئۆزەڭگىنى بېسىپ ، چۇلۋۇرنى قويدى ،
ئاتلارمۇ پەرۋازنىڭ بۇيرۇقىن تۇيدى .
كەينىدىن شامالدەك قوغلار ئەردەۋان ،
بوشاشتى تەنلىرى ، قالمىدى ھېچ جان .
كۈن ئۆتۈپ يېرىمدىن ، خۇرشىدى تابان
پەلەكنىڭ بۇرجىغا بولغاندا راۋان ،
بىر شەھەر كۆرۈندى خۇش رەڭگۇ كۆركەم ،
كۆپكىنە خالايىق بۇندا ئىدى جەم .
نامدار شاھ سورىدى بىرىنى تېپىپ :
« ئۆتتىمۇ بۇ يەردىن ئاتلىقلار چېپىپ ؟ »
شۇنداق جاۋاب قىلدى رەھنەما ئەرەب :
تەلەيلىك پادىشاھ ، ئەي دىلى ئاپتاپ ،
ئۇ چاغدا ، غەرب ئۇپۇق بولغان لالەگۈن ،
كۈن پاتقان ، نىل پەردە تاقاپ چىققان تۈن ،
ئىككى ئاتلىق ئۆتتى مۇندىن ئوق كەبى ،
ئۇستىبېشى تۇزان ، قورۇغان لېۋى .
ئەگىشەر ئۇلارغا چاپار بىر ئەلقار ،
ئۇنىڭمۇ چېپىشى شامالغا ئوخشار . »
ئەردەۋانغا شۇنداق دېدى قېرى چال :
« ئارقىغا قايتماقلىق لازىمدۇر ، دەرھال .
قوشۇن تارتىپ جەڭگە يۈز تۇتماق كېرەك ،
بۇ ئىشقا باشقىچە كۆز تۇتماق كېرەك .
ئەلقار ئەگەشكىنى ـــ ئىقبال نىشانى ،
ئارتۇقچە قوغلىماق بولغاي بىمەنى .
ئوغلىڭىزغا نامە ئەۋەتكەيسىز تېز ،
ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئاگاھ ئېيتقايسىز .
شايەت ئوغلۇڭ بىلسە : نەدە ئەردەشىر ،
ھېچ ئىش يوق ، بولمىسۇن ئەلقار نەررەشىر . »
ئەردەۋان بۇ سۆزنى ئاڭلىغان زامان ،
بىلدىكى تۈگىگەن ئۇ تۇتقان دەۋران .
شۇ شەھەرىستانغا چۈشتى شۇ كېچە ،
تەڭرىگە سانالار ئوقۇپ تاڭغىچە .

## ئەردەۋاننىڭ ئوغلى بەخمەنگە نامە يوللاپ ، ئەردەشىرنى قولغا ئېلىشنى بۇيرۇغانلىقى

تۈن ئۆتۈپ ، تاڭ ئاتقاچ ، شاھ قىلدى پەرمان ،
قوشۇن قايتسۇن دېدى ئارقىغا شۇئان .
قومۇشتەك سارغىيىپ يۈزى قايغۇدا ،
رەڭگە قايتتى ئۇلار تۈن قاراڭغۇدا .
ئوغلىغا بىر نامە يازدۇردى دەرھال ،
باقمىدى بۇ ئىشتا بىزگە دەپ ئىقبال .
بەئەينى كاماندىن ئۇچقان ئۇچقۇر ئوق ،
ئەردەشىر كۆزلەردىن غايىب بولدى ، يوق .
پارسقا يەتكەندۇر ، تېز تاپقىن ئۇنى ،
ئەلدىن پىنھان بولسۇن بۇ ئىش مەزمۇنى .

## ئەردە شىرنىڭ قوشۇن توپلىغانلىقى

ئەردەشىر بۇ يەردىن يەتتى دەرياغا ،
مەدھىيىلەر بىلدۇردى قادىر خۇداغا :
« مېنى بەدغەرەزدىن ئەيلىدىڭ ئازاد ،
ئۇنىڭ خانىمانىن قىلمىدىڭ ئاۋات . »
قېرى قېيىقچىنى باشلاپ قېشىغا ،
ئۇنى ئاشنا قىلدى ئۆز داستانىغا .
ئەردەشىرنىڭ ھۆسنى ـ بەستىگە بېقىپ ،
ئۇنىڭكى سىرىنىڭ مېغىزىن چېقىپ ،
بىلدىكى ، بۇ يىگىت كەيانىي نىجاد ،
شانۇ شەۋكىتىدىن دىلىنى قىلدى شاد .
دەريانىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ چال ،
سۇغا قېيىقلارنى چۈشۈردى دەرھال .
نامدار ئەردەشىردىن ئاپقاچقا خەۋەر ،
توپلاندى بۇ يەرگە ئەمەلدار ، لەشكەر .
قانچە بابەكلەر سىتەھردە بار ،
شاھنىڭ كېلىشىدىن تاپتى ئېپتىخار .
دارا نەسلىدىن كىم بولسا پەيۋەند ،
دىيار ئاسايىشنى تاپقۇسى ئەلۋەت .
ئەردەشىردىن ئاگاھ بولۇپ يۇرت ـ ئېلى ،
شادلىقتىن ياشاردى قېرىلار دىلى .
ئەل توپى كېلەتتى دەريادىن ـ تاغدىن ،
كېلەتتى توپلىشىپ شەھەر ـ قىشلاقتىن .
كېلىپ ھەر شەھەردىن يىگىتلەر پازىل ،
جاھان شاھ ئالدىدا بولۇشتى ھازىر .

ئۇلارغا يۈز تۇتۇپ ئەردەشىر دېدى :
« ئاق كۆڭۈل نامدارلار ئاڭلاڭلار ئەمدى .
كىمگە گەر يار بولسا تەپەككۇر ، ئىدراك ،
ئاڭلار بۇ سۆزنى ، دىلى پاك دېمەك .
ئىسكەندەر جاھاندا نە ئىشلار قىلدى ،
ئەجدادلار باغرىنى ئويدى ھەم تىلدى .
ئاتا ـ بوۋىمىزنى قويماي ئۆلتۈردى ،
ئالەمنى تەڭسىزلىك بىلەن تولدۇردى .
مېنىڭ ئەجدادىمدۇر شاھ ئىسفەندىيار ،
نېمىشقا ئەردەۋان يۇرتقا شەھرىيار ؟ !
بۇنىڭغا يولسىزلىق دەپ بېرەيلى نام ،
ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى ناھەقلىق تامام .
مەدەتكار بولۇڭلار ، جەڭگىۋار يولدا ،
ئۇلۇغ تەختىمىزنى ئالايلى قولغا .
بۇڭا نېمە بولغاي سىلەردىن جاۋاب ،
ماڭا ئاق يول تىلەڭ ، ئەي ئەھلى ئەرباب . »
كىمكى ھازىر بولغان شۇ ئەنجۇمەندە ،
قىلىچۋاز مەرد ئىدى ، كۈچ تاشقان تەندە .
بۇ سۆزنى ئاڭلىغاچ باشتىن ـ ئاياغقا ،
پىدالىق بىلدۈردى باشلىغان ياققا .
دېدىكى : « بارچىمىز بابەككە ئەۋلاد ،
سېنىڭ دىدارىڭدىن شۇنچە بولدۇق شاد .
يەنە ساسانىيلار بولدى مۇندا جەم ،
جەڭ ئۈچۈن كەمەرلەر باغلاشتى مەھكەم .
سېنىڭ يولۇڭدىدۇر تەن ھەم جېنىمىز ،
غېمىمىز ، شادلىق ھەم ئىش ، ئارمانىمىز .
سەن ئىككى جەھەتتىن بىزگە ئەزىزسەن ،
خاسىيەتلىك ئىنسانسەن ، ھەم پادىشاھ سەن .
ئەمرىڭدە قىلغايمىز تاغنىمۇ تالقان ،
ئەگەر تىغ كۆتۈرسەڭ دەريا بولۇر قان . »
بۇ گەپتىن ئەردەشىر سۆيۈنۈپ كەتتى ،
بېشى گويا چەرخى پەلەككە يەتتى .
باتۇرلارغا ئېيتتى ئاپىرىن ـ تەھسىن ،
دۈشمەنگە قىساستىن چاقنىدى چېقىن .
سوڭ دەريا بويىدا قۇرغۇزدى شەھەر ،
قەلئەگە ئايلاندى شەھەر سەربەسەر .
دېدى ئەردەشىرگە بىر ئەرباب ـ ۋەزىر :
« شەۋكەتلىك شاھىمىز ، ئەي يۈكسەك پىكىر ،
شەھرىيارلىق تاجىن گەر قىلساڭ داۋا ،
پارس يۇرتىن قۇتلۇق قىلغىن ئەۋۋەلا .
ئاندىن جەڭ باشلىغىن ئەردەۋان بىلەن ،
يۇلتۇزۇڭ پارلىغاي شۇ چاغ شان بىلەن .
ئۇندا سانىسىز ئىرۇر مال ـ دۇنيا ۋە گەنج ،
كۆرۈرسەن ئۇنىڭدىن غەم ـ غۇسسە ۋە رەنج .
ئۇنىڭ تەختى بولسا سەندىن ۋەيرانە ،
بەس قىلماس تەختىڭگە ھېچبىر بېگانە » .
ئەردەشىرگە ماقۇل چۈشتى بۇ كېڭەش ،
يوقىلىپ باتۇرنىڭ قەلبىدىكى غەش .
ئاپتاپ تاغ چوققىدىن باش كۆتۈرگەن ئان ،
ئەردەشىر يول سالدى ستەھر تامان .
بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ بەھمەن ھەم ،
دەرغەزەپ بولدى ھەم يېدى يەنە غەم .
جۇدۇنلاپ بۇ ئىشقا تەدبىر ئىزلىدى ،
قوشۇنى جەڭ ئۈچۈن سەپكە تىزىلدى .

## ئەردەشىرنىڭ بەھمەن بىلەن جەڭ قىلىپ غەلىبە قازانغانلىقى

بىر نامدار بار ئىدى ، نامىدۇر تەباك ،
لەشكەرچى مەرد ئىدى ، قەلبى شۇنچە پاك .
جەھرەم مۈلكى ئارا پادىشاھتى ئۇ ،
ئادىل بولغاچ ، پەرمانىدىن يېمەيتتى قايغۇ .
بار ئىدى يەتتە ئوغلى بەك نازىنىن ،
توغرا يول تۇتقانتى چەتلەپ بەھمەندىن .
ئەردەشىر قېشىغا شۇنچە رازىمەن ،
لەشكىرى ، ناغرىسى ، جاھازى بىلەن
كېلىپ كۆردى سەردار چېھرىسىنى ئۇ ،
ئاتتىن چۈشۈپ ئۆدۈل باستى يولنى ئۇ .
تېزدىن كېلىپ سۆيدى ئۇنىڭ ئايىغىن ،
خاتىرلەپ بىر لەھزە ساسان سىپاقىن .
ئەردەشىر ھۆرمەتلەر قىلدى شۇنچە كۆپ ،
ئىززەتلەر ئىزھار قىپ كۈتتى شۇنچە خوپ .
ۋە لېكىن تەباكتىن ئىدى بەتگۇمان ،
ئۇنى ئەۋەتكەنمۇ دەيتتى ئەردەۋان .
كۆپ ئىدى پېشقەدەمنىڭ ھەمراھى ،
بار ئىدى بايراقلىق ، جەسۇر سىپاھى .

زىرەك ، جاھان تۇتقان مويسىپىت شۇ دەم
چۈشەندى ئەردەشىر ئەندىشىسىن ھەم .
ئورنىغا قويۇپ ئۇ ئۇستا ۋە زەندنى ،
ياد ئەيلەپ قەسەمدە چەرخى بەلەندنى ،
دېدى : « تەباك ئۆمرى بولسۇن بىداۋا ،
ساڭا مەن يامانلىق كۆرسەم گەر راۋا .
سېنىڭ لەشكەر تارتىپ كەلگىنىڭ بىلىپ ،
يېنىڭغا شادلىقتا كەلدىم ئىنتىلىپ .
ئەردەۋان زۇلمىدىن تويغانمەن راسا ،
كەمپىردىن جاق تويغان يىگىتتەك گويا .
مېنى بىر مېھرىبان بەندەم دەپ چۈشەن ،
سادىق سىردىشىم دەپ بىگۇمان ئىشەن » .
ئەردەشىر ئاڭلىغاچ مۇنداق ئاھۇ پەند ،
باشقا بىر ئەندىشە كۆڭلىن ئەتتى بەند .
« مەن ئاتام ئورنىدا بىلەي بۇ مەردنى ،
نامدارلارغا باشلىق قىلاي بۇ مەردنى ! »
شاھ دىلى گۇماندىن بولغاندا خالاس ،
يەزدانغا تەسەننا بىلدۈردى ئىخلاس .
ياخشىلىق يولىدا ئۇ رەھنەمادۇر ،
ھەر ئىشقا مۇرەببى قادىر خۇدادۇر .
ئۇ پەلەك كۆكسىدە تۇرار مۇزەففەر ،
ئۇلۇغلۇق دەرىخى ئۇندىن نەپ بېرەر .
ئىبادەتخانىدىن يۈردى قەسىر گە ،
خەزىنچى ماڭاتتى يېنىدا بىر گە .
قوشۇنغا دىرھەملەر بېرىپ شاد قىلدى ،
خەيرىخاھۇ مۇشپىق زاتنى ياد قىلدى .

يولۋاستەك بولغاچقا ھەممە لەشكىرى ،
جەڭگە جىددىي يۈردى ئۇ بەھمەنسىرى .
جەڭ تەلەپ باتۇرلار كېرىپ كۆكسىنى ،
تەق بولدى ھەر ئىككى دۈشمەن قوشۇنى .
ئىككى چېرىك تۇرار ئوڭدا ۋە سولدا ،
نەيزە ، ھىندى تىغى يالتىرار قولدا .
جەڭگە تاشلانغاندەك ئىككى ئارسلان ،
ئاققان ئېرىقلاردەك ئاققۇزۇشتى قان .
شۇ خىلدا كۈن بويى داۋام قىلدى جەڭ ،
يەرنى ئادەم باستى ، كۆكنى بولسا چاڭ .
سۈرمە رەڭ بولغاندا ئاسمان نىگاھى ،
ئۇرۇشقا كىرىشتى تەباك سىپاھى .
شامال چىقتى ، زۇلمەت بولدى ئاسمان ـ يەر ،
قوشۇننىڭ ئالدىدا ئۇچار ئەردەشىر .
قېچىشقا تەمشەلدى بەھمەن ـ ئەردەۋان ،
تېنى ئوقتىن زەئىپ ، دىلى ناتىۋان .
قوغلىدى ئەردەشىر ئۇنى ئىزمۇ ئىز ،
ئۇچاتتى ئوقلارمۇ يامغۇردەك غىژ ـ غىژ .
ياۋغا سوڭغى مەنزىل ـ ستەھر شەھرى ،
بۇ شەھەر بەھمەننىڭ ئىدى چىن پەخرى .
ئالەمگە شۇ تەقلىد شۆھرەت سالدى شاھ ،
كەلدى ھەر تەرەپتىن ھېسابسىز سىپاھ .
ئاڭا كۆرسەتتى ئۇ پەۋقۇلئاددە گەنج ،
بىر گەنجكىم ، يىغقانتى بابەك چېكىپ رەنج .
ئەردەشىر قولىغا ئۆتتى گەنج زەر ،
كۈچ توپلاپ پارستىن ، تارتتى چوڭ لەشكەر .

## ئەردەشىرنىڭ ئەردەۋان بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ۋە ئەردەۋاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى

يېتىپ ئەردەۋانغا بۇ ئىشتىن خەۋەر ،
دىلىن چۈلغىۋالدى غۇسسە ھەم خەتەر .
دېدىكىم : « ھەممە ئىش چەرخى پەلەكتىن ،
بولىدۇ ئەلۋەتتە خۇداۋەندىدىن .
بىشەپقەت تەقدىرى ئەزەلنىڭ ئىشى ،
قېچىپ قۇتۇلالماس ئۇندىن ھېچ كىشى .
ھەم گۇمان قىلماستىم بىر كۈن ئەردەشىر ،
بولۇر دەپ نامدارۇ مەردۇ ئالەمگىر .
گەنج ئىشكىن ئاچتى ئاڭا سائادەت ،
زور قوشۇن تۈزمەكلىك بوپ قالدى ئادەت . »

گىل ، دەيلەم قوشۇنى كەلدى بۇ جايغا ،
يولنىڭ چاڭ ـ توزانى تۇتاشتى ئايغا .
كۈچلۈك قوشۇن بىلەن كەلدى شەپىسىز ،
شامالدەك كەلدى ئۇ ھېچبىر توسقۇنسىز .
ئىككى ياۋ ئورتىسى ئىككى تاغ گويا ،
يىلانلار ئىنىغا سالار غۇلغۇلا .
ياڭرىدى ناغرىلار ، بۇرغا ساداسى ،
ئالەمنى لەرزىگە سالار نىداسى .
كىبلەتتى لەشكەرلەر جۇش ئۇرۇپ شۇندا ،
ئالماستەك پارلايتتى تىغلار يول ـ يولدا .

قىرىق كۈن شۇ ئەلپاز داۋام قىلدى جەڭ ،
لەشكەرگە كەڭ ئالەم كۆرۈنمەيتتى كەڭ .
ئۆلۈكلەر دەشتلەردە ھاسىل قىلدى تاغ ،
مەجرۇھلار جىسمىدا ئازابۇ قىيناق .
باستى كۆك يۈزىنى قاپقارا بۇلۇت ،
تىرىكلىك پۈتكەندەك قاپلاپ دەھشەت جۇت .
بىخاستىن قوزغالدى بىر قورقۇنچ شامال ،
ۋەھىمىدىن ئەسكەرلەر بولۇپ قالدى لال .
شىددىتى بۇ دەشتنى قىلدى پاراكەند ،
تەسىرى پەلەكتىن ئاشقاندەك بەلەند .
ئەردەۋان لەشكىرى دەھشەتكە چۈشتى ،
ھەممىسى مۇدھىش خىيالغا كۆچتى :
بۇ قىسمەت بىزلەرگە تەگرىدىن ئۈندى ،
لەشكەرنىڭ ھالىغا يىغلايمىز ئەمدى .
كىمدە كىمنىڭ ھالى مەيداندا ناچار ،
ئەقلى بولسا بولغاي سۈلھىگە تەييار .
قوشۇن ئورتىسىدىن چىقتى ئەردەشىر ،
ئوق يامغۇرى بىلەن تولدى كۆك ، ئېدىر .
مەيداندا مۇئەللەق قالدى ئەردەۋان ،
تاجۇ تەخت ، بەختىدىن خالاس بولغان جان .
چۈشتى خەرراد دېگەن مەردنىڭ قولىغا ،
خەرراد سالدى ئۇنى ئۆزى يولىغا .
ئەسىرنى ئەردەشىر ئالدىغا ئالدى ،
يىراقتىن ئەردەشىر ئاگا كۆز سالدى .
شۇ ھالەت ئېتىدىن چۈشتى ئەردەۋان ،
تېنىدە ئوق زەخمى ، جېنى ناتىۋان .
ئەردەشىر جاللاتنى توۋلاپ دەر غەزەپ ،
دېدى : « ياۋ شاھىن ھالاك قىل تېزلەپ .
خەنجەر بىلەن كېسىپ تاشلا بېلىدىن ،
قورقۇش ئايرىلمىغاي قارا دىلىدىن » .
جاللات بۇ پەرماننى تېز قىلدى بەجا ،
ئۇ نامدار جاھاندىن ئۆتتى بىپايدا .
بۇ كونا جاھاننىڭ ئاقىۋىتى شۇ :
ئەردەۋان ، ئەردەشىر بولسۇن مەيلى ئۇ .
يەتكۈزسە كۆكلەرگە ئۇنىڭ بېشىنى ،
تۇپراققا ئاققۇزار ئاخىر قېنىنى .
ئىككى ئوغلىغىمۇ شۇ ھال يار بولدى ،
ئارەشىي ئەۋلادى شۇنداق خار بولدى .
سوقۇلدى ئۇلارغا كىشەن ۋە زەنجىر ،
زىندانغا سالدۇردى غالىب ئەردەشىر .
قاچتى قۇشچى سەردارى بۇ جەڭ كامىدىن ،
قۇتقۇزۇپ ئۆزىنى بالا دامىدىن .
يىغلىشىپ مېڭىشتى ھىندىغا راۋان ،
ئەرزىگەي بۇ ھەقتە يازسا بىر داستان .
مەيدان تولغانىدى كۇلاھ ،كەمەرگە ،
لەشكەر قورالىغا ، گۆھەر ۋە زەرگە .
بۇيرۇدى ، بىر جايغا توپلاندى قوشۇن ،
ئۇلارغا سوۋغاتلار شاھ قىلدى پۈتۈن .
ئۇلۇغلار قاتارى بار ئىدى تەباك ،
ئەردەۋان تېنىنى قاندىن قىلدى پاك .
ئاندىن يۇيۇپ ، مۇسەففا قىلىپ جەسەتنى ،
شاھلار ئادىتىچە دەفنى قىلدى ئۇنى .
تاۋارلار ياپتۇردى ئۇنىڭ ئۈستىگە ،
كافۇردىن تاج قويدى شاھنىڭ بېشىغا .
شاھنىڭ لەشكىرىدىن بېرەتتە ئادەم ،
باسمىدى ئەردەۋان قەسرىگە قەدەم .
ئەردەشىر يېنىدا تەباك ئاچتى سۆز :
« ئايا دانىشمەن شاھ ، ئىستىقبال ئۇز ،
تەلەپ قىل ئەردەۋان قىزىنى ھەرەمگە ،
يەتكەيسەن دۆلەتلىك ، گۈزەل سەنەمگە .
قولۇڭغا ئۆتكۈسى تاج ـ تەخت ، گەنج ،
بۇ گەنجنى ئەردەۋان يىغقان چېكىپ رەنج . »
كۆڭلىگە بۇ سۆزلەر كۆپ ماقۇل كېلىپ ،
ئۇ شۇدەم شاھ قىزىن ئەيلىدى تەلەپ .
بىر ـ ئىككى ئاي ئۇندا پاراغەت قىلىپ ،
لەشكەر ۋە مۇلازىم شۇنچە كۆپ يىغىپ ،
رەيدىن پارس تامان يول ئالدى مەردان ،
ئارقىدا قېپقالدى غەم ـ تەشۋىش شۇئان .
بىر شەھەر قۇردۇردى ، مول قەسرە ، بېغى ،
يايلىقى ، گۈلزارى ، زىلال بۇلىقى .
قېرىغان دېھقانلار دائىم قىلىپ ياد ،
ئاتاشتى بۇ يەرنى ئەردەشىر ئاباد .
مۇندا بىر بۇلاق بار ، دەل دەرياسىمان ،
قېزىلدى بۇلاقتىن ئېرىقلار ھەريان .
قۇردى ساھىلىدا بىر ئاتەشخانە ،
مۇقەددەس سەيلىگاھ ـــ مېھر ۋە سەدە .
ئەتراپى كەڭ مەيدان بىلەن يەنە باغ
بىر ـ بىرىگە تۇتاش ، خۇددى بىر بەلباغ .

بولغاچ بۇ شەھەر زور يەنە شەۋكەتلىك ،
شەھرى تۇر ئاتايتتى جامائەتچىلىك .
قىلدى ئەتراپىدا يېزىلار بىنا ،
كۆرگەنلەر لال ئىدى باققاندا ئاگا .
شۇ ياقتا بار ئىدى تەگسىز بىر دەريا ،
توساتتى بىر داۋان يولنى ئەمما .
توپلاپ كۆپ ئەسۋابچى ، تاشچى ئۇ شۇنداق ،
يۈز ئېرىق ئاچقۇزدى كېسىپ تاش ۋە تاغ .
ئۇندىن تۇر شەھرىگە سۇ ئاقتى راۋان ،
شەھەر سۇ تۈپەيلى بولدى پاراۋان .

## ئەردەشىرنىڭ كۈردلار بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

تارتىپ ئىستەھردىن بىھېساب سىپاھ ،
كۈردلار بىلەن جەڭ قىلماق بولدى شاھ .
كۈردلارمۇ جەڭگە تۇرۇشتى تەييار ،
ھەممىسى بولۇشتى جەۋلانچى شۇڭقار .
بۇ چاغدا يەر ئىدى ئەردەشىر ھالى ،
كۈردلار تەرەپتار ئىدى ئاھالى .
پارستىن تۈزۈلگەن لەشكەر مەيداندا ،
كۈردلاردىن ئارتۇق ئىدى ھەم ساندا !
بىر كۈنى جەڭ بولدى كېچىگە قەدەر ،
قوشۇندار چېكىنىپ قاچقانغا قەدەر .
شۇنچىلىك كۆپ ئىدى ئۆلۈك ، يارىدار ،
ئۇرۇشقانغا ھەتتا مەيدان ئىدى تار .
يوق ئىدى پىداكار ئۆزىدىن ئۆزگە ،
بىرەر مەرد چېلىقماس بۇ جەڭدە كۆزگە .
قۇياش قىزدۇردىكى ، چوغدەك بولدى خاك ،
تەشنالىق تۈپەيلى تىللار ئىدى چاك .
ئاقىۋەت يۇكسىلىپ تۈننىڭ بايرىقى ،
بېسىلدى ، سوغۇلدى جەڭنىڭ قاينىقى .
تاللاپ تاغ باغرىدىن يوروق بىر جاي ،
چېكىندى تاغسىرى ئەردەشىر تىنماي .
يوروقتا يېقىنلاپ كۈردى ئەردەشىر ،
ئولتۇرغان بىر گۇرۇھ ياش ھەم قېرى ئەر .
ئۇ يەرگە قويۇلغان بىر نەچچە چوپان ،
قويلار قورۇسىغا بولۇپ پاسىبان .
پىيادە بولۇشتى ئاتلاردىن چۈشۈپ ،
چاگقاقلىقتىن لەۋلەر يانغان قۇرۇشۇپ .
ئەردەشىر سۇ تىلەپ بىلدۈردى ئەھۋال ،
ئۇلار سۇ ۋە قېتىق تەق قىلدى دەرھال .
بىر ئاز ئارام تېپىپ ، جانىنى تىنجىتتى ،
قارا تۈندە باشقا چەكمەننى ئارتتى .
تۈننى يوتقان قىلدى ، ھارغاچقا ئارتۇق ،
شاھانە تاج بولدى بېشىغا ياستۇق .
تاڭ ئاتتى ، ئاقاردى ئۇپۇقنىڭ يۈزى ،
ئۇيقۇدىن ئېچىلدى شەھرىيار كۆزى .
چوپاننىڭ سەردارى كېلىپ يېنىغا ،
خەيرخاھلىق قىلىپ مېھمان جېنىغا ،
سورىدى بۇ دەشتتىن كەزمەك سىرىنى ،
نېچۈن جاي قىلغىنىن تاغنىڭ قىرىنى .
باش چوپاندىن يولنى سوراپ ئالدى شاھ ،
دېدى : « قايەدىن تاپاي ئۆزگە ئارامگاھ ؟ »
جاۋاب قىلدى چوپان : « بىلكى ، ئاۋات جاي ،
تاپماسسەن ئاۋات جاي رەھنەما بولماي .
مۇندىن تۆت چاقىرىم يول يۈرسەڭ ئەگەر ،
بىر دىيار بولغۇسى ساگا جىلۋىگەر .
ئۇ يەردە بىر نەچچە قىشلاقلار باركىم ،
ھەر بىرى بېشىدا بىر سەردار ھاكىم .
مۇنداق خەۋەر ئاڭلاپ ئۇ ئەقىلدان شاھ ،
بىر قانچە چوپانىنى ئەيلىدى ھەمراھ .
تاغدىن قىشلاقسىرى بولۇشتى راۋان ،
قىشلاق بېگى چىقتى ئالدىغا چاققان .
شاھ مۇندىن يوللىدى شەھەرگە ئەلچى ،
قوشۇنلار سەپەرگە بولسۇن يۈرگۈچى .
شاھنىڭ ئەمرى بىلەن قوشۇن بولدى شاد ،
پادىشاھ ئالدىغا سۈرۈپ كەلدى ئات .
كۈردلارغا ئەۋەتتى بىر قانچە جاسۇس ،
ھەر بىرى مەخپىي سىر بىلىشكە مەخسۇس .
ئۇلار تېزدىن بېرىپ تېزدىن يېنىشتى ،
ئىران شاھ ئالدىغا دەرھال كىرىشتى .
دېدىكى ، كۈردلار ئىشرەت بىلەن بەند ،
بىز مەغلۇپ قىلدۇق دەپ مەغرۇر ۋە خۇرسەنت .
ئۇلار دەر : ستەھر ئىچرە ئەردەشىر ،
بەختى زەبۇن بولدى ، شۇ بولدى تەقدىر .

ئاڭلاپ بۇ سۆزنى شاھ كۆپ بولدى خۇشال ،
ئۆتكەن گەپ سۆزلەرنى ئۇنتۇدى دەرھال .
نامدار لەشكەرلەردىن ئەمەس كۆپمۇ ئاز ،

تاللىدى ئۈچ تۈمەن ئاتلىق چەۋەنداز .
يەنە مىلك ئوقيالىق جەڭچى تاللىدى ،
ئۆزىگە ئۇلارنى ھەمراھ ئەيلىدى .

## ئەردەشىرنىڭ كۇردلارغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقى

قۇياش پاتار چېغى شاھ تارتتى قوشۇن ،
لەشكەرلەر قاپلىدى قىرلارنى پۈتۈن .
ئالەمنى قاپلىغان چېغى كەچكى تۈن ،
كۇردلارغا شاھ كەلدى شۇنچىلىك يېقىن .
دەشت ئىچرە ئۇلارنى كۆردى ئۇيقۇدا ،
پەرىشان ئىدىلەر ، جىملىق ئىلكىدە .
غەپلەتتە باسماقچۇن دەھشەت دۈشمەننى ،
شاھ قويۇپ بەردى تۇلپار چۇلۋۇرنى .
غىلاپتىن شەمشىرىن سۇغۇرۇپ چاققان ،
گىياھلارنى تاجدار ئەتتى تۆكۈپ قان .
كۇردلار مۇردىسىغا تولدى كەڭ چۆل ،
مەجرۇھلار ئۆلگەنلەردىن ئىدى مول .
يەنە ئەسىر چۈشتى كۇرد ساناقسىز ،
مەنمەنلىك تۈپەيلى پۈكۈلدى بار تىز .
ھەممە مۈلۈكلەرنى شاھ قىلدى تاراج ،

قوشۇنغا بېرىلدى ھەممە زەر ۋە تاج .
لىگەنگە تولدۇرۇپ بىر چال زەر دىنار ،
ئەلگە قىلماق بولدى خۇداگۇي نىسار .
دىنارغا قارارغا كىشى يوق ئىدى ،
شاھ ئىنايىتىدىن كۆڭۈل توق ئىدى .
شاھ مەمنۇن بولمىدى بۇ جەڭ پەخرىگە ،
ئالدىراپ يول سالدى ستەھر شەھرىگە .
بۇيرۇدى : ئاتلارغا بېرىلسۇن ئوزۇق
ۋە جەڭگە تەق بولسۇن قورال ھەم جابدۇق .
ھاردۇق چىقىرىلسۇن ، مەئىشەت كۆرسۇن ،
ئاندىن يېڭى جەڭنىڭ تەدبىرىن قۇرسۇن .
باتۇرلار يۈزلەندى مول داستىخانغا ،
مادارلار توپلاشتى تەن بىلەن جانغا .
بىراق جەڭنى تۈتتى ئەستە ئەردەشىر ،
ئاڭلا ، بۇ داستاننى ، ئۇنتۇما ھېچبىر .

## ھەفتۋاد قۇرتنىڭ داستانى

دېھقان سۆزلەپ بەرگەن بۇ سىرنى ئاڭلا ،
ئاجايىپ ھەم قىزىق تەسۋىرىن ئاڭلا .
كۇجەران شەھرى ، پارس نەھرى ئارا ،
شۇ دەريا بويىدا تاغدا بىناۋا
بىر شەھەر بار ئىدى ، خەلقى مول ، تىنچ ،
جاپادا تاپاتتى ھەر بىرى رىزقىن .
بۇ شەھەر ئىچىدە كۆپ ئىدى قىزلار ،
ھەر بىرى مۈشكۈلدە رىزقىنى ئىزلەر .
شەھەرنىڭ بىر چېتى ئېگىز تاغ ئىدى ،
قىزلار كۆپ باراتتى ، يېقىنراق ئىدى .
دەرۋازا يېنىدا يىغىلىپ ئۇلار ،
تاغسىرى ھەر تاڭدا راۋانە بولار .
بىرى پىلتە ياسار ، بىرى يىپ تۈزەر ،
ئۇلار ئۆز كەسپىنى ئىشلىشىپ قايتار .
نان ۋە سۇ ئورتىغا تەڭ قويۇلار ھەم ،
دېيىشمەس بۇ ئارتۇق ، يا بۇنىسى كەم .

ئۇلارغا يات ئىدى ئارام ۋە ھاردۇق ،
ھەممىنىڭ ئوي – پىكرى ئىشقا مەشغۇللۇق .
ئۇرچۇق – ئۇرچۇق يىپنى ئىگىرىپ ئوبدان ،
ئۇلار كەچ قايتاتتى ئۆيلىرى تامان .
ياشايتتى شەھەردە بىناۋا بىر زات ،
ئۇ زاتنىڭ نامىنى ئاتار ھەفتۋاد .
مۇنداق نام ئالماققا بائىس ئىدى شۇل :
بار ئىدى ھەفتۋادتا يەتتە ئوغۇل .
بىر قىزى بار ئىدى ئىززەتمەن شۇنچە ،
قىزلارنى كۆزىگە ئىلمايتتى قىلچە .
بىر كۈن بارچە قىزلار جەم بولۇپ تاغدا ،
ئىشقا بەند ئىدى سالقىن يايلاقتا .
تاماق ۋاقتى يېتىپ ، يېيىپ داستىخان ،
ھەممە بارنى تۆكتى : ئاش ھەمدە سۇ ، نان .
ھەفتۋادنىڭ قىزى قوزغىلىپ بىردىن ،
بىر شامال چۇشۇرگەن ئالمىنى يەردىن

تېز ئېلىپ ئۇرنىغا ئولتۇردى چاققان ،
ئاڭلا بۇ قىسسىنى ، بولۇرسەن ھەيران .
ئۇل گۈلرۇھ ئالمىغا چىشىنى سۇردى
ۋە ئالما ئىچىدە بىر قۇرت كۆردى .
بارماق بىلەن قۇرتنى ئاۋايلاپ ئالدى ،
ئالقىنى ئىچىگە قۇرتنى سالدى .
دېدىكى : « تەگرىمنىڭ نامىغا قەسەم ،
ئۇرچۇق ئىگىرىشتە سىزدىن ئۆتمىسەم .
بۇقۇرت مەدەتكار ، بەخش ئېتەر ئىمكان ،
ئىگىرمەكتە سىزنى قىلۇرمەن ھەيران . »
ھەممە قىزلار بولدى بۇ سۆزدىن شادىمان ،
چىھرىلەر ئېچىلدى چېچەكتەك خەندان .
ئىككى ھەسسە كۆپرەك ئىگىرىپ شۇ كۈن ،
يەر سىزىپ قىلدى قىز ھېسابات ــ يەكۈن .
ئاندىن تېز شامالدەك قايتىپ خانىگە ،
مەھسۇلىن كۆرسەتتى دەرھال ئانىغا .
ئانا مېھرى بىلەن ئېيتىپ ئاپىرىن ،
قۇتلىدى قىزنىڭ مۇنداق زەپەرىن .
سەھەر ئۆز ئىشىدىن خۇشال بولۇپ قىز ،
ئىككى ھەسسە ئارتۇق پاختا ئالدى تېز .
يەنە تاغقا كەلدى قىزلار گۇرۇھى ،
يىپ ئىگىرمەككە بۇگۈن ئۇستۈنتى روھى .
ھەفتۋاد قىز دېدى : « سۆزنى ئاڭلاڭلار ،
ماھىرلار ، بەختىيار ، پەزىلىلىك قىزلار .
بۇ قۇرت شاراپىتى بىلەن بۇگۈن
شۇنداق كۆپ ئىگىرەي ، لال بولۇڭ پۈتۈن . »
پاختىنى ئىگىردى ، تالماي ھەم ھارماي ،
يەنە قانچە بولسا ھەم پەرۋا قىلماي .
پۈتكەن يىپلارنى ئۆيگە ئەۋەتتى ،
ئانىسى كۆڭلىنى چەكسىز شاد ئەتتى .
ھەر سەھەر ئالمىدىن ئۈزۈپ بىر ئېغىز ،
بېرەتتى قۇرتقا پەرى رۇخسار قىز .
قانچىلىك كۆپ بولسا ئالدىدا پاختا ،
ئىگىرىپ تاشلايتتى قىز قىسقا ۋاختا .
كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتا ۋە ئانا ،
قىز بىلەن بۇتاغقا بولۇشتى راۋا .
بىلمەك ئىستەيتتى : سىر نېمە ئىكىن ؟
ۋەيا قىزغا پەرى ئۇچرىدىمىكىن ؟
ئانىغا قىز ئېيتتى زادى سىر نېمە ،
ئالما ھەم قۇرتنىڭ سېھرىنى يەنە .
كۆرسەتتى ئۇلارغا قۇرتنىڭ ئۆزىنى ،
شادلىققا تولدۇرۇپ ئۇلارنىڭ كۆزىنى .
خاسىيەتلىك ساناپ سۆزنى ھەفتۋاد ،
باشقا ئىشنى دىلدا ئۇ قىلمىدى ياد .
قۇرتنى شاراپەت ــ ئەلا تۇتتى ئۇ ،
كۈنلەردە خۇشاللىق بىلەن ئۆتتى ئۇ .
شۇ سەۋەب تىنك بولۇپ ئاتا قامىتى ،
كۈندىن كۈن يۈرۈشتى ئىش ۋە ئامىتى .
ئۇ قۇرتنى ئەزىز بىلىپ ئائىلە ،
باقتىكى ھەم مېھرى ھەم پەرۋا ئىلە .
ئۇ قۇرت يوغىناپ ، قۇۋۋەتكە تولدى ،
گەۋدىسى زورايدى ھەم جۇلا قىلدى .
ئەمدى قۇتا ئاڭا كېلىپ قالدى تار ،
ئۇ قارا مۇشۇكتەك شۇنچە يالتىرار .
زەپىران بولماستىن تېرىسى ، تېنى ،
باشقا يەرگە ئالماق كېرەكتۇر ئۇنى .
مەخسۇس ياسىتىلدى كاتتا بىر ساندۇق ،
بۇ يەردە قىسىلماي ياشار ئۇ تولۇق .
دۆلەت ، بەخت بەخش قىلدى ئۇ كارامەتتە ،
ئۇندىن ئامەت كەلدى يەتتە پەرزەنتكە .
پۈتكۈل شەھەردە ھەفتۋادسىز ھېچ شەخس
سۆزلەلمەيتتى ھەققەت ــ ئادالەتتىن بەھس .
شەھەردە بار ئىدى يەنە باشقا مەرد ،
ئابرويلۇق ، لەشكەرۋاز ، خېلى زور شۆھرەت .
ئۇ بېسىم ئىشلىتىپ ھەفتۋادقا ھەم ،
ئۇندۇرۇپ ئالاتتى دىنار ۋە ئىنئام .
ئەمدى يەتتە ئوغلى بۇندىن قىلدى ئار ،
ئۇلارغا قوشۇلدى خېلى كۆپ نامدار .
كۈجەران شەھرىدە ئۆرلىدى لەرزە ،
ھەممىنىڭ قولىدا قىلىچ ۋە نەيزە .
ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭدى ھەفتۋاد ،
شوئارى يا ھايات ۋە ياكى مامات .
شەھەرنى تىنجىتتى ، ياۋنى ئۆلتۈرۈپ ،
قولغا ئالدى بايلىق ، گۆھەرلەر بۆلۈپ .
جەم بولۇپ يەنە ھەم ئەل ــ يۇرت ، ئالامان ،
كۈجەران شەھرىدىن ماڭدى تاغ تامان .
چوققىغا ياسالدى بىر قەلئە شۇندا ،
ئېتىقاد قىلىشتى جامائەت ئاڭا :

قەلئەگە تۆمۈردىن دەرۋازا قىلدى،
ئارامگاھ، جەڭگاھ دەپ ئاڭا نام قويدى.
بىر بۇلاق كېلەتتى تاغنىڭ بېشىدىن،
ئاقاتتى قەلئەنىڭ ئىچى ـ تېشىدىن.
ئۇنىڭ ئەتراپىغا سوقتۇرۇلدى تام،
ئۇ ئېگىز سوقۇلغان ۋە چىشلىق تامام.
ساندۇقمۇ قۇرتقا كېلىپ قالغاچ تار،
بىر كۆلنى ياساتتى كېسىپ تاغ ـ تاشلار.
گەنج بىلەن مەھكەملەپ بۇ كۆلنىڭ تېگىن،
سۇغا چۈشۈرۈشتى قۇرتنى مەيىن.
چاكارغا بۇيرۇدى شۇندا ھەفتۋاد،
ئۇ چاكار ئۆيىدىن چىقىپ ھەر بامداد،
گۈرۈچتىن ئاش ياساپ چوڭ داشقازاندا،
قۇرتنى باقاتتى ھەر كۈن ئەزاندا.
شۇ خىلدا ئارىدىن ئۆتتى نەق بەش يىل،
قۇرت سەمرىپ بولدى سىياقى بىر پىل.
ھەفتۋادنىڭ قىزى قۇرت خۇمارى،
ھەفتۋاد ئىدى ئۇنىڭ ھەم غەمگۇزارى.
چىن تاۋارلىرىدىن يېپىنچا قىلدى،
يېمىش، سۈت، ھەسەل، ياغ ئوزۇقى ئىدى.
ھەفتۋاد ئىشىكىدە تۇرار پايلاقچى،
ھەر خىل شىكايەتنى سورار پايلاقچى.
چىنىنىڭ دەرياسىدىن كىرمانغا قەدەر
ئەللەرنى تولدۇردى قوراللىق لەشكەر.
يەتتە ئوغلى ئون مىڭ قىلىچۋاز بىلەن
جەڭگە تەييار بولدى كۆپ جاھاز بىلەن.
بىرەر شاھ گەر ھۇجۇم قىلماق قەستىدە
كۆرۈنسە بۇ يۇرتنىڭ ئېگىز ـ پەستىدە،
تەسلىم بولۇر ئىدى تاپالماي نىجات،
ئۇ قۇرت كۆلنى ئاڭلىغان سائەت.
ھەفتۋاد ئىشىكىگە قويالماس قەدەم،
ھەتتاكى بىقارار ئۆتكەن شامال ھەم.
بۇ ھەقتە ئەردەشىر خەۋەر تاپقان چاغ،
قەلبىگە غەزەپتىن لىق تولدى تىترەك.
لەشكەر كەش ئەۋەتتى ھەفتۋادسىرى،
يېنىدا زەبەردەست نامدار مەردلىرى.

## ئەردەشىرنىڭ ھەفتۋاد بىلەن جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولغانلىقى

بۇ گەپتىن ھەفتۋاد بولۇپ خەۋەردار،
چەكمىدى بىر ئازمۇ ۋەھىمە، ئازار.
تاغنىڭ قاپتىلىدا مۆكتۈرمە قۇرۇپ،
قوشۇن بىرلەن يەتتى شۇئان ئات سۈرۈپ.
غەنىمنى كۆرۈشتى مۇندا شۇ ھالدا،
قوللاردا گۈرزەھەم نەيزە، ئاي پالتا.
دەرياغا يېتىشكەن چېغى ئەردەشىر،
بىردىنلا قارايدى ئاسمان، يەر ـ ئېدىر.
ھېچ نەرسە كۆرۈنمەس ئىدى ئېنىق ھەم،
جەڭگاھ قان ئىدى تا تىزغىچە شۇ دەم.
ئۆلۈككە لىق تولدى تاغ بىلەن دەريا،
غالىبنى يايرىتار دەھشەت مەنزىرە.
تىرىك قالغان بارچە ئاران قېچىشتى،
جەڭ توگەپ، سارايغا قايتىپ كېلىشتى.
ئەردەشىر ئاڭلىدى بۇ پالاكەتنى،
بۇ تالان ـ تاراجنى، بۇ ھالاكەتنى.
قايغۇرۇپ لەشكىرىنى يەنە جەملىدى،
ياراغ ھەم دىرھەمنى قايتا غەملىدى.
ھەفتۋاد ئالدىغا ئات سالدى شۇئان،
بۇ ئىشتىن ئەفتۋاد بولدى شادىمان.
ھىساردىن كېلەتتى قورال بىلەن گەنج،
ئۆلۈمدىن ھەفتۋاد ھېچ چەكمەيتتى رەنج.
چوڭ ئوغلى ئۇنىڭدىن ئىدى ئۇزاقتا،
ئاتىسى جەڭدە دەپ ئاڭلىغان چاغدا.
ئارامۇ راھەتنىڭ بەھرىدىن كېچىپ،
كەلدى كېمە بىلەن ئۇ دەريا ئېشىپ.
ئۇ ئوغۇل نامىنى شەھرۇي دەر ئىدى،
ئۇ ئۆتكەن بىنومۇس، ئالدامچى ئىدى.
شاد بولدى ھەفتۋاد ئوغلۇم كەلدى دەپ،
بەئەينى جىسمىغا قانات ئۈندى دەپ.
لەشكەر قوش قاناتتا باشلىدى ھۇجۇم،
كۆزلەردە دىر غەزەپ، يۈرەكتە زۇغۇم.
تەڭداشسىز قىرغىننى كۆرۈپ ئەردەشىر،
ئېيتاتتى: بۇ قېتىم بەلكى شۇ تەقدىر.
يەنە قوشۇن تۈزدى دۈشمەن ئىككى سەپ،
نەيزە ۋە تىغلاردىن ئۇچقۇنلار چاچراپ.

ناغرا ياڭراپ ، كېلەر ئىدى توپ ـ توپ پىل ،
يىراقتىن كىم كۆرسە بىھوش بولغاي دىل .
كانايىنىڭ ساداسى تولۇپ ساماغا ،
جور ئىدى ناغرىمۇ شۇ خىل ساداغا .
ئوقلارنىڭ زەربىدىن يەر ئۆتمتۆشۈك ،
هاۋانى قاپلىغان يانغىن ھەم تۈتەك .
چوقماقلار ، دۇبۇلغا چېپىشار ئىدى ،
گويا ئاسمان يەرگە يېپىشار ئىدى :
تۇلپارلار زېمىننى چەيلىگەن مۇندا ،
باشسىز تەنلەر بىلەن تولغان دەشت ـ دەريا .
شۇ ھالدا ھەفتۋاد قوشۇنى كەلدى ،
شاملى دەريادا دولقۇن كۆتۈردى .
ئىككى ياندا لەشكەر تولدۇرۇپ چۆلنى ،
چۇمۇلىلەر ھەتتا تاپالماي يولنى
قالغاندا سارغىيىپ پېتىپ كەتتى كۈن ،
زەڭگەر ياغلىقنى باشقا ئارتتى تۈن .
ھەر ياندىن ئەسكىرىن يىغدى ئەردەشىر ،
بىر كۆلنىڭ بويىغا قۇرغۇزدى چېدىر .
سامانىڭ چىرايى بولغاندا قارا ،
ساقچىلار كۆزەتتى ئەتراپنى يەنە .
قورشاۋدا ئۇنۇمسىز كېتىپ ماجالى ،
لەشكەرنىڭ يامانلاپ باراتتى ھالى .

## مېھرەكى نوشزادنىڭ ئەردەشىر ئۆيىنى بۇلغانلىقى

جەھرەمدە پاشايىتتى شاھانە بىر زات ،
ئىسمىنى ئاتايتتى مېھرەكى نوشزاد .
ئاڭلاپ ئەردەشىرنىڭ ئۇسال بولغىنىن
ۋە دەريا بويىدا قامال بولغىنىن ،
ناچار قالغىنىنى مەيدان ئىچىدە ،
تاماقسىز ھارغىنىن ئارمان ئىچىدە ،
جەھرەمدىن تېز كەلدى شاھ ئايۋىنىغا ،
ھېسابسىز قوشۇننى ئېلىپ يېنىغا .
شاھ گەنجىنى قىلدى ئۇ تالان ـ تاراج ،
قوشۇنىغا بەردى ئۇ تىللا ۋە تاج .
مۇنداق غەم باسقاندا ئۇنىڭ ئۆيىدە ،
ئەردەشىر تاڭ قالدى دەريا بويىدا .
دېدى ، ئۆز ئۆيۈمنى تىكلىمەي نېچۈن ،
دۈشمەنگە قاراتتىم يىگىتلىك كۈچۈم ؟
سەردارلارنى چىللاپ ھۇزۇرىغا شاھ ،
مېھرەك قىلمىشىدىن ئەيلىدى ئاگاھ .
دېدى : « سۆزلەڭ قانداق قىسمەت يار بولدى ،
نېچۈن دۇنيا ماڭا مۇنچە تار بولدى ؟
ھايات ئاچچىقىنى كۆپ تارتتىم ، لېكىن ،
خىيال قىلمىغانتىم مېھرەك قىلمىشىن . »
سەردارلار دېيىشتى : « ئايا شەھرىيار ،
بېشىڭغا يامان كۈن چۈشمىسۇن زىنھار .
پەيىت پايلاپ يامانلىق قىلىپتۇ مېھرەك ،
مۇندىن ساراسىمگە قالماق نە كېرەك ؟
سەن شاھى ئەزىمسەن ، كەيخان سېنىڭكى ،
بارچىمىز غۇلامىمىز ، پەرمان سېنىڭكى . »
ئەمىر ئېيتتى ، داستىخان سېلىندى شۇ تاپ ،
سازەندىلەر كېلىشتى قولدا جام ، شاراب .
كەلتۈرۈپ بىھېساب قوزىلار قىردىن ،
بەررە گۆش يېيىشكە كىرىشتى بىردىن .
ئەردەشىر ئېگىشىپ ئالماق ئۈچۈن نان ،
قولنى ئۇزاتقان چېغى ، ناگاھان ،
ئوق كېلىپ قادالدى قوزا گۆشىگە ،
ۋە پېتىپ كەتتى ئۇ گۆشنىڭ ئىچىگە .
ئۇلۇغلار ، سەردارلار بولۇشتى ھەيران ،
داستىخان بىردىنلا يىغىلدى شۇئان .
ئۇلارنىڭ يۈرىكى غەمدىن بولدى غەش ،
ئوقنى تارتىۋالدى گۆشتىن لەشكەركەش .
شۇ دەم ئۆتكۈر ئوقدا بىر خەت كۆرۈندى ،
مىرزا خەت ئوقۇدى ، تىڭلاپ تۇرۇلدى .
پەھلەۋىي يېزىقتا يېزىلغانتى خەت :
« ئەي شاھ ئايان بولسۇن ساڭا نەسىھەت .
بۇ ئوقنى يوللىدى قەلئەنىڭ تېمى ،
قۇرتنىڭ ۋەجىدۇر قەلئە ئارامى .
ئەگەر ئەردەشىرگە ئاتقان بولسام ئوق ،
جىسمىنى تېشەتتى ، بۇڭا شۇبھە يوق .
شەھرىيارغا ھاجەت يوقتۇر ، ئۇ بىلسۇن ،
ئىش شۇنداق ، قۇرتنى چوقۇم يوق قىلسۇن ! »
شاھقا ئوقۇپ بەردى مىرزا بىرمۇ بىر ،
ۋە خەتنىڭ سىرلىرىن قىلدى ئۇ تەبىر .

قەلئە مۇساپىسى نەق ئىككى پەرسەڭ ،
سەردارلار ھەيرەتتە بولۇپ قالدى تاڭ .

يەزداننىڭ نامىغا ئوقۇشتى دۇئا ،
دېيىشتى يەزداننىڭ ئىلكىدە دۇنيا .

## ئەردەشىرنىڭ قۇرت ئىشىدىن خەۋەر تاپقانلىقى ۋە تەدبىر بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى

شاھ قۇرت توغرۇلۇق كۆپ قاتۇردى باش ،
تا ئاينىڭ ئورنىنى ئالغۇچە قۇياش .
قوشۇننى جەم قىلدى ئۇزاقماي شۇئان ،
ۋە پارس تەرەپكە بولۇشتى راۋان .
قوشۇننىڭ كەينىدىن قوغلايتتى دۇشمەن ،
بىر تۇزاق ئويلايتتى ھەر خىل قەست بىلەن .
نەچچە نامدارلارنى ئۆلتۈرۈپ بىر ـ بىر ،
شەھرىيارغا سالدى زەخمەتلەر ئېغىر .
بىر سادا ئاڭلاندى : بۇ قۇرت بەختى ،
پارلاق بولسۇن دائىم بۇ قۇرت تەختى !
دەر ئىدى ھەر كىشى : بۇ قانداق سەۋدا !؟
بۇڭا تەڭ كەلمەكلىك مۇمكىنمەس ئەسلا .
گاھ ئېدىر ، گاھ يارلىق دۇچ كەلگەن چېغى ،
ۋەھىمە ئىلكىدە شاھ تىترەر ئىدى .
بىرى قوغلىغاندەك چاپتۇراتتى ئات ،
كەڭ بىر شەھەرىستان كۆردى ئۇ ئاۋات .
بىر ئۆيگە يۈز تۇتۇپ يېقىنراق كەلدى ،
ئۇ يەردە ئۇ ئىككى يىگىتنى كۆردى .
ئۇ ئىشىك ئالدىغا يېتىپ بارغان چاغ ،
نا تونۇش يىگىتلەر سوراشتى سوراق :
« بىمەھەل بۇ پەيتتە قايان بارۇرسىز ،
ئۇستۇشىڭىز چاڭ ، نېچۈن خارابسىز ؟ »
شاھ دېدى : « بۇ يولدىن ئۆتتى ئەردەشىر ،
بىز ئۇنىدىن ئادىشىپ ئايرىلدۇق ئاخىر .
قۇرت ھەم ھەفتۋادتىن ئۇ قاچاتتى ،
دەھشەتلىك قەھرىدىن ھالى يەر ئىدى . »
بۇ دەردلىك ھالەتتىن بولۇپ مەيۇس ھال ،
تولغاندى يىگىتلەر جايىدا دەرھال .
ئۇنىڭغا تەھسىنلەر دېيىشىپ بىللە ،
يولچىنى ئېگەردىن چۈشۈردى يەرگە .
بىر خۇشال مەنزىرە تەق بولدى شۇ دەم ،
نېمەتلەر تىزىلدى داستىخانغا ھەم .
شاھ بىلەن ئولتۇرۇپ بىللە ئىككى ياش ،
ھۇرمەتلەر كۆرستىپ بولدى سۆھبەتداش .
ئۇنىڭغا دېيىشتى : « ئەي زاتى كەرەم ،
داۋام قىلماس ھەر كۈن شادلىق ، غەممۇ ھەم .
ئەسكە ئال شۇ زالىم زەھھاك ھالىنى ،
ئەل بېشىغا سالغان رەنج ئۇۋالىنى .
ئەفراسىياپ ئۆتتى خۇسۇمەتلىك مەرد ،
ئۇنىدىن شەھرىيارلار دىلى تاپتى دەرد .
ئىسكەندەر جاھانغا بولدى ھۆكۈمدار ،
ئۆلتۈردى كىم بولسا ئەلدە شەھرىيار .
ئۆتتۇشتى ھەممىسى ، قالدى يامان نام ،
بېھىشتە ئۇلارغا يوق ئورۇن ـ مەقام .
شۇ ئىرۇر ھەفتۋاد نەسۇسى ھەم ،
بەد نەسلى تاپقۇسى ئالەمدىن بەرھەم . »
ئۇلارنىڭ سۆزىدىن شاھ بولدى كۆپ شاد ،
دىل باھار گۈلىدەك ئېچىلدى كۇشاد .
يىگىتلەر سۆزلىرى شاھقا ياققاچ خۇش ،
قايغۇدىن پۈتۈنلەي بولدى فەراموش .
دېدى : « ئەردەشىرمەن ، ساسانغا پەرزەنت ،
ماڭا ھاجەت بۇگۈن قۇتلۇق نەسھەت . »
ئىران لەشكەر بېشى رازى بولغان ئان ،
تەزىم بەجا قىلدى بۇ ئىككى ئوغلان .
ھەر ئىككىسى دېدى : « دائىم بەختلىك بول ،
سەندىن يىراق بولسۇن دائىم قارا قول !
بىز قۇلۇڭ بولايلى تا تەندە جان بار ،
سېنىڭ جېنىڭ بولسۇن مەڭگۈ بەر قارار .
ئەمدى سوئالىڭغا بىرەيلى جاۋاب ،
ئەڭ دانا چارىنى ئۆزۈڭ ئويلاپ تاپ .
ھەفتۋاد قۇرت جېڭى ، بۇ ئوڭاي ئەمەس ،
ھىيلە ئىشلەتمىسەڭ يېڭىپ بولماس ، بەس .
بىر قەلئە قۇرغان ئۇ تاغنىڭ ئۇچىغا ،
قۇرت ، لەشكەر ، خەزىنە ئۇنىڭ ئىچىدە .
ئالدى شەھەر ئۇنىڭ ، ئارقىسى دەريا ،
يولىدىن ئۆتەلمەس جەڭ ئېتى ھەتتا .

قۇرت ئەھرەمەننىڭ باغرىدىن چۈشكەن ،
ھەتتا تەڭرىگىمۇ ئۇ قۇرت دۈشمەن .
گەرچە ئاتالسىمۇ ، مەخلۇق قۇرت ، دەپ ،
ئۇنىڭغا لايىقتۇر دىۋە دېگەن گەپ . »
ئاڭلاپ قۇرت سېھرىن ئەردەشىر بۇ دەم ،
يىگىتلەر سۆزىگە كۆڭۈل بۆلدى ھەم .
ئۇلارغا دېدىكى : « گېپىڭلار راۋا ،
ياخشى ـ يامان كۈندە مەن سىلەرگە ئاشنا . »
يىگىتلەر ھەم جاۋاب قىلىشتى مەمنۇن ،
شاھنى قىلىشتى خۇشال ھەم مەپتۇن .
دېيىشتى : « بەندىمىز سېنىڭ قولۇڭدا ،
يولدىشىڭ بولايلى ياخشى يولۇڭدا . »
يىگىتلەر سۆزىدىن يورۇپ كۆڭۈل ـ دىل ،
شاھ تۇردى ئورنىدىن بولۇپ ھەم ئاقىل .
ئۇ يەردىن ئايرىلىپ يولغا چۈشتى شاھ ،
شاھقا بۇ يىگىتلەر بولۇشتى ھەمراھ .
كۆڭۈلدىن قاچۇرۇپ ئېغىر قايغۇسىن ،
ئەردەشىر شەھرىگە قايتتى شۇ يوسۇن .
سىپاھ ھەم لەشكەرنى بۇندا قىلدى جەم ،
توپلىدى تەدبىرلىك سەركەردىلەر ھەم .
نەچچە كۈن دەم ئېلىپ قىلىپ ئادالەت ،
مېھرەك نوشزاد تامان قامچىلىدى ئات .
مېھرەك ئەردەشىرگە جەڭ ئاچالمىدى ،
ئالەم ياپقان بەختىن ئۇ ئاچالمىدى .
يېقىن بارغان چېغى جەھرەمگە پادىشاھ ،
پىنھان بولدى ئۇندىن مېھرەك بىۋاپا .
قىساسقا شاھ دىلى تولغاندى لىق ،
ئەسىر چۈشتى ئاخىر ، بۇ مەككار قىلىق .
ھىندى شەمشىرىدە قىرقىلدى بېشى ،
ئاتەشتە ئۆرتەندى باشسىز جىسمىنى .
بارچە ئەۋلادىنى بىر ـ بىر سويدۇردى ،
خەنجەر بىلەن تۇتقان ھامان ئۆلتۈردى .
پەقەت تاپالمىدى ئۇنىڭ بىر قىزىن ،
بارچە شەھەرلەردىن ئىزلەپمۇ ئىزىن .

## ئەردەشىرنىڭ ھەفتۋاد قۇرتىنى ئۆلتۈرگەنلىكى

ئەردەشىر قەستى قۇرت بىلەن جەڭ ،
قوشۇنغا لازىمتى يەڭمەكلىك لەھەڭ .
ئون ئىككى مىڭ لەشكەر بولدى چەۋەنداز ،
تۇلپارلار ئۈستىدە قىلىشتى پەرۋاز .
پاراكەندە قوشۇن يەنە بولدى جەم ،
يېتىشتى تاغ سايان بېسىپ تېز قەدەم .
بىر يىگىت بار ئىدى شەھرگىر ئاتلىق ،
ئەقىللىق سەرداردى ، جەسۇر ، سۇباتلىق .
شاھ ئاڭا بۇيرۇدى : « ئايا پەھلىۋان ،
سەن مۇندا چىڭ تۇرغىن ھەردەم ، ھەر قاچان .
تۇن ۋە كۈن قوشۇنلار ئۇيقۇسىز بولسۇن ،
تەدبىر كارلىق بىلەن ھەم ھوشيار تۇرسۇن .
قوشۇنغا پاسبان بولۇڭ ئەرتە ـ كەچ ،
لەشكەرلەر ھەرۋاقىت بوش كەلمىسۇن ھېچ .
قوللاپ ئىسفەندىيار ـــ ئەجدادىم قولىن ،
مەن ئەمدى تۇتقايمەن بىر ھىيلە يولىن .
كۈندۈزى قەلئەدىن كۆرۈنسە تۈتۈن ،
يا قۇياشنەك يالقۇن بولسا قارا تۈن ،
بىلىڭكى قۇرتنىڭ پۈتتى ئازارى ،
ئۆچتى يۇلتۇزى ھەم تىنىدى بازارى .
يەتتە مەردنى ئالدى قوشۇندىن يانغا ،
ھەر بىر جەڭلەردە ئوخشار قاپلانغا .
ئۇلار ئەردەشىرگە ئىدى ھەم پىكىر ،
ھەتتاكى شامالغا ئاچماس ئىدى سىر .
خەزىنىچىدىن ئالدى كۆپتىن ـ كۆپ گۆھەر ،
دىنارلار ئېلىشتى ، ئېلىشتى مال ، زەر .
خىلمۇ خىل بۇيۇمنى تاي ـ تاي جەملىدى ،
قەلەي ھەم قوغۇشۇن يەنە غەملىدى .
قوشتى يۈك ئىچىگە بىر چويۇن قازان ،
تاكى مۇشكۈللۈكنى قىلاي دەپ ئاسان .
تەق ، بەجا ئەيلىگەچ بار نەيرەڭنى ،
ئېغىلدىن ئالدۇردى ئۇ ئون ھاڭگىنى .
زەر ۋە كۈمۈشلەرنى يۈكلىدى چاققان ،
ئۆزلىرى كىيىشتى ئېسىل يۇڭ چەكمەن .
كەسىپ قىلىپ مەيۇس بىر شىكەستە ھال ،
ئۇلار قەلئەسىرى يۈرۈشتى دەرھال .
قىشلاقتىن قوشۇلغان ئىككى يىگىت ھەم
بۇ يولدا ئۇلارغا بولۇشتى مەھرەم .

ئۇلار سىرداش ئىدى ھەم مەسلىھەتداش،
ھەم ئىدى ئاق كۆڭۈل، ئىدى پىكىرداش.
يول يۈرۈپ قەلئەگە يەتكەندە كارۋان،
بىر نىدا چىقاردى سەزسۇن دەپ پاسىبان.
پاسىبانلار سورىدى ئۇندا بوپ تەييار:
«ساندۇقلار ئىچىدە قانداق نەرسە بار؟»
شەھرىيار دېدى: «بۇ يۈكلەر ئارا،
بار ھەر خىل مال ـ بۇيۇم ۋە ھەر خىل ماتا:
كىمخاپ لىباسلار بار، كۈمۈش بار، زەر بار،
دىنار بار، شاھانە ھەر خىل گۆھەر بار.
ئۆزۈم خۇراسانلىق مەردۇم ئىرۇرمەن،
دەرد تارتىپ، راھەتتىن مەھرۇم ئىرۇرمەن.
ئۇ قۇرت ساق بولسۇن پىقىر بەختىگە،
تەزىم بىلەن كەلدىم قۇرت تەختىگە.
ئاڭا قانچە خىزمەت قىلسام راۋادۇر،
ئامەت ئۇ تۇپەيلى ماڭا ھەمراھتۇر.»
ئاڭلاپ ئۇ قۇرتقا ئاتالغان سۆزنى،
ئاچتى مېھمانلارغا پولات قوۋۇقنى.
قەلئەنىڭ ئىچىگە كىرگەندە كارۋان،
بۇ يەردە نامدارلار ئېچىشتى دۇكان.
ئەردەشىر بوخچا ھەم ساندۇقنى ئاچتى،
ئالغۇزۇپ دىنارلار، زەرلەرنى چاچتى.
ئۆزىنى خىزمەتكار ئورنىغا قويۇپ،
داستىخان يايدى ئۇ نېمەتلەر قويۇپ.
ئېچىپ ئوتتۇرىدا تۇرغان ساندۇقنى،
قەدەھلەرگە تۆكتى مەي ھەم ھېققىنى.
سۈت بىلەن گۈرۈچتىن ياسالدى تائام،
لەشكەرلەر يايرىشىپ ئېلىشتى ئارام.
شارابتىن ئۆزىنى تارتىشتى ئەمما،
ئىش ۋاقتىدا كەيپ كۆرمىدى راۋا.
ئەردەشىر كۆزىتىپ تۇتتى شۇنداق يول،
دېدى: «گۈرۈچ بىلەن سۈت بىزدە مول.
ئۈچ كۈن ئورنىڭىزدا خىزمەت قىلاي مەن،
قۇرتنى پەرۋىشلەپ ئوبدان كۈتەي مەن.
بۇ ئىشتىن جاھاندا نام تاپسام شايەت،
بەختىيار سانايتتىم ئۆزۈمنى غايەت.
سىلەر ئۈچ كۈن ئىچىڭ مەن بىلەن شاراب،
تۆتىنچى كۈن يېتىپ چىققۇچە ئاپتاپ.
بىز بىنا قىلايكى بۇ يەردە بۇنياد،
ھەم ئېگىز، ھەم كەڭرى بولسۇن ئۇ ئاۋات.
مەن سودا ئادىمى، خېرىدار تەلەپ،
قۇرت تۇپەيلى تاپسام ئابروي شەرەپ.»
پاسىبانلارنى قىلدى بۇ سۆزلەر خۇشال،
دېيىشتى: «بوپتۇ سەن قۇرتتىن خەۋەر ئال.»
يەنە شۇنچە ماللار قىلىندى ئىنئام،
قوللاردا ئويناشتى شاراب تولغان جام.
قەدەھ بىر ـ ئىككى رەت ئۆتكەچكە تەكرار،
بارچە خىزمەت ئەھلى مەست بولدى سۇۋار.
مەينىڭ شىددىتىدىن تۇتۇلغاندا تىل،
يەتتى كۈتكەن پەيتكە ئۇ شاھى ئادىل.
مەدەننى تولدۇرۇپ قازاننى ئاستى،
ئوتلارنى ياقتى ھەم ئوتۇنلار باستى.
قۇرتنىڭ غىزالىق ۋاقتى يەتكەندە،
قازاندا مەدەنلەر قايناپ كەتكەندە.
ئەردەشىرنى كۆرۈپ ياۋۇز مەخلۇقات،
ئاغزىنى كاپىشتىپ تەلپۈندى پات ـ پات.
ئاغزىغا قۇيۇلدى چوغ رەڭلىك مەدەن،
ئۇ قاتتى بىردىنلا قىمىر قىلماي تەن.
بوغزىدىن بۇس چىقتى، مەدەن لەرزىسى،
تامامەن ئۆرتەندى ئۇنىڭ گەۋدىسى.
يىگىتلەرنى چارلاپ شۇ دەم ئەردەشىر،
قولىغا ئالدۇردى گۈرزە ھەم شەمشەر.
ئۇ مەستلەر قېشىغا تېزدىن بېرىشتى،
ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، بېشىن ئېلىشتى.
قەلئەنىڭ تېمىدىن چىققان قارادۇت،
بۆكتۈرمە لەشكەرنى قىلىشتى خۇشنۇد.
شەھرىگىر قاراۋۇلى يەتكۈزدى خەۋەر:
«ئەردەشىر بۇ جەڭدە قازاندى زەپەر!»
قوشۇنمۇ تېز يېتىپ كەلدى شۇ زامان،
لەشكەرلەر كېلىشتى غالىب شاھ تامان.

## ئەردەشىرنىڭ ھەفتۋادنى ئۆلتۈرگەنلىكى

بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولدى ھەفتۋاد،
غەزەپتىن خىرقىراپ كەتتى دەپ: «ھەيھات!»

يەتتى قەلئەگە تېز ئۈچ مەقستىدە ،
شەھرىيار تۇراتتى قەلئە ئىچىدە .
پايدىسىز ئۇرۇندى ، نەپسىز تۆكتى تەر ،
چۈنكى بۇ قەلئەنى ئىگىلىگەن شىر .
قوشۇنلار يېپىلدى بىمىسالى تاغ ،
ۋە لېكىن ئېرىشكەنلىرى دەردۇ داغ .
ئەردەشىر بۇيرۇدى : « شەھرگىر ، جەڭ قىل ،
دۈشمەنىنىڭ ھالىنى ھەرلەھزە يەر قىل .
ئارىدىن يوق قىلساڭ ھەفتۋادنى گەر ،
يوقالغاي رەنجىمىز ، تىكلەنگەي زەپەر .
مەن قايناق مەدەنىنى ئىچۈردۈم قۇرتقا ،
ئەمدى ئۇ داغدۇغا سالالماس يۇرتقا . »
ئاڭلىشىپ لەشكەرلەر شاھنىڭ ساۋىقىن ،
تېز كىيدى بېشىغا جەڭنىڭ قالپىقىن .
ئۆزىنى مەيدانغا تېز چاغلىشىشتى ،
قىساس ئالماق ئۈچۈن بەل باغلىشىشتى .
دۈشمەنگە قۇيۇندەك چاپتۇردى ئاتنى
ۋە ئەسىرگە ئالدى ئۇ ھەفتۋادنى .
قولغا چۈشتى ئۇنىڭ شاھۇسى ــ جېنى ،
ھەييار لەشكەر بېشى ، ئەڭ چوڭ ئوغلانى .
قەلئەدىن ئەردەشىر چىقتى سەرەفراز ،
شەھرگىر ھەم بولدى لەشكەرگە پېشۋاز .
ئالتۇن يوپۇق تۇلپار تەييار قىلىندى ،
شەھرىيار تۇلپارغا سۆلەتتە مىندى .
بۇيرۇدى قوشۇنغا ئۇلۇغ شەھرىيار ،
ساھىلدا تىكلەندى ئىككى ئېگىز دار .

ئۇلارنى تىرىكلا ئېسىشتى دارغا ،
تەگمىدى ئەبلەخلەر ئايىغى يەرگە .
ئاندىن ئوق ياغدۇرۇپ چارە قىلىشتى ،
ئىككى ئىبلىس تەنىنى پارە قىلىشتى .
تالان ــ تاراج بولۇپ ئۇنىڭ بار مۈلكى ،
لەشكەرىن تارقاتتى تۈگىگەچ مۈلكى .
چاكارلار قەلئەدىن تامام كېتىشتى ،
قانچە بىسات بولسا ئېلىپ كېتىشتى .
ئېسىل ئەشيالاردىن تۈزۈپ زىچ كارۋان ،
ئۆزىنىڭ شەھرىگە بولۇشتى راۋان .
شاھ مۇندا قۇردۇردى بىر ئاتەشخانا ،
جارى قىلدى ئۇندا ئىبادەت سادا .
سادىق يىگىتلەرنىڭ ئېچىپ بەختىنى ،
تاپشۇردى ئۇلارغا قەلئە تەختىنى .
بۇ يەردىن يول سېلىپ غالىب ۋە دىلشاد ،
پارس يۇرتىغا يايدى ئۇ ئادالەت .
بۇ ئەلنىڭ ئاھالى بولغاچ بەختىيار ،
زۇر شەھرى تامانغا ئۇ تارتتى لەشكەر .
كىرمانغا ئەۋەتتى بىر قانچە سىپاھ ،
مەردلەردىن بىرىنى ئاڭا قىلىپ شاھ .
ئاندىن ئات سالدى ئۇ تەيسەفۇن ياققا ،
ياۋۇزلار تەختىنى كۆمۈپ تۇپراققا .
جاھان شاھلىرىنىڭ شۇ ئىرۇر رەسمى ،
دىلىدا ئاياندۇر بۇ ئادەت كەسپى .
ئۇلار ساز بولمىسا ، سەن سازلىق قىلغىل ،
بۇ ئالەم ئېگىز ــ پەس ئىكەن ، سەن بىلگىل .



# ساسانىيلار پادشاھلىقى

## (قىرىق يىل ئىككى ئاي داۋام قىلغان)

### ئەردەشىرنىڭ تەختكە چىققانلىقى

باغداتتا ئىگىلەپ ئۇ تەختى جاھان ،
گۆھەردىن تاج كىيدى بېشىغا شۇ ئان .
بەلدە كەمەر ، قولىدا گۈرزە شاھانە ،
قارارگاھى بولدى گۈزەل كاشانە .
ئۇنى شاھىنشاھ دەپ ئەل ئېلىشتى تەن ،
تەن ئالغان چىقمىدى ھېچ گۇشتەسپتىن .
شاھلىق تاجىنى باشقا قوندۇرغان چاغدا ،
شۇنداق سۆز قىلدى ئۇ ئالتۇن تەختتە :
« ئادالەتتۇر مېنىڭ ئالەمگە گەنجىم ،
ئالەمنىڭ ھاياتى بەختىم ۋە رەنجىم .
بۇ گەنجنى كىم مەندىن تارتىۋالىدىغاي ،
يامانلاردىن ئەلگە يامانلىق قالغاي .
ئادىللىق شاد قىلسا شاھى پەلەكنى ،
ئايىماس بەندىدىن ئۇ سىقىم خاكنى .
جاھان باشتىن ــ ئاياغ پاناھىمدىدۇر ،
ئادالەت مۈلكى بۇ دەرگاھىمدىدۇر .
ئەمما ھۆكمىمدىكى سەردارلىرىمدىن ،
لەشكەر باش ۋە جەڭچى نۆۋكەرلىرىمدىن ،
ھېچكىم يوشۇرماستىن دىلدا نىيىتىنى ،
ئەلگە بېغىشلىسۇن سەممىيىتىنى .
كىمكى ياخشى نىيەت سېلىپتۇ دىلگە ،
بۇ دەرگاھ ئىشىكى ئوچۇقتۇر ئەلگە .»
بارچە ئەل بىلدۇردى ئاگا ئاپىرىن ،
دېيىشتى خەيرىڭدىن گۈللەنسۇن زېمىن .
ئەۋەتتى ئەردەشىر ھەر ياققا لەشكەر ،
دېدى گەر كۆرۈنسە دۇشمەندىن ئەسەر ،
ئۇ تۇتقۇن بېشىنى تېنىدىن ئۈزۈڭ ،
تەخت ۋە تىغ قۇدرىتىن ئاگا كۆرسىتىڭ .

### ئەردەشىر بىلەن ئەردەۋان قىزىنىڭ سەرگۈزەشتىسى

قاچانكىم ئۆلتۈردى شاھ ئەردەۋاننى ،
ئۇنىڭ قىنى بىلەن ئالدى جاھاننى .
ئاندىن نىكاھىغا قىزنى ئالدى شاھ ،
خەزىنە سىرىدىن بولغاي دەپ ئاگاھ .
ھىندىغا قېچىپتۇ ئىككى پەرزەنتى ،
ياخشى ھەم يامانىنىڭ بولۇپ پەيۋەندى .
ئىككىسىن ئەردەشىر زىندانغا سالغان ،
ئاتىسى تىرىكلا دارغا ئېسىلغان .
چوڭ ئوغلى ھىندىدا تاپقانتى نىجات ،
ئىسمى بەھمەن ، ئۆزى ھۈنەرلىك بىر زات .
ئۇ دانا ئىزلەيتتى ، بىر ئەلچى بولسا ،
سۆزىگە ھەم كۆنۈپ ، دېگەننى قىلسا .
شاھلىقتىن تاپمىغاچ ئۇ قىلچە بەھىر ،
قەستچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى زەھەر .
دېدىكى : « سەن بۇنى سىڭلىمغا يەتكۈز ،
شاھتىن شەپقەت كۈتمىسۇن ئۇ ، بەس .
دېگىن ھىندىستاندا ئىككى ئاكاڭ بار ،
رەنجۇ بالالارغا بولغان گىرىپتار .
ئىككىسىنىڭ ئۇ يەردە ماكانى زىندان ،
كۆزىدىن ياش ئاقار ، كۆكرىكىدىن قان .
بىزدىن بىخەۋەر سەن ھەمدە بىمېھىر ،
بۇ ئىشنى كەچۈرمەس پەلەكمۇ ھېچبىر .
ئىستىمىسەڭ ئىرانغا بانۇ بولۇشنى ،
جاھان مەردلىرىگە تەققاس بولۇشنى .
بۇ ھىندى زەھىرىن يوشۇر بىر يەرگە ،
پەيت تېپىپ ئىچۈرگىن شاھ ئەردەشىرگە . »
يېتىپ كەلدى قەستچى بىر كۈن كەچ زامان ،
ۋە قىزغا يەتكۈزدى شۇ خىلدا بايان .

كۆيدۈردى دىلىنى ئاكىلار ھالى ،
باغرى ياندى قىزنىڭ ئاتەش مىسالى .
ئۇ ئالدى قەستچىدىن زەھەرنى شۇئان ،
ئەمەلگە ئاشۇرماق بولغاچقا ئارمان .
كەتكەندە چارچىغان قۇياش ھالىدىن ،
قوشۇنلار قايتىشتى شىكار ــ ئوۋىدىن .
سالغاندا ئەردەۋان قىز تامان ئۇ يول ،
پادىشاھ ئالدىغا چىقتى تېز ئۇ گۇل .
ياقۇت جام ئۇزاتتى شاھقا ئۇل مەلەك ،
شېرىننى سۆزلىرى ئۇنىڭدىن بۆلەك .
بەھمەن ئەمرىنى ئۇل قىلماققا بەجا ،
شېكەرگە زەھەرنى قىلغان ئىدى جا .
ئەردەشىر قولىغا جامنى ئالغان چاغ ،
جام يەرگە چۈشتى ھەم ئۇ سۇندى شۇنداق .
شاھ قىزنى قورققاندىن تىترىدى شۇنچە ،
يۈرەك يېرىلغۇدەك دەھشەت ئىچىدە .
بەتگۇمان بولدى شاھ كۆرۈپ قىز ھالىن ،
ناھەت چەرخ ئىستەرمىش قىزنىڭ زاۋالىن .
شاھنىڭ ئەمرى بىلەن خىزمەتكار شۇ دەم ،
تۆت توخۇ كەلتۈردى ئۆتمەي قانچە دەم .
توخۇلار مەي يۇقىن ئىچكەن زامانى ،
ئىسپاتقا ئېرىشتى شاھنىڭ گۇمانى .
توخۇلار زەھەردىن شۇنچە تېز ئۆلدى ،
شۇ زامان شاھ دەھشەت غەزەپكە كەلدى .
مۇبەدۇ ۋەزىرنى چاقىردى شۇئان ،
ئۇلار شاھ قېشىغا كېلىشتى چاققان .

ۋەزىردىن پادىشاھ سورىدى شۇندا :
« ئەگەر بىر بەتنىيەت تەختىڭگە چىقسا ،
مۇنچىلىك ھۆرمەتتىن بولسا شۇنچە مەست
ۋە سېنىڭ جېنىڭغا ئۇ ئەيلىسە قەست ،
مۇشۇنداق ئادەمگە جازا نە بولغاي ،
مۇشۇنداق قىلمىشقا سازا نە بولغاي ؟ »
ۋەزىر جاۋاب قىلدى : « سەردار ، سەركەرلەر ،
جاھاندار جېنىغا قەست قىلسا ئەگەر ،
گۇناھكار بېشىنى كەسمەك ئىرۇر شەرت ،
پەندۇ نەسىھەتتىن ئۇ ئالماس ئىبرەت . »
شاھ دېدى : « ئەردەۋان قىزى شۇئان
پارە ــ پارە قىلىنسۇن ، قالمىسۇن نىشان . »
مۇبەد شاھ قىزنى يېتەكلەپ چىقتى ،
گۇناھكار قىز دىلىن ئىزتىراپ سىقتى .
مۇبەدكە دېدىكىم : « ئايا ، ئەي دانا ،
مەندىنمۇ ، سەندىنمۇ قالۇر بۇ دۇنيا .
مېنى ئۆلتۈرمەككە قىلىپسەن قارار ،
بىلكى ، ئەردەشىردىن بويۇمدا بالام بار .
قېنىمنى تۆكمەككە لايىق بولسام گەر ،
دارغا ئېسىلمىقىم يەنە مۇقەررەر .
گۆدەك تۇغۇلغۇچە تاقەت قىل پەقەت ،
ئاندىن شاھ ئەمرىنى بىجىر بىشەپقەت . »
مۇبەد سۆزنى ئاڭلاپ كەينىگە قايتتى ،
بۇ سۆزنى ئەردەشىر شاھىغا ئېيتتى .
شاھ دېدى : « بۇ سۆزگە قۇلاق سالمىغىل ،
بوينىغا كەمەند سال ، ئەمرىم ئىجرا قىل . »

## ئەردەشىر ئوغلى شاپۇرنىڭ تۇغۇلغانلىقى

بۇ قانداق ناھەقلىق ئويلىدى مۇبەد ،
ئەردەشىر غەزىپىن بىر كۈن قىلار ياد .
ياش ــ قېرى بىر كۈنلەر ئۆلىدۇ ئەمما ،
پادىشاھ ئوغۇلسىز ـــ بۇ بىر مۇئەمما .
نەچچە يىل بولسۇن ئۆمرىنىڭ ۋاقتى ،
بىر كۈنى دۈشمەنگە قالىدۇ تەختى .
ياخشىسى مەن تاپاي يۈرەكلىك ئامال ،
پايدىسىز بۇ غەمدىن قۇتۇلاي دەرھال .
ئۆلۈمدىن قۇتقۇزاي مەن گۈزەل ماھنى ،
شايەتكى پۇشايمان قىلدۇرسام شاھنى .

كۆز يورۇپ پەرزەنتى كۆرگەندە دۇنيا ،
ئاندىن شاھ ھۆكمىنى قىلارمەن بەجا .
كۆڭلۈمدىن ئۆتمەكتە شۇ خىل ئەندىشە ،
ئەقىل نادانلىقتىن ئەۋزەل ھەمىشە .
قەسىردىن ئۇ تەيىن قىلدى بىر جاينى ،
يوشۇرۇن ساقلىماق بولدى ئۇ ئاينى .
دىلىدىن ئۆتكۈزدى : ھەتتاكى شامال
ئۇنىڭ پىنھان جايىن تاپماي قالسۇن لال .
ئاندىن ئويلىدى ئۇ دۈشمەن ئەمەس ئاز ،
ياخشى ــ يامان گۇمان ھەركىم ئۈچۈن خاس .

بىر چارە تاپاي تا مەن قازغان ئېرىق
بارچە غەيرىيلىكتىن بولسۇن ساپ، فارىغ.
ئۆزىن پىچىتى تېپىپ ئۇ خالىي بىر جاي،
دەرھال دورا بېسىپ، سۇردى يەنە ماي.
تۇز سەپتى ئەسۋابقا، ئۆتكۈزمەي ھايال،
ۋە سالدى قۇتىنىڭ ئاستىغا دەرھال.
مۆھۈر باستى شۇ ھامان قۇتىغا ئۆزى،
كەلدى ئۇ ئاھ ئۇرۇپ، سارغىيىپ يۈزى.
تېزدىن يېتىپ كەلدى ئالتۇن بارگاھقا،
مۆھۈرلۈك قۇتىنى ئۆزاتتى شاھقا.
ۋە ئاگا دېدىكىم: «ئايا شەھرىيار،
بۇنى گەنج قېتىدا ئاسرىغىن زىنھار.
يېزىلمىش قۇتىغا ئۇنىڭ تارىخى:
ئۇنىڭكى نىشانى بىلەن تەرىپى.»

## ئەردەۋان قىزىدىن ئەردەشىر ئوغلى شاپۇرنىڭ تۇغۇلغانلىقى ۋە ئەردەشىرنىڭ يەتتە يىلدىن كېيىن ئۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى تونۇۋالغانلىقى

تەۋەللۇت پۈرسىتى يەتكەچ ئاشۇ ئان،
ھەتتاكى سابادىن تۇتۇشتى پىنھان.
شاھتىن ئوغۇل كۆردى ئەردەۋان قىزى،
يۈزىدە خۇسرەۋلەر تەلئىتى، ئىزى.
قەسىرگە يولاتماي بىر ئىنسان زاتىن
ۋەزىر شاپۇر قويدى ئوغۇلنىڭ ئاتىن.
شاپۇرنى خىلۋەتتە تۇتتى يەتتە يىل،
يېتىلدى شاھانە تۇرقى بوپ ئوغۇل.
بىر كۈنى شاھ كۆزىدە كۆرۈپ تامچە ياش
ۋەزىر بۇ غەم سىرىن قىلماق بولدى پاش.
دېدىكى: «ئەي شاھىم، كۆڭلۈڭنى شاد ئەت،
شۇم خىيال نېچۈندۇر؟ ئۇنى بەربات ئەت.
دۇنيادا تاپقانسەن مۇرادۇ بەختىڭ،
دۈشمەن خۇرۇجىدىن خالىيدۇر تەختىڭ.
بىھۇدە غەملەرنى ئۇنتۇغىن تامام،
خۇشاللىق بىلەن سەن قولغا ئالغىن جام.
يەتتە مۈلۈك پەرمانى سېنىڭ قولۇڭدا،
قوشۇن، ئەسلى دۆلەت سېنىڭ يولۇڭدا.»
شۇنداق جاۋاب قىلدى ئاگا شەھرىيار:
«ئايا پاك دىل مۇبەد، ساھىبى ئەسرار،
شەمشەر بىرلە قولغا ئالدۇق زامانىنى،
غەمدىن خالاس قىلدۇق ئۇشبۇ جاھاننى.
ئەللىك بىرگە يەتتى مېنىڭ ھەم يېشىم،
قارىنىڭ رەڭگى بىلەن بويالدى بېشىم.
نىتەيكى، ئوغلۇم يوق تۇتقىلى قولۇم،
رەھنەمالىق ئىچىدە تۇتقىلى يولۇم.
ئاتا ئوغۇلسىز ھەم، ئوغۇل ئاتىسىز.
بۇ ئازاب چۈشەنسەڭ ئازابتۇر تەكسىز.
مەندىن كېيىن ئالغاي دۈشمەن گەنجىمنى،
پەقەت تۇپراق باسار دەردۇ رەنجىمنى.»
چۈشەندى بۇ پەيتنى دانىشمەن ۋەزىر،
سىرنى ئاچماق پەيتى يېتىشتى ھازىر.
ئۇ دېدى: «ئايا شاھ، ئەي ئىنسان سۆيەر،
ئۆزۈڭ مەرد ئىرۇرسەن، يەنە ئادىل ئەر،
بىر قوشۇق قېنىمدىن سەن كەچسەڭ ئەگەر،
سېنى قۇتقۇزاتتىم غەمدىن مۇقەررەر.»
ئاگا پادىشاھ دەر: «ئەي ئەقىللىق مەرد،
مەن ساگا ئازارنى يۇقتۇرماسمەن، شەرت.»
ۋەزىر جاۋاب قىلدى: «ئەي دىلى روشەن شاھ،
پاك نىيەت ھۆكۈمدار، شۆھرەتلىك نىگاھ.
خەزىنىچى قولىدا ئەجەب قۇتا بار،
ئۇنى كۆرسە ئەرزىر ئىدى شەھرىيار.»
پادىشاھ بۇيرۇدى خەزىنىچىگە:
كەلتۈر بۇ قۇتىنى مۇشۇ ئايۋانغا.
كۆرەيلى نە ئىكىن قۇتا، نىھايەت،
بىزنى شۇم خىيالدىن قۇتقۇزسا شايەت.»
خەزىنىچى قۇتىنى تېز تېپىپ كەلدى،
ۋەزىرنىڭ قولىغا قۇتىنى سۇندى.
ۋەزىر شاھقا دېدى: «قايناق قېنىم بۇ،
تېنىمدىن كېسىلگەن شەرمىم ــ جېنىم بۇ.
قاچانكى ئەردەۋان قىزىن تاپشۇردۇڭ،
جېنىنى تېز ئال دەپ مېنى چاپتۇردۇڭ.
بالىسى بار ئىدى ئۇنىڭ بويىدا،
ئۆلتۈرمەكتىن قورقتۇم خۇدا ئالدىدا.
ئەمرىڭ ھەققى قىلماي جېنىمغا ئىنساب،
شەرمەمنى شارت كەستىم قىلىپ ئىتىراپ.

تا بىرى نامىنى يامان ئەتمىسۇن ،
تەخت دەرياسىغا گۆمران ئەتمىسۇن .
يەتتە ياشقا كىردى شاپۇرۇڭ ھازىر ،
بۇ ياشتا ۋەزىرلىك قىلماققا ئەرزىر .
ھېچ شاھتا يوق ئىرۇر مۇنچىلىك پەرزەنت .
خۇددى پەلەكتىكى تولۇن ئاي سۈپەت .
مېھىر بىلەن ئاڭا شاپۇر ئات قويدۇم ،
جاھان شادلىقىغا نامىنى ئويدۇم .
پاناھىمدا تاپمىش ئانىسى ھەم جاي ،
جاھانشاھ ئوغلىغا ئۇ پاناھ بولغاي . »
جاھان شاھى بۇندىن ھەيرەتتە قالدى ،
تۇرلۇك ئەندىشىنى خىيالغا ئالدى .
ئارقىدىن ۋەزىرگە سۆز قوشتى شۇدەم :

« ئايا دىلى روشەن ، پاك نىيەت ئادەم ،
بۇ سۆزلە قۇتقۇزدۇڭ مېنى كۆپ رەنجدىن ،
مەن ھەم خالاس قىلدىم سېنى ئىسكەنجدىن .
ئەمدى يەتتە ياشلىق بىر يۈز بالا ئال ،
ھەممىسىدە بولسۇن خۇش قەد ۋە جامال .
ھەممىسى كىيىنسۇن بىر خىلدا لىباس ،
ھېچ پەرقى بولمىسۇن ، بولسۇن شۇنچە ماس .
ھەممە گۆدەكلەرنى چەۋگەنگە ئەۋەت ،
ئويۇنلار قىزىغان مەيدانغا ئەۋەت .
نازىنىن گۆدەكنى كۆرۈپ مەيداندا ،
پەرزەنت مېھرى يانسۇن بۇ غەمكىن جاندا .
سۆزۈڭ راستلىقىغا گۇۋاھ بولۇپ دىل ،
پەيۋەستە بولۇشسۇن ئاتا ھەم ئوغۇل . »

## شاپۇرنىڭ چەۋگەن ئوينىغاندا ئاتىسىنىڭ تونۇۋالغانلىقى

ئول ۋەزىر بويسۇنۇپ ئالىي پەرمانغا ،
سەھەر يۈز گۆدەكنى سالدى چەۋگەنگە .
بىر ئىدى بوي تۇرقى ، ھەممىدە جامال ،
بىرىدىن بىرىنى پەرق ئەتمەك تەس ھال .
گويا مەيدان ئارا بۇ بىر توي ئىدى ،
بۇ مەيداننىڭ شاھى ياش شاپۇر ئىدى .
چەۋگەن ئويىنشاتتى مۇندا يۈز ئوغلان ،
ھەر بىرى سەنئىتىنى قىلىپ نامايان .
يېنىدا بىر نەچچە سىپاھى مەھرەم ،
كەلدى بۇ مەيدانغا شاھ ئەردەشىر ھەم .
كۆردى گۆدەكلەرنى مەيدانغا بېقىپ ،
بىر ئاھ چىقتى ئۇنىڭ باغرىنى يېرىپ .
ۋەزىرگە كۆرسىتىپ ئۇلاردىن بىرىنى ،
شاھ دېدى پەرزەنتىم شۇ ئوغلان ئۆزى .
مۇبەد جاۋاب قىلدى : « ئايا پادىشاھ ،
ھەقىقەتكە دىلىڭ بولدى چىن گۇۋاھ . »
خىزمەتكارغا دېدى ئەردەشىر خۇشال :
« گۆدەكلەر چەۋگىنىنى بېرىپ قولغا ئال .
شەۋق بىلەن گۆدەكلەر ئارا ئوينىغىل ،
ۋە چەۋگەن توپىنى ماڭا تاشلىغىل .
قاي بىرى يۈگۈرۈپ چاققان ۋە ئېنىق ،
ئۇلارنىڭ ئىچىدە خۇددى شىر يەڭلىغ .
پىسەنت قىلماي مەنسەپ ياكى ئۇنۋانىنى ،

مېنىڭ ئالدىمدىن ئالسۇن چەۋگىنىنى .
شۈبھىسىز مېنىڭ پاك پەرزەنتىم ئىرۇر ،
مېنىڭ جىگەر بەندىم ، پەيۋەندىم ئىرۇر . »
شاھنىڭ ئەمرى بىلەن خىزمەتكار شۇئان
ماڭدى تېز چەۋگەن مەيدانى تامان .
گۆدەكلەر چېپىشتى مىسالى چېقىن ،
ھەتتا ئەردەشىرگە كېپ قالدى يېقىن .
ھەممىسى توختاشتى قىلىشماي سادا ،
شاپۇر ئۆتتى شۇدەم تاقلاپ ئالدىغا .
چەۋگەننى ھولۇقماي قولىغا ئېلىپ ،
دوستلىرى يېنىغا تېز قايتتى غالىب .
شۇنچىلىك خۇش بولدى ئەردەشىر قەلبى ،
قېرى دىل بىردىنلا ياشارغان كەبى .
بالىدىن شاھ ئەھلى مەمنۇن ـ شاد ئىدى ،
ئۇنى كاپلا تۇتۇپ شاھقا سۇنۇشتى .
گۆدەكنى باغرىغا بېسىپ شەھرىيار ،
يەزدانغا تەھسىنلەر ئوقۇدى مىڭ بار .
ئوغلى يۈز ـ كۆزىگە سۆيۈپ ئەردەشىر
دېدى : « تۇتماق مۇشكۈل بولسا مۇنداق سىر .
بېشىمغا كەلمەستى مۇنداق پىكىر ـ ھال ،
ئۇلارنى ئۆلگەن دەپ قىلاتتىم خىيال .
ئەتمەككە تەختىمنىڭ ئۆمرىنى ئارتۇق ،
ئىگەم بىر يادىكار قىلىپتۇ تارتۇق .

قۇياشقا يەتسمۇ ھەتتاكى بېشىڭ ،
ئۇنىڭ ئىرادىسى بولغاي يولدىشىڭ . »
بۇيرۇدى كەلتۈرۈلۈك گەنجىمدىن ياقۇت ،
نە بولسا ــ گۆھەرمۇ ، دىنارمۇ ياخۇد .
بېشىدىن زەر ، گۆھەر چاچار ئىدى ئۇ ،
يەنە كۆپ مۇشىك ، ئەنبەر چاچار ئىدى ئۇ .
دىناردىن كۆرۈنمەس ئوغۇلنىڭ بويى ،
گۆھەردىن بىلىنمەس چېھرىسى ــ رويى .
ۋەزىر بېشىدىن ھەم كۆپ چاچتى گۆھەر ،
ھۇرمەتتە ئۇلتۇردى ، قىلىپ كۇرسىن زەر .
بىھەد بولدى ئاگا شاھنىڭ ئېھسانى ،
توشۇپ كەتتى مالغا قەسىر ــ ئايۋانى .
شاھ دېدى ، تېز كەلسۇن ئەردەۋان قىزى ،
كەلدى ئۇ چېھرىدە خۇشاللىق ئىزى .
ئەردەشىر كەچۈردى ئۇنىڭ گۇناھىنى ،
داغدىن پاك ئەيلىدى جامالى ماھىنى .
شەھەردىن جەم بولۇپ نەچچە دانىشمەن ،
ئوقۇتۇش جەھەتتە بىلىمدان ، چېچەن ،
ئوغلانغا ئۆگەتتى پەھلەۋىي خەتنى ،
سىڭدۈرۈپ ئوغۇلغا شاھلىق سۈپەتنى :
جەڭلەردە دۈشمەننى قانداق يەنچمەك ،
كۆكسىگە نەيزىنى قانداق سانجىماق ،
مەي ئىچمەك ، ساخاۋەت ، بەزم ئىشى يەنە ،
نەدۇر لەشكەر تۇتماق ، نەدۇر تەنتەنە .
پادىشاھ يىغىلدى دىرھەم مۆھرىنى ،
دىنار مۆھرىنى ۋە ئىشىنىڭ زوقىنى .
شاھ ئەردەشىر نامى زەرب بولۇپ بىر يان ،
فەررۇخ ۋەزىر نامى بولدى بىر تامان .
ۋەزىر داستان بولۇپ تىللاردىن تىلغا ،
شۆھرىتى تارالدى ئەللەردىن ئەلگە .
نامىلارنىڭ تېگىدە يالتىراپ نامى ،
ئاگا ئۆتتى مۆھۈر تۇتماق ئەھكامى .
دەرۋىشلەرگە بايلىق ھەدىيە قىلدى شاھ ،
ئىشلىرى مۇشەققەت ئىدى ، ئاھۇ ۋاھ .
تىكەنزار بىر چۆلنى قىلدى ئۇ ئاۋات ،
ئۇ يەردە بولدى باغ ۋە شەھەر بۇنياد .
جەندى شاپۇر نامىن ئالدى ئۇ شەھەر ،
مۇنچىلىك شەھەرنى كۆرمىگەن دەھر .

## ئەردەشىرنىڭ ھىند كەيدكە پال ئاچقۇزغانلىقى

شاپۇر بوي سوزغاندا مىسالى شەمشاد ،
ئەردەشىر قەلبىنى باستى بىر ناشاد .
ئۇلار بىر ــ بىرىدىن قالماستى يىراق ،
بىر ۋەزىردەك ئىدى شاھقا يېقىنراق .
شاھ قولى بوش ئەمەس جەڭدىن بىرەر كۈن ،
تاپماستى بىر جايدا قارارۇ يەكۈن .
بىر جاينى دۈشمەندىن تازا قىلسا گەر ،
بىر ياندىن يەنە بىر بىغەرەز چىقار .
ياد ئەيلەپ ئۇ جاھان ئىجادكارىنى ،
بىلسەم دەر ھەم پىنھان ھەم ئاشكارىنى .
جاھاننى دۈشمەنسىز قولغا ئالماي تا ،
ئۆزۈمنى يەزدانچى دېمەسمەن ئەسلا .
دانا ۋەزىر ئېيتىپ شاھ پىكرىن ئىدراك ،
دېدى : « ئۇلۇغ شاھىم ، ئەي نىيىتى پاك .
ھىندكەيدىنىڭ يېنىغا ئەۋەتكىل ئادەم ،
ئاگا ئايان ئىرۇر ئەسرارى ئالەم .
بىلەر ئۇ بۇ چەرخى گەردان ھېسابىن ،
خۇشاللىق ، قايغۇنىڭ ھېساب كىتابىن .
ھۆكمىڭدە بولسا گەر يەتتە مەملىكەت ،
سورىماس جاۋابقا مال ــ مۈلۈك پەقەت . »
ۋەزىردىن ئاڭلاپ شاھ مۇنداق ئۇگۇتنى ،
چاقىردى بىر ئېسىل ، ھوشيار يىگىتنى .
ھىندى داناسى تامان تېزدىن يوللىدى ،
قوشۇپ ئاگا ئات ھەم دىنار ماڭدۇردى .
دېدى : « بېرىپ ئېيتقىل ئاشۇ داناغا ،
ئاقىل ، سائادەتلىك ، مەرد رەھنەماغا .
يۇلتۇزلارغا بېقىپ ئېيتسۇن ئۇ ، قاچان
چاڭگىلىمغا كىرگەي بۇ چەكسىز جاھان ؟
چەكسەممۇ بۇ يولدا رىيازەت ۋە رەنج ،
چاچماي بىھۇدىگە خەزىنەمدىن گەنج . »
شەھرىيار ئەلچىسى كەيد بىر زامان
كەلدى ۋە سوۋغىلار قىلدى ئەرمۇغان .
باشلىدى ئەردەشىر پىكرىنى شۇندا ،
بىر ــ بىرلەپ ئەيلىدى سۆز بايان مۇندا .

كەيد ئۇندىن ھال سوراپ، بولدى دىل پارە،
بىلمىدىن ئىزدىدى تەدبىر ۋە چارە.
ئۈستىدىن يۇلتۇزغا ئۇ نەزەر سېلىپ،
مۇبەججىم كىتابىن قولىغا ئېلىپ،
كۆردى كۆز ئوگىدا يىراق جاھاننى،
كۆزەتتى پەلەكنى، چەكسىز ئاسماننى.
ئۇ دېدى ئەلچىگە: «قىلدىم سەر ھېساب،
ئىرانلىق شەھرىيار بەختىنى شۇ تاپ.
گەر مېھرەك نوشزادنىڭ گۆھەر پەرزەنتى،
بولسا شاھنىڭ ئوغلى، نىجات پەيۋەندى،
ئارام قونغاي ئۇنىڭ شاھلىق تەختىگە،
ھاجەت قالماس قوشۇن تارتماق بەختىگە.
كۆپىيەر گەنجى ۋە رەنجى بولۇر كەم،
شۇ ئىككى گۆھەردىن بەختى مۇستەھكەم.
شۇنداق قىلسا ئىران بەر قارار بولغاي،
ياخشى نىيەتلەر ھەم دىلغا يار بولغاي.»
ھەدىيە بېرىپ، كەيد شۇنى قىلدى قەيت:
«سۆزۈمنى يوشۇرماي پادىشاھقا ئېيت.
چەرخىنىڭ مەيلىگە كۆڭلىن قىلسۇن بەند،
ئېيتقان سۆزۈم قىلسا بولغاي ئۇ بەلەند.»
قايتىپ كەلدى شاھنىڭ قېشىغا ئەلچى،
بارچە ئاڭلىغاننى قويمىدى قىلچە.
شاھنى ھەيران قىلدى كەيدنىڭ سۆزى،
كۆڭلى غەمگە تولۇپ، سارغايدى يۈزى.
دېدى ئۇ: «بۇ قانداق كۈن ئىرۇر، ھەيھات،
كىم مېھرەك زاتىدىن ئىستەيمەن نىھات.
ناھايەت دۈشمەننى كىر گۈزۈپ ئۆيگە،
مۈلكۈمنى بەخش ئەتسەم قايسى بىر كىمگە!
ئىسسىت ئىسراپ بولغان شۇنچە گەنجلىرىم،
ئەلچى ئەۋەتكىنىم، تارتقان رەنجلىرىم.
مېھرەكتىن قالغىنى بىر پەرزەنت يالغۇز،
چىرايۇ رەڭگىنى ئەل كۆرمىگەن قىز.
بۇيرۇي مەن، تاپتۇراي ئاشۇ تەننازنى،
ئىزدەپ رۇمنى، چىننى، ھىندۇ تەرازنى.
تاپسام، ئوتقا سېلىپ بىريان ئېتەرمەن،
خار قىلىپ ھەم زارۇ گىريان ئېتەرمەن.»
جەھرەمگە ئەۋەتتى نەچچە چاپارمەن،
قەست بىلەن ئالەمدىن بايلىق تاپارمەن.
مېھرەك قىزى تېپىپ بۇ ئىشتىن دېرەك،
ئۆينى تەرك ئەتتى بولۇپ پايپېتەك.
بىر دېھقان كۆلبىسىنى پاناھ تۇتتى قىز،
ئۇ يەردە ياشىدى مەيۇس ۋە يالغۇز.
دېھقان تەربىيىنى كۆرۈپ بۇ بەرنا،
ھۆسن، ئەدەپ ئىچىدە يېتىلدى تەنھا.
گۈزەل ھەم ئەقىللىق، جەسۇر ۋە ھوشيار،
سەرۋى قامىتىگە ئېپار بۇيى يار.

## شاپۇرنىڭ مېھرەك قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالغانلىقى

ئەمدى مېھرەك قىزى نەقلىن ئاڭلىغىل،
مەرد شاپۇر قىلىچۋاز قىسسەسىن ھەم بىل.
تاڭ پەيتى شىكارغا باردى بىر كۈن شاھ،
بولدى ئاقىل شاپۇر يېنىدا ھەمراھ.
چەۋەندازلار سۇرۇپ ھەر يانغا ئاتىن،
بىر دەشتتە قىرىشتى بار قۇلان زاتىن.
ئۇزاقتىن كۆرۈندى كۆزگە ئەجەب جاي،
مەيدانۇ بوستانۇ ئايۋان ھەم ساراي.
كۆزلەپ شۇ قىشلاقنى شاپۇر ئات چاپتى،
ئۇ يەردە سەردارنىڭ ئۆيىنى تاپتى.
ساراي ئالدى ئىدى دەرەخلىك بىر باغ،
يىگىت بۇ گۈلزارغا باردى يېقىنراق.
ئايدەك قىزنى كۆرۈپ بولدى مەستۇلال،
قۇدۇقتىن سۇ تارتاتتى ساھىبجامال.
كۆرۈپ گۈزەل قىز ھەم شاپۇرنىڭ يۈزىن،
يىگىتكە كۆز تىكىپ باشلىدى سۆزىن،
دېدى: «خۇشال ياشا، شاد ـ خەندان ياشا،
يامان كۈن كۆرمە ھېچ، تىنچ ـ ئامان ياشا.
ئارغىمىقىڭ سۇغا تەشنا كۆرۈنۇر،
ئەمما بۇ قىشلاقنىڭ بارچە سۈيى شور.
يالغۇز شۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىدۇر لەزىز،
بۇيرۇغىل، خىزمىتىڭ تۇتاي مەن ئەزىز.»
ئاڭا شاپۇر دېدى: «ئايا، ئەي گۈليۈز،
بىھۇدە زەخمەتتە ياشاپسەن يالغۇز.
ئارقامدا شۇنچىلاپ خىزمەتكارىم بار،
بۇ تىرەن قۇدۇقتىن ئاشۇ سۇ ئالار.»

مەيۈسلۈك بىلىندى قىزنىڭ روھىدا ،
ئولتۇردى يىراقراق ئىرىق بويىدا .
بىر خىزمەتكارىغا بۇيرۇدى شاپۇر :
« مۈزدەك سۇ بار ئىكەن ، چىلەككە يۈگۈر . »
خىزمەتكار ئالدىراپ يۈگۈرۈپ باردى ،
ئارغامچا ، چىلەكنى قۇدۇققا سالدى .
سۇ تولغان چىلەكنى ئۇ تارتالمىدى ،
ئۇ تەندە بىر تىترەكنى سەزگەندى .
قانچە كۈچىسىمۇ مىدىرلىماس ئارقان ،
شاپۇر غەزەپ بىلەن قارىدى شۇئان .
ۋارقىرىدى يىگىتكە : « ئەي ، جانسىز بەچچە ،
قىز تارتقان چىلەكنى تارتالماي مۇنچە ،
يۈكۈلۈپ كەتتىڭغۇ ، شۇنچە بىماجال ،
ھەتتا ياردەم سوراش ، بۇ قانداقچە ھال ؟ ! »
خىزمەتكاردىن ئالدى ئارقاننى ئىلدام ،
قىيىن بولدى بۇ ئىش شەھرىيارغا ھەم .
شاپۇر ھىس قىلاتتى مۇندا مۇشەققەت ،
تەھسىنلەر ئىيتتى ئۇ سەنەمگە قات ــ قات .
شۇنداق زور چىلەكنى تارتىۋالار دەس ،
شاھلارنىڭ نەسلىدىن بولسا ئەجەبمەس !
شاھ ئاران قۇدۇقتىن ئالغاچ چىلەك سۇ ،
ئاپىرىن بىلدۈردى ئاڭا ئۇ سۇلۇ .
دىدى : « قۇتلۇق ياشا ، ئەي مەرد ئۆمرباد ،
ئەقىل دائىم بولسۇن ئىشىڭغا ئۇستاد .
ئەردەشىر سىياقلىق شاپۇردۇر نامىڭ ،
سۇنى سۇت قىلغۇسى مەردلىك مەقامىڭ . »
شاپۇر يالت قارىدى سۆزلىرى شۇنداق :
« سەن مىنىڭ ئىسمىمنى بىلىسەن قانداق ؟ »
قىز دىدى : « بۇ سىرلار ماڭا ئايان خوپ
راست سۆزچى ئاغزىدىن ئاڭلىغانمەن كۆپ .
شاپۇر كۈچ ــ قۇدرەتتە ئوخشايدۇ پىلغا ،
يەنە سەخاۋەتتە دەريايى نىلغا .
قامىتى سەرۋىدۇر ، ئۆزى باھادىر ،
ھەر ئىشتىن قورقماس ، ھەر ئىشقا قادىر . »
ئاڭا دىدى شاپۇر : « ئايا ماھى تاب ،
بارچە سوئالىمغا ئىيتقىل راست جاۋاب .
كىمنىڭ نەسلىدىنسەن ، ئىيت ماڭا ئايان ،
كەيانىيلەر نۇرى سەندە نامايان . »
« شۇ ئەل پەرزەنتىمەن ، ــ قىز جاۋاب بىرۇر ، ــ
ئاتام شۇ قىشلاققا ئاقساقال ئىرۇر . »
ئاڭا شاپۇر دىدى : « يالغان سۆز ئەسلا
تاپالماس شاھلاردا ئىززەتلىك باھا .
دىھقاننىڭ بولامدۇ ئاي يۈزلۈك قىزى ،
چىھرىدە ھەم قۇدرەت ، لاتاپەت ئىزى ؟ »
ئۇ گۈزەل دىدىكى : « ئايا شەھرىيار ،
ئەگەردە شەپقىتىڭ جانغا بولسا يار ،
گۇمانۇ نەپرەتتىن بولسام خالىي ھال ،
ئەسلى ــ نەسلىم ساڭا ئىيتسام مۇپەسسەل . »
شاپۇر دىدى : « ياشنار ئادالەت بىغى ،
دىلنى مەجرۇھ قىلماس خۇسۇمەت دىغى .
قورقماستىن ، كۆڭلۈڭنى ئەيلىگىل ئىزھار ،
سىنى مەھكۇم قىلماس ئادىل شەھرىيار . »
دىدى قىز : « ئەگەردە راستىم دىسەم ، بىل ،
مەن مىھرەك نوشزاتنىڭ پەرزەنتى قابىل .
ياش ئىدىم ، يىتەكلەپ مىنى بىر پەرسا
بۇ قىشلاق يىرىگە ئەكەلدى مانا .
شەھرىيار زۇلمىدىن قىچىپ مەن ھامان ،
ئەپكەشتە سۇچىلىق قىلدىم كۆپ زامان . »
شاپۇر دەم ئالماققا قوندى ئۇ جايغا ،
دىدى قىز خوجىسى شۇ پەرسا چالغا :
« ماڭا نىكاھلاپ بەر گۈزەل مەلەكنى ،
ئارىغا گۇۋاھ قىل چەرخى پەلەكنى . »
زەردۇشتلار رەسمىنى ئىلىپ قولىغا ،
شۇندا سوۋغات قىلدى قىزنى شاپۇرغا .

## مىھرەك قىزىدىن شاپۇر ئوغلى ھۆرمۇزدنىڭ تۇغۇلغانلىقى

تالاي پۇرسەت ئۆتۈپ ، يەتكەچ ئايۇ كۈن ،
ھاسىلى كۆرسەتتى ئۇ سەرۋى گۈلگۈن .
ئارىدىن ئۆتكەندە تولۇق توققۇز ئاي ،
بىر پەرزەنت يۈز ئاچتى گۈزەل ، خۇش چىراي .
گويا ئىسفەندىيار قايتا تۇغۇلدى ،
يا نامدار ئەردەشىر قايتا يۇغرۇلدى .
ئاڭا ھۆرمۇزد دەپ ئات قويدى شاپۇر ،
ئايان چىھرىسىدىن ساداقەتلىك نۇر .

ھۇرمۇزدنىڭ يەتتىگە يەتكەندە يېشى ،
ئاڭا تەڭ كەلمەيتتى بىرمۇ تەڭدىشى .
ئۇنى ئۆستۈرۈشتى پىنهان ، ئاۋايلاپ ،
گۆدەكلەر قاتارى قوشماي ئەتەيلەپ .
بىر كۈن شاھ ئاتلاندى شىكارغا يەنە ،
ئوغلى شاپۇرنىمۇ ھەم ئېلىپ بىللە .
ھۇرمۇزد ھەم پىنهانە ، بىلدۈرمەي سىرىنى ،
ئاشۇ شىكارگاھقا كەلدى يوشۇرۇن .
قولىدا كامانى ، ئوقى ساداقتا ،
ھۇرمۇزد بۇ مەيدانغا كىردى شۇ چاغدا .
بىر نەچچە گۆدەكلەر چەۋگەن ئوينايتتى ،
ھۇرمۇزد ھەم قوشۇلۇپ چەندان ئوينايتتى .
شۇ چاغ دەشت باغرىدىن قايتقانىدى شاھ ،
يېنىدا ۋەزىرى ، مۇبەدى ھەمراھ .
كۆردىكى باللار ئويۇن بىلەن بەس ،
ئەپچىللىكتە بىرىپ بىر - بىرىگە پەس .
بىرى توپنى تەپتى شوخلۇق قىلىپ ھەم ،
كېلىپ چۈشتى شاھنىڭ يېنىغا شۇدەم .
باللار قورقۇشۇپ ، تىك تۇرۇشتى جىم ،
توپنى ئالماق ئۈچۈن كېلەلمەس ھېچكىم .
پەقەت ھۇرمۇزد چىقىپ ئارىدىن ئىلدام ،
كەلدى شاھ ئالدىغا ھېيىقماستىن ھەم .
شاھنىڭ ھۇزۇرىدىن ئۇ توپنى ئېلىپ
بىمالال كەينىگە قايتتى تېز ، غالىب .
يەنە شۇ گۇرۇھقا قوشۇلدى ئوغلان ،
پادىشاھ ئوغلىدىن بوپ قالدى ھەيران .
مۇبەدكە دېدى شاھ : « بىلگىل ئەي پاك زات ،
كىمدۇر بۇ پەرزەنتكە نەسەبۇ نىجات ؟ »
مۇبەد سوراپ كۆردى بارچىدىن بىر - بىر ،
بارچە خامۇش قالدى ، بۇ گەپتە نەسىر .
پادىشاھ ھەقىقەتنى بىل ئايان دېدى ،
ئەسلى - نەسلىنى بىلىپ قىل بايان دېدى .
مۇبەد قولىنى تۇتۇپ گۆدەكنى خۇشھال
شەھرىيار قېشىغا يەتكۈزدى دەرھال .
پادىشاھ ئوغلانغا تاشلىدى سوئال :
« كىمنىڭ پەرزەنتىسەن ، ئېيتقىن چىن ئەھۋال ؟ »
ھۇرمۇزد دەر : « يوشۇرماق مەردكە ئەمەس خاس ،
ئاتا - ئانام نامىنى مەن ئېيتىمەن راست .
مەن شاپۇر ئوغلىمەن ، ئۇ ساڭا پەرزەنت ،
مېھرىڭ ئەۋلادىڭغا بىر يېنىم پەيۋەند . »
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇ پەرزەنتتىن ناگاھ ،
ئاۋۋال جىم بولدى ۋە كېيىن كۈلدى شاھ .
چاقىرىپ يېنىغا شاپۇرنى تېزدىن ،
قاتتىق سوئاللارنى سورىدى ئۇندىن .
بۇ ئەھۋالدىن شاپۇر تېنى بولدى مۇز ،
كۆڭلى دەردكە تولۇپ ھەم سارغايدى يۈز .
قاقاقلاپ كۈلدى ئۇ پادىشاھ جاھان ،
دېدى : « بار سىرنى ئېيت ، قالدۇرماي پىنهان !
بىزگە ئەۋلاد بولسا شۇنىڭ ئۆزى بەس ،
ئانىسى كىملىكى ھېچ قىزىقتۇرماس . »
ئاڭا شاپۇر دېدى : «ئۇلۇغ شەھرىيار ،
نۇرۇڭدىن بۇ جاھان بولسۇن بەختىيار .
مېنىڭ پەرزەنتىمدۇر چىندىن بۇ بالا ،
باغرىمدىن تۆرەلمىش بۇ كۆركەم لالە .
سەندىن سىر تۇتقىنىم سەۋەبى شۇكى ،
يەلكەمدە بار ئىدى بىر گۇناھ يۈكى :
« مېھرەك قىزىدىندۇر ئۇشبۇ پەرزەنتىم ،
پۈشتى كەمەرىمگە بولمىش پەيۋەندىم . »
ئۇ بايان ئەيلىدى بىرمۇ بىر شاھقا ،
تەشنا لەۋ بارغىنى مۇز سۇلۇق چاھقا .
ئەردەشىر شاد ئاڭلاپ ئەجەب داستاننى ،
ئايۋانغا باشلىدى بارچە پالۋاننى .
نەۋرىلىك بەختىگە شاھ بولدى مەپتۇن ،
ئۇنى يېتەكلىدى تەختىرى مەمنۇن .
گۆدەككە مۇنتەزىر ئىدى ئالتۇن تەخت ،
ئالتۇن كۇلاھ كىيىپ ئولتۇردى خۇش بەخت .
گەنجى - خەزىنىنىڭ قۇلپى ئېچىلدى ،
گۆدەكنىڭ بېشىدىن دۇرلار چېچىلدى .
گۆھەر ۋە زەر بىلەن كۆمۈلدى تېنى ،
ياغاتتى بېشىدىن بايلىق دېگىنى .
دەرۋىش ۋە موھتاجقا بەردى شۇنچە زەر ،
ئايماي ئۈلەشتۈردى شۇنچە گۆھەر .
يېيىلدى ھەريانغا كىمخاب ۋە تاۋار ،
خۇددى ئاتەشداندەك ئۇلار يالتىرار .

بىر بەزىم تۈزدۈردى تەڭسىز ۋە ئۇلۇغ،
داستىخان ياسالدى نىمەتكە تولۇق.
بۇيرۇدى شەھەر ئىچرە بولسا كىم دانا،
كىم بولسا ئەقىلگە، ھوشقا ئاشنا.
ئاشۇ مۇنەججىمنى ئەيلىششتى ياد،
ئۇنىڭ پالى بىلەن بولدى بۇ شاھ شاد.
«ھىندكەيدى دېيىلمىش، نە گەنجۇ سىپاھ،
نە مۈلكى سەلتەنەت، نە ئۆزگە دەرگاھ،
نە دۆلەت، نە بايلىق، نەقشلىق تەخت
ساڭا بەخش ئەيلىمەس ئۆمۈرباقىي بەخت،
تا مېھرەك نوشزادقا بولمساڭ پەيۋەند،
ئۇندىن ئارتتۇرمساڭ بىرەر جان، پەرزەنت.
ئاردىن سەككىز يىل ئۆتتۈپ نىھايەت،
تەگرى ئىنئامىدىن شاد بولدۇق غايەت.
بارچە ئارامىمىز ھۈرمۈزدتىن ئىرۇر،
مەقسەت ھەم كامىمىز ھۈرمۈزدتىن ئىرۇر.
يەتتە ئىقلىم بىزگە بۇگۈن قارامدۇر،
بارچە بەخت تەقدىردىن بىزگە كەرەمدۇر.»
ۋەزىرلەر تەشەككۈر ئېيتىپ گەردۇنغا،
شاھنشاھ ئۇنۋانىن بېرىشتى ئاڭا.

## ئەردەشىرنىڭ پادىشاھلىقتا كۆرگەن تەدبىرلىرى

دانا بۇ ئەردەشىر كۆردى كۆپ تەدبىر،
سۆزگە قۇلاق سېلىپ يادلاپ ئال بىر ـ بىر.
ياخشىلىق ئىشىنى ئەلگە يار قىلدى،
مېھرۇ ئادالەتنى بەقارار قىلدى.
ھەريانغا ئەلچىلەر يوللاپ مۆتىۋەر،
لەشكەر ۋە دەرگاھقا بايدۇردى خەۋەر:
يەنى ئوغۇل كۆرسە يۇرتتا ھەربىر مەرد،
ئۇنى جەسۇر قىلىپ ئۆستۈرمىكى شەرت.
ئاڭا ھۈنەر بولسۇن چەۋەندازلىق، جەڭ،
گۈرزە، تىغ، ئوقيالار ئىشلەتمەكلىك تەڭ.
شۇ يوسۇن كامالەت تاپقاچ ھەر ئوغلان،
بولسۇن ئۇ ھەر ئىشتا قەيسەر، پەھلىۋان.
ئەل ـ يۇرتتىن شاھ قەسرى تامان تېز كەلسۇن،
مەيداندا ئۆزىنى نامايان قىلسۇن.
تاكى قەيت ئېتىلسۇن نامى دىۋاندا،
ھېساباتتا بولسۇن ئالىي ئايۋاندا.
توپلانسۇن شۇ تەرىز ئەل ئوغلانلىرى،
كۈرەش مەيدانىغا يوللانسۇن بەرى.
سەردار بەلگىلىنىپ ھەرمىڭ ئوغلانغا،
باش بولۇپ يول ئالسۇن ئاشۇ مەيدانغا.
كىمكى سۇسلۇق قىلسا ئۇرۇش پەيتىدە،
جەڭلەردە قۇدرىتىن كۆرۈش پەيتىدە،
مۇبەد شۇ نىمجانىنى شاللىۋالاتتى،
كىم مەرد، كىم نامەرد، ئۇ خەتلىۋالاتتى.
نامىنى شاھسىرى يوللايتتى شۇئان،
بارچە ئىش ئۇنىڭغا بولغانتى ئايان.
جاھاندا مەكتۇپنى ئوقۇپ ئاشۇ دەم،
ئەلچىگە كۆرسىتىپ ئىززەتۇ كەرەم.
سوۋغاتلار قىلاتتى دىرھەم ۋە لىباس،
ئاشۇ ھۈنەر ۋەنىنىڭ خىزمىتىگە خاس.
شۇ خىلدا تەق قىلدى لەشكەرنى سەپلەپ،
بەدكەر، سۇس، ناباپنى قوشۇندىن ھەيدەپ.
ئاقىۋەت جەم قىلدى ئۇلۇغ بىر قوشۇن،
يۇلتۇز قاپلىغاندەك ئاسماننى پۈتۈن.
ھەر بىر توپ قوشۇنغا باش بىر سەركەردە،
ئوت يۈرەك، باھادىر مەرد نەيزەكەردە.
جارچىلار قوشۇندا ياياتتى خەۋەر،
ئاگاھ، شاھ لەشكىرى بولغان ھەر ئەسكەر،
جەڭلەردە كىم شاھنى ئەيلىسە خۇشال،
دۈشمەننى چاڭگاللاپ ھەم قىلسا ئوسال،
شەھرىيار قولىدىن ئىنئام ئالۇر ئۇ،
نامى جاھان ئىچرە قالغۇسى مەڭگۈ!
شۇنداق قارار تاپتى بۇ ئادىل تەدبىر،
ئۇنى قەيت قىلىشتى دىۋاندا ھەم بىر.
دىۋانغا چاقىرتىپ بارچە ئۇلۇغنى،
دانىشمەن، بىلگۈچى بار يولىيورۇقنى،
سۇخەنگۈي، ئالىم ھەم ناتىق، خەتتاتنى،
تەدبىر ۋە ھۈنەردە ماھىر ئۇستادنى،
مەجلىسۇ ئەنجۇمەن قىلدى پادىشاھ،
يامانلاردىن خالىي بولۇپ بىر بارگاھ.
كىمكى باتۇر ئەمەس، يوق ئىلمۇ خۇشخەت،
شاھنىڭ دىۋاندا تاپمىدى ھۈرمەت.

مىرزىلار سۆزىدىن ھاسىل بولدى گەنج ،
تەدبىردىن ھەتتا يوقار ئىدى رەنج .
ئاۋات بولۇر ئىدى شەھەر ھەم سىپاھ ،
پۇقرامۇ شاھىغا ئىدى خەيرىخاھ .
دانالار پەيۋەنددۇر مېنىڭ چېنىمغا ،
ھەمراھتۇر ھەم ئاشكار ھەم پىنھانىمغا .
ئەگەر ئايماقلارغا بارسا مەنسەپدار ،
دىرھەمنى ئايىما دەيتتى شەھرىيار .
ئەلدىن قويما دەيتتى گەنجنى ئۈستۈن ،
بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچى ، ۋاپاسىز ، بەشكۈن .
ئىزلىگىل توغرىلىق ۋە مەردانىلىق ،
سەندىن يىراق بولسۇن خىرىس ـ يامانلىق .
قوۋمۇ قېرىنداشنى قىلمىغىل يولداش ،
سىپاھىم بولغۇسى ساڭا چىن قولداش .
دەرۋىشلەرگە ھەر ئاي مۇئاش تەيىن قىل ،
يامانىنى مەھرۇم قىل ، ۋىجدان رايىنى قىل .
ئادالەتتىن قىلساڭ دۆلەتنى ئاۋات ،
بولغايسەن ئاۋات ۋە ئادالەتتىن شاد .
ئەگەر دەرۋىش ياتسا چۆمۈپ خەتەرگە ،
دېمەك سەن سېتىپسەن جېنىڭنى زەرگە .
ئەلدىن كىم بارسا گەر شاھ قەسرى تامان ،
گاھ زۆرۈر ئىش بىلەن ، گاھ ئادىللىق بىلەن ،
يېنىغا چاقىرىپ قازىلارنى شاھ ،
ئەرز تەلەپ ھالىدىن بولاتتى ئاگاھ :
بىلەتتى مال ئۈچۈن كىم ھېرىس قىلغان ،
قايسىسى مۇشەققەت بىر ھالغا قالغان .
قايسىسى ئۇلاردىن دانا ـ بىلىمدان ،
قاي بىرى بىچارە ، ئاجىز ناتىۋان .
كىم ساراي خىزمىتىن قىلاركەن بەجا ،
مەيلى جاھانكەش چال ياكى بىر پەرسا .
نەسىۋە ئالسۇن ئۇ گەنجىمدىن دەيتتى ،
گەنجىمكى ، تېپىلغان رەنجىمدىن دەيتتى .
بىلىڭكى ، بىلىمدان ياش ، زېھنى ئۆتكۈر ،
دانا قېرىلاردىن تۆۋەن ئەمەستۇر .
جاھانكەشلەرگە ھۆرمىتىم بەلەند ،
دىلبەر يىگىتلەرمۇ دىلىم ئېتەر بەند .
دانا قەدرىن بىلگەن بىلىمدان ياشلار ،
قېرىلار ئورنىنى باسقىلى باشلار .
لەشكەرنى باشلىساڭ قىلماق ئۈچۈن جەڭ ،
كېرەكتۇر ھەم ئەقىل ، تەدبىر ئىزلىسەڭ .
ئەقىللىق شاھىنشاھ كۆرگەندە تەدبىر ،
ئاڭا مادار بولغاي خۇش زېمىن بىر ـ بىر .
غالىبلىق شۆھرىتىن پۈتمەككە قەلەم ،
جەڭدە يولسىزلىقنى قىلمىغىل مەقام .
دۈشمەنگە يەتكەندە غالىب ـ مۇزەففەر ،
ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن تاپقۇسى خەۋەر .
ئەقلى بولسا ياۋنىڭ ياخشى سۆز ئېيتار ،
غەم ـ قايغۇ ۋە يامان نىيەتتىن قايتار .
قايتسا ئۆز يولىدا كۈتەر شەھرىيار ،
بېرەر ئەھد ـ پەيمان ، ياخشى يادىكار .
ئەگەر مەردۇ غالىب بولسا مەيداندا ،
دۈشمەنگە ئىنتىقام قايىنسا قاندا ،
دىرھەملەر بېرىلگەي بارچە سىپاھقا ،
ئورۇن قالمىسۇن دەپ قايغۇلۇق ئاھقا .
تالالاپ بۇ قوشۇندىن نامدار يىگىتنى ،
ئەقىللىق ۋە خۇش پىل ، ھوشيار يىگىتنى .
قانۇنى مال ـ مۈلۈك بەردى ئۇنىڭغا ،
يولاتمىدى زورلۇق ئىشنى قوشۇنغا .
ئاندىن بىر شۇڭقارنى مىنگۈزدى پىلغا ،
نەرسى يەتكۈدەك دەل ئىككى مىلغا .
خىتاب قىلدى : « ئايا مەردۇ ئوغلانلار ،
مەڭگۈ نامى قالمىش ھوشيار يارانلار .
مەندىن ئىستىسىڭىز ئىلتىپاتى گەنج ،
دەرۋىشلەرگە ئەسلا يەتكۈزمەڭ ھېچ رەنج .
قايسى مەنزىلدە كىم تاپسا رىزقى رۇز ،
ئوي ئىگىسىن تېپىپ ئېيتىڭ ياخشى سۆز .
ئەگەر دىلدىن تۇتسا يەزدان يولىنى ،
باشقىلار مۈلكىگە سوزماس قولىنى .
كىم ياۋدىن قېچىشنىڭ يولىنى تۇتار ،
كېيىنكى ھاياتى جەبرىدە ئۆتەر .
بولسا ئەگەر ئۇنىڭ قولىدا ئالەم ،
بىلىكى زەنجىرنى پارە قىلسا ھەم ،
تاجى ئۆچۈرۈلگەي دىۋاندىن پۈتۈن ،
قارا تۇپراققا تەڭ ئۆمۈر ئۇ ئۈچۈن .
لەشكەرباشقا دەيتتى قىلمىغىل سۇسلۇق ،
ئورۇنسىز تېزلىكمۇ ــــ بۇ نا دۇرۇسلۇق .
قوشۇن ئالدىدا ماڭ مىنىپ سەن پىلغا ،
ئالدىنقى قىسمىنى تارات تۆت مىلغا .

بىشىڭغا چۈشكەندە مەيدان ـ جەڭ جېدەل ،
سەن لەشكەر ئەتراپىن قوغدىغىن ئاۋۋال .
ئۆزىنىڭ كىملىكىن سۆزلە سىپاھقا ،
چۈشەنسۇن نېمشقا كەلگەن جەڭگاھقا .
دېگىن ، ھەممىڭىزگە ، مەيلى قېرى ـ ياش ،
شاھىنشاھ شەپقىتى باردۇر باشمۇ باش .
يۈز ياۋغا تەڭ كېلۈر بىزنىڭ بىر ئاتلىق ،
بىرىمىز دۈشمەننىڭ يۈزىدىن ئارتۇق .
ياۋغا ئىككى ياندىن قوشۇن چۈشسە گەر ،
جەڭگىۋار مەردلەردىن ئۈزمىگىل نەزەر .
گەرچە كۆپ بولسىمۇ قوشۇنۇڭ ئەمما ،
مەركەزنى قويمىغىل بوش ۋە بىپەرۋا .
قوشۇننى باشلىغىل شۇنداق بىر يولدىن ،
دۈشمەنگە يېپىلسۇن ئوڭدىن ۋە سولدىن .
مەركىزىي لەشكەرنى قوزغاتما نى ۋاخ ،
سەپتە زىچ تۇرۇشسۇن جەڭگە بولۇپ تەخ .
ياۋنىڭ ئورتا كۈچى قوزغالسا ئەگەر ،
سەن ھەم قوزغاتقايسەن مەركەزدىن لەشكەر .
سەن يېڭىپ دۈشمەننىڭ قاچسا مەيداندىن ،
مەرد بول ، بىچارىنى ئايرىما جاندىن .
ياۋ سەندىن كەچۈرۈم سورىسا ، بەس ـ خالاس ،
كەچۈرگىن ۋە قىيناپ ئالمىغىل قىساس .
كۆرسەڭ گەر دۈشمەننىڭ قولىدا دۇنيا ،
قارىما ئۇشبۇ مال ـ دۇنياغا قىيا .
پىستىرمىدىن بولغىل ھەمىشە ئاگاھ ،
چۈنكى ، دەشتلەر ئارا مۆككەندۇر سىپاھ .
بەتغەرەز سۆزىگە قۇلاق سالمىغىن ،
شۇ چاغدا بولغايسەن دۈشمەندىن ئەمىن .
كىمكى جەڭگاھ ئىچرە پىدا قىلسا جان ،
ئۆلجىنى شۇنىڭغا قىلغىل ئەرمۇغان .
قولۇڭغا چۈشسە گەر دۈشمەندىن ئەسىر ،
ئەسىرنى بارگاھقا سەن دەرھال كەلتۈر .
تىكەنزار ئورنىنى ئەيلىگىل ئاۋات ،
ئۇ يەرگە شەھەرلەر قىلغۇمدۇر بۇنياد .
مەندىن كەتسۇن دېسەڭ ئەگەر رەنجۇ دەرد ،
بۇ پەندلەرگە ئەمەل قىلماقلىقىڭ شەرت .
بەخت ـ زەپەر ئىشقىدا تۇت يەزدان يولىن ،
ئۇ ساڭا ئۇزاتقاي ھامىيلىق قولىن .
قايسى بىر دۆلەتتىن كەلسە ئەلچى دەم ،
تۈركىستىنمۇ ، رىمدىنمۇ ، باشقىدىنمۇ ھەم .
پادىشاھ خەۋەردار بولسۇن ئەلۋەتتە ،
بىپەرۋالىق بولماس مۇنداق ھالەتتە .
قونالغۇ تەييار قىل مېھمان كىشكە ،
چوڭلاردىن باش بولسۇن بارچە ئىشگە .
كەمچىلىك كۆرمىسۇن كىيىم ـ كېچەكتىن ،
يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن ئورۇن كۆشەكتىن .
شەھرىيار ئالدىدا قانداق ئەرزى بار ؟
سوراپ بىلىشسۇن ئۇ ھاكىم سەردار .
ئاندىن دانا ئەلچى مىرزا ئىككىسى ،
ئەردەشىر سارىيىغا تېز كەلگۈسى .
زىننەتتە بېزەكلەپ تەختى ئايۋاننى ،
ئەمەلدارلار كۈتسۇن ئەلچى مېھماننى .
سەپ تارتىپ خىزمەتكار ئەھلى يولىدا ،
زەررىن كاسا بىلەن كۆتۈر قولۇڭدا .
ئەلچىنى يېنىغا تەكلىپ ئېتىپ شاھ ،
ئالتۇن تەختى ئۆزرە قىلار خەيرىخاھ .
سوراپ بىلەر ئۇنىڭ مەقسەت ـ نىيىتىن ،
ياخشى ـ يامانلىقنى ، سەمىمىيىتىن .
ئۇلاردا قانداقراق ئادىل ـ ئادالەت ،
شاھى كىم ، قانداقتۇر لەشكىرى ئادەت ؟
ئاندىن ئۆز ئايۋىنىن كۆرسىتىپ بىر ـ بىر
ھەرنە كېرەك بولسا قىلىدۇ ھازىر .
ئاندىن تەخت يېنىغا قىلىپ ئورۇن تەخ ،
تىزدۇرار داستىخان ، مەي تولغان قەدەھ .
ئوۋ ـ شىكارغىمۇ ھەم ئېلىپ بارار ئۇنى ،
يېنىدا ھېسابسىز لەشكەر دولقۇنى .
كۆرسىتىپ ئەلچىگە ئىززەت ۋە ئىخلاس ،
كۆزىتەر ، بېرىپ شاھانە لىباس .
ۋەزىرلەر كۆرسىتەر ئاڭا يۇرتلارنى ،
بۇ ئىشقا قويىدۇ زېرەك مەردلەرنى .
قۇرسۇن دەپ ھەرياندا پاراۋان شەھەر ،
بۇ ئىشقا تايانماي تۆكەر ھەمدە زەر .
كىمكى ئۆيسىز بولسا ۋە شور پېشانە ،
بىساتۇ بەختىدىن بولسا بىگانە ،
ئۆي ۋە جاي ھەم بىسات قىلار ھەدىيە ،
كۆپەيسۇن ئېلىم دەپ ئويلايتتى يەنە .
مۇنداق شاھتىن ئەلنىڭ تىلى ، دىلىدا ،
ياخشى نام قالاتتى جاھان ئېلىگە .

شۇ خىلدا گەر بولسا دانا شەھرىيار ،
جاھاندىن كەتسىمۇ ، قالار يادىكار .
مەنمۇ ھەم نامىنى دىلدا ئېتىپ ياد ،
خاتىرىنى مەڭگۈلۈك ئەسلىگەيمەن شاد .
ياخشى نىيەتلەرنى دائىم قوللايتتى ،
ھەر يەرگە خۇش تەدبىر ئەلچى يوللايتتى .
مال ـ مۈلۈكتىن ئايرىلسا بىرەر دۆلەتمەند ،
بۇ خەۋەر شەھرىيار قەلبىن ئېتەر بەند ،
يولغا سېلىپ بىرەر بەختسىز ئىشنى ،
كىمەيتىپ تەقدىرنىڭ بۇ شۇم قىلمىشنى ،
ھاسىلدار باينىمۇ ، مىسكىن ـ غېرىبنى ،
ئەمەلدارلىرىنى ، پۇقرا ئېلىنى ،
ياخشىلىق يولىغا باشلايتتى ھامان ،
خالايتتى : ھېچكىممۇ بولمىسا يامان .
كىم ئەگەر پەرزەنتىن بولسا ئۇقۇتماق ،
ئىلىملىكلەر بېرەر ئۇلارغا ساۋاق .
كىمنىڭكىم ئەرزى بار شەھەر ئەھلىدىن ،
بەھرىمەن بولاتتى ئۇنىڭ ئەدلىدىن .
ئىززەت تەلەپ قىلماس لۇتىف ـ كەرەم ئۈچۈن ،
شۇنداق ئورۇندايتتى ئۇ شاھلىق بۇرچىن .
جاھان ئاۋات ئىدى ئادالىتىدىن ،
ئەل ـ پۇقرا شاد ئىدى ئادالىتىدىن .
ئادالەت كۈچ بەرگەچ ئۇنىڭ قولىغا ،
زامانمۇ ھۆرمەتلەپ ئۆتەر يولىغا .
كۆرگىن بۇ شۇڭقارنىڭ تەدبىر ـ ئىشىنى ،
ياخشىلىق يولىدا ئىختىراسىنى .
تاللىغاچ بىر قانچە زېرەك دانانى ،
ئەلچى قىپ ، بىلدى ئۇ پۈتكۈل دۇنيانى .
قەيەردە بىر زېمىن بولسا گەر خاراب ،
يا قۇرۇپ كەتكەن بولسا بىرەر دەريا ، ئاب ،
سېلىق ئالماس ئىدى ئاشۇ دىياردىن ،
بۇ غېرىب زېمىننى ساقلاپ ئازاردىن .
قەيەردە دېھقاننىڭ ھالى بولسا تەس ،
ئۇنىڭ ئىشى ئاپەت ئىچرە بولسا ، بەس ،
گەنجىدىن بايلىقلار بېرەتتى تولا ،
يول قويماس خارابات ئۆتۈشكە ئەسلا .
دانا سۆزىن ئاڭلا ، ئايا شەھرىيار ،
سەنمۇ تۈز جاھاندا شۇنداق روزىگار .
ئىستىسەڭ ياشاشنى ھەم ئازاد ، بىرەنج ،
ھەمدە تاپماق بولساڭ شۇ يوسۇندا گەنج ،
ھەمىشە ئويلىغىن پۇقرا غېمىنى ،
ئادالەت بەختىيار قىلغۇسى سېنى !

## شاھ ئەردەشىرنىڭ ئىران سەردارلىرىغا نەسىھىتى

بويسۇنۇپ رۇم ۋە چىن ھەم ھىندى ، تۇران ،
شاھقا بەخمەل يايدى بۇ رۇيى جاھان .
ئالاركەن ئەللەردىن باج بىلەن خىراج ،
ھەممىسى شاھ ئۈچۈن تىلەيتتى راۋاج .
چاقىرتىپ ئىراندىن ھەممە يارەننى ،
تولدۇرۇپ لىققىدە قەسرۇ ئايۋاننى ،
ئاندىن بۇ جاھاندار رۇسلاپ قامىتىن ،
ئاچتى بۇ سورۇندا سۆزنىڭ ھېكمىتىن .
دېدى : « ئۇلۇغ زاتلار ئاڭلاڭ ئەمدى بەند ،
تەدبىرلىك ئەقلىدىن بولۇڭ بەھرىمەند .
ئۇنتۇلماڭ بەش كۈنلۈك دۇنيا ئىرۇر بۇ ،
ئادىلغىمۇ مېھرىنى قىلمىغاي مەڭگۇ .
خالىسا ئۇ سىزنى كۆككە ئېلىپ دەس
ئاندىن تۇپراقتىنمۇ ئارتۇق قىلغاي پەس .
كىمكى ئۆز دەردىنى ساقلىسا نىھان ،
ئۇنى تەقدىرلەيدۇ بۇ قىرى جاھان .
ھەركىم ياخشىلىقنى قىلسا سەرەمجان ،
قالدۇرار دۇنيادا پەقەت ياخشى نام .
سېنىڭ ھۆرمۇزد كەبى ھاياتىڭ داۋام ،
بۇمۇ ھەم يەزداندىن بىر لۇتفى ئىنئام .
ھەر مۇشكۇل ، ھەر تەشۋىش تەگرىدىن ئىرۇر ،
ياخشى ھەم يامانغا ئۆزى يول بېرۇر .
ئۇ ئۆزى ياماندىن ئەلنىڭ پاناھى ،
ياخشىغا ، يامانغا باردۇر ئامالى .
بارچە مۇشكۇللۇكنى ئۇ قىلۇر ئاسان ،
ئۇندىن دىلىڭ يورۇق ، خۇش بەخت ئىنسان .
ئال مېنىڭ ئىشىمدىن ئاۋۋال ئەندىزە ،
ياخشىنى ، يامانى پەرق ئەيلە تازا .
پاناھىم دەپ بىلدىم قادىر ئىگەمنى ،
شاد قىلىپ ھەيدىدى دىلىمدىن غەمنى .

يەتتە ئىقلىم ماڭا گەر بولسا قارام،
ئۇنىڭ قۇدرىتىدىن بۇ ماڭا كەرەم.
رۇم، ھىندى ئېلىدىن ئالدىم باج مانا،
يايدى جاھان بەخمەل پاياندار ماڭا.
بۇ ئۈچۈن يەزدانغا شۈكرانە سۆزۈم،
ئۇ ئېگىز كۆتۈردى بەخت يۇلتۇزۇم.
ئاڭا سازاۋەرلىك ئىرۇر شوئارىم،
ئۇندىندۇر خۇش بەخت ھەم ئىقتىدارىم.
مەدەتكارىڭ بولۇر كەلسە قىيىن ھال،
ئۇ بىرۇر ئۇلۇغلۇق، بىرۇر دۇنيا ــ مال.
ئادالەتنى دىلدا قىلىپ دائىم ياد،
ئۇنىڭ پاناھىدا بولايلى دىلشاد.
قانچە دەھياكلاركىم، مۈلكۈم ئارا بار،
ۋەزىر ھەم دېھقانغا بارچىسى ئاشكار.
چارۋايۇ دەھياكىنىڭ پايدىسىن تامام،
سىزگە قىلماقچىمەن بەخشەندە، ئىنئام.
مەنپەئەت كۆرسىگىز بۇ ئىشتىن شايەت،
خەزىنە ئۈچۈنمۇ پايدىلىق غايەت.
ئۇنىڭدىن نە ئالغان بولسام مۇقەددەم،
يەنە ئالغان بېجىم يا ئارتۇق يا كەم،
ياخشىلىق يولىدا ئۇنى خەجلىدىم،
ئۇ بولدى بەئەينى قولدا لەشكىرىم.
ئىزدىدىم سىزلەرگە راھەت ــ پاراغەت،
ئەھرىمەن قەھرىنى قوغلىدىم پەقەت.
يەزداننى پۇشت ــ پاناھ قىلىڭ سىز ھامان،
ئۇنىڭ پاناھىدا تۇرۇڭ دائىمان.
ئۇ ئىرۇر رازاقۇ ئاگاھ ئۇ ئىرۇر،
دۇنيانى ياراتقان ــ تەڭرى ئۇ ئىرۇر.
كۈچلۈكلەرگە مەدەت بەرگەن ھەم ئۆزى،
چىقمىسۇن سىزدىن ھېچ مەنمەنلىك سۆزى.
دىلغا گەر سالسىمۇ بەزى غەش، جاپا،
بىلىڭ ئوي تۈگىسە دۆڭ چىقار يەنە.
ئۇ كۆككە تاجىنى ياپغانلار قېنى،
شىر ئوۋلاشتا داڭقى چىققانلار قېنى؟
تۇپراقنىڭ قېتىدا ئۇلار ياتار جىم،
بەختلىك ياخشىلىق گۈلىن تىكسە كىم.
كىمكى ئىز باسار كەن مۈلكۈمگە، بىلسۇن،
ئۇشبۇ پەندلىرىمگە ئىتائەت قىلسۇن.
ئەمدى ئاچماقچىمەن ساڭا مەن بەش يول،
ھەربىرى پايدىسى تاج ۋە گەنجدىن مول.

## ئەردەشىرنىڭ يۇرت ئەھلىگە قىلغان نەسىھىتى

ئەردەشىر سۆزىنى ئاڭلاڭ، پايدا بار،
ياش ــ قېرى دېمەستىن قىلىپ ئېتىبار.
كىمكى ئېتىقادتا بولسا زەبەردەس،
ئۇ ئىرۇر شۈبھىسىز، پاك يەزدانپەرەس.
يەنە شۈكى، تۇتماڭ سىز ئىلىمنى خار،
خىزمەتكار بولۇڭ يا، ياكى شەھرىيار.
ئۈچىنچىسى شۇكى، ئېيتىلغان كالام،
دانالار نەزەرىدە تاپسۇن ئېھتىرام.
تۆتىنچىسى، گۇناھ خەتەرلىك يامان،
ئۇنىڭكى دەھشىتى قىلۇر بىئامان.
بەشىنچىسى، غەيۋەت قىلغان ھەر ناكەس
ئەل ئارا ئىززەت ۋە ئېتىبار تاپماس.
يەنە ئېيتماقچىمەن يېڭى نەچچە پەند،
ئۇ مالدىن ھەم جاندىن ئارتۇق ۋە بەلەند.
خۇش بەخت ئالەمنى ئاۋات ئەيلىگەن،
دىلىغا بۈيۈك بىر ئارزۇنى پۈككەن.
يەنە ھەركىمنىڭدۇر شېرىندۇر سۆزى،
ئەقىللىق، ھايالىق بولسا گەر ئۆزى.
ئۇ مەردان ئەمەستۇر ئۇرسا قۇرۇق لاپ،
بايلىقنى بىھۇدە ئەيلىسە ئىسراپ.
ھېچكىم بولماس ئاڭا مىننەتدار، قايىل،
تەڭرى سۆيگەن دىلنى قىلالماس مايىل.
ئورتا يول تاللىساڭ، تاپالارسەن جاي،
سېنى ئاقىل سانار ھەركىم يېڭىلمەي.
بۇندىن ئۆتكەچ، ساڭا بەش يول كېلۇر دۇچ،
دىن بىلەن دىلىڭغا بېرەر ساپلىق، كۈچ.
راھەت، شادلىق قوشار ئۇ كامالىڭغا،
زەھەر يولاتمىغاي ئىچكەن بالىڭغا.
بىرى: نە بولسا ئۇ ئىگەمدىن ئىنئام،
تەمەسىز، قانائەت ئەيلىگەن مۇدام.
شۈكۈر قىلغانغا بىل دۆلەت يار بولۇر،
ياشناپ ئۆمۈر گۈلى، نەۋ باھار بولۇر.

ئەگەر تەمەگەرلىككە قىلساڭ ھېرىس ،
خوتۇنلار ئالدىدا بولۇر ئۇيات ھېس .
ئۈچىنچى : جەڭ ــ جېدەل قىلما بولساڭ مەرد ،
چۈنكى جەڭ ــ جېدەلدىن كېلۇر رەنجى دەرد .
تۆتىنچى : دىلىڭغا يولاتمىغىل غەم ،
كەلمىگەن غەمدىنمۇ چەكمىگىل ئەلەم .
بەشىنچى : مۈشكۈلات ئىشقا يول ئالما ،
قولۇڭدىن كەلمىگەن ئىۋۆغا قول سوزما .
ھەممە كۆڭۈل قويۇڭ بۇ پەندى سۆزگە ،
ئۇنىڭ كۆپ پايدىسى يەتكۈسى ساڭا .
ئىستىسەڭ قەلبىڭگە ياقماققا چىراغ ،
بىلىش ، ئۆگىنىشتىن تۇرمىغىل يىراق .
ئىلىم ئۆگەت ، پەرزەنتكە بولساڭ ئاتا ،
ئۇيۇن بىلەن ئۆمرى ئۆتمىگى خاتا .
ھەممىڭلار سۆزۈمنى دىلدا ئېتىڭلار ياد ،
غەم ــ قايغۇدىن مېنى ئەيلەڭلار ئازاد .
كىمكى ئادىل بولسا ، يەنە روشەن دىل ،
باشقىلار مەقستىن ئەيلىسۇن ھاسىل .
تۆت نەرسىدىن ئىنسان تاپىدۇ شەرەپ ،
ئۇلاردىن يېتىدۇ ياخشىلىق ۋە نەپ .
بىرى ، شۈكرانىلىقنى ئەتمەك بەجا ،
تاكى تەڭرىم بولسۇن سىزگە رەھنەما .
بىرى : ئۆز ــ ئۆزىگە قىلماقلىق ئىنساب ،
مەزھەپ ئىتىكىنى تۇتماق دائىم ساپ .
كىم يەزدان ئەمرىنى تۇتاركەن مەھكەم ،
ئاشۇنداق ئىززەتلىك قىلغاي بىزنى ھەم .
ئۈچىنچى : بولماق شەرت ھەققانىيەتچى ،
ئەگرىلىكتىن يىراق يولدا يۈرگۈچى .
تۆتىنچى : شاھ جاھان ئەمرىدىن ، ئەي جان ،
بويۇن تولغىماسلىق ئاشكارۇ پىنھان .
ئۇنى ئۆز جېنىڭدىن ئارتۇق بىل ھامان ،
ئۇنىڭدىن مۇنەۋۋەر بولغۇسى ئىنسان .
يۈرەككە ئورناتقىل ئەمرۇ پەرماننى ،
دىلغا پەيۋەند قىلغىل ئەھدۇ پەيماننى .
ئاڭا بەخشەندە قىل جېنىڭنى ھەتتا ،
ئادىل دەپ چۈشەنسەڭ ئەگەر پادىشاھ .
جاھانگۈيلۇق ئىرۇر شاھلىق مەشغۇلى ،
ساخاۋەت بىلەندۇر ئۇنىڭ مەھسۇلى .
سەرداردىن ۋە ياكى قوشۇندىن جاپا
يەتكىنىن يۇرتىغا بىلسە پادىشاھ ،
ئادالەت تۇتمىسا بولماس جاھاندار ،
پادىشاھلىق تاجى بولماس بەرقارار .
شاھىنشاھلىق نامىن ئەيلەر ئۇ قارا ،
ۋە ئۇندىن كېتىدۇ شەۋكەت تابارا .
چۈشەنگىن ، نا ئادىل ، زالىم شەھرىيار ،
توقاي يولۋىسىدەك يىرتقۇچتۇر بىئار .
ياكى پۇقرالىرى پەرماننى تا
كۆڭۈلسىزلىك بىلەن قىلمىغاي ئادا .
دەردۇ ئازاب بىلەن ئۆتكەي ھاياتى ،
نىشانسىز دۇنيادىن كېتىدۇ ئاتى .
بىل ، راھەت ، مەرتىۋە ئىزدەر بولساڭ گەر ،
خەسىسلىك ، زورلۇقتىن بولماس مۇيەسسەر .
بارچە پۇقرالارنىڭ دىلى بولسۇن شاد ،
ئادالەتتىن بولسۇن بۇ دۇنيا ئاۋات !

## خەررادنىڭ ئەردەشىرنى مەدھىيىلىگەنلىكى

شاھ ئەردەشىر تەختتە ئولتۇرغان زامان ،
ئاڭا مەسلىھەتچى بولدى چال ھامان .
خەرراد ئىدى ئاشۇ مويسىپىت نامى ،
ئادالەتتىن پۈتكەن جان ھەم كالامى .
شۇنداق سۆز باشلىدى : « ئايا شەھرىيار ،
بۇ دۇنيا بارىچە بولغىل بەختىيار .
ھەمىشە دىل شاد بول ، بولغىل خۇش بەخت ،
سەندىن شادىمان ئىرۇر مۈلۈك ۋە تاج ــ تەخت .
ئادىلسەنكى ، ھەتتا ھايۋان ھەم قۇشلار ،
سەپ تارتىپ ئالدىڭدا سېنى ئالقىشلار .
بارچە جاھان ئۈچۈن ئۇلۇغسەن ، ئۇلۇغ ،
تاجدارلار سانار تاجىڭنى قۇتلۇق .
سۆز ئاجىز قالغۇسى ئۇنىڭ مەدھىيىگە ،
ئۆزۈڭ ئۇلۇغدۇرسەن ئادىل تەختىڭدە .
ئاپىرىنلار ئېيتىپ نامىڭغا ھامان ،
تەشەككۇر ياغدۇرار ساڭا بۇ جاھان .
سېنىڭ زامانىڭدا تاپتۇق بىز ئامان ،
ئۆزۈڭسەن بېشىمىزدىكى پاسىبان .

دىدار ھەم ھۆسنۈڭگە بىز خېرىدارمىز ،
شېكەردەك سۆزۈڭگە مۇشتاق ھەممىمىز .
سەن بىزدىن ئەمىن بول ، بىز سەندىن ئەمىن ،
ھەر سۆزۈڭ ئىجراسىن قىلغايمىز تەمىن .
بىزنىڭ دۈشمىنىمىز يولىن باغلىدىڭ ،
ھىندى ، چىندە دۈشمەن قەلبىن داغلىدىڭ .
ئۇرۇشلار قىلاتتى بىزنى پەرىشان ،
دۈشمەن نەسلىدىن قالمىدى نىشان .
شۇ ھالدا شاد ياشاپ ، مەڭگۈ ياش بولغىن ،
ئەقىلدانلارغا سەن دائىم باش بولغىن .
ئۆتمىگەن شاھلاردىن سەندەك بىر دانا ،
سەندەك تەدبىرلىكى ، سەن كەبى بەرنا .
ئىراندا ئادالەت ئەيلىدىڭ بۇنياد ،
ئادالەتتىن بولغاي مىننەتدار ئەۋلاد .

پەندۇ ھېكمەتتىمۇ سەن ئۇلۇغدىن ئۇلۇغ ،
ھاياتبەخش سۆزۈڭدىن كۆڭۈللەر تولۇق .
بۇ ئەنجۇمەن ئىچرە كىم بولسا ئىپسىل ،
ئەدلىڭدىن بەھرىمەن ھەممە مۇتتەسىل .
سۆزۈڭدىن ئەقىللەر بولدى زىيادە ،
يۈزۈڭدىن يورۇقلۇق چىقتى دۇنيادا .
ساھىبسەن ئىلاھىم بەرگەن بەختكە ،
ساھىبسەن زەركەمەر ، ھەم تاجۇ تەختكە .
ئادالەت ، مۇھەببەتتىن ياشا شادىمان ،
سېنىڭدەك خۇسرەۋنى كۆرمىگەن جاھان .
شەۋكىتىڭ ، شۆھرىتىڭ ئاسمانچە بولسۇن ،
قانىتىڭدا ئەللەر ۋايىغا يەتسۇن .
جايىڭ بولسۇن دائىم شۇ تەخت ـ ئايۋان ،
پەرمانىڭدا بولسۇن بۇ رويى جاھان .

## ئالەمنىڭ بىۋاپالىقى توغرىسىدا

ئاڭلا ، سۆز مېغىزىغا خېرىدار ئادەم ،
سەندەك ۋە مەندەكنى كۆپ كۆرگەن ئالەم .
بۇ كونا سارايغا كۆڭۈل باغلىما ،
ئۇندىن شەپقەت كۈتۈپ ، دىلنى داغلىما .
شەھرىيار بولغىن سەن ، بەندە بولغىن يا ،
سەن ئۆتۈپ كېتەرسەن ، قالغاي بۇ دۇنيا .
مەيلى رەنج ، مەيلى گەنج ساڭا بولسۇن يار ،
بولىسەن قىسمەتكە ھامان گىرىپتار .
گەر تۆمۈر بولساڭمۇ سېنى ئېرىتكەي ،
قارا تۇپراق ئىچرە ئاخىر چىرىتكەي .
سەرۋىدەك بولسىمۇ قەددىڭ ، قىلار ھەم
كۆزۈڭدىن ئاققۇزۇپ ، ۋۇجۇدۇڭنى نەم .
ئەرغۇۋان چېھرىڭنى قىلار زەپىران ،

شاد ، مەغرۇر بېشىڭنى ئۇ ئېتەلەر قان .
مەيلى شاھ بولغىنى يا خىزمەتكار بەندە ،
مەنزىلىڭ ئاخىرى يەرنىڭ تېگىدە .
كېتەر ھەمراھلىرىڭ دۇنيادىن بىر ـ بىر ،
كېتەرسەن ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ئاخىر .
قېنى تاج ۋە تەختكە ساھىب ئۇلۇغلار ؟
بەخت ۋە شادلىقتىن قەلبى تولۇقلار ؟
قېنى دانىشمەنلەر ، مەرد پەھلىۋانلار ،
جەڭ ـ جېدەل ئىچىدە قورغان مەيدانلار .
ھەممىسى ئالماقتا تۇپراقتا ئارام ،
ئەمما ياخشىلاردىن قالدى ياخشى نام .
ئەردەشىر ھالىمۇ پىكرىمگە ئىسپات ،
ئاڭلاپ سۆزلىرىمنى دائىم قىلغىن ياد .

## ئەردەشىرنىڭ شاپۇرغا پادىشاھلىقنى تاپشۇرغانلىقى

مانا يەتمىش سەككىز بولغاندا يېشى ،
دەرد بىلەن چۇلغاندى جاھاندار بېشى .
بىلدىكى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئۆلۈم ،
خازانغا يۈزلەنگەي ھاياتى مەۋسۇم .
يېنىغا شاپۇرنى چاقىرتتى شاھ ،

پادىشاھ ئىشىدىن ئەيلىدى ئاگاھ .
دېدىكى ، پەندىمنى ئاڭلا ۋە ياد قىل ،
يامان يولىدىن دائىم سەن ئېھتىيات قىل .
بىلكى سەلتەنەتتە ئەڭ ئالىي مەقام ،
ياخشىلىق ـ يامانلىق پەرق ئەتمەك مۇدام .

ئادالەت ، تىغ بىلەن تۇتتۇم جاھاننى ،
ھەم خار قىلمىدىم ياخشى ئىنساننى .
ھەر ئىشتا ئادىللىق قىلدىم ئىختىيار ،
شۇڭا تەسلىم بولدى تالاي ئەل ــ دىيار .
بۇ يولدا گەرچە بىز چەكتۇق قانچە رەنج ،
شۇ رەنجلەر تۈپەيلى تاپتۇق شۇنچە گەنج .
بۇ مۇلۇك خەزىنە ساڭىلا مىراس ،
ئەمما بۇ بايلىققا كۆپ قويما ئىخلاس .
ئايلىنىپ تۇرار كەن بۇ چەرخى پەلەك ،
گاھ مېھىر ، گاھى دەرد بېرەر ، ئەمەس يەك .
گاھى بەخت كەلتۈرەر تەقدىرنىڭ ئىتى ،
ياخشىلىق ، ئۇلۇغلۇق بولغاچ قانتى .
بۇ ساراي ھېيلىگەر ، بىلگىل ئەي ئوغلان ،
ھەمىشە قىلمىغاي سېنى شادىمان .
بەدەنگە بولغاندەك ئىدرىكنىڭ دېمەك ،
يۇرتقىمۇ پاسىبان يەنە شۇ ئىدرەك .
مۇقەددەس دىنىڭغا ساقلا ئېتىقاد ،
ئۇنى سەلتەنەتكە سەن ئەيلە قانات .
تەختىسىز تاپالماس شاھلىق ئۆزىگە جاي ،
ئېتىقاد بىلمىگەن شاھنىڭ ھالى ۋاي .
ئىككىسى ئۆزئارا بولسا گەر ھەمكار ،
ھەممە ئىش بولدى پۇختا . بەر قارار .
دىن ھالى ئەمەس شاھ مەرھەمىتىدىن ،
شاھ ھالى بولغۇسى دىن رەھمىتىدىن .
بىرى بىرى ئۈچۈن پاسىبان ئىرۇر ،
خۇددى بىر مېۋىنىڭ قوش دېنى ئىرۇر .
بىرى بىرى ئۈچۈن كەم بولماس ھەرگىز ،
بىرى بىرىنىڭ ئورنىن قىلغاي ئېگىز .
بىرىنىڭ بولسا ئەگەر بىرى جېنى ،
بىرلىشىپ ئىككىسى ئالغاي جاھاننى .
دىنغا رەھنەمالىق قىلغاندا پادىشاھ ،
دىن ھەم پادىشاھقا بولغاي رەھنەما .
كىمكى شاھ ھۆكمىنى ئەيلىسە ئىنكار ،
ئۇنى ئېتىقادتا سىنىماق بىكار .
شاھقا غۇم ساقلىسا قايسى بىر ناكەس ،
ئۇنى پارسا دېگەن ئەقىللىق ئەمەس .
شۇنداق تەلىم بېرەر بىزلەرگە ئۇستاد :
« ئادالەتنىڭ مېغىزى ئىرۇر ئېتىقاد .
ئۈچ نەرسە شاھ تەختىن يىمىرگەي شەكسىز ،
زۇلۇم ــ ناھەقلىقتۇر ئۇنى سورىسىڭىز .
بىرى ، ناقابىلنى ئىززەتلىك قىلماق ،
ياخشى ، دانالارنى خار ، غۇربەتلىك قىلماق .
ئۈچىنچى : بايلىققا ھېرىس بولماقلىق ،
ئەلنى تالاپ ــ بۇلاپ خەسىس بولماقلىق .
ئادالەت تۈپەيلى ياشنىسا دىيار ،
شۇ چاغدا قۇتلۇقمەن دېسۇن بەختىيار .
يالغاننى سەن ئەسلا كەلتۈرمە يادىڭغا ،
يالغان سۆز يەتكۈزمەس ئەسلا مۇرادقا .
ئايىما خەيرىلىك ئىشتىن بارىڭنى ،
گەنجىڭ ــ خەزىنەڭنى ھەم دىنارىڭنى .
ئاچكۆزلۈك بىلەن شاھ توپلىسا مول گەنج ،
پۇقرا تارتار ئۇشبۇ زۇلۇمدىن كۆپ رەنج .
دېھقاننىڭ گەنجى ھەم گەنجىدۇر ئۇنىڭ ،
دېھقاننىڭ رەنجى ھەم رەنجىدۇر ئۇنىڭ .
دېھقان گەنجىنى ئاسراش شاھلىق شېۋىسى ،
راھەتلەر كەلتۈرگەي ئەمگەك مېۋىسى .
جاھىلدىن يىراقراق بولماقنى ئەزم ئەت ،
گۇناھكارغا ئەپۇ قىلماقنى رەسىم ئەت .
دىلنى خىرە ئەيلەر غەزەپ سايىسى ،
خۇشخۇيلۇق بولغۇسى ساقلىق بەلگىسى .
غەزەپدارلىق ئادەت قىلسا پادىشاھ ،
ئۇنى سۈپەتسىز دەپ ھېسابلا راسا .
شاھقا ئەيىب يامانلىق زىكرىدە بولماق ،
كېرىكى ياخشىلىق پىكرىدە بولماق .
ئەگەر دىلغا چۈشسە خەتەردىن تۈگۈن ،
ئۇ قىلار ياخشىلىق خىسلىتىن زەبۇن .
تەمەگەرلىكنى ھېچ كۆڭلۈڭگە پۈكمە ،
تىزىڭنى مال ــ بىسات يولىدا پۈكمە .
پەلەك رەپتارىدىن قىلسا ئاگاھلىق ،
مۇشۇنداق ئەقىلگە مۇناسىپ شاھلىق .
ئۆزىمۇ ئەقىلدار بولسا ئەگەردە ،
ھەر ئىشتا تەدبىرلىك بولۇر ھەر يەردە .
ھەق بىلەن ناھەقنى شاھ بىلمەك كېرەك ،
بۇ سۆزنى دىلغا ئورناتماق كېرەك .
شىكارغا ئىشتىياق سەزسەڭ مۇبادا ،
مەيلىڭنى ئاشۇرغاي ئۇ مەنزىل ، ۋادا .
مەي بىلەن ئوۋ ئىشى ، بۇ ئىككى ھۈنەر ،
ئىككىسى قوشۇلسا نە ئۇنۇم بېرەر ؟ !

مېگە ھەۋەس قىلماق تەنگە زىياندۇر ،
بۇ ئىش ئۇلۇغلارغا شۇنچە ئاياندۇر .
ئەگەر ساڭا قارشى باش كۆتۈرسە ياۋ ،
ياردەم بەرمەس ساڭا ياكى مەي ، يا ئوۋ .
بۇ چاغدا لازىمى دىرھەم بىلەن تىغ ،
ھەرخىل شاھلىقلاردىن تېزدىن قوشۇن يىغ .
ئەتىگە قالدۇرما بۈگۈنكى ئىشنى ،
تەختىڭگە يولاتما يامان خاھىشنى .
نادانىنىڭ دىلىدىن ئىزلىمە راستلىق ،
ئۇلاردىن كەلگۈسى زىيان ھەم قەستلىك .
ئۇلاردىن كەلسە گەر يامان بىر خەۋەر ،
كۆڭلۈڭگە تولمىسۇن ئەندىشە خەتەر .
ئۇلار نە شاھنى ، نە يەزدانىنى بىلمەس ،
سەللە دېسەڭ ساڭا كاللا ئېپ كېلەر .
شەھەر ھامىيلىرى ئادىتى شۇنداق ،
سەن ئەقىل كۆزىدە بۇ ئالەمگە باق .
قورقىن بەتغەرەزلەر كاساپىتىدىن ،
ئالەم تار ئۇلارنىڭ بەتنىيىتىدىن .
ھەتتا سىردىشىڭغا سىرىڭ قىلما پاش ،
چۈنكى بار ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە سىرداش .
سۆزنى ئېيتىلغان ئوق ھېسابلا ئۆزۈڭ ،
جاھانغا پۈركەتكەي ئېيتقان ھەر سۆزۈڭ .
گەر سىرىڭ شەھەر ئارا بولسا ئاشكارا ،
ئەقلىڭ ، دىلىڭ بولغاي جاھاندىن پارە .
غەلۋە قىلساڭ ئاشار قەيسەر دېگەن نام ،
ئاقىل تۇتۇشنى بىلگەي ئۆزىنى مۇدام .
باشقىلار ئەيىبىنى سۆزلىمە ئاشكار ،
ساڭمۇ ئۇنىڭدىن ئەيىب كېلەر بار .
كىبرۇ ھەسەت قىلسا ئەقلىڭنى ئەسىر ،
ئەل ئارا نامىڭغا ئۇ قىلار تەسىر .
جاھاندارلار ھامان ئەقىللىق كېلۇر ،
ھەر يەردە ھەر كىمگە ئادىللىق قىلۇر .
ئالىي ھىممەتلىك بول ، ئۆتكۈر ئىدراك بول ،
تەنە ۋە ئىغۋادىن ھەمىشە پاك بول .
يېنىڭدا دانىشمەن ئالسۇن ياخشى جاي ،
ئۇنىڭدىن سەن ئۈچۈن رەھنەمالىق باي .
ئىستىسەڭ ئۆزۈڭدىن شاد بولسۇن ئاۋام ،
سۇيىقەست يولىغا تاشلىما قەدەم .
كىمكى جەھلىڭ قوزغاپ ئۇرماقچى نەپەس ،
ئەقىللىق خۇداگۇي ئەمەس ، ئۇ ناكەس .
گەپدانلىق ، بىلگىنكى بۇ نا ئەقىللىق ،
ئادەملەر ئالدىدا قىلما نادانلىق .
سۆزنى ئاڭلا ئىجىل ، ياخشىنى ياد قىل ،
مەنىلىك سۆز بىلەن كۆڭۈلنى شاد قىل .
دانالار قېشىدا كەمتەر سۆزلۈك بول ،
ھەر كىمگە يۇمشاق دىل ، ئوچۇق يۈزلۈك بول .
تىلەمچى ، دەرۋىشنى قىلما ئەسلا خار ،
ناكەسنى يولاتما تەختىڭگە زىنھار .
گۇناھكار ئەرز قىلسا ، ئۇنى مەزۇر تۇت ،
غەمخور بول ۋە ئۇندىن قىساسنى ئۇنۇت .
ھەممىگە ئادىل بول ھەمىشە ، ھەر ۋاقىت ،
سېخىي ۋە بەرداشلىق ئىنساندا بەخت .
دۈشمىنىڭ سۈلھ دەپ يالۋۇرسا ئەگەر ،
ئۇرۇشقا سۆرىمە ، توختاتقىن لەشكەر .
ئەگەر بويسۇنمىسا بولغىن بىئاياۋ ،
تىترىسۇن ئالدىڭدا جاندىن تويغان ياۋ .
سۈلھۇ دوستلۇق بولسا ئەگەر تىلىدا ،
سۇيىقەست بولمىسا زەررە دىلىدا ،
ئۇندىن باج ئۇندۇرگىل ، ئالمىغىل قىساس ،
بۇ بولغاي پاراۋان ئابرويغا ئاساس .
بىلىمدىن كۆڭلۈڭنى مۇنەۋۋەر ئەيلە ،
دانىشمەن مەقسەتكە مۇيەسسەر ئەيلە .
ساخاۋەت كەلتۈرگەي ھۆرمەت ـ ئىھتىرام ،
دانالىق كەلتۈرگەي ساڭا يۈكسەك نام .
سەن ئاتا تەختىنى جان بىرلە ساقلا ،
قالدۇرغىن نەسلىڭگە بۇ ئىشنى يەنە .
قىلدىممەن پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئادا ،
ھېچكىمگە ئازارنى كۆرمىدىم راۋا .
سەن ھەم ئاتا پەندىن ئۆزۈڭگە بىل يول ،
ياخشىلىق قىل ، يامانلىققا ئۇرما قول .
بەشيۈز يىل شۇ تەقلىد ئۆتكۈسى زامان ،
بۇ شاھلىق ، بۇ دەۋران تاپقۇسى پايان .
ئۇندا بويۇن تاۋلار سەندىن پەرزەنتىڭ ،
يەنى پەيۋەندىڭدىن بولغان پەيۋەندىڭ ،
قالۇر بىر تاماندا تەدبىر ۋە دانىش ،
شۇدۇر دانالارنىڭ پەندىدىن تونۇش .
ئۇلار پەرۋا قىلماي ئەھدۇ ۋاپاغا ،
يۈز تۇتار داۋاسىز جەبرۇ جاپاغا .

ئۇلار كەڭ جاھاننى قىلىپ ئالغاي تار،
خۇداگۇي ئىنساننى يەنە ئەيلەر خار.
ياۋۇزلۇق يۈكىنى ئارتىپ گەدەنگە،
ساداقەت بىلدۈرەر شۇم ئەھرىمەنگە.
بۇزۇشار بىز تۇتقان يولنىڭ ئەيىنىنى،
يەنجىشەر بىز ئەزىز بىلگەن بۇ دىنىنى.
ئۇ چاغ بۇ پەندىمگە ئاقىۋەت شۇلكىم،
ۋەيران بولغاي مېنىڭ بۇ مال ۋە مۈلكۈم.
ئىستەرمەن جاھاننى تۈزگەن يەزداندىن،
يەزدانكى، خەۋەردار ئوچۇق – پىنھاندىن.
ھەردائىم سىزدىن ئۇ خەۋەردار بولسۇن،
ياخشىلىق يولىدا سىزگە يار بولسۇن.
ئەقىل، ئادالەتنى كىم قىلسا پەيۋەند،
ئىگەمگە يېقىندۇر دەل شۇنداق پەرزەند.
نۇقسانلار يەتكۈزمەس مېنىڭ ئەھدىمگە،
زەھەر سالمىسۇن ھېچ تائام، رەسمىمگە.
پادىشاھلىق تاجىن كىيگەندىن بۇيان،
قىرىق يىل ئىككى ئاي ئۆتتى بىگۇمان.
باردۇر بۇ ئالەمدە ئالتە چوڭ شەھرىم،
ئەتىردەك ھاۋاسى قوزغايدۇ بەھرىم.
بىرىنى ئەردەشىر سەفاسى دېدىم،
سۈيى سۈت، ئەتىرلىك ھاۋاسى دېدىم.
رامەردەشىر ئىرۇر يەنە بىر شەھەر،
ئۇندىن پارس تامان ئەيلىدىم گۈزەر.
ھۇرمۇزد ئەردەشىردۇر بىر شەھەر ئىسمى،
قىرىنى ياش قىلۇر خۇش بۇي ھەر پەسلى.
ئۇندىن خۇشال بولدى مۈلكى خۇزىيان،
ئېلى مول، سۈيى مول، مول پايدا – زىيان.

ھەۋزەئى ئەردەشىر — بىر شەھرىم نامى،
سۇغا باي، باغ – گۈلشەن ئۇنىڭ تامامى.
بىرى مەيساندىدۇر، بىرى فۇراتتا،
تەڭسىزدۇر چەشمىلىك، چارۋا بۇ يۇرتتا.
پادىشاھ ئەردەشىر قىلدى دەر بىنا،
ئەستە تۇت كۆپ قىرلىق بۇ سۆزدە مەنا.
ئەمدى زاۋال تامان چۈشەرمەن يولغا،
ماڭا تاۋۇتنى بەر، تەختنى ئال قولغا.
كۆپتىن – كۆپ دەرد چەكتىم ئۇشبۇ جاھاندا،
بەزىدە ئاشكارا، بەزى پىنھاندا.
ئادالەت، ئىنسابتىن روھىمنى شاد قىل،
خۇش بەخت دەۋران سۈر، تەختنى ئاۋات قىل.»
سۆزلىدى بۇ پەندنى، ئەمدى نە ئىلاج!
پەلەك شۇ ئەزەلدىن، شۇنداق تەختۇ تاج.
شۇ ئىرۇر جاھاندا ئاقىۋەت ئەھۋال،
ئۇنىڭ تېپىشمىقىن ئاچماق كۆپ مالال.
خۇش بەختتۇر، ئالەمدە كىم سەردار ئەمەس،
تەختتىن مەھرۇم بولماق تەشۋىشىن يېمەس.
جان كۆيدۈرۈپ دۇنيا يىغارسەن ئەمما،
ئۇلاردىن يەتمىگەي ساڭا بىر ۋاپا.
ئاقىۋەت بولغايمىز يەرگە باراۋەر،
يۈزىمىز تۇسقۇسى قاپقارا چېدىر.
كەلگىل ياخشىلىقتا بېغىشلاپ جاننى،
يامانغا بەرمەيلى ئەسلا جاھاننى.
يەزدانپەرەس شاھلار نامىن قىلىپ ياد،
كىمكى مەي كۆتۈرگەي، بەختلىك شۇل زات.
دەممۇ دەم ئىچەيلى مەي تولغان جامنى،
تا خۇشال بولغۇچە بۇزماي ئارامنى.



# يەزدىگىرد پادىشاھلىقى

## (يىگىرمە بىر يىل داۋام قىلغان)

### يەزدىگىرد ئوغلى بەھرامنىڭ تۇغۇلغانلىقى

يەزدىگىرد شەھرىيار بولدى يەتتە يىل ،
تاڭ قالدى دانالار ھەتتا شۇ مەزگىل .
سەككىزىنچى يىلى تولغاندەك ئېيى ،
ئالەمنى قاپلىدى قۇياش چىرايى .
بىر ھۇرمۇزد چېھرىلىك پەرزەنت كۆردى شاھ ،
يۇلتۇزى مۇنەۋۋەر ، بەختى گويا ماھ .
گۆدەك ئىقبالىدىن ئالغاندەك ئىلھام ،
بەھرام دەپ ئاتىسى قويدى ئاتا نام .
بۇ ئەلدە يېتىلگەن مۇنەججىملەر كۆپ ،
سۆزىدىن دانالىق تۇرغان تۆكۈلۈپ .
ھىندىلار سەرۋەرى سۇرۇشتۇر بىرى ،
بىلىمدە مەشھۇردۇر ئۇنىڭ تەدبىرى .
بىرى ھوشيار ئاتلىق پارسىي بىر زات ،
ئىلىمگە تەسلىمدۇر پۈتۈن كائىنات .
پادىشاھ بۇيرۇدى : سارايغا كەلسۇن ،
پەرزەنتىم ئىقبالىن ئېنىقلاپ بىلسۇن .
ئۇلار بىپايان كەڭ ئاسمانغا بېقىپ ،
رۇمچە زىج دەستۇرى مەنىسىن يېشىپ ،
يۇلتۇزلار ھالىتىن ئۆگىنىپ شۇئان ،
دېيىشتى : « بەھرام — بۇ بىر شاھى جاھان .
ئۇ يەتتە دىيارغا ھۆكۈمران بولۇر ،
قەلبى كەڭ دەريادەك شەھرىيار بولۇر . »
ئۇلار يۇلتۇز ھالىن بىلدى ھېسابلاپ ،
يەزدىگىرد ئالدىغا ماڭدى ئالدىراپ .
تاجدارغا سىردىن ئەيلىدى خەۋەر :
« بارچە تەپەككۇرنى ئېتىپ سەپەرۋەر .
قازا ئىرادىسىنى ئەيلىدۇق ئايان ،
پەرزەنتىڭگە ئۇنىڭ مېھرى بىپايان .
ئۇ يەتتە دىيارنىڭ بولغۇسى شاھى ،
شەرەپ ۋە شۆھرەتنىڭ ئۇلۇغ پاناھى .
ئەقىللىق دانالار بەرگەچ مەسلىھەت ،
ئۇ قۇردى بارگاھتا شۇنداق سەلتەنەت .
بۇ گۆدەك ماڭمىسا ئاتا يولىدىن ،
ئادىل شاھىنشاھلىق كېلەر قولىدىن .
ئاتا تۇتقان يولنى تۇتسا مۇبادا ،
مەملىكەت كۆلپەتتىن ئېتەر زىيادە .
ئۇندىن غەمگە پاتقاي ئاقىل ۋە باتۇر ،
ئۇ خەۋپ ۋە خەتەرنى قانداق تەرك ئېتۇر ؟ »
ياخشى نىيەتلەرنى ئېلىپ بېشىغا ،
دانالار كېلىشتى شاھنىڭ قېشىغا .
دېيىشتى : « پەرزەنتىڭ ، ئەقىل تىمسالى ،
ھەر قانداق قۇسۇردىن ئۇ تۇرغان خالىي .
جاھان باشتىن ـ ئاياغ پەرمانىڭدىدۇر ،
بارچە يۇرت ۋە دىيار پەيمانىڭدىدۇر .
بىر باقساڭ ، ئۇنىڭدىن ئەقىل بەرق ئېتەر ،
ئەقلىدىن ئەل ئۈچۈن ئاۋاتلىق كېلەر .
سەن ئېسىل تەربىيىچى ئايال تەيىن ئەت ،
خەلقتىن ئۇنىڭغا ياغسۇن كۆپ رەھمەت .
ئاڭا كامال بەرسۇن ھۈنەر دەرىخى ،
ئەمرىدىن گۈللەنسۇن جاھاننىڭ بەختى . »
يەزدىگىرد ئاڭلىدى ئىقبال تەفسىرىن ،
چاقىردى ئالدىغا يۇرت ئۇلۇغلىرىن .
ئەلچىلەر ئەۋەتتى رۇم تەرەپكە ،
ھىندى ، چىن ۋە نەچچە ئەل ـ مەملىكەتكە .
يەنە ئەلچى كەتتى مۈلكى ئەرەبكە ،
مەكتۇپلار يەتكۈزۈپ ئاشۇ تەرەپكە .
ئەلچىلەر قەلبىدە شۇ ئىدى ئايان :
« مۇناسىپ تەربىيىچى تاپماقلىق ھامان .
ئۇ ھەر بىر ئىلىمدە ھەم ئارتۇق بولسۇن ،
مۇنەججىم بولسۇن ئۇ ھەم ناتىق بولسۇن . »
ھەرياقسى ئەللەردىن كەلدى دانالار ،
جاھاننى بىلگەنلەر ، قەلبى مەنالار .

ئۇلار شاھ ئالدىغا كىرىشتى بىر ـ بىر ،
بۇ ھەقتە ھەم ئىزھار قىلىشتى پىكىر.
پادىشاھ سۆز سوراپ ھۆرمەت بىلدۈردى ،
ھەممىگە ئۆي ـ جايلار تەيىن قىلدۇردى .
كەچقۇرۇن كېلىشتى نومانۇمەنزەر ،
يېنىدا نەيزىلىك كۆپ ئەرەب ئەسكەر .
پارستا جاھان چوڭلىرى بولدى جەم ،
يەزدىگىرد قېشىغا كىرىشتى ھەمدەم .
دېيىشتى : « ئايا شاھ ، بىز ساڭا بەندە ،
بۇيرۇقۇڭ جان بىلىپ ساقلارمىز تەندە .
شەرەپتۇر ئوغلۇڭغا بەرمەك تەربىيەت ،
ئۇلۇغلار دىلىدا شۇ ئالىي نىيەت .
بەھرام كامالىنى ئېتەيلى بىز پەن ،
قىلايلى قەلبىنى ئىلىمدە روشەن .
بىز رۇم ، ھىندى ، پارس ، ئەرەبلەر ،
مۇنەججىم ، مۇھەندىس ، ئىلمى نائىپلەر .
پەلسەپە بابىدا ھېكمەت تۆكەر نۇر ،
تىل ھۈنەر بويىچە شۆھرىتىمىز زور .
ھەممىمىز ئوغلۇڭنى ئۆستۈرەر تۇپراق ،
شۇ بىلىم تۇپەيلى ئۇ ئاچسۇن ياپراق .
سىناپ ئىلىم يەنە تەدبىرىمىزنى ،
تاللىغىن ياراتساڭ قايى بىرىمىزنى . »
شۇندا مەنزەر دېدى : « بىز تەييار دېمەك
ئىشىڭغا ، نامىڭنى ساقلايدۇ يۈرەك .
بىزنىڭ پاك نىيەتتىن شاھ ئىرۇر ئاگاھ .
بىز چارۋا بولساق گەر ، چوپان ئىرۇر شاھ .
سەربازىمىز ، مەردلەرمىز ، جەڭلەردە باتۇر ،
ھەرقانداق ئالىمدىن ئۈستۈن ھەم قادىر .
گەرچە ئارىمىزدا يوق يۇلتۇزشۇناس ،
ھەندەسە ئىلمىگە قويغان ھەم ئىخلاس .
بىراق شاھقا دىلدا بىھەد مېھىر بار ،
ئوينار ئاستىمىزدا ئەرەبىي تۇلپار .
ئوغلۇڭغا ئېتىقاد دىلىمىزدىدۇر ،
ئۇنىڭ مەدھى داۋام تىلىمىزدىدۇر .

## يەزدىگىرد ئوغلى بەھرامنى مەنزەر ۋە نۇئمان تەربىيىسىگە بەرگەنلىكى

يەزدىگىرد ئاڭلىدى ئۇلارنىڭ سۆزىن ،
بىر پىكىر ـ ھېس ئىچرە بەند قىلدى ئۆزىن .
ئالدىنى ، كەينىنى ئويلاپ ئۇ ئوبدان ،
بەھرامنى مەنزەرگە تاپشۇردى شادمان .
بۇيرۇدى : « زەر لىباس كىيگۈزۈڭ ئاڭا ،
بېشىنى يەتكۈزۈڭ ئاسمانغا يەنە ! »
ئاڭا كىيدۈرۈلدى شاھانە لىباس
ۋە تۇلپار بېرىلدى پادىشاھقا خاس .
پادىشاھ قەسرىدىن تا دەشتكە قەدەر
جاھانغا سىغمايتتى ئات ، تۆگىلىكلەر .
قانچىلىك خىزمەتكار ۋە تەربىيەتكار
بۇ يەرگە جەم بولۇپ ، بولغانتى تەييار .
مەيدان ھەم رەستىلەر ، قەسرىمۇ راسا
بايراملىق تۈسكە چۈلغانغان تازا .
يەمەن پايتەختىگە كىرگەندە مەنزەر ،
ئۇنى قارشى ئالدى كەڭ ئەھلى شەھەر .
يېنىغا ئالغان ئۇ شۇنچە سەربازنى ،
كۆپ مەيدانلار كۆرگەن كۆپ چەۋەندازنى .
كېلىشتى ئەرەبتىن مەشھۇر دانالار ،
دۆلەتمەن ئىرانىي ، ئەقلى تازالار .
تاللاندى ئۇلاردىن تۆت چېۋەر ئايال ،
مەشھۇر ، ئېسىل نەسەب ، ساھىبى كامال .
ئىككىسى ئۇلاردىن ھوشيار ، پاك ئەرەب ،
ئىككىسى ئىرانىي ، شاھانە نەسەب .
ئۇلار پەرۋەرىشلەپ بەھرامنى تۆت يىل ،
سۈت بەردى ۋە بەردى مېھىر بىلەن دىل .
كۈندىن ـ كۈن ئۈلغىيىپ زورايدى گۆدەك ،
ئارسلان بەدىنى ، شىر بولدى كۆكرەك .
يەتتە ياش بولغاندا مەرد سۇپەت ئىدى ،
مەنزەرگە بىر كۈنى ئۇ شۇنداق دېدى :
« ئايا ئالىيجاناب ، ساخاۋەتلىك زات ،
مېنى گۆدەك ساناپ ، قىلما ئىلتىپات .
مېنى تەربىيىگە ئۇستازلارغا بەر ،
ئىلىم ئۆگەتكۈچى مۇمتازلارغا بەر . »
مەنزەر جاۋاب قىلدى : « ياش سەن ، ئەي پەرزەنت ،
سېنى پەنلەر بىلەن قىلماققا بەند .
ۋاقىت يەتكەن چېغى ئوقۇش قىلارمىز ،
پەنلەر ئۆگەتمەككە تۇتۇش قىلارمىز .

ئويۇن ئويناشنىڭمۇ پۇرستى پۈتەر،
مەيدانغا چىقماقنىڭ مەزگىلى يېتەر . »
يەنە بەھرام قىلدى ئىخلاسمەن جاۋاب :
« مېنى بىكارچى قىپ چىقارما ، جاناب ،
گەرچە ياش بولسامۇ ئەقىل ـ ھوشۇم بار ،
گەۋدەم چاغ بولسىمۇ تەندە كۈچۈم بار .
سەن گەر چوڭ بولساڭمۇ ، كىچىكتۇر ئەقلىڭ ،
ماڭا ماس كەلمەيدۇ ، بۇ ئاجىز نەقلىڭ .
مەن نىيەت پۈكتۈممۇ ، يەتمىكىم كېرەك ،
ئويلىغاننى ھاسىل ئەتمىكىم كېرەك .
سەندەك پۇرسەت پايلاپ ئولتۇرسا ھەركىم ،
جاپا ھەم تەشۋىشسىز ياشىغاي بەلكىم .
ئىش دېمەس ، پالانچى پالان ياشتىدۇر ،
ئەقىل ياشتا ئەمەس بەلكىم باشتىدۇر .
شاھلىققا نە ئىلىم لازىم بولسا ، بىل ،
ماڭا شۇڭا لايىق تەلىم ـ ساۋاق قىل .
بىلىمدۇر ــــ ھەقىقەت ، ئۇ راستلىق ماھى ،
ھەر ئىشنىڭ بېشىدىن مەلۇم داۋامى . »
مەنزەر بۇ سۆزلەردىن ھەيرەتتە قالدى ،
ۋە يەزدان نامىنى تىلىغا ئالدى .
مىندۇرۇپ ئەلچىنى تۆگە بىلىگە ،
شۇ ھامان ئەۋەتتى سۇرسان ئېلىگە .
ئۇ يۇرتتىن ئۈچ دانا تاللاندى دەرھال ،
ھەر بىرى ھۈنەردىن تاپقان زور كامال .
دەۋرلىك ئىشىدە ئۇستازدۇر بىرى ،
دىلنى روشەن قىلار ساۋاق ، تەدبىرى .
بىرى لاچىن بىلەن ئوۋغا ئۆگىتەر ،
قارچىغا ئۇچۇرماقتا يوق ئاڭا يېتەر .
بىرى سۇدەك بىلەر چەۋگەن ، كامانىنى ،
تىغ ئۇرۇپ يىقىتقاي ھەر ـ ھەر يامانىنى .
ئوڭ ـ سولغا ئات چاپماق بويىچە ماھىر ،
باتۇرلار ئىچىدە ئۇ بىر باھادىر .
بىرى شاھىنشاھلىق رەسمىن ئۆگىتەر ،
نۇتۇق ، مەنسەپ ئىلمىن دىلغا ئورنىتار .
ئۇلار ياخشى بىلەر شاھلار تارىخىن ،
بەھرامغا سىڭدۇرەر ئۇلار تەرىپىن .
مەنزەر ھۇزۇرىغا كېلىپ ئۈچ مۇبەد ،
دانىشىن ئاشكارا قىلدى بىر مۇددەت .
بەھرامنى تاپشۇردى مەنزەر ئۇلارغا ،
چۈنكى تەشنا ئىدى يىگىت ھۈنەرگە .
شاھزادە دەرستە ئىدى تىرىشچان ،
ئۆتكۈر ئىستېداتىن قىلدى نامايان .
نېمىنى ئاڭلىسا ، ھەممىنى شۇئان
دىلىغا ئالاتتى گۈل نەقىشسىمان .
يېشى ئون ئىككىگە قويغاندا قەدەم ،
قۇياش چېھرە بولدى ، جەسۇر ۋە بەردەم .
ئەمدى بىلمەس ئىدى دەرس ئېھتىياجىن ،
ھېكمەت ۋە چەۋگەن ، قارچىغا ، لاچىن ،
مەيداندا ئات چاپماق ئاڭا سىر ئەمەس ،
بۇ ھەقتە ماھارەت ئۇندىندى پەيۋەس .
مەنزەرگە دېدى ئۇ : « ئەي پاك دىل جاناب ،
ئەمدى ئۇستازلارغا بەرگىن سەن جاۋاب . »
ئۇلارنىڭ ھەر بىرى كۆپ ھەدىيە ئالدى ،
مەنزەر دەرگاھىدىن يۇرتقا يول سالدى .
پادىشاھ مەنزەرگە يوللىدى پەرمان :
« نەيزىدارلار ئېتىنى يوللامەن تامان .
بارچە تۇلپارلارنى توپلىغىل دەرھال ،
نەيزىكەشلىك ئۈچۈن بولسۇن بىمالال .
ماڭا لايىق ئاتقا سەن باھا قىلغىن ،
قانچە دىرھەم دېسە ، سەن سېتىۋالغىن . »
مەنزەر جاۋاب قىلدى : « ئايا ، ئۇلۇغ شاھ ،
ئۆزۈڭسەن جىمىكى ئىلىمدىن ئاگاھ .
ئۇدۇلۇڭدا كۆپقۇ يىلقىچى ھازىر ،
ئۇ سېنىڭ ئەمرىڭنى بېجىرگەي بىر ـ بىر .
سەن ئەگەر ئات ئالماق بولساڭ ئەرەبتىن ،
ئىزدىمىكىم دەركار قايسى تەزەپتىن ؟ »
ئۇنىڭغا سۆز قوشتى بەھرام شۇ ھامان :
« مۇرادۇ مەقسەتكە ئېرىشكىن ئاسان .
ماڭا بىر ئات ھاجەت شامالدەك كېتەر ،
چاپسا داۋان ـ تاغدىن قۇش كەبى ئۆتەر .
مەن ئۇنى كۆندۈرەي ئوقتەك ئۇچۇشقا ،
باھار شامىلىدىن تېزرەك قۇچۇشقا .
ئەگەر ئۇ كۆنمىسە ھەرخىل سىناققا ،
يارىماس ھېچ كارغا ، شىكار ، جەڭگاھقا .
شۇندا بۇيرۇق قىلدى مەنزەر نۇئمانغا :
« ئاتلارنى ھەيدەپ كەل تېز بۇ تامانغا .
نەيزىدار مەردلەرنى ھەم كەلتۈر تېزرەك ،
تاللىغىن تەڭداشسىز بولسۇن ئارغىماق . »

نۇئمان تېز يول ئېلىپ يۈز ئات كەلتۈردى ،
يۈز ئاتتا يۈز ئۇچار قانات كەلتۈردى .
بەھرام سىناپ كۆردى ئاتلارنى بىر ـ بىر ،
چاپتۇرۇپ سەھرالار ، كېزىپ تاغ ـ ئېدىر .
تېزلىكتە قالمايتتى ئۇلار شامالدىن ،
ئەمما بەھرام مىنگەچ كېتەتتى ھالدىن .
قىيامغا يەتكۈزۈپ كەسكىن سىناقنى ،
تاللىدى كەڭ يەلكە ئەڭ ياخشى ئاتنى .
يەنە بىر تۇلپارنى تۇتتى ، جىگەررەڭ ،
مىسالى دەريادىن تۇتقاندەك لەھەڭ .
ئۇچقۇنلار چاچرىتار ئىدى تاقىسى ،
خۇددى قان رەڭگىدە قىرمىزى يايلى .
كۇفا توقىيىدىن ئىدى يىلقىبان ،
مەنزەر دېگەن نەرقىن تۆلىدى شۇئان .
قوش تۇلپار بەھرامنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى ،
ئازەر گۇشەسپتەك ئۆزىن مەرد تۇتتى .
شامالمۇ تەڭكۈزمەي ئاتلارغا ھەتتا ،
پەرۋىش قىلدۇردى ئاۋايلاپ يەنە .
بىر كۈنى مەنزەرگە دېدى شاھزادە :
« ئايا مۆھتەرەم زات ، قەلبى ئازادە ،
سەن مېنى چوڭ قىلدىڭ شادمان ۋە بىغەم ،
ئۆستۈم تەشۋىش بىلمەي ھەممىگە بىكەم .
لېكىن ھەر يۈرەكنىڭ ئارزۇسى بولۇر ،
ئۇ قەلب تۆرىدە پىنھانە تۇرۇر .
ئەر يۈزىن سارغايتار قايغۇ ، ناھەقلىق ،
ئەرگە كۈچ بېغىشلار شادلىق ، خۇشاللىق .
دىلنى خۇشھال قىلار گۈزەللەر تېنى ،
يىگىت ئارامدۇر ئاياللار ، يەنى

يىگىت ھۇزۇرىدۇر خۇشچېھرە جانان ،
مەيلى تاجدار بولسۇن ، مەيلى پەھلىۋان .
ئۇ ئاشنا قىلىدۇ دىلنى يەزدانغا
ۋە چەك ـ پەرق سالىدۇ ياخشى ـ يامانغا .
بۇيرۇقۇم ، كېلىشسۇن بەش ـ ئالتە بەرنا ،
چىرايى قۇياشتەك ۋە ئەقلى زىبا .
بىر ـ ئىككىنى تاللاپ ئالسام مەن ئەگەر ،
تەقدىرىم تېخىمۇ بولغاي جىلۋىگەر .
بىرەرى گەر پەرزەنت ئەيلىسە ئىنئام ،
دىلىم بۇ بەختتىن تاپاتتى ئارام .
شۇندا خۇرسەن بولغاي مەندىن شەھرىيار ،
ئېتىپ ھەر مەجلىستە زوقىنى ئىزھار . »
مەنزەر ئاڭلاپ بۇدەم يىگىت قەلبىنى ،
ماختىدى يىگىتلىك پەخرى ـ شەنىنى .
بۇيرۇدى چاپارمەنگە : « يۈگۈر شۇدەم ،
كېنىزەك بازىرىغا تاشلاپ قەدەم . »
قىرىق رۇملۇق گۈزەل تەييار قىلىندى ،
ھەربىرى كۆڭۈلنى تىترىتەر ئىدى .
ئۇلاردىن ئىككىنى تاللىدى يىگىت ،
چېھرىسى ئەتىرگۈل ، تېنى مەرۋايىت .
قامىتى سەرۋىدەك راۋان ۋە ئادىل ،
باشتىن ـ ئاياغ لەززەت ۋە ئارامى دىل .
ئۇ ئىككى گۈزەلنىڭ بىر چەڭزەنلىك ،
بىرى لالە يۈزلۈك ، ئىدى يەمەنلىك .
قارا چېچى چۇلغاپ تۇرار قەددىنى ،
مەنزەر سېتىۋالدى تۆلەپ نەرقىنى .
بەھرام شادىمان بولۇپ ئاپىرىن دېدى ،
چېھرىسى نەق لالە بەدەخشان ئىدى .

## بەھرام ۋە چەڭزەن كېنىزەك داستانى

مەشغۇلاتى بولۇپ ئوقيا ۋە مەيدان ،
گاھ چەۋگەن ، گاھ ئوۋدا قىلاتتى جەۋلان .
بىر كۈنى ئۇل چەڭزەن قىز بىلەن بىللە
شىكارغا چىقىشتى باياۋان ـ چۆلگە .
ئازادە ئىدى ئۇ رۇم قىزى ئىسمى ،
ئىسمىغا مۇناسىپ پۈتۈنلەي جىسمى .
ئۇ ھەم دىل ئارامى ، ئىلھامى ئىدى ،
ئاڭا دىل ھاكىمى ، خۇشنامى ئىدى .

تۆگىدە ماڭاتتى بۇ ئىككى مەھبۇب ،
بېشىدا مەخمەللەر تۇرار يەلپۈنۈپ .
باراتتى گاھ پەسلەپ ، گاھ ئېشىپ داۋان ،
تۆت دانە ئۈزەڭگە سىلكىنىپ ھەريان :
ئىككىسى كۈمۈشتىن ، ئىككىسى زەردىن ،
نەقىشى بېزەكلىرى ئۈنچۇ گۆھەردىن .
بەھرام سەنئىتىگە بولۇپ يارىشىق ،
ساداقدان ئىچىدە يالتىرايتتى ئوق .

شۇئان ئۇدۇل ياقتىن چىقتى جۇپ ئاھۇ ،
ئازادىگە مەغرۇر سۆز تاشلىدى ئۇ :
« كۆكۆل خاھىشىڭنى دېگىن ماڭا ، ئاي ،
ئېنىق مۆلچەل قىلىپ ، قاتتىق تارتىپ ياي
قايسى بىر ئاھۇنى مەن قىلاي نابۇت ،
ياشراق چىشىنىمۇ ، قېرىسىنى ياخۇد ؟ »
ئازادە دېدىكى : « ئايا ، مەرد كىشى ،
ئاھۇنى ئۆلتۈرمەك ئەمەس مەرد ئىشى .
ئەگەر مەرگەن بولساڭ مۆلچەرلەپ ئوق ئات ،
ياش ئاھۇغا ئەمەس ، ئەركەككە قارات .
ئاندىن تۆگەڭنى يولغا قويۇپ بەر ،
ئۇ سېنىڭ تۆگەڭدىن قاچىدۇ بەتتەر .
ئۇ قاچقان تەرەپكە تاشلا تېز ساقا ،
ئۇدۇل بېرىپ كىرسۇن بىر قۇلىقىغا .
ساقىدىن قۇلىقى قىچىشقان زامان ،
پۇتىدا قۇلىقىن ئۇ قاشلار شۇئان .
شۇندا باش ـ ئايىغىنى مۆلچەرگە ئېلىپ ،
بىر ئوقتا توختاتقىن ! دېگەيمەن غالىب ! »
دەشتلەردە شاماللار يۈرگەندە مەغرۇر ،
قولىغا ئوقيانى ئالدى بەھرام گور .
قوش تىغلىق ئوق بارئىدى شاھ سادىقىدا ،
ئەسقاتار دەپ ئالغان سىناق چېغىدا .
شۇنى يانغا قويۇپ ئاتتى ئاھۇغا ،
شۇ ئوق تىك قادالدى ئاھۇ شاخىگە .
چورت كېسىپ ئۆتتى ھەم ئۇنىڭ مۈڭگۈزىن ،
كېنىزەك ھەيرەتتە تۇتتى ياقىسىن .
چىشىغا ئايلاندى بۇ ئەركەك كېيىك ،
بېشىدىن ئۇچقاندا مۈڭگۈزلىرى تىك .
ئۇ چىشى ئاھۇغا ئىككى ئوق ئاتتى ،
ئۇ ئوقلار كۆزلەنگەن نىشانغا پاتتى .
يەنى ئىككى ئوقى بولۇپ ئىككى شاخ ،
چىشىنىڭ بېشىدا تىك تۇردى شۇچاغ .
ئاندىن ئۇ ئۇلارنى تۆگىلىك سۈردى ،
قۇلاقىقا قارىتىپ ساقىنى ئۇردى .
ساقا بېرىپ تەگدى شۇدەم قۇلاققا ،
كېنىزەك لال ئىدى بىر سۆز ئېيتماققا .
توختاپ قۇلىقىنى قاشلىغان ھامان ،
بەھرام يايغا قويدى بىر ئوقنى چاققان ،
قۇلاق ، ئاياغىنى ، باشنى مىخلىدى ،
ئازادە رەھىم ئېتىپ ، باغرىنى تىلدى .
بەھرام قىزغا باقتى : « قايىلمۇ ، گۈزەل ؟ »
ئازادە كۆزىدە ياش غىلىلدار پىل ـ پىل .
دېدىكى : « بۇ ئىشىڭ مەردلىك ئەمەستۇر ،
ئاقىللار بۇ ئىشنى مەردلىك دېمەستۇر . »
بەھرام ئازادىنى ئېگەردىن ئاتتى ،
قىز غۇلاپ يىقىلدى ، تۇپراققا پاتتى .
ئاندىن تۆگە بىلەن ئۇنى چەيلىدى ،
قولى ، كۆكرىكىنى غىچ قان ئەيلىدى .
دېدى : « ئەي ، نا شۈكۈر ، چەكۈزمەن نادان قۇل ،
ماڭا يامانلىقنى كۆردۈڭمۇ ماقۇل ؟
ئەگەردە مولجالغا ئۇرمىسام ، ھەيھات ،
ئەۋلاد ـ ئەجدادىمغا بولۇر مۇسىبەت . »
تۆگىنىڭ پايىدا پايخان بولدى قىز ،
ئالماس بولدى ئوۋغا بەھرام ھېچ كەنىز .

## بەھرامنىڭ ئوۋدا ماھارەت كۆرسەتكەنلىكى

قوشۇن تارتتى ، ئالدى لاچىن ۋە شەھباز ،
ئوۋغا سەپەر قىلدى بەھرام شۇنچە ساز .
ئۇ بىر تاغ باغرىدا كۆردىكى قاراپ ،
بىر شىر بىر قۇلاننى يەيتتى پارچىلاپ .
ئوقنى يايغا سېلىپ شاھ قىلدى نىشان ،
زەھەر ئوق ئۆچتىكى ۋىژىلداپ شۇئان .
شىر بىلەن قۇلانغا پاتتى بىر ئاندا ،
يېرىمى شىردا ھەم تېگى قۇلاندا .
مەنزىرۇ نۇئىماننى ئۇ قىلغان ھەمراھ .
كېيىنكى ھەپتىمۇ ئوۋغا چىقتى شاھ .
ئەرەبىي سەربازلار ئىدى يانىمۇ يان ،
قولىدىن كەلگۈدەك پايدا ھەم زىيان .
مەنزەر ئىستىدى ، ئۇلارغا بەھرام ،
كۆرسەتسۇن ماھارەت ئوقتا ، ئاتتا ھەم .
كۆرۈندى شۇ چاغدا بىر ئوتلاق ، دالا ،
تۆگە قوش يۈرەتتى بولۇشۇپ پادا .
بەھرام تۆگە قوشنى كۆرگەن شۇ زامان ،
غۇلغۇلا باشلاندى بىر قويۇنسىمان .

كامانغا تۆت تىزىق ئوقنى جايلىدى ،
دەمدىلا تۆگە قۇش كۆكسىن پايلىدى .
ئوقلار ئۇچۇپ چىقتى يايدىن ئىزمۇ ئىز ،
قادالدى ھەم شۇئان قۇش باغرىغا تېز .
خۇددى بىر نۇقتىغا تەگدى بارچە تىغ ،
مۇنچىلىك مەرگەنلىك شۆھرەتتۇر ئېنىق .
بىر يەردىن بۇ ئوق تۆت ئۆتكەنتى تېشىپ ،
يىگىنچە ئارىلىق قالمىغان ئېشىپ .
نامدارلار قۇش تامان چېپىپ بېرىشتى ،
مىسلىسىز مۆلچەرگە ھەيران قېلىشتى .
قايىل قالغانىدى نەيزىدار لەشكەر ،
چەكسىز ئاپىرىنلار ئېيتاتتى مەنزەر .
ئۇ دەيتتى : « مەن مىسلى بەختلىك باغۋەنمەن ،
سەن كەبى ھاسىلدىن چەكسىز شادىمانمەن .
ھەمىشە نۇرچاچسۇن ئايدەك جامالىڭ ،
كامالىغا يەتسۇن ھۈنەر ــ ئامالىڭ . »
مەنزەر شادلىق بىلەن يېتىپ ئايۋانغا ،
شاھ نامىن چوڭ يايدى چەكسىز جاھانغا .
چاقىرتتى يەمەندىن نەچچە رەسسامنى ،
جەڭگاھتا تەسۋىرلەش ئۈچۈن بەھرامنى .
بۇيرۇدى بۇ ئىشقا جاننى ئېتىپ بەخش ،
شايىشا سىزسۇن دەپ مەنزىرىي نەقش .
بەھرام كەڭ ئورماندا ياي تۇتۇپ بارار ،
ئاستىدا ئۇ مىنگەن ھەيۋەت تۆگە نار .
چەبدەسلىك ئېچىدە ئوۋلاپ باراتتى ،
قۇلان ، ئاھۇ ھەتتا شىرنى ئالاتتى .
يەنە ھەم كۆرۈنمىش تۆگە قۇش جىگى ،
ئاق شايى چايشاپنا قاپقارا رىگى .
بۇ رەسىم ئىشلىنىپ پۈتكەن شۇ كۈنى ،
شەھرىيارغا مەنزەر ئەۋەتتى ئۇنى .
يەزدىگىرد قەسرىگە يەتكەندە نامە ،
لەشكەرنى لال قىلدى بۇخىل مەنزىرە .
نامدارلار ھەيرەتتە ياقا تۇتۇشتى ،
بەھرامنى مەدھىيلەپ خۇش سۆز قىلىشتى .
بەھرام جاسارىتىن قىلماققا ئاشكار ،
يوللاندى شەھرىيار تامان بۇ ئەخبار .

## بەھرامنىڭ نۇئمان بىلەن بىللە ئاتىسى يەزدىگىرد ئالدىغا كەلگەنلىكى

ئىستىدى ئاتىسىن كۆرمەكنى بەھرام ،
بەھرامكى ، جان ئىچرە ئاپتاپ يەڭلىغ نام .
بىر كۈنى مەنزەرگە سۆز قىلدى شۇنداق :
« ھۇزۇرۇڭدا تۇرۇپ قالدىمغۇ ئۇزاق ،
مەن ئاتام دىدارىن ئارزۇ ئېتەرمەن ،
سېغىنىش بەرمىدى ئارام ، نېتەرمەن . »
مەنزەر شەھرىيارغا قىلماققا ئىنئام ،
توپلىدى يەمەندىن كۆپ سوۋغا ــ سالام :
ئەرەبىي ئاتلارنى ، زەر جابدۇق ، زەر يال ،
يەنە تۈركۈم ــ تۈركۈم قىممەت باھا مال .
بۇ يەمەن ساۋۇتى ، يەمەن تىغى بۇ ،
بۇ ، ئەدەن يېرىدىن گۆھەر ھەم ئىنجۇ .
شاھقا ھەمراھ قىلدى نۇئماننى مەنزەر ،
شاھىنشاھ ئالدىغا قىلىشتى سەپەر .
ئۆتمۈش ، ئۇلۇغلاردىن ئېيتىشىپ داستان ،
ئۇلار يېتىپ كەلدى ستەھر تامان .
ئوغلىنىڭ كەلگىنىدىن بولدى شاھ ئاگاھ ،
بىلدى نۇئمان ئەرەب ئۇنىڭغا ھەمراھ .
بارچە ئەقىلدانلار كۈتۈشكە چىقتى ،
ھوشيار دانالارنى شاھ ئۇيان يىغدى .
يىراقتىن بەھرامغا شاھ تاشلاپ نەزەر ،
كۆردىكى پەم بىلەن قۇدرەتتىن ئەسەر .
ھەيرەتكە چۈشتى ئۇ ئەقىل ، بەستىدىن ،
قەددى ــ قامىتىدىن ، زەبەردەستىدىن .
ئۇنى شاھ ئۆتكۈزۈپ يېنىغا خۇشھال ،
مەدھىيلەپ تاشلىدى كۆپ جاۋاب ــ سوئال .
نۇئمانغا شەھەردىن بىر جاي بەردى ئۇ ،
بەھرامغا مۇناسىپ ساراي بەردى ئۇ .
سارايدا كۆپ ئىدى خىزمەت قىلار قۇل ،
ھەر قانداق ئىش ئۈچۈن ھەم تەخ ، ھەم ماقۇل .
ئاتىسى يېنىدا خىزمەتتە بەھرام ،
ئارامنى بىلمەستى كېچە ــ كۈندۈز ھەم .
شاھ يېنىدا نۇئمان بىر ئايچە تۇردى ،
ئاندىن قايتىپ كېتىش رايىن بىلدۈردى .
شەھرىيار چاقىرتىپ ئۇنى ئايۋانغا ،
سۆھبەتچۈن بىر ئاخشام ئۆتكۈزدى يانغا .

ۋە دېدى : « كۆپ زەخمەت چېكىپتۇ مەنزەر ،
بەھرام كامالىغا بولۇپ ئۇ رەھبەر .
يۈكسەك ھېسابلايمەن خىزمىتىڭىزنى ،
ئورنىغا قويۇرمەن ئىززىتىڭىزنى .
تەھسىنگە لايىقتۇر مۇنداق دانالىق ،
تەربىيەت بابىدا بۇ رەھنەمالىق .
تۇرۇپ قالدىڭ بىزنىڭ پايتەخت ئىچرە ،
ئاتاڭ بىتاقەتتۇر سېنى كۈتمەكتە . »
گەنجىدىن ئاجرىتىپ ئەللىك مىڭ دىنار ،
ئۇنىڭغا بىر نامە قوشتى شەھرىيار .
يەنە سوۋغات قىلدى ئون ئىسىل تۇلپار ،
كۈمۈشتىن ، ئالتۇندىن ، نەقشى يالتىرار .
بەردى كۆپ كېنىزەك ، پالاس ھەم گىلەم ،
رەڭمۇرەڭ مۈشك بىلەن تازا ئەنبەر ھەم .
مېھران خەزىنىدىن ئاجراتقان بۇ مال
مەنزەر ۋە نۇئمانغا ئاتالدى ھالال .
نۇئمان بۇ ئىززەتتىن بولدى شاد تولا ،
بايلىقنى دوستلارغا ئۈلەشتى شۇندا .
شەھرىيار يازدۇردى مەنزەرگە مەكتۇپ ،
مەكتۇپكى ، بىر ئالىي دەرگاھقا مەنسۇپ .
ھال ـ ئەھۋال بىلدۈرۈپ ئۆز پەرزەنتىدىن ،
يەمەن شاھقا يۈرىكى ، كۆڭۈل قېتىدىن
دېدىكى : « قەرزدارمەن ئالدىڭدا مۇدام ،
سەن باتۇر ئوغۇلنى ئەيلىدىڭ تىنئام . »
بەھرام ئۆز خېتىدە ئۆز ھالىن يازدى ،
مۇندىكى رەنجى ۋە مالالنى يازدى :
« ئۈمىدىم بۇ ئەمەس ئىدىغۇ شاھتىن ،
ئازماققا باشلىدىم قەيسەر نىگاھتىن .
بۇندا نە ئوغۇل ئەمەس ياكى چاكارمەن ،
نە ساراي ئىشىدىن راھەت تاپماسمەن . »
نۇئماننى خەۋەردار قىلغاچ بۇ سىردىن ،
شاھى جاھان تۇتقان يامان تەدبىردىن ،
نۇئمان قايتىپ كەتتى ئۆز ئېلى تامان ،
مەنزەر دەرگاھىغا يەتتى تىنچ ـ ئامان .
شاھتىن خەت كەلگىنىن بىلگەچ ئۆزىگە ،
مەنزەر خەتنى ئېلىپ سۈردى كۆزىگە .
بىھەد سوۋغاتلاردىن يەنە بولۇپ شاد ،
شەھرىيارنى قىلدى مۇبارەكلەپ ياد
ۋە بەھرامنىڭ سىرىدىن سۆز ئاچتى نۇئمان ،
دېدى بۇ ھەممىسى شۇنچىلىك پىنھان .
بەھرامنىڭ خېتىنى ئوقۇغاندا ئۇل ،
مەنزەر چېھرىسىنى غەم باستى پۈتكۈل .
شۇ ھالدا بۇيرۇدى يازماق جاۋاب خەت ،
خەتتە ئىزھار قىلدى نەچچە مەسلىھەت .
دېدىكى : « شۆھرىتى ئالىي شاھزادە ،
ئۇلۇغلار يولىنى تۇتقىل ئازادە .
بېشىڭغا نە چۈشسە شاھتىن خۇرسەن بول ،
خىزمىتىن بەجا قىل ھەم ساداقەتمەن بول .
كۆلپەتنى يېڭىدۇ مەرد قىلسا بەرداش ،
مەردلىكنى نامايان قىلار ئەقىل ـ باش .
شۇ ئىرۇر ئەزەلدىن پەلەكنىڭ ئىشى ،
ھۆكمىگە زىت چىقار قايسىبىر كىشى ؟ !
ئۇ مېھىر تولدۇرسا بىرى دىلىگە ،
زۇلۇمنى يار قىلار يەنە بىرىگە .
ئۇنى شۇ تەقلىدتە ياراتمىش تەڭرىم ،
باش ئەگمەك كېرەكتۇر ئەمرىگە ھەركىم .
بۇندىن بۇيان ساڭا نە بولسا دەركار ،
دىنارمۇ ، گۆھەرمۇ ، نە ھاجەت بولار .
ئەۋەتىپ تۇرايمەن ، ئەسلا چەكمە رەنج ،
بىر نەپەس غېمىڭگە ئەرزىمەس بۇ گەنج .
باشتىلا مەن ئون مىڭ دىنار يوللىدىم ،
كۆڭۈلدىن چىقىرىپ نىسار يوللىدىم .
يەنە بىر كېنىزەك ئەۋەتتىم دانا ،
ھەم كۆڭلۈڭ ئالار ، ھەم بولغاي رەھنەما .
قاراڭغۇ شامىڭنى مۇنەۋۋەر قىلغاي ،
سېنى كۆپ شادلىققا مۇيەسسەر قىلغاي .
خىراجىغا ئىشلەتكىل زۆرۈرۈردە دىنار ،
مالالىڭ تارتمىسۇن ئەسلا شەھرىيار .
يەنە كۆپ نەرسىلەر ئەتتىم مەن سوۋغات ،
شاھلارنىڭ رەسمىدە نە بولسا ئادەت .
شاھنى ھۆرمەت قىلغىل ، ئىززەت بەجا قىل ،
ئەمرىنى ئورۇنداپ خىزمەت بەجا قىل .
بىل ئۇنى قايتۇرماق يامان يولىدىن
كەلمىگەي سېنىڭدەك يىگىت قولىدىن . »
يولغا چۈشتى دەرھال ئون ئاتلىق ئەرەب ،
نۇتۇق ، ھوشيارلىقتا بارى بىتەرەپ .
بەھرامشاھ قېشىغا كېلىشتى ئۇلار ،
يېنىدا ئالتۇنلار ، كېنىزەك ، قۇللار .

دانا بەھرام بۇنىدىن قەۋەت شاد بولدى ،
دىلىدىكى غەملىرى ھەم بەربات بولدى .
ئەرەب شاھ پەندىدىن ئۇ بولۇپ مەمنۇن ،
ئاتا خىزمىتىدە بولدى كۈندۈز ـ تۈن .

## يەزدىگىردنىڭ بەھرامنى تۇتقۇن قىلغانلىقى ۋە بەھرامنىڭ مەنزەر ئالدىغا يەتكەنلىكى

بىر كۈن بەزم چېغى ئالماستىن ئارام ،
پادشاھ خىزمىتىدە تۇراتتى بەھرام .
بىر جايدا تىك تۇرۇپ راسا ھاردى ئۇ ،
كۆزىنى باساتتى گاھ ـ گاھى ئۇيقۇ .
ئوغلىنىڭ ھالىدىن بولۇپ دەرغەزەپ ،
ئاتا كۆزلىرىدە قايىندى ئەسەب .
بۇيرۇدى : « سارايدىن قوغلاڭلار دەرھال ،
ياراشماس ئۇنىڭغا بۇ تاجۇ ئەمەل .
قاراڭغۇ زىندانغا تېزدىن قىلغىل بەند ،
شۆھرەتكە ئەرزىمەس مۇنداق بىر پەرزەنت . »
بەھرام شۇ ئازابتا ئۆرتەپ شېرىن دىل ،
ئاتىسى دىدارىن كۆرمىدى بىر يىل .
پەقەت سەد چېغى يا نورۇز پەسلى ،
مۇيەسسەر بولاتتى بۇزرۇكۋار ۋەسلى .
بىر كۈنى رۇمدىن كەلدى تەينۇش ناملىق زات ،
شاھقا ئەلچى بولۇپ ، ئېلىپ كۆپ بىسات .
كەلگەنتى قۇللار ۋە رۇم بېجى بىلەن ،
قەيسەرنىڭ ھەدىيىسى ، خىراجى بىلەن .
شاھىنشاھ ئۇنىڭدىن بولدى كۆپ مەمنۇن ،
ئاڭا جاي ئاجراتتى ئىززەتلەپ پۈتۈن .
بەھرام ئادەم يوللاپ ئاڭا ئەرز قىلدى
ۋە ئۇنى : « مەرد ، دانا ، ئەقىلدان » دېدى .
دېدى : « ماڭا ئارتۇق غەزەپ قىلدى شاھ ،
سارايدىن قوغلىدى مېنى بىگۇناھ .
ئارىغا سەن چۈشسەڭ ، شاھ شەپقەت قىلار ،
كېيىنكى ئىقبالىم يەنە يالتىرار .
ئۇستازىم قېشىغا قايتۇرسۇن پەدەر ،
ئاتام ھەم ئانامدىن ئەۋزەلدۇر مەنزەر . »
تەينۇش ئاڭلاپ ئوغۇل بېشىدا دەردىنى ،
قاندۇردى ئۈمىدىگە ئۇ بۇ مەردنى .
شۇ بىلەن بەھرامنىڭ دىلى بولدى شاد ،
قاراڭغۇ زىنداندىن ئۇ بولدى ئازاد .
بېرىپ دەرۋىشلەرگە خەير ۋە ئىنئام ،
يەنە دىلىغا پۈكتى سەپەرنى بەھرام .
بارچە خىزمەتكارنى يېنىغا ئېلىپ ،
تۈندە يولغا چىقتى دەرھال ئات سېلىپ .
دوستلارغا دېدىكى : « يەزدانغا شۈكۈر ،
خەتەر ـ ئەندىشىدىن قۇتۇلدۇق بىر قۇر . »
ئۇ يەمەن شەھرىگە يېقىنلاپ باردى ،
شەھەر ئەھلى ئۇنى كۈتۈشكە چىقتى .
مەنزەر نۇئمانلارمۇ چىقىشتى شۇدەم ،
چىقىشتى نەيزىدار ، چەۋەندازلار ھەم .
قوشۇنلار چېگىدىن قارايدى ساما ،
بەھرامغا يېقىنراق كەلدى رەھنەما .
ئۇستاز بىلەن شاگىرت بولدى يۈزمۇ يۈز ،
بەھرام ئۆز ھالىدىن ئاچتى مۇڭلۇق سۆز .
مەنزەر بۇ غۇسسىدىن يىغلىدى زار ـ زار ،
دېدىكىم : « تاش مېھىر ئىكەن شەھرىيار !
كىمكى ئۆز ئەقلىگە تاپمىسا ئاساس ،
ئۇ بولماس خۇسۇمەت جېگىدىن خالاس . »
بەھرام دېدى : « شۇمۇ شاھنىڭ يۇلتۇزى ،
تۈندىن پەرق ئەتمىگەي ئۇنىڭ كۈندۈزى . »
مەنزەر شاگىرتىنى ئەيلىدى ئىززەت ،
ئاڭا ياخشىلىقلار كۆرسەتتى بىھەد .
بەزمە ، مەيدان ئىچرە پەرۋاز قىلىپ ئۇل ،
بولدى ئۇ بەختىيار ھاياتقا مەشغۇل .

## يەزدىگىردنىڭ تۇسقا يول ئالغانلىقى ۋە ئۇنى سۇ ئېتى ئۆلتۈرىدىغانلىقى توغرۇلۇق مۇنەججىمنىڭ كارامىتى

ئاتا شاھلىق پەيزىن سۈرمەر سارايدا ،
ئوغۇل يىراقتىكى بىر سەھرا جايدا .

لىك زامان شىددىتى ئۆز كارىن قىلدى ،
شاھنىڭ شادلىقىنى يېتەر دەپ بىلدى .
سەلتەنەت غېمىنى ئىنچىكە ئويلاپ ،
يىغدى دانىشمەنلەر ئەللەردىن بويلاپ .
مۇنەججىم زاتلارغا بۇيرۇق قىلدى شاھ :
« يۇلتۇزلار ھالىدىن قىلىشسۇن ئاگاھ .
بىلسۇنكىم ، شۇ قازا يېتەر چېغىنى ،
ئەجەلنىڭ قۇشى ئېپ كېتەر چېغىنى .
قانداق ئۆلۈم كۈتەر ، قاي كۈنى كۈتەر ،
شەھرىيار دىيارىن قاي خىلدا يۇتەر ؟ »
مۇنەججىم دېدىكى : « ساقلىسۇن ئاللاھ ،
نە ئۇچۇن ئۆلۈمنى ئويلاپ قالدى شاھ ؟
مۇبادا شۇنداق كۈن بولسا مۇقەررەر ،
شاھ سۇ ئېقىنىغا ئەيلىگەي سەپەر .
شاھ ئۆمرى ئۇ يەردە بولىدۇ ئاخىر ،
بۇ سۆزنى ئاڭلىماق شاھىمغا ئېغىر .
ئەسلا ياد قىلمىغاي بۇ كۈننى شاھىم ،
بۇ سىرنى ساقلىغاي يالغۇز خۇدايىم . »
بۇ سىرنى شاھ ئاڭلاپ قىلدى قەسەمياد ،
تەڭرىنىڭ نۇرىنى قىلدى دىلدا ياد .
دېدى : « سۇ ئېقىنىن كۆرمىگەي كۆزۈم ،
ھەر قانداق ھالەتتە تۇتارمەن ئۆزۈم . »
شۇ ھالەت ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتتى ئارىدىن ،
شاھقىمۇ بىر خىيال كىردى قايتىدىن .
بۇرنىدىن توختىماي قان كەلدى ئېقىپ ،
چارىسىن بىلمىدى ھېچقانداق تېپىپ .
بىر بۇرنى توختىسا بۇ ھەپتە بىراق
بىرىنىڭ خىزمىتى ئىدى قان ئاقماق .

## يەزدىگىردنىڭ دانىشمەن سۆزى بويىچە بارغانلىقى ۋە ئۇنى سۇ ئېتى ئۆلتۈرگەنلىكى

ئاگا دانىشمەن دەر : « ئايا ، شەھرىيار ،
پەرۋەردىگار يولىن سەن قىلدىڭ ئىنكار .
ئەجەلدىن قۇتۇلۇپ بولغايمۇ ئاسان ،
بەرگىنى ساقلىغاي قايسى گۈل ، بوستان .
يالغۇز بىر چارىنى قىلمىغۇڭ كېرەك ،
شۇ ئېقىن بويىدا يۈرمىكىڭ كېرەك .
ئۇندا سەن يەر سۆيۈپ ، تەزىم بەجا قىل ،
ئىگەمگە زار يىغلاپ ، كۆپ ئىلتىجا قىل .
دېگىنكى ، پەندەئى بىر ناتىۋانمەن ،
بىھۇدە ئانت ئىچكەن گۇناھكار جانمەن .
ئەجىلىم يۇرستىن بىلمەككە كەلدىم
ۋە شەپقەت ئىلتىماس قىلماققا كەلدىم . »
بۇ گەپ ماقۇل كەلدى شاھى جاھانغا ،
يەڭگىللىك كىرگەندەك بولدى ھەم جانغا .
بۇيرۇدى ، تۈزۈلۈپ ئۇلۇغ بىر كارۋان ،
بولۇشتى ئۇ چەشمە يېنىغا راۋان .
باراتتى پىل ئۈستىگە قۇرۇپ خاس تەخت ،
بۇرنىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى ھەر پەيت .
سۇنىڭ ساھىلىغا يېتىشكەن چېغى ،
مەخمەلدەك كۆرۈندى دەريا قىرغىقى .
يۇدى باش ــ كۆزىنى مۇشۇ سۇ بىلەن ،
يەزدانىنى ياد ئەتتى يالۋۇرۇش بىلەن .
توختىدى بۇرنىدىن ئاققان قارا قان ،
شادلىقتىن پادىشاھ يايىدى داستىخان .
ئۇ دېدى : « قېنى ئۇ مۇدھىش كارامەت ،
مەن بۇندا تاپتىمغۇ شىپا ۋە ئامەت . »
غۇرۇر ئۇچار ئىدى ھەربىر سۆزىدىن ،
بارچە ياخشىلىقنى كۆرۈپ ئۆزىدىن .
شۇ ھالدا دەريادىن چىقتى سۇ ئېتى ،
ساغرىسى تەپەككۇشى قۇلاندەك ئىدى .
غەزەپتىن پۇشقۇرار ئىدى ، مىسلى شىر ،
بەھەيۋەت ، قارا سىرت ، كۆزى يەيمەن دەر .
ئۆزىنى يەرگە ئۇرار ، يايلى چېگىلەك ،
قوترىغان شىرنىمۇ ھالاك قىلغۇدەك .
مەردلەر بۇيرۇدى شاھى يەزدىگىرد :
« تۇتۇڭلار مەخلۇقنى ئىشقا سېلىپ دىت . »
بىر چوپان ۋە ئىككى ئۇچقۇر چەۋەنداز
ئات چىپىپ ، ئوقيا بەتلەپ كېلىشتى تېز .
ئىگەم ئىرادىسى نەدىن بىلسۇن شاھ ،
بۇ ئەجدەر قەيەردىن يولۇقتى ناگاھ ؟
چوپان ھەم لەشكەرلەر كېتىشتى ھالدىن ،
دەر غەزەپ بولدى شاھ مۇنداق ئەھۋالدىن .

ئۆزى قولدا تۇتۇپ ئېگەر ـ جابدۇقنى ،
قولغا ئالماق بولدى مۇشۇ مەخلۇقنى .
جايىدىن سۇ ئېتى ماڭماي تۇراتتى ،
ئالدىغا ، ئارقىغا تېپىپ قوياتتى .
پادىشاھ نۇقتا سالدى كېپ يېقىنراق ،
ئېگەر ئارتماق بولدى ، بولمىدى بىراق .
بېلىدىن ئارغامچا تارتىسمۇ مەھكەم ،
ئورنىدىن قوزغالماي تۇردى لەھەڭ ھەم .
باغلاشقا ئۆتكەندە ئۇنىڭ ئارقىدا ،
بىر غۇلغۇلا چۈشتى دەريا ئېتىغا.
كىشنەپ تەپتى شاھنى گويا بىر تاش ،
تۇپراققا چاپلاشتى تاج كىيگەن بۇ باش .
خاكتىن پەيدا ئىدى ، يەنە بولدى خاك ،
شۇنداق جازا بەردى مەنمەنگە ھالاك .
بۇ پەلەك ئايلانغاي ، قىلغاي ئۆز ئىشىن ،
نادانلار رەت قىلار يەزدان خاھىشىن .
يەزدانغا سەجدە قىل ، ئىزدىگىل پاناھ ،
ئۇنىڭ ئەمرىدىدۇر ئاي ـ قۇياش ھەرگاھ .
شاھنىڭ بۇ جەستى دەل ئاشۇ چاغدا ،
شۇڭغۇدى كۆكىرىپ تۇرغان ئېقىنغا .
سۇغا غەرق بولدى شاھتىن قالغان جەسەت ،
ھېچكىم مۇنداق ئۆلۈم كۆرمىگەن پەقەت .
لەشكەر پەرياد ئۇرۇپ يىغلاشتى زار ـ زار :
« تۇسقا كەلتۈرگەنكەن ئەجەل ، شەھرىيار ! »
ئۇلار كىيىملىرىن قىلىپ مىڭ پارە ،
بېشىغا توپىلار چاچتى يەكپارە .
ئاندىن دانا ياندىن خەنجەر چىقىرىپ ،
شاھ قارنىنى كىندىكتىن باشقىچە يېرىپ ،
مۇشكۇ كافۇر بىلەن خۇش ، زىبا قىلدى ،
كېپەنلىكنىمۇ ھەم شاھانە قىلدى .
كىمخابلار يېشىپ شاھنىڭ مۇردىغا ،
مۇشك تاج تاقاشتى جانسىز بېشىغا .
تاۋۇتى ئالتۇندىن ، مەخمىلى سەدەپ ،
كارۋان راۋان بولدى كەلگەن يۇرت تەرەپ .
بىقارار ئالەمدە شۇ ئىرۇر ئادەت ،
كىمگىدۇر قايغۇ ـ رەنج ، كىمگە سائادەت .
سەن باقساڭ زامانغا زامانە باقماس ،
نان يېسەڭ ، جامىڭغا مەي ـ شاراب ئاقماس .
بار بولسا قولۇڭدا گەر ئىمكانىيەت ،
ئىنسان ، ئېتىقادنى ئەيلىگىل نىيەت .

## سەردارلارنىڭ خۇسرەۋنى تەختكە ئولتۇرغۇزغانلىقى

لەخمىگە قويۇلغاچ پادىشاھ جاھان ،
ئىران ئۇلۇغلىرى توپلاندى گىريان .
كېلىشتى سەردارلار ، ۋەزىرلەر ، مەردلەر ،
تەدبىرلىك دانالار ، ئېسىل خىسلەتلەر .
پارسنىڭ بولۇشتى ئەزىزلىرى جەم ،
يەزدىگىرد بېشىدا قىلىشتى ماتەم .
بىرى گۇستەھەمدۇر ، پىلنى يەڭگەن زات ،
بىرى مەرد كاراندۇر ، گۇشتەسپ سۇمبات .
ئارەش دىيارىدىن كەلدى مىلاد ھەم ،
گۇرزىچى پىروزى ھەم كەلدى شۇدەم .
كېلىشتى ئىراننىڭ بارچە ئۇلۇغى ،
جاھاننى كۈچ بىلەن تۇتقان بار ـ يوقى .
كىمكى تارتقان بولسا يەزدىگىرد جەبرىن ،
بۇگۇن جاي قىلىشتى پايتەخت باغرىن .
گۇشتەسپ نۇتقىنى باشلىدى شۇنداق :
« ياش ـ قېرى مەردانلار سىلىڭلار قۇلاق ،
يارالغان چېغىدىن بىرى بۇ ئالەم ،
مۇنداق زالىم شاھنى كۆرمىگەن ئادەم .
ھۈنىرى ئۆلتۈرمەك ، دەرد ـ رەنج سالماقلىق ،
قاقشىتىپ قولىغا مال ـ مۈلۈك يىغماقلىق .
ناپاكلىق بابىدا تەنھا ئىدى ئۇ ،
شۇملۇق ئىز ـ قەدەمدە يەكتا ئىدى ئۇ .
يېتەر ، بىز قەبرىدە چەكتۇق پەرياتنى ،
ئىستىمەسمىز تەختكە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى .
پەقەت شۇ بەھرامدۇر ئۇنىڭ ئەۋلادى ،
كۆڭۈل ۋە ئەقىلنىڭ ئىرۇر پەيۋەندى .
ئاغزىدىن چۈشمەيدۇ مەنزەرۇ مەنزەر ،
بىزگە ئۇ نائادىل بولمىغاي رەھبەر . »
ئىران نامدارلىرى بولغان نەچچە زات
قەسەملەر ئىچىشتى قاتتىق شۇ زامات :
« يەزدىگىرد نەسلىگە يانداشمىغاي بەخت ،
مۇيەسسەر بولمىغاي بۇ تاجۇ تەخت . »

شۇ هالدا قىلىشتى قەتئىي بىر قارار،
لازىمدۇر تاپماقلىق باشقا شەھريار.
پادىشاھ ۋاپاتى ھەققىدە خەۋەر
سەردارلار ئىچىگە كەلدى مۇقەررەر.
ئەلانشاھ بىر ياندا قىلدى تەنتەنە،
بىۋەرد، شۇكنان شاھى چىقىشتى يەنە.
ھەر بىرى دېيىشتى: « سەرۋەر ئىرۇر مەن،
يەر ـ ئاسمان ئارىدا رەھبەر ئىرۇر مەن.»
تەخت ئۈستىدە يوق بولغاچ بىر دانا باش،
ئالەمنى قاپلىدى غۇلغۇلا ـ تالاش.
ئىران دانالىرى، بىلىمدان، مەردلەر،
تەپەككۇرى روشەن ھەر ئەزىمەتلەر
پارسقا توپلىشىپ مەسلىھەت قىلدى،

بۇ ئىش خۇسۇسىدا بىرى سۆز ئاچتى:
« پادىشاھ تەختىگە كىم لايىق ئىرۇر،
سەلتەنەت رەسمىگە كىم سادىق ئىرۇر؟
ئۇچراتمىدۇق شۇنداق ئادىل، خۇش بەختنى،
ئېلىشقا ئەرزىسە بۇ ئالتۇن تەختنى.
بۇ جاھان غوۋغاسىن يوقاتسا ئۇل زات،
شاھسىز بولغاي ۋەيران بۇ جاھان، ھەيھات!»
بىر قېرى بار ئىدى خۇسرەۋ ئىسىملىك،
ئۇچۇق دىل، پاك نىيەت، تازا جىسىملىك.
بارچە مەردلەر ئارا ئىززەتلىك ئىدى،
دۆلەتلىك، سۆلەتلىك، ھۆرمەتلىك ئىدى.
تەختنىڭ قۇدرىتى تەگدى شۇنىڭغا،
ئۇ رەھبەر بولدى ئەلگە، قوشۇنغا.

## بەھرام گورنىڭ ئاتىسى ۋاپاتىدىن خەۋەردار بولغانلىقى

ئاتىسى ئۆلۈمىن ئاڭلىدى بەھرام:
« تەختكە خۇرۇج ئەتتى چەرخى تىزمەقام.
شاھلار شاھى ـ مەغرۇر ئاتاڭ ئۆلدى، دەپ،
خەۋەر كەلدى، شەرەپ تاجى سولدى، دەپ.
قاتتىق قەسەم ئىچتى سەردار ۋە لەشكەر،
شاھنىڭ ئوغلىنى شاھ قىلماسقا قەدەر.
بەھرام ھەم ئاتىسىن ئۆزى دېيىشتى،
ئۇنىڭ جىسمى، ئەقلى، كۆزى دېيىشتى.
خۇسرەۋ دېگەن بىر مەرد ئولتۇردى تەختكە،
ئىگە بولدى پۈتكۈل دىيارغا، بەختكە.»
ئاڭلىغاچ تاتىلاپ بەھرام يۈزىنى،
شۇنچە غەم قويىنىدا كۆردى ئۆزىنى.
يەمەن شەھرى ئارا ئىككى ھەپتە خەلق،
ئەر ـ ئايال كۆز يېشى ئىچرە بولدى غەرق.
بىرئاي بەھرام تۇتتى شۇ ھالەت ماتەم،
يىگى ئاي يولىغا ۋاقىت قويغاچ قەدەم،
يېنىغا كېلىشتى نۇئمان ۋە مەنزەر،
بارچە ئەھلى ئەرەب، ياش ۋە قېرىلار،
ھەممىسى ئۇ بىلەن بىللە يىغلاشتى،
ئوت كۆرمەي پىشقاندەك، باغرىن قىيناشتى.
ئۇلار قاقشاپ بىردىن ئېچىشتى ئېغىز،
دېيىشتى: « ئەي شاھىم، تەلىيى ئېگىز،
ھەممىمىز ئالەمدە يارالدۇق خاكتىن،

ئۆلۈمگە شىپا يوق ھېچبىر تەرياكتىن.
ئاندىن تۇغۇلماق بىر كۈن ئۆلمەكچۈن،
ياشىماق سىنەمدۇر، ئۆلۈمدۇر قانۇن.»
مەنزەرگە كۆڭلىنى ئاچتى بەھرام شاھ:
« بېشىمىزغا قارا كۈن ئاچتى ناگاھ.
تەختتىن مەھرۇم بولسا شاھىنشاھ نەسلى،
سولغۇسى ھاياتنىڭ نەۋقىران پەسلى.
چەۋەندازلار دەشتى بولۇپ خارابزار،
ئەرەبلەر قىرىلىپ، چېكىشەر ئازار.
ماڭا مەسلىھەت ھەم مەدەتلەر بەرگىن،
مۇسىبەت چېغىمدا قەلبىمنى بىلگىن.»
بەھرامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇ ئەرباب،
مەردانە سىياقتا ياندۇردى جاۋاب.
دېدىكى: « بۇ ئىشنى ماڭا قوي ئوغلان،
مېنىڭ شىكارگاھىم ئۇشبۇ باياۋان.
تەختىمگە ئولتۇرۇپ يۇرتقا نەزەر قىل،
بۇ تاجۇ گەنجىمنى ئۆز مۈلكۈم دەپ بىل.»
ئۇلۇغلارغا قوبۇل چۈشتى مۇنداق گەپ،
بۇ مەنزەر قەلبىدىن چىققان مەرد تەلەپ.
ھەممىسى تارقالدى چۈشىنىپ ئايان،
بىر مەيدان تەييارلىق كۆرمەككە شۇئان.
نۇئمانغا شۇ زامان بۇيرۇدى مەنزەر،
باھادىر شىرلاردىن تۈزمەككە لەشكەر.

ئون مىڭ قوشۇن توپلاپ مەرد پەھلىۋاندىن ،
شەيبان شىرلىرىدىن ھەممە غەسسالدىن .
مەن ئەھلى ئىرانغا كۆرسىتەي : كىم شاھ ،
سەلتەنەت نېمە ئۇ ، نېمە گەنج ، سىپاھ ؟ !
نۇئمان زور بىر قوشۇن تۈزدى ئۆتمەي ئاز ،
ھەممىسى شەمشەرچى يەنە نەيزىۋاز .
ئەسكەرگە بۇيرۇدى نۇئمان يۈرۈشنى :
« بېسىڭ ئۇ دىيارنى ، باشلاڭ ئۇرۇشنى ! »
بۇ يېقى تەيسەفۇن ، شورسان بۇ يېقى ،
زېمىننى تىترەتتى ئاتلار تۇيېقى .
ئايال ھەم گۆدەكلەر ئەسىرگە چۈشتى ،
ئىراننىڭ ئەللىرىن تالان قىلىشتى .
جەڭ ـ جېدەل ، يانغىندىن ئەلدە يوق بەخت ،
شۇنداق كۈنگە قالار شاھسىز قالسا تەخت .
بۇ جەڭدىن خەۋەرلەر تاپتى رۇم ۋە چىن ،
ھەم تۈرك ، ھەم ھىندى ۋە مۇكران زېمىن .
ئىراننىڭ تەختىدىن خۇسرەۋ يوقالدى ،
ئاڭا شاھلىق شانى نالايىق ئىدى .
شەھەردە غالىبلار ئۇيناتتى تىغىن ،
يۇرتلاردا ئەۋجىدى بۇلاش ھەم قىرغىن .
ئىران تالان ئىچرە ئازار چېكەتتى ،
بارچە شاھ بولسام دەپ ئارزۇ قىلاتتى .

## ئىرانلىقلارنىڭ مەنزەرگە مەكتۇپى ۋە مەنزەرنىڭ جاۋابى

بولۇپ ئىرانلىقلار دىلى مىڭ پارە ،
ئىزدەشكە كىرىشتى بۇ ئىشقا چارە .
ئۆتۈپ جان ـ جەھلىدىن بۇ ئازابۇ غەم ،
مەسلىھەت تۈزمەككە ئۇلار بولدى جەم .
دېيىشتى : « بارمىدۇ مۇنچىلىك زۇلۇم ،
ھىندى ، رۇم ، سەھرايى ئەلدىن بۇ ئۆلۈم ؟
بىر تەدبىر تاپماقلىق لازىمدۇر غايەت ،
خالاس بولساق مۇنچە ئازابتىن شايەت . »
بىر ئەلچى تاللاشتى ئۇلار شۇ ھامان ،
بىلىمدان ، مۇشكۈلنى قىلغۇچى ئاسان .
جەۋانۇي ئىدى ئۇ كىشىنىڭ نامى ،
تەدبىرلىك جەھەتتە يۈكسەك مەقامى .
مەنزەر ھۇزۇرىغا بارغاي شۇ ئەرەب ،
سۆزىنى ئىزھار قىپ ، ئالغۇسى جاۋاب .
مەنزەرگە ئۇ دېدى : « ئايا ، مۆتىۋەر ،
نامىڭنىڭ شۆھرىتىن كەڭ جاھان بىلەر .
ئىران ۋە مۇكرانغا ھۆكۈمران ئۆزۈك ،
مەردلەرگە قاناتتۇر ھەر ئېيتقان سۆزۈك .
بۇ تەخت قالغىنىدا شاھسىز ۋە تاجسىز ،
رەڭگى قانسىز بولۇپ ، ھالسىز ، ئىلاجسىز ،
ساڭا تەكلىپ قىلدۇق بۇ يۇرت تەقدىرىن ،
تۈزگىل دەپ ياشناتماق ئامال ـ تەدبىرىن .
سەن تاراج يولىنى تۇتتۇڭ ۋە لېكىن ،
ھەرياندا كۆپەيدى پىتنە ، قىساس ـ گىن .
مۇنچىلىك شەپقەتسىز ئەمەستىڭ ئاۋۋال ،
يا خەلق نەپرىتىدىن قورقتۇڭ سەل ـ پەل .
بىزنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغىل بۇدەم ،
ئەسقاتار نەسىھەت قېرىغاندا ھەم .
بىلگىنكى ، جاھانغا تەڭرىم ھاكىم يەك ،
ئۇنىڭكى ئەمرىدە بۇ چەرخى پەلەك .
ئەلچىمىز يەتكۈزگەي ساڭا بار گەپنى ،
بىزنىڭ كۆڭۈلدىكى ياخشى تەلەپنى . »
جەۋانۇي ئۇلۇغلار قېشىدىن تۇرۇپ ،
مەردلەر سەھراسىغا كەلدى ئات سۈرۈپ .
نامىنى مەنزەرگە تاپشۇرۇپ ئۇ زات ،
ئىرانلار سۆزىن بىر ـ بىر ئېيتتى ياد .
ئاڭلاپ ئەلچى سۆزىن ئۇ شاھى ئەرەب ،
دەرھاللا جاۋابقا ئاچمىدى ھېچ لەب .
سوڭ دېدى : « يول ئىزلەپ كەلگەن ، ئايا مەرد ،
بۇ سۆزنى شاھىنشاھ ئاڭلىمىقى شەرت .
جاۋاب ۋە چارىنى ئىزدىسەڭ ئەگەر ،
بۇنىڭكى جاۋابىمىز بەھرام شاھ بېرەر . »
نامدار بىر جەڭچىنى قوشۇپ سەپەرگە ،
شەھرىيار ئالدىغا ئەۋەتتى بىرگە .
بەھرامنى كۆرگەندە تامام بولۇپ لال ،
ئاپىرىنلار ئېيتتى دانا ئاقساقال .
بۇ قەد ، بۇ بەست ، بۇ كۆكرەك ۋە بۇ ھۆسن ،
تامامەن يوقاتتى سەپەر تۇيغۇسىن :
يۈزلىرى قىپقىزىل ، قىزىل مەيسىمان ،
چېچىدىن ئەتىر ھىد تارقىلار ھەريان .

ئەلچىنىڭ بېشىدىن تامام ئۇچۇپ ھوش ،
ھەممە نىيەتلەرنى قىلدى پاراموش .
بەھرام تېز ئاڭلىدى سەپەر ھالىتىن ،
ئۇ سۆزدىن قالغىنىن ، كۆرۈپ قامىتىن .
ئۆزى سۆز باشلىدى ، ئۈتكۈزۈپ يانغا ،
ھۆرمەتلەر كۆرسىتىپ ئەلچى مېھمانغا .
سورىدى : « نېمىچۈن ئىراندىن چىقتىڭ ،
جاپا چېكىپ يىراق يولدا ھودۇقتۇڭ ؟
ياخشى نىيەت بىلەن تارتقان بولساڭ رەنج ،
ئەرزىر خىزمىتىڭگە بەرسەڭ نەچچە گەنج . »
ئەلچىنىڭ قېشىغا قوشۇپ بىر ئادەم ،
مەنزەر ھۇزۇرىغا قايتۇردى شۇدەم .
بۇيرۇدى : « نامىگە يازدۇرسۇن جاۋاب ،
خۇش گەپكە خۇش جاۋاب بەرمەكلىك ساۋاب .
نە بولسا مەقسىتىڭ ئاڭا ئايان قىل ،
جاۋابىن ئاڭلا ھەم پىكرىڭ بايان قىل . »
جەۋانۇي كەلگەندە كۆرۈشتى مەنزەر ،
شادلىقتىن چىرايى ياشناپ شۇ قەدەر .
بىرمۇ بىر ئاڭلىدى ئەلچى پىكرىنى ،
ئاندىن ئىزھار قىلدى مەنزەر زىكرىنى .
دېدى ئۇ : « ئاڭلىغىل ، ئەي ئەلچى دانا ،
يامانغا يامانلىق بۇ يوسۇن مانا .
مەكتۇبىڭ مەزمۇنىن ئاڭلىدىم تامام ،
ئۇلۇغلار يوللاپتۇ بىزگە كۆپ سالام .
ئۇلارغا يەتكۈزگىل ، كىمدۇر ئەۋۋەلا
ئۇرۇشنى باشلىغان ، كەلتۈرگەن بالا ؟
ئېيتقىنكى ، بەھرام شاھ سالامەت مۇندا ،
لەشكەرنىڭ قۇدرىتى ، شۆھرىتى ئۇندا .
ئىنىمدىن قوزغاتسا كىمكى يىلانىنى ،
ئەڭ دەسلەپ يەم بولۇر يىلانغا قېنى .
مەسلىھەت بىلەن گەر تۇتقان بولسا ئىش ،
ئىرانغا يوق ئىدى مۇنچىلىك تەشۋىش . »
شاھىنشاھ جامالىن كۆردى جەۋانۇي ،
ئاڭلىدى سۆزلىرىن ، تىرمىن پىكىر — ئوي .
بىلدىكى ، مۇتاسىپ بۇ بۈيۈك تەختكە ،
ئۇلۇغلۇق ، سەلتەنەت ، غەلىبە ، بەختكە .
مەنزەر سۆزلىرىنى ئويلىدى ئەلچى ،
بىر يىلان ، بىر تەدبىر تۈزدى ئۆزىچە .
دېدى ئۇ : « ھەممىدىن خەۋەردار دانا ،
ئىكەنسەن سەن ئىدراك بابىدا تەنھا .
ئىرانلىقلار بېشىدىن كەتتى ئەقىل ،
ھەر ئىشقا قىلالماس توغرا تاقابىل .
مەن ياشانغان ئادەم ، ئەقلىگە ئامراق ،
ئۇرغۇن سۆز قىلغۇم بار ، سالسىڭىز قۇلاق .
سەن بىلەن شاھىنشاھ بەھرام پەھلىۋان ،
تا دۇنيا پۈتكۈچە ياشىغاي ئامان .
قولۇڭدا تۇتۇپ لاچىن ھەم شەھباز ،
غالىبتەك ئىرانغا قىلغىن سەن پەرۋاز .
ئىرانلىقلار پىكرىن مەن قىلدىم ئايان ،
بېرىپ كۆرمىگەيسەن ئۇندىن ھېچ زىيان .
سەن دانا كىشىسەن ، ھۆرمەتكە لايىق ،
ساڭا قۇلاق سالغاي ئۇندا خالايىق .
يامان ئوي — نىيەتتىن سەن يىراق — يىراق ،
تەنە ۋە قارغىشلار كار قىلماس ھېچۋاق . »
مەنزەر سوۋغات بېرىپ ئۇنى قىلدى شاد ،
ھۆرمەتلەر كۆرسەتتى ، قىلىپ ئىلتىپات .

## بەھرام گورنىڭ جەھرەمگە بارغانلىقى ۋە ئىرانلىقلارنىڭ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەنلىكى

مەنزەر ۋە بەھرامشاھ ۋە ئەھلى كېڭەش ،
مەسلىھەت ئۈستىدە قوشۇۋالدى باش .
تاللاندى ئوتتۇز مىڭ نەيزىكەش ئەرەب ،
نەيزىكەشلەر ئارا يېرىپ كەلگەن سەپ .
مول دىنار ئېلىشتى ئۇندا بار ئەسكەر ،
بېلىگە مەردلىكتىن چىڭ باغلاپ كەمەر .
جەۋانۇي ئىرانغا يېتىپ بارغان چاغ ،
بار سۆزنى ئاشكارا ئېيتىپ بارغان چاغ ،
ئۇلۇغلار بۇ سۆزدىن بولۇشتى غەمناك ،
دېيىشتى ، مەدەت قىل ئەي يەرزىنى پاك .
يەزدانغا قىلىشىپ سەجدە ۋە تەزىم ،
دېيىشتى : « بۇ جەڭنى بىزگە قىل بەزىم . »
جەھرەمگە يېقىنلاپ كەلگەندە مەنزەر ،
تەشنا دەشت باغرىغا لىق تولدى لەشكەر .

قوْرۇپ بەھرام گور ھەم شاھانە چېدىر ،
لەشكەرنى كۆپەيتتى قىلىپ كۆپ تەدبىر .
مەنزەرگە دېدى ئۇ : « ئەي دانىشمەن زات ،
يەمەندىن جەھرەمگە چېپىپ كەلدىڭ ئات .
يۈزمۇيۈز كەلگەندە ئىككى ياۋ قوشۇن ،
جەڭ بىلەن بۇزايلى بۇ سەھرە چۇشىن . »
مەنزەر جاۋاب قىلدى : « يېپىپ داستىخان ،
بۇ يۇرت چوڭلىرىنى قىلايلى مېھمان .
ئاڭلىغىل سۆزىنى ، سەنمۇ ھەم سۆزلە ،
ئۇلار قىزىرىپ كەتسە ، سەن تاقەت كۆزلە .
بىلمەك لازىم ئۇلار مەخپىيىتىنى ،
كىمنى شاھ قىلماقچى ، بىل نىيىتىنى .
ئاڭلىساق چارىسىن قىلۇرمىز دەرھال ،
بەلكى ئۇرۇشسىزمۇ ھەل بولۇر بۇ ھال .
مۇبادا باشلىسا ئۇلار جەڭ ــ جېدەل ،
بەئەينى تىمساھتەك قۇتراپ ، بولماي ئەل ،
ئۇ چاغدا بۇ دەشتنى قىلۇرمىز دەريا ،
ئۇلارنىڭ ئامىتىن يوق قىلىپ يەنە .
بەلكى ئۇلار كۆرۈپ ، قەددۇ يۈزۈڭنى ،
بىلىپ ئالىي مېھرىڭ ، ئاڭلاپ سۆزۈڭنى ،
ئۇلارنى لال قىلىپ ئىدرىكىڭ ، ئەقلىڭ ،
ئۇلارنى قايىل قىپ ، ھەر جۈملە نەقلىڭ ،
سېنى لازىم تاپار مۇقەددەس تەختكە ،
مۇيەسسەر قىلۇر ھەم شۇ تاجۇ بەختكە .
نادانلىق يولىدا بولسا گەر مەھكۇم ،
سېنى تەختتىن قىلماق بولسا گەر مەھرۇم ،
ئوينىتىپ شەمشىرىن جەڭ ئاچار لەشكەر ،
ئالەمگە ھەتتاكى تەھدىت يەتكۈزەر .
قېشىمنى مەن تۇرۇپ ، قىلۇرمەن جەۋلان ،
ساڭا پىدا ئىرۇر بۇ جىسمىم ، بۇ جان .
قان تۆككەنلىكىمنى كۆرسە ئۇ بەدكار ،
بىلگۇسى ، تەڭرىمدۇر ماڭا مەدەتكار !
ئۇ تەختنى ئالىيغا سەن بولۇرسەن شاھ ،
ساڭدۇر بۇ بەخت ، بۇ كۇلال ، دەرگاھ . »
مەنزەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇ بەھرام ،
كۈلۈپ خۇشال بولدى يۇيۇپ دىلدىن غەم .
قۇياش تاغ ئارقىدىن كۆتۈرگەندە باش ،
مەسلىھەت كېڭىشىن قىلدى قېرى ــ ياش .
ئىران ئۇلۇغلىرى كېلىشتى بۇ گا ،
دەبدەبىلىك يىغىن ئېچىلدى بۇندا .
بەھرام تەختكە چىقتى ، ئۇلۇغ شاھ گويا ،
بېشىدا تۇراتتى تاج قىممەت باھا .
شاھىنشاھلىق رەسمى بۇندا تۇتۇلدى ،
يۈكسەك شەۋكەت بىلەن مېھمان كۈتۈلدى .
مەنزەر بىر يېنىدا ئولتۇرار مەغرۇر ،
بىر يېنىدا نەيزىدار نۇئمانى مەسرۇر .
توپلانغان جىمىكى ئەرەب ئاقىلى ،
ئۇلۇغلارغا تولغان شاھنىڭ ئايۋىنى .
كىردى،ئىرانلىقلار ئەۋەتكەن ۋەكىل ،
رۇخسەت سوراپ تۇردى ئاشۇ روشەن دىل .
پادشاھ بۇيرۇدى ، پەردىنى سۈرۈك ،
ئىرانلىقلار بىلەن ھەمسۆھبەت قۇرۇڭ .
بەھرامشاھ ئالدىغا ئۇلار يۈرۈشتى ،
بېزەكلىك تاج بىلەن تەختنى كۆرۈشتى .
ۋە سۆز قىلدىكى : « مەڭگۈ ئامان بول ،
بالالاردىن خالىي ساھىب جاھان بول ! »
شاھىنشاھ ئۇلاردىن سوراپ ئەھۋالات ،
ئېھترام كۆرسىتىپ ، كۆڭلىن قىلدى شاد .

## بەھرامنىڭ شاھلىققا لاياقەتلىكى توغرىسىدا ئىرانلىقلارغا سۆز قىلغانلىقى ۋە ئىرانلىقلارنىڭ ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتقانلىقى

بەھرام سۆز باشلىدى : « ئايا ، ئۇلۇغلار ،
تەدبىركار بار بىزگە نە يولىيورۇقلار ؟
ئاتامدىن مىراستۇر ماڭا بۇ شاھلىق ،
نېچۈن قىلىسىلەر ماڭا بەتخاھلىق ؟ »
ئىرانلىقلار كەسكىن قىلىشتى جاۋاب :
« خالىماسمىز ئەمدى ئارتۇقچە ئازاب .
بىزگە ھاجەت ئەمەس ساڭا ئوخشاش شاھ ،
بۇ يۇرت بىزنىڭكىدۇر ، سەن ئاددىي سپاھ .
جاندىن ئۆتتۈپ كەتتى ئەجدادىڭ جەبرى ،
زۇلۇم ، يولسىزلىققا يۇتتى ئەل سەبرى . »

بەھرام دەر : « پىكرىڭنى مەن چۈشەندىم ، بەس ،
شاھلىققا ئىنتىلمەك ھەر دىلدا ھەۋەس .
لېكىن رازىلىقىم ئالماستىن ، نېچۈن ،
باشقا شاھنى خالاپ قالدىڭسەن بۈگۈن ؟ »
ۋەزىر ئېيتتى : « تايماق چىنلىق يولىدىن ،
كەلمەس شاھ ۋە ياكى قۇلنىڭ قولىدىن .
سەنمۇ بىزگە قوشۇل ، يېنىمىزغا كەل ،
بىر شاھ ئىزدەيلىكى ، رەھمەت دېسۇن ئەل . »
ئىران ئەھلى تاللىيالماي شەھرىيار ،
ئۈچ كۈن شۇ سەھرادا تۇتتى روزىغار .
تىزىمغا ئېلىندى يۈز مەردنىڭ نامى ،
شاھلىققا لايىقتۇر ئۇلارنىڭ ھەممى .
يۈز مەردنىڭ ئىچىدە بىرىدە بەھرام ،
لايىقتى تەختكە ، سەلتەنەتكە ھەم .
شۇ يۈزدىن ئەللىكى تاللاپ ئېلىندى ،
ئەڭ ئېغىر تەلەپلەر شەرت بوپ قويۇلدى .
بۇ ئەللىك ئىچىدە بەھرام بار ئىدى ،
چۈنكى ، ئادالەتكە قەلبى يار ئىدى .
ئەللىكتىن ئاجرىتىپ ئېلىندى ئوتتۇز ،
ئىرانلىق نەسلىدىن نامدار ، يورۇق يۈز .
بۇ ئوتتۇز ئىچىدە بار ئىدى بەھرام ،
چۈنكى ئۇ تاجىدار ئىدى ، قابىل ھەم .
ئوتتۇزدىن تۆت كىشى تاللاندى يەنە ،
بەھراممۇ بار ئىدى ئۇلار ئىچىدە .
يالغۇز شاھ ھەققىدە سۆز بارغان شۇ چاغ ،
ئىرانلىقلار نىدا قىلدى كەسكىنرەك :
« بىز ھېچ خالىماسمىز بەھرامنى پەقەت ،
ئۇ مەرد ئەمەستۇر ھەم نالايىق خىسلەت . »
قىزىققانلىق قوزغاپ تۇرار سۆز شۇئان ،
قوزغىشى ئېھتىمال بىر سۆز بىر غەليان .
مەنزەر خىتاب قىلدى : « ئەي ئەقىلدان ،
ماڭا ياخشىلىقچە قىلىڭلار ئايان ،
نېچۈن ياقماس سىلەرگە بۇ ياش شاھزادە ،
كەلدىڭلار نېمىشقا ئۇشبۇ پىكىرگە ؟ »
بۇ گەپكە جاۋابەن ئىرانىي گۇرۇھ ،
پارستا كىم بولسۇن ، ئەبگا يا مەجرۇھ ،
يەزدىگىردتىن كىمكى چەككەنكەن ئەلەم ،
ھەممىسى بۇ يەردە باشنى قىلدى جەم .
بىرىنىڭ ئايىغى ياكى قولى يوق ،
بىرىنىڭ قولى بار ، ئايىغى سۇنۇق .
بىرىدە قولمۇ يوق ، يوق قۇلاق ۋە تىل ،
تېنىدىن تامامەن ئاجراپ كەتكەن دىل .
بىرىنىڭ يوق ھەتتا يەلكە ۋە گەردەن ،
نۇئمان بۇ دەھشەتتىن بولدى كۆپ ھەيران .
مىخ بىلەن ئويۇلغان بەزىلەر كۆزى ،
غەزەپلىك ياڭرىدى مەنزەرنىڭ سۆزى .
بەھرام غەمگە پاتتى بۇ ھەقتە بىھەت ،
ئاتىسى نامىغا ياغدۇردى لەنەت :
« سەن بەختىم كۆزىنى قىلىپسەن ناكا ،
باغرىمنى ئوتلارغا تاشلىدىڭ مانا ! »
مەنزەر دېدى : « بۇنى ئەلدىن يوشۇرماق
ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ، ئويلا ياخشىراق .
سۆزلەرنى ئاڭلىدىڭ ، ئەمدى جاۋاب قىل ،
شاھلارغا ۋەزىپىلىك خوپ ياراشقاي ، بىل . »

## بەھرامنىڭ شاھلىق لاياقىتى ھەققىدە ئىرانلىقلارغا سۆزلىگەنلىكى

بەھرام سۆز باشلىدى : « ئايا ، ئۇلۇغلار ،
جاھاندار ، تەدبىركار ، ئەقلى تولۇقلار ،
ئاچچىق ھەقىقەتنى قىلدىڭلار ئاشكار ،
ئاتامغا لەنەتلەر ئوقۇيمەن تەكرار .
شۇ زۇلۇم دەستىدىن قىينالدى تېنىم ،
زۇلمەتكە چۆلغىنىپ روھى راۋانىم .
ئاتام قەسرى ئىدى ماڭىمۇ زىندان ،
مەدەتكارىم بولۇپ ئاخىرى يەزدان ،
تەينۇش خالاس قىلدى مېنى ئاپەتتىن ،
بەختىمنى يوقاتتىم شۇ كاساپەتتىن .
ماڭا زەررە شەپقەت قىلمىغان ئۇ شاھ ،
مەنزەردە گاھىدىن مەن تاپتىم پاناھ .
ھېچكىمگە بەرمىسۇن ئۇنىڭ پەزلىنى ،
غۇربەتكە بەند قىلار ئىنسان ، ئېلىنى .
ماڭا ئىدراك بەرگەن يەزدانغا شۈكۈر ،
ئۇندىندۇر كۆڭلۈمگە چۈشكەن يورۇق نۇر .
ئۇندىن مەن ياخشىلىق تىلىدىم كۈن – تۈن ،
ياخشىلىق يورۇتتى يولۇمنى ھەر كۈن.

بۇ ئەلگە نە جاپا كەلتۈرسە ئاتام ،
چىن دىلدىن مەن يۈياي بارچىنى تامام .
ئادالەت يولىنى تۇتقۇمدۇر ھامان ،
ئەل ئەگەر بولسا قوي ، مەن بولاي چوپان .
پۇقرانىڭ خاھىشى ماڭىدۇر ئاساس ،
مەندىن ئادالەت كۆرسۇن يەزدانشۇناس .
مەندە بار ئىلىم ھەم ھۈنەر ، ئىستىبدات ،
زۇلۇمكار شاھلارغا بۇلار بولغاي يات .
يالغان ۋە پەسكەشلىك زالىملار ئىشى ،
ئۇلارغا ھالاكەت ئىزدەر ھەر كىشى .
ئەجدادتىن مىراستۇر ماڭا بۇ شاھلىق ،
ئەمىلىم ــ دانالىق بىلەن نىكخاھلىق .
شاپۇرى بەھرامدىن ئەردەشىرگىچە ،
شەھرىيار ئۆتكەنمىش ياش ــ قېرى شۇنچە .
بارچە ئەۋلادىمىز ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ،
ئادالەت يولىدا كۆرسەتتى خىسلەت .
بوۋام شىمىرانشاھ ــــ ئانا تەرەپتىن ،
شۇ سەۋەب تەپەككۇر يار ماڭا جاندىن .
ھۈنەر ھەم ، ئەقىل ھەم شاد بىلەن شۆھرەت ،
مەردلىك ، چەۋەندازلىقلار ماڭا روھ ، لەززەت .
مەيدان يا بەزمىدە بىرەرمۇ باتۇر
ماڭا تەڭ چىقماققا ئەمەستۇر قادىر .
يوشۇرۇن گەنجلىرىم باردۇر قولۇمدا ،
سادىق ئۈلپەتلىرىم ئوڭدا ، سولۇمدا .
شاھانە ئادالەت قىلۇرمەن بۇنياد ،
سىلەرنى چىنلىقتىن مەن ئېتەرمەن شاد . »

### ئىرانلىقلارنىڭ بەھرام بىلەن پادىشاھلىق توختامى تۈزگەنلىكى ۋە شىرلار ئارىسىدىن تاجنى ئېلىشنى شەرت قىلغانلىقى

« سىز بىلەن تۈزەيلى بىز ئەھدۇ پەيمان ،
قىلغۇسى بۇ ئىشقا گۇۋاھلىق يەزدان .
بىر تەختنى سارايدىن كەلتۈرەيلى تېز ،
ئۇ تەختكە قويايلۇق زەرلىك تاجنى بىز .
توقايدىن تۇتقۇزۇپ ئەركەك شىر ئىككى ،
ئارىغا قويايلۇق گۆھەرلىك تاجنى .
تەختنى ئىگىلىسۇن ئۇ ئىككى يىرتقۇچ ،
ئۇ ئىككى يىرتقۇچتىن قورقماستىن ھېچ
كىم دادىل بارسا شۇ تەخت قېشىغا ،
ئۆلتۈرۈپ زەر تاجنى كىيسە بېشىغا ،
شاھلىق دەۋاسىغا ئەرزىگەي شۇ مەرد ،
پەقەت ئاشۇ كىشى شاھ بولمىقى شەرت .
شۇ چاغدا بىز ئۇنى پادىشاھ دېگەيمىز ،
ئادالەتپەرۋەر زات شۇلكەن دېگەيمىز .
ئەگەرچە بۇ شەرتنى ئەتمىسە قوبۇل ،
ماڭا رەقىب تېپىلىڭ ، بەس كېلەلسۇن ئۇل .
ئۆتكۈر قىلىچ سىيرىپ شۇنداق قىلاي جەڭ ،
ئەرەب باتۇرلىرىم سىزنى قىلار تەڭ .
يەرگە قارىتارمەن مەن شاھىڭىزنى ،
بۇ تەختۇ سەلتەنەت دەرگاھىڭىزنى .
شۇدۇر سۆزۈم ، سۆزگە جاۋاب بەرگىنسەن ،
ئەقىلدە ھەل قىلىڭ تېپىشماقنى سەن . »
شۇنداق دەپ تۇردى ــ دە ، كىردى چېدىرگە ،
بۇ سۆزدىن يۇرت چۆمدى چوڭ خاۋاتىرگە .
شاھنىڭ غەزىپىدىن دانا ــ بىلەرمەن ،
ئېغىز ئاچالمىدى تېگىرقاش بىلەن .
دېيىشتى : « بۇ گەپتە ھەقىقەت ئايان ،
ئىلاھى شان ــ شۆھرەت ، قۇدرەت نامايان .
ئۇنىڭ ھەر سۆزىدە باردۇر ئادالەت ،
بىزنى شاد قىلمىقى لازىم بۇ ھالەت .
لېكىن شىرلار ئارا قويۇپ ئۇ تەختنى ،
سىنىماقچى ئىكەن تەقدىر ، بەختنى .
سىنىسۇن ، گەر شىرلار غاجىسا ئۇنى ،
ئەسلا بوينىمىزغا چۈشمىگەي خۇنى .
ئاخىر ئۇندىن چىقتى تەكلىپ شەرتى ھەم ،
ئەگەر ھالاك بولسا شاد بىز ، تۆكەپ غەم .
تەختكە تىك بېرىپ ، تاجنى كىيسە گەر ،
دېمەك ، فەرىدۇندىن ئارتۇق ئۇندا زەپەر .
بىز ئۇنى شەھرىيار دەپ كۆتۈرۈپ ئېگىز ،
ئادىل پەرمانىنى ئىجرا قىلغايمىز . »

تۇن ئۆتۇپ ، كۈن چىقىپ ، سۇبھى يورۇدى ،
پادىشاھ ئۆز تەختىگە قەدەم قويدى .
چاقىرتىپ ئىرانلىقلارنى شاھ بەھرام ،
ئۆتكەنكى سۆھبەتنى داۋاملاتتى ھەم .
ئەلچىلەر ، دانالار سوراشتى شۇ پەيت :
« دانالار داناسى بولغان ئۆزۈڭ ئېيت ،
مەردلىكتە گەر ئالساڭ سەن تەختنى قولغا ،
قانداق چوڭ ئىشلارنى سالۇرسەن يولغا ؟
زۇلۇم ، ھەقسىزلىقنى قىلماققا بەربات ،
تەختىڭدە قىلۇرسەن نېچۈك ئەدلۇ داد ؟ »
بەھرام سۆھبەت قىلدى ئىرانلىقلارغا ،
نامدارلار ، تەدبىرلىك مەردانىلارغا :
« شەپقەت ۋە ساخاۋەت بولغۇسى ئىشىم ،
ئاداۋەتنى يەڭمەك ئىرۇر خاھىشىم .
كىمكى لايىق بولسا ئىززەت ، ھۆرمەتكە ،
مۇيەسسەر قىلۇرمەن ئۇنى دۆلەتكە .
ئادالەت پۇقرانى قىلغۇسى ئاۋات ،
ئۇلارنى شاد قىلىپ ، ئۆزۈم بولاي شاد .
كىمكى ھۇرۇن بولسا ، تارتىپ قالسا رەنج ،
بېرەي خەزىنەمدىن ئاڭا لايىق گەنج .
گۇناھىنى كەچۈرەي ، بولسا ئەيىبكار ،
بەند قىلغۇم گۇناھىنى قىلسا تەكرار .
لەشكەرنى ياپرىتىپ باراي دائىما ،
دانالار كۆڭلىنى شاد قىلاي يەنە .
ھەمىشە بىر بولسۇن ئىش بىلەن سۆزۈم ،
كاجلىق ، خۇسۇمەتتىن پاك تۇتاي ئۆزۈم .
گەر قازا قىلسا بىر كىشى دۆلەتمەن ،
ئۇنىڭغا مىراسخور بولمىسا پەرزەنت ،
مال ـ مۈلكىن دەرۋىشكە مەن قىلاي ئىنئام ،
ۋاپاسىز دۇنيادا ماڭا نېمە كەم .
مەسلىھەت بىلەن ئىش تۇتارمەن دائىم ،
بەڭباشنى ئەقىلدە تۈزەتمەك ئىشىم .
بىرەر يېڭى ئىشنى قىلسام ئىختىيار ،
دانالار سۆزلىرى ماڭا ئېتىبار .
ئادالەت كۈتكەنگە ئادالىتىم ھەق ،
يېنىمدىن ئۈمىدسىز ئۇ كەتمەس مۇتلەق .
پەقەت ھەقىقەتنى سۆزلىگەي تىلىم ،
ئادالەت سارىيى بولغاي بۇ دىلىم .
يامانلىق قىلسا كىم تاپقاي يامانلىق ،
ئادالەت بۇزغانغا يوقتۇر ئامانلىق .
يەزدان شاھىت بولغاي سۆزۈم ـ نەقلىمگە ،
تىلىم بويسۇنغۇسى ھامان ئەقلىمگە . »
دانالار داناسى ۋە بارچە دانا ،
ھۈنەر ، تەپەككۇردا مەشھۇرلار يەنە ،
دېيىشتى شۇ زامان : « ساڭا بەند بىز ،
ئەمرۇ پەرمانىڭغا پەيۋەندە بىز » .
بەھرام شاھ ئۇلارغا سۆز قوشتى يەنە :
« ئايا ئەي ، رەھنەما ، ئەقىلدان دانا ،
بىلگىلار ئارىدىن ئۆتىسمۇ يۈز يىل ،
بۇ سۆزدىن تايماسقا ۋىجدانىم كېپىل .
ئورنىغا قويۇپ مەن تاج بىلەن تەختنى ،
بەختىيار قىلاي ھەم نەچچە شور بەختنى . »
بۇ سۆز مەپتۇن قىلدى كۆپ ئۇلۇغلارنى ،
دانالار ، بىلىمدان ، دىل يورۇقلارنى .
قىلغان سۆزلىرىدىن قىلىپ پۇشايمان ،
گۇناھكار سىياقى بولدى باغرى قان .
ھەممىسى بىردىنلا قىلىشتى سادا ،
لايىق شاھ بەھرامدۇر ، ئۆزگە يوق يەنە .
مەردلىك ، ناتىقلىق ۋە ئەقىل ھەم ئەجداد
بابىدا تەڭ كەلمەس ئاڭا ھېچبىر زات .
بۇ ئەقىل ، بۇ مېھىر ئاڭا يەزداندىن ،
خۇدايىم ئاسرىغاي ئۇنى ياماندىن !
بىز ئۇنىدىن تاپقايمىز دائىم ئاۋاتلىق ،
توقلۇق ـ پاراۋانلىق ، كامال ۋە شادلىق .
ئۇنىڭغا قىلمايلى كاجلىق بىز يەنە ،
ئەقلىمىز كۆزىنى قىلمايلى خىرە .
مۇنداق قەددۇ قامەت زادى كىمدە بار ،
جاھاندا تەڭداشسىز بىزنىڭ شەھرىيار .
قورقامتى ئىرانلىق ئەھلىدىن تەڭرىم ،
ئالدىدا تۇپراقمىز پەقەت بىر سىقىم .
دېيىشتى بەھرامغا ئۇلار : « ئايا شاھ ،
ساڭىدۇر مۇناسىپ بۇ شان ، بۇ دەرگاھ .
خەۋەرسىز ئىكەنمىز كۈچ ، ساۋاتىڭدىن ،
نۇتۇق دانىشىڭدىن ، ئىستېداتىڭدىن .
شۇ سەۋەب خۇسرەۋنى بىز شاھ كۆتۈردۇق ،
ئاڭا تەزىم قىلىپ نىجات كۈتۈپتۇق .

ئاڭا ساداقەتكە ئىچكەنمىز قەسەم ،
شۇ قەسەم تۆپەيلى بىز ئاڭا قارام .
گەر خۇسرەۋ ئىراندا تۇتسا سەلتەنەت ،
خەتەرگە يولۇققاي پۈتكۈل مەملىكەت .
يېرىم خەلق بەھرام دەپ دىلنى قىلسا شاد ،
يېرىم خەلق خۇسرەۋدىن كۈتمەكتە نىجات .
ياخشى يول بۇ سېنىڭ دېگەن پەيمانىڭ ،
بېجىرسەڭ ، جاھاننى تۇتار پەرمانىڭ .
شىر بىلەن جەڭ بولسۇن بۇڭا باھانە ،
غالىبقا بۇيرۇلغاي تەختى شاھانە .
بەھرام بۇ تەكلىپكە تېز بولدى رازى ،
بۇ ئەسلى ئەمەسمۇ بەھرام ئاۋازى .
شاھلىق رەسمىدىمۇ شۇنداق ئۇدۇم بار ،
تەختكە چىققاندا يېڭى شەھرىيار .
دانالار داناسى يېنىغا كېلىپ ،
يەنە ئۈچ دانانى يېنىغا ئېلىپ ،
شاھنى ئولتۇرغۇزۇر مۇقەددەس تەختكە ،
ئاپىرىنلار ئوقۇر بۇ ئۇلۇغ بەختكە .
بېشىمغا كىيگۈزەر ئۇلار ئالتۇن تاج ،
ئالتۇن تاج ، شانلىق تاج ، يالتىراق كۆن تاج .
شاھانە كۆلاھتىن نۇرلار چېچىلار ،
ۋە تەخت ئەھلىنىڭ چېھرىسىن ئاچار .
بۇ شاھقا نە بايلىق قىلىنسا ھەدىيە ،
ھەممىنى خەلقىگە چاچار ئۇ يەنە .
دانانىڭ قولىدا مەنە ، تاج ۋە تەخت ،
چىقىشتى دەشتىسېرى سىناش ئۈچۈن بەخت .
تۇتۇلۇپ كېلىنگەن ئىككى قانخور شىر ،
داناغا بېرىلدى ، بويىنىدا زەنجىر .
تەختكە ياندىدى شىرلارنى تەستە ،
يۈزلىرى ئاقارغان بەئەينى خەسە .
شىرلار قورشاۋىدا قالدى تەخت ، تاج ،
نۇر چېچىپ تۇراتتى ئۇندا بەخت ، تاج .
بۇ ئەجەب مەيدانغا باقاتتى جاھان ،
نېچۈك يول تۇتتى دەپ ئۇ مەردى مەيدان .

## بەھرام بىلەن خۇسرەۋنىڭ مەيدانغا كىرگەنلىكى ، بەھرامنىڭ شىرلارنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە ئولتۇرغانلىقى

خۇسرەۋ ھەم بەھرامشاھ كىرىپ مەيدانغا ،
مىڭىشتى ئىككى شىر باغلاق تامانغا .
كۆرۈپ شىرلار ئارا تۇرغان زەر تاجنى ،
خۇسرەۋ تاپالمىدى ھېچبىر ئىلاجنى .
داناغا دېدى ئۇ : « شەرت قويغان باتۇر ،
تاجنى ئالسۇن ئۆزى ، بەلكى ئۇ قادىر .
مەن قېرى كىشىمەن ، بەھرام بولسا ياش ،
مەن شىرلار ئالدىدا قىلماسمەن بەرداش .
بۇ ئىشقا ئاشۇ مەرد تاشلىسۇن قەدەم ،
چۈنكى سىيماسىدا قۇدرەت ئىرۇر جەم .
بەھرام جاۋاب قىلدى : « سۆزۈڭ ئىرۇر ھەق ،
ھەقىقەت ئالدىدا تايماسمەن مۇتلەق . »
ئۆتكۈر نەيزىسىنى قولىغا ئالدى ،
ئەھلى تاماشانى ھەيرانغا سالدى .
ئەقىلدان ئاڭا دەر : « ئايا پادىشاھ ،
ئۆزۈڭسەن زېھىندان ، پىكىرلىك دانا .
سېنى شىر جېڭىگە مەجبۇر قىلغان كىم ،
ناھەت ، سەلتەنەتكە بولماقلىق ھاكىم ؟
جېنىڭغا بۇ جاپا سالمىقىڭ نېچۈن ،
ئۆزۈڭ ئۆز جېنىڭدىن كەچمىكىڭ نېچۈن ؟
سېنى يا بىز قەستلەپ ئەمەس ئەيىبكار ،
سەندىن ئۆزگە شاھقا ئەمەسمىز ئىقرار . »
بەھرام جاۋاب قىلدى : « بىلگىن ، ئەي دانا ،
بۇ ئىشتا ئەيىب يوق ھېچكىمدە ئەسلا .
شىر بىلەن مەيداندا جېدەل قىلۇرمەن . »
مەردانە ئۆلچەمگە ئەمەل قىلۇرمەن ،
دانا دېدى : «يەزدان بولسۇن پاناھىڭ ،
يۇيۇلسۇن بولسا گەر زەررە گۇناھىڭ » .
بەھرام شاھ ئاڭلىغاچ دانا سۆزىنى ،
گۇناھتىن پاك ـ خالاس بىلدى ئۆزىنى .
ئۇ بولدى شىرلارنىڭ ئالدىغا راۋان ،
بەھرامغا خىرىس قىپ تۇردى شىر ھامان .
زەنجىرنى ئۈزۈپ بىر شىر تېز تاشلاندى ،
شىر بىلەن بەھرامنىڭ جېڭى باشلاندى .
شاھ ئۇردى بېشىغا گۈرزە شۇ ھامان ،
كۆزىدىن يورۇقلۇق ھەم بولدى پىنھان .

ئىككىنچى شىرنىمۇ ئۆلتۈردى شۇئان ،
كۆزىدىن ئېتىلىپ چىقتى شۇدەم قان .
مەردلىك بىلەن ئالدى شاھ تاج ـ تەختنى ،
بېشىغا كىيدى ئۇ غالىبلىق تاجنى .
خۇسرەۋ كېلىپ قىلدى ئۇنىڭغا تەزىم ،
دېدى : « ئەي مەرد يىگىت ، پادىشاھ ئەزىم .
ئولتۇرغان بۇ تەختىڭ پايىدار بولسۇن ،
جاھان مەردى ساڭا خىزمەتكار بولسۇن .
سەن شاھىمىز بولغىن ، بىز بولايلى قۇل ،
دۇئادا بەختىڭنى تىلەيلى پۈتكۈل .
يەزداندۇر ھەمىشە بېشىڭدا پاناھ ،
توغرا يول كۆرسەتكەي كىم بولسا گۇمراھ .»
تىلەپ يېڭى شاھقا نۇسرەت ۋە زەپەر ،
بېشىدىن چېچىشتى ئۇلۇغلار گۆھەر .

ئالەم يالتىرىدى مۇراسىم كۈنى ،
چۇلغىدى يۇرتلارنى شادلىق دولقۇنى . . .
قىش كېلىپ ، بۇلۇتلار ئاينى يوشۇردى ،
ئاسماندىن تىنىمسىز قارلار تۆكۈلدى .
نە دەريا كۆرۈنمەس ، نە دەشت ، نە باغ ،
نە كۆزگە كۆرۈنمەس ئۇچقان قۇش يا زاغ .
ئۆيۈمدە نە ئوتۇن ، نە نان — ئارپا يوق ،
بىلمەيمەن كۈنلىرىم ئۆتەركىن قانداق .
يەرگە كۈمۈش تاغدەك توپلاندى ئاق قار ،
بۇ كۈنلەر مەن ئۈچۈن زۇلمەتكە ئوخشار .
بارچە كارى ـ بارىم بولدى ئاستىن ـ ئۈست ،
كۆڭلۈمنى بىلەرگە بارمۇ بىرەر دوست .
ئەمدى ئىنشا قىلاي باشقا بىر داستان ،
ئۇنىڭدىن قالتىسنى بىلمىگەي جاھان .



# بەھرام گور پادىشاھلىقى

## بەھرامنىڭ تەختكە چىققانلىقى ، سەردارلارغا نەسىھەت قىلغانلىقى ۋە ھۆكۈمدارلىق نامەلىرىنى تۈزدۈرگەنلىكى

بەھرام گور تەختىگە ئولتۇرغان زامان ،
بېشىغا بەختتىن نۇر چاچتى ئاسمان .
تەھسىنلەر ئوقۇلدى پەرۋەردىگارغا ،
ئالەمدىن ئەڭ ئاگاھ ئۇ جاھاندارغا .
ئۇ ئۆزى بەختنىڭ خۇداۋەندىسى ،
رىزق ، تاج ، تەختنىڭ خۇداۋەندىسى .
سوڭ بەھرام دېدىكى : « بۇ بەخت بىلەن تاج ،
ئىگەمدىن ھەدىيە ، تاپقاي ھەم راۋاج .
ئۇندىندۇر ئۈمىدىم ، ئۇندىن تەشۋىشىم ،
شارايەت بابىدا شۈكرىدۇر ئىشىم .
سىلەرمۇ ساقلاڭلار ئاڭا ساداقەت ،
ساداقەت كەلتۈرەر بىلىڭ ، سائادەت . »
ئىرانلىقلار دېدى : « سۆزۈڭ — دىلىمىز ،
بولسا نە خىزمىتىڭ باغلاق بېلىمىز .
پادىشاھىم ، بەرسۇن ساڭا تاجۇ تەخت ،
يارىڭ بولسۇن دائىما راۋاجى بەخت ! »
تەھسىنلەر ، ئېھتىرام قىلىشىپ زاھىر .
چېچىشتى بېشىدىن دۇرۇ جاۋاھىر ،
بەھرام سۆز ئالدىكى : « ئايا ، ئەزىزلەر ،
خەۋەرداركى ياخشى ـ ياماندىن سىلەر .
بىز ئىگەم بەندىسى بارچە خالايىق ،
يالغۇز شۇ تەڭرىمىز سەجدىگە لايىق .
ياماننى كۆرمەسمەن سىلەرگە راۋا ،
ئىشڭلار چۈشمىگەي مۈشكۈلگە ئەسلا . »
ئاپىرىنلار دېدى ئەل ئاڭا تەكرار ،
ئىززەت ھەم ئىكراملار ئېيتتى ھەم تەكرار .
قىزىدى بۇ يەردە سۆھبەت ـ ئەنجۇمەن ،
تا قۇياش چىققۇچە تۈنەشتى شادىمان .
ئەل تارقاپ كېتىشتى ئالماققا ئارام ،
تەختىدە ئولتۇردى شۇ چاغدا بەھرام .
ئاندىن ئۇلۇغلارنى توپلاپ قىلدى پەند:
« ئۆزۈڭلار ئەزىزلەر ، تەلىيى بەلەند .
يەزدانغا سېغىنىپ بەخت تىلەيلى ،
ئالەمدىن غۇربەتلەر كۆرمەي ئۆتەيلى .
زىننەتكە ئورايلى تەختۇ ئايۋاننى ،
چىنلىقىقا چاقىرىپ مەردۇ پالۋاننى . »
ئۈچىنچى كۈن تەختتە ئۇ ئولتۇردى شاد :
« سەجدە قىلماق رەسمىن ، — ، دېدى ، — قىلغىن ياد .
يەزداننىڭ نامىنى ئېلىپ زۇۋانغا ،
روشەنلىك سالايلۇق كۆڭۈلگە ، جانغا .
بېھىش بار ، دوزاخ بار ، بار ھايات ـ مامات ،
ياخشى ھەم يامانغا باردۇر ھېسابات .
كىم ئۇشبۇ ھەق سۆزنى ئالماس ئىكەن تەن ،
دىن ، دانىش يىراقتۇر ئۇنداق ناكەستىن . »
ئۈچىنچى كۈن تەختكە چىقتى شەھرىيار ،
بېشىدا سەلتەنەت تاجى جىلۋىدار .
دېدىكىن : « بايلىقنى بىلمەيمەن غۇرۇر ،
خەلقىمنىڭ شادلىقى ماڭا بەخت بولۇر .
بەشكۈنلۈك دۇنياغا ھېرىس ئارتۇقچە ،
ئارتۇقچە قايغۇنى ئاشۇرماق شۇنچە .
ئۇ دۇنيا باقىيدۇر ، بۇ دۇنيا پانىي ،
تەمەدىن پەرز تۇتقىل ، تەمە غەم كانى . »
بەشىنچى كۈن دېدى : « بىرى چەكسە دەرد ،
دەردىگە مەھرەملىك ماڭا ئىرۇر شەرت .
ياخشىلىق قىلماقلىق مەن ئۈچۈندۇر ئەھد ،
ياخشىلىق ئۇرۇقىن تىكمەك ماڭا بەخت . »
دېدى ئالتىنچى كۈن : « ئەھلى مېھنەتكە ،
كىم قىلسا گەر ئازار قالۇر كۈلپەتكە .
لەشكەرنى دۈشمەندىن ساقلايلى ئامان ،
بىمەنە بايلىقنىڭ ۋەسۋەسى يامان . »
يەتتىنچى كۈن دېدى : « ئايا ، دانالار ،
جاھانگەشتە ھوشيار ، ئەقلى تازالار .
خەسىسكە خەسىسچە قىلايلى جاۋاب ،
ياخشىلارغا يولداش بولماق كۆپ ساۋاب .

كىم بىزگە بولمىسا قولداش، مەردۇملۇق،
قىلغان شۇملۇقىدىن تاپىدۇ شۇملۇق.
ئەمرىمگە قىلسا گەر ھەر كىم ئىتائەت،
قايغۇدىن قۇتۇلۇپ تاپقاي سائادەت. »
سەككىزىنچى كۈنى ئەمر قىلدى شاھ:
خۇشخەتلىك مىرزىلار تەق بولدى ئاگاھ.
دېدى: « نامە پۈتكىل ھەر بىر دىيارغا،
ھەر بىر دىياردىكى شاھى نامدارغا.
مېھرۇ ئادالەتكە تەختىمدۇر سىيما،
ياز، بەھرام تەختكە قىلدى مەرھابا.
راستچىللىق، سېخىيلىق ھاياتى دەپ ياز،
ئەگرىلىك، بېخىللىق يات زاتى دەپ ياز.
ياز: ئۆزى شەۋكەتلىك، مېھرلىك قولى،
ئۇ تۇتقان يول ئىرۇر ياخشىلىق يولى.
كىمكى بويۇن ئەگسە بولۇر بەختىيار،
كىمكى شەك كەلتۈرسە بولۇر گۇناھكار.
تەختكە ئاتامنىڭ قولىدىن چىقتىم،
ئادىل تەھمۇراسنىڭ يولىدىن چىقتىم.
ھەر كىمگە راستلىقنى قىلۇرمەن پىشە،
مۇبادا بولسىمۇ ئۇ بىئەندىشە.
ئەجدادلار رەسمىگە ئېھتىيات ساقلاپ،
شۇ يولغا باشلارمەن، شۇ يولدۇر ئاپتاپ.
مەن ھامى بولغايمەن زەردۇشت دىنىغا،
سادىقمەن ئەجدادلار تۇتقان يولىغا.
بۇ دىنىنى مۇقەددەس تۇتماق ماڭا پەرز،
ۋەلى ئىبراھىمدىن ئىرۇر ماڭا دەرس.
ھەر كىم ئۆز ئۆيىدە مىسالى پادىشاھ،
ئۆز مۈلكى، دىنىغا ئۆزىدۇر پاناھ.
پەرزەنت ھەم ئايالى ئاڭا قارامدۇر،
پەرسا ھەم زېرەك ئەر ساھىبكەرەمدۇر.
مەقسەت نە بايلىقمەس، نە توپلىماق گەنج،
دەرۋىشلەر بۇ گەنجدىن تارتار ئېغىر رەنج.
ئەگەر بەرسە خۇدا بىزلەرگە ھايات،
پېشكەللىك چەرختىن ئەتسە ئېھتىيات.
بۇ مەكتۇپ مېغىزىدىن تاپقايسەن كامال،
ئابرۇي ھەم ئېتىبار، بايلىق بىلەن مال.
بىزدىن بارلىق شاھقا سالاملار بولسۇن،
مېھرى ئۇلۇغلارغا كالاملار بولسۇن! »
ئەلچىلەرگە ئېيتىپ رەھمەت بەھۇزۇر،
شاھ باستى نامىلەر ئاستىغا مۆھۈر.
مەكتۇپلارنى ئەلچى ئېلىشىپ قولغا،
چۇشۇشتى سارايدىن ھەر تەرەپ يولغا.

## بەھرام گورنىڭ مەنزەر ۋە نۇئمان بىلەن ۋىدالاشقانلىقى، ئىرانلىقلارنىڭ قالغان باجلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىنئام قىلغانلىقى

ئەتىسى تاڭ مەھەل يۈز ئاچتى قۇياش،
تاغلاردىن ئۇل قۇياش تىك كۆتۈردى باش.
مەنزەر ھۇزۇرىغا كەلدى بىر گۇرۇھ،
شاھ قەلبىگە ئەمدى يەتكەندى ئەندۇھ.
دېيىشتى: « سورىغىل مەرد شاھىمىزدىن،
ئۇ كەچسۇن قىلمىش ھەم گۇناھىمىزدىن.
يەزدىگىرد زۇلمىدۇر بۇلارغا سەۋەب،
قىزىققانلىق بىلەن بۇزۇلغان ئەسەب.
ئۇنىڭ سۆز ئىغۋاسى بۇ يولغا سالدى،
ئىشلەتكەن ئازارى بۇ ئويغا سالدى.
يەزدىگىردتىن كۆردۇق كۆپ جاپا،
بەھرامغا كۆرسەتمەي كەلدۇق بىز ۋاپا. »
مەنزەر يول ئالدى شاھ قەسرىسى تامان،
ئاتەشىن سۆزلەرنى قىلماقتا ئايان.
كەچۈرگەي ھەر كىمدە بولسا نە گۇناھ،
كەچۈرگەي گۇناھىن قەلبى ئادىل شاھ.
بۇيرۇدى، بېزەلسۇن شاھانە ئايۋان،
دانالار، ئۇلۇغلار بولسۇن نامايان.
نامدارلار چىقىشتى تۆرگە ئاتايىن،
ھەر كىمگە مەخسۇس جاي قىلىندى تەيىن.
ياسالدى داستىخان بىر بەزمىگە خاس،
مەجلىسكە جان بەردى مەي، سازەندە، ساز.
ئىككىنچى كۈن يەنە بىر بۆلۈك خەلق يايراپ،
كۆتۈردى ساز چالغان بەزمىدە شاراب.
ئۈچ كۈن داۋام قىلدى زىياپەت، ئايەم،
شاھنىڭ سارىيىدىن يىراقلاشتى غەم.

شاھ دېدى : « ئىككى مەرد ـ نۇئمان ھەم مەنزەر ،
لۇتفىمدىن بولغۇسى شانىغا مۇيەسسەر . »
سەردارلار ئوقۇشتى ئۇلارغا ھۆرمەت ،
ئۇلاردىن ئايرىلماس بۇ بەختۇ دۆلەت .
شۇدەم كەڭ ئېچىلدى خەزىنە ئىشىكى ،
تەق بولدى دىنار ھەم كىمخاب بېزىكى .
كەلتۈردى ياقۇتلار ، گۆھەر رەڭمۇ رەڭ ،
تۇلپارلار بېشىدىن ئۆتكەن نەچچە جەڭ .
بۇلارنى نۇئمانغا ، مەنزەرگە تارتۇق
قىلىشتى ۋە ھەتتا ھېسابتىن ئارتۇق .
كىم كۆرگەن بۇ يەڭلىغ سوۋغا ھەم سالام ،
ساخاۋەتتە تەڭسىز شاھ ئىرۇر بەھرام .
تەگدى مېھمانلارغا ھەدىيىلەر سانسىز ،
ھەممە شاھ ئالدىدىن چىقىشتى ئەزىز .
كەلتۈردى ئارقىدىن شاھانە سوۋغا ،
مەردلىك كىيىملىرى ، تۇلپىرى تەنھا .
بۇلارنى خۇسرەۋگە ئىنئام ئەيلىدى ،
بەخت دەرگاھىغا مەھرەم سايلىدى .
ئاندىن ئۆتتى نەرسى يېنىغا ئاستا ،
مېھرى يالقۇنلاپ قىزغىن بىر ھېستا .
ئىنىسى بىر سۆزلۈك ، شەپقەتسىز ئىدى ،
نامدار يىگىت ئىدى ، باھاسىز ئىدى .
شۇ ۋەجدىن تىنچ بولسۇن دەپ بۇ دۆلەتنى ،
تاپشۇردى قوشۇننى ، قىلىپ ھۆرمەتنى .
ئۇ قوشۇننى باشلاپ ئوڭ ھەم سول تامان ،
كۆپ يۇرتنى ئىلكىگە كەلتۈردى ئاسان .
شاھ بەھرام ئايىماي خەزىنە ئاچتى ،
لەشكەرلەر بېشىغا دىنارلار چاچتى .
ئەل سۆيەر پادىشاھ ئەيلىدى پەرمان ،
گۇشەسپ مىرزا بولدى قېشىدا ھامان .
زىرەك جەۋانىۋي ھەم تۇرار يېنىدا ،
ئۇ خەزىندار ، ئاچقۇچ تۇتقان قولىدا .
ئىزدەپ ئۆز ئەدلىنىڭ روناق ، راۋاجىن ،
خان كەچتى ئىرانلىق خەلق بېجىدىن .
مىرزىلار كىرىشتى شاھ دىۋانىغا ،
دىرھەمچۇن بېرىشتى كەيۋان ئالدىغا .
چۈنكى ئۇ زامانىنىڭ ۋەلىسى ئىدى ،
خەزىنە ساھىبى ، ئۇستازى ئىدى .
باجدىن خالىي بولۇپ ئىران سەراسەر ،
ئىناقلىق تېپىشتى ھەممە باراۋەر .
توقسان ئۈچ بار ھېساب ـ كىتاب قىلىنغاچ ،
يۈز مىڭلاپ دىرھەملەر ئېنىق بىلىنگەچ ،
دىرھەمنى تارقىتىپ ، ياقتى دىۋانىنى ،
شادلىق شولىسىغا چۆلغاپ ئىرانىنى .
بۇندىن ئاگاھ بولغان ھەر ياش ۋە قېرى ،
شاھقا ئاپىرىنلار ئوقۇشتى بارى .
ئاتەشگاھ دەرگاھتا باغلاپ مەھكەم بەل ،
نورۇز ئەھرامىغا ئاقار سۇدەك ئەل .
ئاتەشكە تاشلىشىپ مۇشىك ، ئەنبىرىن ،
بەھرامغا بارچىسى ئېيتتى ئاپىرىن .
ھەر يانغا جارچىلار يوللاشتى شۇ دەم ،
تاكى ۋاقىپ بولسۇن بۇ سىردىن ئالەم .
يەزدىگىرد زۇلمىدىن قاچقان ئالامان
توپلىنىپ ، بىر يۇرتتا تۇتۇشتى ماكان .
شۆھرەتلىك پەرمانلار ئوقۇلدى يەنە ،
ئۇلۇغلارغا ساراي بولدى باشپاناھ .
ھەر بىرىگە خىلئەت ئېتىلدى تارتۇق ،
مال ـ مۈلۈك بېرىلدى نامىغا لايىق .
ئاقىل ، دانىشمەن ھەم دانا ۋە ھېكىم ،
بەھرام ئاۋازىنى ئاڭلىدى ھەر كىم .
شاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىشتى شاد كۈن ،
كۆڭۈللەر ئازادە ، چېھرىلەر گۈلگۈن .
بۇيرۇدى ، ئەرز تەلەپ بىلسە كىم ئۆزىن ،
دانالار ئاڭلاشتى بۇ دانا سۆزىن .
يۇرت بويلاپ تارقالدى ئۇشبۇ يولىيورۇق ،
جارچىدىن جارچىغا بېرىلدى بۇيرۇق .
« ئايا ، شاھ بەندىسى بولغان ئەزىزلەر ،
گۇناھ ، غەم دەردىنى ھېچ كۆرمىدىڭلەر .
يەزدانغا داۋاملىق ئېيتتىڭ ئاپىرىن ،
ئۇنىڭ شەپقىتىدىن ئازاد بۇ زېمىن .
دۇنيادا يەزداندۇر يېگانە پاناھ ،
ھەر بىر قىلمىشىڭدىن ئۇ دائىم ئاگاھ .
كىمكى قوبۇل كۆرسە ئۇشبۇ پەرماننى ،
ئۇ تۇتقاي بىز تۇتقان ئەھدۇ پەيماننى .

بىز ئاڭا ياخشىلىق قىلغايمىز پەقەت ،
قوغلار دەردلىرىن سۈرۈپ بىشەپقەت .
كىمكى بۇ ئەدلىنى قىلاركەن ئىنكار ،
بىزنىڭ جازايىمىزغا بولغاي گىرىپتار .
ئەگەر بىزگە قۇدرەت يار قىلسا تەقدىر ،
ئالەمنى قۇچارمىز ، بۇ مۇھەققەقتۇر .
ياخشىلىقنى ئەلدە زىياد ئېتىمىز ،
كۆڭۈللەرنى يەنە ئاۋات ئېتىمىز . »
بۇ سۆزلەردىن قۇۋناپ ئىران دىيارى ،
ئادالەت خالىدى ئەل ئىختىيارى .
بەھرامنىڭ شاھلىقى كۆپ شۆھرەت ئالدى ،
شادلىقلار كۆپىيىپ ، غەملەر يوقالدى .
شىكار ، چەۋگەن بولدى شاھنىڭ قىلمىشى ،
بەزىم ھەم ئات چېپىش سۆيۈنگەن ئىشى .

## بەھرام گور بىلەن لەنبەك قىسسىسى

بىر كۈنى شاھ قېشىدا نەچچە پەھلىۋان
كېيىك ئوۋلاش قەستىدە ئاشاتتى داۋان .
تۇيۇقسىز دۇچ كەلدى ھاسا تۇتقان چال ،
دېدى : « يەزدانشۇناس شاھىم قۇلاق سال !
ياشار شەھرىمىزدە ئىككىلا ئىنسان ،
بىرى باي ، بىرى پېقىر گاداي بۇ ئان .
بىرىھامدا كۆپتۇر ئالتۇن ۋە گۆھەر ،
ھىيلىگەر جۇھۇتتۇر ، غايەت بەدھۇنەر .
لەنبەك ئۇ بولسىمۇ گەر سۇ توشقۇچى ،
ئۇ ئالىيجاناب ئىنسان ھەم ساخاۋەتچى . . . »
« كىم ئۇلار ؟ — سورىدى ئۇلۇغلاردىن شاھ ، —
بۇ چالنىڭ سۆزىدىن بولۇڭلار ئاگاھ ! »
شۇندا جاۋاب قىلدى چال دەرھال ئاڭا :
« ئىشتىكىل ، گۆھەردەك ئەزىز پادىشاھ ،
ھاجەتپەرۋەر ئېرۇر سۇچى ئۇ لەنبەك ،
ئوچۇق قول ، شېرىن سۆز ، مەرد ئادەم دېمەك .
چۈشكىچە سۇچىلىق بەند قىلسا قولىن ،
چۈشتىن سوڭ كۆزەتكەي مېھماننىڭ يولىن .
نە تاپسا تارقىتار شۇ كۈن مۇكەممەل ،
بىر تىيىن ساقلانماس ئەزەلدىن ئەزەل .
ئوسال بىر ناكەستۇر جۇھۇت بىراھام ،
بېخىللىق بىلەن ئۇ چىقارغاندۇر نام .
كۆپتۇر دىرھەملىرى ، گەنجۇ دىنارى ،
يۇمشاق پاياندىزى ، مال ـ روزىغارى . »
بۇيرۇدى پادىشاھ : « جارچى سالسۇن جار ،
بازار جايغا شۇنداق يېيىلسۇن خەۋەر .
لەنبەك سۇچىدىن كىمكى سۇ ئىچسە ،
بۇ سۇنى مەكرۇ دەپ بىلىشسۇن ھەممە . »
كۆرگەچ پېتىۋاتقان قۇياش رۇخسارىن ،
شاھ يولغا جۆنىدى تېزلەپ تۇلپارىن .
لەنبەكنىڭ ئۆيىگە لەھزىدە يەتتى ،
ئىشىكنى چەكتى ھەم ۋەجىنى ئېيتتى :
« ئىران سىپاھىدىن مەن بىر پەھلىۋان ،
يول ئېزىپ بۇ كەچتە بولدۇم سەرگەردان .
بىر كېچە كۆلبەڭدىن ماڭا بەرسەڭ جاي ،
كۆپ خۇرسەن بولاتتىم ، ساھىبى ساراي . »
لەنبەكنى شاد قىلدى بۇ شېرىن ئاۋاز ،
ئىشىكنى چوڭ ئاچتى ئۇ مېھماننەۋاز .
دېدى : « تېزدىن كىرگىل ، ئى ياخشى ئادەم ،
سەندىن خۇرسەن بولسۇن بۇ شاھى ئالەم ،
يېنىڭدا بولسىدى يەنە ئون يولداش ،
شادلىقتىن ئاسمانغا يېتەر ئىدى باش . »
پادىشاھ ئۆزەڭگىدىن ئالماستىن ئاياغ ،
ئات چۇلۋۇرىن تۇتتى ئۇندا ئاشۇ چاغ .
ئاتنىڭ يالىسىنى سىلاپ بىر پەستە ،
بوينىغا ئارغامچا سالدى ئۇ تەستە .
بەھرام ئولتۇردى ، ساھىبخان يۈگۈرۈپ
ھەممىنى تەق قىلدى دەمدە ئۈلگۈرۈپ .
تۇتۇشتى ئاندىن ئۇ دەرھال قازانغا ،
خىلمۇ خىل تائاملار قويدى مېھمانغا .
دېدى ئۇ بەھرامغا : « شاھماتنى قويغىن ،
بەدۆلەت مەرد يىگىت ، تائامغا تويغىن ! »
مېھمان ئىشتىھادا يېگەچكە تاماق ،
مەي تولغان قەدەھنى لەنبەك قىلدى تەق .
ھەيرەتكە چۈشتى شاھ بۇ زىياپەتتىن ،
شېرىن سۆز ، مېھماندوست بۇ ساخاۋەتتىن .
تۈن بويى شاھ بەھرام بەھۇزۇر ياتتى ،
سەھەردە ساھىبخان ئۇنى ئويغاتتى .

بەھرام گۆرگە لەنبەك قىلدى ئىلتىجا :
« كەچۈر قىلالمىدىم ھۆرمىتىڭ بەجا .
بۈگۈنمۇ ماڭا بول ئەزىز بىر مېھمان ،
يالغۇزمەن دېسەڭ گەر چاقىرتقىل ياران .
كۆڭلۈڭ تارتسا نېمە ، ئۇنى تەق قىلاي ،
خۇشاللىق نە بولسا مەن بەرھەق قىلاي . »
سۇچىغا جاۋاب قىلدى شەھرىيار :
« بۈگۈن قالسام قالاي ، يەنە ۋاقتىم بار . »
نەچچە چاناچ سۇ تارتىپ سەھەردىن تاكەچ ،
خېرىدارغا لەنبەك دۇچ كەلمىدى ھېچ .
بۇ ھالدىن يۈرىكى بولدى مىلىڭ پارە ،
ئۆي ۋاقى ساتماقلىق ، شۇ بولدى چارە .
ئۇ ئۇشبۇ نەرسىگە خېرىدار تاپتى ،
گۆش ، سۈزمە ئېلىپ ئۆيىگە چاپتى .
يېقىپ ئوت ئوچاققا ، ئۇ ئاستى قازان ،
مېھماننىڭ ھالىنى سورىدى شۇئان .
يەنە مەي ئىچىشىپ قىلدى زىياپەت ،
ئۇلاردا قىزىدى يەنە بۇ سۆھبەت .
بەھرامنىڭ قولىدىن قەدەھ چۈشمىدى ،
ئالدىدا مەي قۇيار لەنبەك ساقىيدى .
يەنە ئۇيقۇ ـ ئارام ، تاڭ ئاتقان زامان ،
بەھرامنىڭ ئالدىغا ئۇ كەلدى شۇئان .
دېدى ئۇ : « ھەمىشە خۇشال ـ خۇرام بول ،
رەنجۇ غەم ـ غۇسسىدىن ئازاد ، بېغەم بول .
بۈگۈنمۇ مەن بىلەن ھەمدەملىك قىلغىل ،
ئۆزۈڭنى بەرىكەت ھامىيسى بىلگىل . »
« مەيلى ، ـــ دېدى بەھرام ، ـــ ئۈچىنچى كۈن ھەم ،
سەن بىلەن شادلىقىم بولغۇسى داۋام .»
سۇچى تەھسىنلەر ئەيلىدى ئىزھار :
« جۇش ئۇرسۇن يۈرىكىڭ ، بولغىل بەختىيار . »
چېلەكنى ئېپ ماڭدى ئۇ شۇ بازارغا ،
گۆرۈگە قويدى ئۇ بۇنى بىر بايغا .
كېرەكلىك نەرسىنى تېزلىكتە ئالدى ،
بەھرامنىڭ ئالدىغا تېزلىكتە كەلدى .
دېدى : « پىشۇرماققا ماڭا قىل ياردەم ،
تاماقتىن مەرد كىشى لەززەت ئالغاي ھەم . »
بەھرام گۆشنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى ،
ئوتنى ياقتى ، گۆشنى قازانغا سالدى .
يەنە زىياپەتۇ يەنە مەي ـ بادە ،
شاھ نامىغا تەھسىن بولدى زىيادە .
مەي ئىچىپ ، ئورنىپ ، بەھرام ئالدى دەم ،
بېشىغا لەنبەك يېقىپ قويدى شام .
ئۈچىنچى تۈن ئۆتۈپ ، تاڭ يايغاندا نۇر ،
ئۇيقۇدىن كۆز ئاچتى شاھى بەھرام گۆر .
ساھىبخان دېدى : « ئەي ، ئاڭلىغىل نامدار ،
قىيىن تاڭ ئاتقۇزدۇڭ ئۆيۈم بولغاچ تار .
ساڭا قىلالمىدىم راھەت مۇيەسسەر ،
ئىران پادىشاھىدىن قورقمىساڭ ئەگەر ،
بۇ بىناۋا ئۆيىدە ئىككى ھەپتە قال ،
ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭ ئىلتىماسىم ئال . »
ئاڭا ئاپىرىنلەر دېدى بەھرام شاھ :
« ياشىغىل شاد ـ خۇرام ، بەئەينى بىر ماھ .
بىز ئۇشبۇ كۆلبىدە ئۈچ كۈن بولدۇق شاد ،
دۇنيا شاھلىرىنىڭ نامىن قىلىپ ياد .
قىلارمەن ھەر جايدا سېنىڭ تەرىپىڭ ،
ماختاشلار نۇرىغا چۇلغاپ شەرىپىڭ .
مۇنداق مېھماندوستلۇق غايەت زور بەخت ،
بۇ يولدا تاپارسەن ھەتتا تاجۇ تەخت . »
كۈن بويى شىكاردا قىلىپ تەنتەنە ،
تۈندە كاتتىلار ئايرىلدى يەنە .

## بەھرام گور بىلەن بىراھام جۇھۇتنىڭ قىسسىسى

بەھرام لەشكەرلەردىن ئايرىلدى بىر چاغ ،
بىراھام ئۆيىگە ئات چاپتى شۇنداق .
ئىشىك قېقىپ دېدى : « شاھ بىلەن بىرگە
شىكارغا چىققانتۇق دالا ، تاغ ـ قىرغا .
كەچ كىرىپ يولۇمدىن ئاداشتىم پۈتۈن ،
ئىمكان يوق لەشكەرنى تاپمىقىم ئۈچۈن .
ئەگەر قوناق بولسام يولۇڭدا بىر كەچ ،
ساڭا چۈشمەس ئىدى ئېغىرلىقىم ھېچ . »
بىراھام ئالدىغا كىرىپ خىزمەتكار ،
ئۇ نامدار ھەققىدە ئەيلىدى ئىزھار .
بىراھام دېدىكى : « بۇندا جاي قايدا ،
ئېيت رەنجىمىسۇن ، رەنجى بىپايدا . »

خىزمەتكار تېز كەلدى ئىشىككە يېقىن ،
دېدى : « چاي يوق ئىكەن ، رەنجىمە لېكىن . »
ئاغا بەھرام دېدى : « بېرىپ ئېيت يەنە ،
مۇندىن باشقا ماڭا يوقتۇر باشپاناھ .
يالغۇز بىر كېچىلىك تەلەپ قىلدىم جاي ،
ماڭا كېرەك ئەمەس نان ۋە ياكى چاي . »
خىزمەتكار بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھامان ،
تېزدىن قايتىپ باردى بىراھام تامان .
دېدى : « بىر كېچىلىك قوناق ئىمىش راست ،
ئىلتىماس ئۈستىگە قىلدى ئىلتىماس . »
بىراھام دېدىكى : « تېزدىن يەنە بار ،
دېگىنكى جايىمىز ئۆزىمىزگە تار .
بىچارە جۇھۇتنىڭ ھالى خاراب ، دە ،
تۈننى ئۆتكۈزەر ئۆرە تۇرۇپ دە . . . »
بەھرام دەر : « بولمىسا بولمىسۇن ئورۇن ،
مەن تەلەپ ئەتمەسمەن سارايىنىڭ تۆرىن .
دەرۋازا تۈۋىدە يېتىپ چىقسام بەس ،
ئارتۇق مۇلازىمەت ھېچ كېرەك ئەمەس . »
بىراھام دېدىكى : « ئەي پەھلىۋان مەرد ،
كۆڭلۈمگە تولدۇردۇڭ شۇنچە ئېغىر دەرد .
بىر كىشى بۇ يەردە بىر كۈن قونسا ھەم ،
بېشىمغا چۈشكۈسى چىداپ بولماس غەم .
كىرگىل مەيلى ، ئالەم شۇنچە بولسا تار ،
كۆپ سۆزلەپ بېشىمنى سەن قىلدىڭ خۇدبار .
شەرت شۇكى ، سورىمىغىل مەندىن ھېچ نەرسە ،
ھەتتا كېپەنلىكىم يوق ، گەر ئۆمرۈم پۈتسە .
مۇبادا تۈلپىرىڭ تاشلىسا تېزەك ،
يا تامنىڭ خىشىغا دەز سالسا قىلدەك .
شۇ زامان ئەخلەتنى سىرتقا تاشلىغىن ،
دەرۋازام ئالدىنى تازا ساقلىغىن .
خىشنىڭ سۇنۇقىغا تۆلەيسەن كۆپ ھەق ،
ھەققىمنى تاڭ سەھەر قىلىپ قويغىن تەق . »
« رازىمەن ، — سۆز قوشتى شۇ زامان بەھرام ، —
بۇ يولدا بېشىمنى بەدەل قىلىپ ھەم . »
ئېتىدىن ئۇ چۈشتى تۈلپارنى باغلاپ ،
قىلىچنى قىنىدىن سۇغاردى شۇ تاپ .
توقۇم بولدى كۆرپە ، ئېگەرى ياستۇق ،
بەھرام يانپاشلىدى ئالماقتا ھاردۇق .
جۇھۇت دەرۋازىنى تاقاپ ئىلگەكتە ،
تاماقا تۇتۇندى بىر ئۆزى يەككە .
ئاندىن ئۇ بەھرامغا دېدى : « ئەي قوناق ،
بىر ھېكمەت ئېيتايكى سەن سالغىن قۇلاق .
خالىغاننى يېگەي كىمدە بار بولسا ،
غەمدىن ھالى كېتەر كىم ناچار بولسا . »
ئاغا بەھرام دېدى : « بۇ كۆپ كونا گەپ ،
ئۆتمۈش نەقلىدىن مەن بىلگەن كۆپ ئاڭلاپ .
شۇ ئاڭلىغىنىم ئىدى ، كۆردۈم ئۆزىنى ،
سەن راست ئەستىقلىدىڭ ئۇلار سۆزىنى . »
تاماقتىن كېيىن ئىچتى جۇھۇت بادە ،
كەيپ بولۇپ ، ئۆزىنى شاد قىلدى يەنە .
شادلىنىپ ئۇ دېدى : « رەنج تارتقان مەرد ،
ئەمدى بۇ داستاننى ئاڭلىمىقىڭ شەرت .
دىلى روشەن ئىرۇر كىمنىڭ پۇلى بار ،
ئۇنىڭغا قالقاندۇر دىرھەم ھەم دىنار .
كىمنىڭ پۇلى بولماس ، قاغجىرار لېۋى ،
ياشايدۇ بەئەينى سەن غېرىب كەبى . »
بەھرام دېدى : « بۇ گەپ راستلىقىن بىلدىم ،
كۆرگىنىم ھەممىنى دىلغا جاي قىلدىم .
ئەگەر جامدىن تاپساڭ لەززەت ۋە ئارام ،
بەختىڭنى بەخش ئېتەر ساز بىلەن مەي ، جام . »
كۆتۈرگەندە تاغدىن نەيزىسىن قۇياش ،
بەھرام گور ئۇيقۇدىن تەك كۆتۈردى باش .
ئۇ ئاتقا بېكىتتى ئېگەر ھەم جابدۇق ،
ئۆزى ئاچ ، ئېتى ئاچ ، تېنى قۇيقۇرۇق .
بىراھام كېپ دېدى : « توختا ، ئەي ئاتلىق ،
ئەھدىسىزلىك بولماس بۇنىڭدىن ئارتۇق ؟
ئېتىڭنىڭ تېزىكى ــ ئەخلىتىنى ھەم
چىقىرىپ تاشلاشقا ئىچكەنىڭ قەسەم .
تېز سۈپۈرۈپ ئالغىل ، كۆزۈمدىن يوقات ،
نا ئادىل مېھماننىڭ دەستىدىن مىڭ داد ! »
بەھرام دېدى : « چاقىر ، كەلسۇن خىزمەتكار ،
تېزەكنى سۈپۈرۈپ ئالسۇن خىزمەتكار .
يىراققا تاشلىسۇن تېزەكنى نېرى ،
ئۇنىڭغا لايىقتۇر ھەمىيانىم زەرى . »
بىراھام دېدىكى : « كۆڭلۈڭ بولسۇن توق ،
ئەخلەت تازىلاشقا خىزمەتكارىم يوق .
سۆز قىلدىڭمۇ ، لەۋزىڭ بولمىسۇن ھارام ،
بولمىسا زالىم دەپ چاپلارمەن بەتنام . »

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاچ ئۇندىن بەھرام شاھ ،
بىر پىكىر بىشىغا كەلدى بىناگاھ :
بار ئىدى قويىندا بىر ئېسىل رومال ،
غايەت قىممەتباھا ، خۇش بۇي بىمىسال .
شۇ بىلەن تېزەكنى سۆپۈرۈپ يىغىپ ،
خەندەككە تاشلىدى تاشقىرى چىقىپ .

بىراھام ئۆزىنى ئاتتى رومالغا ،
ھەيران بوپ قارىدى بەھرام بۇ ھالغا .
بەھرام ئېيتتى ئاڭا : « بىلگىل ئەي پەرسا ،
سېنىڭ بۇ ھالىڭنى ئاڭلىسا پادىشاھ ،
ساڭا كۆپ مال ــ مۈلۈك قىلغۇسى ئىنئام ،
تاپارسەن ئۇلۇغلار ئىچرە ئۇلۇغ نام . »

## بەھرام گورنىڭ بىراھام بايلىقىنى لەنبەككە بەرگەنلىكى

بىراھام ئۆيىدىن قايتتى شاد بەھرام ،
تۈن بويى قەسىردە ئالدى ئۇ ئارام .
خىيال سۈرۈپ ياتتى سارايدا باتۇر ،
كۈلەتتى ئۆزىچە ، ئەمما ئېيتماي سىر .
سەھەر تاج كىيىپ شاھ چۈشۈردى پەرمان ،
مەيدانغا توپلاندى سىپاھلار شۇئان .
لەنبەك سۈچىنى چاقىرتتى دەرھال ،
ئۇ كەلدى كۆرسىتىپ ھۆرمەتتە ۋىسال .
بىراھامۇ دەرھال كەلتۈرۈلدى ھەم ،
تەكەببۇر ئىدى ئۇ ، يوق ئەندىشە ــ غەم .
ئۇلار تەخت تۈۋىدە يۈككىنىدە تىز ،
ئادىل بىر ۋەزىرمۇ ھازىر بولدى تېز .
شاھ دېدى : « بىر ئاتنى مىنگىل دەرھال ــ تېز ،
بىراھام ئۆيىگە قاراپ يول ئال ، تېز .
كەلتۈرگىل ئۆيىدە بولسا نېمە مال ،
ئادالەت ئىشىنى بەجا قىل ھالال . »
جۇھۇتنىڭ ئۆيىدە كۆردىكى ۋەزىر ،
ئالتۇن ھەم كىمخابلار شۇنچە كۆپ ، ئېغىر .
بىھېساب ماتالار ئۇندا توپ ئىدى ،
جاھاز ھەم بېزەكلەر ئۇندا كۆپ ئىدى .
ئۆي ئەمەس ، يۈك تولغان بار كارۋان ساراي ،
مال ــ دۇنيا قويماققا ئەپ ئىدى بۇ جاي .
كوزا ــ خۇمىلارغا تولغان ياقۇت ، زەر ،
بۇنچە دۇررۇ گۆھەر قايدىن ئەلھەزەر !
ۋەزىر بۇ ھېسابنى بىلەلمەي قالدى ،
ۋە جەھرەم دەشتىدىن مىڭ تۆگە ئالدى .
شۇلارغا يۈكلىدى بۇ بايلىق ــ كاننى ،
يولغا باشلاپ كەتتى كاتتا كارۋاننى .

كولدۇرما ساداسىن ئاڭلىدى بارگاھ ،
بۇ ئىشتىن پادىشاھ بولدى ھەم ئاگاھ .
دېدىكىم : « سەندە يوق مۇنچە مال ــ مۈلۈك ،
سەندىكى ئىككى يۈز ئېشەككىلا يۈك . »
تەئەججۈپكە چۈشتى بۇ شاھى ئىران ،
دۇنيانىڭ ھالىدىن بولغاندا ھەيران .
شۇنچە كۆپ دۇنيانى توپلاپتۇ جۇھۇت ،
ۋە لېكىن ئۇنىڭدىن نە لەززەت ، نە قۇت ؟
كارۋاندىن ئاجرىتىپ يۈز تۆگە دەرھال ،
كۈمۈش ، زەر ، بېزەك ھەم شۇنچە ئېسىل مال .
لەنبەككە پادىشاھ ئەيلىدى تارتۇق ،
لەنبەك قايتتى مۇندىن شادلىقتا ئارتۇق .
ئاندىن بىراھامنى چاقىرغۇزدى شاھ ،
دېدى : « ئەي پىخسىق ، پەس ، يۈرىكى قارا .
ماڭا پەيغەمبەرنىڭ يېشىن ئايان قىل ،
دۆلەتكە ھېرىسىڭنى يەنە بايان قىل .
ئاڭلىغانىدىم مەن ھېكايەتلەردىن ،
قەدىمىي داستانلار ، رىۋايەتلەردىن :
‹خالىغاننى غاجار كىم ناچار بولسا ،
غەمدىن سارغايغۇسى كىم ناچار بولسا . ›
ئەمدى تامام بولدى قولۇڭدىكى مال ،
ئەمدى سۈچى لەنبەك كۈنىگە كۆز سال . »
ئۆتكەن بولسا جۇھۇت ئۆيىدە نە سىر ،
ناكەس بىراھامغا ئەسلەتتى بىر ــ بىر .
تۆت دىرھەم بەردى شاھ : « يانغا سال ، — دېدى ، —
قانداق كۈن ئۆتكۈزسەڭ ئۆزۈڭ بىل ، — دېدى ، —
مۇندىن ئارتۇقىغا ئەمەسسەن لايىق ،
بايلىقىڭ بەھرىنى كۆرسۇن خالايىق . »

پېقىرلەرگە بۆلۈپ بەردى مال ـ مۈلۈك ،
جۇھۇتقا پەرياتلار بولۇپ قالدى يوٗك .
ئۆيدىكى مال ـ مۈلكى بولغاندا تاراج ،
ئاڭا دىندار ئاچتى مىڭلارچە موھتاج .

## بەھرام گور بىلەن مېھربەنداد قىسسىسى

يەتكەچ لاچىن بىلەن ئوۋقىلىش چېغى ،
بەھرامدا ئۇرغۇدى ئوۋ ئىشتىياقى .
ئوۋچى لاچىننى قوندۇرۇپ قولغا ،
ئۇچقۇر ئاتنى سالدى دەشتىبىرى يولغا .
كۆرۈندى كۆزىگە دەرەخزار چىمەن ،
قانداق بەختىيارغا تەۋە بۇ ماكان ؟
بېھىشتەك مايىسزار ، سۈلۈق ، خۇش ھاۋا ،
ئەمما كۆرۈنمەيتتى ئادەم يا چارۋا .
دېدى ئۇ : « بۇ جايدا ياشايدۇ شىرلار ،
ئۇ يەرگە كىرەلەر شىر يۈرەك ئەرلەر . »
بۇ چىمەن ئىچىنى كېزىپ چىقتى شاھ ،
بۇرجەك ـ بۇرجەكلەرگە تاشلاپ كۆز ـ نىگاھ .
چىقتى دەل ئۇدۇلدىن بىناگاھ بىر شىر ،
دېدى شاھ :« بۇ شىرنىڭ چارىسى شەمشەر . »
ئەركەك شىرگە قارشى بىر نەرە تارتىپ ،
دەسلەپتە ياي تارتتى ئالدىغا يۈرۈپ .
ئوق شىرنىڭ كۆكسىنى ئەتكەندە چاك ـ چاك ،
بۇ ئىشتىن چىشى شىر بولدى غەزەپناك .
ئېتىلدى دەمدىلا بەھرامغا قاراپ ،
تىترىدى ئورمانلار غەزەپتىن شۇ تاپ .
بۇ شىرنى تىغ بىلەن ئۇردى شىددەتتە ،
يىقىلدى قان تەلەپ شىر تېز پۇرسەتتە .
بۇ ھال زوقلىنىپ كۆزەتكەن بىر چال ،
چىقتى بۇ چىمەنلىك ئىچىدىن خۇشھال .
مېھربەنداد ئىدى بۇ چالنىڭ نامى ،
بەھرامنىڭ جېڭىدىن تولغان ئىلھامى .
ئەمگەكچى ، خۇداگۇي ، مويسىپىت ، دانا ،
مەنزىلى ئۇنىڭتى ئورمانلار ئارا .
ئۇ بەھرام ئالدىغا كەلدى روھلىنىپ ،
ئاپىرىنلار ئېيتتى دۇئاغا قوشۇپ .
ئاندىن مۇنداق دېدى : « ئەي ئۇلۇغ نامدار ،
بېشىڭدىن ئايلانسۇن بۇ ئالەم ـ روزىغار .
مۈلۈكدار ئادەممەن ، قول ـ ئىلكىمۇ باي ،
مېنىڭكى بۇ دىيار ، بۇ دەشتۇ ساراي .
قويۇم بار ، ئېشىكىم ، سېيىر ـ مېلىم بار ،
ۋە لېكىن چېكەتتىم شىرلاردىن ئازار .
خۇدايىم يەتكۈزدى سېنى بۇ تامان ،
تىغ بىلەن مۇشكۈلۈم ئەيلىدىڭ ئاسان .
مېھمان بول يۇرتىمىز ئارا بىر مۇددەت ،
كەلتۈرەي ئالدىڭغا سۈت ، مەي ھەم شەربەت .
ئەگەر كۆڭلۈڭ بولسا مېۋىگە مايىل ،
سېنىڭدۇر بېغىمدا پىشقان ھەر ھاسىل .
ئېتىدىن دەس چۈشتى شۇندا بەھرام شاھ ،
بۇ كۆركەم مەنزىرىگە تاشلىدى نىگاھ .
ھەر تەرەپ ياپيېشىل ، سۇ ئاقار راۋان ،
باتۇر يىگىتلەرگە بولغۇدەك ماكان .
ئاتاقلىق سازەندىلەر كەلدى بۇ يەرگە ،
ئەزىز مېھمان بىلەن بولماققا بىرگە .
مېھمان شەرىپىگە قويلار سويۇلدى ،
ئالتۇن قەدەھلەرگە مەيلەر قۇيۇلدى .
تاماقتىن كېيىن ھەم سۆھبەت قىلىشتى ،
مەھلىيا قىلاتتى گۈللەر كۆزلەرنى .
مەي ئىچتى بۇ چالنىڭ قولىدىن بەھرام ،
جانغا جام راھەتلەر قوشاتتى بۇ دەم .
مېھربەنداد مەيدىن روھلانغانىدى ،
ئىززەتۇ ئىكرامدا بەھرامغا دېدى :
« سائادەت كۆرسەتتى ساڭا نۇر چىراي ،
سەن گويا تۈنلەردە تولغان تولۇن ئاي . »
بەھرام جاۋاب قىلدى : « بۇ سۆزۈڭ راۋا ،
چېھرىمىز نەسەبىن سىزغاندۇر خۇدا .
ئۆزى خالىغانچە ياراتمىش ئىگەم ،
يا ئارتۇق قىلمىشتۇر ، يا قىلمىشتۇر كەم .
ئەگەر نەزەرىڭدە مەن بولسام پادىشاھ ،
ساڭا ھەدىيە بولسۇن ئۇشبۇ مەنزىلگاھ . »
شۇ گەپنى قىلدى شاھ ، ئورنىدىن تۇردى ،
گۈزەل قەسرى تامان يەنە يول ئالدى .
ئۇ دوستلار بىلەن شاد ئۆتكۈزدى بىر چاغ ،
داستانلارنى ئەسكە ئېلىشتى شۇنداق .

## بەھرام گور بىلەن كەبرۇي قىسسىسى ۋە ئۇنىڭ مەينى ھارام قىلغانلىقى

بامدات بىلەن بەھرام خالاپ قالدى مەي ،
لەشكەرگە تولغانتى ساراي ، پەلەمپەي .
دەل شۇ چاغ كىردى بىر مۆتىۋەر زات ،
يېزىدىن كەلتۈرۈپ تۈرلۈك ھاسىلات .
نەچچە تۆگىدە ئالما ، بىھى ، ئانار ،
يەنە گۈلدەستىلەر شاھانە ، رەڭدار .
شەھرىيار شادلىنىپ ، ئىكراملار قىلدى ،
جاي بېرىپ يېنىدىن ئېتىبار قىلدى .
مېۋە ھەم گۈل ـ چېچەك بەك خۇش بۇي ئىدى ،
پەھلەۋىيچە نامى مەرد كەبرۇي ئىدى .
خۇشال بولدى شاھنىڭ دىدارىن كۆرۈپ ،
يېنىدا ئۇلۇغلار نامدارىن كۆرۈپ .
كۆرگەچكە جامدىكى مەينى لىقمۇلىق ،
دىلىدا جۇش ئۇردى بىر ئارزۇ ، قىلىق .
شاھىنشاھقا قىلدى چەكسىز ئېھتىرام ،
دېدى : « بىر مەيخورمەن ، مەيدىن تاپقان نام . »
مەي تولغان جامنى قولغا ئالدى ـ دە ،
دەست كۆتۈرۈپ ئىچتى شاھنىڭ ئالدىدا .
يەنە يەتتە جامنى ئىچتى مەستانە ،
ھەيرەتكە چۈشكەنتى ئەھلى مەيخانە .
ئېلىپ شاھ رۇخستىن ، چىقتى تاشقىرى ،
كىم بىلگەي ، بەلكى بۇ مەستلىك ئەسەر .
شەھەردىن مەست چىقىپ ، دەشتكە سالدى يول ،
كۆكسى يانار ئىدى ، شاراب ئىچكەچ مول .
باغلاقتىن ئاجرىتىپ ئالغان ئېتىنى ،
دەشتكە كەڭ يايغانتى كەڭ قانىتىنى .
بىر زېمىن بار ئىدى تاغدا دەرەخزار ،
ئۇ يەرگە ئۇ يېتىپ باردى تېز سۇۋار .
ئۇ ياتار ئىدىكى بىلمەي ئۆزىنى ،
قۇزغۇن ئويۇۋەتكەن ئىككى كۆزىنى .
كەينىدىن ئاتلىقلار ئىلدام چېپىشتى ،
ئۆلۈكىن شۇ جايدىن دەرھال تېپىشتى .
قۇزغۇنغا يەم بولۇپ سۇنغان ھاياتى ،
يېنىدا ئىگىسىز ئېتى تۇراتتى .
ئەل بۇنى كۆرۈشتى ، كۆتۈردى پەريات ،
ئۇ جامۇ مەجلىستىن دىل بولدى بەربات .
بەھرام ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان مەھەل ،
بىر كىشى ئالدىغا كىرىپ كەلدى دەل .
دېدى : « كەبرۇي كۆزىن ئويمىش قۇزغۇن ـ زاغ ،
غەرق مەست ياتار ئۇ ماكان بولغان تاغ . »
مەيۇس قىلىپ شاھنى كەبرۇينىڭ دەردى ،
چېھرىسى بۇ مۇدھىش غەمدىن سارغايدى .
شۇ ھالدا سارايدىن چىقتى بىر پەرمان :
ئىشتىڭ : ئەقىل ـ ھوش يەر بولغان ئىنسان !
جاھاندا بارچىغا ھارامدۇر شاراب ،
مەيلى ئۇ باتۇر ، يا كاسىپ ، يا ئەرباب . »

## موزدۇز ئوغلان بىلەن شىر قىسسىسى ۋە بەھرام گورنىڭ مەينى ھالال قىلغانلىقى

شۇ يوسۇن ئارىدىن ئۆتتى نەق بىر يىل ،
شارابنى مەھرۇ دەپ بىلىشتى يۇرت ـ ئەل .
شاھىنشاھ زىياپەت قىلغاندا ھەتتا ،
بەختىسىز كەبرۇينى ئالاتتى يادقا .
كۇنلەرنىڭ بىرىدە بىر موزدۇز ئوغلان
خوتۇن ئالدى نامدار ، مالدار ، ھۇنەرۋەن .
تۇن كېچە چارىسىن قىلالماي ، ئەمما
ئانىسى قەلبىگە سالدى مۇئەمما .
يېنىغا ئوغلىنى چاقىردى ئانا ،
ساقلىغان بىر كوزا مەينى پىنھانە .
دېدىكىم : « بۇ مەيدىن ئىچكىل يەتتە جام ،
مەقسىتىڭ ھەل بولۇپ ، تاپقايسەن ئارام .
ئەجەبمەس تاڭ يولىن بۇ كېچە ئاچساڭ ،
قەيسەرلىك ئالدىدا تەسلىم بولسا تاڭ . »
يەتتە يا سەككىز جام مەي ئىچتى ئوغلان ،
بىردىن قۇدرەت تاپتى ۋۇجۇدى شۇئان .
يىگىت مەي بىلەن مەرد ھەم بولدى ئەركىن ،
كىرىپ ئاچماق بولدى ئۆينىڭ ئىشىكىن .
يارنىڭ ۋىسالىدىن ئۇ بولۇپ مەمۇر ،
ئانىسى ئالدىغا كىردى شاد ، مەغرۇر . . .
شىرخانە زەنجىرىن ئۈزدى شىر شۇئان ،
كوچىغا يول ئېلىپ چىقتى شىر راۋان .
تېخىچە بۇ موزدۇز مەيدىن ئىدى مەست ،
قۇۋۋىتى جۇش ئىدى ، ئۆزى ھەم چەبدەست .

كىرگەن بۇ شىرغا ئۇ يېپىشتى ئىلدام ،
قولاق ھەم بويندىن چىڭ تۇتۇپ مەھكەم .
زەنجىرنى ئۈزگەن شىر قارنى توق ئىدى ،
شىر مىنگەن يىگىتتە قورقۇش يوق ئىدى .
شىر باقار يۈگۈردى ، باقماي خەلققە ،
بىر قولدا زەنجىرى ، بىر قولدا ھالقا .
كۆردىكى شىر مىنىپ تۇرۇپتۇ موزدۇز ،
ئېشەككە مىنگەندەك بىمالال ، بىسۆز . . .
شىرچى تېزدىن كىردى شاھ دەرگاھىغا ،
كىردى جۈرئەت بىلەن شاھنىڭ يېنىغا .
شاھقا سۆزلەپ بەردى بۇ قىزىق ھالنى ،
قولاق ئاڭلىمىغان مۇنداق ئەھۋالنى .
جاھاندار بۇ سۆزدىن غايەت بولۇپ لال ،
ئەمىر ـ ۋەزىرلىرىن چاقىردى دەرھال .
ۋەزىرگە بۇيرۇدى : « ئېنىقلا ئۇ كىم ،
بىلەيكى موزدۇزنىڭ ئەسلى زادى كىم ؟
بۇ مەردلىك راۋادۇر ، بولسا مۇبادا ،
سەن ئېيتقان ئۇ يىگىت پەھلىۋانزادە . »
ئانىسىن تاپتۇرۇپ تاشلاشتى سوئال ،
ئاتىغا تارتقاندۇر پەرزەنت ئېھتىمال .
گەپ راسا تىرەنلەپ بارغاچقا يەنە ،
شاھقا بۇ ئەسراردىن قىلدى نىشانە .
شەھرىيار نامىغا ئوقۇپ كۆپ دۇئا ،
دېدى : « شاد ياشىغىن بارچە دۇنيادا !

ۋايىغا يەتمەيلا ئوغلۇم ، چىرايلىق ،
بىر خوتۇن ئالدىكى ، بولدى ئۆي ـ جايلىق .
بالا سۇسلۇق قىلدى بىرىنچى كېچە ،
قىز دېدى : 〈 قىينالما ، چىقۇر نەتىجە . . . 〉
ۋاقىپ بولمىغاي دەپ بۇ سىردىن ئىنسان ،
ئوغلۇمغا ئىچۈردۈم ئۈچ جام مەي پىنھان .
ئىچكەچ يۈزى بولدى بەئەينى لەھەل ،
كىگىزدىن ئۈستىخان چىقتى شۇ مەھەل .
ئاتا ـ ئانىسى ھەم موزدۇزدى ئەسلى ،
شۇ كەسىپتىن ئۇنىڭ نەسەب ھەم نەسلى .
ئۈچ كاسا مەي بولدى ئاڭا قۇۋۋەت ھەم ،
ئويلىمىغانتۇق شاھ بىلەر دەپ بۇ دەم .
كەمپىرنىڭ سۆزىدىن كۈلدى پادىشاھ ،
قىلىنسۇن دېدى ئەل بۇ سىردىن ئاگاھ .
ۋەزىرگە بۇيرۇدى : « بۈگۈندىن باشلاپ مەي ،
ھالالدۇر ، مەيخورلۇق گۇناھ بولمىغاي .
شۇنداق مەي ئىچىلسۇن شىرنى مىنگەندە ،
مەيخورغا ئەركەك شىر ھەم بولسۇن بەندە . »
سارايدىن تارالدى شۇ خىلدا خەۋەر :
« ئايا زىر كەمەرلىك پەھلىۋان مەردلەر ،
ھەددىدىن ئاشۇرماي مەيخورلۇق قىلىڭ ،
ئىچكەندە ئاۋۋىلى ئاخىرىن بىلىڭ .
بۇ ئىشتا رەھنەما بولسا گەر شەيتان ،
قولدىن قويۇڭ جامنى ، ئامان قالسۇن جان . »

## بەھرام گورنىڭ ۋەزىرىنىڭ يېزىنى ۋەيران ۋە ئاۋات قىلغانلىقى

بىر كۈنى تاڭ چېغى ، قوشۇن يېنىدا ،
شىكارغا دەشتىبىرى چىقتى بەھرام شاھ .
سول ياندا ۋەزىرى موزدۇز باراتتى ،
ئوڭ ياندا پاك ۋەزىر بىللە تۇراتتى .
يول بويى بۇ شاھقا ئىززەت كۆزلىشەر ،
جەمۇ فەرىدۇندىن داستان سۆزلىشەر .
تايغانلار ئالدىدا ، لاچىنلار قولدا ،
كۈن بويى دەشت كېزىپ يۈرۈشتى يولدا .
گۈمبەزدەك ئاسمانغا چىقسىمۇ قوياش ،
كۆزلەرگە كېيىكلەر ئۆزىن قىلماس پاش .
قوياشنىڭ تەپتىدىن بولۇپ بىمادار ،
كەينىگە يېنىشقا قىلىشتى قارار .

يول بويى ئۇچرىدى سۇلۇق بىر ماكان ،
چارۋىدار ، ئەھۋالى ئېيتقۇدەك ئوبدان .
يېزا ئەھلى چىقتى ئۇلارنى كۈتۈپ ،
قوشۇننى كۆرۈشنىڭ زوقىغا چۆكۈپ .
جاھاندار ھەم ھارغىن ، دەرغەزەپ ئىدى ،
بىر مەزگىل دەم ئېلىش ئاڭا ئەپ ئىدى .
بىراق شاھ سەزمىدى مەدھىيە ، ماختاش ،
گويا بۇندىكى ئەل يا كور ياكى تاش .
بۇ يېزا ئەھلىدىن ئازار قىلدى شاھ ،
ئۇلارغا سالمىدى مېھرىبان نىگاھ .
بەھرام شاھ ۋەزىرگە دېدى : « بۇ مەنزىل ،
بەختى قايتقان ئەلدۇر ، شۇم تەلەي ، رەزىل .

بۇنى ماكان قىلسۇن شىر بىلەن ئاھۇ ،
ئاقسۇن ھەر ئېرىقتىن سۇ ئەمەس ، ئوغۇ . »
شاھ ئەمرىن ئاڭلىدى ۋەزىر مۇشۇ دەم ،
ئاندىن بۇ يېزىغا تاشلىدى قەدەم .
ئۇلارغا دېدىكى : « يېرى شۇنچە خوپ ،
مېۋىسى ، چارۋىسى ، ئادەملىرى كۆپ .
يېقىپ قالدى شاھقا بۇ مەنزىل غايەت ،
لۇتفى كېرەم قىلدى سىزگە ئىنايەت .
ھەممىڭلارنى شاھىم ئەرباب سايلىدى ،
يېزىنى شەھەر قىلماقنى پەملىدى .
ئۆزىچە ئەربابتۇر گۆدەك ھەم ئايال ،
ئۆزگىچە ھېچ كىشى قىلمىسۇن خىيال .
خوجا ھەم خىزمەتكار گويا بۇرادەر ،
ھوقۇق ھەم مەنسەپلەر بولغاي باراۋەر .
ياش ـ قېرى ۋە ياكى ئايال ھەم ئەركەك ،
ھەممىڭ ئەربابسىلەر ، ئارتۇق نە كېرەك ؟ »
دۆلەتمەن يېزىدىن چىقتى خۇش سادا ،
ھەممىگە ئەربابلىق بولدى مۇددىئا .
ئەرباب ھەم پۇقرالار بۇندىدۇر تەڭ تۇش ،
تەڭ بولغاچ ئەر ـ ئايال ئارا ئەقلى ھوش .
ناپاكلىق يوق قىلدى بىر تالاي ياشنى ،
شارت كېسىپ كېتىشتى ئەرباب بېشىنى .
ئورتىدا باشلاندى جېدەل ھەم نىزا ،
گۇناھسىز قان تۆكتى بۇ قىشلاق يېزا .
قىيامەت تۇسىگە كىردى بۇ ماكان ،
پۇقرالار پىترىشىپ كېتىشتى شۇئان .
ئىلاجسىز قېلىشتى ياشانغانلار ھەم ،
نابۇت بولدى ئېكىن ، روزىغار بۇ دەم .
يېزا ۋەيرانلىقتا چۆمدى شۇ تەرىق ،
دەرەخلەر قىرقىلدى ، قۇرۇدى ئېرىق .
ئەتراپ ۋەيرانە ، ئۆي ـ ساراي ۋەيران ،
تەرك ئەتتى بۇ جاينى چارۋا ھەم ئىنسان .
ئارىدىن يىل ئۆتۈپ ، كەلگەندە باھار ،
يەنە ئوۋغا چىقتى دەشتكە شەھرىيار .
شۇ ۋەيران ماكانغا بەھرام كەلگەن دەم ،
كۆرمىدى ئاۋاتلىق نىشانىنى ھەم .
بۇ ھالدىن كۆپ غەمكىن بولدى بەھرام شاھ ،
چېھرىسى سارغىيىپ ، تارتتى مۇڭلۇق ئاھ .
ۋەزىرى روزىبېھقا تىكىلدى شۇئان ،
دېدى : « ئاۋات بۇ ماكان بولۇپتۇ ۋەيران .
تېز خەزىنە ئاجرىتىپ ئۇنى ئاۋات قىل ،
خەلقى رەنج تارتمىسۇن ، بىر ئۆمۈر شاد قىل . »
بۇ يۇرتنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئۇ مۇندا ،
دۇچ كەلدى ئاقسۆەت ئاجىز ـ قېرىغا .
ئېتىدىن چۈشتى ئۇ ئوچۇق چىرايدا ،
يېنىغا ئۆتكۈزدى ھۆرمەتتە يەنە .
دېدى : « ئۇلۇغ ياشلىق ، ئەي مۆھتەرەم زات ،
شۇنداق ئاۋات جاينى كىم قىلدى بەربات ؟ »
جاۋابىن دېدى ئۇ : « بىر كۈنى ناگاھ ،
ئۆتۈپ قالدى ئۇشبۇ يۇرتتىن پادىشاھ .
بىزگە يوللىدى ئۇ ياۋۇز ۋەزىرىنى ،
پىكرى بۇزۇق ھەم ناپاك بىرىنى .
كېلىپ دېدى : « ئەمدى ھەممىڭلار ئەرباب ،
ھەركىم ئۆزىچە خان ، ئۆزىچە جاناب .
ھەممىڭلار يېزىغا ھامى ۋە سەركار ،
گاھ ئايال ، گاھ ئەركەك ھەممىڭلار سەردار .
بۇ سۆزدىن تىنچ يېزا غوۋغىغا تولدى ،
جېدەل ھەم ئاپەتكە دەمدىلا تولدى .
ۋەزىر بولسۇن خۇدا قەھرىگە دۇچار ،
بېشى غەمدىن چىقماي ، بولسۇن خارۇزار .
بۇ جايدا ھەممە ئىش قاباھەت ئىرۇر ،
يىغلا ھالىمىزغا ، بۇ ئاپەت ئىرۇر . »
روزىبېھنى كۆيدۈردى چال بەرگەن جاۋاب ،
دېدى : « ئېيتقىل سىزدە كىم ھازىر ئەرباب ؟ »
چال دېدى : « نەدىكى ئەرباب بىزدە بار ،
شۇڭا راۋاج تاپماي ، ئۆتتۇق بولۇپ خار . »
رۇزبېھ دېدى : « ئەگەر راست بولسا سۆزۈڭ ،
ھەر ئىشقا باشلامچى بولغىن سەن ئۆزۈڭ .
جاھاندار گەنجىدىن دىنار تەلەپ قىل ،
ئۇرۇقلۇق ، مال ـ ئۆكۈز ، تۆگە تەلەپ قىل .
ئىشسىزغا ئىش ھەل قىل ، مالسىزغا بەر مال ،
بارچە تەۋە ساڭا ، سەن بول ئاقساقال .
ئۇ قېرى ۋەزىرگە قىلمىغىل نەپرەت ،
ئۇ ئۆزگە ئەمرىنى بېجىرگەن پەقەت .
ئەگەر ئادەم دېسەڭ ئادەم بېرەيلى ،
قانچە لازىم بولسا ياردەم قىلايلى .
ھويسىپىت بۇ ئىشتىن بولدى تولا شاد ،
دىلدىكى ھەسرەتتىن تامامەن ئازاد .

بىر ـ بىرلەپ باردى ئۇ ئەلنىڭ ئۆيىگە ،
ھەممىنى جەم قىلدى كۆلنىڭ بويىغا .
ئاۋاتلىق ئىشىغا بېلىن باغلىدى ،
ئېكىن ھەم كەسپكە ئەلنى چاغلىدى .
قوشنىلاردىن ئېلىپ ئۆي بىلەن ئېشەك ،
بۇ ۋەيران ماكانىنى ئاۋات قىلدى بەك .
دېھقانلار غەيرەتتە كىرىشتى ئىشقا ،
كۆچەتلەر تىكىشتى باغزار قىلىشقا .
بۇ يېزا تېزلىكتە ھەم ئاۋات بولدى ،
مەردۇملارنىڭ دىلى قايتا شاد بولدى .
كىمكى ، كۆزلىرىدىن تۆكۈپ قانلىق ياش ،
بۇ يېزا ماكاندىن ئېلىپ كەتسە باش ،
ئاڭلىشىپ بۇ يەرنىڭ مەنزىر تەرىپىن ،
ھەم قېرى ئەربابنىڭ نامۇ شەرىپىن ،
بىر ـ بىرلەپ قايتىشتى ئەسلى ماكانغا ،
ئاۋاتلىق شەۋقىنى سېلىشىپ دىلغا .
يەنە قوي پادىسى ئاۋازىغا ھەم ،
قايتىدىن لىق تولدى قىر ـ ئېدىر شۇ دەم .
مېۋىلەر چېچەكلەپ ھۆسن تۈزۈشتى ،
خارابە جەننەتنىڭ تۇرقىغا كۆچتى .
ئۈچ يىلدا بەركامال تاپتى بۇ ماكان ،
ئەمگەكتىن ئەل ئۆزىن قىلدى شادىمان .
چاغ ئۆتۈپ كەلگەندە گۈزەل نەۋباھار ،
پادىشاھ شىكارنى قىلدى ئىختىيار .
ۋەزىرى روزبېھ ھەم يەنە بەھرام شاھ ،
بۇ يېزا يېنىدىن ئۆتكەندە ناگاھ ،
كۆزىگە تاشلاندى كۆركەم بۇ مەنزىل :
ئاۋات ئېكىنزارلىق ، مال ـ ۋاران خىل ـ خىل .
قەد كېرىپ تۇراتتى قانچە ئىمارەت ،
يايلاقلار پۈتۈنلەي مالدىن ئىبارەت .
بۇ باغ ھەم ئېقىنلار ، ھوسۇلدار ماكان ،
دەشتلەردە لالىلەر بەئەينى بوستان .
قويلارغا لىق تولغان ئۇنىڭ تاغلىرى ،
كۆزلەرنى كۆلدۈرەر ھەرەم باغلىرى .
شاھ دېدى : « روزبېھ ، ماڭا ئېيت ئايان ،
يېزىنى قانداقچە قىلغانتىڭ ۋەيران ؟
نېمىشقا ئۇنىڭدىن قاچتى تىرىك زات ،
ۋە قانداق قايتىدىن ئەيلىدىڭ ئاۋات ؟ »
ۋەزىر دېدى : « بىر سۆز بولۇپ باھانە ،
بۇ قەدىم يېزىنى قىلدىم ۋەيرانە .
يەنە بىر ئېغىز سۆز ئاۋات ئەيلىدى ،
ئىران شاھى قەلبىن ھەم شاد ئەيلىدى .
شاھىم بۇيرۇدىكى ، ئىشلىتىپ دىنار ،
بۇ سۇلۇق يېزىنى ئەتمەككە تار مار .
ئەمما مەن خۇدانىڭ قەھرىدىن قورقتۇم ،
يەنە ئەل ـ ئۇلۇسنىڭ زەھرىدىن قورقتۇم .
بىلدىمكى بىر باشتا بولسا قوش خىيال ،
بىرى يېڭىپ ، بىرى تاپقۇسى زاۋال .
شۇنداقكى بىر جايدا بولسا قوش خۇدا ،
شۇ جاينىڭ ، شەھەرنىڭ ئەھۋالىغا ۋاي .
توپلاپ بۇ قىشلاقنىڭ بارچە ئۇلۇغىن ،
يەتكۈزدۇم ئۇلارغا تەڭلىك ھوقۇقىن .
دېدىم ، ئەر يا خوتۇن ، ياش ـ قېرى ، ئەرباب ،
سەردار ياكى مالاي ھەممىڭلار ئەرباب .
پۇقرالار ئەربابلىق داۋا قىلىشتى ،
چىن ئەرباب بېشىنى ئۈزۈپ ئېلىشتى .
بىر سۆزدىن قوزغالدى قىيامەت ـ قايىم ،
گۇناھىمدىن كەچسۇن قادىر خۇدايىم .
ھەم شەپقەت قىلدىڭىز سىز شاھى ئالەم ،
يەنە بۇ يېزىغا تاشلىدىم قەدەم .
ئۇچرىدى ئۇ يەردىن دانىشمەن بىر چال ،
مەن ئۇنى بۇ يۇرتقا قىلدىم ئاق ساقال .
ئۇ قىلدى بۇ ۋەيران يېزىنى ئاۋات ،
خالايىق دىلىنى يەنە قىلدى شاد .
رەھبەر بىرلا بولغاچ يول بولدى راۋان ،
ياخشىلىق كۆپىيىپ ، يوقالدى يامان .
ئاۋۋال يامان يولغا ئەلنى تاشلىدىم ،
ئاندىن ياخشى يولغا ئۇنى باشلىدىم .
ھەر سۆز ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىلسە گەر ،
ئۇنىڭغا تەڭ كەلمەس قىممەتتە گۆھەر .
ئەقىل گەر شاھ بولسا ، تىل ـ پەھلىۋاندۇر ،
كىم توغرا ئىش تۇتسا ، يولى راۋاندۇر .
شاھىمىزنىڭ دىلى دائىم شاد بولغاي ،
رەنجىدىن خالىي ھەم كەڭ كۆشاد بولغاي . »
پادىشاھ خۇش بولۇپ روزبېھ ئىشىدىن ،
دېدى : « تاجىغا لايىق ، ئېسىل كىشىسەن ! »
ھېكمەتچى ۋەزىرنى سايلىدى تەكرار ،
بەھرام ھەدىيە قىلدى كۆپ ئالتۇن ، دىنار .

شاھانە لىباسلار كىيدۈردى ئاڭا ، بېشىنى يەتكۈزدى چەرخى گەردۇنغا .

## بەھرام گور بىلەن تۆت ئاچا ـ سىڭىل قىسسىسى

ۋەزىر ھەم ئۇلۇغلار بىلەن شەھرىيار
يەنە قۇلان ئوۋىنى قىلدى ئىختىيار .
بىر ئاي قۇلانلارنى ئوۋلىدى بەھرام ،
مەيخورلۇق قىلىشتى شىكار ئەھلى ھەم .
يول بويى مول بولدى غەنىيمەتلەر كۆپ ،
تاغلار ، چۆللەر ، يوللاردا توپ ـ توپ .
شەھەرگە شاد بولۇپ قايتىشقان چېغى ،
زۇلمەتكە چۆمگەنتى ئالەم قۇچىقى .
ئۆتكەن شاھلاردىن كۆپ سۆزلەپ نەقىللەر ،
يانمۇ يان كېلەتتى شاھقا يېقىنلار .
ئۇزاقتىن كۆرۈندى ئۇچقۇنجاپ گۈلخان ،
گويا بەزىم قىلغاندەك بۇ يەردە بەخمان .
ئات سۈردى شاھ يورۇق كۆرۈنگەن ياققا ،
كىردى قوشۇن بىلەن ئاۋات قىشلاققا .
بىر تۈگمەن كۆردى قىشلاق يېنىدا ،
مەردلەر دەۋر قۇرغان ئالدى مەيدانىدا .
بولۇپ بەزمىنىڭ بىر نىشانىسى ،
يالتىراپ تۇراتتى قىز پېشانىسى .
بېشىغا گۈلدىن تاج تاققان بەرنالار ،
ساز چېلىپ ياڭرىتار شېرىن سادالار .
خۇسرەۋ مىسالىنى ئاھاڭغا سېلىپ ،
قوشاقلار ئېيتاتتى قىزلار شوخ بولۇپ .
ھەممىسى ئاييۈزلۈك ، بوستان چاچ بەرى ،
شېرىن سۆز ، مۇئەتتەر ، بەئەينى پەرى .
مايسىلار ئۈستىگە سېلىشىپ گىلەم ،
ئۇ يەرگە دىل ئاچماق ئۈچۈن بولغان جەم .
ھەر بىرى قولىدا بىر دەستىدىن گۈل ،
ئولتۇرار بولۇشۇپ شارابقا مەشغۇل .
بەزمىگاھتىن چىقتى بىر سادا مەستخۇش :
« بەھرام شاھ ھەمىشە بولغاي دىلى خۇش .
يەنى ئۇ شانلىق مەرد ، نادىرى دەۋران ،
ئۇنى تايانچ بىلگەي بۇ چەرخى زامان .
يۈزىدىن نۇر تامغاي ، لەۋلىرىدىن بال ،
چېچىدىن خۇش پۇراق تاراتقاي شامال .
ئوۋ قىلسا ، تىز پۈكەر ئالدىدا شىرلار ،
شۇ سەۋەب نامىنى بەھرام گور دەرلەر . »
جاھاندار ئاڭلىغاچ ئۇلار ماختىشىن ،
ئۇياققا بۇرىدى تۇلپارىنىڭ بېشىن .
سازەندە قىزلارنىڭ يېنىغا كەلدى ،
ئۇلارنىڭ ئىشىغا بەھرام كۆز سالدى .
ئاي گويا چۈشكەندەك بۇ چۆلگە ئۇدۇل ،
يوق ئىدى شەھەرگە قايتماق ئۈچۈن يول .
پادىشاھ بۇيرۇدى : « كەلتۈرۈڭ شاراب ،
ئەل بىلەن ئىچەيلى كەڭ كۇشاد يايراپ . »
ساقىي تەكرار تۇتتى ئاڭا كۈمۈش جام ،
شارابنى قولىغا ئالدى شاھ بەھرام .
قىزلار ئارىسىدىن چىقتى تۆت گۈزەل ،
گۈزەللىكى ، تەرىپى ئەل ئارا غەزەل .
بىرى مۇشكىنازۇ بىرى مۇشكىنەك ،
بىرى نازياب ئۇنىڭ ، بىرى سەۋسەنەك .
گۈل سۇنۇپ بەھرامغا ئۇلار كەلدى شاد ،
يۈزلىرى لالىدەك ، قەدلىرى شەمشاد .
دۇئا قىلىشتى ماختاپ بەھرامنى ،
دانىشمەن پادىشاھ ـ ئالىي مەقامنى .
تۆت گۈزەل ھۆسنىگە باققاندا بەھرام ،
لەرزىدە تىترىدى جىسمى ، قەلبى ھەم :
« كىمنىڭ قىزلىرى سىز تۆت گۈلرۇھ سەنەم ،
نېمدۇر بەزمىدىن كۈتكەن مەقسەت ھەم ؟ »
بىرى جاۋاب قىلدى : « ئايا ، شەھرىيار ،
ساخاۋەت ئۆلگىسى ، مەرد ھەم بەختىيار !
ئاتىمىز بىر قېرى تۈگمەنچىدۇر ،
تاغدا قۇلانلارنى ئوۋلىغۇچىدۇر .
كەچ كىردى ، ئۇزاقماي قايتىدۇ ئۆزى ،
قاراڭغۇدا روشەن كۆرمەيدۇ كۆزى . »
دەل شۇ چاغ كېپقالدى تۈگمەنچى ئۇ چال ،
قۇلانلار ئوۋلاپ قايتقانتى خۇشال .
بەھرامنى كۆرگەندە يەر سۆيدى ئۇ زات ،
تەزىم ھەم ھۆرمەتتە تۇردى ئېھتىيات .
« زەرقەدەھ كەلتۈرگىن ! ـــ بۇيرۇدى بەھرام ، ـــ
ئوۋچى ھېرىپ قايتقان ، ئۇ ئالسۇن ئارام .»

ئاندىن چالغا دېدى : « بۇ تۆت گۈزەل قىز ،
نېچۈن ئەرگە چىقماي تۇرار ، ئېيتىڭىز ؟ »
شاھقا تەھسىن ئوقۇپ ، مويسىپىت دېدى :
« ئارزۇيۇم لايىقى تېپىلسا ئىدى . . . »
ئۇلار شۇنچە ياشقا تولسىمۇ گەرچە ،
قىزلىق ئېپىپتىنى ساقلار تېخىچە .
ئەمما ، بىباھادۇر ئۇلار دۆلەتتىن ،
تىللا ـ زەربېزەكلەر ، زىبۇ زىننەتتىن . »
شاھ دېدى : « ماڭا بەر تۆت گۈزەلنى ھەم ،
ئۆيدىلا ساقلاشتىن پايدا بولۇر كەم . »
ئاڭا جاۋاب قىلدى چال شۇ زامان :
« ئەي مەرد ، بۇ پىكرنى قىلمىساڭ ئوبدان .
مەندە نە جامە بار ، نە زېمىن ، نە ساي ،
نە قەسرە ، نە تۇلپار ، نە ئېشەك ، ساراي . »
بەھرام دېدى : « ماڭا بۇلار كېرەكمەس ،
قىزلارنىڭ مال ـ مۈلكى پىكرىمدە ئەمەس . »
چال دېدى : « مەيلى ئال ، ئۇلار ساڭا سوۋغات ،
باغرىمدا يېتىشكەن تۆت قەددى شەمشاد .
ياخشى ـ يامان بولسا ئۆزۈڭ ۋاقىپسەن ،
ياراتقان ئىگاھتا ئاڭا باقارسەن . »
دېدى ئاڭا بەھرام : « بۇ تۆت ئىگارنى ،
قوبۇل قىلدىم ، ئەسلەپ پەرۋەردىگارنى .
شۇندا بىردىن تۇردى ئورنىدىن بۇ شاھ ،
نەرە تارتىپ يولغا قوزغالدى شىپاھ .
شاھ دېدى : « ئەمرىمنى بەجا قىلدىڭىز ،
قىزلارنى ھەرەمگە راۋا قىلدىڭىز ! »
باياۋاندىن كەلدى نەچچە مىڭ ئەسكەر ،
دەشتتىن لەشكەر ئۆتتى تا تاڭغا قەدەر .
تۆگمەنچى بۇندىن راسا بولدى لال ،
تاڭ ئاتتۇردى سۇرۇپ ھەر قىسما خىيال .
دېدى خوتۇنىغا : « بۇ ئالىي نامدار ،
شۇنچە شان ـ شەۋكەتكە ، دۆلەتكە ھەم يار .
قانداق تۈندە سۇردى بۇيان ئېيتىنى ؟ »
« گۈلخان كۆرۈپتۇ ، ـــ دېدى خوتۇنى ، ـــ
ئاڭلاپ قىزلىرىمىز ناخشا ـ سازىنى ،
مەي ئىچىپ شاد قىلدى كۆڭۈل باغىنى . »
دېدىكى خوتۇنىغا تۆگمەنچى ئۇ چال :
« بۇ ئىش قانداق پۈتەر ، ماڭا سالغىن پال .
بۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشىمۇ ـ يامان ؟ »
« بۇ ساخاۋەت ، ـــ دېدى خوتۇنى شۇئان ، ـــ
يوقسۇلكەن دېمىدى ، دېمەك مەرد ئىكەن ،
ئۇنىڭدىن ئارتۇقمۇ ساخاۋەت دېگەن .
پەقەت خالار ئىكەن ئاي يۈزلۈك گۈزەل ،
قىزىقتۇرماس ئۇنى زەر ، نەسەب ، ئەمەل .
ئەگەر ئۇنى كۆرسە بۇتپەرەست ئۇ چىن ،
سەجدە قىلماس ئىدى بۇتقا ، بۇ سۆز چىن . »
تۈن پەردىسىنى كۈن يىرتىپ چىققان ئان ،
روشەنلىككە تولدى پايانسىز جاھان .
ئەر ـ خوتۇن نەقىللەر دېدى خىلمۇ خىل ،
يامانلار تىللاندى ، ماختالدى پاك دىل .
كەچقۇرۇن قىشلاقتىن كەلدى بىر ئۇلۇغ ،
دېدى : « ئايا باتۇر ، ھايات بولسۇن قۇتلۇق .
ئۆتكەن كۈن قاراڭغۇ تۈندە بەھرام شاھ ،
شىكاردا ئوۋ قىلىپ قايتقاندا ، ناگاھ ،
بۇ گۈلخان بەزمىگە چۈشۈپتۇ كۆزى ،
ئات بېشىن بۇ ياققا بۇراپتۇ ئۆزى .
قىزلىرىڭنى قىلدى ئۇ جۈپتى ھالال ،
ئەمدى پاراغەتتە ياشارسەن خۇشال .
ساڭا كۈيئوغۇل بەھرامى نامدار ،
سېنىمۇ تونۇيدۇ ئەمدى كۆپ دىيار .
بۇ بايلىق ، بۇ يەرنى ساڭا بەخش قىلدى ،
غەم يېمە ، شادلىققا سېنى نەقش قىلدى .
ئەمدى خىزمىتىڭدە بولۇر بارچە ئەل ،
چاكارلىق ئىشىڭغا باغلانمىشتۇر بەل .
كۆڭۈل خاھىشىن ئېيت ، پەرمانىڭدا بىز ،
چاكارمىز ، ھەر ئەھدۇ پەيمانىڭدا بىز . »
ھەيران بوپ قېلىشتى چال ۋە خوتۇنى ،
ئېلىشىپ تىلىغا تەڭرىم ئېتىنى .
ئەرباب دېدى ، ئېيتىپ زۇلفۇ يۈز مەدھىن :
« تۆتىنچى ئاسماندىن تاپتى ئۇ بەختىن . »

### بەھرام گورنىڭ جەمشىد گەنجىنى تاپقانلىقى

ۋەزىر ھەم سەردارلار بىلەن بىر سەپتە ،
يەنە ئوۋغا چىقتى شاھ يىگى ھەپتە .

بىر دېھقان ئۇچرىدى ئۆتەر يولىدا ،
شامالدەك چاپاتتى مېتىن قولىدا .
ئۇچرىغان ئادەمگە سۆزلەيتتى دەرھال ،
« بەھرام شاھ قايسى ؟ » دەپ قوياتتى سوئال .
ۋەزىر ئاڭا دېدى : « سۆزۈڭ بولسا ئېيت ،
ئەمما شاھنى كۆرۈش خىيالىدىن قايت . »
جاۋاب قىلدى : « شاھنى كۆرمەي قايتماسمەن ،
باشقا ئەمەلدارغا سىرىم ئېيتماسمەن . »
شۇڭا ئەۋەتىلدى شاھنىڭ قېشىغا ،
ئاسان بولسۇن دەپ سىر ئېيتىشىغا .
بەھرامنى كۆرۈپ ئۇ دېدى : « شەھرىيار ،
يالغۇز ئۆزىڭىزگە ئېيتار سۆزۈم بار . »
بەھرام ئېتىن بۇراپ ماڭدى نېرىراق ،
خاس بىر جاي تاللىدى قوشۇندىن يىراق .
ئۇ كىشى سۆزلىدى : ئەي جاھاندار شاھ ،
سۆزۈم مەزمۇنىدىن قىلايمەن ئاگاھ .
مەن بۇ قىشلاقنىڭ ئاقساقال ، بېشى ،
مىنىڭدۇر ئېكىنزار ، ساراي ئىچ ـ تېشى .
بۈگۈن سۇ باشلىسام ئېتىز يېرىمگە ،
بەرىكەت بولۇر دەپ تۆككەن تەرىمگە ،
تۇيۇقسىز بىر تۆشۈك ئېچىلىپ يەردىن ،
سۈيۈمنى سۈمۈرۈپ قۇرۇتتى بىردىن .
تۆشۈكتىن چىقتى ھەم غەلەت بىر پۇراق ،
ھەيرانلىقتا تىنىپ قالدىم مەن ئۇزاق .
سۇدىن كېلەر ئىدى بىر ھاڭ بارلىقى ،
بىر ھاڭ ئەمەس ، بىر خەزىنە تېخى . »
بۇ سۆزنى ئاڭلىغاچ بەھرام ئات چاپتى ،
سۇلىرى ئەلۋەك بىر ۋادىنى تاپتى .
شاھ ئەمىر قىلغانتى ، كەتمەن ھەم گۈرجەك ،
توپلاندى خالايىق دەمدىلا دېمەك .
ئېتىدىن چۈشتى ھەم بۇ شاھى ئەزىم ،
تىكلەندى ئۇ يەرگە شاھ چېدىرى ھەم .
كەچ كىرسە ، باتۇرلار يېقىشتى مەشئەل ،
ھەر ياندا گۈلخانلار ياناتتى تۈگەل .
كۆتۈردى دەريادىن جامالىن قۇياش ،
كۆك قىرى نۇرلاندى ئالتۇنغا ئوخشاش .
ھەر ياندىن كېلىشىپ ئىشچى ـ ئالامان ،
لەشكەرگە تولغاندەك بوپقالدى مەيدان .
ئۇلار ھاڭ ئاستىنى كولاشقا چۈشتى ،
شۇ قەدەر چوڭقۇر ئويۇپ تاشلىدى .
تۇيۇقسىز دۈچ كېلىپ شۇنداق چوڭ نەرسە ،
كولاشتىن توختاشتى ئۇلار شۇ لەھزە .
بىر بىنا كۆرۈندى مىس رەڭلىك خىشتىن ،
مىسالى بىر ئۆرنەك ئىدى بېھىشتىن .
ئۆينىڭ دەل تېمىغا بازغان ئۇرۇشتى ،
ۋە دەرھال ئۇ يەردىن ئىشىك كۆرۈشتى .
ۋەزىرى بىناغا قاراپ يول ئالدى ،
بىنانىڭ ئىچىگە ئاستا يول سالدى .
بىر ئۆي كۆرۈندىكى كەڭ ، ئۇزۇن يەنە ،
تاملىرى ھەم ئېگىز ، ھەم مەزمۇتقىنە .
ئىككى ئالتۇن بۇقا ھەيكەل تۇراتتى ،
تىللالار يالتىراپ جىلۋە قىلاتتى .
ئېسىل ئاق پىستەرەڭ قاشتېشى تولا ،
ياقۇت ، جاۋاھىرلار كۆپ ئىدى يەنە .
بۇقىلار قارنىدا خىلمۇ خىل مېۋە ،
بۇ ئالما ، ئۇ بېھى ، ئۇ ئانار يەنە .
بېھىنىڭ ئىچى دۇر ئىدى رەتمۇ رەت ،
دۇر ئەمەس نۇر ئىدى چاقنىغان ئەبەت .
ئۇ ئىككى بۇقىنىڭ ياقۇتتىن كۆزى ،
بېشىدا قاچانكى زامانلار ئىزى .
ئەتراپتا تۇراتتى شىر ۋە قۇلانلار ،
بىرىنىڭ كۆزى دۇر ، بىرىنىڭ گۆھەر .
قىرغاۋۇل ، توزلارنى تىللادىن قىلغان ،
كۆكرىكى ، كۆزلىرىن تىللادىن ئويغان .
ۋەزىر بىر نەزەردە كۆرگەندىن كېيىن ،
قايتتى ئۇ پادىشاھ قېشىغا سېكىن .
پادىشاھ بەھرامغا ئۇدۇل كېلىپ ئۇ :
« چەكسىز بىر خەزىنە تاپتۇق ، — دېدى ئۇ ، —
ئۇ شۇنداق خەزىنە گۆھەرگە تولغان ،
ۋە بەلكى پەلەكتە ئاچقۇچى تۇرغان . »
شاھ دېدى : « كىم بۇنى بىنا ئەتكەندۇ ؟
نامىنى ئەلۋەتتە يېزىپ كەتكەندۇ .
بېرىپ ئىزلەپ ئاخىر شۇ نامنى تاپقىن ،
قاچان تاقالغانلىق ئەييامىن تاپقىن . »
ۋەزىر تاپتى ئاخىر شاھنىڭ كامىنى ،
ئوقۇدى يېزىلغان جەمشىد نامىنى .
بەھرامنى ئۇ قىلدى بۇ سىردىن ئاگاھ ،
دېدى : « تىللاغا خەت پۈتمىش جەمشىد شاھ . »

شاھ دېدى : « ۋەزىرلەر ئىچرە ئەلاسى ،
ھەر ئىشتا دانالار ئىچرە داناسى .
ئېيتقىن ، جەمشىد قويغان گەنجىنىڭ يوكىن
خەزىنەمگە قانداق يۆتكىشىم مۇمكىن ؟
تىغ ۋە ئادالەتتە مەن گەنج تاپارمەن ،
ئۇندىن ئۆزگىسىدىن مەن رەنج تاپارمەن .
بۇ جەمشىد گەنجىنى يوقسۇللارغا بەر ،
بولمىسا ئىززىتىم مېنىڭ ئازار يەر .
ئەگەر نام چىقارماق بولسام مۇددىئا ،
ئادالەت ، شەمشەردە گەنج تاپماق راۋا .
مېنىڭ قوشۇنۇمغا بۇ گەنج نەدەركار ،
ھەقىقىي مەردلەرگە دۇنيا ئەمەس تار .
بوۋىلار رەسمىگە ساداقەت بىلەن ،
خەزىنىنى تارقىتىڭ ئادالەت بىلەن .
تىللا ــ زەر ھەم گۆھەر ، ياقۇت ، ئېسىل تاش ،
يوقسۇل ــ يېتىملەرگە بېرىلسۇن تۇتاش .
كىمكى پېقىر ئىرۇر ، بىناۋا مەھكۇم ،
مەقسەت ھەم تىلەكتىن ئايرىلغان مەھرۇم .
ۋەيران ھەم سەرسانىنىڭ ھەممىنى يىغىڭ ،
ئۇلارنىڭ سانىنى ھېسابلاپ چىقىڭ .
تەقسىم قىلىڭ دىرھەم بىلەن دىنارنى ،
دۇئادا ئەسلەڭلار جەمشىد نامدارنى .
خەزىنىدىن ئاجرىتىپ ئېلىڭ بىر قىسىم
بايلىقنى ، دېھقانغا قىلىڭلار تەقسىم .
كىمكى ئۇ جەمشىدتىن كېيىنلىك كۆتكەي ،
ئالەم شادلىقىدىن ئۇمىدسىز ئۆتكەي .
لەشكەرلەر بىلەن گەر چەكسەممۇ رەنج ،
تۇراندىن ھەم چىندىن كەلتۈرەرمەن گەنج .
قولۇمدا تۇلپىرىم ، ئۆتكۈر تىغىم بار ،
قورقۇشقا چۈشمەسمەن ، قاچماق ماڭا ئار . »
ئاندىن بەھرام يۇردى ئۆز مۇلكىسىرى ،
كەلگەندۇر ھالالدىن ئۇنىڭ ھەر بىرى .
ئۇ يۇرتنىڭ مەردلىرىنى توپلاپ ، قىلىپ جەم ،
لەشكەرگە تارقاتتى بىر يىللىق دىرھەم .
بىر بەزمىگاھ كۆردى پەسلى نەۋباھار ،
ياساتتى بىر قەسىر قىلىپ دۇر نىگار .
گۆھەر جامدا شاراب لەيلىدەك چاقنار ،
بەھرام گور شادلىنىپ بۇ جايدا يايرار .
دېدى يارەنلەرگە : « ئايا ، باتۇرلار ،
ئۇلۇغلار تەختىدە ئاگاھ ، باتۇرلار .
بۇ تەختكىم ھوشەڭ نۇزەرنى كۆردى ،
بۇندا ئەفرىدۇن شاھ دەۋرانلار سۈردى .
يەنە كەيقۇباد ھەم باشقا كىيىپ تاج ،
بۇ تەختتە قىلدۇردى دۆلەتنى راۋاج .
ئېيتىڭ ئۇ زاتلاردىن تىرىك قالدى كىم ؟
ئادالەت يولىدا شۆھرەت تاپتى كىم ؟
بۇ چەرخى گەردۇندىن ئۆتتى كۆپ نامدار ،
ھېكايەت ئۇلاردىن قالغان يادىكار .
ياخشى يا يامان ئات بولۇپ مۇيەسسەر ،
بىرى بەتنام بولدى ، بىرى مۆتىۋەر .
بىز ھەم نۆۋەت بىلەن بىر ــ بىر ئۆتەرمىز ،
نېچۈن يامانلىققا يۈزنى تۇتارمىز ؟
ئۆتكەنلەر گەنجىدىن بىزگە نە پايدا ؟
ئاچچىغا دىل بەرمەڭ ، بىلىڭ بىپايدا .
بۇ پانىي دۇنياغا دىل باغلىماسمەن ،
بۇ تەخت ، بۇ گەنجلەرگە ھېرىس ئەمەسمەن . »
بار ئىدى يىغىندا ماھيار ناملىق زات ،
بىر يۈز ئاتمىش تۆت يىل كەچۈرگەن ھايات .
بۇ سۆزنى ئۇ ئاڭلاپ تۇردى بىناگاھ ،
دېدى : « ئادالەتلىك ھەقىقەتلىك شاھ !
جەمۇ فەرىدۇندىن ئاگاھ كىشىمەن ،
ئاز ــ تولا بىلىمەن ئۇلار ئىشىدىن .
ئەمما سەندەك شاھنى كۆرمىگەن جاھان ،
سەن ئەلنىڭ غۇرۇرى ، ھەم پەخرى زامان .
دىلىڭ دەريا گويا دولقۇنلاپ تۇرغان ،
ئۇنىڭدا بىباھا گۆھەرلەر ئايان .
ئۇنىڭدىن تارالغاي ئاجايىپ بىر نۇر ،
ھەتتاكى دانالار ھەيرەتتە قالۇر .
ئالەمدە شۇنداق بىر خەزىنىنى بىنا
ئەيلىدىڭ ، ئىلگىرى كۆرمىگەن دۇنيا .
جامدىن سۆز سۆزلەشتى دانايۇ زەرىق ،
گەنجى گەۋان نەسۆز قىلىشتى تەرىق .
ھېچ كىشى بىلمەستى نەدە خەزىنە ،
خاكتىمۇ يا ساقلار ئۇنى ئەجدىھا ؟
سەن ئۇنى تاپتىڭمۇ قىيا باقمىدىڭ ،
قەلبىڭ يۈكسەك چىقتى ، كۆڭۈل بەرمىدىڭ .
مۇنچە دۇرى گۆھەر دەريادا ھەم يوق ،
نە دەريا ، ھەتتاكى دۇنيادا ھەم يوق .

دەرۋىشلەرگە بەردىڭ دۇرۇ گۆھەرنى ،
ئاجايىپ بايلىقنى ، ھېسابسىز زەرنى .
ساڭا نېسىپ بولسۇن بۇ تاج ھەم كەمەر ،
ساڭا يار بولسۇن تەخت ، سائادەت ، زەپەر .
تاكى ئالەم مەۋجۇت ، ئۆچمىگەي نامىڭ ،
تىللاردىن تىللارغا داستان ئۇلھامىڭ .»

## بەھرام گور بىلەن سودىگەر ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ھەققىدە قىسسە

ئوقۇ ئوقدان بىلەن ھەپتە ئۆتتى ھەم ،
قولانلار ئوۋلىدى شاھ يالغۇز بۇدەم .
ئاپتاپنىڭ چوغىدىن يانار ئىدى چۆل ،
شۇڭا شاھ شەھەرگە قايتا ئالدى يول .
بىر سودىگەر قەسرىگە يەتتى شۇ زامان ،
چېلىقماس ھېچ كىشى باقساڭمۇ قايان .
تاجىدار دېدىكى : بىزنى مېھمان قىل ،
بىزدىن رەنۇ ئازار كۆرمىگەيسەن ، بىل .
سودىگەر تەكلىپنى ئەيلىدى قوبۇل ،
ئۆيىدىن مۇناسىپ بىر جاي بەردى ئۇل .
قورساق ئاغرىقىدىن چېكەتتى دەرد ، غەم ،
شاھ سۇندى ئۇنىڭغا بىر سىقىم دىرھەم .
دېدىكى : « كەلتۈرگىن ماڭا قاق پىشلاق ،
بادام مېغىزى قوشۇلغان قورداق . »
ساھىبخان قىلمىدى تەكلىپنى ئادا ،
ئۇندا بادام مېغىزى يوق ئىدى ئەسلا .
ئەمما ئۆيگە كېلىپ ئۇ كەچكى مەھەل ،
مېھمانغا قورۇلغان توخۇ قىلدى تەل .
بەھرامغا داستىخان يايدى ساھىبخان ،
دېدى سودىگەرگە بەھرام پەھلىۋان :
« مەن پىشلاق يېمەكنى قىلغان ئىلتىماس ،
كۆڭلۈمگە شۇ تائام ھازىر ئىدى ماس .
شۇ ۋەجدىن مەن ساڭا دىرھەم بەرگەنتىم ،
قورساق ئاغرىقىدىن سۆزۈم دېگەنتىم . »
سودىگەر دېدى : « ئەي نا شۇكۇر مېھمان ،
جانىڭ ھۇزۇرىنى بىلمىگەن نادان .
قورۇلغان توخۇنى كەلتۈردۈم ھازىر ،
بۇندىن ئارتۇقنى سورىمىقىڭ ئېغىر ! »
ئۇنىڭدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بەھرام ،
ۋاز كەچتى پىشلاقتا ئۈمىدىدىن ھەم .
نان يېدى پۇشايمان قىلىپ سۆزىدىن ،
ئۈمىدىنىڭ يىپىنى ئۈزۈپ ئۆزىدىن .
ئۆيقۇ غالىب كېلىپ ئورنىغا ياتتى ،
نە سىرىن دېمىدى ، نە سۆز قىلمىدى .
تاڭ ئاتتى ، كۈن چىقتى زەرلىرىن يېيىپ ،
كۆزدىن تۈن چېدىرى بولغاندا غايىپ .
شاگىرتىغا قىلىپ دوقۇ پىسەندە ،
دېدى مەغرۇر سودىگەر : « ئەي ، گالۋاڭ بەندە .
بىر دىرھەم بولمىغان توخۇنى يەنە ،
قىممەت ئېپ جەبىرلەر سالدىڭغۇ ماڭا .
خۇش كۆرگەن بولسىدى بۇ تائامنى گەر ،
بولماستى بۇ تۈندە ئازار مۇيەسسەر .
بىر تەڭگىگە ئالساڭ پىشلاقنى سېتىپ ،
چىقاتتىم تۈن شېكەر ئىچكەندەك يېتىپ . »
شاگىرت دېدى : « توخۇ مېنىڭ پۇلۇمدىن ،
بۇ چىقىم خەجلەندى مېنىڭ قولۇمدىن .
ئىككىڭلار بۇ كېچە بولدۇڭلار مېھمان ،
ئارتۇقچە كايىشقا قالمىغان ماكان . »
پاراغەت ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ بەھرام ،
بۇ جايدىن كەتمەكنى ئەيلىدى مەقام .
شەھەردە كىرمەكچى بولدى سارايغا ،
شاھانە تاج ، تەخت جايلاشقان جايغا .
بەھرام پىكرىن ئاڭلاپ ئۇ شاگىرت ئوغلان ،
دېدى : « بۈگۈن بىزدە بولسىڭىز مېھمان ! »
شاھ بېرىپ ئولتۇردى ئۇنىڭ تەختىگە ،
ھەيرەتتە تەلمۈرۈپ يۈكسەك بەختىگە .
كەلتۈردى ئۇ يىگىت ئىككى يۈز توخۇم ،
يەنە ساھىبخانغا ئاڭلاتتى ئۇقۇم :
« كەلتۈر بادام مېغىزى قورۇلۇپ چىققان ،
تەييارلا قاق پىشلاق بىلەن ئىسسىق نان !
مېھمانىنىڭ خاھىشى شۇ ئىدى ئاخشام ،
داستىخانىنى ئېچىپ قىلغىل ئېھتىرام ! »
بەھرامنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېدى ئۇ :
« كېچە سەن توخۇمنى قىلغانىڭنىڭ ئارزۇ .
ئۇشبۇ ئارزۇيۇڭنى ئېتەرمىز بەجا ،
خىلمۇ خىل تائامنى قىلىپ مۇھەييا . »
شۇنداق دەپلا كەتتى ئۇ بازار تامان ،
ھەرخىل نازۇ نېمەت كەلتۈرمەك ئۈچۈن .

ئالدى شېكەر، بادام، توخۇ ۋە قوزا،
بولسۇن دەپ بۇ مېھمان كەلگەنگە رىزا.
سېتىۋالدى شاراب ۋە مۇشكى گۈلاپ،
ئاندىن قايتىپ كەلدى ئۆيگە ئالدىراپ.
يىگىت سېخىي ئىدى ۋە ئەقلى تازا،
ئەڭ شېرىن تائاملار تەق قىلدى بەجا.
تائام يېيىلگەندە مەي قۇيدى جامغا،
ئۆزى ئىچىپ مەينى تۇتتى بەھرامغا.
يەنە قايتۇرۇلدى قەدەھ رەتمۇ رەت،
ئارىدا جانلىنىپ قەد ئالدى سۆھبەت.
ساھىبخانغا قاراپ سۆزلىدى بەھرام:
« مېنى بەھرام ئىزدەر، تېزرەك باراي ھەم.
ئەيشۇ ئىشرەتنى سەن قىلدۇرغىل داۋام،
سۆھبەتنى بۇزمىغىل، يايراپ ئال ئارام.»
ئېتىنى توقۇدى، يايلىنى تاراپ،
شىر كەيىپ يول ئالدى گۈلشەنگە قاراپ.
سودىگەرگە دېدى: « سەل ھاللىكىدىن چۈش،
مال ـ دۇنيا گاداسى، ھەي ئەرزانپۇرۇش.
كېچە بىر تېيىغا سەن مېنى ساتتىڭ،
شاگىرتىنىڭ كۆزىگە قوم ـ توپا ئاتتىڭ.
دېدىڭكى، توخۇنى كۆپ قىممەت باھا،
مېنى يۇتماق بولدۇڭ، مىسلى ئەجدىھا.»
سودىگەرگە شۇنداق دەپ شاھ بولدى راۋان،
ئالدىدا قەد ئالدى شاھانە ئايۋان.

ئۆپۈقتا زەر قۇياش كۆرسەتكەندە تاج،
تەختىگە ئولتۇردى بەھرام كىيىپ تاج.
ئۇ قىلدى ئوردىنىڭ بېگىگە پەرمان:
« سودىگەرنى دەرھال كەلتۈرگىن بۇيان!»
كۆپ ئۆتمەي بۇ يەرگە بولۇشتى ھازىر،
ئۆز شاگىرتى بىلەن ئاشۇ سودىگەر.
شاگىرتقا پادىشاھ ئېچىپ خۇشچىراي،
ئۇلۇغلار يېنىدىن تەيىن قىلدى جاي.
بىر ھەميان قويۇلدى ئۇنىڭ قېشىغا،
ئاي چىققاندەك بولدى گويا ئاسمانغا.
دېدى سودىگەرگە شاھ: « جېنىڭ بار تەندە،
ئۇنتۇما سەن ماڭا بولۇرسەن بەندە.
ھەر ئايدا ئىككى رەت بېرۇرسەن مائاش،
ئاتمىش گەنج دىرھەمگە ئۆزى بولسۇن باش.
سېنىڭ مېلىڭ بىلەن مېھمان كۈتسۇن ئۇ،
پاك دىللار كۆڭلىنى خەندان قىلسۇن ئۇ.»
ۋەزىرگە دېدى ئۇ: « ھەر قانداق پادىشاھ،
ئالەمدە نە ھال بار، سالمىسا نىگاھ.
قانداق بىلسۇن ئەلنىڭ قايىسى ئۇلۇغ،
ياخشى ھەم نادانغا نەدۇر يولىيورۇق؟
بۇندىن سوڭ ئەي ئاقىل ۋە دانا ئادەم،
بۇنى ئۇنتۇماستىن ئەسلە دەممۇ دەم.
ئەگەر ئىنسان بولساڭ بېخىللىقتىن كەچ،
بىلكى، بېخىل بېغى كۆكەرمىگەي ھېچ.»

## بەھرام گورنىڭ ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە باغۋەننىڭ خوتۇنى ھەققىدىكى قىسسە

ھەمسۆھبەت بولۇشتى مۇندا بىرئاز،
مەي ئىچتى، ئاڭلىدى يەنە شۇنچە ساز.
باھاردا بولۇشتى بېھىشتەك ھەريان،
خۇددى لالە يەڭلىغ تاۋلاندى ئاسمان.
دەشتلەردە تولغاندى قۇلان ھەم ئاھۇ،
ماي، سۈتتەك ئاقاتتى ئېرىقلاردا سۇ.
ئارقار ھەم كېيىكلەر قىرلاردا ئوينار،
بەئەينى گىلەمدەك كەڭ دالا گۈلزار.
دەريالار ئىپارغا تولۇپ ئېقىشار،
جاملارغا تولغان مەي ـ سىقىلغان ئانار.
مەردلەر بەھرام گورغا ئەرزىھال دېدى،
قۇلانلار ئوۋلاشقا لايىق پەيت ئىدى.

شاھ ئېيتتى: « مەيلىگە شىكار راسلاڭلار،
لەشكەردىن مىڭ باتۇر يىگىت سايلاڭلار.
تەييار قىلماق كېرەك لاچىن ھەم شەھباز،
بۇركۈت ھەم قارچىغا يەنە بولسۇن ساز.
تۇراندۇر شىكارغا راسا لايىق جاي،
بىر قۇلان ئوۋلايلى ئۇ يەردە بىر ئاي.»
تۇرانغا يول ئالدى شىكارخۇمار شاھ،
ئالەم رەڭ تۈزدى گەر تاشلىساڭ نىگاھ.
قۇلان، ئارقار، كېيىك مۇندا شۇنچە مول،
سەردارلار سوزۇشتى چوڭ شىكارغا قول.
شۇ خىلدا ئىككى كۈن ئوۋ بولدى داۋام،
بەھرامنىڭ قولىدىن چۈشمەس ئىدى جام.

ئۇچىنچى كۈن قۇياش كۆرسەتتى جامال،
ئىزىدىن قارا تۈن چېكىندى دەرھال.
ئاپتاپ مۇنەۋۋەر كىيدى باشقا تاج،
تاغ ـ دەريا يالتىرار زەردەك يالىڭاچ.
يەنە ئوۋ ئىشقىدا ئات سۈرگەندە شاھ،
شىردەك بىر ئەجدىھا ئۇچرىدى ناگاھ.
بويىنى، بېشى يۇڭلۇق، يايلىلىق ئىدى،
كۆكرىكىدە بىر جۈپ پىستان بار ئىدى.
شاھ كامان ـ يا ئېلىپ، ئاڭا ئوق سالدى،
ئەجدىھا كۆكسىنى نىشانغا ئالدى.
يەنە بىر ئوق ئاتتى بېشىغا شۇئان،
جىسمىدىن جىرقىراپ چىقتى زەھەر قان.
ئېتىدىن چۈشتى شاھ ئېلىپ خەنجەرنى،
پارە قىلدى دەرھال ياۋۇز ئەجدەرنى.
بىر بەرنا يىگىتنى يۇتقانىدى ئۇ،
جىسمىغا رەنج سالغان زەھەرلىك ئوغۇ.
شاھ ئاشۇ يىگىتكە يىغلىدى زار ـ زار،
زەھەردىن كۆزلىرى تارتقانتى ئازار.
ئۇ يەردىن ئالدىراپ شاھ چۈشتى يولغا،
ئۇيقۇ ھەم سۇ ئىزدەپ بېقىپ ئوڭ ـ سولغا.
ئۇدۇلدا كۆرۈندى ئوبدانغىنا جاي،
ۋادىنىڭ ئورتىدا بار ئىدى ساراي.
ئۇ شۇ چاغ كېلىشكەن بىر ئايال كۆردى،
شاھتىن ئۇ ئايالمۇ تارتىنىپ تۇردى.
بەھرام دېدى: «پاناھ بەرسىڭىز، ئايال،
سىزگە مەندىن يەتمەس رەنج بىلەن مالال.»
ئايال دېدى: «ئايا، پەھلىۋان يىگىت،
ئۆيۈمنى ئۆيۈڭدەك مەيلى قوبۇل ئەت.»
ئېتىنى بۇرىدى سۆزنى ئاڭلاپ شاھ،
ئېرىنى چاقىردى خوتۇن خەيرىخاھ.
دېدى ئاڭا: «ئاتنى باق سامان بېرىپ،
تارىغىن ئاتنى ھەم سەن تارغاق سېلىپ.»
مېھماننىڭ ياتىقىن ھەم قىلدى تەيىن،
خانەنى ئازادە قىلدى ئاتايىن.
بورا سالدى، يايدى كۆرپە ھەم گىلەم،
بەھرام شاھنى قىلدى يادۇ دۇئا ھەم.
سۇ، ئوتنى تەخ قىلدى ئۇ ئايال شۇئان،
ئېرىنى چاقىردى مېھماندىن پىنھان.
بۇ نادان مويسىپىت قالدى بەك ھەيران،
سارايدا كۆرگەندە ناتونۇش مېھمان.
بۇ ئىش خوتۇنلارنىڭ ئىشمەس گەرچەند،
ساھىبخان ئىشتا ئۆزى بولدى بەند.
بەھرام يۈز ـ قولىنى يۇيۇپ ئاشۇ چاغ،
بىر ئىشتىن ئەنسىرەپ تۇردى ئۇ ئاگاھ.
داستىخانىنى سېلىپ قويدى ئۇ تائام،
بار ئىدى نان، قايماق، سۈت مۇندا تامام.
ئازراق نان يېدى شاھ، ياتتى تاشلىنىپ،
چىنىي دەستارىنى ئۆزىگە يېپىپ.
ئويغىنىپ، پاراڭنى ئاڭلىدى بىر پەس،
خوتۇن دەر ئېرىگە: «ئاڭلا، ئەي ناكەس،
بىر قوزا سويغىن، بۇ كەلگەن مېھمان ئەر،
شەھرىيار سۈپەتلىك تۇرار مۆتىۋەر.
قامىتى شاھانە، ماھ تەلەت يۈزى،
بەلكى شۇدۇر شاھى بەھرامنىڭ ئۆزى.»
خوتۇنغا قاراپ ئۇ ئېرى بىناۋا،
دېدى: «سەن بىھۇدە مۇنچە ۋايىسما!
ئۆيدە نە گۆش يوق ياكى بىرەر نان،
يىپ ئىگىرىش بىلەن ئۆتىمىز ئاران.
قوزاڭنى يەۋېلىپ كېيىندۇ پەقەت،
يولۇچى ـ ئۆتكۈنچىدىن نېمە مەنپەئەت؟
گەر سوغۇق شامالدا كېلىپ قالسا قىش،
بېشىمىزنى قۇچار پايانسىز تەشۋىش.»
ئاڭلىمىدى خوتۇن ئەرنىڭ سۆزىنى،
ئۆتكۈرلۈكتە ئۈستۈن تۇتۇپ ئۆزىنى.
ئېرىگە كۆرسەتتى ئىرادە كۈچىن،
قوزىنى سويدۇردى يولۇچى ئۈچۈن.
سەۋزە، گۆش بىلەن ئۇ پىشۇردى شورپا،
بىر قازان تائامنى تەخ قىلدى شۇندا.
شەھرىيار ئالدىغا قويۇلدى تائام،
تۇخۇم، سەۋزە ۋە گۆش لەززەتتە قىيام.
قوزىنىڭ سىينىنى قويدى ئالدىغا،
ھۆرمەت ھەم ئىكرامنى قىلىپ مېھمانغا.
بەھرام تائام يېدى، قول چايقاپ شۇئان،
لېكىن ساقسىز تەندە قىينىلاتتى جان.
تۈن ئۆتۈپ، ئەنجۇمەن تۈزگەندە ئاپتاپ،
ئۇ خوتۇن كەلتۈردى ئالدىغا شاراب.
دېدى شاھ ئۇنىڭغا: «ئەي ياخشى ئايال،
قەدىم داستانلاردىن سۆزلە بىمالال.

سۆزۈڭنى تىڭشىغاچ شارابنى ئىچەي ،
دىلىمنى شاد قىلىپ ، ئازابتىن كېچەي .
سەندىن ئىلتىماسىم ، ئەرزىم ئەنە شۇ ،
شۇدۇر شاھ دىلىدا نىيەت ۋە ئارزۇ . »
خوتۇن جاۋاب قىلدى : « بۇ بەك ياخشى گەپ ،
ھەر ئىش رەۋىشىگە خۇدادۇر سەۋەب . »
« سۆزۈڭ راست ، — دېدى شاھ بەھرامۇ شۇتاپ ، —
ھەر كىمگە زۆرۈرى ئەدىل ۋە ئىنساب .
دېدى ئۇ پاك ئايال : « ئاڭلا ، نۇر چىراي ،
بۇ يەردە ئادەم كۆپ ھەم كۆپتۇر ساراي .
بۇ يەردىن كۆپلىگەن يولۇچى ئۆتەر ،
شاھ ئەمەلدارلىرى ھەم قونۇپ كېتەر .
بىر - بىرىن ئوغرى دەپ ئاتىنشىپ سەردار ،
بىر - بىرى كۆڭلىگە يەتكۈزەر ئازار .
بەش - ئالتە پۇل ئۈچۈن چىقىرىپ جېدەل ،
پاراغەت دېمىگە غەش سالۇر تۆگەل .
يامان ئاتلىق قىلىپ پاكدىل ئايالنى ،
يامان ئىش ئۈستىدىن كەتمەس خىيالى .
بۇ خىل ناپاكلىقتىن پەيدا بولماس گەنج ،
شاھى ئالەمدىن ھەم ئۇڭا يېتەر رەنج . »
بۇ سۆزدىن كۆپ مەھزۇن بولدى شەھرىيار ،
يامان ئويغا سالدى ئۇنى خىزمەتكار .
دىلىدىن ئۆتكۈزدى شاھى مۆتىۋەر ،
شۇ بولسا ئادىللىق ھۆرمىتى ئەگەر ،
قىلاي بىر نەچچە كۈن زالىملىقمۇ تا ،
جەبرىم ئەلدە مېھر قىلغۇچە پەيدا .
شۇ ناخوش خىيالدا ياتتى تۈن بويى ،
جەبرى - سىتەم بىلەن بەند بولۇپ ئويى .
تۈن پەردىسىن يىرتىپ ئاپتابى تابان ،
نۇرىدىن مۇنەۋۋەر بولغاندا جاھان ،
ئايال ئۆيدىن چىقىپ ئېرىگە شۇ چاغ ،
دېدى : « ئۆت ، ئوچاققا تۇتۇش قىل تېزرەك .
قازاننى تېزلىكتە سەن ئوچاققا ئاس ،
ئاڭا سۇ تولدۇرۇپ تۇخۇملارنى باس .
مەن بېرىپ سىيىردىن سۈتۈمنى ساغاي ،
ساڭىمۇ قازان ئىشى ئەمەس ئوڭاي . »
يايلاقتىن سىيىرنى كەلتۈرۈپ ئايال ،
ئالدىغا ئوت - سامان تاشلىدى دەرھال .
قولىغا تەگكەندە سىيىر يېلىنى ،
خۇدا نامى بىلەن قوشتى دىلىنى .
يېلىندىن كەلمىدى بىر قەترە سۈت ھەم ،
ساھىبخان ئايالنى شۇندا باستى غەم .
ئېرىگە دېدىكى : « ئاڭلا سۆزۈمنى ،
غەزەپكە تولغاندۇر شاھىنشاھ دىلى .
شەھرىيار تۈزگەندۇر زۇلۇمكار رېجە ،
بىر يامان قايغۇغا تولدى بۇ كېچە . »
ئېرى ئېيتتى ئاڭا : « نېچۈن بۇ سۆزلەر ،
شۇنچىلىك بىر يامان خىيالنى كۆزلەر . »
خوتۇنى دېدى : « بۇ پىكرىم غەلەتمەس ،
سۆزلىرىم بەلۋەتتە ئارتۇقچە ئەمەس .
گەر زالىم بولغاندا شاھى جاھاندار ،
يۈز ئاچماس ھەتتا ئاي ئۇنىڭغا زىنھار .
سىيىردىن سۈت قېچىپ بولغاي بىسەمەر ،
ئېپاردىن يوقالغاي مۇشك ئىلە ئەنبەر .
پاش بولۇر ھەر نېچۈك يامان قىلمىشى ،
تەرك ئېتەر ئۇنى ھەم يۇمشاق دىل كىشى .
بۆرىگە يەم بولۇر دەشت ئارا ئىنسان ،
دانىشمەن كۆرۈنمەي كۆرۈنگەي نادان .
ئادالەتسىزلىكتىن قىلسا شاھ زۇلۇم ،
شاكالغا ئايلانغاي توخۇدا تۇخۇم .
سىيىرغا يايلاقتا ئوت - چۆپ كۆپ ئىدى ،
يەم - بوغۇز ئۇنىڭغا يەنە خوپ ئىدى .
بىراق بىر تامچە سۈت يىغماپتۇ جانۋار ،
نە رەگدە رېگى يوق ، نە تەندە مادار . »
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ پادىشاھ ئالەم ،
ئەپسۇسلار ئەيلىدى چەكتى غەم - ئەلەم .
خۇداغا دېدىكى : « ئەي پەرۋەردىگار ،
سېنىڭ ئەمرىڭدىندۇر دۇنيا - روزىغار .
باش تارتسا ئىنسابتىن دىلىم مۇبادا ،
تۇرمىسۇن بۇ شاھلىق تەختىم دۇنيادا . »
پاكىز دىل ، خۇداگۇي خوتۇن شۇتاپتا ،
سىيىرنىڭ يېنىغا يېتتى ئاستا .
تەڭرىنىڭ نامىدىن نىيەتلەر تىلەپ ،
سىيىرنىڭ يېلىنىن سىقتى ئاۋايلاپ .
سىيىر ۋۇجۇدىدىن سۈت كەلدى شۇ دەم ،
ئۇ ئايال دېدى : « ئەي قادىر ئىگەم ،
بىدەتكار كۆڭلىگە ساپسەن ئادالەت ،
شۇ سەۋەب كۆرۈندى دەرھال بۇ ھالەت . »

دېدى ئۇ ئېرىگە : « ئايا ، كەتخۇدا ،
ئادالەت ۋە ئىنساب سەن قىلدىڭ ئاتا .
خۇش كۆڭۈل بولدۇق بىز قايتىدىن يەنە ،
بۇ ئالەم تەكتىدىن چىققان تەنتەنە . »
قازاندا مەۋج ئۇرۇپ پىشار ئىدى سۈت ،
شادلانغان ئەر ــ ئايال رەڭگىدە ياقۇت .
مېھمانغا كۆرسىتىپ ئىززەت ھەم ئىكرام ،
ئەر ــ خوتۇن كەلتۈردى خىلمۇخىل تائام .
كاسىدا سۈت گۈرۈچ ، ئۈستىدە ساپ ماي ،
بىر ياندا گۆش تۇرسا ، بىر يېقىدا چاي .
سۈت گۈرۈچتىن ئازراق يېدى پادىشاھ ،
پىكىردىن خوتۇننى ئەيلىدى ئاگاھ .
قامچىنى تۇتقۇزۇپ دېدى : « يول باشلا ،
گۈزەل ھەم مۇقەددەس جاي بولسۇن يەنە .
قامچىنى بىر شاخقا ئاس ، ئېگىز بولسۇن ،
بوران ھەم شامالغا پىسەنتسىز بولسۇن .
كۆزەتكىن قامچىدىن كۆز ئۈزمەي ئەسلا ،
بۇ يولدىن ئۆتكەنگە بولما بىپەرۋا ! »
ئالدىراپ شۇ يەرگە يول ئالدى ئايال ،
قامچىنى ئېگىز شاخقا ئاستى دەرھال .
بىر قانچە چاغ ئاڭا تاشلىدى نەزەر ،
شۇ چاغ كېپقالدى ھېسابسىز ئەسكەر .
قامچىنى ئېگىزدە كۆرگەن ھەر ئادەم ،
بەھرامغا ئاپىرىن ئوقۇشتى شۇدەم .
ئاتتىن چۈشۈپ ، ئۇلار قامچىنى تۇتۇپ ،
ئۆتۈشتى قامچىنىڭ دەستىنى سۆيۈپ .
ئەر ــ خوتۇن دېيىشتى : « بۇ شاھ بىگۇمان ،
چېھرىدىن شاھلىق بەلگىسى ئايان . »
ئىككىسى خىجالەت بىلەن قايتىشتى ،
پادىشاھ ئالدىغا دەرھال كېلىشتى .
دېيىشتى : « ئۇلۇغ شاھ ، پەھلىۋان ، ئاقىل ،
دانالار داناسى ، جاھاندار ، ئادىل .
ئۇ ئۆينىڭ ئىگىسى دەرۋىش بىر ئىنسان ،
خوتۇنى بىناۋا ، ئېرى بىر نادان .
شاھقا بىر بەندىلىك بىز ئۈچۈن تىلەك ،
تەمەگەر ئەمەسمىز ، بار قول ھەم بىلەك .
مېھمان بولمىقىڭنى بۇ مەنزىل ئارا ،
خىيال ھەم قىلماپىمىز ئەي شاھى دانا ! »
جاۋابەن ئۇلارغا بەھرام شۇنداق دەر :
« سىلەرنىڭ بۇ ئېكىن ، بۇ ئۆلكە ، بۇ يەر .
پەقەت ساھىبخانىلىق ئەيلەڭلار پىشە ،
باغۋەنلىكتىن ئەمدى قىلماڭلار ئەندىشە . »
شۇنداق دەپ بۇ ئۆيدىن چىقتى ئۇ خۇشال ،
ئۇچقۇر ئات يولغا چۈشتى ھەم دەرھال .
نامرات قىشلاقتىن چىقتى شەھرىيار ،
گۆھەردەك قەسرىنى قىلىپ ئىختىيار .

## بەھرام گورنىڭ قۇلان ئوۋلاشقا چىققانلىقى ۋە بەرزىن دېھقاننىڭ قىزلىرىغا ئۆيلەنگەنلىكى

شىكارگاھ تەرەپكە باشلاپ كۆپ ئەسكەر ،
ئۈچ كۈنلۈك مۇددەتكە شاھ قىلدى سەپەر .
ئىران قوشۇنىدىن ئۈچ يۈز ئاتلىق مەرد ،
شىكارغا چىقىشتى بولۇپ رەتمۇ رەت .
يەنە ئۈچ يۈز چاغلىق خىزمەتكار كىشى ،
يول ئالدى شىكارغا بىلىپ ئۆز ئىشى .
ئون تۆگە بىردىن قىلىندى زىب بەخش ،
ئۆزەڭگىسى زەردىن ، ساپ دۇردۇن نەقىش .
قۇرۇلدى بەھەيۋەت شاھ بارگاھ ،
بىر ئېگىز تۆپىگە تەخت بولدى بىنا .
يەتتە پىل ئالدىدا تاشلايتتى قەدەم ،
ئۈستىدە نىل رەڭلىك ئېسىل تەخت ھەم .
تەختنىڭ پايلىرى ئالتۇن ھەم بىللۇر ،
چايقىلىپ ئولتۇراتتى شاھى بەھرام گور .
ئوتتۇزچە قىلىچۋاز ــ غۇلام ھەمراھى ،
ھەممىسى زەر كەمەر ، ئالتۇن كۇلاھى .
يۈز قېچىردا بارار سازچى ــ ئۇسسۇلچى ،
بېشىدا گۆھەر تاج ، جۇلالىق چېچى .
بىريۈزئاتمىش شەھباز قۇش تۇتۇپ كېلەر ،
شاھ يېنىدا يەنە ئىككى يۈز مەرد ئەر .
بار ئىدى قارا قۇش بۇ قۇشلار ئارا ،
ئۇ شاھقا شۇنچىلىك ئىدى بىباھا .
تىرنىقى قاپقارا ، تۇمشۇقى سېرىق ،
يالتىراپ تۇراتتى يۇلتۇزدەك ئېنىق .
ئۇنىڭغا بېرىلگەن تۇرغا دېگەن نام ،
كۆزلىرى بەئەينى قان لىق تولغان جام .

خاقان ھەدىيە قىلغان شاھقا باج بىلەن ،
شاھانە بىر تەختنى ياقۇت تاج بىلەن .
يەنە ئالتۇن ھالقا ئەۋەتكەن بىزگە ،
قىرىق زەر بىلەزۈك ، قىرىق زەر سىرغا .
يەنە ئۈچ يۈز تۆگە چىنىي قىممەت مال ،
ۋە ئۈچ يۈز ياقۇت كۆز ئۈزۈك رەڭگى ھال .
قۇشدارلار كەينىدىن ئۇ شاھى جانان ،
ئەپ كەلگەن يۈزدىن كۆپ ئۇۋ ئالار قاپلان .
قاپلانلار زەنجىرى گۆھەردىن ئىدى ،
زەنجىرلەر ھالقىسى ساپ زەردىن ئىدى .
ئالدىغا يولۇقتى شۇنچە كەڭ دەريا ،
ئەسكەرلەر دەرياغا چۈشۈشتى شۇندا .
شۇ سۇغا كېلەتتى ھەر يەتتە يىلدا ،
مۇبارەك نىيەتنى پۈكۈپ شاھ دىلغا .
لەشكەر كەلگەن چاغدا دەرياغا يېقىن ،
قۇشلار قاپلىغانتى دەريا قىرغىقىن .
ناغرا ئۇرۇلۇپ تۇغرا ھاۋاغا ئۇچتى ،
تاقەتسىز ئالغۇر قۇش پەرۋازغا چۈشتى .
ئۇچۇپ بىر تۇرنىغا سالدى ئۇ چاڭگال ،
نە تۇرنا يولۋاسقا بەرمەيتتى ئامال .
يەنە بىر بۇركۇتنى چاڭگاللاپ ئالدى ،
قاناتلار شۇڭغۇتۇپ كۆزدىن يوقالدى .
يوقالدى ئوقيادىن ئۇچقان ئوق مىسال ،
بىر قۇشچى ئارقىدىن يۈگۈردى دەرھال .
ئۇنىڭ پەرۋازىدىن مەيۈسلەندى شاھ ،
ناغرىدىن چۆچۈپ ئۇ قاچقانمۇ ناگاھ .
بىر باغقا دۇچ كەلدى ، نەق گۈلزار ئىدى ،
باغنىڭ بۇرجىكىدە بىر جاي بار ئىدى .
قېپقالدى دالادا شاھنىڭ لەشكىرى ،
شاھ بىلەن نەچچىسى كىردى باغىبىرى .
باغ بىھەت گۈزەلتى ، سۇلىرى تولا ،
كۆرۈندى شاھقا باغ ئېسىل شۇنچىلا .
گۈللۈكنىڭ ئارىسىدا كۆل تۇرار زىلال ،
ئۇيەردە ئولتۇرار ئوي سۈرۈپ بىر چال .
زىننەتلەنگەنىدى بۇ باغ يەتكۇدەك ،
كۆمۈش زەر گىلەملەر كەڭ يايغان ئىتەك .
يېنىدا ئۈچ مەلەك تەنلىرى سەدەپ ،
تاجىغا ئېلىشقان گۆھەرلەر قاداپ .
كۆزلىرى باھاردەك قەد ـــ سەرۋى مەۋزۇن ،
قاشلىرى كاماندەك ، چاچلىرى ئۇزۇن .
قولىدا گۆھەر جام مەيلىرى جۇلا ،
بەھرام گور ئۇلارغا باقتى بىر قىيا .
قىزلارنىڭ چېھرىدىن كۆزمۇ قامىشۇر ،
پىكرىمۇ ، خىيالمۇ يولدىن ئادىشۇر .
دۆلەتمەن كۆردى ئۇ شاھنى دەل شۇئان ،
رەڭگىمۇ بىردەمدە بولدى زەپىران .
بەرزىن دەپ ئاتىلار مويسىپىت ئىسمى ،
ئۇنىڭ ئارزۇسىدۇر شاھ ئىلتىپاتى .
بەرزىن تېز شامالدەك ئورنىدىن قوپتى ،
كېلىپ شاھ ئالدىغا تۇپراقنى سۆيدى .
دېدى ئاتا : بەرزىن « ئەي شاھى پۈزۈن ،
ساڭىلا تەئەللۇق ئالىمى گەردۇن !
بېغىمغا كېلىپسەن رەھمەت ، ئامان بول ،
ئىككى يۈز يىگىت بىلەن بۇندا مېھمان بول .
بەرزىن بېشى ئايغا يېتەتتى كۇشاد ،
بۇ باغدىن شاھىنشاھ ئەگەر بولسا شاد .»
بەرزىنگە دېدى ئۇ پادىشاھ جاھان :
« بۇگۈن تۇغرا بولدى كۆزۈمدىن پىنھان .
بۇ قەيسەر قۇشتىن دىل غەمكىن كۆر مانا ،
كەتتى ئۇ چاڭگاللاپ پۇتىدا ئولجا . »
جاۋاب قىلدى بەرزىن دېھقان : « ئايا پادىشاھ ،
بىر قۇش كۆرگەنىدىم قانىتى سىياھ .
قوڭغۇرىقى زەردىن ، تېنى قاپقارا ،
چاڭگىلى ، تۇمشۇقى مىسالى ئارا .
تۇغرا ئىلىنمىشتۇر باغ دەرىخىگە ،
ئەمدى قولغا چۈشەر شاھىم بەختىگە . »
دەرھال بىر غۇلامغا بۇيرۇدى بەھرام :
« كۆزەتكىن دەرەخنى سەن ئاۋايلاپ ھەم ! »
ئول غۇلام تېز كېلىپ يەتكۈزدى خەۋەر :
« شاد بولۇڭ پادىشاھ ، تۇغرا بىخەتەر .
تۇغرا ئىلىنىپتۇ ياغاققا بىخەس ،
پەقەت قۇشچى ئۇنى قىلالار خالاس . »
كەلتۈرۈپ بۇ قۇشنى شاد سۆزلىدى چال :
« ئالەم يېگانىسى ، مەردى بىزاۋال .
كۆزۈمگە تۇتىيا قەدىمىڭ خاكى ،
ساڭا بەندە بولسۇن شاھلار مۇقامى !
ئەمدى بۇ شادلىققا چۈم ، بىر قەدەھ مەي ئىچ ،
دىلىڭ ئارام تاپتى ، ئەندىش قىلما ھېچ . »

مويسىپىت سۆزلىرى تەسىر قىلغاچ ھەم ،
شاھ كۆلنىڭ ئالدىغا تاشلىدى قەدەم .
يېتىپ كەلدى ۋەزىر يېنىغا شۇ دەم ،
خىزمەتكار ، خەزىنىچى بۇندا بولدى جەم .
بەرزىن مەي بەزمىسىن ھەم ئاۋات قىلدى ،
جاھاندار نامىنى ئاۋۋال ياد قىلدى .
ئاندىن مەي كەلتۈردى بىللۇر جام بىلەن ،
بەھرامغا مەي تۇتتى ئېھتىرام بىلەن .
جاھاندار شۇ چاغدا مەيدىن بولدى خۇش ،
كۆڭلى ئۇنى خالاپ ، قىلدى مەيدىن نۇش .
بۇندىن بەرزىن دىلى روھلاندى غايەت ،
كوزا ـ كوزا مەيلەر كەلدى نىھايەت .
بەرزىن مەست بولغاندا قىزلارغا دېدى :
« سەنئەتكار قىزلىرىم ئاڭلاڭلار ئەمدى :
ئەمەستۇر بۇ مېھمان ئاددىي ئەمەلدار ،
قەدەم تەشرىپ قىلغان بەھرام شاھ نامدار .
غەزەلخان ئەمدى سەن بىرەر غەزەل ئېيت ،
سەن چاڭ چال ، ئاي يۈزلۈك كەلدى خۇشال پەيت . »
كېلىشتى ئۈچ گۈزەل شاھنىڭ قېشىغا ،
گۆھەر كۆز تاجلارنى كىيىپ بېشىغا .
بىرى چاڭ چالدى ، ناخشا ئېيتتى بىرى ،
شاھنى خۇشاللىقتىن رام قىلدى بىرى .
ئۇلارنىڭ كۆزىدىن شاھ بولدى مەپتۇن ،
تەنلىرى سىرقىراپ ھەم بولدى مەمنۇن .
« بۇ قىزلار كىم ئىكەن ؟ ــ دەپ سورىدى شاھ ، ــ
ۋە بۇ شادلىقلاردىن ئەت مېنى ئاگاھ ! »
بەرزىن دېدى : « ئاڭلا ، ئەي شەھرىيار ،
سېنىڭسىز ئۆتمىسۇن بۇ ئالەم ـ دىيار .
بىلگىنكى بۇ قىزلار ، مېنىڭ قىزلىرىم ،
جىگىرىم ـ باغرىم ھەم قالار ئىزلىرىم .
بىرى غەزەلخان ، بىرى چاڭچى سازەندە ،
بىرى ئۇسسۇلچى قىز ، سەنئىتى تەندە .
مېنىڭ ھېچ نەرسىدىن يوق زەررە كېمىم ،
يېتەرلىك باغ ، زېمىن ، دىنار ، دىرھىمىم .
ئۈچ قىزىم ھۆسنىدە خۇررام باھادىر ،
كۆرۈپ تۇرۇپسەن ، ئۆزۈڭ باھادىر ! »
غەزەلخانغا دېدى : « ئاي يۈزلۈك گۈزەل ،
شاھنىڭ تەرىپىدىن ئوقۇ بىر غەزەل . »
بىرى ناخشا باشلاپ ، بىرى چالدى ساز ،
دىلدىن غەمنى سۈردى بۇندا خۇش ئاۋاز .
غەزەلخان قىز شاھقا بۇراپ يۈزىنى ،
دېدى : « بەھرام شاھىم ئاڭلا سۆزۈمنى !
سەن كۆك يۈزىدە ئايغا ئوخشايسەن ،
دۆلەتكە مۇناسىپ شاھ دېمەك سەنسەن .
يۈزۈڭ خۇددى ئايدەك ، قەددىڭ دەل شەمشاد .
شاھانە تاجۇ تەخت سەن بىلەن ئاۋات .
بەختتۇر ،كىم يۈزۈڭ سەھەردە كۆرسە ،
چېچىڭ بىر ئەنبەردۇر دىماغقا سۈرسە .
قامىتىڭ بەئەينى بىر يولۋاس ، شاھىم ،
ئاداققا يەتسۇن ھەم شەۋكىتىڭ ، شاھىم .
چېھرىڭ گويا گۈلنار بەرگىگە ئوخشار ،
مېھرىڭدىن كۆڭۈللەر گۈلشىنى ياشنار .
دىلىڭ دەريا ئىرۇر ، ئۇ مەۋج ئۇرسۇن ،
ساداق ئاتساڭ يولۋاس ئوۋاڭغا چۈشسۇن .
قىلنى تېشىپ ئۆتەر ئوقۇڭ بىخاتا ،
ئادالىتىڭدىن سۇ سۈت بولسۇن ھەتتا .
باتۇرلار كۆرگەندە ئاتقان ئوقۇڭنى ،
قۇۋۋەتكە لىق تولغان قەددىڭ ، تۇرقۇڭنى ،
ھېسابسىز بولسا ھەم لەشكەردە ئەسكەر ،
ساڭا تەڭ كېلەلمەس ، شىددەتتە يەكسار . »
بۇ غەزەلنى ئاڭلاپ ئۇ شاھى بەھرام ،
قولىغا مەي تولغان جامنى ئالدى ھەم .
شاھ بەرزىنگە سۆزلىدى : « ئەي پەھلىۋان مەرد ،
جاھاندا كۆپ كۆرگەن شادلىق ، غەم ۋە دەرد .
تاپمىغايسەن مەندىن ئەۋزەل كۈيئوغۇل ،
مەن شاھلار شاھى مەن ، خۇسرەۋ سۈپەت ئۇل .
ئۈچ قىزنى بەخش ئەيلە شاھى جانانغا ،
تاجىڭ شولىسىن يەتكۈز ئۇ كەيۋانغا . »
بەرزىن جاۋاب قىلدى : « ئايا ، شەھرىيار ،
شادلىق بولسۇن ساڭا بۇ مەي بىلەن يار .
بارمۇ بۇ جاھاندا جۈرئەتلىك بولغان ،
شاھىم ، تەلىپىڭگە تەلەپلەر قويغان ؟
مېنى غۇلام قىلىپ ، قوبۇل قىل شاھىم ،
تەختىڭنى ھۆرمەتلەشكە قىلغىن قۇل شاھىم .
كۈتەيمەن سېنىڭكى تاجۇ تەختىڭنى ،
شانۇ شەۋكىتىڭنى ، بارچە بەختىڭنى .
خىزمىتىڭدە بولسۇن ئۈچ قىزىم مەيلى ،
مەيلى قۇلۇڭ بولسۇن ، لوتفىڭ تۈپەيلى . »

پادىشاھ خۇش كۆرۈپ بۇ ئۈچ چىراينى ،
كۆرگەندەك بولدى دەل ئۈچ تولغان ئاينى .
قەدلىرى سەرۋىدەك چېھرلىرى ھال ،
تەختۇ تاجۇ زىننىتى ئۈچ ساھىبجامال .
« كۆڭلۇمدە نېمە بار ، ياخشى يا يامان ،
ساڭا ئىزھار ئېتەي ، ئەي شاھى جاھان .
پالاسلار ، لىباسلار ، زىبۇ زىننەتتىن ،
يېمەكلىك ـ ئىچمەكلىك ، ھەممە راھەتتىن ،
غېمىم يوق ، ئىككى يۈز تۆگە مېلىم بار ،
بەلكى مۇندىنمۇ كۆپ ئېھتىمالىم بار .
بىلەزۈك ، ھالقا ۋە تاج بىلەن تەختىم ،
ھەممىسى قىزلارغا ، ئۇلاردۇر بەختىم . »
بەرزىن سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلدى شاھ بەھرام ،
دېدى : « بىساتىڭدا بار مۇلكى ئەنجام .
ھەممىسى جايىدا قالسۇن مەن تەگمەي ،
سەن غەزەل ئوقۇتقىن ۋە كەلتۈرگىن مەي . »
ئاڭا بەرزىن دېدى : « ئايدەك بۇ ئۈچ قىز ،
كەيۇمەرس ۋە خۇشەڭ يولىدا تەڭسىز .
بۇلار سېنىڭكىدۇر ، خاكى ، رۇھى ھەم ،
ساڭا تەئەللۇقتۇر ھەر بىر تىنىق ـ دەم .
كەنجە قىزىم ئىسمى بىل ، مەھافەرىد ،
بىرى فەرانەكتۇر ، بىرى شەنبەلىد . »

خۇش كۆردى شاھىنشاھ بۇ ئۈچ دىلبەرنى ،
قوبۇل قىلدى ئۈچ قىز ـ مەھبۇبە ـ يارنى .
بۇيرۇدى لەشكەردىن بىر ئۇلۇغ نامدار ،
تۆت ئالتۇن تەختنى قىلىشتى تەييار .
گىلەمگە ئولتۇردى ئۈچ نازىنىن ھەم ،
ئاتمىش رۇملۇق خادىم خىزمەتتە ھەمدەم .
ئۇلارنى تەرىپلەپ شېرىن زۇۋاندا ،
ئېلىپ بېرىشتى تەختى راۋانغا .
زەررىن شەبىستانغا كىردى ئۈچ ئاي ـ ماھ ،
ئۇلار جامالىدىن مەست ئىدى پادىشاھ .
شاھىنشاھ قامچىسىن ئېلىپ بىر غۇلام ،
ئىلدى دەرگاھ ئارا ، قىلىپ ئېھتىرام .
شۇ قامچىدىن ئۆزگە ھېچقانداق نىشان ،
يوق ئىدى قوشۇنغا بەرگەن مۇنچە شان .
ھەر كىمكى قاراركەن قامچىغا شۇئان ،
بېرىپ سۆيۈپ ، تاۋاپ قىلاتتى ھامان .
مەستانە بولغۇچە ئىچتى شەھرىيار ،
گىلەمگە ئولتۇرۇپ شاد ھەم بەختىيار !
زەررىن شەبىستانغا يەتكەندە بەھرام ،
گۆھەردەك قەسىردە ئۇ ئالدى ئارام .
بىر ھەپتە تاماشا ھەم سۆھبەت قىلىپ ،
يول ئالدى ئىنئاملار ، سوۋغاتلار بېرىپ .

## بەھرامنىڭ شىكاردىكى جاسارىتى

سەككىزىنچى كۈنى ئوۋغا چىقتى شاھ ،
مىڭ لەشكەر يېنىدا ئىدى ئۇ ھەمراھ .
تولغانتى قۇلانغا دەشتۇ باياۋان ،
ئوينايتتى بەھرامنىڭ قولىدا كامان .
ئىككى ئۆتكۈر ئوقنى ئورناتتى يايغا ،
ئىلتىجالار قىلىپ قادىر خۇداغا .
پەسلى باھار ئىدى ، قۇلان كۆپ ئىدى ،
بىر ـ بىرىن قوغلىشار نەچچە توپ ئىدى .
بىر ـ بىرىن چىشلىشىپ قىلار ئىدى جەڭ ،
پايانسىز چۆل قاندىن بولغان ھەقىق رەڭ .
ئىككى ئەركەك قۇلان كۆرۈندى دەرھال ،
بىر ـ بىرىن قىلاتتى قان ئىچرە پايمال .
بىرى غالىب چىقىپ باياۋان ئارا ،
ئۇرغاچى قۇلانغا زور سالدى تەنھا .
بۇ ھالنى كۆرگەندە بەھرام ياي تارتتى ،
كىرىچكە ئوق سېلىپ ئاڭا قاراتتى .
ئوق ئۇچتى جۈپلەشكەن قۇلانلار تامان ،
چەمبەرچاس مىخلاندى ئىككىسى شۇئان .
بىر ئوقتا ئىككىنى ئاتتى بىمالال ،
بۇ ئىشتىن ئەسكەرلەر بولۇپ قالدى لال .
كۆرۈپ مەرگەنلىك ئۈستۈن سەنئىتىن ،
بىلدۈردى بەھرامغا ھۆرمەت ۋە تەھسىن :
يامان كۆزدىن ئىگەم ساقلىسۇن ئامان ،
بايرامدەك كۈنلىرىڭ بولسۇن دائىمان .
سەن مەردلىك بابىدا ساھىبقىرانسەن ،
ھەم شاھ سەن ، خۇسرەۋدەك ھەم قەھرىمانسەن . »

## بەھرامنىڭ شىرلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە گۆھەرپۈرۈشنىڭ قىزىنى سورىغانلىقى

قامچا باستى بەھرام ئۇچقۇر تۇلپارغا ،
يول كېزىپ ، دۇچ كەلدى بىر توقايزارغا .
چىقتى، جاڭگاللىقتىن ئىككى شىر ناگاھ ،
كامانى نىشانلاپ ئوقنى قويدى شاھ .
بىر شىرنىڭ كۆكسىگە ئوق يېرىپ كىردى ،
تاكى ئارقىغىچە تېز پېتىپ كىردى .
چىشى شىر يېنىغا ئۇ كېلىپ شۇ دەم ،
ئۇنى بەلباغ بىلەن چۇشەپ قويدى ھەم .
شاھ دېدى : « بۇ ئوققا ھاجەت يوق ئىدى ،
ئۆزىمۇ ئۆتمەسىرەك ، ئاددىي ئوق ئىدى . »
ئەمەلدارلار ئېيتتى شاھقا ئاپىرىن :
« نامىڭ ئۇلۇغ بولسۇن ، ئەي شاھى زېمىن !
تاكى پەيدا بولۇپ بۇ تەختى ئالەم ،
كۆرمىگەن سېنىڭدەك پادىشاھ ئادەم .
ئۇچىسىز ئوق بىلەنمۇ غۇلاتتىڭ شىرنى ،
تاغنىمۇ يەنچىيدۇ شەمشىرىڭ زەربى . »
جاڭگاللىق ئىچىگە ئات سۇردى شۇئان ،
سادىق لەشكەرلىرى كەلدى يانمۇ يان .
كۆردىكى قويلىرى ئەلۋەك بىر يايلاق ،
قورققان چوپان قاچتى بۇندىن يالىڭاياغ .
چوپانلار سەردارى كۆردى بەھرامنى ،
ئۇ ئالغان شىرلاردىن قىساس ــ ئارمانى .
بەھرام سورىدى : « بۇ دەشتى توقايدا ،
كىم ئۇ قوي باققان ۋە ئۆزى قايدا ؟ »
چوپان بېشى دېدى : « ئايا ، نامدار ،
يالغۇز مەن ئۇ ئىشنى قىلدىم ئىختىيار .
زەرگەرگە قارامدۇر سەن كۆرگەن بۇ مال ،
تاغدىن ھەيدەپ چۇشتۇم كېچە بىمالال .
قىلماس خوجايىنىم پىسەنت بۇ دەشتنى ،
بەدۆلەت ، ھېچ ئىشتىن قىلماس تەشۋىشنى .
ئۇنىڭ مال ــ مۈلكى ، زەر ، كۈمۈشلىرى كۆپ ،
ياقۇت ، بىللۇر يەنە گۆھەرلىرى كۆپ .
يالغۇز بىر قىز بار ، چاكچى بۇ ئەلدە ،
قاپقارا چاچلىرى ئويناپدۇ بەلدە .
شۇ قىزى قولىدىن ئىچەر مەي ــ ھاراق ،
دۇنيا كۆرمىگەندۇر بىر قىزى مۇنداق .
بولمىغاندا بەھرام شاھ ئادالەتلىك ،
بولماستى مۇنچىلىك نامدار ، دۆلەتلىك .
شاھىنشاھ ئىنتىلمەس بايلىق ، زەرلەرگە ،
شۇنداق تەلىم بەرگەن ھەم ۋەزىرلەرگە .
يىرتقۇچنى ئۆلتۈرگەن ئېيتقىل قايسى مەرد ؟
خۇدا قوندۇرمىسۇن ئاڭا زەررە دەرد ! »
بەھرام جاۋاب قىلدى : « مۇشۇ ئىككى شىر ،
بىر باتۇر ئوقىدىن يىقىلدى ئېغىر .
ئاندىن يەتتە دوستىن يېنىغا ئېلىپ ،
نەگىدۇر يول ئالدى سۇۋارى ، غالىب .
سەن بىزگە زەرگەرنىڭ ئۆيىنى كۆرسەت ،
ئىشكىلەر تاقالماي ، كۆرسەت تېز پۇرسەت .
چوپان بېشى دېدى : « قويۇپ ئارغىماق ،
ماڭسىڭىز كۆرۈنگەي سۇلۇق بىر قىشلاق .
يۇرت ئارا مەشھۇردۇر ئۇ جاينىڭ نامى ،
بەھرام شاھ قەسرىگە يەتكەن پەيغامى .
سىياھەتەك چېدىردىن يايغان مەھەل تۈن ،
ئۇ يەردە باشلىنار بىر بەزمە پۈتۈن .
بېرىپ يېقىنراقتىن قۇلاق سال بىرپەس ،
ھەتتا چاڭ ساداسى ئېتەر سىنى مەست . »
بۇ سۆزنى ئاڭلىدى ، ئاتقا مىندى شاھ ،
شاھانە كىيىنگەن خادىملار ھەمراھ .
ئاجرالدى قوشۇندىن ھەم ۋەزىردىن ئۇ ،
بېشىدا مەۋج ئۇرغان چېغى ئارزۇ .
روزبېھ بېقىپ دانىش ئولتۇرغان ياققا ،
دېدى : « ئىران شاھى بېرىپ قىشلاققا .
زەرگەر ئىشىكىنى ئاچار ، شۈبھىسىز ،
كۆكۈلدە بارىنى چاچار شۈبھىسىز .
ئۇ زەرگەر قىزىنى سورىشى ئېنىق ،
بېشىنى تاج بىلەن ئورىشى ئېنىق .
سوك زەررىن ھەرەمگە گۈزەلنى باشلار ،
بەرزىن ئۆيىدە ھەم مەئىشەت ئېتەر .
ئەيش ــ ئىشرەتكە ئۇ زادى تويمىدى،
تاڭغىچە يار چېچىن قولىدىن قويمىدى .
ئۇنىڭ ھەرەملىرى يۈزدىنمۇ ئارتۇق ،
ياماندۇر شاھ بولسا مۇنچىلىك ئاشىق .
ئۆلارنىڭ ھەر بىرى بولۇپ ئۆزگىچە ،
شاھلىق خەزىنىسىن يۇتەر ئۆزىچە .

بۇ يولدا بار مۇلكىن قىلماققا تاراج ،
بىر ئايدا يوق بولۇر رۇمدىن چۈشكەن باج .
مىلڭ خەتەر ، بۇ قامەت ، بۇ ھۆسن كامال ،
مىلڭ خەتەر ، پىكىرگە بۇ نۇرلۇق جامال !
كىم كۆرگەن بۇ قەدەر پەھلىۋان زورنى ،
بىر ئوقتا ئۆلتۈرگەن ئىككى قۇلاننى .
ئاياللار ئەيشىدىن بولمىسا ئادا ،
بەدەنمۇ بوشىشىپ بوپقالار تاختا .
قاپىقى چوكقۇرلاپ ، سارغىيار يۈزى ،
نۇرىدىن ئايرىلار بارغانچە كۆزى .
خىنىملار خىيالىدىن ئاقارغاي ھەم چاچ ،
چاچ ئىپقى ئۈمىدسىز قىلسا ، نە ئىلاج !
شەھۋەت ياش قامەتنى ئىگىپ تاشلىغاي ،
شۇ يوسۇن ئۆتكەن كۈن ئاپەت باشلىغاي .
يىقىنلاشماق كىرەك بىر ئايدا بىرلا ،
ئۇندىن ئارتۇق بولسا بالاسى تولا .
نەسىل قالدۇرماققا يارالغان بۇ ئىش ،
ئەقىللىق كىشىگە ئۇ ئارتۇق تەشۋىش .
كىمكى كۆپ بېرىلدى شەھۋەت تامان ،
جىسمىدىن كېمىيىپ بارار ئىسسىق قان . »
كۆزدىن يوقالغۇچە ئاسماندا قۇياش ،
شۇ تەرەپ يول ئالدى بولۇپ سۆھبەتداش .
قاراڭغۇ كېچىدە ياندا نۆكىرى ،
بەھرام يول باساتتى شۇ قىشلاقسىرى .
يېتىشتى كۆپ يۈرۈپ زەرگەر ئۆيىگە ،
قۇلاق سېلىپ تۇردى چاڭنىڭ ئۈنىگە .
چاڭ شۇنداق چېلىنغان ، دىل ئىدى مەپتۇن ،
يېقىنلاپ كەلدى شاھ چىقارماستىن ئۈن .
خۇدانىڭ نامىنى دىلدا قىلىپ ياد ،
ئىشىك زەنجىرىنى قاقتى قاتمۇقات .
« كىم ؟ ــ دەپ ئاۋاز قىلدى خىزمەتكار ئايال ، ــ
تۈندە ئىشىك قېقىپ يۈرگەن بىمەھەل ؟ »
جاۋاب شۇنداق بولدى : « شاھ بىلەن بىرگە ،
شىكارغا چىققانتۇق بۇ دەشتى چۆلگە .
كەچ كىرىپ ، ئاقساقلاپ قالدىم ، دەرمانسىز ،
يولدا قېپقالدىم مەن بولۇپ پاناھسىز .
ئېتىمنى ئوغۇرلار قالسام كوچىدا ،
ئالتۇن جابدۇقلىرى يىتكەي كېچىدە . »
كېنىزەك خوجىسىغا قىلدى دىرەك :
« بىر يىگىت قونالغۇ سورايدۇ دېمەك :
كوچىدا قالسام يىتۈر بىساتىم ،
ئالتۇندىن جابدۇقلۇق بۇ مىنەر ئېتىم . »
جاۋاب بولدى : « ئاچقىل ئىشىكنى ئىلدام ،
مېھماندارلىق قىلماق ماڭا بىر نىزام . »
كېنىزەك ئىشىكنى ئاچتى شۇ پۇرسەت ،
بەھرامغا دېدىكى ، يىگىت مەرھەمەت !
شاھ كىرىپ ئاجايىپ بىر جاينى كۆردى ،
خىزمەتكارلار تولا سارايىنى كۆردى .
ھەيرەتتە دېدىكىم : « قادىر خۇدايىم ،
بەندەڭگە رەھنەما ئۆزۈڭسەن دائىم .
ھەمىشە ئادالەت بولسۇن بۇ قەلبىم ،
تەمەدىن پاك قىلسۇن ھەمىشە دىلىم .
بولسۇن ھەر ئىشىمغا ئادالەت قانات ،
پۇقرالار دەۋرىمدە ياشىسۇن بوپ شاد .
ئەقىل ــ كارامىتىم بولسا زىيادە ،
شۆھرىتىم كېمەيمەس ئۇشبۇ دۇنيادا .
بارچە مىللەت خۇددى شۇ زەرگەر مىسال ،
چاڭ چېلىپ ، بەزمە ئېتىپ ئۆتۈشسۇن خۇشال . »
شاھنىشاھ چىققاندا ئېگىز ئايۋانغا ،
ناگاھ كۆزى چۈشتى گۈزەل جانانغا .
ئۆي ئىگىسى ئۇچۇن بۇ ئادەت ــ رەسىم ،
ئورنىدىن قوزغالدى قىلغىلى تەزىم
ۋە دېدى : « بۇ ئاخشام بەختىڭ يار بولسۇن ،
بارچە دۈشمەنلىرىڭ خارۇ زار بولسۇن . »
ئورۇن سېلىپ ، داستىخان يېيىپ شۇ زامان ،
مېھمان ھۆسنىدىن شاد بولدى ساھىبخان .
بۇيرۇدى داستىخانغا نېمەت قويۇشنى ،
كەلتۈرۈلدى ھەر خىل تائام ، يېمىشى .
بۇيرۇدى چاكارغا ئاتقا قاراشنى ،
يەم سېلىپ ، يايلىنى يۇيۇپ ــ تاراشنى .
ئايرىمچە غەملەندى نۆكەر ياتار جاي ،
نېمەتلەر ھەم ئاڭا ئاچقان خۇش چىراي .
ئورنىنى يېقىنراق سۈرۈپ بەھرامغا ،
ساھىبخان مېھماننى كۈتەر شۇ دەمدە .
شۇنداق ئىلتىپاتلار قىلىپ ساھىبخان ،
بەھرامغا دەر ئىدى : « ئەي مەردۇ مەيدان ،
مېنىڭ ئۆيۈمنى سەن ئۆز ئۆيۈڭ بىل ،
ئۇشبۇ تەكلىپىمنى دىلدىن قوبۇل قىل .

بىر ئاز غىزالىنىپ ، قولغا ئالغىن جام ،
جاي بىرەي ئۇيقۇغا ھالاۋەت ، ئارام .
ئۇخلاش ۋاقتىڭ يەتكەن چېغى ئۇخلاپ ئال ،
ھاردۇق ھەم كەيپىڭنى سەن ھېسابقا ئال .
ئەرتىلەپ ئۇيقۇدىن ئويغانغان زامان ،
ماڭارسەن شاھىڭنىڭ خىزمىتى تامان . »
بەھرام دەر : « بىمەھەل قىلدىم ئاۋارە ،
ئىلتىپاتلار بولدى شۇنداق زىيادە .
يەزدانغا مىڭ مەرتە تەشەككۇر بولسۇن ،
كىم شۇكۇر قىلمىسا خارلىنار پۈتۈن . »
كېنىزەك كەلتۈردى ئاپتۇۋىدا سۇ ،
مېھماندىن كۆزىنى ئۈزەلمىدى ئۇ .
قولغا سۇ كەلتۈرۈپ ، ئاڭا قويدى جام ،
لەۋگە جام ، كۆڭۈلگە تېگەر ئىدى ئارام .
كەلتۈردى لالىرەڭ مەينى كېنىزەك ،
مۇئەتتەر گۈلدەستە يېنىدا بېزەك .
ساھىبخان دەسلەپى مەي ئىچتى بىر جام ،
ئاندىن گۈلاب جامنى توشقۇزدى ئىلدام .
بەھرامغا ئۇزىتىپ ئۇل دىلارام جام ،
سورىدى : « نە ئىرۇر ، مېھمان سەندە نام ؟
ساڭا سادىقلىققا ۋەدە قىلۇرمەن ،
بەھرام شاھ نامىدا قەسەم ئىچۇرمەن .»
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، كۈلدى شەھرىيار ،
دېدى : « نامىم گۇشەسپ ، ئۆزۈم بىر سۇۋار .
بۇ ياققا كەلدىم مەن چاڭ سازىن ئاڭلاپ ،
مەيۇ ھۇزۇر ئەمەس ئەسلىدە مەتلەب . »
ساھىبخان دەر : « بۇ قىز دىل پارەم ئىرۇر ،
يۈرىكىم يىلتىزى ، كۆز قارام ئىرۇر .
ھەم چاڭچى ، ھەم ھاپىز ، ھەم ياخشى سۆزلۈك ،
قەلبىمنى غەمدىن پاك ئېتەر ئاي يۈزلۈك .
ئۇشبۇ دىلارامنىڭ ئارزۇدۇر نامى ،
ھەم غەمگۇزار ئىرۇر ، ھەم دىل ئارامى . »
دېدى سەرۋقەدكە : « چاڭنى قولغا ئال ،
گۇشەسپ يېنىغا بېرىپ ، ناۋا چال ! »
پادىشاھ يېنىغا كەلدى چاڭچى قىز ،
يەمەن سۇھەيلىدەك خۇشخىرام تەڭسىز .
بەھرامغا دېدىكى : « ئەي باتۇر ئوغلان ،
بايقىدىم سېنىڭدە شاھلىقتىن نىشان .
بىلگىنكى بۇ ئۆينى ئۆز خاندانىڭ ،
ئاتام ساھىبخاننى خەزىنەدانىڭ .
قاراڭغۇ كەچلەردە كۆڭلۈڭ چاغ بولسۇن ،
بېشىڭ بۇلۇتلاردىن بەلەنرەك بولسۇن ! »
قىزغا بەھرام دېدى : « ئولتۇر ، چالغىن چاڭ ،
باشلىغىن بىر ناخشا شۇنچە خۇش ئاھاڭ .
ئاتاڭ مېھماندوستلۇق بابىدا غايەت ،
مېھمان قەلبى كۆيىدىن ياشارسا شايەت . »
چاڭچى قىز چالغۇنى تۇتۇپ قولىدا ،
سازنى جاراڭلاتتى « مۇغان » يولىدا .
سۆزگە كىردى گويا سېھىرلىك تارلار ،
قىزدىن ھەم تارالدى خۇش خوي ئىپارلار .
ئاندىن ماھىيار قوشقىن ئېيتىشتى تەلقىن ،
ئۇنى سەنەبەرگە ئوخشىتىپ يېقىن .
قىزىل گۈل ئاق گۈلنى چىرمىغانسىمان ،
سۆزى ئاتەش ئىدى ، دىلى شام بۇ ئان :
ئىلىم ـ ئەقلىڭ بىلەن يۈكسەلسۇن روھىڭ ،
دۈشمىنىڭ يېڭىلىپ ، ئاشسۇن شۆھرىتىڭ .
ئازادە خۇلقدارسەن فەرىدۇن گويا ،
مەن ـ ئارزۇ ، خىزمىتىڭ قىلاي دائىما .
جەڭدە لەشكەرلىرىن غالىب قىلغان شاھ ،
قەدەم تەشرىپ قىلدىڭ ، بىزگە بولۇپ ماھ ! »
شۇ سۆزلەرنى قىلىپ يۈردى شاھ تامان ،
كۈيلىدى چېڭنى ياڭرىتىپ ھامان .
مېھمانغا دەر ئىدى : « ئەي شاھ سۆلەتلىك ،
مۇنەۋۋەر يۈلتۇزلۇق ، دانا ـ دۆلەتلىك .
كىمكى كۆرمىگەن بولسا بەھرامنى ،
ئۇ ئالىيجاناب زات ، ئۇ دىلارامنى ،
بىر باقسا بەس ئىرۇر سېنىڭ يۈزۈڭگە ،
بەھرام نەقىش قىلىنغان سېنىڭ ئۆزۈڭگە .
ئۇلۇغۋار ھالىتىڭ ، سەرۋىدەك قەددىڭ ،
مەغرۇر خىرامىڭدا بار چەكسىز ھەددىڭ .
ئۆزۈڭ شىر يۈرەكسەن ، تېنىڭ مىسلى پىل ،
جەڭدىكى شىددىتىڭ يۈز شىرچە بار ، بىل .
چىرايىڭ ئوخشايدۇ گۈلنارغا پۈتكۈل ،
بەلكى ، ئېيتىش مۇمكىن رەڭگىڭ لالەگۈل .
كەڭ يەلكەڭ تۆگىدەك ، كېلىشكەن بەستىڭ ،
بىسۇتۇن تېغىنى تىك كۆتۈرگەي دەستىڭ .
خاكى تېنىڭ ئىرۇر ئارزۇنىڭ تېنى ،
ساڭا پىدا بولسۇن ھاياتىم مېنى ! »

ئاڭلاپ بۇ مەقامدا شۇنچە شېرىن سۆز ،
ئۇ مەھلىقادىن شاھ ئۈزەلمىدى كۆز .
مەپتۇن باقار ئىدى ، بولۇپ مۇپتىلا ،
قەلبىنى چۇلغىغاچ ئىشق نامىلىق بالا .
بەھرام ھۇزۇرىدا مەست بولغاچ ماھيار ،
ساھىبخانغا سۆزنى ئاچتى شەھرىيار :
« دىن يولىن چىڭ تۇتۇپ، قىزنى ماڭا بەر ،
بۇ ھىممىتىڭگە قەلبىم مىڭ ئاپىرىن دەر . »
ئاررۇدىن شۇ ھامان سورىدى ماھيار :
« بۇ شىر يۈرەككە بارمۇ سەندە ئىختىيار ؟
ياخشىلاپ تىڭلاپ كۆر كۆڭۈل سىرىڭنى ،
ئەجەب بولماس بەرسە تەڭرىم بەختىڭنى . »
دادىسىغا جاۋاب قايتۇردى ئاررۇ :
« جان ئاتا ھەر سۆزۈڭ مەن ئۈچۈن ئىزگۇ !
دىلىڭدا بولسا گەر شۇ ياخشى نىيەت ،
مەيلى گۇشەسپكە يار بولاي پەقەت .
بەھرام سۈپەت ئىرۇر بۇ ئەزىز ئوغلان ،
تەكلىپىن رەت قىلۇر قايسى بىر نادان ؟ »
قىزنىڭ جاۋابىدىن ئاتا بولدى لال ،
بەھرامغا دېدى : « ئەي مەرد ، بەركامال ،
سەن قىزنى كۆزەتتىڭ بېشىدىن ـ ئاياغ ،
ئەقىل ھەم ئىلمىنى ئەمدى سىناپ باق .
ئۇنى چىن قەلبىڭدىن ئىمتىھان قىلغىل ،
پۈرسەتنى ئۆتكۈزمەي پەيلىنى بىلگىل .
قىزىم بەدۆلەت ھەم تەڭسىز چىرايدا ،
ئارتۇق تەربىيەدىن نە يەنە پايدا ؟
ماھيار گۆھەرلىرىنى ھېسابلىسا كىم ،
شاھ گەنجىدىن كۆپرەك كېلىدۇ بەلكىم .
بولدى قىل ، بۇ كېچە ياخشى ئال ئارام ،
ھازىرچە قولغا ئال مەي لىق تولغان جام .
كەيپىتە ھەل بولماس مۇنداق نازۇك ئىش ،
ئۇلۇغلار بېجەرگەي ئىشنى ئاسايىش .
ئۇخلىغىل تا سەھەر چىققۇچە ئاپتاپ ،
يەنە توپلانغۇچە ۋەزىر ۋە ئەرباب .
تاڭدا دانالارنى چاقىرارمىز ھەم ،
ئۇلۇغلار ، ئەللامە بۇندا بولغاي جەم .
تۈندىكى ۋەدىدە يوقتۇر ئىناۋەت ،
فەرىدۇن دەۋرىدىن قالغان بۇ ئادەت .
كەيپىتە دېگەن سۆز خەيرلىك ئەمەس ،
ئاقىللار بۇ ئىشنى ئىنسابتىن دېمەس . »
بەھرام جاۋاب قىلدى : « بۇ يەزدان ئىشى ،
بۇ يولدا پال ئاچماس ئەقلى بار كىشى .
دىلىم چاڭچى قىزغا مايىلدۇر بۇ كەچ ،
سەن تۈرلۈك ئەندىشە ، شۇبھىدىن تېز كەچ ! »
بۇزرۇكۋار سورىدى : « سۆزلە ئەي ئاررۇ ،
ساڭا ئەر بولماققا ئەرزىمەدىكىن ئۇ ؟ »
قىز دېدى : « مەن ئۇنى كۆرگەن چېغىمدا ،
تۇغۇلدى ئاڭا مەيىل كۆڭۈل بېغىمدا .
دۇئا قىل ، يەزدانغا بارچە ئىختىيار ،
ماھيار قىلمىشىدىن بولماس غەزەپدار . »
ئاتا دەر : « سەن ئەمدى ئاڭا ياستۇقداش ،
پاك نىيەت يولىدا مەيلى قويغىن باش . »
قىزنى جۇپ ئەيلىدى بەھرامغا ئۇ زات ،
تاڭ ئاتتى . . . خىزمەتكار كەلدى ئاڭا پات .
بەھرام قامچىسىنى ئۇنىڭغا سۇندى ،
ماھيار دەرگاھىدا ئېگىزگە ئىلدى .
ئاررۇ ئۆتكەندە ئۆز خانىسىگە ،
ئۇيقۇلۇق ياتاتتى ھەممە ئۆي ئىچرە .
باشقا خانىلارنى كېزىپ ئۇ ماھيار ،
گۇشەسپ ئىشىدىن بولدى خەۋەردار .
خىزمەتكارغا ئۇنىڭ شۇ بولدى سۆزى :
« تېز كەلتۈر بۇ يەرگە يۇمشاق بىر قوزى .
داستىخان قايتىدىن زىننەتكە كىرسۇن ،
ھەممىسى بىباھا نېمەتلەر بولسۇن .
گۇشەسپ ئويغانغاندا بولغىل ئاگاھ ،
تېز كەلتۈر ئالدىغا بوزا ۋە غىزا .
كافۇرى قەدەھكە گۇلاپ مەي قۇيغىن ،
خانىگە تولدۇرغىن خۇش ھاراق بۇيىن .
كېچىكى مەيدىن مەن كەيىپ ھامان ،
قېرى بىر زەرگەرگە ئارتۇق كەيىپ يامان . »
شۇ گەپلەرنى ئېيتىپ ياتتى تۆشەكتە ،
ئۇيقۇ ـ ئارام بىلەن كەتتى پىنەككە .
مۇنەۋۋەر سۇبھى تاڭ كۆرسەتكەندە تاج ،
پارلانغان زېمىندا باشلاندى راۋاج .
قامچا تۇرغان جايغا كېلىشتى سەھەر
مىڭلىغان نەيزىلىك ، قالقانلىق لەشكەر .
مەيدانغا لىق تولغان بارچە ئەر ـ قوشۇن ،
بۇ جايغا پادىشاھ قونغىنى ئۈچۈن .

قامچىغا ئۇلارنىڭ كۆزى چۈشكەن تاپ ،
ئۇنى كۆزگە سۈرۈپ قىلىشتى تاۋاب .
ھەممىدە نەيزە ھەم گۈرزە ھەم قالقان ،
مۇنچىلىك قوشۇندىن تىترەيتتى مەيدان .
كۆزەتچى خوجىسىن قىلغاندى بىدار ،
كەيپتىن زەرگەرمۇ تېز بولدى ھوشيار .
دېدىكىم : « تېز چىقىپ سىرتقا سال نەزەر ،
ئۈيقۇدىن كېچىپ ، ئال جاھاندىن خەۋەر .
بۇ مېھمان ئوخشايدۇ شاھى جاھانغا ،
قونۇپتۇ بىناۋا ئۇشبۇ خاندانغا . »
ھوشيار بولدى گەپتىن بۇ گۆھەر پۇرۇش ،
قەلبىنى بۇ خەۋەر شۇنچە قىلدى خۇش .
سورىدى : « نېمىگە بۇ گەپنى قىلدىڭ ،
شەھرىيار ئىكەن دەپ قەيەردىن بىلدىڭ ؟ »
شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى غەزەپناك ،
بۇ سىرنى ئېتەلمەس ئىدى ئۇ ئىدراك .
ۋارقىراپ دېدى ئۇ : « بۇ گەپ راست ئەمەس ،
ئەقلى بار دانالار بۇ سۆزنى دېمەس ! »
خىزمەتكارى دېدى : « ئايا ، جاھاندار ،
بۇگۈن شاھ نەزەرى ساڭا دەل باقار .
دەرگاھىڭ قېشىدا قوشۇن شۇنچە مول ،
ھەتتاكى ئۆتكىلى تاپالمايسەن يول .
كىمكى بۇ دەرگاھقا كەلسىمۇ بىر ئاز ،
شۇ كونا پالازدا ئوقۇغاي ناماز .
تېخى ئۆز نۇرىنى چاچماستىن ئاپتاپ ،
نۆكەرمۇ قورۇدىن چىقتى ئالدىراپ .
قولىدا مېھماننىڭ زەررىن قامچىسى ،
گۆھەردەك جۇلالىق رەڭدار قامچىسى .
دەرۋازا بېشىغا قامچا ئىلىندى ،
بۇ جايمۇ مۇقەددەس جايغا ئايلاندى .
ئەمدى مەي كەيپىنى ئۇنتۇغىل تامام ،
سەۋەبسىز ئەمەستۇر مۇنچە ئېھتىرام ! »
كۆزەتچى سۆزىنى ئاڭلاپ ئاشۇ دەم ،
قىرىنىڭ دىلىنى قاپلىدى ئەلەم :
« شاھىنشاھ ئالدىدا نېمە بولدۇم مەست ،
قىزىمنى ھەم قىلدىم مەندەك مەيپەرەست . »
ئۇ كىردى ئارزۇنىڭ خانىسىغا ،
دېدى : « ئازادە خۇلق ، ئاي يۈزلۈك پەرى !
كېچە بۇ ئۆيگە كېلىپ قونغان زات ،
شاھىنشاھ بەھرامدۇر شۈبھىسىز ، ھەيھات !
قۇلانلار ئوۋىدىن قايتقانىكەن شاھ ،
ئاڭا لازىم بولغان بىزنىڭ ئارامگاھ .
كىيىپ چىققىن رۇمچە شاھى لىباسىڭ ،
بېشىڭغا قوندۇرغىل پاك تاجى خاسىڭ .
بىساتىڭدىن ئۈچ تال قىزىل ياقۇت ئال ،
شاھقا ھەدىيە ئۈچۈن ، ئەي ساھىبجامال !
چېھرىسى قۇياشتەك شاھنى كۆرگەندە ،
كۆكسۈڭگە قول قويۇپ ، تۇرغىل تەزىمدە .
كۆزىڭگە تىك باقما ، ھايا بىلەن باق ،
تەنمەھرەملىك ئىلە تۇرغىل يېقىنراق .
مېھرىلىك جاۋاب بەر ، گەر سورىسا سوئال ،
شەرمۇ كەرەشمىدە بولغىل بىمىسال .
پەقەت شاھ چاقىرسا قېشىغا كىرگىن ،
قول ئورنىدا كۆرسە ، قۇلدەك ئولتۇرغىن !
بىلمەي ئولتۇرۇپتىمەن ، كېچە يانىمۇ يان ،
تېنىم پارە بولۇپ سۇنغاي ئۇستىخان !
بىللە مەي ئىچىپتۇ مەن بىلەن ئۇ شاھ ،
ياش ياكى قېرىغا ، مەي ئىچمەك گۇناھ .»
شۇ مەھەل خىزمەتكار يەتكۈزدى خەۋەر :
« ئۇيقۇدىن ئويغاندى شاھى مۆتىۋەر !
باغقا چىقىپ ھۇزۇرلاندى شەھرىيار ،
باش ـ كۆزىن يۇيۇپ ئۇ پاكلاندى ناھار .
قۇياشقا دەلمۇ دەل تۇرۇپ ئۇل سىيما ،
يەزدانغا مىڭ قەتلە قىلدى تەسەننا .
ئاندىن ئۇ خانىگە قايتتى ئاستىلاپ ،
بۇيرۇدى بىر جامدا مەي كەلتۈرگىن ، دەپ .
ئاندىن ئالدى لەشكەر ھالىدىن دېرەك ،
بۇيرۇدى ، ھەر دائىم تەق بولماق كېرەك .
دېدى ھەم ئارزۇ كىرسۇن يېنىمغا ،
ئارزۇنى ئارزۇ قىلدىم جېنىمغا .
ئارزۇ كېنىزەكلەر بىلەن كەلدى ،
بېشىدا تاج ، قولىدا مەي كۆتۈرگەندى .
پۈكلىنىپ ، يەر سۆيۈپ ، تەزىم ئەيلىدى ،
شاھ كۈلۈپ ، گۈزەلگە رەزم ئەيلىدى .
دېدى ئۇ : « سۆزلىگىل بۇ نېچۈن ئەھۋال ،
قېچىپسەن سەن مېنى قىلىپ كەيپۇ لال ؟
بىزگە يېتەرلىكتۇر ناخشا ، چاڭ ھەم ساز ،
ئايااللار سوۋغىسى ئەتمەس سەرفەراز .

كېچە ئۇۋ توغرۇلۇق ئېيتتىڭ بىر ناخشا،
قايتا ئېيت، ياڭرىسۇن يەنە ئۇ ناۋا! »
يەنە سورىدى : « قېنى ئۇ گۆھەرپۇرۇش،
مەن بىلەن مەست بولۇپ مەي ئەيلىگەن نۇش ؟ »
بۇ سۆزنى ئاڭلىغاچ دادىستى دەرھال
چاقىرتتى قىزنى، كىرىپ كەلدى چال.
كىردى بەك قورۇنۇپ، تەزىم قىپ شۇ چاغ،
ئاپتاپتەك شاھقا ئۇ بېقىپ خۇش سىياق
ۋە دېدى : « ئەي دانا، ئەي مەردۇ شاھ،
ئەڭ نادىر باھادىر، سەن يۇرتقا پاناھ!
بۇ ئالەم ھەمىشە ئەمرىڭدە بولسۇن،
تاجىڭنىڭ جۇلاسى ئالەمگە تولسۇن.
بىھوشلۇق دورىسىن ئىچكەن بولسا كىم،
ئالدىڭدا گۇناھكار كەبى تۇرار جىم.
مەن نادان يېنىڭدا كۆپ مەي ئىچىپمەن،
مەن دىۋانە شۇ دەم ھوشتىن كېچىپمەن.
كەچۈرۈم تىلەيمەن بۇ گۇناھىمغا،
كەچۈرۈم ئاپتىپىن چاچساڭ بېشىمغا.
ئىشىكىڭ ئالدىدا قۇل بولاي مۇدام،
ماڭا ئىنسانلىقنى قىلمىغىل ھارام! »
جاۋاب شۇنداق بولدى : « كىمكى بولسا مەست،
دانالار ئۇل مەستتىن ھېچ نەرسە ئالماس.
كىمكى كەلتۈرسە مەيدىن بىرەر دەرد،
مەيدىن ئىزلىمىگەي بۇ ۋەجنى پەقەت.
كەيپىڭدە يامان خۇلق بولمىدى ئېنىق،
بۇ سۆزنى ئارزۇ قىز ھەم قىلار تەستىق.
ياخشىسى دۇئا قىل، چاكچى بۇ گۈزەل،
لالە سۇمەنلەردىن ئېيتسۇن بىر غەزەل.
ئۇ ناخشا ئوقۇسۇن، بىز ئىچەيلى مەي،
ناخۇش كۆڭلەر غېمىن باشقا كەلتۈرمەي! »
مويسىپىت يەر سۆيۈپ، بولدى شادىمان،
تىزدۇردى يەنمۇ تۆكمە داستىخان.
تاشقىرىدا تۇرغان كۆپ ئۇلۇغلار ھەم،
شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشتى بۇ دەم.
كۆڭلىدە كۆپ كۆرۈپ مۇنچە ئالامان،
ئارزۇ قىز چېكىندى خاس ئۆيى تامان.
ئولتۇردى تۈن قارا لىباس ياپقۇچە،
ئاينىڭ ئەتراپىغا يۇلتۇز تولغۇچە.
ئارزۇنى چاقىرتتى بەزمىدىن سوڭ شاھ،
ئالتۇن كۇرسى ئۈستىدە ئولتۇردى ئۇل ماھ.
قولغا چاڭنى ئېلىپ باشلىدى مۇقام،
خۇددى شۇ مۇقامنى خالىغان بەھرام.
كۈيلەيتتى : « شەھرىيار، ئۇلۇغ باھادىر،
نامىڭدىن شىرلەرگە چۈشەر خاۋاتىر.
سەن غالىب سۇلتانسەن، دۈشمەنگە زاۋال،
چىمەنلەر ئىچىدە سەن لالە مىسال.
جاھاندا سەن كەبى شەۋكەتلىك شاھ يوق،
پەلەكتە سەن سۈپەت نۇرانە ماھ يوق.
كۇلاھىڭ يالتىراپ جەڭ قىلساڭ ئەگەر،
جەڭ ئارا شىددىتىڭ گەر كۆرسە لەشكەر،
بىر دەھشەت يېپىشقاي شۇ دەم يۈرەككە،
سەن زەربە بېرەر سەن دۈشمەنگە يەككە! »
شۇ خىلدا زىيايەت باردى داۋاملاپ،
جاملارغا قۇيۇلۇپ توختىماي شاراب.
كىرىپ كەلدى رۇزىبېھ ۋەزىر شۇئان،
ئۇ قىشلاق چېتىدە تۇتقانتى ماكان.
يېنىدا بار ئىدى قىرىق ھۆر كەنىز،
ھەممىسى ئەڭ گۈزەل ساھىبجامال قىز.
رۇم شاھى سىياق چېھرىسى نۇرلۇق،
ھۆسنىدىن تۆت ئەتراپ تاپاتتى يورۇق.
شاھنىڭ ھەرىمىگە ئارزۇ يول ئالدى،
بېشىدا گۆھەر تاج نۇر چاچار ئىدى.

## بەھرام گور بىلەن ئۆي ئىگىسى فەرشىدۋەرد ۋە ئوتۇنچى قىسسىسى

سەلتەنەت قەسرىدىن چىقتى شاھىنشاھ،
شاد ئىدى يېنىدا رۇزىبېھى ھەمراھ.
ئات سۈرۈپ باراتتى كېچە ـ تۈن مەھەل،
قۇلانلار دەشتىگە ئۇچقاندەك شامال.
ئىگىز ھەم پەسلەردىن ئۆتتۈشتى يولدا،
بىر ئايچە قېپقالدى بۇ دەشتى چۆلدە.
قۇرۇلدى شاھانە بارىگاھ ئۇندا،
غەنىيمەت كۆپ بولغان ئىدى بۇ ئوۋدا.
كۆزلەردە ئۇيقۇ يوق، جاملاردا شاراب،
بەزمىگە جان بېرەر چاڭ بىلەن راۋاب.

گۈلخان شولىسىغا تولغانىدى چۆل ،
ياناتتى ئوتىدا قۇرۇق بىلەن ھۆل .
شەھەردىن كېلەتتى ھەر كۈنى ئادەم ،
دىناردىن بەھرىمەن ئىدى ئۇلار ھەم .
سودا ـ سېتىق بىلەن ئۇلار ئىدى بەند ،
لەشكەر كۆپلۈكىدىن كۆرۈنمەيتتى دەشت .
ئونلاپ ئاھۇلارنى مەردلەر تۇتۇشار ،
ئۇنى ساتار ئىدى ، قوللاردا دىنار .
بۇ چۆلدە قۇلانلار ، كېيىكلەر شۇ تاپ ،
دەمدىلا بولاتتى قىپقىزىل كاۋاپ .
ئېشەكلەر ئۈستىدە يۈك خۇرجۇن ـ خۇرجۇن ،
ئۇ بالا ـ چاقىلار ، مېھمانلار ئۈچۈن .
بىر ئاي بۇ دىيارنى قىلغاچقا ماكان ،
جانىۋارلارنى بەھرام قويمىدى ئامان .
لەشكەرنى يۆتكىدى بۇ ئەزىم چۆلدىن ،
كۆتۈرۈلدى پۇرقۇپ چاڭ ـ توزان يولدىن .
لەشكەر شۇنداق ئىلدام تۈستە كۆچەتتى ،
ئارغىماقلار شامال سۈپەت ئۇچاتتى .
بىناگاھ ئۇدۇلدىن چىقتى بىر شەھەر ،
ھاۋالىق كوچىسى ، بازار شۇ قەدەر .
لەشكەرگە بۇيرۇدى شاھ : « ئۇشبۇ ئاخشام ،
شۇ يەردە تۈنەيمىز ، ئېلىپ بىز ئارام . »
شەھەر ئاقساقىلىن سوراقلاپ ئاندىن ،
شەھەرنى ئايلىنىپ چىقتى ھەرياندىن .
خاراب ئۆي يېنىدا توختاشتى بىر ئان ،
ئۆي ئىگىسى تەزىم كەلتۈردى شۇئان .
شاھ دېدى : « بۇ خانە نېچۈن ۋەيراندۇر ،
ئاۋات بۇ شەھەر نە ئۈچۈن ۋەيراندۇر ؟ »
چال دېدى : « مېنىڭكى بۇ بۇزۇق ساراي ،
تەلىيىم شۇ بولسا مەن قانداق قىلاي .
نە بىسات ، نە كىيىم ۋە نە ئېتىم يوق ،
نە ئىلىم ، نە مەردلىك ، نە قۇۋۋىتىم يوق .
مېنى كۆردۈڭ ئەمدى ، سارايىمغا باق ،
بۇ ئۆيگە رەھمەتتىن لەنەت لايىقراق . »
ئاتتىن چۈشۈپ ئۆينى كۆرگەن زامانى ،
تۈگۈگەندەك بولدى شاھنىڭ دەرمانى .
قوي قىغىغا تولۇپ كەتكەن ئۆي ئىچى ،
بىلمەك تەس قەيەر تۆر ، ئىچكىرى ، يېقى .
شاھ دېدى : « ساھىبخانلىقنى قىل ئادا ،
كەلتۈر بىرەر نەرسە مېھمان ئالدىغا . »
ئۆي ئىگىسى دېدى : « ئەي ئۇلۇغ نامدار ،
ساھىبخان ئۈستىدىن كۈلمەك نە دەركار ؟
يەرگە سالماق ئۈچۈن بولغاندا پالاس ،
مەن بۇ ئەندىشىدىن بولاتتىم خالاس .
نە پالاسىم يوقتۇر ، نە ئېشىم ، نېنىم ،
نە يوقتۇر كىيىمىم ، نە داستىخىنىم .
ياخشىسى باشپاناھ تاپ باشقا جايدا ،
بولمىسا بۇ ئىشتىن چىقماس ھېچ پايدا . »
شاھ دېدى : « ئەقەللى كەلتۈر بىر بەلىش ،
قىيىنمەس بىر لەھزە مۇندا دەم ئېلىش ؟ »
دېدى ئۆي ئىگىسى : « بۇ قانداق تەلەپ ؟
قۇش سۈتى سوراشقا ئوخشايدۇ بۇ گەپ . »
شاھ دېدى : « كەلتۈرگىل بىر پىيالە سۈت
ھېچ بولمىسا ماڭا ئىسسىقراق نان تۇت ! »
جاۋاب بولدى : « قىلغىل تەسەۋۋۇر ، مېھمان ،
يەنى سۈت ئىچتىم دەپ ، ھەم يېدىم دەپ نان .
تەندە جان بولاتتى ، بولغاندا نېنىم ،
گەرچە ناندىن ئەزىز بولسىمۇ جېنىم . »
شاھ دېدى : « بولمىسا قوي ـ قوزاڭ ئەگەر ،
نەدىن كەلگەن مۇنچە قىغلار ، تېزەكلەر ؟ »
چال دېدى : « كەچ كىردى ، سۆزنى قىسقا قىل ،
كۆڭلۈمنى ئاينىتتىڭ ، بارمۇ بىر ئەقىل ؟
ياخشىسى گىلەملىك بىر ئۆي ئىزلىگىن ،
ئىگىسى زىيادە قىلسۇن ئىززىتىڭ .
زەررىچە دىل خۇشلۇق كۆرمەسسەن مۇندا ،
دەرەخ يوپۇرمىقى كۆرپەمدۇر تۈندە .
ئالتۇندىن ئۈزەڭگە ، ئالتۇن تىغىڭ بار ،
ئوغرىلاردىن يەنە كۆرمىگىن ئازار .
مېنىڭ بۇ ۋەيرانە ، غېرىب سارايىم ،
ئوغرىلار ، شىرلارغا ماكاندۇر دائىم . »
دېدى شاھ : « گەر ئوغرى ئالسا ھەم تىغىم ،
ساڭا بولمىغۇسى ھېچ يامانلىقىم .
بۈگۈن كەچ تۈنەشكە كۆرسەتكىن بىر جاي ،
ھېچ نەرسە كېرەكمەس يېتەر بۇ ساراي . »
دېدى ئۆي ئىگىسى : « رەنجىمە ، مەردان ،
بۇ ئۆيدە ھېچ كىشى بولمىغان ئامان . »
شاھ ئاڭا دېدىكى : « ئەي خىرامان چال ،
بۇ قانداق خەسىسلىك ، ھەددىن ئارتۇق مال ؟!

بىر قاچا سوغۇق سۇ كەلتۈر ئەقەللى ،
مەردلىك ، سېخىيلىقتا مەن ئېيتاي : بەللى ! »
جاۋاب بولدى : « ئىككى چاقىرىمچە يۇر ،
شۇ يەردە بىر چوڭقۇر سۇلۇق كۆل تۇرۇر .
بېرىپ ئىچكىل ئۇندىن ئۇسسىساڭ گەر سەن ،
نېچۈن بىر غېرىبنى مۇندا قىستايسەن ؟
مەن بولسام بىر دەرۋىش ، بىچارە كىشى ،
ھالىمنى تۈگەتكەن بۇ دۇنيا ئىشى . »
بەھرام ئاغا دېدى : « گەر ئۇلۇغ بولساڭ ،
سۇ ئۈچۈن لەشكەرگە مۇنچە قىلما جەڭ . »
دېدى ئۇ فەرشېدۋەرد : « ئۇلۇغلۇق قايدا ،
مەن يەرسىز ، كىيىمسىز ، سۇسىز بىر بەندە . »
بەھرام دەر : « ئەقەللى ئۆز نەپسىڭ ئۈچۈن
نان تاپماقتا ئىشلەت ئىدرىكىڭ ، كۈچۈڭ ! »
جاۋابەن دېدى چال : « يا ، پەرۋەردىگار ،
جېنىمغا تەگدىغۇ بۇ ۋەيران روزىغار !
سەندىن خالىي كۆرسەم بۇ ئايۋانىمنى ،
قۇتلىغان بولاتتىم مەن يەزدانىمنى .
نېچۈن بۇ كۆلبەمگە سەن قويدۇڭ قەدەم ،
بولدۇڭ نېمىشقا بەھرىسىز ئەي ئادەم ؟»
دېدى چال ياش تۆكۈپ ، يىغلىدى زار – زار ،
ئاۋازىدىن قېچىپ چىقتى شەھرىيار .
بۇنى كۆرۈپ كۈلدى يىغلاپ تۇرغان چال . . .
شاھ كەينىدىن قوشۇن ماڭار ئىدى لال .

## ئوتۇنچىنىڭ ئۆي ئىگىسى فەرشېدۋەردىنىڭ ھالىنى پاش قىلغانلىقى ۋە بەھرامنىڭ ئۇنىڭ ماللىرىنى ئەرزانغا بەرگەنلىكى

شەھرىستاندىن چىقىپ ماڭدى ئۇ نامدار ،
يولدا ئۇچرىدى قويۇق ياڭتاقزار .
ئوتۇنچى چاپاتتى دەستىلەپ ياڭتاق ،
لەشكەردىن ئاجراپ شاھ باردى يېقىنراق
ۋە دېدى : « ئېيت ماڭا ، ئوتۇنچى دەرھال ،
كىمدۇر بۇ شەھەردە تەنھا ئاقساقال ؟ »
جاۋاب بولدى : « ئۇنىڭ نامى فەرشېدۋەرد ،
خەسىسلىك ، بېخىللىق ئاڭا خاس پەقەت .
قويلىرى ھېسابى يۈزمىڭدىن ئارتۇق ،
تۆگە ھەم ئاتلىرى بۇ ساندىن ئوشۇق .
ئالەمگە يەتكۈدەك ئىرۇر دىنارى ،
ئۆزىگە بەھرىسىز بۇ مالىنىڭ بارى .
قورسىقى ھامان ئاچ ، ئۈستى يالىڭاچ ،
نە پەرزەنت ، نە ئەۋلاد ، ئۆتەر ئۇ موھتاج .
چوپانلار ئۆيىدە گۆش ۋە سۈت قاينار ،
ئۇ قاتقان زاغرا ھەم قاق پىشلاق چاينار .
بىر كۆڭلىكى ئىككى بولمىغان ئەسلا ،
جەبىر ئېتەر ئۇ ئۆزىگە دائىما . »
ئوتۇنچىغا شۇنداق دېدى شەھرىيار :
« دەپ باققىن قويلاردىن ئۇندا قانچە بار ؟
بىلەمسەن قەيەردە ئۇنىڭ دالاسى ،
قايدا ئات ، تۆگىسى ، قوي ۋە چارۋىسى ؟ »
ئوتۇنچى دېدى : « ئەي نامدار ، ئاڭلىغىل ،
ئۇنىڭ مال – مۈلكىنى ھېسابسىز دەپ بىل .
نەگە باقساڭ ئۇنىڭ تۆگە ، مېلى باز ،
كۆڭلۈمدە بۇلارنىڭ كۆپ مالالى بار .»
ئوتۇنچىغا بېرىپ بىر نەچچە دىنار ،
شاھ دېدى : « بولۇرسەن ئەمدى بەختىيار .»
لەشكەردىن ئاجرىتىپ ئالدى بىر دانا ،
سەپەر جابدۇقىنى بۇيرۇدى ئاڭا .
ئۇ دانانىڭ ئىسمى مەرد بېھروز ئىدى ،
پەھلىۋان ھەم ئۆتكۈر ، شېرىن سۆز ئىدى .
ئىش بىلەر قەھرىمانلاردىن شاھ يەنە ،
يۈز ئاتلىق كىشىنى ھەم قوشتى ئاڭا .
تاپتى بىر ئاق كۆڭۈل ، ھەر ئىشتا ئادىل ،
ھېسابۇ كىتابتا يېتىشكەن ئاقىل .
ئوتۇنچىغا دېدى : « بارار سەن بىللە ،
خىزمىتىڭ ھەققىگە گۆھەر ھەدىيە .
بول بۇ ئادەملەرگە يول باشلار كىشى ،
مۈلۈكىنىڭ يۈزدىن بىرى ئۇ سېنىڭكى . »
دىلەفروز ئىدى ئۇ ئوتۇنچى نامى ،
ھالال تەر ھېسابى كېلەتتى نېنى .
ئاڭا بىر تۇلپارنى بېرىپ دېدى شاھ :
« بۇ يولدا سائادەت ساڭدۇر ھەمراھ .»
دىلەفروز بېشىغا قونغانىدى بەخت ،
لۈتۇف ئەتكەن ئاڭا شاھ يەر – زېمىن ھەم تەخت .

قوشۇنلار باشلاندى يايلاققا ئىلدام ،
قويلارنىڭ سانىغا يەتمەيتتى رەقەم .
چۆلدىكى تۆگىلەر ئون كارۋان ئىدى ،
هەر كارۋان بېشىدا بىر سەربان ئىدى .
كالا ـ سىيىرلارنى ساناپ بىرمۇبىر ،
ئون ئىككى مىڭدىن ئاشقانىدى سېغىر .
ئات ـ قۇلانلارنىڭ هېسابىن ئالدى ،
ئۇمۇ يىگىرمەمىڭ سانىغا تاقالدى .
باياۋان لىق تولغان مال تۇيىقىغا ،
كوزىلار لىق تولغان قايماق ، ياغلارغا .
ئۈچ يۈزمىڭ تۆگىگە يۈك بولغۇدەك مال ،
زىبۇ زىننەت مۇندا ئىدى بىمالال .
تاغۇ دەشت ئېتىكى ئوتلاق بىپايان ،
ئۇنىڭ تەرىپىدىن خەۋەرسىز جاهان .
بېهروز هېساب خېتىن يازغۇزدى بىردىن ،
ۋاقىپ قىلماق بولۇپ شاهنى بۇ سىردىن :
« ئۇلۇغ يەزدان ، ساڭا ئاپىرىن مىڭ بار ،
ئۆزۈڭسەن مۇزەپپەر ، ئەي پەرۋەردىگار . »
يەنە شاهقا ئېيتتى ئاپىرىن قات ـ قات :
« جاپادىن قۇتقۇزۇش ئىلكىڭدە پەقەت . »
خەتكە يازدى : « ئايا ، پادىشاه جاهان ،
هەممە ئەل لۇتفىڭدىن بەختىيار ، شادىمان .
ئادالىتىڭ ئىرۇر هەددىدىن زىيادە ،
پەرىشان بولمىسۇن گەنجىڭ دۇنيادا .
ياخشىدۇر هەر ئىشتا بولسا ئەندىزە ،
ئەندىزىدىن شاه قەلبى بولغاي پاكىزە .
ئېلىڭدە ياشايدۇ فەرشېدۋەرد نام زات ،
هېچبىر مەيداندا ئۇ چىقارمىغان ئات .
هېچكىمۇ نامىڭنى ئاڭلىغان ئەمەس ،
نە كاتتا ، نەكىچىك كىملىكىن بىلمەس .
نەخۇسرەۋ دېمەيدۇ ، نە يەزدان دېمەس ،
قانائەت قىلماسلىق شۇ ئادەمگە خاس .
ئالەمنىڭ بايلىقىن توپلىغان ئۆزى ،
ئەمما كۆرۈنۈشۈمدە يوق رىزقۇ روزى .
مۇنداق يوق بىرەرمۇ ئادىل پادىشاه ،
مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى سانىما گۇناه .
بىر خەزىنى ئاچماققا ئۈچ يىل ۋاقىت كېتەر ،
ئۈچ يىلغا شۇ بايلىق بىمالال يېتەر .
دانالىق يولىنى دەۋەت قىلدۇق بىز ،
بايلىقىن بىر ـ بىرلەپ خەتكە پۈتتۇق بىز .
ئۇلارنىڭ تېخىچە هېسابى گۇمان ،
يېزىشتىن قولدىمۇ قالمىدى دەرمان .
يەرنىڭ ئاستىغىمۇ كۆمگەن زەرى مول ،
كۈمۈشى ، دىنارى هەم گۆهىرى مول .
ئۆزۈم تاغ باغرىدا ، كۆزۈم يولدىدۇر ،
ئەمرىڭنى كۈتمەكلىك مېنىڭ ئىشىمدۇر .
سالام يەتسۇن مەندىن ئىران شاهىغا ،
ساق بولسۇن بىر ئۆمۈر قەدىمگاهىدا . »
پادىشاهقا تەگسۇن دەپ بۇ خەتنى تېز ،
يولغا چۈشتى چاپارمەن تاشلاپ ئاياغ ئىز .
بەهرام شاه نامىنى كۆرگەندە خەتتە ،
روهى ياشناپ ، قانات چىقاردى هەتتا .
غەمكىن بولدى ، ئاقتى كۆزلىرىدىن ياش ،
كاماندەك تارتىلدى قاپاق ئۈززە قاش .
چاقىردى ، تېز كەلدى يېنىغا كاتىپ ،
رۇم قەلىمى بىلەن چىن قەغىزىن ئېلىپ .
ئۇ تەڭرىگە ئاۋۋال ئېيتتى ئاپىرىن :
« ئۇ غالىب ، ئۇندىن بۇ ئاسمان هەم زېمىن .
دانالىق هەم شادلىق خۇداۋەندى ئۇ ،
تاجۇ تەخت ۋە شاهلىق خۇداۋەندى ئۇ .
يېزىپسەن ، گەر ئادىل بولغىنىدا شاه ،
جازاسىز قالمايتتى مۇنچىلىك گۇناه .
بۇنى ئوغرىلىقتىن جەملىگەن ئۇ ،
بۇنى يامانلىقتىن غەملىگەن ئۇ .
يامان شۇكى ، ئۇ قانائەت بىلمەس ،
تەڭرىدىن قورقمىغان شور پېشانە ، بەس !
بۇ مال ـ مۈلۈككە ئۇ پاسىبان ئىدى ،
دىلى مال هېرىسىگە بىر زىندان ئىدى .
دۇنيانى قەيەرگە قويساڭمۇ ، ئەبەد ،
هەممىسى كار قىلماس ، بەرمەس مەنپەئەت .
تەڭدۇر يەر ئاستىدا گۆهەرمۇ ، تاش هەم ،
ئۇلارنىڭ پايدىسىن بىلمىسە ئادەم .
شۇ هالەتتە ياشاپ ، يېيىش نە راۋا ،
كۆڭۈل قويماق بىكار ، بۇ ئۆتەر دۇنيا .
جاهاندىن ئۆتتىغۇ شۇنداق فەرىدۇن ،
ئىرەجۇ ، سەلمۇ تۇر چىقارماستىن ئۈن .
هامان شاه كەيكاۋۇس هەمدە كەيقۇباد ،
ئۇلاردىن باشقىنى مۈشكۈل قىلماق ياد .

دەردكە تولۇپ ئۆتتى ئاتامنىڭ دىلى ،
بولالماي خالايىق كۆتكەن ئادىلى .
قالمىدى ئۇلۇغلار جاھاندا زادى ،
ۋايىغا يەتمىدى ھېچكىم مۇرادى .
توپلىغىن قانچىلىك بولسا ئۇندا مال ،
ئەلگە بەخش ئەت ، تەمە قىلماستىن خىيال .
كىمكى ئېھتىيات بىلەن ساقلالىسا سىر ،
قەلبىنى يامانلىق قىلمىسا ئەسىر ،
شۇ قېرى يۇرگەندەك بىكار بەئەينى ،
نەزەرگە ئىلتىماس ، ئەرزىمەس زادى .
كىمكى بار ـ يوقنى يېدى ۋە ئىچتى ،
داۋاسىز بىر دەردكە گىرىپتار بولدى .
كىمنىڭ قەرزى بار ۋە يوقتۇر دىنارى ،
ھېچكىممۇ جاپادا بولالماس يارى .
يەنە يېتىم قالغان گۆدەك باللار ،
ھېچ نەرسىسى يوق ، نە مىراسلار .
خوتۇنلار بىچارە قالار شۇ پېتى ،
مەيلىدى قولىدىن ئىش كەلسە تېخى .
ئۇلارغا مال ـ مۈلۈك ھەدىيە قىلغىن ،
ئۇلارنىڭ تېنىگە جان پەيدا قىلغىن .
يەنە شەھەر تەرەپكە قويغاندا قەدەم ،
بۇ دۇنيادىن بەھرىمەن بولغايسەن سەن ھەم .
ئۇ قېرى كىشىگە قارا ، ئۇ پاك ئەر ،
ئاڭا فەرشىدۋەردنىڭ كۆمگەن مۈلكىن بەر .
فەرشىدۋەردتە دىنار ، تۇپراق ۋە گۆھەر ،
بىر خىلدا يېتىپتۇ بولۇپ باراۋەر .
سېنىڭ يارىڭ بولسۇن بۇ پانىي دۇنيا ،
ئادالەت ، ئىنساب ساڭا بولسۇن رەھنەما .»
مەكتۇپقا شاھ مۆھرى بېسىلدى شۇ دەم ،
چاپارمەن يول ئالدى سەپەرگە قەدەم .

## بەھرام گورنىڭ شىكارغا چىققانلىقى ۋە شىرلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى

بۇيرۇدى شاھىنشاھ ، گۈزەل باغ ئارا
چاكارلار شاھ تەختىن قىلىشتى پەيدا .
باھارنىڭ رەڭگىدە بۇ تەختى پايە ،
ئۈستىگە دەرەخلەر تاشلىغان سايە .
ساقىيلار قولىدا ھەقىق مەي جامى ،
شاھقا ھەمدەم ئىدى ساراي ئەھكامى .
ۋەزىرلەرگە شۇنداق دېدى شەھرىيار :
« ئۇلۇسقا ھۇررەملىك بەرسۇن روزىغار .
ئۆلگەندە ھەر كىمگە بىر قەبرە يېتەر ،
شاھ ـ گادا دېگەندىن نە ھاجەت ئېتەر .
ئۆلۈم بەربات قىلار ساراي ـ دىۋانىنى ،
يەرگە يەكسان قىلار قەسىر ـ ئايۋانىنى .
مەيلى شاھ يا دەرۋىش ئۆلگەندىن كېيىن
ياخشى يا يامان نام قىلىدۇ تەيىن .
تارتقان رەنجىلەرنىڭ بارى بىۋاپا ،
رەنجىمۇ كۆز يۇمار ئۇ ئۆلگەن جايدا .
ياخشى نام قالدۇرساڭ دۇنيادا بەستۇر ،
بۇ تاجۇ كەمەرلەر مەڭگۈ ئەمەستۇر .
راست سۆزلۈك ۋە شەپقەت بولسۇن كۆتكىنىڭ ،
ئاش بولسۇن تېنىڭگە تاپقان ـ تۇتقىنىڭ .
ئۆتتۈزسەككىز ئىرۇر ئەمدىكى ياشىم ،
كۆپ شادلىق كۆنلەردىن ئۆتتى بۇ باشىم .
قىرىققا يەتكەندە يىگىتلىك دېمى ،
كۆڭۈلگە ئۇلاشقاي ئۆلۈمنىڭ غېمى .
چاچنىڭ بىر تالاسى ئاپئاق بولغاي چاغ ،
شادلىقتىن ئۈمىدىن ئۈزگەن ياخشىراق .
ئاق چاچ — بۇ ئۆمۈرگە خۇشاللىق ئەمەس ،
تەختكە ئاق چاچتىن گۈللەش يەتمەك تەس .
يەنە ئىككى يىل مەيلى مەن راھەت سۈرەي ،
ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە نە بولسا كۆرەي .
يەزداننىڭ ئالدىدا پالاس تون كىيەي ،
نا شۈكۈر ئەمەسمەن ، قانائەت ئېتەي .
كۆپ يىللار ياشىدىم شاھلىقتا ئەزىز ،
خۇشاللىق ئىچىدە سانىلىپ غەمسىز .
ئەمدى كېرەك ماڭا ناز ـ نېمەت بالى ،
مەيدىن زەررىن كاسەم بولمىسۇن خالى .
يۈزۈمگە ئالمىدەك قىزىل سالسۇن قان ،
يولۋاس تېرىسىدەك كۆرۈنسۇن ئاسمان .
خۇش بۇيلۇق مەي تەپتى باھادىر شۇ دەم ،
قىزىل مەي خۇددى غەمگۇزاردۇر بۇ دەم .
ھاۋامۇ مۆتىدىل ، كۆڭۈلگە يېقىن ،
سۇلارمۇ پاكىزە ، پاكىزە زېمىن .

يېپەك كىيىم كىيىپ كىرسە پەسلى كۈز ،
شىكارگاھ دالادا تىتىكلەيدۇ كۆز .
كەڭ دەشتتە شۇنداق بىر قىلايلى ئويۇن ،
جاھاندا يادىكار بولۇپ ساقلانسۇن .
ياۋايى ھايۋانلار يېتىلدى راسا ،
شىر قۇدرىتىنى يىغىپ بەدەنگە .
بۈركۈت ، تايغان يەنە قارچىغا ، تۇلپار ،
ھازىردىن شىكارغا بولۇنسۇن تەييار .
ياۋايى ھايۋانلار بۇ دەشتتە بۇئان ،
يايرايلى قانغۇدەك ئوينىتىپ كامان .
ئۇ يەردە ئوگدىن كېلەر ئوۋىمىز ،
لىق تولۇر نېمەتكە بارىگاھىمىز . »
بەئەينى كۈز كۈنى ئاققان بۇلۇتتەك ،
كېلەتتى لەشكەرلەر ، بىھېساب دېمەك .
ھەر ئەلدىن چىقىشىپ جەڭ سۆيەر ئەسكەر ،
ئىران شاھىسىرى كېلەر سەراسەر .
ئۇلاردىن پادىشاھ ئاجراتتى تاللاپ ،
نەچچە قەھرىمانىنى ، شۇنداق ئوۋ تەلەپ .
لەشكەر يېتىپ كەلدى شىكار دەشتىگە ،
تولدى دەشت تۈمەن قوشۇن دەھشىتىگە .
شاھانە چېدىرلار قۇرۇلدى ھەر يان ،
ئات ، چارۋا ماللارغا تولدى باياۋان .
چاكارلار قوشۇننىڭ ئالدىدىن بېرىپ
قۇدۇقلار قېزىشتى سۇلار چىقىرىپ .
سۇلاردىن بەھرىمەن بولسۇن دەپ قوشۇن ،
قۇدۇققا چىغرىقلار ئورناتتى پۈتۈن .
لەشكەرنىڭ كەينىدىن كېلەر ئىدى شاھ ،
ئۇنىڭغا ئەمەلدار ، باتۇرلار ھەمراھ .
باياۋان كۆرۈندى قۇلانغا تولغان ،
شىرلارنىڭ نەرىگە ھەم تولغان ئورمان .
شاھ دېدى : « بۇ كېچە قىلايلى بەزمە ،
قىلايلى شىر ئوۋى تاڭ ئاتسا ئەتە .
بۇ كېچە خاتىرجەم ھەم خۇشال ئۆتكەي ،
ئەتە شىر ئوۋىمىز ئەۋجىگە يەتكەي .
بۇ كېچە مەي ئىچمەك ـــ دىلغا ئېھتىياج ،
ئەتە تاقاپ چىققان چېغى قۇياش تاج ،
تاڭ بىلەن قوللاردا تۇتۇپ شەمشەرنى ،
چانارمىز دالادا قۇترىغان شىرنى .
بۇ جاڭگال شىرلاردىن خالىي بولغاندا ،
كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ شىكارمۇ شۇندا . »
شۇ كېچە دەم ئېلىپ ، پادىشاھ سەھەر ،
جاڭگالغا يول ئالدى ، يېنىدا ئەسكەر .
ئۇندىن چىقىپ كەلدى ھەيۋەت شىر تەمكىن ،
ئۇنىڭ قۇدرىتىدىن تىترەيتتى زېمىن .
دېدى يارەنلەرگە بەھرام پەھلىۋان :
« قولۇمدا كۈچۈم بار ، بار يەنە كامان .
شىر جېڭىگە كىرەي ئۆتكۈر تىغ ئېلىپ ،
مەردكە خاس شىددەت ھەم قۇدرەتكە كېلىپ . »
ئۈستىگە كىيدى شاھ شىكارلىق لىباس ،
ئاستىدا ئۇچقۇر ئات ، قولدا تىغ ئالماس .
شىر ئۇنى كۆرگەندە تىك باستى ئاياغ ،
نەرە تارتىپ چاپتى ئۇ شاھقا شۇنداق .
ئات بويىندىن چىشلىمەك بولغان ئاشۇ ئان ،
پاشنا بىلەن شىرنى تەپتى پەھلىۋان .
ئۇ شىرنىڭ بېشىغا تىغ بىلەن چاپتى ،
شىرنىڭ جۈپتى كۆرۈپ گاڭگىراپ قالدى .
بېشىدىن ئاياغقا كەسكەندە شەمشەر ،
غولىغان شىر بولدى شۇندا تۇپراق ـ يەر .
يەنە بىر شىر كەلدى ئاڭا قەستىمۇ قەست ،
بالىلىق ، ئۇرغاچى شىر بەسمۇ بەس .
بېشىغا تىغ ئۇرغان چېغى پەھلىۋان ،
شىر بېشى يىراققا چۈشتى شۇ زامان .
بىر خادىم دېدى : « ئەي نۇر چېھرىلىك شاھ ،
كۆرسەت بۇ مەخلۇققا مېھرىڭدىن پاناھ .
شىرنىڭ كۈچۈكلىرى بۇ دەشتتە تولا ،
تۈگەتكىلى بولماس ئۇنى بىر يولىلا .
شىردىن ھوشيار بولماق پەيتى بۇ ئەسلى ،
چۈنكى بۇ ياز شىرنىڭ كۈچۈكلەش پەسلى .
توقاي ئۇزۇنلۇقى كېلەر ئۈچ پەرسەڭ ،
كېمەيمەس شىر ئەسلى بىر يىلچە قىرساڭ .
جاھان ھەم بولمىغاي شىرلادىن خالىي ،
بۇنچە رەنج ، ئازابىنىڭ يوقمۇ مالالى ؟
ئاۋۋىلى ، شاھ تەختىگە ئولتۇرغان زامان ،
شىر ئوۋلاش توغرۇلۇق قىلمىغان پەرمان .
ھازىر سەن ئىرانغا شەھرىيار پۈتۈن ،
قۇلان ئوۋلىدىم دەپ شىر ئوۋلاش نېچۈن ؟ »
ئاڭا دېدى بەھرام : « ئەي پىرى دانا ،
نە بولۇر بۇ ئات ، بۇ قۇلان ئوۋ ماڭا ؟

باهادىر ـ مەردلەردە بۇ ئۇقيا كامان ،
شان ـ شەرەپ مەنبەسى بولمىغان ھېچ ئان .
بولماقچى ئىكەنمىز قەھرىمان ، ئەگەر ،
ياندا بولسۇن دائىم گۇرزە ھەم شەمشەر . »
ۋەزىر دېدى : « جەڭدە سەن كەبى سەرۋەر
ئون مەردان بولسىدى كېلەتتى زەپەر .
قالمايتتى رۇم بىلەن چىندە تاجۇ تەخت ،
جاھان سەلتەنىتى قولغا بولۇپ بەند .
يامان كۆز تەگمىسۇن شەنىڭگە ئەسلا ،
بولسۇن بەخت گۇلشىنى نېسىپ ساڭىلا . »
توقايدىن چېدىرغا قايتىپ كەلدى شاھ ،
يېنىدا ۋەزىر ھەم لەشكەرلەر ھەمراھ .
لەشكەرلەر ئۇنىڭغا ئوقۇر ئاپىرىن ،
سېنىڭسىز قۇدرىتىن يوقاتقاي زېمىن .
ئاندىن خاسخانە ئىچرە كىرىپ شاھ ،
يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ بولدى گويا ماھ .
مېھرىبان چاكىرى خىزمەتكە كىرىپ ،
بۇ يەرنى پاك ـ پاكىز قىلدى سۈپۈرۈپ .
ئورنىنى تەق قىلىپ قويدى ھەم يەنە ،
گۇل شارابى قويدى ئۇنىڭ يېنىغا .
ئالىپتە داستىخان يېيىلدى راسا ،
مەيلەرگە لىق تولدى زەررىن جام ـ كاسە .
كاۋاپلار قىلاتتى كۆزنى ھەتتا رام ،
تەق بولمىش بۇ يەرگە نەچچە خىل تائام .
تائامنى يەپ بولۇپ شاھى بەھرام گور ،
بۇيرۇدى : « بېرىلسۇن بىر جامى بىللۇر ! »
پەرى يۈزلۈك ساقى قولدا تۇتۇپ جام ،
ئۇزاتتى تەزىمدە ، ئالدى شاھ بەھرام .
ۋە دېدى : « ئەردەشىر سۈرگىنىدە تەخت ،
ھەتتاكى قېرىلار تاپقان ياشلىق بەخت .
ئۇ دۆلەتتار ئىدى ، بىز ئاددىي سۇلتان ،
ئۇنىڭ ھۆددىدىن چىقماق بىزدىكى ئىمكان .
جەڭ ، بەزىم ۋە يەنە ساخاۋەت ئارا ،
جاھان شەھرىيارى ئۇ ئىدى تەنھا .
ئىسكەندەر ئىرانغا رۇمدىن كەلگەن چاغ ،
ۋەيران بولغان دۆلەت ، تاجۇ تەخت شۇنداق .
ماڭدى ئۇ نامەردلىك ـ پەسلىك يولىدا ،
ئوتتۇز ئالتە پادىشاھ ئۆلدى قولىدا .
خۇسرەۋلەر ياغدۇرار نامىغا نەپرەت ،
ئەلگە تولغان ئۇ چاغ نەپرەت ، ئاداۋەت .
ئاپىرىن ئېيتىلار ئا فەرىدۇنغا ،
پەقەت نامەردلەرلا تاش ئاتار ئاڭا .
جاھان ئىچرە خۇددى كۆكۈل نەقشىدەك ،
قالسا دەيمەن مەندىن پەقەت ياخشىلىق . »
بۇيرۇدى شاھىنشاھ : « تېپىڭلار جارچى ،
ئۇ بولسۇن خۇشئاۋاز ، نامدار خەۋەرچى .
قوشۇننى ئايلىنىپ چىقسۇن توختىماي ،
ئۇ گەپنى ھەممىگە ئۇقتۇرغاي ، يايغاي .
دېسۇنكى بەركۇھ ۋە جەزدە شۇ تەرتىپ ،
گۆھەر ، زەر ۋە ھەتتا يېپەكتىن تارتىپ
ئەرزىمەس خەس ياكى خەشەككە قەدەر ،
كىم ناپاكلىقتا قول سوزاركەن ئەگەر ،
مەن ئۇنى ئېتىنغا تەتۈر مىندۈرۈپ ،
چۆلۋۈرىن ئىككى باتۇرغا تۇتقۇزۇپ ،
ئاياغلىرىن ئاتنىڭ قارنىغا باغلاپ ،
ئازەرگۇشەسپكە ئاپارسۇن تاياقلاپ .
قىينارمەن باش ئېگىپ نىجات كۈتكۈچە ،
ياراتقان ئىگەمدىن ھايات كۈتكۈچە .
كىمگە زۇلۇم قىلىپ چۇلغىدى غەمگە ،
مال ـ مۈلكىن بېرۇرمەن ئاشۇ ئادەمگە .
ئات بىلەن ئېتىزغا كىم ئۇۋال قىلسا ،
مېۋىلىك دەرەخكە يا زاۋال قىلسا ،
ئۇ قانچە بىباھا باتۇر بولسا ھەم ،
نەق بىر يىل زىنداندا چەكتۈرەي سىتەم .
جاپا سېلىپ ، بۇ دەشتتىن كىم ئالسا پايدا ،
ئاڭا نېسىپ بولماس بۇ ، بولسۇن ئاگاھ . »
شەھەر ئەھلى ـــ ھەتتا ياش بىلەن قېرى ،
بەركۇھ ، جەزدىن چىقىپ كەلدى دەشت سېرى .
شەھرىيار لەشكىرى تۇرغان بۇ دالا ،
بولدى ئاۋات چىنىنىڭ بازىرى گويا .

## بەھرامنىڭ شىكارگاھتا ماھارەت كۆرسەتكەنلىكى

ئەتىسى چىققاندا قۇياش ساماغا ،
جاھاندار يول ئالدى يەنە شىكارغا .

ئالدىدا باراتتى ئوقياچى سىپاھ ،
ئارقىدىن باراتتى ئېتىن سۈرۈپ شاھ .
دېدى ئۇ : « كامانغا كىم بولسا ماھىر ،
نىشانغا ئاتماقنى ئەيلەبان زاھىر .
ياۋايى ئېشەكنى مۆلچەرلەپ ئاتسۇن ،
قۇيرۇقتىن كىرگەن ئوق يۈرەككە پاتسۇن ! »
بىر پالۋان دېدىكى : « ئايا شەھرىيار ،
نامدار لەشكەر تۇرار يېنىڭدا تەييار .
بۇ ئىشتا بىر سېنىڭ باردۇر ئىلاجىڭ ،
بۇ جاھان ئۆمرىچە بولغۇسى تاجىڭ .
قامىتىڭ چىناردەك ، قەددىڭ شىر گويا ،
كامان ھەم شەمشەر گەر چىقسا قولۇڭغا ،
جۈرئىتىڭ لەشكەرگە غۇلغۇلا سالغاي ،
ئۇلارمۇ ئوقيانى قولىغا ئالغاي . »
شاھ دېدى : « گەر بارساق تەگرى يولىدىن ،
ھەممە ئىش كەلگۈسى بەھرام قولىدىن ! »
شاھ بەھرام ئاستىدا ئويناپ ئارغىماق ،
بىر ياۋا قۇلانغا كەلدى يېقىنراق .
قولاي پەيت كەلگەندە ئۈزدى بىردىن ئوق ،
بىر بولۇپ مىخلاندى يانپاش ۋە قۇيرۇق .
يىقىلدى ئۇ قۇلان يەرگە شۇ زامان ،
زەركەمەر باتۇرلار سۈرۈپ كەلدى ئات .
ئوق ئىزىن كۆرگەندە ئۇلار قالدى لال ،
تەھسىنلەر ئوقۇشتى شاھقا بىمىسال .
شۇنداق ئوق تارتقانتى قەھرىمان بەھرام ،
ئوق قۇلان ئىچىگە تولۇق كىرگەن ھەم .
جەڭگىۋار لەشكەرلەر ، تەڭسىز مەرگەنلەر ،
شاھقا قايتا ــ قايتا ئېيتتى تەھسىنلەر .
ھەممىنىڭ مەقسىتى : « ئايا شەھرىيار ،
سائادەت ھەمىشە ساڭا بولسۇن يار .
سەن مەرد سەن ، بىز ساڭا ھەمراھ كىشىمىز ،
بەلكى ، سەندىن خېلى كەمدۇر ئىشىمىز . »
« بۇ مېنىڭ ئوقۇممەس ، ـــ دېدى ئاڭا شاھ ، ـــ
بۇ ئىگەم ئىنئامى ، غالىبتۇر ئاللاھ .
كىمنىڭكى خۇدايىم بولماس يولدىشى ،
خارۇ زارلىقتىن ھېچ قۇتۇلماس بېشى . »
شۇنداق دەپ ئېتىغا قامچا ئۇردى شاھ ،
سۇمۇرغتەك ئۇچتى شاھ تۇلپىرى ناگاھ .
چىشى قۇلان چىقتى يولىدىن يەنە ،
يېنىدا بالىسى ئەگىشىپ ئەنە .
شاھىنشاھ بېلىگە تىغ سالدى شۇئان ،
بىر دەمدە ئىككىگە بۆلۈندى قۇلان .
كېلىشتى ئۇ يەرگە بارچە باتۇرلار ،
قىلىچۋاز ـ پالۋان ھەم تېتىك شاتۇرلار .
بىر قاراپ شۇنداق سۆز قىلىشتى دېمەك :
« شەمشەرگە كۈچ بەرگەن قۇدرەتلىك بىلەك .
يامان كۆزدىن شاھنى ئاللا ئاسرىغاي ،
ئاڭا مىسال قىلساق پەقەت ئوخشار ئاي .
چاكار بولسۇن ئاڭا جاھان ئۇلۇغى ،
جاھاننى بەند قىلسۇن تىغى ، يورۇقى . »
لەشكەرلەر چۇشۇشتى ئوۋغا شۇ ھامان ،
ئولجىغا ئايلاندى دەشتتىكى قۇلان .
شاھ دېدى : « ئالتۇندىن ھالقا ئېتىلسۇن
ۋە ھەر بىر ھالقىغا نامى يېزىلسۇن . »
قۇلان قۇلىقىغا ھالقا ئېسىلدى ،
ئۈچ يۈزچە قۇلانغا تامغا بېسىلدى .
قويۇپ بەردى ئۇنى شاھ ئېتى بىلەن ،
پادىشاھ بەھرامنىڭ شەپقىتى بىلەن .
قوشۇننى ئارىلاپ بىرى سالدى جار :
« ئەي دەشتى ئەرزىمدە يۈرگەن شەھرىيار ،
ئەھلى سودىگەرگە ئوۋنى ساتماڭىز ،
خالايىققا يەتسۇن قىلغان خەيرىڭىز ! »
بەركۇھ ، جەز تەرەپتىن كېلەر كۆپ نامدار ،
ئۇلاردا يىپەك ھەم كىمخاب رەخلەر بار .
شاھ كېچىپ ئاقىللار كەلتۈرگەن باجدىن ،
دېدى : « بەھرىلەنسۇن بۇ باج خىراجدىن .
كىمكى دەرۋىش بولسا شەھەرلەر ئارا ،
تەر تۆكۈپ نان يېگەن جىمىكى پۇقرا ! »
ئۇنىڭ ئىنئامىدىن بولۇر دۆلەتمەن ،
سائادەت ــ تەلىيى بولغۇسى بەلەند .
شىكار دەشتىدىن قايتىپ كېلىپ بەھرام ،
بىر ھەپتە بەزم سۈردى تۇتۇپ قولغا جام .
مەيداندا شاھ ئۈچۈن بارگاھ قۇردى ،
لەشكەرلەر يېنىدا خىزمەتتە تۇردى .
ئايلىنىپ ئارىدا سازچى كۈيلەيتتى ،
ئوينىدى دانانىڭ مەستخۇش قوش كۆزى .
دېدى : « ئەي ئادالەت ئىزدەپ يۈرگەن ئەل ،
خۇدانى ئۇلۇغ بىل ، مېھرىبان پۈتكۈل !

كىمكى ۋاقىپ بولسا رەنجىمىزدىن گەر ،
بەھرىسىز بولسا ھەم گەنجىمىزدىن گەر .
كىرسۇن بۇ مەيدانغا ، تاكى شەھرىيار ،
قىلۇر ئىنئامىدىن ئۇنى بەختىيار .
كىمكى قېرى بولسا ، ئاجىز ، شىكەستە ،
يا گۆدەك ، ياش بولۇپ ، ئۇ بولسا خەستە ،
ياكى كىمنىڭ بولۇپ باشقىدا قەرزى ،
قەرزىنى ئۈزەلمەي خار يۈرسە ئۆزى ،
يا بولسا سەبىيلەر يېتىم ـ يېسىر، ئاچ ،
بايلارنىڭ قولىدا ئۇ بولسا موھتاج ،
گۆدەكنىڭ ئانىسى گەر ناچار بولسا ،
ئۆزىنىڭ ناچارلىقىن ئۇ سىر تۇتسا ،
يا ئۆلگەن بولسا بىر دۆلەتمەن كىشى ،
قالغان بولسا ئۇنىدىن گۆدەك تەشۋىشى ،
ئەمما مال ـ مۈلكىنى ئېلىپ بىر بىئار ،
خۇدايىمدىن قورقماس ياكى مەنسەپدار ،
ھەممىنى بىرمۇ بىر ئەيلەگىز بايان ،
تاكى ماڭا بولسۇن بارچە ھال ئايان .
دۆلەتمەن قىلاي مەن ، مەردان دەرۋىشنى ،
دىيانەتلىك قىلاي ئاسىيى ، بەد كىشىنى .
كىمنىڭ ھالى ناباب ، يوق قولىدا پۇل ،
ھاجىتىن چىقىراي ، خۇرسەن بولسۇن ئۇل .
كىمكى موھتاجلىقتا چېكەر ئىكەن رەنج ،
ساخاۋەت كۆرسىتىپ ، ئاڭا ئاچاي گەنج .
كىم قىلىپ مەنسەپنى سۇيىئىستېمال ،
كىچىكلەردىن تارتىپ ئالار بولسا مال ،
نائىنسابىنى تىرىك ئاساي مەن دارغا ،
شۇ جازا مۇناسىپ ئۇنداق غەددارغا . »
شىكاردىن كېيىن ئۇ باغداتقا كەتتى ،
يارقىن خىياللاردا دىلىنى شاد ئەتتى .
باتۇرلار مېڭىشتى ئۇنىڭغا يولداش ،
ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ھەم بىر بولۇپ تۇتاش .
ئەمر قىلدى قايتىپ كەتسۇن دەپ سىپاھ ،
دىلاراي قەسرىگە تەنھا ماڭدى شاھ .
زەررىن جاملارغا مەي قۇيۇلدى قايتا ،
چاكارلار خۇش بۇي مەي قىلىپ مۇھەييا .
دىلبەرلەر چاڭ چېلىپ ، ئېيتىشتى غەزەل ،
نامەھرەمدىن خالىي نەزمە مۇكەممەل .
رۇد ، نەي ، چاڭ مەي بىلەن راسا كېلىشتى ،
خۇش بۇي ، خۇش سادالار ھەمراھ بولۇشتى .
ھەر كەچ بىر ھۇجرىدا بىر گۈزەل بىلەن
تاڭ ئاتقۇزدى بەھرام ئىشق ـ غەزەل بىلەن .
ئىككى ھەپتە ئۆتتى خۇددى شۇ يوسۇن ،
خەزىنە قاپقىسى ئوچۇق كۈنۈتۈن .
ئۇ ماڭدى شان بىلەن سىتەھر تامان ،
شاھانە تاج كىيىپ بۇ شاھى جاھان .
فەررات شەبىستانى ئىشىكىن ئاچتى ،
گۈزەللەر بېشىدىن دىرھەملەر چاچتى .
كىملەرگە كۈلمىگەن بولسا ئەلدە بەخت ،
ۋە نېسىپ بولمىغان بولسا زەررىن تەخت ،
ئىران شاھى بۇنىدىن بولدى غەزەپناك ،
رۇزبېھقا بۇيرۇدى ئۇ تازا ئىدراك .
دېدىكى : « ئۆلەشتۇر رۇم ، ھەزەر بېجىن ،
قاندۇرماقلىق ئۈچۈن ئەل ئېھتىياجىن .
ۋە تەييار ئەيلىگىن بىر نەچچە قېچىر دىنار ،
ئىسفەھان ، رەي گەنجىن ئالسۇن تەلەپكار .
شەبىستان بۇ خىلدا بولسا گەر خاراب ،
ئىران شاھى قەلبىن باسقاي ئىزتىراپ . »
يېڭى باج ئېلىشتى ھەر بىر ئۆلكىدىن ،
ئەلگە ئارام بېرىپ يەنە قايتىدىن .
شىكار ، مەي بەھرامغا ھەمنەپەس ئىدى ،
گۈزەللەر باغرىدا ھامان مەست ئىدى .

## چىن خاقانىنىڭ ئىرانغا قوشۇن تارتقانلىقى ۋە ئىرانلىقلارنىڭ ئۇنىڭدىن ئامانلىق تىلىگەنلىكى

كېلىپ يەتتى ھىندى بىلەن رۇمغا ،
ئاۋات تۈركۇ چىنۇ قاراقۇرۇمغا :
يەنى بەھرام كۆڭلى ئىشرەت بىلەن بەند ،
يۇرت ئىشىدىن ئەسلا ئەمەس ھەۋەسمەند .
نە يوق سەرھەد بانى ، نە پاسبانى ،
نە يوق دىيار ئىچرە زور پەھلىۋانى .
چىن خاقانى ئاڭلاپ شۇ خىلدا خەۋەر ،
چىن ، خوتەن مۈلكىدىن تارتتى كۆپ لەشكەر .
دىرھەم چېچىپ سۈردى ئىران تامان ئات ،
ھېچكىم قىلماس ئىدى بەھرام گورنى ياد .

رۇمدىن خەۋەر يەتتى شۇندا توساتتىن ،
بىسىپ كەلمەكتە دەپ چىن بىلەن خوتەن .
قوشۇنغا باش بولۇپ چىننىڭ قەيسىرى ،
يېقىنلىشىپ كېلەر بۇ ئىرانسىرى .
ئىراننىڭ پېشىۋا، بار ئۇلۇغلىرى ،
دۇنيادىن خەۋەردار جىمى نامدارى .
بەھرام گور قېشىغا كېلىشىپ دەرھال ،
تەشۋىش ، غەزىپىدىن ئېيتىشتى ئەھۋال .
شاھقا ئاچچىق سۆزلەر يەنە دېيىلدى ،
دىلدىكى تۈگۈنلەر ئوچۇق بىلىندى .
« شاھ پىكرى بەند بولسۇن دائىم جەڭ بىلەن ،
ئەمما سەن بەند بۇدەم مەي ، سەتەڭ بىلەن .
يولۇڭدا خار ئىرۇر بۇ گەنج ، بۇ قوشۇن ،
بۇ بارگاھ ، بۇ تەخت ـ تاج ، ھەتتا يۇرت پۈتۈن . »
شۇندا جاۋاب قىلدى شاھى جاھاندار :
« ھەي ، ۋەزىر ، ئەمەلدار ، ئەمىرۇ سەردار .
بىلىڭكى ، جاھاننىڭ ئادىلى ـ ئىگەم ،
ئۇ ماڭا رەھنەما ، ئارتۇق چەكمەڭ غەم .
كۆچ تېپىپ مەن ئاشۇ ئادىل يەزداندىن ،
بۆرىنى ھەيدەرمەن مۈلكى ئىراندىن .
بار ئىكەن بۇ بەخت ، بۇ قوشۇن ، بۇ گەنج ،
يېقىن كەلمەس ئەلگە ھېچ دەرد ، ھېچ رەنج . »
شۇ بولدى بۇ شاھنىڭ دوستلارغا سۆزى ،
قانغا لىق تولدى ئۇندىن باتۇرلار كۆزى .
بىدار ئىدى ئەمما بەھرام شاھ دىلى ،
دىلنى ئۆرتەپ ناخۇش بۇ خەۋەر تىلى .
لەشكەر غېمىن يەيتتى ئۇ خىيالىدا ،
زەپەر كۈلەر ئىدى ھەر ئامالىدا .
قورقۇشقا چۈشكەندە بۇ ئىران شەھرى ،
يۈرەكنى مۇجۇدى گۇماننىڭ زەھرى .
بارچە ئەل بۇ شاھتىن ئۈمىدىن ئۈزۈپ
تەنە قىلار ئىدى ، كۆڭلىنى بۇزۇپ .
خەۋەر يەتكۈزۈشتى : « ئايا ، بەھرام شاھ ،
چىندىن بېسىپ كەلدى ئىرانغا سىپاھ . »
گۇستەھەمنى ئالدىغا شاھ چاقىرىپ دېدى :
« نېچۈن چىن لەشكىرى يېقىنلاپ كىردى ؟! »
گۇستەھەم پەھلىۋان ھەم ۋەزىر ئىدى ،
ئۇرۇش مەيدانىدا بىنەزىر ئىدى .
كەلدى مېھىرپىرۇز ۋە يەنە ھەرراد ،
كەلدى مېھربەرزىن ۋە يەنە فەرھاد .
كىردى غالىب شاھنىڭ ئالدىغا شۇئان ،
رۇھام ھەم ھەزەرۋان بىلەن ئەندىمان .
بىرى گېلان شاھى ، بىرى راي شاھى ،
ئۇرۇش مەيدانىدا ئەلنىڭ پاناھى .
دادبەرزىن باتۇرمۇ ئۇردىغا كىردى ،
زابۇلىستاندا ئۇ بىر قەيسەر ئىدى .
قارىنىي بۇرزمېھر ھەم قىلدى تەشرىپ ،
رادبەرزىن ھەم كەلدى ، نۇر چېھر ، زەرىف .
شاھ مۇنچە لەشكەرنى ئارىلاپ چىقتى ،
ئون ئىككى مىڭ مەردنى ساناقتا يىغدى .
ئۈكىسىغا بېرىپ تەخت بىلەن كۇلاھ ،
لەشكەر ئىختىيارىن تاپشۇردى پادىشاھ .
نەرسى ھەم مەرد ئىدى ، دانا ۋە ئاقىل ،
ھەم دىن ئېپتىخارى ، نۇر چېھر ، ئادىل .
يېتەكتە ھېسابلىق باتۇر لەشكىرى ،
يول ئالدى ئازەرئاباد يۇرتىسىرى .
غوۋغا قىلىپ نەچچە سىردىن بىخەۋەر ،
دەيتتى : « كىم ئىكەن بۇ پارستا ئەسكەر ؟
دەيتتى : مەيداندىن قاچتى بەھرام شاھ ،
كەتتى ئازەرگۇشەسپ بولغاي دەپ پاناھ .
ئازەرگۇشەسپىرى ماگار ئىكەن ئۇل ،
قەيسەردىن شامالدەك كەلدى بىر رەسۇل .
ئازغىنا لەشكەردە مەنزىلگاھ تۇتۇپ ،
نەرسى لايىق پۇرسەت ياتاتتى كۈتۈپ .
ئەل دېر : « زاۋال بېرىپ بەھرام تەختىگە ،
قارىلىق كەلتۈردى دۆلەت بەختىگە .
باشقا شاھلار كەبى ئۇ توپلىماس گەنج ،
ئەكسىچە ، گەنجىنى چاچتى قىلماي رەنج .
دۇچ كەلگەن جايدا ئۇ جانبازلىق قىلار ،
نە ياشلىق قىممىتى ؟ قەدرىنى بىلەر .
پاراكەندە ئىرۇر شەھرۇ لەشكىرى ،
ئاۋارە بولۇر ھەم ئۇرۇق ـ تۇغقىنى .
بۇ سۆزلەر ئېيتىلىپ بولغىنى ھامان ،
شۇنداق قارار قىلدى بارچە ئالامان :
« ئىراندىن تاپايلى بىر فازىل ئادەم ،
چىن خاقانىسىرى تېز ئالسۇن قەدەم .
ئەسلى يامانلىقنى ئۇ كەم ئەيلىسۇن ،
ئەگەر خاقان بولسا ، كەرەم ئەيلىسۇن .

قالسا ئىران مۇلكى ئورنىدا ، شايەت ،
كەتخۇداسىز يۇرتقا ئۇ سالسۇن شەپقەت . »
نەرسى جاۋاب قىلدى : « چىدىماس يۈزۈم ،
بۇندىن ملك ئەۋزەلدۇر ئۆلگىنىم ئۆزۈم .
چىن شاھىدىن پاناھ تىلىمەي ئەلگە ،
تولدۇرارمەن يەرنى لەشكەر ھەم پىلگە .
بىزدە قورال ، خەزىنە ، مەرد باتۇرلار بار ،
خەنجەردىن ئۇچقۇنلار چاچراتماق دەركار .
بەھرامكى نائۇمىد قىلغان بولسا گەر ،
ئازغىنا كۈچ بىلەن كەتكەن بولسا گەر ،
ياخشى نىيەت قىلىڭ ، يەتكەي ئامانلىق ،
يامان ئەندىشىنىڭ تېگى يامانلىق .
ئىرانلىقلار ئاڭلاپ نەرسى سۆزىن شاد ،
يېڭى بىر بارگاھ قىلىشتى بۇنياد .
بەھرام شاھ بۇ يەردىن كەتكەن قوشۇنسىز ،
تۇتقۇن بولسا ھەسرەتلىنەر قەلبىمىز .
جەڭ قىلىپ كىرسە گەر ئىرانغا خاقان ،
تالان ـ تاراج بولۇر ھەممە ئاشىيان .
نەرسىنىڭ قوشۇنى گەر بولسا ھالاك ،
ئاياغ ئاستى قىلغاي ياۋ باشتىن ـ ئاياغ .
لازىمدۇر كۆرمەكلىك بىر چارە ـ تەدبىر ،
يۇرتىدىن ئۈزۈلمىسۇن رىشتىمىز ھېچبىر .
بىر ۋەزىر بار ئىدى ئىسمىدۇر ھۇماي ،
ئەقىللىق ، بىلىملىك ۋە ئىدراكقا باي .
ئىرانلىقلار ئۇنى قەدىرلەپ شۇئان ،
دېيىشتى : « چارە تاپ ، مۇشكۇلگە ئاسان . »
پۈتۈشتى ئاخىرى شۇنداق بىر نامە ،
خاقانغا دەردىنى يېزىشتى ھەممە .
دەسلەپتە يېزىشتى : « ساڭا بەندىمىز ،
ئەمرۇ پەرمانىڭغا تەييار ھەممىمىز .
ئىران تۇپرىقىدىن ھەرنە خالىساڭ ،
ئۆزرۇ ، تەھسىن بىلەن بېرەيلى بىجەڭ .
سوۋغات ھەم باج ـ خىراج ئال ، قەھرىڭدىن كەچ ،
تۈركلەرگە جەڭگە يوق تاۋىمىز ھېچ . »
نامدار ئۇلۇغلاردىن ئېلىپ يېنىغا ،
ھۇماي يېتىپ كەلدى چىن خاقانىغا .
سوۋغات ، خەت تاپشۇرغاچ خاقانغا ئۇ زات ،
تۇران شاھى بولدى سوۋغات ، خەتتىن شاد .
بىلدىكى ئىراننىڭ قاپقىسىن ئېچىپ ،
بەھرام شاھ قوشۇننى باشلاپتۇ قېچىپ .
خەۋەر مەزمۇنىدىن ئۇ خۇرسەن بولدى ،
قەلبى گويا شۇدەم چىمەنگە تولدى .
ئاندىن تۈركلەرگە سۆز قىلدى خاقان ،
دېدى : « تەزىم قىلدى بىزلەرگە ئىران .
چەكسىز زەپەر قۇچتۇق بۇ دىياردا بىز ،
ئوڭ كەلدى قوللانغان بۇ تەدبىرىمىز ! »
ئەلچىگە كۆپتىن كۆپ قىلدى ئۇ ئىنئام ،
دىرھەم ھەم دىنارلار چېچىلدى تامام .
خەتكە مۇنداق جاۋاب قىلدى شەھرىيار :
« ئاقىللار جېنىغا مىراد بولسۇن يار .
سىزگە دوست دەپ بىلەي ئەمدى ئۆزۈمنى ،
چىن دەپ قوبۇل قىلىڭ ھەر بىر سۆزۈمنى .
قوشۇن بىلەن مەرۋگە كىرگەن كۈنى ،
قىرغاۋۇل بويىنىدەك ياشنىتاي ئۇنى .
ئىنسابلىق تەدبىردە بەخش قىلاي قۇت ،
ئېرىقتىن سۇ ئەمەس ھەم ئاققۇزاي سۈت .
مەرۋدىن بىز ئەپۇ قىلارمىز باجنى ،
مەردلەرنىڭ مۇلكىدىن ئالۇر خىراجنى .
مەرۋدىن ئۇ يانغا باسماسمەن قەدەم ،
قوشۇنۇم رەنجىدىن يىراق بولۇر ھەم . »
ئالدىراپ ئىرانغا ئەلچىلەر ياندى ،
كۆرگەن ـ ئاڭلىغىنىن ئېغىزغا ئالدى .
مەرۋگە قوشۇننى باشلىدى خاقان ،
تۇياقلار لەرزىدىن قارايدى جاھان .
ئاشۇنداق ئۆتەتتى بۇ يەردە ھايات ،
ھېچكىممۇ بەھرامنى قىلماس ئىدى ياد .
مەرۋدە توختىماي چېلىندى چالغۇ ،
كۆزلەردىمۇ ھەتتا يوق ئىدى ئۇيقۇ .
چۆللەردە مەيلىچە تۇراتتى لەشكەر ،
ساقچىلار كۆپ ئىشتىن ئىدى بىخەۋەر .
شىكار ، مەي ، بەزمە ، نەي ئەۋجەر ئىدى تەڭ ،
يوق ئىدى ھېچكىمنىڭ خىيالىدا جەڭ .
ئىرانلىقلار بىجىن كۈتۈشەر ئىدى ،
غەزەپ ، پەريادىغا ھەتتا كۆك تولدى .

## بەھرام گورنىڭ چىن خاقانلىقىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى

بەھرام گور قىساسنى كۈتەتتى ھامان ،
دۈشمەندىن قوشۇننى ساقلايتتى ئامان .
ئۇنتۇپ مەي ـ بەزمىنى كەچ ـ كۈندۈز تامام ،
ئۇنىڭ پايلاقچىسى ئالمايتتى ئارام .
ئۇلار يەتكۈزۈشتى بەھرامغا خەۋەر :
خاقان مەرۋدە تۇرار يىغىپ كۆپ ئەسكەر .
ئازەرگۈشەسپ تامان كەلدى ئۇ دۈشمەن ،
ھەر ئەسكەردە قوش ئات ، ئاتلىرى تىمەن .
كىيىپ رۇمچە كۇلاھ ، تۈركا نە لىباس ،
شامالدەك ئۇچۇپ بارار ، ئەيىۇھەنناس .
تاغدىن چۈشكەن سەلدەك تېز كېلۇر راۋان ،
ئۆتۈپ ئەردەبىلدىن تا ئامۇل تامان .
ئاندىن ئۇ يەتتى ھەم شەھرى گۇرگانغا ،
قانچە ئۇلۇغلارنى جەم قىلىپ يانغا .
گۇرگاندىن يەتتى ئۇ تا شەھرى نىسا ،
يولباشچىسى بولۇپ بارار بىر پارسا .
گاھى تاغ ، گاھىدا كېزىپ دەشتى ـ چۆل ،
كۈنۈ تۈن تىنىمسىز بېسىپ كېلەر يول .
كۈندۈز ساقچى قويۇپ ، كۆزەتچى كەچتە ،
توختىماي ئىلگىرىلەر ئەڭ تېز سۈرئەتتە .
تېزدىن پەرۋاز قىلىپ قىرغاۋۇل يەگلىغ ،
مەرۋگە يېقىنلاپ كەلگىنى ئېنىق .
شاھنى ئاگاھ قىلىپ خاقان ئىشىدىن ،
دېيىشتى : « ئۇ خالىي جەڭ تەشۋىشىدىن .
ئەھرەمەن دېۋىدۇر ئاگا پېشىۋا ،
تەييار قۇلان ئوۋلاش خىيالى دائىما . »
بەھرام بۇ خەۋەردىن شاد بولدى غايەت ،
خالىي بولۇپ ھەممە رەنجىدىن نىھايەت .
بىر كۈن دەم ئېلىشتى مۇشۇ مەنزىلدە ،
خاتىرجەملىك سېزىپ شاھ ، سىپاھ دىلدا .
تاغ كەينىدىن قۇياش كۆز ئاچقان چېغى ،
كەشمىھانغا يەتتى قوشۇن ئايىغى .
دۇمباقلار ساداسى قۇلاقنى يارار ،
بايراقلار لەپىلدەپ كۆزنى چاقنىتار .
چىقتى دەشتى چۆلدىن ھەيۋەت غۇلغۇلا ،
بۇرالدى شاھ ، لەشكەر دىققىتى ئاگا .
كۆكلۈنى ئەزگۈدەك بۇ نالە شېرىن ،
بۇلۇت ياش تۆككەندەك نەم بولدى زېمىن .
قان بىلەن يۇيۇلدى بىر دەمدە مەيدان ،
بەئەينى ئاسماندىن ئېقىپ چۈشتى قان .
خاقان دەشتى ـ چۆلدە چۆچۈپ ئويغاندى ،
ئۇ چاغدا تۇتۇلۇپ بەند بولغانىدى .
چىنىنىڭ نامدارلىرى ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ،
تىر كەلدى ئاتلارغا قول ـ پۇتى باغلاق .
كەشمىھاندىن مەرۋگە قاراپ يول ئالدى ،
بەھرام شاھ لەشكىرى زەپەر قۇچقانتى .
مەرۋدىمۇ قالمىغان چىندىن ھېچ ئەسەر ،
غەنىيمەتلىرىمۇ گۇم بولغان يەكسار .
قېچىپ قۇتۇلماقچى بولغانىدا دۈشمەن ،
بەھرام شاھ دەل يېتىپ كەلدى شۇھامان .
ئوتتۇز پەرسەڭ يولدىن ئۆتتى شۇنداق شاھ ،
قىران پارسىي بولۇپ يېنىدا ھەمراھ .
قايتىپ شىكارگاھتىن ، تېپىشىپ ئىقبال ،
لەشكەرلەر قولىغا تەگدى بۆلگەن مال .
چىن جېڭىدە بەھرام بولدى سەرفەراز ،
بۇ زەپەر يەزداندىن ئېھسانۇ نىياز .
ياخشى ھەم يامانغا مال بەرگەن يەزدان ،
قۇياشقا ، ئايغا نۇر بەخش ئەتكەن يەزدان .

## بەھرام گورنىڭ ئىران بىلەن تۇران چېگرىسىغا سىپىل سالدۇرغانلىقى

ئارام ئالسۇن دەپ قوشۇن ، ئات شۇ دەم ،
مەرۋدە جاي تۇتۇپ ياتتى شاھ بەھرام .
جەڭ ـ جېدەل ھەۋىسى دىلدا ئارتاتتى ،
كۆڭلىنى بۇخارا زەۋقى تارتاتتى .
بىر نەچچە كۈنلۈكلا مەنزىلدۇر ئامۇ ،
بەزمە قىپ ، ھەم ئوۋلاپ قۇلان ۋە ئاھۇ ،
ئاندىن ئات سالدى ئۇ فاراب چۆلگە ،
قۇملۇق ۋە چۆل كېزىپ يىراق مەنزىلدە .
قۇياش كۆك ئاسماننى قىلغاندا ئالتۇن ،
بەئەينى كىيگەندەك بولدى ياقۇت تون .
چاڭ توزۇدى قاناتىن يايغاندەك قۇزغۇن ،
جاھانگىر قولىدا مايۇ مەرغ پۇتۇن .

يەكسانە ئېتىپ ئۇندا لەشكەرنى تۈركىن ،
ياندۇرۇپ كۆل قىلدى بارچە مال ـ مۈلكىن .
يۈلتۈزلار ئۇيقۇغا بولغاندا مەشغۇل ،
بىر ـ بىرىن ئىزلىشىپ ئاتا ھەم ئوغۇل ،
تۈركتىكى جىمىكى سەركەردە ـ سەردار ،
ياش ـ قېرى ، بۈيەردە نام ئالغان نامدار ،
باشلىرى چۈشكەن ھەم يۈرۈپ پىيادە ،
كېلىپ شاھ ئالدىغا بولۇشۇپ زارە
دېيىشتى : « ئەي ئۇلۇغ شاھى شىر يۈرەك ،
پەھلىۋانلىق ئارا تەلىيى يۈكسەك ،
بولسا گەر ئۇل خاقان گۇناھكار ، ئاسىي ،
جاھاندار ھۆكمىدىن ئىرۇر سەۋدايى .
گۇناھسىزلار قېنىن تۆكمە ، ئىلتىماس ،
بۇ قىلمىش نامدارلارغا بولمىغاي خاس .
ئەگەر باج خالساڭ بىز بېرەيلى باج ،
نامدارنى ئۆلتۈرمەك نېمە ئېھتىياج ؟
بارچە ئەر ـ ئاياللار ساڭا بەندىمىز ،
ساڭا تەسلىمىمىز ، بۇ بىزنىڭ ئەھدىمىز . »
ئۇلارنىڭ ھالىغا رەھىم قىلدى بەھرام ،
قەلبى شەپقەت سۈيىدە بولغاندا نەم .
قان تۆكۈشتىن شۇندا تارتىپ قولىنى ،
تۇتتى يەزدانشۇناس شەپقەت يولىنى .

بولدى شاھنىڭ كۆڭلى مېھرىگە پەيۋەند ،
ئاراملىق ، ئەندىشە ئۇنى قىلىپ بەند .
ئۆلكىنىڭ يىللىق باج ھېسابىغا ئۇل ،
ئۇلار ئىلتىماسىن ئەيلىدى قوبۇل .
بۇ ئىشتىن جاھاندار تېپىپ زور دىرھەم ،
تۈركلەردىن كۆپ باج ئۈندۈردى بەھرام .
ئاندىن فاراب شەھرىگە يەنە قايتتى ئۇ ،
چېھرىدە تەبەسسۇم ، لىۋىدە كۈلكە .
بىر ھەپتە بۇ يەردە تۇتتى مەنزىلگاھ ،
چىنىنىڭ ئۇلۇغلىرىن دەۋەت قىلىپ شاھ .
بىر سېپىل سالدۇردى تاش بىلەن گەنجدىن ،
كىم كەلسە تۇراندىن ياكى خەلەجدىن .
ئۆتمەس ئىران ياقىغا شاھتىن بىرۇخسەت ،
جەيھۇندەك تۇرار ئۇ ئەبەدىلئەبەد .
لەشكەردە شەمر ئاتلىق نامدار بار ئىدى ،
ئۆزى زېرەك يەنە كۆپ نامدار ئىدى .
تۇران زېمىنىغا تەيىن بولدى شاھ ،
ئۇنىڭ تەخت ـ تاجىنى بېزەپ قۇياش ، ماھ .
شەمر كۈمۈش تەختكە ئولتۇردى ئۇندا ،
ئەيلىدى قول ئېچىپ تەشەككۇر ، دۇئا .
بېشىغا ئىللا تاج كىيدۇردى كۇشاد ،
بارچە تۇران شەھرى ئۇندىن بولدى شاد .

## بەھرام گورنىڭ ئىنىسى نەرسى بىلەن ئىرانلىقلارغا يازغان خېتى

تۇران زېمىن ئىشى پۈتۈن شۇ خىلدا ،
شاھتا ئارام مەيلى پەيدا بولغاندا ،
ئىنىسى نەرسىگە ئۇ يازدى نامە ،
تۇران بىلەن جەڭدىن قىلىپ ھېكايە .
يەزدان ھەم ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇلۇغ زات ،
ناملىرى ھۆرمەتتە بىر ـ بىر بولدى ياد :
« زەپەرلەر خاس بولغاي خۇداۋەندىگە ،
كەيۋانۇ بەھرام ھەم خاس شۇ تەڭرىگە .
بەخت يار ئۇنىڭكى پەيمانى بىرلەن ،
بار جانلىق ئۇنىڭ پەرمانى بىرلەن ،
چىن مۈلكىدە ئىران يېرىگە مەكتۇپ ،
يوللىدىم ئىنىمنىڭ نامىغا مەكتۇپ .
ئىران مەردلىرىگە يەتسۇن بۇ سۆزۈم ،
نامىنى يازدۇردۇم پەي بىلەن ئۆزۈم .

كىم خاقان جېڭىنى كۆرمىگەن بولسا ،
ئاڭلىسۇن بۇ جەڭدىن ھېكايەت ـ قىسسە .
ئەسكەر ، چاڭ ـ توزاندىن ھەتتا كۈندۈزى ،
قارىيىپ كەتكەنتى ، ئاسماننىڭ يۈزى .
بۇ ئەلدە ئاقتى قان بەئەينى دەريا ،
رەقىبلەرنىڭ بەختى بولدى قاپقارا .
ئۇرۇش ئاپىتىگە ئۇ قىلدى دۇچار ،
ئالەم ئەھلى ئۇندىن بولۇشتى بىزار .
ئۇنى تۇتۇپ كەلدىم تۆگىگە باغلاپ ،
كۆزىدىن قان ئاقار ، جىگىرىن داغلاپ .
بۇيۇن ئەگدى ماڭا ئۇ سەركەش ئەللەر ،
تىللار شېرىن بولدى ، جۇش ئۇرۇپ دىللار .
باج تۆلەر بولۇشتى بارچە بەتبەختلەر ،
يول تاپتى ئاداشقان ھەممە گۇمراھلار .

نامەگە بارۇرمەن ئىزمۇ ئىز ئېيتىپ ،
مۇرادۇ مەقسەتنى مەن ھاسىل ئېتىپ . »
كۆپۈكلەر چاچرىتىپ بەئەينى توپان ،
قوزغالدى تۆگىلەر تۈزەپ چوڭ كارۋان .
نامە يېتىپ باردى نەرسى قولىغا ،
شادلىقلار تولدۇرۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە .
دانالار ، ۋەزىرلەر قېشىدا ئىدى ،
قېرىنداش ، تۇغقانلار يېنىدا ئىدى .
شادلىقتىن لەرزىگە كەلگەندى ئىران ،
بۇ ھالەت بولغانتى تىللاردا داستان .
نامدارلار دىلىنى كەسكەندەك قومۇش ،
قىلمىشتىن پۇشايمانغا تولغان ئەقلى ـ ھوش .
« يامان ئەندىشەيۇ ئەقىل ۋەسۋەسى ،
بىزنى يولدىن بۇزۇپ ، ئەيلىدى ئاسىي .
بىز قىلغان گۇمانلار چىقتى بىھۇدە ،
مۇشكۇلنى يوق قىلدى زېھىن ـ ئەقىلدە .
ياخشى ۋە ياماندىن گەر يازساڭ ئىنشا ،
بىزنىڭ ھوزۇرىمىزنى چۈشەنگىن بۇندا .
ئۆتتى ئۇلۇغلاردىن ئاخىر چوڭ گۇناھ ،
شايەتكى كەچۈرسە نامدار شاھىنشاھ . »
دېدى : « قوبۇل قىلىپ نەرسى ئىلتىماس ،
شاھ دىلىن قىساستىن ئەتكۈسى خالاس . »
دەرھال جاۋاب يازدى ئۇ بۇ نامىگە ،
ياخشى ۋە يامانىنى ئېلىپ ئېسىگە .
دېدى : « ئىرانلىقلار تارتتى زۇلۇم ـ رەنج ،
قولدىن كەتمىسۇن دەپ پەرزەنت ، مۈلكى ـ گەنج ،
پۇشتى پاناھ قىلىپ چىنىنىڭ خاقانىن ،
نائۈمىد قويۇشتى شاھى جاھانىن .
ئۆچلۈك ، ئاداۋەتتىن ئەمەستى بۇ ھال ،
يېگى شاھ تاللاشتا بىز ئاچمىغان پال .
ئەمدى غالىب شاھىم گۇناھىمىزدىن كەچ ،
دىلى يورۇق بولسىلا يورۇق ھەتتا كەچ .
مەندىن بىر ۋاستىلىك كۈتۈشەر ئىدى ،
ئۆزرىمىزنى شاھقا يەتكۈز دېيىشتى . »
بىر دانا بار ئىدى ـــ نامى بۇرزمېھر ،
بۇ ئىشقا بەل باغلاپ ئىزدىدى تەدبىر .
كەلدى شاھى جاھان ھوزۇرىغا ئۇ ،
تولۇق ئېيتىپ دىلدا بولسا نە تۇيغۇ .
ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن شاھ بولدى خۇشال ،
يۈزلىرى ئاتەشتەك ياناتتى ۋال ـ ۋال .
جاغانلىق ، خەتلىق ۋە بەلخلىق بەگلەر ،
بۇخارالىق ، غەرچەلىق شېرىن سۆز ئەرلەر
كېلىشتى كۆتۈرۈپ باج بىلەن خىراج ،
ئاتەشپەرەس شاھقا تىلەپ كۆپ راۋاج .
ھەر كىم ئۆز تاپقىنىن كەلتۈردى شاھقا ،
ھۆرمەتلەر بىلدۈرۈپ ئالىي دەرگاھقا .

## بەھرام گورنىڭ ئىران زېمىنغا قايتىپ كەلگەنلىكى

ئاتەشكەدىكى ئىشلار ۋەسسالام ،
نورۇزلۇق سەيلىلەر بولغانتى تامام .
ئازەرباداگانغا يول ئالدى يەنە ،
نامدار مەردلەر بىلەن قىلىپ تەنتەنە .
بارچە سەجدە قىلىپ ، قىلىشىپ شۈكۈر ،
شۇ دانا ئالدىغا كېلىشتى بىر ـ بىر .
سەجدە قىلىشقانلار ئالاتتى ئىنئام ،
ئاتەشكەدە ھەممە تېپىشىپ ئىكرام .
خىرامان كېلىشتى ستەھر شەھرىگە ،
چۈنكى لايىق ئىدى شاھنىڭ پەخرىگە .
مال تولغان ساندۇقلار يۈكلەپ پىللارغا ،
كېلىشتى شادلىق سېلىپ دىللارغا .
بىر مىڭ بىر يۈز ئاتمىش ئىدى ئەركەك پىل ،
يۈكى دىرھەم ـ دىنار ئىدى ، مال ئېسىل .
بۇنچە تىللا ـ تەڭگە ۋە بۇنچىلىك زىب ،
پارىستا ئاتىلار پەيدەۋاسى دەپ .
يەنە دەرۋىشلەرگە بېرىشىپ ئۈلۈش ،
شادلىق بىلەن باشقا تۆكۈشتى كۈمۈش .
ۋەيران بولغان كۆۋرۈك ئۇچرىسا يولدا ،
يا خاراب بىر رابات ئۇچرىسا چۆلدە ،
شاھ بۇيرۇدى : ئاۋات قىلىڭ تۆكۈپ گەنج
ۋە بۇ ئىشتا ھېچكىم تارتمىسۇن بىر رەنج .
دۇنيادا بولسا گەر دەرۋىش ، قەلەندەر ،
جاپادا نان تاپقان ئادەم بولسا گەر ،
بەخش ئېتىپ ئۇلارغا ئۈستمۇ ئۈس دىرھەم ،
قەلبى ساخاۋەتتىن چەكمەس ئىدى غەم .

بىناۋا ، بىچارە ، يېتىملەرگە دەپ ،
ئالتۇن ، كۈمۈش سوۋغات بەردى ئۇ ھەدەپ .
قېرى ، ھالسىزلارمۇ ئالدى ئۈلۈشتىن ،
خەزىنىنىڭ دىرھەم بىلەن كۈمۈشىدىن .
بەشىنچىسى ،كىمكى بولسا ئېسىل زات ،
ئەتراپتا ھېچ كىشى ھەم قىلمىسا ياد ،
ئالتىنچىسى ،كىمكى ئۇزاقتىن كېلىپ ،
دەرۋىشلىككە ماگسا ئۇ پىنھان قېلىپ ،
گەنج ئىنئام قىلاتتى ئۇلارغا پادىشاھ ،
سېخىيلىقتا بولۇپ نەق ئاللەمپاناھ .
لەشكەرگە ئۈلۈشۈپ سوۋغىلارنى ئۇ ،
گەنج ئاسراش ھەققىدە چەكمەيتتى قايغۇ .
شاھنىڭ ئەمرى بىلەن بىر دانا ئاخىر ،
چىن خاقانى تاجىنى ئەيلىدى ھازىر .
ئېلىپ ئۇ تاجدىكى گۆھەر بېزەكنى ،
كۆزلەپ ئاتەشكەدە تۇرغان ئىشىكنى ،
زەر ـ گۆھەرلەر بىلەن نەقىشلىك قىلدى ،
ئازەرى تەختىگە زىننەتلەر قىلدى .

ئۇيەردىن يول ئالدى تەيسەفۇن تامان ،
نەرسى ھەم ۋەزىرلەر بولۇپ يانمۇ يان .
بارچە كاتتىلارغا بېرەتتى تارتۇق ،
ئىران ئۇلۇغلىرىن ئەزىزلەپ ئارتۇق .
نەرسى كۆرۈپ شاھۇ پادىشاھلىق تاجىنى ،
دىلەفروز بايىراق ۋە قوشۇن راۋاجىنى ،
ئاتتىن چۈشۈپ تەزىم ئەيلىدى بەجا ،
ياندا ۋەزىرلىرى تۇرۇپ جا ـ بەجا .
ئالتۇن تەخت ئالدىدا ئولتۇرماق شەرەپ ،
ئالتۇن كەمەر مەردلەر تۇرغاچقا سەپ ـ سەپ .
موھتاجلارغا خەزىنە دۆلەتتىن چېچىپ ،
تار زىندان ئىشكىن قويدى شاھ ئېچىپ .
ئەدلۇ ئادالەتكە تولدى بۇ زامان ،
غەم تۈگەپ دىل بولدى شادلىققا جاقان .
دىللاردىن چېكىندى ئارمانلار پۈتۈن ،
بەزمىلەر باشلاندى ئۇلۇغلار ئۈچۈن .
كىمكى بۇ مەجلىسكە بولۇشتى داخىل ،
ھەشەمەت لىباسىغا بولۇشتى نائىل .

## بەھرام گورنىڭ سەردارلىرىغا نەسىھەتنامە يازدۇرغانلىقى

باشلاندى ئۈچىنچى كۈن كاتتا بەزمە ،
بار ئىدى بىر كىشى ماھىر خۇش خەتكە .
ياشنىغان يۈزلىرى مەي سېھرى بىلەن ،
بىر نامە يازدۇردى شاھ مېھرى بىلەن .
نامەنىڭ بېشىدا ئاپىرىن قات ـ قات ،
ئەقىل بەخش ئەيلىگەن يەزدانغا رەھمەت .
ئەقىل بولسا ئۇنىڭ ئەگەر مېۋىسى ،
ئادەمگەرچىلىكتۇر ئۇنىڭ سايىسى .
بارچە ياخشىلىقنى بىلدى خۇدادىن ،
ئەقىلنى ئىزدىدى يەتكەن دانادىن .
بىلدى : ياخشىلىقتىن كېلەر ئامانلىق ،
يامانلىق ئىشكىن ئاچماق يامانلىق .
« كىمكى قولۇمدىكى سەركەرلىرىمدىن ،
ئەقىللىك ئىرۇر ئۇ سەردارلىرىمدىن ،
زارلانسا ئۇلارنى كۆتەر زىندان ، دار ،
ۋە ياكى جەستى چۆلدە قالار خار .
رەھىم ئېتىڭ ، رەنجىنى دائىم كەم ئېتىڭ ،
غەمكىنلەر قەلبىنى شاد ـ بىغەم ئېتىڭ .

ھېچكىم بۇ دۇنيادا بولالماس ئۈستۈن ،
ئادالەت ، بىئازار يول ئىزدەڭ كۈن ـ تۈن .
ئەدلىمدىن نىشانە بولغاي بۇ سۆزۈم ،
راستچىللىق يولىغا ھامىمەن ئۆزۈم .
قانچە سىپاھ قىلدى قەتلىم ئۈچۈن قەست ،
نامدار ئەنجۇمەنىم ئەتمەك بولۇپ پەست .
شەرەپ تاپتىم باشلاپ كەمچىل قوشۇننى ،
ئورناتتىم مەن يەنە ياخشى يوسۇننى .
چىن كەبى شۇنچىلىك نامدار بىر خاقان ،
تاج ـ تەختلىك مېھرلىك ساھىبى دەۋران .
ئەسىر بولۇپ چۈشتى قولۇمغا بۈگۈن ،
تۈركلەرنىڭ تاج ـ تەختى گۇم بولغان ئۈچۈن .
مېنى غالىب قىلغان ئۇ ئەزىز يەزدان ،
دۈشمەنلەر شۈكلاشقا بولۇشتى يەكسان .
بەندىمەن ، دىلىمدا مەقسەتلىرىم ساپ ،
ئەندىشەم ھەمىشە ئادالەت ، ئىنساب .
يەتتە يىل ئالماسمەن جاھاندا خىراج ،
چاكارمۇ ، چېرىكمۇ تاپشۇرمىغاي باج .

پەھلەۋى تىلىدا پۈتۈلدى كالام ،
بۇنى بىلىپ قويسۇن ھەر كەر ۋە ئاۋام .
تەۋەلەرگە سوزۇك ئادالەت قولىن ،
تاكى يامانلىقتىن تارتقۇچە ئۆزىن .
كىمكى دەرۋىش بولسا ئۇشبۇ شەھەردە ،
شادلىقتىن بەھرىسىز بولسا ئەگەردە ،
بىزگە مەلۇم قىلىڭ ئۇنىڭ نامىنى ،
ھەل قىلايلى ئۇنىڭ بار ئارمانىنى .
يەنە كىمكى بولسا گەر ئىسىلزادە ،
مال ـ مۈلكۈكتىن ۋاز كەچكەن پاك دىل ، ئازادە ،
بېرىڭ گەنجىمىزدىن ھەدىيە ، نىياز ،
ھۈنەرۋەننى قىلىڭ شادۇ سەرفەراز .
ئۆلكى ، قەرزى بارۇ ، ئەمما مىلى يوق ،
پۇشتى پاناھسىز ھەم ھېچ ئامالى يوق .
خەزىنىدىن ھەل قىلىڭ ئۇنىڭ قەرزىنى ،
ئىشتىڭ بىچارە ئەلنىڭ ئەرزىنى .
يەزداندىن ئەستايىدىل تىلەڭ ، تاكى ئۇل
لوتى ئىلە دىلىمىز يورۇتسۇن پۈتكۈل .
بىزنىڭ دەۋرىمىزدە خۇشۋاخلىق قىلىڭ ،
ئەقىل ـ زېھىن بىلەن خۇشبەختلىق قىلىڭ .
بەندىلەر يىلتىزىن قىرقماڭ ھېچ يەردە ،
چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى خۇداغا بەندە .
كىمنىڭكى يېتەرلىك مال ۋە ئىدراكى ،
ئەقىللىككە بەرسۇن پەرزەنتىن تاكى .
ئىلىم بىلەن دىلنى قىلسۇن مۇنەۋۋەر ،
ئەقىلدە ئۆزىنى قىلسۇن مۆتىۋەر .
باشقىلار مىلىغا سوزماڭ قولىڭىز ،
يەزدانپەرەس بولۇڭ ، مۇشفىق بولىڭىز .
بۇ ئەھدۇ پەيمانى مۇقەددەس تۇتۇڭ ،
يامانلىق يىلتىزىن مۇتلەق قۇرۇتۇڭ .
ئەھدۇ پەيمان قىلىڭ يەزدانغا ، ھەرگىز
دىلنى تار ئەيلىمەڭ مېھىر ئۈچۈن سىز .
قوشۇنلارغا ئەسلا بەرمەڭ ھېچ ئازار ،
ئۇلۇغلارنى ئاياپ ، قىلماڭ بەدكىردار .
كىمكى ناچار ئىكەن تاپقان بىلەن مال ،
يەتكۈسى پېقىرلىقتىن ئاڭا زاۋال .
كىمكى شۈكۈر قىلماس ، بىلىڭىز شۇنى ،
يەنە پېقىرلىققا يەتكۈزگەي ئۇنى .
دەرۋىشتىن دۆلەتنى ئاياپ كەتمەڭ سىز ،
ھاجىتىن يەشمەكنى بىلسۇن قەلبىڭىز .
ساپ دىلغا ياخشىلىق قىلىڭ دائىما ،
چوقۇماڭ موھتاجلار دىلىنى ئەسلا .
كىمكى بولسا گەر مەغرۇر ، ناپىسەند ،
بېشى خەۋپ ـ خەتەرگە تامام بولغاي بەند .
كىم ئەزىز تۇتاركەن ئىنسانلىق شەنىن ،
ئىگەم بىنا قىلغاي ئۇنىڭ جاھانىن . »
شۇ نەپەس يېپەككە يېزىلدى نامە ،
كاتىپنىڭ قولىدا ئىسىل ئىبارە .
نامىگە يېزىلدى جاھاندار ئىپتى ،
ئادىل ، دانالىقنىڭ تالماس قانىتى .
ئۆلكى ، ساخاۋەتتە ئىرۇر بىقىياس ،
قۇدرەت ، ئادالەتتە ئىرۇر بىقىياس .
ئاگاھ قىلماق ئۈچۈن ياشنى ، قېرىنى ،
ئەقىللىك ، سەردارنى ،ئەلنىڭ بارىنى ،
چاپارلار ئەلچىلەر نامىنى ئېلىپ ،
ھەر يانغا مېڭىشتى تېزدىن ئات سېلىپ .
نامە يەتكەن زامان ھەر بىر كىشۈرگە ،
ھەر بىر نامدارغا ۋە ھەر مۆتىۋەرگە ،
دېيىشتى : « خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر ،
يەزدانشۇناسلىقتا شاھ تەنھا ئىرۇر . »
خوتۇنمۇ ، ئەركەكمۇ ، ياشمۇ يا قېرى ،
بارچە پېشۋاز چىقىپ شەھەردىن نېرى .
ئاپىرىن دېيىشتى بۇ شاھقا بىھەد ،
ئادىل شەھرىيارغا قىلىشىپ ئىززەت .
ئارقىدىن باشلاندى بەزمە بىلەن مەي ،
سازەندىلەر چېلىشتى رۇد بىلەن نەي .
يېرىم كۈن ناز ـ نېمەت قىلىپ تەنەۋۋۇل ،
يېرىم كۈن ئىش بىلەن ئىچىشتى كۆكۈل .
شاھنىڭ دەرگاھىدىن ھەر كۈنى سەھەر ،
تارقىلىپ تۇردى تېز ئەلگە خۇش خەۋەر .
كىمكى پۈتكۈزمەكچى بولسا كەمكۈتىسىن شۇ ئان ،
كېلىپ دىرھەم ئالسۇن خەزىنىدىن ئاسان .
ۋادىلار رەڭ تۈزۈپ ياسانغان يەنە ،
چۆمۈلۈپ رەڭدار گۈل ، ئانار رەڭگىگە .
بارچە خۇشاللىقتىن ئېچەر ئۆتكۈزمەي ،
مەيخورلار ساداسى ياڭراپ توختىماي .
ئۆزگىرىپ بايلىقنىڭ نەرخى ناۋاسى ،
ئىككى دىنار بولدى تالنىڭ باھاسى .

نەرگىسنىڭ بىر شېخى بولۇپ بىر دىرھەم ،
بىر سودىدىن ھېچكىم تارتماس ئىدى غەم .
دىللارنى قاپلىغان ئىدى شادلىق ، قۇت ،
بۇلاقتا سۇ ئەمەس ، ئاقار ئىدى سۈت .
بارچە جاھاندارنى ئەيلەر ئىدى ياد ،
ئالەم ئەھلى ئۇندىن بولغانىدى شاد .

## بەھرام گورنىڭ ئىنىسى نەرسىنى خۇراسانغا ئەۋەتكەنلىكى ۋە قەيسەر قاسىدىنى دەرگاھىغا چاقىرغانلىقى

بىر كۈنى نەرسىگە دېدى ئۇلۇغ شاھ :
« يولغا چۈش ، ساڭدۇر مۆھۈر ۋە كۇلاھ .
خۇراسانى بەردىم ، بېرىپ ئاۋات قىل ،
پۇقرالار دىلىنى ھەمىشە شاد قىل .
ھوشيار بول ، ئادىللىق يولىدا تالما ،
ھەر بىر ئۆتكۈنچىگە چاڭگىلىڭ سالما .
يۈز ـ خاتىر قىلما كىم قىلسا يامانلىق ،
يامانلىقتىن كەلمەس ئەلگە ئامانلىق . »
بۇيرۇدى كىيگۈزۈپ شاھانە لىباس ،
يەتكۈدەك مال ـ مۈلۈك بەردى ئاتاپ خاس .
يەنە دېدى : « يەزدان بولسۇن پاناھىڭ ،
قۇياش تەختى بولسۇن سېنىڭ دەرگاھىڭ . »
ئۆتمەي ئىككى ھەپتە ئارىدىن ئاسان ،
قولغا كەلتۈردى كۆركەم ، خۇشھال خۇراسان .
نەرسى كەتكەندىن كېيىن ھەپتە ئۆتۈپ ھەم ،
قالمىدى شاھنىڭ قەلبىدە ئەندىش ـ غەم .
دانالار داناسىن چاقىرتتى پادىشاھ ،
ئۇ كەلدى يېنىدا دانالار ھەمراھ .
شاھ دېدى : « سوزۇلدى قەيسەرنىڭ ئىشى ،
كەتمەك ئىستەر خاقان ئەۋەتكەن كىشى .
ئۆزى قانداق ئادەم ، بىلىمى نېچۈك ،
ئىلىم ـ ھېكمەت ئارا تولىمۇ يېتۈك . »
دانا جاۋاب قىلدى : « ھەر خىل ئىلىم بار ،
پەللىلەر ئۈستىدە يەنە پەللە بار .
ئەندىشە ، ھايادا ئۇ نام قازانغان ،
خۇشخۇيدۇر ، سۆھبەتتە مەنتىقى راۋان .
ئۇستازى بولمىشتۇر ئۇنىڭ ئەفلاتون ،
زېھىن ، ئىلىم دېسەڭ ھەممىدە پۈتۈن .
رۇمدىن كەلگەن چېغى ئىدى ئالپىتە ،
بەند ئىدى غېرىبلىق بىلەن بۇ يۇرتتا .
قىشتىكى يىلاندەك ھالى يەرگە تەڭ ،
جىسمى بوز ، چىرايى قومۇشقا ھەمرەڭ .
بارچە خىزمەتكارى تەييار قېشىدا ،
ئۇۋ قىلسا تايغانلار تەييار ئىشىغا .
ئادەمنى ئادەمچە سانىماس لېكىن ،
كۆزىدە خۇسۇمەت ، ئۆچمەنلىك غەمكىن . »
شۇندا جاۋاب قىلدى داناغا بەھرام :
« خۇدا بەرگەي شەۋكەت ، تاجۇ قۇدرەت ، نام .
جاھاندار قىلغاندۇر مېنى مۇزەپپەر ،
تونۇمنى يورۇتۇپ قىلغان مۇنەۋۋەر .
ئۇ شۇلكى ، رۇم ئېلى شاھىنشاھىدۇر ،
شۇ دىيار ھاكىمى ۋە پاناھىدۇر .
ئۇلۇغدۇر سەلمىدىن ئالغان راۋاجى ،
فەرىدۇن بېشىغا كىيدۈرگەن تاجى .
ئۇلكى ئادىمىلىك ، دانالىق قىلىپ ،
كەلمىشتۇر بىغەرەز بىزگە ئىنتىلىپ ،
ئۇنى چاقىرايلى ، قىلايلى قوبۇل ،
سۆز ئاڭلاپ ، مېغىزىن چاقماق كۆپ مەقبۇل .
ياخشىلىق بىلەن ھەم يولغا سالغايمىز ،
ياخشىلىق يولىدا خىسلەت تاپقايمىز .
بىرى ئورۇش ئىزدەپ قوشۇن ئويىنتار ،
بىرى بەزمە ياساپ كۇلاھ كىيدۈرەر .
بۇ ئىشنىڭ پەرقىنى ياخشى بىلۇرمەن ،
ئۆزىگە مۇناسىپ ھۆرمەت قىلۇرمەن . »
دانا تەھسىن ئېيتتى بەھرام سۆزىگە ،
دېدى : « شاد ياشاڭ شاھ دۇنيا بارىچە .
پەقەت ياخشىلىقتىن چىقار سۆزىڭىز ،
ئۇلۇغلار ئۇلۇغى دېمەك ئۆزىڭىز ! »

ئەتىسى تاجىنى كۆرسەتتى قۇياش ،
ئاسمان ئېتىكىدە نۇرىنى قىلىپ پاش .
يېنىغا ئەلچىنى چاقىرتتى بەھرام ،
پارلىدى سەدەپتەك تەخت ـ ساراي شۇ دەم .
كەلدى دۇنيا كۆرگەن مويسىپىت دانا ،
خۇش سۆزنىڭ ئۇستازى ، ئىلىمدە تەنھا .
قولى كۆكسىدە ، بېشىنى ئېگىپ ھەم ،
ئەلچى تەخت يېنىدا تۇراتتى بۇ دەم .
ھال ـ ئەھۋال سورىدى ، سۆز قىلىپ بەھرام ،
يېقىنراق سىلجىتتى قىلىپ ئېھتىرام .
دېدى : « مەن كۈتكۈزۈپ قويدۇم سىنى كۆپ ،
بۇ ئەل دىدارىغا تويمىغانسەن خوپ .
سىنى كۆرمىكىمنى قىلدى مۇشەققەت ،
خاقانىنىڭ ئۇرۇشى سېلىپ كۆپ ئاپەت .
ئەمدى تەشۋىشلەردىن فارىغ-مىز پۈتكۈل ،
ھەر ئىشنىڭ بىر چېكى بولمىقى مەقبۇل .
مەن جاۋاب قايتۇراي نە بولسا سوئال ،
ھەر سۆزدىن بەختىمگە ئېچىپ كۆرەي پال ،
ئاپىرىنلەر ئېيتتى مويسىپىت ئەلچى ،
دېدى : « سەنسىز بولماس يەر ـ ئاسمان ئىشى .
شاھ قەلبى ئەقىلگە تولۇق بولسا بەند ،
ئەقىلدار سۆزىدىن بولغاي بەھرىمەن .
ئەقىلدار يەزدانغا تۇرار يېقىنراق ،
بەتغەرەز قەلبىدە يانمىغاي چىراغ .
سەن ھەم شەھرىيارسەن ۋە ھەم سەرۋەرسەن ،
ئالىي مەقامسەن ۋە ئەلپەرۋەرسەن .
سەندە ئەقىل ـ ئىدراك ، بىلىم ، تەدبىر مول ،
غالىب پادىشاھقا ئەينەكتۇر بۇ يول .
مەقسىتىڭ پاكىزە ، بېشىڭدا ھۇماي ،
بارچە ئەقىللەرگە تەگرى قىلغان باي .
گەر مەن قەيسەرگە ئەلچىمەن ئۆزۈم .
قولۇڭغا قول بولاي ، ئاڭلا چىن سۆزۈم .
قوبۇل قىل قەيسەرنىڭ سالامىنى پادىشاھ ،
پۇختا بولسۇن دائىم بۇ تاجى دەرگاھ .
قەيسەر بۇيرۇدىكى دانالىرىڭدىن ،
ئالاي يەتتە سوئال قويۇپ جاۋابىن . »
ئاڭا بەھرام دېدى : « سورىغىن مەيلى ،
مەردلەر تاپقاي ئابروي سۆزى تۈپەيلى . »

دانالار داناسى ۋەزىر شۇ ھامان ،
جاۋابقا تەخ بولدى ، شاھ قىلغاچ پەرمان .
سوئالچى كىشىگە سىناقتا بېقىپ ،
شاھ تۇردى بىر مۇددەت قۇلاق دىلىڭ تۇتۇپ .
دىل قۇلۇبىن ئاچتى قەيسەر ئەلچىسى ،
خاقان ھەققىدە بولدى ئۇنىڭ باش سۆزى .
دېدىكى : « جاۋاب قىل ، ئايا رەھنەماي ،
قانداق نەرسىكى ئۇ ئىچتىن تۇتار جاي ؟
يەنە نېدۇر سىرتقا چىقارغۇچە تا ،
نامىنى بىلمىكىڭ بولغاي مۇئەمما ؟
زىرۇ زەبەر نېمە ؟ ئەيلەگىل ئىزھار !
نېمە بىپاياندۇر ، نېمە خارۇزار ؟
ئۇل نېمەدۇر نامى ئىرۇر پاراۋان ،
ۋە ھەريەردە ئىرۇر ساھىبى پەرمان ؟ »
ۋەزىر جاۋاب قىلدى :« سىنالمىغان مەرد ،
كۆڭۈل قويۇپ سۆزۈم ئاڭلىمىغىڭ شەرت .
سوئالىڭدا بولسا نەچچە پىنھان سىر ،
جاۋابىنى مەندىن ئالۇرسەن بىر ـ بىر .
بىرىنچىسى سۆزدۇر ، ئىچتە تۇتار جاي ،
تېشىغا چىققاندا ئۇ زاھىر بولغاي .
ئاسمان ماكان ئىرۇر ئابۇ ھاۋاغا ،
يۈكسەكلىك تەئەللۇق قادىر خۇداغا .
ئىنى ھەم بويى يوق ئۇ ئۇلۇغ يەزدان ،
ئۇنىڭغا ئىلىمدە ئېرىشكەي ئىنسان .
ئۈستى جەننەت بولسا ، تۆۋەن دوزاخ ، بىل .
ئۇ جاي ياخشى بىلەن يامانغا مەنزىل .
شۇل نەرسىكى ، نامى ئىرۇر پاراۋان ،
ئارزۇ نىيەتلەر ئۇنىڭدا راۋان .
ئەقىل دەپ ئاتالغاي ، نامى مول ئىرۇر ،
ياخشىنى مۇرادقا باشلار يول ئىرۇر .
بىرى مېھىر ئىرۇر ، باشقىسى ۋاپا ،
ئەقىلسىز ئىنسانغا بۇ زېمىن جاپا .
خۇش سۆز زاتلار ئۇنى راستلىق دەپ ئاتار ،
ئۇنى زېرەكلىككە ماسلىق دەپ سانار .
گاھىدا تەمكىندۇر ، گاھىدا سىرداش ،
ئۇلارغا سۆز گويا كىيىمگە ئوخشاش .
پەم ـ پاراسەت ئىرۇر ئەقىلدان نامى ،
ئۇ قىلغان ھېسابنىڭ چەكسىز داۋامى .

دانادىن ئەۋزەلرەك يوقتۇر ئالەمدە ،
ئۇ ئالىي پەزىلەت ئىرۇر ئادەمگە .
دانا ئەيلەر جاھان سىرىنى نامايان ،
ئاددىي كۆزگە بۇ سىر بولمىغاي ئايان .
كىمدە ئىلمۇ دانىش بولسا مۇكەممەل ،
ھەرنە مۇئەممانى ئاسان قىلار ھەل .
گەردۇننىڭ ئۈستىدە پارلايدۇ يۇلتۇز ،
ھېسابىنى بىلمەككە ئىرۇرمىز ئاجىز .
تاشلىق بىر يول ئەمەس ئاسمانۇ پەلەك ،
ئاڭا يەتمەك خىيال قىلماق نە كېرەك .
كىمكى كۆرسە ئوقنىڭ ئۇچىشىنى يىراق ،
ئۇنىڭغا شاھىدلىق قىلار ئەل شۇنداق .
بىلىپ بولماس ئالەم ئادىتىنى ئاسان ،
ئۇندا قانچە گەردىش ، قەۋەت ۋە زامان .
دائىم ساناۋەرسەڭ ئاسمان يۇلتۇزىنى ،
بۇ ئاسان ، كۆرمەك تەس شۇ يۇلتۇز يۈزىنى .
شۇ ئىرۇر بىلگىنىم ، باشقا خىل جاۋاب ،
تەكلىپ قىلماق بولساڭ سۆزلە ، ئەي ئەرباب ! »

بۇ جاۋاب لال قىلدى قەيسەر داناسىنى ،
يەر سۆيۈپ ياغدۇردى ئۇ تەسەنناسىنى .
ئاندىن شاھقا دېدى : « ئەي ، شاھ ھېچبىرۋاقت ،
خۇدادىن تىلىمە بۇندىن ئارتۇق بەخت .
ئالەم باشتىن – ئاياغ پەرمانىڭدىدۇر ،
باتۇرلارنىڭ بېشى پەيمانىڭدىدۇر .
قوللاپسەن بەخت بەخش بارچە ئۇلۇغنى ،
بۇ ئالەم تاپالماس مۇنداق يورۇقنى .
دانالار ۋەزىرىڭ بولغاچ دۇنيادا ،
ئەقىللىقلاردىن سەن يەنە زىيادە .
بارچە پەيلاسوپلار ساڭا بەندىدۇر ،
ئالىملار ساڭىلا ھەم پەيۋەندىدۇر . »
بۇ سۆزلەردىن بەھرام كەيپى بولدى چاغ ،
پارلىدى كۆڭلىمۇ يانغاندەك چىراغ .
تالاي دىرھەم بەردى پادىشاھ دەرھال ،
ئىنئام قىلدى لىباس ، ئات يەنە كۆپ مال .
قەيسەرنىڭ ئەلچىسى بولغاچ دانىشمەن ،
شەھرىيار ئالدىدىن قايتتى كۆپ خۇرسەند .

## بەھرام گورنىڭ قەيسەر ئەلچىسىنى ئۇزاتقانلىقى

پەلەككە قولىنى سوزغاندا قۇياش ،
شاھ چىقتى تەختىگە ئاپتاپقا ئوخشاش .
بارگاھقا يەتكەندە ئەلچى ئۇشبۇ دەم ،
كەلگەنتى بۇزرۇكۋار ئۇلۇغ ۋەزىر ھەم .
كەلدى ئۇ شاھىنشاھ ئالدىغا دىلشاد ،
ئۆتكەن – كەتكەنلەرنى بىر – بىر قىلىپ ياد .
ئەلچىگە يۈزلىنىپ شاھنىڭ ۋەزىرى ،
تەدبىرلىك دانادىن سوئال سورىدى :
« دۇنيادا كۆپ زىيان سالغۇچى ئىش نە ،
ئىنساننى يىغلىتار ئېغىر تەشۋىش نە ؟
نە نەرسىدىن تاپقاي ئىنسان مەنپەئەت
ۋە ئۇندىن ھەل بولۇر دائىما مەقسەت ؟ »
ئەلچى جاۋاب قىلدى : « ئۆلكى دانادۇر ،
ھەمىشە ئۇلۇغدۇر ھەم بەختلىكتۇر .
تۇپراقتىن پەس ئىرۇر نادانلىق جىسمى ،
ھېچ ئىشقا سازاۋەر ئەمەستۇر ئىسمى .
دانا ۋە ناداندىن ئاچتىڭ ھېكايەت ،

راستچىللار جاۋابىنى بىلگەيسەن شايەت . »
يەنە دېدى ۋەزىر : « ئويلا ياخشىراق ،
قۇرۇق يەرگە قويما بېلىقنى ، بىراق . »
ئەلچى دېدى : « ئاڭلىغىن ئەي مەرد ،
دانالار سۆزىنى ئەسلىمىكىڭ شەرت .
باشقا خىل جاۋابىڭ بولسا ئىزھار قىل ،
ئابرويىنى ئاشۇرغاي ئىلىم ۋە ئەقىل . »
ئاڭا ۋەزىر دېدى : « قىلغىل ئەندىشە ،
ئەندىشە سۆزگە شان ئىرۇر ھەمىشە .
ھەركىمكى بىئازار بولسا دۇنيادا ،
ئۆلۈمى ئەل ئۈچۈن غەمدۇر زىيادە .
يامانلار ئۆلگەندە شاد بولساڭ راۋا ،
گەرچە بىز ھەم بىر كۈن بولساقمۇ ئادا .
بۇندىن پايدا بولسا ، ئۇندىن بار زىيان ،
ئەقىل پەرق ئەتكۈسى بۇلارنى ئايان . »
رۇم بۇ جاۋابنى بىلدى كۆپ ماقۇل ،
ۋەزىر سۆزلىرىدىن ھېكمەت تاپتى ئۇل .

كۈلۈپ شاھنشاھقا ئوقۇپ ئاپىرىن ،
دېدى : « مۇبارەكتۇر بۇ ئىران زېمىن .
شاھنشاھ تەختىنى كۆرەر ھەمىشە ،
ۋەزىرنىڭ بەختىنى كۆرەر ھەمىشە .
ئىلىمگە تولغانسەن جاھاندا راسا ،
ۋەزىرىڭ ھەر قانداق دانادىن دانا .
راۋادۇر قەيسەردىن تەلەپ قىلساڭ باج ،
ۋەزىرىڭ ئەقىلدە نەق ساھىبى تاج . »
ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن يايراپ شەھرىيار ،
دىلىدا گۈل ئاچتى كەلگەندەك باھار .
چىقتى شاھ يېنىدىن ئۇ ئەلچى مەمنۇن ،
قارا چېدىر يايغاچ ئالەم ئارا تۈن .
ئەتىرىبۇي پەردىسىن يايغاندا ئالەم ،
ئەنبەرگە بېكىنتى ئۆزىنى قۇياش ھەم .
يەنە ھەم ئالدىراپ بۇ چەرخى گەردۇن ،
پاراغەت ئۇيقۇدىن ئويغاندى مەمنۇن .
يەنە پارلاپ كەتتى قۇياش چەشمىسى ،
يېيىلىپ ئالەمگە تاڭنىڭ جۇلاسى .
ئوردا ئىشىكىنى ئاچقاندا دەربان ،
ئالتۇن تەختكە چىقتى يەنە شاھ جاھان .
بۇيرۇدى ، سوۋغاتلار تەييار قىلىشتى ،
ئەلچىگە ھۆرمەتلەر ئىزھار قىلىشتى .
كۈمۈش ، زەر ، ئات ــ جابدۇق بېرىلدى شۇ تاپ ،
ھىندى شەمشەرلىرى ۋە ئالتۇن غىلاپ .
ياقۇت ، گۆھەر ، ئىپار ، ئەنبەر بېرىلدى ،
ئەلچى ئويلىغاندىن كۆپ زەر بېرىلدى .

## بەھرامنىڭ سەردارلارغا ئادالەتتىن سۆزلىگەنلىكى

يەتكۈزۈپ ئاياغقا شاھى رۇم ئىشىن ،
ئويلاشقا باشلىدى قوشۇن تەشۋىشىن ،
ساراي ۋەزىرىگە ئۇ بەردى بۇيرۇق ،
يىغىنغا جەم بولسۇن نامدار ۋە ئۇلۇغ .
مەردۇ مەيدانلارغا بەھرام بېرىپ نام ،
جاھان بايلىقلىرىن ئەيلىدى ئىنئام .
تارقاتتى دىنارلار ، تۇلپارلار ، كۇلاھ ،
سەركەرلەرگە بەردى مۈلك ، تاج ، دەرگاھ .
راستلىقا تولدۇردى ئالەم يۈزىنى ،
ھەممە ئەل شادىمان سەزدى ئۆزىنى .
كىمكى بىدادكاردۇر ، جازاغا مەھكۇم ،
مۈلۈك ، شېرىن سۆزىن قىلىندى مەھرۇم .
ئارقىدىن سۆزلىدى ۋەزىرلەرگە شاھ :
« سىزلەر پاك دىل دانا ، زېھنى ھەم ئاگاھ .
ئادىل ۋە نائادىل شاھتىن ئاچاي سۆز ،
يۇرتنىڭ ئۇلۇغلىرى ۋاقىپ بولغايسىز .
شاھلار ئۆتكەن تۇتۇپ يامانلىق يولى ،
ئۇلارغا ئاراملىق ، بەرمەي ھېچ قولى .
جەبىر تارتتى ئۇلاردىن جاھان ئەھلى ،
غەمدىن قۇتۇلمىدى ياخشىلار دىلى .
بارچە ھارام ئىشقا ئۇرۇپ قولىنى ،
ھېچكىم ئويلىمىدى خۇدا يولىنى .
ئوردا چاڭگىلىدا ئەل نالەن ئىدى ،
ئالەمنىڭ شاھىدىن يۈرەك قان ئىدى .
بارچە ياخشىلىق ۋە يامانلىق قولى ،
بىلىم ئىشىكىدۇر ئەقىللىك يولى .
پاكلىق ۋە ناپاكلىق باغلىقتۇر شاھقا ،
ئۇ باشلار يا ئەگرى ، يا توغرا روھقا .
ئاتام زالىملىققا سالغانىكەن يول ،
پاك دىل بىر خۇداكەش بولغان ئەمەس ئۇل .
ئۇنىڭ قىلمىشىدىن بولماڭ ھېچ ھەيران ،
كۆڭۈل ئەينىكىنى ئۇنىڭ چاڭ باسقان .
كۆرۈڭ جەمشىد شاھۇ ۋە شاھى كاۋۇس ،
ئىبلىس يولىن تۇتۇپ ، نە تاپتى ياۋۇز ؟
ئاتامۇ شۇلارنىڭ يولىنى تۇتتى ،
ئەقىلدە ئىش تۇتماق دەرسىن ئۇنۇتتى .
بارچە تەۋەلىرى رەنج تارتىپ زىياد ،
ئۇنىڭ خاناسىدىن چېكىشتى پەرياد .
قالدى ئاقىۋەتكە ئۇندىن يامان نام ،
شەنىگە ئاپىرىن ئېيتمىغاي ئاۋام .
مەيلى بىز ئېيتايلى ئاپىرىن ئاڭا ،
ئۇنى لايىق كۆرمەس قۇدرىتى دۇنيا .
ھازىر بىزگە قالدى ئۇنىڭ دەرگاھى ،
بىگۇمان ئاسمانغا يۈزلەندى روھى .

جاھان ياراتقاندىن تىلەرمەن ھەر ئان ،
كىم قۇۋۋەت بەخش ئەتسۇن ئاشكارۇ پىنھان .
پۇقرايىم بىلەن مەن قىلىپ مادارا ،
تۇپراقتىن ئالارمەن ئىپارنى قارا .
تېنىم بولغان چېغى تۇپراق بىلەن بىر ،
ھېچكىممۇ بولمىسۇن نارازى ھېچبىر .
سىلەرمۇ چىنلىقنى قىلىڭلار پىشە ،
ھېچكىمدە قالمىسۇن يامان ئەندىشە .
ھەر كىمنىڭ بېشىدا بىر ئۆلۈم باردۇر ،
ئۇندىن باش تارتماقلىق ، بىلىڭ بىكاردۇر .
ئەركەك شىرمۇ ياتار ئۆلۈم قوينىدا ،
ھېچكىم قۇتۇلمىغاي ئۇنىڭ يولىدا .
ئۆلۈم شىردەك ھۇجۇم قىلغان چېغىدا ،
ئەجدىھامۇ ھالاك زىق تىرنىقىدا .
شاھىنشاھلار بېشى ۋە تاجى قېنى ؟
نى ـ نى ئۇلۇغلارنىڭ ئىلاجى قېنى ؟
نەلەردە قېپقالدى نەچچە مەرد ئوغلان ،
كۆرمەسمىز ئۇلاردىن دۇنيادا نىشان .
قېنى ئۇ گۈلچېھرە ، گۈلگۈن رۇخسارلار ،
ياخشىلار قەلبىنى شاد قىلغان يارلار ؟
كىمنىڭكى يۈزىنى بارىگاھ ياپار ،
ئۇنىڭغا تاش ـ تۇپراق بولغاي مەڭگۈ يار .
پاكلىق ، ياخشىلىققا بىز ئۇرايلى قول ،
بەدكارلىق قىلمىشقا ئەسلا بەرمەي يول .
يەزدان نامى بىلەن ئىچۈرمەن قەسەم ،
ئۇ بەردى تاجۇ تەخت ، شەۋكەت ، بەخت ھەم .
ئەگەر بىرەر سەردار بىر قىسىم خاكنى
غەرەزلىك ئالسا گەر ، ئۇنتۇپ ئىدراكنى ،
كۆيدۈرمىسەم ئەگەر ئوتتا جىسمىنى ،
دارنىڭ ھالقىسىدا كۆرەر بېشىنى .
ئەگەر قارا تۈندە بىر ئوغرى ، ئىپلاس ،
ئوغرىلىسا دەرۋىش ئۆيىدىن پالاس .
تۆلىمگە دىنار بېرۈرمىز گەنجتىن ،
غەمگۈزارلار دىلىن يۇيارمىز رەنجتىن .
يويپورۇق كۈندۈزدە يا بورانلىق تۈندە ،
قوي ئوغرىلىسا گەر بىر ناكەس ئۇندا ،
يوقاتقانغا دەرھال بىر ئات بېرۈرمەن ،
شۈكرانە قىلسا بەس ، قانات بېرۈرمەن .

بىرەر ئەسكىرىمنى جەڭ ـ جېدەل چېغى ،
ئۆرتىسە دەرد بىلەن زەخمەتىنىڭ دېغى ،
بىر ئايلىق رىزقىغا بېرۈرمەن دىرھەم ،
كۆرمىسۇن روزىغار توغرۇلۇق ئەلەم .
ئادىل ئىگەمگە سىز شۈكۈر قىلىڭىز ،
بارچە ياخشىلىقنى ئۇندىن بىلىڭىز .
ئاتەشپەرەس مەردلەر ئوتنى ساقلار پاك ،
ئاتەشنى خار قىلماس پاكىز ھوش ـ ئىدراك .
گۇناھتۇر تۆكمەكلىك ئۆكۈز قېنىنى ،
يا ئۈزمەك سەھرادا گومۇش جېنىنى .
پەقەت مال قېرىسا چىققاي ئۇ ئىشتىن ،
ئىگىسى قۇتۇلغاي شۇ ئات تەشۋىشتىن .
يولۇچى ئۆكۈزنى ئۆلتۈرمەك ھەرگىز ،
سەھرادىن بەرىكە يوقىلار ئىزسىز .
مەسلىھەت قىلسىڭىز تېپىلغاي دانا ،
ياشلارنىڭ كۆڭلىنى سۇندۇرماك ئەسلا .
مەستلىكتىن قول ئۈزۈك قېرىغان زامان ،
قېرىنىڭ مەستلىكى ـــ كاساپەت يامان .
دېۋىنىڭ قەستىدىن تۇرۇك ئۇزاقتا ،
ئىشرەتكە بېرىلمەك ياۋ باسقان چاغدا .
ئەگەر تەۋەلەردىن ئۇندۇرمىسەم خىراج ،
بىلىڭكى ھارامدۇر مۇنداق تەختۇ تاج .
ئاتام يەزدىگىرد كىم ، بەدكار ئۆتتى كۆپ ،
ئادالەت يولىنى بىز يەتتۇق تونۇپ .
خۇدايىم گۇناھىن كەچۈرسە شايەد ،
دوزاختىن جەننەتكە ئۆتسە نىھايەت .
خۇدانىڭ ئالدىدا بولماڭ دىل خىرە ،
قارىلىق قىسمىتىن ئۇنتۇماڭ قىلچە .
بىزدىن ئادالەتكار شاد بولسا ، شۇ بەس ،
ئەتىنىڭ تەشۋىشىن قىلىش دەركارمەس .
بىزگە تەۋەلەرنىڭ دىلى شاد بولسۇن ،
مەردلەر دىلى غەمدىن پاك ـ ئازاد بولسۇن . »
ئېتىبار بېرىشىپ شاھنىڭ سۆزىگە ،
قايىللىق مېھرىدىن باقتى يۈزىگە .
كۆزلەردىن تۆكۈلدى قەترە ـ قەترە ياش ،
زېرەك ھەم بىلىمدان شاھ دەپ يۈرتقا باش .
ئاگا ئاپىرىنلار ئوقۇشتى مىڭبار ،
جاھاننىڭ شاھى دەپ بەھرام شاھ ـ نامدار .

## بەھرام گورنىڭ ھىندى پادىشاھى شەنگۇلغا نامە يازغانلىقى

ئورنىدىن قوزغىلىپ دانىشمەن ۋەزىر ،
دېدى : « ئادىل شاھىم ئاڭلا بىرمۇ بىر .
جاھان بەدغەرەزدىن قىلىندى خالىي ،
يۇرتتىن يوق قىلىندى غۇربەت مالالى .
پەقەت يالغۇزغىنا ھىندى شاھى شەنگۇل ،
دائىم ئادالەتتىن يۈز ئۆرۈيدۇ ئۇل .
ئوغرىلىق بىلەن ھىندىدىن چىن مۈلكىگىچە ،
ئەل تىنچلىقىن بۇزماقتا قانچىدىن ـ قانچە .
ياۋۇز قولىن سوزار ئىرانغا دائىم ،
بۇندىن تەشۋىشلەنسەڭ ئەرزىيدۇ ، شاھىم .
سەن شاھسەن ، نىگاھبان شەنگۇل ھىندىگە ،
نېچۈن باج سالۇر ئۇ چىن بىلەن سىندگە ؟
بۇنىڭ بىر چارىسىن تاپماق راۋادۇر ،
تاكى بىر پالاكەت بولمىسۇن سادىر . »
شاھ ئاڭلاپ خىيالغا چۆمدى شۇ زامان ،
قاراڭغۇ كۆرۈندى كۆزىگە جاھان .
ئۇ دېدى : « بۇ ئىشقا تېگىشلىك تەدبىر ،
كۆرۈرمەن پىنھانە ، پاش بولمىسۇن سىر .
كۆرەي ئۆز كۆزۈمدە ئۇنىڭ قوشۇنىن ،
ھەم شاھلىق يوسۇنىن ، ساراي ـ دەرگاھىن .
ئەلچىدەك بارۇرمەن ھىندى شاھىگە ،
بۇ سىر ئېچىلمىسۇن ئىران ئەھلىگە .
شەنگۇلغا بىر نامە يازغىل ، ئەي ۋەزىر ،
يېزىلسۇن ئۇل خەتتە غەزەپ ۋە مېھىر .
بار ئىدى قامىتى خوپ ، ئەقلى مول ۋەزىر ،
ئادالەت جەھەتتە مەردۇ بىنەزىر .
مەسلىھەت سۆزىنى پۈختا قىلىشتى ،
قەغەزگە ئېپار ھىد قەلەم سۈرۈشتى .
يېزىلدى پۇر ھېكمەت نامەئى شەرىف ،
خەلقىڭ ھەق يولىن قىلىشىپ تەرىپ .
خۇداغا تەھسىنلەر ئوقۇپ ئالدىدا ،
ياخشىلىق تەرىپىن قىلىشتى ئىنشا :
« ئۆزى رەھنەمادۇر ئىككى جاھانغا ،
تەنھالىق نىسبەتتۇر يالغۇز يەزدانغا .
ھەر بىر بەندىسىگە رىزقى ـ رۇز بېرۇر ،
مەيلى خىزمەتكارۇ ۋە يا تاجىدار .
ئەقلىدىن ئۇلۇغى يوقتۇر ئالەمدە ،
يولۇڭنى يورۇتار ئۇ ھەر قەدەمدە .
كىم ئەقىل ـ بىلىمدە بولسا گەر ئۈكسىز ،
يامانلارغا بەرمەس جاھانىنى ھەرگىز .
كىم قىلسا ياخشىلىق يوقاتماس بەختىن ،
يامانلىق گۇم قىلار شاھلارنىڭ تەختىن .
ئىلىمدىن يوق بولۇر ھەر نېچۈك بالا ،
بالاغا بولمىسۇن ھېچكىم مۇپتىلا .
بىلىككى ئەقىلدان بولسا ھەر ئادەم ،
يامانلىق يولىغا باسمىغاي قەدەم .
مەنمەنلىكنى ئەسلا ياقتۇرماس ئەقىل ،
ئەقىل كۆزى بىلەن ئالەمگە باققىل .
ئەقىل شەھرىيارلار بېشىدا تاجدۇر ،
ئەقىللىك نامدارنىڭ بەختى راۋاجدۇر .
بىخەۋەر ئىرۇرسەن يۈكسەك ، پەسلىكتىن ،
دىللار قان بولماقتا سېنىڭ دەستىڭدىن .
ئەگەر مەن تاجدارغا زامانەدۇرمەن ،
ياخشى يا يامانغا باھانەدۇرمەن .
سېنىڭ شاھلىقىڭدا راستلىق ئىرۇركىم ،
قىلغان ئىشلىرىڭدىن ئەل چېكىدۇ غەم .
شاھلار رەسمى ئەمەس تالان ھەم تاراج ،
يامانلىقتىن شۆھرەت تاپالمىغاي تاج .
ئەجدادىڭ بويسۇنۇپ كەلگەنىغۇ بىزگە ،
ئاتاڭ قارام ئىدى شاھلىرىمىزگە .
ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بۇزمىغان ئەھدىن ،
ئارقىغا سوزمايتتى سېلىقنىڭ ۋاقتىن .
چىنلىقلار كەلگەنتى ئىرانغا بېسىپ ،
كۆردۇڭغۇ نە كۈنلەر بولغىنىن نېسىپ .
تالان ـ تاراج بولدى توپلىغان مېلى ،
يامان قىلمىشىدىن يەر بولدى ھالى .
شۇنىڭغا ئوخشايدۇ سېنىڭمۇ ئەيىنىڭ ،
تۇتقان يوليورۇقۇڭ ، دىلدىكى مەيلىڭ .
گەنجىم بار ، لەشكىرىم تۇرار سەپمۇ سەپ ،
بولغايمۇ ئۇ قىلغان جەڭلەرگە تەرەپ ؟
مەردلەرنىڭ جېڭىگە يەتمەس بەردىشىڭ ،
چۈنكى يوق ئىلىڭدە زور لەشكەربېشىڭ .
كۆچۈڭگە ئىشەنچىڭ يوقلۇقى ئېنىق ،
مەن بىر دەريا بولسام ، سەن كىچىك ئېرىق .
سەن تامان يول ئالدى بىر دانا ئەلچى ،
ئۇ ماھىر ئالىم ھەم ماھىر نۇتۇقچى .

يا باجنى ئەۋەتكىن، يا باشلىغىن جەڭ،
بولماس بۇ تۇگۈننى ئەمدى ئاچماسلىق.»
ئىگەمگە تەھسىنلەر تولدۇردى دىلنى،
پەيۋەستە قىلغان ئۇ ئەقىل ـ ئادىلنى.
يېزىلىپ مۇكەممەل بولغاندا ئىنشا،
ئاڭا شاھ نامىنى قەيت قىلدى مىرزا.
يازدى ئۇنۇڭا 〈 ئالىي مەقام 〉 دەپ،
جاھاندار، خۇداگۇي ئۇلۇغ بەھرام، دەپ.
بەھرامكى، يەزدىگىرد تاجى سەرۋەرى،
ئاتەشكەدە ئەھلى ئالىي رەھبىرى.
ئەلنىڭ قوشۇندارى، ئەلگە بەخت، راۋاج.
سۇقلابۇ رۇملاردىن ئالۇر باج ـ خىراج.
قەننۇجدىن سىندگىچە ھۆكۈمران شەنگۇل،
شۇ شاھ تامان ماگدى ئەلچى ئۇدۇل.

## بەھرام گورنىڭ ھىندىستانغا ئۆز نامەسىنى ئېلىپ بارغانلىقى

مەكتۇپقا مۆھۈرنى باستى شاھ بەھرام،
شاھ ئۇۋغا چىقار دەپ يېيىلدى پەيغام.
بۇ سىردىن ھېچ ئەسكەر ئەمەستى ئاگاھ،
بىر نەچچە نامدارلار بولۇشتى ھەمراھ.
شۇنداق قىلىپ، كەلدى ھىندىستانغا ئۇ،
دەريا كېچىپ يەتتى جادۇستانغا ئۇ.
شەنگۇلنىڭ قەسرىگە يېتىشكەن مەھەل،
كۆردى بىر بارگاھۇ ئايۋان مۇكەممەل.
بىر قەلئە كۆتۈرمىش ئېدى مۇندا قەد،
دەرۋازا ئالدىدا جەسۇرلار ھەيۋەت.
پىل ۋە ئاتلىق قوشۇن تۇرار سەپمۇسەپ،
جىرىڭلار قوڭغۇراق، كاناي بىلەن داپ.
بۇ بارگاھنى كۆرۈپ بەھرام قالدى لال،
دىلىنى زەبت ئېتىپ بىر نەچچە خىيال.
ئاندىن دەربانلارغا ئېيتىلدى خەۋەر،
تابىلسۇن بۇندىكى خادىم ۋە ئەسكەر.
مۇزەپپەر بەھرامشاھ ئەلچى ئەۋەتتى،
شەنگۇل دەرگاھىغا قەدىمى يەتتى.
شەھرىيار قېشىغا كىشى كىرىشتى،
خەۋەرنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىشتى.
ئىشىكلەر ئېچىلدى پەرمان قىلغاچ شاھ،
بەھرامغا كۆرۈندى ئېچكىرى دەرگاھ.
بۇ ساراي ئىچىدىن شاھ بەھرامى گۆر،
كۆردىكى بىر بىنا، تاپىسلار بىللۇر.
شەنگۇلنىڭ يېنىغا كىرگەن ۋاقتىدا،
كۆردى ئۇ تاجدارنى پەخىر تەختىدە.
تەختى زەر بېزەلگەن، كۆپ بىنباھادۇر،
ئۇنىڭدا ئولتۇرغان شاھى باھادىر.
چېھرىسى، سىيماسى ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن،
ئەڭ ئېسىل گۆھەرلەر بېزەر خىلئەتىن.
يېنىدا ئاكىسى، ئولتۇرار ئول شاھ،
بېشىدا يالتىرار گۆھەرلىك كۇلاھ.
تۇرار ھۇزۇرىدا ئۇلۇغ رەھنەماي،
ئوغلىمۇ شۇ يەردىن ئالغانىدى جاي.
قولىدا نامەنى تۇتقانچە بەھرام،
كۆرسەتتى تەزىمدىن شاھقا ئېھتىرام.
ئۇ دېدى: «بۇ نامە سىزگىدۇر مەكتۇپ،
جاھاندار بەھرامدىن كەلتۈرگەن مەكتۇپ.
ھىندىلار شاھىغا خەتنىڭ ھەر قېتى،
ھوش بىرلە يېزىلمىش پەھلەۋى خېتى.»
شاھ بەھرام ئىسمىنى ئاڭلىغاچ شەنگۇل،
زەر كۇرسى كەلتۈر، دەپ بۇيرۇق سوقتى ئۇل.
ئالتۇن كۇرسى بىلەن ئېتىبارلاندى،
ئەلچى، ھەمراھلىرىغا بىر ـ بىر قارىدى.
بەھرامۇ كۆڭلىنى ئەيلىدى ئىزھار،
دېدى: «قۇلاق سېلىڭ، ئۇلۇغ شەھرىيار.
بۇيرۇسالىڭ، ئەرزىمنى ئېيتاي ئىزمۇئىز،
پاكلىق ۋە ئۇلۇغلۇق بولمىسۇن سەنسىز.»
شەنگۇل دېدى: «سۆزلە، ئەرزىڭنى دەرھال،
ئەرز ئېيتقانلار تاپقاي ئالەمدە كامال.»
بەھرام دېدى: «ئىشىت، ئەي خۇسرەۋ نىجات،
كەلمىگەن ئالەمگە بەھرام يەڭلىغ زات.
ئىرۇر ئۇ مۈلۈك ئارا سەردارۇ سەرۋەر،
ئەدلىدىن ھەسەلگە ئايلانغاي زەھەر.
ئاڭا باج تۆلەيدۇ نى ئۇلۇغ ئەرلەر،
ئۇ قۇلان دەشتىدە ئوۋلايدۇ شىرلار.
جازا مەيدانىدا تىغ تۇتقان ھامان،
دەريا بولۇپ ئاققاي دەشتى چۆلدە قان.

ساخاۋەتتە ئىرۇر باھار شامىلى ،
خار ئۇنىڭ قېشىدا گەنج ، دىنار ، مېلى .

سالاملار يازدۇرۇپ ئەقىل شاھىگە ،
بىز بىلەن ئەۋەتتى ھىندى دەرگاھىگە . »

## شەنگۇلنىڭ بەھرام نامەسىگە جاۋاب بەرگەنلىكى

شەنگۇل ئاگاھ بولغاچ ئۇشبۇ نامەدىن ،
ھەيرەتكە چۇلغاندى ئۇ ئەگىمەدىن .
بىر فەررۇھ نامەنى يوقۇغان زامان ،
تاجدارنىڭ چېھرىسى بولدى زەپىران .
دېدىكى : « ئاڭلىدىم مەقسەت سۆزۈڭنى ،
ئارتۇق ئالدىراتماي تۇرغىن ئۆزۈڭنى .
غەزەپناك كۆرۈنۇر ئۇ پادىشاھىڭ ،
بۇ يولدا جاھىللىق قىلمىش ھەمراھىڭ .
كىمكى ھىندىستاندىن ئىستەر ئىكەن باج ،
بىزگىمۇ خوپ ئەمەس ئۇ تاپماس راۋاج .
سۆزلە خەزنە ياكى قوشۇن ئىشىدىن ،
ۋە ياكى يۇرتلارنى پايمال قىلىشتىن .
شاھلار قۇلان بولسا مەن بۆركۈت گويا ،
ئۇلار تۇپراق بولسا مەن تاشقىن دەريا .
يۇلتۇز بىلەن ھېچكىم جەڭ ــ جېدەل قىلماس ،
بۇندىن خارلىق تاپقاي ، ئۆزگە نەپ بولماس .
ھۈنەر مەنمەنلىكتىن ئەلادۇر مىڭ بار ،
مەنمەنلىك دانالىق ئارا بولۇر خار .
سەندە نە مەردلىك يوق ، نە بىلىم ، غۇرۇر ،
شاھلىقتىن گەپ سېتىپ ئالۇرسەن ھۇزۇر .
بارچە يەر مېنىڭكى ، گەنجىم بىھەد مول ،
ئاڭا ئەجدادلىرىم ئۇرمىغاندۇر قول .
ئۇرۇش ئەنجامىدىن گەنجىم بار يەكسار ،
قولۇپ ئاچماق بولسا خەزىنچىم ئەگەر ،
ئاچقۇچ تارتماق ئۈچۈن كېرەك نەچچە پىل ،
پەقەت ئەڭ قۇدرەتلىك پىل ئاچالار ، بىل .
قىلىچ ــ قالقىنىمنى بىلمەكچى بولساڭ ،
كۆكتىكى يۇلتۇزدىن كۆپ ئىرۇر ، بىلسەڭ .
قوشۇنۇم زېمىنغا سىغماس كەبى مول ،
پىللىرىم ئالەمگە پاتماس ساندىدۇر .
ئەگەر كۆپەيتسەڭ سەن مىڭلاردىن مىڭغا ،
شۇنچە كۆپ شاھلارمۇ سېغىنار ماڭا .
تاغ ــ دەريا خەزىنىسى ئوڭ ۋە سولۇمدا ،
جاھاننىڭ تەقدىرى مېنىڭ قولۇمدا .

مېنىڭدۇر ئەنبەر ، ئۇد ، مۇشك چەشمىلىرى ،
ئۆسۈملۈك ، دەل ــ دەرەخ مېنىڭدۇر بارى .
مەندىدۇر دەردمەنلەر دەردى ئىلاجى ،
مەندىن بەھرىمەندۇر ئالەم موھتاجى .
مېنىڭ خەزىنەمدە قانچە زەر دېسەڭ ،
كۈمۈش ، ياقۇت دېسەڭ يا گۆھەر دېسەڭ .
سەكسەنچە زەر تاجلىق شاھۇشەھرىيار ،
ئەمرۇ پەرمانىمغا ھەرلەھزە تەييار .
شۇنچىلىك بايلىقتىن ئۆزۈم بەھرىمەن ،
يولۇمنى تۇسالماس دېۋە ــ ئەھرەمەن .
تا قەننۇجدىن ئىران تۇپرىقىغىچە ،
ئۇندىن سۇقلابۇ چىن قىرغىقىغىچە ،
بارچە يۇرتلار مېنى ھامى بىلىدۇ ،
بوي ئېگىپ ماڭا خىزمەت قىلىدۇ .
ھىندۇ چىن ، خوتەندە نە ئەللەركى بار ،
ھەممىسى نامىمنى ماختىشار تەكرار .
ھىندۇ چىن تاجىمنى ئۇلۇغ بىلىشەر ،
چاكارلىق يولىدا ئىخلاس قىلىشار .
فەغفۇرى چىن قىزى بار شەبىستانىمدا ،
مەدھىيىلەر ياغدۇرۇپ تۇرار يېنىمدا .
ئۇندىن بىر ئوغلۇم بار ، باتۇر ، شىر يۈرەك ،
تاغلارنى تىغ ئۇرسا ئەيلىگەي بۆلەك .
كاۋۇستىن كەيقۇباد دەۋرىگە قەدەر ،
ھېچكىم بۇ دىيارغا سالمىغان خەتەر .
لەشكەردە ئۈچ يۈز مىڭ پەھلىۋانىم بار ،
ئۇلار ئاتىشىدۇ مېنى شەھرىيار .
بار يەنە ئىككى يۈز قوۋم ــ قېرىندىشىم ،
ھەر قانچە ئاپەتتىن خالىيدۇر بېشىم .
ئۇلار ئەجداد ــ ئەۋلاد ماڭا پەيۋەستە ،
بارچىسى قولۇمدا ، مەن ھەر ھەۋەستە .
شىرلار توقايلىقتا قىلىشقاندا جەڭ ،
ئۇلار نەرىسىدىن كۆتۈرۈلگەي چاڭ .
ئەلچىنى ئۆلۈمگە قىلماقلىق مەھكۇم ،
پادىشاھلىقتا گەر بولسا بۇ ئۆلۈم ،

بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلاتتىم ،
لىباسىڭ قان قىلىپ ، باغرىڭ تىلاتتىم . »
ئاڭا بەھرام دېدى : « ئىشىت ، ئەي تاجدار ،
تىكمەك بۇ ئۇرۇقنى شاھقا نە دەركار .
دەرگاھتىن كۆرسەتسۇن ئىككى دانانى ،
دانالار كۆرسەتسۇن سۆزدە مەنانى .
ئەقىللىق كىشىلەر قىلسۇن ئىمتىھان ،
باردۇر ئارىمىزدا دانا بىر جاھان .

مال ــ مۈلكۈڭ يولىدا پىكرىم ئەمەس بەند ،
ئاقىللار سۆز قەدرىنى تۇتىدۇ بەلەند .
جەڭچى مەردلەردىن سايلىغىل ياكى ،
چوقماقلار ئۇيناتقىن قولۇڭدا تاكى .
مەيلى ھىندىستاندىن يۈز سۇۋارى مەرد ،
بىزنىڭ بىر كىشىگە كۈچ سىناشسۇن ــ شەرت .
ئۇنىڭدا بىزلەرنى قىلالىسا رام ،
باجلارنىڭ بەھرىدىن ئۆتەرمىز تامام .

## بەھرام گورنىڭ شەنگۇل بارگاھىدا ماھارەت كۆرسەتكەنلىكى

بەھرامنىڭ سۆزىگە سۆز قاتتى شەنگۇل :
« سىنىڭ بۇ خاھىشىڭ ئەمەستۇر مەقبۇل .
بىر پەس ئولتۇر يەنە دەم ئال بۇ جايدا ،
ئارتۇق سۆزلىمەكتىن زادى نە پايدا . »
دىلرەبا بىر جايغا بېرىلدى زىننەت ،
كۆرسىتىپ مېھمانغا ھۆرمەت ۋە ئىززەت .
بەھرام تا چۈشكىچە ھوزۇر ئالدى خوپ ،
قۇياش تىك كەلگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ .
شاھنىڭ ئەمرى بىلەن مەجلىس قۇرۇشتى ،
چاكارلار خىزمەتتە تەييار تۇرۇشتى .
داستىخان سېلىندى ، شاھ قىلدى پەرمان :
« بىزنىڭ شۇ مېھماننى كەلتۈرۈڭ بۇيان .
ئەلچىنى يوللاپتۇ ئىراننىڭ شاھى ،
خۇسرەۋچى مەردلەرمىش ئۇنىڭ ھەمراھى .
كەلسۇن يولداشلىرىن ئېلىپ يېنىغا ،
تەشرىپ قىلسۇن مەرد داستىخانغا .
بەھرام بۇ مېھمانغا كەلدى شۇ ھامان ،
تەنەۋۋۇل ئەيلىدى بىر ئاز ئاش ۋە نان .
تائامنىڭ ئارقىدىن قىزىپ رۇد ۋە نەي ،
ساپا ئەھلىگە ھەم قۇيۇلدى كۆپ مەي .
كېلۇر تائاملاردىن مۇشك ــ ئەنبەر ھىدى ،
سېلىنغان كۆرپىلەر زەرباپتىن ئىدى .
دىللاردىن غەم ــ غۇسسە يىراقلاپ كەتكەن ،
سەردارلار قەلبىنى شادلىق بەند ئەتكەن .
ئىككى زور قامەتنى چاقىردى شەنگۇل :
« كۆرەشتە بەختىڭنى سىنا ! » دېدى ئۇل .
ئۇل مەردۇ مەردانلار مەھكەم بەل باغلاپ ،
چېلىشقا چۈشۈشتى ئۆزنى شىر چاغلاپ .

چىرماشقان ئىككى مەرد ئېلىشتى تىنماي ،
شىر سۈپەت چاڭ سېلىپ ، ھەرگىز يول قويماي .
بەھرام بىللۇر جامدا ئىچكەندە شاراب ،
شاراب ھەم تېنىغا سالدى ئىنقىلاب .
شەنگۇلگە دېدى ئۇ : « ئايا شەھرىيار ،
بۇيرۇ ، مەن كۆرەشنى قىلدىم ئىختىيار .
مەيخورلۇق قىلغۇنچە ئۇشبۇ ئايۋاندا ،
كۈچ سىناي پالۋانىڭ بىلەن مەيداندا . »
شەنگۇل كۈلدى ، دېدى : « مەيلى تۇر ، كەلگىن ،
گەر يېقىلساڭ مۇندا قېنىڭنى بەرگىن . »
بۇ سۆزدىن ئورنىدىن تىك تۇردى بەھرام ،
بويۇن ئېگىپ قىلدى مەيداندا خىرام .
خۇددى ئۇ قۇلانغا چاپقان شىردەك مەست ،
بىرىنىڭ بېلىدىن تىك كۆتۈردى دەست .
يەرگە بىر ئۇردىكى بولدى مىڭ پارە ،
سۆڭىكى تۆكۈلۈپ ، قان ئاقتى يەنە .
شەنگۇل ھەيران قالدى ، ئەجەب تاش بەدەن ،
قۇدرەتكە لىق تولغان ، قامىتى گۈل تەن .
خۇدانىڭ نامىنى ئالدى تىلىغا ،
ئۇ مەردنى چىنىڭ تۈگدى بۇ شاھ دىلىغا .
دىل ئاچار شارابتىن يايراپ كۆڭۈللەر ،
گۈھەردەك سارايدىن چىقىشتى ئۇلار .
تاكى پەلەك كىيگۈچە مۇشكى لىباسىن ،
ياش ــ قېرى قىزىتتى بەزمىنىڭ ئىشىن .
ئاندىن دەم ئالماققا ئۇلار يېتىشتى ،
شاھ ۋە مەردلەر ئۇيقۇ ئارا پېتىشتى .
زەررىن بولغان چېغى ئالەم لىباسى ،
يېيىلدى قۇياشنىڭ تاجى جۇلاسى .

مىنىپ ھىندى شاھى بىر ئارغىماققا ،
قولغا كامان تۇتتى ، مەيدان قۇرماققا .
چەۋگەن ، تىرۇكامان قىلىندى تەييار ،
سىناقتىن ئۆتتۈشتى ھەممىسى يەكبار .
ئاتلاندى شاھ ئەمرى بىلەن بەھرام ھەم ،
شاھانە كامانىنى تۇتقانچە مەھكەم .
دېدى ئۇ شەنگۇلغا : « شەھرىيار ئىشىت ،
مەن بىلەن ئىراندىن كەلگەن كۆپ يىگىت .
تىر_ كامانىنى قىلۇر ئۇلار ئارزۇ ،
ئازادە دىل شاھقا ماقۇلمىدۇر بۇ ؟ »

شەنگۇل جاۋاب قىلدى : « بۇ تىرۇ كامان ،
سۇۋارى بەلگىسى ئىرۇر بىگۇمان .
ھۈنەر ھەم كۈچۈڭنى ئەمدى كۆرسەتكىل ،
كىرىچنى چىڭ تارتىپ يايىڭنى ئاتقىل ! »
بەھرام شىددەت بىلەن ئارغىماق سۈرۈپ ،
قوشقانات ئۈستىدە لاچىندەك تۇرۇپ .
ياغا ئوق قويدى ھەم تارتتى يەكپارە ،
بىر زەربىتە مۆلچەرنى قىلدى مىڭ پارە .
ئاپىرىن ساداسى ئالدى مەيدانىنى ،
ھەيرەت چۇلغىغانتى ئەل _ ئالامانىنى .

## شەنگۇلنىڭ بەھرامدىن گۇمانلانغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىرانغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلمىغانلىقى

بەھرام ھۇنىرىگە شەنگۇل قالدى لال :
« بۇ نە قۇدرەت ، ـــ دېدى ، ـــ نە ئەۋجى كامال ؟
ئەلچىگە ئوخشىماس كەلگەن بۇ كىشى ،
تۈركمۇ ، ئىرانلىق ۋە ياكى ھىندى ؟
يا شاھقا قېرىنداش ، يا ئۇلۇغ ۋەزىر ،
ھەتتا شاھ سانالسا ئەلۋەتتە ئەرزىر . »
ھىجىيىپ بەھرامغا سۆزلىدى ئۇ شاھ :
« سەن ئەسلى نەسلىڭدىن قىلغايسەن ئاگاھ !
بۇ ھۈنەر ، بۇ ھەيۋەت دەستىلىك كامان ،
شاھنىڭ ئىنىسى دېسە سېنى يوق گۇمان .
شاھانە قامىتىڭ ، شىردەك كۈچۈڭ بار ،
ئېھتىمال ئىرۇر سەن بىر جەسۇر نامدار . »
ئاگا بەھرام دېدى : « ئەي شاھى ھىندى ،
يامان ناملىق بولۇپ قالماي مەن ئەمدى .
يەزدىگىرد نەسلىدىن ئەمەسمەن مۇتلەق ،
ئاگا بۇرادەرمۇ ئەمەسمەن شۇنداق .
ئىران مۈلكىدىنمەن ، بىر بىگانە مەن ،
يا دانىش تەلەپ ، يا مۈلكدار ئەمەسمەن .
رۇخسەت قىلساڭ ماڭا بولغاي ياخشىلىق ،
تېز يولغا چۈشەي مەن ، مەنزىلىم يىراق . »
شاھ دېدى : « مەندىدۇر سۆزلەش نۆۋىتى ،
توختىغىن ، سۆزۈم بار ئېيتىشقا تېخى .
ياخشىمەس يۇرتۇڭغا كەتمەك ئالدىراپ ،
ئالدىراش ئىشلاردا يوق پەيزۇ ساۋاب .
بىز بىلەن بىللە بول ، دىلغا بەر ئارام ،

مېۋە يەپ ، مەي ئىچكىل تېپىپ ئېھتىرام . »
ئارقىدىن چاقىردى ۋەزىرىنى شاھ ،
بەھرامنىڭ ھالىغا بولماققا ئاگاھ .
دانىشمەن ۋەزىرگە قىلدى دىل ئىزھار :
« ساڭا ئېيتارغا بىر مەخپىي گېپىم بار .
گەر بەھرام قېرىندىشى بولسا بۇ مەرد ،
مەردلەرنىڭ ئىچىدە بولسا يەنە مەرد ،
نە ئۈچۈن كۆڭۈلنى سالۇر ھەيرەتكە ،
بۇ ئىشنى يايمايلى بىز جامائەتكە .
بۇ يەردىن كەتمىسۇن ، ياخشىلىقچە ئېيت ،
سەر لەشكەر قىلىشنى ئۇقتۇر قىلىپ قەيت .
بۇنى ھىيلە بىلەن ئاڭا يەتكۈزگىل ،
كۆڭلىدىن شۈبھەيۇ غەمنى كەتكۈزگىل .
بۇ گەپنى سەن ئېيتساڭ بولۇر ياخشىراق ،
شېرىن سۆزلىرىڭنى ئايانما بىراق .
ئېيتقىنكى ، ھىندى شاھى ھۇزۇرىدا ئۇ ،
تاپقۇسى شۆھرەتۇ ساۋاب ھەم ئابروي .
يېنىغا كەلگەندە بولۇپ سەن خۇشھال ،
ئۇنىڭ مەقسىتىنى تىڭلا ، بىلىپ قال .
ئېيت ، دېسۇن خالىغان ۋىلايەت تاجىن ،
قوشۇندارلىقنى ۋە مۈلۈك باجىن .
بۇ مۈلۈكتە ھەمىشە دەم ئۇرار باھار ،
ئەترلەر خۇش بۇيى بەئەينى ئەنھار .
بۇندا دىرھەم باردۇر ، يەنە زەر گەنج ،
دىرھەم بولغان جايدا يوقتۇر ، غەم ، نە رەنج .

كۆنسەك بۇ مۇلۇك شاھى سىلار بېشىڭنى ،
شادلىنار كۆرگەندە نۇرلۇق يۈزۈڭنى .
يۈزمۇ يۈز بولغاندا سەن ئەلچى بىلەن ،
شۇ خىل سۆزلەرنى دەپ كۆپ ئىشەنچ بىلەن ،
سۆزلەرنىڭ ئىچىدە نامىن سوراپ بىل ،
شۇندا شاد بولغۇسى كۆكسۈم ئارا دىل .
بىزنىڭ ئېلىمىزگە رام بولسا شايەت ،
ئېلىمىز شۆھرىتى ئاشقۇسى غايەت .
ئۇنى بىز لەشكەرگە سەردار قىلۇرمىز ،
نە ئىش لازىم بولسا ، كېيىن بىلۇرمىز . »
كەلدى كۆپنى كۆرگەن شاھنىڭ ۋەزىرى ،
بەھرام ئەسرارىنىڭ بىر مۇنتەزىرى .
بەھرامنىڭ نامىنى سوراپ شۇندا زات ،
ئېيتساڭ تىكەي دېدى ساڭا جان ، ھايات .
بۇ سۆز مەنىسىدىن بەھرام بولدى لال ،
نېمىدەپ سۆزلەشكە تاپالماي ئامال .
ئويلاپ ـ ئويلاپ دېدى ، ئى سۇخەندان مەرد ،
رەڭگىم سامان قىلىپ ، دىلغا سالما دەرد .
مۇلكى ئىران ئارا بار مېنىڭ گەنجىم ،
يولغا چۈشمىسەم گەر ئارتىدۇ رەنجىم .
مۇندىن فارىغ ئىرۇر بىزنىڭ دىلىمىز ،
بىزنىڭ ئادەت ـ يوسۇن ھەم ئويۇنىمىز .
كىمكى يۈز ئۆرۈسە ئۆز پادىشاھىدىن ،
شەرمسار بولغۇسى بۇ خاتاسىدىن .
ئالتۇنغا سېتىلماس ئەقلى بار ئادەم ،
ئۆتكەي بۇ جاھاندىن ياخشى ـ يامان ھەم .
قېنى تاج سەرۋەرى ئۇل فەرىدۇن شاھ ،
ئۇ ئىدى زامانە ئەھلىگە پاناھ .
قېنى خۇسرەۋ نىجات ، قانچە ئۇلۇغ زات ،
قېنى كەيخۇسرەۋ ھەم قېنى كەيقۇباد ؟
بەھرام گورنى سەن ئۆزۈڭ بىلۇرسەن يەنە ،
جاھانگويلۇق ئارا قىلۇر تەنتەنە .
گەر ئۇنىڭ يولىدىن تولغىسام بويۇن ،
بېشىمدا پىرقىرار مىڭ تۈرلۈك ئويۇن .
تالان ـ تاراج ئېتەر ئۇ ھىندىستان مۈلكىن ،
جادۇستان ئېلىنى قۇم قىلار پۈتۈن .
ياخشىسى يولۇمغا قايتقىنىم دەركار ،
مۇزەففەر شاھ بىلەن كۆرۈشەي دىدار .
مېنى قايتسۇن دەپ چاقىرار شاھىم ،
ئاتامۇ ئانام ھەم قەلبداشلىرىم .
بارچە جاۋابىمنى شەنگۇلغا يەتكۈز ،
مۇندا ئۇزاق تۇردۇم مېنى قايتۇر تېز . »
بەھرام سۆزىن ئاڭلاپ دانىشمەن ۋەزىر ،
سۆزلەرنى شەنگۇلغا يەتكۈزدى بىر ـ بىر .
بۇ سۆزنى ئاڭلىغاچ ، شاھ بولدى مەيۇس ،
دېدى : « يول بەرمىگىن ، كېتەر يولىن توس .
تاپارمەن مەن ھامان بىر تەدبىر ـ چارە ،
تەن بەرسە بۇ لەشكەر يەكتاسى زارە . »

## بەھرامنىڭ كەركىدان بىلەن جەڭ قىلىپ ، ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى

ياشايتتى بۇ ئەلدە ۋەھشىي كەركىدان ،
شاماللار يولىنى توسۇپ تاغسىمان .
ھەر تىنسا شىرلارغا چۈشەتتى دەھشەت ،
قاچاتتى ئاسماندا قۇزغۇنلار شىددەت .
ئەل تىترەر ئاڭلىسا ئۇنىڭ نەرىسىن ،
نەرىسى يىرتاتتى قۇلاق پەردىسىن .
بەھرامغا دېدى شاھ : « تۇتتۇم يولۇڭدىن ،
بىر ئىش بار ، كەلگەيمۇ سېنىڭ قولۇڭدىن .
شەھرىمىنىڭ يېنىدا بىر جاڭگاللىق بار ،
كۆڭۈلگە تولدۇرار دەھشەت ۋە ئازار .
ئۇندا بىر كەركىدان ياشار نەق لەھەڭ ،
قورقىدۇ شىر بىلەن تىمساقۇ پەلەڭ .
دەركاردۇر كەركىدان تامان بارمىقىڭ ،
تېنىن غەلۋىر قىلىپ ، قانغا سالمىقىڭ .
تا بۇ مۇلۇكنىڭ ئېلى ئۇندىن قۇتۇلسۇن ،
سېنىڭ مەرد ـ شەۋكىتىڭ يۇرتۇمغا تولسۇن .
شۇندا بەلەن بولۇر مەرتىۋەڭ يەنە ،
ساڭا نېسىپ بولغاي چەكسىز تەنتەنە .
ھىندۇ چىن مۇلكىدە ياشىغان ھەر زات ،
ئاپىرىنلار ئېيتىپ ، نامىڭ قىلار ياد . »
بەھرام دېدى : « مەن خىزمەت قىلاي ساڭا ،
پەقەت بىر يولباشچى كېرەكتۇر ماڭا .
بۇ يولدا مەدەتكار بولسا گەر يەزدان ،
مەخلۇقنى قىلۇرمەن يەر بىلەن يەكسان . »

قوشتى بىر ھەمراھنى شەنگۇل شۇ ھامان ،
كەركىدان جايىنى بىلگۈچى ئىنسان .
باراتتى يولباشچى بىلەن ئۇ پاك دىل ،
كەركىدان ياشىغان جاڭگالغا دادىل .
بەھرام بىلدى قاي چاغ ئۇنىڭ ئارامى ،
قانداقراق ۋۇجۇدى ، تۇرقى ، خىرامى .
يولباشچى قايتتى ھەم ئېيتىپ مەنزىلنى ،
بەھرام يول ئالدى تېز كۆزلەپ جاڭگالنى .
بىر قانچە ئىرانلىق باردى ئىزمۇ ئىز ،
بۇ جەڭدە قالمىسۇن بەھرام دەپ يالغۇز .
كەركىداننىڭ كۆرۈپ پەقەت بىر ئۇچىنى ،
كۆپچىلىك يوقاتتى ئىرادە ، كۈچىنى .
بەھرامغا دېيىشتى : « بۇندىن قايت ، ئاگلا ،
گەرچە جاسارەتتە بولساڭمۇ تەنھا .
جەڭلەردە گەر غالىب كەلسىمۇ شاھلار ،
تاغ بىلەن چېلىشنى قايسى شاھ خالار ؟
شەنگۇلغا دېگىنكىم ، بۇنىڭ يولى يوق ،
بۇ جەڭگە شاھىمىنىڭ مۆھرى ــ قولى يوق .
ئەمرىڭلە جەڭ قىلسام ، ئاگلىسا شاھىم ،
تالان ــ تاراج بولغاي ، دېگىل ، دەرگاھىم . »
بەھرام جاۋاب قىلدى : « گەر يەزدانى پاك ،
نېسىپ ئەتكەن بولسا مېنى مۇندا خاك ،
بۇ ئەلدىن قاچمىقىم بولغاي ناماقۇل ،
مۇندا ئەندىشىنى كۆتۈرمەس ئەقىل . »
كامانىنى قەھرىمان قولىغا ئالدى ،
جەڭ ئارا غەلبىنى كۆزلەپ ئاتلاندى .
كەركىدان قېشىغا شىددەتتە يەتتى ،
ئەجەلنىڭ كۆزىگە سوغ نەزەر سالدى .
قولىغا تېز ئالدى شاھانە ئوقيا ،
قارىنى نىشانلاپ تارتتى ئۇ شۇندا .
يادىن ئوق بەئەينى چاقماقتەك ئۇچتى ،
كەركىدان باغرىغا ئەلەم ــ زەرب چۈشتى .
ئاڭلاپ كەركىداننىڭ نالە ـــ پەريادىن ،
قىنىدىن چىقاردى بەھرام خەنجىرىن .
كەركىدان بېشىنى ئۈزدى ئۇ جەسۇر ،
دېدى : « خۇدا ساڭا مىڭ بار تەشەككۇر !
سەندىندۇر مەندىكى قۇدرەت ۋە غەيرەت ،
ئەمرىڭدىن نۇر چاچتى ماڭا بۇ شەۋكەت . »
ئۇزاقتىن كەركىدان تامان سېلىپ رەزم ،
مۇھەييا قىلىشتى شەنگۇل ئۇلۇغ بەزم .
تەختىدە ئولتۇرغان چېغى شاھ ھىندى ،
يېنىغا ئۆتكۈزدى باتۇر بەھرامنى .
ھىندى لەشكەرلىرى ، چىنىي باتۇرلار ،
ئۇنى ماختاشتى يەنە كۆپ ئەللەر .
سەردارلار كەلتۈرۈپ سوۋغىلار بىسيار ،
دېيىشتى بەھرامغا : « ئاگلا ، ئەي نامدار !
كېلەلمەس ساڭا تەڭ زادى ھېچبىر زات ،
دەرگاھىڭ مۇقەددەس بولغاي ئۆمۈر باد . »
بۇندىن شەنگۇل ھەم شاد ، ھەم مەيۇس بولدى ،
چىرايى گاھ ئىللىق ، گاھى سۇس بولدى .

## بەھرام گورنىڭ ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەنلىكى

ياشايتتى سۇدا گاھ ، قۇرۇقلۇقتا گاھ ،
يۇرتقا دەھشەت سېلىپ ياۋۇز ئەجدىھا .
دەم تارتىپ كېتەتتى ھەتتاكى پىلنى ،
ئەۋجىگە سالاتتى دەريايى نىلنى .
شەنگۇل سىرىن ئېيتتى دوستى ــ يارانغا ،
كۆپ بىلىم ، پاراسەت تولغان داناغا :
« مېنى ئويغا سېلىپ قويدى ئەلچى مەرد ،
بۇندىن گاھ خۇشالمەن ، گاھ چېكەرمەن دەرد .
قانىتىم بولاتتى مۈلكۈمدە قالسا ،
بارچە لەشكىرىمنى ئىلكىگە ئالسا .
ئەگەر ئۇ ئىرانغا بولسا راۋانە ،
بەھرام بۇ قوشۇننى قىلار ۋەيرانە .
چاكرى مۇنچىلىك ، سەردارى قانداق ؟
بىزنى ھالاۋەتتىن ئايرىغاي شۇنداق .
ئويلاپ تاڭغا قەدەر بولدۇم ئاۋارە ،
خىيالىمغا كەلدى باشقا بىر چارە .
ئەجدىھا غارىغا يوللايمەن ئۇنى ،
ۋە بەلكى ئۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى كۈنى .
ئەگەر مەغلۇپ قىلسا ئەجدىھانى ھەم ،
تەنە قىلماقلىقتا باسامسەن قەدەم » .
شۇنداق دەپ چاقىردى بەھرامنى شەنگۇل ،
مەردلەر داستانىدىن بىر ــ بىر سۆزلەپ ئۇل .

دېدى : « ئادالەتلىك ئىگەم ئەمرىدىن ،
بۇ يەرگە كەلدىڭ سەن ئىران ئېلىدىن .
نامدارلار نامىدىن قىلاي ئىلتىماس ،
ئېلىمنى بالادىن ئەيلىگىل خالاس .
كۆتمەكتە چاپالىق بىر ئېشىن سېنى ، باق ،
چاپادىن كېيىنكى پايدا كۆپ شۇنداق .
بۇ ئىشنى تۈگەتسەڭ ئىختىيار سەندە ،
يۇرتۇڭغا قايت ، مەنمۇ قالاي خۇرسەندە . »
شەنگۇلغا جاۋاپنى سۆزلىدى بەھرام :
« خىزمىتىڭ بىجىرمەي يوقتۇر ھېچ ئارام .
قايتۇرماي بۇيرۇقۇڭ ئىجرا قىلۇرمەن ،
پەلەك گەردىشى نەدە بولسا كۆرۈرمەن . »
ئاڭا شەنگۇل دېدى : « باردۇر بىر بالا ،
بېشىمىزغا ئاپەت بولغان ئەجدىھا .
گاھ زېمىن ، گاھى سۇ مەنزىلگاھ ئاڭا ،
قۇترىغان لەھەڭمۇ يەم بولۇر ئاڭا .
ئۇنىڭ چارىسىن بەلكى تاپارسەن ،
ھىندى ئېلىن قۇتقۇزۇپ ، بېشىن چاپارسەن .
ئاندىن ئال ئىرانغا ھىندى بىجىن مەيلى ،
قەدىردان بولايلى بۇ ئىش تۈپەيلى .
باج بىلەن ئالۇرسەن نەچچە يۈز خىل مال ،
ئۇدمۇ يا قىلىچمۇ نە خالساڭ ئال .
ئاڭا بەھرام دېدى : « ئايا ، ئەي پادىشاھ ،
ئۆزۈڭسەن بۇ ئەلدە شاھ ـ پەرمان راۋا .
سېنىڭ پەرمانىڭنى دەرمان بىلۇرمەن ،
ئەجدىھانى دەرھال يەكسان قىلۇرمەن .
پەقەت بىلمىگەيمەن نەدە ماكانى ،
كۆرسەتكىن ، جەڭ قىلماق كۆڭلۇم ئارمانى ! »
بەھرامغا قوشتى شاھ بىر يولباشچىنى ،
ئاڭا كۆرسەتسۇن دەپ شۇم ئەجدىھانى .
بەھرام بىللە ماڭدى ، ھەر ئىشقا قادىر ،
ئوتتۇز ئىرانلىق مەرد ، قىلىچۋاز ماھىر .
ئۇلار تېز ـ چاققانلا دەرياغا يەتتى ،
ئەجدىھا شەپىسىن يېقىن ھېس ئەتتى .
كۆرۈشتى گەۋدىسىنى ، ئاتەش پۈركۈشىن ،
كۆزىنىڭ يالقۇندەك چاقناپ تۇرۇشىن .
ئەجدەر دەھشىتىدىن قورقۇش تۇغۇلدى ،
ئىرانلىق باتۇرلار غۇلغۇلا قىلدى .
بەھرامغا دېيىشتى : « ئايا ، شەھرىيار ،
سەن بۇنى كەركىدان دەپ بىلمە زىنھار .
بۇنى دەپ مۈلكىمىز قىلمايلى بەرباد ،
بولمىسۇن ياۋنىمىز بۇ ئىشلاردىن شاد . »
شۇنداق جاۋاب قىلدى ، بەھرامى نامدار :
« ھەر كىمنىڭ بېشىدا بىر كۈن ئۆلۈم بار .
گەر ئەجدەر تۈپەيلى پۈتسە ھاياتىم ،
مۇندىن ئازار چەكمەس مەردانە قەلبىم ! »
كامان تارىن تارتىپ ، ئۇ ئوقنى ئاتتى ،
زەھەر ئوق ئەجدىھا جىسمىغا پاتتى .
قالدى ئوق ئاستىدا بىردىن ئەجدىھا ،
دۇم بولغان سىياقى زېمىن ھەم ساما .
ئاغزىنى تىككەنتى ئاتقان پولات ئوق ،
ئىچىگە چۈشكەنتى زەھەر بىلەن چوغ .
بېشىغا چوقماقلار ئۇردى شۇ زامان ،
تېنىدىن دەريادەك ئاقتى زەرداب قان .
مۇنچە تېز زەربىدىن ماجالى پۈتتى ،
ئەجدىھا تېنىنى ئىلاجىسىز پۈكتى .
قىنىدىن چىقاردى بەھرام خەنجەرنى ،
پارە ـ پارە قىلدى دەرھال ئەجدەرنى .
پالتىدا چورت كېسىپ مەخلۇق تېنىنى ،
تۇپراققا تەڭ قىلدى ئەجدەر جېنىنى .
شەنگۇلغا ئېپ ماڭدى ئەجدەر بېشىنى ،
شاھ كۆردى پالۋاننىڭ يېڭى ئىشىنى .
ھىندىستان تەھسىنگە تولدى شۇ زامان ،
ھەممىنىڭ تىلىدا كۈيلەندى ئىران .
ئىرانلىق پەرزەنتكە ياغدى شان ـ شەرەپ ،
شۇ ئوغلان ئەجدەرنى قىلدى بەر تەرەپ .
چېھرىگە ھىندىلار توپىماي قارىشۇر ،
شەھرىيارلىق قىلسا ئاڭا يارىشۇر .

## بەھرام گورنىڭ ھىندى شاھى قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالغانلىقى

ھەممە شاد ، شەنگۇلنىڭ ئارتقانتى دەردى ،
بەھرام مەردلىكىدىن رەڭگى سارغايدى .
كەلدى شاھ ئەمرىلە تۇندە فەرزانە ،
بارچە قوۋم ـ قېرىنداش ، ھەتتا يېگانە .

شاھ دېدى : « بەھرام شاھ ئەۋەتكەن ۋەكىل ،
جاسارەتتە تەڭسىز ئىكەن ھەم ئېسىل .
ئۇ مۇقىم قالالماس بىزنىڭ زېمىندا ،
كۆپ سىناپ شۇ پىكىر تولدى دىلىمغا .
كەتسە گەر بۇ يەردىن ئۆز يۇرتىغا ئۇ ،
يەتسە گەر بەھرام شاھ ھۇزۇرىغا ئۇ ،
دېسە : « ھىندى قوشۇنى مەيداندا زەئىپ ،
ھىندىدا تېپىلماس پالۋانى زەرىپ .
ئۇندا دۈشمەنلىرىم تەپمۇ تەخ بولۇر ،
ئەلچى بېشىن ئالسام شۇندا ساز بولۇر .
ھالىمنى تەڭ قىلدى بۇ ئىش ، ئەزىزلەر ،
بۇ پىلان ماقۇلمۇ ، نە دەيسىز سىزلەر ؟ »
ۋەزىر دېدىكى : « ئايا ، شەھرىيار ،
بۇ ئىشنى قىلمىغىل ئەسلا ئىختىيار .
ئەلچىنى ئۆلتۈرمەك گۇناھى ئەزىم ،
بۇ خىلدا نادانلىق ساڭا نە لازىم ؟
ھېچكىممۇ ھېچقاچان مۇنداق يول تۇتماس ،
شۇم نىيەت شەرەپ ھەم بەخت كەلتۈرمەس .
بۇ يىگىت بېشىن ئالساڭ سەن ئەگەر ،
بۇ ئەلگە كەلگۈسى ھېسابسىز خەتەر .
ئاڭلىشىپ ئىراندىن قوشۇن يول ئالار ،
قوشۇنغا باش بولۇپ بەھرام شەھرىيار .
ئۇندا تىرىك قالماس ئەلدە بىرەر زات ،
دېمەك بۇ مەقسىتىڭ ياخشىلىققا يات .
ئەجدەردىن قۇتقۇزدى بىزنى باھادىر ،
ئۇنى ئۆلتۈرمەكلىك نە ھاجەت ئىرۇر :
ئەجدىھا ، كەركىداندىن ئەلنى خالاس
ئەتكەنگە ، ھىممەتلەر كەلتۈرمەكلىك ماس . »
بۇ سۆزدىن شەنگۇلنىڭ بېشى قايدى ھەم ،
دانانىڭ پەندىدىن تاپتى ئەقىل ـ پەم .
تاڭ ئاتقاچ بەھرامنىڭ قېشىغا شەنگۇل ،
يول ئالدى بىر ئىشنى قىلماققا ئۇدۇل .
بەھرام ئولتۇراتتى مەيۈس ۋە تەنھا ،
يوق ئىدى يېنىدا يا ۋەزىر ، دانا ،
شاھ سۆزىنى دېدى : « ئەي ،دىلاۋەر مەرد ،
ئۆزۈڭسەن بەختىيار ، سەندە كۆپ شۆھرەت .
بىلكى ، سۆزۈم بىلەن بىردەكتۇر ئىشىم ،
ساڭا قىزلىرىمنى بەرمەك خاھىشىم .
بۇ يەردىن كەتمىگىل ، ھۇزۇرۇمدا قال ،
ئەھدىم قەتئىي ئىرۇر ، قىزلىرىمنى ئال .
سېنى قوشۇن ئىچرە سەردار قىلۇرمەن ،
ھىندىستان مۇلكىگە سەركەر قىلۇرمەن .
بەھرام ئويغا چۆمدى بۇ خىل سوئالدىن ،
تەخت ، نومۇس ـ ئار سالغان ئېغىر ئەھۋالدىن .
ئۆزىچە دېدى ئۇ : « ھالىم يەرگە تەڭ ،
شاھ بولسا قېيناتام قىلالماسمەن جەڭ .
باشقا بىر تەمەدە قالۇرمەن ، لېكىن ،
ئىراندىن ئايرىلماق ئۆلۈمدىن يامان .
مېنى ئۇزاق تۇتۇپ قالدىغۇ بۇ يەر ،
ئىلىندى تۈلكىنىڭ قاپقىنىغا شىر .»
ئۇ دېدى : « ئەمرىڭدە بولۇرمەن شەنگۇل ،
جان دەپ پەرمانىڭنى قىلۇرمەن قوبۇل .
ئەمما قىزلىرىڭدىن تاللىغىن بىرسىن ،
بىر كۆرگەن چېغىمدا ئەيلەيىن تەھسىن . »
بۇ جاۋاب شاد قىلدى ھىندى شاھىنى ،
قاپلىدى بېزەكلەر شۇ دەم ئوردىنى .
ئۈچ قىز كەلدى گويا ئۈچ ھۆررەم باھار ،
خۇش زىبا ، خۇش پۇراق ، خۇشرەڭ ئۈچ نىگار .
بەھرامغا دېدى شاھ : « بىرىنى تۇتقىل ،
شۇ ئايدەك جامالدىن دىلىڭنى خۇش قىل . »
بەھرام ئايۋانسېرى قەدەم تاشلىدى ،
گۈزەل ئاي قىزلاردىن بىرنى تاللىدى .
نازىنىن بىر گۈلكى ، سەپىنۇد نامى ،
مۇجەسسەم جىسمىغا شەرم ـ ئېھتىرامى .
سەپىنۇدنى بەردى بەھرامغا شەنگۇل ،
سەرۋى راۋان ئىدى قۇياش نىگار ئۇل .
تاللىدى يەنە بىر تولغان خەزىنە ،
بەھرامغا بەردى شاھ خەزىنە يەنە .
چاقىرتىپ بەھرامنىڭ يارۇ يولدىشىن ،
خۇشقامەت ، سۇۋارى ھەممە قولدىشىن .
ئۈلەشتى دىرھەم ۋە دىنار ، كۈمۈش ، زەر ،
كۆپتىن ـ كۆپ بىسات ھەم كافۇرۇ ئەنبەر .
گۆھەردەك ئوردىغا زىننەتلەر تولغان ،
ئوردا نامدارلىرى كېلىشكەن بويان .
چىقىشتى بارگاھقا خىرامان ، مەغرۇر ،
بولۇپ شاھ قېشىدا خۇرسەن ھەم مەسرۇر .
بىر ھەپتە مەي ئىچتى بەزمىلەر قۇرۇپ ،
كۆڭۈلدىن شادلىقلار تاشقىچە تولۇپ .

لالەمەي قۇيغاندەك بىللۇر قەدەھكە ،
سەپىنۇد ياراشقان ئىدى بەھرامغا .

## بەھرام گورنىڭ شەنگۇل قىزى بىلەن ھىندىستاندىن قاچقانلىقى

يەتكەچ شەنگۇل قىزى ۋەسلىگە بەھرام ،
كۆردى شۇ ئورۇندا چەكسىز ئېھتىرام .
سۆيگۈ ئەشكى بىلەن يۇيغاندا يۈزىن ،
نۇرلۇق چېھرىسىدىن ئۈزمەيتتى كۆزىن .
مۇنچىلىك مېھرىدىن تاپقاندا ئەسەر ،
شەنگۇل گۇمانلىرى بولدى مۇختەسەر .
بىر كۈنى ئەر ـ خوتۇن شاد ئولتۇرۇشتى ،
ياخشى ـ يامان ھەققى سۆھبەت قۇرۇشتى .
سەپىنۇدقا بەھرام سۆز ئېيتتى شۇدەم :
« خەيرىخاھ ئىرۇرسەن ماڭا مەلىكەم .
ساڭا ئېيتماقچىمەن دىلدا سۆزۈمنى ،
پەقەت سىر ساقلا ، بىل ئىلتىماسىمنى .
ھىندىستاندىن كەتمەك مەندىكى خىيال ،
بۇ ئىشتا قولدىشىم سەن ساھىبجامال .
مەن بىلەن ئىرانغا بارارسەن بىللە ،
ھېچكىمنى خەۋەردار قىلما بۇ سىرگە .
ئىراندا مەرتىۋەم ئۇلۇغۋار بولغاي ،
جاھان بۇنيادكارى مەدەتكار بولغاي .
مەن بىلەن كەتمىكىڭ بولسا مۇددىئا ،
بۇ يولدا خۇشاللىق بولسا رەھنەما ،
باتۇرلۇق شەرپىي باردۇر بېشىڭدا ،
ئاتاڭمۇ تىز پۈكەر تەختىڭ قېشىدا . »
سەپىنۇد دېدى : « ئەي ، بەختى يۈكسەك مەرد ،
ئەقلىڭ بۇيرۇغاننى بىجىرمىكىڭ شەرت .
جاھاندا خوتۇنغا ئالىي ئەندىشە ،
ئېرىنى شاد قىلماق ئىرۇر ھەمىشە .
يولۇڭغا تىكىلمىش بۇ ئەزىز جېنىم ،
پەرمانىڭدا بولماق مېنىڭ ئارمانىم .
بەھرام دېدى : « ياكى بىر چارىسىن قىل ،
بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى بىل ! »
سەپىنۇد دېدى : « ئەي ، ئۆزى ماڭا تەخت ،
يولۇڭدا بولمىقىم دېمەك ماڭا بەخت .
بۇ جاينىڭ يېنىدا بىر سەيلىگاھ بار ،
ئاتامغا بەزمىگاھ ئاشۇ توقايزار .
ئۇ يەرنى خالىيراق تۇتىدۇ دائىم ،
ئۇندا گۈزەل بۇتلار قويۇلمىش قايىم .
يىگىرمە چاقىرىم كېلۇر ئۇ ماكان ،
بۇتقا سەجدە قىلۇر ئۇلار ھەر زامان .
ئۇ يەردە كۆپ ئىرۇر مارال ۋە قۇلان ،
ئۇ يەردە ئوۋ قىلۇر نەچچە مەرد ئوغلان .
شاھ ۋە لەشكەر كىدۇر ئۇ يەر سەيلىگاھ ،
باشقىلار بولمىغاي بۇ يولدا ھەمراھ .
ئەگەر كەتمەك بولساڭ چارە ئىرۇر شۇل ،
سەن ھەم مۇراد تېپىپ بەزمەڭ ئاچسۇن گۈل .
بۇ يەردىن بەش كۈنگە ئاشۇ يەرگە بار ،
ئۇيۇقتىن كۆرسەتكەن چېغى كۈن رۇخسار .
شەھرىيار شەھەردىن چىققىنى ھامان ،
قاچماققا تەييار تۇر ئات مىنىپ شۇئان .
بەھرام دېدى : « پىنھان بولسۇن ئۇشبۇ سىر ،
ئەمدى ئىككىمىزنىڭ تەقدىرىمىز بىر . »
كۈتتۈشتى كېلىشىن سەيلىگاھ تامان ،
شاھ شەنگۇل بىلەن ھەم نەچچە چوڭ مەردان .
دەشتسېرى سەپەرگە شەنگۇل چىققاندا ،
« بەرزوي بىتاب ، ـ دېدى ، ـ سەپىنۇد شۇندا ، ـ
ئەپۇ قىلسۇن ، ـ دېدى ، ـ مېنى شەھرىيار ،
شاھىمنىڭ دىلىغا يەتمىسۇن ئازار .
خەستىگە مۇناسىپ كەلمەس بۇ سەيلە ،
بىمار مەي ئىچمەكنى خالىماس يەنە . »
ئاڭا شەنگۇل دېدى : « گەر بولسا كېسەل ،
سەيلىگە زورلىماق ماڭا يولسىز دەل . »
ئوردىدىن ئۈزىدى شەنگۇل سەھەردە ،
خۇددى قانات ئىدى ھەممە سەپەردە .
كەچ ۋاقتى بەھرامغا سەپىنۇد ئېيتتى :
« يەتتى ئۆمۈردىشىم قېچىشنىڭ پەيتى . »
سىپاھىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ ئالدى ئۇ ،
بىر قولدا ئوقياسى ، بىر قولدا گۈرزۇ .
تېزدىن سەپىنۇدنى مىندۇردى ئاتقا ،
تەڭرىنىڭ نامىنى كەلتۈردى يادقا .
يەتتى ئات چاپتۇرۇپ دەرياغا قەدەر ،
كۆرۈندى بىر گۇرۇھ ئەھلى سودىگەر .

ھەممىسى ئىرانلىق سودىگەر ئىدى ،
دەريا ھەم زېمىندا ئىش بىلەر ئىدى .
بىرى تونۇپ قالدى بەھرامنى شۇدەم ،
« بەس ! » دېدى لەۋ چىشلەپ شۇ چاغدا بەھرام .
ئوچۇقراق دېيىشكە قىلمىدى ئىمكان ،
چۈنكى تۇتقانىدى بۇ سىرنى پىنھان .
ئۇ دېدى : « ئاغزىڭنى ئاچما سودىگەر ،
پايدا ھەم زىياننى پەرق قىلساڭ ئەگەر .
بۇ سىر ھىندىستاندا ئاشكارا بولسا ،
ئەجەبمەس ئىراننىڭ قېنى تۆكۈلسە .
گەر ئېغىز ئاچمىساڭ كېلىدۇ ئامەت ،
دەرياغا يەتكەيمىز ساق ۋە سالامەت .
ئەنت ئىچكىن ، تا باغلىق بولسۇن شۇ تىلىڭ ،
تەختكە مەن يەتكۈچە سەن شۇنداق قىلغىن !
بەھرام شاھ يولىدىن ، ئېيتقىن ، قايتمايمىز ،
ھېچكىمگە بۇ سىرنى زادى ئېيتمايمىز ! »
سودىگەرلەر بىر ـ بىر ئىچىشتى قەسەم ،
كەتتى شاھ دىلىدىن ئەندىشە ھەم غەم .
ئۇلارغا ھەم شۇنداق دېدى شەھرىيار :
« يارەنلەر ، رازىمنى زىنھار ، بەزىنھار ،
جان بىلەن باراۋەر تۇتۇڭلار دىلدا ،
ئاندىن تاج ۋە تەخت بېرەي مەن ئەلدە .
ئەگەر تەختكە چىقىپ ئولتۇرسام ھازىر ،
بولۇپ ھىندى قوشۇنغا باش نازىر ،
بۇ يەردە نە قالماس سودىگەر ۋە شاھ ،
نە لەشكەر ، نە دېھقان ، نە تەختۇ كۇلاھ . »
شاھتىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاچ ئۇلار ،
مەيۇس ئاققۇزۇشتى كۆزدىن ئۈنچىلەر .
دېيىشتى : « سەن ئۈچۈن پىدا جېنىمىز ،
نەۋقىران شاھ ، بىزنىڭ سەن پاناھىمىز .
گەر سىر ئىشكىن ئاچساق بولۇرمىز قۇربان ،
بىلۇرمىز دىياردا سۇدەك ئاقار قان .
كىمكى قىلار ئىكەن بۇنداق ئەندىشە ،
ئەقلى ئاڭا ئەمەس ھېچ ئىشتا پېشە . »
شاھ بۇنى ئاڭلىغاچ ، دېدى : « ئاپىرىن ،
نامدارلار ئىرۇرسىلەر ، ھەم پاكىزە دىن . »
تېزلىك بىلەن ساھىلسىرى يول ئالدى ،
بارچە ئىرانلىقلار ئۇيقۇدا قالدى .
بىر قېيىق ياساتتى قىرغاقتا بەھرام ،
ئاڭا سەيپىنۇدنى چۈشۈردى ئىلدام . . .
كۆرۈندى قۇرۇقلۇق تاڭ ئاتقان مەھەل ،
ئۇپۇقتا سۈرگەندە قۇياش رەڭدار ھەل .

## شەنگۈلنىڭ بەھرام ئىزىدىن بېرىپ ئۇنى تونۇۋالغانلىقى

قانئوجدىن بىر چاپارمەن يېتىپ كەلدى ، شاھ
ئۇشبۇ ھادىسىدىن بولسۇن دەپ ئاگاھ .
شەنگۈل ئۇنىڭ سۆزىن ئاڭلىدى دەرھال ،
سەيلىگاھتىن چىقتى بىر ئاتەش مىسال .
كەلدى ئات چاپتۇرۇپ دەرياغا يېقىن ،
كۆردى سەيپىنۇدنى ، بەھرامنى تېزدىن .
قىينالدى دەريادىن ئۆتكۈچە ئۇ چەند ،
قىزىغا دېدى ئۇ : « ناقابىل پەرزەنت ،
ھىيلىگەر بۇ يىگىت ساڭا بولۇپ ئەر ،
دەريادىن ئۆتۈپسەن بىمىسالى شىر .
بارماقچى بولۇپسەن يىراق ئىرانغا ،
شۇنچە دۆلەت تاشلاپ ، ئاشۇ ۋەيرانغا .
ئەمدى كۈتمە مەندىن پەدەر رەھمىنى ،
كۆرۈرسەن ئەمدى سەن نەيزەم زەخمىنى ! »
دېدى ئاڭا بەھرام : « ئەي ، بەتنىيەت زات ،
نېچۈن تەلۋىلەرچە سۈرۈپ كەلدىڭ ئات ؟ !
سىنىدىڭ كۈچۈمنى جەڭ مەيدانىدا ،
ئەجدىھا بىلەن كەركىدان جېڭىدە .
بىلۇرسەن ھىندىدىن يۈزمىڭ بولسا ھەم ،
قېشىمدا باھاسى بىر لەشكەردىن كەم .
يېنىمدا بولسا بەس پارسىي بىر مەرد ،
قولىدا شەمشەرنى تۇتقان ئەزىمەت .
لەختە قان قىلغايمەت ھىندىلار كۆزىن ،
كىم ئامان ساقلىغاي مېنىڭدىن ئۆزىن ؟ ! »
شەنگۈل ئاڭلاپ پەقەت راست گەپ تەكتىگە ،
مەردلىك ، باتۇرلۇقنى يوشۇرماق نىمە ؟
شۇندا دېدى : « ساڭا بېرىپ قىزىمنى ،
قانداش بولۇپ تۇتساڭ دەپتىم ئىزىمنى .
سېنى كۆز نۇرۇمدەك ئەزىز ئەيلىدىم ،
بېشىڭغا تاج بېرىپ ئىخلاسلار قىلدىم .

بارچە خاھىشىڭنى كەلتۈردۈم بەجا،
ياخشىغا يامانلىق بولغايمۇ راۋا؟
ۋاپا ئورنىغا بۇ جاپا ئەمەسمۇ،
ۋاپاغا جاپالىق ـــ جازا ئەمەسمۇ؟
نە دېسەڭ قىز ماڭا پەرزەنت ئىدىڭ،
مېنىڭ يادىم بىلەن خىرەدمەند ئىدى ئۇ.
بولۇپتۇ ئۇ ئەمدى سېنىڭ بىلەن يار،
گوياكى ئۆزىچە شادۇ بەختىيار.
ئىرانلىق دىلىدا بولمىغاي ۋاپا،
ئاڭا ياردەم قىلساڭ قايتۇرار جاپا.
شىرنىڭ بالىسىمۇ چوڭايغان زامان،
باققانلار تېنىدىن ئاققۇزارمىش قان.
ئۆتكۈر بولغىنىدا گەر تىرناق ـ چىشى،
يەزدانغا جەڭ قىلماق بولۇر خاھىشى.»
ئاڭا بەھرام دېدى: «سەن ئالدىنارسەن،
نېچۈن بىلمەي مېنى ياۋۇز سانارسەن؟
تەنىگە لايىقمەس مېنىڭ قارارىم،
دىل ئازارلىق بىلەن يوق ئىختىيارىم.
ئىران ھەم تۇرانىنىڭ شاھىنشاھىمەن،
باتۇرلار سەردارى ھەم پالۋانىمەن.
ياخشىلىق قىلماقلىق ساڭا خاھىشىم،
يامانلار بېشى كەسمەكتۇر ئىشىم.
ئىراندا ئاتام بول، ئاتام ئورنىغا،
ھەم مۈلكۈ بېجىڭغا ئۆزۈڭسەن ئىگە.
گوياكى كۈن ئىرۇر سېنىڭ بۇل قىزىڭ،
بانۇلار بانۇسى بولسۇن گۈل قىزىڭ.»
شەنگۈلنى بۇ سۆزلەر ھەيرەتكە سالدى،
ھىندى دەستارىنى بېشىدىن ئالدى.
قوشۇندىن ئاجرىلىپ سۇرۇپ چىقتى ئات،
بەھرامدىن كەچۈرۈم سوراپ شۇ سائەت.
شادىمان قۇچاقلىدى شاھىنشاھنى ئۇ،
دېدى: «سۆزلىرىمدىن چەكمە ھېچ قايغۇ!»
ئۇنىڭ دىدارىدىن شاد بولۇپ بەھرام،
داستىخانلار يېيىپ قويدى ئالتۇن جام.
ئاندىن نە پىكىرلەر كەلسە كۆڭلىگە،
ھەممىسىن بىرمۇ بىر دېدى شەنگۈلگە.
گۇفتارۇ ئەندىشە نەلىكىن ئېيتتى،
بۇ ئىشلاردىن پېشە نەلىكىن ئېيتتى.
تالاي مەيلەر ئىچىپ، ئاستا تۇردى ئۇ،
ئۆزرە مەنىلەردىن گۇفتار ئۇردى ئۇ.

## شەنگۈلنىڭ ھىندىغا، بەھرامنىڭ ئىرانغا قايتقانلىقى

يەزدانشۇناس شاھلار بېرىپ قولغا قول،
قەسەم ئىچىپ تىلەپ قىلىشتى ئاق يول:
«ئەمدىكى ئىشىمىز بولسۇن ئادالەت،
قۇرۇسۇن تۆۋىدىن كەك ۋە ئاداۋەت.
بولسۇن ۋاپا بىلەن دىللىرىمىز بەند،
ئاڭلايلى ئاقىل ھەم دانالاردىن پەند.»
ئاتا خەيرلەشتى سەپىنۇد بىلەن،
بەھرامغا دىل تۇتقان ئۇ خۇشنۇد بىلەن.
تەنىلەردىن خالىي قىلىشىپ دىلنى،
ئىككى شاھ كۆزلەشتى ئىككى مەنزىلنى.
بىرى قۇرۇقلۇقتا، بىرى دەريادا،
تېزلىكتە يول ئالدى غەمدىن ئازادە.

## ئىرانلىقلارنىڭ شاھ بەھرام گورنى كۈتۈۋالغانلىقى

ئەھلى ئىران بولدى خەۋەردىن ئاگاھ،
ھىندىدىن قايتماقتا ئۇلۇغ بەھرام شاھ.
سەراسەر بېزەلدى شەھەر ۋە مەيدان،
خەۋەر خۇشلۇقىدىن چېھرىلەر شادىمان.
چېچىلدى دىرھەملەر، كۈمۈش، زەرلەر ھەم،
چېچىلدى دىنارلار، مۇشكۇ ئەنبەر ھەم.
يەزدىگىرد ئاڭلاپ بەھرام خەۋىرىن،
بىر مەنزىلگە يىغدى تارقاق لەشكىرىن.
پېشۋاز چىقتى نەرسى سەرمۇبەد بىلەن،
چىقتى ھەم دانالار كۆپ ھۆرمەت بىلەن.
بەھرامنى كۆرگەندە ئۇلار شۇ پۇرسەت،
ئاتتىن چۈشۈپ سۆيدى زېمىننى خۇرسەند.
بىر ياندا ئۇل ۋەزىر، نەرسى بىر تەرەپ،
بەھرامغا ياغدۇردى چەكسىز شان ـ شەرەپ.

شۇ يوسۇن ئۇ كىردى قەسرۇ ئايۋانغا ،
قەلبىنى بەخش ئېتىپ ئۇلۇغ يەزدانغا .
دەم ئالدى ئالەمگە چۈشكەچ قاراڭغۇ ،
كۈمۈش ئاي ئالەمگە چاچقاندا چاچقۇ .
تۈننىڭ لىباسىن چاك ئەيلىگەچ تاڭ ،
ئالەم چىراغىبانى ئۇرغاچ نۇرلۇق باڭ ،
شاھىنشاھ ئولتۇردى زەررىن تەختىدە ،
بارگاھنى كەڭ ئېچىپ ساراي ئەھلىگە .
ھەم ھازىر بولۇشتى بارچە سەردارلار ،
بارچە دانىشمەنلەر دوست ـ ئەربابلار .
جاھاندا تەختىدە تىك تۇتۇپ ئۆزىن ،
ئادالەت بابىدىن باشلىدى سۆزىن .
جاھان رەھمىتىنى ئاۋۋال ياد قىلدى ،
بوينىنى ھەق قەرزىدىن ئازاد قىلدى .
دېدىكى : « جاھاننىڭ بۇنيادكارىنى ،
ئاشكارۇ پىنھاننىڭ خەۋەردارىنى ،
ھەمىشە باش ئۆزرە مۇقەددەس بىلىڭ ،
كېچە ھەم كۈندۈزلەر دۇئاسىن قىلىڭ .
ئۇ بەرگەن بۇ بەختۇ دۆلەت شانىنى ،
مۇنەۋۋەر قۇياشلىق ، ئايدىڭ جاھانىنى .
دىلىڭىزدا بولسا گەر بېھىش مەيلى ،
يامانغا قول سالماڭ يامان تۈپەيلى .
قايدا ساخاۋەت بىلەن ئادىل ، راستلىق بار ،
كاجلىق ھەم كەملىكتىن دىل چەكمەس ئازار .
خەتەرسىز ياشىغاي يۇرتتا ھەر ئادەم ،
زەردىن تاغ ، كۈمۈشتىن گەنجى بولسا ھەم .
يوق قىلىڭ دىللاردىن قورقۇشنى پۈتكۈل ،
ياخشىلىق ئىشلىرىن قىلىڭىز مول ـ مول .
دېھقان ھەم زېمىندار ئەل ئارىسىدا ،
باراۋەر ـ تەڭ بولسۇن ھەقنىڭ بارىدا .
ھەر كىمگە بىز تاجۇ ياكى تەخت بەرسەك ،
لازىمدۇر خۇدادىن ئىنئام دەپ بىلمەك .
يەزداننىڭ خاھىشى بولمىسا ئەگەر ،
تەلەيدىن دىل بولماس روشەن ، جىلۋىگەر .
ياخشىلىق يولىغا بولاي رەھنەما ،
ئادالەتتىن بولسۇن ئەل شاد دائىما .
خەزىنە توپلاشقا بولمىغاچ مەيلىم ،
ئەلنىڭ ناشادلىقىن خالىماس رايىم .
ئادالەت گەنجىنى توپلاشتۇر ئىشىم ،
ئۆلگەندە شاد بولسۇن ئەرۋاھىم ـ روھىم .
ئەگەر لەشكىرىمدىن ، سەردارلىرىمدىن ،
جەڭچى دوست ـــ ئۈلپىتىم يارەنلىرىمدىن .
بىرى رەنج چېكىپ ئاشكار قىلمىسا ،
بۇ رەنجىنىڭ سىرلىرىن ماڭا ئېيتمىسا ،
ئۇنىڭ ئۆز گۇناھى ئۆزىگىدۇر بەس ،
ئاقىل ئادەم ئۇشبۇ يولنى تاللىماس .
ئۇندا مەن دەۋاگەر بولغۇمدۇر ، ئېنىق ،
ئۇ بۇلۇتتا ئاينى يوشۇرغان يەڭلىغ .
خىسلەتلەر ئىچىدە پەرقلىق ھەر كىم ،
ئۇندا باردۇر باشقا ئەندىشە بەلكىم .
تارتىنماي ماڭا سىر سۆزلەڭلار ئۇنى ،
شايەت يەڭگۈشلىسەم كونا ئارزۇنى ،
ھەممىڭلار ئىتائەت قىلىڭ پەرمانغا ،
بۇ نەسىھەتنى زىننەت دەڭ جانغا ! »
شۇنداق تەختكە شاد ئولتۇردى شاھ ،
قوندۇرۇپ بېشىغا نەقىشلىك كۇلاھ .
سەردارلار دېيىشتى ئاڭا : « تەشەككۇر !
سەندىن ئايرىلمىسۇن بۇ تاجلار پۈتكۈل .
شاھكى ، دانا بولسا ، كەلگەي ئاڭا بەخت ،
ئۇندىن راۋاج تاپقاي مۈلۈك ، تاج ۋە تەخت .
سېنىڭ دانالىقىڭ ، مەردلىك ، شەۋكىتىڭ ،
نەچچە سەلتەنەتلەر ئۆمرۈڭ بىلەن تەڭ .
ئۇلۇغلۇق ئادىل تەخت ئىچرە جاھان ،
كۆرمىگەن سېنىڭدەك يېتىشكەن سۇلتان .
ئەرزىگەي مىڭ تەھسىن ئەتسەك ساڭا پاش ،
ھەممىمىز بىر يولدا ، ھەممە قېرى ـ ياش .
ئېيتارمىز ئاپىرىن يەزدان ئالدىدا ،
ھەممە يەزدانپەرەس مەردان ئالدىدا .
ئىرانلىقلار تەختى ئۈچۈن زىننەتسەن ،
ئادالەت ، بايلىق ھەم غالىبىيەت سەن .
مۇقەددەس سۆزۈڭدىن روھ تاپار قانات ،
سۆزۈڭدىن ئۆلۈككە ھەم كۈلەر ھايات .
ئالەم بۇنيادكارى ساڭا يار بولسۇن ،
ئىقبال داۋامىدا بەر قارار بولسۇن ! »
بەختىڭ ھامىيسى ، سەردار ھەم دانا ،
بارگاھتىن چىقتى نۇر ـ زىيا قىپ جۇلا .
شۇدەم ئاتقا مىنىپ پادىشاھ ، لەشكەر ،
ئازەرگۇشەسپ تامان قىلىشتى سەپەر .

زەر ۋە گۆھەر ئالدى دەرۋىش ھەم موھتاج ،
تا تولۇق قانغۇچە ھەممە ئېھتىياج .
زەردۇشت ئاتەشگە قىلىپ ئېھتىرام ،
مۇھىبنىڭ ئالدىغا يول ئالدى بەھرام .
مۇھىب سەپىنۇدقا ئۆگەتتى دىننى ،

رەسمۇ ئادەتلەرنىڭ بارلىق ئەيىننى .
تازا سۇ ، ساپ دىندىن دىللار بولۇپ پاك ،
يۇيۇلدى تەندىكى چاڭۇ غۇبار ، خاك .
قاراڭغۇ زىندانلار ئېچىپ تاشلاندى ،
ئەلگە دىرھەم بېرىش ئىشى باشلاندى .

## شەنگۇلنىڭ يەتتە پادىشاھ بىلەن بەھرام گور ئالدىغا كەلگەنلىكى

خەۋەر تاپتى شاھنىڭ ئىشىدىن شەنگۇل ،
ھەم بىلدى قىزنىڭ بانۇلىقىن ئۇل .
ئۇ كۆرمەك بوپ قالدى ئىران دىيارىن ،
ئالىي ھىممەت شاھۇ پەرزەنت دىدارىن .
ئەلچى ئەۋەتتى ھىندىدىن ئىرانغا ،
تاپشۇرۇقلار بېرىپ مەرد سۇخەندانغا .
شەھرىياردىن يېڭى پەيمان ئىستىدى ،
يادىكار قالغۇدەك ئارمان ئىستىدى .
بېھىشتەك نۇرەفشان باغ ئىچرە بەھرام ،
يېڭى ئەھدىنامە يازدى خۇش قەلەم .
پەھلەۋىي نامەنى ئېلىپ قولىغا ،
ئەلچى شاد ۋە مەمنۇن قايتتى يولىغا .
يېنىپ كەلگەچ ھىندۇ ئېلىگە سەفىر ،
ھىندى شاھى خەتنى ئوقۇدى بىر ــ بىر .
چىنلىق تۇغقانلاردىن تۇتۇپ سىر پىنھان ،
ئىران سەپىرىنى قىلدى ئۇ بايان .
بەھرام دەرگاھىغا كەلدى يەتتە شاھ ،
يولدا شەنگۇل بىلەن بولۇشۇپ ھەمراھ .
بىرى كابۇل شاھى ، سىند شاھى بىرى ،
جوغىيان مۇلكىدۇر بىرىنىڭ يېرى .
بىرى نامدارلارنىڭ شاھى سەندەلدۇر ،
بىرى تەڭسىز پالۋان شاھ ــ جەندەلدۇر .
بىرى كەشمىر شاھى ، ھېسابسىز مىلى ،
بىرى مولتەنشاھ ـــ جاھۇ جەلالىي .
ھەممىسى شۆھرەتدار ، ھەممىسى تاجدار ،
ھەممىسى قەھرىمان ، مەرد ، بۇزرۇكۋار .
ھەممىسى سوۋغا قىلمىش گۆھەر ــ زەردىن ،
ھىندىچە سايىۋەن تاۋۇس پېيىدىن .
زەر كىمخابلار بىلەن ياسالمىش كۆپ پىل ،
لەشكەرلەر كېلەتتى بېسىپ نەچچە مىل .
گۆھەر ، زەر ــ كۇمۇشلەر ئەيلىشەر نىسار ،

شەھرىيار كۆزىدە دىنار بولدى خار .
ھەمراھ بولۇپ شەنگۇل يەتتە شاھ بىلەن ،
مەنزىل ــ مەنزىل يۈردى كۆپ سىپاھ بىلەن .
ئۇلار تەشرىپىدىن شاد بولدى بەھرام ،
يولىغا چىقتى ئۇ قىلىپ ئېھتىرام .
شەھەر ئۇلۇغلىرى چىقىشتى شۇندا ،
ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈپ ئالماققا .
تا ئالدىغىچە كۈتۈپ باردى شاھ ،
ئەقىلدان ، غەيرەتلىك ، مەرد دەۋلەت پاناھ .
ئىككى دەۋلەتمەن شاھ تىكىپ كۆزگە كۆز ،
بولۇشتى بىر ــ بىرى بىلەن يۈزمۇيۈز .
يېقىنلاشقاچ ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ،
قىلىشتى بىر ــ بىرىن ھۆرمەت زىيادە .
ئىككى شەھرىيار تەڭ ئېچىشىپ قۇچاق ،
قەدىردانلار سىياق كۆرۈشتى شۇ چاغ .
ئىككى ياندا لەشكەرلەر سەپمۇسەپ بولدى ،
ھەممەيلەن بىردەك شادلىققا تولدى .
ئىككى كىشۋەر شاھى كۆرۈشۈپ دىدار ،
تۈرلۈك مەنىلەرنى قىلىشتى گۇفتار .
تەڭ يولغا چۈشۈشتى ئىككىسى ئاتتا ،
چەۋەنداز لەشكەرلەر ئىككى قاناتتا .
ئايۋانلارغا زەررىن تەختلەر قويۇلدى ،
قەدەھلەرگە لالىدىن مەيلەر قۇيۇلدى .
بىر ئوق مۇساپىگە يېيىپ داستىخان ،
قوزا ، قۇش گۆشلىرىدىن راسلىدى خامان .
تاماقتىن چۈشكەندە شاھانە سۆھبەت ،
قۇرۇشتى ، بولدى ھەم شۇنچە خۇش ئۈلپەت .
مەي ، سازچى بەزمىگە قوشتى كۆپ ساپا ،
ھەر ياندا ھۇزۇر بەخش نەغمەيۇ ناۋا .
بارچە مەي جاملىرى گۆھەردىن ئىدى ،
لىگەن ۋە تاۋاقلار ساپ زەردىن ئىدى .

ساقىنىڭ بېشىدا كۇلاھى زەردىن ،
كىيگەن كەشلىرىنىڭ نەقشى گۆھەردىن .
شەنگۈلنى ھەيرەتتە قالدۇردى بۇ جاي ،
كۆڭلى خالار ئىدى ئىچمەككە كۆپ مەي .
ئىران بېھىشمىدۇر ياخۇد گۈلدەستە ،
دوستلاردىن گۈل ھىدى كېلەر پەيۋەستە .
ئۇ ئىران شاھىغا ئىچىپ دىل ــ كۆڭۈل ،
قىزنى كۆرمەكنى خالىدى شەنگۈل .
بۇيرۇدى بەھرام شاھ ئۆز خادىمىغا ،
ئۇ ئاي كەلسۇن بۇ دەم ئاتا يېنىغا .
خادىملار بىلەن شاھ ئىچكىرى يۈردى ،
يەنە نەۋ باھاردەك بىر ساراي كۆردى .
تەخت ئۆزرە ئولتۇرار قىزى ــ كۆكتە ئاي ،
تەخت قىزغا ياراشقاچ ياشنىغان ساراي .
ئاتا بېرىپ سۆيدى قىزنىڭ بېشىنى ،
ئاققۇزدى يۈزىگە ئىللىق يېشىنى .
ئاتا زار يىغلىدى پەرزەنت مېھرىدىن ،
قىز ھەم گىريان ئىدى سېغىنچ سېھرىدىن .
بۇ قەسرۇ ئايۋاندا شەنگۈل بولۇپ شاد ،
قول ئىچىپ قىلدى ئۇ كۆپ مۇبارەكباد .
سەپپىنۇدقا دېدى : « بېھىشتۇر بۇ جاي ،
بۇندا تەخت ــ سائادەت ، بۇندا تاج ــ ساراي . »
ئۇ ھەممە سوۋغىنى ئەيلىدى تارتۇق ،
زىبۇ زىننەت ، ھەميان ھەددىدىن ئارتۇق .
شەھرىيار سوۋغىسىن قوشۇپ بەردى ئۇ ،
قەسرىگە تولغاندەك بولدى زەر چاچقۇ .
مول ئىدى گۆھەر ، ھەم تاج شۇنچە يەنە ،
باھاسىن بىلەلمەس ھەر قانچە دانا .
قايتتى شاھ يېنىغا ئۇ شۇنچە خۇرسەند ،
روھلاندى ۋۇجۇدى ، بوپ شادلىققا بەند .
شاد بولۇپ شارابتىن سەردارۇ سىپاھ ،
شەنگۈلگە تاللاشتى كۆركەم ئارامگاھ .
مۇشك رەڭ چېدىردا تۈن بولغاچ پەيدا ،
يۇلتۇزغا قاپلاندى پايانسىز ساما .
مەيخورلار ئۇيقۇغا كەتتى بىر يولى ،
خىزمەتكارلار تۇرار كۆكسىدە قولى .
ئۇيقۇتىن كۆرۈندى يېڭى ئالتۇن جام ،
ئۇ جامدىن كۈن چىقتى مىسلى مەي قىيام .
قاراڭغۇ چېدىردىن پارە قىلدى نۇر ،
يېيىلدى دالاغا ھېقىق ۋە بىللۇر .
ھىندىستان شاھىنى قىلىپ چىن ھەمراھ ،
قۇلان شىكارىغا چىقتى بەھرام شاھ .
دەشتكە ئۇچۇرۇلدى لاچىن ۋە شەھباز ،
ئۇچقان قۇشلار كۆكتە ئەيلىدى پەرۋاز .
قۇلان ھەم كېيىكلەر ئوۋ قىلىندى باي ،
دەشت ئىچرە شۇ خىلدا ئۆتتى دەل بىر ئاي .
خۇشال ئۆتكۈزۈلدى بۇندا ھەر بىردەم ،
ئۇنتۇلدى شىكاردا بارچە غەم ــ ئەلەم .
يېڭى ئاي چىققاندا قايتتى شەھەرگە ،
بەزمىلەر ئىچرە كۈن شاد ئۆتتى يەنە .
شەنگۈل بەھرام بىلەن ئىستىراھەتتە ،
قۇلان شىكارىدا بولدى راھەتتە .
مەيدان ھەم مەجلىستە بولۇپ ئىتتىپاق ،
بىر كۈن ھەم بەھرامدىن بولمىدى يىراق .

## شەنگۈلنىڭ ئىراندىن ھىندىستانغا قايتقانلىقى

ئۆتتى شۇ يوسۇندا كۆپ شامۇ سەھەر ،
ھىندىستان شاھى ھەم خالىدى سەپەر .
قۇلان شىكارىدىن قايتىشقان ھامان ،
قىزىنىڭ قېشىغا كىردى شاھ شۇئان .
قىزىدىن سورىدى قەلەم ھەم قەغەز ،
قارا مۇشك رەڭ سىياھ كەلتۈر دېدى تېز .
ھىندى ئەلفازىدا يازدى بىر نامە ،
پەھلەۋىي ئەدلىدىن سۆز ئاچتى يەنە ،
ئاۋۋال مۇبارەكلەپ ، ئەسلەپ يەزدانىنى .
دېدى ئۇ قۇتقۇزغان غەمدىن جاھانىنى .
« پاكلىق ھەم راستلىقنى ئۆزى بار قىلغان ،
كاجلىق ، ناھەقلىكنى تارۇ مار قىلغان ،
سەپپىنۇد بەھرامغا ئۆمۈرداش بولسۇن ،
نۇرلۇق دەرگاھىدا مەڭگۈ ياش بولسۇن .
شاھىنشاھ ياشىغاي ئەبەدىلئەبەت ،
خىزمەتكارى بولسۇن سەردار ھەم مۇبەد .
بۇ تاجدار ئەمرىدىن تولغىماي بويۇن ،
خىلاپلىق قىلغانغا ئوت ئاچسۇن قۇيۇن .

بىرلىك بەھرام شاھقا گەنج ھەم سېلىقنى ،
تەخت ـ تاج ، قەسرىگاھ ، بارچە مۈلۈكنى . »
يىپەك قەغەزگە ئۇ ھىندىچە چەكتى گۈل :
ھىندى مۈلكى سەپىنۇدقا تەۋە تۈگەل .
ئىككى ئاي ئىراندا تۇردى شەنگۇل شاھ ،
بەھرامغا كىرگۈزدى ئەلچى ئۇ شۇندا .
يېتەرلىك پۈتكۈزۈپ مېھمانلىق بۇرچىن ،
ئىجازەت سورىدى قايتماقلىق ئۈچۈن .
شەنگۇلنىڭ نامەسى تېپىپ ئىناۋەت ،
ھىندىغا قايتىشقا بولدى ئىجازەت .
بەھرام ۋەزىرگە دېدى : « مۈلۈك ئىچرە نە بار ،
مەيلى تالللىۋالسۇن ئەيلەڭىز نىسار .
دىنار ھەم گۆھەر ، ھەم كۈمۈش بىلەن زەر ،
ھەم تاج ، تەخت ۋە يەنە تىغ بىلەن كەمەر ،
دۇخاۋا ، كىمخاب ھەم ماتادىن لىباس ،
قويۇلدى مېھمانغا كۆرسىتىپ ئىخلاس .
يەنە شەنگۇل بىلەن ھەمراھ سەردارلار ،
ئالدى چىن يىپەكىن ئۇچقۇر تۇلپارلار .
شاھ ئۆزى شاد ھالەت بۇنى كۆزەتتى ،
ئۈچ مەنزىل يولغىچە بىللە ئۇزاتتى .
كۆرۈنۈپ كۆزىگە شۇنچە ئىنئام كەم ،
بەھرام بەردى يولغا مول ئوزۇقلۇق ھەم .

## بەھرام گورنىڭ دېھقانلارغا خىراج بەرگەنلىكى

شەنگۇلنى ئۇزىتىپ قايتتى شاھ بەھرام ،
ئالدى ئارامگاھتا بىر لەھزە ئارام .
ئۆلۈم ۋە يامان كۈن خىيالىن سۈردى ،
مەيۈس بىر ئەندىشە مالالىن سۈردى .
ئەمىر قىلغاچ كەلدى ئالدىغا ۋەزىر ،
ئەقىللىك ھەر ئىشقا تاپقۇچى تەدبىر .
بايلىقنىڭ ھېسابىن بىلمەك ئىدى شاھ ،
خەزىنە ھالىدىن بولماققا ئاگاھ .
مۇنەججىم بەرگەندى ئاگا بىر دېرەك ،
ئۇشبۇ بىشارەتتىن ئۇ غەمناك دېمەك .
دېيىلگەن : « ئۆمرۈڭ ئۈچ يىگىرمە ئىرۇر ،
تۆتىنچى يىگىرمە ماتىملىك ئىرۇر . »
بەھرام ئويلىدى تۇنجى يىگىرمە يىلنى ،
شادلىقتا ئۆتكۈزەي يايرىتىپ دىلنى .
ئىككىنچى يىگىرمە ـــ سەلتەنەت دەۋرىم ،
جاھانغا تولغۇسى قىلغان ئەدلىم .
دەۋرىمدە بىر كەپە بولمىغاي ۋەيران ،
مەندىن تاپتى ئىنسان خەيرىيەت ، ئېھسان .
ئۈچىنچى يىگىرمە ـــ يەزدانغا ئىنئام ،
تائەت ـ ئىبادەتتە ئۆتمەكلىك مۇددەئام . »
ئۆمرۈڭ ئاتمىش ئۈچ يىل دەيمىش مۇنەججىم ،
ئەمما ئاخىرقى ئۈچ يىلنى سىر تۇتتى ئۇ جىم .
مۇنەججىم سۆزىدىن بەھرام چەكتى رەنج ،
بولسىمۇ گەرچە ئۇنىڭدا چەكسىز گەنج .
پاكلىق بىلەن بولسا ئەگەر شەھرىيار ،
رەنج ، غەمدىن خالاس ياشار بەختىيار .
خەزىنە ھېسابىن ئالغاچ ئۇ ۋەزىر ،
كېلىپ شاھ ئالدىدا تۇردى مۇنتەزىر .
دېدى يىگىرمە ئۈچ ـــ قالغان ئۆمۈردە ،
ئېھتىياج نېمە ئۇ بىلەمسەن يەنە .
بارچە بايلىقلارنى قىلدىم سەر ھېساب ،
لەشكەر چىقىملىرىن ئەيلىدىم كىتاب .
يەنە دېرەك بەردى باشقا بىر ئەلچى ،
بۇ ئەلدە ھەم نامدار ، ھەم كۆپ بىلگۈچى .
گەنجىڭ كۆپ ، يېتىدۇ ئۇ نۇرغۇن زامان ،
گەنجىڭگە ئالتۇن ۋە كۈمۈش لىق تولغان . »
ئۇنى ئاڭلاپ بەھرام دىلى خۇش بولدى ،
كۆڭلىنى غەم ـ غۇسسىدىن ئازاد قىلدى .
دېدى ئۇ : « بەش كۈنلۈك دۇنيا ئىكەن بۇ ،
دەۋران سۈردۇق ، يەنە نە قىلماق قايغۇ ؟
تۈن ئۆتتى ، ئەتىمىز كەلمىگەن تېخى ،
بۈگۈن قەد پۈكمەكنىڭ ئەمەس پۇرسىتى .
بولسا مال بىلەن مۈلۈك ، بولسا تەخت ـ تاج ،
ئالمايلى كېيىن بىز ئالەمدىن خىراج . »
بۇيرۇدى : « ئەمدى بۇ ئالەمدىن خىراج ،
ئالماققا ئەمدى يوق بىزدە ئېھتىياج . »
يوللاپ ھەر شەھەرگە ئادەم شەھرىيار ،
دېدى : « غاپىللارنى قىلىڭ خەۋەردار .
يۇرت ئىچرە قالمىسۇن تاكى يامانلىق ،
يامانلىق كەلتۈرمەس ئەلگە ئامانلىق . »

گەنجىدىن يەتكۈچە ئالدۇرۇپ ماتا ،
گىلەم ، كۆرپە ـ تۆشەك ، لىباس ھەم سەرپا .
ۋەزىرلەرگە بەردى بۇ تارتۇقلارنى ،
دېدى : « سىر تۇتما ھېچ ياخشى ـ يامانىنى .
مېنى ھەر بىر ئىشتىن ۋاقىپ قىلغىن سەن ،
شاھدىلىق خىزمىتىن قۇتلۇق بىلگىن سەن .
دائىم ئاگاھ قىلغىن ئەل ئارا ئىشتىن ،
ھەممە خالاس قىلغىن مېنى تەشۋىشتىن . »
تارقالدى ئۇشبۇ سۆز ئالەمگە دەرھال ،
كۆرۈندى ۋەزىرگە ياخشى ـ يامان ھال .
ئاقىللار بۇ ئىشقا تېزدىن كىرىشتى ،
ئەللەرگە ئالاقە دەرھال قىلىشتى .
ئادالەت ، مەرھەمەت ، خەيرۇ ساخاۋەت ،
ئەل ئارا تۇغدۇردى يەنە ئاداۋەت .
جاھاندا ئەۋج ئالدى جەڭ ۋە قانخورلۇق ،
ياشلار قان تۆكۈشتى ، دەريادەك ئۇلۇغ .
دۇنياغا خىرىس قىلغان ئەل ئىنساب بىلمەس ،
پادىشاھ ۋەزىردىن ئەندىشە قىلماس .
كىلىپ شۇ مەزمۇندا خەتەر پەيۋەستە ،
بولدى بۇ ئىشلاردىن شاھ كۆڭلى خەستە .
سايلىدى ھەر جايغا بىرەردىن سەركەر ،
ئادىل دىل ، دانىشمەن ، خۇش مىجەز سەردار .
خەزىنىدىن كىيىمى ھەم تائاملىرى ،
خەزىنىدىن يوتقانلار ھەتتا ھەر غېمى .
مەھكىمە ئىچىشتىن ئالتە ئاي ئۇلار ،
ئىلىشتى پۇقرادىن دىرھەم ھەم پۇللار .
خىراج ئىدى ئۇشبۇ دىرھەمنىڭ نامى ،
تاجىدار خەزىنچىنىڭ قەتئىي ئەھكامى .
ئالتە ئاي ئۇندۇرۇپ ، ئالتە ئاي بەردى ،
بۇندىن نە شاد ئىدى ، نە غەمكىن ئىدى .
بىر چارە تېپىشتى : تا ھەر بىر كىشى ،
بىكار قىلىپ ، بەدلىك بولمىسۇن ئىشى .
شائىرلار يېزىشتى بۇ تەدبىرنى كۆپ ،
ئادالەت ئالەمدە تۇردى تىك بولۇپ .
بىر ئۇن مۇلۇكدار بەرمىسە خىراج ،
بېشىدا بىر بېسىم ئىدى تەختۇ تاج .
ئوقۇدى نامەنى پادىشاھ بەھرام ،
دىلىدا بۇ ئىشتىن پەيدا بولدى غەم .
قويۇشتى ھەر يۇرتتا بىردىن ھاكىمنى ،
ئىنسابلىق ۋە يەنە كۆڭلى پاكلارنى .
دېدى : « قېنىن تۆككىن ، كىمكى تۆكسە قان ،
قويمىغىن قانخورنى دۇنيادا ئامان .
يەزدان پەرمانىنى يايغىن شۇ سائەت ،
بارچە ئادەم قىلسۇن بۇڭا ئىتائەت .
شاھنىڭ بۇ ئەمرىدىن ئۆتكەندە كۆپ ۋاقت ،
يەنە بىر نامەنى قىلدۇردى شاھ تەخت .
خەۋەرچى ئىلكىگە كەلدى بۇ خەۋەر ،
تولدى جاھانغا يەنە شۇنچە سەراسەر .
سورىدى : « جاھاندا نېدۇر بىپايدا ،
ۋە قىلغان شاھلىقا زىيان ھەر جايدا ؟ »
جاۋاب بىلدۇردىكى : « قىلماستىن پىسەنت ،
شاھنىڭ بۇيرۇقىغا قىلماق بولۇپ بەند .
ئۆزى ھەم ھەر كىمگە بەرمەكلىك ئازار ،
ئاخىرى گۈلشەننى قىلار خارۇزار .
كالا ، چارۋا ماللارنى قىلىپ ۋەيرانە ،
دەشت ـ چۆل قىلدۇ باغلارنى يەنە . »
شۇندا جاۋاب قىلدى پۈتۈن شاھلىقا :
« ئالەمنىڭ قۇياشى چىققۇچە كۆككە ،
ھەممە يەر ھەيدەشكە بولۇشسۇن مەشغۇل ،
دېھقانچىلىق بولسۇن ھەممىگە ئۇسسۇل .
چۈشتىن كېيىن دەم ۋە راھەت ئىلىشسۇن ،
يەپ ـ ئىچىشىپ ، ئەيش ـ ئىشرەت قىلىشسۇن .
كىمدە گەر بولمىسا ئۇرۇقلۇق ۋە مال ،
سەن ئۇنى ھېسابلاپ قىلغىن بىر ئامال .
بارچىنى بەھرىمەن قىلسۇن بىزنىڭ گەنج ،
ھالى ناچارلارمۇ ھېچ تارتمىسۇن رەنج .
مۇبادا توسقۇنلۇق قىلسا ئاب ـ ھاۋا ،
پادىشاھلىق تاپالماس بۇ ئىشقا داۋا .
مىسالكى ، چېكەتكە يەتكۈزسە زەرەر ،
دېھقاننىڭ رىزقىنى يوق قىلسا ئەگەر ،
خەزىنىدىن بېرىلسۇن ئۇنىڭ بار ھەققى ،
خەلققە بىلدۈرگىن نەدۇر سەۋەبى .
تېرىلماي قالسا گەر بىرمۇنچە مەيدان ،
ئۇنىڭدىن ئېلىنماي قالسا گەر ئېھسان ،
كىمكى قول سالمىسا بۇ ئىشقا دېمەك ،
شۇ سەۋەب يېرىدىن قويۇلار كېسەك .
مېنىڭ سۆزلىرىمدىن بولما تەمەگەر ،
ئەمگەكتۇر ھاياتقا چارەيۇ تەدبىر .

ماڭا تەۋە بولسا ھەر قانداق كىشى ،
يەزدانغا ساداقەت بولسا گەر ئىشى ،
ئۆلسىمۇ تەۋەررۇك تۇتارمەن نامىن ،
يەنە چوڭ قىلۇرمەن تۇتقان مەقامىن . »
نامىگە شاھ مۆھرى بېسىلغان چاغدا ،
خەتچىلەر چىقىشتى ئالدىراپ يولغا .

## بەھرام گورنىڭ ھىندىستاندىن لۇلىلارنى دەۋەت قىلغانلىقى

ئاندىن ھەر ۋەزىرگە يازدۇردى نامە ،
قايدا دەرۋىش بولسا كىيدۇردى جامە .
سوئال قىلدى بەھرام : « دەردسىز ئىرۇر كىم ؟
يۇرت ئارا دەرۋىشتەك گەنجسىز ئىرۇر كىم ؟
ئېيتىڭلار نە ئىرۇر جاھاننىڭ ئىشى ؟
نەدۇر ئەل شادلىقى ۋە يۇرت تەشۋىشى ؟ »
كەلدى ئاڭا جاۋاب ھەر بىر ۋەزىردىن ،
ئىش بىلەن دانىشمەن زاتتىن بىر ـ بىردىن .
يەنى : « زېمىن سەھنىن قۇرۇرمىز ئاۋات ،
نامىڭنى قىلىدۇ ئەل مۇبارەك ، ياد .
پەقەت شەھرىياردىن نالىگەي دەرۋىش ،
زارلىنار تەقدىردىن تارتتۇق دەپ تەشۋىش .
ئېيتىشار دۆلەتمەن مەي ئىچكەن چېغى ،
تاج بولۇر بېشىدا گۈللەر ياپرىقى .
مەي ئىچرە مۇغەننى نەغمىسىن ئاڭلاپ ،
بىزنى ساناشماس ھېچ ئادەمگە ھىساب .
كەمبەغەل ناۋاسىز ، گۈلسىز ئىچەر مەي ،
بايلار ئۆز راھەتىن ئويلار پەيمۇپەي . »
كۈلدى بەھرام ئاڭلاپ مۇنداق خەۋەرنى ،
يولغا ھازىرلىدى بىر ئات چاپارنى .
« شەنگۈلگە ئاڭلىتىپ رازىلىق ئالغىل ، —
دېدى ، — ئالىي ھىممەت شاھ ، قۇلاق سالغىل ،
ئون مىڭ لۇلى ئەۋەت بولسۇن سەرفەراز ،
بولۇشسۇن خۇش نازلىق ھەممە خۇش ئاۋاز . »
لۇلى يېتىپ كەلدى بۇ دەرگاھقا مول ،
شاھ ئەمرىدە كاتتا ئېچىلغاندا يول .
ھەر بىرىگە قېچىر ۋە سىيىر بەردى ،
دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئېتىز ـ يەر بەردى .
بۇغدايدىن مىڭ خامان بەردى ئۇلارغا ،
بەردى نە كېرەك بولسا ئۇلارغا .
ئۆكۈز ، ئېشەك بىلەن يەرلەر ھەيدىسۇن ،
بۇغداي تېرىپ ئالسۇن ھوسۇل پايدىسىن .
مۇغەننىيلىك قىلسۇن دەرۋىش ئالدىدا ،
يېتەرلىك ئىش قىلسۇن ھەر ئىش بابىدا .
لۇلىلار بۇغداينى ، كالىنى يېيىشىپ ،
يېڭى يىلدا كەلدى يەنە قاقشىشىپ .
شاھ دېدى : « يەر ھەيدەپ ، تېرىشىپ ئۇرۇق ،
ھوسۇل ئالماق سىلەرگە بولمىدى يورۇق .
پەقەت خېچىر قاپتۇ ، ئۇنى ئېگەرلەپ ،
يۇرتمۇ يۇرت يۇرۇڭلار ئەمدى ئاش تىلەپ . »
شۇندىن بېرى لۇلى بولۇپ ئاۋارە ،
ئالەم كېزىپ يۈردى ، بۇڭا نە چارە .
ئىت ، بۆرى ھەم سەپەر ھەمراھى ئىرۇر ،
كۈن ـ تۈنلەپ ئوغرىدەك رىزقىنى تېرۇر .

## بەھرام گورنىڭ پەيمانىسى تولغانلىقى

ئۆتتى شۇ ئەلپازدا ئاتمىش ئۈچ يىل ۋاقت ،
زامانە كۆرمىدى ئۇنىڭدەك خۇش بەخت .
كىردى يىل بېشىدا يېنىغا ۋەزىر ،
ھەم ئەقىل ئۇستازى ، ئىش بىلەر ، ماھىر .
دېدى : « تامام بولدى خەزىنە شاھىنشاھ ،
نە پەرمان بېرۇرسەن ، ئېيت ماڭا ئاگاھ ! »
دېدى شاھ : « ئىستىسە كىم تەختكە راۋاج
تېزدىن ئېلىپ كەلسۇن بىر يىللىق خىراج ! »
جاۋاب قىلدى ۋەزىر : « تەلەپ قىلما كۆپ ،
بۇ خىل تەلەپلەردىن ساۋاق ئالدۇق خوپ .
جاھان ئىگىسىگە قوي بۇ جاھاننى ،
ئۇدۇر پەيدا قىلغان چەرخى گەردۇننى .
زامانلار ئۆتەركى بىر يەزدان قالۇر ،
بىر ئۇ ياخشىلىققا رەھنەما بولۇر . »
ئۆتتى شۇ كېچە بىلەن تاڭ سەھەر ،
كەلدى بۇ دەرگاھقا ھېسابسىز لەشكەر .

كېرەكلىك گۈرۈھنى شاھ ئەيلىگەچ جەم ،
شاھ ئالدىغا كەلدى يەزدىگىرد ھەم .
ئۇلۇغلار ئالدىدا تاج بەردى ئاگا ،
بەردى بارلىق تەختىن ئوغلىغا شۇندا .
دۇئالار پاتىھە قىلدى ھەم بەھرام ،
تاجنى باشتىن ئالدى ئالماققا ئارام .
دۇنيانىڭ ئىشىدىن نالەشلەر قىلدى ،
تۈن چۆككەن مەھەلدە كۆزىنى يۇمدى .
نىگارىن ئاچقاندا ئۇيقۇتنا ئاپتاپ ،
ۋەزىر دىلىن باستى بىردىن ئىزتىراپ :
نېمشقا شاھ تۇرماس مۇنچە ئۇيقۇدىن ؟
كۆكۈل ئەندىشىلىك ئۇنىڭ يوقىدىن !
ئاتىسى ئالدىغا يەزدىگىرد كىردى ،
ئۇيقۇدىن تۇرمىغان ئاتىسىن كۆردى .
كۆردى رەڭگى ئۆچكەن ، چىرايى خازان ،
زەرباب تۆشەك ئىچرە غايىب بولغان جان .
كۆيدۈرمە دىلىڭنى غەم ـ ھەسرەت بىلەن ،
ئەزەلدىن ئاشنامىز شۇ قىسمەت بىلەن .
قورقىدۇ ئۆلۈمدىن تاش ، تۆمۈر ھەتتا ،
ۋە لېكىن غالىبتۇر ئاقىۋەت قازا .
ئىستىمىسەڭ كۆكۈل خۇشۇگنى بىر دەم ،
بولغىن بىئازار ئادەم ، بولغىن چىن ئادەم .
كەتتى شاھ بەھرامدەك جەسۇر سەرۋىقەد ،
جاھاندا يوق ئىدى مۇنداق قەددۇ بەست .
يوق ئىدى ، بولمىغاي مۇنداق ئۇلۇغ شاھ ،
رەھىمدىل خۇدايىم كەچۈرگىن گۇناھ .
جانىنى جەننەتكە راۋان ئەيلىگىل ،
ئەھلى جەننەتلەرگە ھەمخانە قىلغىل .
ماتەم تۇتتى قىرىق كۈن ئوغلى ئاگا ،
قارا ، كۆك كىيىندى قوشۇنلار يەنە .
باتۇر ئۇل شاھىنشاھ كىردى قەبرىگە ،
كۆكۈللەر چۆكۈشتى ئېغىر ۋەھىمىگە .
كۆرەلمەس قۇياشنى ، ئاينى ئۇندا شاھ ،
نە يۇلتۇز ، نە قەسرە ، نە تەختى كۇلاھ .
دەرىخ ، ئۇ كېلىشكەن چېھرە بىلەن قەد ،
دەرىخ ، ئۇ مۇنەۋۋەر بەختۇ سەلتەنەت .
ئۇ بىلەن گۈللىگەن بۇ زېمىندا تاج ،
رۇم بىلەن چىندىن ھەم ئېلىپ باج ـ خىراج .



# خۇسراۋ پەرۋىز ۋە شىرىن داستانى

## داستانىنىڭ باشلىنىشى

كۆپ ئۆمۈر كۆرگەن بۇ قەدىمىي نامە ،
راست سۆزلەر نەقلىدىن قىلۇر ھېكايە .
تاغ يۈرەك مەردلەردىن بولسۇن دەپ يادىكار ،
يېڭى بىر داستاننى قىلدىم ئىختىيار .
داستانىنىڭ غەمگۇزار ، شايەستە سۆزى ،
بىر يۈز يىگىرمە مىڭ مىسرادۇر ئۆزى .
ئۇندىن زەئىپ بېيىت ئاختۇرغان ئادەم ،
شۈبھىسىز تاپالار بەش يۈزچىدىن كەم .
شۇنداق ئالىي ھىممەت ، سېخىي شەھرىيار ،
ئالەمنىڭ شاھلىرى ئىچرە بەختىيار .
ئۇشبۇ داستانلارغا قىلمىدى نەزەر ،
غەيۋەت ئۇ قاپقارا بەختىدىن ئەسەر .
بەتگۇي ھەسەت قىلدى ئىشىمغا ھەيھات ،
بولدى شاھ ئالدىدا بازىرىم كاسات .
ئەگەر شاھ چۈشەنسە بۇنى نەقلىدە ،
مەشغۇل بولۇپ ئۇقسا تازا ئەقلىدە ،
گەنجىدىن گۇمان يوق بولۇرمەن شادمان ،
ئۇندىن يىراق بولغاي بوھتانچى ، يامان !
ئەسلەتسە شاھقا ئۇ ئەمگىكىم شايەت ،
بۇ دەردتىن قۇتۇلغاي ئىدىم نىھايەت .

داۋام قىلسۇن ئۇنىڭ تاجى ھەم تەختى ،
قۇياشتىن يورۇقراق پارلىسۇن بەختى .
شۇنداق دەر بىلىمدان قېرى قىسسىچى ،
بىلىمدۇر چىن مەردكە قۇۋۋەت بەرگۈچى .
كېرەكتۇر كۆرمەكلىك غەمنى ، شادلىقنى ،
تېتىماق شۇ تەلەي ۋە بەرباتلىقنى .
كېرەكتۇر ھەر مەردكە سىنىماق ھۈنەر ،
ھۈنەر ئۈستۈن بولسا ئېچىلغاي گۆھەر .
بەسكى ، پەرۋىز ئىدى ناپاك نەۋقىران ،
بولسىمۇ ئاتىسى چېغى قەھرىمان .
ئاڭا يەر يۈزىدە دوست شېرىن ئىدى ،
بار كۆڭلى شېرىنغا يوشۇرۇن ئىدى .
جاھاندا باشقىنى قىلمايتتى پەسەند ،
خىيالىن ھېچ گۈزەل قىلالمايتتى بەند .
بەخت يېتىپ جاھانغا ئۇ سۇلتان بولدى ،
بىر مۇددەت شېرىندىن سىرت تۇرغان بولدى .
كەزدى جاھان ئىچرە بىلمەي ھالاۋەت ،
بەھرام قىلغان جەڭلەر ئارزۇسى ئەبەد .
خۇسراۋ كۆرمەستىن مېھىر ۋە ۋاپا ،
گۈلچېھرە بىر زامان يوقاتتى ساپا .

## خۇسراۋنىڭ شىكارغا چىققانلىقى ، شېرىننى كۆرگەنلىكى ۋە ئۇنى ئۆز ھەرىمىگە يوللىغانلىقى

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەرۋىز شەھرىيار
ئىختىيار ئەيلىدى دەشت ئىچرە شىكار .
نە شاھلار ئۆتۈشتى ئۆزىدىن ئاۋۋال ،
ئۆتكەن شاھلار رەسمىن تۇتتى مۇكەممەل .
زەر جابدۇق ئارتىلدى ئۈچ يۈز ئاتلىققا ،
ئۇلار خۇسراۋ بىلەن چىقماقچى ئوۋغا .
بىرمىڭ بىريۈز ئاتمىش خۇسراۋپەرەس ئەر ،
قولىدا نەيزە تۇتۇپ بارار مىسلى شىر .
مىڭ قىرىق چوقماق ھەم شەمشەرنى ئېلىپ ،
ئۈستىگە ساۋۇتلارنى مەھكەم كىيىپ ،

ئالدىدا يەتتە يۈز لاچىنبازى بار ،
بۈركۈتنى شىكارغا شاھ قىلدى تەييار .
ئۇلارنىڭ كەينىدە ئۈچ يۈزچە ئاتلىق ،
شىكارغا يۈرۈشتە ئەپچىل ، سۇباتلىق .
زەنجىردە يەتمىشچە شىرنى باغلىغان ،
چىن زەنجىرى ئىدى بويىنىدا تۇرغان .
ئۆگەتكەن قاپلاننى ، ئارسلاننى ھەم ،
ھەر بىرى كېيىكنى ئالار ھەر قەدەم .
ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىككى مىڭ ھاپىز ،
سازىنى چالىدۇ بۇندا ئىزمۇ ئىز .

ھەر بىرى ئاستىدا بىر ئىپسىل تۇلپار ،
ھەر بىرى بېشىدا تاجى يالتىرار .
نەق بەش يۈز تۆگىگە ئارتىلغانىدى ،
شاھانە بىر كارۋان يول ئالغانىدى .
ئىككى يۈز غۇلامنىڭ قولىدا مەجمەر ،
ئۇنىڭدا ياناتتى مۇشكىيۇ ئەنبەر .
پەرمانغا قاراقلىق ئىككى يۈز ئوغلان ،
قولىدا نەرگىس گۈل ئىدى زەپىران .
ئالدىدا ئۇچاتتى سەلكىن بىر شامال ،
ئەتىر شاھ بۇرنىنى قىلاتتى خۇشھال .
ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈزچە سۇسىپەر ،
تولغۇزغان ئىدىشقا سۇنى شۇ قەدەر .
گۈل سۇيى ، ئەتىرنى ئۇنىڭغا قوشۇپ ،
يول بويى باراتتى شېرىن سۇ سېپىپ .
ھەتتاكى شامالنى شاھقا غۇبار دەپ ،
بۇ ئىشقا ئېتىبار كۆپ ئىدى ھە دەپ .
ئۈچ يۈزچە ياسانغان بەرنا نەۋجۇۋان ،
باراتتى شەھرىيار بىلەن يانمۇ يان .
رەڭمۇ رەڭ جامالار ئوڭى ــ سولىدا ،
جۇلالىق تۇغلارنى تۇتۇپ قولىدا .
زەردىن ئۈزۈكلەر ھەم بىباھا كەمەر ،
ھەر بىر بېزەك زەرگە كۆز ئىدى گۆھەر .
شېرىن ئاڭلىدىكى ، كەلمەكتە لەشكەر ،
لەشكەرنىڭ ئالدىدا شاھى مۇنەۋۋەر .
كىيدى ئۇ مۇشلۇك بوي كۆڭلەكنى تەنگە ،
بوياپ مەڭزىلىرىن قىرمىزى رەڭدە .
كىيىپ بوز ئۈستىگە رومچە لىباسىن ،
ئاشۇردى گۆھەردە ھۆسن زىباسىن .
بېشىغا قوندۇرۇپ تاجى خۇسرەۋى ،
ياناتتى نەقىشتە دۇررى پەھلەۋى .
ئايۋاندىن تام تامان تاشلىدى قەدەم ،
ياشقىنا كۆڭلىدە ھەسرەت ۋە ئەلەم .
كۈتتى تا پاتقۇچە كەچكى كۈن ــ قۇياش ،
يۈزىگە ئۇنچىدەك تامدى ھەم كۆز ياش .
ئۇل شاھ سۆلەت بىلەن كۆرۈنگەچ قىزغا ،
قىز ھەم سەرۋىقامەت ئاچتى پەرۋىزگە .
يېقىملىق سۆزلىرىن تىزىپ نىھايەت ،
ئۆتكەن كۈنلىرىدىن قىلدى ھېكايەت .
نەرگىس گۈلدە يۇيدى ئەرغۇۋان يۈزىن ،
شەبنەمدىن بىغۇبار گۈل قىلدى ئۆزىن .
شۇنداق ھۆسن بىلەن ئاچتى شېرىن لەۋ ،
پەھلەۋىي تىلىدا ئۇ باشلىدى گەپ .
دېدىكى : « ئايا پادىشاھ ، لەشكەركەش ماھىر ،
ئارسلان يۈرەكلىك مەردان باھادىر .
نەدىدۇر قانلىق ياش ۋە مېھرى ھەبىب ،
شېرىننىڭ ۋەسلىدۇر بۇ دەردكە تېۋىپ .
نەدىدۇر تۈنلەرنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ،
مېھرىدىن سۆز ئېچىپ كۈلگەن ئىككى لەۋ ؟
بەندۇ پەيۋەندىمىز نەلەردە قالدى ،
ئەھدىمىز ، پەندىمىز نەلەردە قالدى ؟ »
شۇنداق دەپ تۆكەتتى كۆزىدىن ئۇ قان ،
چېھرىسى زەفىران ، سۇلغۇن ئايسىمان .
كۆرۈپ ، شاھ كۆزىدە قالدى تامچە ياش ،
سارغايدى مەڭزىمۇ بەئەينى قۇياش .
ئەۋەتتى بىر تىللا جابدۇقلۇق تۇلپار ،
قىرىق رۇملۇق خادىم ئىشىغا تەييار .
تا ئېلىپ كېلىشسۇن ئالتۇن ھەرەمگە ،
گۆھەرنەقىش خانىلەر بېرىپ سەنەمگە .
ئۇ يەردىن يول ئالدى شاھ شىكار تامان ،
يېنىدا سازەندىلەر تەق ئىدى بۇئان .
تاغۇ دەشت ئېچىنى تولدۇردى جەڭگە ،
شادىمان قايتىشتى ئۇلار شەھەرگە .
شىكاردىن بۇياققا شاھ قايتماقتا دەپ ،
شەھەر يوللىرىنى بېزەشتى ھەدەپ .
كانايلار ياڭرىدى ، كۈيلەر چېلىندى ،
سادالار ئەكس سادا پەيدا ئەيلىدى .
ئۇ خۇسرەۋ قامەتلىك مۆتىۋەر سىيما
ئېگىز تەخت ئۈستىدە بولغاندا پەيدا ،
خانىدىن ئالدىغا كېلىپ ھەم شېرىن ،
سۆيدى شاھ لىباسىن ، ئولتۇرغان يېرىن .
شۇنداق دېدى شاھى زامان ۋەزىرگە :
« گۇمان بولمىسۇن پەيدا بۇندىن بىزلەرگە .
بۇ گۈزەل چېھرىلىك بىزگە يار بولغاي ،
جاھان بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغاي . »
قەدىمكى ئادەتكە ساقلاپ ساداقەت ،
شېرىننى نىكاھقا ئالدى شۇ سائەت .

شاھنىڭ دانالىرى ، سىپاھۇ لەشكەر ،
خۇسرەۋدىن شۇ چىلدا ئېيىشتى خەۋەر :
كى ، شاھ ھەرىمگە كىرىپتۇ شىرىن ،
بىر پىتنە بۇ يولدا ، بەلكى يوشۇرۇن .
بۇ سۆزدىن يۇرت ئەھلى قايغۇغا تولۇپ ،
ئەندىشە ئىچىدە غەزەپلىك بولۇپ ،
ئۈچ كۈن قاتراشتى ئۇ سارايغا خۇناپ ،
تۆتىنچى كۈن قۇياش چىققاندا پارلاپ ،
خۇسرەۋ ئۇلۇغلارنى ئەيلىدى قوبۇل ،
ھەر بىرىن بىر تەختكە لايىق كۆرۈپ ئۇل .
ۋە دېدى ئۇلارغا : « نەچچە كۈنكى ، بەس ،
شىرىننى كۆرمەي دىلىم ھېچ كۈلمەس . »
ھېچكىم سۆز قوشمىدى شاھنىڭ سۆزىگە ،
ھەممىسى تىكىلىپ قاراپ كۆزىگە .
پادىشاھتىن ھەر بىر رەنجىگەن سىيما ،
ۋەزىرگە بىر ـ بىرلەپ قىلاتتى ئىما .
ۋەزىرمۇ دەسسىدى بىر قەدەم دادىل ،
خۇسرەۋگە دېدى ئۇ : « ئەي ، مەرد ئادىل ،
ياشلىق ئەييامىڭدىن بولدۇڭ شەھرىيار ،
ياخشىنى ، ياماننى ئاڭلىدىڭ بىسيار .
ئىشىتتىڭ جاھاننىڭ بار قىلمىشىنى ،
ئۆتكەن ئۇلۇغلار ھەم شاھلار ئىشىنى .
ئەمدى پاك نەسلىنى ئەيلىدىڭ ھارام ،
كەتتى ئۇلۇغۋارلىق ، كەتتى ياخشى نام .
ئاتا پاك بولسىمۇ ، ئانا بەدھۇنەر ،
بۇلاردىن بىلەمسەن قاي ئۇرۇق ئۇنەر ؟
ئەگىرىدىن راستلىقنى ئىزلەيدىكەن كىم ،
ھەقىقەت گەۋدىسىن يوشۇرماس كىيىم .
ناھەتكى ، يولۇقتى ساڭا بىر دىۋە ،
شەھرىيارغا بۇ ئىش ئۇزىدۇر نېمە ؟
ناھەتكى ، ئىراندىن تېپىلماي بىر يار ،
ئۇ بوپتۇ خۇسرەۋگە يېقىملىق دىلدار !
شىرىننى ھەرەمگە قىلمىغىل سەرۋەر ،
ئۇ قىلماس يولۇڭنى ئاۋات ، مۇنەۋۋەر .
ئەجدادلارنىڭ ئېيتقان پەندى شۇنچە دانا ،
ئۇلار ھېچ كۆرمىگەن بۇ خىلدا سەۋدا ! »
گەرچە كەسكىن شۇنچە ۋەزىرنىڭ گېپى ،
يوق ئىدى جاۋابقا شەھرىيار مەيلى .

شۇندا ۋەزىر دېدى جىم تۇرغان شاھقا :
« ئەتە بىز كېلۇرمىز يەنە بارگاھقا .
ئېنىق بىر جاۋابنى ئاڭلىساق ، شايەت ،
بۈگۈنكى سۆزىمىز سوزۇلدى غايەت . »
ئەتىسى تاڭ بىلەن ئويغىنىپ ئامان ،
ئىتائەت رەسمىنى ئەيلەشتى ئايان .
بىر ۋەزىر دېدى : « يوق جاۋاب بەرمەس شاھ . »
بىرى دەر : « ئەقلىدىن يىراق ئەمەس شاھ . »
ئۈچىنچىسى ئېيتار : « قالماس بۈگۈندىن ،
مۇناسىپ بىر جاۋاب ئالۇرمىز ئۇندىن . »
ۋەزىرلەر جەم بولۇپ مېڭىشتى چاققان ،
قەسىرگە كىرىشتى ئۇلار خىرامان .
ئۇلۇغلار جاي ـ جايىنى قىلغاندا ئەنجام ،
ئۇلاردىن قولىدا بىرى تۇتاتتى جام .
شۇ ئالتۇن كاسىنى ئەيلىشىپ كۆز ـ كۆز ،
ئۇلار ئولتۇرۇشتى چىقارماستىن سۆز .
كاسىگە قايىندىن قۇيۇپ ئىسسىق قان ،
ئورتىغا قويۇشتى ئۇنى ناگاھان .
بارچە ئۇ كاسىدىن ئۆرىۋالدى يۈز ،
بارچىدە قوزغالدى غۇلغۇلىلار تېز .
خۇسرەۋ تاشلىغاندا كاسىگە نىگاھ ،
بارچىسى قاراشتى ، نە دەيدۇ ، دەپ شاھ .
ئىرانلىق زاتلارغا شاھ قىلدى سوئال :
« نېمىشقا كاسە قان ، ئېيتىڭلار دەرھال ؟ »
ۋەزىر ئېيتتى دەرھال : « ناجىنىس قان بۇ ،
كۆرگەننى بەد مىجەز قىلغاي بۇ ئاغۇ . »
ۋەزىرنىڭ سۆزىدىن بولۇپ غەزەپناك ،
شاھ دېدى : « كاسىنى تېز قىلىڭىز پاك ! »
قاندىن تازىلاندى بۇ ئالتۇن كاسە ،
تۇپراق ھەم سۇ بىلەن يۇيۇلدى تازا .
پاكىز قىلىنغان كاسىگە شۇ تاپ ،
تولدۇرۇپ قۇيۇلدى قىرمىزى شاراب .
شارابقا سېپىلدى مۇشك ـ مۇئەتتەر ،
ئۇ قاچا قۇياشتەك بولدى جىلۋىگەر .
شۇندا شاھ ۋەزىرگە بىر سوئال قويدى :
« بۇ جام ئۆزگەردىمۇ ، ئەسلىچە قالدى ؟ »
ۋەزىر جاۋاب قىلدى : « ياشىسۇن شاھىم ،
تىنچلىقنى دۇنياغا ئورناتسۇن دائىم .

پەرمانىڭ دوزاخنى قىلدۇ بېھىش ،
ھاسىل ئەيلىگەيسەن يامانىدىن نىك ئىش . »
شۇندا خۇسرەۋ دېدى : « شېرىننى سىز ھەم
بىلدىڭىز قان رەڭلىك قاچىدەك بۇ دەم .
ئۇ بولدى قولۇمدا كاسەيى مەيگۇن ،
بۇيى ھەم ، رەڭگى ھەم قىلغۇدەك مەپتۇن .
مەيدىن ئاۋۋال شېرىن بولغاندا بەتنام ،
ئۇلۇغلاردىن كۆرمەي مەيلى ئېھتىرام . »
ھەممە ماختاپ ئاڭا ئېيتتى ئاپىرىن ،
كى ، « تاجۇ تەختىڭدىن ياشنىسۇن زېمىن !
ياخشىلىق قىلۇرسەن ھەممىشە ، ھەردەم ،
سەن كىمنى يۆلىسەڭ خۇدا يۆلەر ھەم .
ئۆزۈڭسەن شاھىمىز ، ھەم مەردان سەرۋەر ،
يەزدان سايىسسەن ، زېمىندا مەگەر . »

## شېرىننىڭ مەريەمنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە خۇسرەۋنىڭ شىروينى زىندانغا سالغانلىقى

شۇنداق قىپ گۈللىنىپ بارار ئىدى شاھ ،
ئەمدى قۇياش بولدى ئاي سۇپەت نىگاھ .
ئەمما قەيسەر قىزى دىلدار ، ئىدى ،
ھامان ئۇ ھەرەمنىڭ سەردارى ئىدى .
مەريەمدىن كۈنچىلىك ئېچرە چېكىپ دەرد ،
رەشكتىن چېھرىسى سۇلمىشتى پەقەت .
ئاقىۋەت مەريەمگە ئېچۈرۈپ ئوغۇ ،
ئۇ گۈزەل ئۆمرىنى قىلدى قاراڭغۇ .
بۇ ئىشتىن خەۋەردار يوق ئىدى ئەلدە ،
ئۇ تۇتۇپ تۇراتتى بۇ سىرنى دىلدا .
مەريەم ۋاپاتىغا تولغىنىدا يىل ،
شېرىن بولدى ئالتۇن ھەرەمگە داخىل .
ئۇن ئالتە يېشىغا يەتكەندە شىروي ،
ئوتتۇز ياشتەك ئىدى ئۇنىڭ قەددى ـ بوي .
ئوغلى قامىتىگە بېرىپ ئېتىبار ،
ئاتىسى چاقىرتتى نە ئۇستادكى بار .
شاھ ئەمرىن بېجىرىپ دىلدىن تۈن ۋە كۈن ،
ۋەزىر ئۇستاز ـــ باشچى بولغانتى پۈتۈن .
كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېلىپ ئىشىدىن ،
ۋەزىر ھال ئۇقتى ئۇ قۇتلۇق كىشىدىن .
شىروي ھۇزۇرىغا ھەر بىر كەلسە ئۇل ،
داۋاملىق كۆرەتتى ئويۇنغا مەشغۇل .
بىر دەپتەر كۆردى ئۇ شىروي يېنىدا ،
يېزىلمىش « كەلىلە » شەرھى ھەم ئۇندا .
باتۇر يىگىتنىڭ سول قولىدا شۇ چاغ ،
كېسىپ قۇرۇتۇلغان بىر بۆرە ئاياغ .
ئوڭدا بۇقا مۈڭگۈزىن تۇتۇپ تۇراتتى ،
ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە ئۇ ئۇراتتى .
غەمكىن بولدى ۋەزىر ئۇنىڭ ئىشىدىن ،
پايدىسىز ئويۇن ھەم پەس قىلمىشىدىن .
پالدا شۇم كۆرۈندى بۆرە پەنجىسى ،
قوتازنىڭ مۈڭگۈزى ، يىگىت نەغمىسى .
ئالەم سەۋداسىدىن ئۆكسىدى راسا ،
بۇ بەتبەخت نە قىلار ئاقىۋەت ، خۇدا ؟ !
ۋەزىرلەر قېشىغا كىرىپ شۇ سائەت ،
دېدى :« ئويۇن بىلەن بەندتۇر ئۇلۇغ زات . »
ئاندىن خۇسرەۋگە مەلۇمات قىلدى ،
خۇسرەۋ ھەم بۇ سىرنى دىلدا ساقلىدى .
پەرزەنت قىلمىشىدىن سارغىيىپ چېھرى ،
غەزەپتىن لەرزىگە كەلدى ۋۇجۇدى .
مۇنەججىم سۆزىنى ئەسلىگەن زامان ،
بولاتتى ئەلەمدىن يۈرەك ـ باغرى قان .
قايتا ـ قايتا دېدى : « ئەي ھىيلىگەر پەلەك ،
يول كۆرسەت بۇ يولدا سەن ماڭا تېزرەك ! »
ئۆتتى شاھلىقىغا يىگىرمە ئۈچ يىل ،
شىروي كامال تاپتى بەئەينى بىر پىل .
بۇندىن ئۇلۇغ شاھقا كۆپ خەتەر ئۇندى ،
دەيتتى : « ياش ئىدى ئۇ ، ئەمدى چوڭ بولدى » .
جەم قىلدى پىكرىنى بۇ شاھى جاھان ،
قارارى : شىروينىڭ ماكانى زىندان .
بەندى زىندان قىلدى سىگىلسىن قوشۇپ ،
سۇ ھەم قارا بولسۇن دەردلىرى توشۇپ .
كىم ئۆزىن ئۇنىڭغا تۇتسا يېقىن گەر ،
مەسلىھەت چېغى كىم دوست بولسا ئەگەر ،

ھەممىسىن زىندانغا سالدى يۇرت خانى ،
ئۈچ مىڭدىن ئاشتى ھەم مەھبۇسلار سانى .
بىر ـ بىرىدىن ئاجرىتىپ زىندان خانىسىدىن ،
ئايرىم ـ ئايرىم تۇتقىن قىلدى ھەممىسىن .
كىيىم ـ كېچەكلەردىن ، نازۇ نېمەتتىن ،
سوۋغاتلاردىن يەنە زىبۇ زىننەتتىن ،

ئاجرىتىپ ئارىغا ئادەم قويۇشتى ،
غۇلاملار بۇ ئىشتا تەييار تۇرۇشتى .
يوللىشىپ مەي بىلەن مۇغەننى بىسيار ،
تولدۇرۇپ قويىدى شاھ قەسرىگە دىنار .
ساز بىلەن تائاملار پاراۋان بولدى ،
قىرىق مەرد قورغانغا پاسىبان بولدى .

## خۇسرەۋنىڭ ۋىس قەسرىنى قورغانلىقى

دىلى بىر ، تىلى بىر ئۇل ئەھلى راستان
نەقلىدىن ھېكايەت قىلار بۇ داستان .
سۆزلەي ئۇ تەختتىن ، ئىسمى قەسرى ۋىس ،
ئۇنى بىنا قىلمىش بۇ خۇسرەۋ پەرۋىز .
ئۇنىڭ سەرمايىسى زەھھاكتىن ئىدى ،
ئاشۇ نائىنساب ، ناپاكتىن ئىدى .
دەۋران سۈرگەن چېغى باتۇر فەرىدۇن ،
مەردلىك نامى ئاڭا بولغانتى فۇزۇن .
دەماۋەند تېغىدا پاشايتتى بىر زات ،
ئۇنى شاھ ساقلايتتى ئەلدە ئېھتىيات .
جاھانغا پۇر كەتكەن ئۇل مەردىنىڭ نامى ،
يېتەتتى ھەر يۇرتقا ھۈنىرى كامى .
پۈتكەن چېغى بۇ دەم ھەشمەتلىك تەخت ،
ئۇندىن شاھ فەرىدۇن بولدى كۆپ خۇش بەخت .
جەھىنگە ئوتتۇزمىڭ دىرھەم بەردى شاھ
ۋە ئىككى سىرغا ھەم بىر ئالتۇن كۇلاھ .
بەجا ئېتىپ سارىغ ، ئامۇل سۆزىنى ،
جەننەت ماكان قىلدى مۈلكى يۈزىنى .
ئىرانىنى ئېراجغا تاپشۇرغان چېغى ،
نامىمۇ ئۇنداق زور ئەمەستى تېخى .
سەلتەنەت شانىنى قىلماققا فۇزۇن ،
ئۆزىدىن ئۈچ نەرسە قوشتى فەرىدۇن .
بىرى تەخت ، بىر شىر باشلىق چوقماق ،
بۇ ئالەم ئىچرە ئۇ يادىگار ھەر چاغ .
يەتتە كۆز گۆھەردۇر ئۈچىنچى بايلىق ،
ئادالەت بەلگىسى تەڭسىز ، چىرايلىق .
قالدى ئېراجدىنمۇ مۇشۇ ئۈچ نەرسە ،
مەنۇچېھر ئۇندىن بولدى خۇرسەندە .
كىمكى شادلىق تاجىن بېشىغا كىيدى ،
بىردىن يېگىلىقنى قوشۇپلا كەلدى .

نېكبەخت كەيخۇسرەۋگە كەلگەندە نۆۋەت ،
كۆپ ئاۋات بولدى بۇ تەختى سەلتەنەت .
شۇ يوسۇن يەتتىكى لۇخرەسپكە ،
ئۇندىن شۇنداق ئۆتتى ھەم گۇشەسپكە .
گۇشەسپ كۆرگەچ دېدى تەختنىڭ رەۋنىشىن :
« داۋام قىلدۇرماق لازىم ئۇلۇغلار ئىشىن . »
جامەسپكە دېدى : « ئېسىلزادە ، ئېيت ،
بۇ ئىشقا نېمىنى قوشاي شاھلىق پەيت ؟
بىرمۇ بىر كۆر، نېمە قوشمىقىڭ مۇمكىن ،
چىقارسۇن ئۇ داڭقىن ، سەلتەنەت كۆركىن ! »
جامەسپ ئول تەختنى ئەيلەپ تاماشا ،
ئەتتى ئىلىم يولىدا خەزىنە بىنا .
ئۇندا ئەرشىئەلا تىمسالىن كۆرۈپ ،
نېمىنى قوشماقنى ھېسابلاپ تۇرۇپ ،
زېمىندىن ئايغىچە نە بولسا نەقىش ،
بۇ تەختكە ئۇلارنى ئەيلىدى ئۇ بەخش .
ئىسكەندەر دەۋرىگە يەتتى شۇ ئادەت ،
ھەر بىر شاھ بىر جۇلا قىلىپ ئىلتىپات .
قوشتى بىر يېگىلىق تەختكە چىقسا كىم ،
ئەقەللىي پىل سۆڭەك ، ئالتۇن ، كۇمۇش سىم .
ئىسكەندەر بۇ تەختنى چاناپ تاشلىدى ،
جاھىللىق بۇ ئىشقا ئۇنى باشلىدى .
نى شاھلار تۇتۇشتى بۇ تەختنى پىنھان ،
قولمۇ قول ئۆتكۈزۈپ ئەيلەپ ئەرمۇغان .
يەتكۈچە بۇ تەخت تا ئەردەشىرگە ھەم ،
بۇ تەختنىڭ تۆپەيلى ئارتقان ئىدى غەم .
نېمىنى ئارزۇ قىلسا تەخت ئەھلى ،
پەقەت ئارمان بىلەن قېپقالدى دىلى .
ئەلەمدە ئۆتتى ئۇ ، تەخت قالدى ئۇندىن ،
دەۋرانىنى باشقا بىر شاھ ئالدى ئۇندىن .

شۇ يوسۇن پەرۋىزگە ئۆتتى ئۇشبۇ تەخت ،
مۆتىۋەر ئۇنۋان كەسىپ ئەتمىشتى ئۇ تەخت .
ھەر يۇرتتىن چاقىرتىپ نەچچە ئاقساقال ،
شۇ تەخت توغرۇلۇق سۆزلەشتى ئەھۋال .
ئۇلاردىن توپلاپ تەخت پارچە ـ پارچىسىن ،
ئىزدەشتى بۇ تەختىن تىكلەش چارىسىن .
ئىرانلىق كۆپ زىرەك بىر ۋەلى ئادەم ،
ئەردەشىر تەختىنى پۈتتۈردى شۇ دەم .
ئۇ تەختكە شاھ تەختىن پەيۋەند قىلدى ئۇ ،
نە تەختكى ، شاھ بەختىن پەيۋەند قىلدى ئۇ .
زەرگەرلەر كېلىشتى رۇم بىلەن چىندىن ،
مۇكراندىن ، باغداتتىن ، يەنە ئىراندىن .
جەم بولدى بىرمىڭ بىر يۈز يىگىرمە ئۇستاد ،
ھەر بىرى بۇ تەختنى بىلەر ئىدى ياد .
كېلىشتى رۇم ، باغدات ، پارستىن ماھىر ،
ھەر ئۇستادنىڭ ئوتتۇز شاگىرتى ھازىر .
بۇيرۇدى ، شاھانە سۆز بېرىپ ئىلھام ،
ئىشنى ئىككى يىلدا قىلىشتى تامام .
ئاياغقا قويۇشتى ھەشەمەت تەختىن ،
جۇلالىق قىلىشتى بۇ تەختتە بەختىن .
قەددى بۇ تەختنىڭ ئىدى نەچچە گەز ،
پايەسىن ئۆلچەشكە غۇلاچمۇ يەتمەس .
يۈزيىگىرمە گەز ئىدى ھەم كەڭلىكى ،
قەددىدىن سەل قىسقا ئىدى تەڭلىكى .
ھەممە ئايدا ئوتتۇز كۈن تاڭ مەزگىلى ،
ئوخشىماس ئىدى سىپلىنغان گىلىمى .
يۈز قىرىق مىڭ ئىدى تىللا نەقىش ،
يەنە گۆھەردىن ئىدى زىننەت بەخش .
ھەممە مىخلار ساپ كۈمۈشتىن تەخ ئىدى ،
ۋەزنى ئاتمىش مىسقالدىن ھەم جىق ئىدى .
قۇياش خانەسىدىن چىققان ئاشۇ چاغ ،
ئارقى دەشت ، ئالدى ئىدى گۈلزارلىق باغ .
قۇياش كۆچ ئالغاندا ئارسلانسىمان ،
نۇرى تەخت ئۈستىگە چۈشەتتى شۇئان .
مېۋىزار باغ تامان قارار ئىدى ئۇ ،
خۇش بۇيىنى شۇمۇرۇپ ئالۇر ئىدى ئۇ .
قىش چېغى ـــ شاماللار ، يامغۇر ياغار دەم ،
ھېچ كىشى بۇ تەختتە چەكمەس ئىدى غەم .
ئۇنىڭدا تارتىلغان دەرپەردىلەر بار ،
كۈندۈزى سەۋسەردەك قىلار جىلۋىدار .
بار ئىدى مىڭ زەررۇ كۈمۈش چەۋگەن توپ ،
ئىللىق ئوت نۇرىدا جۇلالىيتتى خوپ .
ھەر بىرى بىر يۈز بەش مىسقالدىن ئىدى ،
رەڭگى ئوت مىسالى جىلۋە قىلاتتى .
يۇلتۇزلار سانىقى ئون ، ئىككى ، يەتتە ،
بۇرجىدا تولۇنئاي تۇرار خىلۋەتتە .
بىرىدە ھەرىكەت ، بىرى تۇرار جىم ،
بىرمۇ بىر كۆرەتتى ئۇنى مۇنەججىم :
قاي يۇلتۇز ئۆتتى ھەم قايسىسى زۆھرە ،
قانچە رەت ئايلاندى ئاسمان ـ يەر ئۆزرە .
بۇرجلاردىن نەچچىسى تىللادىن ئىدى ،
ئۇلارنى نەققاشلار شۇنداق ئورناتتى .
ھېچكىممۇ سانىغا يېتەلمەس ئىدى ،
دانالار بۇنى ھەل ئېتەلمەس ئىدى .
ئۇندىكى ئەڭ ئاددىي ھەر گۆھەركى بار ،
باھاسى ھېسابتا نەق يەتمىش دىنار .
كۆپ قىزىل گۆھەرلەر تەق ئىدى مۇندا ،
جاھان بازارىدا ئۇ تەنھا ، بىباھا .
ئۇندىن يورۇق ئالاتتى تۈن ئاسمان يۈزى ،
نۇر چاچقان مىسالى زۆھرە يۇلتۇزى .
ئۈچ تەخت تۇرار ئىدى تەختنىڭ يېنىدا ،
ئۇلار باشتىن ـ ئاياغ گۆھەر كانىدا .
ھەر تەختتە تۆت پايە تۇراتتى سەر خىل ،
ھەممىسى زەر ، گۆھەر نەقشىدە ئېسىل .
كىچىك تەختنىڭ مىشسار ئىدى نامى ،
ئويۇلغان ئۇنىڭغا بىر قوينىڭ بېشى .
چوڭ تەختنىڭ نامى ئىدى لاجۇۋەرد يەنە ،
كىر تەگمەس بۇ تەختتە نۇردىن تەنتەنە .
ئۈچىنچى ـــ فىرۇزە تەخت ئىدى تامام ،
كۆرگەن ھەر كىشىنى ئېتەر ئۆزگە رام .
دېھقان ھەم خىزمەتكار بولسا كىم ، ئەلۋەت ،
مىشسار تەختىدىن جاي ئالاتتى پەقەت .
كىم بولسا جەڭلەردە مەردۇ پەھلىۋان ،
لاجۇۋەرد گۈمبىزىن قىلاتتى ماكان .
فىرۇزە تەخت ئىدى ۋەزىر ئۈچۈن جاي ،
بېجىرگەي نە پەرمان بولسا ئۇزاقماي .
فىرۇزە تەختىدە تۇرغان بۇ ئادەم ،
ھەم دانا ـ ئەقىللىق ، باتۇر ـ پالۋان ھەم .

تەختكە تاشلانغان زەرباب بىر ماتا،
ئەللىك غۇلاچ چېغى كېلەتتى ھەتتا.
گۆھەردىن تىكىلگەن ئۇل جامە يىپى،
ئالتۇن پۆپۈكلەرنىڭ يوقتۇر تەرىپى.
ئۇندا ھاسىل ئىدى ئاسمان سۈرىتى،
ھۇرمۇزد، بەھرام، مېھر، كەيۋان سۈرىتى.
نامايەندۇر ئۇندا كېچە ھەم كۈندۈز،
ۋە ئايان ئىدىكى ئاي بىلەن يۇلتۇز.
ئۇ يەتتە ئىقلىمدىن ئۇيغۇن بىر ئەسەر،
مەيلى دېھقان بولسۇن ۋە رۇملۇق قەيسەر.
يەنە قىرىق سەككىزمىڭ شاھتىن نىشان بار،
تاجۇ تەختتە سۈرەت ئىدى جىلۋىدار.
شاھىنشاھلار نامى زەردە پۈتۈلگەن،
جاھاندا تەڭسىز نەقىش ــ نىگار ئېتىلگەن.
چىنلىق بىر ھۈنەرۋەن، دانا ۋە ئادىل،
تىككەن بۇ جامەنى راسا يەتتە يىل.
يېڭى يىل بېشىدا ھۇرمۇزد فەرۋەدىن،
كەلدى ئىران ئېلى تەختىگە يېقىن.
ئۇ شاھلىق لىباسىن كەلتۈردى شاھقا،
ئەگەشتى بارچە ئەل ئۇل قىبلىگاھقا.
نەۋرۇزدا سېلىشتى مۇشۇ جامەنى،
شادلىققا تولدۇرۇپ روھىي ھاۋانى.
ئۇل جامە ئۈستىدە مەجلىس قۇرۇلدى،
مەي ئىچىپ، كۈي ئاڭلاپ ئىشرەت سۈرۈلدى.
ئاپىرىنلەر ئېيتىپ سەركەش سازىغا،
شادلىق يەتكۈزۈشتى شاھ ئەلپازىغا.
سەردارلار چېچىشتى گۆھەر ۋە دىنار،
پادىشاھ شەۋكىتىن كۈيلىشىپ قاتار.

## ھاپىز باربەدنىڭ قىسسىسى

پەرۋىز يۇرت ئىشىدىن تۇتۇپ ئاگاھلىق،
يىگىرمە سەككىز يىل قىلدى ئۇ شاھلىق.
ھېچكىم كۆرمىدى ئۇندىن كارى بەد،
خەۋەردار ئىدى شاھ قەسىردىن بار بەد.
ئۇنىڭغا دېيىشتى: «ئۇ شاھى جاھان،
يىتۈك ھاپىزلاردىن قىلۇر ئىمتىھان.
سارايدا شاھ سازىڭ ئاڭلىسا ئەگەر،
سازچىلار ئۈستىگە تەيىنلەر سەرۋەر.»
گەرچە موھتاجلىقى يوق ئۇنىڭ بىراق،
بىر ھېرىس بەخش ئەتتى ئاڭا ئىشتىياق.
مۈلكىدىن تېز يەتتى شاھ قەسىرسېرى،
ئاڭا ئايان بولدى ھاپىزلار بارى.
ئاڭلىغاچ بۇ خىلدا خەۋەرنى سەركەش،
مۇسىبەت ئىچىدە چېكەر ئىدى غەش.
دەرۋازا ئالدىغا كەلدى تېز يېتىپ،
دەربانغا قانچە كۆپ دىنار سەرپ ئېتىپ،
دېدىكى: «كەلمىش بىر ھاپىز ناۋا ساز،
سەنئەت بابىدا ئۇ بارچىدىن مۇمتاز.
كىرگۈزمە ئۇنى سەن خۇسرەۋ قېشىغا،
غەم سالما مەندەك بىر نامدار بېشىغا.»
سەركەش سۆزىن ئاڭلاپ شاھنىڭ دەربانى،
توستى ئۇ دەرھاللا ھاپىز يولىنى.
باربەد دەربان تامان يېقىن كەلسە ھەم،
ئىش يۈرۈشمىدى كۆپ يالۋۇرسا ھەم.
ئۈمىدسىز قالدى ئۇ ئىستەك يولىدا،
ماڭدى شاھ بېغىغا سازى قولىدا.
باغۋەن ئىدى ئۇندا مەردوي دېگەن زات،
ئۇنى كۆرگەن زامان باربەد بولدى شاد.
شاھ باغقا كېلەر ھەر نەۋرۇز چېغىدا،
ئون تۆت كۈن بەزم ئېتەر باغ قۇچىقىدا.
مەردوي ھۇزۇرىغا باربەد تېز كەلدى،
كۆرۈشۈپ ئۇ بىلەن سۆزلىشىپ كۆردى:
دېدىكى: «ئەي مەردوي، مۆھتەرەم باغۋەن،
ئىرۇرسەن شۇ سائەت سەن جىسمىمدا جان.
ئەمدى سەندىن باردۇر شۇنداق ئىلتىماس،
بۇ ئىشتىن ئېتەرسەن سەن ئاسان خالاس.
جاھان شاھى باغقا قويغاندا قەدەم،
مەھرۇم قالماي ئۇنىڭ ۋەسلىدىن مەن ھەم،
ئاڭلايكى باغ ئارا شاھىمغا سۆزىن،
مەن كۆرەي پىنھانە بىر قېتىم يۈزىن.»
مەردوي دېدى: «قىلاي دېگىنىڭنى مەيلى،
كېچەي ئەندىشىدىن مېھرىڭ تۈپەيلى.
خۇسرەۋ مەيل قىلغاندا بىر كۈن سەيرى باغ،
گويا ياندى ھۆرمەت كۆڭلىدە چىراغ.

باربەدنى بۇ ئىشتىن ئاگاھ قىلدى تېز ،
دېدىكى خۇسرەۋ شاھ كەلگۈسى بۇ كەز .
باربەد لىباسىن بوياپ يېشىل رەڭ ،
ھەم تۇتۇپ قولىدا ئالتە تارلىق چاڭ .
كەلدى تېز خۇسرەۋنىڭ قارارگاھىغا ،
كۆكلەم مەنزىل ئىدى زېمىن شاھىغا .
بۇندا كۆپ ياپراقلىق سەرۋى بار ئىدى ،
جاڭگاللىق ، ئورماندەك جىلۋىدار ئىدى .
چىقتى سەرۋ ئۈچىغا ، قولىدا شەشتار ،
پىنھانە خىلۋەتتە ، سەزمەس شەھرىيار .
شاھقا جاي ھازىرلاپ قويغانىدا باغۋەن ،
ئايۋانغا سارايدىن چىقتى شاھ جاھان .
كەلدى مەي قۇيغىلى گۈزەل گۈلەندەم ،
قۇيۇلدى شەھرىيار ئالدىغا زەر جام .
جاھاندار سەنەمدىن ئالدى شارابنى ،
شۇ قەدەر سۈزۈك ئىدى ئىچكەن شارابى .
ئۈپۈقنىڭ چېھرىسى بولغان چېغى زەر ،
كۈن پېتىپ قارايغان چېغى ئاسمان ـ يەر .
سەرۋىدىن بىر نەغمە تارالدى گۈزەل ،
ئۈنىڭدا ئاڭلىنار ئىدى خۇش غەزەل .
سېھرىلىك ناۋانى شاھ ئاڭلاپ ناگاھ ،
ھەيرەتكە چۆمدى شۇ زامان قۇتلۇق شاھ .
مەيىن ئاۋاز بىلەن باشلاپ كۈيىنى ،
ھاپىز ئىزھار قىلدى كۆڭۈل ئويىنى .
بۇنىدىن لال بولۇشتى بىر مەھەل مەجلىس ،
ھەر كىمدە ھەر تۈرلۈك ئەندىشە ۋە ھېس .
بۇ ناۋا سەركەشنى ئەيلىدى ناخۇش ،
كۆرۈپ ئۆي ئىگىسىن ، ئۇ بولدى خامۇش .
پەقەت باربەد چالار بۇ خىلدا سازنى ،
پەھلەۋىي ئەۋجىگە قويۇپ ئاۋازنى .
بۇيرۇدى ئولتۇرغان نامدارلارغا شاھ :
« تېز قاراپ چىقىلسۇن ئۇشبۇ بەزمىگاھ . »
باغنىڭ ھەر يېقىنى ئىزدىشىپ مەخسۇس ،
خۇسرەۋنىڭ ئالدىغا قايتىشتى مەيۇس .
جاھانگەشتە سەركەش سۆزگە ئاچتى لەۋ ،
دېدى : « شاھ ، بەختىدىن ئەمەس بۇ ، ئەجەب ،
گۈل ۋە سەرۋمۇ غەننىي بولمىقى مۇمكىن . . .
تاجىڭ ئاۋات قىلسۇن بۇئالەم مۈلكىن ! »
يەنە قەدەھ تۇتتى ساقىي گۈلەندەم ،
شەھرىيار گۈزەلدىن ئالغان چېغى جام .
مۇترىب يېڭى كۈيگە سېلىپ سازنى ،
باشلىدى ئەڭ گۈزەل غەزەل ـ ناخشىنى .
نامى بۇ ئاھاڭنىڭ « پەيكارگۇرد » ئىدى ،
جەڭ ـ جېدەل ھالىتىن ئىپادىلەيتتى .
مۇغەننى كۈيىنى ئاڭلاپ شەھرىيار ،
ئېلىپ يېڭى زوقنى مەي ئىچتى قاتار .
بۇيرۇدى : « ئەمرىمنى بىجىرگىل ئىلدام ،
باغنى ئاختۇرۇڭلار قويماي بىر قەدەم . »
باغنىڭ ھەر يېرىنى ئاختۇرۇپ چىقتى ،
دەرەخلەر ئاستىغا چىراغ يېقىشتى .
جاھاندار ئۆل كۈيگە جور بولۇپ ھامان ،
ئىچەتتى مەي تولا رەڭگى ئەرغۇۋان .
كەلدى ساز ئاۋازى باشقا ئاھاڭدا ،
ئۆزگە تاۋلىنىشتا ، بۆلەك مۇقامدا .
كۆي نامىن « سەبزدەرسەبز » دەپ ئاتايتتى ؛
مەردلەرنى شۇنچە تېز ئۆزىگە تارتاتتى .
پەرۋىز ئاڭلىغان چاغ يېڭى ناۋانى ،
دېدى « تۇتۇڭ تېزرەك مەينىڭ جامىنى !
تۇتۇلدى جاملاردا ئىلدام ـ ئىلدام مەي ،
خېلىلا ئىچىلدى مەي ئانچە ئۆتمەي .
دېدى : « بۇ پەرىشتە بولسىدى ئەگەر ،
ئۈنىڭدىن كېلەتتى مۇشىك ئىلە ئەنبەر .
ئەگەر دىۋە بولسا ئىپتىماستى غەزەل ،
بۇ خىلدا سازنىمۇ چالماس مۇكەممەل .
بۇ باغنىڭ ھەر غېرىچ يېرىنى ئىزدەڭ ،
بۇ ئىشنى ئېنىقلاڭ ، سېلىپ ھەر يان زەڭ .
قوينى لىق تولغۇچە دۇر نىسار ئېتەي ،
بارچە ھاپىزلارغا باش سەردار قىلاي . »
ئاڭلىغاچ مۇغەننى پادىشاھ سۆزىن ،
ھەم كۆرۈپ ئۇ شاھنىڭ قامىتىن ، يۈزىن ،
ئېگىز بۇ سەرۋىدىن شۇ ھامان چۈشتى ،
شاھ تۇرغان ئورۇنغا يول ئېلىپ ئۆچتى .
كېلىپ شاھ ئالدىغا يەرنى سۆيگەن پەيت ،
ئاڭا خۇسرەۋ دېدى : « قانداق زاتسەن ئېيت ؟ »
باربەد جاۋاب قىلدى : « بىر خاكسارمەن ،
شاھىم نامىڭ بىلەن ئالەمدە بارمەن . »
ئاندىن نى كۆرگىنىن دەرۋازىدا ئۆل كۈن
بىر ـ بىر سۆزلەپ ، قىلدى دەردىگە يەكۈن .

ئۇنىڭ دىدارىدىن ياشناپ شەھرىيار ،
چېھرىسى گۈل يايدى مىسلى نەۋ باھار .
سەركەشكە دېدىكى : « ئايا بەد ھۇنەر ،
سەن تەمسىز كاۋىسەن ، بۇ بولسا شېكەر !
نېچۈك يىراق تۇتتۇڭ ئۇنى مەندىن ئېيت ،
سازىغا بەرمىدىڭ ئەنجۇمەندىن پەيت ؟ »
شاھ ئۇنىڭ كۈيىدىن يايراپ ئىچتى مەي ،
ئالدىدا ياقۇت جام تۇرار پەيمۇپەي .
شۇ ھالەت ياستۇققا باش قويغاندا ئۇل ،
جۇلالىق دۇر ئىچرە غەرق ئىدى پۈتكۈل .
مۇترىبلار شاھى دەپ تەيىن قىلىندى ،
شۆھرىتى كۈن ساناپ ھەر يان يېيىلدى .


شۇ ئىرۇر مۇغەننى باربەد قىسسىسى ،
ياخشىلىق كەلتۇرگەي قىسسە ھېسسىسى .
ئۆمرۈمدە كۆپ كۆردۈم غۇلام ۋە سەردار ،
ئىستىكىم ئۇيقۇدىن بولماقلىق بىدار .
يەتكەندە ئاتمىش ئالتىگە يېشىڭ ،
خۇش كۆرمەس قېرىلىق يۈكىنى بېشىڭ .
ئاخىرلاپ بارماقتا بۇ كاتتا مەكتۇپ ،
سۆزۈم ئالەم ئىچرە بوپ قالۇر مەھبۇب .
شۇ چاغدا ئۆلمەسمەن ، قالۇرمەن ھايات ،
سەپتىم سۆز ئۇرۇقىدىن قىلىپ شجائەت .
كىمنىڭدۇر بار بولسا زېھنى ، ئەقلى ، دىنى ،
ئالەمدە ئۆتسەم ھەم دەيدۇ ئاپىرىن .

## خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى ھەققىدە سۆز

شاھ دەپتىرىن بىر ــ بىر ئوقۇغان ئادەم ،
كۆكۈل باغلىماس ھېچ ئالەمگە بىر دەم .
ئەرزىيدۇ بىر داستان بۇندىن ئەتسەم زىكىر ،
دانالىق بەخش ئېتەر مۇندا ھەر پىكىر .
بولمىغىل ئالەمدە جاھان قەيسىرى ،
ئۇنىڭ شېكىرىدىن كۆپتۇر زەھىرى .
بۇ پانىي دۇنيا بىر ئۆتەڭگۈ ساراي ،
سەن قېرىپ ، ئورنۇڭدا ياشلار تۇتار جاي .
بىرى كەلگىنىدە يەنە بىرى كېتەر ،
تەقدىر شۇنداق ، كىممۇ ئاڭا چارە ئېتەر .
ئۆلۈمنىڭ ناغرىسى سادا بەرگەن چاغ ،
مەيلى شىر ، مەيلى پىل غەرق قىلار تۇپراق .
پەرۋىزدىن مەن ئېيتاي ئەجەب ھېكايەت ،
بۇنى ئاڭلاپ دىلدا ساقلىساڭ ، شايەت .
بۇ قەدەر دانىشمەن ، ئۇلۇغۋار شاھنى ،
مۇلۇكدار ، تاجىدار ، پەخرى سىپاھنى .
باشقا تاپمىغايسەن بۇ جاھان ئىچرە ،
نە دانا نەقلىيۇ نە داستان ئىچرە .
تۇراندىن ، ھىندىدىن ، رۇمدىن يا چىندىن ،
ئاۋاتلىق قاپلىغان ھەر بىر زېمىندىن .
باج ئېقىپ كېلۇر شاھ خەزنىگە ھامان ،
مەيلى تۈن ۋە كۈندۈز تىنماي ھەر زامان .
تۇرار ھەر ئىشىدا نەچچە چاكىرى ،

خەزنىدە خىلمۇخىل ياقۇت ، گۆھىرى .
دىنار ھەم دۇرلىرى ساناقسىز ئىدى ،
زامانە ئىچرە شاھ ئۆزى تاق ئىدى .
شۇڭقار ، بۈركۈت ، شىر ۋە يولۋاسلار ،
ھەتتا سۇ ئىچرە يۈرگەن لەھەڭلەر ،
بارى بويسۇناتتى شاھ پەرمانىغا ،
قۇياشتەك روشەنلىك سېلىپ جانىغا .
ئەرۇس گەنجى ئىدى بىر يان تۇرغىنى ،
ھىندى ، چىن ، بەرتاس ھەم رۇستىن ئالغىنى .
بىر گەنجىن بادەۋار گەنجى دېيىشتى ،
ھېسابىن قىلالماي ھەيران قېلىشتى .
باشقا گەنج نامىنى ئاڭلىساڭ ئەگەر ،
خۇسرەۋلەر شۆھرىتى بولغاي جىلۋىگەر .
ئەفراسىياپ ئىدى بىر خەزنە نامى ،
يوق ئىدى مۇنداق گەنج يەردە تامامى .
گەنجى نۇر ئاتالغاي باشقا گەنج ئىسمى ،
دۆلەتنى يورۇتقان ئۇنىڭ تىلسىمى .
يەنە دۇر گەنجىنىڭ يوق ئىدى ھەددى ،
بىر ئوقىنىڭ يولىدەك كېلەتتى قەددى .
نامىنى ئاقىللار ئېيتاتتى كۆكرەك ،
ھېسابى ئالدىدا دانىشمەنلەر تاڭ .
جەم بولۇپ مۇغەننى ئەل ئېھتىرامى ،
بۈيۈك تەخت ئاتىلار بىر خەزنە نامى .

ئۇستاد ھاپىز ئىدى سەركەش ۋە باربەد ،
ئۇلارنىڭ بازارى بىلمەس ئىدى ھەد .
ئالتۇندەك قەسرىدە ئون ئىككى مىڭ قىز ،
باھاردەك گۈلچېھرە نازىنىن كېنىز .
ئىككى مىڭ ئىككى يۈز پىلى بار ئىدى ،
توپلىشىپ ماڭغاندا زېمىن تار ئىدى .
يەنە جەڭ ئاتلىرى ئون ئىككى مىڭ نەق ،
كىرمەس ئىككى يۈز ئات بۇ سانغا مۇتلەق .
ئون ئىككى مىڭ تۆگە ئىدى كارۋانى ،
ئالتە يۈز ئاتمىش ئالتە ئىدى سەربانى .
مۇنداق باي دۆلەتنى كۆرمىگەن ئالەم ،
ئۆتمۈش ، ھېچ تارىختا يازمىغان ئادەم .
شۇندا شاھ خىزمەتكار دەستىدىن بىر كۈن ،
ئۆلدىغۇ ، ئالەمگە ھېرىس قويماق نېچۈن ؟
زەخمەتسىز بىر ئىشتىن تاپقىن سەن نىجات ،
تاپقىن ئادالەتتىن رەھمەتۇ ساۋاب .
ياخشى ھەم يامانمۇ جاھاندىن ئۆتەر ،
تەگرى ھەر ئىشىمىز ساناقتا تۇتار .
ئەگەر تەخت تاپساڭ ھەم تاپساڭ تاجۇ گەنج ،
ھەر كۈننى ئۆتكۈزسەڭ تارتىپ زەخمەت ــ رەنج ،
ئاقىۋەت جايىڭدۇر كېسەك ھەم تۇپراق ،
كېرەكتۇر ياخشىلىق قىلمىقىڭ كۆپرەك .



# «شاھنامە» نىڭ خاتىمىسى

ئۆمرۈم ئۆتكەن چىغى ئاتمىشتىن بەش يىل ،
رەنجۇ دەرد يۇكىدىن پۈكلەنگەندە بەل ،
شاھلار تارىخىغا ئۇردۇم قەلەمنى ،
بۇ يولدا ئۇنتۇلدۇم بارچە ئەلەمنى .
يېزىپ كۆرمەك بولدى كۆپ دانالار ھەم ،
ئەمما بۇ ئىشقا ئالدى كەم دىرھەم .
ئەھۋالدا ئۇلاردىن خارابراق ئىدىم ،
بايلارغا نىسبەتەن گادايراق ئىدىم .
ئۇلاردىن تەھسىنلەر ئاڭلىسامۇ كۆپ ،
لېك زەھرۇ قەھرىدىن ئازاب تارتتىم خوپ .
ئۇلار روشەن دىلنى خەستە قىلىشتى ،
ھەسەت تىغى بىلەن باغرىم تىلىشتى .
كەمبەغەللىك ئىدى دەردىمنىڭ نامى ،
دىۋانە ئەلىگە ئوخشاپ سۈپىتى .
مەن ئۇنىڭ مەردلىكىن ئاڭلاپ شۇئاندا ،
مېھرۇ شەپقەت تاپتىم ئۇشبۇ جاھاندا .
قۇتەيبە ئوغلىدۇر ، ھۈسەيىن نامى ،
ئۇ ماڭا تەقدىرنىڭ ئۇلۇغ ئىنئامى .
تامىقىم ، لىباسىم ، خىراجىم ھەم شۇندىن ،
پەرۋاز قىلماق بولسام ، پەرىم ھەم شۇندىن .
ئۇ مېنى قۇتقۇزدى سىلىق ۋە باجدىن .
قۇتقۇزدى موھتاجلىق ھەر ئېھتىياجدىن .
ئۆمرۈم يەتمىش بىرگە قويغاندا قەدەم ،
شېئىرىم داڭقى بىلەن قاپلاندى ئالەم .
تارتتىم ئوتتۇز بەش يىل بۇ ئىشنىڭ رەنجىن ،
ئۈمىد قىلىپ شاھنىڭ مۇرۇۋۋەت گەنجىن .
لېك ، بارچە ئۈمىدىم قىلىندى بەرباد ،
ئوتتۇزبەش زەخمەتنى ئۇ قىلمىدى ياد .
ۋاقتىكى ، سەكسەنگە يەتكەندە يېشىم ،
قانچە زەخمەتلەرنى كۆردى بۇ بېشىم .
ئىسفەندەرمۇز ئېيى ، خۇددى ئىرد كۈنى ،
كۆرۈندى ئەسەرنىڭ ئاخىر يەكۈنى .
ھىجرەتتىن ئۆتكەندە تۆت يۈزىنچى يىل ،
ئاخىرقى نۇقتىنى قويدۇم بۇ ئگا ، بىل . . .
نەچچە تارىخلاردىن قىلدىم ھېكايەت ،
ئاۋازىم زېمىنغا تارالدى غايەت .
مەن ئەسلا ئۆلمەسمەن ، مەڭگۈ ياشارمەن ،
ئېيتقان ھەر سۆزۈمدە قايتا ياشنارمەن .
ئىنساب ھەم ئېتىقاد كىمگە بولسا يار ،
ماڭا تەھسىن ئوقۇپ ، قىلار بەختىيار .



# مەھمۇد غەزنەۋىگە ھەجۋى

## ( پارچە )

كىشۋەرلەر فاتىھى مەھمۇد پادىشاھ ،
مەندىن قورقماس بولساڭ ، خۇدا بار ، خۇدا ،
ئوتتۇز يىل مېھنەت ھەم زەخمەتتە قالدىم ،
پارسىتا ئەجەمنى تىرىلدۈرەلىدىم .
سۆزۈمدىن جەننەتتەك بېزەندى جاھان ،
مەندىن ئاۋۋال مۇنداق كىم يازالىغان ؟
نامەگە بىرەرمۇ تاشلىماي نىگاھ ،
ئىغۋاگەرگە قۇلاق سالدىڭمۇ ، گۇمران .
شېئىرىمنى پەسەيتمەك ئۇلارنىڭ ئىشى ،
پەلەكتىن ياخشىلىق كۆرمەس ئۇل كىشى .
شۇمىدى ۋەدىلەر ، شۇنداقمىدى دىت ،
شۇمىدى بۇ جاھان شاھىدىن ئۈمىد ؟
ئىغۋاگەر كۆرمىسۇن ياخشىلىق يۈزىن ،
يامانغا بۇيرۇپتۇ ياخشىلىق سۆزىن .
شاھقا كۆرسىتىشتى تۇرقۇمنى خۇنۇك ،
يالقۇنلۇق چوغۇمنى كۆمۈردەك سوغۇق .
جاھاندار بولمىسا مۇنچىلىك خەسىس ،
مېنى ھەيدىمەيتتى تەختىدىن ھەرگىز .
مەملىكەت بېشىغا خەسىس چىقمىسۇن ،
مەردلەرگە خەسىسلىك ئەسلا يۇقمىسۇن .
شاھتىن كۆپ يىراقتا دانالىق بەختى ،
بولمىسا جايىم بولۇر ئىدى شاھ تەختى .
ئەجدادى تاجدار بولمىغان پادىشاھ ،
تاجدار ئىشلىرىن قىلالماس ئەسلا .
شاھلاردىن بولسىدى بۇ شاھقا پەدەر ،
كىيگۈزگەن بولاتتى ماڭا تاجۇ زەر .
مۇبادا ئانىسى بولسىدى خاندان ،
تىللاغا كۆمەتتى مېنى بىگۇمان .
ئۇلۇغلار زاتىدىن بولمىغاچ بۇ شاھ ،
ئۇلۇغلار نامىدىن دىلى بولدى سىياھ .
« شاھنامە » دەپ چەكتىم ئوتتۇز يىللىق رەنج ،
شاھىمدىن كۈتەتتىم ئاڭا لايىق گەنج .
قالۇر دەپ جاھاندا نامىم بىنىياز ،
ئۇلۇغلار قاتارى قىلىپ سەرەفراز ،
ھەققىمگە خەزىنە ئىشكىن ئېچىپ ،
قېتىق پۇلى بەردى ماڭا گەنج چېچىپ .
قېتىق پۇلى بوپتۇ مېنىڭ قىممىتىم ،
يولغا قېتىق ئالدىم كېتەر سائىتىم .
قورقۇتتۇڭ : « ئۇستىڭگە دەسسىسۇن دەپ پىل ،
تېنىدىن چىقسۇن قان دېدىڭ مىسلى نىل ! »
دىلىم پاك بولغاچقا بۇندىن قورقمىدىم ،
نەبى خۇدا يولى مېنىڭ تۇتقىنىم .
ئەگەر شاھ مەھمۇد بىلمىسە بۇنى ،
ئەقىل بىر كېپەككە تەڭ قىلماس ئۇنى .
تېگى پەس ئالەمدىن پەسلىكتە ئۆتەر ،
ئانىسى پادىشاھ بولسام ھەم ئەگەر .
ئۇنىڭ پەسلىكىدىن سۆز ئاچسام ناگان ،
سۆزلىرىم بىر دەريا بولۇر شۇ ھامان .
ئەرزىمەس كىشىگە قىلىپ ئەقىدە ،
ئۇندىن ياخشىلىقلار كۈتمەك بىھۇدە .
بىر كالۋا ئۆچىنى چىقارماق دېمەك ،
قويندىن بىر يىلان ئويغاتماق دېمەك .
ئاچچىق بىر مېۋىلىك دەرەخنى ئەگەر ،
جەننەتكە كۆچۈرسەڭ نە ئۈنۈم بېرەر ؟
كەۋسەردىن سۇ ئىچسەڭ چاڭقىغان مەھەل ،
مەيلىدى سۇ ئەمەس ، گەر بەرسە ھەسەل .
كىم ئۆتسە ئەتىرچى يېنىدىن شۇل دەم ،
ئەتىر ھىدى كىيلەر چاپىنىدىن ھەم .
كۆمۈرچى يېنىدىن ئۆتسەڭ مۇبادا ،
يۇقىنى ھېچقاچان ئاق ئەمەس قارا .
زاتى پەسلەرگە ھېچ ئۈمىد باغلىما ،
قارا تۈن ئاقارماس ، دىلنى داغلىما .
جاھانگىرنىڭ نامى گەر بولغاندا پاك ،
بىلىمدانلار دىلى بولماس ئىدى چاك .
رەنجىگەن شائىر ھەجۋ ياراتسا ئەگەر ،
ياڭرار ئۇ قىيامەت كۈنىگە قەدەر .

# لۇغەت

## ئا

ئاتەشكە — ئاتەشپەرەسلەرنىڭ ئىبادەتخانىسى .
ئاج — پىل چىشى .
ئاشۇفتە — پەرىشان ، پاراكەندە .
ئالەت — قورال .
ئاۋستا — ئاتەشپەرەسلەرنىڭ مۇقەددەس دىنىي كىتابى .

## ئە

ئەرجەمەند — قەدىرلىك .
ئەرغۇۋان — گۈلى قىزىل ئېچىلىدىغان بىر خىل دەرەخ ؛
ئەرمايىل ( ئەزمايىل ) — ئىران
دىماۋەند ۋىلايىتى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەپسانىۋى ئەجدادلىرىدىن بىرى .
ئەرمۇغان — ھەدىيە ، بېغىشلىما.
ئەرۋەنرۇد — دەجلە دەرياسى ( رۇد — دەريا ، ئېقىن ).
ئەسىز — يامانلىق .
ئەفسۇردە — مۇراد .
ئەنجام — ئاقىۋەت .
ئەنجۇمەند — ئولتۇرۇش ، كېڭەش ، سۆھبەت .
ئەندۇھ — قايغۇ .

ئەھرەمەن — بۇ ئىسىم ئاھۇرمەن شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ . ئىران ئەپسانىلىرىدە قاراڭغۇلۇق ، يالغانچىلىق ، زۇلۇم ۋە يامانلىق ئىلاھى . دۇئالىستىك پەلسەپىگە ئىگە بولغان ئىرانلىقلارنىڭ ئاتەشپەرەسلىك دىنىي ئەقىدىلىرىگە ئاساسەن دۇنيانى ياراتقۇچى ۋە ئىدارە قىلغۇچى كۈچى ئىككى : بىرى ، ياخشىلىق ، نۇر ۋە يورۇقلۇق خۇداسى ئاخۇرمەزدە ( ھۇرمۇزد ) ؛ يەنە بىرى ، ئەھرەمەن « شاھنامە » دە بۇ ئىككى كۈچنىڭ كۈرىشى ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئامىل . ئادەملەر ئۆز مىجەزى ۋە ئەسلى نەسەبىگە قاراپ يا ئۇ ، يا بۇ كۈچكە ياردەم بېرىدۇ .

ئەھۋاز — ھازىرقى ئىراننىڭ جەنۇبىي غەربىي تەرىپىدىكى قارۇن دەرياسى ساھىلىدىكى شەھەر . « شاھنامە » دە ئىراننىڭ چېگرىسى مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ .

## ب

باد — شامال .

باره — قېتىم .
باز — يەنە ؛ لاچىن .
باشماق — بۇرۇنقىلار كىيىدىغان بىر خىل كەش .
بەدەخشان — پەنج دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىكى تاغلىق يەرلەر . بەدەخشان قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ ئېسىل ياقۇت ۋە قىممەت باھا ئۈنچە - مەرۋايىتلىرى بىلەن مەشھۇر .
بەربەت — سەككىز تارلىق قەدىمىي چالغۇ ئەسۋاب .
بەرمان — تۇران باھادىرى .
بەسىر — يىراقنى كۆرگۈچى .
بەلخ — ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمىي شەھەرلىرىدىن بىرى . شۇنىڭدەك قەدىمىي مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان .
بەھرام — باتۇر ، پالۋان .
بەھس — مۇھاكىمە .
بۇنا — لەشكەر كەينىدىن ماڭىدىغان يۈك كارۋىنى .
بۇنياد — ئاساس ، ئۇل .
بېھىستۇن ( بىسۇتۇن ) — تۈۋرۈكسىز دېگەن مەنىدە . هازىرقى ئىراننىڭ كىرمانشاھ شەھىرى يېنىدىكى تاغ قىياسى . بۇ يوغان تىك قىيا تاشتا قەدىم ئىران شاھلىرىدىن دارىي I ئويدۇرغان قەدىمىي پارس يېزىقلىرى بار . بۇ سۆز قەدىمكى پارسچىدا خۇدالار ماكانى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .
بىباك — پەرۋاسىز ، قورقمايدىغان .

## پ

پاداش — مۇكاپات .
پاسىبان — قاراۋۇل ، كۆزەتكۈچى .
پەرسا — زەردۇشت دىنىي مۇخلىسى ، ئاتەشپەرەس .
پەرسەڭ — يەر ئۆلچىمى ، تەخمىنەن يەتتە - سەككىز كىلومېترغا توغرا كېلىدۇ .
پەرۋىن — ئۈركەر .
پەشەڭ — تۇران شاھلىرىنىڭ ئەجدادى . گەر سېۋەز ۋە ئەفراسىياپلارنىڭ ئاتىسى .
پەلەڭ — يولۋاس .
پىران — تۇران باھادىرلىرىنىڭ باشلىقى .
پىلسام — تۇران باھادىرى . پىراننىڭ بۇرادىرى .

## ت

تابناك — كۈچلۈك .
تەباك — چىرىك ، چۈشكۈن .
تەبدىل — باشقا تۈسكە كىرگۈزمەك .
تەراز — قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھىرى . قىزلىرىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن مەشھۇر بولغان .

تەرياك ــ زەھەر قايتۇرغۇچى دورا .

تەلقان ( تەلىقان ) ــ قەدىمكى مەرغىياندىكى مەرۋ ۋىلايىتى ياكى غەربىي ئىراندىكى قەزۋىن يېنىدىكى بىر شەھەر .

تەك ــ تار .

تەھەمتەن ــ قەدىمىي پارس تىلىدا قۇدرەتلىك ، باتۇر دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . رۇستەمنىڭ ئاساسلىق لەقەبلىرىدىن بىرى .

تەۋق ــ مارجان ، مۇنچاق .

تېرمەد ــ تېرمىز شەھىرى شۇنداق ئاتالغان ( يىراق ، ئاخىرى دېگەن مەنىدە ) . ئۇ يەردە جەيھۇن ( ئامۇ ) دەرياسىدىن ئۆتىدىغان كېچىك بار .

تىرەندار ــ مەرگەن .

## ج

جەمشىد ــ پېشدادىيلار سۇلالىسىنىڭ 4 ـ پادشاھى . ئۇنىڭ ئىسمى جەم ۋە شىد سۆزلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، جەم ــ ئادەم ئىسمى ، شىد بولسا نۇر دېگەن سۆز .

جەۋانمەرد ــ مەرد يىگىت .

## چ

چاچ ــ شاش ــ تاشكەنتنىڭ قەدىمكى نامى .

چاھ ــ قۇدۇق .

چىندان ــ قاتتىق ياغاچلىق بىر خىل دەرەخ .

## خ

خام ــ قەلەم .

خەدەك ــ يا ئوقى .

خەرۋار ــ بىر ئېشەكلىك يۈك .

خەم ــ ئەگرى .

خوجەن ــ شىنجاڭدىكى بىر شەھەر .

خورداد ــ ئىرانلىقلارنىڭ قۇياش كالېندارىدا 3 ـ ئاي ( 21 ـ مايدىن 20 ـ ئىيۇن ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ ) . يەنە ھەر بىر ئاينىڭ 6 ـ كۈنىمۇ خورداد دېيىلىدۇ .

خۇررەمبەھار ــ شەھەر نامى . ھازىرقى قايسى شەھەرلىكى نامەلۇم .

## د

داغۇي ــ « شاھنامە » دە داغۇي دەشتى شىكارگاھ دەپ چۈشەندۈرۈلگەن . ھازىر بۇ يەرنىڭ قەيەردىلىكى نامەلۇم .

داۋۇل ــ ئوۋچىلار ياكى ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان بىر خىل ناغرا .

دايه — بالا باققۇچى .
دەبىر — كاتىپ .
دەددار — خائىن .
دەراز — ئۇزۇن .
دەرەخشان — پارلاق ، يالتىراق .
دەربان — ئىشىكباقار ، دەرۋازىۋەن .
دەرىي — تاجىك تىلىنىڭ قەدىمىي ئاتىلىشى .
دەۋ — تېز يۈگۈرگۈچى .
دىبا — نەپىس يىپەك رەخت .
دىھستان — كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان زېمىن .

## ر

راز — سىر .
رەخش — تۇلپار .
رەزم — ئۇرۇش ، جەڭ .
رۇستەم — زالنىڭ ئوغلى . « شاھنامە » دىكى ئاساسلىق ئەپسانىۋى قەھرىمان . فىردەۋسى ئۇنىڭ نامىنى « شاھنامە » دە « پىھرۇستەم » ( قۇتۇلدۇم ) دەپ ئىزاھلىغان . ئانىسى رۇدابە ئۇنى تۇغقاندا ، ئۇنىڭ تۇنجى قىلغان سۆزى « پىھرۇستەم » ( قۇتۇلدۇم ) بولغان ۋە بۇ رۇستەمگە ئىسىم بولۇپ قالغان . « ئاۋېستا » دا بۇ سۆز قۇدرەتلىك ، باھادىر دېگەن مەنىدە شەرھلەنگەن .
رۇم — قىزانتىيە ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ كىچىك ئاسىيادىكى يەرلىرى . كىچىك ئاسىيا .
رىكاب — ئۈزەڭگە .

## ز

زابۇل ( زابۇلىستان ) — « شاھنامە » دە سىيىستان ھاكىملىرىنىڭ يەرلىرى . تەخمىنەن ھازىرقى بەلخ ۋىلايىتىگە توغرا كېلىدۇ . قەدىمىي تارىخنامىلەردىكى « باكتېرىيە » بىلەن بىر دەپ قاراشقا بولىدۇ .
زاراستىر — ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىكى ئوت ئىلاھى نەزەردە تۇتۇلىدۇ .
زەبۇن — كۈچسىز ، زەئىپ ، مەغلۇپ .
زەققۇم — زەھەر .
زەند — ئاتەشپەرەسلەرنىڭ دىنىي كىتابى .
زەھھاك — زەھھاك دېگەن ئىسىم « ئاۋېستا » كىتابىدىكى ئاجى دەھھاك — ئەجدىھا دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان . قەدىمكى ئەپسانىلەردە ئەجدىھا ئاسماندىن بالا ـ قازا ياغدۇرغۇچى قارا بۇلۇت . بۇ قارا ئەجدىھا قۇياشنىڭ نۇرىدىن يېڭىلىدۇ . زەھھاك ئىران ئەپسانىلىرىدە ئەھرىمەن ئەۋلادى دەپ قارىلىدۇ . ئۇ ئەرەبلەر نەسلىنى باشلاپ كەلگەن توز ئەجدادلىرىدىن ئىبارەت . توز ئەجدادلىرى بولسا كەيۇمەرسكە باغلىنىدۇ . « شاھنامە » دە زەھھاك ئەرەبىستاندىن ( تۇزلار زېمىنىدىن ) كېلىپ جەمشىد تەختىنى بېسىۋالغان ۋە مىڭ يىل پادىشاھلىق قىلغان . ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى — ئىرانلار ئەپسانىۋى تارىخىدا ئەڭ زۇلمەتلىك ، زالىملىق ئەۋجىگە چىققان ، ئادالەت دەپسەندە بولغان ، ئەھرىمەن ئادەملەر نەسلىنى تۈگىتىشكە ئۇرۇنغان ۋە

ئىبلىس ئارقىلىق بۇ مۇدھىش نىيىتىنى قىسمەن ئىشقا ئاشۇرۇشقا باشلىغان دەۋر . زەھھاك ئوبرازى ـــ ئىران ئەدەبىياتىدا زۇلۇم ۋە ئىستىبدات ، ئادالەتسىزلىك مىسالى بولۇپ قالغان .
زەيل ـــ تاغ ئېتىكى ، ئوتكۈر .
زۇد ـــ تېز .
زۇرياد ـــ تۇغۇلما بەدەن بەلگىسى .
زىج ـــ ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل ، يۇلتۇز ئاتلىسى .
زىرە ـــ ساۋۇت .

## س

ساك ـــ تاش .
ساھىب ـــ ئىگىسى ، خوجايىنى .
ساھىر ـــ سېھرىگەر .
سەدە ـــ ئاتەشپەرەسلەر بايرىمى . ئۇ ئىران قۇياش كالېندارىنىڭ 11 ـ ئېيى بەھمەننىڭ ئونىنچى كۈنى ( بىرىنچى 20 ـ يانۋار ) دە ئۆتكۈزۈلگەن .
سەراسەر ـــ باشتىن ـ ئاياغ .
سەرباز ـــ ئەسكەر ، چېرىك .
سەربان ـــ كارۋان بېشى .
سەربەسەر ـــ باشتىن ـ ئاياغ .
سەرھەد ـــ چېگرا ، مەملىكەت .
سەفىد ـــ ئاق ، ئاق رەڭلىك .
سەگسارى ـــ « شاھنامە » دىكى دىۋىلەر يۇرتى .
سەلاھ ـــ ياخشى پىكىرلىك .
سەمەنگان ـــ ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان قەدىمىي شەھەر .
سەيد ـــ ئوۋ ، ئوۋ قىلىنىدىغان جانىۋار .
سەيىد ـــ خوجا ، ئىگە ؛ يولباشچى .
سۇغدىيانە ( سۇغد ) ـــ قەدىمكى سەمەرقەنت ئۆلكىسى .
سۇرمەند ـــ نەپ ، پايدا .
سىپەھرەم ـــ تۇران ، لەشكەرباشلىرىدىن بىرى . ئەفراسىياپنىڭ بۇرادىرى .
سىنائەت ـــ ئاجايىپ ئىش .
سىنە ـــ يۈرەك ، كۆكرەك .

## ش

شادە ـــ توپ ـ توپ .
شەبخۇن ـــ كەچكى ھۇجۇم .
شەبىستان ـــ ئىچكى ھەرەم ، ھۇجرا .
شەرمسار ـــ ئۇياتلىق ، شەرمەندە .

شىتاب — ئالدىراش ، تېز .
شىرگىر — ئارسلان ئوۋلىغۇچى ، باتۇر يىگىت .

## غ

غەددار — خىيانەتچى ، زوراۋان .
غەنىم — قاراقچى ، بۇلاڭچى .

## ق

قەندەھار — ھازىرقى ئافغانىستاندىكى بىر شەھەر . ھىندىستانغا بارىدىغان يول مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن .
قەھتان — ئەپسانە بويىچە جەنۇبىي ئەرەب ( يەمەنلىكلەر ) لەرنىڭ ئەجدادى . « شاھنامە » دە قەھتان دەشتى ئومۇمەن ئەرەب چۆللىرىنى كۆرسىتىدۇ .

## ك

كاھىن — مىسىرلىقلار ، خرىستىئانلار ، قەدىمكى يەھۇدىيلار روھانىسى . غايىبتىن خەۋەر بەرگۈچى ، سېھىرگەر .

كاۋە — تۆمۈرچى كاۋە — خەلقنى زەھھاك زۇلمىغا قارشىلىق قىلىشقا باشلىغان ئادەم . قەدىمىي دىنىي كىتابلار ۋە « ئاۋىستا » دا كاۋە دېگەن ئىسىم ئۇچرىمايدۇ ، ئۇ خەلق قەھرىمانى . كاۋە تاجاۋۇزچىلارغا ، زۇلۇمغا ، ئادالەتسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلغۇچى قەھرىمان ئوبرازىدۇر . ھازىرقى ئىران ئەدەبىياتىدا ھەتتا جاھانگىرلىككە ، ئىچكى - تاشقى ئېكسپىلاتاتورلارغا قارشى كۈرەش قىلغۇچى ئىنقىلابچىلارمۇ كاۋە دەپ ئاتىلىدۇ . كاۋە ئۆز پەرتۇقىنى بايراق قىلىپ كۆتۈرۈپ ، خەلقنى زەھھاكنىڭ زۇلمىغا قارشى ئاتلاندۇرغاندى . « شاھنامە » دە بۇ پەرتۇقنى فەرىدۇن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى شاھلار تۈرلۈك قىممەت باھا گۆھەرلەر بىلەن بېزەپ ، ئىران شاھلىرىنىڭ بايرىقىغا ئايلاندۇرۇغان . ئەسلىدە كەيانىي بايراق ئىران شاھلىرى بايرىقى بولۇپ ، قەدىمكى تۆمۈر پۇللاردىمۇ ئۇنىڭ نەقشى ئۇچرايدۇ . بۇ سۆز كاۋە نامىدىن ئەمەس . كەي ، يەنى شاھ سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، شاھانە بايراق مەنىسىنىمۇ بىلدۈرۈشى مۇمكىن .

كەرانە — چېگرا .

كەرگەسەران ( كەرگسەران ) — مازەندەرانغا ئوخشاش دېۋىلەر ماكانى ھېسابلىنىدۇ . كەرگسەران كەرك قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن . بەزى مەنبەلەردە كەركلەر ھازىرقى گرۇزىنلارنىڭ ئەجدادى دېيىلىدۇ .

كەس — كىشى .

كەشەف — ھازىرقى خۇراساندا كېرىرۇد دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ئېقىننىڭ نامى . فىردەۋسىنىڭ يۇرتى تۇس شەھىرى شۇ دەريانىڭ ياقىسىغا جايلاشقان . كەشەف ياقىسىدا سام خەلققە ئاپەت كەلتۈرىدىغان يوغان ئەجدىھانى يوقاتقان دېيىلىدۇ .

كەمەند — ئۇچى ئىلمەك ئارغامچا ؛ سالما .

كەنىز ( كېنىز ) — كېنىزەك .

كەي — خوجايىن ، ئىگە ، جاھانپەز ، پادىشاھ ، « شاھنامە » دە شاھلارغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان . كۆپىنچە شاھلار ئىسمىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان لەقەم . كەي قۇباد ، كەيكاۋۇس دېگەندەك . شاھ قۇباد ، شاھ

كاۋۇس دېگەندەك .

كەيانلار ـــ كياندىتلار سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ .

كەيۋان ـــ زۇھەل .

كـەيۇمەرس ـــ « شاھنامە » دە دەسلەپكى ئىنسان ۋە دەسلەپكى شاھ . قەدىمكى ئىران ئېپوسىدا ئۇ يېـرىـم ئادەم ، يېـرىـم ئۆكۈز سىياقىدا تەسۋىرلەنگەن . ئۇ دۇنيادىكى جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ مەنبەسى . ئۇنـىـڭـدىـن ماشيا ۋە ماشيان ( ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا ) پەيدا بولغان . ئاندىن ئۇلاردىن بۈگۈنكى ئادەملەر پەيدا بولغان .

كۇرسى ـــ تەخت ، ئولتۇرىدىغان ئورۇن .

كوھ ـــ تاغ .

كىشۋەر ـــ مەملىكەت ، ۋىلايەت .

## گ

گەجدەھەم ـــ تۇران ۋە ئىران چېگرىسىغا جايلاشقان يەرلەر ۋە ئۇنىڭدىكى قەلئە ھاكىمى .

گەران ـــ ئېغىر .

گەرد ـــ توپا ـ چاڭ .

گەر سىۋەز ـــ ئەفراسىياپنىڭ بۇرادىرى .

گەنج ـــ بايلىق .

گورابە ـــ رىۋايەتكە قارىغاندا رۇستەم داستان ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىسى جايلاشقان قەلئە .

گۇرد ـــ باھادىر ، پالۋان .

گۇفتار ـــ سۆز .

گۇيەندە ـــ قوشاقچى .

## ل

لاش ـــ زەخىملەنگەن ، سىيىسغان جاي .

لۇلى ـــ كوچىدا ناخشا ئېيتقۇچى قىز ياكى ئايال ، پاھىشە .

## م

ماسىۋا ـــ تاشقىرى ، غەيرىي .

مازەندەران ـــ كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېلبۇرز تاغلىرى باغرىغا جايلاشقان ۋىلايەت . قەدىمدە كىرىش قىيىن بولغان بۇ تاغلىق ئۆلكە « شاھنامە » دە دىۋىلەر ماكانى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن .

ماي ـــ ھىندىستان شەھەرلىرىنىڭ بىرى .

مەدراس ـــ زەھھاكنىڭ ئاتىسى . كۆچمەنچى ئەرەب قەبىلىلىرى ، توزلارنىڭ ھۆكۈمرانى ، فىردەۋسى ئۇنى ئادىل ، مەرد ۋە ئەقىللىك دىندار دەپ تەرىپلىگەن .

مەقام ـــ ئورنى ، دەرىجىسى ، كامالىتى .

مەن ـــ بىر خىل ئېغىرلىق ئۆلچىمى .

مەنۇچېھر ـــ « شاھنامە » دە ئىراننىڭ ئالتىنچى شاھى . فەرىدۇن ئەۋلادى ( چەۋرىسى ) ، ئېرەجنىڭ

نەۋرىسى. خەلق رىۋايەتلىرىدە مەنۇچىھر ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغان شاھ.
مەھزۇن ــ قايغۇلۇق، خاپا.
مۇبارىز ــ پالۋان، باتۇر.
مۇبەد ــ زەردۇشت روھانىلىرى، ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلمىي كىشىلىرى.
مۇتتەسىل ــ دائىم.
مۇترىب ــ سازەندە، ناخشىچى.
مۇدام ــ دائىمىي، باقىي.
مۇغ ــ مەجۇسىي، ئاتەشپەرەس.
مۇقابىل ــ قارشى تۇرغۇچى، زىت.
مۇلزەم ــ يېڭىلگەن تەرەپ.
مۇنتەزىر ــ ئىنتىزار بولغۇچى، تەلمۈرگۈچى، ساقلاپ تۇرغۇچى.
مىھراب ــ كابۇل ھاكىمى. ئۇ زابۇل ھاكىملىرى سام بىلەن زالغا تەسلىم بولغان. زەھھاك بىلەن نەسىلداش.
مىھر ــ ئەرەبلەرنىڭ شەمسىي كالېندارىدا 7 ـ ئاي (21 ـ سىنتەبىردىن 20 ـ ئۆكتەبىرگىچە).
مىھرگان ــ ئىرانلىقلارنىڭ كۈزگى بايرىمى. مىھر ئېيىنىڭ 16 ـ كۈنى كۈز ۋاقتىدىكى كېچە بىلەن كۈندۈز تەڭلەشكەندە كېلىدۇ.

## ن

ناب ــ ساپ، تازا.
نەبەرد ــ جەڭ.
نەھر ــ دەريا، غول.
نەيرەم ــ نەرىمەن ئىسمىنىڭ قىسقارتىلمىسى. «شاھنامە» دە سامنىڭ ئاتىسى، ئىران باھادىرلىرىدىن بىرى.
نۇكتە ــ ھېكمەتلىك سۆز.
نىكخاھ ــ ياخشى نىيەتلىك.
نىكنام ــ داڭدار.
نىگىن ــ ئۈزۈك تامغا.
نىمرۇز ــ سىيىستان ۋىلايىتى شۇنداق دەپ ئاتالغان.

## ھ

ھارۇت ــ ئەپسانىلەردىكى يەرگە ھەيدەلگەن ھارۇت ۋە مارۇت ئىككى پەرىشتىنىڭ بىرى.
ھەسەنات ــ ياخشىلىق.
ھەمەل بۇرجى ــ مارت، ئاپرېل ئارىسى، كونىچە 1 ـ ئاي.
ھەملە ــ ھۇجۇم.
ھەندەسە ــ گېئومېترىيە.
ھۇرمۇزد ــ ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىكى باش تەڭرى.

## ئو

ئوتتۇز يېزىق ـــ فىردەۋسى ئوتتۇز يېزىق ھەققىدە سۆزلىگەندە ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر يېزىقلاردىن بىر نەچچىسىنى ساناپ ئۆتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرەب يېزىقى، تۇز يېزىقى، ئىران يېزىقى، پارس يېزىقى، يۇنان يېزىقى، رىم يېزىقى، قەدىمكى ئىران يېزىقى ـ پەھلەۋىي يېزىقى، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى يېزىقى، سوغدى يېزىقى ۋە چىن (خەنزۇ) يېزىقلىرى بار.

## ئۆ

ئۆمەرا ـــ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار.

## ئې

ئېلبۇرز ـــ ئىراننىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى تاغ تىزمىلىرى. كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغاقلىرىنى قورشاپ تۇرىدۇ. «ئېلبۇرز» سۆزىنىڭ مەنىسىنى بەزى ئالىملار «پارقىراق تاغ»، بەزىلەر «ئېگىز تاغ» دەپ ئىزاھلايدۇ. ئىران ئەپسانىلىرىدە ئېلبۇرز چوڭ ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ دەم ئالىدىغان يېرى ھېسابلىنىدۇ.

## ئى

ئىزەد (كۆپىنچە يەزدان) ـــ ئىرانلىقلارنىڭ مازداك ياكى زەردۇشت (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىدىكى ياخشىلىق خۇداسىنىڭ نامى.
ئىنتىھاب ـــ سايلاش.
ئىنقىراز ـــ تۈگەشمەك، يوقالماق، مۇنقەرز بولماق.

## ي

ياخ ـــ مۇز.
يەزدان ـــ زەردۇشت دىنىدىكى ياخشىلىق خۇداسىنىڭ نامى.

بۇ كىتاب ئۆزبېكىستان غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1976 ـ يىل 1 ـ نەشرىگە ئاساسەن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据乌孜别克斯坦乌甫尔・乌拉木文艺出版社1976年第1版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: پەرھات ئىلياس
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رەھىمى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام

# شاھنامە

**ئاپتورى: ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (ئىران)**

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن
ئابدۇۋەلى خەلپەت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى № 348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
تيەنىيىڭ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 31   قىستۇرما ۋارىقى: 2
1998 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1998 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—5,000
ISBN7—228—02883—X/I・1449
باھاسى: 38.00 يۈەن

责任编辑:帕尔哈提·伊力亚斯
责任校对:伊力亚斯·热依祢
封面设计:加拉力丁

# 王　书（维吾尔文）

(伊朗)菲尔多西　著

阿布都许库尔·穆罕穆德伊明
阿布都瓦力·哈力帕提　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
天鹰印刷厂印刷
787×1092毫米 16开本 31印张　2插页
1998年11月第1版　1998年11月第1次印刷
印数:1 ——5,000

ISBN7—228—02883—X/I·1449　定价:38.00元